لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 2067
ھىندىبا (كاسىنە) ····················· 2067
ھىندىبائى بەررىي (ياۋا كاسىنە) ··· 2070
پەسىل: «ھ» (ھائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ·········· 2071
ھەۋائ (ھاۋا) ·························· 2071
ھۇفارىيقۇن (سېرىق چاي) ············· 2073
ھۇم (ھۇمئوتى) ························ 2076
ھۇمۇل مەجۇس (مەجۇسى ھۇمئوتى) ··· 2076
ھۇفەستىيداس (تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى
سۇيى) ································· 2077
ھەيشەر (ياۋا كەنكەر ئۆسۈملۈكى) ··· 2077
ھىيل بەۋۋا ۋە ھال بەۋۋا (لاچىندانە) ··· 2077
ھۇفەلسۇس (ئەبۇ خەلسا) ·············· 2078

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بە-
لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 2079

يەسەمىين (يەسىمەن گۈلى) ········· 2079
ياقۇت (ياقۇت) ···················· 2081
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 2084
يەبرۇج (يەبرۇج ئۆسۈملۈكى) ········· 2084
يەبرۇجۇس سەنەم (مېھرىگىياھ) ······ 2084
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········· 2089
يەتۇئ (سۈتلۈكئوت) ················ 2089
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········· 2093
يەربۇئ (تىيىن) ······················ 2093
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········· 2094
يەقتىين (پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر) ··· 2094
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········· 2094
يەنبۇت (خەرنۇب نىبىتى) ············ 2094
نىيمە (نىيمە ئۆسۈملۈكى) ············ 2095
پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········· 2095
يۇز (يىلپىز) ························ 2095

## خاتىمە

بىرىنچى باب «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2097
ئىككىنچى باب «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2119
ئۈچىنچى باب «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2136
تۆتىنچى باب «س» (سائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2142
بەشىنچى باب «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2144
ئالتىنچى باب «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2150
يەتتىنچى باب «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2160
سەككىزىنچى باب «د» (دال) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2169
توققۇزىنچى باب «ز» (زال) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2176
ئونىنچى باب «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلان-
غان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ············ 2178
ئون بىرىنچى باب «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2185
ئون ئىككىنچى باب «س» (سىين) ھەرپى بە-
لەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2191
ئون ئۈچىنچى باب «ش» (شىين) ھەرپى بە-
لەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2211
ئون تۆتىنچى باب «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2233
ئون بەشىنچى باب «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2245
ئون ئالتىنچى باب «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2249
ئون يەتتىنچى باب «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2266
ئون سەككىزىنچى باب «ئ» (ئەيىن) ھەرپى
بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2268
ئون توققۇزىنچى باب «غ» (غەيىن) بىلەن
باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2288

يىگىرمىنچى باب «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ······ 2291
يىگىرمە بىرىنچى باب «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2323
يىگىرمە ئىككىنچى باب «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2365
يىگىرمە ئۈچىنچى باب «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2400
يىگىرمە تۆتىنچى باب «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2405
يىگىرمە بەشىنچى باب «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2418
يىگىرمە ئالتىنچى باب «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2423
يىگىرمە يەتتىنچى باب «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى ··· 2426

ئىككىنچى جىلد

# ئون بەشىنچى باب
# «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەئن
(قوي)

ئۇ پارسچە «گوسفەند»، «گوسپەند»، ساغلىق پاقلان «مىيش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما تېۋىپلارنىڭ ئادىتىدە ھەرقانداق قوي «مىيش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىدىندۇر. باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا دۆترەك بولۇپ، ئۆگىتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. زىيادە دۆتلۈكىدىن بېشىنى بوغۇزلىغۇچىغا تۇتۇپ بېرىدۇ، تىپچەكلەپ بىئارام بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېس - تۇيغۇسى ئاجىز ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ھالال قىلىنغان. چۈنكى ھېس-تۇيغۇسى سەزگۈر بولغان ھايۋان بوغۇزلىغاندا بىئارام بولۇپ، تەشۋىشلىنىپ بوغۇزلىغۇچىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ، يېگۈچىلەرمۇ ھۇزۇر بىلەن يېيەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەرىئەتتە بۇنداق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىنغان. ھايۋانلارنى بوغۇزلىغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تاش يۈرەك، رەھىمسىز كېلىدۇ. قوينىڭ بىر ياشلىق ياكى ئىككى ياشلىق بولغان سېمىزلىرى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆت يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ گۆشى يىرىك بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. بۇزۇق خىلت پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بوينى، تاغىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنىڭ گۆشى باشقا يەرلىرىنىڭ گۆشىگە قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۆشى تېز ھەزىم بولىدۇ. كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەپ سەمرىتىدۇ. ئۇ ئىنسان بەدىنىگە ئەڭ مۇۋاپىق

كېلىدىغان گۆشلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى، جىگىرى ۋە بۆرىكى ئادەمنىڭ شۇ ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مېڭىسىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا دۆتلەشتۈرىدۇ، ئۇنتۇغاقلىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق پىشۇرۇلغان گۆشىنى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ۋە غىزادا شۇنىڭ بىلەن چەكلەنسە بەدەننى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيدۇ، بىھوشلۇقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، خەفەقان ۋە جۇدەشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ چاۋا يېغى بوغۇزلانغاندىن كېيىن ئىسسىق ھالەتتە يۇتۇلسا، شۇنداقلا ئېرىتىلىپ ئىلمان ھالەتتە ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، زىققە نەپەس، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ. ئۇ بوغۇزلانغاندىن كېيىن گۆشىنى ئىسسىق ھالەتتە ئېلىپ يېڭىدىن ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلغان ئورۇنغا قىزىق پېتى تېڭىلسا، سوۋۇغاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇپ يەنە تېڭىلسا ئاغرىقنى تېزلا پەسەيتىدۇ، ئىششىش ۋە زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قىزىق تېرىسى ئەزالارغا يېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. گۆشىنى كۆيدۈرۈپ زىمات قىلىسا يىلان، چايان چېقىۋالغان زەخىمگە داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغانغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىنى كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆلىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بەھەقكە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، كۆزگە يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ. مەلھەم قىلسا ھەر خىل كالا تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باش يۇيۇلسا، بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن يۇيۇلسا تازغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ قىزىق قېنىنى سۈركىسە قىچىشقاق، قوتۇرغا شۇ ھامان پايدا قىلىدۇ.

مايىقى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، مەلھەم ۋە زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. موم ۋە گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا تىلما كېسەل ۋە سۆگەللەرگە پايدا قىلىدۇ. قاپاقتا پەيدا بولىدىغان «تۇسە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇجمىسىمان گۆشنى يوقىتىدۇ. ئوت كۆيۈك يارىسى ۋە سەينەككە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى گۇلابقا چىلاپ مەلھەم قىلسا چىقان ۋە قاپلىق يارىلارغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرۈپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختىتىدۇ.

تۇيىقىنىڭ كۆلىنى مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. تۇيىقىنىڭ كۆلىنىڭ يۇيۇلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ گۆشى قان كۆپەيتىدىغان بولغاچقا، ۋابا ۋە تائۇن كېسەللىكلىرى يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇ ئۆچكە گۆشىگە قارىغاندا يىرىكرەك، كېرەكسىز ماددىلىرى تولىراق، تەستە ھەزىم بولىدىغانراقتۇر. سىركە، ئاچچىق سۇ ئۇنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، تەستە ھەزىم بولۇشىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئاشۇرماقچى بولغانلار ئۇنى پىشۇرغاندىن كېيىن قارا قۇرت، ئارپا ئېشى ياكى سۇماق بىلەن ئىستېمال قىلىشى لازىم.

سول تەرىپىنىڭ ھۆللۈكىدىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سول تەرىپى ئوڭ تەرىپىدىن قىسقىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىشىسى بەكرەك ئاقسايدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىيلىگەرلىكىدىن ئاقسىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزىدىكەن. قىرغاندا ھەقىقەتەن ئاقساق بولۇپ قالىدىكەن ۋە «ئەئرەج» (ئاقساق) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ سۆزنىڭ چىشى شەكلى (ئەرجا) دۇر. ئۇ توشقانغا ئوخشاش ھەيز كۆرىدۇ ھەم توشقانغا ئوخشاش بىر يىلى ئەركەك، يەنە بىر يىلى چىشىسى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ چاغدا ئاۋام ـ خەلق ئۇ بىر يىلى چىشىغا، يەنە بىر يىلى ئەركەككە ئۆزگىرىدۇ، ئەركەك ۋاقتىدا جۈپلىشىپ، چىشى ۋاقتىدا كۈچۈكلەيدۇ، دەپ خىيال قىلىدۇ. قورقۇنچاق، جىماپەرەس بولىدۇ. ئاچچىقتاۋۇزدىن قورقىدۇ، بىرەرسى قولىدا ئاچچىقتاۋۇز تۇتۇۋالسا ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

يەنە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرىدىن بىرى شۇكى، ئايدىڭ كېچىدە ئېگىز يەردە تۇرغاندىن كېيىن سايىسى پەسكە چۈشسە، چىلبۆرە ئۇنىڭ سايىسىغا بېرىپ، ئىككى سايە بىرلەشسە ئىت ئۆزىنى پەسكە ئاتىدۇ، بۇ چاغدا چىلبۆرە ئۇنى يەيدۇ.

ئۇ كۈندۈزى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئاجىزلاپ قالىدۇ، كېچىسى كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئىمامىيە مەزھىبىدە ۋە ئەبۇ ھەنىفە، مالىك قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ مەزھىبىدە مەكرۇھ، شافىئىينىڭ مەزھىبىدە ھالالدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىغىچە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى تىرىك تۇتۇپ پۈت ـ قوللىرىنى باغلاپ ئېغىزى ئوچۇق چوڭ قازاندىكى قايناۋاتقان سۇغا تاشلاپ، ئۈستىدىن سېرىقچېچەك، نوقۇت ۋە مۇناسىۋەتلىك ياغلارنى قوشۇپ، تۆۋاقنى يېپىپ شىلىنىپ پىشقۇچە قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى بىمار ئولتۇرالىغۇدەك قاچىغا تۆكۈپ، ھارارىتى بىمار بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك دەرىجىگە كەلگەندە سۇ سوۋۇغىچە ئولتۇرغۇزۇلسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئەزالار تارتىشىش، قايما، ئىستىرخا، ئىرقۇننىسا، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. قارابادىندا ئۇنىڭ ئابىزەنلىرى بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ يېغىنى مۇناسىپ ياغلار بىلەن قاينىتىپ مايلانسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

گۆشىنى يېسە ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

قېنىنى ئىچسە سارائىلىققا شىپا بولىدۇ. قۇلىقىنىڭ كىرىدىن 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ساراڭ قىلىدۇ. ئۆتىنىڭ 1.5 گىرامى ئۈچ خىل خىلتنى سۈرىدۇ. ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ. ھەسەل ئۇنى ئوڭشايدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز

# پەسل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ب» (بائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەبب
(كېلەر)

ئۇ پارسچە «سوسمار»، هىندىچە «گوھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېھتىمال «گوھ» باشقىسى بولۇشى مۇمكىن.

**ماهىيىتى:** ئۇ مۇشۇكتىن كىچىكرەك بىر خىل هايۋان بولۇپ، رەڭگى قارا بىلەن سېرىق ئارىلىقىدا بولىدۇ، قۇيرۇقى ناهايىتى قىسقا، يىرىك بولۇپ، خۇددى ئارچا مېۋىسىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، كەيپىياتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋاران كەسلەنچۈكى بىلەن كەسلەنچۈكنىڭ ئارىلىقىدىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بولغاچقا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى چەكلىنىدۇ. پەقەت ئېھتىياجلىق بولغاندا سىركە بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ، زەيتۇن يېغى، يۇمغاقسۈت، زىرە كېرمانى ۋە نەئنائ ئەرقىگە چىلاپ قويۇپ خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ، كاسىنە، كاهۇ مېغىزى ۋە باشقا سوغۇق كۆكتاتلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مايىقىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ۋە سۇنى يوقىتىدۇ. مەلهەم قىلسا داغ، بەھەق ۋە سەپكۈننى يوقىتىدۇ، ئېغىر بولسا سىركە بىلەن، يەڭگىل بولسا سۇ بىلەن مەلهەم قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تاڭسا ئوق، تىكەن ۋە زەهەرلىك هايۋانلارنىڭ زەهىرىنى تارتىدۇ. پوستىنى كۆيدۈرۈپ ئەزاغا سۈركىسە كەسسىمۇ تۇيمىغۇدەك دەرىجىدە سېزىمسىزلاندۇرىدۇ.

## زەبۇئ ئەرجا
(چىلبۆرە)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەنە «هەل»، «جەففار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لەقەم نامى «ئۇممى ئامىرە»دۇر. يۇنانچە «قەسمەهۇر»، سۇريانچە «بەدنا»، پارسچە «كۇفتار»، هىندىچە «چەركە»، «لەهۇ»، دۇكەنچە «تەرس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ بۆرىگە ئوخشايدىغان بىر خىل هايۋان بولۇپ، ئەركەك، چىشى بولىدۇ. ماڭغاندا ۋە يۈگۈرگەندە ئاقسايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقسىشى ئوڭ تەرىپىنىڭ هۆللۈكى

تورلىنىشقا شىپا بولىدۇ، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. ئارتۇق كىرپىكنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئۇنىڭ ئۆتىنى سۈركەپ قويسا قايتا ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۆتىگە باراۋەر مىقداردا ئۇقھۇۋان گۈلى يېغى قوشۇپ مىس قاچىدا ئۈچ كۈنگىچە تۇرغۇزۇپ، كۆزگە ئايدا ئىككى قېتىم سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاق ۋە سۇنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بۇ ياغ قانچە كونىرىسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ جىگىرىنى كۆيدۈرۈپ يۇمشاق سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئۆتى كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆتىنى شىرنىڭ چاۋا يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ تېرىگە چاپسا جۇلا بېرىدۇ، داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن سۇ ئىچسە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەمنىڭ سۇدىن قورقىشىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن كەمچە ياساپ ئاشلىقلارنى ئۇنىڭ بىلەن كەمچىلىسە ئاشلىقنىڭ ۋە زىرائەتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېرىسىدە ئولتۇرسا ئۇبنە (نامەردلىك) كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ چات ئارىلىقىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ زەيتۇن يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلسا ئۇبنە كېسەللىكىنى ساقايتىدۇ. ئۇنى مەقئەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مادىسىنىڭ چات ئارىلىقىنىڭ تېرىسىنىڭ تەسىرى ئەكسىچە بولۇپ، ئۇبنە كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. چىشى چىلبۆرىنىڭ تېرىسى ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىغا تېڭىلسا ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پاقالچىقىنىڭ يىلىكىنى توك زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە نۇقرەسكە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىشىنى يېنىدا ساقلىسا غالجىر ئىتنىڭ ئۇنى ساقلىغۇچىغا قاۋىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنىغا تۇز سېپىپ بەش گىرام مىقدارى ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

## پەسل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەجاج

(زەجاج يىلىمى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يىلىمى بولۇپ، كۈندۈرغا ئوخشاش قىزىلغا مايىل، پارقىراق بولىدۇ. ئۇمان تاغلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمات قىلسا يارىلاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ يېڭى گۆش ئۈندۈرۈپ، ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان

ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، ئەزالارنىڭ سۇسلۇقىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىيىم يۇسا سوپۇندا يۇغاندىن ياخشىراق بولۇپ، ئاقىرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۇيىدۇ.

مەزكۇر ئاتالغۇ «زىجاج» دېيىلسە ئەينەكپىتى ۋە كەندىرگە ئوخشاش قۇشلار ئۆزىدىكى زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھەرقانداق ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زىرۋى

(زىرۋى دەرىخى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «زەرۋى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «فۇزۇفەس»، سۇريانچە «زىرۋا»، رىمچە «فەشاشىيش»، پارسچە «دەرھەمسخەك» دەپ ئاتىلىدۇ. رازى «ھاۋى كەبىر» ناملىق كىتابىدا «ئۇ پارسچە ‹ئەرىيسە› دېيىلىدۇ» دېگەن. يەنە «ئۇ ‹كەلەنكۇ› دېيىلىدىغان دەرەخنىڭ نامىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ يېلىمى پارسچە «ھەسەن لۇبە»، ھىندىچە «لۇبان» دەپ ئاتىلىدۇ. جەۋھەرىي ھەسەن لۇبە كەمكام دەرىخىنىڭ يېلىمىدۇر دېگەن.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئېگىز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چۆرىسى قىزىلغا مايىل، يۇمشاق بولىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، بەتەم دەرىخى مېۋىسىگە ئوخشاش، دانلىرى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. تولۇق يېتىلگەندە تىكىنى ۋە يوپۇرمىقى قىزىرىدۇ. ھىجاز، يەمەن، ھىندىستان ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يېلىمى دەسلەپتە بۇغداي دانلىرىدەك ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا چوڭىيىپ قوغۇن چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە قىيرغا ئوخشايدىغان قارا، شىلىمشىق سۇتسىمان سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ.

توغرىسى شۇكى، ئۇنىڭ دەرىخى كەمكام دەپ، يېلىمى ھەسى لۇبان جاۋى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. خۇش پۇراق بولۇپ، پۇرىقى مەستىكى ۋە لادەننىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. قىزىلغا مايىل ئاق بولغىنى ياخشىسى بولۇپ، ئوتقا سالسا خۇش پۇراق پۇرايدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىسرىقلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** شېخى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ كۈچلۈك تارتىش قۇۋۋىتى بار. ئىستېمال قىلىنسا ياكى پەرزىجە قىلىسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، شۆلگەي ئېقىش ۋە بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق

كېلىشكە شىپا بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قايناتمىسىنى سۈزۈلدۈرۈپ شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ ئىشلەتسە گال قۇرۇش، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ئېغىز ئاغرىقى، ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تېز تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ، بەلغەم يوقىتىدۇ، چىشنى ئاقارتىدۇ. ياغ بىلەن قايىنتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈفۈپ قىلىپ سەپسە ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. سۈيى كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل شاخلىرىنىڭ قايىنىتىلمىسى ئاشقازاندىكى بەلغەمنى زەرەرسىز ھالەتتە چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقى خۇش پۇراق بولۇپ، قايىنتىلمىسىدىن 90 گىرام ئىستېمال قىلىنسا دوۋساق ۋە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن بىر سىقىم ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە، بەل ئاغرىقىنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ يېغى خۇش پۇراق بولۇپ، قۇرۇتىدۇ، بەلغەم ۋە يەلنى تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھايۋانلارنىڭ قوتۇرىنى ساقايتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە مەلھەم قىلىنىدۇ.

يېغىنىڭ ئورۇنباسارى ھەببۇلبەتەم يېغىدۇر.

ئۇنىڭ ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سەپسە يارىلار، بولۇپمۇ مەقئەت ۋە زەكەر يارىسىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇلۇغ مەككىدىن «رۇببۇز زىرۋى» (زىرۋى دەرىخى قىيامى) دەپ ئاتىلىدىغان دورا ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، ئېغىزغا سېلىپ شورىسا ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يېلىمى خۇش پۇراق ماتېرىياللارغا قوشۇلىدۇ، دېگەن.

## زەرىئە

(دېڭىز ئوتى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «شەبرەق» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. تۆگە ياخشى كۆرۈپ يەيدىكەن.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يۇمىلاق، كاۋاك، سېرىقتا مايىل، ئاچچىق يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، دېڭىزنىڭ تېگىدە ئۆسىدۇ، دولقۇن ساھىلغا ئېلىپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتمىسىدا ئولتۇرسا ھەم ئەزاغا تۆكسە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سۈركىسە ھەم مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن بەدەننى يۇسا قوتۇر، قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا

زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، يارىلارنى تېز پۈتتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئات ئۇنى يېسە ھەرگىز سەمرىمەيدىكەن. جانابى ئاللا جەھەننەم ئەھلىنى سۈپەتلەپ «ئۇلار پەقەت دىگىز ئوتىنىلا يەيدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ ئەھۋالى تەپسىرلەردە بايان قىلىنىدى.

## زەرئ
(يىلىن)

ئۇ پارسچە «پىستان» (ئەمچەك)، ھىندىچە «چوچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئۇ گۆشى ئاز بولغان پەيلىك ئەزا بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ بالىلىرى ئېمىش ئۈچۈن سۈت ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز ھايۋاننىڭ تولغان سۈتلۈك يىلىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** پەيلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن قۇرۇق سوغۇقتۇر، كۆپ ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى ھەزىم بولسا بەدەننى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ناۋادا ياخشى ھەزىم بولالمىسا ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلاردا بەلغەملىك ناچار، خام خىلىت پەيدا قىلىدۇ. تۇزەتكۈچىسى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ــ دەرمانلار، مەستىكى، خولىنجان بىلەن ئىستېمال قىلىش ۋە قورۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە تۈزەتكۈچىگە موھتاج بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ سۈيدۈكىنى ھەيدەيدۇ، سۈتىنى كۆپەيتىدۇ. خۇمارنى باسىدۇ. ئاشقازىنىدا شاراب ۋە سەپرا خاراكتېرلىك ئۆتكۈر خىلىت بولغانلارغا پايدا قىلىدۇ.

# پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زۇغىيۇس
(زۇغىيۇس ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەنە «زەغابىيس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «سەفچە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كىچىك تەرخەمەك بىلەن پىشمىغان قوغۇننىڭ نامىدۇر. يەنە ھەلىيۇنغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۇسۇملۇكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بىر يۇزىدە ئۆسكەن قىسمى يېشىل، يەر ئاستىدىكى قىسمى ئاق، تاتلىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يوقىتىدۇ، يەر ئاستىدىكى ئاق، تاتلىق بولغان يىلتىزى يېيىلىدىغان بولۇپ، باھنى قوزغىتىدۇ.

سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. ئارپا ئېشى ۋە قېتىقىنىڭ تەمىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەفدەئ
(پاقا)

ئۇ پارسچە «ۋەزەغ»، شىرازچە «بەك»، تۈركچە «قەرباغە»، ھىندىچە «مەيدەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، نەم يەرلەرنىڭ ئاستىلىرى، تۇرغۇن سۇلار ۋە ئېرىقلاردا كۆپ بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغىنى، دېڭىزدا ياشايدىغىنى ۋە ئۆستەڭلەردە ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا ئۆستەڭدە ياشايدىغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغىنى ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. كۈچلۈك ئىسسىقلىقتىن خالىي ئەمەستۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ئۆستەڭدە ياشايدىغىنىمۇ زەھەرلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا يامانىنى يامانراقى (زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش ئۇسۇلى) بىلەن داۋالاش قائىدىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۆستەڭلەردە ياشايدىغىنىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېرىپ تاڭسا بەدەندىكى تىكەن، ئوق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يات نەرسىلەر ۋە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىرىنى كۈچلۈك تارتىپ چىقىرىدۇ. قان توختىتىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلسا چىشنى ئاغرىقسىز چۈشۈرىدۇ، ئەزاغا سۈركىسە ئوتتا كۆيۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن مېغىسىنى سۈركىسە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. پېشانىگە سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭ قېنىنى سۈركىسە موينىڭ ئۈنۈشىنى توسىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پاقىنىڭ يوتىسىنى يىپ بىلەن باغلاپ ئالماس يۇتۇۋالغان ئادەم يۇتسا ئالماس پارچىلىرى ئۇنىڭغا چاپلىشىپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ

پۇت-قوللىرى ۋە ئىچ ئەزالىرىنى ئايرىۋېتىپ ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىشلىتىلسە ئىسسىقتىن بولغان بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

پاقىنىڭ دەرەخ تۇۋىلىرىدە ياشايدىغان يېشىل، ناھايىتى كىچىك بولىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، باراۋەر مىقداردىكى چىگىت بىلەن كۆيدۈرۈپ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى ئاپتاپتا، يېرىمى نىسايىدا قۇرۇتسا ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغىنى زەھەرگە ئايلىنىدىكەن، سايىدا قۇرۇتۇلغىنى ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدىكەن.

ھەرقانداق كىشى سازلىق پاقىسىنىڭ يېشىل، سېرىق ياكى قارا بولغان تۈرىنىڭ بىرىنى ياكى دېڭىز پاقىسىنىڭ قىزىلىنى يېسە مەنىي كەلتۈرىدۇ، ئارقىدىن بەدىنى كۆكىرىپ قارىدايدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىششىيدۇ، قۇسىدۇ، ئىچكى ئەزالىرى ئىششىيدۇ، يۈرىكى ئاغرىيدۇ ۋە ئۆلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ سېرىقى ياكى قارىسىنى يېسە دەسلەپتە ئىشتىھانى تۇتىدۇ، ئارقىدىن چۇچۇمەل كېكىرتىدۇ، بەدەن رەڭگىنى بۇزىدۇ، قۇستۇرىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، يۈرەكنى ئاغرىتىدۇ، قورساق ۋە پاقالچاقلارنى ئىششىتىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن تۇز سۈيى ۋە تۇز بىلەن قاينىتىلغان سېرىقچېچەك سۈيى ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ. سىركەنجىۋىل ۋە دارچىن قوشۇلغان كۆكتات شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ، داۋائى كۇركۇم، داۋائى لوك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، شاراب ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرىدىن ئىستىسقا بولماي ياكى چىشلىرى تۆكۈلمەي خالاس بولىدىغانلار ئازدۇر.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەمران

(شىراز رەيھىنى)

ئۇ «زەرىيۇۋان»، «زەرۋان»، «زۇمران» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىختىلاپ باردۇر. كۆپ قىسىم كىشىلەر شىراز رەيھىنى دەپ بىلىدۇ، ئەمما رەڭگى كېرمان رەيھىنىدەك يېشىل بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۆستەڭ پىنىسى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر ھەماھىم ئۆسۈملۈكى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر چۆلدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىجازدا كۆپ ئۆسىدۇ، خۇش پۇراق، پۇرىقى ئۆتكۈر

بولىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قەيسۇم ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولغان شىھ ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ، يېڭى، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە زۇكامغا كۆپ پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا ئېغىز يارىسى، ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇستىگە گۇلاب سېپىپ پۇرىسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ مېڭىسىنى كۈچەيتىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باب
# «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: (تۇۋائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تالىيسفەر
(تالىسپەر يوپۇرمىقى)

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، ھىندىستان شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، دارچىنىدىن سەل قېلىنىراق، قاتتىقراق، سەل ئۆتكۈر، ئازراق خۇش پۇراق، قوڭۇر رەڭ بولىدۇ، كونىرىغاندا قارىغا مايىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئىنچىكە يىلتىز بولۇپ، سىرتى توپا رەڭ، ئىچى سېرىق بولىدۇ. زەپەرگە ئوخشاش پۇرايدۇ، قىرتاق، ئۆتكۈر بولىدۇ، ئېھتىمال ئۇ ھىندىچە «تالىسپەتەر» دەپ ئاتىلىدىغان زەرنەب بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ.

ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، ئىنچىكە، سىرتى توپا رەڭ، ئىچى سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، تۇپراققا مەنسۇپ تەركىبى كۆپ، ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىسسىققا مايىل، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** لەقۋا، پالەچ، قان تۈكۈرۈش، قاناشقا شىپا بولىدۇ. تۈرلۈك سۈيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ. بۇۋاسىر ۋە ئۈچەي يارىلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ. سىركە بىلەن قايىنتىپ سۈيىدە ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاينىسا ئاق ئېغىز يارىسىغا داۋا بولىدۇ. قۇرۇتۇلغىنىنى زىمات قىلسا بۇۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ ئىككى گىرامچىلىك مىقداردا زىرە، يېرىم ھەسسە

ئارچا مېۋىسىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردا سۇمبۇل، يېرىم ھەسسە سازەج قوشۇپ ئىستېمال قىلسا ئورنىنى باسىدۇ دەپ ئېيتىدۇ. ئىككىنچى بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردىكى ئارچا مېۋىسى بىلەن مۇقەل ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

## تالىيقۇن
(تۈچ)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «سۇفر» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «مىس» دېيىلىدۇ. رو ئۇنىڭدىن ئىبارەت، چۈنكى ئۇ مىس كانىدا تەبىئىي ھاسىل بولىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ سۈنئىي ۋە ئەسلىي بولىدۇ. ئەسلىيسى سېرىق مىستىن ئىبارەت بولۇپ، مىس بىلەن رو تۇتىيادىن ياسالغان مىسقا ئوخشايدۇ. ئوتتا قىزىتىلسا ۋە بولقا بىلەن سوقسا مىسنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش قارىدىمايدۇ. ئۇنىڭ سۈنئىيسى تەكرار ئېرىتىلىپ يېشىل ئۆشنان قوشۇلۇپ قايىنىتىلغان كالا سۈيدۈكىگە تۆكۈلگەن مىستىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا ئازراق قوغۇشۇن قوشۇلسا «نۇھاس سىينىي» (چىن مىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، قەلەي، رو تۇتىيا قاتارلىق يەتتە خىل مېتالدىن تەييارلىنىدىغان ماددا ئىكەن. بۇ يەتتە خىل مېتال پارسچە «ھەفت جوش»، ھىندىچە «كانسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەرلەش تەسىرى بار. ئۇنىڭدىن موچىن ياساپ كىرپىك يۇلۇنسا قايتا ئۈنمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قارماق ياسالسا ھېچ بېلىق قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قىزىتىپ سۇغا تاشلانسا ھېچ ھايۋان ئۇنى ئىچمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئەينەك ياساپ قاراڭغۇ ئۆيدە قويۇپ، لەقۋا (يۈز پالىچى) بولۇپ قالغان ئادەم داۋاملىق قاراپ بەرسە كېسەللىكى ياخشىلىنىدۇ.

## تاۋۇس
(توز)

ھىندىچە «مور» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، چىرايلىق، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن، پارقىراق بولىدۇ. قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، كۆتۈرسە خۇددى كۈنلۈكتەك ئېچىلىدۇ. ئاۋازى مۈشۈكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. نەرى (ئەركىكى) مادىسى (چىشىسى) دىن چوڭراق،

خۇش رەڭ، چىرايلىقراق بولىدۇ. مادىسىنىڭ قۇيرۇقى كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ يىلدا بىر قېتىم تۇخۇم قويىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۆشى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ناھايىتى قاتتىق، يىرىك بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدىكەن. شورپىسى ئىچىلسە بىقىن ئاغرىقى ۋە كۆكرەك پەردىسى ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. گۆشى بىلەن يېغىنى ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. گۆشى سۇزاپ بىلەن پىشۇرۇلۇپ شورپىسى ئىچىلسە ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شورپىسىنى ئەزاغا تۆكسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يېغىنى ئېرىتىپ سۇ، سۇزاپ ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ ئىشلەتسە قۇلۇنجى، ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. قېنىنى ئەنزىرۇت ۋە تۇز بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا گۆشخور يارىغا ئۆزگىرىش خەۋپى بولغان يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. مايىقى كۆچلۈك جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، مەلھەم قىلسا سۆگەللەر ۋە تېرىدىكى ھەرقانداق ئىزنى يوقىتىدۇ. سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ سۈركىسە داغ يوقىتىدۇ، ئاقكېسەلنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۆتىدىن بىر گىرام ئېلىپ يالغۇز ياكى سىركەنجۇبىل ۋە قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش ۋە سوزۇلما تولغاققا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. يارىلارنى ساقايتىدۇ، تېرىدىكى تۇرلۇك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئەنزىرۇت بىلەن مەلھەم قىلسا ئاقنى يوقىتىدۇ. گۆشىنى كۆيدۈرۈپ سەپسە يارىلارغا گۆش ئۈندۈرىدۇ. چىشقا سەپسە ئاقارتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى كوزىغا سىلىپ كۆيدۈرسە، يۈز ھەسسىسىدىن بىر ھەسسە ئالتۇنغا ئوخشايدىغان مېتالغا ئۆزگىرىدىكەن. كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆزنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگىمۇ پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گۆشى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، دورا ـ دەرمانلار ئۇنى ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداقلا قاتتىق ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان ھەرقانداق گۆشنىڭ تۇزەتكۈچىسى ھايۋاننى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن شۇ ھايۋاننىڭ ئېغىرلىقىدىكى تاشنى شۇ ھايۋاننىڭ پۇتىغا باغلاپ، ئىككى كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە تەتۈر ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز يۇيۇۋېتىپ سىركە بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ، ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىش ئىكەن. ئۇنى ئاشقازىنى كۆچلۈك بولمىغانلار ۋە ئېغىر ئەمگەك قىلمايدىغانلار ئىستېمال قىلماسلىقى لازىم.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تورنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى شۇكى، زەھەرلەنگەن تائامنى كۆرسە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ۋە پەرياد قىلىدىكەن ھەمدە ئۇ قارىغان تائامنىڭ زەھىرى ئاجىزلايدىكەن.

# پەسل: (تۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەباشىر
(تاباشىر)

ئۇ ھىندىچە «بەنسىلۇچىن» ۋە «تەباكىير» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ قومۇشنىڭ بوغۇملىرىغا ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، ھىندى تىلىدا «تەرلە بانسە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قومۇشنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. بۇ قومۇش ئادەتتىكى قومۇشتىن مەزمۇتراق، چوڭ قومۇشتىن ئىنچىكىرەك، نازۇكراق بولىدۇ. بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئارىلىقىدا بىر بوغۇم بولىدۇ. مۇرشىد ئاباد ۋە بېنگالنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان رەنگپور ۋە سەلھەت شەھىرى ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ. شۇ ئەللەردە ئۇنىڭدىن قەغەز ياسىلىدۇ. تاباشىر دەسلەپتە سۇيۇقلۇق ھالەتتە بولۇپ، تەدرىجىي ئۇيىدۇ. قومۇشنىڭ ئىچىدە ئۇيۇپ قومۇش ئۆزلۈكىدىن يېرىلغاندىن كېيىن ياكى كىشىلەر قومۇشنى يېرىپ چىقارغىنى قومۇش بوغۇملىرىغا ۋە يۇمشاق ئۇستىخانغا ئوخشايدۇ. سۇغا تاشلانسا بەكرەك قاتىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ئاق، ساپ بولىدۇ، بەزىلىرى پارقىراق بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، ھىندىچە «بەنسىلۇچىن» دەپ ئاتىلىدۇ. قومۇش يېرىلغاندىن كېيىن ئۇششاق بولۇپ قالغان ياكى ياخشى ئۇيۇمىغانلىرىنى سوقۇپ قۇرس قىلىپ ساقلىنىدۇ. ئۇ ئاق، تۇتۇق، يۇمشاق، چۇرۇك بولىدۇ، سۇدا ئېرىيدۇ، بۇنىڭ سۈپىتى ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. ئاڭلىنىشىچە، ئۇنى ئېلىش ئاسان بولۇش ئۈچۈن قومۇشلۇققا ئوت قويۇلىدىكەن ياكى ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىپ قومۇشلار كۆيۈپ يېرىلىپ تاباشىرلار چىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆيۈپ ئۇششاقلانغان، بەزىلىرى چالا كۆيگەن، بەزىلىرى كۆيمەي پۈتۈن ھالەتتە بولىدىكەن. بۇنداق ھالەتتىكىلىرى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئۇۋۇلغان ئەمما كۆيمىگەنلىرىنى ئايرىپ سوقۇپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۈپىتى يۇقىرىدىكىسىنىڭ سۈپىتىدىن ناچارراق بولىدۇ. كۆيگەن ۋە ئۇۋۇلغانلىرىنى ئايرىم يىغىۋېلىپ سوقۇپ قۇرس ياسىلىدۇ، ئۇنى تازا ئاق بولمايدۇ، بەلكى كۈل رەڭ ھالەتتە بولىدۇ، توغرىغۇغا ئوخشاش قۇۋۋەت ۋە ئوتكۇرلۇكتىن خالىي بولمايدۇ. ئۇ ئۇستىخاننىڭ كۈيدۈرۈلگەن بوغۇمى ۋە قاقىلە بىلەن سوقۇپ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ توپا رەڭلىكى، قارىلىقى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بىرىنچى خىلىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى خىلىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەمرەك، ئىككىنچىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئۈچىنچى خىلىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەمرەكتۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، قورۇش قۇۋۋىتى بار دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئىسسىق مىزاجلىق ۋە سوغۇق يۈرەكنى، ئاشقازان، ئىسسىق تەبىئەتلىك جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ. سەپرادىن بولغان قۇسۇشنى باسىدۇ. قاندىن ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ئاشقازاننى بوشاتقۇچى ھۆل سوغۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، خەفەقان، بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ. ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن ئاجىزلىغان ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆتكۈر ئىسسىق تەپلەرنى سوۋۇتىدۇ. زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە ئېغىز يارىسى، مۇدۇر - چاقىلار ۋە يارىلارغا شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ مۇدۇر - چاقا ۋە بالىلارنىڭ ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز قىزىلگۈل ياكى ئاق ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى سەپمە تەييارلاپ سېپىلىدۇ. سەپمە تەييارلاپ سېپىلسە چىشلارنى چىڭىتىدۇ، ئۆت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە ياتسىراش، غەم يېيىش، كۆڭۈل غەش بولۇش ۋە ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ. بىنەپشە يېغى بىلەن ئېرىتىپ  بۇرۇنغا تېمىتسا كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، ھەسەل.

(2) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەبرە ياكى چىلان ياكى ھەسەل. سوغۇق مىزاجلىقلارغا بولغان زىيىنىنى تۈزىتىش ئۈچۈن زەپەر بىلەن تەڭشىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى، يېرىم ھەسسە سۇماق، گىل مەختۇم ۋە ئاق سەندەلدۇر. بۇ ئۇنىڭ بەدەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى كۆيدۈرۈلگەن مىسىر قەغىزى، تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئۈچ ھەسسە تەرخەمەك ئۇرۇقى، تۆت ھەسسە ئىسپىغۇل ئىكەن.

ئۇنىڭ جاۋارىشلىرى، ھەببى، سۇفۇپلىرى، قۇرسلىرى ۋە لوئوقلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# تۇباق
(تۇباقئوتى)

ئۇ ئەندەلۇس تىلىدا «تۇباق» دەپ، يۇنانچە «قوسىيرا» دەپ، پارسچە «ئىپەرغەم بايابانى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەندەلۇستا غاپەس ئۆسۈملۈكى بايقىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. قۇياش جەۋاز بۇرجىغا كەلگەندە يېتىلىدۇ. چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى زەيتۇن دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك، نازۇكراق، تۇكلۈك، چاپلاشقاق، بەتبۇي، ئاچچىق، ئۆتكۈر، سەل تاتلىق بولىدۇ. بۇ خىلى سېسىق تۇباق دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «شەجەرەئى بەراغىيس» (بۈرگە ئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا، بۈرگە ۋە باشقا زىيانداش ھاشارات قاچىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يۇمشاق، چۇرۇك، گۈلى سېرىققا مايىل، يۇمشاق، پۇراقسىز، سەل تاتلىق بولىدۇ، پۇرىقى سېسىق بولمايدۇ.

تەبىئتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. قۇۋۋىتى مەلۇم مۇددەتكىچە ساقلىنىدۇ.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كىچىكىنىڭ گۈلى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىششىقنى يوقىتىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ. تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. زەھەرلەرنى، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچى ـ تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ. گۈلى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى كۆيگەن خىلتلارنى يەڭگىل سۈرىدۇ. يەرقان، قورساق ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى، كونا تەپلەر، قوتۇر، قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلىنى كۆچلۈك چۈشۈرىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھۆل گۈلىنى زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا بەزگەك ۋە تۇتقاقلىق تەپلەرنىڭ جۆغ ـ جۆغىغا شىپا بولىدۇ. كىچىكىنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا باش ئاغرىقى، يارىلار، زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا، سىركە بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە، زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا تەشەننۇج، تەپلەر، قوتۇر، قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سېسىقىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا

زىيانداش ھاشارات ۋە پاشىنى قاچۇرىدۇ، بۇرگىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سەپسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلىنى شۇ ھامان چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، سۇ بويىلىرىدا ئۆسىدۇ. غولىنىڭ تۈملىقى چوڭى بىلەن كىچىكىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا قولغا چاپلىشىدىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولمايدۇ. يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىلىغا قارىغاندا سېسىقراق، پۇرىقى ئۆتكۈررەك، تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ.

## تەباھىيج
(شام كاۋىپى)

ئۇ «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

# پەسل: «ت» (تۈۋائ) ۋە «ھ» (ھۈۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تىھال
(تال)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «سىپىرز»، ھىندىچە «تىللى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇقتۇر. ئۇ يۇمشاق، بوش، رەڭگى كۆك ئەزا بولۇپ، سول تەرەپتە، يۇرەكنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بولىدۇ. ئۇ جىگەردە ھاسىل بولغان سەۋدانىڭ زاپاس ساقلىنىدىغان ئورنى بولۇپ، ئاشقازاندىكى كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ھەيدىلىشى، ئاچلىق سېزىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئاشقازان تۆۋتىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن ئاشقازان ئېغىزى ۋە ئاشقازانغا مۇۋاپىق مىقداردا قۇيۇلىدۇ. يەنە خۇددى تېبابەتنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيەسىدە بايان قىلىنغىنىدەك بەزى قاتتىق ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردا قانغا ئارىلىشىدۇ. ئۇ سەۋدالىق قاندىن ھاسىل بولىدۇ. ئاتنىڭ تېلى يوق ئىكەن دېگەن گەپ خۇددى تۆگىنىڭ ئۆتى يوق ئىكەن دېگەن گەپكە ئوخشاش ئاساسسىزدۇر. بۇ ئاتنىڭ تېزلىكى ۋە جۈرئەتلىكلىكىنى، تۆگىنىڭ جۈرئەتسىز، ئېھتىياتچان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دېيىلگەن گەپتۇر. يەرلىك، ياش، سېمىز ھايۋاننىڭ تېلى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھايۋانلارنىڭ تېلىنىڭ ناچارلىقى قېرى، ياۋايى ھايۋاننىڭ تېلىنىڭ ناچارلىقىدىن كەمرەك بولىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە چوشقىنىڭ تېلى ئەڭ ياخشى،

ئۇچارلىقلارنىڭ تېلى ئەڭ ناچاردۇر دېگەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاستا ھەزىم بولىدۇ، ناچار كەيمۇس، سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قېنى سېپىلسە يېڭى يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىپ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ناچارلىقىنى ئوڭشاش ئۇچۇن تومۇرلىرىنى ئايرىۋېتىپ كۆپ مىقداردىكى دۇمبە ياغ ۋە چاۋا ياغ بىلەن پىشۇرۇپ، ئۇستىدىن سۇيۇق شاراب ئىچىلىدۇ.

بىلگىنكى، تال يالغۇز ئەزالاردىندۇر، يەنى ھەربىر ھايۋاندا بىردىن ئارتۇق تال بولمايدۇ. ئەمما فىرانسىيە تېۋىپلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاز ۋاقىتلاردا بىر نەچچە بولغانلىقىمۇ كۆرۈلگەن. بەزى ھايۋانلارنىڭ تېنىدە بەش تالغىچە تالنىڭ بارلىقىمۇ بىلىنگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، فىرانسىيە تېۋىپلىرى بىر ئىتنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئىچىدە بەش دانە تالنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقىغان. يەنە ئاڭلىنىشىچە، ئۇلار بىر ئىتنىڭ تېلىنى كېسىپ چىقىرىۋېلىپ ئورنىنى تىكىپ قويغاندىن كېيىن ئىت مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىغان.

## تۇھلۇب

(لەش)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قۇنفۇز» (كىرپە) دېگەن سۆز ۋەزنى بويىچە «تۇھلۇب» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «زىبرىج» دېگەن سۆز ۋەزنى بويىچە «تىھلىب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇريانچە «تەھلىيا»، يۇنانچە «ئەۋيىسۇن»، رىمچە «بەرونىيا»، پارسچە «جەغرابە»، «جامخۇۋاب بەك»، شىرازچە «جەلبەك»، ئىسپانچە «جەلى ۋەزەغ»، ھىندىچە «سەۋال» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا «كائى» دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنى ھىندىچە «كەنھال» دەيدۇ، دەپ بىلگەنلەر پەقەت خىيال قىلغانلاردۇر، چۇنكى كەنھال «تۇھلۇب» ئەمەس، بەلكى «ھەزازۇس سەخر» (لىشاينىك)دۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېشىل ماددا بولۇپ، تۇرغۇن سۇدا، بولۇپمۇ كۆللەر ۋە ئېرىق سۇلىرىغا ئوخشاش ئاپتاپ چۈشمەيدىغان سۇلارنىڭ يۈزلىرىدە پەيدە بولىدۇ. ئۇچ خىل بولىدۇ. يۇمىلاق، بىر - بىرىدىن ئاجرىغان ھالەتتە بولغىنى «ھەزازۇل مائ» (سۇ لېشى)، «تۇھلۇب لىيفىي» (يىپسىمان لەش) دەپ ئاتىلىدۇ. يىپقا ئوخشاش بىر - بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئېرىق بويلىرىدا پەيدا بولغىنى «غەزەلۇل مائ» (سۇ يىپى) دەپ ئاتىلىدۇ. توپلاشقان ھالەتتە بولغىنى «خىرۋەئۇز زەفادىئ» (پاقا يوتقىنى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تۇرغۇن سۇلاردا پەيدا بولىدۇ. تاتلىق سۇدا پەيدا بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق، قورۇش قۇۋۋىتى بار، ئۆستەڭلەردە پەيدا بولغىنىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى دەريالاردا پەيدا بولغىنىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يالغۇز ياكى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىسا هەرقانداق ئورۇندىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، تىلما كېسەللىكگە پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، نۇقرەس ۋە كىچىك باللاردا پەيدا بولغان پەتەق كېسەللىكگە داۋا بولىدۇ. زىتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ ئىشلىتىلسە پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ يۇتۇپ، ئۇستىدىن ئىلمان سۇ ئىچىپ قەي قىلىسا گالغا قادىلىۋالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىككىنچى خىلىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 12 دانە پىلپىل ۋە ئاز مىقداردىكى قۇرۇق تاماكا ۋە سۇ بىلەن قاينىتىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ هەب قىلىپ يۇتسا، كۆكىتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن بولغان تال كېسەللىكگە پايدا قىلىدۇ. دېڭىزدىكى تاشلارنىڭ ئۇستىدە پەيدا بولغان لەش ناهايىتى قورۇغۇچى بولۇپ، چاپسا هەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

## پەسىل: (تۇۋائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەخشىقۇن

(تەخشىقۇنئوتى)

ئۇ يا دېگەن مەننى بىلدۇرىدىغان بولۇپ، «تەفشىيقۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماهىيىتى: سۇتلۇكئوتلار قاتارىدىكى زەهەرلىك دورا بولۇپ، ئەرمىنىيە شەهەرلىرىدە ئۇنىڭ سۈيى ئوقىا سۈرۈپ ئېتىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ زەخمىسى هالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقى كەپە ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، سۇتلۇك، ناهايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: زىمات قىلىسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، هەڭ ئىستېمال قىلىنسا ۋە ئۇنىڭدىن هاسىل بولغان زەخمىگە سۈركىسە ئۇنىڭ زەهىرىنى قايتۇرىدىكەن.

# پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەراسىيس
(توشقانزەدىكى)

ئۇ يەر زەكىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيتى:** ياغاچلاشقان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر مەدىكى (موگۇ) گە ئوخشايدۇ. يەر ئاستىغا ئىچكىرىلەپ ماڭىدۇ. قىزىل ۋە ئاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى خۇددى ئورالغان يوپۇرماققا ئوخشايدۇ. نوقۇتزارلىقلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرىدا كۆپرەك ئۈنىدۇ. قىزىلى تاتلىق، قىرتاق بولۇپ يېيىلىدۇ، ئېقى ئاچچىق بولۇپ يېيىلمەيدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قورۇغۇچى، ئىچ سۈرۈش، قان ۋە تەرنى توختاتقۇچى، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، بوشىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. كەم ماغدۇرلۇقنى يوقىتىدۇ، ئىسسىق ماددىلارنى توسىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوشىغان بوغۇملارنى چىڭىتىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىچى - تېشىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۆچكىنىڭ يېڭى سۈتى بىلەن قاينىتىپ ياكى كالا قېتىقىنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئاشقازان تۆۋەنلەش ۋە جىگەر كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

(2) تېرىنى يىرىكلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسپىغۇل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىچىلىك مىقداردا موزا، ئۈچتىن بىر قىسمىچىلىك مىقداردا تۇخۇمەك مېۋىسى، يېرىم ھەسسە كۆشتە قىلىنغان تۇخۇم شاكىلى، ئۈنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردا ئەرەب يېلىمىدۇر. باراۋەر مىقداردا ئاقاقىيامۇ دېيىلگەن.

## تەراشەنە
(تەراشەنە ئوتى)

ئۇ «جەئفەرىييە»، «ئۇشبەتۇل ئەجۇل» (ئالدىراقسانلار ئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** غافىقىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۈنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرىنىڭ

يوپۇرمىقى ياۋا چامغۇر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، يېرىلغان، پۇرلەشكەن هالەتتە بولىدىكەن. يېشىل ۋاقتىدا كاللەكبەسەي يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۈستىدە ئاق رەڭلىك چاڭ بولىدۇ. غولى بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۈستىدە كىچىك شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچىدا تۇباقئوتى گۈلى ياكى كاسىنە گۈلىگە ئوخشاش سېرىق رەڭلىك گۈللەر بولىدۇ. يىلتىزى ئاق، كۆپ شاخلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىمۇ بىرىنچى خىلىغا ئوخشايدۇ. سېرىققا مايىل يېشىل بولىدۇ. غولى ئۇنىڭ غولىدىن قىسقىراق، شاخلىرى كۆپرەك بولىدۇ. سازلىقلار ۋە هۆل يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بىرىنچى خىلىنىڭ سۈيى كۆزگە سۈركەپ بەرسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناهايىتى ياخشى بولىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى ئىچىلسە قورساق ئېسىلىش، جىگەر، تال ئاجىزلىقى ۋە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭمۇ كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، تېز تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئۇشبەتۇل ئەجۇل» (ئالدىراقسانلار ئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

## تەراغۇسۇن

(تەراغۇسۇنئوتى)

**ماهىيىتى:** شەيخ ئىبنى بەيتار: «بۇ ئۆسۈملۈكنى رازىي بايان قىلغان ۋە ‹قەۋسىي› (ياسمان) دەپ ئاتىغان دەپ يازغان. يەنە: «بەزى كىشىلەر ئۇنى ‹قەۋسىي› دەپ ئاتايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر دانە شاختا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى زەپەر ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شېخىنىڭ ئۇچى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا قارا رەڭلىك مېۋىسى بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

رازىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇغدايلىقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «مۇسەللەس» (ئۈچ بۇرجەك) دەپ ئاتىلىدىكەن. «فەلاهەت» (دېھقانچىلىق) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر تال شاخلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، پاكار، ناهايىتى يېشىل بولىدىكەن، بەزىدە نازۇك، ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق يوپۇرمىقى بولىدىكەن، بەزىدە يوپۇرماقسىز بولىدىكەن. يىلتىزلىرى ئۇزۇنچاق، توم، توپا رەڭ بولىدىكەن. پوستى قېلىن بولىدىكەن. شېخىنىڭ ئۇچىدا كېۋەزنىڭ غوزىكىغا ئوخشايدىغان غوزىكى بار بولۇپ، ئارىسىدىن ئۇرۇقلار چىقىدىكەن. يېسە لەززەتلىك، خۇش پۇراق بولىدىكەن. يىلتىزىمۇ تاتلىق بولۇپ، شېخى بىلەن قوشۇپ يېيىلىدىكەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆزگە سۈركەپ بەرسە ياشانغىراشقا پايدا قىلىدۇ. چاينىسا ۋە يېسە ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

## تەراغىين
(تەراغىنئوتى)

بەزىلەر ئۇنى «تەراغايىن» دەپ، يەنە بەزىلەر «سەقۇنىيۇس» دەپ ئاتايدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىز ياكى پاكارمۇ بولىدۇ. يوپۇرمىقى بولمايدۇ. شاخلىرىدا بۇغداي دېنى چوڭلۇقىدا مېۋىسى بولىدىغان بولۇپ، ئۇرۇم ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن. قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇرۇقىدىن 10 دانە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ، كونا ئىچ سۈرۈش ۋە بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشلارغا پايدا قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى سوقۇپ ھەب ياكى قۇرس ياساپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىدۇ.

## تەراغىييۇن
(تەراغىييۇنئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، بىيش (پارپا) قا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يۇرىقى كۆز پەسلىدىكى ئاق پارپىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ يۇرىقىغا ئوخشايدۇ.

ماھىيىتى: ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، غولى ۋە يوپۇرمىقى ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن يوپۇرمىقى ۋە غولىغا ئوخشايدۇ. سەل توكلۇك بولىدۇ. يېلىمى ئەرەب يېلىمىغا ئوخشايدۇ. ئەقرىيتىش ئارىلىدا كۆپ ئۆسىدۇ. يەنە بىرى كىچىكرەك بولۇپ، دېڭىز ساھىللىرىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرماقسىز بولۇپ، كۆپ ئېگىز ئۆسمەيدۇ. شاخلىرى ئۇستىدە بۇغداي چوڭلۇقىدا ناھايىتى قىزىل دانلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئۇچلۇق بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ ئىككى خىلىنىڭ قايسىسى بولسا 10 گىرام ئېلىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تاش پارچىلايدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ھەمەلچە قىلىنىدۇ. زىمات قىلسا بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوقنى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكى قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ،

ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش، ھەيز توختىماسلىق ۋە بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن بىر دانىدىن ئون دانىغىچە ئىستېمال قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## تۇرخۇن
(تۇرخۇنئوتى)

ئۇ «تەرخۇن» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پارسچە «تۇرخانى» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. سۇريانچە «تۇرخۇنى»، رىمچە «ئەدەرسىيتۇن»، يۇنانچە «مىيورسىينە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىران شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ پارستا تونۇشلۇق بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شىرازدا كۆپ تېپىلىدۇ. نەئنائ، پىننە، زاغۇنغا ئوخشاش كۆكتاتلار قاتارىدا نان، پىشلاق ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئۇرۇق ئارقىلىق ھەم قەلەمچە ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، تىلنى قورۇيدىغان، قىرتاق، سەل تاتلىق بولىدۇ. ناشتىدا يالغۇز چاينىسا ئېغىزنى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەتتەم مۇسھىللارنى ئىچىشتىن بۇرۇن تىلنىڭ تېتىماسلىقى ئۈچۈن ئۇ چاينىلىدۇ. يېڭى چىققان يوپۇرمىقىنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئومۇمەن ھىندىچە «كەت بىيل، كوت بىيل» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇچۇچانلىقى بولمايدۇ. قىرتاقلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭدىن كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ يىلتىزى ئاقىرقەرھادىن ئىبارەت. دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادراسمان ئۇرۇقىنى كونا سىركىگە چىلاپ قويۇپ سىركىنىڭ مىزاجىنى ئالغاندا تېرىسا تەرخۇن ئۈنىدىكەن. يەنە تۇرۇپنىڭ ئارىسىغا تېرىلسىمۇ تەرخۇن ئۈنىدىكەن. ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ يېڭى، ھۆل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياۋىسى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. يەرلىكى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. سېزىمسىزلاندۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەل ۋە شىلىمشىق خىلتلارنى تارقىتىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. چاينىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئېغىزنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئېغىز ۋە تىلنى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. چاينىغاندىن كېيىن ئېغىزدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. يۇقۇملۇق ھاۋانى ئوڭشاشقا ۋە تائۇنغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېڭىسىنىڭ سۈيى

كازى شەربىتى بىلەن ئىچىلسە سۈلۈق قاپارتقۇ ۋە يەلتاشمىغا پايدا قىلىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى چاينىغاندىن كېيىن سۈيىنى ئىچسە لەززەتلىك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قاننى كۆيدۈرىدۇ، باھنى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلاردۇر.

(2): ئۆپكىنى يېرىكلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

(3) تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەرەپشە، ئارپىبەدىيان ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

## تەرفا
### (يۇلغۇن)

ئۇ پارسچە «گەز»، ھىندىچە «جەھاۋ»، رىمچە «مورىقا»، سۈريانچە «ئەرا»، يۇنانچە «ئەرىغا بوشا» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر يۇنانچە «مورسىقى» دەيمۇ ئاتايدىكەن.

**ماھىيىتى:** تۆت خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئارچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەرەبچە «ئەسل» (توغراق) دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسى «ئەزبە» دېيىلىدۇ. دەرىخى «سال» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ دەرىخىمۇ «ئەسل» (توغراق) گە ئوخشايدۇ، ئۇ ياۋسى بولۇپ، مېۋىسىزدۇر. ئۈچىنچىسى كىچىك، يوپۇماقلىرى ئاز، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق بولۇپ، باشاقلىق بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى گۈلىنى ياخشى كۆرىدۇ. مېۋىسى مۇزىغا ئوخشاش بولۇپ، خۇش پۇراق بولىدۇ. ھىندىچە «بەرى مائىن» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسىنىڭ مېۋىسى گۈلسىز يېتىشىدىغان بولۇپ، كەندىر ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، پىشىلغا مايىل قىزىل بولىدۇ، بوياقچىلار ئۇنىڭ بىلەن كىيىملەرنى بويايدۇ. بۇ خىلى ئىراق ۋە پارسلاردا بولمايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. چوڭى «ئەسل» دېيىلىدىغان بولۇپ، يەرلىكى ئىكەن. مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، «ئەزبە» دېيىلىدىكەن. ئۇ «ا» (ئەلىف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. كىچىكى ياۋسى بولۇپ، «تەرفا» دىگەن ئىسىم ئۇنىڭغا خاس ئىكەن. چېچىكى قىزىلغا مايىل ئاق، مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، «گەزمازەج» دېيىلىدىكەن. تاتلىق سۇ بويلىرىدا ئۆسكەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇقمۇ دىگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ئازراق قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى توسقۇچى، تارقاتقۇچىدۇر. يىلتىزى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە تال زەھەرلەنگەنلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىششىقتىن كېلىپچىققان جوزامغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە ئۆت ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭدا سەپرانىڭ توپلىنىشىپ قېلىشىدىن بولغان يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭدىن كۇنىگە 105 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنسا جىگەرنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش مىلىكى ۋە چىشنى چىڭىتىدۇ. ئىچسە ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇ قاناشقا داۋا بولىدۇ. بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يوپۇمىقىنىڭ سۈيى، يىلتىزى، گۈلى ياكى ئۇرۇقىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە قاتقان، چوڭلىغان تالنى يۇمشىتىدۇ ۋە كىچىكلىتىدۇ، بولۇپمۇ سىركە ۋە ئەنجۈر بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسا مەقئەت، بالىياتقۇ ۋە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدا باش يۇسا پىت ـ سىركە يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنى سىركە بىلەن قايىنىتىپ سوقۇپ زىمات قىلسا ئىسسىق بولغان ئىششىق ۋە تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇشەق، سەكبىنەج، كەپە يىلتىزى ۋە سەبرە بىلەن زىمات قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسىمۇ شۇ ئۈنۈمنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق سەپمىسى ھۆل يارىلار، ئوت كۆيۈك يارىسىنىڭ سۇلۇق قاپارتمىلىق يارىسىنى قۇرۇتىدۇ. شېخى ۋە يوپۇرمىقىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. گالغا قادىلىۋالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. سۇلۇق قاپارتما ۋە ھۆل زەخىملەرنى قۇرۇتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسى بىلەن ئۇچ قېتىم ئىسلانسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرى ۋە سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. ياغىچىنىڭ كۈلىنى جۇلا بېرىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا پەيلەرنىڭ بوشىشى ۋە مەقئەت چىقىپ قېلىشقا داۋا بولىدۇ. سەپسە ھۆل يارا ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسى كونا قان تۇكۇرۇشكە شىپا بولىدۇ. بوشىغان چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىدىن كەلگەن زىياننى يوقىتىدۇ. دۆ چېقىۋالغانغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن قىرىلغان قاچىدا سۇ ئىچسە، تائام يېيسە تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** توغراقتۇر.

## تىرىيفۇلۇن
(ئۇچيوپۇرماق)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇچ يوپۇرماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. كۆپىنچە ئۆلىمالار ئۇ بىدە بىلەن

خۇسىيەتۇسسۇئىلەب ئۇسۇملۇكىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، ئەرەبچىدە «ھۇمانە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسۇملۇك نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكى ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە، قارا بولۇپ، ئىزخىرغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى بېدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر تال شېخىدا ئۈچ دانە يوپۇرماق بولىدۇ. گۈلبىنەپشە رەڭ بولۇپ، زاراڭزا گۈلىدەك پۇرايدۇ، يىلتىزى ئۇزۇن، قاتتىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاقراق، تۈكلۈك بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىدىن 10 گىرامدىن ياكى يوپۇرمىقىدىن 15 گىرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، قوۋزۇرغا ئاغرىق پەردىلىرى ئىششىقى، ئىستىسقانىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، بالىياتقۇ ئاغرىقى، سىيىش قىيىنلىششقا پايدا قىلىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. زىياندىش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكىنى يوپۇرمىقى، يىلتىزى ۋە سۈيى بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ زىياندىش ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا چاپسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ شاخلىرىنى قاينىتىپ سۈيىنى زەھەرلەنگەن ئورۇنغا قىزىق تۆكسىمۇ پايدا قىلىدۇ. يارىلانغان ئەزاغا ياكى ساق ئەزاغا تەگسە ئاغرىتىدۇ، چاقىدۇ ۋە زەخىملەيدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ داندىن ئېلىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچ كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتىدۇ. تۆت دانە يوپۇرمىقى بىلەن تۆت دانە ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە خاسىيىتى بىلەن شىپا بولىدۇ. يىلتىزى زەھەر قايتۇرىدىغان دورىلاردىن بولۇپ، چوڭراق مەجۇنلەرگە قوشۇلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا.

## تەرىيقۇلىيۇن
(ئۈچ شىگىلىك)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۈچ شىگىلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سېيل

ئۆسۇملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈلى ئەتىگەن تەرەپتە ئاق، چۈشتىن كېيىن بىنەپشە رەڭ، كېچىدە قارامتۇل قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. يىلتىزى خۇش پۇراق، ئاق بولۇپ، تەمى ۋە پۇرىقى زەنجىۋىلگە ئوخشايدۇ. ئۇنى تۇربۇت دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇق خىلىتلارنى كېسىدۇ. خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ئازايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيىنى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستانلىقلارنىڭ قارىشىدا بۇ زەھەرلىك دورىلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئۇنى «مۇربافەلۇن» (مىڭيوپۇرماق) ئۆسۇملۈكى دەپ بىلىدۇ. جالىنۇس ئۇنى بايان قىلمىغان.

## پەسىل: (تۇۋائى) ۋە «ف» (فائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەفشىيل

(ئاقلانغان ماش)

پارسچە «ئەدەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** سىركىگە چىلاپ پىشۇرۇپ ئاقلانغان ماشتىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمكى يېمەكلىكلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ئازدۇر. ئىسسىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. بەلغەم ۋە سەپرادىن بولغان مۇرەككەپ تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ، ھەيز توختىماسلىق ۋە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ.

**زىيىنى:** سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە، پەي ـ نېرۋىلىق ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەردۇر.

# پەسىل: (تۇۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەلھ

ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ھىندىچە «كىيلە» دەپ ئاتىلىدىغان باناندۇر دەيدۇ. يەنە بەزىلەر يېزا ئەرەبلىرىنىڭ ئادىتىدە تىكەنسىز تۇخۇمەك (ئۇممىغىيلان) دەرىخىنىڭ بىر تۈرى دەيدۇ. جانابىي ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «مەۋز» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. تۇخۇمەك (ئۇممىغىيلان) دەرىخى بايان قىلىندى.

## تەلئ

(خورما چېچىكى)

ئۇ پارسچە «باھارى خورما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** خورما دەرىخىنىڭ دەسلەپكى چېچەكلىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر غىلىچ، ئۇنىڭدىن قىسقىراق ياكى ئۇزۇنراق بولغاندا بېشى ۋە قۇيرۇقى يوق بېلىققا ئوخشاش ئوتتۇرىسى كەڭ، ئىككى تەرىپى ئىنچىكە ئۆسىدۇ. شۇ چاغدا غىلاپى يېرىلىپ ئىچىدىن ئاق رەڭلىك خورما باشقى چىقىدىغان بولۇپ، دانلىرى ئارپىنىڭ دانلىرىدىنمۇ كىچىك بولىدۇ. ئۇستىدە خۇددى ئۇندەك چاڭ بولىدۇ. دانلار تەدرىجىي چوڭ بولۇپ، غىلاپى قۇرۇغاندىن كېيىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ غىلاپى «كۇفۇررا» دەپ، يېڭى خام باشقى «ۋەلىيخ» دەپ ئاتىلىدۇ. دانلىرى پارسچە «غورەئى خورما» (خورما غورىسى) دەپ، چېگى «كەشەن»، «دەقىيقۇن نەخل» (خورما ئۇنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەركەك خورمىنىڭ ئىككى - ئۈچ دانە مېۋىسىنى چىشىسىنىڭ مېۋىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ تاڭغاندىن كېيىن ئەركەك خورمىنىڭ چېگى چىشىسىنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇلمىسا خورما چوڭ، شېرىن ۋە گۆشلۈك بولمايدۇ. خورما غورىسىدىن باشلاپ تاكى خورما چوڭ بولۇپ پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى باسقۇچلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىمناملىرى بار بولۇپ، كۆپ قىسمى «تەمىر» (خورما) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. «كۇفۇررا» (خورما غىلاپى) ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

خورما چېچىكىنىڭ يېيىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغىنى يەردە ۋە تاتلىق سۇ

بويلىرىدا ئۆسكەن ئەركەك خورمىنىڭ ئۇرۇقچىسى كىچىك، پوستى ئاق، قىرتاق، ئاچچىق بولمىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، قاننىڭ ھارارىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. قۇرۇقىدىن 15 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قان تۈكۈرۈش ۋە قاناشقا شىپا بولىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيىنى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، سىيىشنى تەسلەشتۈرىدۇ. كۆكرەكنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلىق يېمەكلىكلەر، گۆشلەر ۋە جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش پەلاپىلى، زەنجىۋىل مۇرابباسى ۋە ھەسەلدۇر.

ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ ئۇچۇچان ھارارىتى ۋە ئارتۇق ھۆللۈكى بار، شۇنىڭ ئۇچۇن ئەرلەرنىڭ جىنسىي قۇۋۋىتىنى ۋە ئاياللارنىڭ جىما ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

## تىلائ

(ئۈزۈم شىرنىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۈزۈمنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمى ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق قىسمى پارغا ئايلانغۇچە قايىنىتىلغان سۈيى بولۇپ، «مەيفۇختەج» دەپ ئاتىلىدۇ. يېزىدىكى بەزى ئەرەبلەر ئۇنى شاراب دەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېرىمى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ياكى ئازراق قىسمى پارغا ئايلىنىپ رەڭگى قارىغا مايىل بولغان ئۈزۈم شىرنىسى ئىكەن. ئۇنى «تىلائ» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئەرەبلەرنىڭ ئۇنى قەتران ۋە زۇپتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۆگىنىڭ قوتۇرىغا سۈركىگەنلىكى ئۇچۇن ئىكەن. بەزىلەر شارابنىڭ ھەممە تۈرىنى، يەنە بەزىلەر پەقەت مۇسەللەسنى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى، تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ شاراب بىلەن مۇسەللەسكە ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئۇلار بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## تەلەق

(تەلىق)

ئۇنى «تەلىق» دەپ تەلەپپۇز قىلىسا خاتا بولىدۇ. ئۇ يەنە «تىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ پارسچە «تەلەك» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «كەۋكەبۇل ئەرز» (يەر

يۇلتۇزى)، «ئەرەقۇل ئەرۇس» (يىگىت تەرى)، سۇريانچە «فەتھى جەشما»، «كەۋكەبا ئەزئا»، يۇنانچە «يۇلتۇز»، (يەنى يەر يۇلتۇزى)، «چەشماروْن»، «فەلۇن»، «ئەستەر» دەپ، رىمچە «غوقوتىيە»، پارسچە «ئەبرەك»، «بەھۋەدىل»، ھىندىچە «ئەبرەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، ساپ سىماب ۋە تۇپراق تەركىبى ھەم قۇرۇقلۇقى غالىب بولغان ئاز مىقداردىكى گۇڭگۇرتتىن ھاسىل بولىدۇ. سوغۇقلۇقتىن قاتىدۇ. يەمەنى (يەمەندىن چىقىدىغىنى)، ئەندەلۇسى (ئەندەلۇستىن چىقىدىغىنى) ۋە ھىندى (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى)دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى يەمەندىن چىقىدىغىنى بولۇپ، ئاق، كۈمۈش رەڭ، پارقىراق، قات ـ قات بولۇپ، قاتلىرى ياخشى، چوڭ، چۇرۇك، ئاق، سەدەپسىمان بولىدۇ، قارىغا مايىل بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى ياخشىسى بولۇپ، ئاقلىقى، چۇرۇكلۇكى يەمەندىن چىقىدىغىنىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئەندەلۇستىن چىقىدىغىنى «مەغرىبىي» (ماراكەشتىن چىقىدىغىنى) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەممىدىن ناچاردۇر، قاتلىرى چۇرۇك بولمايدۇ، رەڭگى كۆك بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرى قات ـ قات، ۋاراقسىمان بولىدىكەن. يەنە بىرى گەج تېشىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ كانى قەبۇس ئارىلى ۋە ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئابادقا ئوخشاش جايلىرىدىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بەزى پارچىلىرىدىن ئاز مىقداردا سىماب چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ. يالغۇز كۆيدۈرگىلى بولمىسا نۆشۇدۇر ۋە تۇخۇم شاكىلى كۇشتىسى بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش، ئېرىتىش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەزادىن ۋە بالياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. تولغاق ۋە ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى بىلەن يۇيۇلغىنى ئۆپكىدىن قان تۈكۈرۈش، بالياتقۇ قاناش، بۇۋاسىر قاناشلارغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلسا زەكەر ۋە پەيلىك ئەزالارنىڭ ھۆل يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئەمچەك، قولاق ئارقىسى ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. بوۋاسىر، قىچىشقاق، زەكەر ۋە باشقا يۇمشاق ئەزالار قوتۇرلىرى، يارىلاشقان جوزامغا پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى قارا ئىزلارنى تەڭداشسىز يوقىتىدۇ.

**زىيىنى:** ئىستېمال قىلىنسا مۇتلەق خەتەرلىك بولۇپ، تال ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، كەرەپشە ئۇرۇقىدۇر.

ئۇ ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالارغا چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سۇتكە چىلانغىنىنى تۇزاندەك سالايە قىلىپ، ساپ سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ توقۇمچىلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھۈنەرلەردە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنۇمى كۆمۈش ۋاراقنىڭ ئۇنۇمىدىن ياخشىراقتۇر. زەپەر قوشۇلسا ئالتۇن رەڭلىك، زەنگار قوشۇلسا ھاۋا رەڭلىك، زاراڭزا چېچىكى قوشۇلسا پىستە رەڭلىك ئېرىيدۇ. ئۇ زەمچە، ئاق لەيلى، مۆغرە لىپىي، سىركە ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئەزالارغا سۈركەلسە ئوتتا كۆيۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سانائەتتە تەلىق قەلەي بىلەن ئېرىتىلسە ئۇنى تازىلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى سۇت بىلەن ئېرىتىش، ئېرىتىش، كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى، يېغى، قۇرسلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# پەسىل: (تۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەيرانە

(تەيرانە ئوتى)

ئۇ «تەشىير»، «تەشۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر مەدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. كېچىدە چىراغدەك پارقىرايدۇ. ھۆلى ئاق، سېرىق بولىدۇ. قۇرۇتۇلغىنى سۇندۇرۇلسا بۇلۇتنىڭ سۇندۇرۇلمىسىغا ئوخشاش قىزىل كۆرۈنىدۇ. سۇيۇقلۇقى سېسىق بولىدۇ. كۆپىنچە بەللۇت، زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ ئاستىلىرىدا ئۈنىدۇ. يامغۇر كۆپ ياغقان يىللاردا كۆپرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھازىرغىچە ئۇنىڭ پايدىسى نامەلۇمدۇر. ئۇ كۈچلۈك ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىن بولۇپ، ھەتتا پۇرىسىمۇ، تۇتسىمۇ زەھەرلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش لازىم.

# تىين
## (لاي، گىل)

ئۇ پارسچە «خاك»، ھىندىچە «مىتتى»، سۇريانچە «چەشما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئەڭ ياخشىسى تاتلىق سۇنىڭ قۇم، شور ۋە گۆڭگۈرت ئارىلاشمىلىرىدىن خالىي بولغىنىدۇر، بۇنداقلىرى «تىينى ھۇر»، پارسچە «خاكى رەست» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېقىۋاتقان تاتلىق سۇنىڭ تېگىدىكى لاي لايلارنىڭ ئەڭ نازۇكراقىدۇر. نىل دەرياسىنىڭ تېگىدىكى لاي ئۆستەڭلەرنىڭ لايلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل لاي قۇرۇق سوغۇقتۇر. پەقەت مەستىكى شەھىرى لىيى، تۇز ئارىسىدىكى لاي ياكى تۇزدا بىر مۇددەت تۇرغان، تۇزلۇق دېڭىز لىيى، ئاچچىق سۇلار، گۆڭگۈرت ۋە زەمچە ئارىلاشقان سۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ لايلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى قۇرۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، كۆيۈشۈشنى ۋە مەقئەتنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، ئاتقا كۆپ مىنىش ۋە قوپال ھەرىكەت قىلىش سەۋەبىدىن بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتقۇچىدۇر، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ يالغۇز ياكى ھەر بىر كېسەللىككە خاس مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا سىل، قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي زەخمىسى، دېڭىز تۇشقىنى چىشلىۋېلىش، ئالا كۆلۈك چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ، زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھوقنە قىلسا ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. مەلھەم قىلسا ئەفئى يىلىنى چېقىۋېلىش، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. سىركە ۋە قىزىلگۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. لايىنى تاتلىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، قۇرۇتۇپ، لاي ۋە تۇزلۇق سۇ بىلەن ئېرىتىپ تېگىگە ئورنىغۇچە تۇرغۇزۇلسا سۈزۈك، تاتلىق، ساپ قىلىدۇ. ئاچچىق ۋە تۇزلۇق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئەرەق تارتىلسا چىققان ئەرەق تاتلىق بولىدۇ. قۇياش مەلۇم ۋاقىت چۈشكەن لاي مەلھەم قىلسا ئىسسىقاغا پايدا قىلىدۇ، بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ بىلەن باش يۇيۇلسا كىرنى تازىلايدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆزارتىدۇ. ئوچاق لىيىغا ئوخشاش كۆپ ئوت كۆرگەن لاي ناھايىتى قۇرۇتقۇچى، تېرىنى تازىلىغۇچى، بەھەقكە جۇلا بەرگۈچى، بەدەننىڭ يىرىكلىكىنى ئالغۇچى، قىچىشقاققا پايدا قىلغۇچىدۇر. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا سېرىق ھەرە چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. قىرۇتى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا چاشقان

يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. تونۇرنىڭ لېيىنى تۇز ياكى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىسا باللارنىڭ تاقىرباشلىقىغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تۇزنىڭ ئارىسىدا بىر مۇددەت تۇرغان لاي ۋە تۇز ئېلىنغان لاي قاچىنىڭ لېيى سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، مۇدۇرلارنى ساقايتىدۇ. ئۆچكە، تۆگە ياكى كالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىستىسقانى تارقىتىدۇ. لاي سامان ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا چايان ۋە زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭغا گۈلاب چېچىپ پۇرىسا يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقان، بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ، ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى يوقىتىدۇ. سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لايغا گۈلاب، گاۋزىبان ئەرقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار ئارىلاشتۇرۇپ تارتىلغان ئەرەق يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن ئاجىزلىششىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن كېيىن قالغان ۋە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرۇغان لېيى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۆپ قان تۈكۈرۈشتىن پەيدا بولغان ئورۇقلۇق ۋە ماغدۇرسىزلىققا پايدا قىلىدۇ.

ھەدىس شېرىپتا لاي يېيىش چەكلەنگەن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاي يېمەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىل خاسىيەت بار: كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى چوڭايتىدۇ، رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ» دېگەن. يەنە «لاي يېيىش ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ھارامدۇر» دېگەن. يەنە «كىمكى لاي يېسە خۇددى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەرگەندەك بولىدۇ» دېگەن.

**زىيىنى:** ئەزالىرىدا تاش، مەددە قۇرت پەيدا بولغانلار ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.

## تىينۇل ئەبيەز
(ئاق لاي، گىل سەفىد)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاق رەڭلىك لاي بولۇپ، شىلىمشىق، يۇمشاق، سەل مايلىق ۋە چاپلاشقاق بولىدۇ. بەزى يەرلەردە، بولۇپمۇ تىينى ھۇر دېيىلىدىغان لاي بار يەرلەردە، بولۇپمۇ كۇفە ۋە ھىجاز زېمىنىدا كۆپ بولىدۇ. ئۇ شىلىمشىق، چاپلاشقاق لايدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇراسان لېيىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىلەن باش يۇسا چاچنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. كونا يارىلار، جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سېپىلىدۇ ۋە مەلھەم قىلىپ چېپىلىدۇ. قالغان تەسىرلىرى خۇراسان لېيىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## تىينۇل ئەھمەر
(قىزىل لاي، گىل سۇرۇخ)

ئۇ تىينى مۇغرە (شىلىمشىق لاي) دىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «گىلى سۇرۇخ يەزدى» (يەزد قىزىل لېيى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «گىيرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئۇ «تىينى پارسىي» (پارس لېيى) دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇنىڭ تەبىئىتى، تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## تىينۇل ئەخزەر
(يېشىل لاي، گىل سەبىز)

**ماھىيىتى:** ئۇ يېشىل رەڭلىك بىر خىل لاي بولۇپ، يېشىل، مايلىق، چاپلاشقاق بولىدۇ. شىرازغا قاراشلىق ئازادىگان دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بەزى جايلاردا ئۇنىڭ پارچىلىرىدىن سېرىق، قىزىل ۋە ئاق رەڭلەر ياسىلىدۇ. يېشىل، بىر خىل رەڭدە، ئارىلاشمىلىرى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.
**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىران ئاياللىرى ئۇنى قورۇپ ئىسلاپ يەيدۇ ۋە يۈرەكنىڭ چالاڭغۇرۇشىغا پايدا قىلىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باش ۋە بەدەننى يۇسا ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، تېرە ۋە چاچنى يۇمشىتىدۇ، كىر ۋە پىتنى يوقىتىدۇ. ئۇ ياغ تۆكۈلۈپ كەتكەن كۆرپىگە سېپىلسە ياغنى سۈمۈرىدۇ.

## تىينۇل ئەرمەنى
(ئەرمىنىيە لېيى، گىل ئەرمىنى)

ئۇ سۇريانچە «ھەما دەرمەنيا»، يۇنانچە «بىيلاتەرنىيۇن»، رىمچە «فىلا ئەرمىيا» دېيىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ جىگەر رەڭلىك، يەنى قارامتۇل قىزىل رەڭلىك بىر خىل لاي بولۇپ، يۇمشاق، سەل مايلىق، چاپلاشقاق بولىدۇ، تىلغا چاپلىشىدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، تەمى ئادەتتىكى لايغا ئوخشايدۇ. ئەيرەۋان ۋە ئەرمىنىيەدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بەزىدە ھەجرى ئەرمىنى (ئەرمەن تېشى) مۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يۇمشاق، سىلىق، مايلىق، ئۇششاق تاش ۋە قۇمدىن خالىي بولغان، تىلغا چاپلىشىدىغان، ئالتۇن رەڭ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، چاپلاشتۇرغۇچى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشنى توختاتقۇچى، قورساق، بالىياتقۇ، ئۈچەي، ئاشقازان، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختاتقۇچى، سۈيدۈك تۇتقۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ يارىلىرى ۋە ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۆپكىگە يۈزلەنگەن چوڭ نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. زىققە، يۆتەل، تىل، تەپلەر ۋە ئۇلاردىن پەيدا بولغان كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنسا زىيادە قۇرۇتۇش تەسىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ، بۇنداق تەسىر قىلىشى يەنە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، ئىششىقلارنى ياندۇرغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ۋابا ۋە چۇما كېسەللىكى يۈز بېرىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ياكى يۈز بەرگەن كۈنلەردە تەپ بولمىسا سىركە ۋە گۈلاب بىلەن، تەپ بولسا سۇ ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ۋە ئىششىققا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. ئاقاقىيا بىلەن مەلھەم قىلسا سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ. سېپىلسە ھەرقانداق سىرتقى ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~ 3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تىينى مۇغرە، تىينى ھىجازىيدۇر.

## تىينۇل ئەسفەر

(سېرىق لاي، گىل زەرد)

ئۇ «تىينۇس سەنەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قارامتۇل سېرىق رەڭلىك بىر خىل لاي بولۇپ، قۇستانىيە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. شۇ يەردە تۇرىدىغان راھىبلار ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم شەكىلنى سىزىپ بۇتنىڭ شەكلى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى باشقا نامەلۇم شەكىل ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىچە «پەيۇرى» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە ئىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. چۈنكى «پەيۇرى» سېرىق، يەڭگىل نەرسە بولۇپ، ئەنبەھ دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلغان يېگى تۇغۇلغان كالا موزىيىنىڭ سۈيدۈكىنى قايىنىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا نەققاشلار ئىشلىتىدىغان بولۇپ، مەشھۇردۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا قورۇغۇچى، ئىچ سۈرۈش، قان تۈكۈرۈش ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ قانىشىنى توختاتقۇچىدۇر. بۇ جەھەتتە لايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىپىلسە سىرتقى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

## تىينۇل ئىقرىيتىس
(ئىقرىيتىس لېيى)

ئۇ «ئەقەرقەرتۇن»، «قەرىيتۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، كۈل رەڭ، يىرىك بولىدۇ. قول بىلەن ئۇشتۇلىدۇ، قۇۋۋىتى زەمچىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆپ ئاجىز بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېتىش ئارقىلىق بىلىنىدۇ، يەنى بۇنىڭ قۇرۇتۇش تەسىرى ئۇنىڭ قۇرۇتۇش تەسىرىدەك كۈچلۈك ئەمەس. ئۇنىڭ ھاۋاغا مەنسۇپ تەركىبلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە ئارتۇق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى بولۇپ غىدىقلىمايدۇ، كۆزنىڭ يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۆزىگە ئېسىۋالسا ھامىلىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدىكەن. بۆزچىلەر بۆزچىلىكتە رەختنىڭ رېڭىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

## تىينۇل ئۇندۇلۇسي
(ئەندەلۇس لېيى)

**ماھىيىتى:** قارا، قويۇق لايدىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمات قىلسا ۋە مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

## تىينۇل جۇلۇد
(تېرە لېيى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قارامتۇل قىزىل رەڭلىك، سىلىق بولغان بىر خىل لاي بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ھايۋاناتنىڭ تېرىسى بويالسا سېرىققا مايىل قىزىل بولۇپ بويىلىدۇ، ئەمما رېڭى ئىچمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، كۆچلۈك دەرىجىدە قورۇغۇچى ۋە تارقاتقۇچى قۇۋۋىتى بار.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلىسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ پىسەپتۇر.

## تىينۇل ھۇرر
(ھۇر لېيى)

ئۇ پارسچە «خاكى رەست» دەپ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** بەزىلەر ئۇنى تىينى ئەندەلۇسى ۋە تىينى پارسى بىلەن ئوخشاش دەپ بىلىدۇ. يەنە بەزىلەر سىراف دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بىر خىل لاي دەپ بىلىدۇ. ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، يۇمشاق، يەڭگىل بولۇپ، رەيھانغا ئوخشاش ناھايىتى كۆك بولىدۇ. كۆيدۈرۈلسە خۇش پۇراق، خۇش تەم بولىدۇ. لاي يېيىشكە ئادەتلەنگەنلەر ئۇنى يەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ زىيىنى باشقا لايلارنىڭ زىيىنىغا قارىغاندا ئازراقتۇر. بەزىلەر ئۇنى قۇم ۋە باشقا ئارىلاشمىلىرى بولمىغان ساپ لايدىن ئىبارەت دەپ بىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى قىيمۇلىيا لېيى ۋە خۇراسان لېيىنىڭ تۇرلىرىدىن دەپ بىلىدۇ.

## تىينۇل ھىكمەت
(گىل ھېكمەت)

ئۇ مۇرەككەپ لايلاردىن بولۇپ، تەييارلىنىشى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ۋە قارابادىندا بايان قىلىندى. ئۇ ئەينەك، ساپال ۋە باشقا قاچىلارغا ئوتنىڭ زىيان يەتكۈزۈشى ۋە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن سۈركىلىدۇ. زىمات قىلىسا سۇنغان ئەزالارنى تۇتتۇرىدۇ. ئۇستىخان ۋە پەيلەرنى چىڭىتىدۇ.

## تىينۇل خۇراسانى
(گىل خۇراسانى، خۇراسان لېيى)

ئۇ «تىينى نىيشاپۇرى» (نىشاپۇر لېيى)، «تىينۇل ئەكىل» (يېيىلىدىغان لاي)، «تىينۇل مەئكۇل» (يېيىلىدىغان لاي) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، ناھايىتى ئاق، خۇش پۇراق، خۇشتەم، سەل تۇزلۇق بولىدۇ. ئۇنى يېگەندىكى زىيىنى باشقا لايلارنىڭ زىيىنىدىن ئازراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن لاي

يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئۇنى قورۇپ، بەزىلەر خام ھالەتتە يەيدۇ. قورۇلغاندىن كېيىن تۇزلۇق تەمى سەل ئازلايدۇ. باغدادتا باللار ئۇنىڭدىن تاختاي ياساپ ئۇستىگە خەت يېزىپ مەشىق قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنى قورۇپ گۈلاب بىلەن يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئىپار، ئەنبەر ياكى كافۇر قوشىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئۇنى تۇزلۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئازراق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈل ئاينىش ۋە قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ، ئۇخلىغاندا ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ، ئىت ئىشتىھا كېسىلى، قۇسۇش ھەم ئىچ سۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان خولېرا كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، بولۇپمۇ ئۈشنە، سۆئدى، ئىزخىر، قاقىلە، كاۋاۋچىن، گۈلاب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇلغان بولسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. خولېرانى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ 60 گىرامى مەيخۇش ئالما سۈيى ياكى قىيامى، سەئدى كۇفى قايناتمىسى سۈيى ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا مىزاجنى بۇزىدۇ، توسالغۇ، تاش پەيدا قىلىدۇ. جىگەر ۋە ماسارىقا تومۇرىدا توسالغۇ پەيدا بولۇشقا ئادەتلەنگەنلەرگە، ئاجىز جىگەرگە، تار يوللارغا زىيان قىلىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ زىيىنى باشقا لايلارنىڭ زىيىنىدەك ئەمەس.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى.

## تىينى داغىستانى

(داغىستان لېيى، گىل داغىستان)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، داغىستان ۋە ئەزەربەيجاننىڭ شىرۋان شەھىرىگە يېقىن جايلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. ياخشىسى سامان رەڭ، خۇش پۇراق بولۇپ، شىرۋان شەھىرىنىڭ ناھىيەلىرىگە يېقىن داغىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەنىدۇر. بەزىدە ئۇ باشقا لايلارغا ئوخشاش يۇيۇپ قۇرس قىلىنىدۇ. ئاق ۋاقتىدا سىلىق، يۇمشاق، يېنىك، قۇم ۋە چاپلاشقاق شېغىللاردىن خالىي بولىدۇ. سۇغا سېلىنسا تېز ئېرىيدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى كۆك بولىدۇ. بۇ سۈپەت جەھەتتە ئالدىنقىسىدىن ناچارراق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۈچلۈك خورسەن قىلغۇچى، خەفەقان، بىھوشلۇققا داۋا بولغۇچى، خىلىتلارنىڭ زەھىرىنى تۈگەتكۈچى، بۇزۇلغان خىلىتلاردىن بولغان ۋابا خاراكتېرلىك تەپكە شىپا بولغۇچىدۇر. قالغان تەسىرلىرى گۈل مەختۇمنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك ۋە ياخشىراقتۇر. لاي يېيىشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ ئىراق، ئەرەب ئاياللىرى ئۇنىڭ زىيىنى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن يەيدۇ، ئەمما توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، رەڭگىرويىنى بۇزىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** يۇيۇش ۋە قورۇشتۇر.

## تىينۇد دەقۇقىي
(گىل دەقۇقىي، دەقۇقىي لېيى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، ھەلەب شەھىرىنىڭ دەقىقى ناھىيەسىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. كۆك، ناھايىتى قۇرۇق، بەزىلىرى ئاق، يېنىك، سىلىق، قۇم ۋە شېغىل تاشلاردىن خالىي بولىدۇ. سۇغا سالسا تېز ئېرىيدۇ، بۇ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى ۋە ئاز مىقداردا ھارارىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا، مەلھەم قىلسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇلسا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، قورۇيدۇ، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، مۇرەككەپ ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بەدەن ۋە چاچنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. لاي يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئاياللار كۆپ ھاللاردا خۇراساننىڭ لېيىنى يېگەننىڭ ئورنىغا بۇ لاينى يەيدۇ، ئەمما توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، رەڭگىرويىنى بۇزىدۇ. ئاز مىقداردىكى ھارارىتى بىلەن قاننى بۇزىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** يۇيۇپ قورۇش ۋە ئۈستىدىن رۇمبەدىيان ئىستېمال قىلىشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاتلىق نەرسە ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

## تىينۇر رۇمىي
(رىم لېيى، گىل رۇمى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، يېرىم قىزىل، بەزىلىرى كۆككە مايىل ئاق، خۇش

يۇراق بولىدۇ. ئۇ قۇبرۇس لىپىي (تىينى قۇبرۇسى، گىل قۇبرۇسى)نىڭ بىر تۈرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر. كاسىنە سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسا قاپاقنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئىششىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كۆزنىڭ قانىشىنى چەكلەيدۇ. باشقا تەسىرلىرى گىل ئەرمىنىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## تىينى شامۇس

(شامۇس لىپىي، گىل شامۇس)

ئۇ «تىينى شامىيس» (شامىيس لىپىي)، «كەۋكەبۇل ئەرز» (يەر يۇلتۇزى)، «كەۋكەبى شامۇس» (شامۇس يۇلتۇزى)دەپ، سۇريانچە «چەشما شامۇس»، رىمچە «فەلاغا سامىس»، يۇنانچە «ئەبۇ بەرتىس»، پارسچە «گىلى سەفىد» (ئاق لاي، ئاق گىل) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئاق، قات ـ قات بولۇپ، سەل پارقىراق بولىدۇ. دۇغ بولۇپ، بىلەي تېشىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر خىلى قايماق رەڭدە، قات ـ قات، يۇمشاق، چۇرۇك بولۇپ، سۇغا سالسا تېز ئېرىيدۇ، ئۇ يۇنانچە «ئەستىرا»، يەنى يۇلتۇز دەپ، پارسچە «ئەبرەك» دەپ، ھىندىچە «كەھرى مىتتى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىلى ناھايىتى ئاق، يۇمشاق، يەڭگىل بولۇپ، تىلغا تەگكۈزسە چاپلىشىدۇ، ئاسان سۇنىدۇ، سۇدا تېز ئېرىيدۇ، بۇ ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنتاكىينىڭ سۆزىچە ئىككىنچى خىلى ھەممىدىن ياخشى بولۇپ، قۇبرۇس ۋە سەقالىيە دېگەن يەرلەردىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، يۇيۇپ قۇرۇتۇلغىنى نازۇكراقتۇر. ئىبنى سىنانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ھاۋاغا مەنسۇپ قىسىملىرى گىل مەختۇمنىڭ ھاۋاغا مەنسۇپ تەركىبلىرىدىن ئارتۇقراق ۋە ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇيۇلغىنىدىن بەش گىرام ئېلىپ ئانارگۈل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ۋە مەلھەم قىلسا توختىمىغان ھەيزنى ۋە تەرنى توختىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. ئالتە گىرامى سۇ ۋە ئاز مىقداردىكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىسىنى تېز ساقايتىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئالتە گىرامى ئازراق شاراب، كۆپرەك سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەمچەك، قولاق

ئاستى، قۇلتۇق، يىرىڭلىق ئۇخشاش يۇمشاق ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭغا پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ھۆقنە تەييارلاپ مائۇلھەسەل ۋە تۇز سۈيى بىلەن ھۆقنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىلسە تولغان ۋە ئۇچەينىڭ سىيرىلغان يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سۇ ۋە گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئەمچەك ئىششىقى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھاشارات چاققاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، باشقا تەسىرلىرى گۈل مەختۇمنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

## تىينى سۇفىي ھەمىد

(سۇفىي ھەمىد لېيى، گىل سۇفى ھەمىد)

**ماھىيتى:** ئۇ ئاق رەڭلىك، خۇش پۇراق بىر خىل لاي بولۇپ، شىرۋان شەھەرلىرىنىڭ سوفى ھەمىد دېگەن يېرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ۋە مەلھەم قىلىسا زىيانداش ھاشارات ۋە يىلانىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، زىيىننى يوقىتىدۇ. ئۆزى بىلەن ساقلانسىمۇ تەسىر قىلىدۇ. باشقا تەسىرلىرى تىينى قۇبرۇسىي (قۇبرۇس لېيى)نىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

## تىينۇل پارسىي

(پارس لېيى، گىل پارسى)

ئۇ «گىلى شىيرازىي» (شىراز لېيى)، «گىلى سەر شوي» (باش يۇيۇلىدىغان لاي) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، سېرىققا مايىل ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى گىلى ھۇررى ئىسپانىي، يەنە بەزىلەر گىلى نىشاپۇرى (نىشاپۇر لېيى)، يەنە بەزىلەر گىلى خۇراسانىي (خۇراسان لېيى) دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكە، دوۋساققا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىسقۇچپاقا سۈيى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# تىينۇل قىيمۇلىيا

(قىيمۇلىيا لېيى، گىل قىيمۇلىيا)

ئۇ «ھەجەرى رۇخام» (مەرمەر تاش) دەپ، ھىندىچە «كېھرى مىتتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىستاندا باللار ئۇنى خەت مەشىق قىلىش تاختىسىغا سۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ئاق، پارقىراق، خۇش پۇراق بولىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن كافۇرنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن. ئىككىنچى خىلى بىنەپشە رەڭگە مايىل، مايلىق، شىلىمشىق بولىدۇ. پېتىر بولۇپ، سۇدا تېز ئېرىمەيدۇ. ئەندەلۇس ۋە ئەرمىنىيە شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ ئىككى تۈرى ياخشى بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى قارا بولۇپ، ئەندەلۇستىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ ھەممىسىنىڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەغدادىي: «ئانام ماڭا قىيمۇلىيا لېيى پىلپىلنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدۇ دېگەن، بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم دېمىگەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭدا ئىككى خىل قۇۋۋەت باردۇر، بىرى سوۋۇتقۇچى قۇۋۋەت، يەنە بىرى تارقاتقۇچى ئىسسىق قۇۋۋەتتۇر. يۇيۇلسا تارقاتقۇچى ئىسسىق قۇۋۋىتى يوقىلىپ كېتىدۇ. ساپ، ئاق، قاتتىق، شىلىمشىق، پېتىر بولغىنى ۋە سۇدا ئاسان ئېرىمەيدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈپ قۇۋۋەتلىگۈچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولغۇچى، قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولغۇچى، مەقئەتنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتكۈچىدۇر. مەلھەم قىلسا كۆز كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. ئوت كۆيۈك يارىسىغا چېپىلسا سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يالغۇز چېپىلسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ، تاشمىلارنى، بولۇپمۇ باللار ۋە ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تاشمىلارنى ساقايتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈركىسە ئاشقازان ئاستى ئىششىقى ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. گەرچە لايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىششىق تارقىتىش رولى بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بۇ رولى ھەممىسىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنى ساقىيىشى تەس بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. باشقا تەسىرلىرى شامۇس لېيى (گىل شامۇس) نىڭ تەسىرلىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تىينى مىسرىي (گىل مىسرىي، مىسىر لېيى) دۇر.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى «ئۇ يەزىد تاغلىرىدا پەيدا بولىدۇ، ئايالالار يۈزىنى پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلەتسە يۈزلىرىنى تازىلايدۇ» دەپ يازغان.

## تىينى قەبەرسى
(قەبەرسى لىپى، گىل قەبەرسى)

ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، قىزىل، چاپلاشقاق، خۇش پۇراق بولىدۇ، تىلغا چاپلىشىدۇ، سۇندۇرسا ئىچىدىن سېرىق تومۇرسىمان نەرسىلەر چىقىدۇ، قولغا سۈركىسە قولنى قىزىل بويايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، نورمال قورۇش قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ياكى ھۆقنە قىلسا ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي، جىگەر زەخمىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۈچ گىرامى سوغۇق سۇ بىلەن ياكى قايناق سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچكى ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئەزالاردىكى سۇنۇق ۋە سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملەرنى ئوڭشايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەممە تەسىرىدە گىل مەختۇم ئورۇنباسار بولىدۇ.

## تىينۇل كەرمى
(تال لىپى، گىل كەرمى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، سۈرىيەدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. قارا، بەتبۇي بولۇپ، پۇرىقى كۆمۈرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارىغاي ياغىچىدىن ئېلىنىدىكەن. باھار پەسلىنىڭ بېشىدا ئۈزۈم تېلى ئۆسۈشكە باشلىغاندا مەزكۇر لاينى ئۇنىڭغا سۈركىسە، ئۇنى تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تال لىپى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆل رەڭ بولغىنى ناچىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇ كىرپىك ئۆستۈرىدىغان دورىلارغا قوشۇلۇپ كۆزگە، داغ يوقىتىدىغان ۋە قىچىشقاقا پايدا قىلىدىغان دورىلارغا قوشۇلۇپ يۈزگە سۈركىلىدۇ. چۈنكى ئۇ قىچىشقاقنىڭ دورىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارنىڭ قانىشىغا داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلسا چىيقان ۋە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

# تىنۇل مەختۇم
(گىل مەختۇم)

ماھىيىتى: جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىزىل رەڭلىك بىر خىل لاي بولۇپ، مەغرىب دېڭىزىنىڭ ئاراللىرىدىن بولغان مەلىيۇن ئارىلىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. ئۇ يەردە بىر ئابىدىنىڭ «ئەرتامىس» ئابىدقا تەۋە ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. ئۇ يەرنى بىر ئايال ساقلايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا خادىم ۋە ساقلىغۇچى يوق ئىكەن. ئۇ ئايال شۇ يەرگە يېقىن بىر دۆۋىنىڭ تۇپرىقىنى ئىخلاس، ئېتىقاد، ئىززەت ـ ئىكرام، شىپالىق بولۇش نىيىتى ۋە كامالى ھۆرمىتى بىلەن ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىپ، باشقا لايلارنى يۇيۇش قائىدىسى بويىچە يۇيۇپ قۇرسلارنى ياساپ، ئۈستىگە مەزكۇر ئابىدەنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ سايىدا قۇرۇتۇپ، يۇنان ۋە رىم پادىشاھلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لاي ئاستا ـ ئاستا تونۇلغان ئىكەن. مەزكۇر ئېگىزلىكتە ھېچ دەرەخ يوق ئىكەن، پەقەت ساپ تۇپراقلار بار ئىكەن. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئېگىزلىك تۇپرىقىغا يۇغاندىن كېيىن تاغ ئۆچكىسىنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، مەزكۇر ئابىدەنىڭ مۆھۈرى بېسىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر ئارالدا ئۆچكىنى قۇربانلىق قىلىش نامىدا پەقەت شۇ ئېگىزلىك ئۈستىدە بوغۇزلاش ئادىتى بار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىنىڭ تۇپرىقى قىزىل، باشقا جايلارنىڭ تۇپرىقىدىن ياخشىراق بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۆۋىنىڭ تۇپرىقى سېرىققا مايىل بولۇپ، كۆيدۈرۈشچانلىققا ئىگە ئىكەن، ئەمما بۇ ئارالنىڭ مەزكۇر ئىبادەتخانىدىن يىراق بولغان باشقا يەرلىرىنىڭ تۇپرىقىنىڭ ئۇنداق خاسىيىتى يوق ئىكەن. رەڭگى سۇس، ئاققا مايىل، جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن يۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىلەن كىيىملەرنى يۇيىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر ئارالنى سۇ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىي گىل مەختۇم تېپىلمايدىكەن، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا گىل ئەرمىنى ياكى باشقا لايلارنى ئۇنىڭ شەكلىدە تەييارلاپ ئىشلىتىدىكەن. ئەمما تەتقىق قىلىنىشىچە ئۇنداق ئەمەستۇر، بەلكى مەزكۇر ئارال غەرق بولۇپ كەتمىگەن، بەلكى ھېلىمۇ بار بولۇپ، ئۇ يەردىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە مىررىيخ يۇلتۇزى شەكلىدە قۇرسلار ياسىلىپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭ ناھايىتى قىزىل، مايىلىق، سىلىق، ئىچى ـ تېشى بىر خىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ، تىلغا تەگكۈزۈلسە چاپلىشىدۇ، پۇرىقى سېرىقچېچەك پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. يېڭى جاراھەتكە سېپىلسە قېنىنى دەرھال توختىتىدۇ. ئۇنىڭ سىرتى قىزىل، ئىچى ئاق بولۇپ، سېرىقچېچەك پۇرىقى كەلمەيدىغىنى، قاننى دەرھال توختىتالمايدىغىنى ياخشى

ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار. ئىبن سىنا ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ھۆللۈك جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى غالىبتۇر، دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، چاپلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى، زەھەرلەرگە قارشى تۇرغۇچى، تومۇر ئېغىزلىرى ۋە زەھەر يوللىرىنى قورۇش تەسىرى بىلەن ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، چاپلاشتۇرۇشى، توختىتىشى، قورۇشى ۋە زەھەر قايتۇرۇشى بىلەن زەھەرلەرنىڭ زىيىنىنى يوقاتقۇچى، قان تۈكۈرۈش، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارنىڭ قانىشىغا شىپا بولغۇچىدۇر. يالغۇز ياكى كەتىرا بىلەن ئىشلىتىلسە ئۆپكە، گال، ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي زەخمىسى ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. قان بۇزۇلۇش، ئىسسىقتىن بولغان يۇقۇملۇق تەپلەر، چۈما كېسەللىكلىرى، قانلىق ۋە سەپرالىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئىلگىرى ياكى كېيىن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشارات، بۇزۇق ھاۋا ۋە سۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىلگەن ۋە ئالا كۈلۈك، دېڭىز توشقىنى، ئەفئا يىلىنى، غالجىر ئىت قاتارلىقلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى شاراب، ئىلمان سۇ، سېرىقچېچەك بىلەن ئىچىپ قەي قىلسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تىينى شامۇس (شامۇس لېيى، گىل شامۇس) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە ھۆقنە قىلسا تولغاق ۋە ئۈچەي يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل ياكى شاراب بىلەن مەلھەم قىلىنىسمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. كۆيۈشنى پەسەيتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كونا ـ يېڭى يارىلار، چىرىگەن يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇقىنى تۇتتۇرىدۇ. ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملەرگە پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەلھىمىنىڭ ئۈستىگە قەنتەرىيۇن يوپۇرمىقى، ياۋا كۈدە يوپۇرمىقى، ياۋا سامساق يوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدەك مۇناسىپ نازۇك يوپۇرماقلارنىڭ مەلھىمى چېپىلىشى لازىم. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا يىلان، ئەفئا يىلىنى، غالجىر ئىتقا ئوخشاش زىيانداش ھايۋانلارنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كونا ـ يېڭى يارىلارغا سەپسە، ئۇنىڭدىن ئاقىدىغان قان ـ يىرىڭلارنى تېزلا تۈگىتىپ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمى ۋە سەپمىسى كېسەللىكنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، يەرلىك ئورۇننىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىشى، بەلكى ئارتۇقراق ئىشلىتىلىشى لازىم. ئۇ كېسەللىك ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئاق شاراب، قىزىل شاراب، تاتلىق شاراب، ئاچچىق شاراب، مۇسەللەس، ئۈزۈم شىرىسى، ھەسەل، كونا ئۆتكۈر ئۈزۈم سىركىسى ياكى سىركەنجىۋىللەردىن مۇناسىپ بولغىنى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. زەھەر ئىچىش ياكى زەھەرلىك

ھايۋان چىقىشتىن ئاۋۋال ئىستېمال قىلىنسا زەرەر يەتكۈزۈشىدىن ساقلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

(2) تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** گىل داغىستانى (داغىستان لېيى) بولۇپ، مەزكۇر تەسىرلىرى ئۇنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا گىل ئەرمىنى ئورۇنباساردۇر. مەلھەملەردە گىل مۇغرە (تېينى مۇغرە) دۇر.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق نەقىل قىلغان: «بىر ياشلىق بالا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىن بولغان دىيگ بەر دىيگ دېگەن دورىدىن 10 گىرام يېگەن ئىدى، شۇ زامان گىل مەختۇمدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئانىسىنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈۋېدىم، قۇسۇشقا باشلىدى، ھەممىنى قۇسۇۋەتتى. ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەن يەنە بېرىۋېدىم، يەنە قۇستى ۋە شۇ يەردىلا ئىچى سۈرۈپ، مەزكۇر زەھەردىن خالاس بولدى».

بىلگىنكى، لايلارنىڭ ھەممىسى قان ۋە ئىچنى توختاتقۇچىدۇر، پەقەت مۇشۇ لاي ئىچنى سۈرگۈچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پەقەت زەھەرنىلا سۈرىدىكەن، ئىچنى توختىتىش تەسىرى باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

## تىينۇل مىسرىي
### (مىسىر لېيى)

ئۇ يۇنانچە «ئەرتۇياس»، يەنى تېرىلىدىغان يەرنىڭ لېيى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاپتاپ كۆرگەن لاي بولۇپ، ناھايىتى مايلىق، ئاق، سىزىقلىق، ئۆتكۈر بولىدۇ، مىسىردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بەزىلىرى كۆل رەڭ بولىدۇ. ياخشىسى كۆل رەڭلىرى بولۇپ، ناھايىتى يۇمشاق بولىدۇ، مىسقا سۈركەپ سالايە قىلسا زەنگارنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. بەزىدە ئۇنى ئىسپىداجنى يۇغاندەك يۇيۇپ، قۇرس ياساپ قۇرۇتۇلىدۇ. يۇيۇلغىنى يۇمشاقراق بولىدۇ. بەزىدە ئۇنى نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ قاچىغا سېلىپ قاچىنىڭ ئېغىزىنى بېكىتىپ چوغ ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا كۆل رەڭ قارا بولۇپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى، چاپلاشتۇرغۇچىدۇر. قانلىق ئىچ سۈرۈش، ئىستىسقا، تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كونا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ.

سىركە بىلەن مەلھەم قىلىسا ياكى يالغۇز ئىشلىتىلىسمۇ پايدا قىلىدۇ. ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## تىينۇل جەزىيرەتۇل مەستەكىي
(مەستىكى ئارىلى لېيى)

ئۇ «تىينۇل كۇيۇس»، «ھەيا»، «ھەيۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى مەستىكى ئارىلى دېگەن بولىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، نېپىز، قات ـ قات بولىدۇ. پارچىلىرى ئوخشىمىغان شەكىللەردە بولىدىغان بولۇپ، مەستىكى ئارىلىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. كۇل رەڭگە مايىل ئاق، ئاسان سۇنىدىغان، سۇدا تېز ئېرىيدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۇچى، باشقا لايلارنىڭ ئەكسىچە تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قاننى تېرە يۈزىگە تارتىپ رەڭگىرويىنى چىرايلىقلاشتۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ سەپكۇننى يوقىتىش، بەدەننىڭ كىرلىرىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئاياللار يۈزلىرىنى پارقىرىتىش ئۇچۇن مۇنچىدا ئۇنى يۈزلىرىگە سۈركەيدۇ. يۈز مايلىرىنىڭ تەركىبىگە قوشىدۇ. ئوت كۆيۈك يارىسىنىڭ يارىلاشقان ئاخىرقى مەزگىلىدە پايدا قىلىدۇ.

## تىينى مەدىينە
(مەدىنە لېيى)

رەسۇلىللا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە شەھىرىنىڭ مەزكۇر زاتنىڭ مۇبارەك قەبرىسىنىڭ لېيىغا ئوخشاش لاي بولۇپ، كېسەللىككە شىپالىق ئىزدەش مەقسىتىدە دۇئا ۋە شەرتلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تىينۇل مۇلتانىي
(مۇلتان لېيى، گىل مۇلتانىي)

ئۇ بىر خىل لاي بولۇپ، قات ـ قات، رەڭگى قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەرنىڭ ئارىلىقىدا، سەل قاتتىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلىسا جۇلا بېرىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. شاھجاھان ئابادتا باللار ئۇنى مەشىق دەپتىرى ئۇستىگە سۈركەيدۇ.

# تەيھۇج
## (قۇر)

ئۇ پارسچە «تەيھۇ» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. كۆپلۈك شەكلى «تەياھىيج» بولىدۇ. پارسچە «فەرفۇر» مۇ دېيىلىدۇ. ئەندەلۇستا «زەرىيس»، «زەبەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ تاغدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، كەكلىكتىن كىچىكرەك بولىدۇ، رەڭگى ئۇنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ، قۇيرۇقىنىڭ ئاستى ئاق ئارىلاشقان قارا ئالا بولىدۇ. ياخشىسى سېمىز، ياش، ئاۋات يەرلەرگە يېقىن ياشىغانلىرىدۇر.

رازىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كەكلىك چوڭلۇقىدا، بوينى ۋە تۇمشۇقى قىزىل بولغان بىر خىل قۇش ئىكەن.

ئۇنىڭ تەبىئىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كەكلىككە ئوخشايدۇ. ئۇ كېسەلدىن يېڭى قوپقانلار ۋە ئۈچىيى ئاجىزلارغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

# ئون يەتتىنچى باب
# «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەبىي
(كىيىك)

ئۇ كىيىكنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، «غ» (غەين) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «غەزال» (كىيىك) ماۋزۇسىدا ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايان

### زۇفرە
(تىرناق گۈل)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئۇ «تەستۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پارس شەھەرلىرىدىن بولغان، پارسچە «شوستەر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان تەستۇر شەھىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇ پارسچە «ئەلەفەك داغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل نازۇك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، تاملارغىمۇ يامىشىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يۇمشاق، يوپۇرمىقى يۇملاق، سىرتى يېشىل، ئىچى قارامتۇل قىزىل، تىرناق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. چوڭلىرىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى قوتولىدۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن قىسقىراق ئۇزۇنلۇقتىكى ناھايىتى ئىنچىكە غوللار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىدا سېرىق، كۆك رەڭ گۈلى بولىدۇ. يىلتىزى ئاق چېكىتلىك قارا بولىدۇ. ئىچى ئاق بولۇپ، بىر بارماق ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر، گۆشلەرنى يېگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. زىمات قىلسا ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، سۆگەلنى چۈشۈرىدۇ، ئاقمىلار، يەل يارىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ دىيگ بەر دىيگ دېگەن دورىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

## زەفرۇل قىت
(مۈشۈك تىرنىقى ئوتى)

ئۇ «فەلۇمايىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ماراكەشچە نامىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قۇرۇقلۇقتا، يەنە بىرى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. بۇ «شەجەرەئى ئەبى مالىك» (ئەبى مالىك دەرىخى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى. جالىنۇس ئۇنى تىلغا ئالمىغان.

ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغىنى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تۆت قىرلىق بولىدۇ، باقىلەنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولىدا بېشى ئەگرى ئۆسكەن، بىر ـ بىرىگە تۇتاش غىلاپلار بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى، يىلتىزى ئىرىسا دېيىلىدىغان ياۋا كۆك سەۋسەن گۈلىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچىدۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيى ئىچىلسە، سېپىلسە ياكى سۈركىسە بۇرۇن قاناش، قان تۈكۈرۈش، ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇ، بۇۋاسىر قاناشلاغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

**زىيەنلىق تەسىرى:** تۆۋەنكى ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاقاقىيا.

## زەفرۇل قەتەۋرا
(قەتۇرا تىرنىقى ئوتى)

بۇ سۇريانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل

بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، چاچقا ئوخشايدۇ، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. قۇملۇق، تاغلىق يەرلەردە ۋە دېڭىز ساھىللىرىدا كۆپرەك ئۆسىدۇ. ياۋىسىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، ياغاچلاشقان، پوستى يۇمران بولىدۇ. غولى قىزىل، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، يېرىمى يەر ئۇستىدە تۇرىدۇ، قالغان يېرىمى يەرگە ماڭىدۇ. غولىنىڭ يەر ئۇستىدىكى قىسمىنىڭ پوستى قارا، يەر ئاستى قىسمىنىڭ پوستى قىزىل بولىدۇ. يىلتىزىدىن تارقاق شاخلار ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شىھ ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، بىر - بىرىدىن يىراق، ئىنچىكە يوپۇرماقلار ئۆسىدۇ. گۈلى ئاناغالىس ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشاش، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى ھىيۇفارىقۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى قىشتىمۇ قۇرۇپ قالمايدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا، ئۇچەي يارىسى، ئۇچەي زەخىمىسىگە پايدا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا، شۇنداقلا سېپىلسە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

## پەسىل: (زۇۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زىلىف
(تۇياق)

ئۇ پارسچە «زەنگىلە»، «كەفەشەك» دەپ ئاتىلىدۇ. «سۇم» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مەشھۇر بولۇپ، بۇ سۆز ئەسلىدە «سەنەب» بولۇپ، كېيىن «سۇم» بولۇپ قالغان. رىمچە «ئەكىيدۇن»، ھىندىچە «كۇھر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەزلاف»دۇر. پارسلار ئارىسىدا تۇياق دېگەن مەنىدىكى «سۇم» دېگەن ئاتالغۇ مەشھۇر بولغان. بەزىلەر «سۇم» دېگەن بۇ سۆز ئاچا تۇياقنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تۇياق پارسچە «بەشەك» دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن.

ماھىيىتى: تونۇشلۇقتۇر. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئالدى - كەينى پۇتلىرىنىڭ ئالىقىنىدا ئۆسىدىغان قاتتىق كۆمۈرچەكسىمان ماددىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېرىلغان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەربىر ھايۋاننىڭ تۇيىقىنىڭ تەسىرى شۇ ھايۋان

توغرىسىدىكى ماۋزۇدا بايان قىلىنىدى ۋە قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقى زەرداب سۈنى سۈرىدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن زىمات قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چىقىشىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا نۇقرەس ۋە بوغۇملار ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۆچكىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەيبان
(ياۋا يەسمەن)

ئۇ پارسچە «يەسمەن بەررىي» (ياۋا يەسمەن) دەپ ئاتىلىدۇ. «ياسى سەفىيد» دېگەن ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت. ئەندەلۇس تىلىدا ئاتەش ئوتى دېگەن مەنىدە «بەرىيدى فىرقە» دەپ، بەربەرچە «ئەبرىير» دەپ، ھىندىچە «جوھى»، «جاھى»، «جەنگەلى چەنبىيلى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۆللەر، دۆۋە ئۆستىلىرىدە دولانە بىلەن بىرگە ئۆسىدۇ، ئۇنىڭغا يامىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۇرىقى بۇرۇننى قانىتىدىكەن. ئۇنىڭ مەغرىبتىن چىقىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، ئۆشبەئى مەغرىبىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «غ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يۆگىمەچ ئوتقا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قاتتىقراق، شاخلىرى پۇرلەشكەن بولىدۇ. گۈلى ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئۇنىڭ تىكەنلىك بىر تۈرى بار بولۇپ، قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىگە ئوخشايدۇ. گۈلى يەرلىك يەسمەن گۈلىدىن كۆپ كىچىك، يىلتىزى قارا، ئىنچىكە، شاخلىق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ. تەسىرى قارا خەربەقنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى قارا خەربەق دەپ ئويلىغان. بەزىلەر زەيبان ئۆسۈملۈكىنى باشقا سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىگەن. توغرىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** يىلتىزى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق، قارا خەربەقتىن قۇرۇقراق، قالغان قىسىملىرى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچىدۇر. باش، پەي، كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى: گۈلىنى پۇرىسا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. يىلتىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ 30

مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنسا، پالەچ، لەقۋا، كونا ئىستىرخا، كونا يۆتەل ۋە زىققە نەپەسكە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە دان چوكىلۇقىدا ئېلىپ بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتسا باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرەككەپ يېغى ئىستىرخا، پالەچ، لەقۋا ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، كاناي ئىششىقى، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسسىق بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزى قاينىتىلغان يېغىمۇ يۇقىرىقى تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

ئېغىز ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى بىلەن شېخىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ سۇيىدە ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. شۇنداقلا ھەمىشىباھار سۈيى بىلەن ئىچىلسىمۇ قۇستۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن شېخىنىڭ سۈيىمۇ قۇستۇرىدۇ. 10 گىرام يىلتىزىنى باراۋەر مىقداردىكى بىستىپايەج ۋە باراۋەر مىقداردىكى مۇقەل ئەزرەق بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ، بەلغەم بىلەن سەۋدانى دەرد ـ ئەلەمسىز سۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئون قېتىم سۈرىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ 1.5 گىرامىنى سوقۇپ بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، باراۋەر مىقداردىكى ئەپسەنتىن ۋە كەتىرا بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ، بەلغەم بىلەن سەپرانى سۈرىدىكەن، ئەمما خەتەرلىك ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتى قارا خەربەقنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاپ قالىدىكەن.

تېرە كېسەللىكلىرى: تېرىگە مەلھەم قىلسا شەترەنجىگە ئوخشاش تېرىنى كۆيدۈرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا ئاق، قارا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تىينى ئىلكى بىلەن مەلھەم قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەمما مەلھەمنى ئۇزۇن تۇرغۇزماي ئېلىۋېتىش لازىم، بولمىسا تېرىنى زەخىملەيدۇ. ئۇنىڭ يېغىمۇ ئىرقۇننىساغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە قان چىققۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك سۈركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش كېسەللىكىنى بىر قېتىمدىلا ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى: 1.5** گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەش گىرامى قۇستۇرۇش، كۆڭۈلنى غەش قىلىش، قورساقنى قاتتىق ئاغرىتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق بادام يېغى، ياغلىق شورپىلار، لوئابلار ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلاردۇر.

«زەيىيان» ئۆسۈملۈكىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، شاخلىرى قىزىل، گۈلى قىزىلغا مايىل، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. ناچار بولغانلىقتىن ئىشلىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تېرە ۋە تىلنى كۆيدۈرىدۇ، بەدەن تېرىسىنى كېپەكلەشتۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يۇنانچە «قەلىيماتىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئون سەككىزىنچى باب
# «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ئ» (ئەيىن) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئاقىرقىرھا
(ئاقىرقەرھا)

ئۇ ھىندىچە «ئەكىركەرە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نەبتچە سۆز ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئەقر» ، «تەقرىيە» (يارا قىلىش) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ يارىلاندۇرۇش تەسىرى بار ئىكەن.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ماراكەش، ھىندىستاندا كۆپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللىرى مىسىردا «كەركاش» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق گۈللۈك چوڭ بابۇنىگە ئوخشايدۇ. پەقەت ئاقىرقەرھانىڭ شاخلىرى تۈكلۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. كۆپلىگەن شاخلار بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا بابۇنىنىڭ غوزىكىگە ئوخشاش يۇمىلاق غوزەكلەر بولىدۇ. گۈلى تولۇق قىزىل بولىدۇ. بابۇنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى تىك، گۈل بەرگىلىرى ئاق بولىدۇ. يىلتىزى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، بارماق توملۇقىدا، ئۆتكۈر تەملىك، كۆيدۈرگۈچى بولىدۇ.

دىسقۇرىدۇس مۇنداق دېگەن: «ئۇ يۇنانچە ئاقىرقەرھا دېگەن مەنىدە ‹فوريۇن› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى شەيب ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، گۈل تاجىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. گۈلى سېرىق، چاچسىمان، چىشلىق بولىدۇ، بۇ يەنە شامدا ‹بەردە› دەپ ئاتىلىدىغان ۋادىنىڭ بېشىدا ئۆسىدىغان، ‹ئۇدۇل قەرىيە جەبەلىي› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ياغاچنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ مېۋىسىنى مەن كۆرگەن. يىلتىزى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، بارماق توملۇقىدا بولۇپ، بەزى تەسىرلىرى بىلەن ئاقىرقەرھانىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ.»

ئەنتاكىي: «ئاقىرقەرھانىڭ بەزىسى مەغرىبتا ئۆسىدىغان بولۇپ، سۈپىتى شەيخ ئىبنى

بەيتار بايان قىلغاندەك بولۇپ، ئالدىدا بايان قىلىندى. بەزىلىرى شامدا ئۆسىدىغان بولۇپ، «ئۇدۇل قەرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تاغدا ئۆسىدىغان تەرخۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ يەنە دىسقۇرىدۇس بايان قىلغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ.

بىلگىنكى، ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى سۆزلەر ئىچىدە دەسلەپتە بايان قىلىنغىنى توغرىراقتۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ، قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، تىلنى كۆيدۈرىدىغان، بارماق تومۇقىدا، ئېغىر بولغان، سۇندۇرۇلسا ئىچى ئاق چىقىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ماراكەشتە ئۆسكىنى ھىندىستاندا ئۆسكىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن تۆتىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. شامدا ئۆسكىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر سوغۇق دەپ خىيال قىلغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، مېڭە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلىغۇچىدۇر. بەلغەملەرنى تەنقىيە قىلىدۇ. لەقۋا، پالەچ، رەئشە، تەشەننۇج، ئىستىرخا، كېكەچلىك، كۆكرەك ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. سوغۇق مىزاجلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بەلغەمنى سۈرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ھەيدەيدۇ. تەپلەر ۋە باشقىلارغا زىمات قىلسا پايدا قىلىدۇ.

باش، بوغۇملار، پەي، ئېغىز ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركىسە تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، كونا ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى كىچىك بالىنىڭ لىپىلدىقىغا سەپسە ۋە ئۇۋۇلىسا مېڭىنى قىزىتىدۇ، نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ تەكرار چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قويۇق خىلتتىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ چاينالسا، بولۇپمۇ مەستىكى ياكى زۇپتى بىلەن چاينىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى بۇرۇنغا پۈركىسە دىماقنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنى گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، بەلغەمدىن بولغان قاتتىق باش ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنى سىركىگە چىلاپ ئاغرىغان چىشقا قويسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاينىسا ياكى تىلنىڭ ئاستىغا سەپسە ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈپ كېكەچلىكنى ئوڭشايدۇ. قايناتمىسى ئېغىزدا ساقلانسا مىدىرلىغان چىشنى چىڭىتىدۇ. سىركە بىلەن قايناتسا سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا ياكى غار ـ غار قىلسا بوغما كېسەل، كىچىك تىل ئۈزىراپ قېلىش، كىچىك تىلنىڭ بەلغەمدىن بوشىشىغا پايدا قىلىدۇ. سالايە قىلىنغىنىنى بەدەنگە سۈركىسە تەرلىتىدۇ.

ئاقىرقەرھا يالغۇز ياكى ئۇد سەلىب بىلەن بىرگە كىچىك باللارغا ئىسىپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ تۇتقاق كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. ئەگەر بىر خىل رەڭلىك ئىتنىڭ مويى بىلەن ئىسىپ قويۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئاشقازان، باھ ئاجىزلىقى، تەپ ۋە باشقىلار: ئۇنى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلسا ئۆپكىنى تازىلاپ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى توختىتىدۇ. ئاشقازاندىكى بەلغەمنى تازىلايدۇ. ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. تەپ ۋە بەزگەك تۇتۇشتىن بۇرۇن زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈركىسە بەزگەكنى يوقىتىدۇ. تەرلىتىدۇ، ئەزالارنىڭ تەرلىشىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى جىمادىن ئىلگىرى زەكەرگە سۈركىسە چىڭىتىدۇ، جىما شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ، جىما لەززىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەنىينىڭ تېز كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ مەنىينى تېز كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەلھەم قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى باقىلە ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ خالتىنىڭ ئىچىگە يۇقتۇرۇپ، زەكەر بىلەن ئۇرۇقدانىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ تولۇق بىر كۈن تۇرغۇزسا، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇرۇقدىنى زىيادە سوغۇق بولغان كىشىلەرنىڭ جىما قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنى تامغاق ۋە ئېغىزغا سۈركىسە ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئويۇنچىلار ئىشلىتىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ خېمىردەك يۇمشىغاندا قۇرت يېگەن چىشقا قويسا قۇرتنى يوقىتىدۇ.

**زىيىنى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، قۇرۇق ئۈزۈم.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** جىگەر كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پىلپىل، ھەسەل. ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن راسەن. ئەگەر مەزكۇر ئىككى خىل دورا تېپىلمىسا يېرىم ھەسسە زەنجىۋىل ياكى پىلپىل ئورۇنباسار بولىدۇ. غار - غارلاردا ئۇنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسىچىلىك مىقداردا تاغ پىننىسى، گال ئاغرىقلىرى ئۈچۈن قاقىلە ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيىدىن تەييارلانغان ياكى قۇرۇقىنىڭ 30 گىرامىنى سوقۇپ 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ، 30 گىرامى قالغاندا سىقىپ پەسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك مىقداردا زەيتۇن يېغى قوشۇپ، سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ، تەييارلانغان يېغى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تەرلەتكۈچى، سوغۇقتىن بولغان تەپ ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولغۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر، بۇ مەقسەتكە يېتىش

ئۇچۇن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ياغلىنىدۇ. ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا باش ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىق مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## ئاج
(پىل چىشى)

ئۇ پىلنىڭ چىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللا خالىسا پىل ھەققىدىكى ماۋزۇدا بايان قىلىنىدۇ.

ئومۇمىي تەسىرى شۇكى، ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن 2.5 ~ 5 گىرامغىچە ئېلىپ سالايە قىلىپ، شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدار بولىدۇ.

## ئاقۇل
(تۆگە تىكىنى)

ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «شەۋكەتۇل جەمال» (تۆگە تىكىنى) ئىكەن.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى ئوچلۇق تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى ئاق، سېرىق، ئوتتۇرا ھال رەڭلەردە بولىدىغان بولۇپ، چاچنىڭ تاللىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشاش يۇملاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئىستېمال قىلىنسا، ئىسرىق سېلىنسا ياكى مەلھەم قىلىنسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىنى مەلھەم قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈيى كېڭەيگۈچى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزىلغا سۈركىسە ئىششىقنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا.

**ئۇرۇنباسارى:** بېدە. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىننىڭ يېزىشىچە، پارسچە «خارى شۇتۇر» (تۆگە تىكىنى) دەپ ئاتىلىدىغان، خوراساندا ئۆستىگە شىرخىست چۈشىدىغان يانتاق ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خەرنۇبنىڭ بىر تۈرى بولغان يەنبۇت ئۆسۈملۈكى ئىكەن.

# پەسل: «ئ» (ئەيىن) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئۇبەيسەران
(ئۇبەيسەرانئوتى)

ئۇ «ئۇبۇسەران»، «ئۇبۇسۇران» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەمەن بىلەن شەجەرى مەريەم (مەريەم دەرىخى)نى كۆرسىتىدىكەن. بەغدادىي «ئۇنى شىھ ئۆسۈملۈكى ياكى قەيسۇم دەپ بىلگەن كىشى خاتالاشقان بولىدۇ، بەلكى ئۇ توپا رەڭگە مايىل، تۈكلۈك، يۇرىقى تىنىق، سۇمبۇل ۋە قوغۇنغا ئوخشاش پۇرايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر» دېگەن. تەفلىيسى «ئۇ يوپۇرمىقى يۇمىلاق بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر» دېگەن. «مۆئتەمەد» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «ئۇ قەيسۇم ئۆسۈملۈكى ئەمەس، بەلكى ئۇ توپا رەڭ، شاخلىرى قەيسۇم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر، مېۋىسى سېرىق بولۇپ، ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىگە ئوخشايدۇ، سۇمبۇلغا ئوخشاش خۇش پۇراق پۇرايدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن؛

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئاجىز، سوغۇق، مېڭە، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھەيز ھەيدىگۈچى، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

باش، يۈرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرى: پۈرىسا سوغۇق بۇخاراتلارنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنى تازىلاپ كۈچەيتىدۇ. باش ئاغرىقى، نەزلىلەر، زۇكام، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بەلغەم، ھۆللۈك ۋە سەۋدادىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنىڭ يۈرەك ۋە بالىياتقۇ شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. يۈرەكنىڭ ئاغرىشىغا داۋا بولىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەدەننىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ. سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، كۆزگە ئۆسۈپ قالغان نېپىز پەردىنى يوقىتىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: ئۇنى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەلچە قىلسا سوغۇق بالىياتقۇنى قىزىتىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، ھەرقانچە تۇغماس بولسىمۇ

ھامىلىدارلىقا يارىدەم بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ تۇغماسلىقنى يوقاتقۇچىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەبھەر
(نەرگىس گۈلى)

ئۇ نەرگىس گۈلىدۇر. «مۆئتەمەد» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «زامانىمىزدا ‹شەجەرەئۇل بۇننى› ۋە ‹ئىستەرەك› دېگەن نام بىلەن تونۇشلۇقتۇر» دېگەن. ئۇ «مىئە» دىن ئىبارەت. بۇ دەرەخنىڭ يىلىمى يوق، بەلكى يېغى باردۇر. ئۇ يەنە زەپەرنىڭ ئەرەبچە ئىسمىدۇر. يەنە بىر خىل خۇش پۇراق ياسالمىنىڭ نامى بولۇپ، مۇرەككەپ دورا كىتابلىرى ۋە «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىنىدى.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەسەق
(ئەسەقئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى كەپە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، قېلىن، نەيچىسىمان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچى، كۆيدۈرگۈچىدۇر. قۇرۇتۇلغان ئۆسارىسىنى تەكرار زىمات قىلسا چاچنى ھاكقا ئوخشاش چۈشۈرىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەججە
(تۇخۇم ئېشى)

بۇ تۇخۇم ئېشىنىڭ بىر تۈرىنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، «كوكو» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «خەبىيسۇل بەيز» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى. «قارابادىن كەبىر» دېگەن كىتابنىڭ «بەيز» (تۇخۇم) ماۋزۇسىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

# پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەدەس

(يېسىسمۇق)

ئۇ پارسچە «نەشەك»، «مەرجۇمەك»، ھىندىچە «مەسۇر»، دەپ ئاتىلىدۇ. يەمەندە «لەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يېيىلىدىغان مەشھۇر دانلاردىن بولۇپ، يۇمىلاق ۋە ياپىلاق بولىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى يۇمىلاقىقا مايىل بولۇپ، كىچىكرەك، ئاچچىق بولىدۇ، ئۇ «بەتەقە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكى ياپىلاقراق، چوڭراق بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ ئارىسىدا قىزىل رەڭلىك كىچىك دانلار بار بولۇپ، ھىندىچە «شوخدانە» دەپ ئاتىلىدۇ. بىنگالدا «ئەكرى» دەپ ئاتىلىدۇ. قايناتسىمۇ پىشمايدىغان بولغاچقا ئايرىۋېتىلىدۇ. يەرلىكىنىڭ دانلىق، پىشۇرۇلسا ئاسان پىشىدىغان، سۇنى قاردىتمايدىغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى خىلى پوستى بىلەن ياكى پوستى ئاقلىنىپ چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە كالا يېغى بىلەن پىشۇرۇلسا لەززەتلىك بولىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىللىككە مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپمۇ بىلگەن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ پوستى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، مېغىزى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قاينىتىپ چىقىرىلغان سۈيى تەرەتنى بوشىتىدۇ، جۇلا بېرىدۇ. مېغىزى، يەنى ئاقلانغىنى قورۇغۇچىدۇر. ياۋىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئارتۇق، يەرلىكىنىڭ قورساقنى ئېسىشى كۆچلۈك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قورساقنى ئەسكۈچىدۇر. تەستە ھەزىم بولىدۇ. سەۋدالىق قان ۋە سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. قورۇيدۇ، قاننىڭ قايىنىشىنى پەسەيتىدۇ. قاننى قويۇلدۇرۇپ تار تومۇرلاردا ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ناچار، قالايمىقان چۈش كۆرۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

كۆز، گال، كۆكرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ئىكىلىملىك ياكى بېھى سۈيى ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنى توسىدۇ، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان تىلما، قىزىل ۋە چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىشلەتسە نەزلىلەرگە داۋا

بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنى سۈركىسە ساڭگىلىغان قاپاقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، چىشلارغا سۈركىسە ئاقارتىدۇ. قايناتمىسىنىڭ سۈيى بىلەن غار - غار قىلسا ئېغىز يارىسى ۋە بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ، بولۇپمۇ شاتۇت قىيامى بىلەن غار - غار قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاقلانغىنىدىن 30 دانە يۇتۇلسا بۇزۇلغان ئاشقازاننى ئىسلاھ قىلىدۇ. سىركە بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى ئەسمەي قۇۋۋەتلەيدۇ. سىركىسىز پىشۇرۇلغىنى ئاشقازاننى ئېسىدۇ. ئۇنى كەرنۇب سۈيى بىلەن زىمات قىلسا ئەمچەك ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ، ئۇيۇپ قالغان سۈتنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا چوڭقۇر يارىلارنى ساقايتىدۇ. پوستى ئاقلانمىغان خېمىنى بىرقانچە مۇرچ بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

تەپلەر: پوستى بىلەن قاينىتىپ ئىشلەتسە چېچەك بىمارلىرىغا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ سىركە ۋە غورا سۈيى بىلەن ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ بىمارلاردىكى تەپ يانغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا قايتىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن زىمات قىلسا بەلباغسىمان قوقاق، كۆيدۈرگە، پۇت يېرىلىشقا داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ سىركە بىلەن پىشۇرۇلغىنىمۇ سوغۇقتىن بولغان يېرىق، چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئاشقازان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئارپا تالقىنى بىلەن زىمات قىلسا نۇقرىسكە پايدا قىلىدۇ.

زىننەت ئەزالىرىغا بولغان تەسىرى: قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلسا تېرىنى تازىلايدۇ، رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقىنى ئوڭشايدۇ.

**زىيىنى:** سەۋدا مىزاجلىقلار، كۆزى، ئاشقازىنى ئاجىزلارغا، قۇلۇنجى، بوۋاسىر ۋە سۈيدۈك قىيىن كېلىشكە زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ. قاننى كۆيدۈرىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. مالىخولىيا، راك، جوزام، قاتتىق ئىششىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقا، قۇلۇنجى، بوۋاسىر پەيدا قىلىدۇ، سىيىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ ۋە تۇتىدۇ. ھەيزنى توختىتىدۇ. بەدەننى قۇرۇتىدۇ. باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. قالايمىقان چۈش كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى كۈنجۈت يېغى، كالا يېغى، بادام يېغى، سىركە ياكى سېمىز گۆش بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى تۇز سېپىلگەن بېلىق بىلەن يېيىش ئەڭ ياماندۇر.

**ئورۇنباسارى:** ماش.

ئۇنىڭ يەرلىكىنى پوستى بىلەن قايىنتىپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى قاتۇرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى ئازايتىدۇ. ياۋىسى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

## ئەدەسۇل مائ
(سۇ يېسىمۇقى)

ئۇ لەشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «تۇھلۇب» (لەش) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەرئەر
(تاغ ئارچىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «سەۋرى كۇھى» (تاغ ئارچىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «رەھەل»، سۇريانچە «سەرۋى بىياجىيلا»، رىمچە «قەرنۇس»، يۇنانچە «سەرۋى سەمارۇن»، «ۋاروس»، «سەرۋى نەمارۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، ئارچىدىن پاكارراق، كىچىكرەك، مېۋىسى يىندۇق چوڭلۇقىدا، سەل تاتلىق بولىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، مېۋىسى باقلە چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرئەر مېۋىسى ئۇبھەل مېۋىسى ئەمەس ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى ئەبھۇل دەپ بىلگەن. بەزىلەر شەمشاد ئۇنىڭدىن يېتىشىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مېۋىسى ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇقتۇر. بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قورۇغۇچى، زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچىدۇر.

كۆكرەك، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، تال كېسەللىكى، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. بۇۋاسىرنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مەنىي، مەزى، ۋەدىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. مۇسكۇللارنىڭ يىرىلىشى، زىيانداش ھاشارات چېقىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەنجۇر شارابى بىلەن ئىستېمال

قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قايناتمىسىدا ئۇلتۇرۇلسا بالىياتقۇنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ. زىمات قىلسا تەر توختىتىدۇ، بەدەننى چىڭىتىدۇ.

**زىيىنى:** ئۆپكىنى يىرىكلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن سەككىز دانە ئېلىپ باشقا تېگىپ قويۇلسا، كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدىكەن.

## ئەرەق
(تەر)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. سۇريانچە «ۋەئىنان»، يۇنانچە «ئوبىيھۇن»، رىمچە «ئوروسىيىس»، پارسچە «خوي»، ھىندىچە «پەسىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ جانلىقلارنىڭ بەدىنىنىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن تەپچىرەپ چىقىدىغان، بولۇپمۇ ھەرىكەت قىلغان، ھاۋا ئىسسىغان ۋە تەرلەتكۈچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغاندا تەپچىرەپ چىقىدىغان سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەدەندىكى غىزادىن پەيدا بولىدىغان سۇيۇق ھالەتتىكى كېرەكسىز ماددا بولۇپ، ئۆتكۈنچى يوللار ۋە تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا ھەيدەپ چىقىرىلىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئىپتىشچە، قاننىڭ ئۆت ھەيدەپ چىقارغان سۇ قىسمى ئىكەن، ئۇلار سۇتىنىمۇ قاننىڭ سۇيۇق قىسمى دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئادەمنىڭ ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تەرى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. ئۇلاغنىڭ تەرى ئىچىلسە رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ، كۆكەرتىدۇ، گالنى بوغىدۇ، زىيادە كۆپ، سىبىسىق تەرلىتىدۇ. ئىلاج قىلىش ئۈچۈن مائۇلھەسەل بىلەن تازىلىنىدۇ، ئارقىدىن ئۇزۇم شىرنىسى، گۈل يېغى، تەرياقى گىل مەختۇم ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، زىراۋەندە بىلەن تاشتۇزنىڭ ھەر بىرىدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ، ئىلمان سۇ بىلەن ئىچىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

## ئەرەق
(ئەرەق)

ئۇ ھۆل ياكى قۇرۇق ئۇرۇقلار، ياغاچلار، گۈللەر ۋە يىلتىزلاردىن مەخسۇس قازان

ئارقىلىق تامچىلىتىپ ئېلىنغان سۇدىن ئىبارەت. ئۇنى تامچىلىتىش ئۇسۇلى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىنىدى. بۇ كىتابنىڭ قارابادىنىدىمۇ ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر مۇناسىۋەتلىك دورىنىڭ ماۋزۇسىدىمۇ ئومۇمىي يوسۇندا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما ئەرەق ئۇچۇچانراق، سىڭىشچانراق بولىدۇ. بەزى ماددىلارغا ئەسلىي ماتېرىيالىغا قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. دارچىن، جوۋنە ۋە سامساققا ئوخشاش ئۆتكۈر ئىسسىق دورىلارنىڭ ئەرەقلىرى كۆپ ئىچىلسە قاننى كۆيدۈرىدۇ، ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا قەنت ئەرقىمۇ شۇ خىل تەسىرگە ئىگىدۇر.

## ئەرەن
### (تۇياق ئۆسۈكچىسى)

ئەرەبلەر ئۇنى «ئەئزەمۇس سەبەق» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئات بىلەن تۆگىنىڭ تۇياقلىرى ۋە تىزلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا ئۆسۈپ قالغان ئۆسۈكچىلەردىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** تۇياقنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش، قۇرۇقلۇقى زىيادىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇياق بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۇياق ھەققىدىكى ماۋزۇدا بايان قىلىنىدى. ئومۇمەن ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ سىركە بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان تۇتقاق كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. سۇ ياكى گۇلاب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەرقانداق زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھىستېرىيە، تۆت كۇندە بىر تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇ ئىكەنكى، تۆت كۇندە بىر تۇتىدىغان تەپكە گىرىپتار بولغان كىشى ئۇنى شىپالىق تېپىش مەقسىتىدە كېسىپ ئالسا تەپ پەسىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدىكەن.

«ئەرەن» دېگەن بۇ سۆز يەنە شام خەلقىنىڭ ئادىتىدە ھۇپارىقۇن ئۇسۇملۇكىنىڭ ئاق تۇرىنىڭ نامى بولۇپ، ئاللا خالىسا «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئۇرۇقۇس سەبباغىين
### (ئوردان)

ئۇ ئوردانىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زەرچىۋە (ئۇرۇقۇس سۇفر) ئىكەن.

# ئۇرۇقۇس سۇفر
(زەرچىۋە)

ئۇ «ھەشىيشەتۇس سەفرا» (سېرىق ئوت)، «ئۇرۇقۇز زەئفەران» (زەپەر يىلتىزى)، «ئۇرۇقۇس سەبباغىين» (بوياقچىلار يىلتىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «ھەردۇ»، «بەقلەتۇل خەتاتىيف» (قارلىغاچ ئوتى)، يۇنانچە «خالدۇنىيۇن»، «خەلدۇنىيۇن»، «تۇماغا»، رىمچە «كالىيدۇنىيۇن»، پارسچە «زەرد چوبە» (سېرىق ياغاچ)، ھىندىچە «ھەلدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ چوڭ، كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. كىچىكى مامىرانچىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «مامىران» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يىلتىزىدىن كۆپ شاخلار ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ھەربىر شاختا چوڭ ـ كىچىكلىكى بانانىڭ ھۆل يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. زورەمباتنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، بىر غېرىچ چوڭلۇقتىكى باشاق ئىچىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ. يىلتىزى سېرىق بولۇپ، يەردىن كولاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن قايىنىتىپ قۇرۇتۇپ، ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھۆلى بەتتەم، بەتبۇي بولۇپ، ئۇچ ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن ياخشىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئارىسىدا بەزى ۋاقىتلاردا زەھەرلىك يىلتىزلارمۇ ئۇچراپ قالىدىكەن. ئۇنداقلىرى قاتتىقراق، قارامتۇل بولىدىكەن، ھىندىچە «ھەلدىيا» دېيىلىدىكەن. ئۇنى تونۇيدىغانلار ئايرىۋېتىپ قالغىنىنى قايىنىتىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ ئارىسىدىن مامىرانچىنىغا ئوخشايدىغانلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدىكەن. «تۆھفەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

ئۇ چىن، ھىندىستان، بېنگال، دۇكەن قاتارلىق ئەللەردە ئۆسىدۇ. يېڭى، رەڭگى چىرايلىق، يېپچىلىرى ئاز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆزنى روشەنلەشتۈرگۈچى، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئىستىسقا، يەرقانغا داۋا بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامىنى ئاق شاراب ۋە باراۋەر مىقداردىكى رۇمبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ۋە چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئازراق قورۇپ ئىلمان ھالەتتە ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە قاپاق قوتۇرى، كۆزگە چۈشكەن نېپىز ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇسارىسى كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. سەپسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ،

ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھىندىستان خەلقى لوڭقا قويۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنى يەرلىك ئورۇنغا سېپىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا بەلباغسىمان قوۋاقنى يوقىتىدۇ. يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەنگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ قان ئالغاندىن كېيىنكى ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ سۈيى سۈركەپ بېرىلسە داغ، بەھەق ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيىنى:** يۈرەككە كۆپ زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لىمون، تۇرۇنجى سۈيى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئوردان، كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن يېرىم ھەسسە مامىرانچىن، باشقىلار ئۈچۈن يېرىم ھەسسە ئاقىرقەرھا.

## پەسىل: «ئ» (ئەيىن) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەسەلۇن نەھل
(ھەسەل)

ئۇ يۇنانچە «مالى»، «ئەلقۇلىيس»، سۇريانچە «ۋىسا»، رىمچە «مالى» پارسچە «ئەنگەبىين»، «شەھد»، ھىندىچە «مەدە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تىلدا «بەھت بەرەس» دېيىلىدۇ. «شەھد» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيتى: تونۇشلۇق بولۇپ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. قىزىل، پارقىراق، خۇشبۇي، قويۇق، خۇشتەم، تەمى بىر خىل بولغان ۋە موم ئارىلاشمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ، بارماق تەگكۈزۈپ كۆتۈرسە يىپتەك سوزۇلىدۇ. بۇنداقلىرى دورىلىقتا ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ناۋات رەڭ ئاق بولغىنى ياخشى بولۇپ، يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغىنى ياخشىدۇر. بۇ ھۆزۈرلىنىش ۋە غىزالىنىشتا ياخشىدۇر. باھار پەسلىدىكى ھەسەل ياز پەسلىدىكى ھەسەلدىن ياخشىراق بولىدۇ. قىش پەسلىدىكى ھەسەل، شۇنداقلا كۆك، قارا رەڭلىك بولغانلىرى، بىر يىلدىن ئۆزۈنراق ۋاقىت تۇرغان، تەمى ئۆتكۈر، چۈچۈمەل، ئاچچىق بولغانلىرى، سۈيۇق، بەتبۇيلىرى، قۇرۇغان ياكى ھۆللۈكى پارغا ئايلىنىپ بەتتەم بولۇپ قالغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونىراپ بۇزۇلغانلىرى كۆپ

ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، ساراڭلىق ۋە ھالاكەتلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ خىلىتلارنى كۆيدۈرگۈچىدۇر.

**تەبىئىتى:** يېڭىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزى ئۆتكۈر تۈرلىرى، بولۇپمۇ كونىسى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. خام ھەسەلنىڭ ئىسسىقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە تازىلاش قۇۋۋىتى ئارتۇقراق، دورىلىقتا يېقىنراقتۇر. قاينىتىپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلنىڭ ھارارىتى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە تازىلاش قۇۋۋىتى كەمرەك، غىزالىققا يېقىنراقتۇر. ئۇنى قىيام قىلىشتا سۇ قوشۇپ، سۇس ئوتتا قىيام بولغۇچە قاينىتىلىدۇ، كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، چۈنكى سۇ قوشۇلمىسا كۆپۈكىنى ئالغىلى بولمايدۇ، ئوت كۈچلۈك بولسا كۆيۈپ كېتىپ ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى كۇشادىلەشتۇرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، شىلىمشىق بەلغەم ۋە ھۆللۈكلەرنى تازىلاپ، ئۇلارنى ۋە مېڭىنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىن تارتىپ چىقارغۇچى، ئىستىرخا، ئىستىسقا، يەرقان، تال ئىششىقى، سۇيىدۇك قىيىن بولۇشقا داۋا بولغۇچىدۇر. يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىيلاۋۇس كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ پايدىلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە شۇ كۇپايىكى، ئاللا ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا قۇرئان كەرىمدە: «پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە تاغلاردىن.......» دېگەن. جانابى مۇقەددەس پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، قانداق بىر ئۆيدە ھەسەل بولىدىكەن، بۇ ئۆي ئەھلى ئۈچۈن پەرىشتە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى بىرەر ئادەم ئىستېمال قىلىنسا ئىچىگە مىڭ ـ مىڭ داۋا كىرىپ، مىڭ ـ مىڭ ئىللەت چىقىپ كېتىدۇ. قورسىقىدا ھەسەل بار ھالەتتە ۋاپات بولسا ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ» دېگەن. ئۇ زات يەنە: «مۆمىنلەرنىڭ قەلبى تاتلىقنى ياخشى كۆرۈش بىلەن تاتلىقتۇر» دېگەن. ئۇ يەنە «ھەسەل نېمىدېگەن ياخشى ئىچىملىك! يۈرەكنى ئاسرايدۇ، كۆكرەكنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ» دېگەن. ئۇ زات يەنە «كىمكى ساغلام بولاي دېسە ئۇنىڭدىن ئىستېمال قىلسۇن» دېگەن. يەنە ھەدىس شەرىپتا: «كىمكى شىپالىق ئىزدىسە ئەتىگەن ناشتىدا ھەسەلنى يامغۇر سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشى لازىم» دېيىلگەن. جالىنۇس مۇنداق دېگەن: «بەدەن ئۈچۈن، كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە دورىلارنى يۇغۇرۇش ئۈچۈن ھەسەلدىن ياخشىراق بىرەر نەرسە يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ شىلىمشىقلىقى، قىيامىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن دورىلارنى تېز ئارىلاشتۇرىدۇ، بۇزۇلۇشى ۋە چېچىلىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. تاتلىقلىقى بىلەن دورىلارنى يېقىشلىق، لەززەتلىك قىلىدۇ. بەتتەمىنى يوقىتىدۇ. دورىلارنىڭ

قۇۋۋەتلىرىنى پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن پايدىلىرى باردۇر.»

باش، كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنى مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكلەرنى ۋە مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىدۇ. پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، ئەزالارنىڭ سىرىمسىزلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، شىلىمشىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. باھنى كۈچەيتىدۇ. كۇندۇر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكە ۋە كانايىنى تازىلايدۇ. ئىستىسقا، يەرقان، تال ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلايدۇ. سۈيدۈك تەستە كېلىشنى ياخشىلايدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىيلاۋۇس (ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش) كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. سۇ بىلەن، بولۇپمۇ يامغۇر سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالارغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئۈچەي، دوۋساق يارىسىغا شىپا بولىدۇ، تاش پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. خاسىيىتى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قەي قىلسا ئاشقازاننى تازىلايدۇ.

**ئېغىز، گال كېسەللىكلىرى:** ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا گالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇل ئىششىقى ۋە بادامبەز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. تامغاق، تىل، گال ۋە بادامبەزنى تازىلايدۇ. ئۇ تامغاقتا سۇركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقالسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىشنىڭ يېپىلگەن مىلىكىنى ئۆستۈرىدۇ. چىشنى چىڭىتىدۇ، ئاقارتىدۇ. بولۇپمۇ بارماق بىلەن چىشقا سۈركىسە چىشنى تېخىمۇ ياخشى ئاقارتىدۇ. ھەر ئايدا ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بوشاتقۇچى دەپ ئويلاپ ئۇنى بوشاتقۇچى دەپ بىلگەن ئادەم خاتالاشقان بولىدۇ، خاتالاشقانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەرقانداق تاتلىق نەرسە بوشىتىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىدۇر. ھالبۇكى، قۇرۇقلۇقى بار تاتلىق نەرسە ئەمەس، بەلكى ھۆللۈكى بار تاتلىق نەرسە بوشاتقۇچىدۇر، ھۆكۈمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھەسەل قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنى يالغۇز ياكى پىياز، تاشتۇز بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، كۆز قىچىشىش، قاپاق قوتۇرى، كۆز ياشانغىراش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ.

قولاق كېسەللىكلىرى: ئەنزىرۇت ۋە تاشتۇز بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا يەل تارقىتىدۇ، قۇلاقنىڭ گۇركىرىشىنى يوقىتىدۇ. يىرىڭ ۋە ئېقىۋاتقان سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يېنىكلەشتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كالىنىڭ يېڭى ئۆتى، نىيم دەرىخىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى سۈيى، ئۆچكە سۈتى، ئاياللار سۈتى

ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتىلسىمۇ يۇقىرىدىكى تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئىچسە، قويۇق قىسمىنى گۈل يېغى بىلەن يالىسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

ئۈچەي كېسەللىكلىرى: ئۇ پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن بىرلىكتە تەكرار ھۆقنە قىلسا ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلسا ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

نەسىللىنىش ئەزالىرى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: مۇنچىغا چۈشكەندىن كېيىن تەكرار زىمات قىلسا زەكەرنى قاتۇرىدۇ، چوڭايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن  ھەمەلچە قىلسا تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇر ـ چاقىلار، داغ ـ سەپكۇنلەر ۋە باشقىلار: ئۇنى بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ، داغ يوقىتىدۇ. قۇستە بىلەن زىمات قىلسا داغنى، تۇز بىلەن زىمات قىلسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش سەۋەبىدىن كۆكىرىپ قالغان داغنى يوقىتىدۇ. يۇلغۇن مېۋىسى بىلەن زىمات قىلسا يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ، ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ، زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ. زىراۋەندە ۋە كۇرسىنە پۇرچىقى ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا چوڭقۇر زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، كۇرسىنە پۇرچىقى ئۇنى، ئاچچىق بادام، ھەببۇل مىھلەب، ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا تەرلىتىدۇ. ئەنزىرۇت بىلەن زىمات قىلسا يارىلارنى تازىلايدۇ، ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ. بەھەق، ئاقكېسەل ۋە داغ ـ سەپكۇن دورىلىرى بىلەن زىمات قىلسا ئۇلارنى يوقىتىدۇ. نۆشۇدۇر بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ ئاقكېسەل بىلەن بەھەققە پايدا قىلىدۇ. سىرىقچېچەك بىلەن تەييارلانغان قايناتمىسى ئۇرۇلۇپ ـ  سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا باشنىڭ يىرىڭلىق يارىسى ۋە تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان باشقا يارىلارنى ساقايتىدۇ. بەدەننى كۈچەيتىدۇ. يالغۇز سۇركىسە پىت ـ سىركىنى يوقىتىدۇ. ئۆلۈكلەرنىڭ بەدىنىگە سۇركىسە تېز سېسىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى گۆش ۋە ياغلارغا سۇركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زەھەرلەر: ئۇ يالانسا ياكى زىرە سۈيى بىلەن ئىچىلسە يەرمەدىكىنىڭ ئۆلتۇرگۈچى زەھىرى ۋە غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قويۇقى گۈل يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قۇستۇرۇلسا ئەپيۇننىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ھامىلىدار ئايال ھەسەلنى سۇ بىلەن شەربەت قىلىپ ناشتىدا ئىچسە قورساقنى ئاغرىتسا ھامىلىدارۇر،

بولمىسا ھامىلىدار ئەمەستۇر. بۇ ئىش ئۇچۇن سۇپەتلىك خام ھەسەل ئىشلىتىلىدۇ. بەزى زىماتلار، مەلھەملەر ۋە بەزى ماددىلار ئۇچۇن ئۇنىڭ يېڭى، خام، سەل ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىراقتۇر.

ئومۇمەن ئۇ سوغۇق مىزاجلار، بەلغەم مىزاجلىقلارغا ۋە سوغۇق زامان، سوغۇق پەسىل ۋە سوغۇق شەھەرلەردە ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغانلارغا زىيان قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەپراغا تېز ئۆزگىرىدۇ. ئىسسىق مېڭىنى بۇزىدۇ. قەي، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەر، زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۇچۇمەل ئانار سۈيى، تۇرۇنجى سۈيى، لىمون سۈيى، چۇچۇمەل مېۋىلەر، ئۇلارنىڭ قىياملىرى، سىركە ۋە يۇمغاقسۈتتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 70 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈزۈم شىرنىسى، قايناتىلمىغان ياخشى خورما شىرنىسىدۇر.

بىلگىنكى، ھەسەل ھەرىسى ئەپسەنتىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرگە قونۇپ قوسقان ھەسەلنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يالپۇز ئۈستىگە قونۇپ قوسقان ھەسەلمۇ ئاچچىق بولۇپ، ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر، بەلغەم مەنبەلىك سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھاشانىڭ ئۈستىگە قونۇپ قوسقان ھەسەلمۇ ئاچچىق بولۇپ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەسەلنىڭ كۆزدە چىقىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، پۇرىسا چۈشكۈرتىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھوشسىزلاندۇرىدىكەن، سوغۇق تەرلىتىدىكەن، ئەقىلنى ئاداشتۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يېمەسلىك لازىم ئىكەن.

ئۇنى يەپ زەھەرلىنىپ قالغان كىشىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، تۇزلانغان بېلىق يېگۈزۈلىدۇ، ئاشقازاننى تولۇق تازىلىنىشى ئۈچۈن تەكرار قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن مەيخۇش ئالما ۋە ئامۇت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەسەلنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، خۇسۇسىيەتلىرى شەۋكىرانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى ھېچ باھانە بىلەن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەسەلنى قايناتىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ شارابى، مۇسەللىسى، مائۇلھەسەلى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

ناچار، ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، پۇرىسا چۈشكۈرتىدىغان ھەسەل ئىستېمال قىلىنسا بەزرۇلبەنجى ئىستېمال قىلىنغاندەك ھالەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ چاغدا داۋالاش ئۈچۈن سوغۇق شەربەتلەر، سوغۇق مېۋە سۇلىرى، شىلىمشىق لوئابلار ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ھارارەت پەسەيتىلىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەيىن) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئۇشبەئى مەغرىبىييە
(ئۆشبە)

ئۇ «ئۇشبەتۇن نار» (ئاتەش ئوتى) دېگەن سۆزدىن قىسقارتىلغاندۇر، چۈنكى ئەندەلۇس ۋە مەغرىب خەلقى ئۇنى ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن «ئۇشبەتۇن نار» (ئاتەش ئوتى) دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىچە «رەس» دەپ ئاتىلىدىكەن. رىمچە «سەرىينە»، فىرانسۇزچە «ئىسفەرىينە» دېيىلىدۇ. ئۇنى مەغرىب ئۆشبىسى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى مەغرىب خەلقى ئۇنىڭ پايدىلىرىنى ئەڭ دەسلەپتە بايقىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا شەھەرلەرگە تارقىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا يەسمەندىن ئىبارەت بولغان «زەيىيان» ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ يۆگىمەچئوت ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرى بولۇپ، پۇرلەشكەن بولىدۇ. بەلكى ئۇ ھىندىچە «چەنبىلى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق يەسمەنگە بەكرەك ئوخشايدۇ. ناھايىتى ئاچچىق، گۈلى ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ، چۆرىسى ئۆتكۈر، قېلىن، يېشىل، يۇمشاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، تىكەنلىك بولىدۇ. تىكىنى قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىگە ئوخشايدۇ. ياۋا يەسمەندىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى قارا، ئىنچىكە، كۆپ شاخلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا، گۈلى سېرىق يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يېشىلغا مايىل بولىدۇ. ياۋا يەسمەنگە قارىغاندا بەكرەك خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ.

ھەممىنىڭ ياخشىسى مەغرىبتە ئۆسكىنىنىڭ شاخلىرى ئۇزۇن، تۇم - ئىنچىكىلىكى ئوتتۇرا ھال، سۇس قىزىل بولغانلىرى بولۇپ، سۇندۇرۇلسا چاڭ ئۆرلەيدۇ، ئىچى ئاق بولىدۇ. تۇم، قارامتۇل بولۇپ، يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى ناچارلىرىدۇر. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ. باشقا ئەللەردە ئۆسكەن ئۆشبىنىڭ تەسىرى ئاجىزدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، كونىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى يېڭىسىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراقتۇر. يىلتىزى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر، بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق ئىسسىق دېگەن، قۇۋۋىتى قارا خەربەقنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. «مۆئتەمەد» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە يەنە بەزى

كىشىلەر ئۇنى خەربەق يىلتىزى دەپ بىلگەن، چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن تەسىرى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قالغان قىسىملىرى ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، سۈيۈلدۈرگۈچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تەرلەتكۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى بولۇپ، مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كۆپ كېسەللىكلىرى، كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

باش، ئېغىز، كۆكرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرى: گۈلىنى پۇرىسا باش ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. ئۇزۇم سىركىسى بىلەن قاينىتىپ ئېغىز چايقىسا سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسىنى چۆپچىن قايناتمىسىغا ئوخشاش ئىچسە، يېغى بىلەن ياغلانسا پالەچ، ئىستىرخا، لەقۋا، كاناي ئىششىقى، كونا يۆتەل، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستىسقا، بوۋاسىر ۋە شۇ قاتاردىكى ھۆل سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېخى بىلەن يوپۇرمىقىدىن 15 گىرام ئېلىپ 400 گىرام سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ پىسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ شېكەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە پالەچ، كونا ئىستىرخا، زىققە نەپەس، كونا يۆتەلگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىدىن بۇغداي دېنى چوڭلۇقىدا ئېلىپ بىنەپشە يېغى بىلەن سالايە قىلىپ بۇرۇنغا تېمىتسا سوغۇقتىن ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ.

بوغۇملار ئاغرىقى، نوقرەس، ئىرقۇننىسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار ۋە كېسەللىكلەر، جوزام، سىفلىس قاتارلىقلار: ئۇنىڭ سۇفۇپىدىن كۈنىگە بەش گىرامدىن ئېلىپ، ناۋات بىلەن بىرگە بىر ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئىستېمال قىلىنسا بوغۇملارنىڭ كونا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. گۈلاب بىلەن زىمات قىلسا پالەچكە پايدا قىلىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە باشقىلارنى پەسەيتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەل كونىرىغان چۆپچىن.

**زىيىنى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە ياشلارغا، ئىسسىق پەسىلدە، ئىسسىقتىن، سەپرادىن، قاندىن بولغان تەپلەر، يەلتاشما، چېچەك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە زىيان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن شېخىنىڭ 10 گىرام مىقداردىكى قايناتمىسىنى باراۋەر مىقداردىكى بىستىپايەج، مەستىكى، كۆك مۇقەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەۋدانى كۆڭۈلنى غەش قىلماي كۈچلۈك سۈرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ كۆپ مىقداردىكى

زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا كۆچلۈك قۇستۇرىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن كۈچلۈك دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما خەتەرلىكتۇر. زىمات قىلسا يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزى خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ناھايىتى ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، شەترەنجى ھىندىغا ئوخشاش تېرىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھەتتا يەرلىك ئورۇننى يارىلاندۇرۇپ قان چىقىرىدىغان بولۇپ، يەرلىك ئورۇندىكى كېسەللىك ماددىلىرىنى ئاقتۇرۇش بىلەن كېسەللىكنى ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلىنسا بەلغەم بىلەن سەۋدانى كۈچلۈك سۈرىدىغان بولۇپ، تەسىرى قارا خەربەققە ئوخشايدۇ. ھەمىشىباھار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى غەش قىلىش، قورساقنى ئاغرىتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. بۇ چاغدا تاتلىق بادام ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ.

بىلگىنكى، ئۇنىڭ بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە بولغان تەسىرى كۆرۈنەرلىكرەكتۇر، چۈنكى ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كەيپىياتى بىلەن بەلغەمنىڭ ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل كەيپىياتىغا قارىمۇقارشىدۇر، بۇ چاغدا كېسەللىكنى قارشى كەيپىيات بىلەن داۋالاش ئومۇمىي قائىدىسى بويىچە پايدا قىلىدۇ. ئەمما سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن قۇرۇقلۇقى بىلەن مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، لېكىن قويۇلغان ۋە قاتقان ماددىلارنى سۇيۇلدۇرۇشى، ئۈچۈچانلاشتۇرۇشى، ئېرىتىشى، تارقىتىشى، شۇ ئارقىلىق بەدەندە كۆپ مىقداردا ھۆللۈك پەيدا قىلىپ ھۆللۈككە سەۋەب بولۇشى بىلەن سەۋدانىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى لاجۇۋەرد تېشىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، سەۋدادىن بولغان كېسەللەرنى ساقايتىش بىلەن بىرلىكتە يەنە سەۋدالىق مىزاجلارغا زىيان قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرۇپ قاننىڭ كۆيۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەمما بەزى سوغۇق ئەرەقلەر ۋە باشقىلار بىلەن تەڭشەلگەندىن كېيىن ئىشلىتىلسە بەزى سەپرا ۋە قان مىزاجلارغىمۇ پايدا قىلىشى مۇمكىن.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇمىن «تۆھپە» ناملىق كىتابىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى چۈپچىنىنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىدۇ، دەپ يازغان. ئەمما مۇئەللىپ بىمارنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولسا ئۇنى ھېچ ۋاقىت ئىشلەتمىگەن ياخشىراق، چۈنكى بۇنداق مىزاجلىقلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ زىيىنى بىر قانچە قېتىم كۆرۈلدى دەيدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ. ئۇ مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنندى.

# ئۇشەر
## (ئۇشەر چاتقىلى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئۇششەر»، «ئۇشار»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «ھەجاكىيۇس»، پارسچە «خەرەك»، «دەرەختى زەھەرناك»، ھىندىچە «ئاكە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق «ئەكۇن»، «مەدار»مۇ دەيدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۆتكۈر، زەھىرلىك سۈتلۈك دەرەخلەر قاتارىدىن بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. بىر يىلتىزدىن كۆپلىگەن شاخلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. چۆللەر ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. ئىسسىق ئەللەرگە خاستۇر. يوپۇرمىقى كەتەل دەرىخى ۋە تورۇنجى دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق، قېلىنراق بولىدۇ. سەل تۈكلۈك بولۇپ، خۇددى ئۈستىگە چاڭ ئولتۇرۇپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ غولى، شېخى، يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت ھەممە قىسىملىرى سۈتلۈك بولۇپ، سۇندۇرۇلسا كۆپ سۈت چىقىدۇ، ھەتتا بىر تۈپ دەرەختىن 400 مىللىلىتىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىقداردا سۈت چىقىشى مۇمكىن. بىر قانچە دانە گۈلى بىر يەردە غۇجمەكلىشىپ ئېچىلىدۇ. ئومۇمەن نەرگىس گۈلىگە ئوخشايدۇ. يېزىلىشچە سۆگەت گۈل يوپۇرمىقىغىمۇ ئوخشايدىكەن. مېۋىسىنىڭ كىچىكى تەرخەمەكچىلىك، چوڭى پەلۇل مېۋىسى چوڭلۇقىدا، ئەگرى بولىدۇ. پىشسا يېرىلىپ ئىچىدىن يىپەك ۋە پاختىغا ئوخشاش ناھايىتى يۇمشاق نەرسە چىقىدۇ. خۇددى پاختا تىقىلغان خالتىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئومۇمەن زاراڭزا ئۇرۇقى ۋە سانا ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، كۈل رەڭ، قارامتۇل بولىدۇ. يېزا ئەرەبلىرى ئۇنىڭ پاختىسىدىن تەكيي ياسايدۇ. ئوت يېقىشقا ئىشلىتىدۇ.

ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ دەرىخى چوڭ، گۈلى ئاق، يوپۇرمىقى چوڭ، ناھايىتى سۈتلۈك بولىدۇ. بۇ شەھەرلەرنىڭ باغ بويلىرىدىمۇ ئۈنىدۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ۋە گۈلىنىڭ سىرتى ئاق، ئىچى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ھەممىسىدىن كىچىكرەك، گۈلى پىستە رەڭ، ئاققا مايىل بولىدۇ. بەزىلەر گۈلى سېرىق بولىدۇ، دېگەن. بۇ ئىككى تۈرنىڭ سۈتى بىرىنچى تۈرنىڭ سۈتىدىن ئازراق بولىدۇ. كۆپرەك باياۋانلار ۋە قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** سۈتى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرلىكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشلەرنى زەخىملىگۈچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچىدۇر. كۈچلۈك سۈرگۈچى قۇۋۋىتى باردۇر. چاچنى چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ سۈتى سۈتلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈتلىرىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىجاز، سىندى

ۋە ھىندىستان خەلقى ئارىسىدىكى ئاشلامچىلار ئۇنى ھايۋاناتلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ مويلىرىنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ.

باش ۋە باشقا ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلسا تاقىرباشلىق، تاز، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. بوۋاسىرنىڭ مونەكلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىسا بالىلارنىڭ ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. پاختىنى ئۇنىڭ سۇتىگە چىلاپ ئاغرىۋاتقان چىشقا قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىد «تۆھپە» دېگەن كىتابىنىڭ ھاشىيەسىدە ئۇ جوزام، كالا تەمرەتكىسى، قوتۇر، مۇدۇر ـ چاقىلار، چىيقانلار، تال قاتتىق ئىششىقى، جىگەر كېسەللىكلىرى، ئىستىسقا، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددە كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، دەپ يازغان. نانخا ئۇنىڭ سۇتىگە بىرقانچە قېتىم چۆكتۈرۈپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئىشلەتسە زىققە نەپەس ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە تېرىق، نوقۇت ياكى باشقا دانلار ئۇنىڭغا تەكرار چىلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى كۆپ سۈرىدىكەن، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگىمۇ پايدا قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ پۈت ـ قوللارنىڭ بوغۇملىرىغا سۈركىسە يەرلىك ئورۇننى قاپارتىپ يارىلاندۇرۇپ، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقكى، ھىندىستان ۋە بېنگالنىڭ بەزى خەلقلىرى يىلدا بىر قېتىم باھار پەسلى ياكى ياز پەسلىدە ئۇنى شەترەنجنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

**ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخىنىڭ تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ قىزىتىلغان يېڭى يوپۇرمىقى تېڭىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ يېغى بىلەن ياغلانسا پالەچ، تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان يوپۇرمىقى سېپىلسە يامرىغۇچى يامان يارا ۋە يەل يارىنىڭ يامرىشىنى توسىدۇ. مەينەت يارىلارنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ، بۇزۇلغان ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ئاق گۈللەيدىغان تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى، قوۋزىقى، گۈلى، ياغىچى قاتارلىق قىسىملىرى بىرلىكتە سايىدا قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ، كۈنىگە 10 گىرامدىن ئېلىپ سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەن ئاجىزلىقى، كەم ماغدۇرلۇق، بەلغەمدىن بولغان كاناي ئىششىقى، يۆتەل ۋە كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدىكەن. قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى ئوڭشايدۇ. بەنگىرە سۈيىگە چىلاپ ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى، پايدىسى تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ. يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان

يوپۇرمىقى سىپىلسە يامرىغۇچى يامان يارىلار ۋە يەل يارىسىنىڭ يامرىشىنى توسىدىكەن، يېرىلغان يارىلارنىڭ كىرىنى تازىلايدىكەن، ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدىكەن، بوزۇلغان ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ بىرەرسىنى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئوراپ مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە چۆكۈشكۈدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ 20 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن چىقىرىپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسىمۇ ئىچىنى سۈرىدۇ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ پاختىسى ئەڭ ياخشى يېقىلغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھۆل ۋە يېڭى ۋاقتىدا يارىلارغا قويسا قېنىنى توختىتىدۇ، يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى زەھەرلىك بولۇپ، ئۈچەيلىرى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈتىدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەيلەر ۋە ئىچكى ئەزالارنى يارىلاندۇرىدۇ. ئىچىنى كۈچلۈك سۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈتلەر، ياغلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قۇستۇرۇپ ئىچى تازىلىنىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** مىسىر خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە، يوپۇرمىقى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ۋە ئاستىغا سېلىپ ياتسا پاشا قاچۇرىدىكەن.

مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق زىيىنى كۆپ زەھەرلىك دورىلارنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمىگەن ياخشىراق ئىكەن.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن ۋە باشقىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇشەر دەرىخىنىڭ زەھەرلىك يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، زەھىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، سايىسىدا ئۇخلىسا، ھەتتا ئولتۇرسىمۇ كىشىنى ھالاك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يۆگىمەچنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يۇمىلاق بولىدىكەن.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇلغۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق، مېۋىسى نوقۇتقا ئوخشاش بولۇپ، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. كەيسۇس بىن سالىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىر تۈرىدىن شېكەر ئايرىلىدىغان بولۇپ، تاتلىق بولسىمۇ 10 گىرامى ئۈچ كۈندە ھالاك قىلىدىكەن. «خەزائىنۇل مۇلۇك» (پادىشاھلار خەزىنىلىرى) ناملىق كىتابتا سۆككەرۇل ئۇشەر (ئۇشەر شېكىرى)نىڭ تۈرلىرى شۇ سەۋەبتىن بايان قىلىنغان.

مۇھەممەد زىكرىيا: «مەن بىر دانە ساپال قاچىغا ئۇنىڭ سۈتىنى يىغقان ئىدىم، قاچا قايناق سۇ ۋە ئۇشنان بىلەن تەكرار يۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تائام يېگەن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالغان» دەيدۇ.

## ئەشرەق
(كەڭ يوپۇرماقلىق سانا)

ئۇ يۇنانچە «قەرھا»، يۇنانچە «مەرفوران» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ھىجاز خەلقى تىلىدا كەڭ يوپۇرماقلىق سانانى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ئادەتتىكى سانانىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، يېشىلرەك بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل، بەزىلىرى ھاۋا رەڭ، كىچىك، يۇمىلاق بولىدۇ. غىلاپى نوقۇت غىلاپىغا ئوخشاش، تۈكلۈك بولىدۇ. ئۇرۇقى ئەدەس شەكلىدە، كىچىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «مۇرد» دەپ بىلىدۇ.

ئىبنى تىلمىيزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى غار دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، قىزىل، خۇش پۇراق بولىدىكەن. ئۇنى يېڭى توي قىلغان يىگىتلەر ئىشلىتىدىكەن. دەينۇرى دېگەن كىشى ئۇنى باشقا ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن. دىسقۇرىدۇس ئۆچىنچى ماقالىدە «قەرھا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يەرلىك ئىتتىئۈزۈمى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى كۆپ، قارا، چوڭ، بولىدۇ. ئۇرۇقى سۆپۈرگە قوناقنىڭ ئۇرۇقىغا، غىلاپى خەرنۇب شامىنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزلىرى ئۈچ-تۆت دانە بولۇپ، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ، قۇياش نۇرى كۆپ چۈشىدىغان تاشلىق يەرلەردە كۆپرەك ئۆسىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يىلتىزىدىن 110 گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، 216 مىللىگىرام تاتلىق شارابقا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇرۇقىنى ئاتلاغا قوشۇپ ئىچسە، سۈيدۈك ۋە سۈت ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ھۆل ياكى قۇرۇق يېيىلسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ.

## ئەشەقە
(ئەشەقە گۈلى)

ئۇ پارسچە «ئىخفاك»، «تالشا»، ھىندىچە «چاندەرىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يۆگىمەچۈتقا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ناھايىتى ئاز، شاخلىرى يۆگىمەچۈتنىڭ شاخلىرىدىن مەزمۇتراق، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ھەر قانداق دەرەخكە ياماشسا ئۇنى قۇرۇتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاشىقلىق دېگەن مەنىدىكى «ئەشەقە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى شۇمشا ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن

كىچىكرەك بولىدۇ. تەنەكابۇندا «دىسمۇنۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زاماندىكى بەزى تېۋىپلار ئۇنى ئەپتىمۇن ئۇرۇقى دەپ بىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئۇسفۇر
(قۇشقاچ)

ئۇ پارسچە «كۇنجۇشك»، «چۇغوك»، «پەنجۇشك»، تۈركچە «سەرچە»، «شارچە»، بىنگالچە «گورىيە»، ھىندىچە ئەركىكى «چەرا»، چىشىسى «چەرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، جۇغى كىچىك بولىدۇ. يەرلىك ۋە ياۋا دەپ ئايرىلىدۇ. ياۋىسىنىڭ تېنى يەرلىكىدىن چوڭراق، تۇمشۇقى ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «بەكىرى» دېيىلىدۇ. يەرلىكى «چەرىيە»، «گورىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋىسىنىڭ قىش پەسلىدە تۇتۇلغانلىرىنىڭ سېمىزلىرى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەرلىكى قانچە سېمىز بولسا شۇنچە ناچار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ياۋىسى يەرلىكىدىن قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى قىزىتقۇچى، سەمرىتكۈچىدۇر. ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بەدىنىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە يەل پەيدا قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇشقاچ پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، يەرقان، بۆرەك، باھ ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قۇشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شۇنداقلا ئۇ ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە قورسىقىدىكى يەلدىن شىكايەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ مېڭىسى، بولۇپمۇ كۈيلىگەن ۋاقتىدا ئېلىنغان مېڭىسى بادام يېغى بىلەن قورۇلۇپ، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ـ دەرمانلار بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا باھنى زىيادە قوزغايدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ چۈجىسىنىڭ گۆشىنىڭ باھنى قوزغىتىش تەسىرى بەك كۈچلۈكتۇر. بولۇپمۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن تۇخۇم ئېشى تەييارلاپ ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلىنسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭمۇ يۇقىرىقى تەسىرى ياخشىدۇر، بەدەننى سەمرىتىشتە تەڭداشسىزدۇر. مېڭىسى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغايدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلسا تۇغماس ئاياللارنىڭ تېز

ھامىلدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئانار سۈيى، غورا ئۈزۈم سۈيى، مۈرى ۋە چۇچۇمەل سىركەنجىۋىلدۇر.

ئۈنىڭ گۆشىنىڭ ئاسان ھەزىم بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى دۈملەپ پىشۇرۇپ ئابكامە (سىركىنىڭ بىر تۈرى)، ئانار سۈيى ياكى غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىشى لازىم، چۈنكى ئۈنىڭ گۆشى قاتتىق ۋە ئىسسىقتۇر. قۇشقاچنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئەدەس ئۇنىغا تامدۇرۇپ كۆمىلاچ ياساپ قورۇتۇپ ئايال بىلەن بىرگە يېتىشتىن بۇرۇن ھەسەل بىلەن سالايە قىلىپ زەكەر تۆشۈكىگە سۈركەپ توپىغا دەسسىمەي مۇناسىۋەت قىلسا باھنى قوزغايدۇ. قېنى كۆزگە تېمىتىلسا كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

ئۈنىڭ مايىقى ناھايىتى قورۇق ئىسسىق بولۇپ، كۆزدىكى ئاقنى، يۈزدىكى داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ. تۈكۈرۈك بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈگەل ۋە داغلارغا سۈركىسە يوقىتىدۇ.

ئۈنىڭ ئۈستىخىنى سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سالايە قىلىنمىغىنىنى ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەيلەرگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۈنىڭ ئۈستىخىنى سالايە قىلىنغان ـ قىلىنمىغان بولسۇن ئىستېمال قىلمىغان ياخشىراق بولىدۇ. ئۇ يەنە قىزىلئۈڭگەچ ۋە ئۈچەيلەرنى زەخىملەيدۇ. قانتىنىڭ موينى مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مەقئەتىنىڭ مويى تازىلىنىپ قۇلاققا سېلىپ قويۇلسا ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. تىرىك قۇشقاچنىڭ بېشىدىكىدىن باشقا ھەممە پەيلىرى يۇلۇۋېتىلىپ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئېسىپ قويۇلۇپ، ھەرىلەر چېقىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ياغ بىلەن قاينىتىپ، شۇ ياغ بوشىغان زەكەرگە سۈركىسە چىڭىتىدۇ ۋە قوزغىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئەسافىيرۇش شەۋك (تىكەن قۇشقىچى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشقاچ بار بولۇپ، كىچىك، توپا رەڭ بولىدۇ. ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «ئەبۇ تەمرۇن» دەپ ئاتىشىدۇ. ناھايىتى قورۇق ئىسسىق بولۇپ، تۈز سېپىلىپ قورۇتۇلغىنى كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. تۈزىتىش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەسەررائى

(چوپان تايىقى، قىزىل تاسما)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لاتىنچە «بەسباس بەللى»، بەربەرچە «رەستەنى نودىيە»، بەربەرلەرنىڭ يەنە بىر تىلىدا «كورى ژولە»، يۇنانچە «بەتبات»، «بەلغۇفىيون»، «بەرمەندار»،

سۇريانچە «شەتبانى»، «فەلۇغرىين»، ئافرىقىچە «خەنجەر» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھاۋىي كەبىير»نىڭ جەدۋەللىرىدە «بەرشىيان دارۇ» دەپ ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «بەرشىيان دارۇ» ئۇنىڭ پارسچە ئىسمى ئىكەن. پارسچە «كەسنە»، «ھەزار بەندەك»، «ھەر جىرا»، ھىندىچە «لال ساگ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىچە «راج گىيرى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ «ئەسايى مۇسا» (مۇسا ھاسىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. ئەركەك، چىشى بولىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئۈچىنچى ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئەركىكى ھەر يىلى يىڭىدىن ئۈنىدىكەن، ھۆل شاخلىرى كۆپ، ئىنچىكە بولۇپ، «سىل» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، كۆپ يۇمشاق بولىدۇ. ھەربىر يوپۇرمىقىنىڭ تۈۋىدىن ئاق، قارامتۇل قىزىلگۈلى ئېچىلىدۇ.

ئۇنىڭ چىشىسى كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر تال يۇمران شېخى بولىدۇ. يوپۇرمىقى قارىغاي يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئۆسىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئۈنىدۇ.

بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەركەك، چىشى ئىككى خىل بولىدۇ. بەزىلەر چوڭ، كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكى چوڭ، چىشىسى كىچىك بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، چىشىسىنىڭ يۇمىلاق بولىدۇ. ئۆستەڭ بويلىرى، سۇلۇق، سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. گۈلى يوپۇرمىقىنىڭ يېنىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئەركىكىنىڭ قىزىل، چىشىسىنىڭ ئاق بولىدۇ.

«تېببىي قەدىيم» (قەدىمكى تېبابەت) دەپ ئاتالغان كىتابتا، «ئۇ كىچىك دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، بوغۇملۇق بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. قىشمۇ ياز قۇرۇپ قالمايدۇ. گۈلى شاخلىرىنىڭ بوغۇملىرىنىڭ يانلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ھىندىچە ‹چونلائى› دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن.

ئەنتاكىينىڭ يېزىشىچە، ئۇ تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرماقلىرى يۇمران، تۈكلۈك بولۇپ، بىلسان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇرۇقى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىكەن. ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدىكەن. ئەركىكىنىڭ ئۇرۇقى قىزىل، چىشىسىنىڭ ئۇرۇقى ئاق بولىدىكەن، قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە پىشىدىكەن، قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە تۇرىدىكەن.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكىنىڭ قارىغا مايىل قىزىل بولغىنى ئىكەن.

«تۆھپە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، چوڭ، كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن، چوڭى ئەركىكى، كىچىكى چىشىسى ئىكەن. چوڭى پارسچە «سەفىيد مىرز» دەپ، كىچىكى «سۇرۇخ مىرز» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇرۇقى قىزىل، يوپۇرمىقى بىنەپشە رەڭگە

مايىل بولىدىكەن. باغلاردا كۆپ ئۇسىدىكەن. تەنەكابۇندا ئۇنىڭ كىچىككى «خاكتەرە» دەپ ئاتىلىدىكەن. كىچىككىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولى كىچىك، يېشىل، ئۇرۇقى ئاق، چوڭىنىڭ ئۇرۇقىدىن كىچىكرەك بولىدىكەن، خۇددى يوپۇرمىقىغا كۆل چېچىۋېتىلگەندەك مەلۇم بولىدىكەن. ھەر ئىككى خىلىنىڭ ئۇرۇقى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىقىدىكەن. چوڭىنىڭ تەسىرى كىچىككىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق، سۇغا مەنسۇپ تەركىبى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قان تۈكۈرۈش ۋە ھەر قانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختاتقۇچى، سەپرالىق قۇسۇش، ئۆت مەنبەلىك كونا ئىچ سۈرۈشنى پەسەيتكۈچى، ھەيز توختاتقۇچى، ئىچكى ـ تاشقى ھارارەت ۋە دەۋرلىك تەپلەرنى توختاتقۇچى، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتقۇچىدۇر.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: سۈيىدىن 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكتىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى: زىمات قىلىسا ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، قانىشىنى توختىتىدۇ ھەمدە قۇسۇش بىلەن ئىچ سۈرۈش تەڭ كېلىدىغان كېسەللىككە پايدا قىلىدۇ، بۇ كېسەللىك يۇنانچە «ھولارا» دېيىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا، زىمات قىلسا، ھۆقنە، ھەمەلچە قىلسا قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: شاراب بىلەن قاينىتىپ ھەسەل بىلەن ئىچىلسە پەرجى (ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى) يارىسىغا زور دەرىجىدە پايدا قىلىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: زىمات قىلسا يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ. قاندىن بولغان ياللۇغ، كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق، يامرىغۇچى يارىلار ۋە قاندىن بولغان بارلىق ئىششىقلارنى ساقايتىدۇ. ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئورۇنغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلسا ئىششىقلار، كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاققا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەر ۋە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چاققاندىكى زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەنجۈر، شېكەر بىلەن قىلىنغان بىنەپشە شەربىتىدۇر. سەندەل شەربىتىمۇ

دېيىلگەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 350 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىتئۈزۈمى.

ئۈنىڭ يىلتىزىنىڭ ھازىرغىچە ھېچقانداق پايدىسى خاتىرىلەنمىگەن.

ھىندىستان خەلقى ئۈنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ، ئېغىزدىكى تاشمىلارنى داۋالايدۇ. سالايە قىلىنغىنى ئىسسىق ھالەتتە زىمات قىلسا قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. بوياقچىلار ئۈنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىدىن چىقىرىلغان تۈزىنى كىيىم - كېچەكلەرنى بوياشقا ئىشلىتىدۇ.

## ئەسەب
(پەي)

ئۇ پارسچە «پەي»، ھىندىچە «پارى»، «پىيتھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** مايلىق، ئاق، تەستە ئۈزۈلىدىغان، ئەۋرىشىم بولغان بىر خىل نەرسە بولۇپ، جانلىقلارنىڭ بەدىنى ئۈنىڭدىن تۈزۈلىدۇ، ئۈنىڭسىز ھېس - ھەرىكەت بولمايدۇ. ئۇ ئۈستىخانلىق ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخانلىرىنىڭ بېشىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئوراپ تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ناچاردۇر. ئۈنىڭدىن ياسالغان يېلىم تەتۈر كىرپىك ۋە باشقىلارنى چاپلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## ئۇسفۇر
(زاراڭزا چېچىكى)

ئۇ «ئىھرىيز» (زاراڭزا چېچىكى) دىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ يەردە بايان قىلىنىدى. قالغىنى «قۇرتۇم» (زاراڭزا ئۇرۇقى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئۇسارات
(ئۇسارىلەر، سىقىلمىلار)

مەزكۇر ئىسىم «ئۇسارە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۇسۇملۇكلەرنىڭ گۈللىرى، يوپۇرماقلىرى، شاخلىرى، يىلتىزلىرى ياكى يېپچىلىرىنى سوقۇپ، سىقىپ ئېلىنغان سۇلىرىنىڭ سۇيۇق ياكى قاتتىق ھالەتلىرىدىن

ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە نام بىلەن ئاتالغانلىرى شۇ نامى بىلەن ئايرىم ھالەتتە، ئايرىم ئاتالمىغانلىرى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ بابىدا بايان قىلىندى ۋە قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەزەل
(مۇسكۇل)

ماھىيىتى: ھايۋاناتنىڭ بەدىنىدە بوغۇملارغا يېقىن ئورۇنغا جايلاشقان نەرسە بولۇپ، ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭ سانى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سانىچە بولىدۇ. ئۇ خۇددى تەشرىھ كىتابلىرى ۋە ئومۇمىي نەزەرىيە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك گۆش، باغلانچىلار، پەيلەر، تومۇرلار ۋە پەردىلەردىن تۈزۈلىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاز ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. لەززەتلىك بولۇپ ئاسان ھەزىم بولىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا خاسىيىتى بىلەن قوۇستۇرىدۇ. شۇنداقلا بەدەندە ماددىلار قېيىپ قالغاندا ئىستېمال قىلىنسىمۇ قوۇستۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ياغلار، مۆتىدىل دورا ـ دەرمانلار.

ئومۇمەن ئۇنىڭ بەدەننىڭ ئۇستۈنكى قىسىملىرىغا ۋە بوغۇملارغا جايلاشقانلىرى تۆۋەن تەرەپكە ۋە بوغۇملاردىن يىراق ئورۇنلارغا جايلاشقانلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەزايە
(ئەزايە كەسلۇنچۇكى)

ئۇ «ئەزائ»مۇ دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىختىلاپ باردۇر. قامۇسنىڭ ئاپتورى ئۇ تام پاتمىچۇقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋاندۇر، مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئىزائ»

بولىدۇ، دەيدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇ كەسلەنچۈكنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، پاقىغا ئوخشايدۇ. ئەركىكى «جىيلان»، چىشىسى «فەرجان» دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ. ئەنتاكىي ئۇنى سالامەندەرا كەسلەنچۈكى دەپ بىلگەن. ھەكىم جىيلانى ئۇ پاتمىچۈققا ئوخشاش بىر خىل ھايۋان بولۇپ، رەڭگى كۆك، ھەربىكتى ئاستا بولىدۇ. رەڭگى كىچە - كۈندۈزنىڭ ۋاقىتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ، ئوتقا تاشلانسا كۆيمەيدۇ، دىگەن. ئۇنى ئاللا كۆلۈككە ئوخشاش پۈت - قوللىرىنى كىسىۋېتىپ قورسىقىنى يېرىپ ئىچى تازىلاپ ھەسەل بىلەن ساقلىسا بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن بىر گىرام مىقدارى ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك ھايۋانلار چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ ئەفئا يىلىنى چىقىۋالغان ئورۇنغا تاڭسا، ئۇنۇمى كۆرۈلىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: قوتۇرغا ئاللاكۇلۇكتەك پايدا قىلىدۇ. بۇزۇق گۆشلەرنى يوقاتقۇچى، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ.

زىننەتلەش تەسرى: ئۇنىڭ زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلغان قېنىنى سۈركىسە موينى چۈشۈرىدۇ. ئۆتى بىلەن تېزىكنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. تېزىكى كۆچلۈك دەرىجىدە جۇلا بېرىش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇپ، ئاز مىقداردىكىسى كۆپ مىقداردىكى نىشاستە بىلەن مەلھەم قىلسا تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. چىرىگەن يامان يارىلارنى تازىلايدۇ.

ئەزايە كەسلەنچۈكى كىشىنى چىشلىۋالسا يەرلىك ئورۇنغا ياغ، كۈل، پىلە غوزىكى سۈركىلىدۇ. ئاغرىقى يەنە پەسەيمىسە يەرلىك ئورۇن كۆچلۈك شورىلىپ ئۈستىدىن كېپەك قاينىتىلغان قىزىق سۇ تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرياقى ئەنكەبۇت (دۇ تەرياقى) ۋە تەرخەشقۇق ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەزىم
### (سۆڭەك)

ئۇ پارسچە «ئۇستىخان»، ھىندىچە «ھەدىي»، «ھار»، يۇنانچە «سولونوس»، رىمچە «سەتپون»، سۈريانچە «كەرما»، تۈركچە «سەموك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: مەلۇملۇقتۇر. ئۇ جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى بىر خىل ئەزا بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاتتىقراق بولغان يەنە بىر ئەزا يوقتۇر. يەككە ئەزالاردىندۇر. ئۇ جانلىقلارنىڭ بەدىنىنى تىرەپ تۇرۇش، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، مېڭىش ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشىغا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ قالغان پايدىلىرى

تەشرىھ ھەققىدىكى كىتابلاردا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ سانى «رەھىم» (بالىياتقۇ) دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىنىڭ ئەبجەد ھېسابى بىلەن ئوخشاش، يەنى 248 پارچىدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇقتۇر. كۆيدۈرۈلگىنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى توختاتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ئادەم سۆڭىكى سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بولۇپمۇ چىرىگەن ئۇستىخاننىڭ تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ. چىرىگەن ئۇستىخان سىركە بىلەن قاينىتىپ ئىلمان ھالەتتە باشقا تۆكۈلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركۈلۈش بىلەن بىرگە تۆلكىنىڭ مەرگەن چىشى ئېسىلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. چىلبۆرىنىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكى باشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېسىلسا ئوڭ تەرىپىنىڭ ئاغرىشى، سول تەرىپىگە ئېسىلسا سول تەرىپىنىڭ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۆتتۇر چىشى ئېسىلسا چىشنى غۇچۇرلىتىشقا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كونا ئۇستىخان ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلسە ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختىتىدۇ. كالا سۆڭىكى ۋە ئۇنىڭ يوتا سۆڭىكى سالايە قىلىپ بەش گىرامى چوپان تايىقى ئۆسۈملۈكى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، قاناش، ئىچ سۈرۈش ۋە ئۈچەي زەخىمىسىگە پايدا قىلىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ سۆڭىكىنىڭ كۈلىنى سېپىلسە بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

تال كېسەللىكلىرى: سۆڭەك كۈلىنى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا تېكىنىڭ ئوشۇقى سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: تېكە ئوشۇقى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغايدۇ. ئادەم سۆڭىكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: پىلتە قىلىپ ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

كۆيۈك يارىسى: كۈلىنى سىركە بىلەن زىمات قىلسا ساقايتىدۇ.

بوغۇم ۋە باشقىلار ئاغرىقلىرى: ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقى، ئىرقۇننىسا ۋە باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۇستىخان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: چىرىگەن سۆڭەك سېپىلسە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، زەكەر ۋە

ئۇرۇقدانغا ئوخشاش قۇرۇق، پەيلىك ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. تاشپاقىنىڭ سۆڭىكى سەبرە بىلەن زىمات قىلىسا ماددىلارنى توسىدۇ، يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. چاچنى ھاكقا ئوخشاش چۈشۈرىدۇ. بوۋاسىر دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ.

تەپلەر: ئۆلۈك ئادەمنىڭ سۆڭىكى تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە گىرىپتار بولغان ئادەمگە بىلدۈرمەي ئىستېمال قىلدۇرۇلسا پايدا قىلىدۇ. ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكى مەست قىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: چوشقا ئوشۇقىنى مەلھەم قىلىسا ئاقكېسەلنى ساقايتىدۇ. ئادەمنىڭ چىرىگەن كونا سۆڭىكى ئارپا سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىسا تېرىدىكى سۇلۇق قاپارتما ۋە باشقىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ كونا تام تۈۋىدىكى چىرىگەنلىرىدىن 10 گىرامغىچە ئېلىپ گۇلاب بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەمنىڭ ئۇتتۇر چىشى ھۆپۈپ پېيى بىلەن بىرلىكتە ئۇخلىغان ئادەمنىڭ تەكىيىسىنىڭ ئاستىغا قويۇلسا ئېلىۋېتىلمىگۈچە ئويغانمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇتتۇر چىشى ئۆزى بىلەن ساقلانسا ئېھتىلام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كىچىك بالىنىڭ دەسلەپ چۈشكەن چىشى يەرگە چۈشۈرۈلمەي كۈمۈشكە ئورىلىپ ساقلانسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. تىمساھنىڭ چىشى ئوڭ تەرەپكە ئېسىپ قويۇلسا جىمانى كۈچەيتىدۇ. خوراز قانتىنىڭ ئىككى تەرىپى تۆشۈك بولغان ئىككى سۆڭىكى ئېسىپ قويۇلسا كورلۇقنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قانتىنىڭ مەزكۇر ئۇستىخىنى ئېسىپ قويۇلسا دائىملىق تەپنى ساقايتىدۇ. ئاغمىخانىنىڭ تىرىك ئېلىنغان ئوشۇقى ئايالغا ئېسىپ قويۇلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئادەم چىشلىگەن ئىتنىڭ مەرگەن چىشى تېرىگە ئورىلىپ بىلەككە تېڭىپ قويۇلسا، شۇ ئادەمگە غالجىر ئىت يېقىنلاشمايدۇ ۋە قاۋىمايدۇ. غالجىت ئىتنىڭ مەرگەن چىشى ئۇيقۇدا جۆيلۈيدىغان ئادەمگە ئېسىپ قويۇلسا جۆيلىمەيدىغان بولىدۇ. كىچىك بالىغا ئېسىپ قويۇلسا چىشى ئاغرىماي ئاسان چىقىدۇ. يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى كەپتەرلەرنىڭ كۇۋۇكىغا ئېسىپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ مەرگەن چىشى جامائەتنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىشىشىگە سەۋەب بولىدىكەن. ئىتنىڭ سۆڭىكى ئادەمنىڭ سۇنغان ئۇستىخىنىنىڭ ئورنىغا سېلىنسا ياخشى ساقىيىدۇ.

ھەر بىر ھايۋاننىڭ سۆڭىكىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ھايۋاننىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەفس
(موزا)

ئۇ پارسچە «مازۇ»، ھىندىچە «مازۇ پەھل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەللۇت دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئىكەن، چۈنكى خۇددى بەللۇت دەرىخى ماۋزۇسىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بەللۇت دەرىخى بىر يىلى بەللۇت، يەنە بىرى يىلى موزا مېۋە بېرىدىكەن. يەنە ئىپتىلىشىچە، ئۇ بەللۇتقا ناھايىتى ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى ئىكەن. بەلكى مۇشۇ سۆز توغرىراق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەللۇت سوغۇق ئەللەردە ئۆسىدۇ. موزا ھىندىستانغا ئوخشاش ئىسسىق ئەللەردىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، خام، كۆك، قاتتىق، ئېغىر ۋە تۆشۈكسىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەڭگىل، تولۇق يېتىلمىگەنلىرى ۋە يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرى ئاجىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. تۇپراققا مەنسۇپ ناھايىتى سوغۇق، كۈچلۈك قورۇغۇچى تەركىبى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈش ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشىنى توختاتقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: بۇرۇنغا پۈركۈلسە قانىشىنى توختىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە كۆز ياشانغىراش، قاپاق قوتۇرى ۋە قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ ئىششىشىغا پايدا قىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: سېمىزئوت سۈيى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا، ئۇنىڭدىن ئاققان قان ـ يىرىڭنى توختىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چىشقا سەپسە، قاينىتىلمىسى، بولۇپمۇ سىركە بىلەن قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. چىشنىڭ قۇرت يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تىل ۋە چىش مىلىكىدىكى بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قۇرت يېگەن چىشنىڭ كاۋىكىغا تىقىپ قويۇلسا پايدا قىلىدۇ، چىشنىڭ ئۇۋۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا

ئۇچەيلەرنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، كونا ئىچ سۈرۈش، ھەيز ۋە بالىياتقۇ ھۆللۈكلىرىنى توختىتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. غىزالار بىلەن ئىستېمال قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا مەقئەت ئىششىقلىرىنى قايتۇرىدۇ، مەقئەت ۋە كىندىك چىقىقىنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. بولۇپمۇ سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، ئىششىقلار ۋە باشقىلار: سىركە بىلەن سالايە قىلىپ چېپىلسا كالا تەمرەتكىسى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى تىلما، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، داغ ـ سەپكۈن قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. تالقانلاپ ئارتۇق گۆشكە سېپىلسە يوقىتىدۇ. يەرلىك ئورۇننى ئورۇقلىتىدۇ، ئارتۇق ماددىلىرىنى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا ماددىلارنى توسىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، يامرىغۇچى يارىلارنىڭ يامرىشىنى توسىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا بەلباغسىمان قوقاق ۋە يەلدىن بولغان يارىغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ سىركە بىلەن قاينىتىپ سۈركىسە ياكى شاراب بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سۇنۇققىمۇ داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ياكى چىلانمىسى بىلەن چاچ يۇيۇلسا قارايتىدۇ، سىياھقا قوشۇلسىمۇ قارايتىدۇ. مەلھەم قىلسا تەر توختىتىدۇ، سېسىق تەرلەشنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ زەيتۇن يېغى بىلەن كۆيدۈرۈلگىنى چاچنى قارايتىدىغان ئەڭ ياخشى بوياق بولۇپ، قورۇلغاندىن كېيىن، ياغلىرى سۈمۈرۈۋېتىلىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەك، گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ئىشلىتىش ۋە چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئانار پوستى، جۇپتى بەللۇت، يۇلغۇن مېۋىسى، سېرىق ھېلىلە.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ چوغ ئۈستىگە قويۇلۇپ ياكى ساپال قاچىغا سېلىنىپ ئوت ئۈستىدە قويۇلۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ ۋە قورۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شاراب، سىركە ياكى تۈز سۈيىگە چۆكۈرۈلۈپ قۇرۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ قۇرۇتۇشى ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرۇشى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ھارارىتى ئاشقان سەۋەبدىن ئارتۇقراقتۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قابىز شاراب، سىركە ياكى تۈز سۈيىگە چۆكۈرۈلگەنلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، قان توختىتىش، يارىلارنى قۇرۇتۇش ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىش تەسىرلىرى كۆيدۈرۈلمىگىنىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئۇقاب
(قاغا)

ئۇ پارسچە «ئالە»، «ئەلۋە»، ھىندىچە «كىيدە»، تۈركچە «قارا ھۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىكسىر يانلارنىڭ تىلىدا نۇشۇدۇرنىڭ ئىسمىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، تېنى چوڭ، رەڭگى قارا بولىدۇ. ئوۋچى ۋە يىرتقۇچ قۇشلاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۆشى تالالىق، قاتتىق بولۇپ، ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ. سوغۇقلۇق، يەل ۋە ھۆللۈكلەرنى ھەيدەش رولى بار بولۇپ، كالا گۆشىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزكە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۇنى يوقىتىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. كۆزنى قۇۋۋەتلەپ تورلىشىشنى توگىتىدۇ، يارىنى ساقايتىدۇ.

يارىلار ۋە ئىششىقلار: قېنىنى سۈركىسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: مايىقى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، سۈركىسە داغ، مەگىزدىكى تاشمىلارنى يوقىتىدۇ، چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. قانىتى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

## ئەقرەب
(چايان)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «گەژدۇم»، ھىندىچە «بەچۇ»، فىرانسۇزچە «ئەشكۇربى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىكسىر يانلارنىڭ تىلىدا ئۇنىڭدىن گۆگگۇرت نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ زەھەرلىك ھاشاراتتىن بولۇپ، ھەر خىل تۇر ۋە ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. ھەرىكەت قىلغاندا، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغىنى «شەيىيالە» دەپ، قۇيرۇقىنى يەرگە سۆرەپ ماڭىدىغىنى «جەررارە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «شەيىيالە» دىن كىچىكرەك، زەھىرى كۈچلۈكرەك ۋە ھالاك قىلغۇچى بولىدۇ. ئەھۋاز شەھىرىدە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ھەتتا شۇ

يەردە ياشىغۇچى كىشىلەر ئۇ يەردە تۇرالماي تۇرالغۇلىرىنى تاشلاپ باشقا يەرلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ زەھىرى ئەركىكىنىڭ زەھىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىسى، بولۇپمۇ تۇكلۇك، چوڭ، قاناتلىق بولغان قارىسى تېخىمۇ زەھەرلىك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسكەرىيە دەپ ئاتالغان يەرنىڭ چايىنى، شۇنداقلا بەزى يەرلەرنىڭ چايىنى ناھايىتى زەھەرلىك بولىدىكەن. ھەتتا ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئادەمنىڭ بەدىنى ئۇستىدە ماڭسىمۇ ھالاك قىلىدىكەن. ئۇ نەشتىرىنى تاشقا سانجىسا تاشنى پارچىلىۋېتىدىكەن. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇنى يىپ بىلەن باغلاپ تاش ئۇستىگە باغلىغان، نەشتىرىنى تاشقا ھەر قېتىم سانجىغاندا تاشنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۇچۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاشتا سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. سىناق قىلىنىشىچە، سۇ تەگمىگەن پىششىق خىشلارغا سوغۇق سۇ سېپىپ بىر - بىرىگە جۈپلىنىپ قويۇپ قويۇلسا، بولۇپمۇ ياز پەسلى بولسا ئۇنىڭدا كۆپ مىقداردا چايان پەيدا بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قارا سۇنا سوقۇپ يەرگە كۆمۈلۈپ، ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇلسا چايان پەيدا بولىدىكەن.

بەزىلەر كەنكەر ئۇسۇملۇكىنىڭ شېخى سۇ تەگمىگەن ئىككى خىش ئارىسىغا ئېلىپ قويۇلسا چايان پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ پەي يوق يەرلىرى چايانغا چاقتۇرۇلسا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: يېغى سۈركىسە پالەچ، لەقۋا، ئىسترخاغا پايدا قىلىدۇ. بوغۇملار ۋە باشقىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۈلىنى پىلپىل، زەنجىۋىل ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇناسىپ دورىلار بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ كۆزىدىكى ئاقنى ۋە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. يېرىم ھەسسە چاشقان مايىقى بىلەن كۆيدۈرۈلگىنى كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆز قوتۇرىغا داۋا بولىدۇ، كۆزدە پەيدا بولغان پەردىنى يوقىتىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن كۆيدۈرۈلگىنىنى ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈكنى تەڭداشسىز راۋانلاشتۇرىدۇ. قۇلۇنجى مەيلى ئۆزى ياكى بۆرەك شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان بولسۇن ساقايتىدۇ.

ئاقكېسەل، بەھەق، داغ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش: چوڭ چايانىنى قۇرۇتۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ ئاقكېسەلگە سۈركىسە ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ساقايتىدۇ. بەھەق، داغ ۋە دائىرىلىك

چاچ چۈشۈشكىمۇ داۋا بولىدۇ.

يارىلار: چايانىنى زەيتۇن يېغى بىلەن كۆيدۈرۈپ ساقىيىشى تەس يامان يارىلارغا سۈركەپ، ئۈستىدىن كۆيدۈرۈلگەن چايان كۈلىنى سەپسە پايدا قىلىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ.

بوۋاسىر: مەلھەم قىلسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. يېغى بىلەن ياغلىنىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلەر: يېرىپ چايان چاققان ئورۇنغا باغلىسا زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ.

باھقا بولغان تەسىرى: ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر دانە چايان بىر ئاينىڭ ئۈچ - تۆت كۈنى قالغاندا شىشىگە ئېلىپ، ئۈستىگە زەيتۇن يېغى تۆكۈلۈپ ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىپ، ئاپتاپتا بىر نەچچە كۈن قويۇلۇپ، قۇۋۋىتى تولۇق چىققاندا يېغى بىلەن ياغلانسا پالەچ، ئۇچا ئاغرىقى، ئىرقۇننىساغا شىپا بولىدىكەن. بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدىكەن. چايانىنىڭ سانى كۆپ بولسا ھەربىر تال چايانغا 30 گىرام زەيتۇن يېغى قوشۇلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. شۇ ياغ بىلەن ياغلانسا تاشنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆلۈك چايان قۇرۇتۇلۇپ بالىسى چۈشۈپ تۇرمايدىغان ئايالغا ئېسىپ قويۇلسا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۈلىدىن 1.5 ~ 3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيىنى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گىل ئەرمىنى، كەرەپشە ئۇرۇقى ۋە 100 مىللىلىتىرغىچە پىياز سۈيى ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

چايان چاقسا چاققان ئورۇن ئىششىيدۇ، قاتىدۇ، قىزىرىدۇ، بەدىنىدە قىزىش ھەم سوۋۇشتەك ئىككى خىل ھالەت كۆرۈلىدۇ. كۆڭلى غەش، بىئارام بولىدۇ. يۈرىكى زەئىپلىشىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، ئەزالىرى بوشايدۇ، تىترەيدۇ، ئەقلى ئېلىشىدۇ، لەۋلىرى تارتىشىپ قالىدۇ. ھېق تۇتىدۇ، قۇسىدۇ، قەي بىلەن شىلىمشىق نەرسە چىقىدۇ، قورسىقى ئېسىلىدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، تىلى چوڭىيىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، ھوشسىزلىنىدۇ، ئەزالىرى سوغۇق، بوش بولىدۇ. زەكىرى ئىششىيدۇ. مەقئەتتى تېشىغا چىقىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىلاجى مۇمكىن بولسا خۇددى يىلان چېقىۋالغانغا ئوخشاش چاققان ئورۇننىڭ ئۈستىدىن كۈچ بىلەن باغلاش، زىغىر، گۈڭگۈرت سېرىقى ۋە ئىلكۈل بەتەمنى سوقۇپ يەسمەن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىش، قۇندۇز قەھرى، پەرپىيون، مۇرمەككى،

پىلپىلغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا كۆچ بىلەن سۈركەش، ئوت ياكى قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، تەرياقى پارۇق، تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى ئەقارىب، سامساق ئىستېمال قىلدۇرۇش، سامساق زىمات قىلىش، ئۈستىدىن جەدۋار سۈركەشتۇر. توسالغۇلارنى ئاچقۇچى نەرسىلەر ۋە كەرەپشە ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر چاققان چايانى تۇتقىلى بولسا، سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئاھاكنى ئۈجمە يوپۇرمىقى، دۇمبە يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زەخىم بار ئورۇنغا سۈركىسە، ئاھاك بىلەن توخۇ تۇخۇمى سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. باقىلەنى سوقۇپ ئۈزۈم شىرىنسى بىلەن يۇغۇرۇپ سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ. چايانى ياغ بىلەن قورۇپ يېغى يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. مەزكۇر ياغ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن تاڭلىيىغا سۈركىسە، پۈتۈن ئۆمرىدە چايان چاقسا ئاغرىمايدۇ. چوشقا قۇلىقىنىڭ كىرىنى چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يېلىمنى سىركە بىلەن ئېرىتىپ چايان چاققان ئورۇنغا سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. چايان تۇتۇلۇپ تۇز بىلەن سالايە قىلىپ چىراغ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، چايان چاققان زەخىمگە سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. تال يوپۇرمىقى سوقۇپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر، سامساق سوقۇپ، چاياننىڭ زەخىمىسىگە سۈرۈلسىمۇ پايدا قىلىدۇ. مەقئەتكە مۇز شىيافى قويۇلسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. چاشقاننىڭ قارنى يېرىلىپ يەرلىك ئورۇنغا قىزىق زىمات قىلىنىدۇ. بېدە ئۇرۇقى پىشۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. كەپە يىلتىزى، ئەپسەنتىن، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، يۇملاق زىراۋەندە، تەرخەشقۇقتىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ ئىككى گىرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، بىر كىشى پالەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، ئولتۇرۇپ - قوپۇش ۋە مېڭىشقا قادىر بولالمايدىكەن. بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىرقانچە يېرىنى قۇيرۇقلۇق چايان چېقىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پالەچ كېسىلى ساقايغان. ماھىر تېۋىپلار ئەگەر يەنە بىر قېتىم چاقسا ھالاك بولاتتى، دېيىشكەن. ئۇنىڭ تەپسىلاتى «ئەلفەرەج بەئدەش شىددە» (خاپىلىقتىن كېيىن خۇشاللىق) دېگەن كىتابتا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

قۇيرۇقىنى سۆرەپ ماڭىدىغان چاياننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كالا ياكى قوي يېغى ئىستېمال قىلىنىدۇ، يەرلىك ئورۇنغا كۆيمىگۈدەك دەرىجىدىكى قىزىق كالا يېغى تۆكۈلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا لوڭقا قويۇپ زەھەر كۆچەپ تارتىلىدۇ، يەرلىك ئورۇن داغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قان ئېلىنىدۇ. مېۋە قىياملىرى، چۈچۈمەل مېۋىلەر، بولۇپمۇ چۈچۈمەل ئالما قىيامى، ئالما تالقىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەرخەشقۇق، كاسىنە، ھارارەت ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىلەر، ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى،

تەرخەمەك سۇيى، قۇرسى كافۇر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى، تەرياقى ئەسكەرى، قۇرۇق تەرخەشقۇق، چۇچۇمەل ئالما يوپۇرمىقى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قايسى كېسەللىك پەيدا بولغان بولسا، شۇ كېسەللىكنىڭ ئىلاجىغا مەشغۇل بولۇش كېرەك. ئۇنى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى، يېغى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## ئەقرەب بەھرىي
(دېڭىز چايىنى)

ئۇ ھىندىچە «سىنگى مەچلى»، فىرانسۇزچە «شەكۇر بى مەرىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل قاسىراقلىق، تىكەنلىك بېلىق بولۇپ، بېشى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىكەنلەر ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ نەشتىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بىلەن چاقسا قاتتىق ئاغرىتىدۇ ۋە كۆيۈشتۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۆتى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈش، خىيالات (كۆز ئالدىدا چىۋىن، كومۇتىغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇچقاندەك مەلۇم بولۇش) قا پايدا قىلىدۇ، كۆزدە ئۆسكەن پەردىلەرنى يوقىتىدۇ. كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۇرۇلگىنى سۈركىسىمۇ كۆزگە چۈشكەن سۇ، پەردە ۋە ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ.

دائىرىلىك چاچ چۈشۈش: مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ.

## ئەقئەق
(سېغىزخان)

ئۇ «ئەككە»، تۈركچە «سەقسەقان»، ئىسپىھاندا «ئەلاجارە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇق قۇشلاردىن بولۇپ، ئالا قاغىدىن كىچىكرەك، شەكلى چىرايلىقراق بولىدۇ.

**تەبىئتى:** قۇرۇق ئىسسىق، بەدەندە ناچار كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ ئالا قاغىغا يېقىنراقتۇر. ئۆتى كۆزگە سۈركىسە كۆز ئېقىدا پەيدا بولغان پەردىنى يوقىتىدۇ. كۆز يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. شۇ كىشىنى باشقىلارنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مايىقى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدىكەن.

# ئەقىق

(ھېقىق تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق تاش بولۇپ، يەمەن ۋە كەسەنبايت دېگەن يەرلەردە كۆپرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىم دېڭىزى ساھىللىرىدىمۇ كۆپ بولىدىكەن. ئەڭ ياخشىسى يەمەندىن چىققىنى بولۇپ، سۈزۈك، پارقىراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يەمەندىن چىققىنى بىلەن باشقا يەرلەردىن چىققىنىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، يەمەندىن چىققىنى باشقا يەرلەردىن چىققىنىنىڭ ئەكسىچە قاتتىق بولىدىكەن.

ئۇ ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا، جىگەر رەڭلىك، سۈزۈك، پارقىراق، دۇغلاش، ئالىبۇلىماچ، دەرەخسىمان، قەۋەتلىك قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى كاندىن چىقىرىلغاندا رەڭگى سۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارىلاشمىلىرى بولمىغان، ساپ، پارقىراق بولغان پارچىلىرى ئايرىلىپ قايىنىتىلسا رەڭلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

ئۇنى قايىنىتىش ئۇسۇلى شۇكى، چوڭ، ئېگىز ساپال ياكى مىس قاچىغا لىق ياغاچ تىزىلىپ يېرىمىغا كەلگۈچە سۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېقىق تېشىنىڭ پارچىلىرى ئۈستىگە تىزىلىپ قازاننىڭ تۈۋىقى مەھكەم يېپىلىپ، ئاستىغا سۇس ئوت قالىنىپ ھېقىق بۇسلىنىدۇ. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۇنىڭ قايسى رەڭگە كىرىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا قازان ئوتتىن چۈشۈرۈلۈپ ھېقىق چىقىرىلىدۇ ھەمدە خالىغان شەكىللەردە قىرىلىدۇ. ناھايىتى رەڭدار، سۈزۈك، پارقىراق، رەڭگى بىر خىل بولغانلىرى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، دورىلارغا قوشۇلىدۇ. سۈزۈك ۋە باشقىلارغا قىزىل، پارقىراق بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىقلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا دەرەخنىڭ شېخى ياكى تاغنىڭ بىر قىسمىغا ئوخشايدىغان شەكىلدە بولغانلىرى «شەجەرىي» (دەرەخسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. قاتلىق، ھەر قېتى بىر خىل رەڭدە بولغانلىرى كۆپ ھاللاردا قاتلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈنىدىغان ھالەتتە كېسىلىدىغان بولۇپ، «جەزەئ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ج» (جىيم) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. توغرىسىغا كېسىلگەنلىرىنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاق ياكى باشقا شەكىللەردە سىزىقچىلار ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، «ھەجەرى سۇلەيمانىي» (سۇلايمان تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «باباغورى» دېيىلىدۇ. بۇ خىلىنىڭ كۆپىنچىسى قاتتىقراق بولىدۇ. مۆھۈر تېشى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىن ياسىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، كۆيدۈرۈلگىنى ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇق قوبۇل قىلغانلىقتىن ئۈچۈچانراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەدىس شەرىفلاردا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە خاسىيەتلىرى

كۆپ بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن ئىككى داڭ مىقدارى ئېلىپ يالغۇز ياكى ئالما شەربىتى بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. يالغۇز ياكى قان توختاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە، قان تۈكۈرۈش ۋە قاناشقا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھېچ تەدبىر بىلەن توختىمىغان ھەيزنى توختىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە توسالغۇلارنى ئاچىدىغان بولۇپ، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تاش پارچىلىغۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە تاش پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك سۈرمىلەر بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كىرپىكلەرنى ياخشىلايدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى يالغۇز ياكى مەرۋايىت ۋە بىخ مارجان بىلەن بىرلىكتە چىشقا سىپىلسە مىدىرلاپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىدۇ، چىش مىلىكىگە پايدا قىلىدۇ. چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، چىشنى ئاقارتىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** ئۇ ئېسىۋېلىنسا غەزەپنى ۋە دۈشمەنلىكنى پەسەيتىدۇ. گۆش سۈيى رەڭلىك ھېقىقتىن ئۈزۈك كۆزى تەييارلاپ قولغا سالسا، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى، بولۇپمۇ ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئۈزۈك سېلىنسا خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سۈرلۈك كۆرسىتىدۇ، دۇئالىرى ئىجابەت بولىدۇ، كۆكرەك ئاغرىقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھېقىق تېشىنى ئىپار، كافۇر ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ، يۈز ۋە چاچلارغا سۈركەپ پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئالدىغا بارسا ھۆرمىتى ۋە ئىززىتى ئارتۇق بولىدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەم خەلقى ئۇنىڭدىن ياخشى پال ئالىدۇ (يەنى ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ).

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىخ مارجان.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەكبەر

(ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى لىپىي)

ئۇ پارسچە «بەر موم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئازراق ھەسەل ئارىلاشقان، مومغا ئوخشايدىغان

نەرسە بولۇپ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكىنىڭ ئاستىغا يىغىلىدۇ، گىياھ كەم ئۈنگەن قۇرغاقچىلىق يىللاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆنەكلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئېتىدۇ. ئۇ موم ئەمەس. بەغدادىي ئۇنى «ۋەسەخۇل كەۋائىر، ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى كىرى) دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەسەل ھەرىسى كۆنىكىنىڭ دىۋارلىرىدا تېپىلىدىغان نەرسە بولۇپ ‹كور› دەپ ئاتىلىدۇ، ھەسەل ھەرىسى كۆنىكىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى ئۇنىڭدىن قويۇپ، ئۇستىگە مومدىن كۆنەكلەر ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھەسەل يىغىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەك ناچارلىقىدىن يېپىشقە يارىمايدۇ. زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ، ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئوقلارغا ئوخشاش يات نەرسىلەرنى تارتىپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۈچلۈك تارتىش قۇۋۋىتى باردۇر. سۇنۇقنى تېڭىپ تۇتتۇرۇش، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان زەخىملەرنى داۋالاش ۋە قان توختىتىش جەھەتلەردە مۇمىيانىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «مۇمىيائى نەھلىي» (ھەسەل ھەرىسى مۇمىياسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام بولۇپ، ئۇن ھەسسە ناۋات ۋە ھەسەل بىلەن ئېرىتىلىپ ئىچىلىدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەكبەر ھەسەلنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدىغان نەرسە بولۇپ، شىرازدا «دارو» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە، «ئۇ ھەسەل ھەرىسى ئۆزى ئوزۇقلۇق قىلىش ۋە باللىرىغا يېگۈزۈش ئۈچۈن ھەممە گۈللەردىن يىغىپ ئېلىپ كەلگەن نەرسە» ئىكەن. ئۇ سېرىق، قىزىل، ئاق، بىنەپشە رەڭ قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردە بولىدىكەن. ناھايىتى ئاچچىق ئىكەن، ھەسەل ئارىسىدا تۇرۇۋەرسە ھەسەلنى بۇزىدىكەن.

## ئەگەر

### (ياغ لېپىي)

ماھىيىتى: ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىسىپى ۋە لېپىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە ياغلارنىڭ لېپىنى مەخسۇس كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم تەسىرلىرى ئۇنىڭ ساپ يېغىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزى جەھەتلەردە يېرىكرەك، تەستە

ئۆزلىشىدۇ. ھەربىر ياغىنىڭ لېيىنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ ئەسلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن يىرىكرەك ۋە تەستە ئۆزلىشىدىغانلىقى ئۇچۇن پەقەت ماددىلارنى پىشۇرغۇچى زىماتلار ۋە مەلھەملەرگە قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** زەيتۇن يېغىنىڭ لېيى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ قۇبرۇس مىسىدىن ياسالغان قاچىغا سېلىنىپ ھەسەلدەك بولغۇچە قاينىتىلسا، تەسىرى رۇسۇت بىلەن ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇنى غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن قويۇلغۇچە قاينىتىپ قۇرت يېگەن چىشقا سۈركىسە ئاسان چۈشۈرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇ كۆز دورىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ياسالمىلىرىغا قوشۇلىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا سەۋسەن يېغى لېيى سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ كونىسى بىلەن ھۆقنە قىلسا مەقئەت ۋە بالىياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ. زىمات قىلسا تالنىڭ قويۇق يەللىرىنى تارقىتىدۇ.

ئاغرىقلار ۋە باشقىلار: قاينىتىلمىغان يېغىسىنى زىمات ۋە مەلھەم قىلسا ئىرقۇننىسا، نوقرەس، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەر نەرسىنىڭ لېيى شۇ نەرسىنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى، ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## ئەكرەب
(چوڭ خوخا)

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا خوخىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى ئاققا مايىل، ئۇرۇق، ئاق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، قورۇسا لەززەتلىك بولىدۇ، قەھۋە پۇرچىقى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. باشقا تەسىرلىرى خوخىنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## ئەكنە
(ئىنچىكە سۆرۈنجان)

بۇ بەربەرچە سۆز بولۇپ، ئىنچىكە سۆرۈنجاننىڭ ئىسمىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى كۈچەيتىدۇ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا يۈزنى

قىزارتىدۇ، ھەتتا باشقىچە قىزىرىپ كېتىدۇ. رەڭگى تېز ئۆزگىرىدۇ. ئايال ئۇسمىلىرىغا قوشۇپ رەڭگىروينى قىزارتىش ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەلەس
(مەككە بۇغدىيى)

ئۇ پارسچە «گەندۇمى مەككە» (مەككە بۇغدىيى) دەپ ئاتىلىدۇ. سەنئا شەھىرى خەلقىنىڭ ئاشلىقىدۇر.

ماھىيتى: ئاشلىقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇغدايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن يېقىلغان نان بۇغداي نېنىدىن تاتلىقراق بولىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بۇغدايدىن ئارتۇقراق، ئارپىدىن ئىسسىقراقتۇر.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سۇ بىلەن قاينىتىپ بوۋاسىر بىمارى سۇيىدە ئولتۇرغۇزۇلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

### ئەلەق
(زۇلۇك قۇرتى)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «زىلۇ»، «دىيۋچە»، تۈركچە «سۈلۈك»، ھىندىچە «جونك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل قۇرت بولۇپ، ئۆستەڭلەر، كۆللەر، تاتلىق سۇلار يىغىلىپ ئۇزۇن تۇرۇش بىلەن بۇزۇلغان ۋە كۆپ لەشلەر پەيدا بولغان ئويمانلاردا پەيدا بولىدۇ. بىرقانچە خىل بولىدۇ. سۇيى تاتلىق بولغان ئۆستەڭلەر، تاتلىق سۇ يىغىلغان، سۇيى سېسىمىغان، لەشلەر كۆپ پەيدا بولغان كۆللەردە پەيدا بولغان، رەڭگى قارا، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، بېشى قارا، قورسىقىنىڭ ئاستى سەل ئالا بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قورسىقىنىڭ ئاستى قىزىل، دۇمبىسىدە ئىككى دانە كۆك سىزىق بولغان ۋە يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ناھايىتى قارا ھەم چوڭ بولغانلىرى ناچار بولۇپ، ئىشلىتىلمەيدۇ، بەك كىچىكلىرى ئاجىز بولىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇرۇتۇلغىنىنى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىسا بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. سەبرە بىلەن سالايە قىلىپ زىمات قىلىسا بۇۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. مەلھەم قىلىسا تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇپ مەلھەم قىلىسا زەكەرنى ناھايىتى چوڭايتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن كۆيدۈرۈپ زىمات قىلىنسىمۇ يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكىنى كۆيدۈرۈپ سىركە ياكى كەندىر سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئارتۇق كىرپىك يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركىسە كىرپىكنىڭ قايتا ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ بىنەپشە يېغى بىلەن تېمىتىلسا سۈيدۈكنىڭ ئېچىشتۇرۇپ كېلىشى ۋە دوۋساق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 دانە، يۇيۇلۇپ قۇرۇتۇلغان سازاڭ قۇرتتىن 100 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى يېغى، ساپ كۈنجۈت يېغى بىلەن قاينىتىپ پىسەپىلىرى سۇزۇۋېتىلىپ، ئەينەك قاچىدا ساقلىنىپ، زۆرۈر بولغاندا زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركىسە زەكەرنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. سۇ چۈشكەن ۋە قېتىپ قالغان ئۇرۇقدانغا ئىسسىق ھالەتتە ئۇدا بىرنەچچە كۈن سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى تاز، يامان يارا، كالا تەمرەتكىسى، يامان مۇدۇر ـ چاقىلارغا ئوخشاش بۇزۇق قان توپلاشقان يەرلەرگە ۋە قاپاق، كۆز قۇيرۇقى، مەڭزگە ئوخشاش كىچىك، ئاجىز يەرلەرگە ۋە لوڭقا قويدۇرۇشنى خالىمايدىغان باللار ياكى تېنى ئاجىز ئايالالرنىڭ بەدىنىگە چاپلاشتۇرۇلسا بۇزۇق قانىنى جاپاسىز سۈمۈرىدۇ، ئەمما بەدەن توشۇق بولماسلىقى، بەلكى بۇزۇق خىلىتلاردىن پاك بولۇشى لازىم. ئۇ چاپلاشتۇرۇپ قان سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن سوغۇق ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر زۈلۈك قۇرتىنى تەكرار چاپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىسا، يەنى مەلۇم ئەزاغا بىرىنچى كۈنى زۈلۈك چاپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قالغان بۇزۇق قانىنى تولۇق سۈمۈرگۈزۈش ئۈچۈن يەنە چاپلاشتۇرۇلسا يامان بولمايدۇ. ئەمما چاپلاشتۇرۇلغان قۇرتنىڭ سانى ئالدىنقى كۈنىنىڭ سانىدىن ئازراق بولۇشى، مەسىلەن: ئالدىنقى كۈنى ئون دانە زۈلۈك قۇرتى چاپلاشتۇرۇلغان بولسا كېيىنكى كۈنى بەش دانە ياكى ئىككى دانە چاپلاشتۇرۇش لازىم. بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى نەزەردە تۇتۇش، قانىنى بىر قېتىمدىلا كۆپ مىقداردا سۈمۈرتمەسلىك لازىم، بولمىسا بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ياخشىسى شۇكى، ياخشى زۈلۈك قۇرتى تاللىنىپ تۇتۇپ يېگەن نەرسىلىرى قۇستۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇمكىن بولسا قۇرت چاپلاشتۇرۇلىدىغان ئەزا قىزارغۇچە ئۇۋۇلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرت چاپلاشتۇرۇلىدۇ، قۇرتنىڭ قورسىقى قان بىلەن توشقاندىن كېيىن ئۇنى زورلاپ ئاجرىتىشقا بولمايدۇ، بەلكى قانغا تويۇپ ئۆزى ئاجرىغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى ئېغىزىغا ئاز مىقداردا كۇل، تۇز ياكى پىياز سۈيى تۆكۈلسە ئۆزى ئاجرايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانىنىڭ

توختىشى ئۇچۇن يەرلىك ئورۇن يۇمشاق چىگە رەخت بىلەن سۇرتۇلىدۇ. قان كۆپ بولۇپ توختىمىسا، ئاز مىقداردا كۇل ياكى قان توختاتقۇچى دورىلار سۇركەپ تېڭىلىدۇ. ئەگەر يەرلىك ئورۇنغا سۇ ياكى ھاۋا تېگىپ ئاغرىسا، ئىششىسا ياكى قىچىشسا، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، لاتىغا ئوراپ قىزىتىپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ قىزىق ھالەتتە تەكرار زىمات قىلىنىدۇ. سوغۇق سۇ ۋە سوغۇق ھاۋادىن ساقلىنىدۇ. قۇرت ئاجراپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىغىزىغا تۇز سېپىلسە سۇمۇرگەن قانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋېتىدۇ ۋە ئۆلۈپ قالىدۇ. زۇلۇك قۇرتى بار سۇنى ئىچىپ قۇرت گالغا چاپلىشىۋالسا، ئۇنى چىقىرىشنىڭ تەدبىرى سىركە بىلەن تۇز سۇيى ئارىلاشتۇرۇپ ئىغىزنى چايقاشتۇر.

## ئىلك

(دېۋىرقاي)

ئۇ دېۋىرقاي، مەستىكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش چايىنىغىلى بولىدىغان، سوزۇلۇشچان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىلكۇل بۇتۇم

(بەتەم دەرىخى يېلىمى)

ئۇ پارسچە «سىقىز»، ئىسپىھانچە «قەندىرۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بەتەم دەرىخى يېلىمىدىن ئىبارەت. قۇرۇقى «قەلقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ھەزىم قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، كىرلارنى تازىلىغۇچىدۇر. يۇنان ۋە رىم ھۆكۈمالىرى بىردەك ئۇنىڭ تەسىرى مەستىكىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق دەپ قارايدۇ.

مېڭە، ئاشقازان، گال كېسەللىكلىرى: چايىنىسا مېڭىدىكى بەلغەم سۇيۇقلۇقلىرىنى تارتىدۇ ۋە تازىلايدۇ. گالدىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى تەنقىيە قىلىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى تارقىتىدۇ.

ئۆپكە، يۈرەك كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن 30 گرام ئېلىپ، 60 گرام ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن قازاندا ئېرىتىپ، ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ياتار ۋاقتىدا ئىستېمال قىلىنسا، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل ۋە خەفەقانغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار ۋە باشقىلار: ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچكى زەخىملەرگە،

سۇندۇرۇس ۋە چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى سېرىقى بىلەن ئىشلىتىلسە سۆڭەك سۇنۇشى ۋە ماغدۇرسىزلىنىقا پايدا قىلىدۇ. خۇددى راتىيانەجگە ئوخشاش زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرىدۇ. مەلھەملەردە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ. ئۆچكىنىڭ يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلسە تىرناقنىڭ ئەگرى بولۇپ قېلىشىنى ئوڭشايدۇ. ئەزالارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كونا يېرىقنى ساقايتىدۇ، بولۇپمۇ ئاز مىقداردىكى شىڭگىرىپ بىلەن ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. پەيلەرنى چىڭىتىدۇ. كونا قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(2) ئېپتىشلارغا قارىغاندا پەيلەرگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىلكۇل ئەنبات

(ئەنبات دەرىخى يېلىمى)

ئۇ بەتەم دەرىخى يېلىمىدۇر. ئىسھاق بىن ئىمران پىستە دەرىخى يېلىمى دەيدۇ. تەسىرلىرى دېۋىرقايىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. سېرىققا مايىل ئاق بولغىنى ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇللەيق

(دولانا)

ئۇ يۇنانچە «باتىس»، لاتىنچە «رەۋس»، پارسچە «ۋەر»، شىرازچە «تۇتى سىه گۇل» (ئۈچ گۈللۈك ئۈجمە) دېيىلىدۇ. دەيلىمدا «تەمۇش»، تۈركچە «بەكۇرنىكان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى تاغدا ئۆسىدۇ، يەنە بىر خىلى باشقا يەرلەردە ئۆسىدۇ. تاغدىن باشقا يەرلەردە ئۆسىدىغىنى لاتىنچە «سارساھورە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى ئۈجمىنىڭ تەمىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، سەل يۇمىلاق، ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. قۇرۇق سوغۇقلۇقى غالىب بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىگىچىدۇر.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ ھەممە قىسمى قۇرۇتقۇچى، سوۋۇتقۇچى، ماددىلارنى توسقۇچى، قان توكۇرۇش ۋە قاناشقا داۋا بولغۇچىدۇر . يەنە بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ، ئۇچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى زىمات قىلىسا سوغۇقتىن بولغان زەخىملەر ۋە كۆزنىڭ پۇلتىيىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ھۆل يوپۇرمىقىنى بىلەن غولىنىڭ سۈيى ئاز مىقداردىكى ئەرەب يېلىمى بىلەن كۆزگە سۈركەلسە كۆزنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ كۆز يارىسى، كۆز ياشانغىراش، تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، كۆز ئىششىقى ۋە كۆز پۇلتىيىپ قېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى چاينىسا چىش مىلىكى يارىلىرى، چىش مىلىكى بوشاش، ئېغىز يارىسى، ئېغىز پۇراش ۋە ئېغىزنىڭ يېغى يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ. پىشقان مېۋىسىنى چاينىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆل يوپۇرمىقى بىلەن غولىنىڭ سۈيىنى ئازراق ئەرەب يېلىمى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان توكۇرۇشكە داۋا بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى قايناتقىپ سۈيىنى گۈلاب بىلەن بىرلىكتە ھەيز مەزگىلىدە ئىچىلسە ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ. گۈلى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاناۋاتقان بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سايىدا قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى ئۇنىڭ قىسىملىرى ئىچىدە ئەڭ قابىز خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ئۇچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يىلتىزى قورۇغۇچى قۇۋۋەتكە ۋە ئۇچۇچان ئىسسىق تەركىبكە ئىگە بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ.

ئىششىقلار ۋە يارىلار: يوپۇرمىقى زىمات قىلىسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. يەلدىن بولغان يارا، بەلباغسىمان قوۋاقنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يېغى مېۋىسىنىڭ سۈيى سۈركىسە ھۆل يارىلارنى قۇرۇتۇپ، يىرىڭ ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىمۇ شۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. يوپۇرمىقى ۋە يۇمران، ھۆل شاخلىرى زىمات قىلىسا سەپەرلەردە ئىككى يوتىنىڭ يېغىرىنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنىڭ قايناتىلمىسى چاچنى قارايتىدىغان بولۇپ، ئەڭ ياخشى بوياق ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر قېتىم مۇنچىغا

چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى پۇت يۆيۈلسا چاچ ئاقارمايدىكەن.

**زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى:** «فەرەستىس» دەپ ئاتىلىدىغان مۈڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسى ۋە گۈلىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تاغ دولانىسى لاتىنچە «سارسارىيد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تىكىنى ئاز ۋە ئىنچىكىرەك بولۇپ، سېرىنگۈلگە ئوخشايدۇ. غولىلىرى ئاق، مېۋىسى قىزىلگۈلنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش يۇمىلاقلا مايىل بولىدۇ. تەسىرى تاغدا ئۆسمەيدىغىنىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. چېچەكى ماددىلارنى تارقىتىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇ دەرەختىن ئوت يانغانلىقىنى كۆرگەن، بەزىلەر ئوت يانغان دەرەخنى چىلان دەرىخى ئىدى، دەيدۇ».

## ئۇللەيقۇل كەلب
(ئىت دولانىسى)

ئۇ «ئۇللەيقۇل قۇدس» (قۇدس دولانىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «دەرەختى سىھ گۇل» (ئۈچ گۈللۈك دەرەخ) دەپ، ئەرەبچە «ۋەردى ئەسباخ»، «نەسرىينى ئەسباخ»، يۇنانچە «تەبەش»، «باتىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر، دولانىدىن كۆپ چوڭ بولۇپ، دەرەخكە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئاس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، شاخلىرىنىڭ تىكەنلىرى دولانىنىڭ تىكىنىدىن قاتتىقراق، گۈلى ئاق بولىدۇ. مېۋىسى زەيتۇن مېۋىسىگە ئوخشاش يېشىل، ئۇزۇنچاق بولىدۇ، پىشقاندا قىزىرىدۇ، ئىچىدىن يۇڭغا ئوخشاش نەرسە چىقىدۇ. مېۋىسىنىڭ يۇڭغا ئوخشاش نەرسىسى ئايرىۋېتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى يۇڭنى ئىستېمال قىلىنسا قىزىلئۆڭگەچكە چاپلىشىۋېلىش ۋە زىيادە قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسىنىڭ پوستى قاينىتىپ سۈيى ئىچىلسە تەرەتنى ناھايىتى قاتۇرىدۇ، سۈيدۈكنى تۇتىدۇ. گۈلى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇغۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر. قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يۇڭى يارىلارنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدىكەن.

**ئورۇنباسارى:** شەۋكەتۇل مىسرىييە (مىسىر تىكىنى) دۇر.

# پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئۇنناب
(چىلان)

ماھىيتى: ئۇ تونۇشلۇق بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى كەنار ۋە زەيتۇن دەرىخى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى، كەنار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن قېلىنراق، بىر يۈزى تۈكلۈك، دەرىخىنىڭ قوۋزىقى قىزىل، ياغىچمۇ قىزىل، خاللىق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ياخشىسى چوڭ، دانلىق، تولۇق پىشقان، رەڭگى قىزىل، گۆشلۈك بولغانلىرىنىڭ جورجاندىن ياكى خىتاي ۋە نېپالدىن چىققىنىدۇر. چۈنكى ئۇلار تاتلىق، قىرتاق تەمى ئازراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئومۇمەن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇرۇقچىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇ نېپال ۋە رەڭگىپورنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. تاتلىق، قىرتاقلىقى ئازراق بولىدۇ.

چىلاننىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئتى:** ھۆلىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ھۆللۈككە مايىل بولىدۇ. ئىبىن سىنا بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، قۇرۇقلۇق ۋە ھۆللۈك جەھەتتە مۆتىدىل دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلىتلارنى پىشۇرغۇچى، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى، ئۈچەيلەرنى نەملەشتۈرگۈچى، سۇيۇق خىلىتلارنى سۈرگۈچى، ئۆپكە، گال ۋە ئاۋازنىڭ ئىسسىقلىقتىن بولغان يىرىكلىكىنى ئوڭشىغۇچى، يۆتەل، كاناي ئىششىقى، كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولغۇچى، قان تازىلىغۇچى، ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇق، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقىنى باسقۇچى، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، مەقئەت، ئۈچەي، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە داۋا بولغۇچى، جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئوڭشىغۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇ ئۇرۇقچىسى بىلەن يالغۇز سالايە قىلىپ چېپىلسا، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ۋە كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، كۆكرەك ئاغرىقى، ئۆپكىنىڭ قۇرغاقلىقى، گالنىڭ يىرىكلىكى ۋە ئاۋازنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭلۇقىغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇقى كۆكرەك ۋە

ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ھۆلىدىن بەكرەك پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئېسىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازان ئۈچۈن ناچار تەسىرگە ئىگە. ياخشى خىلىت ۋە ئازراق شىلىمشىق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۈچەيلەرنى يۇمشىتىدۇ. سۇيۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ، ماددىلارنى پىشۇرىدۇ، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشى، ئۇسسۇزلۇق، جىگەر ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، جىگەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چالا پىشقان قۇرۇقىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ياخشىراق بولىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇ ئۇرۇقى بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئېيتىمشلارغا قارىغاندا، ئۇ جىگەر، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدىكەن.

ئىششىقلار، مۇدۇر ـ چاقىلار ۋە باشقىلار: چىلانمىسى ياكى كاسىنە ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن قايىنتىلغان سۈيى ئىستېمال قىلىنسا، تىلما كېسەل، يەلتاشما ۋە سەپرادىن بولغان چېچەككە پايدا قىلىدۇ. سەپرا بىلەن قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ يۆتەل بولمىغان ئەھۋالدا سىركەنجىۋىل بىلەن، يۆتەل بولسا سوغۇق سۇ، نىلۇپەر ئەرقى، بىدىمۇشكى ئەرقى، كاۋى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن، شۇنداقلا ئاقلانغان ئەدەس بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. شارابنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ، قاپلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 50 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەرپىستان.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلابتۇر.

(2) مەنىينى ئازايتىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل ۋە باھ دورىلىرىدۇر.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قايىنىتىپ سۈزۈپ، كۈنگە 200 مىللىلىتىر ئىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر بىلەن بەش كۈنگىچە ئۇدا ئىچىلسە بەدەننىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇرۇق يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سېپىلسە، ئېغىز ياكى باشقا ئەزالاردىكى يەلدىن بولغان يارا ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ يەرلىك ئورۇنغا ئاۋۋال ھەسەل سۈرۈلگەندىن كېيىن ئۈستىدىن سېپىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى سالايە قىلىپ، يالغۇز ياكى باراۋەر مىقداردىكى سەفىداپ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ

يامان يارىلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلسا تازىلاپ ساقايتىدۇ. تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ياغچىنىڭ ئېكەكدەلمىسى ئىستېمال قىلىنسا ئۇچەي يارىسى، قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا سۇنغان، ئورنىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە قوزغالغان ئۇستىخانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. يېلىمى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا كۆز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنى چاينىسا تىلنى سېزىمسىزلاندۇرۇپ بەتتەم دورىلارنىڭ تەمىنى سېزەلمەيدىغان قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن مۇسھىل دورىلار ۋە بەتتەم دورىلارنى ئىچىشتىن ئاۋۋال ئۇ چاينىلىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «ئەلقانۇن»نىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا «جالىنۇس ‹مەن ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ، نە ساقىلىقىنى ساقلاشتا بىرەر تەسىرىنىڭ بارلىقىنى سەزمىدىم› دېگەن، جالىنۇستىن ‹ئۇنىڭ ھارارەتلىك قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەسىرى بار› دەپ يازغان، ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇ خىل خاسىيىتى ئۇنىڭ قانىنى قويۇلدۇرۇش تەسىرى بىلەن بولۇشى مۇمكىن. كىشى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قانىنى ساپلاشتۇرغۇچى، يۇغۇچى دەپ بىلسە ئۇ پەقەت بىر گۇمان بولۇپ، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبارىم يوق. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى ئازدۇر» دەپ يازغان ۋە پەزىلەتلىك ھەكىم جالىنۇسنىڭ سۆزى ناھايىتى توغرا، ياخشى ۋە مەقبۇلدۇر دېگەن.

چىلاننىڭ سىركەنجىۋىلى، شەربىتى، لوئوقى، قاينىتىلمىسى ۋە چىلانمىسى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

ھەدىس شېرىپتا «چىلان تەپنى كەتكۈزىدۇ، ئامۇت يۈرەكنى تازىلايدۇ» دېيىلگەن.

## ئىنەب

(ئۈزۈم)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «ئەنگۇر»، تۈركچە «ئۈزۈم»، ھىندىچە «راك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق مېۋە بولۇپ، «رەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يازلىق ۋە قىشلىق دەپ ئايرىلىدۇ. ئاق، تولۇق، شېرىن، سۇلۇق، دانلىق، پوستى نېپىز، ئۇرۇقى كىچىك، دانلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان، قورۇلۇپ قالمىغان، سانجاقلاشمىغان ۋە ساپىقى ئىنچىكە بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىدىن لەتىق ۋە ئاسان سىڭىدىغىنى «ئەسكەرىي» دەپ ئاتالغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا «ساھىبى» دەپ ئاتالغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا «ريش بابا» دېيىلگىنى، ئۇنىڭدىن قالسا «رازىقى» دېيىلىدىغان كىشمىش،

ئۇنىڭدىن قالسا باشقا تۇرلىرىدۇر. كىشمىش ناھايىتى شىرىن بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇ ھەر خىل قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر. تۇرىمۇ تولىدۇر. قانىدىقى بولسۇن ياخشى پىشقىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بەزىلەر بەك شىرىنلىرى ئىككىنچى دەرىجىگىچە ھۆل ئىسسىق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، ئاسان ھەزىم بولغۇچى، ئاشقازاندىن تېز ئۆتكۈچى، بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرغۇچى بولۇپ، ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ياخشى قان پەيدا قىلىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. ناچار مىزاجلارنى تەڭشەيدۇ. قان تازىلايدۇ، سەۋدالىق ۋە كۆيگەن خىلىتلاردىن مۇداپىئە قىلىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. پوستى ئايرىۋېتىلىپ سۇيى ئىچىلسە بۆرەكنى سەمرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) يەللىك ھۆل ئاشقازانغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىرە، ئارپىبەدىيان.

(2) جىگەر، تال توسالغۇلىرىغا زىيان قىلىدۇ. يەللىك قولۇنجى پەيدا قىلىدۇ، بۆرەكتە يەل پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەرەپشە ئۇرۇقىدۇر.

(3) ئىچىنى سۇرىدۇ، ئۇسسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردۇر.

ئۈزۈمنىڭ ئۇستىدىن سوغۇق سۇ ئىچسە ئۇنى ناھايىتى بۇزىدۇ، ئىستىسقا، ئوفۇنەتلىك تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۈزۈمنى ئۈزگەندىن كېيىن دەرھال يېيىلمەيدۇ، بەلكى بىر - ئىككى كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ۋە ئىككى تائام ئارىلىقىدا، بىرىنچى تائام ھەزىم بولغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھۆل ئۈزۈم قورساقنى ئېسىدۇ، ئىچىنى سۇرىدۇ، پوستى سەل پۇرلەشكەن ئۈزۈمنىڭ ئوزۇقلۇقى ئەنجۈرنىڭ ئوزۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق، يەل پەيدا قىلىشى ئازراق بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، كېسەلدىن يېڭى قوپقانلار، كونا سوغۇق تەپ بولغانلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۈزۈم سۈيى تېز سىڭدىغان ۋە ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدىغان بولۇپ، نەپەس ئەزالىرى ۋە ئۆپكىگە پايدا قىلىدۇ، ئەمما سۈيى شورىلىپ پوستى تاشلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ «تايىفى» دەپ ئاتالغان تۈرى ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە دوۋساققا مۇۋاپىقراق كېلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيى ۋە پىسسىپى زەيتۇن يېغى بىلەن تەكرار قاينىتىپ ياكى ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ، تەمى ياخشى چىقىرىلىپ تەييارلانغان يېغى بەدەننى ناھايىتى قىزىتىدۇ،

ماددىلارنى تارقىتىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ.

ئۈنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، يەل پەيدا قىلىدۇ، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك، مەنىينى تىزگىنلەيدۇ، بولۇپمۇ سىركە كوزىسىنىڭ تېگىدىن ئېلىنغىنى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلغىنىنىڭ قورۇش تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇ دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

ئۈزۈم پوستى سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ناھايىتى ئاستا ھەزىم بولىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى سېپىلسە تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. كۆزنىڭ ۋە كۆپ قىسىم يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

پىشمىغان قىرتاق تەملىك غورا ئۈزۈم قورۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. ھەدىس شېرىپتا بايان قىلىنىشىچە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاغا غەمدىن شىكايەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنىڭغا ئۈزۈم يېيىشنى، چۈنكى ئۇنىڭ غەمنى كەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋەھيي قىلغان. يەنە بىر ھەدىستە: «مېۋىلەردىن ئۈزۈم بىلەن قوغۇن ماڭا مۇھەببەتلىك قىلىندى» دېيىلگەن. ئۈزۈمنى يېيىش ھەققىدە «ئۇنى بىر تالدىن ـ بىر تالدىن يېگىن، شۇنداق بولغاندا يېيىشلىك بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇنىڭ قىشتا ئۆسكىنى قۇياش تەپتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياخشى پىشالمىغاچقا تازا شېرىن بولمايدۇ.

ئۈزۈمنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئاق، قىزىل بولىدۇ، باغداتتا «جەبەلمي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سەل تاتلىق، قىرتاق بولۇپ، ئاشقازاندىن تەستە ئۆتىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ. بەزىدە قۇرۇقلۇقى بىلەن ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېقى نازۇكراق، ئاشقازاندىن تېز چۈشكەكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ كۈلى ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. ئۇرۇقدانىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. باشىنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ.

جاۋارىشى ھىسرىم، سىركە، ئۈزۈم شىرىنىسى، ئۈزۈم يېغى، ئۈزۈم قىيامى، تال كۈلىنى، شارابى ھىسرىم، شارابى ئىنەب، شارابى رەيھانى، مەيپۇختەج قاتارلىقلار «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## ئىنەبۇس سەئلەب

(ئىتئۈزۈمى)

ئۇ «قەنا»، «زەبرەق»، «سۇلسان»، «تولىيدۇن»، پارسچە تۈلكە ئۈزۈمى دېگەن مەنىدە«روباھ تەربەك»، «روباھ تورەك»، «شەكەرى ئەنگۇرى رۇباھ»، تۈركچە «قۇش ئۈزى»،

ئىسپانچە «تاج رىيزى»، ھىندىچە «مەكۆھ»، «مەكۆي»، «كاك ماجى»، لاتىنچە «سەلاتىم»، بەربەرچە «مەرابىلە»، كەستىيلاندا «ئەزمۆر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، يەرلىك، ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت بىر نەچچە خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسى بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ ئەركىكى «كاكىنەچ» دەپ ئاتىلىدۇ، ماراكەش خەلقى «ھەببۇل لەھۋى» (ئوينىغۇچ دان) دەپ ئاتايدۇ. چىشىسى ئىتئۈزۈمى بولۇپ، ماراكەش خەلقى «قەناد» دەپ ئاتايدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا، ئۇنىڭدىن مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىمۇ تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ماراكەش خەلقى تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ ئەركىكىنى «كاكىنەچ غالىيە» دەپ ئاتايدۇ. ئائىلىلەردە تېرىلىدۇ. ئۇ يەرلىك كاكىنەچتىن كىچىكرەك، قاتتىقراق، ئۇنىڭدىن پايدىلىقراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ ئەركىكى «كاكىنەج مۇنەۋۋەم» (ئۇخلاتقۇچى كاكىنەچ) دەپ، ياۋىسىنىڭ چىشىسى «ئىنەبۇس سەئلەب مۇجەننىن» (ساراڭ قىلغۇچى ئىتئۈزۈمى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. يەرلىك ئىتئۈزۈمىنىڭ ئۆسۈملۈكى دەرەخ بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گىياھ بولۇپ، ئىككى غۇلاچقىچە ئۆسىدۇ، شاخلىق، يوپۇرمىقى رەيھان يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، چوڭراق، قارىغا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى قىزىلغا مايىل سېرىق، تاتلىق، شىلىمشىق ۋە باشاقلىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق بولۇپ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇ تۈرىنىڭ مېۋىسىمۇ قارا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قارىسى زەھەردىن خالىي ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىدىن ئىشلىتىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىلغا مايىل سېرىق، دانلىق، بۇزۇلمىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، ئۇسارىسى، ئەرقى ياكى قايناتىلمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ زىماتى ۋە ئۇسارىسى سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

يەرلىك كاكىنەچنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىتئۈزۈمىنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى كەڭرەك بولۇپ، مېۋىسى نەبىق مېۋىسى ۋە ئۈزۈم دانىسى چوڭلۇقىدا، سىلىق ۋە غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. ئۇرۇقى ئىتئۈزۈمى ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغان، «ئىنەبۇس سەئلەب مۇنەۋۋەم» (ئۇخلاتقۇچى ئىتئۈزۈمى) دەپ ئاتىلىدىغان بىرىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى ئالما ۋە بېھى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، تۈكلۈك، ئۈستىگە چاڭ ـ توزان قونغان ھالەتتە بولىدۇ. غولى چاپلاشقاق بولىدۇ. گۈلى قان رەڭلىك قىزىل بولىدۇ. مېۋىسى سېرىق رەڭلىك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. پوستىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى قىزىل بولىدۇ. نەم، تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ «مۇجەننىن» (ساراڭ قىلغۇچى) دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرماقلىرى زاغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ، ھەرشىف ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا

ئوخشايدۇ. تىكەنسىز بولىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، ھەربىر باشاقتا 10~12 دانە ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇرۇقلىرى قارا، يۇمىلاق، دىبىق مېۋىسىگە ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ. يىلتىزى ئاق، تومۇ، كاۋاك بولۇپ، غولاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئۆسىدۇ. تاغلىق يەرلەر، چىنار دەرىخىنىڭ ئەتراپلىرى ۋە قىزىق شامال كۆيدۈرگەن يەرلەردە ئۈنىدۇ.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، تەسىر كۆرسەتكۈچى ھارارىتى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن. ئۈنىڭ مەست قىلىدىغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. ئۈنىڭ مەست قىلىدىغان ۋە ئۇخلىتىدىغان تۈرى ئەپيۇنگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قۇرۇق، ئاجىزراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۈنىڭ يەرلىكى ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر، قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار.

باش كېسەللىكلىرى ۋە باش ئاغرىقى: يۇمشاق ئېزىلگەن يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا باش ئاغرىقى، مېڭە پەردىلىرى ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. قاينىتىپ سۈيى ئىلمان ھالەتتە تۆكۈلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا نەزلىلەرنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يىلتىزىدىن بەش گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇخلىتىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاق ئاستىغا زىمات قىلىسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىلمان ھالەتتە بىر قانچە قېتىم تېمىتىلسا قۇلاق ۋە بۇرۇن كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ھەممە تۈرىنىڭ، ھەتتا ئۇخلىتىدىغان تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىمۇ ياش بېزى ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان شيافلار ساپ سۇ ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئورنىدا ئۈنىڭ سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلىتىلسە مۇۋاپىقراق بولىدۇ. ئۈنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسى كۆزگە يەتكەن زەخمىگە تېمىتىلسا پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۈنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلىسا گال ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنى ئاشقازانغا زىمات قىلىسا ئاشقازان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۈنىڭ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۈنىڭ سۈيىدىن 120 مىللىلىتىر ئېلىپ شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچىلسە ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۆت خاراكتېرلىك خىلتلارنى سۈرىدۇ، قورساق ئاغرىقى،

قانلىق تولغاقتا پايدا قىلىدۇ، مەقئەت ئىششىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقانى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ 60 مىللىلىتىر سۈيى ئارپىبەدىيان سۈيى، كاسنىنە سۈيى ياكى ئەپتىمۇن سۈيى بىلەن ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا سارائىلىق ۋە تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئىچىنى سۈرۈش ھەم قابىزلىق قۇۋۋىتى بىلەن ئۇچەيلەرنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيزنىڭ ئېقىشى ۋە بالىياتقۇ سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن كېلىپچىققان ئېھتىلام بولۇشنى توسىدۇ. ئۇنىڭ سېزىمسىزلاندۇرىدىغان تۇرىنىڭ ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. سوغۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. ئېھتىلام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىششىقلار، قىچىشقاق، قوتۇر، يارىلار، كۆيۈك يارىسى ۋە باشقىلار:** سۈيىنى ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. زىمات قىلسا سىرتقى، ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىسسىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يامىرىغۇچى يارىلار ۋە يارىلاشقان راكقا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئارپا ئۇنى بىلەن تەكرار چېپىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىسپىداج ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا قىزىل، بەلباغسىمان قوتاققا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا جىنتىيانا بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت.

**ئورۇنباسارى:** كاكىنەچ، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا بەتبات ئۈسۈملۈكىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە، قايناتمىلاردا 50 گىرامغىچە، سۈيىدىن 100 مىللىلىتىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ قايىنتىلمىغان سۈيى ناھايىتى قۇستۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ساراڭ قىلىدىغان ئىتئۈزۈمىنىڭ تەبىئىتى ئۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ زەھەرلەردىندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەش گىرامى كۈچلۈك مەست قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ 20 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا تىلنى قۇرۇتۇش، رەڭگىرويىنى كۆكەرتىش، ھېق تۇتتۇرۇش، كۆپ قان قۇستۇرۇش، ئۈچەينى زەخىملەش ۋە ئېغىز تەمىنى سۈت تەمىگە ئوخشاش قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھېچ ۋاقىتتا ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئىسسىق، بۇزۇق، قويۇق ماددىلارنى يوقىتىدىغان زىماتلارغا قوشۇشقا رۇخسەت قىلغان.

ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مائۇلھەسەل ئىچۈرۈلۈپ

قۇستۇرۇلىدۇ، رۇمبەدىيان، سۈت ئىستىمال قىلدۇرۇلىدۇ، ئارپىبەدىيان چايىنتىلىدۇ. ئارپىبەدىيان شىرىسى ياكى قايىنتىلمىسى شېكەر بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ، ئاچچىق بادام مېغىزى ۋە توخۇ گۆشى يېگۈزۈلىدۇ.

## ئىنبۇد دۇبب
(ئېيىقئۈزۈمى)

ئۇ تۈركچە «مۇردار ئاغاجى»، «يارشىين» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۆسۈملۈكى «غايىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى كۆپ بولۇپ، يەرگە ساڭگىلاپ كۈنلۈكسىمان ئۆسىدۇ. تىكەنسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، يۇمشاق بولىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، كانار مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. قىزىل كاكىنەچكە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىچىدىن تۆت-بەش دانە كىچىك ئۇرۇق چىقىدۇ. تەمى سەل تاتلىق، ئاچچىق، شىلىمشىق، سەل قىرتاق بولىدۇ. گۈلى يېشىلغا مايىل سېرىق بولۇپ، خېنە گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تاغ ئالىقتىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يىلتىزى قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسى قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. تالقىنى كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. يىلتىزى ناھايىتى قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى تارتقۇچى ۋە ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ قوۋزىقى چارۋىلارنىڭ ئىششىقلىرىغا زىمات قىلسا بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلاپ ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولۇپ، شەمشاد دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. كۈنلۈكسىمان ئۆسمەيدۇ. يىلتىزى ياۋا ياغاچتۇر. ئۇنىڭ قالغان قىسىملىرى زەھەرلىك بولۇپ، كېرمان، شىراز شەھەرلىرىدە كۆپ بولىدۇ. ئۇ يەردە «بەركەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يىلتىزىنىڭ ئەكسىچە مەست قىلىدۇ.

## ئىنەبۇل ھەيىە
(يىلانئۈزۈمى)

ئۇ «فاشرا» ئۆسۈملۈكى بىلەن كەپە مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئەنبەر

(ئەنبەر)

ماھىيىتى: ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۇ بىر خىل ھەسەل ھەرىسىنىڭ مومى بولۇپ، مەزكۇر ھەسەل ھەرىسى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئارالدىكى تاغلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساپ، گۈل ـ چېچەكلەر كۆپ بولغان باھار پەسلىدە ئۇنىڭغا ھەسەل يىغىدۇ. شامال ۋە يامغۇر پەسلىگە كەلگەندە شامال بىلەن يامغۇرنىڭ دەستىدىن ھەسەل ھەرىسىنىڭ مەزكۇر ئۇۋىلىرى دەرەختىن ياكى تاغدىن ئاجراپ يەرگە چۈشۈپ، كەلكۈن بىلەن دېڭىزغا چۈشۈپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەسىلى يۇيۇلۇپ كېتىپ ساپ مومى قالىدۇ، ئۇ قۇياش ھارارىتىنىڭ قىزىتىشى ۋە دېڭىز دولقۇنىنىڭ تەكرار ئۇرۇشى بىلەن قات ـ قات، يۇمىلاق ياكى باشقا شەكىللەردە بولۇپ قالىدۇ ۋە دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالىدۇ. كىشىلەر ئۇنى يىغىۋېلىپ ئىشلىتىدۇ، ساتىدۇ ياكى سېتىۋالىدۇ. يۇمىلىقىنى «شەمامە» (بەك پۇرىغۇچى) دەپ ئاتاپ، قىممەت باھادا سېتىۋالىدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، بىر مۇنچە ئىشەنچلىك كىشىلەر، ئاز ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يېڭىسى قولغا چۈشۈپ قالىدىغان بولۇپ، خۇددى ناھايىتى خۇش پۇراق خېمىرغا ئوخشاش تاتلىق، يۇمشاق بولىدۇ. يەمەن، مالدىپ، ھەزرەمەۋت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز ساھىللىرىدا دولقۇننىڭ كۈچى بىلەن سىرتقا چىقىپ قالىدىغان بولۇپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى يىغىۋالىدۇ ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىماملىرى، پادىشاھلىرى، ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئىگىلىرى ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىۋالىدۇ ۋە تولۇق ئىشتىھاسى بىلەن يەيدۇ ۋە باھ، تەبىئىي ھارارەت، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى جانلاندۇرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېڭىز ھايۋانلىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ئۇچراتقان ھامان يالماپ يۇتۇۋالىدۇ، ئەمما قورسىقىدا ھەزىم بولماي دېڭىزغا چىقىدۇ ياكى قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قالىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەردار كىشىلەر ئۆلارنى سوزۇپ ئېلىپ قورسىقىنى يېرىپ ئالىدۇ، بۇنداقلىرى قارا، سەل بەتبۇي بولىدۇ. ئۇ «ئەنبەر بەلئى» (يۇتۇلغان ئەنبەر) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، مۇئەللىپنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى، ھەكىم مۇئتەمەدۇل مۇلۇك دەپ نام ئالغان ھەكىم سەييىد مۇھەممەد ھاشىم «كەمىنە ئەنبەرنىڭ (شەمامە) (پۇرىغۇچى) دەپ ئاتالغان تۈرىنىڭ ئىچىدە ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدىغان 100 دانىدەك ھاشاراتنىڭ تۈرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ پوستى ناھايىتى قاتتىق، ساپاللاشقان ئىدى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

يەنە كىتابنىڭ يازغۇچىسى بىر پارچە ئەنبەرنى كۆرگەن بولۇپ، سەدەپنىڭ قېپىغا

ئوخشايدىغان، رەڭگى ياڭاق مېغىزىغا ئوخشاش قىزىلغا مايىل ھەمدە ھايۋاننىڭ بېشى، بوينى، تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان مەلۇم قىسمىنى كۆرگەن. ئۇ يەنە «ئۇ دېڭىزدىكى كانلار ياكى ئاراللاردىن خۇددى قەفرى، مۇمىيا ۋە قىيرغا ئوخشاش سىرغىپ چىقىپ، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ دولقۇنلىشىشى ۋە قۇياش ھارارىتىنىڭ قىزىتىشى بىلەن قات ـ قات بولۇپ ئۇيۇيدۇ. يەنە (شەمامە) شەكلىدە يۇملاق ۋە باشقا شەكىللەردە بولۇپ، دېڭىز ساھىلىغا چىقىدۇ» دېگەن قاراش كەمىنىنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈكرەكتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى تۈرىگە تۇپراق، قۇم ئارىلاشقان بولىدىكەن، ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن سۇنىڭ تېگىگە ئولتۇرىدىكەن، قات ـ قات، قارا بولىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ قۇم ـ توپىلىرى چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ، «ئەنبەر رەملىي» (قۇملۇق ئەنبەر) ۋە «تەختە» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنى ساپلاشتۇرماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى مومنى ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

ئەمما خۇددى ئىخۋانۇس سەفا بىلگەندەك، ئەنبەر دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋاننىڭ تېزىكى بولۇپ، دولقۇن ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىقىدۇ، دېگەن قاراش ۋە ئۇ دېڭىز يۈزىگە چۈشكەن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاتقان بىر خىل شەبنەمدۇر دېگەن قاراش ئەمەلىيەتتىن يىراقتەك مەلۇم بولىدۇ.

ياراتقانلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللا ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

بىلگىنكى، ئەنبەرنىڭ ساپ، سېرىققا مايىل بولغانلىرى «ئەنبەرى ئەشھەب» دەپ، يۇملاق بولغانلىرى «شەمامە» (غاز قوغىنى) دەپ، پارچىلىرى ئاققا مايىل بولۇپ، ئۈستىدە ناھايىتى ئۇششاق ئاق چېكىتلەر بولغانلىرى «ئەنبەر خەشخاشى» (خەشخاش ئۇرۇقىسىمان ئەنبەر) دەپ، مەزكۇر چېكىتلەر «باھارى ئەنبەر» (ئەنبەر باھارى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەممىدىن ياخشىسى يېڭى، مايلىق، خۇش پۇراق بولغىنىدۇر. قالغانلىرىنىڭ سۈپىتى رەت بويىچە پەرقلىنىدۇ. يەنى ئەنبەر ئەشھەبدىن كېيىن كۆككە مايىل بولغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېشىلغا مايىل بولغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قارىغا مايىل بولغىنى ياخشىدۇر. ھەممىدىن ناچىرى قارا، پۇرىقى سۇس، كونا بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا بەلئى (يۇتۇلما) دەپ ئاتالغانلىرىدۇر.

ئۇۋۇلۇپ كەتكەنلىرىنى يىغىش مەقسەت قىلسا قازانغا تۆكۈلۈپ ئۈستىدىن گۇلاب قوشۇلۇپ، سۇس ئىسسىقلىق بىلەن ئېرىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە سوغۇق گۇلاب قۇيۇلسا قاتىدۇ، شۇ چاغدا شەمامىگە ئوخشاش يۇملاق ھالەتكە كەلتۈرۈلسە بولىدۇ ياكى ئۇ نېپىز، پاكىز چىگە رەختكە ئورىلىپ قىزىق قايناق سۇغا تاشلىنىپ ياخشى يۇمشىغۇچە قويۇلىدۇ. تولۇق ئۆزلەشكۈچە ئارىلاشتۇرۇپ سوغۇق سۇغا سېلىنسا ئۇيۇپ قاتىدۇ، شۇ چاغدا

چىڭگە رەخت ئايرىۋېتىلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇستىدىمۇ چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ.

ئۇ سۇنئىيمۇ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، گەج، لازەن، موم ۋە ئاز مىقداردىكى قارا ئەنبەردىن قات ـ قات ياكى شەمامىگە ئوخشاش ھەر خىل شەكىللەردە ياساپ ئۇستىگە ساپلاشتۇرۇلمىغان ساپ ئەنبەردىن چاپلىنىپ تەييارلىنىدۇ ۋە ئەسلىي ئەنبەر ئورنىدا سېتىلىدۇ ياكى ساپ ئەنبەر ئېرىتىلىپ ئۇستىگە تۆكۈلىدۇ ۋە كونارتىلىپ سېتىلىدۇ.

ئەنبەرنىڭ ئەسلىيسى بىلەن ساختىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا چاينىلىدۇ، ئۇۋۋالسا ساختا، يۇمشاق، ياغقا ئوخشاش بولۇپ، سەل چاپلاشقاق بولسا ئەسلىيدۇر. يەنە ئۇ ئوتقا سېلىنسا خۇش پۇراق ئىس چىقسا ئەسلىي، بولمىسا ساختىدۇر ياكى ئۇنىڭغا قىزىتىلغان زىخ سانجىلسا خۇش پۇراق ئىس چىقسا ئەسلىي، بولمىسا ساختىدۇر.

ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ئەنبەر بىلەن ساختا ئەنبەرنى ئايرىش تەس بولۇپ، سۇندۇرۇپ ئىچىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** روھلار ۋە ھايۋانىي، نەپسانىي، تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى ساقلايدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارنى ناھايىتى خۇرسەن قىلىدۇ. سىرتقى ۋە ئىچكى بەش سېزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھ ۋە تائام ئىشتىھاسىنى قوزغايدۇ. سۇرگۈچى شەربەتلەر ۋە باشقىلارنى كۆپ ئىچىش، كۆپ جىما قىلىش ۋە ئاغرىقلار سەۋەبىدىن ئازايغان قۇۋۋەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدۇ. مەجۇنلەر ۋە باشقا تەركىبلەرنىڭ تەسىرلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئومۇمەن، بارلىق سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، خۇسۇسەن مېڭە، يۈرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. يۈرەك بىلەن مېڭىنىڭ كېسەللىكلىرىنى خاسىيىتى بىلەن ساقايتىدۇ. تەبىئىي ھارارەتنى جانلاندۇرىدۇ. ياشانغانلارغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

باش، كۆكرەك، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋسۇن كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، بۇرۇنغا تېمىتىلسا، ياغلانسا ياكى ئىسرىق سېلىنسا پالەچ، لەقۋا، رەئشە، تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ساراڭلىق، كونا نەزلىلەر، قۇلاق ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. قۇلاقنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. بۇرۇن، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، ئۆپكە يارىسى، يۈرەك ئاجىزلىقى، خەفەقان، ھوشسىزلىنىش، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا، يەرقان، ئاشقازان ئاغرىقلىرى، تال كېسەللىكى، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا

قىلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەردە يىغىلىۋالغان يەللەرنى تارقىتىدۇ. بوغۇملار ۋە پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

نەسلىنىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باھنى قوزغىتىدۇ، زەكەرگە تېمىتىلسا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جىما ھوزۇرىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە 0.5 گىرام ئىستېمال قىلىپ ئۈدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇلسا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ كونا ـ يېڭى ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان ھاۋانى ئىسلاھ قىلىدۇ. زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. پۇرىسا يۇقىرىقى ھەممە تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) قاننى قايىنىتىدۇ، سۈيۈلدۈرىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلاردا تىلما كېسەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كافۇر، ھۆل سوغۇق مېۋىلەر. ئۇ ئىسسىق دورىلار بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇ پاختىغا يۇقتۇرۇلۇپ ھەمەلچە قىلىسا سوغۇقلۇق ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

(2) ئېپىتىشلارغا قارىغاندا ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

(3) بەزىلەرنىڭ قارىشىدا جىگەردىكى روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاباشىر، يۇمغاقسۈت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سوغۇق دورىلاردۇر.

(4) كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ۋە كۆپ پۇرىسا ماشرا ۋە قىزىلنى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كافۇر پۇرىتىلىدۇ، تەرخەمەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ ئىككى ھەسسە گۈلبىنەپشە ۋە 2.5 گىرام ئەرەب يېلىمى بىلەن بىرلىكتە كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئىستېمال قىلىنسا مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە خۇرسەن قىلىدىكەن، ئەمما بۇ گەپكە ئالدانماسلىق لازىم، چۈنكى ئۇنىڭلىك ئاساسى يوقتۇر.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئىپار، زەپەردۇر.

ئەنبەرنى ئېرىتىش، ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئىسرىقى، جاۋارىشى، ھەببى، خېمىرى، شەربىتى، شەمئى، ئەرقى، سەئۇتى، پىلتىسى، قۇرسى، قەھۋەسى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## ئۇنقۇد
(ساپاق، باشاق)

ئۇ ھەرقانداق ساپاق ۋە باشاقنى كۆرسىتىدۇ. كۆپلۈك شەكلى «ئەناقىيد» بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** مەلۇم ئۆسۈملۈكنىڭ خاس باشقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى شاخلىق بولۇپ، ئۇچ غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، چېچەكسىز بولىدۇ. باشقى سۈيۈقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. ئۇرۇقى ۋە پۇرىقى سۇزاپ ئۇرۇقى ۋە پۇرىقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۇلارغا ماددىلارنىڭ قويۇلۇشىنى توسقۇچىدۇر. زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، كۆيۈشۈشنى ئوڭشايدۇ. قان بىلەن سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەنكەبۇت
(ئۆمۈچۈك)

بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەناكىيب» بولىدۇ. ئۇ پارسچە «كارتىنە»، تۈركچە «ئورۇمچۈك»، ھىندىچە «مەكرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تېنى كىچىك، پۇتلىرى ئۇزۇن بولغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، بىر قانچە خىل بولىدۇ. ھەربىرىنىڭ خاس نامى بار، مەسىلەن: قادالغاق، چىۋىنخور، دۇ ۋە باشقىلىرىغا ئوخشاش. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئۆيلەرنىڭ بۇرجەكلىرى ۋە خالىي يەرلەرگە شۆلگىيى بىلەن تور توقۇپ ماكان تۇتىدىغان ئۆمۈچۈك نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بەزىلەر قادالغاق، چىۋىنخورغا ئوخشاش تۈرلىرىنى ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

قۇلاق كېسەللىكلىرى: تورى ئاق، توم بولغان ئۆمۈچۈك زەيتۇن يېغى بىلەن قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

قاناش، ئىششىقلار، يارىلار ۋە مۇدۇر ـ چاقىلار: ئۆمۈچۈك تورى قان ئېقىۋاتقان يارىلارغا بېسىلسا چاپلاشتۇرۇش ۋە يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش بىلەن قېنىنى توختىتىدۇ.

تەپلەر: ئىيتىشچە، ئۆمۈچۈك تورى بەزى مۇناسىۋەتلىك مەلھەملەرگە قوشۇلسا ياكى زۇپتى بىلەن بىرلىكتە چىگە رەختكە سۈرۈلۈپ پىشانە ياكى ئىككى چېكىگە چاپلانسا ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. يەنە ئىيتىلىشچە، ئۆمۈچۈكنىڭ توم، ئاق تورى تېرىگە ئورىلىپ ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ بېشى، بىلىكى ياكى بوينىغا ئېسىپ قويۇلسا تەپنى يوقىتىدىكەن. ئۆمۈچۈك بالا چىقارغاندا قورسىقىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولىدىغان قېلىن پەردىسىنى بالىسى ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ بولغان ئادەمنىڭ بىلىكىگە باغلاپ قويۇلسا يوقىتىدۇ. قانىغان ئەزاغا تېڭىلسا قېنىنى توختىتىدۇ. ھۆل يارىلارغا تېڭىلسا قۇرۇتىدۇ. ئۆمۈچۈك ئەزاغا سۈركىسە سۆلۈق قاپارتقۇ ئۆرلىتىدۇ، قىچىشتۇرىدۇ، يارىلاندۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ كۈچلۈك تۈرىدىن ناچار ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ — قوللار سوۋۇش، جۇغ-جۇغ بولۇش، زەكەر تارتىشىش، قوزغىلىش، قورساقتا يەل پەيدا بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئىلاج قىلىش ئۈچۈن قۇرۇق سۈزاپ، سۆئدى، سىيادان كۈچلۈك ساپ شاراب بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. مۇنچىدا تەرلىتىلىدۇ. ھىندىچە «ئەمچۇر» دېيىلىدىغان خام، قۇرۇق ئام، سۇ بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ سۈرۈلىدۇ. «ئەزەبە» دەپ ئاتىلىدىغان، پۇتلىرى قىسقا بولۇپ، يەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان، سامان بەرسە قولدىن ئالىدىغان قارا ئۆمۈچۈك چاقسا دائىملىق تەپ ۋە باشقا ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى باشقا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ زەھىرىنىڭ ئەكسىچە ئىسسىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم قان ئېلىنىدۇ. مېۋە سۈلىرى، ئارپا سۈيى ۋە كۆكتات شورپىسى ئىچۈرۈلۈپ ئىچى بوشىتىلىدۇ. چاقىقان ئورۇنىنىڭ بۇزۇلغان گۆشى كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ ۋە يامان يارىلارغا قىلىنىدىغان تەدبىرلەر قىلىنىدۇ.

«فەھد» (يىلپىز) دەپ ئاتىلىدىغان، خۇددى يىلپىز ئوۋ بىلەن تىركىشىپ تۇتقىنىدەك، چىۋىن بىلەن تىركىشىپ تۇتىدىغان، پۇت — قوللىرى كىچىك بولغان، ئاق بولۇپ، قارا چېكىتلىرى بولغان ئۆمۈچۈك ئۆمۈچۈكنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن بىخەتەررەك بولۇپ، ئۇ چاقسا يەرلىك ئورۇن كۆپ قىچىشىدۇ.

ئىلاج قىلىش ئۈچۈن تەرلىتىلىدۇ ۋە تەر ۋاقتى — ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇلىدۇ. رۇسۇت كەرەپشە يىلتىزى قاينىتىلغان سىركە بىلەن ئېزىتىلىپ سۈركىلىدۇ.

ئەمما قادالغاق دەپ ئاتالغان ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدىغان بولۇپ، ئۇ چاقسا ئاشقازان ئاغرىيدۇ، قۇستۇرىدۇ، سىيدۇك ۋە پىشاپ تۇتۇلىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلاجى دۆنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## ئەنەم
(ھەسەك مەيۇزەك)

ئۇ دەيلىم ۋە تەنەكابۇن تىلىدا «ۋارۋاش»، ھىندىچە «سەكەردارى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئانارگۇل ئىكەن.

**ماھىيتى:** «تۆھپە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا پارازىتلارچە ئۆسىدۇ، دەپ يازغان. ئۇ «نىيتۇمە» ئۆسۇملۈكى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل، يۇمران، نەيچىسىمان بولۇپ، بادام يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. گۈلى قىزىل، مەنزىرىسى چىرايلىق بولىدۇ. ھەكىم مىير ئابدۇل ھەمىيدنىڭ «تۆھپە» دېگەن كىتابىدا شەرھلەپ يېزىشىچە، ئۇ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدىكەن. بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ھەلىيۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. بۇ تۈرى ۋە يۇقىرىقى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. يەنە بىر تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى نىيم دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى ئام دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تۆتىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى تەرخەمەك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تۆت خىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

ئېغىز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى چاينىسا چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستىمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈش، سۈيۈقلۇقلارنىڭ ئېقىشى، قاناش ۋە ھەيزنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا ۋە ھەمەلچە قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

يارىلار: زىمات قىلسا ۋە سېپىلسە يېڭى يارىلارغا داۋا بولىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئۇد
(ئۇد ھىندى)

ئۇ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ياغىچىنىڭ نامى بولۇپ، ھىندىچە «لەكرى»، «دالى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما يالغۇز ئېيتىلسا تېۋىپلارنىڭ ئادىتىدە ئۇد ھىندى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ھىندىچە «ئېگىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ ياغىچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ دەرىخى ئېكۋاتورنىڭ شىمالىي كەڭلىكىدىكى شەھەرلەردىن بولغان بېنگالنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، بېنگالغا قاراشلىق ۋىلايەتلەردىن بولغان سەلھەتكە دېگەن يەرگە يېقىن جىيتا تاغلىق رايونى، دۇكەن مەملىكىتى ئاراللىرى، ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىي كەڭلىكىنىڭ 30 نەچچە دەرىجە دائىرىسىگە جايلاشقان شەھەرلەردىن بولغان چىن چېگراسىغا يېقىن شەھىرىناۋا ئاراللىرىدىن بولغان چىيتان ئارىلىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ناھايىتى چوڭ ئۆسىدۇ. غولى ۋە شاخلىرى كۆپىنچە ئەگرى ھەم سەل يۇمشاق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھاسا، دەستە، قاچا ياكى جامغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياسىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپ يەرلىرى كاۋاك بولىدۇ. چوڭلىغاندىن كېيىن كېسىپ قويۇپ قويۇلسا ئۇزۇن ئۆتمەي خام يەرلىرى چىرىيدۇ، خۇش پۇرىقىمۇ توگەيدۇ. ئۇنىڭ تېزراق چىرىشى ئۇچۇن نەم يەرلەرگە كۆمۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىلىپ ياغلىق، ئېغىر، رەڭگى قارا بولۇپ، سۇغا سالسا چۆكىدىغانلىرى ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۇ «غەرقى» (سۇغا چۆكىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. سەل خاملىرى تۆمۈر ئۇسكۇنىلەر بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ. ئۇ «غەرقى مۇستەئمەلىي» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇغا يېرىم چۆكىدىغانلىرى «نىيم غەرقى» (سۇغا يېرىم چۆكىدىغىنى) ۋە «سەمەلەئى ئەئلا» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇغا پەقەت چۆكمەيدىغانلىرى «سەملە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداقلىرى باشقىلىرىغا قارىغاندا كۆپ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ «غەرقى» دەپ ئاتالغانلىرى قارا بولىدۇ، باشقىسى توپا رەڭ، بەزىسى قارامتۇل، بەزىسى ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ سۇس رەڭ بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ھىندى» (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى)، «سەمەندورى» (سەمەندوردىن چىقىدىغىنى)، «قىمارى» (قىماردىن چىقىدىغىنى) ۋە «مەندىلى» دىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدىكەن. ھىندىسى قارا، سەمەندۇرىسى ھىندىسىغا قارىغاندا مايلىقراق، قىمارىسى سۇس رەڭ، مەندىلىسى ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدىكەن.

ئۇ يەنە ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغان دەپ ئايرىلىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى قارا سىزىقلىق، ياۋىسى ئاق سىزىقلىق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ھىندىسىنى كۆيدۈرۈپ كىيىم ـ كېچەك ئىسلانسا ئۇلاردا پىت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سەمەندورى دەپ ئاتالغىنى، ئۇ كەلتۈرۈلىدىغان شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىكەن. قىمارىمۇ شۇنداق ئىكەن. تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىكتە كۆپرەك ئۇنىڭ ھىندىستان، بېنگالنىڭ سەلھەت ۋىلايىتىدە چىققىنى ۋە سۇغا چۆكىدىغانلىرىنىڭ ئاچچىق، خۇش پۇراق، ياغلىق، سەل قىرتاق بولغانلىرى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، باشقا يەرلەرنىڭ ئۇد ھىندىسى سەلھەت ۋىلايىتىدە ئۆسكىنى، يەنى سۇغا چۆكىدىغىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكىدەك ياخشى، خۇش پۇراق، ياغلىق بولمايدۇ. كۆپىنچە رېتسېپلار ۋە نۇسخىلاردا ئۇد ھىندى خامنى سېلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ، بۇنداق

قىلىشنىڭ سەۋەبى، ئادەتتە ئۈنىڭ ياغىچى سۇغا چىلاپ چالا سوقۇپ ئەرقى چىقىرىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈنىڭدىن ئەتىر ئېلىنىدۇ. بەزى نائىنساب كىشىلەر ئۈنىڭ پىسەپلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئۈنىڭ ئورنىدا ساتىدۇ، دورىلارغا ئۈنىڭ پىسىپىنى قوشماساق ئۈچۈن شۇنداق ئىزاھات بېرىلىدۇ، چۈنكى، ئۈنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ. بەزىلەر مەزكۇر پىسەپلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا بادام مېغىزى قوشۇپ، تەتۈر سىرغىتىش ئۇسۇلى بىلەن ياغ چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى «چۈدەئى ئىبگىر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئەرقى ئېلىنمىغان ئۈد ھىندىغا بادام مېغىزى قوشۇلماي تەييارلانغان ياغدەك خۇش پۇراق بولمايدۇ. بەزىلەر ئۈنىڭغا سەندەل ئېكەكدەلمىسى ياكى ئاسارۇن ئېكەكدەلمىسى قوشۇپ ئەرەق تارتىپ سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈنىڭدىن ئەتىر تەييارلايدۇ، بۇمۇ ئۈنچىلىك خۇش پۇراق بولمايدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۈنىڭ جاۋە دېگەن يەرگە ئۇن كۈنلۈك يول بولغان چىيتە پورتىدىن چىقىدىغان بولۇپ، ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغانلىقى، ئالتۇن تېشى (ئالتۇننىڭ تاۋلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەسلىي تېشى) بىلەن بىرگە سېتىلىدىغانلىقى، دەسلەپتە ھېچقانداق پۇرىقى بولمايدىغان بولۇپ، قولغا ئېلىنسا قىزىپ تەرلەيدىغانلىقى ۋە ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدىغانلىقى، پۇرىقىنىڭ بىر خىل بولىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ سۆزلەر راستتۇر. كىتابنىڭ مۇئەللىپىمۇ مەزكۇر بايانلارغا ئوخشاش بايانلارنى ئاڭلىغان. ئېھتىمال مەزكۇر چىيتە پورتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان چىيتان دېگەن يەر بولۇشى مۇمكىن.

بىلگىنكى، ھىندىستان ۋە بېنگاللاردا شەكلى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى ۋە ياغلىقلىقى جەھەتلەردە ئۈد غەرقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ياغاچ بار، كىشىلەر ئۇنى تاپالمايدىغان بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئۈنىڭ ئورنىغا بۇنى ساتىدۇ ۋە «تەگەر» دەپ ئاتىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، پەي - نېرۋىلار ۋە سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مېڭە قۇۋۋەتلىرى، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەيلەر، بۆرەكنى كۈچەيتكۈچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى، چىرىگەن ھۆللۈكلەر ۋە ئاشقازان، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتقۇچى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك، دوۋساق، بالىياتقۇ ئاجىزلىقىغا شىپا بولغۇچى، ھامىلىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى، نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر.

باش ئەزالىرى: ئىستېمال قىلىنسا سەزگۈلەر، مېڭە ئەزالىرى ۋە پەي - نېرۋىلارنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۈنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۈنىڭدىكى كېرەكسىز ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چاينىسا چىش ۋە ئۈنىڭ مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش

پۇراق قىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ چىشقا سىپىلسە چىشنى ئاقارتىدۇ ۋە چىڭىتىدۇ.

ئۆپكە، يۈرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەسكە داۋا بولىدۇ. ئەزالارنى زەخىملەيدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بىھوشلۇق، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچ سۈرۈش، سەۋدادىن بولغان تولغاق، ئىستىسقا، تال ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۈچ گىرامدىن ئۈچ يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېغىزغا سېلىپ شورالسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۇد ھىندى ئوتقا سېلىنىپ كۆيدۈرۈپ ھىندىچە «جەست» دەپ ئاتىلىدىغان روىي تۈتىيادىن تەييارلانغان قاچا ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈم ھالەتتە قويۇلۇپ، ئىچىگە قۇرۇمى چاپلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قوسۇشى ھېچ چارە بىلەن توختىمىغان بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ سۈتى سېغىلىپ قۇرۇم سۈت بىلەن ئۆزلەشكەنگە قەدەر ئارىلاشتۇرۇپ، بۇ سۈت بوۋاققا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئىچۈرۈلسە توختايدۇ ۋە بوۋاق ساقىيىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چىقىرىش ئەزالىرى، باھ ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆل سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئاققان مەنىي، مەزى ۋە ۋەدىي سۈيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ. دوۋساق ۋە مەنىي ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى توختىتىپ قۇرۇق، ئىسسىق قىلىدۇ.

زەھەرلەر: قايىنتىلمىسى شارابى رەيھانى بىلەن ئىچىلسە سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. كېيىم ـ كېچەك ئۇنىڭ ھىندىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا پىت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلىنسا ياكى ئىسلانسا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كافۇر، سىركەنجۇبىل.

(2) مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۇلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** دارچىن، قەلەمپۇر، زەپەر، يۇمىلاق زىراۋەندە، نۇقرەس ئاغرىقلىرىدا قەنتەرىيون دەقىيقىدۇر.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ بىلەن ئىسلاش ئۇسۇلى، جاۋارىشلىرى، سۇفۇپى، خېمىرى، شەربەتلەر، پۇراتمىسى، ئەتىرى، پىلتىسى، قۇرسى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

# ئۇدۇل بەلەسان
(ئۇد بىلسان)

**ماھىيتى:** ئۇ بىلسان دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بوغداي رەڭ، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قۇۋۋەتلەرنى ئاشۇرغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: باش قېيىش، تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىشقا داۋا بولىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلەر: كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، ئاشقازان، جىگەر سوغۇقلۇقىغا داۋا بولىدۇ. زەھەرلەرنى ۋە چايانىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن ئىسلانسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. تۇغماسلىققا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** ھەببى بىلسان بولۇپ، بىلسان ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

# ئۇدۇل ھەييە
(يىلان ياغىچى)

ئۇنى قەزۋىنىيدىن باشقىسى بايان قىلمىغان. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بەربەر شەھەرلىرى ۋە سۇدانىدا ئۇنىدۇ. سەۋسەن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يىلتىزىمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قاتتىق، يىرىك، ئاچچىق، ئاقىرقىرھاغا ئوخشاش ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، سەزگۈلەرنى كۈچەيتكۈچى، قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچىدۇر.

زەھەرلەر: زەھەرلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنسا

ئىسسىق، سوغۇق زەھەرلەردىن مۇداپىئە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قايتۇرىدۇ. ئۇ قولدا تۇتۇپ تۇرۇلسا يىلان ۋە باشقا زىيانداش ھاشارات چاقالمايدۇ. بەزىلەر ئۇ قولدا تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن يىلان ئۇنى كۆرسە يىلان ھېس - ھەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. چايناپ يىلاننىڭ ئېغىزىغا سېلىنسا يىلان ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئاغرىقلار: ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ تەمى چىققاندىن كېيىن شۇ ياغنى سۈركىسە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئۇدۇل ئۇتاس

(چۇشكۇرۇك ياغىچى)

ھەكىم شەرىپخان دېھلىۋىينىڭ تەتقىقاتلىرىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ھىندىچە «نەكچەكنى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر كۇندۇش ئۆسۈملۈكى ياغىچى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇ باشقا بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بارماق تومۇلۇقىدا، بېشى توم، يەنە بىر ئۇچى ئىنچىكە، ئەگرى، سىرتى قارامتۇل، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، نەيچىسىمان بولۇپ، بەرەنجاسىپ ئۆسۈملۈكىگە، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈل غوزىكى كىچىك بولۇپ، بابۇنىگە ئوخشايدۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇسسىتىدۇ، دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆللى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۈچلۈك ئۇسسىتىدۇ، جۇلا بېرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ.

**تېرىدىكى ئىزلار:** زىمات قىلسا داغ - سەپكۈن، ئاقكېسەل ۋە تېرە ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى يوقىتىدۇ. مال دوختۇرلىرى ئۇنى ھايۋاناتلارنىڭ يېغىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىدۇ.

## ئۇدۇل قەرە

(قەرە ياغىچى)

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئاقىرقەرھا دەپ بىلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۆسۈملۈكى ئارپىبەدىيان ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، شاخلىرى رىباس ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرىغا

ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولىدۇ. شامدا كۆپ ئۆسىدۇ، دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئىپگىرگە ئوخشايدۇ. بەزىلەر ئاقىرقەرھاغا ئوخشايدۇ، دەپ بىلىدۇ.

## ئۇدۇل يۇسر
(ئاسانلىق ياغىچى)

**ماھىيىتى:** بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭ تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاجەتلەرنى راۋان قىلىش جەھەتتە مىھلەب ئۆسۈملۈكى ياغىچى ۋە لەيلى ياغىچىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاناغورسئوتى دەپ بىلىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى ئەراك (مىسۋاك دەرىخى)نىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ.

## ئۇدۇس سەلىب
(قىزىل چۇغلۇق)

بىر توپ كىشىلەر ئۇنى فاۋانىيا (قىزىل چۇغلۇق) دەپ، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باشقىسى دەپ بىلىدۇ. «فاۋانىيا» ماۋزۇسىدا ئۇ ۋە باشقىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقلىرى ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## ئەۋسەج
(جىغان)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئانار دەرىخىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇچلۇق، ئۇزۇنچاق، شىلىمشىق بولىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا، ئۇزۇنچاق، قىزىل بولۇپ، دەرەخ ئۈستىدە ئۇزۇن تۇرىدۇ ۋە تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى قارا، قىزىلغا مايىل، بىرىنچىسىدىن كەڭرەك، تىكىنى كۆپرەك بولىدۇ. شاخلىرى ئىگىز ئۆسىدىغان بولۇپ، تۆت غولاچقىچە بولىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق، ئىنچىكە بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە تۇرغاندەك مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى ئاق بولىدۇ. شەيخۇر رەئىسنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ مېۋىسى ئۈجمىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، كىشىلەر يەيدىكەن، سوغۇق ئەللەردە كۆپ ئۆسىدىكەن. ئۇنىڭ يېشىل،

يۇمران يوپۇرماقلىرى ئىشلىتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھەممە قىسمى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

كۆز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى سوقۇپ سۈيى كۆزگە يەتتە كۈنگىچە ئۇدا تېمىتىلسا كۆزدىكى كونا ـ يېڭى ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ مېۋىسىنى سوقۇپ سۈيى چىقىرىلىپ سۈزۈلدۈرۈپ قۇرۇتۇلۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭ يېرىم گىرامى ئېلىنىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ياكى ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە تېمىتىلسا كۆزنىڭ ھەممە ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ، ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇ پېشانىگە زىمات قىلىنسا قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كېرەكسىز ماددىلارنىڭ چۇشۇشىنى توسىدۇ. تۇتىيانى ئۇنىڭ سۈيىگە چىلاپ سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىقىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سۇ بىلەن تەمى چىققۇچە قاينىتىلىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ يەنە قويۇلغىچە قاينىتىپ ئىشلىتىلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى چاينالسا ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ.

بەلباغسىمان قوۋاق ۋە قىزىل: ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ھارارىتى زىيادە بولمىغان بەلباغسىمان قوۋاق ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ.

قىچىشقاق، قوتۇر، جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر: ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىچىلسە سەپرادىن بولغان قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، ئەزالارنىڭ سەپرادىن كۆيۈشىنى پەسەيتىدۇ.

ھەكىم شەرىفنىڭ ئېيتىشىچە، يۇنان، پارس ۋە ھىندىستان تېۋىپلىرى بۇ دورا بىلەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى جوزامنى داۋالايدىكەن. ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن 30 گىرام مىقداردا ئېلىپ ئۇششاقلاپ 400 مىللىلىتىر مىقداردىكى سۇ بىلەن سۇنىڭ ئۇچتىن بىرى قالغۇچىلىك قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيى بىمارغا ئىچۈرۈلىدۇ، 4~5 قېتىم ئىچۈرۈش بىلەن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ كۆيگەن سەۋدانى بىر تەرەپ قىلىدۇ. جوزام ئۇچۇن سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. شەرتى شۇكى، بىمار دورا ئىچىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى سېمىز قوي گۆشى بىلەن قىلىنغان شورپا ئىچىشى، ئۈچىنچى كۈنى مەزكۇر قاينىتىلمىنى ئىچىشى، تاكى بىرنەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. كېيىنكى كۈنى، يەنى ئارام ئالىدىغان كۈنى مۇنچىغا بېرىشى لازىم. بەغدادىي ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرى ئۇنى رەيھان شارابى بىلەن قاينىتىپ بىمارغا ئىچۈرىدۇ، بۇ جەريانىدا بىمارنى مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ، دېگەن. ئەنتاكىي بۇ قاينىتىلمىنى ھۆل يارىلار، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىش جەھەتلەردە چۆپچىنىدىن ياخشىراق دەپ بىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇششاقلىنىپ ئاس دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنسا، يارىلار ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە يامانلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چاچنى تېز ئۆستۈرىدۇ. مېۋىسىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاناش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلاردا باراۋەر مىقداردا ئۈشنە، باراۋەر مىقداردا فۇپەلدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ. قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئۇ ئۆينىڭ تورۇسى ۋە ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلسا سېھىرنى يوقىتىدۇ. كىشى ئۆزى بىلەن ساقلىسا مەنسىپىنى ئۆستۈرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ياكى ئۇسارىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئىينۇن
(ئىينۇن ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيىتى:** غافىقى مۇنداق دېگەن: «بىز تەرەپلەردە بۇ ئىسىم ئىككى خىل ئۆسۈملۈككە ئىشلىتىلىدۇ. بىرى، ‹كەھلا›، ‹كەھدان›، ‹سەلىيس› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. غولىدىن ناھايىتى ئىنچىكە، تۈز، قاتتىق شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يىرىك بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ رەڭگى قارا بىلەن قىزىل ئارىلىقىدا بولۇپ، ھەر شاختا تەڭگىدەك يۇمىلاق سۈرمە رەڭلىك گۈل ئېچىلىدۇ. ئۇ تاغلىق رايونلاردا ئۈنىدۇ. ئەندەلۇس تېۋىپلىرى ئۇنى ‹مەنا› دەپ ئاتىشىدۇ. يەنە بىرىنىڭ يوپۇرمىقى خۇش پۇراق بولۇپ، مەرزەنجۇش يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. شاخلىرىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، غولاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئۆسىدۇ. ئىنچىكە، ئاق، تۈز ئۆسىدىغان بولۇپ، غولىنىڭ يىلتىزىغا يېقىن يېرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا سېرىق رەڭلىك گۈلى بولىدۇ. بۇمۇ تاغلىق رايونلاردا ئۈنىدۇ. قورۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. بۇ بىرىنچى تۈرىدىن ياخشىراق بولۇپ، تەسىرى بىخەتەررەكتۇر.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ، ئەنجۇر بىلەن قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ ئىچسە ئۈچ خىل خىلتنى، بولۇپمۇ بەلغەم بىلەن سەۋدادىن ئىبارەت ئىككى سوغۇق خىلتنى سۈرىدىغان بولغاچقا، ئەندەلۇس خەلقى ئۇنى سانائى مەككىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۈچا، بوغۇم، ئولتۇرغۇچ نېرۋا، يانپاش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان، رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىيۋان

شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق يازغان: خۇسۇسىيىتى: ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: مېڭىنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا داۋا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: سۈيى كۆزگە تېمىتىلسا كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

## ئەينۇد دىيك
(چەشمىخورۇس)

ئۇ پارسچە «چەشمى خورۇس»، ھىندىچە «گونگچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، قاتتىق، رەڭگى قىزىل، پارقىراق، يۇملاق، سەل ياپىلاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەتەم دەرىخىنىڭ باشىقىغا ئوخشاش باشاقلىق بولىدىكەن. تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ دەرىخى بەتەم دەرىخى ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ۋە دۆكەن تاغلىرىدا كۆپ بولىدۇ. بەزى كىشىلەر «گۇنگچى ئۇ بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى گۇنگچىنىڭ شەكلى قارىماققا چەشمىخورۇسنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. بەلكى گۇنگچى نوقۇت ۋە ئەينۇلا ئۇرۇقى چوڭلۇقىدىكى ئۇرۇقتىن ئىبارەت» دەيدۇ.

ئۇ ئاق، قىزىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئومۇمەن ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلغۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قۇۋۋەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. مەنىي كۆپەيتىش ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى زىيادە كۈچلۈك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، مەجۇنى مۇلۇك ۋە مەجۇنى ھافىزۇسسىھھەنىڭ مۇھىم تەركىبى قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت. ئۇنى يېڭى سېغىلغان سۈت ياكى تەرەنجىبىن سۈيىگە چىلاپ قويۇپ ياكى سېرىق ماي بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىش لازىم.

## ئۇيۇن
(كۆز)

ئۇ جانلىقلارنىڭ تونۇشلۇق ئەزالىرىنىڭ بىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ھۆللۈكى باشقا ئەزالارنىڭ ھۆللۈكىدىن ئارتۇقراق، ئىسسىقلىقى مۆتىدىللىككە مايىلراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆزلەرنىڭ ياخشىسى قوي كۆزىدۇر. قۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ناچار بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا مايىلدۇر. كۆز مەنىي كۆپەيتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ئىستېمال قىلىنسا تېز ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، يالپۇز بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىش ۋە سۇ بىلەن پىشۇرۇپ يېيىشتۇر.

## ئەينۇل بەقەر
(قارا ئۈزۈم)

ئۇ ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دانلىق، شىرنىسى ئاز، پوستى قېلىن، رەڭگى قارا بولىدۇ. ماراكەش خەلقى ئارىسىدا چوڭ دانلىق قارىئۆرۈكنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. مەزكۇر ئۈزۈم تەستە سىڭىدۇ، ئاشقازانغا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇقھۇۋان گۈلىمۇ مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ.

# ئون توققۇزىنچى باب
# «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «غ» (غەين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### غار
(غار دەرىخى)

ئۇ يۇنانچە «ئەنسىۇر»، «سەقلىمۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. شام خەلقى ئارىسىدا «زەنەد» دېيىلىدۇ. پارسچە «باھىستان»، فىرانسۇزچە «لاۋرەس» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ئېگىز ئۆسىدىغان بىر دەرەخ بولۇپ، مىڭ يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ. يۇنانلىقلار ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدۇ. شېخىنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يېنىدىن ئايرىمايدۇ. ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ ياغىچىدىن تاج ياسايدۇ. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىدىن يۇمشاقىراق، چوڭراق، ئاچچىق ۋە خۇش پۇراق بولىدۇ. ئەنجۈر بىلەن ساقلانسا ئۇنى خۇش پۇراق قىلىدۇ ۋە قۇرتلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. مەخسۇس شام شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. ئۇ يەردىن مىسىرغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېۋىسى يۇنانچە «زاقنى» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «ۋەھمىشەت» دېيىلىدۇ. پىندۇق چوڭلۇقىدا، پوستى چۈرۈك، رەڭگى قارا بولىدۇ. مېغىزى ئىككىگە يېرىلىدىغان بولۇپ، سېرىق، مايلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. كونىرىسا قىزىلغا مايىل قارامتۇل بولۇپ قالىدۇ. قارىغا ئۆزگەرگەنلىرى بۇزۇلغانلىرىدۇر.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مېۋىسىنىڭ مېغىزى يوپۇرمىقى ۋە پوستىدىن ئىسسىقراق، مېۋىسى ھەممە قىسمىدىن قۇرۇقراق، يېغى ھەممە قىسمىدىن ئىسسىقراق ۋە ياڭاق يېغىدىن ئىسسىقراق بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەبىنىنىڭ مەزكۇر تەسىرى

ياخشىراقتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەب تەييارلاپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باشنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تۇرۇپ قالغان يەللەرنى تارقىتىدۇ. تۇتقاق كېسەل، ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ. زېھنى ۋە ئېغىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، لەقۋاغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلىنىلسا پەي - نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، كەم ماغدۇرلۇقنى تۈگىتىدۇ. ئېلىشىپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ. تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ھەب تەييارلاپ، گۈل يېغى، سىركە ياكى شاراب بىلەن سالايە قىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا، قۇلاقنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرى ۋە قۇلاق غوڭۇلداش ۋە قۇلاق قىچىقىرىشنى پەسەيتىدۇ. قۇلاقنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغى تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە ھەببىدىن ھەسەل بىلەن لوئوق تەييارلاپ يالانسا ياكى تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر، نەپەس ئاجىزلىشىش، تىنىك ئۆلتۈرۈپ نەپەسلىنىش، ئۆپكىدىن كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئېقىشى، ئۆپكە يارىلىرى، كونا يۆتەل، زىققە نەپەس قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىنسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى، قۇلۇنجى، جىگەر، تال كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ. يېغىنى ئۈزۈم شارابى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ پوستىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلىنسا قۇستۇرىدۇ. مېۋىسىدىن 10 گىرام ئېلىنىپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقىنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يېغى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قۇستۇرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلىنسا دوۋساق، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا ۋە يەرلىك ئورۇنغا تۆكۈلسە بۆرەك، دوۋساق ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. پوستىدىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئاچچىقلىقى بىلەن ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ.

مېۋىسىمۇ تاش پارچىلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.
تەپلەر: يېغىنى سۈركىسە تەپلەرنىڭ جۇغ ـ جۇغلىرىنى پەسەيتىدۇ.
زەھەرلەر: مېۋىسىنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يىلان، چايان ۋە باشقا زىياندىاش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا سېرىق ھەرە، ھەسەل ھەرىسى ۋە باشقىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.
ئىششىقلار: نان ياكى ئارپا تالقىنى بىلەن زىمات قىلسا لوقۇلداپ ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.
بوغۇم كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، يېغى بىلەن ياغلانسا بوغۇملار، پەي ـ نېرۋىلار، بەل ۋە باشقىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.
زىننەتلەش تەسىرى: شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا بەھەق، داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارغا سۈركىسە يوقىتىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** مېۋىسى، يېغى ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قەينى قوزغىتىدۇ. كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا.
**ئىستېمال مىقدارى:** ھەببى بىلەن يوپۇرمىقىدىن 2.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** ھەببۇل مەھلەب، سازەج، تېپىلمىسا ئاچچىق بادام. سۆسەنبىر ئورۇنباسار بولىدۇ، دېيىلگەن.
**خاسىيەتلىرى:** يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئۆيگە سېپىلسە چىۋىن ۋە باشقا زىياندىاش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئاستىغا سېلىپ ياتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. «فەلاھ» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى «كىشى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يەرگە چۈشۈرمەي قول بىلەن ئۈزۈپ ئېلىپ قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا چاپلاپ قويسا شارابنى ھەر قانچە ئىچسىمۇ مەست بولمايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بالا قورقۇپ ۋە جۆيلۈپ ئۇخلىيالمىغان يەرگە قويۇپ قويۇلسا قورقمايدىغان بولىدۇ. ئۆزى بىلەن ساقلانسا مەنسەپ پەيدا قىلىدۇ، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ھاسىنى تەكىينىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتسا كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئىرادىلىك قىلىدۇ. ياغىچىنىڭ تەمى چىقىرىلىپ مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن غۇسلۇل قىلسا سېھرنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدۇ. چارشەنبە كۈنى كۈنچىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ياغىچى كۆيدۈرۈپ توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم ئىسلانسا قادىر بولىدۇ.
ئۇنىڭ يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇقى چالا سوقۇپ سۇ بىلەن قاينىتىلىدۇ، سۇ سوۋۇتۇلۇپ سۇ يۈزىگە ئۆرلىگەن قىسمى يىغىۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنىڭ سۈيى بىلەن بىرلىكتە مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن تاكى

قۇۋۋىتى سۇغا چىققۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە قەۋەتلىك قازاندا تاكى سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈلۈپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## غارىيقۇن
(غارىقۇن)

**ماھىيىتى:** ئۇ چىرىگەن يىلتىزغا ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، ئەنجۈر دەرىخى، سارۇك ئەنجۈر دەرىخى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بەزى قېرى دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ ياكى ئۇ بەللۇت دەرىخىدىن ھاسىل بولىدىغان «ناۋ» دېگەن دورىغا ئوخشاش دەرەخلەرنىڭ چىرىگەن چاچما يىلتىزلىرىدۇر. بەزىلەر ئۇنى سېسىغان يىلتىز دەپ، يەنە بەزىلەر يەر مەدىكى دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. تەمى كۆرۈنەرلىك تاتلىق بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى ئازراق، چىشىسىدىن قاتتىقراق، يۇمىلاق بولىدۇ. قات ـ قات بولۇپ، خۇددى چىشىسىنىڭ ئەكسىچە بىر نەرسىدەك مەلۇم بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. چىشىسىنىڭ ئاق، يەڭگىل، سىلىق، قاتلىرى تەكشى، چوڭ، ياپىلاقراق، يۇمشاق بولۇپ، ئازراق سۇركىسە ئۇۋۇلىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچاردۇر.

ئۇنىڭ سېرىق، قىزىل رەڭلەردە بولغانلىرى زەھەرگە يېقىندۇر. قارىسى زەھەرلىك بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەركىكى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ شەرتى شۇكى، ئۇ قىل ئەلگەككە سۈرۈلۈپ نازۇك قىسمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. زەھەرلىك قىسمى ئەلگەكتە قالدۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. سوقماسلىق لازىم، چۈنكى سوقۇلسا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تىرناق شەكىللىك زەھەرلىك تەركىبلىرى دورىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

**تەبىئىتى:** شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئەركىكى ياكى چىشىسى بولسۇن بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. تەركىبىدە ھاۋا، سۇ ۋە نازۇك تۇپراق قىسىملىرى باردۇر. باشقىلارنىڭ سۆزىچە ئۇ ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ، دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دەپ، يەنە بەزىلەر ھۆل، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار دەپ بىلىدۇ. «ئىرشاد» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەم، سەۋدا ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشقان سەپرا خىلىتلىرىنى سۈرگۈچى، قويۇق خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرغۇچى، قويۇق، شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، قويۇق يەللەر ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، ئىيلاۋۇس (ئۈچەي ئالمىشىپ قىلىشتىن بولغان قۇلۇنجى)تىن باشقا ھەرقانداق قۇلۇنجىغا داۋا بولغۇچى، توسالغۇلارنى، بولۇپمۇ جىگەر، بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، سۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرلىرىگە ياردەم بېرىپ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا يەتكۈزگۈچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى ماددىلارنى تارتىپ چىقارغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى، مۇسكۇللارنىڭ سۇسلۇقىنى يوقاتقۇچى، چېقىلغان، ئىچىلگەن زەھەرلەر ۋە زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرغۇچى، يۈرەك، پەي ـ نېرۋا، مېڭىنى ناھايىتى قۇۋۋەتلىگۈچى، ۋاقىتلىق خۇرسەن قىلغۇچى، بۇزۇق خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى، بەلغەمدىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئۇ بۇ جەھەتلەردە بىخەتەر ۋە زەرەرسىزدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: بەلغەمدىن بولغان كونا باش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ. بولۇپمۇ ھېلىلە كابۇلى، مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇد سەلىب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە، رەۋەن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا گال ۋە ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋابا خاراكتېرلىك نەزلىلەرگە داۋا بولىدۇ.

كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: 1.5 گىرامى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈش ۋە نەپەس ئەزالىرى قاناشقا پايدا قىلىدۇ. ئۈچ گىرامى رۇمبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە داۋا بولىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان كونا سوغۇق يۆتەل، زىققە نەپەس كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: رەۋەن بىلەن بىرلىكتە 3~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا جىگەر، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، تائامنىڭ ئاشقازاندا ئېچىشىغا پايدا قىلىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا توسۇلۇشتىن بولغان يەرقان ۋە تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا ئاسارۇن قوشۇلۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئىچكى ئەزالار، بەل ۋە بۆرەك ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. مەجۇنى ئەپسەنتىن ۋە ھەسەل بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا سۇلۇق ئىششىق، قورساقتا سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ.

رۇمبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئارپىبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، تۇرلۇك يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىنسىمۇ قۇلۇنجى، ئۈچەي ئىششىقى ۋە ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ يالغۇز چاينىلىپ سۈيى يۇتۇلسا ئاشقازان ئاغرىقى، ئاچچىق كېكىرىش ۋە تائامنىڭ ئاشقازان ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بىماردا تەپ بولغان ئەھۋالدا بەلغەم، سەۋدا ۋە ئارىلاشقان سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. قويۇق خىلتنى ئېرىتىدۇ ۋە ئۇنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باللىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ. باللىياتقۇنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. بەدەندە تەپ بولمىسا ئەنئۇمالى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. سەبرە بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ باللىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇشى، باللىياتقۇ يارىسىغا، ئاز مىقداردىكى قۇندۇز قەھرى بىلەن ئىشلىتىلسە قۇلۇنجىنىڭ ئىيلاۋۇستىن باشقا يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان تۈرلىرىگە پايدا قىلىدۇ. رەۋەن بىلەن ئىشلىتىلسە بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ.

ئىششىقلار، بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە تەپلەر: ئۇ مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىششىقلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى قايتۇرىدۇ. مەلھەم قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 ~ 4 گىرامغىچە ئېلىپ سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سەبرە بىلەن ئىشلىتىلسە بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى، ماددا پىشقاندىن كېيىنكى تۇتقاقلىق تەپلەر، كونا تەپلەر ۋە بەزگەككە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىنىپ بەزگەك تۇتۇشتىن بۇرۇن ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلىنسىمۇ ۋابا خاراكتېرلىك تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ تەپكە شىپا بولىدۇ.

زەھەرلەر: شاراب بىلەن بىرلىكتە 3~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا يىلان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا چايان چېقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئىككى گىرام ئىستېمال قىلىنسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ.

ئۇنىڭ ناچار تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ھالاك قىلغۇچى بولۇپ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، گالنى بوغىدۇ، ناچار كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەممە ئەھۋالدا قۇندۇز قەھرى ئىشلىتىلىدۇ، ئىلمان سۇ، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە كۆندۈشتىن زەھەرلەنگەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يالغۇز ئىشلىتىلسە ئۈچ گىرامدىن، قايىنىتىلمىلاردا بەش گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە شەھمەنزەل، بىر ھەسسە تۇربۇت، تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردا زەنجىۋىل، تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردا پەرپىيون، ئىككى ھەسسە بىستىپايەج. شۇنداقلا ئىككى ھەسسە ئەپتىمۇن، ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا ئاق خەربەقمۇ ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھەبلىرى، قۇرسى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## غاز
(غاز)

ئۇ سۇدا ياشايدىغان قۇشلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆردەكتىن چوڭراق بولىدۇ. ئەرەبچە «قاز» ۋە «ئىۋەز»مۇ دېيىلىدۇ. «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئۆردەكتىن ھۆلرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. يېغى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلسا يەل تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى، ئىستىسقا، بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يېغى قارابادىننىڭ «ئىۋەز» (غاز) بابىدا بايان قىلىندى.

## غاغالۇس
(غاغالۇس ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «غائىينۇس»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «سېسىق پۇراقلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «غالۇنىيس»مۇ دېيىلىدۇ. مىسىر خەلقى ئارىسىدا «قەمسۇل كىلاب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. تەبەرىستاندا «پەلىيھىيم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سىلىق، يوپۇرمىقى يۇمشاق، بەتبۇي بولىدۇ. قولغا سۈركىسە ئاچچىقلىقى مەلۇم بولىدۇ. غىدىقلىمايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ، ئىنچىكە بولىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەت مۆمىن: «ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى چاقچاقئوت يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى سىلىق، بەتبۇي بولىدۇ. گۈلى كۇنىلۇكسىمان، ئاق بولۇپ، سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. مېۋىسى ئىتئۈزۈمى مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ. سۇلۇق بولىدۇ. دارۇل مىرز دېگەن يەردە سىركە ئۇنىڭ

بىلەن رەڭلەندۈرۈلىدۇ. يىلتىزى ئاق، كاۋاك بولىدۇ. خارابىلىكلەر، شورلۇقلار ۋە باغ ئەتراپلىرىدا ئۆنىدۇ. يازدا پىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

قولاق كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە شېخى سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا قولاق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۆنىڭ خام غولى باشقا كۆكتاتلارنىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلىنسا كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، ھەر خىل زۇققە نەپەس، كۆكرەك ئاغرىقى قاتارلىقلارغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ھەتتا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ جەھەتتە ئۆنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يەنە بىر خىل دورا يوق دەپ قارىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

قوتۇر، قىچىشقاق، ئىششىقلار ۋە يارىلار: قوتۇر، قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىقلار، راك ئۆسمىسى، يامان يارىلار، ئۈرۈقدانىنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۆنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن شېخى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ كۆنىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم زىمات قىلىنسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا يەرلىك ئورۇن ئۆنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن كۈنىگە بىرقانچە قېتىم يۇيۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە خاسىيىتى بىلەن پايدا قىلىدۇ.

## غافەت

(غاپەس)

ئۇ «ئافەت» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى بىلەن ئوخشاش ئېيتىلىدۇ. ئۇ «ف» ھەرپىنىڭ كەينىگە «ى» ھەرپى قوشۇلۇپ، «ت» ھەرپى «س» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇلۇپ «غافىس» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. لاتىنچە «ئوپىتۇرى»، بەربەرچە «ئەگەرسومنە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى «ھەشىيشەتۇل غافەس» (غافەس ئوتى)، «شەجەرەتۇل بەراغىيس» (بۈرگىلەر دەرىخى)، «شەۋكەئى مۇنتەننە» (سېسىق تىكەن) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، كەڭ، تۈكلۈك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر دانە يىرىك، كاۋاك شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل كۆك، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۆنىڭ ھەممە قىسىملىرى ناھايىتى ئاچچىق بولۇپ، سەبرىدىن ئاچچىقراق بولىدۇ. قىرتاق بولۇپ، ئېغىزنى سەل قورۇيدۇ. ھارارىتى بەك يۇقىرى

ئەمەس. ئۇنىڭ گۈلى ياكى سۈيى ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى شىرازدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان پارستىن چىقىدىغىنىدۇر. رىمدىن چىقىدىغىنىمۇ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە دەپ بىلىدۇ. ئاز مىقداردا قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچى، تارتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىپ يوللىرىنى تازىلىغۇچىدۇر. مۇرەككەپ تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. كۆيگەن خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى ھەيدەيدۇ.

ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چۆپى ياكى سىقىلغان سۈيى ئىستېمال قىلىنسا جىگەر ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭ ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر ۋە تال ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقنى يۇمشىتىدۇ. ئاشقازاننىڭ قېتىشى، سۇئۇلقۇنيە، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيز كېلىشىدىن ئۇمىدىنى ئۈزگەن ئايالنىڭ ھەيزىنى ماڭدۇرىدۇ.

يارىلار: ئۇنىڭ چۆپىدىن 2.5 گىرام ئېلىنىپ شاھتەررە سۈيى، سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياكى گۈلى، ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسا، چۆپى چوشقىنىڭ كونا يېغى ياكى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنسا ساقىيىشى تەس بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. سۈيى سۈركىسە قوتۇر، قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ. سەپسە ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. زەخىملەرنى ساقايتىدۇ.

تەپلەر: كونا مۇرەككەپ، سەۋدا، سەپرا خاراكتېرلىك تەپلەر، كۆيدۈرگۈچى تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ سۈيى ئەپسەنتىن سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، باش كېپەكلىشىشكە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** قاينىتىلمىلارنىڭ باشقىسىدا 10 گىرامغىچە، قاينىتىلمىلاردا 21 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تەپلەر ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئاسارۇن، يېرىم ھەسسە ئەپسەنتىندۇر.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۆنىڭ چۆپى سىقىلىپ سۈيى چىقىرىلىپ ئاپتاپتا ئۇيۇغىچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرس ياسىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇچانراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچىدۇر. شاھتەررە سۈيى ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە قوتۇر، قىچىشقاق، كونا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامدىن بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈرۈقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە غاپەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە سۇماق ئىكەن.

ئۈرۈقى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىسى ۋە زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەببى، قۇرسلىرى، مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## غالىيۇن
(سۇت ئۇيۇتار ئوت)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، سۇت ئۇيۇتقۇچى دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سۇتنى خۇددى پەنىرمايىگە ئوخشاش ئۇيۇتىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، گۇلى سېرىق، ئىنچىكە، ئۇششاق، نەپچىسىمان، خۇش پۇراق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. تۇرغۇن سۇلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختىتىدۇ. گۇلى زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. قىرۇتى ۋە گۇل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ.

## غالىمۇن
(غالىمۇن ئۆسۈملۈكى)

شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ يېزىشىچە، ئۇ بىر خىل دورا بولۇپ، خۇش

پۇراق، بېھى رەڭ بولىدىكەن. قۇرۇتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە، سەل ئۈتكۈر بولۇپ، پەنىرمايىگە ئوخشاش سۇتنى ئۇيۇتىدۇ. گۆلى قاناش ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «غاليۇن» ياكى ئۇنىڭغا يېقىن باشقا دورا ئىكەن.

## غالىيە

(غالىيە دورىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قەدىمكى زاماندىكى مۇرەككەپ ياسالمىلاردىن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا جالىنۇس ئىجاد قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسلىي تەركىبى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەنبەر، ھەسىلۇبان، ئۇچ ھەسسە بان يېغى ۋە خۇش پۇراق ئەرەقلەردىن تەييارلىناتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە باشقا مەقسەتلەردە ئۇدھىنىدى، ئامىلە جەۋھىرى، رامەك، لازەن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى قوشۇلغان. «قارابادىن كەبىر»دە ئۇنىڭ نۇسخىلىرى بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك، مېڭە، باشقا قۇۋۋەتلەر، روھلار ۋە ئەزالارنى كۈچەيتكۈچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭغا بان يېغى ياكى خەيرىگۈل يېغى قوشۇلۇپ سۈركىسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. پۇرىسا بېشى ئاغرىيدىغان كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەست قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر ياغلارنىڭ بىرى بىلەن ئېرىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا، تۇتقاق كېسەل، سەكتە ۋە قۇلاق ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پۇرىسا خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇشقا شىپا بولىدۇ ۋە ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. زەكەر تۆشۈكىگە سۈركىسە جىما لەززىتىنى ئاشۇرىدۇ.

# پەسىل: «غ» (غەين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## غۇبارۇر رۇھا
(تۈگمەن توزۇندىسى)

ئۇ پارسچە «گىردى ئاسىيا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتىدۇ. بۇرۇنغا پۈركۈلسە بۇرۇندىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. پېشانىگە زىمات قىلسا ماددىلارنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پەيلەرنى چىڭىتىدۇ.

## غۇبەيرا
(جىگدە)

ئۇ پارسچە «سەنجىد»، تۈركچە «ئىگدە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى چىلان دەرىخى چوڭلۇقىدا بولۇپ، شاخلىرى تارقاق ئۆسىدۇ. سوغۇق ئەللەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يىرىك، توپا رەڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «غۇبەيرا» (توپا رەڭ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى مېۋە بەرمەيدۇ. چىشىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ مېۋىسى چىلان، پىندۇق، كەنار مېۋىسى چوڭلۇقىدا، پوستى نېپىز بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. ئۇرۇقىدىن ياخشى ئاجرىمايدۇ، گۆشى ئاق، تاتلىق، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. ئىچىدىن چىلان ۋە كەنار مېۋىسى ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان سەل ئۇزۇنچاق ئۇرۇق چىقىدۇ. يەنە بىر خىلىنىڭ مېۋىسى بىرىنچى خىلىنىڭ مېۋىسىدىن چوڭراق، پوستى قىزىل بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ گۆشى ئاق، ئەمما يۇمشاق ئۇندەك بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن ئاسان ئاجرايدۇ. تاتلىقلىقى بىرىنچى تۈرىدىن كەمرەك بولىدۇ. پارسچە «سەنجىد ئارىدى» (ئۇنسىمان جىگدە) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككى خىلى يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىشىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. خېمىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە خۇرسەن قىلغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باش ئاغرىقى، بولۇپمۇ ئاشقازان ۋە بەدەننىڭ باشقا

ئورۇنلىرىدىن ئۆرلىگەن بۇخاراتلاردىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننىڭ تۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئاشقازان تىۋىتىنى ئاشلايدۇ. قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ. سەپرانى پەسەيتىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئاشقازانغا ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشىنى، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۈنىڭ خېمىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى ياخشىراقتۇر. تالقىنىمۇ يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشىنى توختىتىدۇ. كىچىك باللارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 50 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۈنىڭ گۈلى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زەپەر رەڭ بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. پۇرىقى زىيادە ئۆتكۈر بولۇپ، يەتتە ئائىلىگىچە تارقىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھ شەھۋىتىنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جىما ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار، يېتىلمىگەن قىزلارنىڭ ئۇنى پۇرىشى چەكلىنىدۇ. ئۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ دورىلىرىغا قوشۇلىدۇ. پۇرىسىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، تەشەننۇجقا ئوخشاش مېڭە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە بولغان تەسىرى ۋە زىننەتلەش تەسىرى: كاناي ئىششىقى، ئۆپكە يارىسىغا ئوخشاش نەپەس يولى كېسەللىكلىرى ۋە زىننەت ئەزالىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئىستىسقا، يەرقان ۋە تىترەشلىك تەپلەرگە داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئۈنىڭ يوپۇرمىقى بۇزۇلغان يارىلارغا تېڭىلسا تازىلايدۇ ۋە ساقايتىدۇ، يەنە باشقا دورىنى ئىشلىتىشكە ھاجەت بولمايدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى بولمىسا قۇرۇق يوپۇرمىقى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

ئۈنى ياغ بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى بىلەن ياغلانسا، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئەزالارنىڭ بوشىشى، چاچ ئۆستۈرۈشلەرگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن.

جىگدە گۈلى ئەرقى ئاشقازاندىكى ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ھەممە تەسىرى ئۈنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش، ئۈنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### غۇزاف
(قۇزغۇن)

ئۇ كىچىك قاغىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، لەگلەكقۇشنىڭ چوڭلۇقىدا، قارىغا مايىل بولىدۇ. تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى قىزىل بولمايدۇ. لەگلەك قۇش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، رەڭگى قارا، تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى قىزىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى قاتتىق بولۇپ، بۇزۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. سىرىقچىچەك بىلەن قاينىتىلسا يەل تارقىتىدۇ. تىز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىچكى ئەزالاردىكى سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۆتى ۋە مايىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، جۇلا بېرىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### غۇراب
(قاغا)

ئۇ قاغىنىڭ تۈر نامى بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئالا بولۇپ، «غۇرابۇل ئەبقەئ» (ئالا قاغا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى، قارا، چوڭ بولۇپ، «غۇرابى ئەسۋەد» (قارا قاغا) دەپ ئاتىلىدۇ. تۈركچە «قۇزقۇن» دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، كىچىك بولۇپ، ئېتىزلىقلاردا ياشايدۇ. ئۇ «غۇرابۇز زەرئ» (ئېتىز قاغىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنتاكىيە خەلقى ئۇنى «ئەغساق» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «كەلاغى سىياھ» (قارا قاغا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېتىز قاغىسىدىن كىچىكرەك، تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى قىزىل بولغىنى پارسچە «زەغەن»، «زاغچە» (لەگلەكقۇش) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «غۇزاف» (قۇزغۇن) ئەمەستۇر. ئۇ تاپ يېمەيدۇ. ياخشىسى چۈجىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مىزاجى ھۆل سوغۇق كىشىلەر، ياشانغانلارغا مۇۋاپىق

كېلىدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان ئاتىلا ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغىتىدۇ. ئۇ پىشۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال قايناق سۇغا تەكرار چىلىنىپ ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن تۈزەتكۈچى بولغان سىركە بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىز قاغىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئالا قاغىمۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، چۈجىسى ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئوزۇقلۇقى ناچار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراق. ئىستېمال قىلىنسا باھنى كېسىدۇ. كۆزى ئېسىۋېلىنسا ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

قاغىنىڭ تەبىئىتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، باشقا خۇسۇسىيەتلىرى قۇزغۇننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. غىزالىقى ناھايىتى ناچار بولۇپ، يېمىگەن ياخشىراقتۇر. قاينىتىلمىسى ئىچىلسە يەل تارقىتىدۇ. قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. قاينىتىلمىسى، يەنى شورپىسىدا ئولتۇرۇلسا بوغۇملارنىڭ سانجىلىپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئۇ تىرىك ھالەتتە قاچىغا سېلىنىپ ئۈستىدىن تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى ۋە ئۆتكۈر سىركە، تۇرۇنجى سۈيىگە ئوخشاش چۈچۈمەل نەرسىلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلۇپ ئېغىزى ئېتىلىپ ئات قىغىغا 40 كۈنگىچە كۆمۈلۈپ ھەممىسى ئېرىپ ياغقا ئايلانغاندا چىقىرىلىپ يالغۇز ياكى ئۇنىڭ مايىقى ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا سۈركىسە چاچ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بوياق بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. رەڭگى خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىدۇ. تېرىدىكى داغلارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، چاچ ئۇندۇرۇش جەھەتلەردە سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

قارا قاغا ۋە لەگلەكنىڭ تەبىئىتى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە.

قاغىنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ ئۆتى جۇلا بېرىدۇ. ئۆتكۈر بولۇپ، كۆزدىكى ئاق، تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. خوراز ئۆتى ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مايىقىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ، جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. بەھەق، ئاقكېسەل ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ قۇرۇق گۆشى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۈنىگە 100 گىرامدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇلغان قېنىنى سۈركىسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. پېيىنىڭ كۈلىنى سۈركىسە چاچ ئۇندۇرىدۇ.

# غەرەب

(غەرەب دەرىخى)

ئۇ يۇنانچە «ئىتائ»، شىرازچە «ۋەزەك»، ئىسپانچە «ۋەشەك» دەپ ئاتىلىدۇ. تەنەكابۇن ۋە دەيلەمدا «ئوجا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۆگەت ياكى تەتۈر سۆگەت قاتارىدىكى چوڭ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ۋە قوۋزىقى ئاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى قەتەف ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ چېچەكلەشكە باشلىغاندا غولىغا تىغ ئۇرۇپ قويۇلسا بىر خىل يېلىم سىرغىپ چىقىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يېلىمى، يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ، تەتۈر سۆگەتتىن ئارتۇق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە ئۆلاردىن ئېلىنغان سۈيى قۇرۇتىدۇ، غىدىقلىمايدۇ. قىرتاقلىققا ئىگە. يىلتىزىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇرۇقراق بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىنىڭ سالايە قىلىنغان ئۇسارىسى گۈل يېغى ۋە ئانار پوستى بىلەن قايىنىتىپ قۇلاققا ئىلمان ھالدا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئاققان يىرىڭنى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قوۋزىقىنىڭ قايىنىتىلمىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قايىنىتىلمىسى بىلەن باش يۇيۇلسا باش تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە يېلىمى كۆزگە تېمىتىلسا كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، كۆزدىكى ئاقنى ۋە كۆز ئېقىدىكى خالنى يوقىتىدۇ، بۇ جەھەتتە تەڭداشسىزدۇر.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قوۋزىقىنىڭ قايىنىتىلمىسى ياكى سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلىسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۈلۈك قۇرتىنى چىقىرىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قوۋزىقى، شۇنداقلا مېۋىسى ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقى، ئىنچىكە ئۈچەيلەردە پەيدا بولغان «ئىيلاۋۇس» دەپ ئاتالغان قۇلۇنجى (ئاللا ئۇنىڭدىن پاناھىدا ساقلىسۇن!)، جىگەر توسۇلۇش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يالغۇز ياكى سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. سۈيى ئىچىلسە گالدىكى زۈلۈك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى ئىچكى ئەزالاردىن ئاقىدىغان

ھۆللۈكلەر ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، جىگەر توسالغۇسىنى ئاچىدۇ.

بوغۇملار كېسەللىكلىرى: قايىنىتىلمىسى تۆكۈلسە نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ.

يارىلار: قوۋزىقى ۋە ھۆل يوپۇرمىقى ئۆزۈلگەن ئەزاغا ۋە يارىلانغان يېڭى ئەزاغا زىمات قىلسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى قۇرۇتقۇچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. گۈلىنىڭ تالقىنى سېپىلسە كونا يارىلار ۋە يەلدىن بولغان يارىنى قۇرۇتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۈلى سېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زىنىنەتلەش تەسىرى: قوۋزىقى ياكى ياغىچىنىڭ كۈلىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا، پۇت - قوللاردىكى تەتۈر سۆگەل، يۇملاق سۆگەلنى يوقىتىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستى چاچنى قارايتىدىغان تەركىبلەرگە قوشۇلىدۇ. ياغىچىنىڭ يۇيۇلغان كۈلى تۇتىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە ئاقاقىيا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ غولىدىن تۈزغا ئوخشاش نازۇك، ئاق نەرسە چىقىدىغان بولۇپ، تۈزلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ باشقا تۈزلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## غىرا
(يېلىم)

ئۇ پارسچە «سەرىيشىم»، ھىندىچە «سەرىيش»، تۈركچە «ياپۇشقان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** شىلىمشىق، شۆلگەيسىمان نەرسە بولۇپ، قايىنىتىش ئارقىلىق قويۇق ۋە چاپلاشقاق بولىدۇ. بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا كالا تېرىسىدىن ياسالغان يېلىم نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا بېلىق يېلىمى، ئۇنىڭدىن قالسا بۇغداي كىراخمالىدىن تەييارلانغان يېلىم نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

## غىرەل جۇلۇد
(تېرە يېلىمى)

ئۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىسى سۇ بىلەن شىلىنىپ پىشقۇچە تەكرار قايىنىتىلغاندىن كېيىن پىسسىپى تېگىگە ئولتۇرغۇچە تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈك قىسمى يەنە قايىنىتىلىپ

دۇغى يەنە تېگىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ ئايرىلىپ تاكى دۇغ قايتا پەيدا بولمىغۇچە تەكرار قايىنىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپتا قاتقىچە ئارىلاشتۇرۇپ قەلەمچىلەر ياساپ قۇرۇتۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېلىمدىن ئىبارەت. زۇرۇر بولغاندا مەزكۇر قەلەمچىلەر قايناق سۇدا قايىنىتىپ ئېرىتىلىپ، ياغاچ ۋە تېرە مەھسۇلاتلىرىنى چاپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ياخشىسى كالا تېرىسىدىن ياسالغان سۈزۈك بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاپلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىسا كونا تەمرەتكە ۋە باش يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ سۇ بىلەن يالغۇز ياكى سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئېرىتىپ ئاتالاغا ئوخشاش قىلىپ يالانسا، قان تۈكۈرۈش ۋە ئۆپكە يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

يارىلار، ئوت كۆيۈك يارىسى، سۇنۇق، چىقىق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە باشقىلار: ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا زەخىملەرنىڭ ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ، جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ. سۇنغان ۋە قوزغالغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. ئۇرۇقدانغا سۇ چۇشۇشكە داۋا بولىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلسە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ زەرچىۋە، قارىغاي ياڭىقى ۋە سىركە قاتارلىقلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۇرۇقدان چۇقۇقىغا سۇرۇلۇپ تېڭىلسا ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە بوشىتىلمىسا پايدا قىلىدۇ. زەخىملەر ۋە يارىلارغا سۇركىسە ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا قاسراقلىق قوتۇر، تېرە قاسراقلىشىش، كالا تەمرەتكىسى، تاز، بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. تېرىنى جۇلالاندۇرىدۇ. ئېرىتىلىپ تۇشقان تىۋىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاناۋاتقان جاراھەتلەرگە تېڭىلسا قان توختىتىدۇ. ئوت كۆيۈك يارىسىغا سۇركىسە ئاغرىش ۋە ئىششىشنى پەسەيتىدۇ، سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆيدۇرۇپ يۇيۇلغىنى تۇتىيانىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

## غىرەس سەمەك
## (بېلىق يېلىمى)

ئۇ پارسچە «سەرىيشمى ماھىي» (بېلىق يېلىمى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇددى مايدەك

ئۇيۇغان سۇيۇقلۇق بولۇپ، «خىنزىيرۇل بەھر» (دېڭىز چوشقىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بېلىقلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. ئاق، بەزىسى قارا بولىدۇ، بەزىسى ئالىمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرە يېلىمىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۈنىگە 5~10 گىرامغىچە داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا سىل كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

زىننەتلەش تەسىرى: زىمات قىلسا يۈزنىڭ يېرىلىشى ۋە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. نىشاستە، سەرەنج ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن تەييارلانغىنىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئەسلىي ماتېرىياللىنىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ. 5.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا جاراھەتلەرنى چاپلاشتۇرىدۇ. چىقىپ كەتكەن ئەزالارنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. ئاقارغان تىرناق، ئاقكېسەل، يۈزنىڭ يېرىقىغا سۈركىسە ساقايتىدۇ.

## غىرەل جىبىن
(پىشلاق يېلىمى)

ئۇ پارسچە «سەرىيشىمى پەنىير» (پىشلاق يېلىمى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزگىچە ياسالمىلاردىن بولۇپ، ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىندىن باشقىسى ئۇنى بايان قىلمىغان ۋە ئۇنى «جەۋھەرۇس سەنائىئ» (ھۈنەرلەر جەۋھىرى)دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** يېڭى پىشلاقنى قەغەزدەك نېپىز توغراپ، ئۈستى تۈز، ياپىلاق تاش ئۈستىگە سۇ تەگمىگەن ئۆپىدەك ھاك سېپىلگەندىن كېيىن ئۈستىگە بىر - بىرىگە يېقىن ھالەتتە تىزىلىدۇ. ئۈستىگە يەنە سۇ تەگمىگەن ھاك سېپىپ، ئۈستىگە پىشلاق ۋاراقچىلىرى يەنە بىر قات يېيىتىلىدۇ. ھەممە پىشلاق ۋاراقچىلىرى يېيىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر دانە ئېغىر ياپىلاق تاش قويۇپ باستۇرۇپ، ئون كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، پىشلاقنىڭ ماي تەركىبى ھاكقا تولۇق سۈمۈرتۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇپ تۈز بىلەن سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە كۈنگىچە تاش ئاستىدا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇپ قىزىللىقى ۋە ماي تەركىبى چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن تەركىبىدە ماي بىلىنسە سۇ ۋە ھاك بىلەن تاكى ماي تەركىبى تۈگىگىچە قايىنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ماي ۋە قىزىل رەڭنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى

بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرمىدەك سالايە قىلىپ شىشىگە سېلىپ ساقلاپ، زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۆپۈكى ئايرىلغان توخۇ تۇخۇمى ئېقىنىڭ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تاشقا بىرقانچە تېمىم تېمىتىپ چاپلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرقانچە تامچە ئاھاك سۈيى تېمىتىلىپ ئاقتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل يېلىم بىلەن بىر نەرسە چاپلاشتۇرۇلسا تېزلا قۇرۇيدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، ئۇنىڭ بىلەن چاپلانغان نەرسە ئوتتا ياكى سۇدا ئاجرىمايدۇ. ئۇ يوشۇرۇن سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### غەزال
(كېيىك)

ئۇ پارسچە «ئاھۇ»، تۈركچە «ھەيران»، ھىندىچە «مىرگ»، ئالتە ئايغىچە بولغان قوزىسى «ۋەتلا»، ئالتە ئايدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنى «خەشەف»، ئالتە يىل بولغىنى «زەبىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۆشىنىڭ مىزاجى ئۇۋلىنىدىغان باشقا ھايۋانلارنىڭ گۆشىنىڭ مىزاجىغا قارىغاندا ئىنسان بەدىنىنىڭ مىزاجىغا بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئۇ ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلار، بەدىنىدە كېرەكسىز ماددىلار كۆپ بولغانلار ۋە بەدىنىنى ئورۇقلىتىش ھەم يەڭگىللىتىشكە موھتاج بولغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گۆشى تېز ھەزىم بولىدۇ، قۇرۇتىدۇ، ئوزۇقلۇقى ئازدۇر. ئەركىكى چىشىسىغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئالتە ئايدىن ئۈچ يىلغىچە بولغان قوزىسى، يەنى ھاۋالىق يەرلەردە ئوتلاپ چوڭ بولغان، سېمىز، مايلىق بولغانلىرى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باش، يۈرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، ئىسترخا، سوغۇقتىن بولغان پەي ـ نېرۋا خاراكتېرلىك بارلىق كېسەللىكلەر، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: مەلھەم قىلسا چاچنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** ئۇنىڭ ئۈرۈقدېنىغا ياپۇز، تۇز سېپىپ قۇرۇتۇپ پەرزىجە قىلسا ھەيزنى كېسىدۇ.

مايىقى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ناھايىتى جۇلا بەرگۈچىدۇر. سىركە بىلەن قاينىتىپ مەلھەم قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يۇزنىڭ كۆپۈپ قېلىشىنى يوقىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى نېپىز ئاقنى يوقىتىدۇ. تېرىسىدە ئولتۇرسا زىياندىن ھاشاراتلەرنى قاچۇرىدۇ. ئۆزگە ئېسىۋالسا تالغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) گۆشى باشنى ئاغرىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار، گەندىدىن ۋە يەلدىن قۇلۇنجى بولۇپ ئادەتلەنگەنلەرگە زەرەر قىلىدۇ. بولۇپمۇ كاۋىپى سىركە بىلەن يېيىلسە ناچار بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاۋۋال سۇ بىلەن قاينىتىپ ئارقىدىن بادام يېغى ياكى ئاقلانغان كۈنجۈت يېغى بىلەن پىشۇرۇلىدۇ. يەل تۇرۇپ قالىدىغان كىشىلەرگە يېگۈزۈشكە توغرا كەلسە، ياڭاق يېغى، زەيتۇن يېغى، تۇز ۋە سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

(2) كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، ئۈچەيلەردىن تەستە ئۆتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل ئىستېمال قىلىنىدۇ. قورۇغۇچى چۈچۈمەل مېۋىلەر شورىلىدۇ.

ئىپار كېيىكى ئاللاھ خاھلىسا «مىسك» (ئىپار) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ھۆل ئىسسىق، ئۇنىڭ باشقا تۇرلىرىنىڭ گۆشلىرىدىن قۇرۇقراقتۇر.

## پەسىل: «غ» (غەين) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### غەزارۇس سىينى
(چىن چىنىسى)

ئۇ پارسچە «كاسەئى چىينى» (چىن جامى) دەپ ئاتىلىدۇ. ناھايىتى قۇرۇتقۇچىدۇر. يۇمشاق سوقۇپ سالايە قىلىپ چىشلارغا سۈركىسە چىشنى ئاقارتىدۇ. چىش مىلىكى ۋە يېگى زەخمىلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

«غەزار» دېگەن سۆز يالغۇز ئېيتىلسا كۇلالچىلارنىڭ سىرلاپ تەييارلانغان قاچىلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چىن چىنىسىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ خالىغان رەڭ ۋە ئېرىتىلگەن يېلىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىياھ، شىڭگىرىپقا ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن خەت يازسا قۇرۇغاندىن كېيىن خەت قەغەزدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، سىياھ ۋە شىڭگىرىپ بىلەن يېزىلغان خەتلەردىن گەۋدىلىكرەك نامايان بولىدۇ. ئۇنى ھەر خىل رەڭلەردە تەڭشىگىلى بولىدۇ.

# پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## غەلقى

ئۇنىڭ ماھىيىتىدە كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ «ئەلەقە» دېگەن دورا ئىكەن. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، تۈرۈپ چوڭلۇقىدا، يۇمشاق بولىدۇ. مېۋىسى كەپە مېۋىسىگە ئوخشايدىغان، شەكلى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى تىرناققا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمىلاق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچىدە پاختىغا ئوخشاش نەرسە بولىدۇ. ئۇرۇقى ئامۇت ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سۈت ئادەمنى ھالاك قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۈردۇر. ئۇ سۆگەللەرگە سۈركىسە يوقىتىدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كەپىگە ئوخشايدىكەن. يوپۇرمىقى ۋە غولى يۇمىلاق بولىدىكەن. شىراز قۇملۇقلىرىدا كۆپ بولىدىغان بولۇپ، ئەتىۋارلىق سۈتلۈكئوتلاردىن ئىكەن. سۈتى ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. ئۇنىڭ شىرىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ھەرقانداق پىچاق، شەمشەر ھەرقانداق بىر ئادەمگە تەگسە ھالاك بولىدىكەن. سۈتى كالا تەمرەتكىسىگە سۈركىسە يوقىتىدۇ.

# پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## غەنەم
(قوي)

ئۇ قوينىڭ ئىسمىدۇر. يەنە ماۋەرائۇن نەھىر تىلىدا قەترانىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تۈركچە «كىيلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قەترانىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن ياخشىراق بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل مۇراببासى، گۈلقەنت.

# پەسل: «غ» (غەين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## غوتاغەنبا
(غوتاغەنبا ئۇسارىسى)

بەزىدە ھەر ئىككى «غ» نىڭ ئورنىغا «ق» ئالماشتۇرۇلۇپمۇ ئىيتىلىدۇ. ئۇ فىرانسۇزچە «كوتاكەنبا» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن سۆزدۇر، «كەمەركوت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاۋام خەلق ئارىسىدا «رەۋەن ئۇسارىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئەرەبچە «فىرفىيران» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭلىك بىر خىل ئۇسارە بولۇپ، چىراغقا تۇتۇلسا ئوت ئالىدۇ. سۇغا سېلىنسا قويۇق سۇتكە ئوخشاش سېرىق رەڭدە ئېرىيدۇ، تەمسىز بولىدۇ. كۆرۈنەرلىك پۇرىقى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇرسلار ياسىلىپ ۋە چوڭ قېلىپلارغا سېلىنغان ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك شەكىللەرگە كىرگۈزۈلۈپ يېڭى زېمىندىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى رەۋەن ئۇسارىسى دەپ بىلىدۇ، ھەقىيقەت شۇكى، ئۇ رەۋەن ئۇسارىسى ئەمەستۇر. بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. بۇ ئۆسۈملۈك كۈدىگە ئوخشاش، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك بولىدىكەن. ئۇ چىن چېگراسىغا يېقىن ناۋازارىنىس شەھىرىنىڭ ئاراللىرىدىن بولغان چەنتىبان ۋە ئۇنىڭ ئەتىراپلىرىدا ئۆسىدىكەن. چىندىمۇ كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇ تەرەپتىكى شەھەرلەردىنمۇ ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. ئەمما تەجرىبىدىن ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەر خىل خىلىتلارنى ئاسان، زىيانسىز ھالدا سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆپكە ئەتراپلىرى، ئاشقازان، جىگەر ۋە باشقا ئەزالاردىكى بۇزۇق خىلىتلارنى قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. باشقا سۈرگە دورىلىرىغا ئوخشاش ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرمايدۇ، بەلكى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ تېز ۋاقىت ئىچىدە تەسىرىنى كۆرسىتىپ، بۇزۇق خىلىتلار بىلەن بىرگە چىقىپ كېتىدۇ. پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، ماددىلارنىڭ قېتىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، دائىرىلىك باش ئاغرىقى، ئۇمۇمى باش ئاغرىقى، مالىخولىيا، نەزلىلەرنىڭ قۇيۇلۇشى، كۆزگە سۇ چۈشۈش، قۇلاق ئېغىرلىقى، قۇلاق غوڭۇلداش، زىققە نەپەس، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، جىگەر بىلەن ماسارىقا تومۇرىدا توسالغۇ پەيدا بولۇش،

ئىستىسقا، يەرقان، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەلغەمدىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك تەپلەر، ھۆل سوغۇقتىن بولغان مېڭە ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى، نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. ئومۇمەن كونا يېڭى سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ. ئۇ زىيانسىز بولغان ئۇلۇغ دورىدۇر. ھەتتا ئۇنى بالىلار ۋە ھامىلدار ئاياللارغىمۇ بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ھامىلدار ئاياللارغا بەرمىگەن ياخشىراق. ئۇ چوڭ ـ كىچىك مەددە قۇرتلار، قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا تۇزەتكۈچىسى بولغان گۈلقەنت بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن بىمارنىڭ يېشى، مىزاجى، بەدىنىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئاساسەن بىر گىرامدىن ئىككى گىرامغىچە ئېلىپ، 10~12 گىرامغىچە گۈلقەنت ياكى شېكەر بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرىدۇ. تەسىرى ئاجىز بولۇپ قالسا ياكى ئۇسساتسا ئىلمان سۇ ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا قۇستۇرىدۇ ھەم ئىچىنى سۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ پەقەت ئىچىنى سۈرىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنىمۇ غەش قىلىدۇ، ئىچىنىمۇ سۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىچىنى بوشراق سۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللادا جىددىيلەشمەسلىك لازىم، چۈنكى شۇ كەچكىچە ياكى كېچىگىچە تەسىرى تۈگەيدىغان بولۇپ، تاماق يەپ ئۇخلىسا مەزكۇر ئەھۋاللار تەبىئىي ھالەتتە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تەسىرى بەك كۈچلۈك بولۇپ، قورساقنى ئاغرىتسا، مەقئەتتە كۆيۈشۈش، ئېچىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلابنى بادام يېغى بىلەن بىرلىكتە ئىلمان قىلىپ ئىچسە، قورساق ۋە مەقئەت گۈل يېغى بىلەن مايلىسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كۈچلۈك بەدەنلەر ۋە ئېغىر كونا كېسەللىكلەرگە ھەر بىر كېسەللىككە خاس بولغان دورىنىڭ تەسىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى مۇناسىپ چىلانىلار ۋە قايناتمىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ياخشىراق بولىدۇ. قالغان ئىلاجلار ماھىر تېۋىپنىڭ تەدبىرىگە باغلىقتۇر.

توقۇمىچىلار ئۇنى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە كۈچلۈك ھالەتتە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ئاجىزلاشقا باشلايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كونىسىدىن ئىككى گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.

## غۇشنە

(غۇشنە يەر مەدىكى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «غەۋشىيشە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە يەنە «روشىنەك»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يەر مەدىكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تۇزلۇق بولىدۇ. قورۇسا شەكلى كاسىنە

يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك، پۇرلەش ۋە يۇمشاق بولىدۇ. تۈزلۈق بولغاچقا قۇرۇغاندا بۆزچىلەر ئۇنى رەختلەرنى يۇيۇشقا ئىشلىتىدۇ، بۇ چاغدا رەختلەرنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. بەيتۇل مۇقەددەس ۋە ئەجەم شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇلار ئۇنى «يەكرىشە» (بىر تال پەي) دەپ ئاتىشىدۇ. سۇغا چىلاپ تۇزلۇقلۇقىنى يوقاتقاندىن كېيىن چۇچۇمەل نەرسىلەر بىلەن يەيدۇ، بۇ چاغدا لەززەتلىك بولىدۇ. ئادەتتىكى يەر مەدىكىگە قارىغاندا ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، يەر مەدىكىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا قۇرۇق سوغۇقلۇقى كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاننى قويۇلدۇرىدۇ ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. يەر مەدىكىنىڭ باشقا تۈرلىرىدەك ناچار خىلىت پەيدا قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلمىغان ياخشى. كۆپ ئىستېمال قىلغاندا ئۈستىدىن ياخشى شاراب ئىچىلسە بولىدۇ.

# يىگىرمىنچى باب
# «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فاختە
(پاختەك)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. پارسچە «كۇكۇ» مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «پاندەك»، ئەرەبچە «ئۇرفىييە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنتاكىيە خەلقى ئارىسىدا «يەمامە» دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، كۇل رەڭ بولىدۇ. بوينىدا قارا چەمبىرىكى بولىدۇ. ياۋا كەپتەر چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئادەمگە تەستە كۆنىدۇ، چىرايلىق سايرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىغىچە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن. ئۇنىڭ ياش، سېمىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى رەئشە، پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، سوغۇقتىن بولغان پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئىسسىق قېنى تېمىتىلسا كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قانتىنىڭ قېنى تېمىتىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە باشقىلار: مايىقى سىركە بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گۆشى ئىستېمال قىلىنسا ئۇيقۇ قاچۇرىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كاۋىپى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

تۇزەتكۇچىسى: شېكەر، ياغلار، سىركە ۋە يۇمغاقسۇت بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.
خاسىيەتلىرى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ مايىقىنى ئۇيقۇدا چۆچۈيدىغان بالىغا ئېسىپ قويسا چۆچۈمەيدىغان بولىدىكەن. سايرىشى مېڭىگە پايدا قىلىدۇ. يىلان ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قاچىدۇ. ئاق پاختەك بار ئۆيگە ئوغرى، دۈشمەن، سېھىرگەر ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قانىتى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا يىلاننى قاچۇرىدۇ.

## فادەزەھر

(پادىزەھرى، تەرياق)

ئۇ «بادىزەھر» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ئۇ قۇۋۋىتى بىلەن روھلارنى ساقلىغۇچى، بەدەندىكى زەھەرنى ھەيدەپ چىقارغۇچى دورىنىڭ نامىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «بادىزەھرى» ماۋزۇسىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## فازەخ

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىننىڭ يېزىشىچە، ئۇ ھىندى تىلىدا بۇندۇق ھىندىينىڭ نامى ئىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «ھەجەرۇس سەم» (زەھەر تېشى)نىڭ بىر تۈرى بولۇشىدىن شۈبھىلەنگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئاققا مايىل سېرىق، بەزىلىرى كۆككە مايىل ۋە باشقا رەڭلەردىمۇ بولىدىكەن. زەرچىۋە بىلەن بىرلىكتە تاش ئۈستىدە سالايە قىلسا پىستە رەڭدە سالايە بولىدىكەن، ئوتتا كۆيمەيدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ يەنە يېزىشىچە، ئۇ ھىندىستان ۋە چىننىڭ يىراق رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىكەن.
ئىستېمال مىقدارى: 12 دانە ئارپا چوڭلۇقىدا ئىشلىتىلىدۇ.
بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۈبھىسىز ھالدا كاندىن چىقىدىغان پادىزەھرى ئىكەن.

## فەئر

(چاشقان)

ئۇ پارسچە «موش»، «ھوشا»، «موكەك»، سۈريانچە «كوقەفرى»، رىمچە «بوبتىيقۇ»، يۇنانچە «لىيفتىرۇس»، ھىندىچە «چوھە»، تۈركچە «سىچان» دەپ ئاتىلىدۇ.
ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق بولغان ھوشيار، زىيانلىق ھايۋاندۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا ئۇنتۇغاق قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، يامان قىلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ. قورۇپ ئېغىزىدىن شۆلگەي تولا ئاقىدىغان بالىغا يېگۈزۈلسە پايدا قىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. مايىقى ئىستېمال قىلىنسا قويۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ. كۈندۈر ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىسا بۆرەك، دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شىياق قىلىسا سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ. بالىلارنىڭ تەرىتىنى ماڭدۇرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: مايىقى كۆزگە سۈركىسە تۆكۈلگەن كىرپىكلەرنىڭ ئورنىغا قايتا كىرپىك ئۈندۈرىدۇ. كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: قېنى سۈركىسە سۆگەللەر ۋە ئۈچلۈق سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. كۆيدۈرۈلگەن بېشى ۋە مايىقى سىركە ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چاچ ئۈندۈرىدۇ. 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا چاشقانلارنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيدۈكى خەتنى ئۆچۈرىدۇ.

زەھەرلەر: چاشقاننىڭ قارنىنى يېرىپ چايان ۋە يىلان چېقىۋالغان ئورۇنغا قىزىق تېڭىلسا زەھەر قايتۇرىدۇ. تىكەن، ئوقىا ئوخشاش يات نەرسىلەر تۇرۇپ قالغان ئورۇنغا تېڭىلسا ئۇلارنى چىقىرىدۇ. چاشقان يارىسىغا سۈركىسە تارقىتىدۇ. قورۇپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا چېپىلسىمۇ زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قېرىسى ئىستېمال قىلىنسا ئۇنتۇغاق قىلىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە، چاشقان بىلەن چاياننىڭ ئوتتۇرىدا چوڭقۇر ئاداۋەت بار بولۇپ، ئۇلار بىر دانە ئەينەك قاچىغا سېلىنسا ئوتتۇرىدا كەسكىن كۈرەش بولىدىكەن، چاشقان چاياننىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىمەكچى بولىدىكەن، چايان ئۇنى چاقماقچى بولىدىكەن. چاشقان چاياننىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋالىسا ئۇنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بولمىسا ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن. چاشقاننىڭ كۆزى كىشىنىڭ دوپپىسىغا قاداپ قويۇلسا يول مېڭىشى ئاسان بولىدۇ. تەپ بىمارىغا ئېسىپ قويۇلسا قىزىتما پەسىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقدېنى ئايالىغا ئېسىپ قويۇلسا ئۆزىدىن ئايرىمىغۇچە ھامىلىدار بولمايدۇ.

## فەئرەتۇل بىيش
(بىيش چاشقىنى)

ئۇ بىيش چاشقىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

## فەئرەتۇل مىسك
(ئىپار چاشقىنى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «چەچۇندەر» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئومۇمەن چاشقانغا ئوخشايدۇ، ناھايىتى بەتبۇي پۇرايدۇ. شۇ دەرىجىدە سېسىق ئىكەنكى، ئۇ قانداق يەردىن ئۆتسە شۇ يەردىن ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. سۈيدۈك ۋە مايىقى ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە زەخىملىگۈچىدۇر، ھەتتا كىيىم ـ كېچەك ياكى يوتقان ـ كۆرپىگە ئۇنىڭ ماياق ـ سۈيدۈكى تېگىپ كەتسە تېز يۇيۇۋېتىلمىسە چىرىتىدۇ. زىيادە سېسىقلىقىدىن مۈشۈك ۋە باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. ئۇنىڭ گۆشى زەھەردىن خالىي ئەمەسدۇر. ئۇ ئەخلەتخانىلار ۋە سۈپۈرۈندىلىكلەردە ياشايدۇ. ھىندىستان، بېنگال ئەللىرىدە كۆپ بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ مازىنداران ۋە باشقا ھاۋاسى ھۆل ئىسسىق بولغان شەھەرلەردىمۇ بولىدىكەن. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاق، چوڭراق بولۇپ، ناھايىتى سېسىق بولىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، چاشقاننىڭ رەڭگىدە بولىدۇ، سېسىق پۇرىقى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

## فاسى
(ئارپىخان)

**ماھىيتى:** ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىنىڭ «تۆھپە» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ يۇنانچە «ئەندىرۇسارۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ قىزىل، ئەگرى، ئاچچىق بولغان، غىلاپى خەرنۇب غىلاپىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۇرۇقتىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى نوقۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئارپىلىق ۋە بۇغدايلىقتا ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاسان ھەزىم بولغۇچى، قورۇغۇچى، ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى بولۇپ، بوغۇملار ئاغرىقى، نەپەس قىستاش، تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**نۇۋۋاب ئەلەۋىيخان مەرھۇم:** « ئۇ ‹ئەندىرۇساۇن›، ‹ئەندىرۇنىيلۇن› دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ‹ئ›(ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلدىم» دەپ يازغان. مەرھۇمنىڭ يەككە دورىلار كىتابى قولۇمدا بولمىغاچقا ئۇنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىدىم. ھەق سۇبھانەھۇۋەتائالا ئۇنىڭغا ئۆز پەزلى مەرھەمىتىدىن ئاتا قىلغاي.

## فاشەرا

(مىڭشاخ)

ئۇ سۇريانچە «فاشار» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. ئەرەبچە «كەرمەتۇل بەيزائ» (ئاق ئۈزۈم)، پارسچە «ھەزار فەشان»، «ھەزار كەشان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى «ھەزەرجەشان» بولۇپ، مىڭ شاخ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ مەنىسى مىڭ گەز دېگەن بولىدۇ دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەستۇر. بەلكى ئۇنىڭ مەنىسى دەسلەپتە دېيىلگەندەكتۇر. ئۇ پارسچە يەنە «مارداۇ» (يىلان دورىسى)، «كەرەمى دەشتى» (چۆل ئۈزۈمى) دېيىلىدۇ. شىرازچە «نەخۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قىشتىمۇ قۇرۇمايدۇ.

تەفلىيسىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇريانچە «كەتەنبا»، رىمچە «ھەلىيلۇتىن»، يۇنانچە «ئەغلىيتۇس»، بەربەرچە «ئەرجالۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن. تەنەكابۇن ۋە تەبەرىستاندا «ئەلاملىك» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۈزۈم تېلىغا ئوخشايدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى سىلىق، يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ. تال باغلانچىسىغا ئوخشاش باغلانچىلىرى بار بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، قىزىل، باشاقلىق بولىدۇ. قىش پەسلى كىرگەندە مېۋىسى يوپۇرماقسىز ھالدا قالىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، قىرتاق بولىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەربىر باشاقتا تەخمىنەن 10 دانە ئۇرۇق بولىدىكەن. دەسلەپتە كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدىكەن. ئۇ «سىياھداۇ» (قارا دورا) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ پارسنىڭ شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ، كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يىلتىزى ھاشاراتلار چېقىۋالغان زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «ئۇدۇل ھەيىيە» (يىلان ياغىچى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئاچچىق قوستىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. دورىپۇرۇشلار ئۇنى ئاچچىق قوستە ئورنىدا ساتىدۇ. تەمى قىرتاق، ئۆتكۈر، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. «ئەلقانۇن»دا «قەفتارغان» دېگەن ماۋزۇدا «ھەزارجەشان» دەپ  بايان قىلىنغان. يېڭىسى ۋە ھۆلى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يوپۇرمىقى، مېۋىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە

قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن. يىلتىزىنىڭ ئىسسىقلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئاجىزراق، ئاچچىقراق ۋە ئۆتكۈررەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئاشقازاننى قۇرۇتۇپ قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۈنىگە 3 ~ 5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، كۆز قاراڭغۇلىشىش، پالەچ، ئىسسىرخا، ئۇنتۇغاقلىق ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئېزىلىشىگە داۋا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە كۆز تېگىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن لوئوق قىلسا بەلغەمدىن بولغان بوغما، نەپەسلىنىشنىڭ نورمالسىزلىقى، كونا يۆتەل، بىقىن ئاغرىقى، بىقىندا يەل تۇرۇپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى بۇغداي بىلەن قايىنىتىپ، پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا سۈتنى قويۇلدۇرىدۇ، كۆپەيتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا دانىخورەككە داۋا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرماقلىرى ۋە يۇمران شاخلىرىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورۇيدۇ ۋە تازىلايدۇ. ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈت ھەيدەيدۇ. يىلتىزى تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى ئېرىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ سىركە بىلەن بىرلىكتە 30 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سىركە ۋە ئەنجۈر بىلەن زىمات تەييارلاپ ئۈستىگە چېپىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ سۈيى سۈرۈلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ئىششىقلار، مۇدۇر ـ چاقىلار ۋە باشقىلار: پىششىق ياكى خام ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. يېڭى ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان ئاز مىقداردىكى كەتىرا ۋە مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىدىن 3 ~5 گىرامغىچە ئېلىپ كەتىرا ياكى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ، كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. سۈيدۈك، سۈت ۋە باشقا كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇسارىسى بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ زەيتۇن يېغى بىلەن قويۇلغۇچە قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە بوۋاسىر، مەقئەت ئاقمىلىرى، سوغۇقتىن بولغان بارلىق ئاغرىقلارغا شىپا بولىدۇ. يەڭگىل قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. زەخىملەرنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ. قايناتمىسى ئەزالارغا تۆكۈلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. دانىخورەككە پايدا قىلىدۇ.

سۆگەللەرنى چۇشۇرىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەينەكنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قاپلىق يارىنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

يارىلار: يىلتىزى تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. يەل يارا، كۆيدۈرگىنىنىڭ مەلھەملىرىگە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى يارىلاشقان ۋە يارىلاشمىغان قوتۇر، تېرە قاسراقلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: يىلتىزى شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا سۇنغان ئۇستىخاننى چىقىرىدۇ. بوشىغان، ئاجىزلىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. كۇرسىنە پۇرچىقى ئۇنى ۋە شۇمشا ئۇرۇقى ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

**زەھەرلەر:** يىلتىزىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئەفئا يىلىنى ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ئاجىزدۇر.

زىننەتلەش تەسىرى: يىلتىزى كۇرسىنە پۇرچىقى ئۇنى ۋە شۇمشا ئۇرۇقى ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا، داغ ۋە تېرىدىكى جاراھەت، يارىدىن قالغان قارا ئىزلار ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىپ، تېرىنى تازىلايدۇ ۋە سۇزۇلدۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ ئىشلىتىلسە كۆز تېگىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. مېۋىسى زىمات قىلىنسا چاچنى چۈشۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن كۆنچىلەر تېرىنىڭ يۇڭىنى چۇشۇرۇش ئۇچۇن ئۇنى ئىشلىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن مېۋىسى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تالغا زىيان قىلىدىكەن، زېھنى ۋە ئەقىلنى ئېلىشتۇرىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا بىلەن ئىستېمال قىلىش ياكى قەي قىلىش، ئارقىدىن چۇچۇمەل مېۋە قىياملىرىنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسا ئەقىلنى ئېلىشتۇرىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يىلتىزى بىلەن مېۋىسىنىڭ ئورۇنباسارى باراۋەر مىقداردىكى دۇرنەج، ئۇچتىن ئىككى قىسمىچىلىك مىقداردا بەسباسدۇر، بەزىلەر يېرىم ھەسسە بەسباسە ئورۇنباسار بولىدۇ، دەپ يازغان.

## فاشرىستىين
(قارا تال)

ئۇ كۆپىنچە ئەسرلەردە شۇنداق يېزىلىدۇ. بەزىلەر ئاتمىش خىل كېسەللىكنى ساقايتقۇچى دېگەن مەنىدە «ت» ھەرپىنى تەكرارلاپ «فاشرىستتىين» دەپ يازغان. بەزىلەر «ر» ھەرپىنىڭ ئالدىغا «ئە» تاۋۇشىنى قوشۇپ «فاشرەستەين» دەپ يازغان. ئۇ سۇرىيانچە

سۆزدۇر. ئەرەبچە «كەرمەتۇس سەۋدائ» (قارا تال) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «شەش بەند سىياھ» (قارا ئالتە بوغۇم) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «شەش بەندان» دېيىلىدۇ. يۇنانچە قارا تال دېگەن مەنىدە «ئەنباس مالىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. رىمچە «ئانارى تەرۇتىيلىس» دېيىلىدۇ. بەربەرچە «مەيمۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇستا «بوتانىيە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «فاشىرستىين» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاتمىش خىل كېسەللىكنى ساقايتقۇچى، دېگەن بولىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىش جەھەتتە فاشىرا (مىڭشاخ) ۋە يۆگىمەچئوت ئۆسۈملۈكلىرىگە ئوخشايدۇ. رەڭگى فاشىرا ئۆسۈملۈكىدىن پەرقلىنىدۇ. يوپۇرمىقى يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، غولى قارا بولىدۇ. مېۋىسى فاشىرا ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش باشاق ئىچىدە بولۇپ، خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قارا بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى ئاق، ئىچى قىزىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سېرىققا مايىل بولىدىكەن. «ئەلقانۇن»نىڭ قەفتارغان ماۋزۇسىدا ئۇ ئادراسمان دەپ بايان قىلىنغان.

**تەبئىتى:** مۆتىدىللىككە يېقىن قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** فاشرادىن ئاجىزراقتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تۇتقاق كېسەل، پالەچكە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

نەپەس ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك ۋە چىقىرىش ئەزالىرىنى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئىششىق، قېچىر ۋە كالىغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ. پەيلەرنىڭ تولغىشىپ كېتىشىگە داۋا بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كەرمەتۇل بەيزا.

## فات

(فات دورىسى)

ئۇ بەزىدە «فاز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ رىمچە سۆز ئىكەن. تەفلىيسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «ت» ھەرپى بىلەن «فات» دەپ ئېيتىلىدىكەن، رىمچە «فەتىيلامەج» دېيىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى تا ھازىرغىچە تازا ئېنىق ئەمەس، ھەربىر ئادەم ھەر خىل نەرسە دېگەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى خىتاي جەدۋارى دەپ بىلگەن. «تىببى قەدىيم» (قەدىمكى تىبابەت) دېگەن كىتابتا «فازەخ» دېيىلگەن بولۇپ، پارسىنىڭ يىراق شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان ئاقۇا ۋە كۆككە مايىل سېرىق تاش ئىكەن. قاتتىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى تۈركىستاندىن

ئېلىپ كېلىنىدىغان نامەلۇم دورا دەپ بىلىدۇ. يېڭىلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ شەۋكىران، ئىتىياڭىقى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋالغان زەھەرلىرى ۋە باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۇچۇن سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پايدا قىلىدۇ.

## فاغىرە

### (ئوچۇق كاۋاۋچىن)

ئۇ «فارىغە»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «فاخىرە»، «كەبابەئى دەھەن كۇشاد» (ئېغىزى ئوچۇق كاۋاۋچىن) ۋە «كەبابەئى دەھەن شۇگافتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** كاۋاۋچىنىدىن چوڭراق بولۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا، ياڭاق شاكىلى رەڭگىدە بولىدۇ. يېرىمىغىچە يېرىلغان ھالەتتە بولىدۇ. ئىچىدىن يۇمىلاق، قارا، پارقىراق، خۇش پۇراق كىچىك ئۇرۇقى چىقىدۇ. ھىندىستاننىڭ زىرىبادات ۋە سۇدان شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەلھەملەر، پۇراتمىلار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياسالمىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئتى:** شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، باشقىلارنىڭ سۆزىچە ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى قۇۋۋىتى بار، ناھايىتى قورۇغۇچىدۇر.

باش ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. ساراڭلىقتا داۋا بولىدۇ. پۇرىسا مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: سۈيىنى چىقىرىپ ئېغىز چايقىسا ئېغىزنىڭ سانجىپ ئاغرىشى ۋە غىدىقلىنىشىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ. سوغۇق جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى تازىلايدۇ. ئاشقازان، سوغۇق جىگەر، بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ. سوغۇق غىزالارنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كافۇر، نىلۇپەر، بادام يېغى، گۇلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## فالىبەرنۇس
(فالىبەرنۇس ئۆسۈملۈكى)

بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ «ن» ھەرپىسىز ھالەتتە يېزىلغان. ئۇ «فالىبۇرس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىنچىكە يىلتىزلاردىن ئىككى نەيزە ئۇزۇنلۇقتا، قومۇشتەك بوغۇملۇق كۆپ شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇقى ئاق بولۇپ، سۇپۇرگە قونىقى ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. تېبابەتتە ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ پايدىسى يوقتۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى ھارارىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

چىقىرىش ئەزالىرى: ئۇرۇقى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇسارىسىنىڭ ھەربىرى يالغۇز ياكى بىرلىكتە سۇ ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا دوۋسۇن ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

## فالىنجىيقەن
(فالىنجىقەن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، دۆ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فالىنجىيتۇس»، «لوقاقىينۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر، ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى دانە شېخى بار بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، سەۋسەن گۈلىگە ئوخشايدۇ، سەل چىشلىق بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولۇپ، يېسسىمۇقنىڭ يېرىمىچىلىك ، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. يىلتىزى كىچىك، ئىنچىكە بولۇپ، يەردىن يېڭى كولاپ چىقىرىلغاندا سېرىق، كېيىن ئاقىرىدۇ. توپا دۆۋىلىرىدە ئۈنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەرلىك ھايۋاناتلارنىڭ زەھىرىنى تارقىتىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى، ئۇرۇقى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، چايان ۋە دۆنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدىكەن.

## فالۇزەج
(بۇغداي ئۇنى ھالۋىسى)

ئۇ «فالۇزەق» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پارسچە «پالۇدە» دېگەن سۆزنىڭ

ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيتى:** قەدىمكىلەرنىڭ تونۇشىدا بۇغداي ئۇنى ھالۋىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بادام يېغى ياكى پىستە يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىناتتى. ھازىرقى زاماندىكى كۆپ قىسىم ئەللەردە بۇغداي كىراخمالى كۆپ مىقداردىكى قايناق سۇدا ئېرىتىلىپ سۇغا سىڭىنىپ سۇغا ئارىلىشىپ كەتمىگۇدەك دەرىجىدە ئۇيۇغىچە پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكە، ئۇزۇن قاچىغا تۆكۈلۈپ سوۋۇغاندىن كېيىن كىچىك بادام چوڭلۇقىدا كېسىپ قەنت، ناۋات قىيامى، ئۈزۈم شىرىسى قاتارلىقلارغا گۈلاب ياكى بىدىمۇشكى ئەرقى قوشۇپ خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىلەپ قار ياكى مۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى تۆشۈكلۈك تاختاي ئۈستىگە قويۇپ، ئاستىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغان قاچا قويۇپ ئۈستىدىن مىجىلىپ قاچىدىكى سۇغا مەرۋايىتتەك ئېزىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق شەربەت ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. نەپەس يولى ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭغا رەيھان ئۇرۇقى قوشۇلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

## فانىيز
(قەنت)

ئۇ پارسچە «قەند» (قەنت) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر شېكەر قومۇشىنىڭ سۈيىنى قاينىتىپ قويۇلدۇرغاندىن كېيىن ساپلاشتۇرماي تەييارلانسا «قەندى سىياھ» (قارا قەنت) دەپ ئاتىلىدۇ، تېۋىپلار ئۇنى «شەكەرى ئەھمەر»، يەنى قىزىل شېكەر دەپ ئاتايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئەمەلىيەت شۇكى، شېكەر قومۇشى ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ھىندىچە «كۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قىزىل شېكەردىن ئىبارەت. ئۇ ھىندىچە «لال چىينى» (قىزىل شېكەر)، «شېكەر تەرى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بېنگالدا شېكەر «چىينى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى ئاق بولۇپ، ھىندىچە «كاند» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاق شېكەرنى سۇ بىلەن ئېرىتىپ قاينىتىپ سۈت كۆپۈكى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈلدۇرۇپ قاتۇرۇلسا «نەباتى سەفىيد» (ئاق ناۋات) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يەنە

بىر دەرىجىدە ساپلاشتۇرۇپ قاچىغا تۆكۈپ پارچىلاپ تەييارلانسا «شەكەرى سۇلەيمانى» (سۇلايمان شېكىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى يەنە بىر قېتىم قايىنتىپ ساپلاشتۇرۇپ كونۇس شەكىللىك قېلىپلارغا تۆكۈپ تەييارلانسا «فانىيز»، پارسچە «قەند» (قەنت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇچىنچى قېتىم بەكرەك قايىنتىپ تەييارلانسا «ئەبلۇج» دەپ، پارسچە «قەندى مۇكەررەر» (تەكرار قايىنتىلغان قەنت) دەپ، ھىندىچە «ئولە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىككى تەرىپى تەكشى بولغان ئۇزۇنچاق قېلىپقا تۆكۈپ، قەلەمچە ھالەتتە تەييارلانسا ئۇ «قەلەم» (قەلەمچە ناۋات) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئەگەر ئۇنى يەنە بىر قېتىم قايىنتىپ ئەينەك قاچىغا تۆكۈپ تەييارلانسا «نەباتى قەرارىي»، «نەباتى سەنجىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەگەر ئۇچىنچى قېتىم قايىنتىلغاندا، ئۇنىڭ ئوندىن بىر بۆلىكى مىقداردا يېڭى سۈت قوشۇلۇپ قايىنتىپ قاتۇرۇپ تەييارلانسا «تەبەرزەد» دەپ ئاتىلىدىكەن. كۆپىنچە قىسىم كىشىلەر ئۇنى «قەندى مۇكەررەر» دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر ئاق شېكەرنى يەنە بىر قېتىم قايىنتىپ ساپلاشتۇرۇپ ياغاچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كۆپۈكچىلەر ھاسىل بولغاندا بوش توقۇلغان ئاق رەخت ياكى پاكىز بورا ياكى باشقا تۆشۈكلۈك نەرسىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆپۈكچىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، كۆپۈكچىلەرنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە قاتۇرۇلۇپ تەييارلانسا ئۇ «فانىيز» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچە «بىتاسە» (پاتاسكا) دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شېكەر قومۇشىنىڭ ئاق سۈيى يەنە بىر قېتىم قايىنتىپ ساپلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ سۈت كۆپۈكى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى قوشۇپ ئاقارتىپ قۇرس ياساپ قاتۇرۇپ تەييارلانسا «فانىيز» دەپ ئاتىلىدىكەن، پارسچە «شەكەرى پەنىر» دېيىلىدىكەن. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاق شېكەرنى قايتا قايىنتىپ كۆپۈكى قايتا پەيدا بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېلىپ قىيام قىلىپ ئىككى ئادەم قوللىرى بىلەن تارتىپ پاكىز ياغاچ ياكى تاختىغا ئۇرۇپ ئاقارتىپ، قۇرس ياساپ تەييارلىسا ئاندىن «فانىيز» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ ئەرەبچە «ناتىق» دەپ ئاتىلىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭغا ياڭاق، بادام، پىستىگە ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ مېغىزى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە «ھەلۋايى مەغىز» (مېغىز ھالۋىسى)، «قەبىيدە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى پارچىلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۆتتىن بىر بۆلىك مىقداردا ساپ ھەسەل قوشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەسەل قوشۇلمىغىنىغا كۈنجۈتتىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلسا «ھالۋايى كۈنجۈت» (كۈنجۈت ھالۋىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «رىيورى» دېيىلىدۇ، ئەرەبچە «ناتىفى سىمسىم» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «فانىيز دېگىنىمىز، ئاق قەنت قىيام قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى ئاق شېكەر ساپلاشتۇرۇپ ئۇچىنچى قېتىم قايىنتىلغاندىن كېيىن كونۇس شەكىللىك قېلىپقا قۇيۇپ، ئۇنىڭغا يۇلغۇن ھەسىلى قوشۇپ ‹ۋەتەد› دېيىلىدىغان ياغاچ بىلەن ئاقارغۇچە ئارىلاشتۇرۇپ، پارچىلاپ تەييارلانغان ياسالمىدىن

ئىبارەت» دېگەن. تەرەنجىبىنىدىنمۇ شۇ ئۇسۇل بويىچە قەنت تەييارلىنىدۇ. يەنە فانىيىز خەزائى (خەزائى قەنتى) بىلەن فانىيىز سەنجىرىي (سەنجىرىي قەنتى) ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىختىلاپ باردۇر. پەقەت قەنتتىنلا ياسىلىپ ئارپا ئۇنى قوشۇلمىسا «فانىيىز خەزائىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يۇلغۇن ھەسلى ۋە تەرەنجىبىن قوشۇلۇپ ئۇستىگە ئارپا ئۇنى سېپىپ تەييارلانسا «فانىيىز سەنجىرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. سەنجىرىي دېگەن بۇ ئاتالغۇ سەنگىرىستان دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ سىيىستان دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنى ئومانىنىڭ بىر شەھىرى بولغان سۇھۇرغا تەۋە قىلىپ «فانىيىز سۇھۇرىي» دەپ ئاتىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ. ياخشىسى فانىيىز خەزائىينىڭ نېپىز بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بولۇپمۇ ئېقىنىنىڭ ھۆللۈكى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ شېكەردىن تەستىرەك ھەزىم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىسسىقراقتۇر.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يۆتەل، زىققە نەپەس، كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئۈچەي، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىنىدى.

## فاۋانىيا
(چىشى ئۇد سەلىب)

ئۇ «ئۇدۇر رىيە» (يەل ياغىچى)، سۇريانچە «كەھبانا»، «كەھەنبا» دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش خەلقى ئارىسىدا «ئۇدۇل ھەمىير» (ئېشەك ياغىچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** كۆپ قىسىم كىشىلەر فاۋانىيانىڭ ئۇد سەلىب ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىشقان. خوۋاجە نەفىيس قەرەشىنىڭ «مۇجەزۇل قانۇن» (قىسقارتىلغان قانۇن») دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىدە : «فاۋانىيانى ئۇد سەلىب دېگەنلەر ئىككىسىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن خاتالاشقانلاردۇر» دەپ يازغان، ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئېيتمىغان. بەزىلەر «ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ ئىچىدە كىرېست بەلگىسى شەكىللىك سىزىقچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇد سەلىب (كىرېستلىق ياغاچ) دەپ ئاتالغان. چىشىسىدا ئۇنداق بەلگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ‹فاۋانىيا› دەپ ئاتالغان» دەيدۇ. بۇ گەپ ھەممىدىن توغرىدۇر. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «ئەلقانۇن» نىڭ يەككە دورىلار

قىسمىدا ئۇد سەلىب بىلەن فاۋانىيانى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى پەرقىنى دېمىگەن. ئۇد سەلىبنىڭ ماۋزۇسىدا تەپسىلىي توختىلىپ: «دىسقورىدۇس ئۇد سەلىبنى بەزى كىشىلەر ‹زۇل ئەسابىئ› (بارماقلىق يىلتىز) دەپ ئاتايدىغان، يەنە بەزىلەر ‹ئەلىيسى› دەپ ئاتايدىغان نەرسىدۇر دەپ خىيال قىلغان» دەپ يازغان.

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى ناھايىتى تولا بولىدۇ. ئەركەك، چىشى بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى شاھبەلۇتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى ياۋا كەرەپشە بولغان سەمۇنىيۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، چىشلىق بولىدۇ. غولىنىڭ بىر تەرىپىدىن بادامغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئانار دانىلىرىغا ئوخشايدىغان كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقلارنىڭ ئارىسىدا بەش ~ ئالتە دانە بىنەپشە رەڭلىك نەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بارماق توملۇقىدا، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئاق بولىدۇ. تەمى قىرتاق تېتىيدۇ. چىشىسىنىڭ يىلتىزى 7~8 دانە شاخقا بۆلۈنىدۇ. ھەربىرى بەللەت شەكلىدە بولۇپ، خۇددى خۇنسا ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 25 دانە ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جۆيلۈشكە داۋا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇرۇقى يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننىڭ غىدىقلىنىشى ۋە ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن بىر دانە بادام چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ، بۆرەك، دوۋسۇن ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يەرقانىغا شىپا بولىدۇ. قايناتمىسى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە ئىچىنى قاتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىزىل ئۇرۇقىدىن 12 دانە ئېلىپ، قابىز خۇسۇسىيەتلىك قارا شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش ۋە بالىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. 10 دانە ئۇرۇقى ھەسەل شارابى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ ئاغرىشىدىن بولغان ھىستېرىيەگە پايدا قىلىدۇ. كىچىك بالىنىڭ ئەزالىرىدا تاش دەسلەپ پەيدا بولغاندا ئىستېمال قىلدۇرۇلسا پايدا قىلىدۇ ۋە قايتا پەيدا بولمايدۇ.

فاۋانىيانىڭ بايانىدا ئۇنىڭ ئەركەك، چىشى بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەركىكى بارماق توملۇقىدىكى ئاق يىلتىزلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چاينىسا بىر سائەتتىن كېيىن سەل تاتلىقلىق ۋە قىرتاقلىق مەلۇم بولىدۇ. چىشىسى كۆپ شاخلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ئەمما (ئىسسىقلىقى) كۈچلۈك ئەمەس.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرتقۇچى، قورۇغۇچى، تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى،

ئۆچۈچانلاشتۇرغۇچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باش ئاغرىقى ۋە تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنى تۇتقاق كېسەل بىمارىغا يالغۇز ئېسىپ قويسىمۇ پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يەھۇدىي شۇ نام بىلەن داڭلانغان تېۋىپنىڭ ئۇنىڭ مېۋىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ساراڭلار ۋە تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىغا پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى يېزىلغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ مېۋىسى گۈلقەنت بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇ: «مەن ئۇنىڭ بۇ خىل تەسىرى فاۋانىيا رۇمىيدا كۆرۈلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھىندىيىسىدا كۆرۈلمەيدۇ دەپ ئويلايمەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 25 دانە ئېلىپ مائۇلھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جۆيلۈشكە داۋا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى قورۇغۇچى قىرتاق شارابلار بىلەن ئىچىلسە ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەرقانغا شىپا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈت ۋە ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئۇرۇقىدىن 25 دانە ئېلىپ مائۇلھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇپ قېلىش، بالىياتقۇ ئاغرىقى ۋە جۆيلۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ 12 دانىسى قاناشنى توختىتىدۇ. تۇغۇت قېنى مېڭىۋاتقان ئايال يىلتىزىدىن بىر دانە بادام چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇت قېنىغا مەنسۇپ كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا بۆرەك، دوۋسۇن ئاغرىقلىرىنىمۇ پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: مەلھەم قىلىسا، چىلانما تەييارلاپ يۈز يۇسا تېرىنى ئاقارتىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى خۇددى شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا دىسقۇرىدۇستىن نەقىل قىلغاندەك يازغان.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىننىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ سەۋزىگە ئوخشايدىكەن، چىشىسى ياۋا كەرەپشە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەركىكى سۇندۇرۇلسا ئىچىدىن كېسىشكەن كىرېست شەكىللىك ئىككى دانە سىزىق چىقىدىكەن. چىشىسى بەللۇتقا ئوخشايدىغان بولۇپ ئىچىدىن كىرېست شەكىللىك سىزىق چىقمايدىكەن. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ ئەركىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى رىمدىن چىققىنى بولۇپ، توم بولىدۇ، قۇرت يېمىگەن بولۇشى لازىم. چاينىسا بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىزدا

ئۆتكۈرلۈكى، سەل ئاچچىقلىقى مەلۇم بولىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا زىيادە يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىش لازىم ئىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئىپتىشىچە، ئەرلەر كىيسەللىكلىرى ئۈچۈن ئەركەكى، ئاياللار كىيسەللىكلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ بالىياتقۇ كىيسەللىكى ئۈچۈن چىشىسى مۇۋاپىقراق ئىكەن.

ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ تەبىئىتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق دەيدۇ. يەنە بەزىلەر مۆتىدىللىككە مايىل دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ قىرتاق شاراب ياكى شېكەر شىربىسى ياكى باشقا تاتلىق ئىچىملىكلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، رەئشە، لەقۋا، باللار تۇتقاق كېسىلى، باشنىڭ كۆپ قىسىم كىيسەللىكلىرى، توسۇلۇش، بۆرەك، دوۋسۇن ئاغرىقى، ھەيز تۇتۇلۇش ۋە نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى شىلىمشىق خىلتلارنى چىقىرىدۇ، پالەچ، رەئشە، تۇتقاق كېسەل، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنى سوقۇپ خالتىغا قاچىلاپ پۇرىسا تۇتقاق كېسەل، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلسا تېرىدىكى قارا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. يىلتىز ۋە مېۋىسىنىڭ يېغى بىلەن ياغلىنىلسا تۇتقاق كېسەل ۋە كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. مېۋىسى باللارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلسا، شۇنداقلا يىلتىزى بولۇپمۇ ئەركىكىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈنىسىغا تېشىپ باللارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلسا باللارنىڭ چۆچۈشى، باللار تۇتقاق كېسەللىكى، چوڭلار تۇتقاق كېسىلى، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان ئىششىق، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ بېشى ئاغرىش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. چۆل - باياۋانلاردا ئۆزى بىلەن ساقلانسا خەۋپ - خەتەرلەردىن خاتىرجەم بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېۋىسى يالغۇز ياكى ئىپار، زەپەر بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، باللار تۇتقاق كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. ئەركىكىنىڭ، بولۇپمۇ قۇياش مىزان بۇرجىغا كەلگەندە، تۆمۈر ئەسۋابنىڭ باشقىسى بىلەن كېسىپ ئېلىنغىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى زۇمرەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن ياخشىراق دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى تۆمۈر ئەسۋاب ئۇنىڭ تەسىرىنى بىكار قىلىدۇ. «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇستازىم مەزكۇر سەۋەبتىن ئۇنى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئەمەس، بەلكى مىس ئەسۋاب بىلەن كېسىپ ئېلىش لازىم دېگەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ مەزكۇر شەرتلەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا كېسىپ ئېلىنغىنى ۋە ھەيزدار ئايالنىڭ قولى تەگمىگىنىنى سېرىق رەختكە ئوراپ ئايالغا ئېسىپ قوسا تۇغۇتىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، سېھرىنى يوقىتىدۇ، كىشىلەرگە سۆرلۈك كۆرۈنىدىغان قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ

قارىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇد سەلب بار ئۆيگە جىن ۋە زىيانداش ھاشاراتلار كىرمەيدىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، كىشى كۈمۈش بىلەن ئالتۇننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قەغەزدەك ياپىلاق قىلىپ، ئۇنىڭ تۆت دانە ئۇرۇقىنى ئۇنىڭغا ئوراپ ئۆزىگە بىلەن ساقلىسا ھەرقانچە كونىرىغان، ھەتتا 20 يىل ئۆتكەن تۇتقاق كېسەل بولسىمۇ پايدا قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئاي زۆھرە بۇرجى بىلەن تۇتاشقان ۋاقىتتا دۇشمەنلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىغا سەۋەب بولىدىكەن.

## فاغىيە
(خىنە گۈلى)

ئۇ خىنە گۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ، خىنە ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ئۇ يەنە باشقا چېچەكلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «غ» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ئ» ھەرپى قوشۇلۇپ فائىيە دەپ ئېيتىلسا ئادراسمان يىلتىزىنى كۆرسىتىدۇ.

# پەسىل:«ف» (فائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فەتايىل
(پىلتىلەر)

ئۇ تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە پىلتە قىلىپ مەقئەتكە ئىچىنى سۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، بوۋاسىرنى داۋالاش ياكى باشقا مەقسەتلەردە ياكى ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىغا تازىلاش، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈش، قۇۋۋەتلەش، قىزىتىش، تارايتىش ياكى باشقا مەقسەتلەردە سېلىنىدىغان پىلتىسىمان دورىلاردىن ئىبارەت. ئەمما كۆپ ھاللاردا مەقئەتكە قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تەركىبىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئىچىنى سۈرگۈچى پىلتە دورىلارنىڭ سۈرۈشى ۋە بەدەننىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى ماددىلارنى تارتىشى كىلىزمىلارنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇ ئىچىلىدىغان ياكى كىلىزما قىلىنىدىغان سۈرگە دورىلىرىنى ئىشلىتىشتە توسالغۇ بولغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى، تەييارلىنىشى ۋە نۇسخىلىرى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

# فەتايىلۇر رۇھبان
(راھىبلار پىلتىسى)

ئۇ ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە كۆپ بولۇپ، ئۇ يەردە «زەنجەبىلىيىيە» (زەنجىۋىلسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئاقىا مايىل قارامتۇل ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى خىنە ۋە سانائى مەككى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى توپا رەڭ بولۇپ، سىيادان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تۈكلۈكمۇ بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، بىر يەرگە توپلىشىپ ئېچىلىدۇ. ئۇرۇقى تەرتىزەك ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۇر، ئاچچىق بولىدۇ. دەريا، ئۆستەڭ بويلىرى ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئوراپ چىراغقا سېلىپ ياغ قۇيۇپ ئوت يېقىلسا چىراغنىڭ ياغ پىلتىسىدەك كۆيىدىكەن، راھىبلار ئىشلىتىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن راھىبلار پىلتىسى دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. يىلتىزى بىلەن گۈلى قالغان قىسىملىرىدىن ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

نەپەسلىنىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، نەپەس قىيىنلىششقا داۋا بولىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. كۆكرەككە زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: بوغۇملار ئاغرىقلىرى ۋە باشقا ئاغرىقلارغا شىپا بولىدۇ. يىلتىزى سۇتلەر بىلەن زىمات قىلسا بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋىسى ئاغرىقى، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ، قاتتىق ئىششىقلار، ئۇرۇقدان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. پەيلەرنىڭ چۆچۈشى، گۆشلەرنىڭ سوقۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ مۇرابباسى زەنجىۋىل مۇراببادىن پايدىلىقراق بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە باھ كېسەللىكلىرى: ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېكىرىشنى باسىدۇ، غىزانىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان، بۆرەك ۋە دوۋسۇننى قىزىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ ۋە ناھايىتى كۈچەيتىدۇ.

## فەتىيت
(ئۇۋاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇششاقلانغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ، كۆپرەك قۇرۇق نانىنى سوقۇپ ياكى سوقماي ھاسىل بولغان، بەك يۇمشاق بولمىغان ئۇۋىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر يۇمشاق ئۇۋىقىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ.

**تەبئىتى:** مۆتىدىل، قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ئاز، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، سەۋدادىن بولغان يەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ. قۇلۇنجى، بىقىن ئاغرىقى ۋە دوۋسۇن ئاغرىقىغا ئوخشاش سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياخشى يۇغۇرۇپ ياخشى پىشۇرۇش، كونجۇت، زىرە، جۇۋنە بىلەن ياكى شېكەر ۋە بادام يېغىغا ئوخشاش ياغلار بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇ ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلار، ئۇچىيى ئاجىزلارغا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. ئۇنى سايىدا قۇرۇتۇش لازىم. بەك كونا بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى بەك كونىلىرى ناچاردۇر. ھەممە ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۈزەتكۈچىسى شېكەردۇر.

# پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فۇجل
(تۇرۇپ)

ئۇ پارسچە «تۇرۇب»، شىرازدا «تەربۇزە»، سۇريانچە «فەئالا»، رىمچە «دەفيۇن»، يۇنانچە «ئەقاتىيس»، «ئەبابۇس»، ھىندىچە «مولى»، فىرانسۇزچە «رەفالىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: تونۇشلۇق بولۇپ، كۆپ شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. شامدا ئۆسىدىغان تۇرىمۇ بولىدۇ. شامدا ئۆسىدىغىنى چامغۇر ئۇرۇقىنى تۇرۇپ مايىسىسىغا سېلىپ ياكى ئەكسىچە يېتىشتۈرۈلگىنىدىن ئىبارەت. ياۋىسى يەرلىكىدىن ئۆتكۈررەك بولىدۇ، ئەمما يەرلىكىدەك ئۇزۇن بولمايدۇ. قۇۋۋىتى قىچىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى ياۋا قىچا دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكى بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئاق، ئۇزۇنچاق، چوڭراق بولۇپ، بەزىلىرى بېنگالنىڭ بەزى يېزىلىرىدا ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ھەتتا ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا، يېرىم غېرىچ توملۇقتىمۇ بولىدۇ.

بەزىلىرى چوروك، سولۇق، بەزىلىرى قۇرۇق، ئىچى بوش بولىدۇ. ھەتتا رەڭگىپۇر ۋىلايىتىنىڭ «غەيرىي سەدىر» دېگەن يېرىدە توپراقنىڭ كۆچلۈكلۈكىدىن ئىككى غۇلاچ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، تەخمىنەن ئىككى غېرىچ توملۇقتا ئۆسىدۇ. سولۇق، تاتلىق بولۇپ، «فەتىيلى مولى» (پىلتىسىمان تۇرۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى پىل چىشىدەك چوڭ بولىدۇ. بېنگال خەلقى ئۇنى چامغۇرغا ئوخشاش گۆش ياكى بېلىق بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. باشقا يەرلەردە بىر يېرىم غېرىچقىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى چامغۇرغا ئوخشاش يۇمىلاق، پوستى قارا، سەل يىرىك، ئاق، سوزۇنچاق، قۇرۇقراق بولىدۇ، ئۇنىڭچىلىك سولۇق بولمايدۇ. ئەمما ئېقىدىن ئۆتكۈررەك بولىدۇ، بولۇپمۇ پوستى تېخىمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ خىلى كۆپ ھاللاردا قىش پەسلىدە بولىدىغان بولۇپ، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى ۋە قۇرۇقلۇقىدىن يەر ئاستىدا تۇرۇپ يېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يۇمىلاق، پوستى ئاق بولغان يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، فىرانسۇزلار ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى دۆلىتىدىن ئېلىپ كېلىپ تېرىيدۇ، ئۇمۇ قارىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇمۇ قىش پەسلىگە خاس بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى سولۇق، چوروك، ئۆتكۈر، ئۇزۇنچاق بولغانلىرىدۇر. ھەممىسىنىڭ يوپۇرمىقى چامغۇر ۋە قىچا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇلاردىن يىرىكرەك، ئۆتكۈررەك بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقى يۇمىلاققا مايىل بولۇپ، بارماق توملۇقىدىكى ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك، چوروك بولۇپ، تەمى تۇرۇپنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، لەززەتلىك بولىدۇ. ھىندىچە «سىنگەرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تۇز بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپقا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇششاقلاپ گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا لەززەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى پىشقاندىن كېيىن قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. يىلتىزى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. پوستى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ئىسسىقلىقى يىلتىزىدىن ئارتۇقراقتۇر. ياۋىسىنىڭ ھەممە قىسمى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك ۋە ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى، كېكىرتكۈچىدۇر. ئۇرۇقى ماددىلارنى تارقىتىدۇ. بەزى كىشىلەردە ھەزىم بولمىغان تائامنى ھەزىم قىلىدۇ. بولۇپمۇ يوپۇرمىقى بەزى كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىدا كۆپ ھۆللۈك بار بولغاچقا تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىنى بۇزىدۇ، بولۇپمۇ يىلتىزى شۇنداق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ چىرىشچان ئۈچۈچان تەركىبى باردۇر. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچىنى سەل بوشىتىدۇ. باھار پەسلىدىكى يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئوزۇقلۇقى يىلتىزىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ ئابدۇللا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، تۇرۇپتا ئۈچ خىل خاسىيەت بار

ئىكەن، يوپۇرمىقى يەللەرنى تارقىتىدىكەن، ئۇرۇقى سۈيدۈك ھەيدەيدىكەن، يىلتىزى بەلغەم بوشىتىدىكەن.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باش، چىش ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

قولاق كېسەللىكلىرى: يېغى تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. تۇرۇپنىڭ ئىچىنى بوشىتىپ ئىچىگە گۈل يېغى تۆكۈپ ئوتتا قاينىغۇچە قويۇپ، شۇ ياغ قۇلاققا ئىللىق ھالەتتە تېمىتىلسا يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى تېز پەسەيتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سۈيى گۈل يېغى بىلەن قاينىتىپ قۇلاققا ئىللىق ھالەتتە تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە زىيان قىلىدۇ، كۆزگە تېمىتىلسا تازىلايدۇ، كۆز چانىقىدا پەيدا بولغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. زىمات قىلسا كۆز ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىچىلسە كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. كۆكرەكتە پەيدا بولغان قويۇق كەيمۇسلارنى يوقىتىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى يەر مەدىكى يېگەن سەۋەبتىن پەيدا بولغان بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىدا سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلىكتە ئېغىز چايقىسا بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، بىراق گالغا زىيان قىلىدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، كېكىرتىدۇ. تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى بوشىتىدۇ، تائامنى ھەيدەيدۇ، تائامدىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنسا تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، تائامنىڭ ئاشقازان تېگىدە بوشىشى ۋە لەيلەپ ئاشقازان ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن قۇسۇشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بولۇپمۇ پوستى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ قۇستۇرىدۇ. ئۆپكە، بىقىن ۋە تالغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىبنى ماسويەنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرۇپنىڭ سۈيى ئىچىلسە تائام سىڭدۈرىدىكەن، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدىكەن. ئىستىسقا، تال كېسەللىكى ۋە يەرقانغا پايدا قىلىدىكەن، ئۆزى كۆڭۈلنى ئىللىشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، غىزانىڭ تېز چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ 2.5 گىرامى تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا تائام سىڭدۈرىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ، ئاشقازاننى تازىلايدۇ. خەربەقنى يىپچە قىلىپ توغراپ، تۇرۇپنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، خېمىر ۋە گىل بىلەن ئوراپ چوغقا كۆمۈلۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن چوغدىن چىقىرىپ خەربەقنى ئايرىۋېتىپ، تۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇرۇقى بوغۇملارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان قىچىشقاقلا پايدا قىلىدۇ، يىلتىزىمۇ پايدا قىلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا يامان يارىلار ۋە يىرىڭلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇرۇقى سىركە بىلەن زىمات قىلسا غانغىرىينا (قاراسان) ۋە كالا تەمرەتكىسىنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ.

مۇدۇر - چاقىلار: ئۇنى سارالاڭ بوغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا دانىخورەككە پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى يوقىتىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىچىلسە ھەيز ھەيدەيدۇ ۋە راۋانلاشتۇرىدۇ. يوپۇرماقسىز شاخلىرىنىڭ سۈيىدىن 30 مىللىلىتىر ئىچىلسە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرىنىڭ سۈيىدىن 100 مىللىلىتىر ئېلىپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەرداب سۇ ۋە ئىستىسقانىڭ سۈيىنى يوقىتىدۇ. تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تالغا پايدا قىلىدۇ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. تۇرۇپنى تۆشۈك - تۆشۈك قىلىپ تۆشۈكلەر ئىچىگە چامغۇر ئۇرۇقى توشقۇزغاندىن كېيىن ئېغىزىنى تۇرۇپ پارچىلىرى بىلەن ئېتىپ ياكى تۇرۇپنىڭ ئىچىنى بوشىتىپ ئىچىگە چامغۇر ئۇرۇقى توشقۇزغاندىن كېيىن ئېغىزىنى تۇرۇپ پارچىسى بىلەن ئېتىپ خېمىر بىلەن ئوراپ چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۈچ كۈن ئۇدا ئىچىش لازىم. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيز ۋە سۈتنى ھەيدەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، قۇستۇرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئاغرىقى ۋە تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ.

**زەھەرلىنىش:** زىمات قىلسا زەھەرلىك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇرۇقى شاراب بىلەن زىمات قىلسا مۈڭگۈزلۈك يىلان زەھىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى سوقۇپ چايان ئۈستىگە قويۇلسا چاياننى ئۆلتۈرىدۇ، سۈيى تۆكۈلسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. چايان تۇرۇپ يېگەن ئادەمنى چاقسا زەھىرى زىيان قىلمايدۇ. ئۇ بەدەنگە سۈركىسە زىيانداش ھاشاراتلار يېقىن كەلمەيدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** ئىستېمال قىلىنسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. سارالاڭ بوغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چاچ ئۈندۈرىدۇ، چاچنىڭ كېپەكلىشىشىگە داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا كۆز ئاستىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. سۈيى سۈركىسە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سەپكۈن، تېرىدىكى يات ئىزلار، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن قالغان ئىزلار، داغ

قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، كالا تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ. كۆندۈش بىلەن زىمات قىلسا ئاق بەھەقكە پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ مۇنچىدا سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلسە دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چاچ ئۈندۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، خىلىتلارنى چىرىتىپ پىت پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭدا چىرىشچان ئۇچۇچان تەركىب باردۇر. باش، گال ۋە چىشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، ھەسەل، سىركىگە چىلانغان زىرىدۇر.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئۇزۇم سىركىسىگە چىلانغىنى قويۇق خىلىتلارنى پارچىلايدۇ، ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يۆتەل بولمىغان ئەھۋالدا ھەرگىز زىيان قىلمايدۇ.

ئورۇقى قۇستۇرىدۇ، جىگەر، تال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈت، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مۆڭگۈزلۈك يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 2.5 گىرام ئېلىپ تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا تاماق سىڭدۈرىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى تازىلايدۇ. زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. شېكەر بىلەن زىمات قىلسا غانغىرىينا (قاراسان) يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆندۈش ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا قارا بەھەقكە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئورۇقىدىن ئۈچ گىرامغىچە، سۈيىدىن 30 مىللىلىتىرغىچە، ئۆزىدىن 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، چامغۇردىن ئىسسىقراق، يەرلىك تۇرۇپتىن ئاجىزراق بولىدۇ، ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز.

ئۇنىڭ يېغى پەيدا بولغان ئورۇقى بىلەن يوپۇرمىقىنى زەيتۇن يېغى ياكى كۇنجۇت يېغىغا چىلاپ سۈس ئوتتا تاكى سۈيى توگەپ يېغى قالغۇچە كۆيدۈرۈۋېتمەي قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى ناھايىتى قىزىتقۇچىدۇر. كۆپ قىسىم كېسەللىكلەر ئۈچۈن كونا زەيتۇن يېغى ۋە بىلسان يېغىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئىنەكپىتى يېغىدىن ئىسسىقراق ۋە ئۇچۇچانراق بولىدۇ. ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. چايان ۋە

باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا يەل تارقىتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ، تېرىنىڭ يىرىكلىكىنى ئالىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. بەھەق ۋە ئاقكېسەلگە داۋا بولىدۇ. «ئەنتاكىي» نىڭ ئېيتىشىچە، تۇرۇپنى چاينىپ چىرىگۈچە قويۇلسا ئۇنىڭدىن قۇرتلار پەيدا بولىدىغان بولۇپ، بۇ قۇرتلار قاچىغا سېلىپ قويۇلسا، بىرى بىرىنى يەپ ئاخىرىدا بىر نەچچىسى قالىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرىتمىسى مېتاللارنى تەڭداشسىز ئېرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

## فۇجۇل بائەشىيقى
(شام تۇرۇپى)

ئۇ شام تۇرۇپىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، چامغۇردىن ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىك تۇرۇپ ۋە چامغۇردىن ناچارراق، يەرلىك تۇرۇپتىن ئاجىزراقتۇر. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ.

**زىيىنى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز.

# پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فەراخ
(چۈجە)

ئۇ پارسچە «چۈجە»، تۈركچە «فىرىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەربىر قۇشنىڭ چۈجىسى شۇ قۇشنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. چۈجىلەرنىڭ ياخشىسى توخۇ چۈجىسى بىلەن كەپتەر باچكىسىدۇر. كەپتەر باچكىسى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلۇپ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا جوزام كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يېغى بىلەن قاينىتىلغان شورپىسى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چۈجە خوراز گۆشى خاسىيىتى بىلەن باھنى زەئىپلەشتۈرىدىكەن.

## فەراسيۇن
(تاغ كۆدىسى)

ئۇ «فۇراسيۇن»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «فەراسىين»، «بەرسۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. لاتىنچە «مادروپىتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «ئەلقەما» دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاچچىقتۇر، چۈنكى ئەرەبلەر ھەرقانداق ئاچچىق نەرسىنى «ئەلقەم» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «ئەفنانى سەر» دەپ ئاتىلىدۇ. تاغ كۆدىسى دېگەن مەنىدە «كۇرار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېھتىمال «كەرۋىيا» دېگەن سۆز «كۇرار» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، تۆت قىرلىق، ئاق، تۈكلۈك بولۇپ، بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدىكەن. يوپۇرمىقى باش بارماق كەڭلىكىدە بولۇپ، يۇملاقا مايىل، تۈكلۈك، تارتىشاڭغۇ بولىدىكەن. گۈلى ۋە يوپۇرمىقى شېخىدا تارقاق ئۆسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ، يۇملاق بولىدۇ، خارابىلىكلەردە ئۈنىدۇ.

«ئەنتاكىي»نىڭ يېزىشىچە، ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، تۆت قىرلىق بولىدىكەن، بىر غولىدىن ناھايىتى كۆپ، ئاق رەڭلىك، تۈكلۈك شاخلار ئۆسۈپ چىقىدىكەن. يوپۇرماقلىرى يىرىك بولۇپ، باش بارماق توملىقىدا بولىدىكەن. گۈلى كۆك ياكى سېرىق، ئاچچىق بولىدىكەن. گۈلى قۇياش سەۋر ۋە جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە ئېچىلىدىكەن. قۇۋۋىتى ئالتە ئايغىچە تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە تاللانغىنى قىزىلغا مايىل بولغانلىرى ئىكەن. «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھلىگۈچىسى ھەكىم ئەلى گىيلانى «فەراسيۇن تاغ كۆدىسىدىن ئىبارەت بولغان ‹ھەشىيشەتۇل كەلب› (ئىت ئوتى) ۋە ‹سەۋفۇل كەلب› (ئىت يۇڭى) دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان. ۋە دىسقۇرىدۇستىن نەقىل قىلىنغاندەك بايان قىلغان ۋە «ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ، ئېقى ‹فەراسيۇن› دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئەرەبچە ‹سەۋفۇل ئەرز› (يەر يۇڭى) ۋە ‹ھەشيشەتۇل كەلب› (ئىتئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئىت ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتكەندە ئۇستىگە سىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ تۇرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر تۇرى ‹بەللۇتىي› (بەللۇتسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ‹ئەستاخىيس› دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان. نۇۋۋاب ھەكىم مۇئتەمەدۇل مۇلۇك سەيىد ئەلەۋىخان ھەزرەتلىرى ئۇنى تاغ كۆدىسى دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ يازغىنى ھىندىچە «ئەرۇسە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەرۇسە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

باش، قۇلاق، كۆز كېسەللىكلىرى: سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسا كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ، يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، كونا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە ھەسەل بىلەن تېمىتىلسا قۇۋۋىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كۆزدىكى ئاقنى، كۆز ئىچىدىكى يەرقاندىن قالغان سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ. كۆز قوتۇرى، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، كۆز ياشانغىراش، كۆز تورلىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن قايىنىتىپ زىمات قىلسا قاپاقلارنىڭ ئىششىشىنى ئوڭشايدۇ، بولۇپمۇ بىنەپشە يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كۆزنى بۇسىغا تۇتسا كۆز ئىچىدىكى يەرقاندىن قالغان سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ. كۆز قوتۇرىنى چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن ئۇۋۇلاپ ئۈستىگە فەراسيۇن سۈيى سۈركىسە يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى شىيافلارغا قوشۇلىدۇ.

ئېغىز، چىش كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى چايناسا ئېغىز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ 1.5 گىرامى بىنەپشە شەربىتى ياكى گۈلاب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەملىك يۆتەل، ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، كۆكرەك ۋە ئۆچەيلەردىكى يىرىڭنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە ئېلىپ زۇپا قايناتمىسى ۋە تاتلىق بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى ئاجايىپ ياخشى تازىلايدۇ. شېكەر، ھەسەل ياكى ئەنجۈر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ، قويۇق ماددىلارنى پارچىلايدۇ. بۇغداي كېپىكىنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ پىسەيلىرىنى سۈزۈپ، 15 گىرام قۇرۇق تاغ كۈدىسى قوشۇپ قويۇلغۇچە قايىنىتىپ پىسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىلمان ھالەتتە يەتتە كۈنگىچە ئىچسە، ئېغىر يۆتەلگە ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. گۈلى، ھۆلىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ سۈيىنى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن قايىنىتىپ ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇقى ئىرىسا بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كۆكرەكتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەسكە داۋا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بۇرۇنغا تېمىتىلسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنى چايناپ سۈيى يۇتۇلسا ئاشقازان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قايىنىتىلمىسى ياكى ئۇسارىسى گۈل يېغى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىچىلسە ئۈچەي ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كونا يەللەر ۋە بەدەنىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى شىلىمشىق بەلغەمنى تارقىتىدۇ. ئۇ بەدەندىكى قويۇق كېرەكسىز ماددىلارنى تارقىتىدىغان ۋە تال

ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان ئەڭ مۇھىم دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زىمات قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ئىرىسا بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. زىمات قىلسا ۋە ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. زەيتۇن يېغى ياكى سۇ بىلەن قايناتىپ ئەر ـ ئاياللارنىڭ دوۋسىقىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە يەل ۋە سىيىش قىيىنلىشىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى كىندىكنىڭ ئاستىغا زىمات قىلسا ئۇچەيلەرنىڭ تولغىشىپ قېلىشى ۋە ئاغرىشىغا ئىنتايىن شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئۇدا يەتتە كۈن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدارلىققا تېز ياردەم بېرىدۇ. ئومۇمەن تاغ كۇدىسى قانداق ئىستېمال قىلىنسۇن، زىمات قىلىنسۇن ياكى ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسۇن بارلىق كونا يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ھامىلىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك يەر مەدىكى، زەھەرلىك يۇمغاقسۈتكە ئوخشاش ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار، يارىلار، جاراھەتلەر: پىشۇرۇلغان يوپۇرمىقى سۇ ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىرىگەن كونا يارىلارنىڭ كىرلىرى ۋە بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. بۇزۇلغان گۆشنى يوقىتىدۇ. چاشقان يارىسىنى يۇمشىتىپ تارقىتىدۇ، قاپلىق يارىلار ۋە خام جاراھەتلەرنى ئەزىيەتسىز ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىدۇ. ھۆلىنى سوقۇپ ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەر خىل ئىششىقلارغا چاپسا تېز تارقىتىدۇ، سۇنغان ئۇستىخانغا چاپسا تۇتتۇرىدۇ. يەرنى كولاپ ئوت قالاپ قىزىغاندىن كېيىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ چوغلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئۇستىگە تاغ كۇدىسى يېيىتىپ قىزىتىلغاندىن كېيىن سوغۇقتىن ۋە يەلدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىنى ئۇستىگە ياتقۇزۇپ، ئۇستىگە يەنە تاغ كۇدىسى يېيىپ ئۇستىگە يوتقان يېپىپ تاكى ئىسسىقلىقى تۈگىگىچە ئۇخلىتىلسا كېسەللىكى شىپا تاپىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كوزىغا مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈزۈم سۈيىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردىكى سوقۇلغان تاغ كۇدىسىنى چىلاپ ئېغىزىنى ئېتىپ ئۈچ ئايغىچە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن پىسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيى ئىچىلسە ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك كىرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. بۇ جەھەتتە ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، چوڭ دورىلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەك ۋە دوۋساققا ئىنتايىن زىيان قىلىدۇ، ھەتتا كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قانىتىپ قان سىيدۇرىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل، سۇمبۇل، بەزىلەر ئارپىبەدىيانىنى ئۇنىڭ تەرياقى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتكۈچى دەپ قارىغان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ، دېگەن.

**ئورۇنباسارى:** كۆكرەك كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پىرسىياۋشان، يەل تارقىتىش ئۈچۈن ئىككى گىرام لۇبان، ئىككى ھەسسە ئاسارۇن، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شىلىمشىق ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ئەپتىمۇن، رۇمبەدىياندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا باراۋەر مىقداردا لاغىيە ئۈسۈملۈكى، تال ۋە باشقىلارنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇشەقتۇر.

## فەرەس
(ئات)

ئۇ پارسچە «ئەسپ»، تۈركچە «ئات»، ھىندىچە «گورا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ گۆشى يېيىلىدىغان، ئۆيدە بېقىلىدىغان تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، گۆشى ئىسسىقراق بولىدۇ. مىنىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىياپىتى چىرايلىق بولىدۇ، باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ئەدەپلىكرەك، جاپاغا چىداشلىقراق، ئەقىللىقراق بولىدۇ. ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ھەر خىل تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. تېيى ئەرەبچە «مۇھر»، پارسچە «كۇرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشىنى ئىستېمال قىلىنسا يۈرەكلىك قىلىدۇ، قەلبىنى بۇزىدۇ. كاۋىپى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتنىڭ تىزىدا پەيدا بولغان ئۆسۈكچىلەر سوقۇپ سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدىكەن.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ پەنىرمايىسىدىن 2.5 گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇچەي يارىسى ۋە ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن گۆشمۇ ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. كاۋىپى بۇزۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. تۇزىتىش ئۈچۈن سۇ بىلەن قايناتىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۈستىدىن دوغاپ ۋە ئانار سۈيى ئىچىلىدۇ، ئەمما سوغۇق سۇ ئىچىلمەيدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇر ـ چاقىلار: تايىنىڭ تېرىسىنى مويلىرى بىلەن كۆيدۈرۈپ سۇ بىلەن چېپىلسا ساقايتىدۇ. تېزىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئېشەك تېزىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ

ئىسسىق قىزىق زەھەرلەردىن بولۇپ، ئىچىنى سۈرىدۇ ۋە يامان ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىلاجى بۇقا قېنىدىن زەھەرلەنگەنلەرگە قىلىنغان ئىلاجلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كالىنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ تەرىمۇ تەر ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

زىننەتلەش تەسىرى: قېنى سۈركىسە ئاق داغىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. تېرىسىنى موىى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سېپىلسە تاشمىلارنى يوقىتىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭ ئېزىق چىشىنى پاقالچىقىغا تېڭىۋالسا يول ماڭغاندا ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ چىشى كىچىك بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلسا چىشى ئاغرىماي چىقىدۇ. تويىقى چاشقان كۆپ ئۆيگە كۆمۈپ قويۇلسا چاشقانلارنى قاچۇرىدۇ. تەرى كىچىك بالىنىڭ دوۋساقىغا سۈركىسە موي ئۈنمەيدۇ. بوۋاسىرغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بۇرۇنغا تېمىتىلسا قېنىنى توختىتىدۇ. تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ پۇتى ئاتنىڭ قۇيرۇقى بىلەن باغلاپ قويۇلسا توكۇر بولىدۇ. ئات قۇيرۇقىنىڭ موىى ئۆينىڭ ئىشىكىگە تارتىپ قويۇلسا ئۆيگە بۆرگە كىرمەيدۇ.

دېڭىز ئېتى فىرانسۇزچە «ئورھەب كانىس» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىكەنكى، كۈلىنى قىير ياكى ئۆچكە يېغى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ موي ئۈنۈشى مەقسەت قىلىنغان ئەزاغا سۈركىسە موي ئۈندۈرىدىكەن. يارىلارغا سېپىلسە ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ تېرە ئۆستۈرىدىكەن.

## فەرفىيۇن
(پەرپىيۇن)

ئۇنىڭ ئىككىنچى «ف» ھەرپىنىڭ كەينىگە «ى» ھەرپى قوشۇپ ئوقۇغانلار خىيال قىلغانلاردۇر. ئۇ ئىككىنچى «ف»نىڭ ئورنىغا «ب» ھەرپى قوشۇلۇپ «فەربىيۇن» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ، يەنە بېشىغا «ئە» ھەرپى قوشۇلۇپ «ئەبەربىيۇن»، «ئەفەربىيۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «بەربىيۇن»دۇر. ئەرەبچە يەنە «ئاكىلى بىنەپشە» (بىنەپشىنى يېگۈچى)، «ھافىزى ئەتفال» (بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەربەرچە «تاكسۇت»، رىمچە «فوتىينۇس»، يۇنانچە «كەماليۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىر ۋە شام خەلقى «لۇبانەئى مەغرىبىييە» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر مازارىيون ئۆسۈملۈكى سۈتى دېسە، يەنە بەزىلەر زەققۇم دەرىخى سۈتى دەپ بىلىدۇ. ھەممىنىڭ توغرىراقى غافىقىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ بەربەر شەھەرلىرىدىكى «بەربەرىييە» دەپ ئاتىلىدىغان تاغدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ

يەردە كۆپ بولىدىكەن. ئۇ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتى ئىكەن. بىرى قارا سۇناغا ئوخشايدىغان بولۇپ، شاخلىق، تىكەنلىك، سۇتلۇك بولىدىكەن. يەنە بىرىنىڭ يوپۇرمىقى قارا بولۇپ، شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن، ئۇنىڭ تىكەنلىرى ئىنچىكىرەك، ئۇچلۇقراق بولىدىكەن، سۈتى بىرىنچىسىدىن كۆپرەك چىقىدىكەن. «ا» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا ئۇنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرلىرى تولۇق بايان قىلىندى.

## فەرمىيۇس
(فەرمىيۇس مېۋىسى)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، ئاچچىقتاۋۇزغا ئوخشايدۇ، قىرتاق بولۇپ، ئىچىدىن ئۇرۇقلىرى چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياغلار بىلەن بىرلىكتە بەدەنگە سۈركىسە تەرلىتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا زەھەرلىك يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ.

## فەرەنجەمشك
(پەرەنجىمىشكى)

مەزكۇر ئاتالغۇ پارسچە «پەلەنگەمىشك» دىگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ئۇ «فەلەنجەمىشك»، «ئەبرەنجەمىشك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇريانچە «فەلەنلىمەشكا»، رىمچە «ئەميولوفراس»، يۇنانچە «ئەقبەلىيس»، ھىندىچە «رامتۇلسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىچە «ئەبنەل» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيتى:** ئۇ رەيھاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى سەل چوڭراق، ئۇزۇنراق بولىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قەرەنفۇلى بۇستانىي» (باغ قەلەمپۇر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رېتسېپلارنىڭ قايسىسىدا قەرەنپۇلى بوستانىي دېيىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن پەرەنجىمىشكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ يەنە «ھەبەقى قەرەنفۇلى» (قەلەمپۇر پۇراقلىق ھەبەق)، «رەيھانى قەرەنفۇلىي» (قەلەمپۇر پۇراقلىق رەيھان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۇرىقى ئىپار (مىشك) نىڭ پۇرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن پەرەنجىمىشكى دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى يەرلىكى بولۇپ، ھىندىي (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى)، يەنە بىرى ياۋىسى بولۇپ، چىينىي (چىندىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكنىڭ

شاخلىرى تۈت قىرلىق، تۇكلۇك بولىدۇ، يوپۇرمىقى ياۋا رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى يېشىل بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، تۇكلۇك بولىدۇ، پۇرىقى قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، رەڭگى يېشىلغا مايىل قارا بولىدۇ. بالەنگو ئۇرۇقىغا قارىغاندا ئۇچ قىرلىقراق، ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. سۇ بويلىرى، شورلۇق يەرلەردە ئۇنىدۇ. ياۋىسىنىڭ شاخلىرى يۇمىلاق، يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك، ئىنچىكىرەك بولۇپ، ياۋا نەمام ئۈسۈملۈكى يوپۇرمىقى ۋە تاغ رەيھىنى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىرىك بولۇپ، خۇش پۇراق بولىدۇ. يەرلىكىگە قارىغاندا ئۆتكۈررەك پۇرايدۇ. ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنچاقراق، ئۇچ قىرلىق بولىدۇ. خارابىلىكلەر، چۆللەر ۋە تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ياۋىسى ئىسسىقراق، قۇرۇقلۇقى مەرزەنجۇش ۋە نەمام ئۈسۈملۈكىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، پۇرىسا ياكى مەلھەم قىلسا مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، دىماق پۇتۇشكە داۋا بولىدۇ. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، چىش ۋە ئۇنىڭ مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. چىش مىلىكىدىكى بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ.

**كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئىستېمال قىلىنسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقان ۋە يۈرەكتىكى سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان ئۆزگە سۆزلەشكە پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەستە ھەزىم بولىدىغان تائامنى سىڭدۈرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، ياخشى كېكىرتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىچى ـ تېشىدىن ئىشلىتىلسە تال ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلىنسا ۋە پۇرىسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۇسەنبەر. بادرەنجبۇيىمۇ دېيىلگەن، قەلەمپۇرمۇ دېيىلگەن.

ئۇرۇقى ناھايىتى قۇرۇق بولۇپ، مەنىينى قۇرۇتىدۇ، تائام سىڭدۈرىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ، پىت ـ سىركە پەيدا قىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇ سىركە، شەربەتلەر، شاراب ۋە ئۈزۈم سۈيىگە قوشۇلسا بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئورۇنباسارى: بالەنگو.

## فەرخار
(فەرخار دەرىخى)

ماھىيىتى: ئۇ چىنار دەرىخى چوڭلۇقىدىكى بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا، گۈلى قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ، ناھايىتى مەنزىرىلىك بولىدۇ. تەبىئىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئانارگۈلدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

## فەرەشە
(تۇخۇم ـ سۈت)

ماھىيىتى: ئۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن سۈس ئوتتا قويۇلغىچە قاينىتىلغان سۈتنىڭ ئەرەبچە ئىسمىدىن ئىبارەت. تەسىرى ئوغۇز سۈتنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

# پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فۇسافىس
(چۇسا)

ئۇ پارسچە «سەرخەك»، «ساس»، «شەبگەز» (كېچىدە چاققۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كەتمەل»، فىرانسۇزچە «سەمىيس» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ھاشاراتلار قاتارىدىن بولۇپ، يېرىم يېسىمۇق چوڭلۇقىدا، بېشى بىلەن قۇيرۇقى ئىنچىكە، ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. ئومۇمەن ئىنەكپىتى ئۆرۈقىنىڭ يېرىمىغا ئوخشايدۇ. پۈت ـ قوللىرىمۇ ئىنچىكە بولىدۇ. ئىككى دانە قىسقا سەزگۈ بۇرۇتى بولىدۇ، ئېغىزىدىن نەشتىرىنى چىقىرىپ چاققاندىن كېيىن يىغىۋالىدۇ. سېسىق پۇرايدۇ. لېچىنكىسى قىزىل بولىدۇ. چوڭى قارىغا مايىل بولىدۇ، بەدەننى چاقسا قىچىشىدۇ، كۆيۈشىدۇ ۋە ئازراق ئىششىيدۇ. كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. ياغاچ، كارىۋات يېرىقلىرى، كەپتەرخانا قاتارلىقلارنىڭ يوچۇقلىرىدا ئۇخلايدۇ. يۇڭ، يىپەك كىيىملەر ۋە

بورىلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركۈلسە ياكى پۈرىقى سۈمۈرۈلسە ياكى بۇرۇنغا مەلھەم قىلسا بېنگالدا بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان «ئەھۋە» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىككە پايدا قىلىدۇ. تۇتۇنى نەيچە ئارقىلىق بۇرۇنغا يەتكۈزۈلسە ياكى قۇيۇنى سىركە، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياكى غار-غار قىلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتنى چىقىرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سالايە قىلىپ زەكەر تۆشۈكىگە سېلىپ قويۇلسا تۇتۇلغان سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ. پۈرىقى پۈرالسا ۋە ئىسرىق سېلىنسا ھىستېرىيە كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** ئۇنىڭدىن بىر دانە يۇتۇلسا مۇڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئالا كۆلۈك ئىستېمال قىلىنغاندىكى ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئىلاجىمۇ ئۇنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## فۇستۇق

(پىستە)

ئۇ پارسچە «پىستە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. سۇريانچە «بۇستۇقى»، يۇنانچە «بۇستاقىيا»، فىرانسۇزچە «بىسياكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى بەتەم دەرىخكە ئوخشايدۇ، پارسچە «سەقىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، توپا رەڭ، تىكەنسىز بولىدۇ، مەلۇم مۇددەتكىچە كۆكىرىپ تۇرىدۇ. مېۋىسى باھار پەسلىنىڭ بېشىدا پەيدا بولۇپ، ئىيۇل ئايلىرىدا پىشىدۇ. يەرلىك ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ مېۋىسى تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ مېۋىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ مېۋىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ياخشىسى دانلىرى چوڭ، پوستى نېپىز، ئاق، سىرتقى پوستى يېشىل، بىنەپشە رەڭگە مايىل، مېغىزى يېشىل، مايلىق، لەززەتلىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەتەم دەرىخكە ئۇلىنىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ، بۇنداقلىرى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ جۇپتىدىن ئاق، قاتتىق شاكىلى ئاستىدىكى مېغىزىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان نېپىز پوستى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ مېۋىسى بىر يىلى مېغىزلىق، يەنە بىر يىلى پۇچەك بولىدۇ. پۇچىكى «بۇزغۇنەج»

دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. مېۋىسى پوستى ئىچىدە تۇرسا مەلۇم ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ، پوستىدىن ئاجرىتىلغاندىن كېيىن ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. لىمون سۈيى ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېغىزى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ھۆل بولۇپ، ئارتۇق ھۆللۈكى بار دەيدۇ، بۇ گەپ توغرىراقتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى تېز قۇرت يەيدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن، بۇ خاتا بىلىشتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زېھىننى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭىنى ئاسرايدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. يۇرەك، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. كۆڭۈل ئاينىشنى، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. جىگەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، شۇنداقلا خۇش پۇراقلىقى، قىرتاقلىقى، ئاچچىقلىقى سەۋەبىدىن ئۆت ۋە ھەزىم يوللىرىدىكى توسالغۇلارنىمۇ ئاچىدۇ. جىگەرنى تازىلايدۇ، ئۇنىڭ ھۆللۈك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئازدۇر، ئەمما بەدەننى سەمىرىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۇنىڭ ئېغىزىنى باشقا مېغىزلارغا قارىغاندا ياخشىراق قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جۇپتى، يەنى مېغىزىنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز پوستى بىلەن يېيىلسە، بۇ جەھەتتىكى ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۆرەكنى سەمىرىتىدۇ، يەرقان، تالغا پايدا قىلىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋالغان زەخىملىرىگە شىپا بولىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۇلغانغان ھاۋانىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. مېغىزىغا چاپلىشىپ تۇرغان نېپىز، قىزىل پوستىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئۇنىڭ سىرتىدىكى يېشىل پوستى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چاينىسا چىش ۋە ئۇنىڭ مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئەزالارنى يىرىكلەشتۈرىدۇ، ئاشقازان تىنۋىتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قۇسۇش، ھېق تۇتۇش، ئىچ سۈرۈش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چايان ۋە باشقا زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئاق رەڭلىك قاتتىق پوستىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇلسا مەقئەتنىڭ چىقىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ۋە يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سۈيى ئەزالارغا قۇيۇلسا، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. مەقئەت، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قوتۇر، قىچىشقاقتا پايدا

قىلىدۇ، پىت يوقىتىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** ئۇنىڭ بىلەن چاچ داۋالىلىق يۇيۇپ بېرىلسە، ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ، سەۋدا خاراكتېرلىك ماددىلارنى يوقىتىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. تائاملارنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. غالىيەلەرنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) مېغىزى، بولۇپمۇ ئاقلانغىنى ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، تائامنى بۇزىدۇ. يېغىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېغىزى مەقئەتكە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۆرۈك.

**ئورۇنباسارى:** بادام مېغىزى، ھەببىتۇلخۇزرا مېغىزى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېرىم ھەسسە ياڭاق مېغىزى، يېرىم ھەسسە قەھۋە پۇرچىقى مېغىزى ئىكەن.

(2) كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تىلما كېسەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، چۇچۇمەل ئانار، چۇچۇمەل ئۆرۈك قېقى ئىستېمال قىلىشتۇر.

# پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فۇشاغ

(فۇشاغ ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «فەشەغ»مۇ دېيىلىدۇ. تېۋىپلار ئارىسىدا بۇ، تىلچىلار ئارىسىدا ئۇ مەشھۇردۇر. پارسچە «سەرەم»دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** فاشەرا (مىڭشاخ) تۈرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە يامىشىدۇ ۋە ئۇنى ئورايدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىتئۈزۈمنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، تىكەنلىك بولىدۇ، تىكەنلىرى مىڭشاخنىڭ تىكەنلىرىدىن ئازراق بولىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يىرىك بولىدۇ. ئۇرۇقى پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ، تەمى تىلنى چاقىدۇ. يىلتىزى توم، قاتتىق بولىدۇ. ساسلىق ۋە يىرىك يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، تىكەنسىز بولىدۇ. ئۇرۇقى باقىلىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ناھايىتى قارا بولۇپ، چۆرىسىدە ئاق سىزىقى بولىدۇ. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆئمىن «تۆھپە» ناملىق كىتابىدا ئۇ سىرتىدىن قاراشقا لوبىيا ھىندىغا ئوخشايدۇ، دەپ يازغان. مۇئەللىپ: ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان بولۇپ، «سىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ ۋە ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ. مېۋىسى

باقىلەگە ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئۇرۇقلىرى باقىلەنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن كىچىكرەك بولىدۇ، بەزىسىنىڭ پوستى ئاق، بەزىسىنىڭ قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى تۈرىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە ئاق سىزىق بولىدۇ، مېغىزى ئاق بولىدۇ، تەمى باقىلەنىڭ تەمىگە سەل ئوخشايدۇ. پۇرىقى باقىلەنىڭ پۇرىقىدىن سېسىقراق بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يەنە باشقا سۆزلەرمۇ ئېيتىلغان.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى قىسمى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلايدۇ. زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىپ سۈت ئېمۇۋاتقان بوۋاققا ئاز - ئازدىن يېگۈزۈلسە، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات مەنبەلىك زەھەر تەسىر قىلمايدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا چۈشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. بۇزۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فىززە
(كۈمۈش)

ئۇ پارسچە «سىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام - خەلق ئارىسىدا «نۇقرە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىچە «رۇپا»، سۇريانچە «سىيما»، رىمچە «ئەرجۇۋا»، يۇنانچە «ئەكورا»، تۈركچە «كەرمىس»، فىرانسۇزچە «ۋىيرات» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** كىشىلەر ئارىسىدا تونۇشلۇق بولغان ۋە پايدىسى كۆپ بولغان مەشھۇر مەدەنلەردىندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۈپەتلىك ساپ سىماب بىلەن ساپ گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، گۈڭگۈرت سىمابنىڭ ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا بولىدۇ، چۈنكى كۈمۈش كۈشتە قىلسا ئۆزىنىڭ باراۋىرىدە كۈمۈش ھاسىل بولىدۇ. ئاي ۋە مۇشتەرى يۇلتۇزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز كانىدا ئۈچ يىلدا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنى سوغۇقلۇق ئۇيۇتىدۇ، خۇددى كۈمۈشنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئارىسىدا كۈمۈش بولىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى قۇۋۋىتى بار، كېپىكى قۇرۇقراق، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى ئېرىتمىسىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزىلەر مۆتىدىل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلىش تەسىرى ياقۇتنىڭ شۇ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: مالىخولىيا، ساراڭلىق ۋە ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۈمۈش پەلكۈچ كۆزگە سۈركەپ بېرىلسە يەڭگىل ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: كېپىكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئېغىز پۇراشقا شىپا بولىدۇ، چىرىگەن شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ۋە بەلغەمنى تارتىدۇ ۋە سۈمۈرىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئېرىتمىسى، شۇنداقلا ئېكەكدەلمىسى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى، يۆتەل، خەفەقان، ياتسىراش ۋە يۈرەكنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ، ئىستىسقا، تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سىيىش قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. كېپىكى ئۆلتۈرۈلگەن سىماب بىلەن مەلھەم قىلسا بوۋاسىر، قوتۇر ۋە قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ.

**ئىششىقلار:** كېپىكى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، خام گۈڭگۈرتنىڭ پۇرىقى تەگسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قويۇلسا قارىدايدۇ. تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلسا ئاقىرىدۇ. كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلاردا يەپ ـ ئىچسە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۈمۈش رومكىدا شاراب ئىچىلسە تېز مەست قىلىدىكەن.

كۈمۈشنى ئېرىتىش، كۆيدۈرۈش ۋە كۈشتە قىلىش ئۇسۇللىرى كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

فىرانسۇز دوختۇرلىرى ئىجاد قىلغان، «تەنتور»، «پەنۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان، خۇددى كۆك ياقۇتتەك ھاۋا رەڭ، پارقىراق بولغان، شۇ سەۋەبتىن «نىيلىم» (كۆك رەڭلىك) دەپ ئاتىلىدىغان كۈمۈش ئېرىتمىسىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئېرىتىلمىگەن

كۆمۈشنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىن ياخشىراقتۇر. خەفەقان، بىھوشلۇق، قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىياغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئىككى تامچىسى مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىچىلىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فىتر
(يەر مەدىكى)

ئۇ «فۇتر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «سەماروغ»، «شەما»، سۈريانچە «فىترياسا»، رىمچە «موكوتىيس»، ھىندىچە «پىھىن چەتتەر»، يۇنانچە «ئونزەرىيسا» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۈچىنچى ماقالىدە «قۇنتۇس»، تۆتىنچى ماقالىدە «موقوتىس» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، نەم يەرلەردە ۋە يامغۇردىن كېيىن بەزى يەرلەرنى يېرىپ، بەزىدە يارماي ئۆسۈپ چىقىدۇ. تەتۈر كۆمتۈرۈلگەن يېرىم توخۇ تۇخۇمىنىڭ شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى ۋە يوپۇرمىقى بولمايدۇ. غولى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئىچى قاتلاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. يېيىلىدىغىنى پارسچە «قارچ» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە ئاۋام ـ خەلق «ھەيكەل» دەپ ئاتايدۇ. تۈركچە «كىيلەك» دېيىلىدۇ. «فىتر» دېگەن سۆز بىلەن «كەمئەت» دېگەن سۆز يېيىلىدىغان ۋە يېيىلمەيدىغان يەر مەدەكلىرىنىڭ ئورتاق نامىدۇر. بەزىلەر «فىتر» ئۇنىڭ زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغان تۈرىنى، «كەمئەت» ئۇنىڭ يېيىلىدىغان تۈرىنى مەخسۇس كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن شىلىمشىق بولمىغان، پۇراقسىز، قارامتۇل ئاق، كىچىك بولغان ۋە ياخشى يەرلەردە ئۈنگەنلىرى يېيىلىدۇ. قارىسى يېيىلمەيدىغان بولۇپ، ناھايىتى زەھەرلىكتۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىزىلىمۇ زەھەرلىك بولىدۇ. ئېقىنىڭ بەك شىلىمشىق بولغانلىرى، چىرىگەن بولۇپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك نەرسىلىرى بولغانلىرى، زەيتۇن، ئەنجۈر، ياڭاق دەرىخى، زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەر، سۇتلۇك ئۆسۈملۈكلەر ئاستىدا، تېزەك، تاپلار ئارىسىدا ۋە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ كامارلىرىغا يېقىن يەرلەردە ئۈنگەنلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلىرىنىڭ ھەممىسى ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېيىلىدىغان ئېقى يېيىلمەيدىغان قىزىلىنىڭ زەھرىنى قايتۇرغۇچى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كەشمىردە «كەنكەنجەنجۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى يېيىلىدىغان تۈرىدىن ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەر مەدىكى ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىرىنچىسى «فەقەئ» دەپ ئاتىلىدىكەن، پارسچە «ھەيكەل» دېيىلىدىكەن. ئىككىنچىسى «نوشنە» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۆچىنچىسى «فەقىيل» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھەر ئۈچى «كەمئەت»نىڭ تۈرلىرىدىن ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېيىلمەيدىغان زەھەرلىك تۈرى بىلەن يېيىلىدىغان تۈرىنىڭ پەرقى شۇ ئىكەنكى، يېيىلمەيدىغىنى كېسىلىپ قويۇپ قويۇلسا تېزلا چىرىپ بۇزۇلىدىكەن، شۇنداقلا ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قويۇلسا ئۇنىمۇ بۇزىدىكەن. يېيىلىدىغان يەر مەدىكى ھىندىچە يەنە «كەنبى»، يېيىلمەيدىغىنى «پەدىرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «چەتتەر» دەپ، يەنە بىر تۈرى «گەگەندول» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى تۈرى تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** يېيىلىدىغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، پالەچ، سەكتە پەيدا قىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سىيىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا نەسلىنى ئۈزىدۇ. قۇرۇقى بېلىق يېلىمى بىلەن زىمات قىلىپ چىقىق، سۇ يىغىلغان ئۇرۇقدان ۋە چىقىۋالغان كىندىككە چېپىلسا جايىغا چۈشۈرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ھۆلىنىڭ سۈيى كۆزگە تېمىتىلسا كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، قاپاق، كۆز قوتۇرى ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ سۈرمىنى ئۇنىڭ بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قورساقنى ئېچىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قويۇق، چىرىگەن خىلىت پەيدا قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا خولېراغا سەۋەب بولىدۇ. بۇزۇلغىنى زىيادە چىرىپ قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى ئاغرىتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ سالايە قىلىنغىنى ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۈزەتكۈچىسى ئابكامە، قىچا ئىستېمال قىلىش، تۇز، سىرىقچېچەك، پىننە، كۈنجۈت يېغى، زەيتۇن يېغى، يالپۇز، پىلپىل بىلەن پىشۇرۇش، ھۆل ياكى قۇرۇق ئامۇت بىلەن ئىستېمال قىلىش، پىلپىل، زەنجىۋىل مۇرابباسى، پەلاپىلى، كۈمۈنى، پەلاسپە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش جاۋارىشلارنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىش، شۇنداقلا توخۇ تۇخۇمى ياكى گۆش بىلەن ئىستېمال قىلىش ئەڭ زىيانلىقتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇ ئىكەنكى، ھەر قانداق

زەھەرلىك ھايۋان يەر مەدىكى يەپ، ئۇ تېخى ئاشقازاندىن تېخى ئۆتمىگەن كىشىنى چاقسا ئۇنىڭغا ھېچقانداق داۋا تەسىر قىلمايدىكەن.

يېپىلمەيدىغان زەھەرلىك يەر مەدىكىنى يەپ، ئۇنىڭدىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان سوغۇق تەرلەش، زىققە نەپەس، ھوشسىزلىنىش، ئاشقازان ئېغىرلىشىش، قۇلۇنجى، گال بوغۇلۇش، جۇغ ـ جۇغقا ئۇخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلگەن كىشىنىڭ تەرياقى تۇرۇپ، پىننە سۈيى، مۇرى، تۇز، سىركەنجىۋىل، تاغ پىننىسى، خوراز چۇجىسى پوقى ياكى سىركەنجىۋىل ئەنسلى ئىستېمال قىلىش، ئەنجۈر ياغىچى كۈلىنى ئىلمان سۇ ياكى ئاز مىقداردىكى تۇز ۋە توخۇ چۇجىسى گۆشى ياكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىش، كۆپ مىقداردا ھەسەل يېيىش، تەرياقى ئەربەئە، مەجۇنى سەنجىرىنا، مەجۇنى پەلاپىلى، شاراب ياكى سۇزاپ سۈيى بىلەن مەجۇنى كۇمۇنى ئىستېمال قىلىش، ئاشقازانغا ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى زىماتلارنى سۇركەش، ئۆتكۈر كىلىزمىلارنى ئىشلىتىشتۇر. بىمار كۆپ ھاللاردا بىر كۈن ئىچىدە، بەلكى بىر سائەتتىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

شاراب كوزىسىنىڭ ئاستىدا ئۇنگەن يەر مەدىكى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان ئىچكى قىسمىدىن ئاز مىقداردا يېيىلسە ھوشسىزلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېنگالدا ئۆسىدىغان تۇرىنىڭ مەيلى يېيىلىدىغان ياكى يېيىلمەيدىغىنى بولسۇن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يېيىلىدىغىنىمۇ زەھەردىن خالىي ئەمەس.

## فەتراساليۇن
(تاش كەرەپشىسى)

ئۇ يۇنانچە ئىسىمدۇر. فىرانسۇزچە «بەتەر سالى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ «كەرەفسى سەخرى» (تاش كەرەپشىسى) ۋە «كەرەفسى ماقدۇنى» (ماقدۇنىيە كەرەپشىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولۇپ، نانخاغا ئوخشايدۇ، خۇش پۇراق، ئۆتكۈر بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بىقىن ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سوغۇق زەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرىدۇ. ھەممە تەسىرى يەرلىكى ۋە باشقا تۇرلىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**ئۇرۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە يەرلىك كەرەپشە ئۇرۇقىدۇر. جالىنۇس يېرىم ھەسسە

ئەپسەنتىن دېگەن.

ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆئمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابتا مۇنداق يازغان: «ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نىبىتتىن چىقىدىغىنىنىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ مۇرچ چوڭلۇقىدىكى ئۇزۇنچاققا مايىل ئۇرۇق بولۇپ، سىرتى قارا، ئىچى سېرىققا مايىل ئاق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. گۈلى كۆنلۈكسىمان بولۇپ، سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ. تەنەكابۇندا ‹ۋاپلىيھىم› دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بۇ تۈرنى پەتەر ئاسالىيونىدىن ئاجىرىراق دەپ، يەنە بەزىلەر ئوخشاش دەپ بىلىدۇ. ئۇ تەرلىتىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىراينىڭ كۆپۈپ قېلىشىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. قالغان تەسىرلىرى كەرەپشىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «كەرەفس» (كەرەپشە) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فەقەئ

(يەر مەدىكى ئۇرۇقىدىشى)

ئۇ «فىقەئ»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى يەر مەدىكىنىڭ تۈرلىرىدىن دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر ئەمەس دەيدۇ. توغرىسى شۇكى، ئۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن ئەمەستۇر. ئۇ يۇمىلاق، نارەنجى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئۇزۇنچاق بولۇپ، يەر ئاستىدا كەلكۈن كەلگەن يەرلەر، نەم يەرلەر، ئۆستەڭ بويلىرى، يامغۇردىن كېيىنكى قۇملۇقلار ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە كۆپ پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۈنىدىغان يەرلەر سەل ئېگىز، بەزىلىرى يېرىلغان بولىدۇ. بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى يەردىن كولاپ چىقىرىدۇ. بەزى يەرلەردە بىر دانە، بەزى يەرلەردە بىرقانچە دانە بولىدۇ، پارسچە «تەشنەج»، تۈركچە «دەنبەلان» دەپ ئاتىلىدۇ. تاتلىق، لەززەتلىك بولىدىغان بولۇپ، سۇ بىلەن قاينىتىپ ياكى قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. يېيىلىدىغان يەر مەدىكىدىن ياخشىراق بولىدۇ. گۈلدۈرماما ۋە چاقماقلىق يىللاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورساقنى ئېسىدۇ، ئاستا، تەستە ھەزىم بولىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، تۇزىتىش ئۇسۇلى يەر مەدىكىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئۇنىڭدىكى زىيانلىق تەسىر بولمايدۇ.

## فۇققائ

(كۆپۈكلۈك شاراب)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە «روفوس» دېيىلىدۇ. «روفونىس» دەپ ئاتالغانلىقىمۇ مەلۇم. رىمچە «بەقائىين»، پارسچە «بوزە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى «فۇققائ» (كۆپۈكلۈك شاراب) دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى كۆپۈكى ئېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن، ئۇنىڭ بىرلىكى «فۇققائە» بولىدۇ. پارسچە «سوراك ئاب» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۇزۇم شارابىنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، تەمى تاتلىق، چۈچۈمەل، ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر تەملەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، قوناق، پىتىر نان قاتارلىقلارغا نەئنائ، كەرەپشە، قۇرۇق ئۇزۇم، خورما، شېكەر، قومۇش شېكىرى، ھەسەل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى قوشۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا پىلپىل، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، سۇزاپ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىمۇ قوشۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇ تەييارلانغان ماتېرىياللىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئارپىدىن تەييارلانغىنى ھەممىدىن سوغۇق، ئۇنىڭدىن قالسا پىتىر ناندىن تەييارلانغىنى سوغۇق بولىدۇ. ھەسەل ۋە ئىسسىقلىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن تەييارلانغىنى ھەممىدىن ئىسسىق، ئۇنىڭدىن قالسا دورا ـ دەرمان قوشۇلماي پەقەت ھەسەلدىن تەييارلانغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا خورمىدىن تەييارلانغىنى ئىسسىق بولىدۇ. ھەممىدىن مۆتىدىلى ئانار ئۇرۇقى بىلەن قۇرۇق ئۇزۇمدىن تەييارلانغىنىدۇر. ئۇنى ئىسلاھ قىلماقچى ۋە خۇش پۇراق قىلماقچى بولغانلار ئۇنىڭغا مەستىكى، نەئنائ يوپۇرمىقى، ئاز مىقداردا تەرخۇن ئۆسۈملۈكىدىن باشقا نەرسە قوشماسلىقى كېرەك.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ناچار بولۇپ، قورساقنى ئېسىدۇ، قويۇق، خام خىلىت ۋە يەل پەيدا قىلىدۇ. ھاياتلىق ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىڭىپ كىرىش كۈچى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، پىل چىشى ئۇنىڭغا چىلاپ قويۇلسا ئۇنى يۇمشىتىپ، نەرسىلەرنى ئاسان ياسىغىلى بولىدىغان قىلىدۇ. مېڭە پەردىلىرى ۋە نېرۋىلارغا زىيادە زىيان قىلىدۇ. پىتىر نان، كەرەپشە، نەئنائدىن تەييارلانغىنىدىن ياخشى كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۈچەيلەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ قورساقنى كۆپتۈرۈشى ئازراق، ئارپىدىن تەييارلانغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئارپىدىن تەييارلانغىنى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ، بۆرەك، دوۋساققا زىيان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەسەلدىن تەييارلانغىنى سوغۇق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

قورساقنى ئىسسىق ۋە يەل پەيدا قىلىشى كەمرەك بولىدۇ. پەي ـ نېرۋىلارغا ئۇنچىلىك زىيان قىلمايدۇ.

شېكەردىن تەييارلانغىنى ھەسەلدىن تەييارلانغىنىدىن مۆتىدىلرەك بولىدۇ، مۆتىدىل مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. مۇۋاپىقى ۋە لايىقى شۇكى، ئۇنى پەقەت ناشتىدا ياكى ئاشقازاندا تائامنىڭ قالدۇقلىرى تېخى بار بولغان ۋە ئۇ سىڭىشكە باشلىغان ۋاقىتتا ئىچىش لازىم، چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتىن باشقا چاغدا ئىستېمال قىلىنسا تائامنى بۇزىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ خۇش پۇراق دورا ـ دەرمانلار قوشۇلۇپ ھەسەلدىن تەييارلانغىنىنى پەقەت ئاشقازاندا ھۆللۈك كۆپ بولغان ۋە شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن ئارىلاشقان ۋاقىتتا ئىچىش لازىم. ئۇنىڭ ئارپىدىن تەييارلانغىنىنى مەستىكى، سۇمبۇل ۋە قاقىلە قوشۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم، چۈنكى شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ قورساقنى ئىسسىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. تەرخۇن ۋە ئانار ئۇرۇقى ئۇنى لەززەتلىك قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا خۇش پۇراق دورىلار قوشۇلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەر 400 مىللىلىتىرىغا مەزكۇر خۇش پۇراق دورىلارنىڭ بىرىدىن بەش گىرامدىن ئارتۇق قوشۇلمايدۇ. ئەگەر بىرقانچە تۈرۈنجى يوپۇرمىقى قوشۇلسا يامان بولمايدۇ.

«قارابادىن كەبىر»دە ئۇنىڭ ياخشى نۇسخىلىرى بايان قىلىندى.

## فۇقاھ
(چېچەك)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بارلىق چېچەكلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ھەربىر ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكى شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## فۇقاھۇل كەرەم
(تال چېچىكى)

ئۈزۈم چېچىكىدىن ئىبارەت. يۇنانچە «دۇزئەتياتىيۇن»، رىمچە «ئىينىكس تەراخىيۇن»، سۇريانچە «نەفجى ئوكبىيشا»، پارسچە «ۋەل» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىك بولىدۇ. ياخشىسى ياۋسىنىڭ يېڭىلىرىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، خۇش پۇراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھېق تۇتۇش، قۇسۇشنى توختاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەرقىنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈك ۋە ئۈچۈچانراقتۇر.

## فۇقاھۇل مىلھ
(تۇز چېچىكى)

ئۇ «زەھرتۇل مىلھ» (تۇز چېچىكى)دىن ئىبارەت. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا «ئەبقىر» (شور)دۇر. ماسەرجويە: «ئۇ كاندىن چىقىدىغان تۇزنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان شورغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، تۇزنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇچۇچان، قورۇش تەسىرى كەمرەكتۇر» دېگەن.

## فەلل
(فەل مېۋىسى)

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەغدادىي: «ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، پىستە چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پوستى پىندۇقنىڭ پوستىغا ئوخشايدۇ، مېغىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپى سېرىققا ۋە ئاققا، ئۈستى يېشىلغا مايىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى كۆپ بۇرجەكلىك بولۇپ، ساپىقى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، ئەتىياز پەسلىدە گۈللەيدۇ، گۈلى سېرىق، خۇش پۇراق بولىدۇ، تېزلا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» دەپ يازغان. ئەنتاكىي: «ئۇ قوش گۈللۈك يەسمەندىن ئىبارەت بولۇپ، يىلتىزىنى يېرىپ، نېلۇپەرنى ئۇنىڭغا تىقىپ ئۇلاش ياكى ئەكسىچە ئۇلاپ يېتىشتۇرۇشتىن پەيدا بولىدۇ» دەپ يازغان. «فەلاھەت» (دېھقانچىلىق) ناملىق كىتابتا: «ئۇ سۇزۇك ئاق گۈلدىن ئىبارەت. بەرگىلىرى قوش بولۇپ، ئۇرۇقىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئىچى سېرىق بولىدۇ، پىشقاندا قارىدايدۇ. گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، قىزىل، پارقىراق بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ‹بەرشەكېيىن› دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇ نېلۇپەر ھىندى ئەمەستۇر، ۋەرتە دېگەن دورىمۇ ئەمەستۇر. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى ئۇنى نېلۇپەر ھىندى دەپ خاتالاشقان.

**تەبىئىتى:** بەغدادىينىڭ سۆزىچە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئەنتاكىينىڭ سۆزىچە ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، مۆتىدىل ياكى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، مېڭىنى تازىلىغۇچىدۇر. زىمات قىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا خەفەقان، ھوشسىزلىنىش، ئىستىسقا، يەللىك بوۋاسىرلارغا پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئىسلىنىدۇ. ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىنسا چاچنىڭ

ئاقىرىشىنى كېچىكتۈرىدۇ. تال، جىگەر ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە بەدەننى خۇش پۇراق قىلىدۇ، پىت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ھەكىيم ئابدۇل ھەمىيد «تۆھپە» ناملىق كىتابىنىڭ ھاشىيەسىدە: «قوش گۈللۈك يەسمەن ھىندىچە ‹راي بىيل› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى پىندۇق چوڭلۇقىدا ئەمەس، بەلكى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. مەن كەمىينە ھىندىستان شەھەرلىرىدە كۆپ ئىزدەنگەندىن كېيىن ‹فەلل› دېگەن بۇ سۆزنىڭ ھىندىچە ‹پەھل› دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مەشھۇر مېۋە بولۇپ، دۇكەن، بېنگال شەھەرلىرىدە كۆپ يېتىشىدۇ، ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ‹گۇلاب پەھل› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق بولۇپ، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھايۋانىي ۋە نەپسانىي روھلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇرۇقى ‹تۆھپە› ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بەغدادىيدىن نەقىل قىلىپ يازغىنىدەك بولىدۇ» دەپ يازغان.

مۇئەللىپ ئېيتىدۇكى، ئۇ جامۇن گۈلى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدۇ. جامۇن گۈلى «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «جامۇن» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ئۇرۇقى ئىككى خىل، بەزىسى پىستە رەڭ يېشىل، بەزىسى ئاق بولىدۇ.

## فىلز
## (مېتال)

ئۇ لۇغەتتە ئاق رو، ئاق مىس دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل قاچىلار قۇيۇپ چىقىرىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن قۇيۇلما دېگەن مەنىدە «مۇفەررەغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «فىلىزز» دەپ ئاتالسا تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللارنىڭ ئىرىتمىسىنى كۆرسىتىدۇ. كاندىن چىقىدىغان ھەرقانداق ماددا كان جىسىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىرىنىڭ خاس كانى بولىدۇ. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى پەرقلىنىدۇ. ھەربىرى خاس ئۇسۇللار بىلەن ئېرىتىلىدۇ. مېتاللارنىڭ تۈرى سەككىز خىل بولۇپ، يەتتە كاندىن چىقىدۇ. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، قەلەي، قوغۇشۇن، تۆمۈر، رو، تۇتىيا، مىستىن ئىبارەت. مىس بىلەن رو بىر كاندا ھاسىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالەتلىرى ۋە ئېغىرلىقلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مىس كان جىسىملىرىنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. رو مىس كانىدا ھاسىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «روي» ۋە «مىس رەست» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «تالىيقۇن» دېيىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى سېرىق بولىدۇ، قۇياشنىڭ قىزىتىشى بىلەن قارىدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبچە «سۇفر» دەپ ئاتىلىدۇ. مىس قىزىل ۋە سېرىققا مايىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ھەر ئىككىسى

ۋەزنى جەھەتتە رودىن يەڭگىلرەك بولىدۇ. قىزىل مىس سېرىققا مايىل مىستىن يۇمشاقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كانى بولغان فىرانسىيەدىن مىسنىڭ ئۇچ خىل تۈرى ئېلىپ كېلىنىدۇ. بىرىنچى خىلى قەلەمچە شەكلىدە بولۇپ، يۇمشاق، قىزىل، ئالىي دەرىجىلىك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى چوڭ تاختايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سۈپەت جەھەتتە ئۇنىڭدىن ناچارراق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ياپىلاق، چوڭ قۇرسلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىدىن ناچار بولىدۇ. ئاق مىستىنمۇ قاچىلار ياسىلىدۇ، لېكىن ئۇ سۇنىدىغان بولۇپ، سوققىلى بولمايدۇ. بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن سارغىيىپ رەڭگى سۇسلاپ قالىدۇ. قۇۋۋىتى بىلەن سوقۇلىدىغان مېتال سىماب بولۇپ، خاس ئۇسۇللار بىلەن سوقۇلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئېرىتىلىدۇ. سىماب قوشۇلغاندا مېتاللار توققۇز خىل بولىدۇ. رو ئاز تېپىلىدىغان بولغاچقا سېرىق مىس كۆپ ھاللاردا ئۇ دەپ تونۇلىدۇ.

ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## فۇلفۇل
(مۇرچ)

ئۇ «فىلفىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ پارسچە «پىلپىل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. سۇريانچە «پىلپىلى»، يۇنانچە «بەشۇرىقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ، «ئەرنىيفىس»مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «مۇرچ»، «گول مۇرچ»، يەنى «يۇمىلاق مۇرچ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، ھىندىستان، بېنگالنىڭ بەزى شەھەرلىرى، دۇكەن ئاراللىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقى ئاڭلاندى.

بىرى ياغاچ پىلپىل ۋە يۆگىمەچئوت ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. يەنى ئۇ پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، يوپۇرمىقى تەنبۇل يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، سىلىقلىقى ئۇنىڭدىن ئازراق بولىدۇ. كونۇس شەكىللىك بولۇپ، يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قېلىنراق، تەمى ئۆتكۈر، قىرتاق، ئاچچىق بولىدۇ. مۇرچتىن ئىبارەت بولغان مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، ھەربىر تال باشاقتا 10 دانە ئۇرۇق بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بەقەم دەرىخى مېۋىسى ۋە چوڭ ئۈجمە مېۋىسىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. ئۇرۇقلىرى خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭ بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن چوڭراق،

كىچىك نوقۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ناھايىتى ئىنچىكە شاخلار بىلەن بىرگە بولىدىغان بولۇپ، باشقىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن قارىدايدۇ ۋە قورۇلىدۇ.

يەنە بىرىنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىتئۇزۇمى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق، سەل ئىنچىكىرەك، ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق بولىدۇ. مېۋىسى ئىتئۇزۇمى ۋە قوناق باشقىغا ئوخشاش باشاقتا بولىدۇ، ئەمما ئىتئۇزۇمى باشقىدىن چوڭراق، قوناق باشقىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ دانلىرى بىرىنچى خىلىنىڭ مېۋىسىنىڭ دانلىرىغا ئوخشايدۇ. مەشھۇر تونۇشتا ئۇ ئاقمۇ بولىدىكەن، ئېھتىمال ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارىسىنىڭ تولۇق پىشقانلىرىنىڭ يۆتكەش، كۆتۈرۈپ يۈرۈش جەريانىدا پوستى ئاقىلىنىپ ئاقارغانلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئايرىم دەرەخنىڭ مېۋىسى ئەمەس. يەنە ئايان بولۇشىچە، ئۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ قارىسىنىڭ پوستى تېخى قارىدىمىغان خېمى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يەنە بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، ئۇنىڭ پوستى ئاقلىرىمۇ بولىدىغان بولۇپ، دەرىخى ئايرىم ئىكەن، ئەمما يۇقىرىقىنىڭ دەرىخىگە ئوخشايدىكەن، پوستى قارا بولغان تۈرىدىن ئازراق تېپىلىدىكەن. ئېقىنىڭ پوستى چۈرۈكرەك، قورۇقى ئازراق، سەل سىلىق بولىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ياۋىسى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

ئۇنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى ئۆتكۈر، پوستىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى مېغىزىدىن ئاجىزراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قارىسى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئېقى ياكى قارىسىنىڭ پوستى ئاقلانغىنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قارىمۇچ تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تارتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، قىزىتقۇچى، بەلغەمنى تازىلىغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن چايناپ مېڭە ۋە ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى بىلەن ياغلانسا پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، ھۆل سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان تەپىنىڭ جۇغ ـ جۇغىنى پەسەيتىدۇ. قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. گۇلاب بىلەن قاينىتىپ سۈركىسە سوغۇقتىن بولغان نەزلىلەرنى يوقىتىدۇ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى خەشخاش پوستى بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىز

چايقىسىمۇ يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. تالقانلاپ چىشقا سېپىلسە قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا بەلغەم بوشىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ قىزىتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، چۇچۇمەل كېكىرىكنى يوقىتىدۇ، قويۇق غىزالارنى سۇيۇلدۇرىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ قېنىنى سۇيۇلدۇرىدۇ. جوزامغا پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھۆل غار دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا يەل ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجغا شىپا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا داۋا بولىدۇ، ئاق ۋە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەس، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ. كۆكرەككە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ۋە بەلغەملەرنىڭ يىغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى مۇناسىۋەتلىك لوئوقلار ۋە ئاتىلىلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. قورۇغۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، ھەيز توختىماسلىققا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، جىمادىن كېيىن ھەمەلچە قىلسا ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: سۈت ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلارغا بولغان تەسىرى، زىننەتلەش تەسىرى ۋە باشقىلار: زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سەينەك، تىرناق ئاقىرىش ۋە جوزامغا داۋا بولىدۇ. خېنە بىلەن تەكرار زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسى ۋە باشقا سەۋەبتىن چۈشۈپ كەتكەن تىرناقنى ئۆستۈرىدۇ. توخۇ يېغى، باقىلە، نوقۇت ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا بەھەقنى يوقىتىدۇ. توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلسا بەھەقكە ناھايىتى جۇلا بېرىدۇ، رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ. پىياز ۋە تۇز بىلەن زىمات قىلىپ دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا كۆچەپ سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ. تارقاتقۇچىلار بىلەن زىمات قىلسا يۈز - كۆزنىڭ يەلدىن كۆپۈپ قېلىشىنى يوقىتىدۇ. مەلھىمى داخىليۇن بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پەي ۋە مۇسكۇللارنى ئۇنىڭغا يەنە بىر مەر دورا تەڭ كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە قىزىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇ بارلىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. سوقۇپ سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ تەكرار قەي قىلسا يىلان، چايان ۋە ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سوغۇق زەھەرلەرنىڭ ھەرقانداقىنى قايتۇرىدۇ. بىيىشنىڭ زەھرىنىمۇ قايتۇرىدۇ. يېغى بىلەن ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھىندىستان ھۆكۈمالىرى بىيىشنى مۇرچ ۋە ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن يۇمشاق سالايە قىلسا ئۇنىڭ زەھىرىنى يوقىتىدۇ، دەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئۇنى چاينىغاندىن كېيىن ئۆتكۈرلۈكىنى ھېس قىلسا زەھەر ئۇنىڭغا كۆپ تەسىر قىلمىغان بولىدىكەن، ھېس قىلالمىسا زەھەر كۆپ تەسىر قىلغان بولىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلۇش ۋە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سىناقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىنى قۇرۇتىدۇ، گالنى يىرىكلەشتۈرىدۇ. مىزاجى ئىسسىق جىگەر، مىزاجى ئىسسىق بۆرەككە، بەدىنىدە قان تولۇق بولمىغانلار، ئىچكى ئەزالىرىدا جاراھەت ۋە ئاغرىق بولغانلارغا زىيان قىلىدۇ. ياز پەسلىدە مەنىينى قۇرۇتىدۇ. ياشلار، ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق ياغلار، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ساپلاشتۇرۇلغان ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زەنجىۋىل، ياغاچ پىلپىل.

ئاشقازان، تال كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر ئۈچۈن ئېقى قارىسىدىن ياخشىراقتۇر. قارىسىنىڭ ئورۇنباسارى يېرىم ھەسسە ئېقىدۇر.

جاۋارشى پەلاپىلى، مۇرچ يېغى، مۇرچ سىركىسى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## فۇلفۇلۇس سۇدان
(سۇدان مۇرچى)

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەلىبان ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، سىلىق بولىدۇ، غىلابىمۇ ئۇنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدۇ. تەمى سەل ئاچچىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى كىچىك پىلەكلىك بولىدۇ. ھەبەشىستان ۋە سۇدان زېمىنىدا ئۆسىدۇ. ئۇ يەردىن مىسىرغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنى مۇرچ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق يەللەر ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى تارقىتىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغىتىدۇ. چىش ئاغرىقىنى

پەسەيتىدۇ، مىدىرلاپ قالغان چىشنى چىڭىتىدۇ. قۇلۇنجى ۋە ئىيلاۋۇس كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مىير ئابدۇل ھەمىيد: «ئۇ ھىندىچە ‹كاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى ھەم دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، ئىككى غۇلاچ، ئېگىز بولغاندا ئۈچ غۇلاچ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يېشىل بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، ئالۇچا گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا، ئارچا مېۋىسىگە ئوخشاش كونۇس شەكىللىك بولىدۇ. شېخىغا تۇتىشىپ تۇرغان يېرى ئۆستى تەرىپىدىن تومىراق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىل، پارقىراق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇرۇقى ئاق بولۇپ، ئىتياڭىقى ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ناھايىتى ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق بولىدۇ. خۇسۇسىيەتلىرى مۇرچقا ئوخشاش، ئىسسىقلىقى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. بىلىق ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پىشۇرۇلسا بېلىقنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ» دەپ يازغان.

«تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بەغدادىي ۋە ئەنتاكىيدىن نەقىل قىلىپ: «مۇئەللىپ: ‹يەپ باقمىغان كىشىلەر ۋە ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۇنى يېسە، بەزىدە ئۇ تىلىغا ياكى كۆزىگە تېگىش بىلەنلا كۆيۈشتۈرىدۇ ۋە ئىششىتىدۇ› دېگەن» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئۇرۇقى فىرانسىيەدىن ئېلىپ كېلىنىپ، بېنگالغا ئېلىپ بېرىلىپ باغلارغا تېرىلىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىكرەك، كەڭرەك بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، قارىئۆرۈك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن پوستى قىزىرىدۇ ۋە قورۇلىدۇ. ئۆتكۈرلۈكى قىزىل ۋە ئۇزۇنچاق بولغىنىدىن ئازراق بولىدۇ.

## فۇلفۇلۇل مائ
(سۇ مۇرچى)

بۇ مۇرچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، توختام سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يۇمشاق، چۇرۇك، غولى بوغۇملۇق، شاخلىرى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا

بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق بولۇپ، باشاققا توپلاشقان بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، مۇرچنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، خۇش پۇراق بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ، مۇرچ ۋە باشقا قۇرۇق دورا ـ دەرمانلارنىڭ ئورنىدا تائامغا قوشسا تائامنى خۇشتەم، خۇش پۇراق، سىڭىشلىك قىلىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇنچاق بولۇپ پايدىسىزدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، جىگەرنى قىزىتىدۇ. ھەزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. تېرىدىكى ئىزلار ۋە كۆز ئاستىدىكى ئۆلۈك قاننى تارقىتىدۇ.

**زىيىنىنى تۈزەتكۈچىسى:** يىلتىزى زىمات قىلسا كونا داغ ـ سەپكۈننى كۆچلۈك يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## فۇلفۇلمويە
## (پىلپىل يىلتىزى)

ئۇ ھىندىچە «پىپىلا مول» دەپ ئاتىلىدۇ، «پىپىلا مور»مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «مول»، «مور» دېگەن سۆزلەر يىلتىز دېگەن مەنىنى، «پىپەل» دېگەن سۆز پىلپىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئۇ پىلپىل يىلتىزى دېگەن بولىدۇ. پىلپىل «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «دار فۇلفۇل» (پىلپىل) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بوغۇملۇق، بەزىسى شاخلىق، كۈل رەڭ، ئىچى ئاق، يېپىلىق، ئۆتكۈر تەملىك بولىدۇ. يېڭى، ئاق، ئۆتكۈر تەملىك، ئېغىر، قاتتىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىستېمال مىقدارى ۋە تۈزەتكۈچىسى:** پىلپىلغا ئوخشاپ قالىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، سەكتىگە پايدا قىلىدۇ. يالغۇز ياكى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن چاينىسا ياكى قۇرۇق ئۈزۈم قاينىتىلمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا مېڭىدىكى بەلغەمنى تارتىدۇ ۋە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە باشقىلار:** ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاشقازان ھارارىتىنى ئاشۇرىدۇ. قولۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. تال كېسەللىكلىرى، يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، سوغۇقتىن، يەلدىن بولغان ئاغرىقلار ۋە تەشەننۇجقا ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىستېمال

قىلىنسۇن ياكى زىمات قىلىنسۇن تەسىرى پىلپىلدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا نارمىشكى، ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردا سۆرۇنجان، ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردا زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزىدۇر. پىلپىلمۇ دېيىلگەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆز نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، مەنىينى ئازايتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فەنجىنۇن

(فەنجىنۇن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «فەنجىريۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى «قەسۇسى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى يەتتە دانىدىن ئارتۇق بولمايدۇ. يەرگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تەرىپى ئاق، ئۈستى تەرىپى ناھايىتى يېشىل بولۇپ، كۆپ ئۆسۈكچىلىرى ۋە قىرلىرى بولىدۇ. باھار پەسلىدە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا غولى ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، ئون كۈندىن ئارتۇق تۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گۈلسىز، غولسىز بولىدۇ، دەپ بايان قىلىنىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە بولۇپ، نەم يەرلەردە يېتىشىدۇ، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق، قىرتاق بولىدۇ. يېڭىسى ئىشلىتىلىدۇ، قۇرۇقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى ئارتۇقراق بولىدۇ.

نۇۋۋاب ئەلۋىخان مۇئتەمەدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى ئۇنى تاماكا ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقىتىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ ئېغىزدا ساقلىسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەس، ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، كاناي ئىششىقى، ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. قۇرۇقىدىن ئىسرىق سېلىپ تۈتۈنىنى پۇرىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. زىمات قىلسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىششىقلار ۋە قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ. ھەسەل بىلەن ھەمەلچە قىلسا ئۆلۈك ۋە تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

## فەنەك
(سالپاڭ قۇلاق تۈلكە)

ئۇ پارسچە «دەلە»، تۈركچە «قۇرقاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ قامىدىن چوڭراق بىر خىل ھايۋانىنىڭ تېرىسى بولۇپ، رۇس ۋە تۈرك شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. رەڭگى ئاق، قىزىل، ئالا بولىدىغان بولۇپ، ھايۋانات تېرىلىرىنىڭ ئەڭ خۇش پۇرىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ھايۋانىنىڭ گۆشى تاتلىق بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ رۇس تۈلكىسىنىڭ تېرىسى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ مۈشۈكنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. ئەنتاكىي ئۇنى بىر خىل قۇشنىڭ تېرىسى بولۇپ، ئاق، ناھايىتى يۇمشاق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن جۇۋا تىكسە ناھايىتى ئاق بولىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئەنتاكىينىڭ سۆزىچە ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، مۆتىدىل ياكى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىنسە بەدەننى قىزىتىدۇ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، سوغۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋ تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. تېرىنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ھاشاراتنى قوغلايدۇ.

ئۇنىڭ گۆشى ناچار بولۇپ، ھېچ پايدىسى يوقتۇر. ئەنتاكىي ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ گۆشى ئىسسىق، بۇلغۇن گۆشىدىن مۆتىدىلرەك، ئۇنىڭدىن سوغۇقراق، قاما ۋە ئاق ئاغمىخان گۆشىدىن ئىسسىقراق بولىدىكەن. ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيسە ھەممە مىزاجغا، بولۇپمۇ ياشانغانلار ۋە باللارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. گۆشىنى ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فۇۋۇ
(ياۋا سۇمبۇل رومى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، يۇنانچە يەنە «بەسۇرىيدۇس»، «فۇلە» دەپ ئاتىلىدۇ. خوۋارەزمى

تىلىدا «زۇلە»، پارسچە «شىيستەرە»، «بىيخى سۇنبۇل»، ھىندىچە «چال كەرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «ئەنۇسالىيۇن» ئۆسۈملۈكىگە، يەنى تاغ كەرەپشىسىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ ئۆسىدۇ. غولى بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك، سىلىق، كاۋاك، بىنەپشە رەڭگە مايىل، بوغۇملۇق بولىدۇ. گۈلى نەرگىس گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، بىنەپشە رەڭ ئارىلاشقان ئاق، يىلتىزى توم، قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئۇچىدا ئەگرى، پۇرلاشقان شاخچە يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئىزخىر يىلتىزى ۋە خەربەقنىڭ چاچما يىلتىزلىرىغا ئوخشايدۇ. پۇرىقى سۇمبۇل رۇمىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياۋا سۇمبۇل رۇمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قارا دېڭىز، يەنى رىم دېڭىزىنىڭ ساھىلىدىكى نىبتىس دېگەن شەھەردە ئۈنىدۇ. يالغۇز ئېيتىلىسا ئۇ نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى فىرانسۇزچە «فوباكىينۇم»، كىچىكى «فوبارۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشىسى يىلتىزىنىڭ قوڭۇر، ئىنچىكە، سۇمبۇل پۇراقلىق بولغىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇمبۇلنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. قارىسى ناچاردۇر.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ياقۇت رەڭلىك بىر خىل يىلتىز بولۇپ، سۇندۇرۇلسا ئىچى سېرىق كۆرۈنىدىكەن. يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ تەمى تاغ كەرەپشىسىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئاس يىلتىزى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. پەرقى شۇكى، ئاس يىلتىزى پۇراقسىز، قاتتىق، بۇ خۇش پۇراق، يۇمشاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچىدۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى، چىقىرىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: قۇرۇقى ۋە قايناتمىسىنى ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، بىقىن ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى، تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. تومۇرلارنى تازىلايدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ. زىمات قىلىسا دائىرىلىك چاچ چۇشۇشكە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئارپىبەدىيان.

**ئورۇنباسارى:** كاۋاۋچىن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن بەش گىرام، قايناتمىلاردا 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# فۇدەنەج
(پىننە)

ئۇ «فۇزەنەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «پۇدەنە» ياكى «پۇدەنەك» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. «د» نىڭ ئورنىغا «ت» ھەرپى ئالماشتۇرۇپ «فۇتەنەج» دەپمۇ ئاتالغان. سۈريانچە «ھىيزارنا»، يۇنانچە «فۇنياسا»، «فىيلانىيز»، رىمچە «ئەربىقانۇن»، ئەرەبچە «ھەبەق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋا ئۆسىدىغىنى، تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ياۋا ئۆسىدىغىنى يۇنانچە «ئەلىيجەن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «بىلاسە»، مىسىر خەلقى «قەلىيە»، شام خەلقى «سەئتەر» دەپ ئاتايدۇ. غولى تارقاق، پۇرىقى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، يۇمىلاققا مايىل، نازۇك بولىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى ئۆستەڭ پىننىسىگە ئوخشايدۇ. ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق بولىدۇ. ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ناھايىتى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار، ھەزىم ئەزالىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئىنتانۇسقا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەك، ئاشقازاندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. كۆيۈشۈشنى تۈگىتىدۇ. ھېق تۇتۇش، كۆڭۈل ئاينىشنى پەسەيتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقا، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. تەرلىتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، سەۋدانى سۈرىدۇ، ھامىلە ئۆلتۈرىدۇ. زەھەرلىك ھاشارات چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. قاينىتىپ سۈيى تۆكۈلسە قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. قاتتىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: كۆيدۈرۈلگەن كۈلى چىش مىلىكىگە سېپىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

يۈرەك كېسەللىكلىرى: پۇرىسا ھوشسىزلىققا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە ئۆستەڭ پىننىسى.

ياۋا پىنىنىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇمشاق، قارىغا مايىل بولىدۇ. گۈلى خۇش پۇراق، ئۆتكۈر، سېرىققا مايىل بولىدۇ. ھەممە تەسىرى پىنىنىنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

تاغ پىنىنىسى يۇنانچە «قەتمىين» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر «ئەلىيجەن ئەغرىيا» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «پۇدىنەئى كوھىي» (تاغ پىنىنىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مىشكى تارىمۇشكى ئۆسۈملۈكى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر، يوپۇرمىقى ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، ئاق رەڭلىك، يۇڭدەك تۈكلۈك بولىدۇ. مىشكى تارامىشكى يوپۇرمىقى نەمام ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈسەنبەر دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولى ئۇنىڭ شاخلىرىدىن چوڭراق، رەڭگى قىزىل، گۈلسىز، پۇراقسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۈسەنبەر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. قۇرۇسا رەيھانغا ئوخشاش قۇرۇيدۇ.

مىشكى تارامىشكى ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ھەرپىدە بايان قىلىنىدۇ.

## فۇدىنەج نەھرىي
### (ئۆستەڭ پىنىنىسى)

ئۇ «زەۋمەران»، «ھەبەقۇت تىمساھ» (تىمساھ پىنىنىسى) دەپ، يۇنانچە «قالامىينىى» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «پۇدىنەئى بوستانىي» (يەرلىك پىننە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ يوپۇرمىقى تاغ رەيھىنىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن قېلىنراق، يىرىكرەك بولىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە باغلاردا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى نەئنائىقا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق، رەڭگى سېرىققا مايىل، غولى چىڭراق بولىدۇ. باغلارغا تېرىسا ئىككى يىلدىن كېيىن نەئنائ ئۆسۈملۈكىگە ئۆزگىرىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ يېڭى، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى ياۋىسىدىن كۈچلۈكرەك، ياۋىسى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغىنى ئۇنىڭ قالغان ئىككى تۈرىگە قارىغاندا كۆپرەك تېپىلىدۇ. قۇدۇس خىرىستىيانلىرى بايرام كۈنلىرى ئۇنى تاجغا ئوخشاش باشلىرىغا ئورايدۇ، شۇ كۈنلەردە سۇغىمۇ تاشلىشىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى، ئۈچۈچان تەركىبى بار.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا گاسلىقنى ئوڭشايدۇ، قۇلاقنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ.

كۆكرەك ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسىنى ئىستېمال قىلىنسا ئۆلتۈرۈپ نەپەسلىنىش، پىل پۇت كېسەللىكى، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان تەپ، جوزامغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ياكى سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرلىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خولېرا ۋە مۇسكۇللارنىڭ قوزغىلىشىغا داۋا بولىدۇ. سىركەنجۇبىل، مېۋە قىيامى ياكى ئانار شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈل ئايىنىش، سەپرادىن بولغان قۇسۇش، ھېق تۇتۇشقا پايدا قىلىدۇ. قاينىتىپ سۈيى ئىلمان ھالەتتە ئەزاغا تۆكۈلسە يەرقاننىڭ سېرىقلىقىنى يوقىتىدۇ. ھەسەل ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. يۇپۇرمىقى بىلەن ھەمەلچە قىلسا تۇتۇلغان ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. شاراب بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا تېرىدىكى قارا ئىزلارنى يوقىتىدۇ، ئۆلتۈرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. قۇرۇقىنى زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا زىمات قىلسا يەرلىك ئورۇننى يارىلاندۇرۇپ زەھەرنى سۈمۈرىدۇ. تالقان قىلىپ قۇرت پەيدا بولغان ئورۇنلارغا سېپىلسە قۇرتلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھ، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** نەئناﺋ ئۆسۈملۈكى، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا قەردمانەدۇر.

## فۇزەج
## (خېمىرتۇرۇچ)

ئۇ پارسچە «پۇدە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ مۇرى ۋە بەزى چۈچۈمەل نەرسىلەرنىڭ ئېچىتقۇچىسىدۇر. ئۇ بۇغداي، ئارپا ئۇنىدىن تەييارلاپ قۇرۇتۇلىدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. «قارابادىن كەبىر»دە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى بايان قىلىندى. «مۇرى» ماۋزۇسىدىمۇ سۆزلەندى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا قوتۇر، بەدەن قىچىشىشقا پايدا قىلىدۇ. قاپلىق يارىلارنىڭ ئېغىزىنى پىشۇرۇپ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. چۈنكى ئۇ كۈچلۈك تارقاتقۇچىدۇر. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجغا قاراپ تۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك

خۇش پۇراق نەرسىلەر ۋە سىركە قوشىدۇ ھەمدە تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئاپتاپتا مەلۇم ۋاقىت قويۇلىدۇ.

## فۇفۇل
(فۇپەل)

ئۇ «فەۋفەل» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھىندىچە «كوبەل» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. سۇرىيانچە «فۇفەلا»، رىمچە «ئورسىيمۇن»، يۇنانچە «زىيمۇتۇس»، ھىندىچە «سىپار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ھىندىستان، دۆكەن ۋە بېنگالدا يېتىشتۈرۈلىدۇ. دەرىخى ئىنچىكە، ئېگىز بولۇپ، ئۇن غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. تومۇقى بىر غېرىچتىن ئىككى غېرىچقىچە كېلىدىغان بولۇپ، ئۇچىدا نارجىل ۋە خورما شېخىغا ئوخشاش شاخلىرى ئۆسىدۇ، ئۇنىڭدىن پاكارراق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما كىچىكرەك، ئىنچىكىرەك بولىدۇ. مېۋىسى خۇددى خورما باشىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك باشاقتا بولىدۇ. پوستلىرى خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن قارىدايدۇ. پىشقاندىن كېيىن باشاقلىرى كېسىپ ئېلىپ دانلىرىنى ئايرىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ياخشى پىشقانلىرىنى سۇدا قاينىتىپ ياغاچلاشقان، سەل قىلىن بولغان پوستى ئاجرىتىلىدۇ. ئۇ ھىندىچە «سىپارى چالىيە»، يەنى پوستى ئاجرىتىلغان فۇپەل دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ياغاچ ۋە مېۋىلەرنىڭ پۇرلاشقان پوستى ھىندىچە «چەھال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر دانلار قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن بەزىلىرى ياڭاق چوڭلۇقىدا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ، بەزىلىرى يۇمىلاق، يەنە بەزىلىرى سەل ئۇزۇنچاق ياكى قىسقىراق كونۇسسىمان، پوستى سۇس ياڭاق شاكىلى رەڭدە بولىدۇ. تولۇق پىشمىغانلىرى پوستى بىلەن ساقلىنىدۇ ۋە «كوھە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقلانمىغان، قۇرۇتۇلمىغان خېمىمۇ «كۇھە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمەن فۇپەل بېنگالدىن چىقىدىغىنى ۋە دۆكەندىن چىقىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ھەربىرى يەنە ئايرىم ھالدا بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. بېنگالدىن چىقىدىغىنىنىڭ ئاقلانغان، ياغاچلىششى ۋە قىرتاقلىقى كەمرەك، مېغىزى، قىزىلغا مايىل سېرىق تومۇرلىرى بولغان، يېپچىلىرى نارجىل يېپچىلىرىغا ئوخشاش، يۇمىلاق، قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك بولغىنى «سىپارى چالىيە» (پوستى ئاجرىتىلغان فۇپەل) دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگال ۋە ھىندىستان خەلقلىرى ئۇنى قەغەزدەك نېپىز توغراپ ياكى نوقۇتتەك ئۇششاقلاپ تەنبۇل دەرىخى مېۋىسى بىلەن يەيدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى قىرتاق، ياغاچلاشقان، ھەممە قىسمى

قىزىل بولغان تۈرى «چەككى» (ياغاچلاشقان) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چىش سەپمىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرى ياخشىراق بولىدىغان بولۇپ، بىنگالنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە بولىدۇ، ئەمما بىنگالنىڭ جاھانگىر نىگەرگە يېقىن يېزىلىرىنىڭ بىرى بولغان چاندىپور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ جايدىكىلەر ئۇ ئارقىلىق يىلىغا 100 مىڭ رۇپىيەدىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ.

ئۇنىڭ دۇكەندىن چىقىدىغان تۈرىمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى «چەكنى دۇكەنى»، يەنى دۇكەندىن چىققان مايلىق فۇپەل دەپ ئاتالغان تۈرى بولۇپ، سەل ياپىلاق، يىپسىز، چۈرۈك، قىرتاقلىقى كەمرەك بولىدۇ. خام ۋاقتىدا سۇ بىلەن تەكرار قاينىتىلغاندىن كېيىن سۇدىن ئېلىپ، ئۈستىگە ئېغىر بىرەر نەرسە قويۇپ ياكى بولقا بىلەن سوقۇپ ياپىلاقلاپ توغرىسىغا ئىككى پارچە قىلىپ كېسىلىپ كالا سۈتى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كاتھىندى بىلەن بىرقانچە قېتىم قاينىتىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن سۈركەپ دانلىرى پارقىرىتىلىدۇ. مايلىق، چۈرۈك بولۇپ، ئېغىزغا سېلىنسا يۇمشايدىغان، خۇشتەم، يېيىشلىك، يىپسىز بولغانلىرى ئالىي دەرىجىلىك ۋە بىرىنچى دەرىجىلىكلىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغانلىرى ئۇنىڭدىن ناچارراق دەپ تونۇلىدۇ.

دۇكەندىن چىقىدىغىنىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، دانلىرى قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە يۇمىلاق، قىزىل، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ. ئۇ «چەككى دۇكەنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئۇ بىنگالنىڭ شۇ تۈرىدىن ياخشىراق بولۇپ، چىش سەپمىلىرىدە ئىشلىتىلسە مۇۋاپىقراق بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بىنگالدىن چىقىدىغىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكىنى خام ۋاقتىدا كېسىپ ئېلىپ «چەكنى دۇكەنى» (دۇكەندىن چىققان مايلىق فۇپەل)نىڭ قائىدىسى بويىچە كالا سۈتى بىلەن، ئارقىدىن كاتھىندى بىلەن قاينىتىپ تەييارلايدۇ. ئەمما دۇكەندىن چىققىنىدەك ياخشى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىكىدەك بولۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن فۇپەل تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى قىزىلغا مايىل، يۇمىلاق كونۇس شەكىللىك، كۆپ قىرتاق ياكى سەل ئاچچىق بولۇپ، «چەككى» (ياغاچلاشقان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چىش سەپمىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى قارامتۇل، كونۇس شەكىللىك، قىرتاقلىقى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇ «چەككى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن بىرلىكتە، يەنە بەزىلەر يالغۇز يەيدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ سىرتى سەل قىزىل، دانلىرى چوڭ، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئۇ «سىپارى چالىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرنى ئومۇمەن ھەممە ئادەم تەنبۇل، يەنى پان يوپۇرمىقى بىلەن يەيدۇ. تۆتىنچىسى ئۇزۇنچاق كونۇس شەكىللىك، سەل يۇمشاق ياكى مايلىق بولۇپ، تەمى نارجىلنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئەمما نارجىلدەك مايلىق بولمايدۇ. بەللۇت غىلاپىدەك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قارامتۇلراق بولىدۇ. ئۇ «سىپارىي كوپەرىيە»، يەنى قۇرۇق نارجىل مېغىزىغا ئوخشايدىغان فۇپەل دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ھىندىچە قۇرۇق نارجىل «كوپەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى ئاز ئۇچرايدۇ. بەلكى ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۈچ خىلدۇر. بىرىنچى خىلى ئالاھىدە ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇنىڭ

ئۆچىنچى تۇرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىرى تېپىلىدۇ ياكى بەزى قۇرۇقلۇقى غالىب بولغان دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ ياخشىسى ئېغىر، يېڭى، قۇرۇتۇلمىغانلىرىدۇر. يەنە «چەكنى دۆكەنى» دەپ ئاتالغىنىنىڭ پارقىراق بولۇپ، ئېغىرغا سالسا تېز ئېرىيدىغانلىرى، ئاسان ئېرىيدىغانلىرى، قىرتاق بولمىغانلىرى ۋە قاتتىق بولمىغانلىرىمۇ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇ ئومۇمەن ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپ يازغان. قۇۋۋىتى سەندەلنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسقۇچى، پەيلەرنى چىڭىتقۇچى، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا داۋا بولغۇچى، پەيلەر ۋە ئەزالارنىڭ سۇسلۇقىنى ئالغۇچىدۇر. ئەزالارنىڭ قوزغىلىشى، ئېغىز يارىسى، ئېغىزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، چىش ۋە چىش مىلىكىنىڭ بوشىشى، چىش مىلىكى قاناش، بىقىن ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوشىغان ئەزالار ۋە ئاشقازاننى چىڭىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. تەر توختىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

قىزىلىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى يېنىك سۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى سۈمبۈل ھىندى بىلەن سۈمبۈل رۇمىدىن بەكرەك ھەيدەيدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ تەمنى چىقىرىپ ئىچسە بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولغانلارغا ھەم قولۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، ئۆپكىنى يىرىڭلەشتۈرىدۇ. كەتىرا ئۇنى تۈزىتىدۇ. ئۇ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، قاپاق ساڭگىلاش، كۆز ياشانغىراش، كۆز ئاغرىقى، قاپاق قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قىزىل سەندەل، يېرىم ھەسسە كۆك يۇمغاقسۈت سۈيىدۇر.

ئۇنى چاينىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ. پىشمىغان قۇرۇق فۆپەل ئىستېمال قىلىنسا باشنى قايدۇرىدۇ، خەفەقان پەيدا قىلىدۇ. تۈزىتىش ئۈچۈن سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ.

## فۇۋۋە
(ئوردان)

ئۇ ئەرەبچە «ئۇرۇقۇس سەبباغىين» (بوياقچىلار يىلتىزى)، «فۇۋۋەتۇس سەبغى» (بوياق

ئوردىنى)، يۇنانچە «دوزەرلوس»، پارسچە «روناس»، «رودەك»، «روداڭ»، ھىندىچە «مەجىتھە»، فىرانسۇزچە «روپيە»، كىچىك ئوردان لاتىنچە «ئەلىيسىم»، بەربەرچە «روبيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ قارامتۇل قىزىل رەڭلىك يىلتىز بولۇپ، بوياقچىلار كىيىملەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ. ئۈسۈملۈكى كىچىك، يىرىك بولىدۇ. بىر شاختىن ئارتۇق شېخى بولمايدۇ. يوپۇرماقلىرى يۇمىلاق بولىدۇ، مېۋىسى ئۇنىڭ ئارىسىدا غۇجمەكلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ. تاشلىقلار، قاتتىق يەرلەردە ئۈنىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى، رەڭدار، قىزىل بولغانلىرى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار، ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزانىڭ سېزىمسىزلىنىشى بىلەن بولىغان پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سۇسلۇقى، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قويۇق سۈيدۈك، ھەيز ۋە سۈتنى ھەيدەيدۇ، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۈچ گىرامىنى ئالتە گىرام رەۋەنچىنى بىلەن بىرلىكتە بىر پىيالە ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئىچسە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، جىگەرنى تازىلايدۇ، ئۇلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. زىمات قىلسا پالەچ، سوغۇقتىن بولغان پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى، تەمرەتكە، تاز، كالا تەمرەتكىسى، بەھەقكە شىپا بولىدۇ، تېرىدىكى ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. يىلتىزى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا داغ ۋە كۆن نۇرىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان داغنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسى، ئاق بەھەقكە داۋا بولىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سالايە قىلىنغىنىنى تائام بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقى، شېخى ۋە مېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز ياكى بىرلىكتە ئىشلىتىلسىمۇ زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) سۈيدۈكنى كۆچلۈك ھەيدەش تەسىرى بولغاچقا دوۋساققا زىيان قىلىدۇ، قان سىيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام، قايناتمىلاردا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا كاۋاۋىچىن، يېرىم ھەسسە قېلىن دارچىن، ئۈچتىن بىر بۆلىك مىقداردا قارا قۇرۇق ئۈزۈمنى دېيىلگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى ھەر كۈنى مۇنچىدا بەدىنىنى يۇيۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى، غولى، يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسى ۋە يىلتىزىدىن ئىبارەت ھەممە قىسمىنى بىرلىكتە ئۆيگە ئېسىپ قويسا يامان كۆزدىن ساقلايدۇ. ئۇنى قىزىل رەختكە ئوراپ ھايۋاناتلارنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويسا، كېسەللىكەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يارىلىرى ۋە قوتۇرلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### فەھد
(يىلپىز)

ئۇ «يوز» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىسىدۇر. ھىندىچە «چىيتە»، تۈركچە «پارس» دەپ ئاتىلىدۇ، كۆپلۈك شەكلى «فۇھۇد» بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۆگىتىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، رەڭگى ۋە شەكلى يولۋاسقا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئىت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. كۆپ ئۇخلايدۇ، كۆپ غەزەپلىنىدۇ. قانجىقى ئەركىكىدىن باتۇرراق، ئوۋچىراق بولىدۇ. چوڭى كىچىكىگە قارىغاندا ئۆگىتىشنى ئاسانراق قوبۇل قىلىدۇ، كېسەل بولۇپ قالغاندا ئىت گۆشى يېسە ساقىيىدۇ. ئۇ ناخشا، نەي ئاۋازى ۋە ھاراققا ئامراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئوۋ ئوۋلىغان كىشى يەزىيد بىن مۇئاۋىيەدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئاللا خالىسا «ي» (يائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «يوز» (يىلپىز) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۆيدۈكى چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە تۆكۈلسە چاشقانلار ئۇ يەردىن قاچىدۇ. ئۇ چىشلىسە ياكى تاتىلاپ يارىلاندۇرسا ئىلاجى شىر، ياۋا مۈشۈك چىشلىگەندە قىلىنغان ئىلاج بىلەن ئوخشاشتۇر.

# پەسل: «ف» (فائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## فەيرۇزەج
(فىرۇزە تاش)

ئۇ پارسچە «پىرۇزە» دىگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ كۆك ۋە يېشىل رەڭدىن تۈزۈلگەن ھاۋا رەڭلىك بىر خىل تاش بولۇپ، كانى نىشاپۇر، خەجەند، كىرمان، ئەزەربەيجان، شىرازنىڭ ئەتراپلىرىدىكى پارس تاغلىرىدىدۇر، بەھنەت تاغلىرىدىمۇ بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى كونا، چوڭ، سۈزۈك، رەڭگى بىر خىل بولۇپ، ساپ ھاۋادا سۈزۈلۈپ، بۇزۇق ھاۋادا دۇغلىشىدىغىنىدۇر، ئۇ «ئەبۇ ئىسھاقىي» (ئەبۇ ئىسھاققا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ سەككىز خىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا «فەتھىي» (فەتھىگە مەنسۇپ) ۋە «ئەزھەرىي» (ئەزھەرگە مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «سۇلەيمانىي» (سۇلايمانغا مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «دەرنۇئى» (دەرنۇغا مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «خاكى» (تۇپراققا مەنسۇپ) دەپمۇ ئاتىلىدىغان «ئاسمان گوني» (ھاۋا رەڭگە مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «ئابدۇل ھەمىيدىي» (ئابدۇل ھەمىيدقا مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «ئەندەلۇسىي» (ئەندەلۇسقا مەنسۇپ)، ئۇنىڭدىن قالسا «گۇنجىينە» دەپ ئاتالغىنى ياخشىدۇر. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر، شۇنداقكى بەھتەنت تاغلىرىدىن چىققىنى مۇشۇ تۈرىدىندۇر. ئۇ ياخشى گۈڭگۈرت ۋە بەشتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى ئازغىنە سىمابتىن تۈزۈلىدىغان بولۇپ، زۇھەل بىلەن قۇياشنىڭ تەسىرىدە سوغۇقلۇقتىن قېتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. يەتتە يىلدا كامالىتىگە يېتىدۇ. كىرمان ۋە شىرازدىكى كاندا پەيدا بولغىنى ئاققا مايىل بولىدىغان بولۇپ، «شەبانكى» ۋە «شىر بوم» دەپ ئاتىلىدۇ. نىشاپۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردىكى كانلاردا ھاسىل بولغىنى كۆككە مايىل بولىدىغان بولۇپ، «نىيل بوم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئىپار پۇرىقى، تەر ۋە ماي تېگىش بىلەن بەترەڭ بولۇپ بۇزۇلىدۇ. ھەتتا ھەممە قىسمىنى تولۇق بۇزۇپ، بەت رەڭ قىلىپ قويىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ «مۇردە» (ئۆلۈك) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ زامانلاردا نىشاپۇردىكى كان ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا كىرمان فىرۇزىسى ئىشلىتىلىدىكەن، ئۇ بوشلۇقى ۋە ئارىسىنىڭ بۇلۇتسىمانلىقىدىن ماي، تەر ۋە باشقىلارنىڭ تېگىشى بىلەن تېزلا بۇزۇلۇپ، بەت رەڭ بولۇپ قالىدىكەن.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆزگە يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن سۈركىسە كۆزنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، كۆز ياشانغىراش، ئاق چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ، روھ ۋە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، نامازشام قارىغۇسى، مۈڭگۈز پەردە يېرىلىپ كېتىش ۋە كۆزنىڭ باشقا پەردىلىرىنىڭ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن يېرىلىپ كېتىشكە داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، تال كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار ۋە ئۇ سېلىنغان مۇناسىۋەتلىك مەجۇنلەر ھەم باشقا دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقان، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي يارىسى، ئىچكى ئەزالار يارىلىرى ۋە مەينەت يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىش: ھەممە زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. 1.5 ~ 3 گىرامغىچە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. بىر گىرام ئىستېمال قىلىنسا چايانىڭ زەھىرىنى خاسىيىتى بىلەن قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئارىستاتالىس رەڭگى ئۆزگىرىدىغان ھەرقانداق جاۋاھىراتنى قولغا سېلىش ياماندۇر، دېگەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدىكەن، قورقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئۇ ساقلىغۇچىنى سۇدا غەرق بولۇپ كېتىش، ئال (چاقماق) سوقۇۋېتىشتىن ساقلايدىكەن. ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئۈزۈك قولغا سېلىنسا شۇ كىشىگە يىلان، چايان يېقىن كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭغا قاراپ بەرسە كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھىلال ئايغا قارىسا بەرىكەتكە سەۋەب بولىدىكەن. يۇمشاق جىسىملار بىلەن ساقلىسا قاتۇرىدىكەن. كۈشتە قىلىنغىنى مەدەنلەرنى كۈشتە قىلىدىكەن، قورقۇنچاقلارنى باتۇر قىلىدىكەن.

## فىيل
(پىل)

ئۇ پارسچە «پىيل» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ھىندىچە «ھاتى»، «ھەتى»

دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە «گەج»مۇ دېيىلىدۇ. فىرانسۇزچە «فانتە»، ئىنگلىزچە «ئەلىيفىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى**: بۇ تونۇشلۇق، تېنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەممە ھايۋانلاردىن چوڭ بولىدۇ. سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان ھايۋانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىلگىرىكى گۇناھكار قەۋملەر پىلنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان. ئۇ كەمەرىيە، مەركە ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدۇ. كەمەرىيەنىڭ تېنى چوڭ، پۇتلىرى سەل قىسقا، مەركەزدىن ئېگىز بولىدۇ. ئېگىزلىكى پۇتىنىڭ تىرنىقىدىن تارتىپ تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئۈستى قىرىغىچە يەتتە غۇلاچ چىقىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزمۇ بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ چىشى ئۇزۇن، كۈچلۈك بولۇپ، ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۈستى تەرەپكە ئەگرى بولىدۇ. بەزىلىرى ئۈچ ـ تۆت غۇلاچقىچە ئۇزۇنلۇقتا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ. بەزى ھىندىلار ئۇنىڭ ئۈستىدە تاختا ياكى كارىۋاتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇخلايدۇ. بەزىلىرىنىڭ چىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ تۇرىدىغان قىسمىنىڭ يېرىمى كاۋاك بولىدۇ. كاۋىكى قانچە ئاز، توم، تۈز، ئاق بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئوۋلانغان پىللارنىڭ چىشلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن قىسقىراق يېرىدىن يىلدا بىر قېتىم كېسىۋېتىلىدۇ، چۈنكى شۇنداق قىلىنغاندا ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلگەن ئۇچىغا ئاپتاپ ۋە ئورۇلۇشلار سەۋەبىدىن يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مىس ھالقا سېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ خارتۇمى ھىندىچە «سوند» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بۇرۇنىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، كاۋاك، ئېگىلىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نەپەسلىنىدۇ، سۇنى ئۇنىڭ بىلەن سۈمۈرىدۇ ۋە ئېگىپ ئېغىزىغا تۆكىدۇ. سامان ۋە باشقا ئوت ـ خەسلەرنى خارتۇمى بىلەن تۇتۇپ ئېغىزىغا سېلىپ، ئېزىق چىشلىرى بىلەن چايناپ يۇمشىتىپ يەيدۇ. ئۇنىڭ خارتۇمى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ جىنتا، تەپرە تاغلىق رايونلىرى، بېنگالدىكى ئىسلامئاباد، شام، ئودىھ ۋىلايىتى، گوركەپور، دۇكەن، سەرەندىپ، مالدىپ، ھەبەشە قاتارلىق جايلار ۋە باشقا يەرلەردە ياشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى قېرى پىللارنىڭ چىشىنىڭ ئىچىدە مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان ھەم مەرۋايىت چوڭلۇقىدا بولغان بىر نەرسە چىقىدىغان بولۇپ، ھىندىچە «كەج موتى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

پىلنىڭ ھىندىچە «ھەتنى» دەپ ئاتىلىدىغان چىشىسىنىڭ چىشى قىسقا، ئىنچىكە بولۇپ، بىر يېرىم غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق بولىدۇ.

پىل چىشى ئەرەبچە «ئاج» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پىلنىڭ ئەڭ ياخشى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ پۇتلىرى ۋە قوللىرىنىڭ بوغۇملىرى ئوتتۇرىدا ئەمەس، بەلكى ئىككىسى ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىدە، بىرى ئۈستىگە بىر غۇلاچ يېقىن يەردە، يەنە بىرى تىرنىقىغا بىر غۇلاچ

يېقىن يەردە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇلتۇرغان ۋە ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئاۋۋال ئالدى پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئارقىدىن پۇتلىرىنى يىغىدۇ.

ئۇ ئىسسىقتىن كۆپ ئازارلىنىدۇ، قىزىسا تېزلا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قورساق كۆتۈرۈش ۋاقتى 18 ئاي بولىدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۆمرى ئادەمنىڭ ئۆمرى بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** سوغۇق، ناھايىتى قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باشتىكى ئەزالار، كۆكرەك، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلەر: ئۆتى كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى تۇرلۇك ئىزلارنى يوقىتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. چىشىنىڭ ئېكەكدەلمىسىدىن كۈنگە ئالتە گىرامدىن ئېلىپ، مائۇلھەسەل ياكى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى، بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش، قاناشنى توختىتىدۇ. شاراب ياكى مائۇلھەسەل بىلەن بىر ھەپتىگىچە ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدارلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسىمۇ تۇغماس ئايالنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئايال ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسىدىن بەش گىرام ئېلىپ، 10 گىرام ناۋات بىلەن سۇفۇپ قىلىپ، ھەر كۈنى كەچتە ئىچىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى ئېرى بىلەن بىرگە بولسا ھامىلىدارلىققا سەۋەب بولىدۇ. تاغ پىنىنىسى سۈيى ياكى ئۆستەڭ پىنىنىسى سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلىنسا جوزامنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسى باراۋەر مىقداردىكى تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى بىلەن سەپمە تەييارلاپ سېپىلسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇنىڭ سۆيەدۈكىنى تۇغماس ئايالغا بىلدۈرمەي ئىچۈرۈلسە ھامىلىدار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ. تېزىكى بىلەن ھەمەلچە ياساپ ئايالغا ئىشلىتىلسە ھەرگىز ھامىلىدار بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تېزىكى مېۋىلىك دەرەخكە سۈركىسە ھەرگىز مېۋە بەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا كونا تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلسا تېرىدىكى داغ ۋە ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ، پىت يوقىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى ھۆل تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. ئۆتى كۆزدىكى تۇرلۇك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە سۈركىسە ئاقكېسەلنى يوقىتىدۇ. تاشپاقا قېنى ياكى تۇخۇمى بىلەن ئىشلىتىلسە ھەممە زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇرۇقدېنىدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ، كاسىنە سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش ۋە كونا

ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدار بولۇشقا ئىنتايىن ياردەم بېرىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** چىشى ئەزادا تۇرۇپ قالغان ئۇستىخان سۇنۇقىنى تارتىپ چىقىرىدۇ ۋە چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنى رەختكە ئوراپ ئادەم، بولۇپمۇ بالىلار ۋە چارۋىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا ئۇلارنى يۇقۇملۇق كېسەل، چۇما، تۇتقاق كېسەل، بالىلار تۇتقاق كېسەللىكىدىن ساقلايدۇ. دەرەخكە ئېسىپ قويسا مېۋىسى شېرىن بولىدۇ. پوستىنى ئېسىۋالسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ ۋە تۇتقاقلىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ھەدىستە ھەزرىتى ئىمامى كازىم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەلامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پىل چىشى بىلەن چاچ تارىسا ۋابانى يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭ خارتۇمىدىن بىر پارچە ئېلىپ كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ.

## فىيلجۇش
(پىلقۇلاق ئوت)

ئۇ پارسچە «پىل گوش» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، پىلقۇلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «لۇفۇل ئەقد»، «لۇفۇل جەئد» ۋە «لۇفۇل ھەييە» دېگەن ئۆسۈملۈكلەر ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇزۇز ھىندى ئۇنىڭ ئۇسارىسى بولغان لۇفى كەبىر ئۆسۈملۈكى ئىكەن. ئۇ پىلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈچىدۇر.

## فىيلزەھرەج
(رۇسۇت ئۆسۈملۈكى)

ئۇ پارسچە «پىل زەھرە» (پىل زەھىرى) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. چۈنكى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پىلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىكەن.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، رۇسۇت دەپ ئاتىلىدىغان ھۇزۇز ھىندى ئۇنىڭ سۈيىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ لۇفى كەبىر ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزى ھۇزۇز (رۇسۇت) ھىندى ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پىلنىڭ ئۆتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. چۈنكى مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى ئۆت خالتىسىغا ئوخشايدىغان خۇرۇم خالتىغا قاچىلىنىدىكەن ياكى ئۇ پىلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن پىل زەھىرى دېگەن مەنىدە «فىيلزەھرەج» دەپ ئاتالغان ئىكەن. ھۇزۇز ھىندى «ھ» (ھۇۋۋائ) ھەرپى باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسى مۇرچ چوڭلۇقىدا بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا تال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شېخىنىڭ قايناتمىسى ئىستېمال قىلىنسا ھەيز ھەيدەيدۇ. سۈيىدىن 18 ~ 36 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسىمۇ، بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

**زىننەتلەش تەسرى:** يالغۇز ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب
# «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قاتىلۇل كەلب
(ئىتبوغار)

ئۇ «خانىقۇل كىلاب» (ئىتبوغار) دۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا كۇچۇلادۇر.

**تەبئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىقدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا قان تۇكۇرتىدۇ، بۇرۇننى قانىتىدۇ، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارنى تېز ئۆلتۈرىدۇ، ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ.

## قار

ئۇ ئاۋام ـ خەلق ئارىسىدا «قىير» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنى رال ھىندى دەپ بىلگەنلەر خىيال قىلغانلاردۇر. چۈنكى رال بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، «لەئلى مەئبەرى»، «قىيقەھر»، «قەنقەھر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا مۇشۇ بابتا بايان قىلىنىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قىزىلغا مايىل قارا رەڭلىك نەرسە بولۇپ، بۇلاقتىن قىزىق سۇ بىلەن بىرلىكتە قايناپ چىقىدۇ. فۇرات دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان ھەيت شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەردىن كۆپ چىقىدۇ. دەسلەپ چىققاندا سۇيۇق بولىدۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاتىدۇ. بەزى كىشىلەر قاتتىق، ئىشقا يارايدىغان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كېمىلەر، تاملار، مۇنچىنىڭ سەھنىلىرى ۋە كۆللىرىنى سۇۋايدۇ. مەسىلەن: بەسرە، باغداد ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا تۇپراق قوشۇپ سۇۋاقچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئادىتى بار. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 30 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە قەفرۇليەھۇدقا ئوخشاپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، «سەيىيال» دەپ ئاتىلىدىغان سۈيۈقى ھەممە تۇرىدىن ئىسسىقراقتۇر. قاتتىقى «جەبھى» دېيىلىدۇ. قۇرۇقى سۈيۈقىنى قويۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۇپراق قوشۇلۇپ قايىنتىلغان تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قابىزراقتۇر. ئۇنىڭ قابىزلىقى ئوتتۇرا ھال، تارقىتىشى ئارتۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چايناپ شىلىمشىق خىلىتلارنى پىشۇرىدۇ، مېڭە ۋە جاغ مۇسكۇلىنىڭ سۈيۈق ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈپ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، تىل ئېغىرلىشىش، تىل كالۋالىشىش، گەپ قىلىش قىيىن بولۇش، چىشنىڭ قامىشىغا داۋا بولىدۇ. چىش مىلىكنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. كۆكرەكتىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى پىشۇرىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چايناپ ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ. يۇتسا يەل تارقىتىدۇ، يېمەك - ئىچمەكنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇلغانغان ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنى تۈگىتىدۇ. ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قار سۇرۇلگەن قاچا بىلەن سۇ ئىچسە سۇنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە زىيان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۇما، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشى ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قىزىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قار بىلەن سۇرۇلگەن قاچىدا سۇ ساقلاپ ئىچسە، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا دوۋسۇن يارىسى پەيدا قىلىدىكەن، بەزىدە ئۈچەينى زەخىملەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ يارا ۋە زەخىم پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ئېرىتىپ ئىستېمال قىلىشى لازىم ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قەفرۇليەھۇددۇر.

ئۇ زىمات قىلىنسا قاپلىق يارىلار، چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سۇنۇقلارنى تۇتتۇرىدۇ. ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قار بىلەن سۇۋالغان كوزىدا شاراب ئېچىتىلسا سۈيۈلۈشى ۋە بەدەندىن تېز چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، بۇ چاغدا سوغۇق مىزاجلار ۋە بەلغەم مىزاجلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، خۇمارى يەڭگىلرەك بولىدۇ.

## قاتانىيقى
(بۇركۇت چاڭگىلى ئوت)

ئۇ «قاباتىيقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ يۇنان تىلىدا بۇركۇت چاڭگىلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى كىچىك، ئاس ۋە زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلىنىڭ مېۋىسى كورسىنە پۇرچىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە بولۇپ، ئىزخىر يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئالتە ـ يەتتە شېخى بولىدۇ، شاخلىرى قۇرۇغاندا ئېگىلىپ تۆۋەنگە قاراپ قالىدۇ، خۇددى ئۆلۈك بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىرىنىڭ شېخىنىڭ ئۇچى كىچىك ئالمىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى زەيتۇن ئۇرۇقىغا ئوخشاش، يوپۇرمىقىمۇ رەڭ ۋە شەكىل جەھەتتە زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، قىزىل، تۆشۈك ـ تۆشۈك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بىرەر كىشى بۇ دورىنى مەشۇقى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى كۆڭۈلگە كەلتۈرۈلۈپ ئىستېمال قىلىنسا مۇھەببەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئەنتاكىيە شەھەرلىرىدە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا ئاشىقلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

## قاقالىيا
(ئاغرىقئوت)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. بەزىلەر ئۇنى «بەقلەتۇلئەۋجائ» (ئاغرىقئوت) دېيىشىدۇ. ئېھتىمال ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئاق، چوڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر دانە غول تىك ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇچىدا «بەرۋانىيا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىگە ئوخشاش گۈلى بولىدۇ. گۈلى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىدىن ئۇرۇق كۆرۈنىدۇ. يىلتىزى قۇرۇتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ، تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى شارابقا چىلاپ ئىچسە، شۇنداقلا ناشتىدا چاينىسا كاناي، قىزىلئۆڭگەچنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئۇ قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن

كەتىراغا ئوخشاش شارابقا چىلاپ يۇمشىتىپ ياكى لوئوق تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا ياكى چاينىسا بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ سۈيى ئېلىنىدىغان بولۇپ، مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئالمىغا ئوخشاش نەرسىنى يۇمشاق سوقۇپ قىرۇتى بىلەن مەلھەم قىلىپ يۇزگە سۈركىسە، يۇزنىڭ تارتىشىشى ۋە چىمىلداشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## قاقۇلە
(قاقىلە)

ئۇ يۇنانچە «قەتىيداۋس»، سۇريانچە «شەرفىيۇن»، «شوشما»، فىرانسۇزچە «گۇردە موم»، پارسچە «ھىيل»، ئەرەبچە «ھال»، ھىندىچە «ئالائىچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ خۇش پۇراق دورا – دەرمانلاردىندۇر. ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، چوڭ، كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى «قاقۇلەئى كىبار» (چوڭ قاقىلە)، كىچىكى «قاقۇلەئى سىغار» (كىچىك قاقىلە) دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ قاقىلە «قاقۇلەئى زەكەر» (ئەركەك قاقىلە) ۋە «ھىيل زەكەر» (ئەركەك قاقىلە)، «قاقۇلەئى زەنجىي» (قارا قاقىلە) دەپ، ھىندىچە «بەرى ئالائىچى» (چوڭ قاقىلە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئىككى – ئۈچ غولاچ ئېگىزلىكتە بولىدۇ، بىر تال غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئانار، رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق، ئۇششاق بولۇپ، قىزىلغا مايىل بولىدۇ، باقىلە گۈلىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى قارىغاي چوڭراق، پوستى قارامتۇل كۆل رەڭ بولىدۇ. ئۈچ پارچە بولۇپ، بىر- بىرىگە تۇتىشىپ مېۋىسى شەكلىدە، ئۈچ بۇرجەك، قىرلىرى تەكشىسىز، بارماق بوغۇمى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن تۇرىدۇ، سەل قېلىن، يىرىك بولۇپ، ئۇستىدە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن سىزىقلىرى بولىدۇ. تۆۋەن تەرىپىنىڭ شېخىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان يېرىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان خەمىكى بولىدۇ. قۇرۇسا بەزىلىرىنىڭ پوستى ئۇزلۇكىدىن ياكى ئازراق ئۇرۇلۇش بىلەن يېرىلىپ ئۇرۇقلىرى چىقىدۇ. ئۇرۇقى ئادراسمان ئۇرۇقىغا ئوخشاش، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئومۇمەن كافۇر پۇرىقىغا ئوخشاش، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا شىلىمشىق، تاتلىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ غىلاپى ئىچىدە تۇرغانلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەمى ۋە پۇرىقى يوقىلىپ قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ. غىلاپىدىن چىقىرىلغانلىرىنىڭ قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە تۇرىدۇ.

ئەنتاكىينىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ بولىدىكەن. ھەكىم مىير ئابدۇل ھەمىيدنىڭ «تۆھپە» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىيسىدە يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قوناق

يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، قارامتۇل يېشىل بولۇپ، بىر يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، تۆت بارماق كەڭلىكىدە بولىدىكەن. مېۋىسى غولىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئۆسىدىكەن، گۈلى باقىلە گۈلىگە ئوخشايدىكەن. باشقىلاردىنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقى ئاڭلانغان، يوپۇرمىقىنىڭ ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، تائام سىڭدۈرگۈچى، كېكىرتكۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قورۇلغىنىنىڭ بۇ تەسىرى ياخشىراقتۇر. بەزى مىزاجلىق كىشىلەرگە بۇ ئۇنىڭ كىچىكىدىن پايدىلىقىراق بولىدۇ ۋە تەملىكرەك تېتىيدۇ. كۆپ ھاللاردا تەنبۇل، يەنى پان دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنە دورىلار ۋە چىش سەپىملىرىگە قوشۇلىدۇ. تائامغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. پوستى سوقۇلۇپ چىشقا سېپىلسە، شۇنداقلا ئۇرۇقى سېپىلسىمۇ چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئېغىز يارىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق:** ئۆچەيلەرگە زىيانى قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قاقىلە سىغار (لاچىندانە).

## قاقىلە سىغار
(لاچىندانە)

ئۇ يەنە «شۇمۇشۇر»، «شۇشمۇر»، «خەري بەۋۋا»، «ھىيل بەۋۋا»، «ھال بەۋۋا»، «ھىيلى ئۇنسا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «گوجۇراتى ئالائىچى»، «چوھوتى ئالائىچ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەلىيبار دېگەن يەردىكى بىيلى دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەردە ئۆسىدۇ، باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىككى غۇلاچقىچە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئانار، رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، ھەر دانىسى پىستە مېغىزى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئاقىرىدۇ. ئەتراپلىرى تەكشى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، ئىككى تەرىپى سەل ئىنچىكە بولىدۇ. غىلاپىنىڭ پوستى ئۈچ پارچە بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يىرىك بولۇپ، ئۈستىدە ئۇزۇنىسىغا تارتىلغان سىزىقلار بولىدۇ. خۇش پۇراق، سەل قىرتاق بولىدۇ.

ئاستىنىڭ باشقىغا تۇتىشىدىغان يېرىدە ئازراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان خەمىكى بار بولۇپ، ئەگرى بولىدۇ، پوستى ئۇنىڭغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆسىدۇ. پىشقىنى قۇرۇغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ياكى ئازغىنە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش بىلەن يېرىلىپ ئىچىدىن ئۇرۇقلىرى چىقىدۇ. ئۇرۇقلىرى قاقىلە كىبارنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ئوخشايدۇ. پەقەت بۇنىڭ ئۇرۇقلىرى ئۇششاقراق بولۇپ، ئۈچ قاتار بولۇپ تىزىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق رەڭلىك نېپىز پەردە بار بولۇپ، ئۇرۇقلار شۇ پەردىلەر ئارقىلىق ئۇزۇقلىنىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا ئۇنىڭدا شىلىمشىق، تاتلىق، خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق بار بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ، پوستى ئاقىرىدۇ، ئۇرۇقلىرىنىڭ تەمى سەل ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولۇپ، چاينىغاندىن كېيىن ئېغىزنى سەل سوۋۇتىدۇ. كونىرىغاندىن كېيىن ئاچچىققا مايىل بولۇپ قالىدۇ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە پۇرىقى ئاجىزلايدۇ، پوستى قارىداپ قالىدۇ، ھەتتا بەتبۇي، بەتتەم بولۇپ، قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. زەھەر قايتۇرۇش، قوروش تەسىرى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، تەرنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلغۇچىدۇر.

**باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركىسە چۈشكۈرتۈپ يەلدىن بولغان باش ئاغرىقى، تۇتقاق كېسەل، ھوشسىزلىنىشقا پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا سېپىلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاينىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. پوستى، ئۇرۇقىنى چاينىسا ياكى سېپىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك، گال، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قىزىتىدۇ، ھۆللۈكىنى ئازايتىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش ۋە قۇسۇشنى باسىدۇ. ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كېكىرتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ قورۇلۇپ ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەستىكى سۈيى ۋە ئانار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈل ئاينىش ۋە قۇسۇشنى باسىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. چالا سوقۇپ، بولۇپمۇ پوستى بىلەن بىرلىكتە چالا سوقۇپ، گۈلاپ ياكى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىلسە كۆڭۈل ئاينىش، ھۆ بولۇش، خولېرا ۋە قۇسۇشقا داۋا بولىدۇ. پىننە ياكى نەئنائ يوپۇرمىقى بىلەن بىرلىكتە گۈلاب ياكى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئۈچ گىرامى سىركەنجۇبىل بىلەن ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ ياكى ئىككى ھەسسە مىقداردىكى ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى بىلەن

بىرلىكتە كۈنىگە ئالتە گىرامدىن سىركەنجۇبىل ئىستېمال قىلىنسا، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ.

**زىنىتلەش تەسرى:** ئىستېمال قىلىنسا ۋە سېپىلسە تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەشتىن باشقا ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ چوڭىدىن ياخشىراقتۇر. تېۋىپلار ئۇنىڭ ئاشقازانغا بولغان تەسىرىنى ئەكسىچە يازغان، ئىھتىمال ھەبەشىستان، زەنگى ۋە بېنگالدىن باشقا يەرلەردە بولىدىغان چوڭ قاقىلەنىڭ تەسىرى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بېنگالدا بولىدىغىنى تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق تەسىرىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەك، ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە كاۋاۋچىن، يېرىم ھەسسە ھەببى بىلسان، بىر ھەسسە چوڭ قاقىلەدۇر.

ئۇنىڭ خاتىرىلەنگەن ئۈچىنچى خىلى تا ھازىرغىچە كۆرۈلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يېزىش مۇمكىن بولمىدى.

## قاقىللا

(قاقىلە ئۇسۇملۇكى)

ئۇ قىبتىچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «قەلامى كىرمان»، «فەلاھ»، «رىجلۇل فۇرۇج»، پارسچە «كاكىل»، «كاسىر»، «شابانەك»، پارسچە ۋە تۈركچە «شورە»، يۇنانچە «مەروسىيمۇن»، رىمچە «ئاۋەردقىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ ئۆشنان ۋە ھۇرف ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق ۋە يېشىلراق بولىدۇ. ھۆللۈكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك، تۇزلۇق ۋە توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ. ئاچچىقلىقى ۋە قابىزلىقى ئازراق بولىدۇ، ئەتىيازدا تېرىلىدۇ. قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە پىشىدۇ. كىشىلەر ئۇنى قېتىق ۋە سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىشىدۇ. تۆگە ئۇنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شورلۇق يەرلەر ۋە خارابىلىكلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. بەغدادىي بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇش پۇراق كېكىرتىدۇ، ئاشقازاندىكى تائامنى

سىڭدۈرىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئازدۇر. توغرىغۇلۇق خۇسۇسىيەتكە ۋە شىلىمشىقلىققا ئىگىدۇر، شۇڭا ئۇچۇن قورساقتىكى نەرسىلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىقىلغان سۈيى زەرداب سۈنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن 30 ~ 200 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ قورۇق ئۈزۈم چىلانىا سۈيى ۋە قارا شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان تۇۋەنلەش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، بەل، ئۇچا، يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا تەپ بولمىغان ئەھۋالدا پايدا قىلىدۇ. شىلىمشىقلىقىدىن ئاشقازاندا پىسپى قالىدۇ. سىقىلغان سۈيىنى قايناتماي ئىچىش لازىم، بولمىسا قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ سۈيىدىن 400 مىللىلىتىر ئېلىپ 30 گىرام قارا شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلسا كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەيش بىن ھەسەن قارا شېكەر، يۆگىمەچئوت ۋە شاھتەررە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، دېگەن.

**سۈيىدۈك ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** (كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا نەپەس ئەزا كېسەللىكلىرى دەپ يېزىلىپ قالغان — تەرجىماندىن) ھۆلى ئىستېمال قىلىنسا سۈيىدۈك ھەيدەيدۇ، سۈت كەلتۈرىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. سوزاپىقا ئوخشاش قۇرۇتىدۇ، قىزىتىدۇ، مەنىينى كېسىدۇ. كاھۇ ۋە كافۇرغا ئوخشاش كۈچلۈك سوۋۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى زەرداب سۈنى سۈرۈش جەھەتتە كۈچلۈكرەكتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تەسىرى ئەپتىمۇننىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، سىقىلغان سۈيىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىنىپ 30 گىرام قارا شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېھتىمال ئۇ «ر» (رائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنغان رودۋەنتى دەپ ئاتالغان ئۆسۈملۈك بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدۇ.

## قاقۇم
(ئاق ئاغمىخان)

**ماھىيتى ۋە تەبىئتى:** ئۇ قامىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن ئىبارەت. سوغۇقراق ۋە ھۆلرەك بولىدۇ. تېرىسى فەنەك (سالپاڭقۇلاق تۈلكە) تېرىسىگە ئوخشايدۇ، قامىدىن قىممەتلىكرەك بولىدۇ. ئىسسىقلىقى بۇلغۇن تېرىسىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. مۆتىدىل بەدەنلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تېرىسى قاما تېرىسىدىن ئىسسىقراق بولۇپ، پادىشاھلار ۋە سۇلتانلار ئۇنىڭدىن كىيىم كىيىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مۇشۇكتىن كىچىكرەك، چاشقاندىن چوڭراق بىر خىل ھايۋاننىڭ تېرىسى ئىكەن. قۇيرۇقى قىسقا، رەڭگى ئاق، بېشى بىلەن قۇيرۇقى قارا بولىدىكەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** فەنەك (سالپاڭقۇلاق تۈلكە)گە ئوخشايدۇ.

## قانسە
(قۇش تاشلىقى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە «شەئرسىمۇن»، رىمچە «كەبلىيان»، پارسچە «سەنگدان» (تاشلىق)، ھىندىچە «پەتتەرى» (تاشلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى «چىنە دان» (پوكان) دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى «چىنە دان» ئەرەبچە «ھەۋسەلە» (خورجۇن) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قۇشلار ئۇچۇن ئاشقازاننىڭ ئورنىدىدۇر. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇچەينىڭ ئورنىدا ئىكەن، ئەمما دەسلەپكى قاراش توغرىدۇر. ھەممىنىڭ ياخشىسى سېمىز، ياش غاز تاشلىقىدۇر. بەزىلەر ئۆردەك تاشلىقى ياخشى دېگەن. ئۇنىڭدىن قالسا سېمىز توخۇ تاشلىقى ياخشىدۇر. تاشلىقى ئېلىنىدىغان ھەرقانداق قۇش چوقۇم ياش بولۇشى لازىم.

**تەبىئىتى:** قۇشنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئومۇمەن شۇ قۇشنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئوزۇقلۇقى كۆپ بولىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. سېمىز توخۇ تاشلىقى جىگىرى ئاجىز كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ياخشى ھەزىم بولسا ئۇنىڭدىن ياخشى قان ھاسىل بولىدۇ. ئەمما قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەيلىرى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. تۈزىتىش ئۇچۇن پەيلىرىنى ئايرىۋېتىپ ياخشى پىشۇرۇپ، سىركە، مۇرى ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىش لازىم.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى سېرىق پوستى، بولۇپمۇ خورازنىڭ تاشلىقىنىڭ پوستىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. تاشلىقنىڭ ئىچكى سېرىق پوستىنىڭ ئورۇق قۇشتىن ئېلىنغىنى سېمىز قۇشتىن ئېلىنغىنىدىن ياخشىراق ۋە كۈچلۈكرەكتۇر. بۇ جەھەتتە دوغداقدۇشنىڭ تاشلىقىنىڭ ئىچكى سېرىق پوستى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، مۈگگۈز پەردىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

## قاۋەند

**ماھىيىتى:** ئۇ نامەلۇم دورىلاردىندۇر. يەنى ئۇ مەنبەسى نامەلۇم دورىلاردىن بولۇپ، ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات مەنبەلىك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر ئۆسۈملۈك مەنبەلىك

دىسە، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ھايۋانات مەنبەلىك دورا دەپ بىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، تۈرك شەھەرلىرىدە بىر خىل قۇش بار بولۇپ، «قاۋەند» دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ يېغى بولۇپ، «شەھمى قاۋەند» (قاۋەند يېغى) دەپ ئاتىلىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ يېغى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى قاما يېغى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر بۇغا پاقالچىقى يىلىكى دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى بىر خىل بېلىق يېغى دەيدۇ. يەنە ئۇنى بىر خىل تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان ماددا دەيدۇ. ئۇ توغرىسىدا يەنە كۆپلىگەن سۆزلەر ئېيتىلغان. مەسىلەن: ئۇ بىر خىل ياغنىڭ ئىسمى بولۇپ، رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئۇيىغان ياغقا ئوخشايدىغان بولۇپ، ھەبەشىستان ۋە يەمەن، ھىندىستان ئەتراپلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، «شەھمى قاۋەندى» (قاۋەندى يېغى) دېيىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش. نۆۋۋاب مۇئتەمەدۇل مۇلۇك سەييىد ئەلۋىخان ھەزرەتلىرى: «يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسسىزدۇر، بەلكى ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ يېغىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ ‹گەنگا› دەپمۇ ئاتىلىدىغان ‹گەنگ› دەرياسى بويىغا جايلاشقان كەمايۇن تېغىدا ئۆسىدۇ. بۇ تاغ خىتاي بىلەن چىنىغچە سوزۇلىدۇ. مەزكۇر مېۋە بادام چوڭلۇقىدا، ئۆچكە بۆرىكى شەكلىدە بولۇپ، مېغىزى سالايە قىلىنىپ سۇ بىلەن قاينىتىلىپ كۆپۈكى چىقىرىلىپ، بۇ كۆپۈك سۇيى تۆگەپ ساپ يېغى قالغۇچە قاينىتىلىپ، كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن مال يېغىغا ئوخشاش قاتىدۇ، ھىندىستان ئاۋام - خەلقى ئارىسىدا ‹شەھمى شەجەرى› (دەرەخ يېغى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بەزىدە مەزكۇر مېغىزغا ئاق يەسمەن گۈلى، قوش گۈللۈك يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بادام مېغىزىغا بىنەپشە گۈلى ياكى قىزىلگۈل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياغ تارتىلغاندەك ياغ تارتىلىپ، سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان يېرىقنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇقتا مايىل ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچى، باھنى قۇزغاتقۇچىدۇر. 3 ~ 10 گىرامغىچە ئېلىپ، لوئابلار ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، پەي - نېرۋىلار ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار، ئۇچا، بەل، يانپاش، تىز ۋە باشقىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ماددىسىز باھ ئاجىزلىقىغا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

# پەسل: «ق» (قاف) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەبەج
(كەكلىك)

ئۇ پارسچە «كەبەك» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ ئەرەبچە ئەمەستۇر، چۈنكى ئەرەب تىلىدا مۇشۇ سۆزدىن باشقا سۆزلەردە «ق» ھەرپى بىلەن «ب» ھەرپى بىر يەردە كەلمەيدۇ. ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «ئاتەش خورە» دەپ ئاتايدۇ. ئەرەبچە «ھەجەل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «قەبەجە» بولۇپ، ئەركەك ـ چىشىغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. تۈركچە «كەكلىك»، ھىندىچە «چەكۇر»، سۇرىيانچە «چەغلا»، يۇنانچە «ساغىيۇرا»، رىمچە «بەزدىيق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، كەپتەر ۋە كىچىك توخۇ چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ئۈستىدە چىغ توخۇسىغا ئوخشاش ئاق، قارا چېكىتلىرى بولىدۇ. بېشى يۇمىلاق، ئاق، قارا سىزىقلىق، بەزىلىرىگە قىزىل رەڭ ئارىلاشقان بولىدۇ. قانىتىنىڭ چۆرىسىدە قارا، ئاق سىزىقلار بولىدۇ. تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى قىزىل بولىدۇ. مېكىيىنى 15 تۇخۇم قويىدۇ، تۇخۇمىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. خورىزى توخۇنىڭ خورىزىغا ئوخشاش جۇپلەشكەك كېلىدۇ، ئۇ مېكىيىنىنىڭ تۇخۇم بېسىش ۋە چۈجە ئاجرىتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىگە قارىماي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇخۇمىنى چېقىۋېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مېكىيىنى تۇخۇملىرىنى قوغداش ئۈچۈن تۇخۇملىرىنىڭ ئەتىراپىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خورازلىرى مېكىيانىنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئاخىرىدا بىرى مېكىيانغا ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن جۈپلىشىدۇ. كەكلىك ئاۋازىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى شۇكى، خورىزى ناھايىتى كۈنلەمچى كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا مېكىيىنى خورىزىنىڭ پۇرىقىدىن سەسكىنىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، ئۇ ئۇۋۇچىنى كۆرسە قوغدىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى قار ئاستىغا يوشۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوۋچى ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. 15 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، ناخشا ـ مۇزىكىنى ئاڭلىسا خۇشال بولىدۇ. ناخشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ ھاللاردا ئۇۋىسىدىن چۈشىدۇ. ئۇ سوغۇق يەرلەر ۋە قارلىق تاغلاردا ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقتۇر.

بەزىلەر مۆتىدىل دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى گۆشلەرنىڭ ئەڭ ئۇچۇرچىنى بولۇپ، ئوزۇقلۇقى كۆپتۇر، ئاسان ھەزىم بولىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ.

باشتىكى ئەزالار، كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پالەج، لەقۋا، مېڭە، كۆكرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، ئىستىسقا، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، ئىسسىق ھاۋا ۋە ئىسسىق شەھەرلەردە ياشىغۇچىلارغا زىيان قىلىدۇ. ساپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باشنى ئاغرىتىدۇ، بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ گۆشى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن بوغۇزلاپ قىشتا ئىككى كېچە، يازدا بىر كېچە تۇرغۇزۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزى مىزاجلىق كىشىلەر ئىستېمال قىلسا تەستە ھەزىم بولىدۇ.

ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بەش گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن، شۇنداقلا 5.2 گىرام سەندەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ جىگىرىدىن 5.2 گىرام ئېلىپ ئىسسىق ھالەتتە يۇتسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۆتى كۆزگە سۈركىسە كۆزدە ئۆسۈپ قالغا پەردىنى يوقىتىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى تاتلىق زەيتۇن يېغى بىلەن كۆزنىڭ سىرتىغا زىمات قىلىنسا كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى سۇنى يوقىتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى مەرۋايىت ۋە ئىپار بىلەن سالايە قىلىنىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى، كۆزگە تىرناقچە گۆش، پەردە ئۆسۈپ قېلىش، كۆز تورلىشىش، كۆز ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ. ئۇ ئايدا بىر قېتىم بۇرۇنغا تېمىتىلسا زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ. كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. قۇرۇتۇلغان قېنى باراۋەر مىقداردىكى ئاق شېشە (كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا)، پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ كۆزگە سۈرۈلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، قاپاق قوتۇرىغا شىپا بولىدۇ. تۇخۇمى ئەنسىل سىركىسى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. سىركىدىن باشقا نەرسە بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا تىلنى پاساھەتلىك قىلىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. كۈندۈر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ. قانىتىنىڭ كۈلى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مايىقىنى سۈركىسە داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ.

# پەسل: «ق» (قاف) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەتاد

(كەتىرا دەرىخى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «شەجەرەتۇل قۇدس» (قۇدۇس دەرىخى)، «مىسۋاكۇل قەياد»، «مىسۋاكۇل مەسسىيىيە»، پارسچە «گون»، «نەۋارىس» دەپ ئاتىلىدۇ. «قەبىيج» ئۇنىڭ بىر تۈرىدۇر. توغرىسى شۇكى، ئۇ پارسچە «كوم»، شىرازچە «بالىشى ئاشىقان» (ئاشىقلار تەكىيسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ناھايىتى تىكەنلىك بولىدۇ. تىكەنلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ، يۇپۇرماقلىرىنى ئۇزۇش مەقسەت قىلىنسا ئۇنىڭ بىلەن ئىلىپ ئالغىلى بولىدۇ. خۇددى باشقا دەرەخلەرنىڭ تىكەنلىرىگە ئوخشاش قولنى يارىلاندۇرىدۇ، غولىدا تىكىنى بولمايدۇ. خۇددى قومۇشقا ئوخشايدۇ. تۆگە يامغۇر ئاز ياغقان ۋە يېشىللىق ئاز بولغان يىللاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنى يېمەيدۇ. چارۋىلار ئۇنى ئوتلاپ يېسە سەمرىيدۇ، گۈلى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭدا قىزىل پارچىلار بولىدۇ، مېۋىسى گۈلىدىن چىقىدۇ، رەڭگى خورما ئۇرۇقى رەڭگىدە بولىدۇ، يېلىمى كەتىرادۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى ھۆل ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇيى ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەس، ئۆپكە يارىسىغا داۋا بولىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەھەق ۋە تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. يىلتىزى مايلىق بولۇپ، يېگىسى مەشئەلدەك ياغسىز يانىدۇ.

# پەسل: «ق» (قاف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قىسسائ

(سەي قاپىقى)

ئۇ پارسچە «خيارزە»، يۇنانچە «قەمىيوتەمشۇر»، سۇريانچە «بوسىينى»، رىمچە «قوميا»، ھىندچە «كەكرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ئۆسۈملۈكى تەرخەمەك ۋە بارتەڭ ئۆسۈملۈكلىرىگە ئوخشاش پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىندۇر، ئۆسۈملۈكىنىڭ شەكلىمۇ ئۇلارنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سىلىقراق، سەل كىچىكرەك بولىدۇ. مېۋىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ، ئۇزۇنچاق، گۆشلۈك، ئۇرۇقى ئاز بولۇپ، باھار پەسلىنىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ئۇ «خىيارزە گازرۇنى» (گازرۇندىن چىققىنى)دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، گۆشى چۇرۇكرەك، ئۇرۇقى كۆپرەك بولۇپ، يازنىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ئۇ «خىيارەئى نىشاپۇرى» (نىشاپۇر سەي قاپىقى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىرىنچىسىگە قارىغاندا تاتلىقراق، چۇرۇكرەك بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ بەزى ئۇرۇقلىرى ئاچچىق بولىدۇ. ھەر ئىككىسى، بولۇپمۇ ئىككىنچى تۈرى پىشقاندىن كېيىن چۇچۇمەل بولۇپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياخشىسى گازرۇندىن چىققىنىنىڭ چۇرۇك، ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە، سىلىق بولغىنى ئىكەن. نىشاپۇردىن چىققىنىنىڭ سىزىقلىق، يىرىك بولغانلىرى ئەڭ ناچار ئىكەن. ئۇرۇقى تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن ياخشىراق، بارتەڭ تەرخەمىكى ئۇرۇقىدىن نازۇكراق، ئۇنىڭدىن تېزرەك ھەزىم بولىدۇ.

مەۋلانا نەفىس كېرمانى «قىسسائى» (سەي قاپىقى) تەرخەمەكتۇر، ئۇ قوغۇننىڭ تېخى پىشمىغان سويمىسىدىن ئىبارەت دەيدۇ، ئەمما بۇ سۆز ئاز ئۇچرايدىغان سۆزدۇر. شىراز خەلقىنىڭ قارىشىدا ئۇ «خىيارزە» دېگەن سۆز بىلەن ئەمەس، «كەم بۇزە»، «ھوكەر»، «كەركو» دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇردۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل سوغۇق، مېغىزى گۆشىگە قارىغاندا ھۆلرەك ۋە ئۇچۇچانراقتۇر. چۇچۇملى ھۆل سوغۇقراق بولۇپ، بەدەندىكى غالىب خىلىتقا تېز ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاسان بۇزۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** «كافى» دېگەن كىتابتا ھەزرىتى ئەبى ئابدۇللا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ زات «تەرخەمەكنى تۇز بىلەن يەڭلار» دەپ بۇيرۇغان. يەنە بىر ھەدىستە كېلىشىچە، ھەزرىتى ئەبى ئابدۇللا ئەلەيھىسسالام «سەي قاپىقىنى تۆۋەن تەرىپىدىن يەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ بەرىكىتى چوڭراقتۇر» دېگەن.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: جۇلا بەرگۈچى، ئۇسسۇزلۇق، ھارارەت، سەپرا، كۆيۈشۈش، جىگەر ھارارىتى ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پىشقىنىنىڭ مېغىزى مىزاجى ئىسسىق ئاشقازان، زەكەر، دوۋساق ئاغرىقلىرىغا ياخشىراقتۇر. ئەمما تەسرەك ھەزىم بولىدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بولۇپمۇ بۆرەك، دوۋساق تاشلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئاچچىق مېغىزىنىڭ مەزكۇر تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ تازىلاش تەسىرى چۇچۇملىنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەك، چۇچۇملىنىڭ ئۇرۇقى تاتلىقىنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. يىلتىزىدىن مۇۋاپىق

مىقداردا ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيۈق بەلغەم خىلىتىنى قەي ئارقىلىق چىقىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قورساقنى ئېسىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ناچار كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ، تېز بۇزۇلىدۇ، كونا، قىيىن تەپلەرنى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن تۇز، نانخا، قۇرۇق ئۈزۈم، ئارپىبەديان بىلەن ئىستېمال قىلىش ۋە ئاقلاپ ئىستېمال قىلىشتۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تومۇرلاردىكى شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلىغۇچى بولۇپ، گۆشىدىن كۈچلۈكرەك، بارتەڭ تەرخەمىكى ئۇرۇقى ۋە تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن ئاجىزراقتۇر. تىنچ ماددىلارنى قوزغاتقۇچى يەڭگىل قۇۋۋىتى بار.

پوستى بىلەن گۆشى يەل، قۇلۇنجى، بەل ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان خىلىت بۇزۇلۇشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ تەسىرلىرى بارتەڭ تەرخەمىكىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىشى ئۇد ۋە يۇقىرىدىكى نەرسىلەردۇر.

يوپۇرمىقى غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، بەلغەمدىن بولغان ئۆسمىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان تىلما كېسەلگە، قۇرۇتۇلغىنى سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

# قىسسائۇل ھىمار
## (ئاغىچپىيۇغۇچ)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «مەشەتۇز زىئب» (بۆرە تارغىقى)، «ساب» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «خىيارزەئى ئىسپەند»، «خىيارى خەر» (ئېشەك تەرخەمىكى)، «سەماھەڭ»، «كەربۇز»، يۇنانچە «شەقۇشىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ھىندىستاندىن چىقىدىغان «كەرىيلا» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋە دەپ ئويلىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئاغىچا «كەرىيلا»نىڭ ئەكسىچە سۈرگۈچى دورىلاردىندۇر. بەزىلەر ئۇ ھىندىچە «كەرمى»، «كەچرى تەلخ» دەپ ئاتىلىدۇ دەيدۇ، ئېھتىمال ئۇ «كەندورى» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا ئاچچىق پەلۇل مېۋىسى بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى سەي قاپىقى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن، يوپۇرمىقى تۈكلۈك، يىرىك بولىدىكەن، مېۋىسى بەللۇت مېۋىسىگە ئوخشاش ئۇزۇنچاق بولىدىكەن. يىلتىزى چوڭ، ئاق بولىدىكەن. خارابىلىكلەر، قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدىكەن. مېۋىسىنىڭ تەمى ئاچچىق، پۇرىقى

بەتبۇي بولىدىكەن. كونىرىغانلىرىنىڭ بەزىلىرى سىزىقلىق، بەزىلىرى سىلىق بولىدىكەن. بەغدادىي ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر دانە غولى بولىدۇ، تىك ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يەرلىك سەي قاپىقى ئۆسۈملۈكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كۆچلۈكى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى مېۋىسىنىڭ سۈيىدۇر، دېگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى ئىشلىتىلىدىكەن، ئەمما توغرىسى شۇكى، مېۋىسىنىڭ ئۇسارىسى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يۇنانچە «ئەترىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قارىغا مايىل يېشىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىكەنسىز بولىدىكەن، گۈلى ئاق، مېۋىسى بەللۇتتىن ئۇزۇنچاقراق، يېشىل بولىدىكەن، مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن سېرىق، ناھايىتى ئاچچىق بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئەلقەم» دەپ ئاتىلىدىكەن، چۈنكى ئەرەبلەر ھەرقانداق ئاچچىق نەرسىنى «ئەلقەم» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ياخشىسى مېۋىسىنىڭ سارغىيىپ تولۇق پىشقان، سەي قاپىقىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق، ناھايىتى ئاچچىق بولغان ۋە ئۆزىدىن باشقىمۇ مېۋە چۈشكەنلىرىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىدە مېۋە قانچە كۆپ چۈشكەن بولسا شۇنچە ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى ئاق، سىلىق، يېنىك بولۇپ، چىراغقا تۇتسا ئوت ئالىدىغان، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتمىگەن، بىر تالدىن ئارتۇق مېۋە چۈشكەن، مېۋىسى كەم بولۇپ قالمىغان، قۇرۇمىغان ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنغان، قول تېگىپ بولغۇچە ئۆزى ئاجراپ چۈشىدىغان يېگى، سۇلۇق مېۋىدىن كېسىپ، ئېزىپ، سىقىپ ئەلگەككە سۈرۈپ پىسەپلىرىنى ئەلگەكتە قالدۇرۇپ، سۈيىنى تېگىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۆتكەن سۇغا مۇۋاپىق مىقداردا تاتلىق سۇ قوشۇپ دۇغى تېگىگە ئولتۇرغۇچە تۇرغۇزۇپ، ئۈستىدىكى سۈيۈق، ساپ سۈيىنى ئايرىپ، ئۇنىڭغا يەنە مۇۋاپىق مىقداردا ساپ تاتلىق سۇ قوشۇپ، يەنە دۇغ قىسمى تېگىگە ئولتۇرغۇچە تۇرغۇزۇپ ئۈستىدىكى ساپ، سۈزۈك سۈيى يەنە ئايرىۋېلىپ، شۇ يوسۇندا بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئايرىلغان مەزكۇر دۇغلىرى ۋە لاي قىسمىنى جەملەپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ياخشى سوقۇپ، باراۋەر مىقداردىكى ئەرەب يېلىمى، يېرىم ھەسسە نىشاستە ياكى گىل ئەرمىنى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرسلار ياساپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغىنىدۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ مېۋىسى يازنىڭ ئاخىرىدا سارغىيىپ پىشقاندا ئۈزۈپ ئېلىپ، پاكىز رەخت بىلەن سۈرۈپ ساپ سۈيى چىقىرىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە دۇغى ئايرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق چىگە رەخت ئۈستىگە يېيىپ سۇ قىسمى سۈمۈرتۈلگەندىن كېيىن، سالايە قىلىپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە ساقلىنىدىكەن. ئۇ باشقا بىر قانچە نەرسىلەر بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە پەرقلەندۈرۈش تەس بولىدۇ. پەرقى شۇكى، ساختىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالاھىدىلىكلەر

تېپىلمايدۇ. ناھايىتى ئاق ياكى كۆدە سۇيى رەڭلىك، يىرىك، ئېغىر بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، مېڭىنى تازىلىغۇچى، سەپرا، خام بەلغەم ۋە زەرداب سۇنى سۈرگۈچى بولۇپ، پالەچ، لەقۋا، تۇتقاق كېسەل، تىتانۇس، باش ئاغرىقى، باشنىڭ چەمبەرسىمان ئاغرىشى، باشنىڭ تۇخۇمسىمان ئاغرىشى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، قويۇق يەل تۇرۇپ قېلىش، ئىستىسقا، قارا يەرقان، بوۋاسىر، بۆرەك، دوۋسۇندا تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسى، يوپۇرمىقى، يىلتىزىنىڭ ھەممىسى جۇلا بەرگۈچى، تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. پوستىنىڭ قۇرۇتۇشى يوپۇرمىقىنىڭ قۇرۇتۇشىدىن ئارتۇقراق، ئۇسارىسى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى زىيادىراقتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسى قىز تۇغقان ئايالLARنىڭ سۈتى بىلەن ئېرىتىلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا باش يېرىمىنىڭ قاتتىق ئاغرىشى، پۈتۈن باش ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان كونا ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ، ئەمما بەدەن تولۇق تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە لەقۋا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، تىتانۇس، تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. سۈت بىلەن ئېرىتىلىپ دىماققا سۈركەلسە مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىدۇ، پۈتۈن باش ئاغرىقى ۋە چەمبەرسىمان باش ئاغرىقى ۋە سوزۇلما باش ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ يېپچىلىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىغا قارىغاندا ھۆللۈكلەرنى بەكرەك قۇرۇتىدۇ. قۇلاق ئارقىسىغا زىمات قىلىنسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن قايىنتىپ زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇسارىسى قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇسارىسىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا قويۇپ ئىسسىتىپ قۇلاققا بىر قانچە تامچە تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، غۇڭۇلدىشى، گۈركىرىشى، يەل ۋە قويۇق ماددىلاردىن بولغان ئېغىرلىقىغا داۋا بولىدۇ. يالغۇز ھالدا ئىسسىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇسارىسى ھەسەل، زەيتۇن يېغى ۋە كالا ئۆتى بىلەن سۈرۈلسە كېكىردەك ئىششىقى ۋە بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

**نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئۇسارىسى ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە تاڭلايغا سۈرۈلسە بەلغەمدىن بولغان بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ، گالنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىچ

سۇرۇشنى توختىتىدۇ. ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسا نەپەسلىنىشنىڭ يامانلىشىشىغا ناھايىتى ياخشى شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىقىلغان سۈيىدىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا سۇئۇلقۇنىيە، ئىستىسقا، قارا يەرقانغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ، زىيانسىزدۇر. يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا ياكى قايناتمىسىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ ئىككى ھەسسە شاراب بىلەن ئىچسە ياكى ئۇنىڭدىن ھەر ئۈچ كۈندە بەش گىرام ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەم ۋە سەپرانى قەي بىلەن چىقىرىدۇ، خام بەلغەم، سەپرا ۋە زەرداب سۈنى ئاشقازانغا زىيان يەتكۈزمەي ئاسانلىق بىلەن سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ ئىستىسقا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ پوستىدىن ھەر كۈنى ئىككى گىرام ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئۇسارىسى ئىككى ھەسسە تۇز، ئاز مىقداردىكى سۈرمە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كۈرسىنە پۈرچىقى چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ سۇ بىلەن يۇتسا ئىچنى ياخشى سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ سۇ بىلەن ئېرىتىپ توخۇ پېيىغا يۇقتۇرۇپ تىل تۈۋى ۋە ئۇنىڭ چۆرىلىرىگە سۈركەلسە قۇستۇرىدۇ، تېزرەك قۇستۇرۇش مەقسەت قىلىنسا زەيتۇن يېغى ۋە سەۋسەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. زىيادە قۇستۇرسا شارابقا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچۈرۈلىدۇ. پايدىسى بولمىسا ئارپا تالقىنى سوغۇق سۇ بىلەن ياكى سىركە سوغۇق سۇ بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ ياكى سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ بېشىغا سوغۇق سۇ تۆكۈلىدۇ، پۇت ـ قوللىرى ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ، ئوتلۇق لوڭقا تىلماي قويۇلىدۇ، توختاتقۇچى ۋە قەبىنى باسقۇچى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى سالايە قىلىنىپ 200 گىرامى 400 مىللىلىتىر شارابقا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۈنىگە 30 گىرامدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇسارىسى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئېرىتىلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى ئۈزۈم شىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىنسا سۇلۇق ئىششىققا شىپا بولىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. سوقۇلۇپ سۈيى چىقىرىپ كىندىكنىڭ ئاستىغا ئىلمان ھالەتتە سۈركەلسە مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاشقازانغا سۈرۈلسە قۇستۇرىدۇ، ئۈرۈقدانغا سۈركەلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭغا يىغىلغان سۈنى تارقىتىدۇ.

**ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار:** يىلتىزىنى قاينىتىپ ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قاپلىق يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، بولۇپمۇ بەتەم دەرىخى يېلىمى بىلەن زىمات قىلىنسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇسارىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان بارلىق ئاغرىقلار، پۇت - قول ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ سىرىمسىزلىنىشىغا شىپا بولىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ھوقنە قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركە، شاراب ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن قايىنتىپ زىمات قىلىنسا ئۇچا ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلى زىمات قىلىنسا بوغۇملارنىڭ كونا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنتىلغىنى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**يارىلار ۋە جاراھەتلەرگە بولغان تەسىرى:** قۇرۇقى سېپىلسە يارىلاشقان قوتۇر ۋە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل، سىركە ياكى شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا يارىلاشقان قوتۇر، سۆگەللەر، كالا تەمرەتكىسى، بەھەقكە شىپا بولىدۇ، يۈز ۋە بەدەننىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى قارا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقى، يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى داۋاملىق ئىچىلسە جوزامغا شىپا بولىدۇ. ئاغچا مېۋىسى سۈيى كۆنجۈت ياكى زىغىر يېغى بىلەن تاكى سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قايىنتىپ بوۋاسىرغا سۈرۈلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىشقان ھۆل مېۋىسىنى ئۇششاق توغراپ ياكى سۇ چىقىرىپ ئىككى ھەسسە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە مۇۋاپىق قاچىغا قاچىلاپ ئېغىزى مەھكەم ئېتىپ قىزىق ئاپتاپتا 40 كۈنگىچە تۇرغۇزۇپ ياكى چوغ ئۈستىدە ھۆللۈكى قۇرۇغۇچە قويۇپ بەدەنگە سۈركەلسە سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، يۈزگە چىقىدىغان يېپىسمۇق شەكىللىك مۇدۇرنى يوقىتىدۇ، كونا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرامغىچە، يىلتىزىدىن ئالتە گىرامغىچە، قايناتمىسىدىن 90 گىرامغىچە، ئۇرۇقى بىلەن گۈلىدىن ئارپا ئۇنى ۋە كەتىرا بىلەن بىرلىكتە ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يېغىدىن ھوقنىلەردە ئۈچ گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە بەدىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، كۆڭلۈك قۇستۇرىدۇ ۋە ئۈچەينى زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىيادە قۇستۇرۇشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن مەزكۇر نەرسىلەر ۋە مۇناسىپ ياغلار قوشۇلغان لوئابلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇسارىسى يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۈچەينى زەخىملەيدۇ، بەلكى تۈزەتكۈچىلىرى ۋە تەسىرىگە ياردەم بەرگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كەلگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىسى سەبرە، قىلىن قەنتەرىيۇن، سۆرۈنجان، بوزىدان، كەمافىيتۇس، قۇستە، مۇر مەككى، زەپەر، سۇمبۇل تىب، دارچىن، سەلىخە، يۇملاق زىراۋەندە، رۇمبەدىيان، تاغ كەرەپشە ئۇرۇقى، يەرلىك كەرەپشە ئۇرۇقى، جاۋشىر، سەكبىنەج،

مۇقەل، تۇربۇت، نەمەك ھىندى، ھەببى بىلسان، مائۇلھەسەل، ئۈزۈم شىرىسى، ھەر خىل يېلىملار، ياغلاردۇر. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ يېرىم گىرامى باراۋەر مىقداردىكى ئەرەب يېلىمى ۋە يېرىم ھەسسە گىل ئەرمىنى، نىشاستە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى سوقمۇنىيا، شەھمەنرەلگە ئوخشاش ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. سەمغى نۇر ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى پەسەيتىدۇ ۋە يوقىتىدۇ.

## قەسەد
(بادرەڭ تەرخەمىكى)

ئۇ يېيىلىدىغان تەرخەمەكنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر، شىرازچە «خىيارى دەراز» (ئۇزۇن تەرخەمەك)، «خىيارى بالەڭ» (بالەڭ تەرخەمىكى)، خۇراسانچە «خىيارى بادرەڭ» (بادرەڭ تەرخەمىكى)، ھىندىچە «كېھىرا»، فىرانسۇزچە «كوكۇابەرسەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر قاتارىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ، يەرگە يېيىلىپمۇ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، چىشلىق بولۇپ، سەي قاپىقىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، تۈكلۈك بولىدۇ. يېڭى چىققان يۇمران شاخلىرىمۇ تۈكلۈك بولىدۇ. مېۋىسى بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئاق، نازۇك، ئۇزۇنچاق بولۇپ، «مىسرىي» (مىسىرىدىن چىقىدىغىنى) ۋە شامىي (شامدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى بەزى يەرلەردە بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىچە، گۆشى كۆپ، ئۇرۇقى ئاز، ئوششاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى يېشىل، سىزىقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۇزۇنچاق، كىچىك، چۈرۈك، ئۇچۇچانلىرى بار بولۇپ، «شامىي» (شامدىن چىقىدىغىنى) ۋە «مىسرىي» (مىسىردىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، قاتتىق، يۇملاقىقا مايىل، گۆشلۈك، ئۇرۇقى كۆپرەك، يۇقىرىدىكىسىدىن چوڭراق بولغان تۈرى «بەلەدىي» (شەھەردە ئۆسكىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بولىدىغان بولۇپ، مېۋىسى كۆپ ھاللاردا يۇملاق، بەزىسى سەل سوزۇنچاق، پوستى يىرىك، گۆشى ئاز، ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ. يېڭى ئۆسكەنلىرى نازۇك، پىشقانلىرى قاتتىق، ئۇرۇقى چوڭ بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «لوتىن كېھىرا» دەپ ئاتىلىدۇ. قىش پەسلى ھەم ياز پەسلىدە يېتىشىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرى پەقەت ياز پەسلىدە يېتىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تاتلىق، بەزىسى سەل ئاچچىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تۈرى سەي قاپىقىغا قارىغاندا قوپالراق بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، گۆشى چۈچۈمەل، قاتتىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ قاتتىق گۆشىنى قاپاققا ئوخشاش پىشۇرۇپ يەيدۇ. ئۇ قاپاققا قارىغاندا قوپالراق بولۇپ، تەسرەك ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى بەكرەك ئېسىدۇ. بادرەڭ تەرخەمىكىنىڭ ياخشىسى

كىچىك، چوڭ بولغانلىرى، ناچارلىرى چوڭ-كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، قاتتىق، قۇرۇتۇلغانلىرى بولۇپ، ئاۋام - خەلق ئۇنى پارسچە «شەفتە زەدە»، «شەفتە دار» دەپ ئاتايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال ياكى زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. پارچىلاپ توغراپ سۇغا چىلاپ پۇرىسىمۇ باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، نەفسانىي ۋە ھايۋانىي روھلارنى جانلاندۇرىدۇ، مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇيقۇسىزلىققا داۋا بولىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ۋە باشقا كېسەللىكلەر: ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى، سەپرا، قاننىڭ ھارارىتى، ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئىچىنىڭ زىيادە سۈرۈشىدىن بولغان ئاجىزلىقنى توختىتىدۇ. سۈيىدىن 200 مىللىگىرام ئېلىپ 30 گىرام ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى سەپرا ماددىسى، كۆيگەن سەپرا، سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى سۈرىدۇ، ئۆتكۈر تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. سارغىيىپ پىشقان چوچەل بادرەڭ تەرخەمەكنىڭ ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى ئۇنىڭ پىشمىغىنىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ سۈيىگە ئاز مىقداردا قەلەمپۇر قوشۇپ بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇپ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنى قەلەمپۇر چىلانمىسىغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قوۋۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىسسىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، بىر كۈندىلا تەسىر قىلىدۇ. قايناتمىسى تۆكۈلسە پىت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەدىستە يېڭى بادرەڭ تەرخەمەكنىڭ پوستىنى سۇغا چىلاپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا پايدا قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. پەي، ئاشقازان ۋە ئۇنىڭ تۈۋىتلىرىگە زىيان قىلىدۇ. غىزانى خېمىغا ياندۇرىدۇ، خام خىلىت پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، غورۇلدىتىدۇ، دوۋساقنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازاندا بۇزۇلسا زەھەرلىك خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇ تائام بىلەن، تائامدىن كېيىن بولۇپمۇ قېتىق ئېشى، غورا ئېشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تەستە ھەزىم بولىدىغان تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۇبىل، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن قۇرۇق ئۈزۈم، نانخا، ھەسەل ۋە كۈمۈنى، پەلاپىلىغا ئوخشاش ئىسسىق مەجۇنلەردۇر.

پىشمىغان تەرخەمەكنىڭ لېشى ئۇنىڭ سىرتقى گۆشىدىن سوغۇقراقتۇر. ئۇنىڭ سىرتقى

گۆشى قورساقنى ئەسكۈچى، تەستە ھەزىم بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ پىشقان چۈچۈملى سوغۇقراق ۋە ھۆلرەك بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھارارەت، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تەسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا كۈچلۈكرەكتۇر، تېز بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ لېشى ۋە ئۇرۇقى زىمات قىلىنسا ئاشقازان ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى تۈگىتىدۇ، ئىسسىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، قوتۇر، تاشما، تىلما كېسەل، بەدەننىڭ قىچىشىشىغا داۋا بولىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىپ يېرىكلىكىنى تۈگىتىدۇ. دوۋساقتا سۇركەلسە سۈيدۈكنىڭ تۇتۇلۇشىغا داۋا بولىدۇ، سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ، بولۇپمۇ باللارنىڭ سۈيدۈكىنى ھەيدەش تەسىرى ياخشىدۇر. ئاچچىقىنىڭ لېشىنىڭ بۇ خىل تەسىرى تاتلىقىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. توغرىغۇ ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ ئىششىق تارقىتىدۇ. لېشى ۋە قۇرۇتۇلغان پوستىدىن 6.5 گىرام ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، باللىنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۇرۇقى سەي قاپىقىنىڭ ئۇرۇقىدىن ھۆل سوغۇقراق، ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولۇپ، ئاسان بۇزۇلمايدۇ، تىنچ ماددىلارنى قوزغاتقۇچى قۇۋۋىتى بار، كۆيگەن سەپرانى سۈيدۈك ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئۆپكە ئاغرىقى، ئۆپكە يارىسى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، جىگەر، تالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ۋە ئىسسىق تەپلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 10~15 گىرامغىچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تال كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بىمارنىڭ سۈيدۈكىدىن ئىككى ھەسسە قوشۇپ شۇ كىشىگە ئىچۈرۈلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بەزىلەر سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئاز مىقداردا ھۆل زەنجىۋىل سۈيىمۇ قوشىدۇ.

پىشىپ سارغايغان تەرخەمەكنىڭ سۈيىگە كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ، سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى قاپاق يېغىنىڭ تەسىرلىرىدىن ئاجىزراقتۇر.

ئۇنىڭ ئارپا خېمىرى بىلەن گىل ھېكمەت مۇنچا ئوچىقى ياكى تونۇرغا كۆمۈپ پىشقاندا سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ ئېلىنغان سۈيى قاپاق سۈيىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىچسە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر، سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەر ۋە جۇدەتكۈچى تەپكە پايدا قىلىدۇ.

يۇمران تەرخەمەكنى پوستى بىلەن ئىستېمال قىلغان ياخشى، چۈنكى پوستى بىلەن يېيىلگىنى پوستى ئاقلانغىنىنىڭ ئەكسىچە ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ ۋە ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇپ بۇزۇلمايدۇ ۋە قورساقنى ئەسمەيدۇ. ئاقلاپ يېيىشنى تەشەببۇس قىلغانلار

خاتالاشقانلاردۇر. ئۇنى سۈت بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىش يامان بولۇپ، سوغۇق مىزاجلىقلاردا پالەچكە سەۋەب بولىدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قەدىيد

(قۇرۇتۇلغان گۆش)

ئۇ ئەسلىدە ئوت، ئاپتاپ ياكى سايىدا قۇرۇتۇلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېقىنى كۆرسىتەتتى، ئەمما يالغۇز ئاتالسا قۇرۇقلۇق ياكى سۇ ھايۋانلىرىنىڭ قۇرۇتۇلغان گۆشىنى كۆرسىتىدۇ، ھىندىچە «سكاھىرا»، «سوكتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى سېمىز، ياش ئەركەك ھايۋاننىڭ مايلىق گۆشىنىڭ قېقىدۇر. بەزىلەرئورۇق - سېمىزلىكى ئوتتۇرا ھال بولغان، ئەركەك، ياش ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىق تەمى بولمىغان قېقى ياخشى دەيدۇ. بەزىلەر مەزكۇر ئاتالغۇ تۇزلانغان گۆش قېقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئاۋام - خەلق ئۇنىڭدىن تۇز سېپىلگەن ياكى سېپىلمىگەن ھەرقانداق گۆشنىڭ قېقىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى قوي، ئۆچكە، بېلىق گۆشى قېقىنىڭ تۇزى نورمال، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى بولمىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** باشقىلىرىدىن قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆپ ئۇسساتمىسا ياكى ئۇسسىتىشى پەسەيتىلگەن بولسا ئەزالارنىڭ سۇسلۇقى، ئىستىسقا، بەلغەمدىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن كۆپ مىقداردا سوغۇق سۇ ئىچسە يامان بولمايدۇ. ئۇ غىزالارنىڭ ئەڭ ناچىرى بولۇپ، سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، داۋاملىق ئىستېمال قىلغۇچىلاردا گەندە مەنبەلىك قولۇنجغا سەۋەب بولىدۇ. قىچىشقاق، قۇرۇق قوتۇر ۋە تاشمىلارنى پەيدا قىلىدۇ. ياۋايى ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ قېقىنى سىركىگە چىلاپ ئۇسسىتىشى تۈزىتىلگەندىن كېيىن سۇدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقاغا باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ يامىنى قورۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر، چۈنكى ئۇ ناھايىتى قۇرۇق بولۇپ ئۇسسىتىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرۇق يۇمغاقسۈت ياكى پالەك، سۇماق ياكى قىزىلچىغا ئوخشاش شىلىمشىق كۆكتاتلاردۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلار بادام يېغى، كۈنجۈت يېغى، سېرىق ماي، يېڭى كالا يېغى بىلەن، سوغۇق مىزاجلىقلار دارچىن، زىرە، رۇمبەدىيان ۋە مەزكۇر ياغلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يامان بولمايدۇ. ئۇسساتسا،

كۆڭۈلنى غەش قىلسا سوغۇق سۇغا سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ، گالنى قۇرۇتسا ۋە ئۇسساتسا سوغۇق سۇغا گۈلاب ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلىدۇ، مايلىق شورپا ئىچىلىدۇ. مايلىق بادام ئېشى ۋە تەرخەمەك لېشى ئىستېمال قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۈزەتكۈچىسى ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تېرىنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ، مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ خىلتلىرىنى بۇزىدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قۇراد
(كانا)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئۇ «قۇرد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۆپلۈك شەكلى «قۇراد» دۇر، «قىردان» دەپمۇ كەلگەن. پارسچە «كەنە»، ھىندىچە «چەچرى»، «كەنا»، «پەكەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىنەكپىتىغا ئوخشايدىغان، چوڭ - كىچىكلىكى شۇنچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولغان كىچىك ھايۋان بولۇپ، ئىت، تۆگىگە ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدە پەيدا بولىدۇ. كۆپرەك ئىتنىڭ قولتىقىنىڭ ئەتراپلىرى، قورسىقىنىڭ ئاستى، تۆگىنىڭ يوتىسىنىڭ يېرىقى قاتارلىق ئورۇنلاردا پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ناھايىتى تەستە ئاجرايدۇ. پۇت - قولى يوق بولۇپ، خۇددى زۇلۇك قۇرتىغا ئوخشاش ئېغىزى ۋە چىشلىرى بىلەن قادىلىپ چاپلىشىپ قان شورايدۇ.

**تەبىئىتى:** چۈشىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىت كانىسىنىڭ قېنى ئارتۇق ياكى تەتۈر ئۈنۈپ قالغان كىرپىك يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركەلسە قايتا ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاپاقتىكى يىڭناسقۇ كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركەلسە ساقايتىدۇ. كىرپىككە سۈركەلسە ئۈنۈشىنى توسىدۇ.

### قەراسىيا
(گىلاس)

ئۇ «س» (سۇۋاد) ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ز» (زۇۋاد) ياكى «س» (سىين) ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپمۇ يېزىلغان. «قاراسىيا» مۇ دېيىلىدۇ، ئۇ رىمچە سۆزدۇر. سەقەلبى خەلقى «چىراسىيا»، ماراكەش، ئەندەلۇس خەلقى «ھەببۇل مۇلۇك» دەپ ئاتايدۇ. دەمەش خەلقىمۇ

«قەراسىيا» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە تاتلىقى «كىيلاس»، چۈچۈملىكى «ئالۇ بۇ ئەلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق «ئالۇ بالۇ»، «ئالۇ بۇ ئەلى»، «ئالى بالى» دەپ ئاتىشىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ شاخلىرى تارقاق، قىزىل بولىدۇ، يوپۇرمىقىمۇ قىزىل بولىدۇ. ئۆرۈك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى، شېخى ۋە مېۋىسى ئۇنىڭدىن كىچىك بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئىنچىكە، ئۇزۇن ساپىقى بىلەن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئىككى دانىسى جۈپ ئۆسىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆپ، قىرتاق بولىدۇ، چالا پىشقىنى قىزىل، چۈچۈمەل بولىدۇ. تولۇق پىشقىنى بىنەپشە رەڭ، ئاچچىق ـ چۈچۈك، بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدە ئاچچىق بولىدۇ. ئۇرۇقچىسى كىچىك بولۇپ، ئوتتۇرا ھال نوقۇت چوڭلۇقىدا كېلىدۇ. پوستى قاتتىق، ئاق، مېغىزىمۇ ئاق بولىدۇ. گىلاسنىڭ دەرىخى ئەينۇلا دەرىخىگە ئوخشايدۇ، پەقەت مېۋىسى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن تاتلىقلىشىدۇ. ئۇرۇقچىسى ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ھەممە جەھەتتە ئەينۇلاغا ئوخشايدۇ، پەقەت مېۋىسى كىچىكرەك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىرتاق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

ھەممىنىڭ ياخشىسى تولۇق پىشقان ۋە سۇلۇق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** خېمى قۇرۇق سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قورۇغۇچى، قىزىرىپ، چۈچۈمەللىشىپ چالا پىشقىنى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇق، تولۇق پىشىپ ئاچچىق ـ چۈچۈك بولغىنى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق، تولۇق پىشىپ شېرىن بولغىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تاتلىقى، يەنى گىلاس ھۆللۈكى ۋە شىلىمشىقلىقى بىلەن ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدىغان بولۇپ، گال ۋە ئۆپكىنىڭ قۇرغاقلىقىغا پايدا قىلىدۇ، خام كېكىرتىدۇ، ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تائامنىڭ ئۈستىگە يېمەسلىك لازىم، چۈنكى ئۇ تەبىئىتى بىلەن بەدەندىكى ھەرقانداق غالىب خىلىتقا ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى قۇۋۋەتلىگۈچى ئىسسىق جاۋارىشلاردۇر. ئىچىنى سۈرىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ چاغدا باھنى قوزغىتىشىمۇ مۇمكىن. قۇرۇقى ئەزالارنى قورۇيدۇ. ئاچچىق ـ چۈچۈكى، يەنى ئەينۇلا ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھارارىتى، قاينىشى، سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئاينىش ۋە قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە مىزاجى ئىسسىق بولغان جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ قورۇغۇچى قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ھۆلىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇرۇقچىسىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ ئۇنىدىن بىرىچىلىك

مىقداردا ئارپىبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ، ھەيزنى تەڭداشسىز ھەيدەيدۇ. ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىنى كونا سىركە بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىنچىكە پىلتە ياساپ زەكەر تۆشۈكىگە قويسا، سۈيدۈك يول يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، يىرىڭ سىيىش ۋە سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ.

ھەر ئىككىسىنىڭ يىلىمى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەسىرلىرى ئەينۇلا يىلىمىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. جۇلا بەرگۈچى، چاپلاشتۇرغۇچى، شىلىمشىق خىلىتلارنى پارچىلىغۇچى بولۇپ، كانايىنىڭ يىرىكلىكىگە شىپا بولىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تاش پارچىلايدۇ. چۈنكى كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى قۇرۇقلۇقتىن بولسا سىلىقلاشتۇرىدۇ، شىلىمشىق بەلغەمدىن بولسا پارچىلايدۇ، بوشىتىدۇ ۋە تازىلايدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىلسە كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، قاپاق قوتۇرىنى ساقايتىدۇ. مەلھەم قىلىنىپ تېرىگە سۈركەلسە تازىلايدۇ.

## قەراتارىغۇيىن
(چۆل بۇغدىيى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر يىلتىزىدىن كۆپلىگەن بوغۇملۇق شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى بۇغداي يوپۇرمىقىغا، ئۇرۇقى سۆككە ئوخشايدۇ، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. سايە، شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ چۆل بۇغدىيى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەر - ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ 75 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەت قىلسا ئايال ئوغۇل بالىغا ھامىلىدار بولىدىكەن.

## قەراتۇن
(ئاددىي مائۇلھەسەل)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاددىي مائۇلھەسەلدىن ئىبارەت. «ئەسراروت تىب» (تىبابەت سىرلىرى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ كۆپ سۇ بىلەن قايىنىتىلغان ئاز مىقداردىكى ھەسەلدىن ئىبارەت ئىكەن.

## قەراتات

(زىرىق ئۇرۇقدىشى)

ئۇ تۈركچە سۆزدۇر. فىرانسۇزچە «قەرقات ئودىھ ئەسىنە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مۇرچ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، چۈچۈمەللىكى زىرىققا ئوخشايدۇ، تەسىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئېھتىمال ئۇنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى زۇقال مېۋىسى دېگەنلەر ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلاردۇر. چۈنكى زۇقال قەرانىيانىڭ پارسچە ئىسمىدۇر. زۇقال «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

## قۇررەتۇلئەين

(سۇ كەرەپشىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئۇ «جىرجىيرۇلمائ» (سۇ زاغۇنى)، «كەرەپشۇلمائ» (سۇ كەرەپشىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارغا تەم ۋە پۇراق جەھەتلەردە كۆپ ئوخشايدۇ. يۇنانچە «دىقۇرىس»، «سەلىينۇن»، سۇ كەرەپشىسى دېگەن مەنىدە «ئەفوساليۇس» دەپ، سۇريانچە «كەرەقشاد»، رىمچە «سىيۇن»، پارسچە «كەنكەر ئابى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، بەزىدە باشقا يەرلەردىمۇ ئۆسىدۇ. گۈل كاسىسى ئۆسۈملۈكنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆسكەن بولۇپ، سۇدىن چىقىپ تۇرىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ. غولى ۋە گۈلى كەرەپشىگە ئوخشايدۇ، كەرەپشە يوپۇرمىقىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يوپۇرمىقى كەرەپشىگە ئوخشاش يۇمىلاققا مايىل، چىشلىق بولىدىكەن. غولىدا قولغا چاپلىشىدىغان سۇيۇقلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ۋە باشقا قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. شام خەلقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختاتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچىدۇر.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆلى ياكى قايناتمىسى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى زىيانلىق قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ،

ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، تائام سىڭدۈرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، بۆرەكتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ. بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەرقان، تال ئىششىقى، قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ. قايناتمىسى تۆكۈلسە ياكى ئۈنىڭ بىلەن بەدەن يۇيۇلسا جۇغ ـ جۇغ ۋە بەزگەككە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

## قىرد
(مايمۇن)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەقراد»، «قۇرۇد»، «قىرەدە»، «قىرىدە» بولىدۇ. چىشىسى «قىردە» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «كەنى»، «بوزىنە»، «مەيمۇن»، تۈركچە «پىنچى»، ھىندىچە قىزىل يۈزلۈكى «بەندەر»، يۈزى قارا، بەدىنى كۆل رەڭ بولغىنى «لەنگۇر»، «ھۇنۇمان» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ قۇيرۇقى بولىدۇ. يۈزى قارا، ئومۇمەن ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشايدىغان، پۇت ـ قولى ئۇزۇن، بارماقلىرىمۇ ئۇزۇن، پۇت ـ قوللىرى بىلەن يول ماڭالايدىغان، قۇيرۇقى بولمىغان، بەدىنى قارا، مويى ئېگىز بولغان تۈرى پارسچە «نەسناس» (ئورانگوتان)، ھىندىچە «بەنمانىس»، يەنى ياۋا ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى بېشىدىكى ئىككى تۈرىگە قارىغاندا ئادەمگە كۆنۈككەكرەك بولىدۇ، ئۇلارغا ئوخشاش ئازار يەتكۈزگۈچى ئەمەس. فەرەڭ مەملىكىتى شەھەرلىرى، چىن ۋە باشقا ئەللەردە ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ بولىدۇ. بەزىلىرى ئادەمگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، بەزىلىرى ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى قۇيرۇقسىز، بەزىلىرى قۇيرۇقلۇق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قۇيرۇقى قىسقا، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇن، بەزىلىرىنىڭ بوغۇملۇق، ئالا، يۇڭلۇق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا چوڭ تۈگۈنچە بولىدۇ، بەزىلىرىدە بولمايدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ گۆشى ئىمامىيە مەزھىپىدە ھارام، مالىك رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىن باشقا سۈننىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارىشىدىمۇ ھارامدۇر. بەزىلەر مەكرۇھ، مالىك رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھالال دەپ بىلگەن، دەيدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەشھۇر ھايۋانلاردىن بولۇپ، ئۆزى سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن ھايۋانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى ئاسىي ئۈممەتلەرنىڭ بەزىسىنىڭ شەكلى ئۆزگەرتىلىپ مايمۇن قىياپىتىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان. ئۇ مىزاجى، خۇلقى ۋە كۆپ قىسىم ھالەتلىرى ئىنسانغا ئەڭ ئوخشايدىغان ھايۋاندۇر. ئۆگىتىشنى قوبۇل قىلىدۇ، ئادەمنى دورايدۇ، قولىغا نەرسىلەرنى ئېلىپ تاماشا قىلىدۇ، كۈلىدۇ، ئوينايدۇ. بەزىدە ئۆرە تۇرۇپ

ئىككى پۇتى بىلەن يول ماڭىدۇ، زېرەك، زېھنى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ مىزاجى ئادەمنىڭ مىزاجىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قىسىم تېۋىپلار زەھەرلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى بولغان نامەلۇم دورىنى ئاۋۋال ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ سىناق قىلىدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، مۇتىۋەككىل خەلىپىگە نەۋبىدىن ئىككى دانە مايمۇن سوۋغا قىلىنغان ئىدى، بىرى تىككۈچى، يەنە بىرى زەرگەر ئىدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر مايمۇن شاھمات ئويۇننى ئېسىدە ساقلىيالايدىكەن.

نەقىل قىلىنىشىچە، بىر مايمۇن ئويناتقۇچىنىڭ بىر دانە چىشى مايمۇنى بار بولۇپ، ئوغرىلىغان ياكى ئوغرىلىقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمنى بىلەلەيدىكەن. يەنى مايمۇن ئويناتقۇچى قەغەز پارچىلىرىغا يوقىغان نەرسىلەر ياكى ئوغرىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ، مايمۇننىڭ ئالدىغا تاشلىسا قەغەزلەرگە قاراپ ۋە پۇراپ، ئوغرىلارنىڭ ناملىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى ئايرىپ مايمۇن ئويناتقۇچىغا بېرىدىكەن. بىر كىشى بۇنى مايمۇن ئويناتقۇچىنىڭ ھىيلىسى دەپ ئويلاپ، ئۆزى ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەي بىر نەرسىنى تىقىۋالغان ۋە مايمۇننى ئېلىپ كېلىپ بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ناملىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى ئالدىغا تاشلىغان. ئۇ قەغەزلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپكە تاشلىۋەتكەن ۋە مەجلىس ئىگىسىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان، بىر ئاقىل ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ، قەغەز پارچىلىرىغا بىر قانچە تەلەپلەرنى ۋە بۇ يېقىندا نەرسە يوقاپ كەتكەن ئەھۋالنىمۇ يازغان، مايمۇن بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ۋە ئۇنى چىشلىمەكچى بولغان، مايمۇن ئويناتقۇچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنى توسۇۋالماقچى بولغان، ئەمما پايدىسى بولمىغان. مەجلىستىكىلەر سەۋەبىنى سورىغان، بۇ چاغدا مايمۇن ئويناتقۇچى سەۋەبىنى مايمۇندىن سورىغان، بۇ چاغدا ئۇ پۇتلىرىنى كېرىپ بارمىقى بىلەن پۇتىنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىپ مۇشۇنداق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە نەرسە يوشۇرۇۋالغان ھېلىقى كىشىگە ھۇجۇم قىلىپ مەجلىستىن قوغلىۋەتكەن. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئوغرىلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ قويىدىغان بۇ مايمۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن. ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، فىرانسۇزلارنىڭ ھايۋاناتلار خاتىرىلەنگەن رەسىملىك كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، دەريا ساھىلىدىكى قۇملۇقتا بىر شىر بىر مايمۇننى تۇتماقچى بولغان، بۇ چاغدا بىر توپ مايمۇنلار توپلىشىپ شىرنىڭ يۈزىگە تېزلىك بىلەن قۇم چېچىشقان، بۇ چاغدا شىر مايمۇننى تۇتۇشقا ئامال قىلالماي قېچىپ كەتكەن.

ئۇ توغرىسىدا يەنە نۇرغۇن ھېكايىلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، تەپسىلىي بايان قىلىنسا گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكى ئامال قىلالىسا ئايال كىشىگىمۇ يېقىنلاشماقچى بولىدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئايالنىڭ پەرجى زىيادە ئېچىشىدۇ ۋە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قېنىنى سۇركىسە موينىڭ ئۇنۇشىنى تۇسىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئىسسىق قېنى ئىچىلسە تىلنىڭ شۇ هامان كالۋالىششىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن غەلۋىر ياساپ هەرقانداق ئاشلىقنى ئۇنىڭ بىلەن تاسقاپ تېرىسا زىرائەتكە چېكەتكە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مايمۇن زەهەرلىگەن تائامنى كۆرسە پەرياد قىلىدىكەن ۋە قورقىدىكەن. «تۆهپە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، قەدىمكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن بوغۇلغان ئادەمدىن هاسىل بولىدىغان زەهەر ئۇنىڭدىنمۇ هاسىل بولىدىكەن، بۇ يوشۇرۇن سىرلاردىن بولۇپ هېسابلىنىدىكەن.

## قۇردىمەنا

(قەردمانە)

ئۇ «قەردمانە»، «قەردمانە»، «قۇردىمانى»، «قۇردامۇن»مۇ دېيىلىدۇ، يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ ياۋا كەرۋىيادىن ئىبارەت. ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇقى پارسچە «تۇخمى تۇخرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسى كەرۋىياغا ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ مېۋىسى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، يوپۇرمىقى، يىلتىزى ئۇنىڭدىن چوڭراق، شېخى ئۇزۇنراق، يىرىكرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى بابۇنە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن، شاخلىرى تارقاق، ئەگرى، يوپۇرمىقى ئاز، بابۇنىدىن چوڭراق، يىلتىزى ئۇنىڭدىن كۆچلۈكرەك، گۈلى كۆككە مايىل ئاق، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، كەرۋىياغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ. ئۇ كەرۋىيانىڭ ياۋىسىدۇر. ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. ياخشىسى ئەرمىنىيەدىن چىققىنىنىڭ تەمى، پۇرىقى ئۆتكۈر، دانلىرى چوڭ، ئاسان سوقىلىدىغانلىرىدۇر. ئەرەب ۋە ئەرمىنىيە شەهەرلىرىنىڭ كەلكۈن ئېقىنلىرى، سۇ بويلىرى، تاغلىق رايونلىرى، تاشلىق يەرلىرىدە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، تېرىنى قىزارتقۇچى، شىلىمشىق خىلىتلارنى ئېرىتكۈچى، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار ۋە پەيلەر كېسەللىكلىرى: سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، تۇتقاق كېسەل، ئىسترخا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان يانپاش ئاغرىقى، مۇسكۇللارنىڭ ئېزىلىشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: كۆكرەكنى تەنقىيە قىلىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

**ھەزىم، ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، ھېق تۇتۇشنى پەسەيتىدۇ، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، قۇلۇنجى، قوساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي مەددە قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ، قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىسىنى چۈشۈرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چايان زەھىرىگە ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك ھايۋانىي زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. غار دەرىخى يىلتىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى چۈشۈرىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان سىيىش قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا، ئىسرىق سېلىنسا ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا قوتۇر، قىچىشقاق، تاز، كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ، داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەپتىمۇن، رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىزخىر، ئادراسمان، مىشكى تارامشكى، ھۇرفمۇ دېيىلگەن.

## قەرەسئەنە

(ياۋا خوخا ئۇرۇقدىشى)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «ھافىزۇننەھل» (ھەسەل ھەرىسىنى ساقلىغۇچى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شام خەلقى «شەۋكەتى ئىبراھىيم» (ئىبراھىم تىكىنى)، «شەجەرەئى ئىبراھىيم» (ئىبراھىم دەرىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسۇزچە «ئەرىن جىيىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنىراق بولغان بوغۇملۇق غول ئۆسۈپ چىقىدۇ. بەزىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئاقۇچ مايىل، بەزىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئاق، بەزىسىنىڭ تىكىنى يېشىل، بەزىسىنىڭ ئاق، بەزىسىنىڭ كۆك بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ يىلتىزى خۇش پۇراق، بەزىسى تاتلىققا مايىل، سەل ئۆتكۈر، ئازراق ئاچچىق، بەزىسى تاتلىق، بەزىسى سەل قاتتىق، بەزىسى چۈرۈك بولىدۇ.

ئۇ قۇدۇس تاغلىرى، ئافرىقا، ئەرەب، پارس شەھەرلىرىدە ئۆنىدۇ. ئەبۇلئابباس ھافىز ئەندەلۇسى «قۇدۇس (ئاللا تىنچ قىلسۇن!) تاغلىرىدا ئۇنىڭ بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى ‹ئىشخىس› دەپ ئاتىلىدىغان ئاق خامالاۋەن ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يىرىك، كۆك بولىدۇ. نەيچىسىمان، بوغۇملۇق كۆپ غوللىرى بولىدۇ. ئۇچلىرىدا تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. يىلتىزى توم، گۆشلۈك بولۇپ، تەمى تاتلىق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ» دەپ

يازغان.

ئافرىقا ۋە ئەرەب شەھەرلىرىدە ئۆسىدىغىنى بىرقانچە خىل بولىدۇ.

بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يىرىك بولمايدۇ، تىكىنى نەيچىسىمان، سىلىق، ناھايىتى يېشىل بولىدۇ. غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇستۇنكى يېرىمىغا كۆك قەرەسئەنە ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدىغان ناھايىتى كۆپ شاخلار ئۆسكەن بولۇپ، دەسلەپتە يېشىل بولىدۇ، كېيىن ئاقىرىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇنچاق، تۈز ئۆسىدىغان بولۇپ، ياۋا سەۋسەن يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. بۇ تۈرى بىرىنچى تۈردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. كەيپىياتى ۋە پۇرىقى ئوغرىتىكەنگە ئوخشايدۇ. چىۋىن قاچۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىشىكلىرىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ.

يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇمىلاققا مايىل، كېسىۋېتىلگەندەك بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ توم - ئىنچىكىلىكى ئوتتۇرا ھال، ئاق بولىدۇ. غولى بىلەن گۈلىمۇ ئاق رەڭدە بولىدۇ.

يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، تەڭگىدەك يۇمىلاق بولىدۇ. غولى بىر دانە بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكىدە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، بوغۇملۇق، نازۇك تىكەنلىك بولىدۇ، تىكىنى كۆككە مايىل بولىدۇ. يىلتىزى ئۇد سەلىبىكە ئوخشايدىغان بولۇپ، سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ. يىلتىزى بەھمەن بىلەن ساختىلاشتۇرۇلۇپ بىرى بىرىنىڭ ئورنىدا سېتىلىدۇ، ئەمما بەھمەننىڭ يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن كۆپ كەڭ بولىدۇ ۋە «نەففاخۇلجىبال» (تاغلارغا پۈۋلىگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەبۇ ئابباس يەنە: «مەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىدە ئاق قەرەسئەنە ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىنى كۆردۈمكى، غولى يىرىك، يوپۇرماقلىرى كۆپ، تىكەنلىرى ئۆتكۈر، ئۇرۇقى بىز تەرەپلەردىكىنىڭ ئۇرۇقىدىن چوڭراق، دانلىقراق ئىدى، گويا ئوتتۇرا ھال، ئۇزۇنچاق بولغان ھەرشىف ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايتتى. تاغدا ئۆسىدىغان تۈرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى دومچەك، غولى تاق، ھارارىتى كۈچلۈك ئىدى. قۇدۇس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە ئۇ بىقىن ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ» دېگەن.

يەنە بىر خىلى دېڭىز ساھىللىرىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭرەك، ئاقراق، يىلتىزى بوش، چۇرۇك، ئۇنىڭدىن تاتلىقراق، يىرىكلىكى ئازراق بولۇپ، سىلىقلىقىقا يېقىنراق، يىلتىزلىرى تاتلىق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ تۈرنىڭ باھنى قوزغاش تەسىرى كۈچلۈكتۇر، بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇرابباسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۇ كىشى يەنە «مەن بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلىق يەرلەردە ئاق قەرەسئەنە ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىنى كۆردۈم، يىلتىزى چوڭ، يوپۇرمىقى ئاق خامالاۋەن يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، قىسقىراق، نازۇكراق بولىدىكەن. بىر يىلتىزىدىن كۆپلىگەن شاخلار ئۆسۈپ چىقىدىكەن. يوپۇرمىقىنىڭ ئورنىدىن خۇددى يىپتەك ئىنچىكە

پەلكۇچىسمان، بوغۇملۇق ئۆسۈكچىلەر ئۆسكەن بولۇپ، بوغۇملار ئەتراپىدا يوپۇرماقلار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆك قەرەسئەنە ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدىغان گۈللىرى بولىدىكەن، گۈلىنىڭ بېشى ئۇنىڭدىن كىچىكراق، يىلتىزىنىڭ تەمى تاتلىق، سەل ئاچچىق بولىدىكەن، قۇدۇس خەلقى ئۇنى ‹قەرەسئەنە› دەپ ئاتىشىدىكەن» دەپ يازغان. دىسقۇرىدۇس ئۇچىنچى ماقالىدە ئۇنى «بىرىنچى» دەپ ئاتىغان، بەزىلەر «تارىين»، بەزىلەر «ئەرنەجىين» دەپ ئاتىغان. ئۇ چاتقالنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى دەسلەپ ئۆسكەندە تۇزلۇق، كەڭ، چۆرىسى يىرىك، خۇش پۇراق بولىدۇ، چوڭلىغاندا شاخلىرى كۆپىيىپ، ئۇچلىرىدا ئاق، بەزىدە سۇرمە رەڭ، يۇلتۇزدەك يۇملاق باشاقلار پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىدىن ئۇچلۇق، قاتتىق تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ئۇزۇنچاق، باش بارماق توملۇقىدا بولۇپ، سىرتى قارا، ئىچى ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. قۇملۇقلار، يىرىك يەرلەردە ئۆسىدۇ. بەغدادىيمۇ خۇددى ئەبۇلئابباس ئىبنى تاندەك، ئۇنىڭ بىر قانچە خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە: «ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ، بىر خىلىنىڭ بىرلا غولى بار بولۇپ، بىر يېرىم غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئاققا مايىل بولۇپ، ئۇچىدا باشاقلىرى، ئۇنىڭ چۆرىسىدە خۇددى پەلكۇچكە ئوخشايدىغان ئالتە دانە ئۇزۇن، ئىنچىكە تىكەنلىرى ئۆسىدۇ. يىلتىزى كۆرسەتكۈچ بارماق توملۇقىدا، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. بۇ تۈرى باغدات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ. يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۆسۈملۈكى قۇرۇپ قالمىغانلا بولسا پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سۇ ۋە تۇزغا چىلاپ ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ چاغدا باشقا كۆكتاتلاردىن ياخشىراق بولۇپ، ناچار خىلت پەيدا قىلمايدۇ. يىلتىزى ھەسەل بىلەن مۇراببا قىلىنسا ياخشىراق بولىدۇ» دەپ يازغان. ئەنتاكىيمۇ ئۇنىڭغا ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدىغان بايانلارنى يازغان.

**«ئىختىياراتى بەدىئى»نىڭ ئاپتورى:** «ئەندەلۇستا ئۇ ‹شەۋكەئى ئىبراھىم› (ئىبراھىم تىكىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاشلىقلار، يىرىك يەرلەر، قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. ئۇ چاتقالنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دەسلەپ ئۈنگەندە يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، يېشىل ۋە يىرىك بولىدۇ، چوڭلىغاندا تىكەنگە ئايلىنىدۇ، تىكىنى ئاق بولۇپ، بىر غېرىچتىن ئۇزۇن بولمايدۇ. ئۆسۈملۈكى نەيچىسىمان بولىدۇ، گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ. گۈلىنىڭ ئۈستى تەرپى قىزىلغا مايىل، بوغۇملۇق بولىدۇ، يوپۇرمىقىدا خۇددى نەيزىدەك بەش دانە قاتتىق تىكەن بولىدۇ. يىلتىزى بارماق توملۇقىدا، ئۈچ گەز ئۇزۇنلۇقتا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ. شۇ يەردىكى ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان خەلقنىڭ تىلىدا ‹خارى خەسەك› (ئوغرىتىكەن) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە ‹شۇۋۋە› دېيىلىدۇ. شىراز چۆللىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ئۇنىڭ گۈلىدىن شىرە يىغىدۇ» دەپ يازغان.

**«تۆھپە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇ ھەقتە:** «ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ،

بىر قانچە خىل بولىدۇ. ھەممە تۈرنىڭ يوپۇرماقلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، غولى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ غولى بوغۇملۇق بولۇپ، بوغۇملىرىنىڭ ئەتراپىدا تىكەنلەر ئۆسكەن بولىدۇ. گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ. يىلتىزى توم بولۇپ، تەمى سەل تاتلىق، سەۋزىنىڭ تەمىدەك سەل ئۆتكۈر بولىدۇ، پارسچە «پىيۋەزا» دەپ ئاتىلىدۇ. تەسىرلىرى «مۇسەددەس»(ئالتە شاخ) ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى سىلىق، تىكەنلىك، يۇمشاق بولىدۇ. غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. غولىنىڭ ئۇستۇنكى يېرىمىدىن شاخلار ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، بىرىنچىسىنىڭ شاخلىرىدىن مەزمۇتراق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇملاققا مايىل، يىلتىزى ئۇزۇن، توم ـ ئىنچىكىلىكى نورمال، رەڭگى ئاق بولىدۇ. تۆتىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، يۇملاق بولىدۇ. غولى شاخسىز بولۇپ، غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئۆسىدۇ ھەم كۆككە مايىل تىكەنلەر بىلەن توشقان بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولۇپ، بەھمەنگە ئوخشايدۇ. بەشىنچى خىلى ئاق قەرەسئەنەنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، يوپۇرمىقى كۆپ، تىكەنلىرى ئۇچلۇق، غولى يىرىك، گۈل كاسىسى كەنكەر گۈلىنىڭ كاسىسىغا ئوخشايدۇ. ئالتىنچى خىلى تاغ قەرەسئەنەسى بولۇپ، يوپۇرمىقى دۈمچەك بولىدۇ. ئىسسىقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بەيتۇل مۇقەددەستە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىش ۋە سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. يەتتىنچى تۈرى ئۇنىڭ ئېقىنىنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ، ناھايىتى ئاق بولىدۇ. يىلتىزى بوش، سەل تاتلىق بولۇپ، باھنى ناھايىتى ياخشى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەككىزىنچى خىلىنىڭ غولى كۆرسەتكۈچ بارماق توملۇقىدا بولۇپ، تەمى سەۋزىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. قەرەسئەنە دېگەن بۇ سۆز يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «قەرەسئەنە مۇسەددەس»، مازىندارانىدا «رولنەك»، «تەنەكابۇندا»، «شەشكاك» دەپ ئاتىلىدۇ، ئېھتىمال ئۇ «شەششاخ» (ئالتە شاخ) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك» دەپ يازغان. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ، تولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۇ ئومۇمەن بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تائامنى سىڭدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئاشقازاندىن تېز ئۆتكۈزىدۇ. ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتمىسىدىن 150 مىللىلىتىر ئىلىپ، باراۋەر مىقداردىكى سۇزاپ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قوۋۇرغا ئارىلىقلىرىنىڭ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا بىقىن ۋە كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى شېكەر بىلەن ئىچىلسە

ئىششىقلارنى پەسەيتىدۇ، مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ، يارا ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى قاپلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا كۆيگەن ۋە بۇزۇلغان خىلىتلارنى بەدەندىن چىقىرىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ ۋە سۈت كەلتۈرىدۇ، تەرلىتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۈچ گىرامى باراۋەر مىقداردىكى سەۋزە ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەيزنى ئىنتايىن ھەيدەيدۇ، باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. ھۆل، يۇمشاق يىلتىزنىڭ مۇرابباسى ئىستېمال قىلىنسا كېكىرىكنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، سۈيى ھەيزنى ھەيدەيدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرى، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرى ۋە ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلى ۋە يۇمشىقى كۆكتات ئورنىدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئەڭ ياخشى كۆكتات بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ناچار خىلىت پەيدا قىلمايدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى سۇيۇق بەلغەم خىلىتىنى تارقىتىدۇ. بەزىدە ئۇ سۇ ۋە تۇزغا چىلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىششىقلار: زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى، ھۆل كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، پاقالچاقتىكى سۇ ئاقىدىغان ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى پىل پۇت كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلسا، شۇ ئۆيدىكى چىۋىنلەرنى قاچۇرىدۇ. سىرتقى ئىششىقلارغا ئېسىپ قويسا ئۇنى تارقىتىدۇ.

## قىرتاس
(قەغەز)

ئۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، «قۇرتاس»، «قەرتاس» مۇ دېيىلىدۇ. يەنە «قەرتەس»، «تەئفەر»، «كاغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچىمۇ «كاغەز» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. سۇريانچە «كەرتىيسا» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى رىمچە «خەرتىين كامبەنيىن»، يۇنانچە «سەنجامىيقۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «قەراتىيس» ۋە «قەرتىس» بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ تونۇشلۇق بولۇپ، كۆپ ئەللەردە ياسىلىدۇ، ھەر جايدا ھەر خىل نەرسىلەردىن تەييارلىنىپ ئۇستىگە كىتاب، مەكتۇپ، خاتىرە ۋە شەكىللەرنى يېزىشقا ئىشلىتىلىدۇ. يىپەكتىن ياكى پاختىدىن تەييارلانغىنى بولسۇن خانبالىقتىن چىققىنى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا دۆلەت ئابادتىن، ئۇنىڭدىن قالسا كەشمىردىن چىققىنى،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ يەردىن چىققىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى ياخشى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا سەمەرقەنتتىن، ئۇنىڭدىن قالسا ئىكلىسىردىن، ئۇنىڭدىن قالسا بىنگالىنىڭ بەندىۋالىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ يەردىن چىققىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى، ئۇنىڭدىن قالسا رەڭگىپپوردىن چىققىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى، ئۇنىڭدىن قالسا مىسىردىن چىققىنىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى ياخشى بولىدۇ. مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئاتالسا مىسىر خەلقى تىلىدا «غانىيز» دەپ ئاتىلىدىغان بەردى ئوتى غولىدىن تەييارلانغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاق بولغىنى ئەڭ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بەردى ئوتى غولى ۋە ياتما نېلۇپەر يىلتىزىدىن تەييارلانغىنىنىڭ مىسىردىن چىققىنى ئەڭ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. تەفلىيسى مىسىردىن چىققىنىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، دېگەن. «تۆھپە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مىسىردىن چىققىنىنىڭ بەردى ئوتى غولى ۋە ياتما نېلۇپەر لوئابىدىن تەييارلانغىنى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، دەپ يازغان. بەردى ئوتى پارسچە «پىيرەز» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى بۇرۇنغا پۈركىسە قانىشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ چىشقا سېپىلسە چىش مىلىكى قاناشقا داۋا بولىدۇ، چىش مىلكىنى چىڭىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا تاز، راك ئۆسمىسىگە داۋا بولىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆز ياشانغىراش ۋە كۆزدىكى يارىنى ساقايتىدۇ.

كۆكرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆيدۈرۈلگىنىنى ئۆستەڭ قىسقۇچپاقىسى بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ، كۆكرەك ۋە ئاشقازاندىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سىركە ياكى سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**جاراھەتلەر ۋە يارىلار:** سېپىلسە ھۆل يارىلار ۋە ئۇتۇك غاجاش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. زەخىملىنىپ قانىغان ئەزاغا بېسىلسا گۆش ئۇندۇرۇپ ساقايتىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن نەمدەپ چىگە رەختكە ئوراپ قۇرۇغاندا، ئاقمىنىڭ تۆشۈكىگە سېلىپ قويسا ھۆللۈكىنى سۈمۈرۈپ ساقايتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ كۆپ تەسىرلىرىدە كۆيدۈرۈلگەن بەردى ئوتى.

## قۇرت

(ئۇچقۇلاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «شەبدەر»، «شەبدار»، ئىسپىھانچە «شودەر»، مىۋىسى «رەسىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بېدىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن تاتلىقراق، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى بولۇپ، مىسىردا ئۇنىدىكەن، بېدىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. ئۆسۈملۈكى چوڭ بولىدىكەن. يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، بەللۇت دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، مىسىردا ئاتلارنى سەمرىتىش ئۈچۈن تېرىلىدىكەن. مېۋىسى «رەسىيم»دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆلى ئىستېمال قىلىنسا ئىچنى سۇرىدۇ، قۇرۇقى ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. ھۆلىنىڭ سۈيى ياكى قۇرۇقىنىڭ قاينىتىلغان سۈيى شېكەر، ھەسەل ياكى ئەنجۇر بىلەن ئىچىلسە يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكىنى نەمدەيدۇ.

## قۇرتۇم

(زاراڭزا ئۇرۇقى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قىرتىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «ھەببۇلئۇسفۇر»، «بەزرۇلئىھرىيس»، پارسچە «خەسەكدانە»، «تۇخمى كافشە»، گىيلانچە «تۇخمى كاجرە»، «تۇخمى كازىيرە»، ھىندىچە «كۇر»، «كۇسۇنبەكا بىيج»، سۇريانچە «كەشنى»، رىمچە «قەنتادەرس»، يۇنانچە «ئەترەقتۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «فەنىفىس»دەپ، ياۋىسىنى «فەنفىس ئەغرىيۇن»، يەنى ياۋا سېرىق ئوت دەپ ئاتىغان. ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** يەرلىكى ياپىلاققا مايىل، قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، پوستى ۋە مېغىزى ئاق، مايلىق بولىدۇ. كونىرىسا پوستى قارىغا مايىل، مېغىزى ئاۋۋال سېرىققا، ئارقىدىن قارىغا مايىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، شىلىمشىق بولۇپ قالىدۇ. گۈل ئاستىدىكى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ھەربىر غىلاپ ئىچىدە يەتتە ـ سەككىز دانە ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن،

چىشلىق، ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى ئاستىدىن كەڭرەك بولۇپ، بوغۇملىرى ۋە شاخلىرى ئۆسكەن يەرلەردە ئۆسىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىمۇ ئۆسىدۇ. غولى ۋە شاخلىرى خام ۋاقتىدا يېشىل رەڭ بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن ئاقىرىدۇ. گۈلى تىكەنلىك، قىزىل بولىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ياۋا زاراڭزا ئۇرۇقىنى «تەرىفان»دەپ ئاتىغان. بەزىلەر ئۇنى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئەمەس دەپ بىلگەن. شەيخۇر رەئىس ئۇنى باشقا ئۇرۇق دېگەن. ئۇ «ت» (تۇۋائى) ۋە «ر» (رائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. ئومۇمەن ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكىنىڭ يېڭى، ئېغىر، دانلىق بولغانلىرىدۇر. ئۇنى زاراڭزا گۈلىدىن ئايرىم بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، ئىچىنى سۈرگۈچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇزۇقلۇقى ئاز، ئىچىنى سۈرىدۇ، سۇيۇق بەلغەم ۋە كۆيگەن خىلتنى چىقىرىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ 15 گىرامى سوقۇپ شىرىسىنى چىقىرىپ، ناۋات، قارا شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن ئىچسە ياكى 30 گىرامىنى سوقۇپ 200 گىرام سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ شىرىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا 30 گىرام قارا شېكەر قوشۇپ ياكى ئۇنىڭ ئاقلانغان مېغىزىدىن 30 گىرام ئېلىپ، 2.5 گىرام ئاچچىق بادام مېغىزى، 2.5 گىرام قۇستە، بەش گىرام توغرىغۇ، بەش گىرام رۇمبەدىيان قوشۇپ، قۇرۇق ئەنجۈر ۋە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ بىر دانە ياڭاق چوڭلۇقىدىن ئىككى دانە ياڭاق چوڭلۇقىغىچە يېسە ياكى ئۇنىڭ ئاقلانغان 30 گىرام مېغىزىغا يۇقىرىدىكى مىقداردا بادام مېغىزى، رۇمبەدىيان، توغرىغۇ قوشۇپ، ھەسەل ۋە ئەنجۈر شىرىنىسى بىلەن قىيام قىلىپ، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلسا ياشانغانلارغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن تەييارلانغان قېتىق سۇيىگە خالتىغا قاچىلانغان ئەپتىمۇننى تاشلاپ مىجىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە ۋە ئۈستىدىن مۇۋاپىق تاتلىق نەرسە ئىستېمال قىلسا مالىخولىيا، ئۆزىگە سۆزلەش، ياتسىراش، خەفەقان، جوزام، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ شىرىسى ۋە ئاز مىقداردا ھىندى تۇزى قوشۇپ ئۇيۇتۇلغان قېتىق ئىچسىمۇ يۇقىرىدىكى تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: شىرىسى ئەنجۈر چىلانما سۈيى، ناۋات سۈيى ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى پىشۇرىدۇ. نەپەس ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. يەل پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ. ماش، يېسىمۇق

ئاشلىرىغا قوشۇلسا ماددىلارنى پىشۇرىدۇ، تارقىتىدۇ، خام بەلغەم ۋە كۆيگەن ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. شىرىسىدىن 30 گىرام ئېلىپ ناۋات، قارا شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساقتا سۇ چۇشۇش ۋە گۆش ئارىسىغا سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. ئاز مىقداردا ھىندى تۇزى قوشۇلسا سۈيدۈكنى ھەيدىشى كۈچىيىدىغان بولۇپ، تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاقلانغان مېغىزى ئىستېمال قىلىنىسمۇ قۇلۇنجغا پايدا قىلىدۇ، قۇلۇنجى بولۇشقا ئادەتلەنگەنلەرگە بەكراق مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىرىسىدا مېغىزى خىيارشەنبەر ئۇرۇقى ئېرىتىلىپ ماددا پىشقاندىن كېيىن ئىچىلسە بەلغەمدىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ھەر قانداق ئۇيۇغان خىلىتنى ئېرىتىدىغان، ھەرقانداق ئېرىگەن خىلىتنى ئۇيۇتىدىغان دورىلاردىندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى سۈتتىن كېيىن ئىچىشكە بولمايدۇ، بولمىسا سۈتنى ئاشقازاندا ئۇيۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، تاتلىق نەرسىلەردۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15~30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا زىيان قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەببىتۇلخۇزرا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى سۈتكە قوشماقچى بولغاندا ھەر 400 مىللىلىتىر سۈتكە 30 گىرام قوشۇلسا بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن 200 مىللىلىتىر ئىچىلسە پايدا قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ تەسىرى چاقچاقئوت يېغىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ، سۈتنى ئۇيۇتىدۇ ۋە سۈيىنى پىشلىقىدىن ئايرىيدۇ. يەرلىكنىڭ يېغى ئىچنى سۈرىدۇ.

ياۋا زاراڭزا ئۇرۇقى يۇنانچە «ئەترىيتۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى يەرلىكنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن ئېگىزرەك، يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇنىڭدا كۆپ شاخلار ئۆسكەن بولۇپ، بەزى شاخلىرى يوپۇرماقسىز، ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر شېخىدا بەش دانە تىكەن بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ، ئۇرۇقى يەرلىكنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ 2.5 گىرام مۇرچ ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئاق چايان چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چايان چېقىۋالغان ئادەم ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ياكى مېۋىسىنى ئېغىزىغا سېلىپ تۇرسا، ئۇ ئېغىزىدىلا بولسا زەھەرلەنگەندىكى ئاغرىقنى ھېس قىلمايدىكەن، ئېغىزىدىن ئېلىۋەتسە ئاغرىق باشلىنىدىكەن.

## قۇرتۇمان
(چىنار دەرىخى ئۇرۇقدىشى)

ئۇ پارسچە «ھەرتۇمان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ كۈرسىنە پۇرچىقى ئىكەن.

**ماھىيتى:** ئەبۇ ھەنىيفە دەينۇرىي ئۇنى چىنار دەرىخىگە ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئامما دېڭىز بويلىرىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە شېخى خۇش پۇراق بولىدۇ، دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇقىدىن 10 گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ھەرتۇمان ئاللا خالىسا «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## قەرز
(ئاقاقىيا دەرىخى مېۋىسى)

بەزىلەر ئۇنى پارسچە «كەرت» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى دەپ بىلىدۇ. پارسچە «بۇزغەند»، سۈريانچە «خەجفەر»، «مىيسا»، يۇنانچە «ئەرسمورۇن»، ھىندىچە «كىيكەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىردا «سەنت» دەپ ئاتىلىدۇ، «سەنەز»مۇ دېيىلگەن.

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇسارىسى ئاقاقىيا، يېلىمى سەمغى ئەرەبى بولغان ئۇممۇغىيلان دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ مېۋىسى ئىكەن. دەرىخى تىكەنلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «سەلەم» يوپۇرمىقى، بەزىلەر «سەنت» مېۋىسى دەپ بىلگەن. دەرىخىنىڭ غولى مەزمۇت، ياغىچى قاتتىق بولىدۇ، كونىرىسا قارىداپ كۆمۈش ۋە ئەبنۇس دەرىخى ياغىچىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالىدۇ. سەل ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى قاتتىق بولغاچقا ھىندىستان، بېنگال خەلقى ئۇنىڭدىن كارىۋات، ئورۇندۇق، رىكشا قاتارلىقلارنى ياسايدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى ۋە ياغىچى تۈز بولمايدۇ. ئۇرۇقى تەمرىھىندى ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، خام ۋاقتىدا يېشىل بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ، تەمرىھىندى ۋە لوبىياغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن نازۇكراق غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى ئاق، بەزىلىرىنىڭ سېرىق بولىدۇ، ھىندىستاندا سېرىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى بىلەن ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئاشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «جۇلۇدۇلقەرز» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسى، يەنى ئاقاقىياسىنىڭ ياخشىسى ئۇنىڭ خام مېۋىسىدىن ئېلىنىپ

سايىدا قۇرۇتۇلغىنىدۇر. ئۇ «ئ» (ئەلىف) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى قۇرۇق سوغۇق، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى باردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنىڭ ياغىچى بىلەن مىسۋاك قىلىنسا، ئۇنىڭدىن چىش تالقىنى تەييارلاپ چىشقا سەپسە چىشنى ئاقارتىدۇ ۋە چىڭىتىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. يوپۇرمىقى ۋە تىكەنلىرىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بوشىغان پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېڭى يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا چوڭ ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ.

## قەرئ

## (قاپاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قەرەئ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «دۇببائ» دېيىلىدۇ. پارسچە «كەدۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. تۈركچە «قەباق»، سۇريانچە «قەرائ»، رىمچە «فەلوفونيا»، يۇنانچە «قەروفا» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «قەلۇفىيا» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيتى:** ئۇ «يەقتىين» (كاۋا) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پىلەكلىك بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ، يەرگە يېيىلىپ ياكى تاملارغا يامىشىپمۇ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى تەرخەمەكنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخىدىن يىرىكرەك، تۈكلۈكرەك بولىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە، ئۇزۇن، سەل تاتلىق، مەست قىلغۇچى بولىدۇ.

ئۇ چوڭ جەھەتتىن تاتلىق ۋە ئاچچىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئاچچىقىنىڭ مېۋىسى كىچىكرەك بولۇپ، پارسچە «كەدۇيى تەلخ» (ئاچچىق قاپاق) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «تونىيرى» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كۆك قاپاق ۋە رىم قاپىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن.

ئۇنىڭ تاتلىقى بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى يۇمىلاق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى غۇلاچقىچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. تومۇلۇقى بىر غېرىچ ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ بېنگال ۋە ھىندىستانلاردا مەخسۇس ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى نارەنجى چوڭلۇقىدا، بەزىلىرى ئامۇت چوڭلۇقى ۋە شەكلىدە بولىدۇ، بۇ خىلى دۇكەن ۋە ھىندىستان شەھەرلىرىدە مەخسۇس ئۆسىدىغان بولۇپ، ناھايىتى نازۇك، لەززەتلىك بولىدۇ. ھىندىچە «دىندەس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ

ھەممە تۈردىن ياخشىراق، نازۇكراق ۋە ئۇچۇچانراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ناھايىتى چوڭ، كوزا شەكىللىك بولىدۇ. ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرى ۋە لەشلىرى بوشتىلىپ قۇرۇتۇلسا، ئىچىگە 500 كىلوگىرام ئەتراپىدا بۇغداي ياكى گۈرۈچ سىغىدۇ. بۇ مەخسۇس بېنگالدا ئۆسىدۇ، باشقا يەرلەردە ئۇنداق چوڭ بولمايدۇ. ئۇ ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىلسا يۈز روپىيەگە ساتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تەنبۇر ياسىلىدۇ، قانچە چوڭ بولسا قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئۇزۇنچاق، يۇمىلاق، لېشى ئاچچىق ـ چۇچۇك بولىدۇ، ئۇ مەخسۇس ھىندىستان ۋە بېنگال شەھەرلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنى ھىندىلار كۆپرەك، مۇسۇلمانلار ئازراق ئىستېمال قىلىدۇ. ھىندىچە «پېيتھ»، بېنگالچە «كوندە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قىلىنغان تاتلىق نەرسىلەر ۋە مۇرابباسى ياخشى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لېشى ئاق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق، ياپىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يۇمىلاق، بەزىسى سەل سوزۇنچاق بولىدۇ. پوستى خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن ئاققا مايىل، سەل قىزىل بولىدۇ. گۆشى ۋە لېشى قىزىل، تەمى سەل تاتلىق بولىدۇ، ئۇ «مەزۇبە»، پارسچە «كەدۇۋى مەككە» (مەككە قاپىقى)، ھىندىچە «كەدىيمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەممىسىنىڭ ياخشىسى ئاق، چۈرۈك، يېڭى، تاتلىق، يېپىسىز، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئومۇمەن ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوۋۇتقۇچى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئىچنى بوشاتقۇچىدۇر. يەرقان، ئاشقازان مەنبەلىك كونا ئىچ سۈرۈش، ئۆتكۈر تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. پىشۇرۇلغىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئاز بولۇپ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سەپرا مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازاندا بۇزۇلمىسىلا تەستە ھەزىم بولىدۇ، چۈنكى يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا تېز بۇزۇلىدۇ، بەدەندە مەۋجۇت بولغان غالىب خىلىتقا ئۆزگىرىدۇ، ئۇچۇچانلىقى سەۋەبىدىن زەھەرلىك خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇ مۇناسىۋەتلىك مېۋىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا كەيپىياتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بېھى، غورا ئۈزۈم سۈيى، ئانار سۈيى ياكى سىركە بىلەن بىرلىكتە بادام يېغى ياكى توڭ زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، سەپرا مىزاجلىقلار، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئۆتكۈر تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما قۇلۇنجى بىمارلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىشقا ئادەتلەنگەنلەرگە بولغان زىيانلىق تەسىرى ئارتۇقراق بولىدۇ، چۈنكى قاپاق قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ قىچىغا ئوخشاش ئۆتكۈر نەرسە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆتكۈر خىلىت

پەيدا قىلىدۇ، تۇزلۇق نەرسە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇزلۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، قابىز نەرسە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قابىز خىلىت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا شۇنىڭغا مۇناسىپ خىلىتقا ئۆزگىرىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ خېمىرىنىڭ سۈيى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلسا ياكى پۈركۈلسە، شۇنداقلا پوستى باشقا چاپلانسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭە پەردىسى ئىششىقى، جۆيلۈش، ساراڭلىق، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. سوقۇپ بالىلار ياكى باشقىلارنىڭ بېشىنىڭ ئالدىغا قويسا باشنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئوڭشايدۇ، ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىدۇ. كۆزگە چېپىلسا كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن باش يۇيۇلسا، ئىچىلسە ياكى بۇرۇنغا تېمىتىلسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغانلارنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا، غار-غار قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان گال ئاغرىقى ۋە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ گۈل يېغى بىلەن تېمىتىلسا ئۇنۇمى ياخشىراق بولىدۇ. قۇرۇق پوستىنىڭ قايناتمىسى يالغۇز ياكى گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ناھايىتى كىچىك بولۇپ، يېڭى تۇگۈلگەن، گۈلى تېخى تۆكۈلمىگەن قاپاق غورىسىنى خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چوغقا كۆمۈپ قورۇپ پىشقاندىن كېيىن كۆزگە چاپسا، يەرقاندىن پەيدا بولغان سېرىقلىقنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلىنىڭ سۈيىمۇ پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى تەمرىھىندى ۋە شېكەر بىلەن قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچسە مېڭىنىڭ ھارارىتى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىق ۋە ئاشقازاندىن ئۆرلىگەن بۇخاراتلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنى ئارپا يارمىسى ياكى ئاقلانغان ماش بىلەن قايىنىتىپ پىشۇرۇپ ياكى بادام يېغى بىلەن قايىنىتىپ سۈيى ئىچىلسە كۆكرەك ئاغرىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تالقىنى، بولۇپمۇ يۇيۇلغان تالقىنى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىچىلسە ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئىسسىق جىگەرنىڭ ھارارىتىنى باسىدۇ، سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئاينىشنى يوقىتىدۇ. سىلىقلاشتۇرۇش رولى بىلەن ئىسسىق تەبىئەتلىك كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، ئەمما ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى بوشىتىدۇ.

ئۇنىڭ تالقىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆڭۈلنىڭ غەشلىكىنى باسىدۇ. سىقىلغان سۈيىنى قايىنىتىپ ئۇنىڭدىن 133 گىرام ياكى 267 گىرام ئېلىپ، ھەسەل ۋە ئاز مىقداردىكى توغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى بوشىتىدۇ ۋە نورمال سۈرىدۇ. مېغىزى فۇلۇسى خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، بىنەپشە مۇراباسى ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرانى سۈرىدۇ. سەپرادىن، قاندىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. تەمرىھىندى ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆيگەن سەپرانى سۈرىدۇ، ئۈچەي، بۆرەكلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مېڭە، كۆز ئاغرىقى ۋە ئىسسىق تەپلەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى پۈتۈن پېتى خېمىر ئارىسىغا ئېلىنىپ گىلغا ئوراپ ئوت بىلەن پىشۇرۇپ چىقىرىلغان سۈيىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ 30 گىرام شېكەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاسان ھەزىم بولىدىغان شەربەتلەر بىلەن ئىچىلسە ئاشقازان، جىگەر، يۈرەكنىڭ ھارارىتى، جۇدەتكۈچى ئۆتكۈر تەپلەر ۋە باشقىلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ قىسىم ئۆتكۈر، ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاپاق سۈيى كۆكرەك پەردىسى ئىششىقىغا بىر تەرەپتىن پايدا قىلسا، سۈيدۈكنى ھەيدەيدىغان بولغاچقا بىر تەرەپتىن زىيان قىلىدۇ، دەپ يازغان. ئۇ سىركە بىلەن قايىنىتىلىپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى باسىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ سىركە بىلەن ئىچىلسە ئاشقازاندىن تېز چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ گۆش بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياخشى ھەزىم بولىدۇ. ماش، پۈرچاق ئېشى ياكى بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، مېڭە، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. جىگەر ھارارىتى ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى چۈجە ـ خوراز گۆشى بىلەن ياكى ئۈرۈقنىڭ مېغىزى بىلەن قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچسە ھوشسىزلىققا داۋا بولىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە داۋا بولىدۇ، زەھەرلىك خىلىتلارنىڭ زەھىرىنى تەڭداشسىز قايتۇرىدۇ. ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە ئۈچەيلەرگە زىمات قىلىنسا ئۇلارنىڭ ھارارىتى ۋە تەپتىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇق قاپاقنىڭ پوستى ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىر، ئۈچەي قاناشقا شىپا بولىدۇ.

ئومۇمەن قاپاقنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ئىسسىق مىزاجلىقلار، سەپرا، قان مىزاجلىقلار، ياشلار ۋە ئىسسىق ئەللەردە ياشىغۇچىلارغا پايدىلىق، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارغا زىيانلىقتۇر، ئۇلاردا قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، قورسىقىنى ئېسىدۇ، ئاشقازاننى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ، بەلغەم، بەلغەم خاراكتېرلىك ماددا ۋە بەلغەمنىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولغان سەۋدا خاراكتېرلىك ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ. توغراپ قېتىق بىلەن قايىنىتىلسا «كەدۇماست»، ھىندىچە «رايتە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، قىچا، سامساق، مۇرچ، تۇز ۋە نەئىنائ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئىسسىق

مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلماقچى بولسا، ئاز مىقداردىكى تۇز ۋە نەئنائىدىن باشقىسىغا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى قەي قىلىش، سوغۇق مىزاجلىقلارغا مائۇلھەسەل، ئۇد ھىندى، قەلەمپۇر، زىرە، سۆئىدە، نەئنائ، خۇش پۇراق ئىسسىق جاۋارىشلار بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇش، ياغ بىلەن پىشۇرۇش، پىلپىل، قىچا، ئاچچىقسۇ، تۇز ۋە باشقا ئىسسىق نەرسىلەر قوشۇش، ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سەپرا مىزاجلىقلارغا غورا سۈيى، ئانار سۈيى، سىركە ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى قوشۇشتۇر.

ئۇنىڭ شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قىلىنغان «مەسىير» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراببასى مۇراببالارنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى، لەززەتلىكى بولۇپ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، سەۋدا خاراكتېرلىك ماددىلارنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى ساقايتىدۇ. ئاشقازاندا بەلغەم بولمىسا تېز ھەزىم بولىدۇ، بەلغەم بولسا شۇ بەلغەمگە ئۆزگىرىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇرابباسىنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغىنى شېكەر بىلەن قىلىنغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تاماق سىڭدۈرگۈچى، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكى شۇ خىل تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: قۇرۇق پوستىنى كۆيدۈرۈپ سەپسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، زەخمىلەرنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زەكەر ۋە باشقا قۇرۇق مىزاجلىق ئەزالارنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. يېڭى كالا يېغى بىلەن سۈركىسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، سىركە بىلەن سۈركىسە بەھەقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ لېشىنى ئارپا ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ چاپلىسىمۇ ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. خۇنسىياۋشان بىلەن چاپلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىششىقلار: سالايە قىلىنغان قاپاق زىمات قىلىنسا قىزىل ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۆشى ۋە لېشىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا كۈنجۈت يېغى ياكى بىنەپشە يېغى، بادام يېغى قوشۇپ مۇۋاپىق قاچىغا تۆكۈپ، سۇس ئوت بىلەن سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى بىنەپشە ۋە نىلۇپەر يېغى بىلەن ئوخشاشدۇر.

**تەبئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەن ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. مالىخولىيا، زىيادە ئۇيقۇسىزلىق، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشنەلىك، ئىسسىقتىن بولغان قولاق ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، جۇدەتكۈچى تەپ، قاتتىق ئىششىق قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال

قىلىنىدۇ، بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن مايلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ، بولۇپمۇ ئۇرۇقىنى قاتمىغان خېمىنىڭ پوستىنى ئاقلاپ گۆشى، لېشى ۋە ئۇرۇقى قاتارلىق ھەممە قىسىملىرىنى ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن سوقۇپ يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ، سوۋۇغۇچە تۇرغۇزۇپ ئۇستىگە ئۆرلىگەن يېغىنى ئېلىپ ئىشلەتسە سوۋۇتۇش، ھۆللەشتۇرۇشكە ئوخشاش ھەممە تەسىرلىرى ۋە باشقا تەسىرلىرى ئۇنىڭ كۈنجۈت يېغى بىلەن تەييارلانغان يېغىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. قاپاقنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىچىگە تۆمۈر پوقى توشقۇزۇپ، 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ خېنىنى ئۇنىڭ بىلەن خېمىر قىلىپ چاچقا سۈركىسە چاچنى ياخشى قارايتىدۇ.

قاپاق مېغىزىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، قوزغالغان خىلتلارنى تىنچلاندۇرغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۆپكىنى نەمدەيدۇ، قان تۈكۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىقتىن بولغان تەپ، ئىسسىق خىلتتىن بولغان ئۈچەي، دوۋساق يارىسى، بۆرەك ئورۇقلاش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىللەتلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ يېغى مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئېشىش، ئۇيقۇسىزلىق، سىل، ئىسسىق تەپلەر، سەپرادىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ، تېمىتىلىدۇ ياكى سۈركىلىدۇ. تاتلىق قاپاق مېغىزى يېغىنى خۇنسىياۋشان بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ ياكى ئۇنىڭ مېغىزىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ زىمات قىلسا باللارنىڭ باش ۋە بەدىنىدىكى يارىلار، جاۋغاي، قۇلاق ئاستى، زەكەر ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تاۋۇز، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىدۇر.

قاپاق ھالۋىسى، يېغى، مۇرابباسى، سىركىگە چىلانغان ياسالمىسى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## قەرئۇل مۇرر
(ئاچچىق قاپاق)

يەنى ئاچچىق قاپاقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندىچە «تونبەرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تاتلىق قاپاق ئۆسۈملۈكىنىڭ پېلىكىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق، زەھەرلىكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاز مىقدارى كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قەي قىلىنسا ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا زىققە نەپەس، ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. گۈلىنىڭ سۈيى ئىچىلسە ۋە بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە، يەرقان، ھۆللۈكتىن بولغان ۋە مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ھىندىچە «بەكمە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، قۇرۇق ئىسسىقتۇر. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە زىمات ياكى مەلھەم قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇرۇتۇلغان ئاچچىق قاپاقنى يېرىپ ئىچىدىكى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاش لېشىنى ئېلىۋېتىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئاز مىقداردىكىسىنى بۇرۇنغا تېمىتسا كۆز ئېقى ۋە يۈز سارغىيىپ كەتكەن يەرقانغا، مېڭىدىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا شىپا بولىدىكەن. ھۆللۈكلەر ۋە بۇرۇن، كۆزدىكى سېرىق بەلغەملەرنى چىقىرىدۇ.

## قىرفەتۇد دارچىنى

(دارچىن پۇراقلىق قىرفە)

بىلگىنكى، «قىرفە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ھەرقانداق دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى كۆرستىدۇ، ئەمما تېۋىپلار ئۇنىڭدىن مەخسۇس بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ، بۇ دەرەخ يۇنانچە «فەنىيفىتراس»، سۇريانچە «زەرۋافور»، رىمچە «فىيرفىيتوسنىين»، ھىندىچە «تەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ سەيلان ئاراللىرىدا ئۆسىدىغان دارچىن دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، دارچىنىدىن قېلىنراق، يىرىكرەك بولىدۇ. بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، بەزىلىرى دارچىن رەڭگىدە، بەزىلىرى قارامتۇلراق، بەزىلىرى سېرىققا ۋە ئاققا مايىل، سىزىقلىق بولىدۇ. بەزىسىنىڭ پۇرىقى قەرەنپىلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش، سەل ئۆتكۈر بولۇپ، «قىرفەتۇلقەرەنپىل» (قەلەمپۇر پۇراقلىق قىرفە) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىسىنىڭ پۇرىقى دارچىننىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، «قىرفەتۇددارچىنى» (دارچىن پۇراقلىق قىرفە) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى بەتبۇي پۇراقلىق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى قەلەمپۇر پۇراقلىق قىرفىنىڭ دارچىن رەڭلىك، قارامتۇل، ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولغان، كونىرىمىغان ۋە بۇزۇلمىغانلىرىدۇر. ھەممىنىڭ ناچىرى رەڭگى سۇس، توپا رەڭ، بەتبۇي پۇراقلىق بولغىنىدۇر، بۇلار دارچىنغا ئائىت ماۋزۇدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. قەلەمپۇر پۇراقلىق قىرفىنىڭ مىزاجى ۋە تەسىرلىرى قەلەمپۇرغا ئوخشاش بولىدۇ. دارچىن پۇراقلىق قىرفە

بولسا دارچىنغا يېقىن كېلىدۇ، يەنى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن كۆچلۈكرەك دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

باشتىكى ئەزالىرى، پەي ـ نېرۋىلار كېسەللىكلىرى: پالەچ، لەقۋا، تۇتقاق كېسەل، پەي-نېرۋا كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ خىل تەسىرى دارچىندىن كۆچلۈكرەك بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە ياربلار: سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەلىخە.

## قىرقىمان
(دەرەخ پورى)

ئۇ «قەرقەمان»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بەزى قېرى دەرەخلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھىجاز ۋە ئۇستۇنكى مىسىردىكى خورما ۋە مۇقەل دەرەخلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسىدىن ئىبارەت. ئەنتاكىي بەزى قېرى دەرەخلەرنىڭ، بولۇپمۇ مۇقەل دەرىخىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان قۇرت يېگەن نەرسىدىن ئىبارەت دېگەن.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاناش، كونا ئىچ سۈرۈش ۋە باشقا ئاقمىلارنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك، سۈت ھەيدەيدۇ. چىشقا سېپىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىشلارنى ئاقارتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا بەدەن تېرىسىنى يۇمشىتىدۇ.

## قەرقۇمەغما
(زەپەر يېغى لېيى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «قەرقۇغما»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ زەپەر يېغىنىڭ لېيىدىن ئىبارەت، چۈنكى «قەرقۇ» دېگەن سۆز زەپەرنى، «مەغما» دېگەن سۆز پېسەپنى كۆرسىتىدۇ. تاللاپ ئىشلىتىلىدىغىنى ۋە ياخشىسى خۇش پۇراق، ئېغىر، قارا بولغانلىرىنىڭ ياغاچ ئارىلاشمىغان، چاينىسا چىشقا چاپلىشىدىغان ۋە

چىشنى رەڭلەندۈرىدىغان، سۇدا ئېرىتسە سۇنى زەپەر رەڭگە كىرگۈزىدىغانلىرىدۇر. ئەنتاكىي ئۇنى زەپەر يىغى دەپ بىلگەن.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، پەي ـ نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. كۆرگۈچى روھنى كۈچەيتىدۇ.

## قىرمىز
(قىزىل خانقىز)

ئۇ رىمچە سۆزدۇر. بەزىلەر تۈركچە دەيدۇ. ئەرەبچە «دۇدۇس سەبباغىين» (بوياقچىلار قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ. «سىبغى ئەرمەنىي» (ئەرمەنىيە بويىقى)، «قەفر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «كەرەمى رەڭگىرىزان» (بوياقچىلار قۇرتى)، «كەمرەڭ»، يۇنانچە «ئەنىيقرۇس»، سۈريانچە «ئەغنىيۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس تۆتىنچى ماقالىدە «قەفىيس» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل كىچىك ھايۋان بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە، بولۇپمۇ جىدار ئوتى يوپۇرمىقى ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ. يېسىمۇق پۇرچىقى چوڭلۇقىدا چوڭىيىدىغان بولۇپ، قىزىل بولىدۇ. چوڭلىغانسېرى شۇنچە قىزىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا چۇشكەن شەبنەم بولۇپ، ئۈستىدە يېسىمۇق دېنىغا ئوخشاش بىر نەرسە كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ئۇ خۇددى ھاشاراتنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ يۇمىلاق نوقۇتتەك بولىدىكەن، ئۇچىدىغان ھاشاراتقا ئوخشايدىغان بولۇپ، ھېلى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدىكەن. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يېرىلىپ ئىچىدىن قىزىل رەڭلىك كىچىك قۇرت چىقىدىكەن. كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ رەڭگى قېنىقلىشىدىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى شارابتىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ياكى شاراب بىلەن قاينىتىش بىلەن ئايرىۋېلىنىدىكەن. بۇ رەڭ ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن، نەققاشلار كىتابلارنى بېزەشكە، بوياقچىلار رەختلەرنى بوياشقا ئىشلىتىدىكەن. يىپەك، پاختا رەختلەرنى بوياشتا ئىككى ھەسسە يىپەك ياكى پاختا رەختكە ئۇنىڭ بويىقىدىن بىر ھەسسە قوشۇپ قايناتسا ناھايىتى چىرايلىق بويىلىدۇ. ئەمما چىگە رەخت بىلەن پاختا يىپ ياخشى بويالمايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شارابقا چىلانغىنى ۋە شارابقا چىلانمىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. شارابقا چىلانغىنى دانلىق، رەڭگى ئوچۇق بولۇپ، سۇغا بىر دانە

تاشلىسا ئۇنى تېزلا رەڭدار قىلىدىكەن، ئەمما شارابقا چىلانمىغىنى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل رەڭلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىزىل رەڭلەر ئىچىدە ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق يەنە بىر خىل رەڭ يوقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى ئوچۇق، كۆركەم، پارقىراقتۇر، بولۇپمۇ ئالتۇن رەڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىلسا ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. يېپەك ۋە يۇڭ رەختلەر ئۇنىڭ بىلەن بويىسا رېڭى ياخشى ئىچىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قۇبرۇس ۋە ئەرمىنىيە شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن يېڭى، ناھايىتى قىزىل بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قان توختاتقۇچى قۇۋۋىتى باردۇر.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئۇدا بىر ھەپتە ئىستېمال قىلسا ھەيزنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا ھامىلىدار بولۇشنى چەكلەيدۇ. سەپسە بوۋاسىرنى قۇرۇتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا، چوڭ يارىلارنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئەزالارنىڭ سۇنۇشى، پەيلەر ۋە باشقا ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشىگە ياخشى پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: قاينىتىلغان سۈيىنى تۆكسە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چاچنى ياخشىلاپ ئۆستۈرىدۇ. پىتلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنى قىزىل يىپەك بىلەن بىرگە ئۆزىگە ئېسىۋالسا تەپنى پەسەيتىدۇ.

## قەرن
## (مۈڭگۈز)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. سۈريانچە «قەرنە»، پارسچە «سەرۇن»، «شاخى ھايۋان»، ھىندىچە «سىينكھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە كەلگەن ئەزىيەتنى توسۇش ئۈچۈن قوغدىنىش قورالىدۇر. كالىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، ئۆچكە، قوي، كېيىككە ئوخشاش گۆشى ھالال ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۈڭگۈزى باردۇر. ئەركەكنىڭ مۈڭگۈزى چىشىنىڭ مۈڭگۈزىدىن چوڭراق ۋە ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاسىل بولۇش ماددىسى يۇڭنىڭ ھاسىل بولۇش ماددىسىدىن كۆپرەك ۋە قويۇقراق بولىدۇ. مەزكۇر سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «قۇرۇن»

دۇر.

**تەبىئىتى:** ئومۇمەن ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇيۇلغان تۇزغا ئوخشاش قۇرۇتقۇچى ۋە قورۇغۇچىدۇر. كۆپىنچە كۆيدۈرۈلگىنى ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** كۆزگە سۈركىسە ماددىلارنىڭ كۆزگە يۇزلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

**ھەزىم ئەزالىرى ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئاشقازان بوشاشقا شىپا بولىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. يەرقان ۋە دېزىنتېرىيەگە داۋا بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى. ھەرقايسى ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى شۇ ھايۋانغا دائىر ماۋزۇدا بايان قىلىندى.

بۇغا مۈڭگۈزى سۈريانچە «قەرناۋىيلا»، يۇنانچە «سەمقورىيا»، رىمچە «سەمقورىيس»، پارسچە «سەرى گاۋى كوھى»، «شاخى گوزەنى نەر»، ھىندىچە «بارە سىنگھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قېرى بۇغىدىن ئېلىنغىنىدۇر.

يەنە «قەرن» دېگەن سۆز ئەندەلۇس شەھەرلىرىدىن بولغان بالىغە شەھىرى خەلقىنىڭ تونۇشىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يۇنانچە «قەرتۇمەن» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ بايان قىلىندى.

«قەرن» دېگەن بۇ سۆز يەنە ئەنتاكىيىنىڭ سۆزىچە ئازاد دەرىخى چوڭلۇقىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى ئىكەن. مېۋىسى زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئاۋۋال قىزىل بولىدىكەن، ئارقىدىن قارىدايدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈش ۋە يارىلارغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ كۆلى تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مېۋىسىنى خام ۋاقتىدا، يەنى كۆك بولۇپ، تېخى قىزارمىغان ۋاقتىدا ئېلىپ سالايە قىلىپ، ئىششىقلار ۋە يارىلارغا سۈركىسە تېزلا يوقىتىدۇ.

## قەرەنپۇل
(قەلەمپۇر)

ئۇ «قەرنەفۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «غەرنىيۋاس»، رىمچە «قەرفەلۇن»، پارسچە «مىيخەك»، ھىندىچە «لوڭ»، ئىنگلىزچە «كىلوف» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپلىگەن سۆزلەر ئېيتىلغان. تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، زىرباد ئاراللىرىنىڭ «جاۋە» ۋە «بەتاۋىيە»دەپ ئاتىلىدىغان ئارىلىدا ئۆسىدۇ، باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئارال خىرىستىيانلارنىڭ بىر تارمىقى ۋولەندىسلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى

ئومۇمەن كەنار دەرىخگە ئوخشايدىغان بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدىكەن. خۇددى ھىندىچە «چەنبىلى» دەپ ئاتىلىدىغان يەسمەننىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇستىگە ئۆسۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە پەسكە ساڭگىلايدۇ. يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. قەلەمپۇردىن ئىبارەت بولغان مېۋىسى ئىنچىكە، بارماق بوغۇمىدىن قىسقىراق، سەل ياپىلاق، بېشى چىشلىق بولىدۇ، بېشىدا خۇددى سۇ كۆپۈكچىسىگە ئوخشاش يۇملاق نەرسىسى بولىدۇ. بۇ نەرسىسى قۇرۇغاندا بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەش ئارقىلىق سۇرۇلۇپ ئاجراپ كېتىدۇ. ئۇ ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدۇ. ئەركىكى چوڭراق، كۈل رەڭ، رەڭسىز، پۇراقسىز، چىشىسىدىن تەمسىزرەك بولىدۇ. چىشىسى كىچىكرەك بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىكرەك، ياخشىراق بولىدۇ. چىشىسىنىڭ يېڭى، خۇش پۇراق، پۇرىقى كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر، تەمى تاتلىققا مايىل، قارامتۇل، دانلىق، چاينالغان ياكى سوقۇلغاندا ياخشى يۇمشايدىغان، ياغاچلاشمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغانلىرى ناچارلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش، خۇرسەن قىلىش قۇۋۋىتى بار.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: روھلار، ۋە ئىچكى رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇلارنى ئاسرايدۇ. يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، بۇرۇنغا تېمىتىلسا، پۇركىسە، مەلھەم قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، تەپەككۇرنى جانلاندۇرىدۇ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، پالەچ، لەقۋا، تەكرار چۈشىدىغان نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى توسىدۇ، سەكتىگە پايدا قىلىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سەۋدا خاراكتېرلىك، پەي ـ نېرۋا خاراكتېرلىك ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە، سەۋدا مىزاجلىقلار ۋە مىزاجىدا سەۋدا غالىب بولغان كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. چاينىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئېغىزنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىپ خۇشبۇي قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، كۆزگە ئۆسكەن پەردىنى يوقىتىدۇ، كۆز تورلىشىشقا شىپا بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسىمۇ كۆزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ھۆللۈكتىن بولغان كونا زىققە نەپەس، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، ياتسىراش، قورقۇش، ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ، باتۇر قىلىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىم قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئۈچەي، جىگەر ۋە سۇۋىغان بۆرەكنى قىزىتىدۇ، تال، باھ، بالىياتقۇنى

قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قىزىتىدۇ. مەزكۇر ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھىق تۇتۇش، كېكىرىشكە داۋا بولىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدىغان شىلىمشىق غىزالاردىن پەيدا بولغان قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. سۇلۇق ئىششىق، سۇيدۈك تامچىلاش، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، ھۆللۈكتىن بولغان ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى فەرزىجە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا باھنى ئىنتايىن قوزغىتىدۇ. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىش داۋاملاشتۇرۇلسا ھامىلدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ، بالىياتقۇنى قىزىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكىدىن كۈنىگە بىر دانە يۇتۇلسا ھامىلدار بولماسلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ چىشىسى پېشانىگە مەلھەم ۋە زىمات قىلىنسا مېڭىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. سوغۇقتىن ئاغرىغان ئورۇنلارغا سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا سۈركىسە تارقىتىدۇ. چاپناپ زەكەر تۆشۈكىگە سۈركەپ جىما قىلسا، ھەر ئىككى تەرەپتە لەززەت پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۆرەك، ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا دارچىن، يېرىم ھەسسە بەسپاسە، يېرىم ھەسسە پەرەنجىمىشكى، يېرىم ھەسسە خولىنجاندۇر. باراۋەر مىقداردا خولىنجانمۇ دېيىلگەن.

ئۇنىڭ ئەرقى ھەممە جەھەتتە شارابىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە، قىزىلگۈل بەرگى ۋە گاۋزىبان بەرگىنىڭ ھەربىرىدىن بىر يېرىم ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، تەنبۇل دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەممىسىنى گۈلابقا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ، قائىدە بويىچە ئەرەق تارتىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە خۇرسەن قىلىدۇ، ئىچكى - تاشقى ئەزالار، ئاشقازان، جىگەر ۋە ھەزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەر ۋە زەھەرلەرنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. خىلىتلارنى تەڭشەيدۇ. ئىستىسقا ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا كېسەللىكلەرگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، 16 ھەسسە ئىككى خىل ئانار سۈيى ۋە بىر ھەسسە ساپ ھەسەل بىلەن بىرلىكتە شىشە قاچىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ ئات قىغىغا بىر ھەپتىگىچە كۆمۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىپ تەييارلانغان شارابى ئىچىلسە باشقا شارابتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ شەربەت

تەييارلاپ ئىچسە، سوغۇقتىن بولغان داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، يېغى، شارابى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## قەرەنپۇل بۇستانىي
(پەرەنجىمىشكى يوپۇرمىقى)

**ماھىيتى:** ئۇ پەرەنجىمىشكى يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. ھىندىچە «ئەنبەل»، «رام تولسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەرەنجىمىشكى ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى. ئەرقىنىڭ پۇرىقى، تەمى قەلەمپۇر ئەرقىگە ئوخشايدۇ. يەرلىك قەنتەرىيۇن غەلىزنىڭ گۈلىنىڭ پۇرىقى ۋە ئەتىرى قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن شىراز خەلقى قەلەمپۇر بوستانىي دېگەن بۇ سۆزدىن قەنتەرىيۇن غەلىزنى نەزەردە تۇتىدۇ.

## قەرەنپۇل شامىي
(شام قەلەمپۇرى)

ئۇ «قەرەنپىلىييە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ماراكەشچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يىرىك، شاخلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقى ۋە بىنەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل ئاق بولىدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، قەلەمپۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى قارا خەربەقكە، پۇرىقى دارچىنغا ئوخشايدۇ. كۆپ ھاللاردا نەم يەرلەردە ياۋا رەيھان بىلەن بىرگە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يەلدىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياش بەز ئاقمىسى، ئەمچەك ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئەمچەكتە ئۇيۇپ قالغان سۈتنى تارقىتىدۇ. گۈلنى پۇرىسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە نەپەس قىيىنلىشىش، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، سىيىش قىيىنلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا تۇتۇلغان ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا ھەيز تۇتۇلۇشتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. قايناتمىسىنى سۇ

بىلەن زىمات قىلىسا ئەزالار سوقۇشتىن بولغان زەخىمىسىگە شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنى سوقۇپ ياغ بىلەن قاينىتىپ شۇ ياغ بىلەن ياغلىسا تىتانۇس ۋە تەپلەردىكى تىترەكنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئىستېمال مقدارى:** ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرۇنۇسسۇنبۇل
(بىيش ئۇرۇقدىشى)

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئىختىلاپلار باردۇر. بەزىلەر سۇمبۇلنىڭ بىر خىلىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، سۇمبۇل بىلەن بىرگە تېپىلىدۇ، ھالاك قىلغۇچى بولىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر سۇمبۇل ھىندىنىڭ بەزىسىنىڭ يىلتىزى بىلەن بايقىلىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر يولۋاسبوغار ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى، دەيدۇ. بەزىلەر شەۋكىران يىلتىزى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر بىيشقا ئوخشاش بىر خىل يىلتىز بولۇپ، زەھەرلىك بولىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر بىيشنىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ بىيشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ھىندىچە «سىنگىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ب» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «بىيش» قا دائىر ماۋزۇدا بايان قىلىنىدى. ئۇ قارا، ئىنچىكە بولۇپ، سۆئىدىن ئىنچىكرەك، ئۇزۇنراق، پارقىراق، بەزىسى ئاق رەڭلىك بولىدۇ.

**تەبئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا كونا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ قاينىتىلغان ياغ بىلەن ياغلىسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا ئەزالارنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ يەتتە مىللىگىرامى ئەقلىنى ئېلىشتۇرۇش، قان سىيدۇرۇش، تىلنى قارايتىش ۋە مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا، يەنى ئۈچ گىرام، ھەتتا بەش گىرامغىچە كافۇرنى سۈت بىلەن ئىچۈرۈش، ئاقلانغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسىنى قار ـ مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچۈرۈش، گۈلاب، قۇرسى كافۇرنى كالا قېتىقى سۈيى بىلەن ئىچۈرۈش، يۈرەك، جىگەرنىڭ ئورنىغا سەندەل، كافۇرغا ئوخشاش دورىلارنى گۈلاپ، سۆگەت يوپۇرمىقى سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن زىمات قىلىش، يېڭى سېغىلغان سۈت، چۈچۈمەل ئالما تالقىنى، يۇيۇلغان ئارپا تالقىنىنى سوۋۇتۇلغان گۈلاب بىلەن ئىچۈرۈش، چۈچۈمەل ئانار سۈيى، تاۋۇز

سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، بېھى ئۇرۇقى شىرىسى، سوۋۇتۇلغان ئىسپىغول شىرىسىنى گۇلاب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىچۈرۈش لازىم.

## قەرىيس
(گۆش سۈيى ئۇيۇتمىسى)

بەزىلەر ئۇنى «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدىغان «مەسۇس» (دورا ـ دەرمان ۋە سىركە بىلەن پىشۇرۇلغان چۈجە گۆشى)گە ئوخشاش بىر غىزا دەيدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى بېلىق گۆشى ياكى ھەرقانداق گۆشنىڭ ئۇيۇتۇلغان سوغۇق سۈيى دەيدۇ.

## قەرىيس

**ماھىيىتى:** بېلىق گۆشى، ئوغلاق گۆشى، توخۇ چۈجىسى گۆشى، پاقالچاق گۆشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاسان ھەزىم بولىدىغان گۆشلەردىن سىركە، چۈچۈمەل نەرسىلەر، ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەر ۋە خۇش پۇراق دورىلار قوشۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل، ھۆللۈكى ۋە سوغۇقلۇق بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر سەپرا ۋە قاننى پەسەيتىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. يەنە نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، يۆتەل ۋە زىققە نەپەسكە زىيان قىلىدۇ.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قۇززاھ
(چۆل رەيھىنى)

ئۇ ماراكەشچە سۆز بولۇپ، ئافرىقا ئەرەبلىرى «ئەلەجان»، شىراز خەلقى «كۇمە»، «كۇمات» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قەيرىۋاندىكى تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئارپىبەدىيانغا ئوخشايدۇ، تۆگە ئۇنى يەيدۇ. يوپۇرمىقى ئارپىبەدىيان يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكىرەك، شاخلىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. شاخلىرى گىرەلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە

بولۇپ، رۇمبەدىيان ئۇرۇقىغا، تەمى ئارپىبەدىيانىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە مېۋىسىدىن ئىبارەت ھەممە قىسمى خۇش پۇراق بولىدۇ. مىسىر ۋە شىراز ئەتراپلىرىدىمۇ ئۆسىدىغان بولۇپ، قوي ئۇچۇن ئەڭ ياخشى يەم ـ خەشەك بولۇپ، ئۇنى سەمرىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شۇ جايدىكى خەلقلەر ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىنى دورا ـ دەرمان سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان بولۇپ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، كېكىرتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. تائاملارغا قوشۇلسا لەززەتلىك قىلىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى 100 گىرام شېكەر بىلەن ئىچىلسە يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئۇچەيلەرنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «س» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قۇس

(مېۋىسىز يۆگىمەچئوت)

**ماھىيىتى:** مېۋىسىز يۆگىمەچئوتتىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇششاق، گىرەلىشىپ ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلسا دىماقنىڭ سېسىق پۇرىشىنى يوقىتىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە غولىنىڭ سۈيى ئىستېمال قىلىنسا ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: يىلتىزىنىڭ سۈيى سىركە بىلەن ئىچىلسە دۆنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ.

### قەسب

(توك خورما قېقى)

ئۇ چالا پىشقان قۇرۇق خورمىنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. ماراكەش خەلقى «مۇقەلقەل» دەپ، نەجد خەلقى «ئەرەق»، «بەرشۇم» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «خورمايى سەنگ ئەشكەن» دەپ، شىرازچە «قەسبەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** چالا پىشقان، كامالىتىگە يەتمىگەن تولۇق خورمىنىڭ زىيادە قۇرۇغان قېقىدىن ئىبارەت. ئۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ، سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىلدۇرۇپ ئۇخشىمىغان پارچىلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن قۇرۇتۇلغانلىرى «شەكەم دەرىيدە» (يېرىق تولۇق خورما قېقى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈستىنى بۇلبۇل يەپ دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ قۇرۇغانلىرى «بۇلبۇل خۇردە» (بۇلبۇل يېگەن تولۇق خورما قېقى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاتلىقراق بولىدۇ. ياخشىسى چوڭ، گۆشلۈك، كىچىك، قۇرۇق، قاتتىق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرگۈچى، تالالىرىنى چىڭىتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، قورساقنى ئەسكۈچىدۇر، بولۇپمۇ ئۈستىدىن سۇ ئىچسە قورساقنى تېخىمۇ ئېسىدۇ. ياڭاق مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكتىكى خىلىتلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ.

ياخشى قۇرۇمىغىنى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، قۇرۇقلۇقى يوقتۇر. قورساقنى ئېسىدۇ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، بەزىدە ئىچنى سۈرىدۇ. تۇزەتكۈچىسى قورۇلغان ياڭاق مېغىزىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىكەن، تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدىكەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ سەل كۆككە مايىل قۇرۇغىنىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، ھۆل سوغۇق تائامنىڭ ئۈستىدىن ئىستېمال قىلىش لازىم، بولۇپمۇ ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ئەمما ئۇرۇق تۇتمىغان تولۇق خورمىنىڭ قېقىنىڭ ھەممە تۇرلىرى يەل پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى تارتىشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراقتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركىگە چىلانغان زىرىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** تولۇق خورمىنىڭ ھەرقاندىقى خۇددى خورمىدىن تەييارلانغان باشقا تاتلىقلارغا ئوخشاش چىش ۋە چىش مىلىكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن چۈچۈمەل سىركەنجۇبىل، ئىككى خىل ئانار شەربىتى، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركىگە چىلانغان زىرىدۇر.

بەزىلەر ئۇنى خورمايى ھىرۇنىيدۇر دەيدۇ.

## قۇست
(قۇستە)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يۇنانچە «قۇستۇس» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەن

ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىچە «كۇتە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن ئىكەن. سۇريانچە «قوشنا»، «قۇشنا»، پارسچە «كوشنە»، فىرانسۇزچە «كۇست»، ھىندىچە «كۇت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، لۇپاھ (بىلادونا) ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى غولسىز بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ياغاچلاشقان بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ھىندىچە «پەكەرمول» دەپ ئاتىلىدىكەن.

بىلگىنكى، قۇستە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى تاتلىق، ئاق، سېرىققا سەل مايىل، يېنىك، خۇش پۇراق بولۇپ، «قۇستە بەھرى» (دېڭىز قۇستىسى)، «قۇستە ئەرەبىي» (ئەرەب قۇستىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى ئاچچىق، قارىغا مايىل، ئىچى سېرىققا مايىل، توم، يەڭگىل، پۇراقسىز بولىدۇ، ئۇ «قۇستە ھىندى» (ھىندىستان قۇستىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى قىزىلغا مايىل، ئېغىر بولۇپ، ئېغىرلىقى شەمشاد ياغىچىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئاچچىق ئەمەس، ئۇ زەھەرلىك بولۇپ ھالاك قىلغۇچىدۇر. سەبرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغىنى ناچاردۇر. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا تاتلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئومۇمەن ئۇ پايدىسى كۆپ قىممەتلىك دورىلاردىندۇر. ئاق، يېڭى، تاتلىق، قۇرت يېمىگەن، خۇش پۇراق، توم، گۆشلۈك بولغانلىرىنىڭ چاينىسا تىلنى سەل چاقىدىغان، پوستى نېپىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىنىڭ قارا، يەڭگىل بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا شامدىن چىقىدىغىنى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى 10 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. بەزىلەر راسەن يىلتىزىنى قۇستە شامى دەپ بىلىدۇ ۋە قۇستە بەھرىي (دېڭىز قۇستىسى) بىلەن ساختىلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق راسەن يىلتىزىنىڭ قاتتىقلىقى، خۇش پۇراق بولماسلىقى ۋە تىلنى چېقىشىدۇر، يەنى قۇستە بەھرىينىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ راسەن يىلتىزىدا بولماسلىقىدۇر.

**تەبىئتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. قورساقنى ئەسكۈچى ئارتۇق ھۆللۈكى بار، ئاچچىقىنىڭ ئىسسىقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى تېرىنى يارىلاندۇرغۇدەك دەرىجىدىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** رەئىس ئەزالار، كېرەكسىز ماددىلارنى چىقارغۇچى ئەزالار، پەي-نېرۋىلار ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. قىزىتىشقا تېگىشلىك ئەزالارنى قىزىتىدۇ. قان، باشقا خىلىتلار ۋە زەھەرنى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ. مېڭىگە

مەنسۇپ مەست قىلغۇچى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئاق قۇستەنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ياخشى بولۇپ پايدىسى كۆپتۇر. ھەسەل ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئالدى مېڭىنىڭ ئاغرىقلىرى، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، تەشەننۇج، قاتما، رەئشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۆچكە ياكى كالا يېغى بىلەن قايناتتىپ سۈركىسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. يامغۇر سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا تېمىتسا باشنىڭ كونا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باشقا سۈركىسە ئۇنتۇغاقلىقنى قالدۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا پالەچ، ئىسترخاغا داۋا بولىدۇ، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا ئۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زۇكام ۋە چىرىندىلەردىن بولغان ۋاباغا شىپا بولىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: بەش گىرامى شاراب ۋە ئەپسەنتىن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقلىرى، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەلگە داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىنسا ئۆپكىدىكى شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىدۇ، بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى ۋە پەي ـ نېرۋىلار كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ بوشىشى، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە داۋا بولىدۇ. پەيلەر ۋە بوغۇملارنى قىزىتىپ كېسەللىكلىرىنى ساقايتىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكلەر ۋە بەلغەملەرنى سۈمۈرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. شىلىمشىق خىلىتلارنى پارچىلايدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، دوۋساقنى قىزىتىدۇ ۋە ئۇلاردىكى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ . قورساق مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىدۇ. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقا، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. قورساق ئاغرىقى، باليانقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلار، قاپاق ئۈرۈقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ياكى ھەمەلچە قىلىنسا ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چىقىرىدۇ، باليانقۇنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا ياكى ئۇنىڭ

بىلەن كۆپىيىش ئەزالىرىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسىمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىرلەرنى بېرىدۇ. 1.5 گىرامى ھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زىمات قىلسا، يېغى بىلەن مايلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**تەپلەر:** سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان كونا تەپكە پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات تەييارلاپ بەلغەمدىن بولغان بەزگەك تۇتۇشتىن ئاۋۋال چېپىلسا پايدا قىلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تېرىدىكى داغ ۋە ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. سىركە، قەتران ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ، يەرلىك ئورۇنغا چاچ ئۈندۈرىدۇ. سەپكۈن، تەمرەتكە ۋە يۈزدە پەيدا بولغان چىقانلارغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. كونىسى سېپىلسە ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. ھۆلى تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: بەش گىرامى شاراب ۋە ئەپسەنتىن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، ئۇلارنى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ، ئەفئا يىلىنى، چايان ۋە دۈنىڭ زەھەرلىرىگە ئوخشاش ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە ئاقىرقەرھا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئېگىر تۈركى ئىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** لەيلىگۈلدۇر.

ئاچچىق قۇستەدىن 200 گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، شارابقا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ، ئىككى لىتىر زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۇس ئوتتا شاراب كۆيۈپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان ئاددىي قۇستە يېغىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پەيلەر، ئەزالار ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان تەپلەر تۇتۇشتىن ئاۋۋال ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇزارتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مايلاپ بېرىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 21 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاق ئاچچىق قۇستە پارس شەھەرلىرىنىڭ چۆللىرى ۋە تاغلىق رايونلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى «فاشرا» (مىڭشاخ) دەپ ئاتىلىدىغان «كەرمەتۇل بەيزائ» (ئاق تال)

ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تومراق، ئاچچىق بولىدۇ. ئۇ قىزىل قۇستە دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئەنتاكي:** «قۇستەنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، شۇ شەھەر خەلقى ئۇنى ئاچچىق قۇستە، يىلان دورىسى دەپ ئاتىشىدىكەن، مەن ئۇنى كۆردۈم ۋە يىلتىزىنى ئېلىپ كېلىپ سىناق قىلدىم» دەپ يازغان.

داۋائى قۇستە، ئۇنىڭ ياغلىرى، مەجۇنلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## قەستەرۇن
(ئوتتىن قاچار ئوت)

يۇنانچە ئوتتىن ئازارلانغۇچى دېگەن مەنىدە «قەسھەرۇتەرۇقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ سوغۇق يەرلەردە ئۆسكەنلىكى ئۈچۈندۇر. رىم خەلقى ئۇنى «بەرتانىيقى» دەپ ئاتىشىدۇ، «رەسمارىيتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەر يىلى يېڭى ئۇنىدۇ. غولى ئىنچىكە بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىز ئۆسىدۇ، غولى تۆت قىرلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، تۆۋەن تەرپى كەڭرەك بولۇپ، تەدرىجىي ئىنچىكىلىشىدۇ، بەللۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، چىشلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. غولىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۇرۇقلىرى چىقىدىغان بولۇپ، خۇددى باشاققا ئوخشاش بىر يەرگە توپلىنىپ تۇرىدۇ. يىلتىزى خەربەققە ئوخشاش، ئىنچىكە بولىدۇ. كۆپرەك ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. ئەنتاكي گۈلى سېرىق بولۇپ، يالپۇز پۇرىقىغا ئوخشاش پۇرايدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يەنە باشقا سۆزلەرمۇ ئېيتىلغان، ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە قىسمى زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

باشتىكى ئەزالار، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، ساراڭلىققا شىپا بولىدۇ. ئۈچ گىرامى ھەسەل ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جىگەر، تال كېسەللىكلىرىگە، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەرقان، ھەيز تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ. ئۈچ گىرامى ئورۇمالى دەپ ئاتىلىدىغان شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ. بىر باقىلە چوڭلۇقىدا ئېلىپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان چۈچۈمەل كېكىرىشنى

تۆگـتـىـدۇ. چايناپ سۈيىنى يۇتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قايىنىتىپ سۈيىنـى ئىچسە ئېغىر قۇسۇشنى توختىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىنىڭ كونا يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئۆپكىگە يىغىلىپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بەدەندە تەپ بولمىسا، ئارىلاشما شاراب بىلەن ئىلمان ئىستېمال قىلسا كۆكرەكتىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. تەپ بولسا سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كۆز، قۇلاق كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى بىلەن كۆزنى يۇسا كۆز ئاغرىقى، تىراخوماغا شىپا بولىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە باشقىلار: ئىستېمال قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشلىرىگە داۋا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: 10 گىرامى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ زىياندىش ھاشاراتنىڭ ناچار زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ زەھەرگە تاقابىل تۇرۇش قۇۋۋىتى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، زەھەرلىنىشتىن ئاۋۋال ئىستېمال قىلىنسا زەھەرنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى ئازايتىدىكەن، زەھەرلەنگەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرنى قايتۇرىدىكەن.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قشارى كۇندۇر
(كۇندۇر پوستى)

**ماھىيتى:** ئۇ كۇندۇرنىڭ بىر - بىرىگە سۈركىلىش جەريانىدا ئاجرىغان ئۇۋاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۇندۇر قاچىلانغان خالتىنىڭ تېگىگە يىغىلىپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى بولۇپ، كۆز دورىلىرى، سۈرمىلەر، مەلھەملەر، مەجۇنلەر ۋە باشقىلارغا قوشۇلىدۇ. قان تۈكۈرۈش، ئۈچەي يارىسى ۋە كونا ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. سېپىلسە يارىلارغا گۆش ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارنى قۇرۇتىدۇ، كونا يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا

بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. قورۇلغىنى قىچىشقاق ۋە بالىياتقۇغا داۋا بولىدۇ. ئاللا خالىسا كۇندۇرغا دائىر ماۋزۇدىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

## قىشر
(قوۋزاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «پوست»، ھىندىچە «چەھال»، «چەلكا» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «قۇشۇر» بولىدۇ. «قىشرە» دېيىلسە، يۇمران ۋە يۇمشاق بولغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ دەرەخلەرنىڭ غولى، شاخلىرى، يىلتىزلىرى، مېۋىسى ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ قوۋزىقى ۋە پوستلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. قوۋزاقلار ۋە پوستلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سىرتى بىلەن ئىچىنىڭ رەڭگى ئوخشىمايدۇ. بەزىدە ئوخشاش بولىدۇ. ئومۇمەن ھۆل، يېڭى ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئاق، ئاققا مايىل، توپا رەڭ، قارا رەڭلەردە بولىدۇ. بەزىلىرى تولۇق پىشقاندىن كېيىن قىزىلغا مايىل سېرىق ياكى قىزىل بولىدۇ. مەسىلەن: تۇرۇنجى پوستى، دارچىن، نارەنجى پوستى، جىگدە پوستى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلار يەنە قېلىن - نېپىزلىك، قوپال - نازۇكلۇق، تەمى، پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈر ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇندا، بەزىلىرى تېز ھەزىم بولىدۇ. يەنە بەزى دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى خۇش پۇراقلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ياغچىدىن پايدىلىقراق، خۇش پۇراقراق، ئۆتكۈرەك ۋە ئۇچۇچانراق بولىدۇ. مەسىلەن: تۇرۇنجى پوستى، دارچىن، قىرفە، سەلىخە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قوۋزاقلارغا ئوخشاش. يەنە بەزىلىرىنىڭ پوستى پايدىلىقراق، ئۆتكۈرەك ۋە ئۇچۇچانراق بولىدۇ. مەسىلەن: كاسىنە يىلتىزى پوستى، كەپە يىلتىزى پوستى، ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى، كەرەپشە يىلتىزى پوستى، پىلپىل، نانخا، يۇمغاقسۇت ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش. بەزىلىرىنىڭ پوستى گۆشىدىن تېزرەك ھەزىم بولىدۇ. مەسىلەن: سەۋزە، تۇرۇپ، تەرخەمەك ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى پوستى بىلەن ئىستېمال قىلىش پوستسىز ئىستېمال قىلىشقا قارىغاندا، پايدىلىقراق ۋە ھەزىم قىلىش تېزرەك بولىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ پوستى گۆشىگە قارىغاندا، قورساقنى ئېسىدۇ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئالما پوستىغا ئوخشاش. ھەربىر نەرسىنىڭ پوستى ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ ۋە بايان قىلىندى.

جالىنۇس ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرى: «ھەر نەرسىنىڭ، ھەتتا مەدەنلەر ۋە مېتاللارنىڭمۇ پوستى بولىدۇ. مېتاللارنىڭ پوستى ئۇلارنىڭ كۆيىسىگە ئوخشاش ئۇنى سوققاندا ئاجرىغان قىسمىدۇر. ئۇ مېتاللارنىڭ ئۆزىدىن ئۇچۇچانراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ» دەيدۇ. مېتاللارنىڭ

كۆيلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان گۆشلەرنى يوقىتىش تەسىرى ياخشىراقتۇر. مىس كۆيىندىسى تۆمۈر كۆيىندىسىدىن ياخشىراقتۇر. پولات پوستى باشقىلىرىنىڭ پوستىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

بىلگىنكى، قەدىمكى تېۋىپلار «قىشىر» دېگەن سۆزدە قوغۇن شاپىقىنى نەزەردە تۇتاتتى، ھازىرقى يەمەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى خەلقلەر ئۇنىڭدا قەھۋەنىڭ پوستىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر نەرسىنىڭ پوستى ئومۇمەن ئۆزىدىن قۇرۇق ئىسسىقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بايان قىلىنغان بەزىلىرىدىن باشقىلىرى تەسىرەك ھەزىم بولىدۇ، بەكرەك يەل پەيدا قىلىدۇ.

تۇرۇنجى پوستىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، يۈرەك، مېڭە، ھەزىم قۇۋۋىتى ۋە سوغۇق ئىچكى ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، چايىنىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئېغىزدىكى سامساق ۋە پىياز پۇرىقىنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاز ئىستېمال قىلىنسا پايدا قىلىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئانار يىلتىزى پوستى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىچنى سۈرگۈچى، ئاشقازان، ئۈچەيدىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چىقارغۇچىدۇر.

ئانار پوستىنىڭ تاتلىقىدىن ئېلىنغىنى ھۆل سوغۇق، چۈچۈمەل ئاناردىن ئېلىنغىنى قۇرۇق سوغۇقتۇر. زىمات قىلىنسا ئۈچەي ئىششىقلىرى ۋە زەخىملىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئىچ سۈرۈش ۋە بۇۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە گىرامىنى سالايە قىلىپ سۈفۈپ قىلىپ ئىستېمال قىلىپ ئۈستىدىن ئىلمان سۇ ئىچسە، مەددە قۇرتلارنى كۈچلۈك چىقىرىدۇ.

ئارپىبەدىيان يىلتىزى پوستى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەسىرى كەرەپشە يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

كەرەپشە يىلتىزى پوستى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. جىگەر، تال كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا كەپە يىلتىزى پوستى، كاسنە يىلتىزى پوستىنىڭ تەسىرىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

ياڭاقنىڭ يېشىل پوستى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئۆتكۈردۇر. ئۇنى پىشۇرۇپ قىيام تەييارلاپ ئىشلىتىلسە، ھۆللۈكتىن بولغان بوغما كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

ياڭاق شاكىلىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى زەخىملەرنى قۇرۇتىدۇ، غىدىقلىمايدۇ.

خىيارشەنبەر پوستىنىڭ 10 گىرامىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تۇغۇتى قىيىن ئايال تۇغۇت ئالدىدا سوغۇق سۇغا سېپىپ ئىچسە تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

پارس قومۇشى پوستىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ.

پىستە پوستى، يەنى پىستىنىڭ سىرتقى پوستى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئاشقازاننى ئاشلىغۇچى، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ پوستلىرى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى ۋە ئاللا خالىسا قىلىنىدۇ.

## قىشمىش
(كىشمىش ئۈزۈم)

ئۇ پارسچە «كىشمىش» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كىچىك، يۇمىلاق، سەل سوزۇنچاق بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن نازۇكراق، شېرىنراقتۇر. ئۇنىڭ تولۇق پىشقىنىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىمۇ ناھايىتى تاتلىق ۋە نازۇك بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈملەرنىڭ قالغان تۈرلىرىدىن نازۇكراق ۋە ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ غورىسىدىن قۇرۇتۇلغان قۇرۇق ئۈزۈمى «غورەئى كىشمىش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ئۇ تائاملارغا قوشۇشقا، ئۇچارقاناتلارنىڭ گۆشى، بېلىق گۆشى ۋە باشقا گۆشلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ پىشۇرۇشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، تەم كىرگۈزىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى «زەبىيب» (قۇرۇق ئۈزۈم) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ص» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قۇساس
(نېپىز پوستلۇق ياۋا كۆك پۇرچاق)

ئۇ ياۋا كۆك پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پوستى نېپىز، دانىسى كىچىك، ناھايىتى ئاق بولىدۇ. «خ» (خۇۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «خوللەر» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى.

## قەسەب
### (قومۇش)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، سۇريانچە «قەنا»، يۇنانچە «ئەسۇنبۇن»، «قالامىن»، رىمچە «فەلاماۋەس»، پارسچە «نەي»، تۈركچە «قابىش»، ھىندىچە «سەركەندە»، «نەل»، فىرانسۇزچە «بەرۋەند» دەپ ئاتىلىدۇ. بەك چوڭ بولىدىغان تۈرى ھىندىچە «بانىس»، ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكىسى «تەرلە بانىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بوغۇملۇق قومۇشنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئۇ كاۋاك، پۇتەي، سۇلۇق زەيلىكلەردە ئۆسىدىغىنى، سۇ بويلىرىدا ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ھەر خىل بولىدۇ. كاۋاك، بوغۇملىرى چوڭ، بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھىندىچە «نەيى ھىندى» (ھىندىستان قومۇشى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرىنىڭ بوغۇملىرى ناھايىتى ئېگىز، بىر ـ بىرىدىن كۆپ يىراق بولغانلىرى «ئاچى» (ئاچىدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زىرباداتنىڭ ئارىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەزكۇر ئارالدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ باشقا ئاراللاردىمۇ ئۆسىدۇ. خەت يېزىش ئۈچۈن قەلەم ياسىلىدىغىنىمۇ كاۋاك قومۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى شۇستەرنى كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋاسىت كەنتىدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا باشقا كەنتلەردىن چىققىنىنىڭ قاتتىق، تۈزۈلۈشى ياخشى، خۇشرەڭ، قىزىلغا مايىل، پارقىراق، سەل ئالا، يىپسىز، تۈز، تولغاشمىغان، مايلىق، يۇمشاق بولغانلىرىدۇر.

ئۇنى تۈزەشكە توغرا كەلسە ئۆسكەن دەسلەپكى ۋاقتىتا ۋە كېسىلگەندىن كېيىن تۈزىتىلىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئۆسۇپ بىر ـ ئىككى غۇلاچ بولغاندا ناھايىتى ئاجىز ۋە ئەگرى ياكى بوغۇملىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغانلىرى قېتىشى ۋە سۇپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن كېسىلىدۇ. ياخشىلىرى ئىچىدە سەل ئەگرى بولۇپ قالغانلىرى بولسا ئېھتىيات بىلەن تۈزلەپ چوڭىيىپ كامالىتىگە يەتكەندىن كېيىن دەرھال كېسىلىدۇ، ئۇزۇن تۈرغۇزۇلسا قۇرۇپ بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باغلام قىلىپ تېڭىپ تۈتۈن يېتەلەيدىغان يەرگە قويۇپ ئىسلىنىدۇ ۋە باشقا تەدبىرلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىرى تاللىۋېلىنىپ باغلام قىلىپ تېڭىلىدۇ، ھەربىر باغلامدا يۈز تال بولىدۇ. تۈزەلمىگەنلىرى ناچاردۇر. تۈزەلمىگەنلىرى ئىچىدىن بەزىدە ئۈچ ـ تۆت دانە نەيزە قومۇش چىقىدۇ، ھەربىرىدە ئىككى ـ ئۈچ دانە بوغۇم بولىدۇ. قالغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بورا ۋە باشقىلىرى توقۇلىدۇ.

ئۇنىڭ پۇتىيىدىنمۇ بورا ياسىلىدۇ ياكى ئوتقا قالىنىدۇ. «قەسەبۇس سۇككەر» دەپ ئاتالغان شېكەر قومۇشىمۇ قومۇشنىڭ پۇتەيلىرىدىن بولۇپ، ئاللا خالىسا ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ پارس قومۇشىدىن ئىبارەت بولغان، رەڭگى كۆك بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىغان «ئانابىيبى» دەپ ئاتىلىدىغىنى، پەقەت تۇيغۇن سۇلاردىلا ئۆسىدىغان «نىبتى» دەپ ئاتالغىنى، سىل ئۆسۇملۇكىنىڭ بىر تۇرى بولغان، سۇلۇق يەرلەردە ئۆستۇرۇلسە قومۇشقا ئايلىنىدىغان «ئەكرەش» دەپ ئاتىلىدىغىنى، نەيزە قومۇشىدىن ئىبارەت بولغان «قەنا» دەپ ئاتىلىدىغىنى، ئەرەبچە «مەران» دەپ ئاتىلىدىغان ئوق قومۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قومۇشنىڭ تۇرلىرىدىندۇر. «بانس» دەپ ئاتالغان قومۇشنىڭ ھىندىستان مەملىكىتى بىلەن زىراباداتتا ئۆسىدىغىنى، بولۇپمۇ بىنگالدا كۆپ بولىدىغان «ئىفرات» دەپ ئاتالغانلىرىمۇ كاۋاك قومۇشنىڭ تۇرلىرىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنسا گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، «خىيرزران»مۇ پۇتەي قومۇشنىڭ تۇرلىرىدىن بولۇپ، «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، كۆيدۇرۇلگىنى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزى ئاززاق جۇلا بەرگۇچىدۇر، ئۆتكۇر ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۇچلۇكرەكتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قومۇش كۇلى سىپىلسە باشتا پەيدا بولغان تاز ۋە كالا تەمرەتكىسگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇلى قۇلاق ئىچىگە كىرىپ كەتسە قۇلاق ئىچىگە چاپلىشىۋېلىپ گاس قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. قومۇش كۇلى سىپىلسە چىشنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ. قومۇش يوپۇرمىقىدا يىغىلغان سۇ كۆزگە سۇركەلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى سالايە قىلىنىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ. كۇلىدىن يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۆت توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۇيدۇك، ھەيز ھەيدەيدۇ. يېڭى چىققان يۇمران يوپۇرمىقىنى سۇدا ئېزىپ سۇيىنى چىقىرىپ سۇزۇلدۇرۇپ ئىچىلسە قان تۇكۇرۇشنى توختىتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: كۆيدۇرۇپ زىمات قىلىنسا قوتۇر، قىچىشقاق ۋە مەينەت زەخمىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا قىزىل ۋە ئىسسىق ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ. ھۆل يىلتىزىنى سوقۇپ زىمات قىلسا ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان ئۇستىخان ۋە ئوقنى چىقىرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا بەل ئاغرىقى، پەي - نېرۋىلار ئاغرىقى، يانپاش

ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. پىشمىغان قومۇش قوۋزىقى، بولۇپمۇ بانىس دەپ ئاتالغان قومۇش قوۋزىقىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئەزانىڭ تېرىسىنى قىرغاندىن كېيىن سېپىلسە ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: چېچىكىنى زىمات قىلىنسا چايان چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ، قولاق ۋە ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چىقىرىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** يىلتىزىنى پوستى بىلەن كۆيدۈرۈپ باراۋەر مىقداردىكى خېنە بىلەن يۇغۇرۇپ سۈركىسە چاچ ئۇندۇرىدۇ، ئۆستۈرىدۇ ۋە يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تېرىنى تازىلايدۇ. پارس قومۇشى قوۋزىقى كۆلى ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ.

تەپ ۋە باشقىلار: پارس قومۇشى يوپۇرماقلىرىنى يەرگە يېيىتىلىپ ئۈستىگە سۇ سېپىپ ئۈستىدە ياتسا ئىسسىقتىن بولغان تەپ بىمارلىرىغا شىپا بولىدۇ، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىنى ئالىدۇ ۋە ساپلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، پىندۇق.

## قەسەبۇز زەرىرە

(نىھاۋەند قومۇشى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «قەسەبى بەۋۋا» (پۇراقلىق قومۇش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇريانچە «قەسادىسما»، يۇنانچە «ئەرمەنىيقۇن»، رىمچە «ئەقيافىيلۇنى»، پارسچە «نەيى نىھاۋەندىي» (نىھاۋەند قومۇشى)، «بەركىينبە»، ھىندىچە «چەرايىتا»، «چەرايىتە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «نىيپال»، فىرانسۇزچە «كالدەم ئەرمانىك» دەپ ئاتىلىدۇ، دىسقۇرىدۇس «قالاس» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىنچىكە بولىدۇ، ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، نەيچىسىمان، بوغۇملۇق بولىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا ئىككى شاخ، شاخ ئۈستىدە يەنە كۆپلىگەن ئىنچىكە شاخلار بولىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا ئىككى دانە يوپۇرماق ئۆسكەن بولۇپ، نەئنائ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە بولغان شاخلىرى ئۇچىدا غۇنچىلار ۋە كىچىك گۈللەر بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ گۈلى بىنەپشە گۈلىگە ئوخشايدۇ. غولى سۇندۇرۇلسا ئىچىدە يىپچىلار كۆرۈلىدۇ، ئىچى ئاق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېتىلغان پاختا ۋە ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولىدۇ. شىلىمشىق بولۇپ، چايىنسا قىرتاق، سەل

ئۆتكۈر تېتىيدۇ. غولى ۋە شاخلىرىنىڭ سىرتقى رەڭگى سېرىققا ۋە قارامتۇلغا مايىل قىزىل بولىدۇ.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى چوڭ بولۇپ، يۇقىرىدىكى سۈپەتلەردە بولىدۇ. يەنە بىرى كىچىكى بولۇپ، يىپقا ئوخشاش ناھايىتى ئىنچىكە بولىدۇ. ھىندىستان، پارس شەھەرلىرى ۋە كەيلۇلە تېغىدا ئۆسىدۇ، بېنگالدىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرى سىلىق بولۇپ، چوڭىنىڭ شەكلىدە، سىرتى كۆك، تەمى قىرتاق، ئۆتكۈر، ھارارەتلىك بولىدىكەن. ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى بولۇپ، بىرىنچىسىدىن ياخشىراق بولىدىكەن.

يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ نوقۇت چوڭلۇقىدا ئۇرۇقى بار بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدىكەن.

كۆپ قىسىم تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تاللىنىدىغىنى ۋە ياخشىسى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ياقۇت رەڭ، بوغۇملىرى يېقىن بولغانلىرى ۋە سالايە قىلىنسا خۇش پۇراق، ئاققا مايىل بولىدىغانلىرى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىنى، بەزىلەر قۇرۇقلۇقىنى يۇقىرى دەپ بىلگەن، مۇشۇنداق بولغىنى مۇۋاپىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇۋچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچىدۇر. يەڭگىل دەرىجىدە قورۇش قۇۋۋىتى بار بولۇپ، قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭدا خۇددى ھەرقانداق خۇش پۇراق دورىدا بولىدىغىنىدەك، بىرى بىرى بىلەن ناھايىتى مۆتىدىل يوسۇندا ئارىلاشقان ئۆتكۈرلۈك، تۇپراقلىق، ھاۋاغا مەنسۇپ تەركىب ۋە ئۇچۇۋچان تەركىب باردۇر. يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. كۆكرەك، جىگەر، باللىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىيىش قىيىنلىشىش، سۈيدۈك تامچىلاشقا داۋا بولىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، مۇسكۇل يېرىقىنى ساقايتىدۇ.

باش ئەزالىرى، پەي ـ نېرۋىلار ۋە نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىلىپ ئىچىلسە ساراڭلىق، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك ئاغرىقى، ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. تۇتۇنى يالغۇز ياكى بەتەم يېلىمى تۇتۇنى بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس سايمان بىلەن گالغا يەتكۈزۈلسە ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە داۋا بولىدۇ. ئاشقازان، جىگەر ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ھەسەل ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساق

مۇسكۇللىرى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، بالىياتقۇ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. بۆرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاشقا شىپا بولىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇ ئاغرىقى، ئىستىسقا ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: زىمات قىلىنسا تېرە ئاستىدىكى ئۆلۈك قاننى ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سېپىلسە قولتۇق ۋە تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئەزالارنىڭ سۇنۇقىغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەلگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان. ئۇنى بەتەم يېلىمى بىلەن ئىستېمال قىلىش باشقا نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلغاندىن ياخشىراقتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەدەس، مۇرمەككى. يەنە ئۇنىڭغا ئەزپاراتىب بىلەن سەندەل ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلىگۈچى سۇرمىلەرگە قوشۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە سەپمىلەرگە قوشۇلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «قەسبۇزەرىرە» (سەپمىلەر قومۇشى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ھىندىستان تېۋىپلىرى ئۇنى قۇرۇق سوغۇق، يەڭگىل، يەل پەيدا قىلىدۇ، يۆتەل، سەپرا، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، ئۇچ خىلتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان تەپنى پەسەيتىدۇ، دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇچ گىرامدىن بەش گىرامغىچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا خېنە يوپۇرمىقى، قارا ھېلىلە، شاھتەررە، چالا سوقۇلغان 11 دانە پىلپىل قوشۇپ سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سۈزۈلدۈرۈپ ئالتە گىرام شېكەر بىلەن ئون كۈندىن 20 ياكى 40 كۈنگىچە ئۇدا ئىچىلسە قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، جوزامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭغا بىستىپايەج، ئەپتىمۇن ۋە چىلان قوشۇلسا تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

## قەسەبۇس سۇككەر

(شېكەر قومۇشى)

ئۇ پارسچە «نەيى شەكەر» (شېكەر قومۇشى)، ھىندىچە بىر تىلدا «ئوكھ»، يەنە بىر تىلدا «گاندىھ»، «گەنەھ»، «پوندا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ قىزىل ۋە ئاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ھەربىرى يەنە يۇمشاق، چۇرۇك، سۇلۇق، تاتلىق، قاتتىق، سۇيى ئاز، تاتلىقلىقى ئاز، تۇزلۇقتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدۇ. يەنە ئۆسكەن ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ياخشى ـ يامانلىقىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېقى بېنگالنىڭ مۇرشىد ئابادقا قاراشلىق بەردىۋان ناھىيەسىدە ناھايىتى ياخشى بولىدىغان بولۇپ، نازۇك، چۇرۇك، خۇددى ناۋات ۋە قەنتتەك تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئەكبەر ئاباد، شاھجاھان ئاباد، باھار ئۆلكىسى، لىكنىۇ، ھىندىستان شەھەرلىرىنىڭ دۇكەن ۋىلايىتىنىڭ بەزى جايلىرى، راجمەھەل ۋە باشقا يەرلەردە ياخشى بولىدۇ. قىزىلى بېنگالدا ياخشى ۋە چوڭ بولىدۇ. يەنە ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد ۋىلايىتى، ئودە، گوركەپۇر دېگەن جايلىرى، تەباۋىيە ئارىلى، چىن، مىسىر ۋە ئامان قاتارلىق ئورۇنلاردا ئېقى ياخشى بولىدۇ، قالغان جايلاردا ئۇنداق ياخشى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ قىزىلىمۇ ياخشى ـ يامانلىق جەھەتلەردە ھەر خىل بولىدۇ.

شېكەر قومۇشىنىڭ ياخشىسى تاتلىق، تەمى ياخشى، سۇلۇق، يېپىشلىك، يىپچىلىرى ئاز، يەنى يىپچىلىرى يۇمشاق، چۇرۇك بولۇپ، چايناشقاندا چىش ۋە تىلنى زەخىملەندۈرمەيدىغانلىرىدۇر. بۇنداق قومۇشتىن تەييارلانغان شېكەر ياخشى ۋە ئۇچۇچان بولىدۇ. «فانىيز» ماۋزۇسىدا شېكەر، فانىيز، قەنت، ناۋات ۋە باشقىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاننى سۇيۇلدۇرغۇچى، ئىچ سۇرۇشنى توختاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك، ئۆپكىنىڭ يىرىكلىكىنى يوقىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۇ ئەزالاردا پەيدا بولغان ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتا قويۇپ ياكى قىزىق كۈل ئاستىغا كۆمۈپ پىشۇرۇلغىنى ياكى ئاقلاپ ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇلغىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىراقتۇر. بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، دوۋساقنى تازىلايدۇ، ئىچىنى سۇرىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى تۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىپ، قەي قىلىنسا، كۇنجۇت يېغىغا چىلانغان توخۇ پېيى بىلەن قەيگە ياردەم بېرىلسە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ تائامدىن كېيىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئىشىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازاننى بۇزىدۇ، ياشانغانلار ۋە بەلغەم مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايناتتىپ ئىستېمال قىلىش، ئارقىدىن رۇمبەدىيان ئىستېمال قىلىشتۇر.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قۇزائە

(چىشى قۇندۇز)

ئۇ قۇندۇزنىڭ چىشىسىنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. ھىندىچە «ئودەبلاۋ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە تۇگمەن تۇزۇندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىسى كۆزگە سۈركەلسە ۋە زىمات قىلىنسا كۆزنىڭ قاراڭغۇلىشىشىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەتا

(چىل)

ئۇنىڭ كۆپلۈكى «قەتات»دۇر. «قەتەۋات»، «قەتەيات»مۇ دېيىلگەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشى ئاۋازىنىڭ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، چۈنكى ئۇ «قاتا ـ قاتا» دەپ سايرايدۇ. پارسچە «سەنگى خوۋار» (تاش يېگۈچى)، تۈركچە «باقىربەقرە»، رىمچە «فاسا»، يۇنانچە «رەمىينامۇز»، ھىندىچە «لەۋا» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇۋاب ئەلۋىخان مەرھۇم «ئۇنى سەنگى ئەشكىنەك دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ» دەپ يازغان. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى پارسچە «ئەسفەردۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى تاغدا ياشايدىغىنى بولۇپ، كەپتەر چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك سىزىقلار تارتىلغان، سېرىق رەڭ كۆپرەك بولىدۇ. كىچىكى ياۋىسى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۈستىدە سېرىق رەڭلىك چېكىتلەر بولىدۇ. بېشىدا تاجىسى بار بولۇپ، سۈيى كەم، تاشلىق چۆللەردە ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. شەيخۇر رەئىس ئىسسىقلىقى ئاجىز، قۇرۇقلۇقى كۈچلۈك دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**
باش ئەزالىرى، پەي ـ نېرۋىلار ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنى ۋە جىگىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پالەچ، پەيلەر ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقى، ئىستىسقا، بەلغەمدىن بولغان قولۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** خۇددى گۆشى قاتتىق، قىزىل بولغان قۇشلارغا ئوخشاش بوغۇزلانغاندىن كېيىن، قىشتا ئىككى كۈن، يازدا ئاز دېگەندە بىر كېچە تۇرغۇزۇپ يۇمشاق پىشۇرۇپ سىركە، ياغ ۋە خۇش پۇراق دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىشتۇر.
ئۇنىڭ تاشلىقى ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىدۇ. ئىسسىق قېنى كۆزگە سۈركەلسە ئاقنى يوقىتىدۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. كۈلىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ئۇزاق قاينىتىپ تاز ۋە دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركەلسە چاچ ئۈندۈرىدۇ.

## قۇتاف
### (سانبۇسە قاتلىمىسى)

ئۇ پارسچە «سەنبۇسە»، ھىندىچە «پورى» دەپ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ، بۇغداي ئۇنىغا ياغ، سۈت قوشۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ نېپىز نان راسلاپ بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزىنى سوقۇپ قەنت، كىشمىش ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىگە تىقىپ ياكى كۆكتاتلار ياكى گۆش قىيمىسى ياكى ئاقلانغان نوقۇت تىقىپ ياغ بىلەن سارغايتىپ ياكى تونۇرغا سېلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**تەبىئىتى:** ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ياخشى، كۈچلۈك خىلت پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بادام، شېكەردىن تەييارلانغىنى ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، پىستە، ياڭاق، پىندۇقتىن تەييارلانغىنى سوغۇق مىزاجلىقلارغا، ياڭاقتىن تەييارلانغىنى ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدىغان بولۇپ، سوغۇق مىزاجلىقلارغا ۋە ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۇزۇن ھەزىم بولىدۇ، كۆكتاتلار بىلەن تەييارلانغىنى بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئوزۇقلۇقى باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** ھەسەل. باشقا تۇرلىرىنىڭ تۇزەتكۈچىسى ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۇچۇن چۇچۇمەل سىركەنجۇبىل، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۇچۇن ھەسەلدۇر.

## قەتائىف
(خىتاي ئۇگرىسى)

ئۇ «رىشتەئى خىتائىي» (خىتاي ئۇگرىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە تەييارلىنىشى «ا» (ئەلىف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «ئەترىيە» (ئۇن ئېشى) پەسلىدە بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئەسلىسى مۆتىدىللىككە مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ھەزىم بولىدۇ، كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ماغدۇرسىز كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. ياڭاق مېغىزى ياكى ئۇنىڭ يېگى يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىپ ئارقىدىن سىركەنجۇبىل ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا ئېغىر كەلگۈدەك دەرىجىدە كۆپ ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدىغان بولۇپ، بەدەنگە زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** سىركە.

## قەتەف
(رىم پالىكى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «سەرمەق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پارسچە «سەلمە»، «سەرمەك» ياكى «سەرمە» دىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. سۇريانچە «قەفتا»، يۇنانچە «ئەفىلۇكبىيۇن»، «ئەفكەرەكسىس» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «ئەندەرافەكسىس» دەپ ئاتىغان. بەزىلەر «ئەترافىس» دەپ ئاتىغان. پارسچە «ئىسفاناخ رۇمىي» (رىم پالىكى)، ھىندىچە «پالەك» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «كەكروھەن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ھىندىچە «بەتۋا» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى سېرىققا مايىل يېشىل، ئۇزۇنچاق، چۇرۇك بولىدۇ. غولى پىننە غولى ئېگىزلىكىدە، گۈلى، ئۇرۇقى سېرىققا مايىل، سەل شىلىمشىق، تۇزلۇق بولىدۇ. سۇغا يېقىن يەرلەردە ئۆسىدۇ، ياۋىسى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، ھۆل سوغۇقلۇقى ياۋىسىنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقىدىن ئاجىزراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا تېز ھەزىم بولىدۇ، ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ، جىگەر مىزاجى ئىسسىق، سەپرا مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بولۇپمۇ غورا ئۈزۈم سۈيى ۋە ئانار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۇ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تەپ بىمارلىرىغا شىپا بولىدۇ. تالغا پايدا قىلىدۇ. گالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ باشقا ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. بەلغەم ۋە قەۋزىيەت بوشىتىدۇ. ئۇ، شېكەر بىلەن قورۇپ سۈيىنى ئىچسە ئىچىنى سۈرىدۇ. غولى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىچكى - تاشقى ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. قىزىلغا پايدا قىلىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمىنى رەختكە سۈركەپ ئەزاغا ياپسىمۇ پايدا قىلىدۇ. سۈيى شېكەر بىلەن ئىچىلسە بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، تالنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى مۇنچىدا قوتۇر، قىچىشقاقنا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى باشقا ئىزلارغا سۈركىسە يوقىتىدۇ. يىپەك، يۇڭ كىيىملەر ئۇنىڭ قاينىتىلىپ چىقىرىلغان سۈيى بىلەن يۇيۇلسا كىرلىرىنى رەڭگىنى ئۆڭدۈرمەي چىقىرىدۇ. پىشۇرۇلغان يوپۇرمىقى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىزىلغا شىپا بولىدۇ.

ئۇرۇقى ئىسسىقلىقتا مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، شىلىمشىق ماددىلار ۋە ئىچكى - تاشقى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. تۈزەتكۈچىسى بولغان تۇز، ئىلمان سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىچىلسە سەپرانى كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. كۈنىگە 10 گرامدىن ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئۇدا 20 كۈن ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىستىسقا، يەرقانغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سىيىش قىيىنلىشىش، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشلىرى ۋە ئىسسىق تەپلىرىنى پەسەيتىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركەلسە قاپاق قوتۇرىنى ساقايتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا باھنى خاسىيىتى بىلەن قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5.5 ~ 10 گىرامغىچە گۈلاب، شېكەر، سىركەنجىۋىل ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن 5.15 گىرام ئېلىپ 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، مۇجۇپ تەمىنى چىقىرىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچسە، چۈشمىگەن ۋە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ قالغان بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** ئىچىنى سۈرۈش، قەي كەلتۈرۈش جەھەتلەردە تۈز، ھەسەل ۋە ئىلمان سۇدۇر.

ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆكى قىزىلچا ۋە باشقا كۆكتاتلاردىن ياخشىراق ئىكەن، چۈنكى ئاسان سىڭىپ تېز چىقىپ كېتىدىكەن، بۇنداق بولۇشى شىلىمشىقلىقى بىلەن ئەمەس، تارقىتىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىلچا بىلەن پىشۇرۇپ خۇش پۇراق ۋە ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار ھەم ئاچچىقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

## قەتەف بەھرى
(تۇگمىگۈل)

شام خەلقى ئۇنى «مەلۇخ» دەپ ئاتايدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا بەتۋا ھىندى ئىلگىرىكىسى ئەمەس، مۇشۇ ئىكەن. يۇنانچە «لىيمۇن» دەپ ئاتايدۇ، «مەلەخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ جىغانغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىكەنسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چىشلىقراق، يىرىكرەك، سەل تۇزلۇق، قىرتاق بولىدۇ. دېڭىز بويلىرى، شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ، بۇ يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرىدىن ياخشىراق بولىدۇ، چۈنكى تۇزلۇقلۇقى ۋە قىرتاقلىقى بىلەن ئاشقازانغا زىيان قىلمايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شاخلىرى ۋە يۇمران، ھۆل يوپۇرماقلىرى يېپىلسە ياكى قايناتمىسى ئىچىلسە، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، جىماغا ياردەم بېرىدۇ، تۇزلۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئاشقازاندا ئاسان ھەزىم بولىدۇ ۋە تېز چىقىپ كېتىدۇ. يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە شىپا بولىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تۇتۇلغان سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

بەزىلەر قەتەف بەھرىينى مۇلۇخىيا ئۆسۈملۈكى، يەنە بەزىلەر لەيلىگۈلنىڭ كىچىكى دەپ بىلىدۇ، ھەر ئىككى خىل بىلىش خاتادۇر. ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن يوللۇق تون، ئەدىيال ۋە باشقا نەرسىلەر توقۇلىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ھىندىستان، بېنگال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردىمۇ بولىدىغان «سىن» دەرىخى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرى باشقا كۆكتاتلارغا ئوخشاش پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئۆسۈپ بىر ـ ئىككى ئادەم بويى بولۇپ، ياغىچى ئاق، يۇمشاق، يەڭگىل بولغاندا، قوۋزىقى ھايۋاناتلارنىڭ يۈگلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، ئىران، ئەرەب ۋە ھىندىستان ئەللىرىدە ئۇنىڭدىن ئارغامچا توقۇلىدۇ. بەزىلەر شېكەر، گۈرۈچ، فۇپەل ۋە باشقىلارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن تاغار، خورجۇن، كاجىۋا، خالتا ۋە يانچۇق دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ توقۇيدۇ.

## قۇتلۇب
(ئىيىقتايىقى)

بۇ شامچە سۆزدۇر، ئەرەبچە «قاتىلى ئەخىيە» (قىرىندىشىنى ئۆلتۈرگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس پارسلىرى «مەترويە»، ئاۋام ـ خەلق «ئەسەد دۇب» (ئىيىق تايىقى) دەپ ئاتىشىدۇ. يۇنانچە «قومارىس»، «قوماۋەرس» دەپ ئاتىلىدۇ، مىۋىسى «جىننىيۇلئەھمەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇ قۇدۇس تىلىدا «نەقىيب»، يۇنانچە «باقۇلا» دېيىلىدۇ، دەيدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بېھى دەرىخىگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن يۇمرانراق بولىدۇ. مېۋىسى ئەينۇلا چوڭلۇقىدا، ئۇرۇقسىز بولىدۇ. يېتىلىپ پىشقاندا زەپەر رەڭ، ياقۇت رەڭ قىزىل، تاتلىق، خۇش پۇراق، سەل قىرتاق بولىدۇ. سۈيى شورالسا ئۇرۇقىنىڭ ئورنىدا ساماندەك ئىنچىكە پىسىپى قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسى ئۆلتۈرگۈچى ھەممە زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، كۆزگە زىمات قىلىنسا ئۇنىڭغا چۈشكەن سۇنى پىشۇرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە سۆگەللەر، چىيقانلار، قاپلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى قۇيۇلسا مەقئەت، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

يارىلار ۋە ئوت كۆيۈك يارىسى: يوپۇرمىقى قۇرۇتۇپ سېپىلسە ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

مېۋىسى ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېلىمى بار بولۇپ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىكەن، تېپىلغاندا ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سېھىر ـ ئەپسۇننى يوقىتىدۇ.

## قۇتۇن
(پاختا)

ئۇ «قۇتن» مۇ دېيىلىدۇ، ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە ئۇنىڭ يەنە كۆپ ئىسىملىرى باردۇر، «كۇرسۇف»، «بەرشىيف»، «تەۋەت»، «ئەسەبۇل خەرفەئ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېڭىسى «قوز»،

كونىسى «قەزىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «پۇنبە»، تۇركچە «مامۇق» دەپ ئاتىلىدۇ، تۇركچە يەنە «بىينۇق»مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «روئى»، «دەرەختى كېپاس» دەپ ئاتىلىدۇ، گۈلى «كېپاسكا پول»، چىگىتى «بەنۇلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تونۇشلۇق بولغان ئەللەرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ، بىرىنچى ۋە يەتتىنچى ئىقلىمدىكى ئەللەردە پەقەت ئۆسمەيدۇ. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ دەرىخى كىچىك بولۇپ، بىر غۇلاچتىن بىر ئادەم بويىغىچە ئۆسىدۇ، تۇپراقنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن ئېگىز ياكى پاكار ئۆسۈشىمۇ مۇمكىن. ئومۇمەن پىدىگەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر غولى بولىدۇ، غولى كاۋاك، شاخلىرى كۆپ بولىدۇ، شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا گۈلى ۋە مېۋىسى بولىدۇ. يوپۇرمىقى پىدىگەن يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، سېرىق، گۈلىمۇ سېرىق، سەل خۇش پۇراق بولىدۇ. ئومۇمەن لەيلىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. گۈل بەرگىلىرىنىڭ تۈۋەن تەرىپى قىزىل بولىدۇ. مېۋىسى «جەۋزەتۇلقۇتۇنىن» (كېۋەز ياڭىقى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ياڭاق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. گۈل غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. پوستى خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭگە مايىل بولىدۇ. يېرىلىپ ئىچىدىن پاختىسى كۆرۈنىدۇ. بەزى ئورۇنلار ۋە شەھەرلەردە ئۇنىڭ مېۋىسى تولۇق پىشقاندىن كېيىن تېرىلىدۇ. غولى قويۇپ قويۇلسا بىر ـ ئىككى يىلغىچە مېۋە بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىپ قايتىدىن تېرىلىدۇ. بەزى ئەللەردە يىلتىزى ھەر يىلى قومۇرۇۋېتىلىپ يېڭىدىن تېرىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ تېرىلغان يەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پاختىسى غوزىكى ۋە چىگىتىدىن ئايرىلىپ مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرى چوڭ دەرەخ بولۇپ، ئۆرۈك، ئالما، ياڭاق چوڭلۇقىدا بولىدۇ، 25 يىلدىن 30 يىلغىچە، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆكىرىپ تۇرىدۇ. گۈلى قىزىل بولۇپ، چوڭراق، غوزىكىمۇ چوڭراق بولىدۇ. پاختىسى ناھايىتى يۇمشاق بولىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا بولىدىغان سىنبەھل دەرىخى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما سىنبەھلنىڭ پاختىسى كىيىم ـ كېچەك توقۇشقا يارىمايدۇ. «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

پاختىنىڭ ياخشىسى ئاق، يېڭى، يۇمشاق بولغىنىدۇر. كونىرىغان ۋە قورۇغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ياخشىسى چوڭ، مېغىزلىق، يېڭى بولغانلىرىدۇر.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قورۇق ئىسسىق، بەزىلەر ھۆل دەپ بىلگەن. ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار. گۈلى ھۆل ئىسسىق، خۇرسەن

قىلغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر: شەربىتىدىن 60 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنسا، دەسلەپكى سارائىلىق، ئۆزىگە سۆزلەش، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈلىدىن 30 گىرام ئىستېمال قىلىنسا زىيادە خۇرسەن قىلىپ مەستلىككە ئوخشاش ھالەت پەيدا قىلىدىكەن.

**ئىششىقلار، ئوت كۆيۈك يارىسى:** يالغۇز ياكى ھۆل يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىچىشىش ۋە سۇلۇق قاپارتما كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەمما پاختىغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭغا يىپەك، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر ياكى ئارىسىغا پاختا ئېلىنىپ تىكىلگەن كىيىملەر، بولۇپمۇ ئاتتۇرۇلغان يېڭى پاختىدىن قىلىنغانلىرى بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قىزىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ ۋە قاتۇرىدۇ.

**باش كېسەللىكلىرى:** رەئىشە، ئىسترخا، پالەچ، تىتانۇس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مېڭە، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار، قىچىشقاق، ئوت كۆيۈك يارىسى، يارىلار ۋە جاراھەتلەر: پاختا كۆل بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۆيدۈرۈلۈپ زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ، ئوت كۆيۈك يارىسىدىن قاپارتما ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ چوڭقۇر يارىلارنىڭ ئىچىگە توشقۇزۇپ قويۇلسا، چوڭقۇر قىسىمدىكى مەينەت ماددىلارنى تازىلايدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. ئۇ تاللىقان قىلىنىپ جاراھەتلەرگە سېپىلسە قۇرۇتىدۇ، كونا زەخىملەرنىڭ ئىچىگە تولدۇرۇلسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ، يارىلاردىكى ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ، چوڭقۇر قىسىمدىكى مەينەت ماددىلارنى تازىلايدۇ. كونا پاختا قىزىتىلىپ ئاغرىغان ئەزالارغا، ھەر قانداق ئەزادىكى سوغۇق ئىششىقلار ۋە سۇ چۈشكەن ئۇرۇقدانغا تەكرار تېڭىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ ئاۋۋال زەنجىۋىل، زورەمبات يۇمشاق سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سېپىلگەندىن كېيىن ئۈستىگە قىزىلتىلغان پاختا تېڭىلسا ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە تۇرغۇزۇلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چىگىتى ئايرىلغان يېڭى پاختىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ قىزىتىپ، قىزىتىلغان ئابدىمىلىك ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا يېيىتىپ ئىششىغان ئۇرۇقدانغا تېڭىلسا ئىششىقنى قايتۇرىدۇ. چىگىتى ئايرىلغان يېڭى پاختىنى سوقۇپ، ئاز مىقداردا زەنجىۋىل ۋە سۇ سېپىپ پىلتە قىلىپ پىلتىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇچلۇق سۆگەلگە قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىغا ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ، تۈتۈنى ۋە تەپتى سۆگەلگە كۆيدۈرمىگۈدەك دەرىجىدە يەتكۈزۈلۈپ تاكى ئۇچ كۇنگىچە داغلانسا

ساقايتىدۇ.

**چىگىتنىڭ تەسىرلىرى**

نەپەس ئەزالىرى ۋە باھ كېسەللىكلىرى: پوستى ئاقلىنىپ مېغىزى ئىستېمال قىلىنسا بەلغەم بوشىتىدۇ، قەۋزىيەتكە داۋا بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار دارچىن ۋە شېكەر بىلەن، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 25 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلىنىلسا داغ ـ سەپكۇن ۋە يۈزدە پەيدا بولغان تاشمىلارنى يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 100 مىللىگىرام ئېلىپ، بىرقانچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچسە، بولۇپمۇ ئالما شەربىتى بىلەن ئىچسە باللار ۋە باشقىلارنىڭ ئىچ سۈرۈشىنى توختىتىدۇ. گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا نۇقرەس ۋە لوقۇلداپ ئاغرىشقا داۋا بولىدۇ. سېمىز ئوت يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. كىچىكنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىغا يىلتىزىدىن ئاز مىقداردا قوشۇپ قاينىتىپ، سۈيى ئىلمان بولغاندا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى سېپىلسە يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە قىسمى زىمات قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ. قاننى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: كېۋەز شېخىنىڭ بىر ئۇچىنى قۇلاققا قويۇپ يەنە بىر تەرىپىگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈلسە، قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سۇنى تارتىپ چىقىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇقى بۆرەككە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** خېمىرى بىنەپشە.

**ئورنباسارى:** تۇخۇمى كەنكەر.

جاۋارىشى ھەببى قۇتۇن، مەجۇنى ھەببى قۇتۇن ۋە كېۋەز گۈلى شەربىتى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قەئنەب

(قەئنەب ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە شىرىنىڭ نامىدۇر، يەنە تۈلكىنىڭ ئەركىكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. پارسچە

«ناخۇنى باز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، ئەندەلۇس ئەجەملىرى «تەرسە» دەپ ئاتىشىدىكەن. يەنە بىر نۇسخىدا «تەرىينە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر دانە غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى پالەك يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ، سېرىق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا سېرىق باشاقلىرى بولىدۇ. شاخلىرى ئارپىبەدىيانغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەمسىز، سەل تاتلىق بولىدۇ، ئاخىرىدا سەل ئاچچىق مەلۇم بولىدۇ. يېزا خەلقى ئارىسىدا «قۇلقاس» (دېڭىز ياڭيۇسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئەمما قۇلقاس باشقا ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئالا خالىسا «ق» (قاف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## قەئبەل
(قەئبەل يىلتىزى)

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر يەر مەدىكىنىڭ تۇرلىرىدىن دەپ بىلگەن. دىسقۇرىدۇس يۇنانچە «سەقراتىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورىنىڭ نىبىتچە نامى دېگەن. ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، تاغ پىيىزىغا ئوخشايدۇ، بېھى ۋە چامغۇر چوڭلۇقىدا بولىدۇ. رەڭگى قىزىل، تەمى تىلنى چاقىدىغان بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەۋسەن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، نەرگىس گۈلى ۋە كۆدە چوڭلۇقىدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەزى جەھەتلەردە ياۋا پىيازنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كۆرسىنە پۇرچىقى ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ، سارالىق ۋە تال كېسەللىكى بىمارلىرىغا يامغۇر سۈيى بىلەن تەييارلانغان مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى كەنكىر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن، ئاق، توم بولىدىكەن، قۇرۇسا سېرىق ۋە قىزىلغا مايىل بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن. يوپۇرماقسىز، گۈلسىز ۋە تەمسىز بولۇپ، باھار پەسلىدە يەرنى يېرىپ چىقىدىكەن. ھۆل بولسا كىشىلەر يىغىۋالىدىكەن. ئەرەبلەر ئۇنى «قەسەبەتۇس سەبغى» (بوياق قومۇشى) دەپ ئاتىشىدىكەن. تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق بولىدىكەن، بەزىلەر ئۇنى تۇزەتكۈچىسى بولغان قېتىق ۋە سامساق بىلەن ئىستېمال قىلىدىكەن. بىمەززە، سەل ئۆتكۈر بولىدىكەن.

# پەسل: «ق» (قاف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەفر

ماھىيتى: ئۇ قار (مايسىمان ماددا ـــ تەرجىماندىن)، مۇمىيادىن ئىبارەت بولغان «ئەرەقۇل جىبال» (تاغ تەرى) ۋە ھاسىل بولۇشى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورتاق نامىدۇر. سالاجىت ھىندىمۇ ئۇنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، «س» (سىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

## قەفرۇليەھۇد

ئۇ «كەفرۇل يەھۇد» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. سۇريانچە «يەھۇدايا»، رىمچە «قەرەستۇن»، يۇنانچە «بەرفىيۇنىينا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ «قەفرۇل يەھۇد» دەپ ئاتىلىشى «مۇنيە» كەنتى دەپمۇ ئاتىلىدىغان، قەدىمكى زاماندا ئاۋات بولۇپ، ھازىر خارابىلىككە ئايلانغان، پەلەستىنىنىڭ بەيتۇل مۇقەددەسكە يېقىن ناھىيەلىرىدىن بولغان «كەفرا» كەنتىگە يېقىن يەھۇدىيلار دېڭىزىنىڭ ئاستىدىكى تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئەنبەرگە ئوخشاش قايناپ چىقىدىغانلىقىدىن ئىكەن، يەنى شۇ سەۋەبتىن «قەفرۇليەھۇد» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى شۇكى، قىش پەسلىدە دېڭىز تاشقاندا ساھىلغا تاشلايدۇ، شۇ شەھەر خەلقى ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ساھىلدىن، بەزىلىرىنى سۇ يۈزىدىن يىغىۋالىدۇ، رەڭگى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ، پارقىراق بولىدۇ، پۇرىقى نېفتىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. تاش تەركىبى كۆپرەك بولىدۇ. سۇ يۈزىدىن يىغىۋېلىنغانلىرىدا شېغىل ۋە توپا ئارىلاشمىلىرى بولمايدۇ. دېڭىز ساھىلى ۋە يەردىن يىغىۋېلىنغانلىرى ئارىلاشما بولىدۇ. ئۇ سۇ يۈزىدە تۇرسىلا ۋە ھۆل بولسىلا يۇمشاق، سۇيۇق بولىدۇ، سۇدىن ئايرىلسىلا ئۇيۇپ قاتىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىرى شۇكى، مەزكۇر دېڭىزنىڭ ساھىلى كولىنىپ چىقىرىلىدۇ، بۇمۇ ساپ بولمايدۇ، مومغا ئوخشاش قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئېرىتىپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، بۇ ساپ، قارامتۇل بولىدۇ، بەك پارقىراق بولمايدۇ. پۇرىقى ئىراقتىن چىقىدىغان قىر (قىرى ئىراقىي)نىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئەنتاكىي ئۇنى مەخسۇس تەبەرىستان دېڭىزى ۋە ئۇنىڭ ساھىلىدىن چىقىدۇ، دەپ بىلگەن ۋە قۇدۇس زېمىنىدىنمۇ كەلتۈرۈلىدۇ، دېگەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە تەرياقى فارۇقتا ئىشلىتىلىدىغىنى رەڭگى بىنەپشە رەڭ بولغان، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان، ئېغىر، خۇش پۇراق بولۇپ، نېفىت پۇرىقى كېلىدىغان، شېغىل تاش ۋە باشقا ئارىلاشمىلاردىن خالىي بولغانلىرىدۇر. كونىسى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ ناچىرى زۇپتى ۋە قىير بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ساختىسىمۇ قارا بولىدۇ. تاغلاردىن ھاسىل بولغانلىرى «ئەرەقۇل جىبال» (تاغلار تەرى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مۇمىيانىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئۇ قەفرۇلىيەھۇدتىن ئۇچۇچانراق ۋە كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زۇپتى، قىير، قەتران ۋە ئەنبەرنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇشى، گۆشلەرنىڭ ئېزىلىشى، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش قاتارلىقلارنى داۋالاش جەھەتلەردە مۇمىياغا ئوخشاپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تۇتۇنى زۇكام ۋە نەزلىگە پايدا قىلىدۇ. ئادەتلەنگەنلەرنىڭ تۇتقاق كېسىلىنى قوزغىتىدۇ. كۆزگە سۇرۇپ قاپاقتىكى تەتۈر كىرپىكنى چاپلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزدىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. چىشلارغا سۈركەلسە ۋە سېپىلسە قۇرت يېگەن چىشلارغا شىپا بولىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. پەيلەر ۋە بوشىغان ئاجىز ئەزالارغا سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى ۋە كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، نەپەس قىيىنلىشىش، ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بەلغەم ۋە ئۆپكىدىكى يىرىڭنىڭ چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بادامبەز ئىششىقى، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان بوغما كېسەل ۋە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىككى خەرنۇب چوڭلۇقىدىن ئۈچ خەرنۇب چوڭلۇقىغىچە ئېلىپ يۇتۇلسا تۇتۇن خاراكتېرلىك بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توختىتىدۇ، ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئاشقازان ۋە قوۋۇرغا ئارىلىقلىرىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاش ۋە بالىياتقۇنىڭ ھەر قانداق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا، ئىسرىق سېلىنسا، پۈرىسا بالىياتقۇنىڭ چىقىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق

مىقداردا ئېلىپ، ئاز مىقداردىكى قوندۇز قەھرى ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا شىپالىقتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن ھەيز تۇتۇلۇشنى كۈچلۈك راۋانلاشتۇرىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. بالىلارغا ئىشلىتىلىدىغان سۈفۈپلار ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھەزىمگە ياردەم بەرگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، قورساق غولدۇرلاشنى يوقاتقۇچى سۈفۈپلارغا قوشۇلىدۇ. ئارپا سۈيى بىلەن ھۆقنە قىلىنسا دىزىنتېرىيە ۋە ئۈچەي يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى ۋە ئىششىقلار: زىمات قىلىنسا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، نۇقرەس ۋە ئىرقۇننىساغا شىپا بولىدۇ. پەيلەر ۋە سوغۇق ئەزالانى چىڭىتىدۇ. ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئارپا ئۇنى، توغرىغۇ ۋە موم بىلەن زىمات قىلىنسا ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىپ زىمات قىلىنسا گۆشلەرنىڭ ئېزىلىشى، ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇشى، ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخمىلەرگە پايدا قىلىدۇ، چاشقان يارىسىنى پىشۇرىدۇ، يارىلارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئىششىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: زىمات قىلىنسا يارىلارنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرۇپ پۈتتۈرىدۇ. كالا تەمرەتكىلىرىگە پايدا قىلىدۇ. گۆش ئۈندۈرگۈچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ، يۇمشىتىپ مەددە قۇرتلىرىنى يوقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۈركىسە تېرىنى تازىلايدۇ، تىرناقلارنىڭ ئاقىرىشىغا داۋا بولىدۇ. كالا تەمرەتكىسى، ئاقكېسەل، بەھەقكە پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئەپسەنتىن ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~ 3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** تۇتۇنى زىيانداش ھاشارات، يىلان، چايان، پاشا ۋە باشقىلارنى قاچۇرىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىپ ئۈزۈم دەرىخىگە سۈركىسە قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ كۆپ جايلاردا زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئىچىدىن ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، ھارارەت پەسەيتكۈچى سوغۇق مېۋە سۇلىرى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھۆل زۇپتى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قىير ئىكەن.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەلا

(شاخار)

ئۇ «قىلىيى» مۇ دېيىلىدۇ. يەنە «قەلەس سەبباغىيىن» (بوياقچىلار شاخىرى)، «شەببۇل ئۇسفۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسپىھاندا «كەھلا»، خۇراساندا «شاخار»، گىيلان ۋە شىرازدا «قەليا»، ھىندىچە «سەججى»، «ساجى»، كابۇلدا «ئەشفار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ كۆيدۈرۈلگەن ئۆشناندىن تەييارلىنىدىغان نەرسىدۇر. تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، يەرگە مۇۋاپىق چوڭلۇقتا ئورەك كولىنىدۇ، ئىچىگە كۆپ مىقداردا ئۆشنان توپلىنىپ ئۈستىگە قومۇش، چاتقال تاشلاپ ئوت يېقىپ قالىنىدۇ، بۇ چاغدا ئۆشنانغا ئىسسىق ئۆتۈپ ئورەكنىڭ تېگىگە سۇيۇقلۇق يىغىلىدۇ، بۇ ئەھۋاللار ئۆشنان ماۋزۇسىدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى. ئۆشناننىڭ شىلىمشىق ھۆللۈكى كۆپ، ھۆل بولسا سۇيۇقلۇقىمۇ كۆپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا چوڭ قۇرسلار ۋە كۇمىلاچىلارنى تەييارلىغىلى بولىدۇ. بولمىسا دانچە چوڭلۇقتا چىقىدۇ. ئۇ رىمس ئۆسۈملۈكى ۋە ياۋا زاراڭزا ئۆسۈملۈكىدىنمۇ ئېلىنىدۇ. كېرمان، رىم ۋە مۇلتان شەھەرلىرىدە كۆپ ھاسىل قىلىنىدۇ. رىمدىن كەلتۈرۈلگىنى ياخشىراق، قۇرسلىرى چوڭ، ساپ بولىدۇ. مۇلتاندىن كەلتۈرۈلگىنى كۆپ ھاللاردا ئۇششاق، كۈل ئارىلاشقان بولىدۇ. ئاڭلىنىشىچە، مۇلتاندىمۇ ئۇنىڭدىن قۇرسلار تەييارلىنىدىكەن. ئۆشنان ئۆسۈملۈكى كۆيدۈرۈلىدىغان يەرگە قازانغا ئوخشايدىغان ساپال قاچا قويۇپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئاققان سۇيۇقلۇق شۇ قازانغا يىغىلىپ ئۇيۇيدۇ، ئۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ساپ، قارا، تۈگمەن تېشىدەك پارقىراق بولغىنىدۇر، بۇنداقلىرى «قۇف» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا رىمس ئوتى ۋە ياۋا زاراڭزىدىن ئېلىنغىنى ئارىلاشقانلىرىدۇر. كۈلدەك قارا بولۇپ، باشقا نەرسىلەر ئارىلاشقانلىرى ناچارلىرىدۇر، ئۇ سوپۇننىڭ ئاساسلىق تەركىبى قىلىنىدۇ.

تەبئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، زەھەرلىك قۇۋۋىتى بار.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: جۇلا بەرگۈچى، كۆيدۈرگۈچى، بۇزۇق ماددىلارنى يوقاتقۇچىدۇر، ئۇ تۇزدىن كۆپ كۈچلۈكتۇر.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنى سۇ بىلەن يەتتە قېتىم ئېرىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ ساپلاشتۇرۇپ قاتۇرۇپ، ئىككى مىلىگىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى

قۇۋۋەتلەيدۇ، تائام سىڭدۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، شىپالىقتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن قوسۇشنى توختىتىدۇ. تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ھايۋاناتلارنىڭ كۆزىگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ.

يارىلار، سۆگەللەر ۋە باشقىلار: مەلھەم قىلىنسا زەخمىلەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، ئاقمىلار، ئاقكېسەل، بەھەق، ھۆل قوتۇر، تازغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچ گىرامى شۇ كۈنى، ئالتە گىرامى شۇ سائەتتە ئۆلتۈرىدۇ، ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ داۋاسى سوپۇندىن زەھەرلەنگۈچىنىڭ داۋاسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ياغلار، ياغلىق شورپىلار ئىچۈرۈلۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئۇنى مەلھەملەردە يالغۇز ۋە ياغسىز ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئوخشاش تەستۇر. ئۇنى ياغ بىلەن ئېرىتىپ ھۆل ئۈزۈمگە سەپسە تېز قۇرۇتىدۇ.

«مىلھى قەلا» (شاخار تۇزى) ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

## قەلانۇششى
(قەلانۇش شاپتۇلى)

ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، «خۇخۇل مۇرۇج» (مۇرۇج شاپتۇلى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، پەقەت بۇنىڭ يوپۇرمىقى قىسقىراق، كەڭرەك، غولىنىڭ بوغۇملىرى يېقىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە يەرگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنىڭ ياغىچىنى نو ئورنىدا سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ. نىل دەرياسىنىڭ سۇلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ بىلەن تارتىپ ئېتىزلىرىنى سۇغۇرىدۇ. تەمى بىمەززە، سەل شىلىمشىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شەيخ ئىبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىلەن سۇ ئىچىلسە، ئۆپكىدىن قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسىمۇ قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى يۇنانچە لوسىماخىيۇس دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ دورا ئاللا خالىسا «ل» (لام) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ، ئۇ خۇددى ئۇنىڭ بىر تۈرىدەك قىلىدۇ، ئۇنى مىسىردىن باشقا يەردە كۆرمىدىم.

# قەلب

(يۈرەك)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «دىل»، لاتىنچە «مەتىس بەرمىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ جانلىقلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ تونۇشلۇق، تۈزۈلۈشى مۈرەككەپ بولغان بىردۇر. ئۇ تەبىئىي ھارارەت ۋە روھىي ھايۋانىينىڭ مەنبەسى ۋە باشلىنىش ئورنى دېگەن ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، جانلىقلارنىڭ تېنىدە ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولىدىغان ئەزادۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزالارنىڭ ئەڭ ئىسسىقى ۋە ھەرىكەتتىن ئەڭ ئاخىرىدا توختايدىغىنى ۋە سوۋۇيدىغىنىدۇر. گۆشى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغان ياخشىراقتۇر. پەقەت زۆرۈرىيەت بولغاندا يېشى كىچىك، ياش، ساغلام ھايۋاننىڭ يۈرىكى ئەڭ ياخشىدۇر. چارۋىلار ئىچىدە قوي ۋە يېشى كىچىك ئۆچكىنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە بولغان يۈرىكى ياخشىدۇر. ئۇچارلىقلاردىن ياش، سېمىز، كېسەللىكتىن خالىي توخۇنىڭ يۈرىكى ياخشىدۇر. سۇ قۇشلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدىن پەرھىز قىلغان ياخشىراق.

تەبىئىتى: ئومۇمەن قۇرۇق ئىسسىقتۇر. قۇشلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىسسىقلىقى باشقىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر. ياۋايى ھايۋاننىڭ يۈرىكىنىڭ قۇرۇقلۇقى يەرلىك ھايۋاننىڭ يۈرىكىدىن قۇرۇقراقتۇر. سۇ قۇشلىرىنىڭ يۈرەكلىرى باشقىلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدىن كۆپ ئىسسىقراقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، ئۇزاقتا ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ناچاردۇر. تۇزەتكۈچىسى يۇمشاق پىشۇرۇش، ياغ، ئاچچىقسۇ، سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىش، نېپىز توغراپ كۇنجۇت يېغى، بادام يېغى بىلەن كاۋاپ قىلىپ سىركە، ئەنجۇدان، پىلپىل، زىرە، يالپۇز بىلەن ئىستېمال قىلىش، ئارقىدىن سىركە، ئاچچىقسۇ ئىچىشتۇر. ئۇ ئىبغىر ئەمگەك قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى غىزا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇ كاۋاپ قىلىنغاندا تەپچىرەيدىغان قېنى كۆزگە تېمىتىلسا ياكى سۈرۈلسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىنى ساقايتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ.

ھەربىر ھايۋاننىڭ يۈرىكى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

# قۇلب
(سەنگسەبۇيە)

ئەندەلۇس ئەجەملىرى تاشنى سۇندۇرغۇچى دېگەن مەنىدە «سەجەس ئەفراغىيە» دەپ ئاتايدۇ، يۇنانچە تاشسىمان ئۇرۇق دېگەن مەنادا «لەبلىيس فەرسەن» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «سەنگسەبۇيە» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇلەيمان بىن ھىسامىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئۆسۈملۈك قاتتىق، ئۇرۇقى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆمۈشنىڭ ناملىرىنىڭ بىرى بولغان «سەلىب» (قاتتىق) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئىكەن. مەرھۇم نۇۋۋاب ئەلۋىيخان «مەن ئۇنى ھىندىچە ‹تۇخمى پەنۋار› دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقمىكىن دەپ ئويلايمەن، ئۇنى كەلتى ئۇرۇقى دەپ ئويلىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى كەلتى ھەببۇل قۇلت دېگەن ئۇرۇقتۇر. يەنە ئۇنى ھىندىستان مېشى دەپ بىلگەنلەرمۇ خاتالاشقان بولىدۇ» دەپ يازغان. ھەببۇل قۇلت «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. پەنۋار بېنگالچە «چەكەۋەند» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇمۇ «ج» (جىيم) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى. «سەنگسەبۇيە» مۇ «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. مەزكۇر سۇلايمان بىن ھىسام ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە: «ئۇ ئەندەلۇس شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدىكەن، ئەندەلۇسنىڭ مەن تۇرغان، كۆرگەن شەھەرلىرىدىن بەكىر دىيارىدىن باشقا جايلاردا ئۇنى كۆرمىدىم. سىرتىدىن قاراشقا ‹بۇرجى سالىھ› دېگەن ئۇرۇققا ئوخشايتتى. كۆز پەسلىدە پىشىدىكەن. ھېچ كىشى ئۇنى ‹ھ› (ھۇۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا ئېيتىلغان ‹ھەببۇل قىلب› دەپ ئويلىمايتتى» دەپ يازغان.

ماھىيىتى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك بولغان، يوپۇرماقلىرىنىڭ يەرگە يېقىنلىرى يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدىغان، شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، بىر غۇلاچ ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك تۈز ئۆسىدىغان، ئىزخىرنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدىغان، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا ئىككىگە بۆلۈنگەن شاخقا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئۆسكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بولغان، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇرۇقلىرى چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇملاق، ئاق، قاتتىق بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى كۇرسىنە پۇرچىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يىرىك، ئېگىز يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئەنتاكىي ئۇنىڭ ئۇرۇقى قارا، يىرىك بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ، قۇياش ئەسەد بۇرجىغا كەلگەندە ئۇنىدۇ، دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق

ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆللۈكتىن بولغان ھېق تۇتۇش، ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنىڭ تۇتۇلۇشىغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھنى ئىنتايىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ، مەنىينى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلغوزا مېغىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇلت

(قۇلت ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە «كۇلتىھ» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇ يەنە «قەلت»، «قىلت» دەپمۇ ئاتالغان. سۈريانچە «قۇلتا»، يۇنانچە «ئەقۇنىيا»، رىمچە «تەۋانىيقى» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى ھەبلەر (ئۇرۇقلار) قاتارىدا بايان قىلىندى.

## قەلسۇفۇدىيۇن

(قەلسۇفۇدىيۇن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئوت يېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ. تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى نەمام ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولغان «فۇلس» دەپ ئاتالغان ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى كارىۋات پۇتىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، گۈلى پەرپىيونغا ئوخشاش تارقاق ھالەتتە ئېچىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، كۆيدۈرگۈچى ئۇچۇچان تەركىبى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆسۈملۈكى ۋە قايناتمىسى ئىستېمال قىلىنسا ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشى، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بىرقانچە كۈن ئۇدا ئىشلىتىلسە يۇنانچە «ئەفرۇخۇدۇس» دەپ ئاتىلىدىغان سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ.

## قۇلفۇنىيا
(قاتتىق راتىيانەج)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، پارسچە «زەنگىبارىي» (زەنگىباردىن چىقىدىغان) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىبنى تىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارىغاي يېلىملىرىنىڭ ئورتاق نامى ئىكەن. بەزىلەر ياۋا قارىغاينىڭ يېلىمى بولۇپ، يۇنانچە «قۇفا» دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن. ئۇ راتىيانەجدىن ئىبارەت بولۇپ، دەسلەپتە سۇيۇق ھالەتتە بولىدۇ، قاينىتىلغاندا قاتىدۇ، بۇ چاغدا «قۇلفۇنىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. شەيخ ئىبنى بەيتار راتىيانەج ئومۇمىي نام دەپ خىيال قىلىپ، ئۇنى راتىيانەج دېگەنلەر خاتالاشقانلاردۇر، بەلكى ئۇ راتىيانەجنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قاينىتىش ئارقىلىق قاتىدۇ، دېگەن. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، قۇلفۇنىيا قارىغاي يېلىمى بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىرىنچىسى قەتراندەك سۇيۇق بولۇپ قاتمايدىكەن. بەزىلەر ئۇنى قەتران دەپمۇ بىلگەن. ئىككىنچىسى قاتتىق بولىدىكەن. ئۈچىنچىسى قاينىتىلغاندىن كېيىن قاتىدىكەن. بۇ قۇلفۇنىيا ئىكەن. راتىيانەج ھەممىگە ئورتاق بولغان نامدۇر. ئۇ «راتانەج»، «راتىينەج» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

## قەلقاس
(دېڭىز ياڭيۇسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ئە»نىڭ ئورنىغا «ئۇ» قوشۇلۇپ «قۇلقاس» دېيىلسە رىمچە بولىدىكەن. سۇريانچە «قەلقاسى»، رىمچە «ئوزى تەفەس»، ھىندىچە «ئەروي»، دۇكەنچە «چەمەكدىلا»، بېنگالچە «كەچۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىبنى بەيتار بىلەن بەغدادىي: «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تۇرۇپ قالغان سۇغا يېقىن يەرلەردە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى سىلىق بولۇپ، ئامۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل قىسقىراق، كىچىكرەك بولىدۇ. ھەربىر يوپۇرمىقىنىڭ بارماق توملۇقىدا ئايرىم ساپىقى بولۇپ، يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزى تۇرۇنجى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ ياكى سەۋزە شەكلىدە بولۇپ، سىرتى قىزىلغا مايىل، ئىچى ئاق، تەمى قىرتاق، ئۆتكۈر، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك، يۇشۇرۇن شىلىمشىق بولىدۇ. سۇغا سېلىپ بىر قانچە قېتىم قاينىتىپ سۈيى ئالماشتۇرۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن پىشۇرۇلسا قىرتاقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىششارلىقى يوقىلىپ يېيىشلىك بولىدۇ، يۇشۇرۇن شىلىمشىقلىقىمۇ تۈگەيدۇ» دەپ يازغان. ئۇنىڭ ياۋىسىمۇ بار، ئەمما ئىشلىتىلمەيدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ سۇ

بويلىرىدا ئۆزى ئۆسۈپ قالىدىغان «كەچۈنا» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋىسى بايقالغان بولۇپ، يىلتىزى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى نەيچىسىمان بولۇپ، غولىغا تۇتاشقان يېرى توم، يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇچىغا بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىپ ماڭىدۇ ۋە ئۇچىدىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. كۆپ بولغاندا تۆت دانە شاخ بىر يەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئومۇمەن كىچىك قېيىقنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر تەرپى ئىنچىكە، يەنە بىر تەرپى كەڭرەك بولىدۇ، ئىچى ئويمان بولۇپ، يامغۇر، شەبنەم پەسىللىرىدە ئىچىگە ئاز مىقداردا سۇ يىغىلىپ قالىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئەڭ ئېگىز بولغاندا بىر يېرىم غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. چوڭلىغاندىن كېيىن، يىلتىزىدىن بىر دانە غول ئۆسۈپ چىقىپ، ئۇچىدا سېرىق رەڭلىك، ئۇزۇنچاق گۈل ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقى زەرچىۋەگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى بولمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ئۆتكۈرلۈكى، توغرىغۇ خۇسۇسىيىتى بارلىقى ۋە زىيادە شىلىمشىقلىقىدىن كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ئاز ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە شىلىمشىقلىقى قايىنىتىلىشمۇ پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىمۇ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇمۇ ناھايىتى شىلىمشىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ھىندىچە «ئەروي» دەپ ئاتالغان يىلتىزى كىچىكرەك، يوپۇرمىقى چوڭراق، كەڭرەك، ئۆتكۈرلۈكى، توغرىغۇ خۇسۇسىيىتى، شىلىمشىقلىقى ئازراق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە ئاۋۋال سۇ بىلەن بىر قانچە قېتىم قايىنىتىپ سۈيىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن ياغ، پىياز بىلەن قورۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ پىشۇرۇپ ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار ۋە زەرچىۋە قوشۇپ يېيىلىدۇ، بۇ چاغدا يېيىشلىك بولىدۇ. گۆش بىلەن پىشۇرۇپ يېيىلسە يېيىشلىكرەك بولىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇشتا تەجرىبىگە ئىگە بولغان بەزى كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنى زەرچىۋە بىلەن بىرلىكتە سۇغا چىلاپ بىر قېتىم قايىنىتىپ رەڭلەندۇرگەندىن كېيىن، ياغ ۋە پىياز بىلەن قورۇيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆل ياكى قۇرۇق خام ئەنبىنىڭ چۇچۇمەل سۈيى، تېپىلمىسا لىمون ياكى تەمرىھىندى سۈيىدىن تەمى تەڭشەلگۈدەك مىقداردا، قىزىلمۇچ (لازا )تىن ئاز مىقداردا قوشۇپ گۆشسىز ياكى گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ چاغدا خۇددى قەلەمچە مېغىزدەك ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ. ئۇ قايىنىتىلسا، ياغ بىلەن قورۇلسا ياكى ھازىر ئېيتىلغان ئۇسۇل بىلەن پىشۇرۇلسا شىلىمشىقلىقى يوقىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى ناھايىتى سەمرىتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئۆپكە ۋە گالنىڭ قۇرغاقلىقىنى ئوڭشايدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تېز ھەزىم بولىدۇ، ئۈچەيلەرنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ پوستىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئىستىسقا، بۆرەكنىڭ ئورۇقلۇقىغا داۋا بولىدۇ. سەپرا ۋە زەرداب سۈنى يەڭگىل سۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بولۇپمۇ ئۈسۈملۈكنىڭ سۈيىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنى قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، سەۋدا، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، سىركەنجىۋىل، دارچىن، قەلەمپۇر ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلاردۇر.

بەزىلەر ئۇنى سىركە ۋە قىچا بىلەن پىشۇرىدۇ، بۇ چاغدا تېزرەك ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن تېزرەك ئۆتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇقى بار بولۇپ، تەسىرلىرى كاللەكسەي ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، ئۈسۈملۈكنىڭ سۈيىدىن 100 ~ 250 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ.

قەلقاسنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يۇمىلاق، قاتتىق بولىدۇ. ھەرقانچە پىشۇرۇلسىمۇ پىشمايدۇ. زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ، كۆيدۇرۇپ سېپىلسە يارىلار ۋە ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## قەلقەدىس

(ئاق زاك)

ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئاق زاك دەيدۇ. بەزىلەر قىزىل زاك، بەزىلەر سېرىق زاك دەيدۇ. بەزىلەر ئاق زاكنىڭ پارسچە «زاجى شۇتۇر دەندان» (تۆگە چىشى شەكىللىك زاك) دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر ئۇ پارسچە «شوغار»، يۇنانچە «ھەلقىيس» دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ.

تەتقىق قىلىنىشىچە، قەلقەدىيس ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى ئاق، يېنىك بولۇپ، ئاسان سۇنىدۇ، بۇ ھەممىدىن ئۆتكۈر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ تۇپراقتا مەنسۇپ تەركىبلىرى كۆپ، يىرىك، قوپال، رەڭگى كۆكۈچگۇرت رەڭگىگە مايىل بولىدۇ، ئۇ يۇنانچە «مالى تەرايا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى يۇمشاق، تۇزۇلۇشى تەكشى، بوش بولىدۇ. سۇ تەگسە قارىدايدۇ، ئۇ «زاجۇل ئەساكىفە» (موزدۇزلار زىكى) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ «ز» (زائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## قەلقەتار

(سېرىق زاك)

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى سېرىق زاك دەيدۇ. بەزىلەر ئاق زاكنىڭ «زاجى شۇتۇر دەندان» (تۆگە چىشى شەكىللىك زاك) دەپ ئاتالغان تۇرىنىڭ بىر خىلى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قىزىلغا مايىل سېرىق زاك دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ساپ، ناھايىتى سېرىق، زەرنىخقا ئوخشاش پارقىراق ۋە چۇرۇك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «زاج» (زاك) ماۋزۇسىدىمۇ بايان قىلىندى.

## قىلقىل

(ياۋا ئانار)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «قۇلقۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «قۇلاقىل»، «قۇلقۇلان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «بەزرى رۇممانىي بەررىي» (ياۋا ئانار ئۇرۇقى)، پارسچە «تۇخمى ئانارى دەشتى» (ياۋا ئانار ئۇرۇقى)، ھىندىچە «كۇۋار چەكنە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇغاس ئۇنىڭ يىلتىزى ئىكەن.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى كەندىر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، غولى قىزىلغا مايىل، شاخلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن تەييارلانغان نەشە كەندىردىن تەييارلانغىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك، گۈلى ئاقتا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى يىرىك، يۇمىلاق غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، مۇرچىتىن چوڭراق، سىلىق، سىرتى قارىغا مايىل، مېغىزى ئاق، تاتلىق، سەل شىلىمشىق، غولىنىڭ پوستى ئاق بولىدۇ. مېغىزى ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ھەببۇس سەمنە» (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى) دەپ قارايدۇ، ئۇنداق ئەمەستۇر.

بىنگالدا كۆرۈلگىنىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غولاچ ئېگىزلىكتە ئىدى، بىر دانە ئىنچىكە غولى بار ئىدى. شاخلىرىمۇ ئىنچىكە بولۇپ، جۈپ ـ جۈپ ھالەتتە، يوپۇرماقلىرىغا تۇتاش ئۆسەتتى. يوپۇرمىقى يەسىمەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئىدى.

ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، پۈرلەشكەن ھالەتتە يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن. يوپۇمىقى مەرزەنجۇش يوپۇمىقىغا ئوخشايدىكەن. مېۋىسى مۇرچ چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، قارا بولۇپ، ئۈستىدە بىر دانە ئاق چېكىت بولىدىكەن. ئۈچ دانە ئۇرۇق بىر خەمەككە غوجەمەكلىشىپ ئۆسىدىكەن. كاكىنەج غىلاپىغا ئوخشايدىغان ئۈچ بۆرجەك غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، بۇ غىلاپ ئىنچىكىرەك بولغان شاخ ئۈستىدە ئۆسىدىكەن، خام ۋاقتىدا يېشىل بولىدىكەن. يىلتىزى قىزىل، ئىنچىكە بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغايدۇ، بەدەننى سەمىرىتىدۇ. بولۇپمۇ كۇنجۇت، ناۋات، قەنت ياكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا، مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ، بۆرەك، دوۋساقنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. خىلتلارنىڭ كۆيۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** قورۇلغىنىدىن 30 گىرامغىچە، سوقۇلغىنىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باشنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قورۇش، سىركەنجىۋىل ياكى قەنت ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئاق تۈدەرى ياكى چىلغوزا ياكى مۇغاس، يېرىم ھەسسە ئارچا مېۋىسى، ئىككى گىرام مىقداردا بادرەڭ تەرخەمىكى ئۇرۇقى.

## قۇلۇمۇس
(ئېيىققۇلاق)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ ئېيىققۇلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، رازىي بوسىر ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بەش خىل بولىدۇ. فىلزەھرەج (پىل زەھرى)

دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكمۇ ئۇنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى ئاق، يوپۇرمىقىمۇ ئاق بولىدۇ. ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدۇ. چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى كاللەكسەي يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاقراق، كەڭرەك بولىدۇ. غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ئۆسىدۇ. غولىدا يۇڭدەك نەرسىلەر ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىققا مايىل، ئۇرۇقى ئۇششاق، يىلتىزى ئۇزۇن، بارماق تومۇلۇقىدا بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى قارا، بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، چوڭراق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، غولى بولمايدۇ. يوپۇرمىقى بېھى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ھەر بىر شېخىنىڭ ئۇچىدا يۇمىلاق غوزەكلەر بولىدۇ. گۈلى ئالتۇن رەڭ سېرىق بولىدۇ. تۆتىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. غولسىز بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. بەشىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ، قېلىن بولۇپ، ئۆتكۈر پۇراقلىق شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. غولى بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، قارامتۇل، يۇمىلاق، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ، بۇ تۈرى ئېھتىمال تاماكا ئۆسۈملۈكى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ «ت» (تائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچىدۇر. ئۇنىڭ يىلتىزلىرى تەسىرلىرى جەھەتتە ماھىزەھرەج (بېلىق زەھرى ئوت)نىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيىدۈك ھەيدەيدۇ، ئېقى ۋە قارىسىنىڭ يىلتىزىدىن بەش گىرام ئېلىپ ئىشلىتىلسە سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىشىنى توسىدۇ، شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچ سۈرۈشنى توسىدۇ. قايناتمىسى سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، زىققە نەپەس ۋە مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشىغا داۋا بولىدۇ.

ئىششىقلار، ئوت كۆيۈكى ۋە زەھەرلىنىش: ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە كۆز ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. ھەسەل ۋە شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا شەقاقلۇس (ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىپ سېسىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك ـ تەرجىماندىن) يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. چايانىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈكىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەناغۇرس ئوتى.

## قۇلۇمايۇن
(قۇلۇمايۇن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «شەجەرەئى ئەبى مالىك» (ئەبۇ مالىك دەرىخى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەمەشق خەلقى «سابۇنۇل قاف»، «سابۇنۇس سىياب» (كىيىم - كېچەك سوپۇنى)، «زۇفرۇل قەت» (مۇشۈك تىرنىقى ئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە يەرلىك ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، باقىلە ئۆسۈملۈكىنىڭ غولىغا، يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولىدا غىلاپلار بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئۇچى يەنە بىرىگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، يىلتىزى ئىرىسا دەپ ئاتىلىدىغان سەۋسەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. شەكلى قىرىقئاياغ قۇرتىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى تاغدا ئۆسكىنىدۇر. بەزىدە خۇددى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيى ئېلىنغاندەك، يىلتىزىنىڭمۇ سۈيى ئېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇرۇننىڭ قېنى، نەپەس يوللىرىدىن كەلگەن قان ۋە ئاشقازان، بالىياتقۇدىن كەلگەن قانلارنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ زىمات قىلىنسا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قۇمرىي
(تورۇلغا)

ئۇ مىسىر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «قۇمر» شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ نامى ئىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى شۇ شەھەرنىڭ تۇپرىقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلىكى «قۇمارا» بولىدۇ. بەزىلەر ئۇ خۇددى «ئەھمەر» (قىزىل) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى «ھۇمر» بولغىنىدەك، قۇمرىيمۇ «ئەقمەر»نىڭ كۆپلۈكىدۇر، دەيدۇ ياكى ئۇ قۇمر دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكىدۇر، خۇددى «رۇمىي» بىلەن «رۇم» ۋە «زەنجىي» بىلەن «زەنج» دېگەن

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قەنا

(نەيزە قومۇشى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىرقانچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بىرى نەيزە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «قەنەۋات» (نەيزىلەر) بولىدۇ، يەنە كۆپلۈك شەكلى خۇددى «جەبەل» (تاغ) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «جىبال» (بولغىنىدەك «قىنا» (نەيزىلەر)مۇ بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار ئۇنى بىر خىل قومۇش دېگەن، بۇ چاغدا كۆپلۈك شەكلى «قەناھ» (نەيزە قومۇشلىرى) بولىدۇ. يەنە تاباشىر چىقىدىغان قومۇشمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە ئۈشەق دەرىخىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇشەق دېگەن. يەنە ئەندۇتالىس ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دېيىلگەن. يەنە ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى بولۇپ، يوپۇرمىقى نەئنائ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئاۋام ـ خەلقى ئارىسىدا «كىلخ» دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇ قۇرۇق بېدەنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن. كىلخ ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ۋە «ل» (لام) ھەپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

## قۇننابەرا

(بەھەق ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ نىبىتچە سۆز ئىكەن. ئۇ يەن «قۇنا بىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «غەملۇل»، «قەملۇل»، «غەلۇل»، «فوھەق»، «شەجەرەتۇل بەھەق» (بەھەق دەرىخى)، يۇنانچە «قەفىيھىمالۇن»، رىمچە «قەبارۇمبەدۇس»، شىرازچە «بۇرغۇست»، پارسچە «بەزەند»، «نەجەند»، شىرازچە «سەبزە»، «سودە»، ئىسپىھانچە «موجە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باش باھاردا ئۈنۈپ ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ. بەغدادىي ئۇنى چۆلدە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن دېگەن. يوپۇرمىقى ياۋا كاسىنە يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، سەل ئۆتكۈر، ئاچچىق، گۈلى ئاق، ئىنچىكە، ئۇرۇقى توپا رەڭ، ئۇششاق بولىدۇ. نۇۋۋاب مەغفۇر ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سۇماق ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما سىلىق ئەمەس، بەلكى سەل تۈكلۈكتۇر دەپ يازغان. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «يوپۇرمىقى پالەك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، سەل ئۆتكۈر، ئاچچىق

بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، غولى ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلى ئاق، ئۆششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى نوقۇت چوڭلۇقىدىكى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ھەر غىلاپتا تۆت دانە بولىدۇ، قىچا ئۇرۇقىغا بەك ئوخشايدۇ» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، شاخلىرى سەل قىزىل بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۇنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاسان ھەزىم بولغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچىدۇر. ئۇ ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە بېرىش چەكلىنىدىغان دورىلاردىندۇر.

نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى قويۇق كەيمۇسلارنى تازىلايدۇ، جىگەر، تال تومۇرلىرى، سۇيدۇك، ھەيز، سۈت ھەيدەيدۇ، تەرلىتىدۇ. سۈيى ئىچىلسە ئىچنى سۈرىدۇ، يەرقانىغا داۋا بولىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قويۇق كەيمۇسلارنى چىقىرىدۇ. زىمات قىلىنسا بوۋاسىر، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلسە داغ، بەھەق ۋە باشقىلارنى يوقىتىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئاز كۈنلەر ئىستېمال قىلىنسا «ۋەزەھ» دەپ ئاتىلىدىغان داغنى يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلىنىلسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، ئەمچەكتىكى زەخمنى ساقايتىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** زىمات قىلىنسا بارلىق زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدا پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۇزغا چىلانغىنى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى بادام يېغى، كۈنجۈت يېغى ۋە باشقا ياغلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۈزەتكۈچىسى كابۇل ھېلىلىسى بىلەن شېكەر ئىكەن.

## قىننەب

(كەندىر)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قۇننەب»مۇ دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «كۇنەب» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەن ئىكەن. ئۇ «بەق»، يۇنانچە «ۋەدىفرونىس»، سۇريانچە «قەنبىيرا»، رىمچە «كەتتانىي»، پارسچە «كەنەب»، «بەنگ»، ھىندچە «بەھەنگ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلمى ئاتىلىشى «ۋەرەقۇل خىيال» (خىيال يوپۇرمىقى)، «جۇزۋى ئەزەم» (چوڭ تەركىب)، «ھەشىيش» (ئوت)، «ھەشىيشەتۇل فۇقەرا» (كەمبەغەللەر ئوتى)، «نەشات ئەفزا»

(تېتىكلەشتۈرگۈچى)، «فەلەكى تاز»، «ئەرش نەما» (ئەرشنى كۆرسەتكۈچى)، «ھەببەتۇل مەساكىين» (بىچارىلەر مۇھەببىتى)، «شەھۋەت ئەنگىز» (شەھۋەتنى قوزغىغۇچى)، «مۇنىسۇل ھۇمۇم» (غەملەرنى تۈگەتكۈچى)، «چەتتەرى ئەخزەر» (يېشىل كۈنلۈك)، «زەمۇررەد رەڭ» (زۇمرەت رەڭ)، «بەركىلەك شىرازى» قاتارلىقلاردۇر. دىسقۇرىدۇس ئۇنى «قەنابىس» ۋە «قەنابۇس» دەپ ئاتىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ غولى قىنىنەب دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىگىگە ئوخشاش ئارغامچا ۋە كىيىم ـ كېچەك تەييار قىلىنىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بوغۇملارنى بۇزىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان قەغەز ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، مەسىلەن: كەشمىردە ئۇنىڭدىن خۇددى يىپەك قەغەزگە تەڭ كېلەلىگىدەك دەرىجىدە سۈپەتلىك قەغەز ياسىلىدۇ.

ئۇنىڭ چېچەكلىرى، ئۇستىدىكى تۈكلىرى ۋە شەبنەم ئارىلاشقان چاڭلىرى قويۇق، شىلىمشىق بولۇپ، يىغىۋېلىپ چىلىمغا سېلىپ ئىسى شورالسا ناھايىتى مەست قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن شەبنەمنىڭ بۇنداق تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ قانچە چاپلاشقاقراق، قويۇقراق ۋە قاتتىقراق بولسا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا قۇۋۋىتىنىڭ زىيادىلىكىدىن چەككۈچىنى ھالاك قىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىستان، كەشمىر، بېنگال، ھەبەشىستان، رىم، پارس، ئىراق ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلىرىغا ئوخشاش ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرتىپ بويىچە بىر ـ بىرىدىن كۈچلۈك بولىدىكەن. ئىراق بىلەن بېنگالدىن چىققىنى ھەممىدىن ئاجىز بولىدىكەن. بەزىلەر پارستىن چىققىنىنى رىمدىن چىققىنىدىن كۈچلۈكرەك دەيدۇ. ھەر بىرىنىڭ ياۋىسى، يەرلىكى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. ياۋا ئۆسىدىغىنى بىلەن تاغدا ئۆسىدىغىنى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يەرلىكى كەندىردىن ئىبارەتتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ قوۋزىقى ئاجرايدۇ، دەرىخى بەش غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى كاۋاك، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدە 5~6 دانە، بەزىدە توققۇز دانىغىچە يوپۇرمىقى بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا يالغۇز ئۆسىدۇ، يېشىل، يىرىك، گۈلى ئاق، ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق بولۇپ، «شەھدانەج»، پارسچە «شەھدانە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ دەرىخى يەرلىكىدىن پاكارراق بولىدۇ. قوۋزىقى تەستە ئاجرايدۇ. ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە يۇقىرىدىكى ئىشلارغا يارىمايدۇ. شاخلىرى ئاق لەيلىگە ئوخشاش، رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ. يوپۇرمىقى يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يىرىكرەك، قارىلىقى يەرلىكىدىن ئازراق، ئاقلىقى يۇقىرى، گۈلى قىزىل بولىدۇ. مېۋىسى مۇرچىتەك بولۇپ، ياۋا كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى ياۋا كەندىر ئۇرۇقى، يىلتىزىنى مۇغاس دەپ بىلىدۇ.

شەيخ ئىبنى بەيتار: «قىنىنەب ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ قىنىنەب ھىندى (ھىندىستان كەندىرى) دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى خىلىنى پەقەت مىسىردا كۆردۇم، ئۇنى ‹ھەشىشە› دەپ ئاتايدىكەن. باغلاردا تېرىيدىكەن. ناھايىتى مەست قىلغۇچى بولۇپ، ئۈچ گىرامى زىيادە مەست قىلىپ ئەقىلنى يوقىتىپ، ساراڭلىق ھالىتىگە ئېلىپ بارىدىكەن، كۆپ ھاللاردا ھالاك قىلىدىكەن» دېگەن.

ئومۇمەن ئۇنىڭ ساراڭ قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغان ناچار تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

**تەبىئىتى:** يوپۇرمىقى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئاز مىقداردا ئۇچۇچان ھارارىتى، كۆپ مىقداردا قوپال سوغۇقلۇقى بار. ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، پوستى قۇرۇق سوغۇق، ناھايىتى ناچاردۇر. يىپچىلىرى مۆتىدىل دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇچۇچان، ئىسسىق تەركىبى ۋە سوغۇق تەركىبى بىلەن مەست قىلىپ ئاۋۋال خۇرسەن قىلىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ ۋە مەست قىلىدۇ، ئۇچۇچان، ئىسسىق تەركىبى يوقىلىپ ۋە تارقاپ، قوپال، سوغۇق تەركىبىنىڭ تەسىرلىرى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە ئىسسىق تەركىبىنىڭ تەسىرى بىلەن خىيال ۋە تەپەككۇرنى نازۇك، ئىنچىكە قىلىدۇ. ئۇسسىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، جىما شەھۋىتىنى ئاۋۋال يوقىتىدۇ، ئارقىدىن كۈچەيتىدۇ. روھىي نەپسانىيىنى غۇۋالاشتۇرىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ ۋە زەئىپلەشتۈرىدۇ. ساراڭلىق، مالىخولىيا، قورقۇنچاقلىق، ئىستىسقا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ ۋە ئۈزىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەنىينى قۇرۇتىدۇ، تەسىرىنى تاتلىق نەرسىلەر كۈچەيتىپ، چۈچۈمەل نەرسىلەر يوقىتىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى بۇرۇنغا پۈركۈلسە مېڭىنى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلسا باشتىكى پىت ۋە جاراھەتلەرنى يوقىتىدۇ. ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ۋە يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاق قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك ۋە ۋەدىي سۇيۇقلۇقىنى ھەيدەيدۇ. مەنىي تۇتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. پوستى باھنى ئۈزىدۇ، مەنىي قۇرۇتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: تالقانلىنىپ سېپىلسە ھۆل يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. ياۋىسىنىڭ يىلتىزى قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا، شۇنداقلا يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۆيدۈرگىگە چېپىلسا

ساقايتىدۇ. بۇزۇق كەيمۇسلار تۇرۇپ قالغان ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇق يۇپۇرمىقىنى چالا سوقۇپ ئۈستىگە سۇ سېپىپ قىزىتىپ ئابدىمىلىك يۇپۇرمىقىغا سۇرۇلۇپ ئۇرۇقدانغا تېڭىلسا، ئىچىگە يىغىلغان سۇنى ۋە ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر دەرەم ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ناچار تۇرلىرىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كالا يېغى بىلەن ئىلمان سۇ ئىچۈرۈپ، ئاشقازاندا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغۇدەك دەرىجىدە قۇستۇرۇلىدۇ. چۈچۈمەل شاراب ئىچۈرۈلسە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

ئۇرۇقى كۆڭۈل ئاينىشنى پەسەيتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. ناچار خىلىت پەيدا قىلىدۇ، كۆچلۈك قىزىتىدۇ. بۇخارات ئۆرلىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەنىي تۇتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قورۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەيلەرنى يارىلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەشخاش، سىركەنجۇبىل شېكىرى، لىمون شەربىتى. ئېيتىلىشىچە، سوغۇق سۇ، قار، چۈچۈمەل مېۋە سۇلىرى ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن بادام يېغىدەك ئېلىنغان يېغى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قۇلاق ئاغرىقى، پەي ـ نېرۋىلار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلار ۋە بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سۈركەلسىمۇ ياكى تېمىتىلسىمۇ بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا مەنىينى قۇرىتىدۇ.

بىلگىنكى، ھىندىستان خەلقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرى ئۆمۈرنى ئۆزارتىدۇ، ئوي ـ خىيالنى تۈگىتىدۇ، دېگەن خاتا قاراش بىلەن ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا كۆپ قىزىقىشىدۇ. شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىنىڭ بەزىسى ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن ۋە ھەقىقەتكە ئېرىشكەن دەپ خىيال قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«نەشە تارتتۇق، ھەق سىرلىرى بولدى ئاشكارا،

يوقتى ئىشەنچ ئاجىز گىياھ قىلار ئاشكارا»

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە ئۇنىڭ يۇپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ سۇ بىلەن ئېرىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ بىر قەدەھتىن ئىچىدۇ. يېقىنلىرىنى تەكەللۇپ بىلەن تەكلىپ قىلىشىدۇ. بەزىلىرى قورۇپ يالغۇز ياكى ئاقلانغان كۈنجۈت بىلەن چاينىشىدۇ ياكى شېكەر بىلەن سۇفۇپ قىلىشىپ ئىستېمال قىلىشىدۇ، بۇ چاغدا كۆڭۈللىرىنى كۆپ خۇرسەن

قىلىدۇ. يەنى ئۇنى ئىستېمال قىلغاننىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنىڭ ھايۋانىي قۇۋۋەتلىرىنى قوزغىتىپ، تۈرلۈك تائاملارنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشىپ ھۇزۇرلىنىشىدۇ ۋە ھەزىم قىلىشىدۇ. كۆپ سۈيۈقلۇقنىڭ يىغىلىشى بىلەن بەدەنلىرى سەمرىيدۇ. ئارقىدىن ھەزىمنىڭ ئاجىزلىششى، يەل كۆپىيىش، قورساق كوركىراش، سۇئۇلقۇنىيە، پۇت ـ قوللارنىڭ كۆپۈشى، يۈز ـ كۆزلىرىنىڭ ئىششىشى، رەڭگىرويىنىڭ ئۆزگىرىشى، باھنىڭ ئاجىزلىششى، چىشلارنىڭ تۆكۈلۈشى، ھۇرۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق، شەيتانىي بۇزۇق خىياللارنى كۆپ قىلىش، تەپەككۇرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۆزىنى نادانلارنىڭ قاتارىغا ئېتىش، كۇپۇرلىق قىلىش، ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىش ۋە باشقىلىرىغا ئوخشاش ئېغىر كېسەللىكلەر ۋە يامان ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن مەجۇنلەرنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئازايتىش ئۈچۈن سۈت بىلەن قاينىتىپ قېتىق ئۇيۇتۇپ قايمىقىنى ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك دورىلارغا قوشىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان قېتىقنىڭ قايمىقىنى ئېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ يېغىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئالىدۇ. دورىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى مەقسەت قىلغانلار نەشىنىڭ ئۆزىنى سالىدۇ. مەسىلەن: مەجۇنى شىرزەدخانىغا ئوخشاش. بۇ مەجۇن شىرزاد خانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، دۇكەن شەھىرىدە تەييارلاپ، بەزىدە بۇ تەرەپلەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىر دان چوڭلۇقىدىكىسىمۇ كۆپ مەست قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىنىڭ كۆپ قىسمى نەشە، كەندىر يېغى، كەندىر يوپۇرمىقى ۋە باشقا مەست قىلغۇچى يىلتىزلارنىڭ ياغلىرى ۋە جەۋھەرلىرىدۇر.

## قۇنبۇرە

(بوزتورغاي)

ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «قۇنبۇرە» دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «قەنابىر» (بوز تورغايلار) بولىدۇ. ئەرەبچە «ئەبۇل مەلىيھ»، پارسچە «چەكاۋەك»، «ھەجۇزۇلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «بەردالۇس»، «بەرىيدالۇس»، لاتىنچە «كارنىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** قۇشقاچلار قاتارىدىكى قۇش بولۇپ، ئاق قۇشقاچتىن سەل چوڭراق، رەڭگى چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق بولىدۇ. بېشىدا توز ۋە ھۆپۈپنىڭ تاجىدەك تاجى بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز بولغىنىدۇر. قۇشقاچلار ئىچىدىن ئۇنى ئالاھىدە بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىسمى بولغانلىقى ۋە شۇ ئىسىم بىلەن داڭلانغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق دورىلار قوشۇلماي قىلىنغان شورپىسى ئىستېمال قىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئېچنى توختىتىدۇ، شۇنداقلا باشقا قۇشلارنىڭ گۆشلىرىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ گۆشىنىڭ مەزكۇر قۇۋۋىتى باشقىلاردىن كۈچلۈكرەكتۇر. كاۋىپى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ياخشى ئوزۇقلۇق بولۇپ، قولۇنجى بىمارلىرىغا شىپا بولىدۇ. دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. پۈتۈن كۆيدۈرۈلگەن كۈلى كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى ۋە يۈرەك ئاغرىقىغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سىركە، چۈچۈمەل مېۋىلەر ۋە بادام يېغىدۇر.

## قۇننەبىيت

(چېچەكسەي)

پارسچە «كەلەم رۇمىي» (رىم كاللەكسىيى)، «كەلەمى گۇرد» (يۇمىلاق كاللەكسەي) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كاللەكسەينىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇنى ئالاھىدە بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ئالاھىدە نامى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شام، باغدات خەلقى ۋە ئاۋام ـ خەلق ئارىسىدا «بەيزۇل ئىياد» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. يوپۇرمىقى قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، قېلىنراق، توپا رەڭ يېشىل، يەنى سۇرمە رەڭ، تەمى ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلاشقان بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدىن بىر دانە غول ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۈستىدە كاللەكسىمان تۈزۈلۈشى ئۆسىدۇ، ئەتراپىدىن يوپۇرماقلىرى ئۆسۈپ توپلىشىپ كاللىنىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بېنگالدا قىش پەسلىدە ئۇرۇقى فىرانسىيەدىن ئېلىپ كېلىنىپ ھەر يىلى يېڭى تېرىلىدۇ، ناھايىتى ياخشى، نازۇك، ئاق، ئارىلىرى چىڭ، تەملىك بولىدۇ. ھاۋا قانچە سوغۇق بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. تەدبىر قوللىنىش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاق، تېخىمۇ نازۇك قىلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يوپۇرماقلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ باغلايدۇ، كامالەتكە يەتكىلى تۇرغاندا ھىندىچە «ھاندى» دەپ ئاتىلىدىغان ساپال قازاننى ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، سەينىڭ كاللىكىنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ قۇياش نۇرى ۋە شەبنەمنىڭ ئۇنى بۇزۇشىدىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭ غولى يەرىمدىن ئاشقاندا چېچەكلەشكە باشلايدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا داۋاملىق سۇغۇرۇپ بېرىلسە، سۇپەتلىك، چوڭ، سۇلۇق بولىدۇ. يەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى چۈرۈك، ئاق ـ سېرىق، ياخشى كاللەكلەشكەنلىرىدۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى، غولى ۋە چېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى

ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، پەقەت سىرتقى يوپۇرماقلىرى سەل چوڭراق، كەڭرەك، قارىراق، غولى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ، تۈگۈلگەن يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭگە مايىل توق قىزىل بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسىمۇ يېڭى، رەڭگى چىرايلىق، چوڭراك ۋە ياخشى كاللەكلەشكىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. قويۇق ھۆللۈكى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى ئۇچۇچان ھارارىتى ۋە تۇپراقتا مەنسۇپ قويۇق تەركىبى بار. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قورساقنى ئەسكۈچى قۇۋۋىتى بار. سۈيدۈكنى ھەيدىگۈچى، سەۋدالىق قان پەيدا قىلغۇچى، مېڭىنى زەئىپلەشتۈرگۈچى، بۇخارات ئۆرلەتكۈچىدۇر. ئوزۇقلۇقى ناچاردۇر، قورساقنى ئىشىدۇ. بىقىن ۋە قورساق ئەتراپىدا يەل پەيدا قىلىدۇ. خاسىيىتى بىلەن خۇمارنى باسىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەۋدالىق خىلىت ۋە سەۋدادىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇزۇق خىياللارغا سەۋەب بولىدۇ. چۈشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. بۇخارات پەيدا قىلىشى بىلەن مېڭە بىلەن كۆزنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. سۈيى ئىچىلسە مەستلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى تۆكۈلسە بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۇنى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى تەكرار تۆكۈۋېتىپ، سېمىز گۆش، بادام يېغى، تولۇق زەيتۇن يېغى، يېڭى كالا يېغى بىلەن قورۇپ يۇمشاق پىشۇرۇپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۇچۇچان دورا ـ دەرمانلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىغا ئوخشايدىغان غولى قورساقنى ئىسىدۇ، ھېق تۇتقۇزىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، جىماغا ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ قورۇپ سىركە، زەيتۇن يېغى ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كاللەكسەيدىن بەكرەك سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

ئۇرۇقى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، شارابتىن بۇرۇن ياكى شاراب بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىنسا مەستلىكنى چەكلەيدۇ، خۇمارنى باسىدۇ. ئايال جىمادىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا مەنىينى بۇزىدۇ.

## قنبيل
(قەمبىل)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «كىنبىلا» دېگەن سۆزنىڭ ياكى ھىندىچە «كەمىلە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۇ بەزى ئەللەردە

ئاسماندىن شەبنەم بىلەن بىرلىكتە چۈشىدىغان قۇمىسمان قىزىل نەرسە دەيدۇ. بەزىلەر ئۇ يەمەننىڭ چۆللىرىگە چۈشىدىغان شەبنەم بولۇپ، تۇپراق بىلەن ئارىلىپ شۇنداق ھالەتتە بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «تىينۇل جۇلۇد» (تېرە لېيى) دېگەن نام بىلەن تونۇلغان لايغا ئوخشاش بىر خىل لاي بولۇپ، خوراساندا يامغۇر ياغقاندا پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قۇمىسمان ئۇرۇق بولۇپ، سىرتى قىزىل بولىدۇ دەيدۇ. بەزىلەر سەرخەس ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى دەيدۇ. نۇۋۋاب ھەكىم مۇئتەمەدۇل مەلىك سەييىد ئەلىۋخان ھەزرەتلىرى: «ئۇ كۆپ ھاللاردا ھىندىستان بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى تاغلىق رايونلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئېلىپ كەلگۈچىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، ئۇ دەرەختىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، دەرەخ ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شۇ دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقى ياكى ئۈستىگە ئولتۇرغان شەبنەم ئىكەن» دەپ يازغان. كىتابنى يازغۇچىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ مېغىزى ئىكەن. بۇ دەرەخ زاراڭزىغا ئوخشايدىكەن، يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭ يوپۇمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، تىكەنلىك، تىكەنلىرى يىرىك، ئۇزۇن بولىدىكەن. مېۋىسى نارەنجى شەكلىدە بولۇپ، ئۇچىدا تىكىنى بولىدىكەن. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدىكەن. تولۇق پىشقاندىن كېيىن يېرىلىپ ئىچىدىن قارامتۇل قىزىل نەرسە چىقىپ يەرگە تۆكۈلىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى يىغىۋالىدىغان بولۇپ، قەمبىل شۇ ئىكەن. تۇپراق ئارىلاشمىغانلىرى ساپ، يېنىك، قۇم ـ تۇپراق ئارىلاشقانلىرى ئارىلاشما، ئېغىر بولىدىكەن. قالغىنىنى ئاللاھ ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. كۈچلۈك قابىزلىق قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 3 ~ 6 گىرامغىچە ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ مەددە قۇرتلىرى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى كۈچلۈك چۈشۈرىدۇ. شىلىمشىق ھۆللۈكلەر ۋە بۇزۇق خىلىتلارنى سۈرۈپ تازىلايدۇ. قىلقۇرت كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، شىھ ئەرمىنى.

(2) ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، رۇمبەدىيان.

**ئورۇنباسارى:** تۇرمۇس پۇرچىقى، ئاقلانغان بەرەڭگى كابۇلى، سەكبىنەج.

**جاراھەتلەر، يارىلار، قوتۇر، كالا تەمرەتكۇسى:** يۇمشاق سالايە قىلىپ سىپىلسە ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ. تاز، ھۆل قوتۇر، مۇدۇرلار ۋە كالا تەمرەتكىسىگە شىپا

بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاۋۋال كېسەللەنگەن ئەزانى گۈل يېغى ياكى نارمىشكى يېغى بىلەن ياغلاپ سۈركىسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ تاز، قوتۇر ۋە بالىلاردىكى كالا تەمرەتكىسىنى داۋالاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ياغلىنىپ ئۇنىڭ ئىترىفىلى، داۋاسى ۋە مەجۇنى ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، مەلھىمى سۈركىسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مەلھىمى، ئىترىفىلى، داۋاسى، يېغى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## قەنتۇرىيۇن
(قوڭغۇراقباشئوت)

ئۇ رىمچە سۆزدۇر، بەزىلەر يۇنانچە دەيدۇ، ئەمما توغرىسى ئۇ رىمچە «جەنتورىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ رىم ھەكىمى جەنتورىسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، چۈنكى ئۇ كىشى ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە بايقىغان. سۈريانچە «ئىسكىيغىلاي»، يۇنانچە «ئومىيترۇن»، پارسچە «ئوبىزرولوفا»، «كەريۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «كەريۇن» دېگەن سۆز قەنتەريۇن دەقىيق (قېلىن قوڭغۇراقباشئوت)نىڭ نامى ئىكەن. ئۇ چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆسىدۇ.

## قەنتۇرىيۇن كەبىر
(چوڭ قوڭغۇراقباشئوت)

ئۇ «قەنتۇرىيۇن غىلىز» (توم قوڭغۇراقباشئوت)، يۇنانچە يەنە شۇ مەنىدە «قەنتۇرىيۇن تۇماغا»، «بوقى»، «كۇفايى كەبىر» (چوڭ لۇفا) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ھۇمماز ئۆسۈملۈكى ۋە كاھۇ ئۆسۈملۈكىنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ. ئىككى غۇلاچتىن ئۈچ غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. كۆپلىگەن شاخلار بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىدا خەشخاش غوزىكىگە ئوخشاش يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق غوزىكى بولىدۇ. گۈلى سۆر مەرەڭ، يۇمىلاق بولۇپ، يوڭغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يېشىل، چۆرىسى ھەرىدەك چىشلىق بولىدۇ. يىلتىزى توم، ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى غۇلاچقىچە ئۆسىدۇ، قاتتىق، قىزىل بولىدۇ. ئىچى قان رەڭگىدە قىزىل سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، ئازراق تاتلىق ۋە قىرتاق

بولىدۇ. ئۇسارىسىمۇ قاندەك قىزىل بولىدۇ. قۇياش نۇرى كۆپ چۈشىدىغان يەرلەر، تاغلىق رايونلار، دۆۋىلەردە ئۈنىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ.

نۇۋۋاب مۇئتەمەدۇل مەلىك سەييىد ئەلۋىخان ھەزرەتلىرى مۇنداق دەپ يازغان: «قەنتەرىيۇن سەغىر (كىچىك قوڭغۇراقباشئوت) بىزنىڭ يېرىمىزدە، يەنى پارس شەھەرلىرىدە كۆپ ئۈسىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ياۋىسى بولۇپ، تۈز يەرلەردە ۋە دەرەخلىك دۆۋىلەردە ئۈسىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ قىزىل بولىدۇ. يەنە بىرى يەرلىكى بولۇپ، ئۆسۈملۈكى ياۋىسىدىن كۆچلۈكرەك، ئېگىزرەك، گۈلى خۇش پۇراقراق، ئاچچىقلىقى كەمرەك، باشقا جەھەتلەردە ياۋىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ گۈلى ھەر خىل رەڭلەردە ئېچىلىدۇ. شىراز خەلقى ئۇنى «گۈلى مىخەك»، «گۈلى قەرەنپۇلى» دەپ ئاتىشىدۇ. گۈلى توققۇز يىلغىچە بولىدۇ. يىلتىزى يەر ئاستىدا قالىدۇ ۋە كېيىنكى يىلى شۇ يىلتىزدىن يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ. ياۋىسىنىڭ يىلتىزى يەردە قالمايدۇ، بەلكى ھەر يىلى قايتىدىن ئۈسىدۇ. يازنىڭ باشلىرىدا گۈللەيدۇ ۋە ئۇرۇقلايدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى قالغان قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن ھەر خىل قارىمۇقارشى تەسىرلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ تەمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان ئىسسىق تەسىرلىرىدىن ھەيزنى ماڭدۇرۇش، ئۆلۈك ھامىلىنى ئاجرىتىش، تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرۈش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە، كۆكرەكنى تازىلاشقا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە. تەمىنىڭ قىرتاقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان سوغۇق تەسىرلىرىدىن قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش ۋە يارىلارنى ساقايتىشقا ئوخشاش تەسىرلەر پەيدا بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توغرالغان گۆش ئۇنىڭ بىلەن قاينىتىلسا بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالىدىكەن.

نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زىققە نەپەس، نەپەس قىيىنلىشىش، كاناي ئىششىقى، كونا يۆتەل، كونا قان تۈكۈرۈش، بىقىن ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجغا پايدا قىلىدۇ. ئىستىسقا، يەرقان، جىگەر، تال قېتىشقا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. پەي - مۇسكۇللارنىڭ زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ. مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ

بىلەنپەرزىجە قىلىنسا ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئاقمىلار: ئۇنىڭ ھۆلى ياكى قۇرۇقى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك مەلھەملەر بىلەن زىمات قىلىنسا يېڭى زەخىملەرنى چاپلاشتۇرىدۇ، كونا ـ يېڭى چوڭقۇر جاراھەتلەر ۋە ئاقمىلارنىڭ ئىچىرىلىرىنى پۈتكۈزىدۇ. پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ. سوڭۇق، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى قەنتەرىيۇن سەغىر (كىچىك قوڭغۇراقباشئوت) نىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، تاتلىق نەرسىلەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تەپ بولمىسا شاراب بىلەن، تەپ بولسا سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رۇسۇت، قەنتەرىيۇن دەقىيق (ئىنچىكە قوڭغۇراقباشئوت).

ئۇنىڭ ئورۇقىنىڭ ئۇسارىسى مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

شەيخ ئىبنى بەيتارنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ لوقىيا شەھەرلىرىدە ئۆسىدىغىنىنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىپ، رۇسۇتنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن.

## قەنتۇرىيۇن سەغىر
(كىچىك قوڭغۇراقباشئوت)

ئۇ يەنە «قەنتۇرىيۇن دەقىيق» (ئىنچىكە قوڭغۇراقباشئوت) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە يەنە شۇ مەنىدە «قەنتۇرىيۇن تولىيتۇن» ۋە «قەنتۇرىيۇن تەرمەقرۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى تۇرغۇن سۇ دېگەن مەنىدە «مەلىيسۇن» دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇ تۇرغۇن سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يەنە قۇرۇپ قالغان دەريا بويلىرىدىمۇ ئۆسىدۇ. پارسچە «لوقايى خۇرد»، «كەرىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تۇرغۇن سۇ بويلىرى ۋە قۇرۇپ قالغان دەريا بويلىرىدا ئۆسىدۇ. بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدىغان بولۇپ، تاغ پىنىنىسىدىن ئىبارەت بولغان ھۆپارىقۇن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. غوللىرى تارقاق بولۇپ، شاخلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل بولۇپ، تۇنپۈراق گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. مېۋىسى بۇغدايغا ئوخشايدىغان

بولۇپ، ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى ناھايىتى ئاچچىق، سەل قىرتاق بولىدۇ. يىلتىزى كىچىك بولۇپ، چوڭىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئەكسىچە پايدىسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ قالغان قىسىملىرى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭىسى ئازراق خۇش پۇراق، شاخلىرى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ. ئەتىيازلىق ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، ئەتىياز پەسلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانراق، ھەممە تەسىرىدە چوڭىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. غولى، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. غىدىقلىماي قۇرۇتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىچنى سۈرگۈچى، تازىلىغۇچى، بەدەن ۋە بوغۇملارنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى ماددىلارنى تارتىپ چىقارغۇچىدۇر. ئۇنىڭ چىن دورىلىرىغا ئوخشاش پايدىلىرى كۆپتۇر.

باش، پەي كېسەللىكلىرى، نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىش ۋە باشقىلار: 10 گىرامىنى 350 مىللىلىتىر سۇ بىلەن سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ يىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىگە شېكەر قوشۇپ ئىچسە، مېڭە ۋە پەي - نېرۋىلارنى تازىلايدۇ. تۇتقاق كېسەل، نەپەس قىيىنلىشىش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. سەپرا، سەۋدا، زەرداب سۇ ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە پايدا قىلىدۇ. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. زىياندىاش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرى، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئالتە گىرامى ئىشلىتىلسە تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈش، سوغۇقتىن بولغان كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇچا، بوغۇم، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قاينىتىپ سۈيى تۆكۈلسە تىتانۇسنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈيىگە كۈنجۈت يېغى قوشۇپ كىلىزما قىلىنسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۈلى بىلەن كىلىزما قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇچا ئاغرىقلىرى ۋە قۇلۇنجىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ سەپرا، سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى ۋە شىلىمشىق بەلغەم خىلىتلىرىنى چىقارغۇچىدۇر. ئۇنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولسا ئىچىدىن قان كەلتۈرىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار، ئىششىقلار: ھۆلى زىمات قىلىنسا ساقىيىشى تەس بولغان كونا - يېڭى جاراھەتلەر ۋە ئاقمىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. قابىزلىقى ۋە قۇرۇتۇشى بىلەن ماددىلارنىڭ ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ.

قۇرۇقى قۇرۇتقۇچى مەلھەملەرگە قوشۇلۇپ، چوڭقۇر، يامان يارىلار ۋە ئاقمىلارنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھايۋانات يېغى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىنىپ، كونا ـ يېڭى يارىلارنىڭ يېرىلىشى ۋە ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشىنى توسۇش، ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش ۋە ئىششىقلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تۇرمۇس ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنىپ، مۇسكۇل، پەي ـ نېرۋىلار ۋە بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنىپ مەزكۇر يارىلار ۋە ئىششىقلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغىنىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى زىمات قىلىنسا ۋە ئىستېمال قىلىنسا ئەفئا يىلىنى ۋە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ قۇرۇش، تارقىتىش ۋە باشقا تەسىرلىرى ئۇنىڭ قالغان قىسىملىرىنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ھۆل بولسا پۈتۈن قىسمىنى مېۋىسى بىلەن ئېلىپ سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ ساپال قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا قويۇپ، پاكىز ياغاچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، بىر كۈندە قۇرۇپ بولالمىسا كېچىدە ئېغىزى يۆگەپ قويۇلىدۇ، چۈنكى شەبنەم ئۇسارىلەرنىڭ ئۇيۇشى ۋە قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەتىسى ئېغىزىنى ئېچىپ ئاپتاپتا قويۇپ، پاكىز ياغاچ بىلەن تاكى قويۇلۇپ قاتقۇچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ھۆلى بولمىسا چوڭىنىڭ قۇرۇق يىلتىزىنى چالا سوقۇپ، بەش كۈنگىچە سوغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن قاينىتىپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ تەكرار سۈزۈپ، سۈس ئوتتا قاتقۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. باشقا زۆرۈر بولغان ئۇسارىلەرمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئېلىنسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ تەبىئىتى: ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ تەبىئىتىگە يېقىن كېلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ، لېكىن بەزى جەھەتلەردە ئۇسارىسىنىڭ تەسىرلىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئىستېمال قىلسا يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ سىركە ۋە ياۋا پىياز سۈيى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا بۇرۇن يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ، قېنىنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ ئاز مىقداردىكى زاك، كافۇر ۋە يىلتىزىنىڭ سۈيى بىلەن تېمىتىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە ماڭلاي ۋە ئىككى چېكىگە سۈركىسە قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشى ۋە شاراب ئىچىشتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاچنى ھاك بىلەن چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇنى سىركە بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، چاچ ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۈيۈق ئۇسارىسى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنىڭ يارىسىنى ساقايتىدۇ. قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن ئېرىتىپ

قاپاقتا سۇركەلسە ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. كاكىنەچ سۈيى بىلەن سۇركەلسە قاپاق قېلىنلاش ۋە قوتۇرلىششقا پايدا قىلىدۇ. سۈت ۋە ئارپىبەديان سۈيى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۇركەلسە، كۆزنىڭ كونا ئاغرىقلىرى، مۆڭگۈز پەردە يارىلىرى، يىڭناسقۇغا پايدا قىلىدۇ. مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن كۆزگە سۇركەلسە كۆز تورلىششقا داۋا بولىدۇ. قاپاقنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئانار سۈيى بىلەن تېمىتىلسا، قوتۇرنى دەرھال ساقايتىدۇ. خەيرىگۇل يېغى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا، لوقۇلداپ ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن تېمىتىلسا، قۇلاقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چىقىرىدۇ. تۇرۇپ سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن تېمىتىلسا، قۇلاقنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. نەرگىس يېغى، قىچا يېغى ۋە سىركە بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، گاسلىقنى تۈگىتىدۇ. ئۇنى گۇلاب بىلەن ئېرىتىپ ئېغىز چايقىسا ئېغىزنىڭ بەتبۇي پۇرىقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ چىرىگەن يارىسىنى ساقايتىدۇ. قارىغاي ياڭىقى

قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. چىشنى چىڭىتىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيى ۋە جىغان سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلسا بادامبەز ئىششىقى، بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسا لەۋنىڭ يېرىلىشىنى ساقايتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: شۇمشا ئۇرۇقى قايناتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ ئۇسارىسى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھۆلىدىن 3 ~ 6 گىرامغىچە، قۇرۇقىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كىلىزمىلاردا 15 گىرامغىچە ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرام ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئەپسەنتىن، يېرىم ھەسسە بابۇنە، يېرىم ھەسسە تۇربۇت. بەزىلەر بىر ھەسسە پىرسىياۋشان، يېرىم ھەسسە خېنە يوپۇرمىقى دېگەن.

ئۇنىڭ سۈيىگە زەيتۇن يېغى قوشۇپ سۈس ئوتتا سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، پەي ـ نېرۋىلارنى قىزىتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پالەچ، ئىسترخا، بوشاڭلىقتا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان كونا ئاغرىقلارنى ساقايتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ قىيام قىلىپ تەييارلانغان شەربىتى يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ.

# قۇنفۇز
(كىرپە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قۇنفەز»، «قۇنفۇد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «خىزو»، يۇنانچە «قوقماروس»، سۇريانچە «قۇفۇد»، رىمچە «شىرافەندۇن»، پارسچە «خار پۇشت» (تىكەن ئۇچا)، «جەبرۇ»، «جەش»، «سىيخۇل»، شىرازچە «چولە»، تەنەكابۇندا «ۋازدەك»، مازىندارانىدا «ۋارىمچى»، تۈركچە «كەرنى»، ھىندىچە «ساھى»، «سارسىل»، «سىيھى» دەپ ئاتىلىدۇ. چىشىسى ئەرەبچە «قۇنفۇزە» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپلۈكى «قەنافىز» بولىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، بەدىنى ۋە ئۇچىسىنىڭ مويلىرى ئۇزۇن بولۇپ، تىكەنگە ئوخشاش بولىدۇ. غەزەپلەنسە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ تۇگۇلۇۋالىدۇ ۋە تىكەن توپچىسىدەك بولىۋالىدۇ ھەم شۇ ھالەتتە بىر غېرىچ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئوقتەك نەرسە ئاجراپ چىقىدۇ، تۆۋەن ئاۋاز چىقىرىدۇ، ئادەمگە تەگسە ئازراق زەخىملەيدۇ. ياۋا، تاغدا ۋە دېڭىزدا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ياۋىسى كىچىكرەك، مۈشۈك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. تاغدا ياشايدىغىنى ئوتتۇرا ھال، ئىت چوڭلۇقىدا بولۇپ، تىكەنلىرى ئۇزۇن، ئالا بولۇپ، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇ «دۇلدۇل» (ياۋا كىرپە، جەيرە) دەپ ئاتىلىدۇ. دېڭىز كىرپىسى بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئۈستى يېرىمى كىرپىگە، تۆۋەن يېرىمى بېلىققا ئوخشايدۇ. بەدىنىدە خۇددى ھايۋانىنىڭ مويىدەك يۇمشاق مويى بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سەدەپسىمان بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئاساسى يوقتۇر. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ياۋا كىرپە نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ياخشىسى زىرىبادنىڭ بەتاۋىيە دەپمۇ ئاتىلىدىغان جاۋە ئارىلىدىن چىققانلىرىنىڭ قېرى، چوڭ بولغانلىرىدۇر. بەزى كىرپىلەرنىڭ ئىچىدىن تاغ ئۆچكىسى، كالا، مايمۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن چىققاندەك پادىزەھرى چىقىدۇ. شۇ ئارالنىڭ خەلقى 60 ~ 70 يىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، تۇتۇپ ئىچىنى يېرىپ ئۇنى چىقىرىۋالىدۇ. ئۇ چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. چوڭلىرى بەللۇت چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل قىسقىراق ۋە تومراق، كىچىكلىرى جويۇز چوڭلۇقىدا بولىدۇ. تەمى ناھايىتى ئاچچىق بولۇپ، سۇدا بىر دەم تۇرغۇزۇلسا سۇنى ناھايىتى ئاچچىق قىلىدۇ. بۇ سۇ تۇرلۇك خولىرا، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار، يەللەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ئۇنىڭ ئۆتىدە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياۋىسىنىڭ گۆشى قۇرۇتىدۇ، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ، ماددىلارنىڭ ئىچكى ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇق جىگىرى ھەم ئۇنىڭ كۈلىمۇ جۇلا بەرگۈچى، تارقاتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى، بوغۇملار، نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تۇزلانغان گۆشى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، تەشەننۇج، پەي كېسەللىكلىرى، پىل پۇت كېسەللىكى، تەپ بولمىسا ئىستىسقا ۋە بۆرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. تۇزلانمىغىنى مىزاج بۇزۇلۇش، سىل، بالىلار ۋە چوڭلارنىڭ سىيىپ يېتىشىغا پايدا قىلىدۇ. ھەتتا داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا سىيىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان جىگىرى ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن تېرىسى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچكە، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا گۆشلەرنىڭ ئىششىشىغا شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار، جاراھەتلەر ۋە يارىلار: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، جوزام، بەز چۇشۇش ۋە مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشلىرىگە شىپا بولىدۇ. تېرىسىنىڭ كۈلى مەينەت يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ، يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ، چۈنكى ئۇ جۇلا بەرگۈچى، تازىلىغۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۆشىنىڭ قېقى سالايە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ جوزامغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** كۈلى مەلھەم قىلىنسا يەڭگىل دەرىجىدىكى داغ ـ سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ. زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىنسا، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسا، قوتۇرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن باشنى يۇيسا تازنى ساقايتىدۇ.

تەپ ۋە زەھەرلىنىشلەر: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا كونا تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھەرلىرى ۋە باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. تېرىسىنىڭ كۈلىدىن 1.5 گىرامى تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، جىگەر مىزاجى ۋە رەڭگىرويىنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇ بىلەن دۇملەپ يۇمشاق پىشۇرۇپ، بادام يېغى، سۇت، سىركە ۋە كاسىنە بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ ئۆتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. كۆزگە سۈركەلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا بەدەندىكى يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى

ئالىدۇ. جوزامغىمۇ پايدا قىلىدۇ. موم بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستىمال قىلسا ياكى ھەمەلچە قىلسا ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

ياۋا كىرپە (جەيرە) تاغدا ياشايدىغان چوڭ كىرپە بولۇپ، «سەھمىي» (ئوقسىمان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇ ئوق ئاتىدۇ. گۆشى ئىستىمال قىلىنسا تۇقرەسكە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا گۆشى زىمات قىلىنىسىمۇ، شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قېنى سۈركەلسە داغ يوقىتىدۇ، بەدەندىكى كىرلارنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلان ۋە باشقا زىياندىش ھايۋانلار ياۋا كىرپىنىڭ تىكىنىدىن قاچىدىكەن ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بارمايدىكەن. كىرپىلەر يىلان بىلەن كۈرەش قىلىدىكەن، يەنى كىرپە يىلاننىڭ ئوتتۇرىدىن چىشلەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدىكەن، يىلان بىئارام بولۇپ، ھەرىكەت قىلغانسېرى بەدىنى كىرپىنىڭ تىكەنلىرىگە تېگىپ تېخىمۇ بەكرەك زەخىملىنىدىكەن. كىرپە ئۇنى قويۇۋەتمەي، داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئاخىرىدا يىلان ئاجىزلىشىپ بوشايدىكەن ۋە ئۆلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يىلان ئۇنىڭدىن قاچىدىكەن. جابىر بىن ھەببانۇس سوفىي «خەۋاسسى كەبىر» (چوڭ خاسىيەتلەر) دېگەن كىتابىدا: «ياۋا كىرپىنىڭ گۆشى سىيىش قىيىنلىششقا پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلاپ تېرىسىنى سويۇپ، گۆشىنى ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ، سوقۇپ، تالقانلاپ ياكى ئېكەكدەپ 10 ~ 15 گىرامغىچە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك تېزلا شىپا تاپىدۇ» دېگەن. كىرپىنى كۆيدۈرۈپ تۆشۈدۈر بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئېرىشكە ئاز قالغاندا، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا ۋە كېپەكلەشكەن چاچقا سۈركەلسە تېزلا چاچ ئۈندۈرىدۇ. كالا تەمرەتكىسى بار ئورۇن توغرىغۇ بىلەن قىزارغۇچە سۈرۈلۈپ، كىرپىنىڭ پوقى زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ سۈركەلسە ساقايتىدۇ. ياۋا كىرپىنىڭ كۈلى ئاس يېغى ياكى باشقا ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىنىپ ھەرقانداق ئورۇنغا سۈركەلسە موي ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى كۆيدۈرۈلۈپ قىچا ۋە كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چاچقا سۈركەلسە چاچ ئۆستۈرىدۇ، چاچنىڭ يېرىلىشى ۋە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىشكىمۇ پايدا قىلىدۇ. قارا چاچ ئۈنمىسە تەكرار سۈركەلسە بولىدۇ. ئۇنىڭ تېلى قۇرۇتۇلۇپ سالايە قىلىنىپ شاراب بىلەن ئىستىمال قىلىنسا تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ تېلىدا قاتتىق ئىششىق پەيدا بولغان ئىدى، كىرپىنىڭ تېلىنى قورۇپ يېۋىدى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن كۆپ تەرلىدى، ئارقىدىن ئىچىدە ئاغرىق پەيدا بولدى، بىر سائەتتىن كېيىن 300 مىللىلىتىردىن ئارتۇقراق مىقداردا كۆپ سىيدى ۋە ئاللانىڭ

ئىزنى بىلەن شىپا تاپتى. ئۇنىڭ ئۆتى ئېلىنىپ خۇراسان سۇرمىسى بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىنىپ كۆزگە سۇركەلسە، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى تېزلا يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى يېڭى ئاق كېسەلگە بىر قانچە قېتىم سۇركەلسە ساقايتىدۇ، ئاقكېسەل كونا بولسا گۈڭگۈرت بىلەن سۇركەلسە بولىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۆتىنى سالايە قىلىپ شاراب بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا سىركە بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلىتىلسە دائىملىق بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر، شۇ ھامان قېنىنى توختىتىدۇ.

**ھېكايەت:** شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ «ئەششىفا» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، كىرپە شامال ۋە بورانىنىڭ چىقىشى، ئۇلارنىڭ چىقىش يۆنىلىشلىرىنى بىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇۋىسىنىڭ شامالغا قارايدىغان ئېغىزىنى ئېتىۋېتىپ باشقا تەرەپتىن ئاچىدىكەن. ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇق ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ بىلىدىغان بولۇپ، بۇ چاغدىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بىر ئادەم سىناق قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدە باشقىلارغا تۈيدۇرماي كىرپىگە ئۇۋا ياساپ بەرگەن. كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ھاۋا رايى ئۆزگەرگەندە ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەن. بۇنى كىشىلەرگە كارامەت سۈپىتىدە خەۋەر قىلغان. ئۇلار كىرپىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى كۆپ ئەتىۋارلاشقان.

دېڭىز كىرپىسىنىڭ گۆشى ياۋا كىرپىنىڭ گۆشىگە قارىغاندا نازۇكراق بولۇپ، ئاشقازانغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچنى بوشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. تېرىسىنىڭ كۈلى قوتۇر ۋە باش يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

## قۇندۇس
(قۇندۇز)

ئۇ كۇندۇشنىڭ نامىدۇر. ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئۇرۇقدىنى قۇندۇز قەھرىدىن ئىبارەت بولغان بۇلغارىيە قۇندۇزىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن جۇۋا ۋە باشقا كىيىم - كېچەكلەر تىكىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيسە بەدەندىكى سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئۇستىدە ئولتۇرۇلسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ.

# پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## قۇتۇلىيدۇن

(ھەمىشباھار ئۇرۇقدىشى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر. يۇنانچە يەنە «قۇمالىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش خەلقى «زەلالىفۇل مۇلۇك»، «بەشانىق»، «ئازانۇل قەيس» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يۇنانچە «قەتۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان مەكيالى ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەمىشباھارنىڭ بىر تۈرى بولغان مەريەم قەدىھى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ئەبرۇن» ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئەرەبچە «كاسات» (قەدەھلەر) دەپ ئاتىلىدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قەدەھكە ئوخشايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، سەل كاۋاكلىك، غولى قىسقا بولىدۇ. ئۇرۇقى غولى ۋە شاخلىرىغا تۇتىشىپ ئۆسىدۇ. يىلتىزى زەيتۇن مېۋىسىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، يىلتىزى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى ئىچسە ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. شاراب ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننىڭ ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. يىلتىزى دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئىششىقلار، يارىلار: يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقلۇقتىن بولغان يېرىقنى ساقايتىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى ۋە يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

## قۇفى

**ماھىيىتى:** ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، شەكلى ئادەمگە ئوخشايدۇ.

پەنىرمايىسىنىڭ تەسىرى قۇندۇز قەھرىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ئىستىمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەنىرمايىسى بىلەن باشقا ھايۋانلارنىڭ پەنىرمايىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى شۇكى، باشقا ھايۋانلارنىڭ پەنىرمايىسىغا سۇ تۆكۈپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەزكۇر سۇنى ئۇنىڭ پەنىرمايىسىنىڭ ئۈستىگە تۆكسە، ئۇنى ئېرىتىپ سۇغا ئايلاندۇرىدۇ، ھالبۇكى، باشقا ھايۋاناتلارنىڭ پەنىرمايىسىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك بولمايدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قەھۋە
(قويۇق شاراب)

ئۇ قويۇق شارابنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ يەنە تويدۇرغۇچى، چىڭىتقۇچى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچكۈچىنى تېزلا مەست قىلىدۇ ھەم مەستلىكى كۈچلۈك بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندا ئۇ ئاۋام ـ خەلقنىڭ تونۇشىدا يەمەن، ھەبەشىستان بەتاۋىيەدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ «بۇن» (قەھۋە پۇرچىقى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### قىيرۇتى
(ياغدا ئېرىتىلگەن موم)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇشى مۇمكىن، ئەرەبچىدىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇر بولغان. پارسچە «موم رەۋغەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ گۈل يېغى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ياغدا يالغۇز ياكى باشقا تەركىبلەر بىلەن ئېرىتىلگەن مومدىن ئىبارەت. ئىشلىتىش مەقسىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. «قارابادىن» دا ئۇنىڭ نۇسخىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

## قەيسۇم
(ئەمەن)

ئۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، «س» (سۇۋاد)ھەرپىنىڭ ئورنىغا «س» (سىين) ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپمۇ ئېيتىلىدۇ. يۇنانچە «شوسرا»، رىمچە «ئەرتاماسىيا»، «ئەتمىيسا»، پارسچە «بەرەنجاسىپ»، «بەلەنجاسىف»، «بوئى مادەران»، «بەرتەراسەك»، شىرازچە «سەرزەردەك»، ھىندىچە «گەندىنا»، «گەندىمار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاغ بەرەنجاسىپى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ئەركىكىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، مېۋىسى كىچىك بولۇپ، ئەپسەنتىنگە ئوخشايدىكەن، گۈلىنىڭ رەڭگى سۇس، چىشىسىنىڭ گۈلىدىن كىچىكرەك، ئاققا مايىل بولىدىكەن.

ئۇنىڭ چىشىسى دەرەخكە ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاققا مايىل، شاخلىرى يوپۇرماقلار بىلەن توشقان، يوپۇرمىقى يېرىق، ئىنچىكە بولۇپ، سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. غولىدىن چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق چىقىدىكەن. ئۇستى ۋە شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا يۇمىلاق، سېرىق رەڭ، خۇش پۇراق گۈلى بولىدىكەن. گۈلى ئۆتكۈر بولۇپ، ئېغىر پۇرايدىكەن، تەمى ئاچچىق بولىدىكەن. مېۋىسى ھەببۇلئاسقا ئوخشايدىكەن، يازدا گۈللەيدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ چىشىسى بەرەنجاسىپ، ئەركىكى قەيسۇم ئىكەن. يەنە قەيسۇم بەرەنجاسىپنىڭ بىر تۈرى، ئۆزى ئەمەس دېيىلگەن. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، بەرەنجاسىپنىڭ شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. قەيسۇمنىڭ غولى شاخسىز بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بىر يىلتىزدىن بىر غول ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرماقلىرى سېرىق يەسمەن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش غولىنىڭ ئۇستىدە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يىلتىزىغا تۇتاش ھالدا يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ ئۇچىدا بىر دانە كۇنلۇكسىمان غوزەك بار بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت. خۇش پۇراق پۇرايدۇ، پۇرىقى ئېغىر بولۇپ، بەرەنجاسىپنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى سېرىق بولىدۇ. تەمى ئاچچىق بولىدۇ. شۇنداق ئوخشاشلىقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى كىشىلەر خاتا ھالدا قەيسۇمنى بەرەنجاسىپنىڭ ئۆزى دېگەن.

تەبئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۇلىنىڭ ماددىلارنى تارقىتىش كۈچى ئەپسەنتىنىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ سۈيى ئىلمان ھالەتتە باشقا تۆكۈلسە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى، بوغۇملار كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىشلەر ۋە تەپلەر: قايناتمىسى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، سىيىش قىيىنلىشىشقا شىپا بولىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ. مۇسكۇللار زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ. بوغۇملارنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋىنىڭ سوزۇلما ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. تىترەتكۈچى تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، زىمات قىلىنسا، تۈرلۈك زەھەرلەرنىڭ زەھىرىنى، چايان، دۆ قاتارلىقلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا مېگە، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، ئۈلارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. بېھى بىلەن قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسىمۇ تارقىشى تەس بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىننەتلەش تەسرى:** ئۇ تالقانلىنىپ سېپىلسە، كۈلى زىمات قىلىنسا ھەرقانداق ئەزانىڭ قانسىرىشى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئابدىمىلىك يېغى ياكى تۇرۇپ يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ساقالنى بالدۇر چىقىرىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** ئۇنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا، شۇنداقلا ئىسرىق سېلىنسا، زىيانداش ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:**(1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، خەشخاش.

(2) ئاشقازانغان زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، شىھ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەپسەنتىن، بابۇنە.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە گۇلىدىن تەييارلانغان يېغى پەي ـ نېرۋىلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ، بالىياتقۇنى قىزىتىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ. بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. تىترەتكۈچى تەپلەرنى پەسەيتىدۇ.

# قەيقەھر
## (لەئل مەئبىرى)

ئۇ «قەيقەھىن»، «قەنقەھىر»، «قەنقەھىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «شەجەر»، پارسچە «لەئلى مەئبىرى»، ھىندىچە «رال»، «دەھۇنە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. تەتقىق قىلىنغىنى شۇكى، ئۇ ھىندىستان، بېنگالدا كۆپ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر. ئومۇمەن سۇندۇرۇسقا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمشاق بولىدۇ، ئاسان سالايە بولىدۇ. ئوتنىڭ ئازغىنە تەپتى بىلەن ئېرىيدۇ. ھەتتا ئاپتاپنىڭ قىزىق نۇرىمۇ ئۇنى يۇمشىتىدۇ. سېرىق پۇرايدۇ، پۇرىقى ئومۇمەن قىيىرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئېرىتىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ كۆپ ھاللاردا ياپىلاق قەلەمچە ھالەتتە، سېرىققا مايىل ئاق، بەزىلىرى قارامتۇل بولىدۇ. ئېرىگەندىن كېيىن قارىدايدۇ. سوقۇلغاندىن كېيىن شېكەر رەڭ، بەتتەم، سەل چاپلاشقاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سەكۇۋە»، «سال» دەپمۇ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ قوۋزىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىدىكەن. ئۇ «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «سەكۇۋە» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرگۈچىدۇر.

باش ئەزالىرى، نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىنى تازىلايدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە تۇتقاق كېسەل، كاناي ئىششىقى، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۈچ گىرامى ئۈچ كۈندىن بەش گۈنگىچە سىركەنجۇبىل ياكى مائۇلھەسەل بىلەن ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يەتتە مىللىگىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇ كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزدىكى تۈرلۈك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. چىشقا سۈركەلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى: زىمات، مەلھەم قىلىنسا جاراھەتلەر ۋە يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى تېزلا يوقىتىدۇ. مەلھەملىرى جاراھەتلەر ۋە ھۆل يارىلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە كونا چوڭقۇر يارىلار، چېچەك زەخمىسى، كۆيۈك يارىسى ۋە ئاقمىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى ھۆل قوتۇر، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ يېغى، مەلھىمى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب
# «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كات
(كاتھىندى)

ئۇ پارسچە بىر خىل گۇرۇچنىڭ نامى بولۇپ، ئەرەبچە «تەستەر» دەپ ئاتىلىدىغان، «شوشەستەر» دېيىلىدىغان يەردە تېرىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى بىر قېتىم تېرىپ قويسا يەتتە يىلغىچە مېۋە بېرىدىكەن، ھەر يىلى يېڭىدىن تېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئۇ يەنە بىر خىل دورىنىڭ نامى بولۇپ، ھىندىچە «كەتھ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ «كەھىير» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر. ئۇ ناھايىتى چوڭ دەرەخ بولۇپ، ياغىچى قىزىل، چىڭ، ناھايىتى قاتتىق، تىكەنلىك بولىدۇ. شاخلىرى چېچىلاڭغۇ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە ئىنچىكە شاخلار ئۆسىدۇ، بۇ شاخلار ئۇستىدە بىرى يەنە بىرىگە ئۇدۇل ئۆسكەن ئىككى سەپ يوپۇرمىقى بولىدۇ. بۇ يوپۇرماقلار ناھايىتى كۆپ، ئۇششاق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، تەمرىھىندىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يېلىمىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولىنىڭ كۆپ يېرى زەخىملەپ قويۇلسا ئۇنىڭدىن بىر خىل سۇيۇقلۇق سىرغىپ چىقىپ قاتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يىغىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى خۇددى باشقا دەرەخلەرنىڭ يېلىمىغا ئوخشاش ئۆزى سىرغىپ چىقىپ قاتقىنىدۇر. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاق رەڭلىك بولۇپ، «پەكرا كەتىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دورىلارغا كۆپرەك قوشۇلىدۇ. يەنە بىرى قىزىل بولۇپ، بۇ كۆپرەك تەنبۇل دەرىخى بىلەن بىرگە يېيىلىدۇ. ئۇ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا قۇم ـ توپا ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەبلەر ۋە قۇرسلارنى ياساپ، بەزىدە ئاز مىقداردا ئىپار، ئەنبەر، تاباشىر ۋە باشقا دورىلارنى قوشۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ «كەھرۇلى»، «كەرۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قىزىل، سەل پارقىراق يېلىمىمۇ بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى توختاتقۇچى ۋە قايتۇرغۇچىدۇر. ئۇ چىشقا سۈركەلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قۇرت يېگەن چىشقا داۋا بولىدۇ. ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار - غار قىلىنسا ۋە ئېغىز چايقىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ سەپمىسى ۋە مەلھىمى ئىسسىق يارىلارنى، بولۇپمۇ هاك ۋە تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن پەيدا بولغان جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ. قايناتمىسى قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، يەرقان، جوزام، قاننىڭ بۇزۇلۇشى، مەنىي ئېقىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئۈچەي ۋە سۈيدۈك يولى يارىسى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ئاقكېسەل، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەر، قاپلىق يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مەلھەم قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. باهنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىپار، ئەنبەر.

ئۇنىڭ يېلىمى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە ئىچ سۈرۈشكە ناهايىتى پايدا قىلىدۇ. دەرىخىنىڭ ياغىچى ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

## كازى
### (كىيۇرە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەمەن خەلقىنىڭ ئاتىشىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ هىندىچە سۆز ئىكەن. ئەرەبچە «كەدەر» دەپ ئاتىلىدۇ. هىندىچە يەنە «كىيۇرە» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىككى «كىتكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئومان، يەمەن، هىندىستان، دۈكەن، بېنگال ۋە زىربادات قاتارلىق ئەللەر ۋە شەهەرلەردە كۆپ بولىدۇ. دەرىخى ئومۇمەن خورما دەرىخىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن پاكارراق بولىدۇ، شاخلىرى يېيىلىپ ئۆسىدۇ، رەتلىك بولمايدۇ. غولى ۋە شاخلىرى بوغۇملۇق، تىكەنلىك، پۇرلەشكەن بولىدۇ. يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، خورما ۋە نارجىلنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك، يۇمشاقراق بولىدۇ، چۆرىسى خۇددى هەرىنىڭ چىشىدەك چىشلىق بولىدۇ. چىشلىرى هەرىنىڭ چىشىدىن ئىنچىكىرەك بولۇپ، خۇددى تىكەندەك بولىدۇ، بىرى بىرىدىن يىراق بولىدۇ. زىربادات دېگەن يەردە ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن خۇددى خورمىنىڭ يوپۇرمىقىدىن

تۇقۇلغاندەك سىلىنجا، جايناماز ۋە باشقا نەرسىلەر توقۇلىدۇ، يۇمشاقراق ۋە ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى خۇددى قوناققا ئوخشايدىغان بولۇپ، قاتمۇقات بولىدۇ. گۈل بەرگىنىڭ چۆرىسىمۇ تىكەنلىك، رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈلىنىڭ ئىچكى بەرگىلىرى ئاقراق، نازۇكراق ۋە خۇش پۇراقراق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىدىن خۇددى خورما باشقىغا ئوخشاش باشاق ئۆسۈپ چىقىدۇ، خورما باشقىدىن كۆپ يۇمشاق، چاڭلىق بولىدۇ. چېچكى ۋە باشقى ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ.

ئۇنىڭ «كىتكى» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىكىنىڭ گۈلى چوڭىنىڭ گۈلىدىن كىچىكرەك، خۇش پۇراقراق، نازۇكراق بولىدۇ. قۇياش ئەسەد، سۇنبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە ئېچىلىپ تاكى مىزان بۇرجىغا كەلگۈچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ بەرگىدىن خۇددى باشقا گۈللەردىن تارتىلغاندەك ئەرەق تارتىلىدۇ. ئەرقى خۇش پۇراق بولىدۇ، ئومۇمەن ئۇنىڭ پۇرىقى بىدىمۇشكى ئەرقىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. دەسلەپتە ئۆتكۈررەك بولىدۇ، بولۇپمۇ تەكرار قاينىتىلغىنى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەتىرىمۇ ناھايىتى خۇش پۇراق، مەززىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگىنىڭ كۆپ مېيى بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا سەندەل ئېكەكدەلمىسى ياكى سەندەل ئەتىرى قوشۇپ، قاينىتىپ ئەرەق تارتىلىدۇ. چىققان ئەرەق تۇرغۇزۇلۇپ سوۋۇغاندىن كېيىن، ئۇستىگە لەيلىگەن ئەتىرى يىغىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆل گۈلىدىن يەنە ئەرەق تارتىلىپ چىققان ئەرەق سوۋۇتۇلۇپ، ئۇستىگە لەيلىگەن ئەتىرى يىغىۋېلىنىدۇ. شۇ يوسۇندا قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تەكرارلىنىپ يىغىۋېلىنسا بولىدۇ ھەم شۇنچە خۇش پۇراق بولىدۇ ياكى دەسلەپتە سەندەل ئەرقى تارتىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كازى گۈلى ئەرقى تۆكۈلۈپ قاينىتىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن، ئۇستىگە لەيلىگەن ئەتىرى يىغىۋېلىنىدۇ، تاكى يېتەرلىك ئەتىر يىغىلغۇچە تەكرارلىنىدۇ.

ئۇنىڭ گۈل بەرگىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ مىجىپ، سۈيىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا قەنت قوشۇپ قىيام قىلىپ تەييارلانغان شەربىتىمۇ خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ياكى غولىنىڭ سۈيى ياكى غولىنىڭ چالا سوقۇلۇپ سۇغا چىلاپ قويۇپ چىقىرىلغان سۈيىگە قەنت ياكى شېكەر قوشۇپ قىيام قىلىپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى بار بولۇپ، شەكلى ئاناناس مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. سىرتى سىلىق، ئىچى ياغاچلاشقان بولىدۇ، يېيىلمەيدۇ. بۇ مېۋە كۆپرەك ئەدىسە رايونى ئەتراپلىرى ۋە دۆكەن دەرياسى ساھىللىرىدا كۆپرەك ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر قۇرۇق ئىسسىققا مايىل مۆتىدىل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، مېڭە، يۈرەك، سەزگۈلەر ۋە ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، كەم ماغدۇرلۇقنى تۈگەتكۈچى، تىلما كېسەل،

چېچەك، يەلتاشما، مۇدۇر ـ چاقا، قوتۇر، قىچىشقاققا شىپا بولغۇچىدۇر. يامان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، جوزامغىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرقى بىلەن شەربىتى يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستان خەلقى سۇلۇق ئەسۋە ئۆرلەيدىغان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئەرقى ياكى شەربىتىدىن ياكى ھەر ئىككىسىدىن بىرلىكتە ئىچسە ئەسۋە ئۆرلىمەيدۇ، ئۆرلىگەن بولسا سەككىز ـ توققۇز دانە ئەسۋە چىقىپلا توختاپ قالىدۇ، دەيدۇ. ئېھتىمال بۇ مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن، ھەر ھالدا ئۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ، بولۇپمۇ نېلۇپەر ئەرقى بىلەن ئىچسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنى ئەسۋە چىقىۋاتقان ۋاقىتلاردا ئىچسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ چېچىكى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال يىغىۋېلىنىپ ئۈستىگە كۈنجۈت يېغى تۆكۈپ 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، ئارىلىقتا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم گۈلى ئالماشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان يېغىنى ئىچسە، سۈركىسە ياكى پۇرىسا سەزگۈلەرنى كۈچەيتىدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، كەم ماغدۇرلۇقنى تۈگىتىدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، ئەزالارنى چىڭىتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ چېكى كىچىك بالىلارنىڭ قولىغا سېپىلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ ۋە ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا سېپىلسە يۇمشىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، تارايتىدۇ. ياغىچىنىڭ كۈلى سېپىلسە جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقى يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قىزىل سەندەل، باراۋەر مىقداردا بەقەم دەرىخى ياغىچى.

ئۇنىڭ قىيامى، شەربىتى، ئەرقى ۋە ئەترى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» ئاپتورى شىرازنىڭ ئىسسىق يەرلىرىدە كەدەر دەرىخى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، «گۈلى كەبەدىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، كىيىم ئۇنىڭغا تەگسىمۇ ئۇنىڭدىن پۇراق ئالىدۇ ۋە ئاسانلىقچە يوقالمايدۇ، دەپ يازغان. ئاللا بىلىدۇكى، ئېھتىمال ئۇ باشقا بىر دەرەخنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## كاشىم

(ئەنجۇدان رۇمى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارسچە سۆز ئىكەن. يۇنانچە «قەنالىيۇن»، «لىيفىستىقۇن»، «ماسائى»، «لىفتىيفۇن»، سۇريانچە «نىلى فىيسا»، رىمچە «كەملاۋۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەنجۇدان رۇمى ئىكەن. ئۇرۇقى پارسچە «گۈلى پەر» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنكىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ قارىشىدا سىيسالىيۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە «تەرۇبىن» دەپ ئاتىلىدىغان تۆتىنچى تۈرى ئىكەن.

**ماھىيتى:** تەفلىيسى ئەنجۇدانغا ئوخشايدىغان سېرىق رەڭلىك ئۈسۈملۈك دېگەن. ئىبنى بەيتار بىلەن بەغدادىي: «كاشىم رۇمى بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىنچىكە، سېرىقچېچەككە ئوخشاش بوغۇملۇق بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئىكلىلمەلىكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق، خۇش پۇراق بولىدۇ. غولىنىڭ ئۇستىدە ئۈسكەن يوپۇرماقلىرى تۆۋەن تەرىپىدە ئۈسكەن يوپۇرماقلىرىدىن ئىنچىكىرەك، يىرىقلىرى كۆپرەك بولىدۇ. غولىنىڭ ئۇچى كونلۇكسىمان بولىدۇ. مېۋىسى قارا، پوتەي، سەل ئۇزۇنچاق، ئارپىبەدىيان ئۇرۇقىدىن دانلىقراق، تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. يىلتىزى ئەنجۇدان يىلتىزىغا ئوخشايدۇ، خۇش پۇراق پۇرايدۇ» دېگەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يىلتىزى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئەڭ خۇش پۇراق ۋە ئۆتكۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى، تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، خام خىلىتلارنى پىشۇرغۇچىدۇر.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى ۋە نەپەس قىيىنلىششقا داۋا بولىدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ. قوساقنىڭ ئېسىلىشىنى ئوڭشايدۇ. يەل تارقىتىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. قورساقنىڭ كوركىرىشىنى تۈگىتىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازان، دوۋساقتا ئۆيۈپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ھامىلدارلىققا ياردەم بېرىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** سوغۇق زەھەرلەر ۋە زەھەرى سوغۇق بولغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

پەي ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىنسا پالەچ، ئۇچا ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىستىسقالاردا ئالتە گىرامدىن ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. رىم خەلقى ئۇنى قەلەمپۇرنىڭ ئورنىدا تائاملارغا قوشىدۇ. ئۇ گۆشلەرنى ناھايىتى ئاسان ھەزىم بولىدىغان قىلىدۇ، بولۇپمۇ قۇشلارنىڭ گۆشىنى تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما شورپىسىنى ئىسسىق ئىچمەسلىك لازىم، بولمىسا

بۇسى ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى قوزغىتىدۇ، شۇڭا بۇسى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىچىش لازىم.

**زىيانلىق تەسىرى:**(1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركىگە چىلاپ قويۇش ياكى ئارقىدىن سىركە ئىستېمال قىلىشتۇر.

(2) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى تېز يوقىلىدىغان ھالەتتە ۋاقىتلىق ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب بىلەن كافۇر پۇرىتىلىدۇ.

(3) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان. ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىمۇ دېيىلگەن.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ تۈتتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئاق زىرە، باراۋەر مىقداردا تاغ كەرەپشە ئۇرۇقى. ياۋا سەۋزە ئۇرۇقىمۇ دېيىلگەن.

## كافۇر

**ماھىيتى:** ئۇ زىرباد ۋە ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان ئارالدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر. ئۇ چوڭ دەرەخ بولۇپ، ياغىچى ئاق، يۇمشاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە يولۋاس بىلەن يىلان كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىۋالىدىكەن. ئۇنى كەسكەندىن سىرغىپ چىقىدىغان سۇ «مائۇل كافۇر» (كافۇر سۈيى)، «دۇھنۇل كافۇر» (كافۇر يېغى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر، قويۇق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

كافۇر بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى «رىياھى» (شامالغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. «رەياھى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ شۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇچۇچانلىقىدىن ھاۋاغا ئاسان تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن شۇنداق ئاتالغان دېيىلگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى پادشاھ رىياھىنىڭ ئۇنى دەسلەپ بايقىغانلىقى ياكى شۇ پادشاھنىڭ دەۋرىدە بايقالغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن. ئۇ ھىندىچە «بەھىيم سىينى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەستىكىگە ئوخشايدىغان دانچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، باشقا يېلىملارغا ئوخشاش دەرەخنىڭ ئىچىدىن ئۆزى قايناپ چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسسىقلىق تەگسە ياكى ئاپتاپتا قويسا يۇمشاپ ئېرىيدۇ. باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئازراق تېپىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولىنىڭ بەزى يەرلىرىگە تىغ ئۇرۇپ قويۇلسا ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقى ئېقىپ چىقىپ قاتىدىغان بولۇپ، كافۇر شۇدۇر دەيدۇ. بەزىلەر كافۇر ئۇنىڭ دەرىخىگە خۇددى تەرەنجىبىن ۋە شىرخىستكە ئوخشاش چۈشۈپ قاتىدىغان شەبنەمدۇر دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرى «قەيسۇرى» (قەيسۇرغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا

قارىغاندا قەيسۇر شەھىرىگە مەنسۇپ دېگەن بولىدىكەن. ئۇ يېلىم بولۇپ، ئاق، قات ـ قات، پارقىراق بولۇپ، خۇددى شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا «ئەلقانۇن»نىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا «ئۇنىڭ ياغىچى كۆپ كۆرگىنىمىزدەك، بوش، ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ، بەزىدە ئارىسىغا مەلۇم مىقداردا كافۇر قىسىلىپ قالىدۇ» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسىنىڭمۇ بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىشىچە، بىر يىلى كافۇر دەرىخى ياغىچىنىڭ بىر قانچە دانە قېلىن تاختىسى بېنگال پورتلىرىنىڭ بىرى بولغان «ھوگلى» پورتىدىكى «ئۇجەين» دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. كېسىۋېدى، ئىچىدىن كافۇر چىقتى، شۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر ئۇنى پارچىلاپ بۆلۈشۈۋېلىشقان ئىدى. بۇنداقلىرىمۇ ساپ، ئالىي دەرىجىلىكلىرى بولۇپ، كەم تېپىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چاقماق چېقىش ۋە يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بەرگەن يىللاردا ئۇمۇ كۆپ بولىدىكەن، ئاز بولغان يىللىرى ئۇمۇ ئاز بولىدىكەن. بىر يىلدا ئۇنىڭدىن پەقەت 60 ~ 90 گىرامغىچە ھاسىل بولىدۇ. تەكرار تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ چىن شەھەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، زىرىبادات ئاراللىرى ۋە فىرانسىيەنىڭ بەزى شەھەرلىرىدىمۇ پەيدا بولىدىكەن. ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشىسى ئېكۋاتور سىزىقىغا جايلاشقان «بەرنىيۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ئارالدا ئۆسكەن كافۇر دەرىخىنىڭ ئىچىدىن ياكى تېنىدىن مەستىكى ۋە باشقا يېلىملار سىرغىپ چىققاندەك سىرغىپ چىققانلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزى قاينىتىلىپ ئېلىنغانلىرىدۇر.

ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرى ھەممىسىدىن ياخشى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىككىنچى تۈرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۈچىنچى تۈرى ياخشىدۇر.

ئۇنىڭ دەرىخى خۇددى دىيۋدار دەرىخىدەك ناھايىتى چوڭ، ئاق رەڭلىك، شاخلىرى ئاز بولىدۇ. يوپۇرمىقى مولسىرى دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، ياغىچى ۋە باشقا ھەممە قىسىملىرىدىن كافۇرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. مەزكۇر ئارالنىڭ كافۇرى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇرتلىرىدىن كافۇر چىقىدىغان چىن ۋە باشقا ئەللەر خەلقلىرى ئۇنى شۇ ئارالدىن ئېلىپ كېلىشىدۇ. سۆزىگە ناھايىتى ئىشەنگىلى بولىدىغان بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، دارچىن دەرىخىنىڭ ياغىچىدىنمۇ ئاز مىقداردا كافۇر چىقىدىكەن ھەم ئۇنىڭ يىلتىزلىرىنى قاينىتىش ئارقىلىقمۇ ئېلىنىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇششاق ياغاچلىرىنى قاينىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدىكەن. بۇ خىلى قارامتۇل بولۇپ، ساپ ئەمەس ئىكەن. «كافۇرى موتى» (مەرۋايىتسىمان كافۇر) دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇنىڭ يەنە باشقا تۈرلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى سۈنئىيلىرىدۇر. بەزىلىرى قاينىتىلغان، يەنە بەزىلىرى قاينىتىلمىغان بولىدۇ. قاينىتىلغىنى ئاق، نازۇك، ئۇچۇچان، دانلىرى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈنئىيسى كۆپ ھاللاردا چىن پورتلىرىنىڭ بىرى بولغان

بەندەر چىنە پورتىدىن ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە كىلولىرى ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىنىڭ بىر كىلوسىغا ئەرزان باھادا تېگىشلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سەل دۇغ بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۇنئىيسى كۆپ ھاللاردا بانان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىغا كافۇر دەرىخىنىڭ ياغىچى ۋە باشقا بىر قانچە دورا قوشۇلۇپ تەييارلىنىدىكەن.

يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كافۇر قوشۇلغان ئاق مومدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، يېرىم ھەسسە گۇل يېغى ياكى بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا ياخشى سالايە قىلىنغان ئون ھەسسە مەرمەر تېشى سېپىپ ھاۋانچىغا سېلىپ ئاز مىقداردىكى ئەسلىي كافۇر قوشۇپ قۇرۇغۇچە سالايە قىلىپ ئۇششاقلاپ ئەسلىي كافۇردەك قىلىپ تەييارلىنىدىكەن.

كافۇرنىڭ كىرىنى تازىلاش مەقسەت قىلىنسا، ئۇسۇلى شۇكى، سۇتنى قايناتىپ ئەينەك قاچىغا قىزىق ھالەتتە تۆكۈپ، ئۇنىڭغا كافۇرنىڭ چوڭ پارچىلىرىنى تاشلاپ، بارماق بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلاپ ئېرىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇتتىن سۇزۇپ ئېلىپ موي غەلۋىرگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ قالغان ئۇششاقلىرى پاكىز رەختكە ئېلىنىپ، يەنە سۇتكە تۆكۈلۈپ قول بىلەن يەڭگىل ئۇۋۇلىنىپ، كىرلىرى تازىلانغاندىن كېيىن ئېلىنىپ، يەنە غەلۋىرگە يېيىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ساپ ياكى ئەمەسلىكى بىر قانچە خىل ئۇسۇل بىلەن بىلىنىدۇ.

بىرىنچىسى شۇكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنى بويىچە پەرقلەندۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچىسى شۇكى، ئۇ مۇز ياكى قار ئۇستىدە قويۇلۇپ ئوت يېقىلغاندا ئوت ئالسا ساپ، بولمىسا ساختىدۇر.

ئۇچىنچىسى شۇكى، بىر پارچە ئەينەك ئوت ئۇستىدە قويۇلۇپ، ئۇستىگە كافۇر تۆكۈلگەندىن كېيىن ھەممىسى ئېرىپ تۆگەپ كەتسە ئەسلىيدۇر، ناۋادا تېگىدە مەلۇم قالدۇق قالسا ساختىدۇر.

تۆتىنچىسى شۇكى، ئۇ ئىسسىق ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىنىدۇ، تەرلەپ ھۆللەشسە ئەسلىي، بولمىسا ساختىدۇر.

بەشىنچىسى شۇكى، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىنىپ بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرىغان كىشىنىڭ پېشانىسىگە سۇركىلىدۇ، كۆزىدە سۆرۈنلۈك ۋە ناھايىتى سوغۇقلۇق سەزسە، كۆزىدىن ياش ئاقسا ئەسلىي، بولمىسا ساختىدۇر.

ئالتىنچىسى شۇكى، ئەسلىي كافۇرنىڭ پۇرىقى تۇرۇنجى ۋە لىمون پوستىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش ئالاھىدە پۇرايدۇ، ئەمما ساختىسى ئۇنداق بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس بولۇپ، پەقەت سەزگۈ، مۆلچەرى توغرا بولغان، كۆپ كۆرگەن كىشىلا پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

كافۇر تېزلا پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ۋە ئىسسىق ئەللەردە شۇنداق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قېلىن، ئېغىزى كىچىك ئەينەك قاچىغا سېلىنىپ، بىر قانچە دانە ئارپا، كۆمۈر ياكى مۇرچ بىلەن بىرلىكتە ساقلىنىدۇ، زۆرۈر بولغاندا چىقىرىپ قاچىنىڭ ئېغىزى يەنە ھىم ئېتىپ قويۇلىدۇ.

كافۇرنى مەجۇنلەر، خۇرسەن قىلغۇچىلار، ھەبلەر ۋە باشقىلارغا قوشۇپ ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنى يالغۇز ياكى ئازراق ناۋات ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ھېقىق تېشىدىن ياسالغان ئۇسكۈنە بىلەن قىزىمىغۇدەك دەرىجىدە يەڭگىل سالايە قىلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق. ئۇنىڭ ئوتقا مەنسۇپ تارقاتقۇچى ھەر خىل قۇۋۋەتلىرى بار بولۇپ، ئاچچىقلىقى ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. تۇپراققا مەنسۇپ قۇرۇق سوغۇق قۇۋۋىتى بار بولۇپ، قىرتاقلىقى ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. ھاۋاغا مەنسۇپ مۆتىدىل ئۇچۇچان قۇۋۋىتى بار بولۇپ، پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە خۇش پۇراقلىقى ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش ئەزالىرى، نەپەس ئەزالىرى، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇرسەن قىلغۇچى، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. جۇدەتكۈچى تەپ، ھەر خىل ئوفۇنەتلىك تەپلەر، كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، ئۆپكە يارىسى، سىل، ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. جىگەر، بۆرەك ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىنى توختىتىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ ئىستېمال ياكى مەلھەم قىلىنىدۇ ياكى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئۇ گۈلاب، ئاق سەندەل ۋە گۈلى پارسى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سەزگۈلەر ۋە مېڭىگە تەۋە ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. گۈل يېغى، شاراب سىركىسى بىلەن ئېرىتىلىپ پېشانىگە سۈركەلسىمۇ، سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە روھىي نەپسانىيىنىڭ زىيادە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەردىكى مەزكۇر ھالەتنى توختىتىدۇ. باشنىڭ لىپىلدىقىنى پۈتتۈرىدۇ، بولۇپمۇ پېشانىگە ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى، ئاس يوپۇرمىقى سۈيى ياكى پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن سۈركەلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى، سىركە، تۇڭ خورما سۈيى، ئاس يوپۇرمىقى سۈيى ياكى ياۋا رەيھان

يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىرىتىلىپ بۇرۇنغا تېمىتسا قېنىنى توختىتىدۇ. كاھۇ يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن تېمىتىلسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. مېڭىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. گۈل يېغى بىلەن سۈركەلسە ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە، ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. يۇمغاقسۈت ۋە سۈرمە بىلەن سالايە قىلىپ سۈركەلسە، چېچەك ئەسۋىلىرىنىڭ كۆزگە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چىققان بولسا يوقىتىدۇ. ئۇنى يېڭى قۇلۇلە سۈيى بىلەن ئىرىتىپ سۈركىلىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما تاتلىق سۇدا ئۆسكەن قۇلۇلە بولۇشى لازىم. گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا، باش ۋە كۆز مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ. ماددىسىز مىزاج بولۇشىنىڭ ئالامىتى شۇكى، قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ھارارىتىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن كۆچىيىدۇ، كېمىيىشى بىلەن كېمىيىدۇ. ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، بۇرۇننىڭ مېڭە مەنبەلىك قانىشىنى توختىتىدۇ. چىشقا سېپىلسە ياكى گۈلاب بىلەن ئېرىتىپ غار-غار قىلىنسا قۇرت يېگەن چىشنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قۇرت يېگەن چىشنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويسا داۋاملىق قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى ئىپار ۋە ئەنبەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ، مىزاجى سوغۇق، تېنى ئاجىز بولغانلارنىڭ روھىي ھايۋانىي ۋە روھىي نەپسانىيسىنى مۆتىدىللەشتۈرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭدىن بىر گىرام ئەتراپىدا ئېلىپ، چۈچۈمەل ئالما سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىسسىق زەھەرلەر ۋە شالدىراق قۇيرۇقلۇق چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئانار سۈيى، سېمىزئوت شىرىسى ۋە قار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا قورۇنۇس سۇمبۇل دېگەن دورىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

تەپلەر: جۇدەتكۈچى تەپ ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەرنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ. خىلتتىن بولغان تەپلەرنىڭ ھەممىسىگە مەيلى بېشىدا ياكى ئاخىرىدا ئىستېمال قىلىنسۇن مۆتلەق زىيان قىلىدۇ، چۈنكى بېشىدا ئىستېمال قىلىنسا ماددىلارنى قويۇلدۇرىدۇ، ئاخىرىدا ئىستېمال قىلىنسا ئۇلارنى قاتۇرىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: سېپىلسە كېڭەيگۈچى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئىسسىق يارىلار ۋە ھۆل يارىلارغا داۋا بولىدۇ، قېنىنى توختىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلار، مىزاجى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازان ۋە ھەزىمنىڭ باشقا ئەزالىرىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. باھنى

زەئىپلەشتۈرىدۇ. ھەتتا كۆپ يۈرىسىمۇ باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، مەنىينى ئۇيۇتىدۇ، بۆرەك، دوۋساقنى سوۋۇتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈنىڭ باھقا بولغان زىيانلىق تەسىرى پەقەت سوغۇقلۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەللەرنى تارقاتقۇچى ئىسسىقلىقى بىلەنمۇ بولىدىكەن. ئۈنىڭ باھنى زەئىپلەشتۈرۈش تەسىرى ئەپيۇننىڭ شۇ تەسىرىدىنمۇ يامانراقتۇر، چۈنكى ئەپيۇن ئىستېمال قىلغۇچى ھوشىغا كەلگەن ۋە ئۈنىڭ بەدەندىكى تەسىرى تۈگىگەندىن كېيىن كۆپىيىش ئەزالىرىدا بىرەر ئىللەت ياكى كاردىن چىققانلىق ئالامەتلىرىنى بايقىمايدۇ. ئەمما كافۇرنىڭ تەسىرى ئۈنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ يۈرىسا ئۇيقۇنى تېخىمۇ قاچۇرىدۇ. چاچنى بالدۇر ئاقارتىدۇ، قېرىلىقنى تېزلەشتۈرىدۇ. ئىشتىھانى تۇتىدۇ. نەسلىنى ئۈزىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەنبەر، ئىپار، قۇندۇز قەھرى، ئىسسىق، خۇش پۇراق دورىلار، گۈلقەنت، سەۋسەن يېغى، خەيرىگۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ، نەرگىس يېغى ۋە ئۈنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ يۈرەك دورىلىرىدا يېزىشىچە، ئۈنىڭدىن نورمال مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئۈنىڭ روھنىڭ جەۋھىرىنى قۇۋۋەتلەش خاسىيىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. ئىسسىق مىزاجلارنى تەشىشكە ياردەم بېرىدىكەن. پۇرىقىنىڭ خۇشلۇقى ئۈنىڭ خاسىيىتىنىڭ كۆرۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنى سوغۇق مىزاجلىقلارغا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە سوغۇقلۇقى ئىپار، ئەنبەر بىلەن؛ قۇرۇقلۇقى خەيرىگۈل يېغى ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن تەڭشىلىشى لازىم.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر داڭغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىككى مىسقالى باھنى كېسىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىككى مىسقالى ھالاك قىلىدىكەن.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە تاباشىر، بىر ھەسسە ئاق سەندەلدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايال ئۇنى پەرجىگە سۈركىسە ئەر ئۈنىڭغا قادىر بولالمايدىكەن.

**ھېكايەت:** ئىبنى ماسەرجويە: «ھەمراھلاردىن بىرى كۈنىگە بىر مىسقال كافۇر ئىستېمال قىلىۋېدى، جىنسىي قۇۋۋىتى ئۈزۈلدى، ئىككىنچى كۈنى يەنە شۇ مىقداردا ئىستېمال قىلىۋېدى، جىما شەھۋىتى كاردىن چىقتى، ئۈچىنچى كۈنى يەنە شۇ مىقداردا ئىستېمال قىلىۋېدى، ئاشقازىنى غىزانى پەقەت ھەزىم قىلالمىغۇدەك ۋە پىشۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزۇلدى» دېگەن.

ھىندىستان خەلقى ئۇنى باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھالۋىلار ۋە قېتىقلارغا قوشىدۇ.

ئۈنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، يېغى، ئەرقى ۋە قۇرسلىرى «قارابادىن» دا بايان قىلىنىدى.

# كاكراسنگى

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، كاۋاك، رەڭگى قارامتۇل قىزىل، تەمى سەل ئاچچىق، قىرتاق بولىدۇ. ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى ۋە گۈلى بولۇپ، بانان دەرىخىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل پەسەيتىدۇ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە نەپەسكە، بولۇپمۇ بالىلاردا بولغانلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ھېق تۇتۇش، قۇسۇش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، بولغەمنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئوڭشايدۇ. تەپنى پەسەيتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. زىمات قىلىنسا بەھەقكە داۋا بولىدۇ.

# كاكنەچ

(كاكىنەچ)

ئۇ پارسچە «كاكىنە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، «كاكىنەچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارس خەلقى ئارىسىدا «ئەرۇسەك پەسى پەردە» (پەردە ئارقىسىدىكى كېلىنچەك)، شىرازچە «كەچۇمەن»، يۇنانچە «ئوسفودىنۇن»، سۈريانچە «خەمرى مەرجا»، رىمچە «ئەسقىيدۇلىيدۇن»، ئەرەبچە «جەۋزۇل مۇرج»، «ھەببۇل لەھۋە»، ھىندىچە «راجپوتكە»، «بەن پوتكە»، لاتىنچە «ھېلىلە كايىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىتئۈزۈمىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئۇنى ئايرىم بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ئايرىم ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىتئۈزۈمى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولىدۇ. شاخلىرى چوڭايغاندىن كېيىن تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. مېۋىسى شەكلى دوۋساققا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ غىلاپ خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. ئىچىدە سەرپىستان ۋە پىندۇق چوڭلۇقىدا دان بولۇپ، ئۇمۇ پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ، خەمىكىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ تاغدا ئۆسىدىغىنى، يەرلىك ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تۈكلۈك بولىدۇ. ئۇستىگە چاڭ ـ توزان قونۇۋالىدىغان بولۇپ، قارا بىلىنىدۇ. غولىدا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى يەرلىكىدىن چوڭراق، گۈلى ناھايىتى قىزىل، ئىچىدىكى دانىسى قىزىلغا مايىل سېرىق بولۇپ، سېرىق رەڭلىك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ.

تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇ «كاكىنەچ مۇنەۋۋەم» (ئۇخلاتقۇچى كاكىنەچ)، «ئىنەبۇس سەئلەب مۇنەۋۋەم» (ئۇخلاتقۇچى ئىتئۇزۇمى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مەست قىلىش تەسىرى «خەشخاشى مۇنەۋۋەم» (ئۇخلاتقۇچى خەشخاش)نىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا يەرلىك كاكىنەچ نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مېۋىسىنىڭ پوستى ۋە ئىچىدىكى دېنىنىڭ قىزىل، پىشقان، چوڭايغان ۋە يېڭى بولغانلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يەرلىكىنى، بەزىلەر تاغدا ئۆسىدىغىنىنى ياخشى دېگەن. ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، مەست قىلىش مەقسەت قىلىنسا تاغدا ئۆسكىنى، باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن، يەرلىك ئۆسكىنى ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، تاغدا ئۆسكىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر. ئۇسارىسىمۇ شۇنداقتۇر.

**يەرلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

**قۇلاق كېسەللىكلىرى:** سۈيى تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كونا يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

نەپەسلىنىش، هەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كاناي ئىششىقى، ئۇسساش، نەپەس قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. سەپرانى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ تۈرلۈك مەددە قۇرتلىرى، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك هەيدەيدۇ. بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى ۋە ئۆلارنىڭ يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ. جىگەرنىڭ ئەهۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇسارىسىدىن كۈنىگە بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئايال هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ غىلاپى ئىچىدىكى دېنىدىن يەتتە دانە يۇتسا هامىلىدار بولۇشنى چەكلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. فۇلس ئۇنىڭ قۇرۇقىدىن ياكى شىھ ئەرمىنىدىن بىر هەسسە ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، دېگەن.

ئىششىقلار، يارىلار: سۈيى سۇركەلسە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىر ۋە قۇلاقنىڭ كونا يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. يارىلارنى بۇزۇلۇشتىن ساقلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سېزىمسىزلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** پوستى ۋە دېنىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىتئۇزۇمى.

ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنىمۇ سۈيدۈك هەيدەيدۇ. بەش گىرامى ئۇخلىتىدۇ، بەش گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا، ئەقىلنى ئېلىشتۇرۇپ ساراڭلىق پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، قۇرسلىرى، مەجۇنى «قارابادىن» دا بايان قىلىندى.

# كالاكوت
(قارىگۈل)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، قارىگۈل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ زەھەرلىك يىلتىزىدۇر. ئۇنىڭ گۈلى قارىغا مايىل، يىلتىزىنىڭ رەڭگى ۋە شەكلى بىنەپشە رەڭ، قارا جەدۋارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى تىبەتنىڭ ئەتراپىدىكى كىيدار تېغىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە كۈچلۈكى پارقىراق، قاتتىق، ئېغىر بولغىنىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بىيىشنىڭ بىر تۈرى بولغان سىنگىيانىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. بىيىش «ب» (بائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ گۈلىمۇ ناھايىتى زەھەرلىكتۇر.

# كالىي زىيرى
(كالىزىرە)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەنە «سوراج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەل ئۇزۇنچاق، چىشلىق بولىدۇ. گۈلى كاسىنە گۈلى رەڭگىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى كاسىنە ئۇرۇقىغا شەكلى ۋە غىلاپى جەھەتتە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، رەڭگى قارا، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ، ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيدىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. زىمات قىلىنسا سوغوقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شېخى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخى زەھەردىن خالىي بولمىغاچقا، تېۋىپلار كىشىلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالاشتا ئۇنى ئىچىدىن ناھايىتى ئاز ئىشلىتىدۇ، بەلكى كۆپ ھاللاردا مال دورىختۇرلىرى چارۋىلارنىڭ كېسەللىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

## كامەخ
(نانخورۇش)

ئۇ پارسچە «كامە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «كەۋامىيخ» بولىدۇ. بەزىلەر پارسچە «جەۋاب» دەپ، ئىسپىھانچە «كومە» دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ، پىنىنە، سۈت، ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار ۋە نانخورۇش بىلەن ئاچچىقسۇنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان فۇدەجىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى «قارابادىن» دا بايان قىلىندى. ئۆتكۈرلۈكى نورمال، دورا ـ دەرمانلىرى كۆپ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، غىزانى تېز سىڭدۈرگۈچىدۇر. ئەمما ئۇنىڭدىن ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ، ئۇسسىتىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ. تالغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئوفۇنەتلىك تەپلەر ۋە كونا ئىششىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. ئۆپكىگە زىيان قىلمايدۇ، يۆتەلدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇشى ئاچچىقسۇنىڭ قۇرۇتۇشىدىن ئازراقتۇر. ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلمىغان تۈزۈكتۇر.

## كانجى
(ھىندىستان سىركىسى)

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستان سىركىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېيىلىدىغان ئاشلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. گۈرۈچتىن تەييارلانغىنى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئۇ «سىركەئى ھىندى» (ھىندىستان سىركىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەييارلىنىشى:** خالىغان ئاشلىقتىن ئېلىپ يۇمشاق پىشۇرغاندىن كېيىن ساپلاشتۇرۇپ، ئاز مىقداردا تۇز قوشۇپ ئەينەك ياكى سىرلانغان ساپال قاچىغا قاچىلاپ، ئاپتاپتا 40 كۈنگىچە ياكى چوغ ئۈستىدە پىشىپ ئېچىغۇچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** مۇتلەق ھۆل سوغۇق، سەل قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قۇسۇشنى توختاتقۇچى، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت ئاپتاپى، قىزىلگۈل مۇرابباسى، ھەسەل. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ھەسەل ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈزەتىدىغان بولۇپ، سوقۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا بولىدىكەن. ئۇنىڭ بۇغداي ۋە ئارپىدىن تەييارلانغىنى يۈرەكنى خۇرسەن قىلىدۇ، قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىدۇ. بەدەننىڭ سۇسلۇقىنى تۈگىتىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى سۈركىلىدۇ. ئەمما كۆپ ئىستېمال قىلىنسا زىيان قىلىدۇ.

## كاكماجى
(ئىتئۈزۈمى)

بېنگالدا ئىتئۈزۈمنى كۆرستىدۇ، ئۇ يەنە «كىستى» دەپ ئاتىلىدۇ.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كاباب
(كاۋاپ)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئوت بىلەن قورۇپ پىشۇرۇلغان گۆشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر خىل بولىدۇ. ياخشىسى ئۇششاق توغراپ پىشۇرۇلغان سېمىز پاقلان گۆشى كاۋىپىدۇر. شۇنداقلا ئوتۇن چوغى بىلەن قاقلاپ پىشۇرۇپ، مۇۋاپىق تۇز، مۇرچ قوشۇپ، ئۈستىگە ياغ سېپىپ پىشۇرۇلغان بىلىق كاۋىپىمۇ ياخشى بولىدۇ. زىخقا سانجىپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغىنى چوڭ توغراپ ياكى «تەباھىيج» دەپ ئاتىلىدىغان شام كاۋىپىغا ئوخشاش ۋە باشقىلىرىغا ئوخشاش ياغدا قورۇپ پىشۇرۇلغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. كېيىك، بۇغا، قۇشلار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ گۆشلىرىدىن قىلىنغان كاۋاپ يېيىشلىك بولىدۇ، ئەمما ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. كاۋاپنىڭ ناچىرى قىبرى، ئۇرۇق مالنىڭ گۆشىگە كۆپ تۇز سېپىپ پىشۇرۇلغىنى ياكى سۆگەتگۈل ياغىچى، ئەنجۈر ياغىچى، ئابدىمىلىك ئۈسۈملۈكى ياغىچى، زەقۇم دەرىخى ياغىچى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ناچار ياغاچلارنىڭ ئوتى بىلەن پىشۇرۇلغىنىدۇر. كۆيدۈرۈپ پىشۇرۇلغىنى ياكى تەكشى پىشمىغانلىرىمۇ ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، گۆشلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قۇرۇق

ئىسسىقلىقىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇمۇ گۆشلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئومۇمەن قۇۋۋەتلىك قان پەيدا قىلىدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەن ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. ھۆل مىزاج كىشىلەر ۋە قان ئالدۇرغان، لوڭقا قويدۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۆزۈندا ھەزىم بولىدۇ، ئەمما ھەزىم بولغاندىن كېيىن ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. سۇماق، يۇمغاقسۇت، پىلپىل ۋە باشقا ئىسسىق دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، ئىترىفىل ئىستېمال قىلىشتۇر. كاۋاپتىن كېيىن كۆپ سۇ ئىچىش ناھايىتى زىيانلىقتۇر. بولۇپمۇ بېلىق كاۋاپىدىن كېيىن سۇ ئىچىش كۆپ زىيانلىق بولۇپ، خۇددى بېلىقنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزىنى ھالاك قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ.

## كەبابە

(كاۋاۋچىن)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «ھەببۇل ئەرۇس» (كېلىنچەك دېنى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «مەھىيلىيۇن»، رىمچە «فەرىفلىيۇن»، ھىندىچە «كەبابى چىنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، چىن مەملىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى ھەم رىم دۆلىتىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى «ھەببۇل ئەرۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئومۇمەن ھەببى بىلسانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قارامتۇل، مېغىزى ئاق، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. دەرىخى ئاس دەرىخىگە ئوخشايدۇ. كىچىكى «فەلەنجە» ۋە «ئەفلەنجە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەفلەنجە «ئ» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدى. يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ چوڭى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يېڭى، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، چىندىن ئېلىپ كېلىنگىنى، ئۇنىڭدىن قالسا رىمدىن ئېلىپ كېلىنگىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ، چۈنكى ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى ئاچچىق بولىدۇ.

قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ياۋا ئاس دەرىخىنىڭ مېۋىسى دېگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىسسىق ھەم سوغۇق قۇۋۋىتى بار ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ناھايىتى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى، نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاينىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. چىرىگەن ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. جىگەر، ئۈچەي ۋە بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر، تال كېسەللىكلىرىنى ساقايتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك يولىدىكى يارىلارنى تازىلايدۇ، قوم ـ تاشلىرىنى پارچىلاپ، سۈيدۈك ئارقىلىق چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاش ۋە سىيىپ يېتىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر گىرامى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە ئاق تىلما كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار، جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ھايۋاناتلارنىڭ يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** ئۇ غالىيەلەر بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەدەننى خۇش پۇراق قىلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. چايناپ سۈيىنى زەكەرگە سۈركىسە جىمادا زىيادە ھۇزۇر پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

(2) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باشنى ئاغرىتىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل، گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** دارچىن، قاقىلە.

ئۇنىڭدىن 3 ~5 گىرامغىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ سالايە قىلىپ، بەك چۇچۇمەل بولمىغان بىر پىيالە قېتىققا سېپىپ، ئېغىزنى قىلىن رەخت بىلەن ئوراپ ياز كۈنلىرى بولسا تالادا بىر كېچە قويۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، 3 ~5 كۈنگىچە ئۇدا ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

## كەبابەئى دەھەن شىگافتە
(ئېغىزى ئوچۇق كاۋاۋىچىن)

ئۇ فاغىرەدىن ئىبارەت. «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

## كەباس

(مىسۋاك دەرىخىنىڭ پىشقان مېۋىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** مىسۋاك دەرىخىنىڭ پىشقان مېۋىسىدىن ئىبارەت. چوڭ، پىشقان ۋە ئۇرۇقچىسى كىچىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى ئاق شېكەر بىلەن سالايە قىلىپ، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن ئۇستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلسە ئىچىنى سۇرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇچا ئاغرىقى ۋە باشقا كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، چۈنكى ئاشقازاندىكى بەلغەملەرنى تازىلايدۇ. قاينىتىلمىسىنى ئىچسە سۇيدۇكنى ھەيدەيدۇ، دۇۋساقنى تەنقىيە قىلىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا بەرەڭگى كابۇلى، يېرىم ھەسسە ئاق قۇستە، ئۇچتىن ئىككى قىسىمچىلىك مىقداردا قەمبىل.

## كەبىد

(جىگەر)

ئۇ «كىبىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «جەگەر»، يۇنانچە «مەروسىيا»، «ئەمروسىيا»، رىمچە «ھەفابەرا»، تۈركچە «بۆرەك»، ھىندىچە «كەلىيجا» دەپ ئاتىلىدۇ. «كەبىد» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزى چىشى ھالەتتىدۇر، بەزىدە ئەركەك ھالەتتىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەكباد»، «كۇبۇد» بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «كىبىد» دەپ ئاتالغىنى ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى رەئىس ئەزالارنىڭ قاتارىدىن بولغان مۇرەككەپ ئەزا بولۇپ، تەبىئىي قۇۋۋەتنىڭ باشلىنىش ۋە كەيمۇس، خىلىتلارنىڭ ھەزىم بولۇش ئورنىدۇر. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تەشرىھ (ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈش ئىلمى) كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ ياخشىسى قۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ پىشقان مېۋە ـ چىۋە ۋە دانلار بىلەن بېقىلغان سېمىز، ياش توخۇ، ئۆردەك، غاز جىگىرىدۇر. چارۋىلاردىن بىر يىللىق سېمىز ئوغلاق ۋە پاقلان جىگىرى ياخشىدۇر. ئەڭ ناچىرى قېرى، چوڭ ھايۋانلارنىڭ، بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جىگىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قوپال بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان قان كانال يوللاردىن ئاستا ئۆتىدۇ، تېز ئوفۇنەتلىنىدۇ. ئەمما ياخشى ئوتتا پىشۇرۇلۇپ، تۇز، سىركە، ئاچچىقسۇ، دارچىن، كەرۋىيا ۋە يۇمغاقسۇت ئۇرۇقلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركە بىلەن يۇمغاقسۇت، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مەزكۇر ئىسسىق دورىلار، مۇناسىپ جاۋارىشلاردۇر. ئۇنى نېپىز توغراپ ئۇستىگە تۇز، ئەرەب يېلىمى سېپىپ قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئۈچەي يارىسى ۋە ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، ئەمما ئاشقازاننىڭ ھەزىم قۇۋۋىتى ئاجىز بولماسلىقى، ئۇنى ھەزىم قىلىشتىن ئاجىز كەلمەسلىكى لازىم. ئۆچكە جىگىرى تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىنىڭ كېسىلىنى قوزغىتىدۇ. ئېشەك جىگىرى كاۋاپ قىلىنىپ ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا كەكلىكنىڭ قورۇتۇلغان جىگىرىنى سوقۇپ بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا، شۇنداقلا چاشقان جىگىرى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ياۋا چوشقا جىگىرى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. بۆرە جىگىرى جىگەر ئاغرىقى ۋە بۆرە چاقىسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئىت جىگىرى ۋە غالجىر ئىت جىگىرى ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ سۇدىن قورقىشىنى تۈگىتىدۇ. ئۆچكە جىگىرى قورۇپ ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلنى ساقايتىدۇ. ئۇنى قورۇغاندىكى بۇسى كۆزگە تۇتۇلسا ھەم قورۇغاندا چىققان سۇيى كۆزگە تېمىتىلسا نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. پاقا جىگىرى قۇرت يېگەن چىشقا قويۇلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئالماس يۇتۇۋالغان ئادەم ئۇنىڭ جىگىرىنى يەپ بىلەن باغلاپ يۇتسا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يېپنى ئاستا تارتسا ئالماس ئۇنىڭغا چاپلىشىپ چىقىدۇ. بۇغا جىگىرىنى نېپىز توغراپ، ئۇستىگە سوقۇلغان مۇرچ، پىلپىل سېپىپ كاۋاپ قىلىپ، سىرغىپ چىققان سۇيىنى كۆزگە سۇركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى سۇنى يوقىتىدۇ. قۇرۇتۇپ سوقۇپ، سالايە قىلىپ كۆزگە سۇركەلسىمۇ مەزكۇر ئىككى خىل ئىللەتكە شىپا بولىدۇ.

ھەرقايسى ھايۋاننىڭ جىگىرى شۇ ھايۋاننىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى ۋە ئالىلا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

## كەبەر

(كەپە سويىمىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر ياكى پارسچىدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەن سۆزدۇر. يۇنانچە

«ئەسۇنتۇن»، شىرازچە «كورەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تىكەنلىك، شاخلىق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ بولىدۇ. گۈلى يېشىل غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، كىچىك زەيتۇن ۋە نوقۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئاق گۈلى ئېچىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىسىدا چاچتەك يىپچىلار پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭ «خىيارى كەبەر» (كەپە سويمىسى) دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىسى بەللۇتتىن چوڭراق، كىچىك تەرخەمەك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن يېرىلىپ ئىچىدىن سۇس قىزىل رەڭلىك گۆشى كۆرۈنىدۇ. ئۇرۇقى سېرىق، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بار. تەمى سەل تاتلىق، سەل قىرتاق ۋە ئاچچىق بولۇپ، پىشقانسېرى ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى ئازلاپ تاتلىقلىقى كۆپىيىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ئاق، چوڭ، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. پوستى قېلىن بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرىدىن ئاجرايدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى، بولۇپمۇ يىلتىزى ئاچچىق، ئۆتكۈر، سەل تۇزلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈل غۇنچىسى ۋە پىشمىغان كىچىك مېۋىسى تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى قالغان قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ خارابىلىكلار، تاشلىقلار ۋە قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدۇ. سۇغا يېقىن يەرلەر ۋە زەي يەرلەردە ئۆسكىنى قورساقنى ئىسسىدىغان بولۇپ، ناچار ۋە بۇزغۇچىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. قۇرۇق ئىسسىق شەھەرلەردە ئۆسكىنى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، بەلغەم، سەۋدا ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى پارچىلىغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى ۋە پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى: قىرتاقلىقى ۋە قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن پالەچ، ئىستىرخا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەسكە ئوخشاش مېڭە خاراكتېرلىك سوغۇق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا مۇسكۇللارنىڭ زەخملىنىشىنى ئوڭشايدۇ. پوستىنى چاينىسا مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تارتىدۇ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھۆل پوستى ياكى يوپۇرمىقىنى چاينىسا، پوستى ياكى ئۇرۇقى قاينىتىلغان شاراب سىركىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، مېڭىنى تازىلايدۇ. سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسا ئىچىدىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن باش يۇيۇلسا تاقىرلىققا شىپا بولىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۇمبۇل، ئۇستقۇددۇس، ئىزخىر ۋە ھەسەلگە ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئۆپكىدىكى بەلغەمنى بوشتىپ چىقىرىدۇ.

كۆكرەك ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تۇزغا چىلانغىنى كاناي ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا نەپەس ئەزالىرىدىكى بەلغەمنى يوقىتىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، خام خىلىتنى چوڭ تەرەت بىلەن، سەۋدانى سۈيدۈك بىلەن سۈرىدۇ. ئۈچەي مەددە قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. تۇز سېپىلگىنى تائامدىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇ تال ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەسەل ۋە سىركە بىلەن مۇرابباسى قىلىنغىنى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. كۆپ ھاللاردا تالدىكى سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق ماددىنى چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈك بىلەن سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىپا تاپىدۇ. پىلپىل ۋە سۇزاپ بىلەن ئىشلىتىلسە جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى 40 كۈنگىچە ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئارپا ياكى تۇرمۇس ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، بولۇپمۇ تاتلىقلاشتۇرۇلمىغىنى، يەنى ئاچچىقىنىڭ مەزكۇر تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: ھۆل ياكى قۇرۇق پوستى يوپۇرمىقى ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا بەھەق، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى كېسىدۇ. بويۇندىكى چاشقان يارىسى ۋە بويۇن، قولتۇق، يېرىققا ئوخشاش يۇمشاق يەرلەردىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: ھۆلى زىمات قىلىنسا يامان ۋە مەينەت يارىلارنى ساقايتىدۇ، قۇرۇتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، سۈيى بىلەن كىلىزما قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال ۋە زىمات قىلىنسا زەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، پارچىلايدۇ. ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. سېپىلسە كۆزنىڭ ئاقمىلىرىنى ساقايتىدۇ. سىركىگە

چىلانغىنى لەززەتلىك بولۇپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغان سويىمىسمۇ شۇ تەسىرگە ئىگىدۇر. سويىمىسى ھۆل ئىسسىقتۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئۇنىڭ پىشقان سويىمىسىنى ئۇرۇقسىز چاينىسا چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

ئۇنىڭ غولى ۋە يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، تەسىرلىرى گۈلىدىن ئاجىزراق بولۇپ، چاشقان يارىسى، كۆز ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇسارىسى ئاشقازاندىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. زۇپتى بىلەن زىمات قىلىنسا يىرىڭلىق يارىلار ۋە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. چاشقان يارىسى ۋە بەلغەمدىن بولغان ھەممە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. غولىنىڭ ھەممە تەسىرى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا مېڭىنى تازىلايدۇ، مېڭە، كۆكرەك تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 24 مىللىگىرام ئېلىپ سىركە، ھەسەل ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. يىلتىزىدىن 10 گىرامغىچە، قاينىتىلمىلاردا 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:**(1) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئاشقازىنىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(2) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ئۇستۇقۇددۇس.

(3) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خولىنجان، ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىرى يەنە بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ.

كەپە سويىمىسىدىن تەييارلانغان نانخۇرۇش بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. تال ئىششىقىنى كەپە سويىمىسىدىن بەكرەك تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭە، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق سۇ بىلەن ئېغىز چايقاش ۋە ئىچىشتۇر.

## كىبرىيت

## (گۈڭگۈرت)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» ھەرپى بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئەسلىي، يەنە

بەزىلەرنىڭ قارىشىدا زىيادىدۇر. بەغدادىي ئۇنى نىبىتچە سۆز، ئەسلىي ئەرەبچە ئەمەس دېگەن. يۇنانچە «قارىيۇن»، سۇريانچە «كىبرىيتا»، رىمچە «ساۋەن»، پارسچە «گوگورد»، ھىندىچە «گەندەھەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ئۇچۇچان، ھۆل، ياغلىق بۇسلار بىلەن ئارىلىشىپ قۇياش ھارارىتى بىلەن پىشىپ، ياغ ماددىسى، ئىسسىقلىق، ئۇچۇچانلىق ۋە يەڭگىللىكتە ئىگە بولغان تۇتۇنسىمان قۇرۇق بۇستىن ھاسىل بولغان يۇمشاق، تۇپراققا مەنسۇپ تەركىبلەرگە ئىگە تاشسىمان ماددىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئوتنىڭ تېگىشى بىلەنلا تېز يانىدۇ.

ئۇ قىزىل، يېشىلغا مايىل سېرىق، ئاققا مايىل ۋە كۆككە مايىلدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. قىزىلى پارقىراق، سۈزۈك بولۇپ، كاندا كېچىدە خۇددى ئوتتەك يېنىپ ئەتراپىدىكى مەدەنلەرنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭ كانى پارس ناھىيەلىرىدىن بولغان ھۇرمۇز ۋە ئامان ئاراللىرىدىدۇر. نۇۋۋاب مۇئتەمەدۇل مۇلۇك ئەلۋىخان ھەزرەتلىرى: «مەن ئۇنىڭ كانىنى ئامان ئاراللىرىدىن بولغان بىر ئارالدا كۆردۈم، ئۇنى كولاپ، ساپ، سۈزۈك گوگگورتنى چىقىرىدىكەن. ئەمما بىرىنچى ئۇستاز يازغان ساپ بولمىغان قىزىل گوگگورتنى مەن كۆرمىدىم» دەپ يازغان.

جالىنۇس: «گوگگورت كانىدىن كولاپ چىقىرىلىدۇ، قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا بولىدۇ. سېرىقى يېشىلغا مايىل بولۇپ، ‹مەستىكاۋى›، ‹ئەسابىئى› دەپ ئاتىلىدۇ. ئېقى ‹كىبرىت فارسىي›(پارس گوگگورتى) دەپ ئاتىلىدۇ. كۆككە مايىلى ‹كىبرىتى ئەسۋەد كەدەر› (دۇغ قارا گوگگورت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلغىنى گوگگورتلۇك قىزىق بۇلاق سۇلىرى ياكى بەزى قارىغا مايىل كۆل رەڭ جايلارنىڭ تۇپىلىرىدىن ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرلىرىنىڭ ياخشىسى چىرايلىق قىزىل، ساپ، تاشلاشمىغان ۋە ئوت تەگمىگەنلىرىدۇر» دەپ يازغان. تەفلىيسى «گوگگورتنىڭ سېرىق، بەتبۇيلىرى ساپ بولغانلىرىدۇر» دېگەن. جالىنۇس «ئۇنىڭ ھەرقايسى تۇرىنىڭ ياخشىسى ساپ بولغىنىدۇر» دېگەن.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 30 يىلغىچە تۇرىدۇ.

قىزىل گوگگورت توغرىسىدا كۆپ سۆزلەر ئېيتىلغان. ئەنتاكىي «ئۇ ئالتۇن كانىدا پەيدا بولىدۇ» دېگەن. بەغدادىي: «ئۇ ‹ۋادىن ـ نەمل› (چۈمۈلە ۋادىسى) دەپ ئاتىلىدىغان ۋادىدا ھاسىل بولىدۇ» دېگەن. بەزىلەر ئۇنى مەدەندىن چىقمايدۇ، بەلكى سۇنئىي تەييارلىنىدىغان ماددا دېگەن. يەنە بەزىلەر چاچنىڭ تامچىلىتىپ ئېلىنغان يېغى دەپ بىلگەن. خىمىيەنلىرىنىڭ تونۇشىدا سۇنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانغان ناھايىتى قىزىل كىرىستال «كىبرىيتى ئەھمەر» (قىزىل گوگگورت) دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن

ئارتۇقراق. بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن. ماي تەركىبى ناھايىتى يۇقىرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قىزىتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى ۋە ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان ياكى قورۇپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زۇكام، نەزلە، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى يىرىڭ ۋە بەلغەمنى چىقىرىدۇ. يەرقان ۋە زەھەرلىنىشلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇ سۇ بىلەن ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، سۇيدۇكنى ھەيدەيدۇ. زەھەرلەرگە قارشى تۇرىدۇ. سىپىلسىمۇ زەھەرلىك زىيانداش ھاشاراتنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ھەببۇلغار بىلەن مەلھەم قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. يېرىم ھەسسە ئەرەب يېلىمى ياكى قېتىق بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، تاز، باشتىكى ھەر خىل يارىلار، كالا تەمرەتكىسى ۋە ھۆل قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، سەكتە، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا باشنىڭ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ، زۇكام، نەزلىگە شىپا بولىدۇ. گاسلىققا پايدا قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ قىزىلىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ ياغلار ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا گاسلىقنى ئالىدۇ، قۇلاقنى يەڭگىللەشتۇرىدۇ. ھەسەل، سۇيدۇك ۋە تۇكۇرۇك بىلەن مەلھەم قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋالغان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. راتىيانەج بىلەن مەلھەم قىلىنسا چايانىنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا چايان ۋە دېڭىز يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. گىل قىيمۇلىيا بىلەن مەلھەم قىلىنسا تازنى ساقايتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلار، مۇدۇرلار ۋە باشقىلار: ئۇنى قورۇپ ياكى ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇرلۇك ھۆل تەمرەتكە ۋە قىچىشقاقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئاقىرقەرھا، ھەسەل ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان تاشمىلارغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. سىركە، تۇغرىغۇ ۋە ئىلكول بەتەم بىلەن مەلھەم قىلسا تېرىدىكى تۇرلۇك ئىزلارنى يوقىتىدۇ، تىرناق ئاقىرىش كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەدەندىكى قىچىشقاق، قوتۇر، بەھەق، تېرە قاسراقلىشىش، باش كېپەكلىشىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، يەل يارا، ھۆل يارىلار، كالا تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بەتەم دەرىخى يېلىمى بىلەن مەلھەم قىلىنسا تىرناقتىكى تۇرلۇك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. خېنە بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە، قۇندۇز قەھرى بىلەن مەلھەم قىلىنسا قاتتىق

ئىششىقلارنى تارقىتىشقا، بۆرە ئەرمىنى، ھەسەل ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. بەدەنگە سىپىلسە تەر توختىتىدۇ. چاچقا سىپىلسە ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سىلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ، چاچنى ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەن يۇيسا قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ. شۇنداقلا گۇڭگۇرت سۈيى بىلەن بەدەن يۇيسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يېڭى سېغىلغان سۈت.

(2) مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1 ~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىرى يەنە بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ كۆشتىسى مەدەنلەرنى كۆشتە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كىرىنى تازىلاشتا تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ كۆشتە قىلىنغىنى زەرنىخ جەۋھىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېغى سوغۇقتىن بولغان بارلىق ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرقى ناھايىتى قۇرۇتقۇچى بولۇپ، ئەزالارغا تېز سىڭىپ كىرىدۇ. جۇلا بېرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە نەپەسكە شىپا بولىدۇ. تالنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكىدىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. قىزىتىدۇ، خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. پاختىنغا ئۇنىڭدىن ئازراق يۇقتۇرۇپ، قاتتىق ئاغرىۋاتقان چىشقا بېسىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چايان چېقىۋالغان زەخمىگە قويۇلسا زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ. قىلقۇرت بار ئورۇنغا قويۇلسا ھەممىنى ئاسانلىق بىلەن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر تامچە ئېلىپ، سۇ بىلەن ئىچىلسە تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇ بەلغەم، سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەر، توڭلاش بىلەن بىرگە پەيدا بولغان تەپلەر، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كونا تەپلەر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇسخىلىرى، ھەبلىرى ۋە ياغلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەييارلىنىشى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## كەبسۇن

(كەبسۇن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «كەفسۇن»مۇ دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقى بولۇپ، ھەبەشىستان شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى شام يۇمغاقسۈتى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يۇرىقى ئۆتكۈر، تەمى ئاچچىق، ئۇرۇقى يۇمىلاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەبەشىستان خەلقىنىڭ خىيالىدا بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئەمما تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەبەشىستان خەلقى ئۇنى يۇمشاق سوقۇپ، شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن يالغۇز ياكى بەرەڭگى كابۇلى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىچىنى سۈرۈش، ھەر خىل مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى يۇمغاقسۈت، بەزىلەر بەرەڭگى كابۇلى دېگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ھەممە قىسمى بويى مادەران ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئىكەن. يىلتىزىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش، مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرۈش تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، سوقۇپ تەمرىھىندى سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، سۈزۈلدۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۈچلۈكرەك بولۇشى مەقسەت قىلىنسا بەرەڭگى كابۇلى قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولۇش مەقسەت قىلىنسا ھەببۇنىلمۇ قوشۇلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر بىلەنمۇ تولۇق يوقالمىسا، يىلتىزى سۇ بىلەن سالايە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك قۇرۇق ئىسسىق ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇشى مۇمكىن.

## كەبىكەج
(ماستىۋار چېچىكى)

ئۇ پارسچە سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇ «كەففۇز زەبۇئ» (چىلبۆرە پەنجىسى)، يۇنانچە «بەتراخىيۇن»، «سالتىن ئەغرىيۇن»، ئىسپىھانچە «موشەك»، تۈركچە «ماستىۋار چېچىكى»، ھىندىچە «جۇلبىل»، «لەتۇپەرى»، فىرانسۇزچە «زەتەنكەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇمغاقسۈت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، ئاققا مايىل بولىدۇ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بار. گۈلى سېرىق، ھەم بىنەپشە رەڭگە مايىل بولىدۇ. غولى ئىنچىكە بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يىلتىزى ئاق، ئاچچىق، خەربەقنىڭ چاچما يىلتىزلىرىغا ئوخشاش چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئېقىن سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئىككىنچى خىلىمۇ بىرىنچى

خىلىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، ناھايىتى ئۆتكۈر، گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇ «سالتىن ئەغرىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكى ناھايىتى كىچىك، گۈلى ئالتۇن رەڭ سېرىق، بەتبۇي بولىدۇ. تۆتىنچى خىلىمۇ ئۈچىنچى خىلىغا ئوخشاش، گۈلى سۈت رەڭ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، يارىلاندۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچى، چاققۇچى ۋە قىچىشتۇرغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قۇرۇق يىلتىزى بۇرۇنغا تېمىتىلسا كۇندۇشتىن بەكرەك ئۇسسىتىدۇ. سىرتىدىن مەلھەم قىلىنسا چىشلارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. چىشقا سۈركەلسە چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاينىتمىسى تۆكۈلسە تازغا پايدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: مەلھەم قىلىنسا قوتۇر، مۇدۇرلار، ئۇچلۇق سۆگەل، ھەرىكەتچان ئۆسمە قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى بىلەن شېخى زىمات قىلىنىپ ئاز ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا يەرلىك ئورۇننى يارىلاندۇرىدۇ، ئەزالارنى ئاغرىتىدۇ. ياغلار بىلەن زىمات قىلىنسا ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ قوتۇرىنى ساقايتىدۇ. ئاقكېسەل، تىرناق ئاقىرىش، تۇرلۇك سۆگەل ۋە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. 10 گىرامى ھالاك قىلىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى بۇغداي ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەزاغا زىمات قىلىنسا داغلاشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىدا ياۋا پىياز ۋە چاققاقئوت ئىستېمال قىلىپ زەھەرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش تەدبىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كەتتان
(زىغىر ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. «كىتتان» مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «ئەلسى»، «تىيسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى «بەزرى كەتتان» (زىغىر ئۇرۇقى) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ يەنە «بىزرى كەتتان» مۇ

دېيىلىدۇ. ھىندىچە «ئەلسىكا بىيج»، «تىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، غولى ۋە يوپۇرمىقى ئىنچىكە، گۈلى ھاۋا رەڭ بولىدۇ. گۈل غوزەكلىرى ياڭاق رەڭ بولۇپ، ئۇرۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. ئۇرۇقى كىچىك، سەل ياپىلاق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ پوستىدىن پاختا ۋە كەندىر قوۋزىقىدىن توقۇلغانغا ئوخشاش كىيىم ـ كېچەك توقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن توقۇلغان كىيىم ناھايىتى سوغۇق ۋە خۇنۇك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوغۇقلۇققا مايىل ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن توقۇلغان كىيىم كىيىلسە ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، تەرنى ئازايتىدۇ ۋە سۈمۈرىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاق ۋە قاتتىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇقۇلغان كىيىملەر ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ كىيىشى ۋە يازدا كىيىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ پاختا كىيىمگە قارىغاندا ئازراق پىتلايدۇ ۋە پىت ئازراق يىغىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن توقۇلغان كىيىم بەدەنگە ياخشى چاپلاشمايدۇ. يۇيۇلمىغىنى بەدەننى قۇرۇتىدۇ، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە تېخىمۇ شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىشلىتىلسە ۋە ئىسرىق سېلىنسا مېڭە تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. كۆيدۈرۈپ سېپىلسە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىپ، ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. شۇنداقلا زەخىملەرنىڭ ئىچىگە چىگە رەخت تىقىپ قويسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. شەرىف: «بەدەننى ئورۇقلاتماقچى بولغاندا قىشتا چىگە رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيمەي، يازدا يۇيۇلغان چىگە رەختتىن توقۇلغان كىيىم كىيىش لازىم، ئورۇقلىماسلىق مەقسەت قىلىنسا، ئەكسىچە قىلىش كېرەك» دېگەن. ئۇنىڭ گۈلى خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى سېرىققا مايىل قارامتۇل، سىلىق، ياپىلاق، سەل ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. بىر تۈرى قارا، يەنە بىر تۈرى ئاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممە تۈرى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى، پەي ـ نېرۋىلار ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى: سوغۇق سۇ بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشتىكى كالا تەمرەتكىسى ۋە باشتىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئىسپىغۇل بىلەن زىمات قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. شىرىسى كۆزگە تېمىتىلسا ۋە سۈركەلسە قىزىللىقىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ لوئوق تەييارلاپ يالىسا بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. 10 گىرامى ئۆپكىنى تازىلايدۇ، جىگەر ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقىنى پىشۇرۇپ

تارقىتىدۇ. قورۇلغىنى قابىزلىققا ئىگە بولۇپ، قان توكۇرۇش ۋە ھۆللۇكتىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن كۇنىگە 2.5 گىرامدىن داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئۇچەي ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك، تەر، سۈت ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، بۆرەك، دوۋساق يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 12 گىرام ئېلىپ سۇ بىلەن قاينىتىپ، شىرىسىنى ئۇرۇقى بىلەن بىللە ئىستېمال قىلسا بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. ئاز مىقداردىكى مۇرچ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا باھ قۇۋۋىتىدىن ئۇمىدىنى ئۈزگەنلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن كىلىزما قىلسا، ئۇچەي ۋە بالىياتقۇنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ، بالىياتقۇ چىققىنى تۆگىتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. تۈتۈنى بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ.

ئىششىقلار، جاراھەتلەر، يارىلار ۋە باشقىلار: ئۇ زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىق ۋە باشتىكى يارىلارنى يوقىتىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ. ھۆرۈق بابىلى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناق يېرىلىشقا، توغرىغۇ ۋە كۈل بىلەن زىمات قىلىنسا سۆگەللەرگە، كۈنجۈت يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا زەخىملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى سېپىلسە جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا زەخىمنىڭ ئىچىگە چىگە رەخت تىقىپ قويۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

(2) ھەزىمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(3) ئۇرۇقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئىستېمال مىقدارى: 12~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** شۈمشا ئۇرۇقى.

زىغىر يېغى ھۆل ئىسسىقتۇر. ئۇنىڭغا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما قىلىنسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. سۈركەلسە يۇرەك ئاغرىقى، كالا تەمرەتكىسى، جاراھەتكە داۋا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا، قايناتمىسى ئىچىلسە، ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ قولۇنجى كېسىلىنى ساقايتىدۇ. يېغى بىلەن ياغلانسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ۋە باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

# كەتەم
(ئوسما)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «ۋوسمە» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋىسى مازىنداران ۋە تەنەكابۇندا شىغال خىنىسى دېگەن مەنىدە «شالخىنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نىيل ئۆسۈملۈكى ئەمەسكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى مۇردىنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. غولى پۇتەي، شاخلىرى نەيچىسىمان، مېۋىسى مۇرچ چوڭلۇقىدا بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ. ئىچىدىن ئۇششاق ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنى قۇملۇق دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ. شاخلىرى نەيسىمانراق، يوپۇرمىقى كەڭرەك، نىيل ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، كاۋاك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى زىغىر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ نىيل ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئەتىگەندە ئۈزۈۋېلىپ ئاپتاپتا بىر قېتىمدىلا قۇرۇتۇپ يۇمشىتىپ، ئەينەك قاچىغا سېلىپ شامال تېگىشتىن ساقلاش لازىم ئىكەن، چۈنكى كېچىدە چالا قۇرۇتۇلۇپ ئەتىسى ئاپتاپتا يەنە قۇرتۇلسا رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. موللا سەدىد گازرۇنى «شەرھى مۇجەز»، ناملىق كىتابىنىڭ چاچنى قارايتقۇچىلار دېگەن مەزمۇنىدا «ھىندىستاننىڭ يېڭى، ياخشى ئوسمىسى چاچنى قارايتىش جەھەتتە كېرمان ئوسمىسىدىن ياخشىراق بولىدۇ، كېرمان ئوسمىسىنىڭ چاچنى قارايتىشى ئاجىزراقتۇر، لېكىن ئۇنىڭ رەڭگى ئۇزاقراق تۇرىدۇ، قارىغا ناھايىتى مايىل بولۇپ، چاچنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ، تۇز رەڭگىدە ئەمەس» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭغا تۇز، سۇ قوشۇپ بوياق تەييارلاپ باشقا سۈركەلسە، يەلدىن، بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئومۇمىي باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ۋە مەلھەم قىلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ياكى قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ، غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇ بوياق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىيل ئۆسۈملۈكى ئايرىم ئۆسۈملۈك دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئوسما بىلەن چاچ بوياش نىيل

ئۆسۈملۈكى بىلەن چاچ بويىغاندىن ياخشىراق ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەلەمپۇر، لازەن.

ئۇنىڭ سۈيىنى باراۋەر مىقداردىكى كۈنجۈت يېغى بىلەن بىرلىكتە سۇس ئوتتا سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قايناتىپ تەييارلانغان يېغى سۈركەلسە چاچنى ئۇزارتىدۇ، چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇۋاسىر، مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى ۋە غىلاپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قارىغا مايىل بولىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى كۆپ مىقداردىكى سۇ بىلەن قايناتىپ پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ، خەت يېزىشقا ئىشلىتىلسە سياھنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چاچ ـ ساقالنى بويىماقچى بولغاندا، ئاۋۋال چاچ ـ ساقالدىكى ياغ ۋە باشقا كىرلار پاكىز يۇيۇۋېتىلگەندىن كېيىن بويالسا ياخشى بويىلىدۇ.

## گەتەبتە

(گەتەبتە ئۆسۈملۈكى)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى ئىنچىكە زىغىرنىڭ غولىغا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. تۆۋەن تەرىپىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق بولۇپ، زىغىر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يۇمشاق، قارىغا مايىل يېشىل بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا تاكى ئۇچىغىچە كۆك، ئاق رەڭلىك يۇمران گۈللىرى بولىدۇ. بۇ گۈللەر بەزىدە سېرىقمۇ ئېچىلىدىغان بولۇپ، زىغىر گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇرۇقى شاھتەررە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا خام بەلغەمنى چىقىرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان يانپاش ۋە بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى زىمات قىلىنسا، كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قاتتىق يەرلەردە ئۆسىدىغان، شاخلىرى غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان، يوپۇرماقسىز، سۇتلۇك بولىدىغان يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، خام بەلغەمنى ئاجرىتىش جەھەتتە بىرىنچى تۈرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىرىنچى قىسىمدىن ئالتە گىرام، ئىككىنچى قىسىمدىن تۆت گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلدارلىقنى توختىتىدۇ، يەنى چەكلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

# كۇتەيلە
(كۇتەيلە ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچتىن بىر گەزگىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. كۆپلىگەن شاخلىرى بىر دانە يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ياغىچى قاتتىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى مۇرد يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، ئاقۇچ مايىل، تۈكلۈك بولىدۇ. شام شەھەرلىرى ۋە بەيتۇل مۇقەددەستە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شاراب كوزىدا قايناشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئازراق قوشۇلسا بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مىسىر خەلقى بۇنداق شارابنى «شەرابۇل ھەشىيش» (چۆپ شارابى) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

# كەسىرا
(كەتىرا)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، يۇنانچە «تەراغافىيسا»، «تەرافافىيبا» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «كون» دېيىلىدۇ. ھىندىچە «كەتىيرا» دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ناھايىتى تىكەنلىك بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر. بۇ دەرەخنىڭ تىكەنلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ھەم تەتۈر ھالەتتە بولىدۇ، بۇ دەرەخ «قەتاد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىدى. كەتىرا ئاق، قارا بولىدۇ. ياخشىسى ئېقىنىڭ ساپ، سىلىق، ئىنچىكە، سۈزۈك، تاتلىققا مايىل بولغانلىرىدۇر، قارىسى ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، ھۆللۈكى ئەرەب يېلىمىنىڭ ھۆللۈكىدىن ئارتۇقراقتۇر. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپ

بىلگەن. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى سوغۇقلۇقىدىن كەمرەكتۇر. بەزىلەر ھۆل ئىسسىق دەپ، يەنە بەزىلەر مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاپلاشتۇرغۇچى، يەڭگىل قۇرۇتقۇچى، ئۆتكۈر دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، قان ۋە سۇيۇق ماددىلارنى قويۇلدۇرغۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى، خىلىتلار ۋە ئىچىلگەن ئۆتكۈر دورىلارنىڭ ئۈچەينى چېقىشىنى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، شىلىمشىقلىقى ۋە سىلىقلاشتۇرۇشى بىلەن دورىلارنىڭ تەسىرلىرىنى كۈچەيتكۈچىدۇر. ئاز مىقداردا سۈرگۈچى قۇۋۋىتى بار.

باش ۋە كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇ لوئابلار ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن كۆزگە سۈرۈلسە كۆز ئاغرىقى، كۆز يارىسى ۋە مۇدۇرلىرىغا پايدا قىلىدۇ. سۈرمىلەر ۋە سەپمىلەرگە قوشۇلسا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەرەب يېلىمىدىن ياخشىراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئېشەك سۈتى ياكى يېڭى سېغىلغان ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، قان تۈكۈرۈش، كۆكرەك ۋە باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ قانىشىغا داۋا بولىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە ۋە گالنىڭ قۇرغاقلىقىنى ئالىدۇ، ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئاۋازنىڭ پۈتۈپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەب ياكى قۇرس ياساپ ئېغىزغا سېلىپ، سۈيى يۇتۇلسا كۆكرەك ئەزالىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭ چېقىشىنى پەسەيتىپ يارىسىنى ساقايتىدۇ. بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشىنى پەسەيتىدۇ. زەھەرلىك دورىلارنى تۈزىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەپرا ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرىدىكەن. ئۈزۈم شىرنىسىگە چىلاپ ئاز مىقداردا بۇغا مۈڭگۈزى ۋە بىر داڭ زەمچە قوشۇپ ئىستېمال قىلىنسا، بۆرەك ئاغرىقى ۋە سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىگە دەرھال پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئاقلانغان بادام مېغىزى، نىشاستە ۋە باراۋەر مىقداردىكى شېكەر قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ ئارقىدىن نارجىل قاينىتىلغان سۈت ئىچىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۈركىسە داغ ـ سەپكۈننى چۈشۈرىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ، يىرىكلىكىنى ئالىدۇ، لەۋنىڭ يېرىلىشىنى ئالىدۇ. سىركە بىلەن چېپىلسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. لوئابلار بىلەن سۈركىسە چاچنىڭ يېرىلىشىنى ئوڭشايدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: گۈڭگۈرت بىلەن زىمات قىلىنسا قوتۇر، يەل يارىغا پايدا قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر زەخىملەرنىڭ كۆپ قىسمىغا

پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مقدارى:** 3 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** چاپلاشتۇرۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئەرەب يېلىمى، يۇمشىتىش ۋە قويۇلدۇرۇش ئۈچۈن قاپاق ئورۇقىدۇر.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇق ۋاقتىدا سوقۇپ، سىركە بىلەن بىرلىكتە بەھەقكە سۈركىسە ساقايتىدۇ.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كەچنار
(كەچنار دەرىخى)

ئۇ «ر» نىڭ ئورنىغا «ل» ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپ «كەچنال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى چىچىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىسى تۆۋەن ھەم يۇقىرى تەرىپىدىن ئىككى بۆلەك بولۇپ يېرىلغان بولىدۇ. غۇنچىسى يېشىل، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. گۈلى ئېچىلغاندىن كېيىن ناھايىتى چىرايلىق بولىدىغان بولۇپ، خۇش پۇراق پۇرايدۇ.

ئاق ۋە بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. گۈلىنىڭ بەرگىلىرى بەش دانە بولۇپ، تۆۋەندىكىلىرى ئىنچىكە، ئۈستىدىكىلىرى كەڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش دانە ئىنچىكە يىپچىلار تارتىلغان بولۇپ، ھەربىر يىپچىنىڭ ئۈچىدا زىرىنىڭ دانىسىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە باردۇر. يىپچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ يەنە بىر ئىنچىكە يىپچا بولىدۇ. بۇ يىپچىنىڭ ئوتتۇرى قېلىن بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ئورۇقىدۇر. ئۇنىڭ خام غۇنچىسىنى دۇپياز (بىر خىل يېمەكلىك) بىلەن پىشۇرۇپ ياغ بىلەن قورۇپ، گۆش بىلەن ياكى گۆشسىز ئىستېمال قىلىنىدۇ. لەززەتلىك، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئورۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرگۈچى، قان بىلەن سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. ئۇ جوزام، چاشقان

يارىسىغا داۋا بولىدۇ. دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى باراۋەر مىقداردىكى سۇماق بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، قان تۈكۈرۈش، ھەيز توختىماسلىق، ئىچكى جاراھەتلەر ۋە مەقئەت جاراھىتىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئاقاقىيا بىلەن ئانارگۈل قوشۇپ سۈيى چىقىرىلىپ غار ـ غار قىلسا، ئېغىز، گالنىڭ تاشمىلىرى ۋە چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. خام غۇنچىسىنى قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا ھۆل ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بوۋاسىر، ھەيز توختىماسلىق، قان سىيىش ۋە سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كۇرراس
(كۇدە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «كەرراس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گەندىنا» (سېسىق قومۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئىسپىھاندا «تەرە»، دەيلەمچە «كۇۋار»، لاتىنچە «كوپەركىيسۇ»، يۇنانچە «فەراسىينا»، سۇريانچە «ئەتارا»، رىمچە «فەقلۇتا» دەپ، يەرلىكى «بىنتى»، تاغدا ئۆسىدىغىنى «فەراسيۇن» (تاغ كۇدىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ ئەللەردە ئۆسىدۇ. ياۋا، يەرلىك ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ، پىياز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، يىل بويى قۇرۇمايدىغان، ئوتتۇرىسىدىن غولى ئۆسۈپ، ئۇچىدا گۈلى بىلەن ئۇرۇقى بولىدىغان، گۈلى ئاق بولۇپ، پىياز گۈلىگە ئوخشايدىغان، ئۇرۇقى قارا بولۇپ، پىياز ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان تۈرى «كۇرراسۇل بەقل» (كۆكتات كۇدىسى)، «كۇرراسۇل مائىدە» (داستىخان كۇدىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا كۆكتاتلارغا ئوخشاش خام ۋە پىشىق يېيىلىدۇ. داستىخانلارغا خۇددى باشقا كۆكتاتلاردەك ھازىر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆسىدىغان، پىيىزى يېيىلىدىغان پىيازغا، غوزىكىمۇ ئۇنىڭ غوزىكىگە ئوخشايدىغان تۈرى «كۇرراسى شامىي» «شام كۇدىسى» دەپ، يۇنانچە «فەرئاسىن باباليۇتىن»، «فەراسىن فافالۇتىن» دەپ ئاتىلىدۇ، شىرازدا «تەرپىياز» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ خىمى ئەمەس، بەلكى گۆش بىلەن پىشۇرۇلغىنى ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى بېشى كىچىك، بويىنى ئىنچىكە، يەنە بىرى بېشى چوڭ، بويىنى كىچىك، پاكار، ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ تۈرى كەمرەك تېپىلىدىغان بولۇپ، بىرىنچى تۈرىدىن خۇش پۇراقراق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى سامساققا بەك ئوخشايدىغان بولۇپ، «كۇرراسۇس سەۋم» (سامساقسىمان كۇدە)، «كۇرراسۇل كەرەم» (تالسىمان كۇدە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاغ كۇدىسى شۇ ئىكەن.

ئۇ يالغۇز ئاتالسا تاللىنىدىغان ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتات كۇدىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، بۇخارات ئۆرلەتكۈچىدۇر.

باش ئەزالىرى، كۆكرەكتىكى ئەزالار، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ پېشانىگە سۇركەلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا كانايىنى تازىلايدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ھەزىم كۈچى ۋە بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا تائامنىڭ ئېچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سىڭىشىغا ياردەم بېرىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيىدىن 15 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكتىكى ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۆپكىنىڭ ئىششىقلىرىنى پىشۇرۇپ تارقىتىدۇ. ئارپا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياكى ئارپا بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. سىركىگە چىلاپ ئىستېمال قىلىنسا جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسى قانىتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ زىمات قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى سىركە، سۇ ۋە تۇز بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە ئولتۇرۇلسا، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قاينىتىپ مەلھەم قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيى گۈل يېغى ۋە كونا سىركە بىلەن قۇلاققا تېمىتىلسا، قۇلاق ئاغرىقى ۋە غوڭۇلدىشىنى پەسەيتىدۇ. سۈيىگە كۇندۇر ۋە كونا سىركە قوشۇپ، بۇرۇنغا پۈركەلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. كۇدىنى پىشۇرۇپ سۈيىنى سىقىۋېتىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ تائاملارغا قوشسا لەززەتلىك قىلىدۇ، يەل پەيدا قىلىشىنى تۈگىتىدۇ، سىڭىشلىك قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زىمات قىلىنسا زىياندىاش ھاشاراتىنىڭ ۋە ئەفئى يىلىنىنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچىلسە تۈرلۈك زەھەرلەرنى

قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە يارىلار: سۇماق بىلەن زىمات قىلىنسا تىلما كېسەل ۋە سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى پىيازدىن ئۇزاقراق ھەم تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئىسسىدۇ، باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، چىش مىلىكىنى بۇزىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، چۈشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۇت ۋە ھۆل كاسىنىدۇر.

شەمشەر، پىچاق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تىغلار ئۇنىڭ سۈيى بىلەن بىلەنسە گال بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: 10 گىرامى باراۋەر مىقداردىكى تۇخۇمى مۇرد بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. قان تۈكۈرۈش ۋە باشقا قاناشلارنى توختىتىدۇ. جىگەرنىڭ بەلغەمدىن بولغان توسالغۇسىنى ئاچىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى ناھايىتى قوزغايدۇ. قورۇلغىنى يالغۇز ياكى ھۆرف بابىلى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۈچەيدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ھەببۇلئاس بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، مەقئەتنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇنى موم ۋە قەتران بىلەن كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: ئۇسارىسى زىمات قىلىنسا ئەفئى يىلىنىنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. سوقۇپ سىركىگە تۆكۈلسە چۈچۈمەللىكنى يوقىتىدۇ.

**زىيانى:** ئۆپكە، بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

باھنى قۇۋۋەتلەشتە شام كۇدىسى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

يىلتىزىنى شورپا قىلىپ قاينىتىپ، سۈيىنى زاراڭزا ئۇرۇقى يېغى، بادام يېغى ياكى كۇنجۇت يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجغا پايدا قىلىدۇ.

ياۋا كۈدە سامساقا ئوخشايدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ.
**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر.
ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيدۈك، ھەيزنى كۆچلۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. سىقىلغان سۈيى سەۋدانى ھەيدەيدۇ، ئىچىنى قانلىق سۈرىدۇ. ئۇرۇقىدىن كۈنىگە ئۈچ گىرام ئېلىپ شېكەر بىلەن ئۇدا بىرقانچە كۈن ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.
زەھەرلىنىشلەر: زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا بەكرەك پايدا قىلىدۇ. ئۇ تەرياقى پارۇقنىڭ تۈرلىرىدىندۇر.
زىننەتلەش تەسىرى: زىمات قىلىنسا ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. ئەزالارنى يارىلاندۇرىدۇ.
ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، تاغلاردا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ناھايىتى ئىنچىكە، ئۆتكۈر بولىدۇ.
خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ناھايىتى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

## كەراس
(كەراس دەرىخى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.
**ماھىيىتى:** تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئىنچىكە، شاخلىرى يۇمشاق، سۈتلۈك بولىدۇ. ھىجاز شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. ئۇ «ئۇشبەتۇس سەبباغ» (بوياقچىئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈتىنى تائاملارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا جوزام كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

## كەرائ
(پاقالچاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۆپلۈكى «كەۋارىئ» بولىدۇ. پارسچە «پاچە» دەپ ئاتىلىدۇ. سېمىز، ياش ئوغلاق بىلەن قوينىڭ پاقالچىقى ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق، قويۇق كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كەيمۇس ياخشى، كېرەكسىز ماددىلىرى ئازدۇر.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئۆپكە، گالنىڭ قۇرغاقلىقى، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. ئارپا ئېشى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىنى نەمدەيدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇزۇقلۇقى ئاز، تېز ھەزىم بولىدۇ. شىلىمشىقلىق، قويۇق، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. شىلىمشىقلىقى ۋە سىلىقلاشتۇرۇشى بىلەن ئىچىنى بوشىتىدۇ. سىركە ۋە ئەنجۇدان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنىڭ شىلىمشىقلىقى ۋە سوغۇقلۇقى ئازلايدۇ. ئىسسىقتىن بولغان تىل يېرىلىش، ئۈچەي زەخىملىنىشكە داۋا بولىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى ئۇنى دەشىز دەپ بىلگەن.

## كەردىناج
(زىخ كاۋىپى)

ئۇ پارسچە «كەردىناك» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل كاۋاپ بولۇپ، توخۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ گۆشىنى چالا پىشۇرۇپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. ياخشىسى سېمىز، ياش توخۇ گۆشىنى كالا يېغىغا تەكرار چىلاپ يۇمشىتىپ پىشۇرۇلغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جاپاكەش كىشىلەر، ئاجىز بەدەنلەر ۋە ئىسسىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئوزۇقلۇقى كۆپتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاجىز ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۈزۈم شىرىنىسى.

بەزىلەر ئۇ ئىسسىق دورىلار بىلەن قورۇپ تەييارلانغان توخۇ گۆشىدىن ئىبارەت دېگەن.

## كەرەسنە
(ياۋا كۆك پۇرچاق)

ئۇ پارسچە «كەسەنەك» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. ئەرەبچە «ھەببۇل بەقەر» (كالا دېنى)، يۇنانچە «ئوزۇنىس»، سۈريانچە «كەشنى»، رىمچە «ناغىيونىس»، فىرانسۇزچە «بەرەۋ»، پارسچە «كەسەنەك»، «كەشەن»، «مىشەنەك گاۋى»، «گاۋدانە»، ھىندىچە «مەتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ نوقۇت چوڭلۇقىدىكى يۇمىلاق دان بولۇپ، قىزىل ۋە سېرىققا مايىل قارامتۇل، ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئادەم غىزا ئورنىدا ئىستېمال قىلمايدۇ، بەلكى كالىنىڭ يەم ـ خەشىكى بولۇپ، ئۇنى سەمرىتىدۇ. يەنە كەپتەر، قوي، توخۇ، ئۆچكە ۋە باشقىلارغا يېگۈزۈلىدۇ. سىلىق، ئېغىر، سېرىققا مايىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر ئاققا مايىل بولغىنى ياخشى دەيدۇ. ئۆسۈملۈكى كىچىك، شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. مېۋىسىدىن ئىبارەت بولغان ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا بىر قانچە خىل بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم نامى باردۇر. بىرىنچىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك «مەتىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى «بەتلا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى «ماكەھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى كالا يېسە قارىدايدۇ ۋە سەمرىيدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدىن ئىككىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قويۇق بەلغەمنى بوشىتىپ چىقىرىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ. قايناتمىسى ھەسەل بىلەن ئىچىلسە ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۆپكىنى تازىلايدۇ. نەپەس قىيىنلىشىشنى ئوڭشايدۇ. زىمات قىلىنسا ئەمچەكنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: يۇمىلاق زىراۋەندە بىلەن چىشقا سۈركىسە چىش مىلىكىگە گۆش ئۇندۇرىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ پوستىنى ئاقلاپ، سۇغا چىلاپ ئۇنى ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. كۈنجۈت يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سىيىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بۆرەك قوتۇرىغا داۋا بولىدۇ. بۆرەكنى تازىلايدۇ. سىركە بىلەن قايىنتىلغىنى يەرقان ۋە تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار، يارىلار ۋە جاراھەتلەر: ھەسەل ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياكى يالغۇز زىمات قىلسا قاننى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ. قوتۇر، ئەزالارنىڭ سۇنۇقى، تاز، تېرە يېرىلىش، تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلار، يامرىغۇچى يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. چوڭقۇر يارىلارنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۆگەت گۈلى سۈيى ۋە قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلسا

ئاقكېسەلنى ساقايتىدۇ. زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا ئەزانى چوڭايتىدۇ. سىركىسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنسا تېرىنى تازىلايدۇ، تېرىنى باشقا دورىلاردىن بەكرەك قىزارتىدۇ. تالقىنى ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئەزا يۇيۇلسا ياكى سۈيى ئەزاغا تۆكۈلسە تېرىنىڭ سوغۇقتىن بولغان يېرىقىنى ساقايتىدۇ. قىچىشقاق، دانىخورەك ۋە يىرىڭلىق يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سىركە ۋە ئەپسەنتىن بىلەن زىمات قىلىنسا چايانىنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا ئەفئى يىلىنى چېقىۋېلىش، غالجىر ئىت ھەم غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەم چىشلىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ.

زىيانلىق تەسىرى: كۆپ ئىشلىتىلسە بۇزۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، قانىتىدۇ، قان سىيدۇرىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب، گىل ئەرمىنى.

ئۇنى تۈزىتىش ئۇسۇلى تۇرمۇسنى تۈزىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئېقىنىڭ زىيانلىق تەسىرى قىزىلىنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن ئازراقتۇر. ئۇ ئىككى قېتىم قاينىتىلسا جۇلا بېرىش قۇۋۋىتى يوقىلىپ، تۇپراقتا مەنسۇپ تەركىبى قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق ئاز ھاسىل بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## كەرىش
(قېرىن)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كىرش»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «سەمەنتۇنس»، سۇريانچە «ئەستەمكا»، رىمچە «كەليا»، پارسچە «شىكەنبە»، ھىندىچە «ئوجرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى تونۇشلۇق مۇرەككەپ ئەزالاردىن بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئاشقازاننىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ، ھايۋانلارنىڭ ئۈچىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھايۋاننىڭ يېڭى تۇغۇلغان، تېخى ئوت يېمىگەن بالىسىنىڭ قېرىنى چىقىرىۋېلىنسا، ئۇ «ئىنفەھە» (پەنىرمايە) دەپ ئاتىلىدۇ. دورىلىقتا ئىشلىتىش ۋە شورپا قىلىش ئۈچۈن ياش، سېمىز قوي ۋە ئۆچكە قېرىنى ئەڭ ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىر تۈركۈم كىشىلەر ھۆل ئىسسىق، بەزىلەر قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئەمما ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، دۆتلەشتۈرىدۇ، سەكتە، تۇتقاق كېسەل

پەيدا قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمشاق پىشۇرۇپ، ئىسسىق، خوش پۇراق دورىلار ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

## كەرەفس
(كەرەپشە)

ئۇ پارسچە «كەرەفش» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارسچە «كەرسەب» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن ئىكەن. يۇنانچە «ئوداسالىيۇن»، سۇريانچە «كەرەپشا»، رىمچە «ئەتراخىيۇن»، ھىندىچە «ئەجمۇد»، فىرانسۇزچە «سەلرى»، لاتىنچە «سەلدەھرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسكەن ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىم نامى بولىدۇ. مەسىلەن: يەرلىك ئۆسكىنى، تاغدا ئۆسكىنى، تاشلىق ئورۇنلاردا ئۆسكىنى، نىبىتتا ئۆسكىنى، سۇ بويلىرىدا ئۆسكىنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا يەرلىكى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمىلاققا مايىل، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ ئېگىزلىكى بىر غۇلاچىقچە بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ئۇرۇقىغا قارىغاندا ئۇششاقراق، قارامتۇل، تەمى ئۆتكۈر، خوش پۇراق، رۇمبەدىيان چوڭلۇقىدا، سىلىق بولىدۇ. يۇمىلاق ئەمەس. يىلتىزى چوڭ، قارا بولۇپ، ئىنچىكە چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇرۇقى كۈچلۈكتۇر. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە، يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا كۆز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، بىقىن ئاغرىقى، ھېق تۇتۇش، ئۈچەيلەرنىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، قۇسۇش، ئۈچەي زەخمىسى، قورساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. تائام ئىشتىھاسى ۋە جىما شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. سۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بۆرەك، دوۋساقنى تازىلايدۇ. دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ.

يەلتاشما، بەلغەمدىن بولغان بەزگەك، يانپاش ئاغرىقى، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇچا ئاغرىقى ۋە بەلغەمدىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سۇيىنى ئانار سۈيى ۋە شېكەر بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە، ئىچلىگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىنىڭ قايناتمىسىنى ئىچسە، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەر، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرى ۋە مەدەستان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كەرەپشىنى ئەدەس بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچىپ، قەي قىلسىمۇ مەزكۇر زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** كەرەپشىنى چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشارەتلەر چېقىۋېلىشتىن بۇرۇن، شۇنداقلا ئۇ چېقىۋالغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، زەھەر بەدەنگە تېز تەسىر قىلىدۇ، ھېچقانداق تەدبىر كار قىلمايدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە باشقىلار: يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ، ئۇدا بىر ھەپتە سۈركىسە، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا گۆشگۆرت، قىزىل توغرىغۇ ۋە نۆشۇدۇر بىلەن زىمات قىلسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ تۇتقاق كېسىلىنى قوزغىتىدۇ، تۇتقاق كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ، ئادەمنى تەنتەكلەشتۈرىدۇ. ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئۇلارنىڭ جىما شەھۋىتىنى قوزغاش بىلەن زىيان قىلىدۇ. ھۆلى قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 45 گىرامغىچە، ئۇرىدىن 10 گىرامغىچە، يىلتىزىدىن قايناتمىلاردا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەرلىك كەرەپشىنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. تاماق سىڭدۈرىدۇ، ئاشقازان، بالىياتقۇدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىدۇ. ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ باشقا پايدىلىرى يىلتىزى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھۇماما. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كاسنە ئۇرۇقى ئىكەن.

(2) ئۇچەينى زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** نانخا، زىرە.

**خاسىيەتلىرى:** ئۈزۈم سۈيىنىڭ ھەر 500 مىللىلىتىرىغا يەرلىك كەرەپشە ئۇرۇقىدىن بەش گىرام قوشۇپ، پەتەر ئاسالىيۇن بىلەن سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، شۇنداقلا شارابنىڭ ھەر 500 مىللىلىتىرغا ئۇنىڭدىن 2.5 گىرام قوشۇپ، ئەڭ ياخشىسى سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۈزۈم سۈيى ياكى شارابنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ ساقلاپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيى ئايرىم قاچىغا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. سىيىش قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ 2.5 گىرامى باراۋەر مىقداردىكى نانخا بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇرابباسى ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈل ئاينىشنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

كەرەپشە ئۇرۇقى تۇتقاق كېسەلگە زىيان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى تۇتقاق كېسەل دورىلىرىغا قوشماسلىق لازىم.

تاغ كەرەپشىسى يۇنانچە «ئوداسالىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى كىچىك بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا پەرپىيون ئۆسۈملۈكىنىڭ غوزىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ۋە ئىنچىكىرەك غوزىكى بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق بولۇپ، زىرىگە ئوخشايدۇ، ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. تاشلىق يەرلەر ۋە تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ. يەرلىك كەرەپشىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى ۋە يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. مۇرەككەپ دورىلار ۋە ئىسسىق دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

تاشلىق كەرەپشىسى يۇنانچە تاش كەرەپشىسى دېگەن مەنىدە «پەتەرئاسالىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يەنە «كەرەپشى ماقدۇنى» (ماقدۇن كەرەپشىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ماقدۇن شەھىرىدە ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى تىك ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى نانخاغا ئوخشايدىغان بولۇپ، خۇش پۇراق، ئۇرۇقىنىڭ شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە ھەممە قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇرۇقى ۋە باشقا قىسىملىرى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ۋە قولۇن ئۈچەينىڭ ئېسىلىشىنى ئوڭشايدۇ. بىقىن ئاغرىقى،

قورساق ئاغرىقى، بۆرەك ۋە دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇيدۇك ھەيدەيدۇ. ئۇرۇقى سۇيدۇك ھەيدىگۈچى مۇرەككەپ دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

نىبىت كەرەپشىسى «كەرەپشى مەشرىقى» (مەشرىق كەرەپشىسى)، «كەرەپشى شەتەۋىي» (قىشلىق كەرەپشى)، يۇنانچە چوڭ كەرەپشە دېگەن مەنىدە «ئەقۇساليۇن»، بەربەرچە «ھۇزۇز» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: يەرلىك كەرەپشىدىن چوڭراق، ئاقۇقا مايىل، يوپۇرمىقى قىزىلغا مايىل يېشىل، ئۇزۇنچاق، يۇمران، سىزىقلىق، يەرلىك كەرەپشىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك بولىدۇ. باشلىرى بىنەپشىنىڭ باشلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇستىدە گۈلى بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق، پۇتەي، تەمى ئۆتكۈر، پۇرىقى خۇش پۇراق، يىلتىزى ئىنچىكە، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى سايە، زەي يەرلەردە ئۆسىدۇ. يەرلىك كەرەپشىگە ئوخشاش يوپۇرمىقى، شاخلىرى ۋە يىلتىزى خام ياكى پىشۇرۇلۇپ، بېلىق ياكى باشقىسى بىلەن، بەزىدە تۇزلاپ، بەزىدە تۇزلانماي ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى يەرلىك كەرەپشىدىن ئاجىزراق بولۇپ، ئۇرۇقى ياكى يىلتىزى ئەتۇمانى دەپ ئاتىلىدىغان شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ، سۇيدۇك تامچىلاپ كېلىش ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇ شاراب بىلەن مەلھەم قىلىنسىمۇ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

چوڭ كەرەپشىنىڭ «كەرەپشە تەرى» (يۇمران كەرەپشە)، يۇنانچە «سەمەرىيپۇن» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەمانۇس دېيىلىدىغان تاغدا ئۆسىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، غولى يەرلىك كەرەپشىنىڭ غولىغا ئوخشاش، قاتتىق، كۆپ شاخلىق، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك، رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى يەرگە يېقىن ھالەتتە سىرتقى تەرەپكە ئېگىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىدا ئازراق چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق بار بولۇپ، تەمى سەل ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. گۈلى نىبىت كەرەپشىسى ۋە سېرىقچېچەك گۈلىگە، ئۇرۇقى كاللەكبەسەي ئۇرۇقىغا ئوخشاش يۇملاق بولىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، مەرۋى ئۇرۇقىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزىنىڭ تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئەمما تەمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تامغاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. يىلتىزىنىڭ سىرتقى پوستى قارا، ئىچى ئاقۇقا مايىل سېرىق بولىدۇ. تاشلىقلار ۋە دۆۋىلەردە ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى يەرلىك كەرەپشىگە يېقىن، تاغ كەرەپشىسىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا سۇيدۇك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. تۇزغا چىلانغان يوپۇرمىقى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىش، ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، سىيىش

قىيىنلىشىش، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

ئىشىشقلار ۋە جاراھەتلەر: زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان يېڭى ئىششىقلار، ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ، كېكىرتىدۇ. تال، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك، تەر، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئاياللاردىكى قاناش ۋە كونا تەپلەرگە داۋا بولىدۇ.

سۇ كەرەپشىسى «كەرەپشى ئاجامىي» (زەيلىك كەرەپشىسى) ۋە «كەرەپشى نەھرىي» (ئۆستەڭ كەرەپشىسى) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، سۇ بويلىرى ۋە سۇ ئارىسىدا ئۆسىدۇ، يەرلىك كەرەپشىدىن چوڭراق، غولى كاۋاك، رەڭگى ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى كەرەپشىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

## كەرگەددەن

(كەركىدان)

ئۇ «كەرگەززەن» ۋە «كەرگەزەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «كەرك»دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «جەرىش»، ھىندىچە «گىيندا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: جۇغى ياۋا كالىدىن چوڭراق، پىلدىن كىچىكرەك بىر خىل ھايۋان بولۇپ، تېرىسى قارا، قورۇق، پۈرلەش، قېلىن، قاتتىق بولىدۇ. شەكلى ئومۇمىي جەھەتتىن چوشقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. پېشانىسىدە بىر دانە توم مۈڭگۈزى بار بولۇپ، ئوتتۇرى كەڭ، ئۇچى بىگىز دەك ئىنچىكە، ئۆتكۈر، ئۇستىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، پىلنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. كۆپ ھاللاردا ھەبەشىستان، نوبە شەھەرلىرى، ھىندىستان، بېنگال تاغلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ. ھەبەشىستان ۋە نوبە شەھەرلىرىدە ياشىغانلىرىنىڭ مۈڭگۈزى ئۇزۇنراق، قارىسى ئازراق ، كۆپىنچىسى قارا بىلەن ئاق رەڭدىن تۈزۈلگەن ئالا رەڭدە بولىدۇ. توغرىسىغا كېسىلسە ئىچى بوش چىقىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال شەھەرلىرىدە ياشايدىغانلىرىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقىراق، كۆپىنچىسى قارا بولىدۇ. ئاز بىر قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ھەر خىل شەكىللەردىكى خاللار بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى ناھايىتى مۇبارەك دەپ بىلىدۇ ۋە كۆپ خاسىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرقىدىن قارىغاندا، گۆشى ھالالدەك مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كالا، تۆگە ۋە قويدەك كۆشىگەك ھايۋانلاردىندۇر، يەنى يېگەن ھەلەپنى ئېغىزىغا ياندۇرۇپ چايناپ يۇتىدۇ. بۇ چارۋىلارنىڭ

گۆشىنىڭ ھالاللىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ تېرىسى قاتتىق ۋە قېلىن بولغاچقا، قالقان ياسالسا ناھايىتى مەزمۇت ۋە ياخشى بولىدىغان بولۇپ، قىممەت باھادا سېتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مۈڭگۈزى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە قىيىن تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. زىياندىش ھاشارەتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇيىقى بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قاچىدا سۇ ئىچسە، ئۇنىڭدىن ياسالغان ئۈزۈك ۋە ئۈيماق قولغا سالسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. يېغى سۈركەلسە كىشىلەرگە سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. تېرىسىدىن بىر پارچىسىنى كۆنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈركىسە جاراھەتلەر ۋە يارىلارنى ئاجايىپ ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېغىدىن قانچىلىك ئىشلىتىلگەن بولسا ئورنىغا يەنە كۆنجۈت يېغى تولۇقلاپ قويۇلسا ئوخشاشلا پايدا قىلىدىكەن، تەسىرى ئاجىزلاپ كەتمەيدىكەن.

## كەركەند

(كەركەند تېشى)

ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ياقۇتتەك قىزىل بولىدۇ. بەزىلەر لەئل دەپ بىلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇ ھىندىچە «پىيگۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاش دېگەن. يەنە بەزىلەر بىنەپشە رەڭلىك بىر خىل تاش بولۇپ، «ھۇمەينە» دەپ ئاتىلىدۇ، دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفەقان ۋە ياتسىراشقا داۋا بولىدۇ.

## كەركەرھەن

(كەركەرھەن يىلتىزى)

ئۇ بەربەرچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، سۇمبۇل رۇمىغا ئوخشاش ئىنچىكە، رەڭگى قىزىل بولىدۇ. ھەممە تەسىرى ئاقىرقەرھانىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى ئاقىرقەرھا دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەمەستۇر. بەزىلىرى باشقا بىر خىل يىلتىز بولۇپ، رەيھانگۈل شېخى تومۇقىدا بولىدۇ. شەكلى، رەڭگى ۋە قارىلىقى جەھەتلەردە بىستىپايەجكە ئوخشايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن سۇسراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى ئۇد سەلىب دەپ بىلىدۇ.

## كۈركىي
(تۇرنا)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇشى مۇمكىن، پارسچە «كەلەنگ»، تۈركچە «دۇرنا»، ھىندىچە «كۇنج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋايى قۇشلاردىن بولۇپ، ئېگىز ئۇچىدۇ. سۇ بويلىرىدىمۇ ياشايدۇ. قارچىغا ئوۋلاپ تۇتقىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۆشى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، قۇلۇنجىنى تارقاتقۇچىدۇر. زىيىنى شۇكى، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. تۈزەتكۈچىسى بوغۇزلىغاندىن كېيىن بىر ـ ئىككى كۈن تۇرغۇزۇپ سىركە، سۇ ۋە تۇز بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىسسىق، ئۇچۇچان دورا ـ دەرمانلاردىن قوشۇپ ئىستېمال قىلىش، ئارقىدىن قەنت ھالۋىسى يېيىشتۇر.

ئۇنىڭ پوكىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قۇرۇقى سالايە قىلىنىپ نوقۇتنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. مېڭىسى كۆزگە سۈركەلسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. شۇمشا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۆتى قىزىلچا سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئۇدا ئۈچ كۈن، مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئۇدا بىر ھەپتىگىچە بۇرۇنغا تېمىتىلسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمما شەرتى شۇكى، لەقۋا بولغان تەرەپنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بۇرۇنغا تېمىتىش، شۇ كۈنلەردە ياڭاق يېغى ئىستېمال قىلىش ۋە سۈركەش، قاراڭغۇ جايدا ئولتۇرۇش، يورۇقلۇقتا قارىماسلىق لازىم. ئۇ كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، كۆزدىكى تىرناقچە گۆش ۋە چېچەك ئەسۋىسىنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەل، يارىلاشقان قوتۇرغا كۈچلۈك پايدا قىلىدۇ. مېڭىسى بىلەن ئۆتىنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئىككى مىللىگرامدىن ئېلىپ يەسىمەن يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تەكرار تېمىتىلسا ئۇنتۇغاقلىقنى قالدۇرىدۇ، چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقىرىشىنى توختىتىدۇ. ئەستە ساقلاش قۇۋۋەتنى تەڭداشسىز كۈچەيتىدۇ. يېغىنى ئېرىتىپ ئەنسىل سىركىسى بىلەن بىر قانچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. كۆزىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ

سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئۈيقۇنى قاچۇرىدۇ. ئۇرۇقدىنىغا تۈز سېپىپ قورۇتۇپ سالايە قىلىپ باراۋەر مىقداردىكى كېپەر مايىقى، كۆپكىدەريا ۋە شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەنە سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## كەرم
### (ئۈزۈم تېلى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، بىرلىكى «كەرمە»، كۆپلۈكى «كەرمات» بولىدۇ. يۇنانچە «ئولياتىيۇم»، سۈريانچە «كەبىيشە ھەمرا»، رىمچە «دىيدرۇن ئەسايا»، پارسچە «تاك»، «زەر»، ھىندىچە «داككا جار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل پېلەكلىك دەرەخ بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. غولى مەزمۇت، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ يېڭى ئۆسكەنلىرىدە يىپچىلار بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن بادرەڭ تەرخەمىكى ۋە يەرلىك ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تۈكسىز، سىلىق، خۇشتەم بولىدۇ. بولۇپمۇ يېڭى ئۆسكەن يۇمران يوپۇرمىقىنىڭ تەمى تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ. گۈلى ئۇششاق، ئىنچىكە بولۇپ، خۇش پۇراق، ئاقفا مايىل سېرىق بولىدۇ. ئۈزۈمدىن ئىبارەت بولغان مېۋىسى پارسچە «ئەنگۇر»، تۈركچە «ئۈزۈم» دەپ ئاتىلىدۇ. ساپاقلىق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل، قىرتاق بولىدۇ. چالا پىشقىنى چۈچۈمەل ھەم قىرتاق بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن شېرىن بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئاق، قىزىل ۋە قارىدىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. پىشىپ قۇرۇغاندىن كېيىن «زەبىيب» (قۇرۇق ئۈزۈم)، پارسچە «مەۋىيز» دەپ ئاتىلىدۇ. چالا پىشقىنىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى چۈچۈمەل بولۇپ، «غورەئى مەۋىيز» (غورا قۇرۇق ئۈزۈم) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق بولۇپ، قىزىل بولىدۇ. شەكلى ھايۋاناتنىڭ ناھايىتى كىچىكلىتىلگەن ئۇرۇقدىنىغا ئوخشايدۇ، «ھەببۇل ئىنەب» (ئۈزۈم ئۇرۇقى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە شاخلىرى «لەفايىفۇل كەرەم» (تال شاخلىرى) ۋە «ئەسالىيجۇل كەرەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈم تېلى ياۋا، تاغنىڭ ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ياۋىسى بىلەن تاغدا ئۆسىدىغىنى ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدىغان بولۇپ، يەرگە يېيىلمايدۇ، دەرەخ ۋە باشقىلارغا ياماشمايدۇ. مېۋىسى كىچىكرەك، سۈيى ئازراق، پوستى يەرلىكىدىن قېلىنراق بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ دەرىخى مېۋىسىز بولۇپ، تەنەكابۇندا «دىيۋزەر» (دىيۋە تېلى) دەپ ئاتىلىدۇ. شاخلىرىنى چاتمىسا ۋە پەرۋىش قىلمىسا ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ. ئۈزۈمنىڭ باياني «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ياخشىسى شاخلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا يوپۇرمىقى ۋە ئۇسارىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر.

**باش ئەزالىرى، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** شاخلىرى ئىستېمال قىلىنىسا بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ. يوپۇرمىقى، شاخلىرى ۋە يىپچىلىرى زىمات قىلىنىسا، بولۇپمۇ ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنىسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى، كۆزنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى ۋە رامەك بىلەن زىمات قىلىنىسا ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىششىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىسسىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قۇسۇشنى ۋە قان قەي قىلىشنى توختىتىدۇ، خۇمارنى باسىدۇ، يۈرەكنىڭ داۋالغۇشىنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئۈچەي مەنبەلىك دىزىنتېرىيە دەپ ئاتىلىدىغان سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىسىمۇ، ھۆقنە قىلىنىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ يەنە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھامىلىنى ئاسرايدۇ، چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ سۈيى قەنت بىلەن قىيام قىلىنىپ ئىچىلسە سەپرادىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، ئىشتىھانى قوزغىتىدۇ، خۇمارنى باسىدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە كۆڭۈل ئايىنىشنى پەسەيتىدۇ، سەپرا خاراكتېرلىك سۇيۇق ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ ھاللاردا جۇلا بېرىش تەسىرى بىلەن ئىچنى سۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يۆتەلگە زىيان  قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئۇنىڭ يېلىمى ۋە قاتقان سۈيى ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنىسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. زىتۇن يېغى بىلەن داۋاملىق مەلھەم قىلىنىسا چاچنى چۈشۈرىدۇ. ياغىچى كۆيدۈرۈلگەندە سىرغىپ چىقىدىغان سۈيى سۆگەللەر، بەلباغسىمان قوقاق، كالا تەمرەتكىسى ۋە قوتۇرغا شىپا بولىدۇ، چاچنى چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ كۈرۈنەرلىك بولىدۇ. ياغىچىنىڭ كۈلى ۋە شاخلىرىنىڭ كېپىكى ئەزالارنى داغلايدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنىسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. قىزىلگۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنىسىمۇ بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ. قىزىلگۈل يېغى، سىركە ۋە سۇزاپ بىلەن زىمات قىلىنىسا تال ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. شاخلىرىنىڭ كۈلى كونا مال يېغى، زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنىسا مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشى، بوغۇملارنىڭ كۈچسىزلىنىشى ۋە پەيلەرنىڭ تۈگۈنچەكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. بۆرە ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلىنىسا زەخمىلەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنىسا پەيلەرنىڭ

تولغىشىپ زەخىملىنىشى، زەھەرلىك ھاشارات، ئەفئا يىلىنىنىڭ چېقىۋېلىشى ۋە غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. بەز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. 1.5 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئەزالاردىكى ئۇششاق تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. كۆلىنىڭ سۈيى ئىچىلسە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

ياۋا تال كۆچلۈكرەك، قابىزراق بولىدۇ. چېچىكى ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، قابىزلىقى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. قۇرۇقىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. تائامنىڭ ئاشقازاندا ئېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. قاينىتىلغان سۈيىدىن 175 مىللىلىتىر ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئىچىلسە سۈيۈقلۇقلار ۋە زەرداب سۈنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. زىمات قىلىنسا كۆز ئىششىقى ۋە باشقا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ، ماددىلارنى قايتۇرىدۇ، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھەيزنى توختىتىدۇ. ئۇنى ساپال قاچا بىلەن كۆيدۈرۈپ كۆلى كۆزگە سۈركەلسە ۋە سېپىلسە كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەسەل بىلەن سۈركەلسە كۆزدىكى تىرناقچە گۆش ۋە ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ، سەينەكنى ساقايتىدۇ. قوۋزىقى چىشقا سېپىلسە، چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ياۋا قارا ئۈزۈم يىلتىزى ناھايىتى جۇلا بەرگۈچىدۇر. قاينىتىلىپ سۈيى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە قولاققا تېمىتىلسا كىرىنى تازىلايدۇ، يەڭگىللەشتۈرىدۇ. سۇ ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ، زەرداب سۈنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ياۋا تالىنىڭ مېۋىسى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنىڭ ئاينىشىنى پەسەيتىدۇ، تائامنىڭ ئاشقازاندا ئېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. زىمات قىلىنسا جاراھەتلەرنىڭ ئىششىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

چېچىكىنىڭ يېغىنىڭ خاسىيەتلىرى گۈل يېغىنىڭ خاسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇچۇچانلىقى ئۇنىڭدىن كەمرەكتۇر، قورۇغۇچى، ماددىلارنى توسقۇچى قۇۋۋىتى باردۇر. ئېغىز نىڭ تاشمىلىرىغا پايدا قىلىدۇ، تەر توختىتىدۇ، كېچەيگۈچى يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ يېغىنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، ئۇنىڭ چېچىكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ زەيتۇن يېغىغا چىلاپ، ئاپتاپتا قويۇپ چېچەك ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يېڭىلاپ تەييارلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىگە كۆنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغى قوشۇپ تەييارلانغان يېغى قىزىتقۇچى، پەي - نېرۋىلار ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، ماغدۇرسىزلىقنى تۈگەتكۈچىدۇر.

## كەرەمدانە

(قۇرتدان)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر، ئەرەبچە «ھەببۇد دۇد» (قۇرت دان) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر، بەزىلەر مەسنان ئۆسۈملۈكى ئۇرۇقى دەپ بىلگەن. بەزىلەر بىر خىل قارا ئۇرۇق بولۇپ، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە بولىدۇ، ئۈستىدە ئاق پەردىسى بولىدۇ دېگەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەرداب سۈنى سۈرىدۇ، مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. پەرجىنى قىزىتىدۇ ۋە كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ.

بەزىلەر ئۇنى مازارىيوننىڭ بىر تۈرىنىڭ ئۇرۇقى دەپ بىلگەن. ئۇ توغرىسىدا يەنە باشقا سۆزلەرمۇ ئېيتىلغان. ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ئەزالارنى قىچىشتۇرىدۇ، ئىششىتىدۇ. ئىلاجى تۇربۇتتىن زەھەرلەنگەندە قىلىنىدىغان ئىلاج بىلەن ئوخشاشتۇر.

## كۇرنۇب

(كاللەكبەسەي)

ئۇ «كەرەنب» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پارسچە «كەرەم» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. پارسچە يەنە «كەلەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسپانچە «قەمرىت»، يۇنانچە «قەرەنبا»، «قەرەنبۇ»، سۈريانچە «كەرانبى»، «كەرەنبا»، رىمچە «ئەئارىسا»، ئەرەبچە «بەقلەتۇل ئەنسار» (ئەنسارلار كۆكتىتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ئۆسىدىغىنى، دېڭىزدا ئۆسىدىغىنى ۋە يەرلىك ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ.

يەرلىك ئۆسىدىغىنىنىڭ ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى باردۇر. «قۇننەبىيت» (چېچەكسەي) دەپ ئاتالغىنىمۇ ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «ق» (قاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى. ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ تونۇشلۇق بولغان بىر تۈرى بار بولۇپ، يىلتىزى قىزىلچا يىلتىزىغا ئوخشاش، پوستى يىرىك، يېشىل، يوپۇرمىقى كەڭ، قىزىلچا يوپۇرمىقىدىن قېلىنراق، رەڭگى كۆل رەڭ، ئۇرۇقى ئۇششاق، يۇمىلاق، قارامتۇل

قىزىل بولىدۇ، بۇ تۈرى يۇنانچە «قەرەنبا ئەنمارىس» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، نىبەت كاللەكسىيىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يىلتىزى چامغۇر يىلتىزىغا ئوخشاش، سەل كونۇس شەكىللىك، ئۇزۇنچاق، رەڭگى ئاق بولىدۇ، پوستى بەك يىرىك ئەمەس، ئېتى چۈرۈك، يىپسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىرىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يىلتىزىدىن بىر دانە غول ئۆسۈپ چىقىپ يەردىن ئازراق كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇستىدە چامغۇرغا ئوخشايدىغان سۇس كۆك رەڭلىك تۇگۇنچە ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن يەنە ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە غول ئۆسۈپ تۇگىگەن يېرىدىن يوپۇرماق ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يەر ئاستىدىكى يىلتىزى ئەمەس، بەلكى ئۇستىدىكى تۇگۇنچىسى يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يىلتىزىدىن يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن بىرىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ. سىرتقى يوپۇرماقلىرى چوڭراق، ئىچكى يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا يۇمران غوللىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىدا ئاق يۆگىمىلەر بار بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بولىدۇ. ھەربىر يۆگىمىنىڭ ئارىسىدا نېپىز، كىچىك يوپۇرماق بولىدۇ. يۆگىمىلەرنىڭ سانى 10~15 گىچە بولىدۇ. ئۇ «گۇلى كەلەم» (كاللەكبەسەي گۇلى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئەمەس، بەلكى شاخلىرى ۋە يۇمران يۆگىمى يېيىلىدۇ. بۇ تۈرى ئۇنىڭ باشقا ھەممە تۈرىدىن يۇمرانراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ شامدىن چىقىدىغىنى، ھەمەداندىن چىقىدىغىنى، مۇسەلدىن چىقىدىغىنى، ئەندەلۇستىن چىقىدىغىنى ۋە باشقا يەرلەردىن چىقىدىغىنىدىن ئىبارەت ھەر قايسى تۈرلىرىنىڭ شەكىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يالغۇز ئاتالسا يەرلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىڭ ياخشىسى يۇمران، يىپسىز ۋە يېڭى بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** يەرلىكىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، يىلتىزى يوپۇرمىقىدىن ھۆلرەك، ياۋىسى ھۆل ئىسسىق، يەرلىكىدىن قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر، بولۇپمۇ قايىنىتىپ تۇنجى سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. غىزالىقى كەمرەك، يېسىمۇقتىن ھۆلرەكتۇر. سېمىز گۆش ۋە ياش توخۇ گۆشى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ياخشى غىزا بولىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايىنىتىلمىسى ۋە ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنىڭ قاراڭغۇلىشىشىنى يوقىتىدۇ، مەستلىكنى يېشىدۇ. يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، خۇمارنى

باسىدۇ، تىترەشكە شىپا بولىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىنى تازىلايدۇ، ئۇخلىتىدۇ، تىلنى قۇرۇتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىچىلسە ۋە يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، دىيافراگما ۋە ئىچكى ئەزالار ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە 30 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئاۋازنى سۈزۈلدۈرىدۇ، پۈتكەن بولسا ئاچىدۇ، تال ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ. چايناپ سۈيى يۇتۇلسىمۇ ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. سۈيى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قايىنتىلغان سۈيى بىلەن غار-غار قىلىنسا بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

هەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇزۇندا هەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئىسسىدۇ، بولۇپمۇ يازدا ئۆسكىنى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. تۇز سۈيى بىلەن تۇزلانغىنى ناچارراقتۇر. هۆل يوپۇرمىقى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ. قايىنتىلغان سۈيى ئىچىلسە سۈيدۈك، هەيزنى هەيدەيدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا باهنى قوزغايدۇ. تۇرمۇس پۇرچىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن جىمادىن كېيىن هەمەلچە قىلىنسا مەنىينى بۇزىدۇ. يىلتىزىنىڭ كۈلى ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيى ئىرىسا ۋە توغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ. گۈلى بىلەن هەمەلچە قىلىنسا هەيزنى هەيدەيدۇ، هامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ساراڭ بۇغداي (جوزگەندۇم) ئۇنى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

زەهەرلىنىشلەر: سۈيى شاراب بىلەن ئىچىلسە ئەفئا يىلىنى چاققان زەهەر ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەهەرنى قايتۇرىدۇ. مىسىر كاللەكسىپىنىڭ ئۇرۇقى زەهەر قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ تەركىبلىرىدىندۇر.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار، يارىلار ۋە جاراهەتلەر: ئۇنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ هەرقايسىسى زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ. ياۋا ياكى يەرلىك كاللەكسەينىڭ يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ يالغۇز ياكى ئارپا ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلسا ئىسسىق ۋە بەلغەمدىن بولغان سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىزىل، تىلما كېسەل، راك كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا سىفلىسقا داۋا بولىدۇ. زاك ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئاقكېسەل ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن چېپىلسا ئوت كۆيۈك يارىسى، يارىلاشقان قوتۇرغا شىپا بولىدۇ. سىركە ۋە شۇمشا بىلەن زىمات قىلىنسا چوڭقۇر زەخىملەرنى ساقايتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى كۈچلۈك قۇرۇتىدۇ، تازغا پايدا قىلىدۇ. موي ئۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چوشقا يېغى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىقلار ۋە قاپلىق يارىلارغا شىپا بولىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى

ساقايتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا تىترەشكە داۋا بولىدۇ. شۇمشا ئۇنى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىنىڭ سۈيى بوغۇملارغا قۇيۇلسا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. مەلھەم قىلىنسا داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۇخارات ئۆرلىتىدۇ، سەۋدا خىلتى پەيدا قىلىدۇ، ئۈزۈقلۇقى ناچاردۇر. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا چۈشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.

ياۋا كاللەكسەينىڭ شەكلى يەرلىك كاللەكسەيگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاقراق، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تۈكلۈك، ئاچچىق بولۇپ، دورىلىقى ئۈزۈقلۇقىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئانار سۈيى بىلەن پىشۇرۇلسا ئاچچىقلىقى يوقىلىدۇ. ئۇرۇقى ئاقمۇچقا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، ئىچىنى سۈرگۈچىدۇر، بولۇپمۇ سېمىز گۆش بىلەن بوش پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ. ئىككى قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پىشۇرۇلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھەرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇرۇقى باھنى ئىنتايىن قوزغايدۇ.

سەنجىر كاللەكسىپىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يىلتىزى زىراۋەندە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش قىزىل، سەل سۇتلۇك، سۈتى ھەشقىپىچەك سۈتىگە ئوخشاش، تەمى تۇزلۇق، ئاچچىق بولۇپ، يېپىشكە بولمايدۇ. ماددىلارنى تارقاتقۇچى زىماتلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ 10 گىرامى قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى ئۆلتۈرۈشتە ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشىدۇر.

## كەرەۋندە

(كەرۋەندە مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئاخىرىدىكى «ە»نىڭ ئورنىغا «ا» قوشۇلۇپ «كەرەۋندا»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئومۇمەن لىمون دەرىخىگە ئوخشايدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ بەزىسى چوڭ، سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، بەزىسى كىچىكرەك، قىسقىراق، سىلىق، چىشسىز، تۈكسىز بولىدۇ.

تىكەنلىرى شاخلىرىنىڭ بوغۇملىرىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئۇچى ئىككى ئاچا بولىدۇ. گۈلى قىزىل، ئاقفا مايىل، ئۇششاق، قىرتاق بولىدۇ. مېۋىسى نەيشۇق مېۋىسىگە ئوخشاش، چىلان چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، سەل ئۇزۇنچاق، سۇتلۇك بولىدۇ. مېۋىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاق، يەنە بىرى كۆك بولىدۇ. ئېقى نازۇكراق بولۇپ، خام ۋە كىچىك ۋاقتىدا كۆك، چۇچۇمەل، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ. چوڭايغانسېرى قىرتاقلىقى ئازىيىپ چۇچۇمەللىكى ئاشىدۇ، پىشقىنى بىنەپشە رەڭ، ئاچچىق - يېرىمىغا بارغۇچە قىزىرىدۇ. پىشقىنى بىنەپشە رەڭ، ئاچچىق - چۇچۇك بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىككى ياكى ئۈچ دانە، سەل ياپىلاق، ئاق، يۇمشاق بولۇپ، چاينىسا چاينىلىدۇ، خېمى ئاقلىنىپ ئۇرۇقى چىقىرىلىپ قورۇمىلار ۋە باشقىلارغا قوشۇلىدۇ، ئاچچىق - چۇچۇك بولۇش مەقسەت قىلىنسا ئازراق تاتلىق نەرسە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسى، شەربىتى ۋە سىركىگە چىلانغان يېمەكلىكى شۇنىڭدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ پىشقىنى شۇ پېتى ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى شەربەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆكى خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، چالا پىشقىنى كۆك، قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. پىشقىنى قارا بولىدۇ، قالغان جەھەتلەردە ئېقىغا ئوخشايدۇ. سىرتىدىن قارىغاندا «قەرانىيا» دەپ ئاتىلىدىغان زۇقال مېۋىسىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ھىندىستان ۋە بېنگالدا شۇنداق شەكىلدە بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل سوغۇق، قورىغۇچى قۇۋۋىتى بار. بەزىلەر ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خېمى بەلغەم خىلىتى پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. پىشقىنى سەپرانى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ چىلانمىسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

## كۇرۇيا
(كەرۋىيا)

ئۇ «كەرەۋيا»مۇ دېيىلىدىغان بولۇپ، لاتىنچە ياكى سۇريانچە «كەراۋيا» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. يۇنانچە «ئەزھەمىيۇن»، سۇريانچە «كەراۋى»، رىمچە «فادرۇنى»، ئەرەبچە «تەقدە»، «تەقەرەد»، «كەممۇن رۇمىي» (رىم زىرىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر «كەرەنبا»، «كەرەنفا» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «كەرويە»، «زىرەئى رۇمىي» (رىم زىرىسى)، «شاھ زىرە» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «قارۋا» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋا بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى سېرىقچېچەك يوپۇرمىغا ئوخشايدۇ. گۈلى كۇنلۇكسىمان بولۇپ، ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى زىرىگە ئوخشاش،

ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، سېرىققا مايىل، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ. يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى قەردمانە بولۇپ، گۈلى كۆككە مايىل ئاق بولىدۇ. قالغان ئالاھىدىلىكلىرى يەرلىككە ئوخشايدۇ. «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھلىگۈچىسى شەيخ ئەلى گىيلانىي «ئۇنىڭ يەرلىكنىڭ يوپۇرمىقى سېرىقچېچەكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، قارىغا مايىل، ئىنچىكە بولىدۇ. ياۋىسى بابۇنىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، قىزىل بىلەن كۆكنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. گۈلى قىزىل ئېچىلىدىغان بولۇپ، شەكلى يۇمغاقسۇت گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى رۇمبەدىيانغا ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا يەرلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قەردمانەدىن ئاجىزراق بولۇپ، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرىدۇ، يەللەرنى ۋە قورساقنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ، ئىچنى قاتۇرىدۇ. يەللىك غىزالارنى مۆتىدىللەشتۈرىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركەلسە ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان بولۇپ، كۆز دورىلىرىنىڭ تەركىبلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلسە كۆزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زىققە نەپەس، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشقا شىپا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، كېكىرتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، خام كېكىرىش ۋە غىزانىڭ ئاشقازاندا ئېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەم تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئاشقازان ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ سەمرىتىدۇ، مەنىينى كېسىدۇ. ھەر خىل مەددە قۇرت ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئون گىرام 30 گىرامى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە بىر ھەپتىگىچە ئىشلىتىلسە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۆسۈملۈكى ۋە ئۇرۇقى قاينىتىلىپ ئىچىلسە قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، مەنىينى كېسىدۇ، مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ كۈلى زىمات قىلىنسا بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ياڭپۇز.
(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.
**ئورۇنباسارى:** قەردمانە، رۇمبەدىيان، زىرە.

# كەربىلا
(كەربلا مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، سەي قاپىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەي كاۋىسى ۋە تاۋۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ كىچىكى تەرخەمەك چوڭلۇقىدا، تىكەنلىك، تىكەنلىرى يۇمشاق، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئومۇمەن قاپاق ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يىرىك، ئاچچىق بولىدۇ. مېۋىسى خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. ئۇنى «قىسسائۇل ھىمار» (يۇغۇچ) دەپ بىلگەنلەر پەقەت خىيال قىلغان بولىدۇ، چۈنكى يۇغۇچنىڭ پۇرىقى كەربلا مېۋىسىنىڭ پۇرىقىنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى سېسىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ يەنە ئېچىنى كەربلا مېۋىسىنىڭ ئەكسىچە ئاچچىقتاۋۇزغا ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن بەكرەك سۈرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورىغۇچى تەسىرگە ئىگىدۇر. ئۇ يەنە ھىندىستان، بېنگال، دۇكەن خەلقىنىڭ ئادەتلەنگەن يېمەكلىكلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار پوستىنى ئاقلىۋېتىپ نېپىز توغراپ، ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ ئۈچ - تۆت قېتىم تۇز سېپىپ، ئاچچىق تەمىنى تۈگىتىپ باراۋەر مىقداردىكى نېپىز توغرالغان پىياز بىلەن گۆشلۈك ياكى گۆشسىز ھالەتتە قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىدۇ. ئاچچىق تەمىنى تېخىمۇ بەكرەك تۈگەتمەكچى بولغانلار ئۇنى نېپىز توغرىغاندىن كېيىن تۇز سېپىپ بىر سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قورۇپ ياكى دۇملەپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى يېرىپ ئۇرۇقىنى چىقىرىۋېتىپ تۇز سۈرۈپ ئاچچىقلىقىنى يوقىتىپ ئىچىگە قىيما تىقىپ ياغ بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ چاغدا يېيىشلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، پەي - نېرۋىلار ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى ۋە ئۇنىڭ ئېقىشىنى توختاتقۇچىدۇر. بوغۇملار ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان نۇقرەس، ئىستىسقا، تال ئىششىقى، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئاچچىقى يوقىتىلغىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، سوۋۇتقۇچىلار.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ز» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كۈزبۈرە
(يۇمغاقسۇت)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كەزبەرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ياكى ئۇ سۇريانچە «كۈزبۈرنائ» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. «جۇلجۇلان»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «بەرونمائىمۇن»، نىبتچە «فاتىرە»، سۇريانچە «كۈزبۈرنائ»، پارسچە «كەشنىيز»، ھىندىچە «دەھىنىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «فورىيۇن» دەپ ئاتىغان. بەزىلەر «كۈزبۈرە» دېگەن بۇ سۆز قۇرۇق يۇمغاقسۇتتىن ئىبارەت بولغان «جۇلجۇلان»نى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئۈسۇملۈكى ھىندىچە «كوتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاقراق، يۇملاققا مايىلراق بولىدۇ. ئۇرۇقى كىچىكرەك بولۇپ، ئىككى دانىسى تۇتىشىپ ئۆسىدۇ. ھەممە تەسىرى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك، ئۇنىڭدىن ناچارراق، زەھەرلىك بولىدۇ. ئۇ شىرازچە «قىيتىيرە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى تەرتىزەك يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، چوڭراق بولىدۇ، چوڭايغانسېرى ئىنچىكىلەيدۇ ۋە ئۇششاقلىشىدۇ. گۈلى كۈنلۈكسىمان بولۇپ، سېرىقچېچەك گۈلىدىن كىچىكرەك، ئۇششاق، ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى كۆك، يۇملاق بولىدۇ. مېغىزى ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پوستىنىڭ پۇرىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى مېغىزىدىن ئۆتكۈررەك بولىدۇ. يېڭى، دانلىق، پۇرىقى ۋە تەمى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. بۇقراتنىڭ قارىشىدا ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. ئەبۇ جەرىيھنىڭ قارىشىدا ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ قارىشىدا قۇرۇقى ئىسسىققا مايىلدۇر. جالىنۇس ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئىسسىقلىققا مايىل، تېز تارقاپ كېتىدىغان ئۇچۇچان ئىسسىق تەركىبى بار، ئەمما ئاشقازاندا ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ئاشكارا بولغۇدەك دەرىجىدە تۇرمايدۇ، ئۇنداق بولمىغان

بولسا سۈيى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سوۋۇتۇش تەسىرى ۋە زېمىنغا مەنسۇپ زىيادە سوغۇق، قويۇق تەركىبى بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىمىغان بولاتتى، دەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆلىنىڭ ئازراق ئۆتكۈرلۈكى بار.

باش، كۆكرەك ئەزالىرى ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: سۈيىدىن 35 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنسا ئۇخلىتىدۇ، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، بولۇپمۇ سىركە ۋە سۇماق بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۇ خىل ئۇنۇمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا چېچەك ئەسۋىسى ۋە تاشما چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سېرىقلىقنى ئالىدۇ. قىزىتۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن زىمات قىلىنسا كۆزنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇق نان بىلەن زىمات قىلىنسا قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى ۋە كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىزغا چىققان تاشمىلارنى يوقىتىدۇ، كۆيۈشۈشنى پەسەيتىدۇ. قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاينىسا شارابنىڭ ئېغىزدىكى پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، تېز مەست بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىشقا سۈركەلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان شاراب ئۇخلىتىدۇ. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشقا پايدا قىلىدۇ. شارابتىن مەست بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يۆتەل، ھۆل ئىسسىقتىن بولغان زىققە نەپەس، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. سۈيىدىن 35 گىرام ئېلىپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، خام كېكىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى سەپرانى، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ. باھ قۇۋۋىتى ۋە ئۇنىڭ قوزغىلىشىنى يوقىتىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە جاراھەتلەر: زىمات قىلىنسا ئىسسىق ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تىلما كېسەلگە شىپا بولىدۇ. قۇرۇق نان بىلەن زىمات قىلىنسا كېڭەيگۈچى يارىلار، قوتۇر ۋە قىچىشقاققا شىپا بولىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. باقلە ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. قوغۇشۇن يۇمشاقسۇت سۈيى ۋە گۈل يېغى بىلەن سالايە قىلىپ يارىلاشقان ۋە يارىلاشمىغان راك ئۆسمىسىگە سۈركەلسە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 30 گىرامغىچە، ئۆزىدىن 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** خەشخاش يوپۇرمىقى، كاھۇ يوپۇرمىقىدۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى «جۇلجۇلان» ۋە «كەشنىز»دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باشتىكى ئەزالار، يۈرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇرسەن قىلغۇچى، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسقۇچى، خەفەقانغا داۋا بولغۇچى، ئىسسىقتىن بولغان ئۆزىگە سۆزلەشنى تۈگەتكۈچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىينىڭ ئېقىشىنى توختاتقۇچى، سۈيدۈك يولى يارىلىرىنى ساقايتقۇچىدۇر. شىرىسى ياكى دەملەنمىسى ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە خولېراغا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ قورۇلغىنىنىڭ بۇ تەسىرى ياخشىراقتۇر. خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ ۋە قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چاينىسا ئېغىزدىكى شاراب پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، تېز مەست بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شەربىتى كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە باش قېيىشقا داۋا بولىدۇ، مەستلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنىنىڭ سۇفۇپىمۇ شۇ تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سەندەل ۋە رۇمبەدىيان بىلەن زىمات قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كېكىرىكنى تۈگىتىدۇ. ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا تىلما كېسەل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. سېپىلسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كاھۇ ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى.

**زىيانلىق تەسىرى:**(1) ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ سۈيىدىن 120 مىللىلىتىردىن ئارتۇق ئىچىلسە ئۇنتۇغاقلىق پەيدا قىلىدۇ، ئەقلىنى ئېلىشتۇرىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، ئېغىر ئۇخلىتىدۇ، ئاۋازنى پۈتتۈرىدۇ، مەنىينى ئازايتىپ باھ قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، قوزغىلىشىنى توسىدۇ، ھەيزنى ئازايتىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ تېنىدىن ئۇنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان بولۇپ، يوقىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال قەي قىلىش ۋە ئىچ سۈرۈش بىلەن تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن ئىللىتىلىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى پىلپىل، تۇز بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، سېمىز توخۇ شورپىسى سۈيى يالغۇز ياكى دارچىن بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

(2) كاناي ئىششىقى ۋە زىققە نەپەس بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇم، سىركەنجۇبىل سەپەرجىلىدۇر.

## كۈزبۈرەتۇس سەئلەب
(تۈلكە يۇمغاقسۇتى)

**ماھىيتى:** غافىقىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىنچىكە

يىپچىلىرى بولىدىكەن. يەرگە يېيىلىپ تارقاق ئۆسىدىكەن. رەڭگى قىزىلغا مايىل، قان رەڭدە بولىدىكەن. يوپۇرمىقى كىچىك بولۇپ، شېخىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆسىدىكەن، تۈكلۈك، بىر ـ بىرىگە يېقىن چىشلىق، يېشىل ۋە قارىغا مايىل بولىدىكەن. غولى تىك ئۆسىدىغان بولۇپ، يۇمىلاق بولىدىكەن، ئۇچىدا باش بارماق چوڭلۇقىدا قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك نەرسە ئۆسكەن بولۇپ، ئۇستىدە ئىنچىكە، قىزىل گۈلى ئېچىلىدىكەن. ئۇرۇقىمۇ ئىنچىكە بولىدىكەن. تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق. قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيى ھەسەل بىلەن كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. كۆز تورلىشىشقا شىپا بولىدۇ. تېكە جىگىرىنى قورۇپ ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ سېپىپ ئىستېمال قىلىنسا، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى چاشقان يارىسىغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ چىلانغان سۈيى ئىچىلسە گال بوغۇلۇش، قۇرۇش، ئۆپكە يىرىكلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ مەستلىككە ئوخشاش بىر خىل ئالامەت پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى شۇكى بەدەندىن يۇمغاقسۈت پۇرىقى كېلىشتۇر.

ئىلاج قىلىش ئۇچۇن سېرىقچېچەك قايناتمىسى، زەيتۇن يېغى ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن ئۆزۈم يېغى ۋە قىيامى ئىچۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇستۇرۇپ ۋە ئىچىنى سۈرۈپ بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىغا پىلپىل، تۇز سېپىپ يېگۈزۈلىدۇ، ياش توخۇ گۆشى شورپىسى يالغۇز ياكى دارچىن سېپىپ ئىچۈرۈلىدۇ.

## كەزۋان
(تۈرۈنجى ئوت)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. يوپۇرمىقى تۈرۈنجىغا ئوخشاش پۇرىغانلىقى ئۇچۇن تۈرۈنجى پۇراقلىق ئوت دېگەن مەنىدە «بەقلەئى ئۇترۇجىييە» (تۈرۈنجى ئوت) دەپ، يەنە پىلپىلگە ئوخشاش تېتىغانلىقى ئۇچۇن پىلپىل تەملىك ئوت دېگەن مەنىدە «بەقلەئى فۇلفۇلىييە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا تېۋىپلار ئارىسىدا بادرەنجىبۇيا دەپ تونۇلىدىكەن، ئەمما شەيخ ئىبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ باشقىسى ئىكەن. ئۇ يەنە بادرەنجىبۇيا دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇ بىر خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى غولسىز ھالەتتە يەردىن ئۆسۈپ چىقىدىكەن، زاغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يېشىل، ئۇچى يۇمىلاق، تۆۋەن ئۇچى ئازراق چىشلىق بولىدىكەن، تەمى ۋە پۇرىقى تۈرۈنجى پوستىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئاجايىپ خۇش پۇراق بولىدىكەن.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەك ۋە ئاشقازان ئىغىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. غەملەرنى كەتكۈزىدۇ، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. سوغۇق زەھەرلەرنى، بولۇپمۇ چايانىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەدەننى زىيادە قىزىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باشنى ئاغرىتىدۇ، سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، سوغۇق مېۋە قىيامىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

## كەزەنگەبىن
(يۇلغۇن شېكىرى)

**ماھىيىتى:** ئۇ يۇلغۇن ۋە باشقا دەرەخلەرگە خۇددى يانتاق شېكىرىدەك چۈشۈپ قاتىدىغان شەبنەمسىمان ماددىدىن ئىبارەت. سۆگەتكە چۈشۈپ قاتقىنى يۇلغۇن ۋە بەللۇت دەرىخىگە چۈشۈپ قاتقىنىدىن ئۇچۇچارىراق بولىدۇ. ياخشىسى سۈزۈك، ئاق، پارقىراق، دانلىق بولغانلىرى، يوپۇرماق ۋە تۇپراق ئارىلاشمىغانلىرىدۇر.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى ۋە سۈرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**باش ۋە كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** مېڭىنى تازىلايدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ، نەپەس ۋە ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئاۋازنى سۈزۈلدۈرىدۇ، زىققە نەپەسكە داۋا بولىدۇ. ئىسسىق، سوغۇق ۋە ھۆل يۆتەللەرنى پەسەيتىدۇ. ھۆل مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 21 ~ 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كۇسب
(كۇنجۇرا)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «ئەلتەخ»، پارسچە «كەنجارە»، «كەشنۇ»، شىرازچە

«خەرە»، ھىندىچە «كەھلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** دانىلار، مېغىزلار، ئۇرۇقلار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ياغلىق دانلارنىڭ يېغى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان پېسپېدىن ئىبارەت. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئىپىتىلسا كۈنجۈت كۈنجۈرىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يېغى پەقەت قالمىغان پىسىپى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر نەرسىنىڭ كۈنجۈرىسى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئۇلار ناھايىتى تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ناچاردۇر، قورساقنى ئىپىدۇ، يەل، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئىنەكپىتى كۈنجۈرىسى ئىستېمال قىلىنىسا ئىچىنى قانلىق سۈرىدۇ، بۇ چاغدا تۇربۇتتىن زەھەرلەنگەندىكى ئىلاج قىلىنىدۇ.

## كەستى
(ئىتئۇزۇمى)

ئۇ بېنگالدا ئىتئۇزۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

## كەسمۇقا
(كەسمۇقا ئوتى)

ئۇ «كەسمىيۇقا» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، نىبىتچە ئىسمىدۇر.

**ماھىيتى:** شەيخ ئىبنى بەيتار : «غافىقى ‹كىتابى سەمۇم› (زەھەرلەر كىتابى) دا ئۇ يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدىغان، غولى يۇمىلاق بولۇپ، كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن باش بارماق ئۇزۇنلۇقىدا بولىدىغان، يوپۇرمىقى مەرزەنجۇش يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، تەمى كىچىك نىبىق مېۋىسىنىڭ تەمىگە ئوخشايدىغان، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدىغان بىر خىل ئوتتۇر دېگەن» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زۆرۈر بولغاندا سۇ بىلەن سۈرۈپ چايان چېقىۋالغان ئادەمگە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ.

## كۇسۇل
(كۇسۇل مېۋىسى)

ئىبنى تىلمىيز ئۇنى بارماق چوڭلۇقىدىكى بىر خىل مېۋە بولۇپ، رەڭگى ۋە شەكلى

خىيارشەنبەرگە ئوخشاش، سەل ياپىلاق بولىدۇ، ئۇرۇقىمۇ خىيار شەنبەر ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ، رىم شەھەرلىرىدە ئۈنىدۇ دەپ بايان قىلىغان.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، ناھايىتى قورۇغۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچ گىرامى ئىستېمال قىلىنسا قاناش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سېپىلسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى تەڭداشسىز توختىتىدۇ.

## كەسۇندى

(كەسۇندى ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «د» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ج» ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپ «كەسۇنجى»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ، شاخلىرى نەيچىسىمان، بىنەپشە رەڭگە مايىل، يوپۇرمىقى سانا مەككى ۋە شۇمشا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، گۈلى سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىلگەن زەھەرنى قايتۇرىدۇ، خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. چارۋىلارغا يېگۈزۈلسە ئۇلارنىڭ «كەنار» دەپ ئاتىلىدىغان يۆتىلىنى پەسەيتىدۇ. ھىندىچە «كالى كەسۇندى» دەپ ئاتىلىدىغان قارىسىنىڭ يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرقانچە دانە پىلپىل بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ ھەب ياساپ، يىلان چېقىۋالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بىلەن يېگۈزۈلسە شىپا تاپىدۇ. ھۆل يىلتىزىنىڭ سۈيى سەندەل بىلەن بىرلىكتە سۈركەلسە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ.

## كەسىرۇ

(كەسىرۇ يىلتىزى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ھىندىچە «تالاب» دەپ ئاتىلىدىغان كۆللەردە ۋە تۆيغۇن سۇلاردا ئۈنىدۇ. ئۆسۈملۈكىدىن بورا توقۇلىدۇ. «كەسىرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان يىلتىزى جويۇز چوڭلۇقىدا يۇمىلاق بولۇپ، پوستى قارا، بەزىلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. كۆپىلگەن ئىنچىكە قارا يىپچىلىرى بولىدۇ. ئىچى ئاق، تاتلىق، لەززەتلىك، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەردى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، ئازراق ئىسسىقلىقى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرغۇچى ۋە قورۇغۇچى قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇپ، دەسلەپتە قۇستۇرۇلغان ۋە ئىچى سۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئىشلىتىلسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقان ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى خولېراغا داۋا بولىدۇ. سەپرادىن، قاندىن ۋە سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئىچىلگەن ۋە چېقىلغان زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، چۇماغا داۋا بولىدۇ. يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان تەپلەرگە مەنپەئەت قىلىدىكەن.

## كەسىلا
(كەسىلا يىلتىزى)

ئۇ نىبىتچە «كەسىلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئوردانغا ئوخشايدۇ. شىلىمشىق قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. ئۇرۇقى ھەببى رىشادقا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، شەكلى قارا قىلىن دارچىنغا ئوخشايدىكەن، ئەمما تەمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىكەن.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چىشقا سىپىلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىڭىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان - ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بالىياتقۇ، بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بۆرەك، دوۋساقنى تازىلايدۇ، ئاشقازان مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ، بەدەننى ئەنزىرۇتتىن بەكرەك سەمرىتىدۇ، بەلغەملىك ۋە ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 ~ 15 گرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كەشت بەر كەشت
(تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، تولغىماچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈستى - ئۈستىلەپ

تېرىلغان دېگەن مەنىدە «كىشت بەر كىشت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «سەۋادۇس سىند»، يەنە بەزىلەر «سەۋادۇل ھىند»، يەنە بەزىلەر «سەۋادۇل ئەكراد» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «پىچەك» دەپ ئاتىلىدۇ. شەبەنكارە خەلقى «بەچۇ» دەپ ئاتايدۇ. يۇنانچە «فەناغىيۇس»، رىمچە «بەرۇتۇس»، ھىندىچە «پىيلى» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇۋاب مۇئتەمەدۇل مۇلۇك ھەزرەتلىرى ئۇ ھىندىچە «مۇرۇر سىنكە» دەپ ئاتىلىدىغان دورا بولۇشى مۇمكىن دەپ يازغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئېشىلگەن يىپقا ئوخشايدۇ، كۆپ بولغاندا بەش دانىسى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، رەڭگى قارا ۋە سېرىققا مايىل بولىدۇ، تەمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، گۈلى بىر دانە بولۇپ، ھەشقىپىچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ، بەزىسى ئاق، بەزىسى قىزىل ئېچىلىدۇ، يوپۇرمىقى چايانىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. ھىندىستاندا ئۆسىدىغىنىنىڭ قارا ۋە سېرىققا مايىل بولغىنى ۋە يېڭىسى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «بەتىشكان» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلىدۇ، توغرىسى شۇكى، ئۇ ئەمەستۇر. ئەمما قۇۋۋىتى ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قۇيۇق بەلغەمنى سۈرگۈچى، باھ قۇۋۋىتى ۋە سۈتنى كەسكۈچىدۇر. زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسى ۋە قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھنى ۋە سۈتنى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلغوزا مېغىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەبرىدۇر.

## كىشمىش

(كىشمىش ئۈزۈم)

ئۇ ئۇرۇقسىز ئۈزۈمنىڭ پارسچە ئىسمىدۇر. «قىشمىش» ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. يېشىل، تاتلىق، گۆشلۈك، دانلىق، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىنى سۈرۈش ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بار. ئۇنىڭ قالغان خۇسۇسىيەتلىرى قۇرۇق ئۈزۈم ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

# كۇشۇس
(سېرىق ئوت)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «ئۇكسۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن دەيدۇ. «كۇشۇسا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «بەسرۇتۇس»، سۈريانچە «ۋەنا»، «رەئبا»، رىمچە «كەشمۇرىن»، پارسچە «بەرەش»، ھىندىچە «ئەمەل بېيل»، «ئاكاس بېيل» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «ئەمەرلەتە» مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «زەجمۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «زەجمۇل» ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىنچىكە يىپقا ئوخشايدۇ. يوپۇرماقسىز، غولسىز بولۇپ سېرىققا مايىل، قارامتۇل بولىدۇ. چاتقاللار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە چىرمىشىدۇ، گۈلى ئۇششاق بولۇپ ئاققا مايىل بولىدۇ، ئۇرۇقى تۇرۇپ ئۇرۇقىدىن كىچىكرەك، يۇمىلاققا مايىل، رەڭگى سېرىققا مايىل قىزىل، بەزىلىرى ئاققا مايىل سېرىق بولىدۇ، يېڭىسىنىڭ سېرىق، ئاچچىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. قارىمۇقارشى قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تومۇرلاردىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلاپ چىقارغۇچىدۇر.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، قورساق قان تومۇرلىرىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، بەدەننى تازىلايدۇ، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ، بوغما كېسەل، قورساق ئاغرىقى، ئاشقازان، جىگەر، تال ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، كونا تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى ھەيدەيدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھېقنى توختىتىدۇ. ئەزالارنى قورۇيدۇ، قان توختىتىدۇ، بالىياتقۇدىن قان ۋە سۈيۇقلۇق ئېقىشقا ئاجايىپ مەنپەئەت قىلىدۇ، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ سۈيى شارابقا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلسە ئاجىز ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچىلسە سەپرانى سۈرىدۇ، قايناتمىسىنىڭ تۇسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى، چىلانمىسىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 60 مىللىلىتىرغىچە، ئۆزىدىن قايناتمىلاردا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

زىينى: كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.
ئۇرۇقىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى قالغان قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. قورۇلغىنىنىڭ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئىچكى ئەزالار قاناش ۋە بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشنى توختىتىش تەسىرى قورۇلمىغىنىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. زىمات قىلىنسا قوتۇر ۋە نۇقرەسكە مەنپەئەت قىلىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.
**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە.
(2) تالغا زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.
**ئورۇنباسارى:** ياۋا رەيھان، ئۇچتىن ئىككى قىسىمچىلىك مىقداردا ئەپسەنتىن.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كەئىب
(ئوشۇق)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئۇ پارسچە «غاب»، «شىتالەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپلىكى «كىئاب» ۋە «كۇئۇب» دۇر.
**ماھىيىتى:** پاچاقىقا تۇتاشقان ئۇستىخاندىن ئىبارەت. ياخشىسى كالا ۋە چوشقىنىڭ ئوشۇقىدۇر. چوشقا ئوشۇقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنىدى. كالا ئوشۇقىنىڭ كۈلى تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، چىشقا سۈركىسە چىڭىتىدۇ، زىمات قىلىنسا ئاقكېسەلنى ساقايتىدۇ.

## كەئك
(پىچىنە نان)

ئۇ پارسچە «كاك» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

ماھىيىتى: بەزىلەر ئۇنى پارسچە «كەلىچە» (توقاچ نان) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نان دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «دۇئاتىشە» (تەكرار پىشۇرۇلغان نان) دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قازان نېنى دەيدۇ. بەزىلەر كاكچا نان دەيدۇ. ئومۇمەن ئۇ تەكرار پىشۇرۇلغان قۇرۇق ناندۇر.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، قۇلۇنجى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ. بەزىدە قۇرسلارغا قوشۇلىدۇ.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كەففى ئادەم
(ئادەم ئالىقىنى ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق بولۇپ، ئامۇت يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يىلتىزى ياغاچلاشقان بولۇپ، سىرتى قارا بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، ئىچى قىزىل بولىدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قىزىل بەھمەن ئۆسۈملۈكى دەپ بىلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەممە جەھەتتە قىزىل بەھمەننىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## كەففۇز زەبۇئ
(بۆرە پەنجىسى ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «ز» (زۇۋاد) ھەرپىنىڭ ئورنىغا «س» (سىين) ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپ «كەففۇس سەبۇئ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: غافىقىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ باھاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە كۈنلا كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يوپۇرمىقى ئاز بولۇپ، يۇمىلاق، يېرىق، كەرەپشە يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، تۈكلۈك، سېرىق بولۇپ، ئۇمۇ يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. كۆپ شاخلار بىر يىلتىزىدىن ئۆسۈپ

چىقىدۇ. گۈلى ئالتۇن رەڭ سېرىق، بەزىدە ئاق بولىدۇ. يىلتىزى خەربەق يىلتىزىغا ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كەبىكەج ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بەزىلەر كەبىكەج ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچى، تازىلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر. كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، سېپىلسە سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ ئورنىغا يېڭى گۆش ئۆستۈرىدۇ، جاراھەتلەر ۋە يارىلارنى تازىلايدۇ.

## كەففۇل ھىرر
(مۇشۇك پەنجىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئۇششاق بولۇپ، ھەربىر تال شاخ ئۇچىدا ئۈچ ـ تۆت دانە يۇمىلاق، يېرىق يوپۇرمىقى بولىدۇ. يەرگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، پارقىراق، خۇش پۇراق بولىدۇ. يىلتىزى زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولۇپ، كۆپلىگەن تارماق يىلتىزلىرى بولىدۇ. كۈز پەسلىدە ئۆسىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۆرە پەنجىسى ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقدىشى ئىكەن.

تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەرزىجە قىلىنسا ھامىلدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. سېپىلسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ.

## كەففۇل مەريەم
(مەريەم ئالىقىنى ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كەففى ئائىشە» (ئائىشە ئالىقىنى ئۆسۈملۈكى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «ھىننا جۇرى» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۇنى «ئەسابىئۇس سۇفر» ( سېرىق بارماق) ئۆسۈملۈكى دېگەن. ئىراقتا مەلۇم بىر خىل دەرەخ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ماراكەشتە «بىنتافەلۇن» ئۆسۈملۈكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەبۇل ئاببەاس ھافىز «رىجلەئى مەسرەقىيىيە» دېگەن كىتابىتا ئۇنى «كەففى مەريەم ھىجازى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك دېگەن.

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى غىرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولۇپ، قاتتىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاقىقا مايىل، پۇرلەشكەن، سەل تۈكلۈك، قىرتاق، ناھايىتى يېشىل بولىدۇ. گۈلى ئىنچىكە، سېرىققا مايىل، رىجلە ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. تۆكۈلگەندىن كېيىن يەنە قاتتىق گۈل ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلگەندىن كېيىن شاخلىرى خۇددى ئادەم بارمىقىدەك ئېگىلىپ، تونۇشلۇق شەكىلگە كېلىدۇ.

تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى بىنتافەلۇن ئۆسۈملۈكىگە يېقىن كېلىدۇ. ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

## كۇفەررا

(خورما غۇنچىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەنە «كەفەررا»، «كىفىررا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «قەبقىس»، پارسچە «غۇنچەئى خورما» (خورما غۇنچىسى)، «كارىد ۋالى»، شىيرازچە «ناردىنەئى خورما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خورمىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان، باشاق چىقارمىغان چېچىكىنىڭ غىلاپىدۇر. بەزىلەر غىلاپىنىڭ پوستى، چېچىكى ۋە ئەركىكىنىڭ «كافۇرۇن ـ نەخىل» (خورما كافورى)، «دەقىيقۇن نەخىل» (خورما ئۇنى) ۋە «كىشەن» دەپ ئاتىلىدىغان گۈل چېكى قاتارلىق ئۈچ نەرسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ بىلگەن. بەزىلەر پەقەت پوستىنى كۆرسىتىدۇ دەپ بىلگەن، يەنە بەزىلەر خورمىنىڭ «تەلئى» (خورما غورىسى) دەپ ئاتىلىدىغان چېچىكىنىڭ باشىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بىلگەن. بەزىلەر ئۇ ئۇنىڭ گۈل چېكىدىن ئىبارەت دېگەن.

ئومۇمەن ئۇنىڭ يېڭى، خۇش پۇراق بولۇپ، ئەركەك خورمىدىن ئېلىنغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونىرىسا قىزىرىپ قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. ئىسسىقلىقى ئازدۇر. بەزىلەر كۆپ سوغۇقلۇقى بار دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، مېڭە ۋە جىگەرگە مەنسۇپ قۇۋۋەت ۋە روھلارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چىشقا سۈركىسە مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، يەل يارا ۋە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. سېپىلسىمۇ يەل يارا ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يامرىغۇچى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تالقىنىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قايناتمىسى ئەزالارنى قۇرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن 200 گىرام ئېلىنىپ چالا سوقۇلۇپ، ئىككى ھەسسە سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن قىيام قىلىنىپ ئىچىلسە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، خولېراغا داۋا بولىدۇ. ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ماددىلارنىڭ ئاشقازان، بالىياتقۇغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۆرەك، دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، زىمات قىلىنسا ئاشقازان ۋە بوغۇملارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. موم ۋە راتىيانەج بىلەن زىمات قىلىپ بىر قانچە كۈن تۇرغۇزۇلسا قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل چېچىكىدىن باشقا تۈپىسىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ گۈل چېچىكىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئاشقازاننى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. قان توختىتىدۇ، ئۈچەي يارىسى ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى چىرىگەن يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلاپقا ئوخشاش ئېلىنغان ئەرقى ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى ۋە ئۈچەي يارىسىنى ساقايتقۇچىدۇر.

خورما غورىسى پىشقاندىن كېيىن چالا سوقۇپ، باراۋەر مىقداردىكى زەيتۇن يېغىغا ئۈچ - تۆت كۈن چىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ، تەمى چىقىرىلغاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ شىشە قاچىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ تەييارلانغان يېغىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئىچ سۈرۈش ۋە تەرنى توختىتىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەپ چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كەكرۇل

(كەكرۇل مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇ پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى بادرەڭ تەرخەمەكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى سەل ئۇزۇنچاق بولۇپ،

تىكەنلىك بولىدۇ، خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سېرىق ۋە قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇرۇقى سېرىق بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى نېپىز توغراپ پىشۇرۇپ، ياغ بىلەن قورۇپ يالغۇز ياكى گۆش بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ چاغدا لەززەتلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىللىككە مايىل، ئازراق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە، بەدەن ئاغرىقلىرى ۋە كونا تەپنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قورساقنى ئېسىدۇ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ.

يىلتىزىنى سۇ بىلەن چاچنىڭ يىلتىزىغا سۇرۇپ، رەخت بىلەن تېڭىلسا چاچنى قۇۋۋەتلەپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇزارتىدۇ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكىمۇ پايدا قىلىدۇ.

## كەكرۇندە
(كەكرۇندە ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا كەمازەرىيۇس ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، كۆپ توپلاشقان شاخلار بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، چىشلىق بولىدۇ. ئومۇمەن كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. سېسىق پۇرايدۇ، يۇمشاق تۈكلۈك، رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ. كۆرۈنەرلىك تەمى بولمايدۇ، سەل قىرتاق بولىدۇ. گۈلى سېرىق، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇرۇقى لالىگۇل غوزىكىگە ئوخشاش غوزەك ئىچىدە بولىدۇ. پىلەكلىك بولىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە، ئاق بولۇپ، كۆرۈنەرلىك تەمى بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يىلتىزىنىڭ سۈيى ئىچىلسە ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلسا بېنگالدا كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان، قاتتىق قىزىش، باش ئېغىرلىشىش، ئەزالار، بولۇپمۇ بويۇن، تاغاق ۋە بەل ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىككە شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى كۆزگە تولغۇچە تېمىتىپ بىر سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن يەنە تەكرارلانسا، ئۈچ كۈندە ئېغىر كۆز ئاغرىقى ۋە كۆزدە بولىدىغان ۋەردىنەج ناملىق كېسەللىك ساقىيىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىچىلسە ئىستىسقا، بوۋاسىرغا

پايدا قىلىدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى چىقىرىدۇ. شۇنداقلا پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈيى مەقئەتكە سۈرۈلسىمۇ بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭ ھەممە قىسمى قورساقتىكى مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ. يىلتىزى يۇمشاق سالايە قىلىنىپ مۇرچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىپ، ئۈچ دانە ئىستېمال قىلىنسا، كونا ئىچ سۈرۈش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئەمما خولېرانىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىشلىتىش ياخشى ئەمەس، بەلكى ئىچ سۈرۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بەدەن ئاجىزلاشقا باشلىغان ۋە ئورۇقلىغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكىنى يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تولۇق كېسىپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن 10 گىرام ئېلىپ ھەسەل بىلەن، يىلتىزىدىن 15 گىرام ئېلىپ سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قەي بىلەن چىقىرىدۇ.

**خاسىيەتلىرى:** پولاتنى ئېكەكىدەپ ئۇنىڭ سۈيىگە چىلاپ كۆچلۈك ئاپتاپتا تۇرغۇزسا ھەممىسى كۆشتە بولىدۇ. بۇ كۆشتە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا شىپا بولىدۇ.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كەلب
(ئىت)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۆپلۈكى «كىلاب»، «ئەكلۇب»، «ئەكالىيب»، «كەلىيب» بولىدۇ. چىشىسى «كەلبە» (قانجۇق ئىت) بولىدۇ. پارسچە «سەگ»، تۈركچە «ئايت»، ھىندىچە «كۇتتە» دەپ ئاتىلىدۇ. قانجۇقى «سەگى مادە»، ھىندىچە «كۇتتى»، «كۇتتىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يىرتقۇچ، جاپاكەش، ۋاپادار، سەزگۈر ياخشى ـ يامان سۈپەتلەرگە ئىگە بىر خىل تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ھەممە ئەللەردە ياشايدۇ. قاراۋۇللۇق قىلىپ پۈتۈن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدۇ، كۈندۈزى ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭ يەرلىك، ياۋا ۋە سۇدا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت كۆپ تۈرلىرى بولىدۇ. يەرلىكىمۇ چوڭ، ئوتتۇرا ھال، كىچىك دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئوۋ ئوۋلايدىغان چوڭى تايغان دەپ ئاتىلىدۇ. قالغانلىرى چۆلدە ياشايدىغانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. تايغان يەمەننىڭ «سەلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان شەھىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئوۋلايدۇ. چۆلدە ياشايدىغانلىرى ئۇنىڭ ئوۋلىيالمايدىغانلىرى ۋە ئوۋلاشنى

ئۆگىنەلمەيدىغانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ھىندىچە «ۋەكۇرە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا باغلار، ئېتىزلار ۋە ئۆيلەرنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭ چوڭى سەھرالار، كەنتلەر ۋە تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان بولۇپ، يۇقىرىقى مەقسەتلەردە بېقىلىدۇ. شەھەرلەردە ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ھاللىرى ھەممە يەرلەردە كۆپ بولىدۇ، باغلار، ئېتىزلار ۋە ئۆيلەرنى ساقلايدۇ. ئەمما چوڭىدەك ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ شەكلى چىرايلىقراق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا يۇڭى ئۆسۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى فىرانسىيەدە ياشايدىغانلىرى بولۇپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ياخشى باقىدۇ. بەش ـ ئالتە ئايلىق بولغان مۈشۈك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن چوڭ بولمايدۇ. بەزىلىرى بىر ـ ئىككى يىللىق مۈشۈك چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق بولىدۇ. ئۇ تۈلكە، توشقان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر ھەر ئىككى تۈرى سەزگۈر بولۇپ، ئىشارەتنى چۈشىنىدۇ، ۋاپادار بولىدۇ. يەرلىك ئىتنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە ۋاپادارلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن نەقىللەر بايان قىلىنغان بولۇپ، تەپسىلىي بايان قىلىنسا گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ.

ياۋا ئىت ئەرەبچە «ئىبنى ئاۋى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. پارسچە «شىغال»، شىرازچە «تورە»، تۈركچە «چىغال»، ھىندىچە «كىيدەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ھەممە ئەللەردە ياشايدۇ. كۆپ ھاللاردا خارابىلىكلەرنى ماكان تۇتىدۇ. كۈندۈزى ئۇۋىسىدىن ئاز چىقىدۇ، ئادەمدىن قاچىدۇ، ھىيلىگەر كېلىدۇ. ئۇۋىسىدىن شام ۋاقتىدا چىقىدۇ ۋە كېچىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرى ئۆتكەندە قاۋاشقا باشلايدۇ ۋە ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىرى قاۋىسا ھەممىسى قاۋاشقا باشلايدۇ. توخۇ ۋە باشقا ئۇزىدىن كىچىكرەك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ ياكى ئۆلگەن ھايۋانلارنى يەيدۇ. تاڭ ئاتقاندا يەنە ئۇۋىسىغا كىرىپ ياتىدۇ. بەزىدە ئۇ يەرلىك ئىت بىلەن جۈپلىشىپ كۈچۈكلەيدۇ.

سۇ ئىتى سۇدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، دېڭىزدا ياشايدىغىنى ۋە دەريادا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. دېڭىزدا ياشايدىغىنى يەرلىك ئىت چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، پۇت ـ قوللىرى قىسقا، قۇيرۇقسىز بولىدۇ. دەربەند دېڭىزىدا كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئوۋلاپ تېرىسىنى سويۇپ ئۇستىگە شەكىللەرنى سىزىپ باشقا ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يەرلىك ئىتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر، ئۆتى ئۆلتۈرگۈچى زەھەر بولۇپ، شۇ ھامان ھالاك قىلىدۇ ۋە ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، يېڭى ئۆپكىسى نۇقرەسكە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

دەريا ئىتىنىڭ تېنى مۈشۈك چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، قارا بولغىنىغا

ئوخشايدۇ، پۇت ـ قولللىرى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. قۇيرۇقى مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش تۈز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھىندىچە «ئودەبلاۋ» دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ دەريالار ۋە ئوردەس، مەسكا دەريالىرىدا كۆپ بولىدۇ. ئۇنى «قۇندۇش» (قۇندۇز)، بەزىلەر خەزمىيان دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەزمىيان قۇندۇز قەھرى ھاسىل بولىدىغان ھايۋان ئىكەن. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تەنەكابۇندا دەريا ئىتى ‹شەنەك› دەپ ئاتىلىدۇ، قۇندۇز قەھرى ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. كەمىنە ئەبرىۋان دېگەن يەردە بىر ئوۋچىنىڭ ئۇنى ئوۋلاپ ئۇنىڭ قۇندۇز قەھرىسىنى كېسىۋالغىنىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنى سۇ ۋە كۆل بىلەن قايىنتىپ، سامان بىلەن ئىسلاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇندۇزقەھرىنىڭ پۇرىقى كېلىشكە باشلىغان ۋە ئۇنىڭدا قۇندۇز قەھرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى پەيدا بولغان» دەپ يازغان. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يەرلىك ئىتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ.

بېنگالدا بەزىدە «ئوۋدەبلاۋ» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا ئىتى ياشايدىغان بولۇپ، گەنگا دەرياسى، بولۇپمۇ جاھانىنگەر، ئىسلامئاباد، رەنكاماتى، چىرانچىرا ۋە باھار قاتارلىق جايلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە كۆپ بولىدۇ. مويلىرى يۇمشاق، ئۆسۈك بولۇپ، ئوۋچىلار ئوۋلاپ تېرىسىنى سويۇپ باشقا شەھەرلەرگە، بولۇپمۇ سوغۇق شەھەرلەرگە كىيىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدۇ. «ئەجايىبۇل مەخلۇقات» (ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ تىمساھنىڭ ئۆزىنى لاي دەپ خىيال قىلىپ يۇتۇشى ئۈچۈن، لايغا پۇچىلىنىپ تۇرىدىكەن، دەرۋەقە تىمساھ ئۇنى لاي دەپ خىيال قىلىپ پۈتۈن يۇتىدىكەن، ئۇ تىمساھنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۈچەيلىرىنى يەيدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قورسىقىنى يېرىپ چىقىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پېيىدە يۈرگەن ئادەم تىمساھنىڭ خەتىرىدىن ئامان قالىدىكەن. ئۇنىڭ ماش چوڭلۇقىدىكى ئۆتى ھالاك قىلغۇچ زەھەردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار توپلىشىپ دەريا بېلىقلىرىنى ساھىلغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزئارا تەقسىملەپ يېيىشىدىكەن، تەقسىماتتا كەم ـ زىيادە بولۇپ قالغانلىرىغا سىيىپ قويىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇنىڭدا دەرھال قۇرتلار پەيدا بولىدىكەن. بۇلغارىيە سۇ ئىتىمۇ ئۇنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇندۇز قەھرى ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنى ئىكەن.

غالجىر ئىت ساراڭ ئىت بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىت ئىتنىڭ گۆشىنى يېسە ساراڭ بولۇپ قالىدىكەن. شۇنداقلا ئىت يازنىڭ ئاخىرىدا بەك ئۇسسىغان ۋاقىتلىرىدا تاپ يېسىمۇ ساراڭ بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ساراڭ بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قۇيرۇقىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا تىقىپ جىم يۈرىدۇ، كىشى ئېھتىياتسىزلىقتىن يېنىغا بېرىپ قالسا چىشلەيدۇ. ئېغىزىدىن شۆلگىيى ئاقىدۇ، سۇدىن قورقىدۇ، ھەرىكىتى خۇددى مەستلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ، ئاۋازى بوغۇلىدۇ، باشقا ئىتلار ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، تائام يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ. مويى تۆكۈلۈپ تېنىدە پارچە ـ پارچە

قوتۇر پەيدا بولسا كېسەلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىدىغان خەتەر چوڭدۇر. مىزاجى سەۋداغا مايىل بولۇپ، زەھىرى يامانىدۇر. شۆلگىيىمۇ زەھەرلىك بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق شەھەرلەردە خىلىتلىرى كۆيۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ. غالجىر ئىت كىشىنى چىشلىۋالسا كىشى ساراڭ بولىدۇ.

غالجىرلىق كېسىلى بەزىدە ئىتتىن باشقا بۆرە، چىلبۆرە، يولۋاس، تايغانغا ئوخشاش باشقا ھايۋانلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئادەتتە ئىت دېگەن سۆز يالغۇز ئېيتىلسا يەرلىك ئىت نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، 20 كۈنلۈك بولغان كۈچۈكى ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ خۇش پۇراق دورىلار بىلەن قاينىتىلغان شورپىسى ئىچىلسە ساراڭلىق، مالىخولىياغا كۈچلۈك پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى سۈتى كۆزگە تېمىتىلسا ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۆتى كۆزگە سۈركەلسە ئارتۇق كىرپىك ئۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق پوقى، بولۇپمۇ پەقەت سۆڭەك بېرىلىپ بېقىلغاندىن كېيىن چىشقان پوقى ئاق، پۇراقسىز بولىدىغان بولۇپ، قۇرۇتۇلۇپ ساقلاپ قويۇلۇپ زۆرۈر بولغاندا زىمات قىلىنسا بوغما كېسەل ۋە گال ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ پوقى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇستىخان بىلەن بېقىلغاندا چىشقان پوقىنى يازدا سايىدە قۇرۇتۇپ شاراب، سۇ ياكى شېغىل تاش بىلەن قاينىتىلغان ياكى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغماللانغان سۈت بىلەن ئىچىلسە قاندىن بولغان دىزىنتېرىيەگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قېنىنى قۇرۇتۇپ 15 گىرام ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان كۈچۈكىنى سۇغا پۈتۈن تاشلاپ سۇ بىلەن ئوخشاش بولغۇچە قاينىتىپ پىشۇرۇپ ئۇنىڭغا 500 گىرام بۇغداي تاشلاپ سۇنىڭ ھەممىنى ئىچىپ بولغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭ ھەممىسى بىر يىللىق قارا توخۇغا يېگۈزۈلگەندىن كېيىن توخۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ تۇغماس ئايالغا يېگۈزسە، باشقا غىزا بېرىلمىسە ھامىلدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۈچ دانە توخۇ شۇ يوسۇندا بېقىلىپ كۈندە بىر تالدىن ئۇدا ئۈچ كۈن يېگۈزۈلسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. بەدەننىمۇ سەمرىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ پەنىرمايىسى ئىستېمال قىلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلىنسا ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. كۈچۈك سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ ئەمچىكىنى ئەمسە سۈتىنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈيدۈكىنى ئىچسە ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ تۈنجى سۈتى زەكەر تۆشۈكىگە تېمىتىلسا سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىنى تۈگىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: پەنىرمايىسىدىن سەككىز مىللىگىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا سۇيدۇكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنىڭ، بولۇپمۇ چىشلىۋالغان غالجىر ئىتنىڭ قورۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ يىشۇرۇلغان جىگىرى غالجىت ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قېنى ئىچىلسىمۇ غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سۈتى يۇقىرىدىكى شەرت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار، جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئىتنى سۇدا خۇش پۇراق دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا جوزامغا پايدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. پوقى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قۇرۇق پوقىنىڭ سەپمىسى كونا زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. كۈلى زىمات قىلىنسىمۇ كونا زەخىملەر، يېرىق، بوۋاسىر ۋە قىچىشقاقا شىپا بولىدۇ. سۇيدۈكى سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. يېغى چاشقان يارىسىنى يوقىتىدۇ. كۆزى ئېچىلمىغان كۈچۈكنى كالا تېزىكى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئاقمىغا سېپىلسە قۇرۇتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: قانجۇق ئىتنىڭ سۇيدۇكىنى قاچىغا ئېلىپ قويۇلغىچە تۇرغۇزۇپ چاشقا سۈركىسە قارايتىدۇ، ئۇ ياخشى بوياق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈتى كىچىك باللارنىڭ دوۋسىقى ۋە ئۇرۇقدانلىرىغا سۈركىسە موي ئۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن، شۇنداقلا ھەرقانداق ئورۇنغا سۈركەلسىمۇ موي ئۈنۈشىنى توسىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

**خاسىيەتلىرى:** ئۇنىڭ ئۇستىخىنى ۋە پېيى ئادەمنىڭ سۇنغان ئۇستىخىنى ۋە ئۈزۈلگەن پېيىگە ئۇلانسا باشقا ھايۋانلارنىڭ ئەكسىچە تۇتىدۇ. ئۇنىڭ قوزۇق چىشى ئۆزىگە ئېسىۋېلىنسا ئادەمنىڭ ئۇخلىغاندا خورەك تارتىشى ۋە گەپ قىلىشىنى تۈگىتىدۇ. كىچىك باللارغا ئېسىپ قويۇلسا چىشىنى ئاغرىتماي چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ۋە مۇشۇكنىڭ قوزۇق چىشى بىلەن ئۇنىڭ قوزۇق چىشى ئۆلارنىڭ مويى بىلەن ئىسلىنىپ ھەرقانداق ئۆيگە كۆمۈپ قويۇلسا ئۆي ئەزالىرى ئارىسىدا يىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. قارا ئىتنىڭ تىلى ئۆتۈككە سېلىپ قويۇلسا، ھەرقانداق زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ قوزۇق چىشى شۇ ئىتنىڭ تېرىسىگە ئورىلىپ كىشىنىڭ بىلىكىگە تېڭىپ قويۇلسا غالجىر ئىت ئۇنى ھەرقانچە چىشلىسىمۇ زىيان يەتمەيدۇ. كىشى ئۇنىڭ كانىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسا كانىسى ئېلىنغان ئىتتىن باشقا ھەرقانداق ئىتنىڭ قاۋىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان زەكىرى يوتىغا ئېسىپ قويۇلسا جىماغا ئىنتايىن ياردەم بېرىدۇ. بىر خىل قارا رەڭدىكى ئىتنىڭ مويى ئېسىۋېلىنسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. خەربەق ئىتنى ئۆلتۈرىدۇ. دارچىنى سوقۇپ، خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئىتقا يېگۈزۈلسە، ئۇنى ئۇسسۇل ۋە تاماشىغا كەلتۈرىدۇ.

كىشى سۇ ئىتىنىڭ ئۆتىدىن ئەدەس چوڭلۇقىدا ئېلىپ، يېسە بىر ھەپتىدىن كېيىن ھالاك بولىدۇ.

زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇچۇن كالا يېغىغا جىنتىيانا دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ، توشقان پەنىرمايىسىگە خۇش پۇراق ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كىشىنى غالجىر ئىت چىشلىۋالسا غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىدە كۆرۈلىدىغان ياتسىراشقا ئوخشاش كۆپ قىسىم ئالامەتلەر ۋە مالىخولىيا ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا ئوتلۇق لوڭقا قويۇپ كۆچلۈك سۈمۈرتۈپ كۆپ قان چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆيدۈرگۈچى ۋە گۆشنى يېگۈچى مەلھەملەر سۈركىلىدۇ. سامساق سوقۇپ سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. قىزىلچا، پىياز، تەرتىزەك قاتارلىقلار زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇلۇپ چېپىلىدۇ. سامساق، پىياز تۇز بىلەن سوقۇپ ئۈزۈم تېلى كۈلى بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنى زەھەر ئومۇمىي بەدەنگە تارقاشتىن بۇرۇن قوللىنىلىدۇ، ئەگەر زەھەر ئومۇمىي بەدەنگە تارقاپ كەتكەن بولسا مالىخولىيا بىمارىغا بېرىلىدىغان مۇسھىللارنى ئىچۈرۈش، داۋائۇز زەرارىھ ۋە ئۇنىڭ زەھىرىگە خاس بولغان داۋائۇس سەرەتان يېگۈزۈش بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. تەرياقى فارۇق ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بىمار بۇ تەدبىرلەر بىلەن ئەسلىگە كەلسە تېخى ياخشى، ئەسلىگە كەلمىسە مالىخولىيا بىمارىغا قىلىنىدىغان مىزاجنى ھۆللەشتۈرۈش، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالارنى يېگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىغا ئوخشاش چارىلەر قىلىنىدۇ.

## كىلىخ
(كىلىخ ئۆسۈملۈكى)

ئۇ سۇريانچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇغۇچى، قان توكۇرۇش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولغۇچى، ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچىدۇر. بۇرۇنغا پۈركىسە قېنىنى توختىتىدۇ.

ئۇرۇقى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەرلىتىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئەندەرۇتالىس ئۇ بەزىدە يوپۇرماقسىز ئۆشنانغا ئوخشايدۇ دېگەن، يەنە بەزىدە ئۇ ماراكەش خەلقىنىڭ قارىشىدا «قەنا» ئۆسۈملۈكىدۇر، مىسىر خەلقىنىڭ قارىشىدا ئۇشەقتۇر دېگەن.

## گۈلى داۋۇدىي
(داۋۇت گۈلى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۆسىدىغان بىر خىل تونۇشلۇق گۈل بولۇپ، ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى مەغەز گۈلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئومۇمەن كېۋەز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى بىر غولاچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، ھەتتا ئىككى غولاچقىچە بولىدۇ. ئەمەنگە ئوخشاش پۇرايدۇ. سېرىق، ئاق ۋە بىنەپشە رەڭگە مايىل ئاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. سېرىقى كۆپ، قالغان ئىككى تۈرى ئاز ئۇچرايدۇ. لاتىنچە «بەرتىنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرى ئەمەننىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەرقى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ خۇرسەن قىلىدۇ. گۈلى شاراب بىلەن ئىچىلسە ئاشقازاندا ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ئاشقازان، بۆرەك، دوۋساق ۋە بالىياتقۇدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۇفۇپى 15 گىرامدىن، قايناتمىلاردا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سېرىقىنىڭ ئۇسارىسى زىمات قىلىنسا يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، يارىلاشقان راك ئۆسمىلىرىنى ساقايتىدىغان بولۇپ، فىرانسۇزلارنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن نۇسخىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سېرىقىنىڭ گۈلىدىن بىر ئۇچۇم، ئارپىبەدىيانىدىن ئۈچ گىرام، ئاق زىرىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ سۇ بىلەن مەلھەمدەك بولغۇچە قاينىتىپ زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ياندۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، تەڭداشسىزدۇر.

## گۈلى مىھەندى
(مىھەندى گۈلى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا كۆپ ئۆسىدىغان بىر خىل گۈل بولۇپ، باغلار ۋە باغچىلارغا يامغۇر پەسلىدىن ئىبارەت بولغان ئىسسىق پەسىلدە تېرىلىدۇ، پەسىلنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۈرۈپ قۇياش ئەسەد، سۇمبۇلە ۋە مىزان بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. قىزىل، بىنەپشە، ئاق رەڭلەردە ۋە بىر قانچە رەڭلەردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ رەڭلەردە بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى چىرايلىق، گۈللۈك

بولىدۇ. بىر غۇلاچتىن ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. گۈل كاسىسى گۈل بىلەن توشقان بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەل ئىنچىكە، ئۇزۇن، چۈرۈك بولىدۇ. غولى، شاخلىرى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ئىچىدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ بوغۇملىرىغا تۇتاشقان يۇمران نوتىلىرى ئازراق قايناتىلىپ ھۆللۈكى يوقىتىلىپ ئىككى - ئۈچ سائەتكىچە ئاپتاپتا قويۇلۇپ سىركىگە چىلانسا ياخشى ئاچار سەي بولىدىغان بولۇپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇراببا تەييارلانسا يېيىشلىك بولىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرمىقى ۋە گۈلىمۇ گۆش بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، قارا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۈلى ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتىلىپ، قورۇلۇپ ياكى باشقا شەكىللەردە پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يوپۇرمىقى، غولى ۋە شاخلىرىنىڭ سوقۇلمىسى ئوت ۋە سۇدا كۆيگەن يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئارقىدىنلا چېپىلسا سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# كىلز
## (كىلىز ئۇرۇقى)

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل ئۇرۇق ئىكەن. سۇريانچە «كىلزى»، رىمچە «سەلۇفىيەج» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، ھىندىچە «مەيدە لەكرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ئېھتىمال مۇغاس ھىندى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى ھەببى كازى ياكى ياۋا ئانار يىلتىزى دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسا ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇشى، قوزغىلىشى ۋە بوغۇملارنىڭ ئورنىدىن چىقىپ كېتىشلىرىگە شىپا بولىدۇ. قالغان تەسىرلىرى مۇغاسنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئاللاخالىسا «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

# كىلس
## (ئاھاك)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «نەۋرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «ئاھەك»، ھىندىچە

«چونە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يەنە تېۋىپلارنىڭ تونۇشىدا سەدەپلەر، قۇلۇلە قاپلىرى، تۇخۇم شاكىلى ۋە تاشلارنىڭ ئاقىرىپ ئۇپىدەك تەكشى كۇل بولغۇچە كۆيدۇرۇلگەن، كۇشتە قىلىنغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى مەرۋايىت سەدىپى، توخۇ تۇخۇمى شاكىلى ۋە مەرمەر تېشىنىڭ كۇشتىسىدىن ئىبارەت.

ئاھاكنى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ئۇششاقلاپ كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ گىل ھېكمەت ئىچىگە ئېلىپ مۇنچا ئوچىقى ياكى تونۇردا بىر كېچە ـ كۈندۈز قويۇپ چىقىرىلىدۇ. تەكشى كۆيۈپ ئاق كۇل بولغان بولسا ياخشى، ئۇنداق بولمىغان بولسا ئاق كۇل بولغۇچە كۆيدۇرۇلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك لازىم بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس چوڭ ئوچاق تەييارلاپ ئىچىگە خىش تىزغاندەك تىزىپ ئۈستىگە ئوتۇن قويۇپ، ئۈستىگە يەنە ئاھاك تىزىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئوتۇن قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي سۇركەپ ئوت قالاپ كۆيگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

تۇخۇم شاكىلىنى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى ئىلگىرى بايان قىلىندى.

ئاھاكنىڭ ئاقىرىپ تەكشى، يۇمشاق كۆيگەنلىرى ۋە ساپ بولغانلىرى ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سۇ تەگمىگىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئۇ 20 كۈنگىچە كۈچلۈك تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆتكۈر بولىدۇ، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ تېشىنىڭ سۇ تەگكىنىنىڭ كۆيدۈرۈش كۈچى ئۈچ كۈنگىچە تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىشىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇركىسە موينى چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ زەرنىخ بىلەن سۇركەلسە تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. زاراڭزا چېچىكى ۋە شاپتۇل يوپۇرمىقى بىلەن سۇركىسە سېسىق پۇراقنى يوقىتىدۇ. ھىندىچە «رەۋغىنى چەنبىلى» دەپ ئاتىلىدىغان يەسمەن گۈلى يېغى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن سۇركىسىمۇ بەتبۇي پۇراقنى يوقىتىدۇ. گۈل يېغى، ماش ئۇنى، يۇيۇلغان تۇتىيا ۋە گۈل يېغى سۇركىسە ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىدۇ.

يۇيۇلغان ئاھاكنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىلگە مايىل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختىتىدۇ، ئۇ بۇرۇنغا پۈركىسە ۋە توخۇ تۇخۇمىغا مىلاپ ئارقىدىن ئاھاكقا مىلاپ تەييارلانغان پىلتە بۇرۇنغا سېلىنسا قېنىنى توختىتىدۇ. ئاھاك قوشۇلۇپ قاينىتىلغان زەيتۇن يېغى سۈركەلسە نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ، ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. زىمات قىلىنسا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە ئەزالارغا چۈشكەن سۇنى تارقىتىدۇ. ئوت كۆيۈك يارىسىغا سۈركىسە ساقايتىدۇ، تەر توختىتىدۇ. چوشقا يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا

قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

توخۇ تۇخۇمى شاكىلىنىڭ كۈشتىسىنىڭ قان توختىتىش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر، بولۇپمۇ بىر پارچە رەخت، ھىندىچە «سەرسۇن» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق قىچىنىڭ يېغى بىلەن نەمدەپ قان ئالغان ۋە خەتنە قىلغان جاراھەتكە ياپسا قان توختىتىدۇ. قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا داۋا بولىدۇ، زەخىملەرگە گۆش ئۈندۈرىدۇ، ئۇستىخانلارنى تۇتتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ھەيز قېنى ۋە باليياتقۇدىن ئاققان سۇيۇقلۇقلار ۋە مەنىينى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن بىر داندىن ئىككى دان چوڭلۇقتا ئېلىپ ھەسەل بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلسا بوۋاسىرنىڭ قېنى ۋە ئەرلەرنىڭ مەنىي، مەزى، ۋەدى سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ.

سەدەپ كۈشتىسى زەرچىۋە ۋە ھىندىچە «گىر» دەپ ئاتىلىدىغان زەرچىۋە بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىنسا يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ، قېنىنى توختىتىدۇ. قۇلۇلە قېپى كۈشتىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە سوغۇق ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئاھاك ھۆل زەنجىۋىل سۈيى ۋە تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا، سوغۇق ئىششىقلارنى ۋە بېنگالدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەزالارغا چۈشكەن سۇنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلىنسا ئېغىزنى قۇرۇتۇش، ئاشقازان ۋە قورساقنى ئاغرىتىش، تارتىشتۇرۇش، سۈيدۈكنى تۇتۇلدۇرۇش ۋە ئىچنى قانلىق سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلار، ياغلىق شورپىلار ۋە لوئابلار مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ئىچىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بەدەن ياغلىنىدۇ. قالغان تەدبىرلىرى زەرنىخ ۋە شىڭگىرىپتىن زەھەرلەنگەندە قىلىنىدىغان تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاھاك تەكرار قاينىتىلغان سۇدا يۇشۇرۇلغان نەرسە يېيىلسە، كىشىنى قىسقا ۋاقىتتا ھالاك قىلىدىغان بولۇپ، يوشۇرۇن سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## گىلۇي
(گىلۇي ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «گەرچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھەشقىپىچەك تۈرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ ھەشقىپىچەك ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. قېلىن، سېرىققا مايىل يېشىل، غولىنىڭ پوستى ئاق، غولى توم، مىسۋاك دەرىخىگە ئوخشاش يېپىلىق، مېۋىسىز، يىلتىزسىز بولىدۇ. غولى تىكىلسە كۆكلەيدۇ. تەمى ناھايىتى ئاچچىق

بولىدۇ. قايناتمىلاردا ياغىچى، مەجۇنلەر ۋە باشقىلاردا ئۇنىڭ نىشاستىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ نىشاستىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، غولىنى يۇمشاق سوقۇپ قاچىغا تۆكۈپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۈستىگە لەيلىگەن پىسەپىلىرى سۈزۈۋېتىلىپ سۈيىنى ئاستا تۆكۈۋېتىپ تېگىدە قالغان قىسمى قالدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە يەنە سۇ قۇيۇپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ سۈيى يەنە تۆكۈۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تېگىگە ئورنىغان نىشاستىگە ئوخشاش قىسمى ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇمۇ ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ھۆل دەپ بىلىدۇ، ھىندىستان خەلقى قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، يەرقان، بىھوشلۇق، قۇسۇشقا شىپا بولىدۇ. بەلغەمنى بوشىتىدۇ. سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان تۇرلۇك تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەللەرنى ۋە سەۋدانى تارقىتىدۇ. ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەم بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆك ۋە ھۆل ۋاقتىدا ئېلىنغان شىرىسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ھۆلى تېپىلمىسا قۇرۇقىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ مىجىپ تەمى چىقىرىلىدۇ، بۇ خىل شىرە ھىندىچە «سەت» ۋە «رەس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى قويۇلغۇچە قاينىتىپ ياخشى ئۇيۇغاندا نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ، بىر تالدىن ئىككى تالغىچە ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ، كونا ـ يېڭى بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

نىيم دەرىخىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن گىلوينىڭ ھۆلى تەپلەرگە، ھەتتا جۇدەتكۈچى تەپكىمۇ پايدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ، تەپكە ئىچ سۈرۈش قوشۇلۇپ كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئوخشاشلا ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. يۆتەلنىمۇ پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مەيلى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسۇن مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىكەن. ئاق تاباشىر، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ناۋاتتىن 12 گىرام ئېلىپ بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا، كونا مۇرەككەپ تەپلەر ۋە بەلغەمدىن بولغان كونا تەپلەرگە شىپا بولىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئۇچۇچانراق، تەسىرى تېزرەك دەپ قارىلىدۇ. ئىسسىق تەپلەردە ئۇنىڭ چىلانىسى ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ چىلانىسى يەنە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. ئىسسىق بولمىغان تەپلەردە قايناتمىسى ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە ئۇ ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بىلەن، بەزىدە

ئۆرۈقى ئايرىلغان قورۇق ئۈزۈم بىلەن، يەنە بەزىدە قەسىبۆزەرىرە بىلەن، يەنە بەزىدە ماھىر تېۋىپ مۇناسىپ دەپ قارىغان ھەرقانداق دورا بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ھۆلىنى يۇيۇپ سوقۇپ، ئۇستىگە ساپ سۇ، بولۇپمۇ مۇۋاپىق مىقداردا يامغۇر سۈيى قۇيۇلۇپ قويۇق سۈيى چىققۇچە سقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيىنى ساپال قاچىغا تۆكۈپ چاڭ ـ توزاندىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇستىگە بىر پارچە رەخت يېپىپ ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغىنى ياخشىراق ۋە ئۈچۈچانراق بولىدۇ. ئەگەر سىقىلغان مەزكۇر سۇ ئوت بىلەن قويۇلغۇچە ۋە قاتقۇچە قاينىتىلسىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەمما ئۈچۈچانلىقى تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ ئۈچۈچانراق بولۇشى مەقسەت قىلىنسا ئۇنىڭ ھۆلىنى يۇيۇپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلىپ يېرىپ ئۈششاقلاپ يامغۇر سۈيىگە بىر كېچە چىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوقماي مىجىپ پىسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئاپتاپتا قويۇلغۇچە ۋە ئۇيۇغۇچە تۇرغۇزۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

## گۈلھار
(گۈلى كەنۆل)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «گۈلى كەنۆل»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىچە «تالاب» ۋە «جىھىل» دەپ ئاتىلىدىغان كۆللەر ۋە توختام سۇلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى نىلۇپەر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك، گۈلى نىلۇپەر گۈلىدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق بىلەن قىزىل ئارىلاشقان ھالەتتە بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ھەم خۇش پۇراق بولىدۇ. بەزىلىرى پەقەت ئاق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىدا ئۈششاق، سېرىق گۈللىرى بار بولۇپ، ھىندىچە «كىيسەر» دەپ ئاتىلىدۇ، «كەنجىلەك»مۇ دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۈلى ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان تەپلەر ۋە يەرقانغا شىپا بولىدۇ. زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئەرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نىلۇپەر ئەرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە يېقىن كېلىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق نەرسىسى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈش ۋە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھىندىچە «كەنۆل گۆتە» دەپ ئاتىلىدىغان گۈل غوزىكى تۆكۈلگەندىن كېيىن گۈل

بەرگىلىرى ئۆسۈپ چىقىشقا باشلايدىغان بولۇپ، فونتاننىڭ بېشىدەك يېرىم شار شەكلىدە بولىدۇ. ئىچى خانىلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر خانىدا بىرى يېشىل، سەل قېلىن، يەنە بىرى ئاق، نېپىز غىلاپ بولىدۇ. مېغىزى بادام مېغىزىدەك ئىككى پارچىغا بۆلۈنىدۇ، ئاق، تەمى تاتلىق، لەززەتلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تېخى قاتمىغان يۇمرانلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مېغىزىنىڭ ئوتتۇرىدا يېشىل، ئاچچىق تەمى بولىدۇ. مېغىزىنىڭ تەبىئىتىمۇ ھۆل سوغۇقتۇر. پىشىپ قاتقىنى قۇرۇق بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئەزالارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. مېغىزىنىڭ ئوتتۇرىدىكى يېشىل تىلىمۇ ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۆتكۈر تەپلەرگە شىپا بولىدۇ.

گۈلىنىڭ «غولى ئەمىر تال»، يىلتىزى «شانۇك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن باھىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ.

## كەليان كاتە

(كەليانە كاتە ئۆسۈملۈكى)

ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. تىكىنى تۈم بولىدۇ. بېنگالىنىڭ بەردىۋان ۋە مەيدەنپور دېگەن جايلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنىڭ پوستىدىن 5.2 گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى مۇدەببەر قىلىنغان رەۋەنچىنى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قاتتىق تال ئاغرىقىنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ. رەۋەننى مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، رەۋەننى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيى تۆكۈۋېتىپ قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، ھەرقانداق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ يۈزىنى زەخمىگە چاپلاپ تاڭسا ئېغىز ئالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقا يۈزىنى جاراھەتلەر ياكى بۇزۇق گۆشلەرگە چاپلاپ تاڭسا بۇزۇق گۆشلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. چىيقانغا تاڭسا ئېغىز ئالدۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىنى سوقۇپ خالتىغا قاچىلاپ ئىستىسقاغا تاڭسا قاتتىق ئاغرىتىپ ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. ئەمما زىيادە قاتتىق ئاغرىتسا خالتىنى بوشىتىپ باشقا ئورۇنغا تېگىشلىدۇ. شۇنداقلا باشقا ھەرقانداق ئىششىققا نىسبەتەنمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ ۋە تەكرار ئىشلىتىلىدۇ. تال ئىششىقى ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈشكىمۇ پايدا قىلىدۇ.

# كۆلىيە
(بۆرەك)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «گۇردە» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئىسپىھاندا «قەلۋە»، تۈركچە «نوكرەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ جانلىقلارنىڭ مۇرەككەپ ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەربىر جانلىقتا ئىككى دانە، بىرى ئوڭ تەرەپتە، يەنە بىرى سول تەرەپتە بولىدۇ. جىگەردىن سۇغا مەنسۇپ ماددىلارنى تارتىش، ئۇنى دوۋساققا يەتكۈزۈپ سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن دۈمبە تەرەپكە مايىل ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر.

يېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز، ئۇسسىمىغان قوي ۋە ئۆچكىنىڭ بوغۇزلانغان ھامان ئېلىنغان بۆرىكىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك ۋە بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ناچاردۇر، جانلىقلار بەدىنىنىڭ گۆشلىرىنىڭ ئەڭ ناچىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. تەبىئەت قۇۋۋىتى ئۇنىڭغا لايىقىدا يۈزلەنمەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنىڭ مەزكۇر تۈرىنى ئۆزىنىڭ يېغى، زەيتۇن ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ تۇز، پىلپىل، دارچىن، كەرۋىيا، مەستىكى، ئاچچىقسۇ ۋە سىركە بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇشتۇر.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «م» (ميم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

# كەمئەت
(يەر مەدىكى)

**ماھىيتى:** بۇ ئۇنىڭ «فۇترە»، «كەشەنج»، «قەئبەل»، «سەمارۇغ» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرىنىڭ ئورتاق نامىدۇر. بەزىلەر ئۇ ئۇنىڭ يېيىلىدىغان خاس تۈرىنى كۆرسىتىدۇ،

دېگەن. ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بايان قىلىندى. ئۇ تۈركچە «قارج»، پارسچە «سەمالۇ»، «سەمارۇغ»، «ھورە»، شىرازچە «ھەكلۇ»، يۇنانچە «ئۇزونا»، «مەئرىف بادى»، «دوۋلى»، سۈريانچە «ئۇرزى»، رىمچە «ھوۋنيا»، ئەرەبچە «نەباتۇر رەئد» (گۈلدۈرماما ئۆسۈملۈكى)، ھىندىچە «كۇنبى» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «ۋەدىين» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، باھار پەسلىدە قۇملۇق يەرلەر ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە كۆپرەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. يۇمىلاق، قىزىل، غولسىز، يوپۇرماقسىز بولىدۇ. خام ياكى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى بىلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىدە ئۆسكەنلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، سىلىق، خۇش پۇراق، يېغى، تەمى ۋە پۇرىقى كۈچلۈك بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ناچار يەرلەر، يامان سۈتلۈك دەرەخلەرنىڭ ئاستى، زەيتۇن دەرىخى ۋە ياڭاق دەرىخى ئاستىدا ئۆسكەن، ئاق، قىزىل، قارامتۇل ۋە قۇرۇق بولغانلىرى ناچار، زەھەرلىكتۇر. ئىچى ـ تېشى قارا بولغىنى زەھەرلىك بولۇپ، ھالاك قىلغۇچىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

كۆز كېسەللىكلىرى: ھەزرىتى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىس شەرىپىدا «يەر مەدىكى مەندىندۇر، سۈيى كۆز كېسەللىكلىرىگە شىپادۇر» دېيىلگەن. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سۈيى كۆزنىڭ ئېقىنى يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنى قورۇپ پىشۇرغاندا تامغان سۈيى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن لايىقلاشتۇرۇلغان ۋە سالايە قىلىنغان سۈرمە قاپاقلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قوپال، ئېغىر بولۇپ، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئاز بولۇپ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، بەلغەملىك قان ۋە بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، قوۋۇرغا ئاستى ۋە دۈمبىدە يەل پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەكتە، پالەچ، بوغما كېسەل پەيدا قىلىدۇ. تىلنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، ئاق بەھەق، قۇلۇنجى ۋە سىيىش قىيىنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سېرىقچېچەك، تۇز سۈيى، يالپۇز، پىننە، سۇزاپلار بىلەن ياخشى پىشۇرۇپ ياغ، ئاچچىقسۇ ۋە دارچىن، پىلپىل، قەلەمپۇر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش ئىسسىق دورىلار بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر. قالغان تەدبىرلىرى «فىتر» (يەر

مەدىكى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ قورۇقىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ باشنىڭ ئالدى قىسمىغا تەلئى (بۇ پېشانە قىسمىدا پەيدا بولىدىغان خورما چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ئۆسمە) كېسەللىكى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن چاپسا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قورۇقىنى سىركە بىلىق يېلىمى بىلەن سالايە قىلىپ زىمات قىلسا بالىلارنىڭ چىقىپ قالغان كىندىكىنى جايىغا چۈشۈرىدۇ، ئۇلاردىكى چىقىق كېسەللىكى ۋە باشقا چىقىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ هۆلى قورۇپ تۇز ۋە پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. قورۇقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. زۆرۈر بولغاندا ساپ تۇپراق بىلەن بىرلىكتە سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، پاكىز يۇيۇۋېتىپ پىشۇرۇپ كۆپ ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.

ئۇنى كۆپ يېمەسلىك لازىم، ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاچچىقسۇ ۋە قىچا بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

## كەمازەريۇس

(كەمازەريۇس)

ئۇ «كەمادەريۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ يۇنانچە «مازەريۇس» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى بولۇپ، يەر بەللۇتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىمچە ئىكەن. يۇنانچە «مەقىيقۇرۇن»، پارسچە «راندارۇيى تەلخ»، شىرازچە «ماندارۇيى تەلخ»، فىرانسۇزچە «كەمىيداس» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس بەزىلەر ئۇنى «توفورىس» دەپ ئاتايدۇ دېگەن. هىندىچە «موندى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاللا خالىسا «م» (مىم) ۋە «ۋ» (ۋاۋ)، «م» (نۇن) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

**ماهىيتى:** دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، شەكلى، رەڭگى، يېرىلىشى قاتارلىق جەهەتلەردە بەللۇت دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تەمى ناهايىتى ئاچچىق، سەل ئۆتكۈر، گۈلى بىنەپشە رەڭ، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى رۇمبەدىيان ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق، ئۆتكۈر بولىدۇ. يىلتىزى هاۋا رەڭ بولۇپ، تومۇز ئايلىرىدا تېپىلىدۇ. تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇ يوپۇرماقلىرى، گۈلى ۋە ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ كەتمىگەن هالەتتە پۈتۈن يىغىۋېلىنىشى كېرەك.

يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، ياۋا يېسىمۇق پۇرچىقى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، تىك ئۆسمەيدىكەن. يىلتىزىنىڭ شەكلى ۋە تەمى بەللۇتقا ئوخشايدىكەن.

جالىنۇس ئۇ رەيھانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن تومراق بولغان شاخلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يېشىل بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، بەللۇت دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى ھاۋا رەڭ، ئاچچىق بولىدۇ. يىلتىزىمۇ ھاۋا رەڭ، ئاچچىق بولىدۇ دېگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئۇشەق دەرىخىنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى دېگەن.

ئىبنى ئەبى خالىد ئافرىقى «ئىئتىماد» ناملىق كىتابىدا ئۇنى بىر خىل ئۇسۇملۇكنىڭ بەللۇتقا ئوخشايدىغان يىلتىزى دەپ بايان قىلغان.

ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يەنە كۆپلىگەن سۆزلەر ئېيتىلغان. ئومۇمەن ياۋىسىنىڭ گۈلى، ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ كەتمىگەن يېڭىلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچىدۇر، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قويۇق خىلتلارنى پارچىلىغۇچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، بەدەننى قىزىتقۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ھەب ياساپ شاراب بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ ياش خالتىسى ئاقمىسى ۋە باشقا ئاقمىلىرىغا ئوخشاش يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. قايناتمىسى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركەلسە ۋە سالايە قىلىپ سېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆلى ياكى قۇرۇقىنى قاينىتىپ سۈيىدىن 10 گىرام ئىچسە ھۆللۇكتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. گۈلاپ ياكى ھەسەل بىلەن قاينىتىپ بىر نەچچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا كۆكرەك، ئۆپكە ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆلى ئىستېمال قىلىنسا ياكى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيى ئىچىلسە سەۋدادىن ۋە توسالغۇدىن بولغان يەرقانغا شىپا بولىدۇ، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، تالنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە شىپا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تېز تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن 12 گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە 400 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئۈچتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ بىرقانچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، كۈنىگە ئۈچ ئۇقىيە مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلىنسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ شارابى ھەزىم بۇزۇلۇش، ئاشقازان ئاجىزلاش، ئىستىسقانىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، يەرقان، بالىياتقۇ ئېسىلىش، خىلىتلار بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ، مىزاجنى ئوڭشايدۇ.

ئۇنىڭ شارابىنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ئۈزۈم شارابى ياكى سۈيىنىڭ ھەر 400 مىللىلىتىرىغا ئۈزۈم شارابى بولسا ئالتە گىرام، سۈيى بولسا 10 گىرام قوشۇپ مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ، كۈنىگە 400 مىللىلىتىر ئەتراپىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ كونىرىغانسېرى ياخشى بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زىمات قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

يارىلار: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا كونا، مەينەت يارىلارنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: بەدەنگە سۈركىسە قىزىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ سۈيى ياكى قايناتمىسى ۋە گۈلىدىن قىزىلگۈل يېغى ۋە باشقا ياغلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلانغان يېغى بەدەننىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ.

كەمازەريۇسنىڭ قالغان تەسىرلىرى كەمافىيتۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە، قايناتمىلاردا 21 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سىيسالىيۇس، تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردا سەلىخە، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا غاپەس بىلەن سەلىخە ئىكەن. ئۇسقۇلۇقەندەريۇنمۇ دېيىلگەن.

## كەماشىير

(كەماشىر يېلىمى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «قەماشىير»دۇر. يۇنانچە «لوفتىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر، بەزىلەر يەر مەدىكى يېلىمى دېگەن. بەزىلەر سېسىق پۇراقلىق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمى دېگەن. يەنە بەزىلەر ھىندىستاندىن چىقىدىغان جاۋشىرغا ئوخشايدىغان بىر خىل يېلىم دېگەن. بەزىلەر ئۇرۇقى

«پەراسىيون» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ كەرەپشىسىنىڭ جاۋشىرغا ئوخشايدىغان يىلىمىدۇر دېگەن. يەنە بەزىلەر جاۋشىرغا ئوخشايدىغان ئۆتكۈر شەبنەمسىمان ماددا دەپ بىلگەن. ئومۇمەن ئۇنىڭ يېلىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىردەكلىك باردۇر. ئۇنىڭ سېرىق، ئۆتكۈر پۇراقلىق، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى جاۋشىردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زەرداب سۈنى سۈرىدۇ، سۇلۇق ئىششىق ۋە قورساقتا سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ئەرەب يېلىمى بىلەن بىرلىكتە ھەمەلچە قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىستېمال ۋە زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0 .1 ~ 5. 5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

## كەمافىيتۇس

(رىم كەرەپشىسى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر، يۇنانچە يەنە يەر قارىغىيى دېگەن مەنىدە «خامانىيتىس» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر يەرگە يېپىلىپ ئۆسكۈچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ دەيدۇ. بىرىنچىسى توغرىدۇر. سۈريانچە «زەرئا»، «كەرەفشا»، پارسچە «كەرەپشى رۇمىي» (رىم كەرەپشىسى)، شىرازچە «ماشدارۇ»، لاتىنچە «ئابىيكە»، فىرانسۇزچە «جودە»، ھىندىچە «كەكرىۋەندە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر يىلى قايتىدىن ئۈنىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن ئىكەن.

ئۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكى ئېگىز ئۆسمەيدۇ، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى يەر بويلاپ ماڭىدۇ، شاخلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى قارىغاي ۋە ھەمىشەباھار يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، كىچىك، تۈكلۈك، توم، ئاچچىق، سەل قىرتاق، ئاچچىق بولىدۇ، شىلىمشىق ھۆللۈكى بار، قارىغاي دەرىخىگە ئوخشاش پۇرايدۇ. گۈلى ئىنچىكە، سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى كەرەپشە ئۇرۇقىدىن كىچىكرەك، يىلتىزى ئاق

بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى سەۋر بۆرجىدىن تاكى سەرەتان بۆرجىغىچە تۇرىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ شاخلىرىمۇ بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، ئىزخىرنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلى بىرىنچى تۈرىنىڭ گۈلىگە ئوخشاش، ئۇرۇقى قارا، رەڭگى ۋە پۇرىقى قارىغاي پۇرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى ئەركىكى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى يىرىك، ئاق، شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرماقلىرى كىچىك، ئىنچىكە، ئاق، تۈكلۈك، گۈلى سېرىق، كىچىك بولىدۇ. بۇنىڭ پۇرىقىمۇ قارىغاي دەرىخىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى تۈرىنىڭ قۇۋۋىتى بىرىنچى خىلىنىڭ قۇۋۋىتىگە يېقىن، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

جالىنۇس «كەمافىيتۇسنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، يېشىل، يوپۇرمىقى قارىغاي يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، گۈلى قىزىل بولىدۇ. سەۋر بۆرجىدا ئۈنۈپ سەرەتان بۆرجىدا كامالەتكە يېتىدۇ، قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ، ئاچچىقى ئۆتكۈرىدىن ياخشىراق بولىدۇ» دېگەن.

«ئەسرارۇت تىب» (تېبابەت سىرلىرى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ يۇنانچە «ھېرشىف» دەپ ئاتىلىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، گۈلى قارىغا مايىل قىزىل، قىرتاق، ئۆتكۈر بولىدۇ، ئۇرۇقى سېرىق بولىدۇ دېگەن. بەزىلەر ئۇنى تەرخۇنى ھىندى ئۆسۈملۈكى ياكى رىم كاسنىسى دېگەن.

رەڭگى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ، ئۇرۇقى ئاخىرقى مەزگىلدە پەراسىيۇن (تاغ كۈدىسى) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ياۋىسىنىڭ يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر يەرلىكىنىڭ يېڭى، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولىدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جولا بەرگۈچى، ئىچكى ئەزالار ۋە قويۇق بەلغەمنى تازىلىغۇچىدۇر. ئۇنىڭ جولا بېرىش تەسىرى ئىسسىقلىقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، قويۇق بەلغەمنى سۈرىدۇ. تالنىڭ چوڭ

دورىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. يەتتە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقا، قارا يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، بالىياتقۇ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، مۇسكۇل يېرىلىش ۋە بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ھەسەل بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، يوپۇرمىقى شاراب بىلەن بىرلىكتە يەتتە كۈن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ. مىس كۆيۈندىسى ۋە راتىيانەج بىلەن ئىشلىتىلسە زەرداب سۈنى ياخشى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، بالىياتقۇدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: 10 گىرامى ئەنجۇر قايناتمىسى سۈيى بىلەن ئىچىلسە چوڭ ئۈچەيلەرنى تازىلايدۇ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پەي ـ نېرۋىلارنى تازىلايدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى ۋە نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يامغۇر سۈيى بىلەن تەييارلانغان مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە ياكى ھەسەل ۋە يامغۇر سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئۇدا 40 كۈنگىچە ئىچىلسە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەل، بۆرەك ئاغرىقى ۋە قورساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ، تالقىنىنى ئەنجۈر شىرىسى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا جاراھەتلەر ۋە چىرىگەن چوڭ يارىلارنى ساقايتىدۇ، جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: ئارپا ئۇنى بىلەن ئەمچەك ئىششىقى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تارقىغۇچى بەلباغسىمان قوۋاقنىڭ تارقىشىنى توختىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: قايناتمىسى ئىچىلسە ھەر خىل زەھەرلەر ۋە كۆچۈلانىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6 ~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سىيسالىيۇس، يېرىم ھەسسە قېلىن دارچىن.

ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە بالىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ.

ئۇنىڭ بېنگالدا ئۆسىدىغان «كەكرۇندە» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى مۇشۇ بابنىڭ «ك» (كاف) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

# كۆممەسرا
(ئامۇت)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «كۇممۇسرا» دەپ ئاتالسا خاتا بولىدۇ. يۇنانچە «لوفىيۇن»، «ئافنۇس»، «ئەنقۇس»، رىمچە «ئەبدى»، پارسچە «ئەمرۇد»، «ئەنبەرۇد»، ھىندىچە «ناشپاتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئالمىدىن چوڭراق بولىدۇ. دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى شاپتۇل يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك ۋە چوڭراق، گۇلى ئۇنىڭ گۇلىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى يەرلىك، ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ھەر خىل بولىدۇ. ھەرقايسىسى يەنە تاتلىق، چۈچۈمەل، ئاچچىق - چۈچۈك، قىرتاق دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمەن سوغۇق ئەللەردە ئىسسىق ئەللەردىن ياخشىراق بولىدۇ. شەھەر سوغۇق بولسا، ئۇ تېخىمۇ نازۇك بولىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكى «خۇراسانىي» (خۇراساندىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدىغان شاھ ئامۇت، «سۇككەرىي» (شېكەر شېرىن) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «چىنىي» (چىنىيدىن چىقىدىغىنى)، «نەزەرىي» (نەزەر ئامۇت)، «سەجەستانىي» (سەجەستاندىن چىقىدىغىنى) دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەرقايسى ئەل ۋە شەھەرلەردە مەخسۇس ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ھەرقايسىسى بەزى ئەللەر ۋە يەرلەردە باشقا ئەللەر يەرلەردىكىدىن ياخشىراق بولىدۇ. بولۇپمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك سوغۇق ئەللەردە ياخشى بولىدۇ. چىن شەھەرلىرىدىمۇ ياخشى ئوخشايدۇ. يۇمىلاق، چوڭ، شېرىن، سۇلۇق، خۇشتەم، خۇش پۇراق بولۇپ، خۇددى ئۇيۇغان قەندەك شىرنىلىك، سۇلۇق، يېپىشلىك، پوستى يۇمشاق، چۈرۈك، سېرىققا مايىل يېشىل بولغىنى «شاھ ئەمرۇد» (شاھ ئامۇت) دەپ ئاتىلىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ تەرىپىنى كۆپ قىلغان بولۇپ، دامغان ۋە بەلەخ شەھەرلىرىدە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. پوستى قېلىن، بېشى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئومۇمەن كوزا شەكلىدە بولۇپ، قالغان سۈپەتلىرى يۇقىرىدىكىسىگە يېقىن كېلىدىغانلىرى «ھۇسەينىي» (ھۇسەينىگە مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى ئەزەربەيجان ۋە ھەمەدان شەھەرلىرىدە ياخشى بولىدۇ. پوستى قېلىن بولغاچقا، ئاقلاپ يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، يۇقىرىدىكىسىدىن سەل كىچىكرەك، سەل ئۇزۇنچاق، يۇقىرىقى سۈپەتلىرى ۋە چۈرۈكلۈكى يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرىدىن تۆۋەنرەك

بولغانلىرى «نەزەرىي» (نەزەر ئامۇت) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى كۆپ قىسىم شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇ شىرازدا «ئاباسىي» (ئاباسقا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پادىشاھ ئاباس مەۋسۇۋىي سەفەۋىي رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ پەرمانى بىلەن كۆچەتتى ھەمەداندىن ئىسپىھان ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ كىچىك تۈرى ھەممە تۈرلىرىدىن ئۇزۇنچاقراق، كوزا شەكىللىك، خۇش پۇراق بولۇپ، پەسلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ باشقا ھەممە تۈرلىرىدىن ئاۋۋال پىشىدۇ. ئېتى سەل يىرىك، پوستى سېرىق ۋە قىزىل بولىدۇ. باغداد ۋە شىرازدا «گۇلابىي» (قىزىلگۈل رەڭلىك ئامۇت) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى بالىلار ۋە بىمارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا بەكرەك ماس كېلىدۇ، چۈنكى تاتلىقلىقى نورمال بولىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى تۈرىدۇر. ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ياخشىسى تولۇق پىشقان، شىرىنلىك، سۇلۇق، خۇشتەم، خۇش پۇراق، چوڭ - كىچىكلىكى نورمال، پوستى نېپىز بولغانلىرىدۇر. بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى شۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ تۈرۈپ، ياخشى - يامانلىق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقى ئالما ۋە بېھى ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما شىرىسى بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** شاھ ئامۇت دېگەن نام بىلەن تونۇشلۇق بولغانلىرىنىڭ ياخشى پىشقان، شېرىن، سۇلۇقلىرى ئىسسىققا مايىل مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل بولىدۇ. «ھۇسەينىي» دېگەن نام بىلەن تونۇلغىنى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. باشقا تۈرلىرى ئىسسىقلىقتا مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، بەزىلىرى قۇرۇقلۇققا مايىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، قورۇغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى بولۇپ، كۆپ جەھەتلەردە ئالمىدىن ياخشىراقتۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توختىتىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى پەسەيتكۈچىدۇر.

كۆكرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، ئاشقازان ۋە ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە دوۋساقنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتكۈچى، چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچى، ئارقىدىن قاتۇرغۇچى، بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسقۇچىدۇر. بولۇپمۇ تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. زىمات قىلىنسا ماددىلارنىڭ ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنى توختىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زەھەرلىك يەر مەدىكىنىڭ زەھەرگە قارشى تۇرىدۇ. زەھەرلىك يەر مەدىكى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قايىنىتىلسا زىيانلىق تەسىرى يوقايدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى قۇرۇق سوغۇقتۇر. چىچەكى خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قان تۈكۈرۈش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. زىمات قىلىنسا كۆز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

ئۇرۇقى بەتتەم بولۇپ كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ. 10 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن 15 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سىپىلسە جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇپ، ئېغىزنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ.

يىلىمى تارقاتقۇچى، ماددىلارنى كۈچلۈك پىشۇرغۇچىدۇر. ياغىچى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ كۈلى تۇتىيانىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، سىپىلسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ تولۇق پىشقان، سۇلۇق، چۇرۇك بولغانلىرىنىڭ زىيانلىق تەسىرى ئازراقتۇر. بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلىقلارغا بولغان زىيىنى ئازراق بولىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئېسىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ تولۇق پىشمىغىنى ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل مۇراببىاسى، ئارپىبەديان.

ئۇنى ئاچ قورساق يېمەسلىك، بەلكى غىزا ئاشقازاندىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىش لازىم. ئۇستىدىن سۇ ئىچمەسلىك، بولۇپمۇ سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان تائاملارنى يېمەسلىك لازىم. گۆش ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان ياۋايى قۇشلارنىڭ شورپىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يامان بولمايدۇ.

## كۇممەسرا ھامىز
## (چۇچۇمەل ئامۇت)

ئۇ چىن ئامۇتىدۇر. تولۇق پىشقان، سۇلۇق، چۇرۇك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسۇن ئاشقازان،

جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە قايناشنى پەسەيتكۈچى، بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توختاتقۇچى، ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچى، ئۇسسۇزلۇق، قۇسۇشنى پەسەيتكۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ياشانغانلار، پالەچ بىمارلىرى، مىزاجى ھۆل كىشىلەر، پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش كۇندۇرغا ئوخشاش دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، سۇ ھورى بىلەن پىشۇرۇش، خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئوتنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ پىشۇرۇش ياكى ھەسەل ۋە شېكەر بىلەن مۇراببا قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇغۇچى، قۇلۇنجى پەيدا قىلغۇچى، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. زىمات قىلىنسا يارىلارنى چاپلاشتۇرىدۇ.

## كۇممەسرا بەررىي
(ياۋا ئامۇت)

ئۇنىڭ دەرىخى پاكارراق، مېۋىسى كىچىكرەك، سۇسىز، قىرتاق، يىرىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى ۋە توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى بولۇپ، قۇرۇقىنىڭ تالقىنى ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سېپىلسە جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇپ گۆش ئۈندۈرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زەھەرلىك يەر مەدىكىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قايىنتىلسا زىيىنى يوقايدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ كۈلى ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك موگۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ، گېلى بوغۇلغان كىشىلەردىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، خۇش پۇراق ئىسسىق دورىلار.

## كۇممەسرا جەبەلىي
(تاغ ئامۇتى)

ئۇ ياۋسىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سوغۇقراق ۋە قۇرۇقراق، قابىزراق بولىدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسىسىنىڭ پىشمىغىنىنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

تاغ ئامۇتىنىڭ كەيلۇيە تېغىدا ئۆسىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، پەقەت شۇ يەردىلا ئۆسىدۇ. مېۋىسى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئاچچىق - چۇچۇك، يىرىك، قاتتىق بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن سەل تاتلىقلىشىدۇ، ناھايىتى قۇمسىمان بولىدۇ. ئىچىدىن كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئېلىپ يەرگە كۆمۈپ قويۇلۇپ يۇمشىغاندىن كېيىن چىقىرىلىپ ئۇرۇقلىرى ئايرىۋېتىپ قورۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە مۇرەككەپ ياسالمىلارغىمۇ قوشۇلىدۇ. ئۇ پارسچە «ئەنجىكەك» دەپ ئاتىلىدۇ. «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنغان دانەج ئەبروج شۇدۇر.

رەنگپۇر تاغلىق رايونلىرىدىن تاغ ئامۇتىغا ئوخشايدىغان، قەغەز لىمون چوڭلۇقىدا يۇملاق بولغان بىر خىل مېۋە ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، «بەھۇت بىير» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئامۇت شەربىتى تەبىئەتنى ئۇڭشايدۇ، ئاشقازاننى ئىسلاھ قىلىپ قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ تېخى تولۇق پىشمىغان، يۇمشىمىغان ئامۇتنىڭ سۈيى ئېلىپ شېكەر ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە سۇس ئوت بىلەن قاينىتىپ تەييارلانغىنىنىڭ مەزكۇر تەسىرى ياخشىراقتۇر.

ئۇنىڭ قىيامى قابىز بولۇپ، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. كۆڭۈلنىڭ ئاينىشىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازان تىۋىتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭ تەييارلىنىشى باشقا قىيامىلارنىڭ تەييارلىنىشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## كەمەززەھرە
(كەمەرزەھەر ئۆسۈملۈكى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قارلىق سوغۇق تاغلاردا ئۆسىدىكەن، يوپۇرمىقى ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدىكەن. شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدىكەن، بەزىدە ئۇنىڭدىن كەم - زىيادىمۇ بولىدىكەن. يەردىن كۆتۈرۈپ ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى سۇندۇرۇلسا كۆپ سۈت چىقىدىكەن. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدىن گۈل ئېچىلىدىكەن. ئۇرۇقى مازارىيون ئۇرۇقىغا ئوخشاش، كۈرسىنە پۇرچىقى چوڭلۇقىدا بولىدىكەن. يىلتىزىنىڭ كۆپلىگەن چاچما يىلتىزلىرى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۈستىدە

يىپەك قۇرتىغا ئوخشاش قارا، قىزىل، ئاق رەڭلىك چېكىتلىك بىر خىل قۇرت پەيدا بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەرلىك قۇۋۋىتى بار بولۇپ، بەزى ھايۋانلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرى ۋە چايان زەھىرىنىڭ ئالىي زەھەر قايتۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## كەمرەك
(كەمرەك مېۋىسى)

ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «كەمرەنكە» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، ئالتە قىرلىق بولىدۇ. خۇددى ئالتە قانات تىزىلغاندەك بىلىنىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. تەمى ئاچچىق ۋە چۈچۈمەل بولىدۇ. دەرىخى ئېگىز، تۈز ئۆسىدىغان بولۇپ، ياڭاق دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ بەزىسى ئۇششاق، بەزىسى چوڭ، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، تۈۋەنكى يوپۇرماقلىرى ئۈستۈنكى يوپۇرماقلىرىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. چۈچۈمىلىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى تاتلىقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇغۇچى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، قاتتىق ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، قۇسۇش ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئېغىز تەمىنى ياخشىلىغۇچىدۇر. باشقا تەسىرلىرى رىباسنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** جاۋارىشلار ۋە ئىسسىق دورىلاردۇر.

## كۇمكۇت
(كۇت يىلىمى)

ئۇ فىرانسۇزچە سۆز بولۇپ، كۇت دەرىخى يىلىمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلىدا «كۇم» يىلىم دېگەن بولىدۇ. ئۇ يەنە «كوتاكەنبا»، «غوتاغەنبا»، ئىنگلىزچە «كەمەنبۇس»، پورتىگالچە «بەرۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق ئارىسىدا رەۋەن ئۇسارىسى

دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى، تەبىئىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى «ئ» (ئەين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى. ئۇ باراۋەر مىقداردىكى سەبرە بىلەن بىرلىكتە نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ، ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مىزاجىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قاراپ تۇرۇپ، 3~7 تالغىچە ئىستېمال قىلسا، ئىچىنى جاپا - مۇشەققەتسىز كۈچلۈك سۈرىدۇ.

## كەممۇن
(زىرە)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ياكى يۇنانچە «خامۇن» ياكى سۇرىيانچە «كەممۇن» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «سەنۇت»، رىمچە «ئەسفىقۇس»، يۇنانچە «گەرمىنۇن»، پارسچە «زىرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچىمۇ «زىرە» ۋە «جىيرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، ئارپىبەدىياندىن ئىنچىكىرەك، قارا، يېشىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئارپىبەدىيان ئۆسۈملۈكىدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى يۇمىلاق بولىدۇ. گۈل كاسىسى سېرىقچىچەكنىڭ گۈل كاسىسىغا ئوخشايدۇ. تونۇشلۇق بولۇپ كۆپ شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. «فارسىي» (پارستىن چىقىدىغىنى)، «نىبتىي» (نىبتتىن چىقىدىغىنى)، «كېرمانىي» ( كېرماندىن چىقىدىغىنى) ۋە «شامىي» (شامدىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. ھەربىرىنىڭ ياۋىسى ۋە يەرلىكى بولىدۇ. ئۇنىڭ كېرماندىن چىقىدىغىنى قارا، دانلىرى ئۇششاق، خۇش پۇراق بولۇپ، يۇنانچە پادىشاھقا مەنسۇپ دېگەن مەنىدە «باسلىقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ پارستىن چىقىدىغىنى سېرىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ياۋىسى ۋە يەرلىكى بولىدىغان بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى كېرماندىن چىقىدىغىنىنىڭ ياۋىسى بىلەن يەرلىكىنىڭ يېڭىسىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا پارستىن چىقىدىغىنىنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ياۋىسى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ھەممىدىن ناچىرى نىبتتىن چىقىدىغىنىنىڭ يەرلىكىنىڭ ئېقىدۇر.

ئۇ كەرۋىيا بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، كېرمان زىرىسىنىڭ خۇش پۇراق، ئۇزۇنچاقلىقى بىلەن پەرقلەندۇرۇلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، غولى ئىنچىكە، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئۇستىدە 4~5 دانە شاھتەررە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يېرىق يوپۇرمىقى بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا 5~6 دانە يۇمىلاق غوزىكى بار بولۇپ، ئۇرۇقىنى سامان ياكى كېپەككە ئوخشاش بىر نەرسە ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقى يەرلىك زىرىدىن كۆپ ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئېگىزلىكلەردە ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يەرلىك زىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى سىيادانغا ئوخشايدۇ، هارارىتى يۇقىرى بولىدۇ. شېخىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئۆسكەن مۇڭگۈزگە ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. تەمى ئاچچىق ، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئېھتىمال ئۇ ھىندىچە «كالىزىرى» (قارا زىرە) دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مۇشۇ باپتا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچى، تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى ۋە قورىغۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنىنى بۇرۇنغا پۈركۈسە ياكى چىلانمىسىنى پۈرىسا ياكى پىسىپىنى بۇرۇنغا تىقىپ قويسا قېنىنى توختىتىدۇ. چايناپ سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا قېنىنى توختىتىدۇ، تورلىششقا شىپا بولىدۇ. كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ، تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى تۇز بىلەن چايناپ كۆز ئېقىغا ئۆسكەن پەردە ۋە تىرناقچە گۆش ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركىسە يوقىتىدۇ. قاپاقىنىڭ چاپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ياليۇز ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا نەپەس قىيىنلىشىش، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش ۋە سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ، ھۆللۈك ۋە يەلدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، خام كېكىرىش ۋە يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تال ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ قورۇلغىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ. تۇز بىلەن چايناپ سۈيى يۇتۇلسا ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا لاي، كۆمۈر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش غەيرىي نەرسىلەرنى

يېيىش خاھىشىنى تۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلاپ قورۇلغىنىنىڭ قابىزلىقى كۈچلۈكرەك، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈشى ياخشىراقتۇر. قايناتمىسى بىلەن ھۆقنە قىلسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئۈچەي، ئاشقازان، بۆرەكتىكى يەللەرنى يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيز توختىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار: باقىلە ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قىرۇتى ياكى زەيتۇن يېغى ۋە باقىلە ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: جاراھەتلەرنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويسا ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: چېچىلسا ياكى ئۇنىڭ يۇيۇنۇلسا تېرىنى جۇلالاندۇرىدۇ. ئۇ ياكى ئۇنىڭ ئەرقى داۋاملىق ئىچىلسە بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، سارغايتىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ سۈيىنى بەدىنىگە سۈركىسە ئۆمۈر بويى پىت بولمايدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كېرماندىن چىقىدىغىنىنىڭ ئورۇنباسارى بىر يېرىم ھەسسە نىبىتتىن چىقىدىغىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى كەرۋىيا ئىكەن. يەللەرنى تارقىتىشتا زاراۋەندى مېغىزى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. ئۇنىڭ پارستىن چىقىدىغىنىنىڭ ئورۇنباسارى ئۇنىڭ يېرىم ھەسسىسىچىلىك مىقداردا كېرماندىن چىقىدىغىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاللەكسەي ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولىدىكەن. ئۇنىڭ شامدىن چىقىدىغىنىنىڭ ئورۇنباسارى كەرۋىيا بىلەن كۇدە ئۇرۇقىدۇر.

زىرە سوغۇق مىزاجلىقلار، ياشانغانلار ۋە بەلغەم مىزاجلىق كىشىلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. تەستە پىشىدىغان گۆشلەرنى پىشۇرغاندا ئۇ خۇش پۇراق دورا ـ دەرمانلار، سىرىقچېچەك ۋە دارچىن بىلەن بىرلىكتە قوشۇلۇپ پىشۇرۇلسا ئۇلارنى ئاسان ھەزىم بولىدىغان بولۇپ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچىنى بوشىتىپ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ۋە يەل تارقىتىدۇ.

نىبىت زىرىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەرەتنى بوشىتىدۇ. كېرمان زىرىسى ئەزالارنى قورۇيدۇ، سىيادانغا ئوخشايدىغان ياۋا زىرە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ يەرلىك زىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: سۆيى بىلەن يېلىمى كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ياشانغىرتىدۇ، داغلىغۇچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ. تەتۈر كىرپىككە سۈركىسە يۇلىدۇ. يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركىسە قايتا ئۈنمەيدۇ. كۆز قوتۇرىغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىسا كۆزدىكى قارا داغلارنى يوقىتىدۇ.

ھەزىم ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۆيدۈك تامچىلاشقا داۋا بولىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئاشقازان، بۆرەكتە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ يەرلىك كەرەپشە سۆيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە ھېقنى توختىتىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىسا تېرە ئاستىدىكى ئۆلۈك قاننى ۋە ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. سۆيى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ. پۈتۈن چۆپى سۆيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئۇنىڭ مۇدەببىر قىلىنىشى، سۇفۇپى، داۋاسى، جاۋارىشلىرى ۋە شارابى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەر بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كۇندۇر
(كۇندۇر)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، ئىبىتىلىشچە پارسچە ئىكەن. يۇنانچە «قىيبۇتىيسىرۇن»، سۇريانچە «لىيانۇن»، رىمچە «سىيفرۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى تىكەنلىك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ئاس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. تاغلىق رايونلار، شەھىر، ئامان، يەمەن شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ، يېلىمى قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۇمىلاق، قىزىلغا مايىل بولغانلىرى «كۇندۇرى زەكەر» (ئەركەك كۇندۇر)، ئاق، بوش بولغانلىرى «كۇندۇرى ئۇنسا» (چىشى كۇندۇر) دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆلىنىڭ تاغارلاردا ئېلىپ يوروش جەريانىدا يۇمىلاق بولغانلىرى

«كۇندۇرى مۇدەھرەج» (يۇمىلاق كۇندۇر)، بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ ئاجرىغان نىپىز پوستلىرى «قىشارى كۇندۇر» (كۇندۇر پوستلىرى)، يۆتكەش جەريانىدا ئاجرىغان ئۇندەك بولغان قىسمى «دىقاقى كۇندۇر» (كۇندۇر ئۇنى) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئەركىكىنىڭ يېڭى، يۇمشاق، ساپ، سىرتى ئاق، ئاسان سۇنمايدىغان، سۇنسا ئىچى چاپلاشقاق، ئالتۇن رەڭ سېرىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساپلىرىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ساختىسىنىڭ ئەكسىچە ئوت يېقىلسا تېز ئوت ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەرەب يېلىمى ۋە قارىغاي يېلىمى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئەرەب يېلىمىغا ئوت ئالمايدۇ، قارىغاي يېلىمى كۆيدۈرۈلسە ئىس چىقىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئەسلىيسىنىڭ پۇرىقى مەستىكىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پوستىمۇ قارىغاي پوستى ۋە تەنۇب دەرىخى پوستى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ، ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ. پوستىنىڭ ياخشىسى قېلىن، چاپلاشقاق، يېڭى، سىلىق بولغانلىرىدۇر. ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى شۇكى، مەجۇنلەرگە قوشۇلماقچى بولسا شاراب، ئارپىبەدىيان ئەرقى ياكى دارچىن ئەرقىگە چىلاپ  قوشۇلىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇلماقچى بولسا سىركىگە چىلاپ قوشۇلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھۆلىنى سالايە قىلغىلى بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدىنمۇ چىقىدىكەن. سەل ياقۇت رەڭ ۋە پىدىگەن رەڭگىدە بولىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئېيتىلىشىچە، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن. پوستى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى، پىشۇرغۇچى، يەڭگىل جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋىتى بار. قان توختىتىدۇ، كۆپ ئىشلىتىلسە قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**باش ۋە كۆكرەكتىكى كېسەللىكلەر:** روھىي ھايۋانىي ۋە روھىي نەپسانىينى تازىلايدۇ. يەل تارقىتىدۇ. ئەزالارنىڭ سىرتى، مېڭە پەردىلىرى ۋە ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. بولۇپمۇ مەستىكى بىلەن ئىشلىتىلسە بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. ئەرەب يېلىمى بىلەن ئىشلىتىلسە دىماقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى تۈگىتىدۇ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ۋە چاينىسا ئۇنتۇغاقلىققا، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە يالپۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا ۋە چاينىسا تىل ئېغىرلىقىغا داۋا بولىدۇ. توغرىغۇ ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا باشتىكى ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئاۋازنى ئاچىدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا قۇلاقتىكى زەخىمنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ سۇغا چىلاپ  شۇ سۇدىن ھەر كۈنى

ئەتىگەندە ئىچسە بەلغەمنى ئازايتىدۇ، گالۋاڭلىق ۋە ئۇنتۇغاقلىقنى داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. كۆزگە سۈركىسە روشەنلەشتۈرىدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ، كۆز يارىسىغا گۆش ئۈندۈرىدۇ، ئۇنىڭدا ئۈيۈپ قالغان قاننى ۋە مۇڭگۈز پەردە ئاستىدىكى يىرىڭنى تارقىتىدۇ، كۆزدىكى تىرناقچە گۆش، راك ئۆسمىسىنى يوقىتىدۇ، كۆز ياشانغىراش، قاپاق قىزىرىپ ئىششىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قاپاق قوتۇرى، قاپاق قىچىشىش، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سېپىلسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئومۇمەن ئۇ كۆز دورىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ كۆزدىكى قىزىل سوزۇلما تىرناقچە گۆشنىڭ ئەڭ چوڭ دورىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاتلىق شاراب بىلەن ئېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قىيمۇلىيا ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئەمچەكنىڭ ئىسسىق يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. كانايىنىڭ ئىچىلىدىغان دورىلىرىغا قوشۇلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىغا داۋا بولىدۇ، ئاشقازاننىڭ قويۇق يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، قىزىتىدۇ ۋە چىڭىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش ۋە دىزىنتېرىيەگە داۋا بولىدۇ. مەقئەت، بوۋاسىر ۋە بالىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى يېرىم ھەسسە نانخا بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان تولغاققا داۋا بولىدۇ. ئۇنى سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ پىلتە ياساپ مەقئەتكە قويسا يارىنىڭ كېڭىيىشىنى توختىتىدۇ.

تەپلەر: بەلغەمدىن بولغان تۈرلۈك تەپلەرگە داۋا بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: گىل قىيمۇلىيا ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئاياللارنىڭ، بولۇپمۇ تۇغۇت مەزگىلىدىكى ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچى زىماتلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ. سىركە ۋە زىفتى بىلەن زىمات قىلسا يۇنانچە «مەرمىيقا» دەپ ئاتىلىدىغان ئاغرىققا شىپا بولىدۇ، ئۇ بەدەندە چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىلىدىغان بىر خىل ھالەت بولۇپ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرىدىندۇر. كالا تەمرەتكىسى ۋە يۇنانچە يەنە «مەرمىيقا» دەپ ئاتىلىدىغان سۆگەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇمۇ ئەزالاردا چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا سەينەكنى، زوپتى بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ يىرىلىشىنى ساقايتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: چوڭقۇر يارىلارنىڭ، بولۇپمۇ يېڭى يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۆردەك يېغى بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە، چوشقا ياكى ئۆردەك يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئوت كۆيۈك يارىسى، پۇت ـ قول يارىسى ۋە سوغۇقتىن پەيدا بولغان

يېرىققا شىپا بولىدۇ.

بوغۇملار: زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا بوغۇملار ئاغرىقلىرى ۋە ئۇستىخاننىڭ سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. كۇنجۇت يېغى بىلەن زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: توخۇ تۇخۇمىنىڭ چالا پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بولۇپمۇ جويۇز ۋە بەسباسە بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ھەببۇلئاس يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە چاچنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە قان ۋە بەلغەمنى كۆيدۈرىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ساراڭ قىلىدۇ، جوزام ۋە بەھەقكە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پارس گۈرۈچى بىلەن شېكەر.

ئۇنىڭ كۆپ مىقداردىكىسى شاراب ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** مەستىكى، كۇندۇر پوستى.

ئۇنىڭ يېغى بىلەن بەدەن مايلانسا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ پوستى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى** قۇرۇتۇش ۋە قورۇش تەسىرى زىيادە يۇقىرى بولۇپ، كۇندۇردىن ئۈچۈچانراقتۇر. قان تۈكۈرۈش، قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەزالاردىن ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىسىمۇ ئۈچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. قورساققا زىمات قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. زۈپتى بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشىنى ساقايتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: يارىلارنى تازىلاپ قۇرۇتىدۇ، ئېغىزنى پۈتتۈرىدۇ، ئىزلىرىنى كۈچلۈك يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، زىيىنى كۇندۇرنىڭ زەھەرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

كۇندۇر ئۇنى: (دىقاقى كۇندۇر) مۇ كۇندۇرغا قارىغاندا، قۇرۇقراق، ئۈچۈچانراقتۇر. ساپ، يۇمشاق سالايە قىلىنغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ چاپلاشتۇرۇش ۋە سىلغايتىشتىن باشقا تەسىرى پوستىدىن ئاجىزراقتۇر.

كۇندۇر قويۇنى: (دۇخانى كۇندۇر)نىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۇچى، ھۆللۇكلىرىنى توختاتقۇچى، يارىلىرىنى تازىلىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا يېڭى گۆش ئۇندۇرگۇچى، راك ئۆسمىسىنى ساقايتقۇچىدۇر.

كۇندۇرنىڭ جاۋارىشى، قويۇنى (دۇخانى)، سۇفۇپى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## كۇندۇرىي
(كۇندۇر پۇراق)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سەۋزە ۋە ئارپىبەدىيان ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولۇپ، كۇندۇرغا ئوخشاش پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە پىشۇرغۇچىدۇر. كۆپ جەھەتلەردە كۇندۇرنىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ.

## كۇندۇس
(كۇندۇش يىلتىزى)

ئۇ «ش» ھەرپى بىلەن «كۇندۇش» دەپمۇ يېزىلىدۇ. پارسچە «بىخ گازران» (بۆتچىلەر يىلتىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. «كۇندۇشە»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كەنكەر ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى ئاققا مايىل كۆك بولۇپ، شام رايونلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن يۇڭ كىيىملەر يۇيۇلىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى قارىغا، ئىچى سېرىققا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ، قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر، يېڭى ۋە يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، زەھەرلىك قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆچلۈك ئۈسىتىدۇ، قان بىلەن بەلغەمنى كۆيدۈرىدۇ.

بەلغەمنى كېسىدۇ، سەۋدانى چىقىرىدۇ.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن بىر دانە ماش چوڭلۇقىدا ئېلىپ بىنەپشە يېغى بىلەن بۇرۇنغا پۈركۈسە دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، قويۇق خىلتلارنى چۈشكۈرتۈش بىلەن قوزغىتىپ چىقىرىدۇ. ئەزالارنىڭ سىزىمسىزلىنىشى، پالەچ، لەقۋا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. تۇتقاقلىق بىلەن هوشىنى يوقاتقان ۋە سەكتە بولغان كىشىنى هوشىغا كەلتۈرىدۇ. دىماقنى ئاچىدۇ، بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىسمۇ ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن بۇرۇنغا پۈركۈسىمۇ بولىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ شىپالىرىغا قوشۇلىدۇ. قايناتمىسى بىنەپشە يېغى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا كىرلىرىنى تازىلايدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلاقنىڭ گۈركىرىشى، غوڭۇلدىشى ۋە ئىسسىقلىقىنى يوقىتىدۇ، هۆل سوغۇقتىن بولغان يەللىرىنى تارقىتىدۇ، قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئومۇمەن ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن چۈشكۈرتۈلسە مېڭىنىڭ هۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىش پەسلىدە ياكى قىش پەسلىگە يېقىن ۋاقىتتا ئىشلىتىش كېرەك بەدەندە ماددىلار يىغىلىپ قالغاندا، ئىسسىق پەسىللەر ۋە ئىسسىق شەهەرلەردە ئىشلىتىشتىن هەم مىزاجى ئىسسىق بولغانلار، بالىلار، بەدىنى ئاجىز ياشانغانلارغا ئىشلىتىشتىن پەرهىز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چۈشكۈرتۈلسە كۆپ هاللاردا ئۆزى توختىمايدۇ، بۇ چاغدا بىنەپشە يېغى بۇرۇنغا تارتىلىدۇ، سىركە، گۈلاب، سوۋۇتۇلغان قار ـ مۇز سۈيى بىلەن هۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن قەي قىلدۇرۇلسا نەپەس قىيىنلىشىش، كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن 0.5 گىرام ئېلىپ يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆچلۈك قۇستۇرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك، هەيزنى هەيدەيدۇ. ئۆلۈك هامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ هەسەل بىلەن هەمەلچە قىلىسمۇ ئۆلۈك هامىلىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرۈشى تېخىمۇ كۈچلۈكرەكتۇر. ئۈچەيلەرنى قىزىتىدۇ. كەپە يىلتىزى ۋە جاۋشىر بىلەن ئىشلىتىلسە سەۋدانى تەنقىيە قىلىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ئىستىسقا، يەرقان، تال ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: هەسەل بىلەن زىمات قىلسا داغنى يوقىتىدۇ، بەهەق ۋە ئاقكېسەلگە

شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ قارىسىنىڭ شۇ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى زەرنىخ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىشىشكە داۋا بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: سىركە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا قوتۇر، قىچىشقاق، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. سىركە ۋە ئاز مىقداردىكى گۈل يېغى بىلەن قايىنتىپ زىمات قىلسا قىچىشقاقنى پەسەيتىدۇ.

بوغۇملار كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋىسى ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يېڭى سېغىلغان سۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** قۇستۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن بىرگە يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە، تال كېسەللىكى ۋە يەرقان ئۈچۈن يېرىم گىرام ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلىش لازىم، بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە ۋە ياز پەسلىدە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە تېخىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم.

ئۇنىڭ ئالتە گىرامى گالنى بوغۇش، ئىچنى كۆيۈشتۈرۈش، زىيادە ئۇسسىتىش، ئەقىلنى ئېلىشتۇرۇش، قورساقنى ئاغرىتىش، ئۈچەيلەرنى ئۈزۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سۈت ۋە ياغ بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، تەركىبىدە شەھمەنزەل بولغان كۈچلۈك قايىنتىلما بىلەن ھوقنە قىلىنىدۇ. كۆپ مىقداردىكى كالا يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. پەيلەر تارتىشىپ قالسا، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىپ قېلىشنىڭ تەدبىرلىرى قىلىنىدۇ.

بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگەندە، بولۇپمۇ ئەقلى ئېلىشقان ۋە ئاشقازاندا قاتتىق ئاغرىق يۈز بەرگەندە قۇتقۇزۇشنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ، دەيدۇ.

## كەنگەرزىد
(ھەرشىف يېلىمى)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر، «كەنكەرى»، «تۇرابۇل قەي» (قۇستۇرغۇچى توپا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھەرشىف ئۆسۈملۈكى يېلىمى بولۇپ، پارسچە «كەنكەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىلمان سۇ، سىركەنجۇبىل ياكى ھەسەل بىلەن ئىچسە بەلغەم

بىلەن سەپرانى قەي بىلەن ئاسان چىقىرىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قۇستۇرۇش جەھەتتە قەي ياڭىقى (جەۋزۇلقەي)، باشقا جەھەتلەردە دارشىشئان.

## كەنگەھى

(تارغاق دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «كەنگەھىيە» مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە مېۋىسى تارغاققا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «دەرەختى شانە» (تارغاق دەرىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ «مەشەتۇل غۇل» (ئېزىتقۇ تارغىقى) ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «شەۋھەت» (زەھەرلىك مازارىيون) ئۆسۈملۈكى ئىكەن . ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى باشقا ئۆسۈملۈك بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيتى:** بېنگالدا بولىدىغىنى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدىكەن. شاخلىرى چىچىلاڭغۇ، قاتتىق بولۇپ، ئۇچىدا يەنە ئۇششاق شاخلىرى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بولىدىكەن. يوپۇرمىقى ئومۇمەن يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭ، كەڭ، قېلىنراق ۋە قاتتىق بولىدىكەن. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا كىچىك، سېرىق گۈلى بار بەش دانە گۈل بەرگى، ئوتتۇرىدا ناھايىتى ئىنچىكە يىپسىمان ئانىلىقلىرى بار بولۇپ، ئۇچىدا ئۇششاق، سېرىق چاڭلىرى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا يەنە يېشىل رەڭلىك يىپسىمان ئانىلىقلارمۇ ئارىلاشقان ئىكەن. ئۇرۇقى فونتاننىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان غوزەك ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەرخەمەككە ئوخشاش مېۋە چۈشىدىكەن، جەمئىي 17 ~ 18 دانىغىچە بولىدىكەن، ئىچىدىن قارا، كىچىك، سەل ياپىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق بولغان ئۇرۇقى چىقىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، ئىششىقلار، تۇتقاقلىق بولمىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ، سەۋدالىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك يولى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئۇرۇقى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقى قايىنىتىلغان سۇ بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى

پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يوپۇرمىقى قايىنتىپ ئىستېمال قىلىنسا بەل ئاغرىقى، ئەزالار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، قانلىق ۋە يەللىك بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنى كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ تەمىنى چىقىرىپ ئەتىسى ئەتىگەندە پىسەپىلىرىنى سۇزۇۋېتىپ سۈيىنى ئىچسىمۇ قانلىق ۋە يەللىك بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرقانچە شېخىنى ئېلىپ، سۇت قايىنتىلغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا، سۇت ئۇيۇپ ئۇندەك ھالەتكە كېلىدۇ.

## كەنۇس تەبەرىي
(چوڭ دولانا)

ئۇ تەبەرىستان تىلىدا دولانىنىڭ چوڭىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركچە «ئەركىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى، تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كىچىك دولانىدىن كۈچلۈكرەك، قابىزراق ۋە لەززەتلىكرەك بولىدۇ.

## كەنھان
(كەنھان ئۆسۈملۈكى)

ئۇ پارسچە «كوھان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. بەزىلەر ئۇنى نىبىتچە سۆز دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى «كونھان» دەپ ئاتىشىدۇ. بەغدادىي ئۇنى «كەنھان» دەپ ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كىچىكرەك دەرەخكە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى رەڭگى ۋە ئۆتكۈرلۈكى جەھەتلەردە ھەبىبتۇلخۇزرا ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تۇتۇنىگە ئوخشاش پۇرايدۇ. ھەربىر توم شېخىدىن يەنە بىر شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. شېخى ھەببەتۇلخۇزرانىڭ شېخىدىن يۇمشاقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** داۋاملىق پۇرىسا مېڭىنى قىزىتىدۇ، ئىستېمال قىلسا بەدەننى قاتتىق قىزىتىدۇ، سوغۇق مىزاجدىكى ئاشقازان ۋە جىگەرنى قىزىتىدۇ. ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال

قىلسا خام كېكىرتىدۇ، كۆيدۇرۇش بىلەن تائامنى بۇزىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** مەقئەتكە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خىلىتنى كۆيدۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چايانىنى قاچۇرۇش تەسىرى ئاجايىپ كۈچلۈكتۇر. ئۇ بار يەرگە چايان يېقىن كەلمەيدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى چايانغا چاچسا ئۆلتۈرىدۇ.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كۇسۇنبۇل
(كۇسۇنبۇل دەرىخى)

ئۇ دەيلەم ۋە تەنەكابۇن تىلىدۇ. ئىبنى تىلمىيز دېگەن ھەكىم (تەبەرىستان تىلىدا «دىيۋار» دېيىلىدۇ) دېگەن. مازىندەران ۋە دامغان تىلىدا «گوزەن گىياھ» دەپ ئاتىلىدۇ. باغدادىينىڭ تەزكىرىسىدە «كومەرسەل» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئالمىنىڭ تۈرى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى نارەنجى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، غولى ئىككى غولاچتىن ئېگىز ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولۇپ، ئەينولا ئۇرۇقچىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ. «تۆھپە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ ئالما ئەمەس دېگەن. دەيلەمدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى تائاملارغا قوشۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەست قىلىدۇ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، ھوشسىزلاندۇرىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاش ۋە سىيىپ يېتىشقا پايدا قىلىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يوپۇرمىقىدىن تائاملاردا 30 گىرامغىچە، يىلتىزىدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا سارىڭ قىلىدۇ، ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، يۇلغۇچى قانداق ھالەتتە يۇلغان بولسا، يىلتىزنى ئىستېمال قىلغاندا قانداق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغان بولسا زەھەرلىگەندە يەنە شۇ خىل ھالەتنى پەيدا قىلىدىكەن ۋە شۇ گەپ ـ سۆزلەرنى قىلدۇرىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

# كەۋنلە
(كەۋنلە مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى نارەنجى دەرىخىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەرىخى نارەنجى دەرىخىدىن سەل كىچىكرەك، شۇنداقلا يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسى ۋە ئۇرۇقىمۇ كىچىكرەك بولىدۇ. گۈلى پۇراقسىزراق، يوپۇرمىقى چۇرۇكرەك، سۇس يېشىل بولىدۇ. مېۋىسى خام ۋاقتىدا يېشىل، چۇچۇمەل، پىشقاندىن كېيىن نارەنجى رەڭگىدە، تاتلىق، سۇلۇق، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. بەزىسىنىڭ پوستى نېپىزراق، سىلىق، يەنە بەزىلىرىنىڭ پوستى قېلىنراق بولىدۇ. قاتتىقلىقى نارەنجى پوستىدەك ئەمەس، ئاچچىقلىقىمۇ ئۇنىڭدىن كەمرەك ۋە خۇش پۇراقراق بولىدۇ. پوستى نېپىز بولغىنى پوستى قېلىن بولغىنىدىن سۇلۇقراق بولىدۇ. بېنگالىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان سەلھەت ۋە رەنگپۇر تاغلىق رايونلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى رايوندا، بولۇپمۇ سەلھەت رايونىدا كۆپ ياخشى ھەم مول بولىدۇ. ئۇ يەنە ئورىسە مەملىكىتىنىڭ مەيدەنىپور ۋە كەتەك دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدىن ھەم شاھجاھان ئاباد، ئەكبەر ئاباد، ئەزىم ئاباد ۋە رەنگترە دەپمۇ ئاتىلىدىغان لەكنۇ قاتارلىق شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان ئورۇنلاردىن كەلتۈرۈلىدۇ. مەزكۇر ئىككى ئورۇندا ياخشى ۋە مول بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان مەملىكىتىدىنمۇ چىقىدۇ، ئەمما مەزكۇر ئىككى ئورۇندا ئۆسكىنىدەك ياخشى بولمايدۇ. ئۇ پورتىگال مەملىكىتىدىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئەمما يۇقىرىدىكى مەملىكەتلەر ۋە ئىران، دۇكەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكەتلەرنىڭ بەزى شەھەرلىرىنىڭ ئەكسىچە پۈتۈن يىلدا پىشىدۇ. ئۇنىڭ پىشىش ۋاقتى ئورۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ باھار پەسلىدىن قىش پەسلىگىچە بولىدۇ، ئىككى - ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئاخىرىدا ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلغۇچى، خەفەقانغا داۋا بولغۇچى، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۇسسۇزلۇق، ئاشقازان، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. پوستى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇپ، تۇرۇنجى ۋە نارەنجى پوستىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. مەلھەم قىلسا داغ يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ۋە مۇراببا قىلىنغىنىمۇ خۇش پۇراق، يېيىشلىك ۋە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ زەھەر

قايتۇرۇش تەسىرى تۇرۇنجىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ تولۇق پىشقان مېۋىسى پوستى، ئېتى ۋە ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە قويۇلۇپ ئېچىغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلۇپ سۇ بىلەن سالايە قىلىپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ ھەر قېتىمدا 5~10 تالغىچە ئىستېمال قىلسا كۆڭۈل ئايىنىش، زىيادە قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ. خولېرا كېسەللىكلىرىدە كۆرۈلىدىغان زىيادە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئۇنىڭ تەسىرى زەھەر قايتۇرىدىغان پادزەھرى مەدەنى ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر.

## كۈمە

**ماھىيتى:** ئۇ ئىسپانچە سۆز بولۇپ، ئاچچىق سۇنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامىدۇر. ئاساسلىق تەركىبى فۇدەج بولۇپ، سۇت بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەسىرى پارسچە «ئابكامە» دەپ ئاتىلىدىغان سىركىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قۇرتىشى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ، كۆكرەك ۋە يۆتەلگە زىيان قىلمايدۇ. ئەمما كۆپ ئىشلىتىلسە ئوفۇنەتلىك تەپلەر ۋە كونا ئىششىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

## كۇۋىيت
(كۇۋت مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «ۋ» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ب» ھەرپى قوشۇلۇپ «كۇبىت»مۇ دېيىلىدۇ. بېنگالدا «كۇتبىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، بىل مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، كىچىك تاۋۇز چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پوستى قاتتىق، ئاق، يېشىلغا مايىل، يىرىك بولىدۇ. ئېتى چۇچۇمەل، قىرتاق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن ئاچچىق - چۇچۇك، خۇش پۇراق بولىدۇ. دۆكەن رايونىدا ياخشى بولىدۇ. ئۇرۇقچىسىمۇ بىل مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقچىسىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. سۇتىمۇ بىل مېۋىسىنىڭ سۇتىگە ئوخشايدۇ. دەرىخى بىل دەرىخى ۋە ياڭاق دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىل دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يېڭى چىققان يۇمران يوپۇرمىقى ۋە چېچىكىنىڭ تەمى ئومۇمەن تەرخۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمىگە ئوخشاش، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، قورۇغۇچى، يۈرەك، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا ئېغىزنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە گال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تاڭلاي، تىل ۋە گال قاتارلىق ئەزالارغا قاپارتما ۋە چېچەك چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى چىشقا سېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەزىم ئەزالىرى ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سىقىلغان تائامغا قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئېتى ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە دۈنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئېتى تېپىلمىسا قۇرۇق پوستى سالايە قىلىپ دۈ چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### كەھرىبا

(كەھرىۋا)

ئۇ پارسچە سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى ياكى پارسچە «كاھ رەبا» (سامانني تارتقۇچى) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. يۇنانچە «زىيامىينىتۇس»، سۈريانچە «ھەمەرما»، رىمچە «ھىيغىيرىس»، ھىندىچە «كەپۇر»، ئەرەبچە «قەرنۇل بەھر» (دېڭىز مۈڭگۈزى)، «مىسباھۇر رۇم» (رىم چىرىغى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، رۇس، بۇلغارىيە، ماراكەش ۋە باشقا ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ چوڭ دەرەخ بولۇپ، «ھۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. قار كۆپ ياغىدىغان سوغۇق شەھەرلەردە ئۆسىدۇ.

كەھرىۋا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى رىمدىن چىقىدىغىنى، يەنە بىرى نىبىتتىن چىقىدىغىنىدۇر. رىمدىن چىقىدىغىنى ياخشىراق، قاتتىق، پارقىراق، ئالتۇن رەڭ بولۇپ، ئۇزۇندا ئېرىيدۇ. قولغا سۈركىسە قىزىتىدۇ ۋە لىمون پۇرىقى كېلىدۇ. سامان پارچىلىرى يېنىغا ئېلىپ بېرىلسا ئۆزىگە تارتىدۇ، يەنە ئۇنىڭغا پاختا ۋە يىپەك تەگكۈزۈلسىمۇ ئۆزىگە

تارتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ «كەھرىۋا» (سامانىنى ئۆزىگە تارتقۇچى) دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە باشقا رەڭلەردىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ نىبىتتىن چىقىدىغىنى يۇقىرىقى سۈپەتلەردە بولمايدۇ، قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. بەزىدە ئىچىدىن سامان ۋە تاش پارچىلىرى چىقىدىغان بولۇپ، سىرغىپ چىققاندا ئارىلىشىپ بىرلىكتە قېتىپ قالغان بولىدۇ. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆئمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابتا «كەمىنە كەھرىۋانىڭ ئىچىدە چىۋىن بىرلىكتە قېتىپ قالغان بىر پارچىسىنى كۆرگەن ئىدىم» دەپ يازغان. بەزى ئىشەنچلىك ئەرباۋلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستان پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە بىر پارچە كەھرىۋا بار بولۇپ، ئىچىدە بىر دانە مايمۇننىڭ قېتىپ قالغان بالىسى بار ئىكەن. ئىلگىرىكى ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىدىن ئايان بولۇشىچە، كەھرىۋا بىلەن سۇندۇرۇس يېلىمى بىر تۈردىن ئىكەن. سۇندۇرۇس ھىندىستان شەھەرلىرىگە، كەھرىۋا ماراكەش ۋە شىمال شەھەرلىرىگە خاس ئىكەن. ھەر ئىككىسى سامانىنى ئۆزىگە تارتىدىكەن. پەقەت سۇندۇرۇس قولغا سۈركىسە ئازراق قىزىقلىق پەيدا بولىدىكەن ۋە سامانىنى ئۆزىگە تارتىدىكەن. كەھرىۋانى قولغا كۆپ سۈركەش ھاجەت ئەمەس ئىكەن. سەندەرۇس يۇمشاق بولۇپ، لىمون پۇرىقى كەلمەيدىكەن، سۈركىسىمۇ پارقىرىمايدىكەن. كەھرىۋا قاتتىق بولۇپ، لىمون سۈيىنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن، سۈركىسە كۆپ پارقىرايدىكەن. كەھرىۋا كۆيدۈرۈلسە مەستىكى پۇرىقى كېلىدىكەن، سەندەرۇس كۆيدۈرۈلسە سېسىق پۇراق ۋە كۆيدۈرۈلگەن مۇڭگۈزنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كەھرىۋا ماراكەش ئاراللىرىدىكى بۇلاقنىڭ سۈيى ئىكەن.

غافىقىنىڭ ئېيتىشىچە، كەھرىۋا ئىككى خىل بولىدىكەن، بىر خىلى رىم ۋە مەشرىق شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. يەنە بىر تۈرى ئەندەلۇسنىڭ غەربىدىكى دېڭىز ساھىللىرىدىكى يەر ئاستىدىن تېپىلىدىكەن. كۆپ ھاللاردا دېھقانلار يەردىن يېلىمسىمان، پارقىراق، سۈزۈك نەرسىلەرنى يىغىۋالىدىغان بولۇپ، ئۇ مەشرىقتىن ئېلىپ كېلىنىدىغىنىدىن ياخشىراق، قاتتىقراق، تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

غافىقى يەنە «ماڭا ئۇنىڭ رىمدىكى بىر خىل دەرەخ يەردىن كولاپ چىقىرىلغاندا يوپۇرماقلىرىدىن سىرغىپ چىقىدىغان، قاتمىغاندا ھەسەلگە ئوخشايدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىكەنلىكى، بەزىدە ئۇنىڭ پارچىلىرى ئارىسىدا چىۋىن، شېغىل تاش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن» دەپ يازغان. بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىنمۇ غافىقىنىڭ سۆزىگە ئوخشايدىغان سۆزلەرمۇ ئاڭلانغان.

كەھرىۋا ھەققىدە ئۇنىڭدىن باشقا قاراشلارمۇ بار بولۇپ، ئاساسى بولمىغاچقا يېزىلمىدى. سۇندۇرۇس «س» (سىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە

بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خورسەن قىلغۇچى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولغۇچى، ھەرقانداق ئىچكى ـ تاشقى ئەزادىن كەلگەن قاننى توختاتقۇچى، ئەزالارنى قورۇغۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: قان ۋە نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ، مېڭىدىكى سۈيۈقلۇقلارنىڭ ئۆپكىگە قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆز دورىلىرىغا قوشۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىلىق دورىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن 2.5 گىرام ئېلىپ سوغۇق سۇ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. يەنە كۆكرەكتىكى تومۇرلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن بولغان قاننى توختىتىدۇ. گۈلاب ياكى سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە سەپرادىن يۈرەك ۋە ئاشقازاننىڭ شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قۇسۇش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. يامان ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەقئەتنىڭ قېنى، بوۋاسىر، بالىياتقۇ، ھەيز، جىگەر ۋە سۈيدۈك يوللىرى قېنىنى توختىتىدۇ. يەرقان، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ئاشقازان، بۆرەك ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. دوۋساقدىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. مەستىكى بىلەن ئىشلىتىلسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك قىيىن كېلىشكە شىپا بولىدۇ. تولغاق ۋە ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە خاسىيىتى بىلەن شىپا بولىدۇ. سەبرە بىلەن مەلھەم قىلسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

يارىلار، ئوت كۆيۈك يارىسى، سۇنۇقلار ۋە باشقىلار: سىرتىدىن سېپىلسە جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ، قانلىرىنى توختىتىدۇ. سۇ بىلەن سۈركىسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئەزالارنىڭ ئۈزۈلۈپ ـ سوقۇلۇشلىرى ۋە سۇنۇقلىرىغا داۋا بولىدۇ. ھەببۇلئاس بىلەن زىمات قىلسا ئىچ سۈرۈشنى، تېنى ئاجىزلارنىڭ تەرىنى توختىتىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۇنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا بۇرۇن قاناشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، خام كېكىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلانسا قورقۇشنى تۈگىتىدۇ، چۈما، يەرقاننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تۆت دانە ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ئۇنىڭغا زەكىرى قوپقان مايمۇننىڭ شەكلىنى سىزىپ ئۆزى بىلەن بىرگە تۇتۇپ جىما قىلسا جىما

قىلغۇچى ئۆزىدە ئاجىزلىق سەزمەيدىكەن.

**زىيىنى:** ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، باشقا زىيان قىلىدىكەن، كۆپ ئىشلىتىلسە باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەندەرۇس، ئەگەر ئۇ تېپىلمىسا ئىككى ھەسسە گىل ئەرمىنى، ئۇچتىن بىر ھەسسە قېلىن دارچىن، خۇرسەن قىلىشتا مەرۋايىت، چۇمانى ساقايتىشتا مارجاندۇر.

ئۇنى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى، يېغى، سۇفۇپى، قۇرسلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## كىھرنى

(كىرنى دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، گەتەل دەرىخى يوپۇرمىقىدىن سەل ئىنچىكىرەك بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك، ئۇزۇنچاق بولۇپ، بىر ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، تاتلىق، ناھايىتى سۇتلۇك بولۇپ، قول، تىل ۋە لەۋگە چاپلىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. ئارتۇق ھۆللۇكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باشنى يېنىكلەشتۈرگۈچى، ھوشىغا كەلتۈرگۈچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە تۆت خىلتنىڭ قوزغىلىشىنى پەسەيتكۈچى، قۇسۇشنى توختاتقۇچىدۇر. يۆتەل پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك يولى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. تائام ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ، جىما شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ گۇجۇرات ۋىلايىتىدە ئۆسىدىغىنى بېنگالدا ئۆسىدىغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. بەزى جايلاردا ئۇنىڭ مېۋىسى يۇملاق، ئەينۇلا چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇ خىلى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بېنگال ۋىلايىتىنىڭ پەرىنە ناھىيەسىدە ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى تۇپ دەرىخى بار ئىدى. ئۇرۇقى قىزىل تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە قاپاق قوتۇرى، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. پىل تىرنىقى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئۇ گۈلاب بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا ئەھۋە (ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقىنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك ـ تەرجىماندىن) كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

# پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## كەياكۇ

(كەياكۇ ياغىچى)

**ماھىيىتى:** ئۇ يېڭى بايقالغان زېمىندىن كەلتۈرۈلگەن يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، تەسىرلىرىنىڭ بايقالغىنىغا 65 يىل بولدى. ئۇ ياڭاق شاكىلى رەڭلىك ناھايىتى قاتتىق ياغاچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يىپچىلىرى باشقا دەرەخلەرنىڭ يىپچىلىرىدەك ئۇزۇنىسىغا ئەمەس، بەلكى ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا تىزىلىپ ماڭغان بولۇپ، بەزى يىپچىلار يەنە باشقا يىپچىلارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆرۈنەرلىك تەمى ياكى پۇرىقى بولمايدۇ. قاتتىق بولغاچقا ئۇنىڭدىن غالتەك، قېيىق پالىقى، كېمە، رىكشا چاقى ۋە باشقا ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى، يۈك چۈشۈرۈش ۋە بېسىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك پىشاڭلار ياسىلىپ يېڭى بايقالغان زېمىندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەزكۇر ئۈسكۈنىلەرنىڭ سۇنغان ۋە كونىرىغانلىرى پورتلاردا سېتىلىدۇ، تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلىرى ئۇنى سېتىۋېلىپ ئېكەكدەپ ئىشلىتىدۇ. يېڭىسى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونىرىغان ۋە سۇ، ھاۋا، ئاپتاپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. قۇۋۋىتى مەلۇم ۋاقىت ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېھتىمال ئىككىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇشى مۇمكىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، كۆيگەن خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى، كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى بولۇپ، پالەچ، ئىستىرخا، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋىسى ئاغرىقى، نۇقرەس، جوزام، سىفلىسنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، يامان يارىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. بەلكى ئۇنىڭ سىفلىس ۋە يامان يارىلارغا بولغان تەسىرى چۆپچىن ۋە ئۆشبەئى مەغرىبىيەنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زاماندىكى فىرانسۇزلار چۆپچىن شۇنداقلا ئۆشبەئى مەغرىبىيەنى كەياكۇ ياغىچىسىز يالغۇز ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى ھەر ئۈچىنى يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە چىلانما قىلىپ كۆپرەك ئىشلىتىدۇ، ئەمما قايناتما قىلىپ ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنداق ئىشلەتكەنلىكى ئاڭلانمىغان. ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ تەكرار سىناقتىن ئۆتكىنى شۇكى، ئۇنىڭ ياغىچىدىن

مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېكەكدىلىپ ئۇنىڭغا ئېكەكدەلگەن تۆت ھەسسە ئالىي چۆپچىن قوشۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ بەش ھەسسىسىچىلىك مىقداردىكى ئىككى قېتىم بەلكى ئۈچ قېتىم قايىنىتىلغان قەنت ئەرقىگە چىلاپ قېلىن ساپال ياكى شېشە قاچىغا تۆكۈپ ئېغىزى بۇسى پەقەت چىقىپ كېتەلمىگۇدەك دەرىجىدە ئېتىلىپ ئاپتاپتا 40 كۈنگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئارىلىقتا يات ـ يات ئارىلاشتۇرۇلىدۇ تاكى ياخشى ئېرىگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. مەزكۇر ئەرەق قانچە ئۆتكۈر بولسا ئۇ شۇنچە ئاسان ئېرىيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ شېشە قاچىلارغا قاچىلاپ، ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ، بەلكى شېشە قاچىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياز كۈنلىرى قۇم ئارىسىغا كۆمۈلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى تەييارلانغانلىرىنىڭ رەڭگى ياقۇت رەڭ قىزىل، سۈزۈك، پارقىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بەك سۈپەتلىك ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ پىيالىگە تۆكۈپ ئۈستىگە سۇ قۇيسا ھەممىسى خۇددى ئاق سۈتتەك بولىدۇ. ئەگەر سۇ يېرىم رەڭلەنسە ياخشى تەييارلانمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، تەسىرى ئاجىزدۇر. يۇقىرىدەك تەييارلانغاندىن كېيىن زۆرۈر بولغاندا ئوتتۇرا ھال مىزاجلىقلار ۋە ئاجىز بىمارلار ئۈچۈن كۈنىگە 12 مىللىلىتىردىن 15 مىللىلىتىرغىچە، ئوتتۇرا ھال مىزاجلىقلار ۋە ئوتتۇرا ھال بىمارلار ئۈچۈن، كۈنىگە 24 مىللىلىتىردىن 21~30 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كۈچلۈك مىزاجلىقلار ۋە قاتتىق بىمارلار ئۈچۈن 24~30 مىللىلىتىرغىچە، كۆپ بولغاندا 36 مىللىلىتىردىن 31 كۈنگىچە، ئۇزۇن بولغاندا 50 كۈنگىچە ئىچۈرۈلسە ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى ئون كۈندە، بولمىسا ئۈچىنچى ئون كۈندە كۆرۈنەرلىك پايدا قىلىدۇ، قايسى خىلدىكى جاراھەت ياكى يارا بولسۇن، ھۆللۈكلىرى قۇرۇشقا يۈزلىنىپ، بەزىلىرى قۇرۇپ قەقەچ باغلاپ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ئون كۈندە تولۇق ساقىيىدۇ. ئەگەر قەنت ئەرقىنىڭ ئورنىغا گاۋزىبان، شاھتەررە، بادرەنجبۇيا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئەرقىگە چىلاپ ئىچىسىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما شۇ كۈنلەردە گۆشسىز، تۇزسىز پولۇ سۈت بىلەن بېرىلىدۇ، باشقا ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. سۇ ئورنىغا ئىلمان سۈت ئىچۈرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كاۋاپ، قورداق، شورپا ۋە پولۇ قاتارلىقلار نان بىلەن بېرىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ھەممىسى تۇزسىز بولۇشى كېرەك. ھاۋا، روھىي ئامىللار، جىسمانىي ھەرىكەتلەر، جىما، ئاشلىقلار، كۆكتاتلار، چۈچۈمەل نەرسىلەر، سوغۇق سۇ، تۇز ۋە باشقىلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ پەرھىزى مەيلى دورا ئىستېمال قىلىۋاتقاندا بولسۇن ياكى دورا ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن چۆپچىننىڭ «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنغان پەرھىزى بىلەن ئوخشاشتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ پايدا قىلىشى، زىيان قىلماسلىقى ئۈچۈن بەدەندىكى بۇزۇق خىلتلار قان ئېلىش، قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن دورا ئىستېمال قىلىنغاننىڭ

دەسلەپكى مەزگىلى ياكى ئوتتۇرىسىدا تولۇق تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھىندىستان بىلەن بېنگالدا ئۇنى قىشتا ئىشلەتكەندىن يازدا ئىشلەتكەن ياخشىراقتۇر، دەپ قارايدۇ، قالغىنىنى بۇيۇك ئاللا بىلىدۇ.

## كەيك ۋاشە

(بۆرگە قاچار ئوت)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى، خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاستىغا سېلىپ ياتسا بۈرگە قاچىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يۇنانچە «دۇقۇس» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ نامى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقى سالايە قىلىپ كۆرپىلەرگە سېپىپ قويسا بۈرگىنى قاچۇرىدۇ. دۇقۇس ئوتى ئىلگىرى بايان قىلىندى.

## كەينتى

(كەينتى ئوتى)

ئۇ بېنگالچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل پىلەكلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى ۋە گۈلى كاسىنە گۈلىنىڭ رەڭگىدە، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتۇلغان يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ چايان چېقىۋالغان كىشىنىڭ بۇرنىغا پۈركۈسە زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب
# «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لازەن
(لازەن)

ئۇ «د» ھەرپى بىلەن «لادەن»مۇ دېيىلىدۇ. دەرىخى فىرانسۇزچە «لەدان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** شىلىمشىق، قويۇق سۇيۇقلۇق بولۇپ، تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ غولى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئانار دەرىخى چوڭلۇقىدا بولۇپ، دىبىق دەرىخىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، بىرى يەنە بىرىگە تۇتىشىپ ئۆسىدۇ، نېپىز، قاتتىق بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئىچىدىن ئىنچىكە، قارا ئۇرۇق چىقىدۇ. فىرانسۇزچە رەسىملىك كىتابتىن ئايان بولۇشىچە، ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدىكەن. يوپۇرمىقى شېخىنىڭ ئىككى تەرىپىدە جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئانار يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولىدىكەن. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا مېۋىسى ۋە گۈلى بولىدىكەن. گۈلىنىڭ بەش بەرگى بولىدىكەن، سەل كىچىكرەك ئىكەن.

لازەن بىرقانچە خىل بولىدۇ. غولى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن ئېلىنغىنى ساپ، ناھايىتى ياخشى، خۇش پۇراق بولىدىغان بولۇپ، ھەممىدىن ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «لازەن ئەنبەرىي» (ئەنبەر پۇراقلىق لازەن) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ يەردىكى قوي ۋە ئۆچكىلەر ئۇنى ئوتلىغاندا يۇڭلىرىغا چاپلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاجرىتىپ ئېلىنغانلىرى يۇقىرىدىكىدىن ناچارراق بولىدۇ. چارۋىلار ئوتلاش جەريانىدا تۇياقلىرىغا چاپلىشىۋالغاندىن كېيىن ئاجرىتىپ ئېلىنغانلىرى ئەڭ ناچار بولۇپ، قۇم - توپا ئارىلاشقان بولىدۇ. بەزىلەر ئۇ نىبىق دەرىخىگە ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئەتىياز پەسلىدە چۈشىدىغان بىر خىل قويۇق، شىلىمشىق شەبنەم بولۇپ، يىغىۋېلىپ قۇرس ياساپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە ئېلىپ

بىرىلىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇ ھەشقىپىچەكنىڭ بىر تۈرى بولغان قەسۇس ئۆسۈملۈكىدىن ھاسىل بولىدىغان سۈيۇقلۇق بولۇپ، قوي ۋە ئۆچكىگە ئوخشاش چارۋىلار ئۇنى ئوتلىغاندا يۇڭلىرىغا چاپلاشقاندىن كېيىن ئايرىۋېلىپ ساپلاشتۇرۇپ قۇرس ياساپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قۇبرۇستىن چىققىنىنىڭ ياخشى، يۇمشاق، خۇش پۇراق، مايلىق، قىزىلغا، يېشىلغا مايىل قارا بولغانلىرىنىڭ ئەنبەر پۇراقلىق، ئېغىر، ساپ، قۇم ئارىلاشمىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ قارىلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى**: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. جەنۇبتىكى شەھەرلەردە يېتىشكەنلىرى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**: ماددىلارنى كۈچلۈك ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچقۇچى، روھلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى تارتقۇچى، ئەزالارنى سەل قورۇغۇچى، قويۇق، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى پىشۇرۇپ نورمال تارقاتقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇقاتقۇچى، ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىپ چېپىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە كىچىك بالىلارنىڭ لىپىلدىقىغا سۈركىسە نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ، يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. باشنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتكۈچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. پېشانىگە سۈركىسە نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ ۋە ئېقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ. كونا شاراب بىلەن ئىچىلسە ئەزالارنى قورۇيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيدەيدۇ، سۈت كەلتۈرىدۇ ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. مەلھەم قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆكۈلنىڭ ئايىنىشىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننىڭ بوشىشىدىن ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشنى توختىتىدۇ. ئاشقازان، جىگەر ۋە بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسىمۇ بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، گالنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۈتۈنى نەيچە ئارقىلىق بالىياتقۇغا كىرگۈزۈلسە ئۆلۈك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. چوشقا يېغى ياكى كالا يېغى بىلەن زىمات قىلسا مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇ گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە ھۆقنە قىلسا ئۈچەينىڭ سوغۇقتىن بولغان زەخمىسىنى ساقايتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: مەلھەم قىلىسا ساقىيىشى تەس بولغان كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ، بۇزۇق گۆشلەرنى تازىلايدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئۇ ھەببۇلئاس يېغى ۋە شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ چاچقا سۈركىسە چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەپ ئۆستۈرىدۇ، قارايتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇچۇچان بولۇپ، ئەزالارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىدۇ، بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. چاچ ھاسىل بولۇشقا يارايدىغان خىلىتلارنى تارتىدۇ. مەزكۇر سەۋەبلەردىن يەنە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىشىشكە شىپا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىسا ئەزالارنىڭ يۇلۇنۇپ چىقىپ كېتىشى ۋە ئاقكېسەلگە داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىسا يارا ئىزلىرى ۋە سۇلۇق قاپارتمىنى يوقىتىدۇ.

ئىششىقلار ۋە ئاغرىقلار: زۇپتى بىلەن زىمات قىلىسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بابۇنە ۋە سېرىقچېچەك يېغى بىلەن زىمات قىلىسا سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

ئوت كۆيۈك يارىسى: گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

زىيانداش ھاشارات: ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئايال سىيىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسرىقىنى پەرجىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن دەرھال سىيگۈسى كەلسە ھامىلدار بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا ھامىلدار بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ، ئىستېمال قىلىسا كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇمبۇل رۇمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ 30 گىرامىنى 450 مىللىلىتىر زەيتۇن ۋە كۇنجۇت يېغىغا سېلىپ ئېرىتىپ چوغ ئۈستىدە قويۇپ، ئالتىدىن بىر قىسمى پارغا ئايلانغاندا ئىشلىتىلسە ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ھۆللۈكتىن بولغان زۇكامغا شىپا بولىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، چاچنى قارايتىپ ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## لازىۋەرد
(لاجۇۋەرد)

ئۇ پارسچە «لاجىۋەرد» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ قەشقەردىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل تاشتىن ئىبارەت بولۇپ قاتتىق، سۈزۈك، كۆك، پارقىراق، قىزىلغا، بىنەپشە رەڭگە ۋە يېشىلغا مايىل ئالتۇن رەڭلىك توچكىلار بار بولغان، توپىدىن ھاسىل بولغان تومۇرلىرى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى سۈنئىيلىرى بولۇپ، تېبابەتتە

ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئۇ ئالتۇنغا يېقىنلاشقان، ئەمما ئالتۇن بولالمىغان، قۇرۇقلۇق غالىب كېلىپ شۇ خىل رەڭ ۋە لاجۇۋەرد ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئاز مىقداردىكى ياخشى سىماب ۋە ناچار بولمىغان كۆپ مىقداردىكى گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدۇ.

ئۇ يۇمشاق تالقانلانغان سېرىق زەرنىخ، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى زاك ۋە قۇمنى تۈز ئېرىتىلىپ قىزىتىلغان مىس بىلەن تاكى كۆكەرگۈچە داغماللانغان سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرۇتۇپ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ھەقىقىي لاجۇۋەرد ئورنىدا سېتىلىدۇ. يەنە مەرمەر تېشىنى زەمچە چىلانغان سۇ بىلەن بىر قېتىم سۇغۇرۇپ، مەزكۇر سىركە بىلەن يەنە بىر قېتىم سۇغۇرۇلۇپ تېزەك ئارىسىغا بىر كېچە كۆمۈپ سۈس ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ ھەقىقىي لاجۇۋەرد ئورنىدا سېتىلىدۇ.

ئۇ ھەقىقىيسىنىڭ قاتتىقلىقى، چىڭلىقى، يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى، سالايە قىلسا رەڭگىنىڭ ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

فىرانسىيەدىن سالايە قىلىنغان لاجۇۋەرد رەڭلىك بىر نەرسە ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، يەڭگىل بولىدۇ. سالايە قىلسا ياخشى سالايە بولمايدۇ، ياخشى سالايە قىلسا رەڭگى ناھايىتى سۇس بولىدۇ. ئۇ لاجۇۋەرد ئەمەستۇر.

ئۇنىڭ تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى قەشقەردىن چىققان ئەسلىيسى بولۇپ، ئىچىنى سۈرۈش مەقسەت قىلسا يۇيۇلمىغىنى، باشقا مەقسەتلەر قىلسا يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى يۇيۇلمىغىنىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى يۇيۇلغىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە باشقىلار ئۇنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. يۇيۇلغىنى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، خىلىتلاردىكى دۇغ ماددىلارنى تازىلىغۇچى، سەۋدا ۋە قانغا ئارىلاشقان قويۇق خىلىتلارنى سۈرگۈچىدۇر. ئۇ خاسىيىتى بىلەن يۈرەك ئەتراپىدىكى سەۋدانى تازىلايدۇ، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. غەم قىلىش، ئەنسىرەش ۋە ياتسىراشتەك خاھىشلارنى تۈگىتىدۇ. قويۇق بۇخاراتلارنى يوقىتىدۇ. خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاجىز قورۇش قۇۋۋىتى بار. قالغان تەسىرلىرى ئەرمەن تېشى ۋە لەزاقۇز زەھەب (ئالتۇن پوقى ـ ت)نىڭ تەسىرىگە ئوخشاش، ئۇلاردىن ئاجىزراق بولىدۇ. كۆيدۈرگۈچى، يارىلاندۇرغۇچى، چاققۇچى ۋە چىرىتكۈچى قۇۋۋەتكە ئىگە.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: بۇرۇنغا پۈركۈسە قېنىنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا مالىخولىيا ۋە ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىقى، كۆز ياشانغىراش، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز

يارىسى قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ، كىرپىكلەرنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاپاقلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كىرپىك ئۈندۈرگۈچى ۋە ئۇلارنى قىزىتقۇچى كۆز دورىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆكرەكتىكى ئەزالار، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا يۈرەكنىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرى، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ، سەۋدا ۋە سەۋدالىق خىلتلارنى سۈرىدۇ. سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى ئۈچ مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر ۋە زىنىنەتلەش تەسىرى: سېپىلسە يەل يارا، يامرىغۇچى يارا، جوزام، قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا چاچنى بۇدۇر قىلىدۇ، چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، ھۇماما.

(2) كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. بولۇپمۇ يۇيۇلمىغىنى ئېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل ئىستېمال قىلىش ۋە يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 ~ 5 گىرامغىچە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەجرى ئەرمىنى. ئالتۇن پوقىمۇ دېيىلگەن.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى، ھەبلىرى، سۇفۇپى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## لائەرىين
(توشقانپۇت ئوت)

ئۇ «لائۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، توشقاننىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەرنەبىي» (توشقانسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «رىجلۇل ئەرنەب» (توشقانپۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ. لاتىنچە «لەكۇنىس»، بەربەرچە «تەرىيتۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا تەپ بىمارىنىڭ ئىچىنىڭ سۈرۈشىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا ۋە ئېسىۋالسا يېرىقلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

# لاغىيە

## (لاغىيە ئوتى)

ئۇ تەنەكابۇندا «سىينە بىيخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇتلۇكئوتلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، باشقا سۇتلۇكئوتلارغا قارىغاندا، زەرەرسىزرەك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى سۇتلۇك بولۇپ، سوقمونىيا ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، سېرىق، گۈلىمۇ قىزىلغا مايىل سېرىق بولىدۇ، نەرگىس گۈلى ۋە سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ. سەل خۇش پۇراق بولۇپ، ئۈستىگە چىۋىن قونۇپ يەيدۇ. ئۇرۇقى خەشخاش ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى يېرىلسا ئۇنىڭدىن سۇتسىمان سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدىغان بولۇپ، يىغىۋېلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ سۇتىنى ئارپا ئۇنى ۋە كەتىرا بىلەن جەملەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تاغ ئېتەكلىرىدە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەلكى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇتى سوقمونىيادىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، زەھەرلىكتۇر.

**ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئىچىنى كۈچلۈك سۈرگۈچى ۋە قۇستۇرغۇچى بولۇپ، قورساقتا سۇ چۇشۇشكە داۋا بولىدۇ، زەرداب سۇ ۋە كۆيگەن خىلىتلارنى چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقى پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىسىمۇ قورساققا سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ، زەرداب سۇنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئىستېمال قىلىسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ ۋە ئىچىنى سۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەسىرى سۇتىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئەمما سۇتىنىڭ تازىلاش تەسىرى بار. ئۇرۇقىمۇ ئىچىنى سۈرىدۇ ھەم قۇستۇرىدۇ. سۇتى بېلىق بار كۆلگە تاشلانسا بېلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۈستىگە لەيلىتىدۇ. زىمات قىلىسا تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقىمۇ شۇنداق تەسىرگە ئىگىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ساپ سۇتىدىن يېرىم گىرام، ئارپا ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇلغىنىدىن بىر يېرىم گىرام، يوپۇرمىقىدىن قايناتمىلاردا ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** تاغ كۈدىسى.

ھەسەل ھەرىسى ئۇنىڭ گۈلىنى يېگەندىن كېيىن قۇسقان ھەسەلنىڭمۇ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى بار.

## لالا
(لالىئوت)

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەككە مۇكەررەمە (ئاللا شانۇ ـ شەۋكىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىۋەتسۇن!) تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى ۋە قىزىتقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن، بولۇپمۇ مېۋىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، مەقئەت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زەرەرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەببۇلئاس.

## لالەئى سەرنىگۇن
(تەتۈر گۈللۈك لالە)

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ پارىسچە ئىسمى بولۇپ، باغلاردا تېرىلىدۇ، پىيازغا ئوخشاش يىلتىزى بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى باراۋەر مىقداردىكى دۇمبە ياغ بىلەن سوقۇپ قاينىتىپ، سۈيى تۆگەپ يېغى قالغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ مەلھەم قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## لالە نۇئمانى
(ئاقباشئوت)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ پارىسچە ئاتىلىشىدۇر، يوپۇرمىقى يەسمەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۈچ تالدىن توققۇز تالغىچە بولىدۇ. گۈلى شاقايىق گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. يىلتىزى پىياز يىلتىزىغا ئوخشاش بولۇپ، پىندۇق چوڭلۇقىدا، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. بىر قانچە پوستلۇق بولۇپ، ئىچكى پوستى قاينىتىلغان يېپەككە ئوخشاش ناھايىتى يۇمشاق، سىرتقى پوستى قارا، ئىچى ئاق، تاتلىق، غولى تۆت بارماق ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، كۆپ ھۆللۈكى، ئاز ئىسسىقلىقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، مەست قىلغۇچى، ئۇخلاتقۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ھەزىمنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، مەنىنى قىزارتقۇچىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لامى
(لامى يىلىمى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يىلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇش پۇراق بولىدۇ. پۇرىقى مۇرمەككى بىلەن مەستىكىنىڭ پۇرىقىدىن ھاسىل بولغان پۇراققا ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاق بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولغۇچىدۇر.

پەيلەر ۋە بوغۇملار كېسەللىكلىرى: پەي ئاجىزلىقى، ئەزالارنىڭ سۇنۇشى ۋە سوقۇلۇشى، كەم ماغدۇرلۇققا داۋا بولىدۇ. ھەببۇلئاس تالقىنى بىلەن ئىچى - تېشىدىن ئىشلىتىلسە ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بالىلارنىڭ ئايىغىنى تېز چىقىرىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار ۋە ئىششىقلار: سىپىلسە ۋە زىمات قىلىسا چوڭ يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، بەدەننىڭ سېسىق پۇرىقىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تەرلىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

سوغۇق مىزاجلىقلار، ياشانغانلار ۋە پەيلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

# پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## لبا
(ئوغۇز سۈت)

ئۇ پارسچە «فەرشە»، شىرازچە «زەھەك»، تۈركچە «ئوغۇز»، ھىندىچە «پىيۇسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ھايۋانلار تۇغقاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە سېغىلغان قويۇق سۈتتىن ئىبارەت بولۇپ، 30 گىرامى بەش لىتىر سۈتنى ئۇيۇتالايدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. كۈچلۈك توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، ھېق تۇتۇش ۋە قۇلۇنجىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەزالاردا تاش پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە بۇخارات كېكىرتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل ۋە تاتلىق نەرسىلەر.

## لەبەخ
(لەبەخ دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، ئۇستۇنكى مىسىردا كۆپ ئۆسىدۇ، چىنار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنغا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك، كۆك، ھۆل خورمىغا ئوخشايدۇ، پىشقاندىن كېيىن تاتلىقلىشىدۇ. سېسىق پۇرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ، دەرەخ پارس زېمىنىدىكى ۋاقتىدا جان ئالغۇچى زەھەر ئىكەن، مىسىرغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن زەھىرى يوقاپ داۋا ۋە غىزاغا ئايلىنىپتىمىش. بەزىلەر ئۇنى ئازاد دەرىخىنىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ، يەنە بەزىلەر سۈزاپ دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئاساسى يوقتۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ھۆل، بەزىلەر قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئاللا تائالاغا چىش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلغان، ئۇنىڭغا لەبەخ دەرىخى بىلەن ئىسرىق سېلىش ھەققىدە ۋەھيي بېرىلگەن. ئىستېمال قىلسا ئىچكى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. سېپىلسە سىرتقى قاناشنى توختىتىدۇ. مەلھەم قىلسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. لازەن ۋە ھەببۇلئاس بىلەن ئىشلىتىلسە سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلغان زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، قوزغالغان ئۇستىخاننى جايىغا تېز چۈشۈرىدۇ. تۇتۇنى ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. مېۋىسى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قان تولغاق ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيىنى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، ئۇرۇقچىسىنىڭ مېغىزى ئىستېمال قىلسا قۇلاقنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ئۇستىدە بىر خىل دۆ ياشايدىغان بولۇپ، جان ئالغۇچى زەھەردۇر.

# لەبلاب

(ھەشقىپىچەك)

ئۇ «لەبلاب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «فەربۇلە»، يۇنانچە «تەنبايىس»، «قەسۇس»، ئەرەبچە «ئاشىقۇش شەجەر» (دەرەخ ئاشىقى)، «ئۇللەيق» (ئېسىلغاق)، «ھەبلۇل مەساكىين» (مىسكىنلەر ئارغامچىسى)، «ئەشەقە» (ئاشىق بولغۇچى)، «ھەلبۇب» (سۈتلۈك)دەپ، شىرازچە «ھەرسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ قۇس (مېۋىسىز يۆگىمەچئوت)نىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چوڭ، كىچىك، ئاق، قارىدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ. ھەممىسى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. چوڭى ھىندىچە «چاندىنى بېيل» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى لوبىيا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئېقىنىڭ گۈلى ئاق بولىدۇ. شېخى جەسجاس ئوتىنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئاق بولىدىغان بولۇپ، «ھەبلۇل مەساكىين» (مىسكىنلار ئارغامچىسى) دەپ، تەنەكابۇندا «لىكۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. قارىسىنىڭ گۈلى بىنەپشە رەڭ، ئۇرۇقى قارا بولىدۇ. كىچىكى ھىندىچە «ئەشەقى پېچان» دەپ، فىرانسۇزچە ئېقى «مەدرەت ئەلبە»، قارىسى «ھەيدە بەنگىرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى ئاق، سېرىق، كۆكتىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۈلى كىچىك بولىدۇ. ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، قىزىلغا مايىل قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى مېۋىسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، كىچىك تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى سۈتلۈك بولىدۇ.

تەبىئىتى: چوڭى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر. جالىنۇس ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن، يۇھەننا بىن ماسۇيە ئىسسىق دەپ بىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، سۈرگۈچىدۇر. قاينىتىلسا ھۆللۈكى پارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى كۈچىيىپ، ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ئاجىزلايدۇ. قاينىتىلماي سىقىپ ئېلىنغان سۈيىنىڭ قۇۋۋىتى ئەكسىچە بولىدۇ.

باشتىكى، كۆكرەكتىكى ئەزالار، ھەزىم قىلىش، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيى ئىرىسا، توغرىغۇ، ھەسەل بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيى زەيتۇن يېغى بىلەن تېمىتىلسا، پاختىغا يۇقتۇرۇلۇپ قۇلاققا قويسا قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كىرىنى تازىلايدۇ. «ھەبلۇل مەساكىين» (مىسكىنلار ئارغامچىسى) دەپ ئاتالغان چوڭىنىڭ ئېقى باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆكرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سۈيى تەرەتنىڭ قېتىپ

قىلىشىدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق خىلتتىن بولغان قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ، كۆيگەن سەپرانى سۈرىدۇ. خىيارشەنبەر بىلەن ئىشلىتىلسە كاناي ئىششىقى، ئىچكى ئەزالار ئىششىقى، ئۆپكە يارىسىغا تەڭداشسىز شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلىدىن 10 گىرام ئېلىپ بادام يېغى بىلەن قايىنتىپ ئىشلىتىلسە ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلسا تال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ سىركە بىلەن قايىنتىپ ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى مېۋىسىز تۈرىنىڭ گۈلى ئىستېمال قىلسا ۋە پەرزىجە قىلسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ شېخى ۋە يوپۇرمىقى ھەسەل بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ. سىقىلغان سۈيى بالىياتقۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ئىششىقلار، يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئوت كۆيۈك يارىسى: «ھەبلۇل مەساكىين» (مىسكىنلەر ئارغامچىسى) دەپ ئاتىلىدىغان ئاق رەڭلىك چوڭىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بوغۇملارنىڭ ئىسسىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ پىشۇرىدۇ. بولۇپمۇ سۈت بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنى ياغلار بىلەن قايىنتىپ ئىشلەتكەندە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ. قايىنتىلمىغىنى چوڭ جاراھەتلەر ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا داۋا بولىدۇ. سۈيى موم بىلەن زىمات قىلسىمۇ ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. قارىسىنىڭ يوپۇرمىقى زىمات قىلسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. مېۋىسىز تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى قايىنتىپ زىمات قىلسا، يامان يارىلار ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: قارىسىنىڭ سۈيى چاچنى قارايتىدۇ، مېۋىسىز بولغان ئاخىرقى تۈرىنىڭ سۈيى زىيادە ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، چاچنى چۈشۈرىدۇ، پىت ئۆلتۈرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: مېۋىسىز تۈرىنىڭ يىلتىزى شاراب بىلەن زىمات قىلسا دۈنىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭ تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى يىرىك، ئۇزۇن، قارىغا مايىل بولغىنى ماراكەش خەلقى ئارىسىدا «سەراۋىيلۇت تىۋال» (ئۇزۇن ئىشتان) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەلنى پەسەيتىش، تال ئىششىقىنى تارقىتىش، قۇلۇنجىنى ئېچىش ۋە كونا تەپلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈيىدىن 100 مىللىلىتىر ئېلىپ 30 گىرام گىل مۇغرە بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ يەنە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ھۆلى زىمات قىلسا جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ. قۇرۇقى سېپىلسە

يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈپ يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھەشقىپىچەكنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى پەي، باش ۋە دوۋساقلا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات.

ئۇ ھامىلدارلىقنى چەكلىگۈچى، ھەيزنى توختاتقۇچىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 30~90 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ ناۋات بىلەن قاينىتىلماي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كىچىك ھەشقىپىچەكنىڭ تەبىئىتى چوڭىنىڭ تەبىئىتىگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئەزالارنى قورۇغۇچى، شىلىمشىقلىقى بىلەن سەپرانى سۈرگۈچىدۇر. ئۇ ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن بىخەتەررەكتۇر.

كۆكرەكتىكى ئەزالار ۋە باشقا كېسەللىكلىرى: قەۋزىيەت بىلەن بىرگە پەيدا بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. خىيارشەنبەر بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈچەيلەرنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تەپلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارقىتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە ئىششىقلار: بوغۇملار ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 200 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ 60 گىرام ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاق لەيلى ۋە ھەمىشبباھار سۈيىدۇر.

## لەبەن
(سۈت)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «شىير»، تۈركچە «سۈد»، ھىندىچە «دۇدىھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇقتۇر. ئۇ سۇ، ياغ ۋە پىشلاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل نەرسىدىن تۈزۈلگەندۇر. ھەرقايسىسىنىڭ مىقدارى سۈتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ. ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ۋە مۆتىدىلدىن ئىبارەت تەبىئەتلىرى ھەم تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەربىر ھايۋاننىڭ سۈتى ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە سۈتلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلىدۇ. بوغاز بولۇش ۋاقتى ۋە تۇغۇشى

ئىنساننىڭ ھامىلدارلىق ۋاقتى ۋە تۇغۇشىغا يېقىنراق بولغان ھەرقانداق ھايۋاننىڭ سۈتى باشقا ھايۋاننىڭ سۈتىگە قارىغاندا، ئىنساننى ئوزۇقلاندۇرۇشقا بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا بوغاز بولۇش ۋاقتى توققۇز ئاي بولغان كالا سۈتى بالىلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش جەھەتتە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈتىگە قارىغاندا، بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە كەيپىيات جەھەتتە مۆتىدىللىككە يېقىندۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆچكە بىلەن قوي، كېيىك سۈتى مۇۋاپىقتۇر، ئۇنىڭدىن قالسا تۆگە سۈتى مۇۋاپىقتۇر. بەزىلەر ئۆچكە سۈتىنى كالا سۈتىدىن ياخشىراق دەپ بىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈتى غىزالارنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى ئىكەن. ئېشەك سۈتى، ئات سۈتى، تۆگە سۈتى، ياۋا ئېشەك سۈتى، چوشقا سۈتى داۋا بولۇش جەھەتتە مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ سۈتلىرىدىن كۈچلۈكرەك، ئۇلارنىڭ سۈتلىرى ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ياخشىراقتۇر. شۇنداقلا ھايۋاننىڭ يەم - خەشىكى، يېشى، ئورۇق-سېمىزلىكى، رەڭگى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى، پەسىل، شەھەر ۋە باشقىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. چۈنكى ھايۋانلار ھۆل ئوت - چۆپلەر بىلەن بېقىلسا، ئەتىياز پەسلى ۋە يامغۇر پەسىللىرى بولسا سۈتى قۇرۇق يەم - خەشەك بىلەن بېقىلغان، قۇرۇق، ئىسسىق كۈنلەردىكى سۈتىگە قارىغاندا، ھۆلرەك بولىدۇ. كەندىر، خەشخاش، كاھۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئوت - چۆپلەر بىلەن بېقىلسا سۈتىمۇ مەست قىلىدۇ ۋە سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. تەرەتنى بوشاتقۇچىلار بىلەن بېقىلسا سۈتىمۇ بوشاتقۇچى، سۈرگۈچىلەر بىلەن بېقىلسا سۈتىمۇ سۈرگۈچى بولىدۇ. شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭ يەم - خەشەكلىرىنىڭ قورۇغۇچى، قىزىتقۇچى، سوۋۇتقۇچى، ھۆللەشتۈرگۈچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تەستە ھەزىم بولغۇچى بولۇشىغا قاراپ سۈتىمۇ ھەر خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاق ھايۋاننىڭ سۈتى باشقىسىنىڭ سۈتىدىن تېزرەك ھەزىم بولىدۇ.

سۈتنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرى ئىچىدە سۈيى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، يېغى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، پىشلىقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. يېڭى سېغىلغان ئىسسىق سۈتنىڭ يەڭگىل ھارارىتى بار بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ، سوۋۇغان سۈتنىڭ مەزكۇر ھارارىتى تارقاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈت ئىچمەكچى بولغاندا تېز سىڭىشى ئۈچۈن ئىسسىق ئىچىش لازىم. سۈت يالغۇز ئېيتىلسا كالا سۈتى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئايال سۈتىدىن قالسا بالىلار ۋە مىزاجى، تەبىئىتىگە ياققان باشقا كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق غىزا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا گۆش ۋە چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى مۇۋاپىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىشلىقى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ ۋە تەستە ھەزىم بولىدۇ. سۇ تەركىبى قانچە كۆپ بولسا سۈيدۈكنى شۇنچە ھەيدەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يېغى قانچە

كۆپ بولسا بەدەننى شۇنچە ئىللىتىدۇ ۋە تەستە ھەزىم بولىدۇ. قىش پەسلىدە ھايۋانلارنىڭ تۇغقىنىغا 40 كۈن ئۆتۈشتىن بۇرۇن قويۇقلۇقى، تۇغۇتىغا يېقىنلىقى ۋە سۇ قىسمىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن سۈتىنى ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۈتىنى باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدىن يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىچكەن ياخشى. سۈتلەرنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز، مىزاجى ساغلام، ياخشى يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىلغان ھايۋاننىڭ قىيامى مۆتىدىل، رەڭگى ئاق، يات تەم ۋە پۇراقتىن خالىي بولغان سۈتتۇر.

**زىيىنى:** كۆپ ئىچىلسە تەپلەرگە سەۋەب بولىدۇ، پىت، يارا، قوتۇر، قىچىشقاق، بەھەق، يامان ئىششىقلار، قاپلىق يارىلار، ماشرا كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. مەيلى ئاز ياكى كۆپ ئىستېمال قىلىنسۇن، ئىچكى ئەزاسىدا ئىششىق بارلارغا، پەيلەر ۋە پەي ـ نېرىپ كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەلغەمدىن بولغانلىرىغا زىيان قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئىچىسمۇ زىيان قىلىدۇ. يېغى بولغانلىقتىن ياغ، سەپرا ۋە غالىب خىلىتقا ئاسان ئۆزگىرىدۇ، ئاسان بۇزۇلىدۇ. ئىسسىق جايلاردا ۋە ئاشقازىنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ. سەۋدا مىزاجلىقلار، قۇرۇق مىزاجلىقلار ۋە ئەپيۇن چېكىشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاز ئىستېمال قىلسا ئوزۇقلۇق بولىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ. سۈتنى چۆچۈمەل، تۇزلۇق نەرسە، گۆش، توخۇ تۇخۇمى، بېلىق، تۇرۇپ، پىياز، ھۆل مېۋىلەر، كۆكتاتلار، دانلار ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىش ياكى ئۇ تېخى سىڭمىگەن ھالەتتە ئۈستىدىن ئىستېمال قىلىش، ئۈستىدىن بىرەر نەرسە يېيىش ۋە ئۇخلاشنىڭ ھەممىسى ئۇنى بۇزىدۇ. بەدەندە بۇزۇق خىلىتلار بولغان ۋە ماددىلار قېيىپ قالغاندا ئىستېمال قىلسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا يەرلىك ھايۋاننىڭ مايلىق سۈتى بىلەن ياۋايى ھايۋاننىڭ مېيى ئاز، تەس ھەزىم بولىدىغان سۈتى بىرلىكتە ئىچىلسىمۇ زەرەر قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** سۈتلەرنىڭ ھەممىسى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ھارارىتى ۋە ھۆللۈكى يۇقىرى. يەنە بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈتلىرى جۇلا بەرگۈچى، كۆيگەن خىلىتلارنى يوقاتقۇچى، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەمرىتكۈچى ۋە كۆپىيىش ئەزالىرىغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاشقازىنىدا سەپرا بولمىسىلا قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىكەن. ئۇ كۆزگە يالغۇز ياكى شىيافلار ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن تېمىتىلسا كۆز ئاغرىقى ۋە كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى سۈركىسە مەقئەت ئىششىقىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. دوۋساق يارىسىنى ساقايتىدۇ، دوۋساق ۋە بالىياتقۇ ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. ئەسلىي سۈيۈقلۇقلارنى ساقلايدۇ. ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، بولۇپمۇ سۇ كالىسىنىڭ سۈتىنى شېكەر بىلەن ئىچسە مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەر، دېڭىز توشقىنى زەھىرى، ساپسىيا زەھىرى، خەربەق، كۈچۈلا، زەخمىلىگۈچى، چىرىتكۈچى دورىلار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۈركىسە تېرىدىكى سەت ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئىچىلسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، بولۇپمۇ شېكەر بىلەن سۈركىسە مەزكۇر ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ گۈرۈچ شىرنىسى بىلەن ئىچىلسە بەدەننى، بولۇپمۇ قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بەدىنىنى بەكرەك سەمرىتىدۇ. مائۇلجەبىن بىلەن سۈركىسە داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: قېتىق سۇزمە سۈيى ھېلىلە بىلەن ئىچىلسە قوتۇر ۋە قىچىشقاقنى پايدا قىلىدۇ. ھىندىستان تېۋىپلىرى ئايال سۈتى بىلەن ئېشەك سۈتىدىن باشقا سۈتلەرنىڭ ھەرقانداقنى خام ئىچىلسە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان، يېلىنىدىكى ئىسسىقلىقى تېخى تارقىمىغان سۈت پايدىلىق بولۇپ، ئابىھايات قاتارىدىندۇر دەپ بىلىدۇ. مەزكۇر ئىككى - ئۈچ خىل سۈتتىن باشقىسىنى، بولۇپمۇ ئۆچكە سۈتىنى قايىنىتىپ ئىچسە ياخشىراقتۇر. ئۇنى قايىنىتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭغا تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا ساپ سۇ قوشۇپ سۇس ئوت بىلەن سۈيى كېتىپ سۈتى قالغۇچە قايىنىتىپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ سوۋۇتۇپ ئىچىلىدۇ. يەنە سېغىلغاندىن كېيىن ئىككى سائەت، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا تۆت سائەت تۇرۇپ قالغان سۈتنى ئىچىش ياخشى ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا بالىسى ئۆلۈپ قالغان، چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئورۇق، كېسەلچان، بوغاز، يېڭى تۇغقان ياكى تۇغۇشقا ئاز قالغان ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچىشمۇ ياخشى ئەمەس، كۆپ كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. تەپلەرنىڭ دەسلىپىدە ئىچىشكە بولمايدۇ، ئەمما ئاخىرلىرىدا پايدىلىقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۈت قەۋزىيەتنى بوشىتىدىكەن، كۆزنىڭ كۆيۈشۈشىنى تۈگىتىدىكەن، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدىكەن، بەدەننى سەمرىتىدىكەن، قۇۋۋەتلەيدىكەن، ياشانغانلارغا، سۈيدۈك ئاجرىتىش ۋە كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدىكەن. سۈتنى باراۋەر مىقداردا ياكى كۆپ مىقداردىكى سۇ بىلەن ئىچسە سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ.

## لەبەنۇل ئەتان
(ئېشەك سۈتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «شىيرى ئۇلاغ»، ھىندىچە «گەددىكا دۇدىھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇقتۇر. سۇ تەركىبى كۆپ، مىيى ناھايىتى ئاز، پىشلىقىمۇ زىيادە ئازدۇر.

**تەبىئىتى:** ھەرقانداق سۈتتىن ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىگىچە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز، ساغلام، يېڭى تەخەيلىگەن ئېشەكنىڭ سۈتىدۇر. تەخىيى مادا بولسا ياخشىراقتۇر. سوۋۇتماي ئىسسىق ئىچىش لازىم.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىيادە سوۋۇتقۇچى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، يارىلاندۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. غالىب خىلىتقا ئاستا ئۆزگىرىدۇ. ئاشقازىنىدا سەپرا بولمىغان قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئىچىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: بۇرۇن، قۇلاق ۋە چوقىقا قاتارلىق ئورۇنلارغا تېمىتىلسا، پۇركۇسە ياكى سۈركىسە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قۇرۇقلۇقنى تۈگىتىپ ئۇخلىتىدۇ. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە مېڭىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقى، كۆز ياشانغىراش، قاپاق گىرۋەكلىرى ئىششىقى، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. كۆزنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە گۇل يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە ياخشى پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە ياخشى پايدا قىلىدىغان بولۇپ، بىر پارچە چىگە رەخت ئۇنىڭ بىلەن نەمدەپ باشنىڭ ئالدى قىسمى، قورساق ۋە كۆز قاتارلىق ئورۇنلارغا يېپىلىدۇ، ئىسسىپ قالسا ياكى قۇرۇپ قالسا رەخت ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ياكى فۇلۇسى خىيارشەنبەر بىلەن بىرلىكتە غار ـ غار قىلسا ياكى ئېغىز چايقالسا بوغما كېسەل، چىش مىلىكى، كىچىك تىل ۋە بادامبەز ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ماددىلارنى تارقىتىش رولى تېخىمۇ ئاشىدىغان بولۇپ، مەزكۇر كېسەللىكلەرگە تېخىمۇ پايدا قىلىدۇ. كەھرىۋا ياكى سۈندۈرۈش يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا پۇركۇسە قېنىنى توختىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، تەپلەر، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئۆپكىگە پايدا قىلىدۇ، سىل، جۇدەتكۈچى قىزىتما، ئۆپكە يارىلىرى، ئىسسىق، ئۆتكۇر تەپلەر، ئىسسىق، ئۆتكۇر كېسەللىكلەر، قۇرۇق ئىسسىقتىن ئورۇقلاش، يۆتەل، نەپەس قىيىنلىشىش، ھارارەتنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆتكۇر نەزلىلەر، قاناش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ كەھرىۋا، كەتىرا، گىل مەختۇم، ئەنجىبار پوستى، ئەرەب يېلىمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

قاناشقىمۇ داۋا بولىدۇ. قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقا، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقى، قان، سەپرانىڭ ھارارىتى ئېشىپ كېتىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۆچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ قورۇغۇچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. زەكەر تۆشۈكىگە يالغۇز تېمىتىلسا سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىنى پەسەيتىدۇ. خۇنسىياۋشان، گىل ئەرمىنى ۋە قاپاق يېغى بىلەن تېمىتىلسا سۈيدۈك يولى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە زەكەر تۆشۈكىگە ماڭدۇرۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئىششىقلار: زىمات قىلسا ئىچكى، تاشقى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ زەپەر بىلەن زىمات قىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھۆل سوغۇق مىزاجلار، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باش قېيىش، قۇلاق غوڭۇلداشقا زىيان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنى ئىچىپ ئۇخلىسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھېقنى قوزغىتىدۇ، تۇتۇنلۇك كېكىرتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت ھەسلى.

**ئىستېمال مىقدارى:** شېكەر، كەتىرا، قاپاق يېغى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە 60~200 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سۈتى قايسى كېسەللىككە ئىشلىتىلمەكچى بولسا شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئوت ـ خەسلەر بىلەن بېقىلىدۇ، مەسىلەن: قان تۈكۈرۈش، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ كېسەللىكىگە ئىشلەتمەكچى بولغاندا ھۆل يۇمغاقسۈت، خەرنۇب چاتقىلى يوپۇرمىقى، ھەمىشەباھار، دولانا شېخى، پاقىيوپۇرمىقى، كاھۇ، چىلانغان ئارپا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بېقىلىدۇ. جۇلا بېرىش، ماددىلارنى تارقىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە كەرەپشە، ئارپىبەدىيان، شىھ، ئەمەن، چىلانغان ئارپا ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئايال سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى.

ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قارابادىن كەبىردە ۋە بۇ كىتابنىڭ بېشىدا ئومۇمىي ھالەتتە بايان قىلىندى.

## لەبەنۇل ئەسەد

(شىر سۈتى)

ئۇ شىر سۈتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندىچە «باگھكا دۇدىھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** زىيادە ئىسسىق ۋە ئۆتكۈردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىيادە جۇلا بېرىش، سىڭىپ كىرىش ۋە سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار.

## لەبەنۇل بەقەر
(كالا سۈتى)

پارسچە «شىيرى گاۋ» (كالا سۈتى)، ھىندىچە «گايىكا دۇدىھ» (كالا سۈتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ ياغ تەركىبى ئەسلىدىلا يۇقىرى ۋە يەنى سۇ كالىسى سۈتىدىن باشقا، ھەممە سۈتلەرنىڭ قويۇقى بولسىمۇ ياغ، پىشلاق، سۇ قاتارلىق ئۈچ تەركىبى باشقا سۈتلەرگە قارىغاندا، مۆتىدىل، تەكشى بولىدۇ، يەنە قويۇق - سۇيۇقلۇقتىمۇ مۆتىدىلدۇر.

ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، سېمىز، مىزاجى ساغلام، كېسەللىكتىن خالىي بولغان، ياخشى ئوت - چۆپلەر بىلەن بېقىلغان كالىنىڭ بولۇپ قىيامى مۆتىدىل، ئاق، ساپ، تاتلىق، غەيرىي تەمى ۋە پۇرىقى بولمىغان سۈتىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى، سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى مۆتىدىل، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تېز ھەزىم بولغۇچى، كۆپ ئوزۇقلاندۇرغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: يېڭى سېغىپ تېخى سوۋۇمىغان سۈتى ئىچىلسە مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئەسلىي ھۆللۈكلەرنى ساقلايدۇ. ئۇنتۇغاقلىق، مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ، ئۆزىگە سۆزلەش خاھىشىنى تۈگىتىدۇ. رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. بۇرۇن كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇ داۋاملىق تېمىتىلسا ۋە سۈركىسە كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا، ھەتتا ساقىيىش ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىرىگىمۇ داۋا بولىدۇ. كۇندۇر بىلەن سۈركىسە كۆزدىكى خالنى، ئەنزىرۇت بىلەن سۈركىسە تىرناقچە گۆشنى، كۆز ئېقىغا ئۆسۈپ قالغان پەردىنى يوقىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتى ئىسسىق ھالەتتە ئىچىلسە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، غەم قىلىش ۋە ئۆزىگە سۆزلەش خاھىشىنى تۈگىتىدۇ. خەفەقان، ئۆپكە يارىسى، خىلىتى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان، قىزىتما بولمىغان سىل، ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ. ئىچىنى بوشىتىدۇ. سۈت كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، گەندىدىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان قولۇنجىغا، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تولغاققا داۋا بولىدۇ. تۆمۈر ياكى تاش بىلەن تەكرار داغماللانغان سۈت ئىچىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە سۇ قوشۇپ ئىچسە سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ، بولۇپمۇ يۇمشاق سالايە

قىلىنغان ئاز مىقداردىن ئىككى داڭغىچە مىقداردىكى زاك ۋە ئۈچ گىرام ناۋات بىلەن بىرلىكتە ئىچىلسە يۇقىرىقى تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: قەلەي ئۇپىسى بىلەن مەلھەم قىلسا نۇقرەس ۋە ئىسسىق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئىچىلسە ۋە سۈركىسە قوتۇر، قىچىشقاق، جوزامغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈرۈچ قاينىتىلغان سۇت قاتتىق مۇدۇرلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، چاچنى چۈشۈرۈش تەس بولغان تازغا سۈركىسە يۇمشىتىدۇ، ئەمما ئۇنى سۈرۈپ 6～7 سائەت ئۆتۈپ يۇمشىغاندىن كېيىن ئىللىمان سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈش لازىم.

زەھەرلىنىشلەر: ھەر خىل زەھەرلەر ۋە ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇپ زەرەرىنى يوقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن يالغۇز ياكى كالا يېغى، دېڭىز نارجىلى (نارجىلنىڭ بىر تۈرى) ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە تەكرار ئىچىپ قەي قىلىنىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: گۈرۈچنى ئۇنىڭ بىلەن قاينىتىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىچىپ بەرسە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. ياڭاق ۋە خورما بىلەن ئىستېمال قىلسا بۆرەك، بەدەننى سەمرىتىدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 200 مىللىلىتىردىن 400 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىچىلسە بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. پىت پەيدا قىلىدۇ. ئاقكېسەلگە سەۋەب بولىدۇ. ئاشقازاندىكى غالىب خىلىتقا تېز ئۆزگىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ھەسەلدۇر. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىچىلسە ئۇنىڭ ئاشقازاندا ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

سۇت ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالسا بەدەننى جۇغۇلدىتىدۇ، تىترىتىدۇ، سوغۇق تەرلىتىدۇ، ھوشسىزلاندۇرىدۇ، ئەقىلنى ئېلىشتۇرىدۇ، گالنى بوغىدۇ.

قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھۆرف، سىركەنجۇبىل ھەسىلى، پىنىنە ئارىلاشتۇرۇلغان سىركە ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل، كەرەپشە ئۇرۇقى ۋە ئىللىمان سۇ ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. پەنىرمايىدىن بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلسىمۇ زەھەر قايتۇرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ئاق كالىنىڭ سۇتى سەۋدانى، قارا كالىنىڭ سۇتى سەپرانى، قىزىل كالىنىڭ سۇتى بەلغەمنى، سېرىق كالىنىڭ سۇتى ئۈچ خىل خىلتنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## لەبەنى جامۇس
(قوتاز سۇتى)

ئۇ پارسچە سۇ كالىسى سۇتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «گاۋى مىيش» دېگەن سۆزدىن

ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇ كالىنىڭ سۈتىدىن قويۇقراق، يېغى ۋە پىشلىقى كۆپرەك بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، غالىب خىلىت ۋە سەپرا خىلتىغا تېز ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ سۈتى كەنكىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا ئۇيۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ.

## لەبەنۇل خۇففاش
(شەپەرەڭ سۈتى)

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ شىر سۈتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

## لەبەنۇل خىنزىير
(چوشقا سۈتى)

ئۇ پارسچە «شىيرى خوك» (چوشقا سۈتى)، ھىندىچە «سوركا دۇدىھ» (چوشقا سۈتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ناھايىتى ياخشى بولۇپ، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، ئاقكېسەل ۋە ئاق بەھەقكە داۋا بولىدۇ.

## لەبەنۇر رەماك
(بايتال سۈتى)

ئۇ پارسچە «شىيرى مادىيان» (بايتال سۈتى)، ھىندىچە «گوركا دۇدىھ» (بايتال سۈتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى كالا سۈتىگە ئۇيغۇن شەرتلەر بويىچە ئېلىنغان سۈت بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ يېغى كەمرەكتۇر.

**تەبئىتى:** باشقا سۈتلەرگە قارىغاندا، ھۆل ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچىدۇر.

ھەزىم ئەزالىرى ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىچسە ئىشتىھانى ئاچىدۇ، باھنى قوزغايدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

قۇرۇق ئىسسىقتىن توختىغان سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئىسسىق ھالەتتە ھۆقنە قىلسا باللياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئۇنى پىل چىشى ئېكەكدەلمىسى بىلەن ھەمەلچە تەييارلاپ ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىلسە تۇغماس ئايالنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنىڭ قىمىز دەپ ئاتىلىدىغان چۈچۈمەللەشتۇرۇلگىنىنى ئىچىلسە مەزكۇر تەسىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئېشەك سۈتىدە بايان قىلىنغان ۋە تۆگە سۈتىدە بايان قىلىنغانغا ئۇنى ئارىپبەدىيان ۋە ئۇنىڭ باشقىسىغا ئوخشاش ئىسسىق، سوغۇق ۋە ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى نەرسىلەر بىلەن بېقىشقا ئوخشاش شەرتلەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا سېغىلغان سۈتى ئىچىلسە ئىستىسقا ۋە جۇدەتكۈچى تەپنىڭ بەزى تۈرلىرىگە شىپا بولىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ھەر يىلى ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ چېچەك چىقمىغان باللارغا ئىچۈرۈلسە شۇ يىلى چېچەك چىقمايدىكەن، چىققان بولسا بىر نەچچە داندىن ئارتۇق چىقمايدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

## لەبەنۇز زەئن

(قوي سۈتى)

ئۇ «لەبەنۇن نىئاج» (قوي سۈتى)، پارسچە «شىيرى مىيش» (قوي سۈتى)، «شىيرى گوسفەند» (قوي سۈتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇق بولۇپ، ياغ ۋە پىشلاق تەركىبى ئارتۇق، كالا سۈتىدىن قويۇقراق بولىدۇ. قارا قوينىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبئىتى: ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: مېڭە، يۇلۇن جەۋھىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆپكە ۋە ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، قان تۈكۈرۈش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق جىمانىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. بادام يېغى ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قالغان تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى باشقا سۈتلەرگە ئوخشايدۇ. قورساقنى كوركىرىتىدۇ، تولغاپ ئاغرىتىدۇ، بەلغەم، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

# لەبەنۇل لەقاھ

(تۆگە سۈتى)

ئۇ پارسچە «شىرى شۇتۇر» (تۆگە سۈتى)، ھىندىچە «ئۇنتىكا دۇدھە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر، ئۇچۇچان بولۇپ، سۈتلەرنىڭ سۇيۇقراقىدۇر. تەمى تۇزلۇققا مايىل بولىدۇ. ياغ تەركىبى ئاز بولۇپ، ئىسسىق بولغاچقا ۋە سۇ قىسمىغا زىيادە ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، قۇرۇقلۇققا مايىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پۇشۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىچىسە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزگە سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. شېكەر بىلەن ئىچىسە زىققە نەپەس، كاناي ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جىگەرنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى قاتتىق ئىششىقلارنى ۋە جىگەردىكى خىلىتنى تارقىتىدۇ. قورساقتا سۇ چۇشۇش، يەللىك ئىستىسقا ۋە ئۇلارنىڭ باشقا تۈرلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئەمما كېسەللىك مۇقىملاشقان ۋە زەرداب سۇ يىغىلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىچىلمەيدۇ. تال كېسەللىكلىرى، بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، باھنى قوزغايدۇ. تۆگە سۈيدۈكى بىلەن ئىچىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ، زەرداب سۇنى سۈيدۈك بىلەن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىچىش مىقدارى 60 مىللىلىتىردىن تەدرىجىي ھالدا 400 مىللىلىتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ، تۆگە سۈتى ۋە سۈيدۈكى ئىچىلىشتىن ئون كۈن بۇرۇن ھەم ئىچىلىۋاتقان مەزگىلدە ئارپىبەديان، كەنكەر، كاسنە، ئەمەن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بېقىلىدۇ. 15 گىرام ئۇشەر شېكىرى بىلەن ئىچىلسە ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. شېكەر بىلەن ئىچىلسە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىنى سۈزۈك قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. بىدەنجىر يېغى، سۇمبۇل يېغى، ئاچچىق بادام يېغى ۋە پىستە يېغىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ئىچىسە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بەزىلەر تۆگە سۈتى ئۇسسىتىدۇ، باشقا سۈتلەرگە قارىغاندا، ئاشقازان ۋە يۇقىرىقى ئەزالاردىن تۆۋەنگە ئاستا چۇشىدۇ، دەيدۇ.

ئۇنى ئىستىسقا ئۈچۈن ئىچىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ ئىششىقلارنىڭ دەسلەپىدە ياكى ئىستىسقاغا تەرەققىي قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىششىقلار پەيدا بولغاندا ئىچىلمەيدۇ. پەقەت بەدەندە تەپ بولمىغان ئەھۋالدا ئىششىق ماددىسى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ، بولمىسا ئىچىشكە بولمايدۇ، چۈنكى سۈتلەر تەپلەر بىلەن تولۇق زىددىيەتلىك بولۇپ،

تەپلەرنىڭ ماددىلىرىنى كۆپەيتىپ قويىدۇ. مۇدۇر ئۆرلىمىگەن ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىچىلسە ھېچ چاتاق يوقتۇر.

ئۇنى ۋە ئۇنىڭ سۇزمە سۈيىنى ئىچىش ئۇسۇلى قارابادىندا تەپسىلىي سۆزلەنگەن، بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئومۇمىي ھالدا بايان قىلىندى.

## لەبەنۇل مەئز
### (ئۆچكە سۈتى)

ئۇ پارسچە «شىيرى بۇز» (ئۆچكە سۈتى)، ھىندىچە «بىكرىكا دۇدىھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، سۇ تەركىبى قالغان ئىككى خىل تەركىبى (ماي بىلەن پىشلاق)دىن يۇقىرىدۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پىشلىقى ئارتۇق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىققا مايىلدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق ئىكەن، ھۆللۈكى ئىككىنچى دەرىجىگىچە بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھايۋانات سۈتلىرىنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئىچىلسە نەزلىلەرنى يوقىتىدۇ ۋە قايتا چۇشۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا كىچىك تىل، گال، تامغاق، تىل ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ فۇلۇسى خىيارشەنبەرنى ئۇنىڭغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇ بۇرۇن ۋە قۇلاققا تېمىتىلسىمۇ مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. ئىسسىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بىر پارچە رەخت ئۇنىڭ بىلەن نەمدەپ پېشانىگە يېپىلسىمۇ مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى تۈگىتىدۇ، ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ. ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن 125~250 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ياكى يۇيۇلغان لوكىنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ بىرلىكتە ئىچسە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۆپكە سىلىدىكى يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ. يەنە ئۇنىڭ سۈتىدىن 150~250 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ كەتىرادىن 5~10 گىرامغىچە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى بىلەن بادام يېلىمىنىڭ ھەربىرىدىن 2.5 گىرامدىن ئېلىپ قوشۇپ ئىچسىمۇ قان تۈكۈرۈش، يۆتىلىش، ئۆپكە، يۈرەك كېسەللىكلىرى، خەفەقان، غەم قىلىش، ئۆزىگە سۆزلەش، ياتسىراش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئەمما ياش، سېمىز، مىزاجى ساغلام، كېسەلدىن خالىي ئۆچكىنىڭ يېڭى سېغىلغان، تېخى سوۋۇمىغان ئىسسىق سۈتى بولۇشى لازىم. قىزىل ئۆچكىنىڭ سۈتى باشقا

رەڭلىك ئۆچكىلەرنىڭ سۈتىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ ساپ، ئىسسىق سۈتى تەرەتنى بوشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، دوۋساق يارىسىنى ساقايتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىمانىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. قالغان تەسىرلىرى كالا سۈتىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇچۇچانراقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ، كېكىرتىدۇ، ھېق تۇتقۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كالا سۈتىدۇر، ئەكسىچە كالا سۈتىگە ئۇ ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۈزمە سۈيى ئىچىلسە كۆيگەن سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، كۆيگەن سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ۋە يەرقانغا شىپا بولىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

**تەپلەر:** جۇدەتكۈچى تەپ ۋە ئىسسىقتىن بولغان كونا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيىنى ئايرىش ئۇسۇلى قارابادىن كەبىردە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئۇنىڭغا ئايرىۋېلىنغان سۈيىگە ئەپتىمۇن قوشۇلسا ئىچىنى سۈرۈشنىڭ ئورنىغا قاتۇرىدۇ.

دەسلەپتە ئۇنىڭ سۈتىدىن 50~75 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ، ئۇنىڭغا 15~20 مىللىلىتىرغىچە سۇ، تاش بىلەن يۇيۇلغان ئۈچ گىرام خاكشى، ۋە 1.5 مىللىلىتىر بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچسە، سۈتنىڭ مىقدارى تەدرىجىي ھالدا كۈنىگە 20~25 مىللىلىتىرغىچە، سۇ بىلەن شەربەتنىڭ ھەربىرى ئاز ـ ئازدىن ئاشۇرۇلۇپ بەدەنگە ماس كەلگۈدەك، ئاشقازان كۆتۈرەلىگۈدەك، ھەزىمدە نۇقسان پەيدا قىلمىغۇدەك ۋە بەدەننىڭ ئەسلىي ھارارىتى پىشۇرۇشتىن ئاجىز كەلمىگۈدەك مىقدارغا يەتكۈزۈلۈپ ئىچىلسە، ئېھتىياج قانغان ۋاقىتتا يەنە تەدرىجىي ئازايتىلسا بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان، ئۆتكۈر تەپلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋە جۇدەتكۈچى تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ، ئورۇق، مىزاجى ئىسسىق كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى سەمرىتىدۇ. ئۇنى ئىچىش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ بايان قىلىندى.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: رەيھان ئۇرۇقىنى سوقۇپ ئۆچكە سۈتى بىلەن قايىنىتىپ زىمات قىلسا ماددىلارنى تارقىتىدۇ، پىشۇرىدۇ، ئىششىقلار، قاپلىق يارىلار ۋە مۇدۇرلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. سوقۇلغان تەمرىھىندى ئۇرۇقچىسى قوشۇلسا تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

**زىيىنى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچەيلەرگە زەرەر قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** كالا سۈتى.

## لەبەنۇن نىسائ
## (ئايال سۈتى)

ئۇ پارسچە «شىيرى زەنان» (ئايال سۈتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ئېشەك سۈتىدىن ئاسانىراق ھەزىم بولىدۇ، باللار ۋە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە بارلىق سۈتلەردىن بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. بولۇپمۇ قىز تۇغقاندىن كېيىن چىققان سۈت تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ياش، مىزاجى مۆتىدىل، تېنى ساغلام، قىز تۇغقان، نەچچە كۈن بۇرۇن ھەم شۇ مەزگىللەردە مۇۋاپىق غىزالار بىلەن ئوزۇقلانغان ئايالنىڭ سۈتىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى سوغۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇيقۇسىزلىققا داۋا بولىدۇ. كۆز ئاغرىقى، ئۆپكە يارىسى، جۇدەتكۈچى تەپكە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، دېڭىز توشقىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

باش ۋە كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، گالىنىڭ قۇرۇشىنى تۈگىتىدۇ. دىماقنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، سىل ۋە جۇدەتكۈچى تەپكە شىپا بولىدۇ، ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىچسە قان تۈكۈرۈش ۋە قاناشقا داۋا بولىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، مېڭە پەردىسى ياللۇغى، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، ئەقىل ئېلىشىش، مالىخولىيا، سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان ساراڭلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بىر پارچە رەخت ئۇنىڭ بىلەن نەمدىلىپ باشقا تەكرار يېپىلسا، سوۋۇغاندا ئالماشتۇرۇلسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقى، كۆز يارىسى، قاپاقنىڭ يىرىكلىشىشىگە شىپا بولىدۇ. ئەنزىرۇت بىلەن تېمىتىلسا كۆزدىكى تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ، قاپاق قېلىنلاش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 60~200 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئىسسىق پېتى ئىچىش لازىم، ئىمكانىيەت بولسا ئەمچەكتىن بىۋاستە ئەمسە تېخى ياخشى، چۈنكى ئۇ زىيادە نازۇكلۇقىدىن ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئېشەك سۈتى.

**خاسىيەتلىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھامىلىدار ئايال پىتىنىڭ ئۈستىگە سۈتىنى ساغسا، پىت ئۆلۈپ قالسا ياكى ئاستىدا قالسا قىز تۇغىدىغانلىقىنى، ئۆلمىسە ياكى تىرىك پېتى چىقسا ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

ئاياللارنىڭ، شۇنداقلا باشقا ھايۋانلارنىڭ سۈتىنىڭ ياخشىسى تىرناققا تېمىتىلسا يېيىلىپ كەتمىگىنى، بەك چاپلاشقاق بولمىغىنى ۋە قىيامى نورمال بولغىنىدۇر.

ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قارابادىن كەبىردە ۋە بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

## لەبەنۇ ھىمارىل ۋەھش ۋە لەبەنۇل غەزال
## (ياۋا ئېشەك ۋە كېيىك سۈتى)

ياۋا ئېشەك بىلەن كېيىك سۈتى بايتال سۈتىدىن ھۆل ئىسسىقراق، ئۇنىڭدىن ئۇچۇچانراق، باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

## لەبەنۇل ھامىيز
(قېتىق)

ئۇ پارسچە «ماست» (قېتىق)، ھىندىچە «دىھى» (قېتىق)، تۈركچە «جۇغرات» (قېتىق) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇيۇغان سۈتتىن ئىبارەت بولۇپ، ياخشىسى كالا سۈتىنىڭ يېڭى، ياخشى ئۇيۇغان، چۈچۈمەللىكى ئازراق بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، قانچە چۈچۈمەل ۋە سۇيۇق بولسا شۇنچە ھۆل سوغۇق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچىدۇر. ئوزۇقلۇقى يېغى بولغانلىق سەۋەبىدىن دۇغدىن كۆپرەك بولىدۇ، قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. دۇغ «م» (مىيم) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «مەخىيس» (دۇغ) ماۋزۇسىدا ئالىلا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا، ئاشقازان مىزاجى سوغۇق بولسا زىيان قىلىدۇ.

قوپال بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، تۇسالغۇ ۋە خام خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ئۇفۇنەتلىك تەپلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مەجۇنلەر، زەنجىۋىل مۇرابباسى.

ئۇنىڭدىن تەييارلىنىدىغان غىزالار «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىدىكى قايمىقى باشقا سۇركىسە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، قاپاق يېغىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

## لەبەنۇس سۇدان

(سۇدان سۇتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا پەرپىيوننىڭ ئىسمىدۇر. بەغدادىي ۋە باشقىلار ئۇنى يېلىمغا ئوخشايدىغان، رەڭگى قارىغا ۋە سېرىققا مايىل بولغان بىر خىل يېلىم بولۇپ، ماراكەشنىڭ ئەتراپلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تۆتىنچى دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. پۇرىسا بۇرۇننى قانىتىدۇ، كۆپ چۈشكۈرتىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى پەرپىيون ۋە قارا قۇندۇزقەھرى يەپ زەھەرلەنگۈچىلەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىلگىرى بايان قىلىنىدى. ئۇ زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى نەچچە سائەتتىلا قايتۇرىدۇ.

## لەبەنۇل يەتۇئات

(سۇتلۇكئوتلار سۇتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قارا مازارىيون، پەرپىيون، سوقمونىيا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇتلۇك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇتىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ زەھەرلەردىن بولۇپ، ئىچىنى كۇچلۇك سۇرىدۇ. ھەربىر ئۆسۈملۈكنىڭ سۇتى شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى ۋە بايان قىلىنىدۇ. مەخسۇس ئىسمى يوقلىرى «ي» (يائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «يەتۇئ» (سۇتلۇكئوتلار) ماۋزۇسىدا ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى پەرپىيوندىن زەھەرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شۇنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى.

## پەسل: «ل» (لام) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەتكۇ
(لەتكۇ مېۋىسى)

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. دەرىخى ئەينۇلا ۋە پۇنىيالە دەرىخى چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقىمۇ ئەينۇلا ۋە پۇنىيالە دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، ھەربىر باشىقىدا 7~8 دانە ئەينۇلا ۋە پۇنىيالە مېۋىسى چوڭلۇقىدا مېۋە بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، خام ۋاقتىدا چۈچۈمەل بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن ئاچچىق ـ چۈچۈكلىشىدۇ، بەزىسىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ دانە، بەزىسىنىڭ ئىچىدىن تۆت دانە شەرىفە ۋە كەتەل مېۋىسى ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇقچا چىقىدۇ. ئۇرۇقچىسى بىنەپشە رەڭ، يۇمشاق، شىلىمشىق، شىرىلىك بولىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان بەزى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

## پەسل: «ل» (لام) ۋە «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەجالۇ
(لەجالۇ ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ، يامغۇر پەسلىدە كۆپرەك بولىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى قۇرۇقلۇقتا ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، ئىنچىكە بولۇپ، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. يەنە بىرى سۇغا مەنسۇپ بولۇپ، سۇ بويلىرى ۋە كۆللەردە يېيىلىپ ئۆسىدۇ،

شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى بىرىنچى تۈرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى تۈرىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈلسە يوپۇرماقلىرى تۈگۈلۈۋالىدۇ، قول تارتىلىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ قارىشىدا ئۇلۇغ دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرىچە قۇتقۇزغۇچى ئوت دەپ بىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا قاننىڭ بۇزۇلۇشى، قان بۇزۇلۇشتىن ۋە سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. سۈيى تېمىتىلسا ئاقما ۋە كونا زەخمىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كېلىپ ھىندىچە «پەكنەچىتەر» دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىلدە تۇرغاندا لەجالۇ ئۆسۈملۈكى ئۆسكەن كۆل بويىغا بېرىپ، ئاۋۋال غۇسۇل قىلىپ ئاز مىقداردا سەدىقە بېرىپ زاغۇن يېغى بىلەن كۆك مۇقەلگە ئوخشاش زۇھەل يۇلتۇزىغا مەنسۇپ ئىسرىقلارنى كۆيدۈرۈپ، ئارقىدىن مەزكۇر ئۆسۈملۈك ئۇنىڭغا يۇلغۇچىنىڭ سايىسى چۈشمەيدىغان ھالدا يۇلۇنۇپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئاي يەنە شۇ بۇرجىغا كەلگەندە يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن مۇچ چوڭلۇقىدا ئېلىپ يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى بىلەن ھەب قىلىپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم، دولھا ئەمەرت، دولھا سەنكە، ئەردەن نەمونەمو، بەشۋاد» دېگەن ئەپسۇننى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ئۈچ ھەپتىگىچە ھەر ھەپتىدە مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە ئىستېمال قىلسا ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن بىرىنچى ھەپتىدە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان ۋە مۇرەككەپ تەپلەر، ئىككىنچى ھەپتىدە بوۋاسىر، ئاقمىلار، يەرقان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەر، ئۈچىنچى ھەپتىدە جوزام، بەھەق، كالا تەمرەتكىسى، سىفلىس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەر ساقىيىدىكەن. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ داۋاملىق ئىستېمال قىلسا، ھاياتلىق قۇۋۋەتلىرىنى ئۇرغۇتىدىغان بولۇپ، سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ھ» (ھۆۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەھم
(ئەت، گۆش)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «گوشت»، ھىندىچە «ماس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇق بولۇپ، قاننىڭ ئۇيۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇيۇشىغا ياخشى

ھارارەت سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ جانلىقلار تېنىدە بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش، پەيلەر، تومۇرلار، تارىمۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلىرىنىڭ ئارىسىدا پاسىل ۋە توسالغۇ ھاسىل قىلىش، ئۇستىخانلار ئارىسىدا پاسىل بولۇش ۋە ئۇلار ھەر خىل ھەرىكەتلەر جەريانىدا تولغىشىپ كېتىش، سىرتقى ئۇرۇلۇشلار بىلەن ئېزىلىشتىن ساقلاش، پەيلەر، تومۇرلار ۋە باشقىلارنى ھۆللەشتۇرۇش، شەكىل ـ قىياپەتنى چىرايلىقلاشتۇرۇش رولى بولغاندىن سىرت، باشقا پايدىلىرى نەزەرىيە كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغاندى.

ئۇ جانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ھەر بىر جانلىقنىڭ گۆشى ئۇنىڭ نامى ئاستىدا بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. تۆۋەندە ئۇ ھەقتە ئومۇمىي ھالەتتە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

بىلىش لازىمكى، ئادەم بەدىنى ئۈچ خىل مەۋجۇداتتىن ھاسىل بولغانلىقى، ئۇنىڭدا جان بولۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنى گۆشتۇر، شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە تائامنىڭ غوجايىنى گۆشتۇر دېيىلگەن. بەدەننى ئىدارە قىلىدىغان تەبىئەتنىڭ ئۆسۈملۈكنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن پارچىلاش، ئۆزگەرتىش، تارقىتىش، ئۇيۇتۇش، ئوخشىتىش، ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت يەتتە خىل ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھايۋانلاردا بولسا ئازراق ئىش بىلەن مەقسەت ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: سۈت بولۇش ئۈچۈن تارقىتىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئايرىشتىن ئىبارەت بولغان ئوزۇقلاندۇرۇش، ئۇيۇتۇش، ئوخشىتىش ۋە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بەش خىل ئىش كۇپايە قىلىدۇ. قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن پارچىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئايرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىش بولسا كۇپايە قىلىدۇ. گۆشلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئوخشىتىش ۋە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىش كۇپايە قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن گۆشلەر غىزالارنىڭ غوجايىنى دېيىلىدۇ. ھايۋاناتنىڭ بويۇن، ئالدى پۇت، كۆكرەك قاتارلىق ئالدىنقى ئەزالىرىنىڭ گۆشلىرى يوتا، بەلگە ئوخشاش ئارقىسىدىكى ئەزالىرىنىڭ گۆشلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. بۆرەكنىڭ گۆشى ناچاردۇر. ئوڭ تەرەپنىڭ گۆشى سول تەرەپنىڭ گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ. سىرتقى تەرەپنىڭ گۆشى قۇرۇقراق بولۇپ، تەسرەك ھەزىم بولىدۇ. چىشى مالنىڭ گۆشى يۇمشاقراق ۋە ھۆلرەك بولىدۇ. نازۇك مىزاجلار، باياشاتلار، ئارامخۇمارلار ئۈچۈن گۆشلەرنىڭ ياخشىسى ياش، ساغلام ۋە سېمىز ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدۇر. چارۋىلاردىن ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن بولغان ياكى بىر يىلدىن ئاشمىغان ئوغلاق بىلەن پاقلاننىڭ گۆشى ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا بىر يىللىق كالا ۋە ۋە قوتازنىڭ موزىيىنىڭ گۆشى ياخشىدۇر. ياش تۆگە گۆشى بوتىلاق گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى بىلەن كېيىك ئوغلىقىنىڭ گۆشى ياخشىدۇر. ئاختا قىلىنغان

ھايۋاننىڭ گۆشى ئاختا قىلىنمىغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ياخشىراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. قويۇۋېتىپ بېقىلغان ھايۋاننىڭ گۆشى سولاپ بېقىلغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ياخشىراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. قارا ھايۋاننىڭ گۆشى لەززەتلىكرەك بولۇپ، ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ. قىزىل ھايۋاننىڭ گۆشى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ۋە ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. ئاق ھايۋاننىڭ گۆشى تەسرەك ھەزىم بولىدۇ، تېزرەك سەمرىيدۇ، ئاز بۇزۇلىدۇ. قىزىل ھايۋاننىڭ گۆشى بۇزۇلۇشتىن يىراقراق بولۇپ، تېزرەك ھەزىم بولىدۇ. شۇ كۈنى بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشى بىر كېچە تۇرۇپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ. قۇرۇتۇلغان گۆش قۇرۇق بولۇپ، ئوزۇقلۇقى ئاز، ناچاردۇر، يامان خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ئۆيدە بېقىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ياۋا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە كېيىكنىڭ گۆشى، ئۆيدە بېقىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە قوي گۆشى ياخشىراقتۇر. ئوغلاق گۆشىنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرى باشقىلىرىغا قارىغاندا، ئازراق بولىدۇ. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى بەلغەم مىزاجلىقلار، پالەچ، ئىستىسقا بىمارلىرى ۋە مىزاجىدا ھۆل سوغۇق كەيپىيات غالىب بولغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار سىركە، غورا ئۈزۈم سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. مىزاجىدا ھارارەت بولمىغانلار ئۇنىڭ دۈملەپ پىشۇرۇلغىنىنى ئاچچىقسۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. پەيلىك گۆشلەر بەلغەم پەيدا قىلىدۇ. تارىمۇشلاردىن خالىي قارا گۆش ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. ئۇستىخانىغا يېقىن گۆش قۇرۇق، چىڭ بولىدۇ. ساغلىق قوينىڭ گۆشى ناچار، ئوزۇقلۇقى تۆۋەندۇر. ئۇنىڭ ۋە باشقا ھەرقانداق ئاجىز، ھۆل گۆشنىڭ تۈزەتكۈچىسى پىياز، پىلپىل، زەنجىۋىل، دارچىن، قەلەمپۇر قاقىلە، زىرە ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. قۇرۇق ئىسسىق گۆشنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركە، غورا ئۈزۈم سۈيى ۋە ياغدۇر. ھۆل ئىسسىق گۆشلەرنىڭ تۈزەتكۈچىسى يۇمغاقسۈت، سۇماق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. پەي بولمىغان يۇمشاق گۆش لەززەتلىك بولىدۇ، مەسىلەن: تۆش ۋە يېلىن گۆشىگە ئوخشاش، چۈنكى يېلىندا سۈت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. تىل گۆشى لەززەتلىك بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋا ئېشەك گۆشى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، سەۋداغا مايىلدۇر. ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلىرىنى قىش پەسلىدە يېگەن ياخشىراق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاستا ھەزىم بولىدىكەن، ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدىكەن. قوچقار گۆشى ئالا كۈلۈكتىن زەھەرلەنگۈچىگە پايدا قىلىدۇ. توشقان گۆشى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قورۇپ پىشۇرۇلغىنى ئۆپكە يارىسىغا داۋا بولىدۇ. كىرپە گۆشى ناھايىتى ھۆلدۇر. مايلىق گۆش ۋە دۈمبە ھەممىسىدىن ئىسسىقراق ۋە قوپالراق بولۇپ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئوزۇقلۇقى ئاز، ناچار بولۇپ، تۈتۈنسىمان ماددا ۋە سەپراغا ئاسان ئۆزگىرىدۇ. ئىنەك

گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، قوپال ۋە سەۋدا خاراكتېرلىكتۇر، سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆچكە گۆشىدىن قۇرۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ موزىيىنىڭ گۆشى تېزرەك هەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى چىشى موزاينىڭ گۆشىدۇر. ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى باهار پەسلى ۋە يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدۇر. ئۇ پىشۇرۇلغاندا قوغۇن شاپىقى قوشۇلۇپ بىللە قاينىتىلسا يۇمشاق پىشىدۇ. شۇنداقلا هەرقانداق گۆشكە قوغۇن شاپىقى قوشۇلۇپ قاينىتىلسا ئۇنى تېز پىشۇرىدۇ. كالا گۆشى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا بەهەق ۋە سەۋدادىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. تاجىسىز قوڭۇر هۆپۈپ گۆشى يەل تارقىتىدۇ، ئۆچكە، قوي گۆشىگە قارىغاندا، ئوزۇنىدىراق بۇزۇلىدۇ، يېغى ئاز، قۇرۇق، ئوزۇقلۇقى ناچار بولىدۇ. ئوۋلانغان هايۋانلارنىڭ گۆشى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق قان پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنىڭ ياخشىسى كېيىك گۆشىدۇر. يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە چاڭگاللىق يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ هەممىسىنىڭ گۆشى ناچار بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش لازىمدۇر. قۇيرۇق گۆشى هۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇق جەهەتتە مۆتىدىل بولۇپ، تېز هەزىم بولىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بوتىلاق گۆشى ناهايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قويۇق قان پەيدا قىلىدۇ. ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغانلار ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىرقۇننىسا ۋە تەپلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىپا بولىدۇ. مۈشۈك گۆشى ئىسسىقراقتۇر، ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، سوغۇق ئىكەن، بۆرەكنى قىزىتىدۇ. بەل ئاغرىقى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئات گۆشى تۆگە گۆشىگە ئوخشاش بولۇپ، تەر تۆشۈكلىرىنى كېڭەيتىدۇ، ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغانلار ۋە قاتتىق جاپالىق ياشايدىغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. كەكلىك، ئورمان توخۇسى، چىخ توخۇسى ۋە كەرقۇرغا ئوخشاش توخۇ چوڭلۇقىدىكى ئوتتۇرا هال قۇشلارنىڭ كىچىككى چوڭىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇلارنىڭ ياۋىسى يەرلىكىدىن ياخشىراقتۇر. ياۋا قۇشلارنىڭ ياخشىسى مەزكۇر قۇشلاردۇر، يەرلىك قۇشلارنىڭ ياخشىسى توخۇدۇر. سۇ قۇشلىرىنىڭ بويىنى ئۇزۇن، تېنى چوڭلىرى ناچاردۇر. تېنى چوڭ ياۋا قۇشلار، شۇنداقلا غاز ۋە ئۆردەككە ئوخشاش تېنى چوڭ يەرلىك قۇشلارنىڭ گۆشى تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ پەيدا قىلىدۇ. سۇ هايۋانلىرىدىن چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇرا هال، تاشلىق سۇزۇك سۇدا ياشايدىغانلىرى ياخشىدۇر. ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغانلار ۋە مىزاجى ئىسسىق، كۈچلۈك بولغانلار ئۈچۈن ئات، موزاي، بۇغا ۋە قوتازغا ئوخشاش كۈچلۈك، قوپال گۆشلەر نازۇك، ئاسان هەزىم بولىدىغان گۆشلەردىن ياخشىراقتۇر. مىزاجى هۆل هايۋانلار قۇۋۋەتتى تولۇقلانغاندىن كېيىن، مىزاجى قۇرۇق هايۋانلار كىچىك ۋاقتىدا بوغۇزلىنىدۇ. هايۋاننىڭ قورسىقىدىن چىقىرىۋېلىنغان، تېخى كامالەتكە يەتمىگەن بالىسى ئاجىز بولۇپ، بەدەننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، سۇسلاشتۇرىدۇ،

بەلغەم خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قېرى، ئاجىز، ئورۇق، كېسەلچان هايۋانلارنىڭ گۆشلىرى يامان كېسەللىكلەرنى، سەۋدا خىلتى ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ قوچقار، تېكە، كالا، قوتاز ۋە تۆگە قاتارلىقلارنىڭ قېرىلىرىنىڭ گۆشلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنداقلا قورسىقىدا بالىسى ئۆلۈپ قالغان، بۆرە ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق يىرتقۇچ هايۋانلار ئۆۋلىغان، سۇغا چۈشۈپ ياكى بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ناچار بولۇپ، ساقايماس، يامان كېسەللىكلەرنى، سەۋدا خىلتى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. هايۋاننىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر هايۋاننى ئۆلتۈرۈش ياماندۇر. گۆشتىن كېيىن سۇ ئىچىش زىيانلىقتۇر. گۆش كەچتە يېيىلسە خام كېكىرتىدۇ. ئۇنى سۈت ۋە تۇخۇم بىلەن يېيىشكە بولمايدىغان بولۇپ، زىيانلىقتۇر. ئۇنى زىيادە پىشۇرۇش ۋە سوقۇش ياخشىدۇر. كاۋاپ قىلىنغان ياكى شورپا قىلىنغان بولسا تەكشى پىشۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ شورپىسى تېز هەزىم بولىدىغان بولۇپ، بەدەندە بەلغەملەر ۋە هۆللۈكلەر كۆپ بولمىغان ئەھۋالدا كېسەلدىن يېڭى قوپقانلار ۋە كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ ئىچىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەدەننى قۇرۇتۇش ۋە چىڭىتىش مەقسەت قىلىنغاندا ئۇنىڭ قورۇلغىنى ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇ تەسرەك هەزىم بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن هاسىل بولغان قان سۇ بىلەن پىشۇرۇلغىنىدىن هاسىل بولغان قانغا قارىغاندا، كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەدەنگە هۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە يۇمشىتىش مەقسەت قىلىنسا ئۇ كۆكتاتلار بىلەن شورپا قىلىپ ئىستېمال قىلىسا بولىدۇ. ئۇنى كۈنىگە ئىككى قېتىم يېيىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى تەبىئەت ئۇنى هەزىم قىلىپ بولالماي بۇزۇلىدۇ، بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسىمۇ خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، باغرىنىڭ قاتتىقلىشىشى، كۆزنىڭ خىرەلىشىشى، زېھنىنىڭ گالۋاڭلىشىشى، هايۋان مىجەز ۋە يىرتقۇچلارغا خاس خاراكتېرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىنسا بەدەننىڭ ئاجىزلىشىشى، ئورۇقلىشى، سۇسلىشى، روھلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى ۋە قۇۋۋەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ قورۇپ پىشۇرۇلغىنى قاتتىق، قۇرۇق ئەت پەيدا قىلىدۇ. شورپا قىلىپ پىشۇرۇلغىنى هۆل ئىسسىق بولۇپ، يۇمشاق ئەت پەيدا قىلىدۇ. ياغدا قورۇپ پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

گۆشنىڭ هەر خىل هالۋىلىرى، سۇلىرى ۋە شورپىلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: كالا گۆشى، قوتاز گۆشى ۋە باشقا قاتتىق گۆشلەر سەۋدا، سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەشتەك ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاغمىخان گۆشى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: پاقلان گۆشى كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە چاڭگاللىق قۇشلارنىڭ گۆشلىرى كۆز كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. قۇشلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۆتى كۆزدىكى ئاقنى ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: دەريا قىسقۇچپاقىسى گۆشى سىل بىمارلىرىغا داۋا بولىدۇ. قۇشلارنىڭ چۈجىسىنىڭ گۆشى بوغما كېسەلنى قوزغايدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چىل گۆشى بۇزۇلغان مىزاجنى تەڭشەيدۇ، جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. كىرپە گۆشى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. قاتتىق گۆشلەر ئاشقازان، تالغا زىيان قىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كالا گۆشى سەپرانىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. توشقاننىڭ قورۇلغان گۆشى ئۈچەي يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ. كىرپىنىڭ قورۇتۇلغان گۆشى ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قېرىق خورازنىڭ گۆشى توخۇنىڭ بابىدا ئېيتىلغان شەرتلەر بويىچە ئىستېمال قىلىنسا قولۇنجى، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كالا گۆشى شورپىسى سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۆشى ھۆل يۇمشاقسۇت، سىركە، مۇناسىۋەتلىك چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن، شۇنداقلا قورۇق يۇمشاقسۇت ۋە ئاز مىقداردىكى زەپەر بىلەن ئىستېمال قىلىسمۇ پايدا قىلىدۇ. كەكلىك، چىل، چىغ توخۇسى، ئورمان توخۇسى ۋە كەكلىككە ئوخشاش قۇشلارنىڭ گۆشى قورۇپ ياكى قورۇلماي پىشۇرۇپ، شورپىسى تۆكۈۋېتىلىپ گۆشى ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، شورپىسى ئىچىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ. تۆگە گۆشى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. مايلىق گۆشلەر ماددىنى باشقىلىرىدىن بەكرەك يۇمشىتىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشى بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. ياۋا ئېشەك گۆشى قۇستە يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

تەپلەر: كالا، تۆگە، تاغ ئۆچكىسى ۋە چوڭ قۇشلارنىڭ گۆشى تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ پەيدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئاغمىخاننىڭ قورۇتۇلغان گۆشى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ. پاقا گۆشى زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يېڭى بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ يېڭى گۆشى چېپىلسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان زەخمىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىگە ئىسسىق پېتى ئورالسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. دۇمبە ياغ زىمات قىلىنسا قاتقان پەينى ۋە تارتىشقان ئەزانى بوشىتىدۇ. توشقان گۆشى نۇقرەس ۋە بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. تەسىرى تۈلكە گۆشىنىڭ شورپىسىنىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ئاغمىخان گۆشى زىمات قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ياۋا ئېشەك يېغى قۇستە يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا ئۈچەي

ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئەفئا يىلىنى ۋە كىرپە گۆشىنى شورپا قىلىپ ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كالا گۆشى جوزام، پىل پۇت كېسەللىكى ۋە داۋالى پاقالچاق كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆپۈش كېسەللىكى، قوتۇر، يامان سۆپەتلىك كالا تەمرەتكىسى ۋە راك كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنداقلا باشقا قاتتىق گۆشلەرمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار ۋە ئىششىقلار: كۆيدۈرۈلگەن قوي گۆشى، كالا گۆشى ۋە باشقا قاتتىق گۆشلەر چېپىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ياۋا ئېشەك ۋە ئۆردەك يېغى داغ يوقىتىدۇ. پاقلاننىڭ كۆيدۈرۈلگەن گۆشى بەھەقكە داۋا بولىدۇ. پاقىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن گۆشى دائىرىلىك چاچ چۈشۈش كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ.

## لەھيەتۇت تەيس
(تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. مالىقى، بەغدادىي، ئەنتاكىي ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇدۇر ھالەتتە بولىدىكەن، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بولۇپ، يەردىن كۆتۈرۈلمەيدىكەن. يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلىدىكەن، سۈيىنى دورىلىققا ئىشلىتىدىكەن. بۇ ھەقىقىي تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەرەب، شام، شەرق ۋە بەكىر دىيارى خەلقلىرى ئۇنى «ئەزنابۇل خەيل» (ئات قۇيرۇقئوت) دەپ ئاتىشىدۇ، ئەندەلۇس خەلقى «سەقۋاس» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «ئىسلەنج» دەپ، ئىسپانچە «سەنگ»، «ئەلاسەنگ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «ئالاشەنگ» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇنى «قەسۇس» دەپ ئاتىغان. بەزىلەر «قەساۋەق»، «قەسارەت» دەپمۇ ئاتاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ئەركىكىنىڭ ئۆسۈملۈكى كىچىك، شاخلىق، يىرىك، پاكار بولىدىكەن، يوپۇرماقلىرى يۇمىلاق، قاتتىق، تۈكلۈك بولىدىكەن، گۈلى ئانارگۈلىگە ئوخشايدۇ، تاشلىقلاردا ئۆسىدۇ. چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەن تەرىپى ئۈستى تەرىپىدىن كەڭرەك، گۈلى ئاق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدا توشقانزەدىكىنىڭ ياقۇت رەڭلىك بولغان بىر تۈرى ئۈنىدۇ. ئۇ ئۈنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە ئۇ ئاق، قوڭۇر رەڭلەردىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ قابىزلىقى ئۈنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ قابىزلىقىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. بۇ خىل توشقان زەردىكى رىمچە «ھېيۇقىستىداس» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئىيۇقۇستۇس» دېيىلىدۇ. تېكە ساقىلى

ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى دېسە، مەزكۇر توشقانزەدىكىنىڭ ئۇسارىسى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، تەرياقى فارۇقنىڭ تەركىبىگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى رۇسۇتنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشايدۇ، پەقەت رۇسۇتنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى كۈچلۈكرەك، بۇنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى كۈچلۈكرەكتۇر.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇئمىن «ئەمىنۇد دەۋلە ۋە باشقا بىر جامائە كىشىلەر مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرىنىڭ يوپۇرماقسىز، قىزىلغا مايىل، پارقىراق، قارامتۇل قىزىل بولىدىغانلىقى، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، كۆپ قىسمى يەر ئاستىدا، تۆت ئىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمى يەر ئۈستىدە ئۆسىدىغانلىقىنى، شورلۇق يەرلەردە ئۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىشقان» دەپ يازغان. بۇ سۆز توغرىدەك مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆسۈملۈك توشقان زەردىكىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇنىڭ يېڭىسى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ.

جالىنۇسنىڭ يەتتىنچى ماقالىسىدا ئېيتىشىچە، ئۇ دەرەخ بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئارىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سەل قورۇش خۇسۇسىيىتى بار ئىكەن. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە شىراز، ئىسپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدىكەن، شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدىكەن، ئۆسۈملۈكى ئومۇمەن تىكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشايدىكەن، ئۇ شىراز ۋە ئىسپاندا «ئەلالا شەنەك» دەپ ئاتىلىدىكەن. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ھۆلى يالغۇز ياكى سىركە بىلەن بىرلىكتە كاسىنە ۋە كاھۇغا ئوخشاش دورىلار بىلەن سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىكەن. ئېھتىمال تىكەن ساقىلى ئۆسۈملۈكى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن.

فىرانسۇزچە رەسىملىك كىتابتىن كۆرۈلۈشىچە، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئېگىز ئۆسىدىغان بولۇپ، بىر دانە تىك غولى بار ئىكەن. يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. گۈلى كەڭ، يۇمىلاق، بەرگىلىرى سەل ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۈچى ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن ھالەتتە بولىدىكەن. غۇنچىسى ئومۇمەن قىزىلگۈل غۇنچىسىغا ئوخشايدىكەن، گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى**: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**: ئەزالارنى قورۇغۇچى، قاناشنى توختاتقۇچى سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئۆپكە يارىسىغا داۋا بولغۇچىدۇر. يىلتىزىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى كۈچلۈكرەك، ئۇسارىسىنىڭ مەزكۇر قۇۋۋىتى قىزىلگۈل ئۇرۇقىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازانغا ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ

ئالدىنى ئالىدۇ. ئۆپكە، ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇسارىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە بالىياتقۇنىڭ قانىشىغا داۋا بولىدۇ. زىمات قىلسا ئاجىز ئەزالار، ئاشقازان ئېغىزى ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بالىياتقۇنىڭ قانىشىغا شىپا بولىدۇ. باشقا تەسىرلىرى ئاقاقىيانىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: يىلتىزى قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

چىقىرىش ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە يىلتىزى ئارپا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇسارىسى قان تۈكۈرۈش، ئىچكى ئەزالارنىڭ قانىشىغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن 10 گىرامغىچە، يوپۇرمىقى ۋە گۈلىدىن 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: يوپۇرمىقى بىلەن گۈلى سېپىلسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ ۋە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زىمات قىلسا ئۈزۈلگەن پەيلەرنى تۇتتۇرىدۇ.

**ئىششىقلار:** گۈلى زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

ئوت كۆيۈكى: گۈلى موم بىلەن چېپىلسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: مۇھەممەد بىن زىكرىيا تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى يىلتىزىنى ئىستېمال قىلسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، دەپ بىلگەن.

**زىيىنى:** بۆرەككە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئورۇنباسارى:** رۇسۇت، ئاقاقىيا، ئانارگۈل ۋە ئۇرۇقى.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەخنىيس

(ياۋا خەيرىگۈل ئۇرۇقىدىشى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ياۋا خەيرىگۈلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆسۈملۈكى غولاچ ئېگىزلىكىگە يېقىن ئۆسىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل

بولىدۇ. ھەر ئىككىسى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدۇ، پەقەت تاغدا ئۆسىدىغىنى ياۋىسىدىن كۆچلۈكرەك، يىرىكرەك، پاكارراق بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ئاچچىق بولۇپ، ئەدەس چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سىراجۇل قۇتروب (تۈن چىراغ) ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بولۇپمۇ گۈلى بىلەن ئۇرۇقى تېخىمۇ شۇنداق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا ھەر ئىككىسى ئىچىنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ئۈچ گىرامى شالدىراق قۇيرۇق زەھەرلىك چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. گۈلى سوقۇلۇپ چايانىنىڭ ئۈستىگە چېچىلسا ئۆلتۈرىدۇ.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لسان
(تىل)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «زەبان»، ھىندىچە «جىيب» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىن ئېغىزغا جايلاشقان مۇرەككەپ ئەزالاردىن بولۇپ، بەزىسمان يۇمشاق، يېنىك، گۆش، تومۇرلار، پەيلەر، مۇسكۇللار ۋە تونۇشلۇق بولغان پەردىدىن تۈزۈلگەندۇر. ئۇ ئاۋاز چىقىرىش، سۆزلەشكە ياردەم بېرىش، كۆڭۈلدىكىنى ئىپادىلەش، ئېغىزدا چاينالغان نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇش، يۇتۇشقا ياردەم بېرىش، مېڭە، كۆكرەكتىن چۈشكەن، ئاشقازان ۋە ئۆنگدىن باشقا ئەزالاردىن چىققان ھۆللۈكلەرنى ساقلاش خۇسۇسىيىتى بار ئۇنىڭ بىر قىسىم پايدىلىرى تەبىئەت ئىلمىلىرى كىتابلىرى ھەم تېبابەت نەزەرىيەسى كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان باشقا، تەپسىلىي پايدىلىرىنى ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ھەزىم بولىدۇ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**زىيىنى:** ئاسان بۇزۇلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، زىرە، خولىنجان بىلەن، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركە ۋە قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

## لىسات
(ئۇي قۇلاقئوت)

ئۇ «ئازانۇس سەۋر» (ئۇي قۇلاقئوت) دەپ ئاتىلىدۇ. «كۇھلا» (سۇرمە رەڭ ئوت) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گۈلىنىڭ رەڭگى سۇرمىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شىلىمشىق بولىدۇ. يۇرىقى ئەنجىبارنىڭ يۇرىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇ گاۋزىبان ئەمەستۇر. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، يەر يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يۇمىلاق بولىدۇ. يىرىكلىكى گاۋزىبان يوپۇرمىقىنىڭ يىرىكلىكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غولاچ ئېگىزلىكىدە بىر دانە شاخ ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇچىدا سۇرمە رەڭ گۈل ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن گاۋزىبان يوپۇرمىقىنىڭ پەرقى شۇكى، بۇنىڭ يوپۇرمىقى كەڭرەك، يۇمىلاقراق بولىدۇ. تەرخەمەككە ئوخشاش پۇرايدۇ. شىلىمشىقلىقى گاۋزىباننىڭ شىلىمشىقلىقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. گۈلى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى پىششىق ھەم خام ھالەتتە يېيىلىدۇ. ئەمما گاۋزىبان يوپۇرمىقى بىلەن گۈلى مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئادەم، تۆگە ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تىلىنىڭ كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭدا خۇددى ئانار دانىسىدەك قىزىل ھالەتتە پەيدا بولىدىغان «جاۋرەس» دەپ ئاتىلىدىغان قاتتىق مۇدۇرغا پايدا قىلىدۇ. ئېغىز يارىسى، ئېغىزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، خەفەقان ۋە ئاشقازان ئىسسىقلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە داۋا بولىدۇ.

## لىسانۇل ئىبىل
(تۆگىتىلى ئوت)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ تۆگە ئوتىنىڭ باشقىسىدۇر. ئۇنى تۆگىتىلى دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ. بەلكى ئۇ دەرەخ بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئارىسىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شېخى چېچىلاڭغۇ، تۆت قىرلىق، ئاققا مايىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى «قەقاھ» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك، سەل يىرىك بولىدۇ. خۇددى يېڭى يۇيۇلغان كىيىمنىڭ پۇرلەشكىنىگە ئوخشاش پۇرلەشكەن ھالەتتە، تۈكلۈك، ئاق، خۇش پۇراق، ئېغىر پۇراقلىق بولىدۇ. مېۋىسى سېرىق، ياپىلاقراق بولىدۇ. قۇرغاق يەرلەردە

ئۇسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر.

ئېغىز، ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە، يوپۇرمىقى چاينىسا تىلنىڭ كالۋالىشىشى، بىئارام بولۇشىغا ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى يارىلارغا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. قايىنىتىپ سۈيى قۇرۇق ئۈزۈم ۋە چىلان بىلەن ئىچىلسە توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى كۆيۈشۈشلەرنى پەسەيتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: سىپىلسە يامان يارىلارنى تازىلايدۇ، قۇرۇتىدۇ، جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئىستىمال قىلسا ئىچكى ـ تاشقى يارىلارنى ساقايتىدۇ. قايىنىتىپ سۈيى ئىستىنجا قىلسا پەرجى، مەقئەت ۋە زەكەرنىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: خېنە بىلەن بوياق قىلسا چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن چاچ يۇيۇلسىمۇ چاچنى قارايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، سۈيىدىن 60 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ 350 گىرامى بىر لىتىر ئۈزۈم سۈيىگە چىلاپ تەييارلانغا شارابى قان تۈكۈرۈش، يۆتىلىش، مۇسكۇللار كۈچسىزلىنىش، بۆرەك، دوۋساق يارىسى، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 350 مىللىلىتىرغىچە ئىچىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: دېڭىز ئالا پاختىكى چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

## لىسانۇس سەۋر
## (گاۋزىبان)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «گاۋزىبان»، يۇنانچە «قۇ»، لاتىنچە «بەكلۇرىم»، باشقا بىر تىلدا «بەراھىم»، ھىندىچە «سىنكا ھۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەممە قىسمى يىرىك، تۈكلۈك، تىكەنگە ئوخشايدىغان چېكىتلىك بولىدۇ. غولى ئىنچىكە، يىرىك بولۇپ، خۇددى چېكەتكىنىڭ پۇتىغا

ئۇخشايدۇ، سىرىتقا مايىل يېشىل بولۇپ، بىر غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. چوڭى چوڭراق، قارا، قېلىن، يىرىك، تىكەنگە ئوخشاش ئاق چېكىتلىك، خۇددى كالا تىلىگە ئوخشاش يىرىك بولىدۇ. يەرگە يېيىلىپ، ئەتىيازدا ئۆسىدۇ. ھۆلى سىرىتقا مايىل يېشىل، كونىسى قارىغا مايىل بولىدۇ. كونىرىغانسېرى قارىدايدۇ. گۈلى ھاۋا رەڭ، ئانارگۈل شەكلىدە، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، سەل ئۇزۇنچاق، ئاق، زاراڭزا ئۇرۇقىدىن سەل ئىنچىكە، خەمەك ئىچىدە، ئارراق شىلىمشىق بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق بولىدۇ، دېيىلگەن. ئۇ كۆپ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ گىيلاندا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد دېگەن يېرىدىمۇ بولىدۇ، ئەمما يوپۇرمىقى ئىپىز بولىدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەت مۆئمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدا « ئىسپىھان ۋە باشقا شەھەرلەردە يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، بەزى كىشىلەر گاۋزىبان دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئۇ ‹مەرماھۇ› ئۆسۈملۈكىدۇر» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ گۈلى ھاۋا رەڭ، كىچىك، يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى، قېلىن، سىرىتقا مايىل يېشىل، چېكىتلىك بولغىنىنىڭ گىيلاندىن چىققىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆلى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، قۇرۇقىنىڭ ھۆللۈكى كەمرەك، قۇرۇقلۇقتا مايىلدۇر، قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. گۈلى ھەممە قىسمىدىن نازۇكراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، روھلار، تەبىئىتى ھارارەت، رەئىس ئەزالار ۋە سەزگۈلەرنى كۈچەيتكۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، سەپرا، كۆيگەن خىلىت ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتنىڭ كۆيۈشىدىن پەيدا بولغان سەۋدانى سۈرگۈچى، ئالامەتلىرىنى پەسەيتكۈچى، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەرقاندىقىغا داۋا بولغۇچىدۇر.

**باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** مۇناسىۋەتلىك قايناتمىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا مېڭە پەردىسى ياللۇغى، كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، مالىخولىيا، ساراڭلىقلارغا داۋا بولىدۇ. سەزگۈلەرنى ۋە رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. خۇرسەن قىلىدۇ، كاناي، ئۆپكىنى نەمدەپ يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەسكە داۋا بولىدۇ. گال، كۆكرەك، ئۆپكە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سەۋدادىن بولغان خەفەقان، ياتسىراش، ئۆزىگە سۆزلەش، جىددىيلىشىش، قورقۇش، غەم قىلىش، يەرقان قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. بۆرەك، دوۋسۇندىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. ناۋات، شېكەر ياكى مائۇلھەسەل بىلەن قايىنىتىپ ئىستېمال قىلسا ئۆپكە، كانايغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەسكە شىپا بولىدۇ. ئالتە گىرام گۈلى ئۈچ گىرام گىل ئەرمىنى، ئالتە گىرام شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، تەبىئىي ھارارەت ۋە قۇۋۋەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. يەرقانغا شىپا بولىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ.

كۆيدۇرۇپ كۈلى بالىلارنىڭ ئىچى ئۆتكەندە ئىچىدىغان سىرتىغا ئىچكى يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئىچىنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئىچىشىشىنى توختىتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. كۆيدۇرۇلمىگىنى ئىشلىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما ئاجىزراق بولىدۇ.

**زىيىنى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاق سەندەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 6~15 گىرامغىچە، قايناتمىلار ۋە چىلانمىلاردا 15~30 گىرامغىچە، سۈيىدىن 120 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كۆيدۇرۇلگەن خام يىپەك، ئۇنىڭ ئىككى گىرامغىچىلىك مىقداردا تۇرۇنجى پوستىدۇر. يەنە باراۋەر مىقداردا رىباس، يېرىم ھەسسە ۋە تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئاسارۇنمۇ دېيىلگەن.

گاۋزىبان سۈيى، ئالما سۈيى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم سۈيىدىن شاراب تەييارلاپ ئىچسە ئەقلىنى يوقاتمايدۇ، ئەمما 400 مىللىلىتىر شاراب كەلتۈرگەن خۇشلۇقنى كەلتۈرىدۇ.

گاۋزىبان ئەرقى سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، سەۋدادىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەم قايناتمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ، بەزىلەر كۈچلۈكرەك بولىدۇ، دەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 120 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لىسانۇل ھەمەل

(پاقىيوپۇرمىقى، قومچاق يوتقىنى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. دىسقورىدۇس ئۇنى «كەسىيرەتۇل ئەزلائ» (شاخلىقئوت)، «زۇ سەبئەتى ئەزلائ» (يەتتە شاخ) دەپ ئاتىغان. پارسچە «بارتەڭ»، تۈركچە «باغ پۇر باغ» دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسۇزچە چوڭى «بىيشاك مىيسۇر»، كىچىكى «بىيشاك مىيشۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەرماھۇز ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈرى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ يوپۇرمىقى قوي تىلىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يېشىل، ئۇزۇنچاق، سەل كەڭ بولىدۇ. غولى بىر غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، چاچما ھالەتتە بولۇپ، يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، قىزىل، سىلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىنچىكە، ئېگىز غوللار ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇچىدا سېرىق رەڭلىك گۈلى بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق، ئۇششاق، بىنەپشە رەڭگە مايىل قارا بولىدۇ. يىلتىزى بوش، تۈكلۈك بولۇپ، بارماق تومىلۇقىدا بولىدۇ.

كىچىكىمۇ چوڭىغا ئوخشايدۇ، پەقەت يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، قىزىلراق، غولى قىسقىراق، ئۇرۇقى چوڭراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭى كىچىكىدىن كۆچلۈكرەك بولۇپ، پايدىسىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپرەكتۇر. يالغۇز ئاتالسا كىچىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. ئۇرۇقى بىلەن يىلتىزىنىڭ قۇرۇقلۇقى يوپۇرمىقىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق، سوغۇقلۇقى كەمرەك بولىدۇ. سوغۇقلۇقى سېزىمسىزلاندۇرۇش دەرىجىسىگە، قۇرۇقلۇق غىدىقلاش دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ سۇغا مەنسۇپ تەركىب بىلەن يەرگە مەنسۇپ تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سۇغا مەنسۇپ تەركىبى بىلەن سوۋۇتسا، يەرگە مەنسۇپ تەركىبى بىلەن قورۇيدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئۇچۇچان بولىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا قان تۈكۈرۈش، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارنىڭ قانىشى، بۇرۇن قاناش ۋە تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا، پېشانە ۋە كۆكرەككە زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئىسسىقلىقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتما سۈيى بىلەن ئېغىز تەكرار چايقالسا ياكى يىلتىزى چاينىسا ياكى يوپۇرمىقى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئېغىز يارىسى، ئېغىز كېسەللىكلىرى ۋە ئېغىزغا چىققان ماشىسىمان مۇدۇرلارغا داۋا بولىدۇ، چىشنىڭ بوشىغان ۋە قانايدىغان مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ياۋىسىنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىز يارىسىغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تېمىتىلسا ۋە سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان شىيافلار ئۇنىڭ سۈيىدە سالايە قىلىپ كۆز كېسەللىكلىرى دورىلىرىغا قوشۇلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇرۇقى قان توختىتىدۇ. قىزىلچا ئورنىدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن قاينىتىلغان ئەدەس ئىستېمال قىلسا كاناي ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. سۈيى ئىچىلسە جۇدەتكۈچى تەپ، سىل، قان تۈكۈرۈش، ئۆپكە يارىسى، كانايىنىڭ قاندىن بولغان ئىششىقى ۋە تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيى ئىچىلسە مىزاجى ئىسسىق جىگەر، تال ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇسالغۇسىنى ئاچىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ھەزىم بۇزۇلۇش، قان قۇسۇش، ئىچكى ئەزالارنىڭ قانىشى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، بوۋاسىر، ھەيز قېنى ئېقىشقا شىپا بولىدۇ. يىلتىزى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى جىگەر، بۆرەك، دوۋساق تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ھەم شۇ ئەزالارغا ئىشلىتىدىغان ئۇلارنىڭ تۇسالغۇ ئاچقۇچى دورىلىرىغا قوشۇلىدۇ. ئۈچەي يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ. قىزىلچا يوپۇرمىقى ئورنىدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن قاينىتىلغان ئەدەس سۈيى ئىچىلسە ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. تۇز، سىركە ۋە ئەدەس بىلەن قىلىنغان قايناتمىسى قانلىق ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىچىلسە بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقى ياكى سۈيى ئىستېمال قىلسا ياكى ھۆقنە قىلسا ئۈچەي يارىسىغا شىپا

بولىدۇ، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىشتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

تەپلەر: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلتىزىدىن ئۈچ دانە ئىستېمال قىلسا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە، تۆت دانە ئىستېمال قىلسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدىكەن. شۇنداقلا ئۇ 120 مىللىلىتىر شارابقا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈيى ئىچىلسىمۇ ئۆتكۈر تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: تۈز بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىگەندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار ۋە ئوت كۆيۈكى: زىمات قىلسا، شۇنداقلا سىپىلسە ئۇلارنىڭ كىرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ، قۇرۇتىدۇ، يامان، كونا، چوڭقۇر يارىلار، ئوت كۆيۈك يارىسى، تىلما كېسەل، يامرىغۇچى يارىلار، گۆشخور چاقىغا شىپا بولىدۇ. گىل قىيمۇلىيا ۋە سەپىداپ بىلەن مەلھەم قىلسا قىزىل، پىل پۇت كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە كىچىكلىتىپ ساقايتىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، بەلباغسىمان قوقاق، تىلما كېسەل، قىزىل، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، چاشقان يارىسىغا شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنى بويىنغا ئېسىۋالسىمۇ چاشقان يارىسىغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

(2) ئۇنىڭ ئۇسارىسى تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** يوپۇرمىقىدىن 50~200 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يەرلىك ھۇممازى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ توغرىغۇسى قورۇغۇچى، ئۇچەيلەرنى سىلىقلاشتۇرغۇچى، قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بادام يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ياغلانغىنى ياكى سۇ بىلەن قاينىتىلغىنىمۇ قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ قاناشلىرىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

پار قازىنى بىلەن گۈلابقا ئوخشاش تارتىلغان ئەرقىنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش تەسىرى تەڭداشسىز ياخشى بولۇپ، ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراقتۇر.

## لىسانۇس سەبۇئ
(يىرتقۇچىلى ئوت)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە، شاخلىرى چېچىلاڭغۇ ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق، چۆرىسى ئۆتكۈر، ھەرە چىشىدەك چىشلىق، پۈرلەشكەن، قاتتىق، رەڭگى سېرىققا ۋە ئاققا مايىل يېشىل. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا يۇمىلاق غوزىكى بولۇپ، گۈلى بىنەپشە رەڭ، يىلتىزى قارا، تۆت قىرلىق بولىدۇ. تاشلىق يەرلەردە ئەتىيازدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتمىسى ئىچىلسە بۆرەك، دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. يىلتىزى بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

## لىسانۇل ئەسافىير
(ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، قۇشقاچتىلى)

ئۇ پارسچە «زەبانى كۇنجۇشك» (قۇشقاچتىلى)، ھىندىچە «ئەندەر جەۋ»، شىرازچە «تۇخمى ئەرھەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەردار دەرىخىنىڭ قاتارىدىن بولغان چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى باشاقلىق، غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، بىرى بىردىن تارقاق ھالەتتە ئۆسىدۇ. ھەربىر دانە غىلاپتا ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، قۇشقاچ تىلىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇقى بولىدۇ، ئۇنىڭ سىرتى سەل قارامتۇل، ئىچى سېرىققا مايىل ئاق، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ھىندىستان، بېنگال ئەللىرىدە كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. يەنە بىرى تاتلىق بولۇپ، ئۆسۈملۈكى كۆپرەك شاللىقتا ئۆسىدۇ، شال ئېگىزلىكىدە، يوپۇرمىقى گۈرۈچ يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكىرەك، نېپىزرەك، يىرىكرەك، يېشىلرەك بولىدۇ. سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل كەڭرەك، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچى ئەگرى بولىدۇ. مېۋىسى باشاققا تۈپلاشقان بولۇپ، ئۇرۇقلىرى يېشىل غىلاپ ئىچىدە، شەكلى تىكەنگە ئوخشايدۇ. گۈلى ئۇششاق بولۇپ، ئاچچىقىنىڭ سېرىققا مايىل ئاق، تاتلىقىنىڭ بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئاچچىقىنىڭ مېۋىسىمۇ تاتلىقىنىڭ مېۋىسىنىڭ شەكلىدە بولىدۇ، پەقەت تاتلىقىنىڭ مېۋىسى چوڭراق، ئىچىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلمۇ

دىيىلگەن. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەل ھەيدىگۈچى، يوپۇرمىقى قورۇغۇچىدۇر.

كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: مېۋىسى ئىستېمال قىلسا بىقىن ئاغرىقى ۋە دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. خەفەقان، زىققە نەپەس، كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقى، بەل، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. كۆپىيىش ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەپ قوزغىتىدۇ. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇ ھەسەل ۋە زەپەر بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن يالغۇز 10 گىرامغىچە، ياردەمچىسى بىلەن بىرلىكتە ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا جۇزبۇۋا، يېرىم ھەسسە قىزىل بەھمەن ياكى باراۋەر مىقداردا قىزىل تۇدەرى ياكى ياڭاق مېغىزى ياكى كاۋاۋچىن.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: يوپۇرمىقى زىمات قىلسا ھۆل يارىلارنى تازىلايدۇ، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پوستى سىركە بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ سوقۇلۇپ زەخىملىنىشىگە داۋا بولىدۇ.

## لىسانۇل كەلب
(ئىتتىلى ئوت)

ئۇ لاتىنچە «كەلۇردە» دېگەن سۆزگە ئوخشاش «ئەمىيرە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەربەرچە «نىيكۇكالىنس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پاقىيوپۇرمىقى ئىكەن. بەزىلەر ھۇممازى ئۇسۇملۇكى دەپ بىلگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئايرىم بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىككى غۇلاچتىن ئېگىز، شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، بوغۇملۇق، ئىنچىكە بولىدىكەن، يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئوتتۇرىسى ئويمان، ناھايىتى يۇمشاق، چۆرىسى ئۆتكۈر بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ، ئۇرۇقى ئىنچىكە، يىلتىزى ئاق، ھەم شاخچە يىلتىزى بولىدۇ. شاخچە يىلتىزلىرى خۇددى يىپتەك ئىنچىكە بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يازنىڭ بېشىدا سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تالىنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر: زىمات قىلسا جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرىدۇ. يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ، كونا يارىلارغا گۆش ئۈندۈرىدۇ.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەسىيقى
(بۇدۇشقاق)

ئۇ «ئازانۇد دۇب» (ئېيىققۇلاق ئوت) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەنەكابۇندا «كاش» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كېيىمگە چاپلىشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ «لەسىيقى» (چاپلاشقاق) دەپ ئاتىلىدۇ. غولى بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك، بارماق تومۇلۇقىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، قېلىنراق، ئۇرۇقى پىندۇق ۋە نوقۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ.

تەبئىتى: بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر.

كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ھەسەل بىلەن ئىچىلسە سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا مەقئەت ئىششىقىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى ناھايىتى پەسەيتىدۇ. سۈيى بىلەن يۈز يۇيۇلسا رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ. ئۇرۇقى ۋە مېغىزى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لوئاب
(شۆلگەي)

ئەرەبچە «رىيق» (تۈكۈرۈك)، پارسچە «ئابى دەھان» (ئېغىزنىڭ سۈيى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: تونۇشلۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۇچىدۇر، بولۇپمۇ ناشتا قىلمىغان ئادەمنىڭ تۇكۇرۇكى تېخىمۇ شۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. روزىدار ئادەمنىڭ شۆلگىيى قۇلاقتا تېمىتىلسا قۇرتىنىڭ بىئاراملىقنى يوقىتىپ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۈركىسە ئۆلۈك قاننى تارقىتىدۇ. بەھەق، داغ ۋە باللاردىكى كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. يىلاننىڭ ئېغىزىغا تېمىتىلسا ئۆلتۈرىدۇ.

## لۇئبەئى بەربەرى
(بەربەر قونچىقى)

**ماھىيىتى:** ئۇ سۆرۈنجانغا ئوخشايدىغان بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، سەرپىستانغا ئوخشاش بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر ئاچچىق بولۇپ، مىسىردا تەرياق دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، ئافرىقىنىڭ ئېلىپ كېلىنىدۇ. بەزى نائىنساپ كىشىلەر ئۇنى سۆرۈنجان ئورنىدا ساختىلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر سۆرۈنجاننى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ، ئەمما ئۇنداق بولۇشى ناتايىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتكۈچىدۇر.

كۆكرەكتىكى ئەزالار ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئۆپكىنى بەلغەمنى بوشىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ھەيز ۋە بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ، كۆكرەك ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: رازى ئۇنى ئەفئا يىلىنى زەھىرى ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش جەھەتتە تەسىرى ناھايىتى ياخشى دەپ بىلگەن. داۋاملىق ئىشلىتىلسە رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ زىيىنى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئارپا تالقىنى بىلەن كۆپ قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە ئىسسىق كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ياڭاق مېغىزىدۇر.

باللار ياكى باشقىلار ئۇنى ئېھتىياتسىزلىقتىن يەپ سالسا قۇستۇرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ خۇددى مەستلەردىكىدەك ھالەت پەيدا قىلىدۇ. يەپ سالغىنى ئايال بولسا ھىستېرىيە بولۇپ ھالاك بولىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى ياغ، ھەسەل بىلەن قەي قىلىش ئارقىدىن رۇمبەدىيان ئىستېمال قىلىشتۇر.

## لەئل
(لەئل تاش)

ئۇ ھىندىچە «لال» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېگى بايقالغان تاشلاردىن بولۇپ، بۇرۇنقىلارنىڭ تاشلار ھەققىدىكى كىتابلىرىدا ئۇنىڭ بايانى يوقتۇر. «مەنافىئۇل ئەھجار» (تاشلارنىڭ پايدىسى)، «لۇبابۇس سەنائە» (ھۈنەرنىڭ مېغىزى) ناملىق كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بەدەخشان تېغى يېرىلىپ ئۆرۈلۈپ ئىچىدىن لەئل ئاشكارا بولغان. ئۇ ياقۇت تۈرىدىن بولۇپ، قىزىللىقى ياقۇتنىڭ قىزىللىقىدىن تۆۋەنرەك، بىنەپشە رەڭ ۋە ھاۋا رەڭگە سەل مايىل، ياقۇتتىن يۇمشاقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كانى تۈرك مەملىكىتىنىڭ بەدەخشان دېگەن تېغىدىدۇر. ئۇ دۆكەندىمۇ ھاسىل بولىدۇ. بەدەخشاندىن چىققىنى ياخشىراق، قىزىلراق، دۆكەندىن چىققىنىدىن قاتتىقراق، دۆكەندىن چىققىنى يۇمشاقراق، سەل قارىراق، بەدەخشاندىن چىققىنىغا قارىغاندا، مولراق، باھاسى تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇ ياقۇتنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، چىققان يەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن شۇنداق ھالەتتە ھاسىل بولغان. ياقۇت ئاللا خالىسا «ي» (يائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل ياكى ئازراق ئىسسىقلىققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خورسەن قىلىش، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەش، كۆرۈشنى كۈچەيتىش تەسىرى ياقۇتنىڭ شۇ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى مىللىگرامدىن يېرىم گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلەر ئىككى يېرىم مىللىگرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، دېگەن.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## لۇفاھ

ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «شابىيزەك»، «مەغەد» دەپ ئاتىلىدۇ. مەغەد پىدىگەننىڭ نامىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا يەبرۇجنىڭ مېۋىسىدۇر. لۇفاھ يىلتىزى سۇرىيانچە يەبرۇجدىن ئىبارەت. يەبرۇج ئاللا خالىسا «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چىشىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسى زەيتۇن مېۋىسىدىن چوڭراق، سېرىق، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن خۇش پۇراق، تاتلىقا مايىل ئۆزگىرىدۇ. ئۇ «لۇفاھۇل جىنن» (جىن لۇفاھى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئالما ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزىنىڭ ئىككى - ئۈچ دانىسى بىرى يەنە بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستى قېلىن، قارىغا مايىل بولۇپ، شەكلى خۇددى ئادەمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. چاچما يىلتىزلىرى بولمايدۇ. يەنى يەبرۇج ئۆسۈملۈكىدە بار چاچما يىلتىزلار بۇنىڭدا بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى سىلىق بولۇپ، خۇددى قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى تەرخەمەك مېۋىسى چوڭلۇقىدا، سېرىق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ توملۇقى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، قەبرىستانلىقلار ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەل تار، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئاققا مايىل، غولسىز، گۈلسىز ۋە مېۋىسىز بولىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇن، باش بارماق توملۇقىدا، ئاق بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە قۇۋۋەتلىكرەكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ قۇۋۋەتلىكى يىلتىزىنىڭ پوستى، سىقىلغان ۋە ئۆزى سىرغىپ چىققان سۈيىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئازغىنە ئىسسىقلىقتىنمۇ خالىي ئەمەس ئىكەن. مېۋىسى ھۆل سوغۇق، يىلتىزىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قۇۋۋىتى يوقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەست قىلغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئۆتكۈر ماددىلاردىن بولغان لوقۇلداپ ئاغرىش، قان، سەپرانىڭ قايىنىشىنى پەسەيتكۈچى، قورۇغۇچى، ئۇخلاتقۇچى ۋە سەمرىتكۈچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. پۇرىسا ئۇخلىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئىگىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەكتىكى ئەزالار، ھەزىم قىلىش، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يىلتىزىنىڭ پوستىدىن بىر يېرىم گىرام ئېلىپ سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۈيقۇسىزلىق، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، قانلىق ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرىدۇ. ئۆسۈملۈكى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۇرۇقى گۆشگۆرت بىلەن

ھەمەلچە قىلسا ھەيزنى توختىتىدۇ.

بوغۇملار: يىلتىزىنىڭ پوستى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا قىزىلغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سەپكۇننى يوقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۇتى سۇركىسە داغ ـ سەپكۇننى يوقىتىدۇ. ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام ئىستېمال قىلسا رەڭگىرويىنى ناھايىتى قىزارتىدۇ، خۇددى مۇنچىدىن يېڭى چىققاندەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىنى ھەرقانداق ياغ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا پىت پەيدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: يىلتىزىنىڭ پوستى ھەسەل زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. شۇنىداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ يوپۇرمىقى زەھەرلىك، ئۆلتۈرگۈچى ئىتئۇزۇمنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6 ~ 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا ئەقىلنى ئېلىشتۇرۇش، بىخۇد ئۇخلىتىش ۋە كۆڭۈلنى ئايىنىتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغ ۋە ھەسەل بىلەن قەي قىلدۇرۇش، ئارقىدىن ھەسەل، ياۋا سۇزاپ، قىچا ۋە رۇمبەدىيان ئىستېمال قىلىشتۇر. بەزىلەر سوغۇق سۇ ئىچىش دېگەن.

**زىيىنى:** كۆپ پۇرىسا سەكتە پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ يوپۇرمىقى ئاق بولغىنى پۇرىسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مومنى پۇراش، خەشخاش ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىشتۇر. بەزىلەر باراۋەر مىقداردا جەۋزۇلقەي (قەي ياڭىقى) ئىستېمال قىلىش دېگەن.

ئۈچ دانە ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا خۇرسەن قىلىش بىلەن بىرگە مەست قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

## لەفەش

(لەفەش دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل چوڭ دەرەخ بولۇپ، شام ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ. ھۆل ۋە كۆك ۋاقتىدا ئاسان كۆيىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن تەستە كۆيىدۇ. ئىبنى ئەبى خالىد «قۇرئاندا

ئېيتىلغان «يېشىل دەرەختىن سىلەرگە ئوت قىلىپ بەردۇق، دېمەك، ئۇ دەرەخ شۇدۇر» دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق يوپۇرمىقىنى تالقان قىلىپ سېپىلسە ئاقكېسەل ۋە بەھەقكە داۋا بولىدۇ. ھۆلىنىڭ سۈيى كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆئمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدا «ئەنتاكىي ئۇنى قارىغاي ياغىچى دېگەن» دەپ يازغان.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەقلەق
(لەيلەك قۇش)

ئۇ پارسچە «لەكلەك» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** تېنى چوڭ تونۇشلۇق قۇشلاردىن بولۇپ، باھار پەسلىنىڭ باشلىرىدا كېلىدۇ، بەزىدە ماكانلىشىدۇ ۋە ماكانىدىن ئايرىلمايدۇ. يىلان ئۇنىڭ باللىرىنىڭ دۈشمىنى بولغاچقا، ئۇنىڭ باللىرىغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇۋىسىنى تىكەندىن ياسايدۇ. ئۇ مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقىدىن يىلاننى يۇتسىمۇ يىلان ئۇنىڭغا زىيان قىلمايدۇ. ھاشارات ۋە ناچار نەرسىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن گۆشى سېسىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش ئەزالىرى ۋە باشقىلار كېسەللىكلىرى: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، ئەزالاردا قويۇق يەللەرنىڭ ۋە سوغۇقلۇقنىڭ تۇرۇۋېلىشى، باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىشلىگەندىكى زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. بالىسىنىڭ گۆشى چوڭىنىڭ گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

**زىيىنى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت يېغى، سىركە، كەرەپشە، يۇمغاقسۈت ۋە ئۇنى كۆپ مىقداردىكى يۇمغاقسۈت بىلەن پىشۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدىن زەيتۇن يېغى، بادام يېغى ۋە شاراب ئىچىش زىيانلىقتۇر.

ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭ تەسىرلىرى گۆشىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۆتى كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. قېنى سۈركىسە جۇلا

بېرىدۇ، بەھەق ۋە ئاق داغنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قېپنى سىركە ۋە مايىقى بىلەن سۈركىسە تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. تۇخۇمى بىلەن سۈركىسە چاچنى قارايتىدۇ، تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

## پەسل: «ل» (لام) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لۇك
(لوك)

ئۇ «لەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «لاك»، ھىندىچە «لاكھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، ھىندىستان، بېنگال مەملىكىتىدە بولىدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىن چىقىپ قېتىپ قالىدۇ. خۇددى شاتۇت ئۇجمىدەك قىزىل، بەزى دانلىرى لىمون، نارەنجى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇنداقلىرى «لاكى خام» (خام لوك)، ھىندىچە «لاكھ جھورى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە سىدە دەرىخى، پىلپىل دەرىخى ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىدىنمۇ ھاسىل بولىدۇ. سىدە دەرىخىدىن چىققىنى ياخشىراق بولىدۇ. خام لوكنى سۇدا قاينىتىش ئارقىلىق ھەر خىل رەڭلەردىكى لوكلار بارلىققا كېلىدۇ. ھەربىرىنىڭ ئايرىم نامى بولىدۇ. ئۇنى سۇدا قاينىتىپ ئۇيۇتۇش ئارقىلىق ھاسىل بولغىنى ھىندىچە «گەلال» دەپ ئاتىلىدۇ. سۈيىنى پاختىغا ئىچۇرۇپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ تەييارلانغىنى پارسچە «كەتاد»، ھىندىچە «ئەلتا»، «مەھا» دەپ ئاتىلىدۇ. قاينىتىپ سۈيى ئايرىۋېلىنغان لوكنىڭ پېسىپى نېپىز يېيىتىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇ ھىندىچە «چەپرا»، شىرازچە «دوس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى قىزىل، سۈزۈك، پارقىراق، ساپ، يېڭى، قاينىتىلمىغان، يۇيۇلغان خىلىدۇر. چۈنكى يۇيۇلغىنى بەزى جەھەتلەردە يۇيۇلمىغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. قاينىتىلغىنىنىڭ ياخشىسىمۇ قىزىل، پارقىراق، ساپ، يېڭى بولغانلىرىدۇر. بۇ تېبابەتتىن باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. يۇيۇلغىنى ئۇچۇرچانراق، يۇيۇلمىغىنى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر بەرگۈچى، تارقاتقۇچى، خىلىتلارنى تازىلىغۇچى،

ماددىلارنى توختاتقۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك ئەزالار، ھەزىم قىلىش، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا پالەچ، قان تۈكۈرۈش، يۆتەل، كانايى ئىششىقى، خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۆچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سوۇلۇق ئىششىق، قورساقتا سۇ چۈشۈش، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. بۆرەك ۋە باشقا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سوغۇق خىلتلارنى تەنقىيە قىلىدۇ. جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يۇيۇلغىنىدىن يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە ئېلىپ، 150 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىچسە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

**زىيىنى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** توسالغۇلارنى ئېچىشتا ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىچىلىك مىقداردا رەۋەن، يېرىم ھەسسە ئاسارۇن، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا تاباشىر.

خاسىيەتلىرى: بەدەننى خاسىيىتى بىلەن ئورۇقلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنگە يېرىم گىرام ئېلىپ سىركە بىلەن بىرلىكتە 30~40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا بەدەننى ناھايىتى ئورۇقلىتىدۇ، باشقا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ 15~20 گىرامىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە تۆت كۈنگىچە ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆك ئۆشنىنى سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ساپ خام لوك قوشۇلۇپ سۇس ئوت بىلەن پىسىپى بىلەن سۇزۇك قىسمى بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىغۇچە قاينىتىپ ئۆشنان سۈيى قىزىل، پارقىراق بولغاندا سۇزۇك قىسمى ئايرىۋېلىنىپ ئۇنىڭغا ئەرەب يېلىمى قوشۇلۇپ قويۇلىدۇرۇلسا ئۇنى ھىندىچە «گۇلابى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يېزىقچىلىق ۋە نەققاشچىلىقتا شىڭگىرىپتىن ياخشىراق بوياق بولىدۇ. موزدۇزلار ۋە زەرگەرلەر ئۇنىڭ پىسىپىنى نەرسىلەرنى چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يېلىم بولۇپ، ناھايىتى چىڭ چاپلاشتۇرىدۇ.

لوك ئىستېمال قىلسا ھەيزنى توختىتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىندۇر.

لوكنى يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، ياغاچ ۋە باشقا ئوت ـ خەسلەردىن خالىي بولغان ساپ، خام لوكتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ھاۋانچا بىلەن يۇمشاق سوقۇپ ئۈستىگە رەۋەنچىنى ۋە ئىزخىر چېچىكى قاينىتىلغان سۇدىن ئاز مىقداردا قويۇپ ياخشى ئۆزلەشكۈچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىپەك رەختكە تۆكۈپ سۈرۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىپەكتە قالغىنى يەنە مەزكۇر سۇ بىلەن سالايە قىلىپ يەنە ئۆتكۈزۈلىدۇ، تاكى يىپەكتە قالمىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن لوك ئېرىتمىسى تېگىگە ئولتۇرغىچە

تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇستىدىكى سۇيى تۈكۈۋېتىلىپ تېگىدىكى قىسمى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنى يۇيۇشنىڭ باشقا ئۇسۇلى بۇ كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. يەنە «قارابادىن كەبىر» دە ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى، داۋائى لوكنىڭ بىر قانچە نۇسخىلىرى، سۇفۇپلىرى ۋە قۇرسلىرى بايان قىلىندى.

بىلگىنكى، ئۇنىڭدىن هاسىل قىلىنغان بوياق يىپەك بىلەن يۇڭنى بوياشقا خاستۇر. ئەمما ئاۋۋال يىپەك بىلەن يۇڭنى ئۇنىڭ قايناتمىسىدا ساپ تارتار بىلەن بىرلىكتە سۇس ئوت بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز قايىنىتىش، تارتارنىڭ مىقدارى بەش هەسسە، لوك يۈز هەسسە بولۇشى لازىم، تارتار بولمىسا رەڭ ياخشى ئىچمەيدۇ ۋە رەڭگى چىرايلىق بولمايدۇ.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ن» (نۇن) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لەنجىيتۇس
(لەنجىتۇس ئۈسۈملۈكى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر، شامدا «مىنسەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى كۈدە يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ، خۇددى قاندەك قىزىل بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ كۆپ قىسمى يىلتىزىدىن، ئاز قىسمى غولىدىن ئۆسىدۇ. غولى ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇچىدا تەلپەككە ئوخشاش قارا گۈلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا خۇددى ئېچىلغان ئېغىزغا ئوخشايدىغان شەكىل بولىدۇ. غولىنىڭ ئۇچىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۈچ بۇرجەك يوپۇرمىقى بولىدۇ. يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يىرىك، نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن (ياۋا سامساق)نىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يىرىكرەك، چىشى چوڭراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىكىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۆزىدىن بەش گىرام، قايناتمىسىدىن 60 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك هەيدەيدۇ. ياۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى شاراب ياكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا تالغا شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ياۋىسى زىمات قىلسا جاراھەتلەرنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇلارنى تازىلايدۇ ۋە ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ.

## پەسىل: «ل» (لام) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## لۇبىيا

(لوبىيا پۇرچىقى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، يۇنانچە «سەلىيھىن»، قىبتىچە «مامىرا»، رىمچە «فەسۇلىن»، ئەرەبچە «فەرىقا» دەپ ئاتىلىدۇ، پارسچىمۇ «لۇبىيا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ «لويا»، «سامىرۋان»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** يېيىلىدىغان مەشھۇر دانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپ ئەللەردە ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى چوڭ ھەشقىپىچەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى تىك، بەزىلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ ۋە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. يوپۇرمىقى ھەشقىپىچەك يوپۇرمىقىدىن يېشىلراق سىلىق بولىدۇ. گۈلى ئۇششاق بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى باقىلەنىڭ غىلاپىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. دانلىرى باقىلەنىڭ دانلىرىدىن كىچىكرەك بولۇپ، ھايۋاننىڭ بۆرىكىگە ئوخشايدۇ. باھار پەسلىدە تېرىلسا يازدا پىشىدۇ. دېنىنىڭ بەزىسى ئاق بولۇپ، بېشىدا قارا چېكىت بولىدۇ. بەزىلىرى قىزىل، يەنە بەزىلىرى قارا بولىدۇ. دېنىنىڭ يېڭى ئۆسكىنى غىلاپى بىلەن بىرلىكتە ئۇششاق توغراپ گۆش بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلسا لەززەتلىك بولىدۇ. پىشقىنىنىڭ غىلاپى ئاقلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. قىزىلى سۇ بىلەن تەكرار قاينىتىلسا ۋە سۈيى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلسا ئاقىرىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇ باقىلەگە سېلىشتۇرغاندا ياخشىراق، يېلى ئازراق، نوقۇتقا سېلىشتۇرغاندا ناچارراق، يېلى كۆپرەك بولىدۇ. بىرەر توسالغۇ بولمىسا ماشتىن تېزرەك ھەزىم بولىدۇ.

**تەبئىتى:** قىزىلى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېقى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل، قىزىلى ھۆل ئىسسىق ئىكەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، تارقاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى قۇۋۋىتى بار. پوستىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش قۇۋۋىتى مېغىزىنىڭ شۇ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قورساقنى

ئېسىدۇ، ئەستە ھەزىم بولىدۇ، قويۇق خىلت پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئېقى شۇنداقتۇر. ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قۇسۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەنىي، سۈت كۆپەيتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈيدۈك، ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ قايناتمىسى ئاز مىقداردىكى قۇننە ۋە سۇمبۇل يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. تۇغۇت قېنىنى تازىلايدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. قىزىلىنىڭ قايىنتىلغان سۈيىدە تەكرار ئولتۇرۇلسىمۇ تۇغۇت قېنىنى تازىلايدۇ، ئۆلۈك، تىرىك بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) كۆپ ئىستېمال قىلسا قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل، قىچا، ئاچچىقسۇ، زىرە، تۇز، زەيتۇن يېغى، يالپۇز، پىلپىل. گۆش بىلەن قايىنتىلسىمۇ ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

(2) ئومۇمەن ئۇ خاسىيىتى بىلەن كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈزىتىشتە دارچىن، سىركەنجىۋىل، ئاچچىقسۇ، قىچا ۋە سۇزاپتىن ياخشىراق نەرسە يوقتۇر.

ئۇ غىلاپى بىلەن ئىستېمال قىلسا زىيىنى كۆپتۇر. ئەمما يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ مەزكۇر دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا زىيىنى ئازراق بولىدۇ.

## لەۋز
(بادام)

ئۇ پارسچە «بادام»، فىرانسۇزچە «ئەنكداله» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل مېۋە بولۇپ، ياۋا، يەرلىك ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بولىدۇ. ھەربىرىنىڭ يەنە تاتلىقى ۋە ئاچچىقى بولىدۇ. تاتلىقى «لەۋزۇل ھۇلۇۋ» (تاتلىق بادام)، پارسچە «بادامى شېرىن» (تاتلىق بادام) دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىخى ئانار ۋە بېھى دەرىخى چوڭلۇقىدا، پوستى قىزىل، قارامتۇلغا مايىل، گۈلى ئاق بولىدۇ، ئوتتۇرىدا سېرىق ئانىلىقلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، يۇمىلاق، يۇمشاق بولىدۇ. يەرلىكنىڭ كۆچىتى تىكىلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى، تۆتىنچى يىلى مېۋە بېرىدۇ ۋە مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۈچ پوستى بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە پوستلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغان ۋاقتىدا تەمى قىرتاق، چۈچۈمەلگە مايىل بولىدۇ. غورىسى چۈچۈمەل، چورۇك، يېپىشلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئازراق تۇز بىلەن يېيىلسە تېخىمۇ يېپىشلىك بولىدۇ. قانچە يۇمران، خام بولسا شۇنچە چۈچۈمەل، مەززىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پوست، مېغىز ۋە شاكال تۈزۈشكە باشلايدۇ. پوستلىرى شاكاللاشقان ۋە قاتقاندا تەمسىز بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن

مېغىزى مايلىق ۋە تەملىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭى مېغىزى چۈرۈك، لەززەتلىك بولىدۇ. تولۇق پىشىپ يېتىلگەندە ۋە قۇرۇغاندا مېغىزىمۇ تەملىك بولىدىغان بولۇپ، يېغى ئېلىنىدۇ. مېغىزى ئۈچ خىل پوستىدىن ئاجرىتىلىپ خام ياكى قورۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ھالۋىلار تەييارلىنىدۇ. يەنە ئۇنىڭ مېغىزى بىنەپشە گۈلى، قىزىلگۈل، بىدىمۇشكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ ياغ تارتىپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى قايسى گۈل بىلەن خۇش پۇراق قىلىنغان بولسا تارتىلغان يېغىمۇ شۇ خىل گۈلنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاتلىق يېمەكلىكلەر ۋە ھالۋىلار تەييارلىنىدۇ ياكى شۇ پېتى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەممىسى خۇش پۇراق، يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى پوستى قاتتىق، سەل چۈرۈك بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن كۆپ ھاللاردا ئۆزى ياكى بىرى يەنە بىرىگە سۈرۈلۈش بىلەن ئاجراپ كېتىدۇ. ئوتتۇرىدىكى پوستى قاتتىق، ئاق بولىدۇ. ئۈچىنچى پوستى مېغىزىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، سەل قىزىل، قارامتۇل، قىرتاق، تىلنى قورۇيدىغان بولىدۇ.

بادامنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ پوستى نېپىز بولۇپ، قول بىلەن ئېزىپ چاققىلى بولىدۇ، ئۇ «بادامى كاغەز» (قەغەز بادام) دەپ ئاتىلىدۇ. قەغەز بادام مېغىزى پوستى تاش بادامنىڭ مېغىزىنىڭ پوستىدىن نازۇكراق، لەززەتلىكرەك ۋە تاتلىقراق بولىدۇ. بۇ تۈرىنىڭ ياۋسى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ پوستى يەرلىكىدىن قاتتىقراق، مېغىزىنىڭ يېغى ئازراق، نازۇكلۇقى ۋە تاتلىقلىقى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزى چوڭ، مايلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. مۆتىدىلمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قۇۋۋەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر.

باش ۋە كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: مېڭە جەۋھىرىنى ساقلايدۇ. بولۇپمۇ ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى تازىلايدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئۆپكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شىرىسى شېكەر بىلەن ئىچىلسە يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە، كېكىردەكنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. كاناي ئىششىقى، كۆكرەك پەردىسى ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. يېرىم ھەسسە زۇپتى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شاكىلى كۆل بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۆيدۈرۈلۈپ سالايە قىلىپ سېپىلسە چىش ۋە مىلىكنى چىڭىتىدۇ، ئاقارتىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: جۇلا بېرىش رولى بولغاچقا،

ئىچكى ئەزالار ۋە قورساقنى يۇمشىتىدۇ. ئۇچەي، دوۋسۇن يارىسى ۋە ئاشقازان ھۆللۈكىدىن بولغان قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ ۋە سۈيدۈكنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئەنجۈر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. بادام مېغىزىنىڭ يۇمشاق سوقۇلغىنى ئاشقازانغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇزۇندا تۆۋەنگە چۈشىدۇ، چالا سوقۇلغىنى تېزرەك چۈشىدۇ. بادام مۇرابباسىنىڭ بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش، سەمرىتىش ۋە بۆرەكنى ئىسلاھ قىلىش تەسىرى ياخشىراقتۇر. قورۇلغىنى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازاننى چىڭىتىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن نورمال چوڭلۇقتىكى بىر دانە ياڭاق مىقدارىدا ئېلىپ ھەسەل بىلەن لوئوق تەييارلاپ يالىسا جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، يەللەرنى، بولۇپمۇ بۆرەك يېلىنى تارقىتىدۇ.

پىشمىغان ھۆل مېۋىسى پوستى بىلەن ئىشلىتىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. سوغۇقلۇقى ۋە پوستىنىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئېغىزنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئەنجۈر بىلەن ئىستېمال ۋە زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. چېچەكى ئەرلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى كېسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئېغىر بولۇپ، ھۆل سوغۇق مىزاجلىق ئاشقازاندا تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

(2) سەپرانى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

بۇزۇلغان بادام مېغىزى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ ۋە ھوشسىزلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇستۇرۇش، ئارقىدىن چۈچۈمەل مېۋە قىياملىرى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل بولۇپ، مېڭىنى ناھايىتى ھۆللەشتۈرگۈچىدۇر. بولۇپمۇ يېڭىسى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قۇرۇقلۇقتىن ۋە ياللۇغدىن بولغان تارتىشىپ قېلىش، مېڭە پەردىسى، كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇيقۇسىزلىققا داۋا بولىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سۈيى ئىستېمال قىلىنىدۇ، تەكرار سۈركىلىدۇ. ئۇ كەتىرا ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا

قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كانايىنى تازىلايدۇ، ئۆپكەلەرنى يۇمشىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا سۈرگۈچى دورىلار ۋە ئىسسىق دانلارنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئۇ، ئىلمان سۇ، لوئابلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن سۈركەلسىمۇ قانلىق ئىچ سۈرۈش، قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، ئۆچەيىنى يۇمشىتىدۇ، قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. دوۋسۇن ۋە بۆرەكتىكى تاشلارنىڭ چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق سۇ بىلەن سالايە قىلىنغان يەھۇد تېشى بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 50 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**بوغۇم ئەزالىرى:** ئۇچا ئومۇرتقىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ، ياشانغانلاردىكى دوكلۇقنى ئوڭشايدۇ. ئىلمان سۇ بىلەن غار ـ غار قىلسا گالنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ.

**زىيىنى:** ئاجىز ئۆپكىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ئىچىنى سۈرىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. قۇرۇقى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

## لەۋزۇل مۇر
(ئاچچىق بادام)

پارسچە «بادامى تەلخ» (ئاچچىق بادام) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تاتلىق بادام بىلەن ئوخشاش، پەقەت بۇنىڭ مېغىزى ئاچچىق بولىدۇ. بۇنىڭمۇ ياخشىسى يېڭى، چوڭ، مايلىق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، قويۇق خىلتلارنى تازىلاش ۋە يوقىتىش تەسىرى تەڭداشسىزدۇر. سىركە بىلەن زىمات قىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كاناي ئىششىقى، يۆتەل، نەپەس ئەزالىرى ۋە ئۆپكە ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. نىشاستە، تاغ يالپۇزى بىلەن ئىستېمال قىلسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، جىگەر كېسەللىكلىرى، يەرقان ۋە تالغا پايدا قىلىدۇ.

مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجىغا، ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا بۆرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، راۋانلاشتۇرىدۇ، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باش يۇيۇلسا تەمرەتكىنى ساقايتىدۇ، پىت ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: سىركە ياكى شاراب بىلەن زىمات قىلسا كونا زەخىملەر، يامرىغۇچى يارىلار، ھۆل مۇدۇرلار، كالا تەمرەتكىسى، بەلباغسىمان قوقاق، قوتۇر، قىچىشقاق، تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سۈركىسە يۈزدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. شاراب ۋە ھەسەل بىلەن سۈركەلسىمۇ بەلباغسىمان قوقاققا داۋا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ناۋات، تاتلىق بادام، خەشخاشدۇر.

يىلتىزى زىمات قىلسا ھەرقانداق ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

دەرىخىنىڭ يىلتىزى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، داغ يوقىتىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە تال ۋە بۆرەكنى تازىلايدۇ، قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. كۈلى زىمات قىلسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

يوپۇرمىقىنى قايناتىپ شاراب بىلەن چېپىلسا تەمرەتكىگە تەگداشسىز پايدا قىلىدۇ.

ئارىستوتېلىنىڭ ئېيتىشىچە، 15 گىرام ئاچچىق بادام مېغىزىنى سوقۇپ ناشتىدا ئىستېمال قىلسا شاراب ئىچكەندە مەست بولمايدىكەن.

ئاچچىق بادام يېغى جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ھۆللۈككە مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ئەتراپىدىكى چاپلاشقاق، سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى سۈرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە كاناي ئىششىقى، تال ئىششىقى، بۆرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قۇلۇنجى، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى، بالىياتقۇ ئىششىقلىرى، بالىياتقۇ چۇقۇقىغا شىپا بولىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى ۋە ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق غوڭۇلداشقا شىپا بولىدۇ. قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

زىننەتلەش: مەلھەم قىلىپ چاپسا يۈزدىكى ھەر خىل ئىزلار، داغ ۋە قورۇقنى يوقىتىدۇ. سوغۇقتىن پەيدا بولغان يېرىلىشنى ساقايتىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار: شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا ھۆل يارىلار، تال ئىششىقى، تەمرەتكىگە

شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 20 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاچچىق، تاتلىق بادام دەرەخلىرىنىڭ يىلىملىرى ئەرەب يىلىمىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

تۇزغا چىلاپ قورۇلغان بادام مېغىزى يالغان ئاچلىقتا ئىستېمال قىلسا روھىنى تەڭشەيدۇ ۋە ئىسلاھ قىلىدۇ، مەستلىكنى كېچىكتۈرىدۇ، كۆكرەكنى تازىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، خام كېكىرتىدۇ. تۈزەتكۈچىسى شېكەر ۋە مۇسەللەستۇر.

ياۋا بادام بىلەن تاغ بادىمىنىڭ دەرىخى يەرلىك بادام دەرىخىدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۈلى قىزىلغا مايىل، خۇش پۇراق، مېۋىسى كىچىكرەك، ئاچچىق، كۆپ قىرتاقتۇر. ئۇ پىندۇق ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلىرىنى ئازايتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىنى ساقايتىدۇ، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. گۈلىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لەۋزۇل بەربەر

(بەربەر بادىمى، ياۋا بادام)

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا بادامنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چىلغوزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، سېرىق بولىدۇ. ئەتراپىدا مېغىزىغا يەتمىگەن ئۆسۈكچىلەر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ناھايىتى قابىزدۇر. يېغى «زەيتۇس سۇدان» (سۇدان يېغى، ياۋا بادام يېغى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ز» (زائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

## لۇسىماخىيۇس

(تۈن چىراغ ئۇرۇقدىشى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئالتۇنغا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «قەسەبۇز زەھەبىي» (ئالتۇن قومۇش)، «خۇسە» دېگەن سۆزنىڭ كىچىكلىتىلگىنى بويىچە «خۇۋەيسە»، «خۇخۇل مائ» (سۇ شاپتۇلى)، «ئۇدۇر رىيھ» (يەل ياغىچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «جورا»، «راج ناكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** سىراجۇل قۇترۇب (تۈن چىراغ) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆسۈملۈكى بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. غولسىز، شاخلىرى ئىنچىكە، بوغۇملۇق بولىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدا سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يوپۇرماقلار ئۆسىدۇ. تەمى سەل قىرتاق، گۈلى سېرىققا مايىل قىزىل، ئالتۇن رەڭ بولىدۇ. تۈيغۇن سۇلار، قومۇشلۇقلاردا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە سۈيى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق. ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇرۇن قېنى ۋە ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز قېنىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. زىمات قىلسا يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. خىنە بىلەن زىمات قىلسا چاچنى ئۆزارتىدۇ. ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. چاشقاننى ئۆلتۈرىدۇ سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيىنى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 2.5 مىللىلىتىردىن، يوپۇرمىقىدىن بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لۇئەجىيدىيتۇس
(لۇئەجىدىتۇس ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيتى:** ئىبنى تىلمىز دېگەن ھەكىم بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇرۇقى ئۈچ بۇرجەك بولىدىكەن. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ياۋىسى يەرلىكىدىن ھۆل ئىسسىقراق بولىدىكەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلسا ھەم پوستى سىركە بىلەن زىمات قىلسا قوتۇرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ.

## لۇف
(لۇف ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «فىيل گوش» (پىلقۇلاق)، فىرانسۇزچە «كونكىلۇس»،

يىلانغا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىدە «سەرىن تەنىين» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى «لوفۇل كەبىير»، يەنى چوڭ لوف ئۆسۈملۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «لۇفۇل ئەرقەت» (ئالا لۇف ئۆسۈملۈكى) دەپ، غولى ئالا يىلانغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «لۇفۇل ھەييە» (يىلان لۇف ئۆسۈملۈكى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «يىلان لۇف ئۆسۈملۈكى» دېگەن مەنىدە «دەرافىيۇن»، «دەراقىيتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** غولى توم، شاخلىرى ھاسىغا ئوخشاش، سىرتىنىڭ رەڭگى ئالا يىلاندەك ئالا بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ ھەشقىپىچەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش بولىدۇ. رەڭگى بىنەپشە رەڭ ۋە ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. مېۋىسى باشاقا ئوخشاش بولۇپ، دەسلەپتە ئاق بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. يىلتىزى تاغ پىيىزىغا ئوخشايدۇ. نەم، سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، تۆپراقتا مەنسۇپ تەركىبى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قويۇق، شىلىمشىق خىلتلارنى پارچىلىغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ناھايىتى جۇلا بەرگۈچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: سۈيى تېمىتىلسا كۆزگە يارا سەۋەبىدىن چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ھۆل باشقىنىڭ سۈيى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە تېمىتىلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تاش يوقىتىدۇ.

كۆكرەك ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چوڭ لۇف ئۆسۈملۈكى ئىستېمال قىلسا نەپەس قىيىنلىشىش، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش ۋە سوزۇلما كاناي ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا باھىنى قوزغىتىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا بالا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسىمۇ بالىنى چۈشۈرىدۇ. گۈلى پۇرالسىمۇ بالا چۈشۈرىدۇ. ئۇرۇقىدىن 30 دانە ئېلىپ سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا بالا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىنى تەشۋىشسىز چۈشۈرىدۇ. مۇھەممەد بىن ئەھمەدنىڭ ئېيتىشىچە لۇف يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بۇغداي ئۇنى، كۈنجۈت يېغى ۋە تۇز بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر تۇرۇشى قوشۇپ نان يېقىپ، شۇ ناندىن ھەر كۈنى 35 گىرامدىن ئىستېمال قىلسا ئىچكى ـ تاشقى بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

زىننەتلەش تەسىرى: يىلتىزى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا داغ، بەھەق، سەپكۈن، ئاقكېسەلنى يوقىتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان يېرىقنى ساقايتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئۇنىڭ زىماتى راك ئۆسمىسى، بۇرۇن ئاقمىلىرىنى داۋالاش، چىرىگەن جاراھەتلەر ۋە يېڭى زەخملەرنى داۋالاشتا ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئاقمىلار ئۇچۇن ئۇنىڭدىن شىياف تەييارلىنىدۇ. ھايۋانلارنىڭ يارىلىرىغا قويسا بۇزىدۇ. پىششىقى زىمات قىلسا كونا يېرىقنى ساقايتىدۇ، يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ.

زەھەرلىك ھاشاراتنى قاچۇرۇش: يىلتىزىنىڭ سۈيى بەدەنگە سۈركىسە زەھەرلىك ھاشاراتنى، بولۇپمۇ ئەفئا يىلىنىنى قاچۇرىدۇ.

**زىيىنى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ. قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەپسەنتىن.

ئىككىنچىسى لۇف «لوفۇل جوئدى» (پۇرلەشكەن لۇف ئۆسۈملۈكى) دەپ ئاتىلىدۇ. فارسچە «فىل گوش» (پىلقۇلاق)، يۇنانچە «ئەرب»، «لادەن»، بەربەرچە «ئەلۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «سەييارە» دەپ ئاتايدۇ. فىرانسۇزچە «ئەربىسارەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كىچىك لۇف ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى بىرىنچىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. غولى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. مېۋىسى بىرىنچىسىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، يىلتىزىمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىقلىقى بىرىنچىسىدىن ئاجىزراق، قۇرۇقلۇقى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزى ئۇنىڭ باشقا ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈكى بولۇپ، ماددىلارنى كۈچلۈك پارچىلايدۇ. كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە تازىلايدۇ. كالا تېزىكى بىلەن زىمات قىلسا نوقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قالغان تەسىرى چوڭ لۇف ئۆسۈملۈكىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزى ئۆرۈك مېغىزى يېغى بىلەن كۆيگۈچە قورۇلغاندىن كېيىن شۇ ياغ سۈركىسە بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ بىر پارچە رەختكە يۇقتۇرۇلۇپ مەقئەتكە سىلىنسا ئىچكى بوۋاسىرنى داۋالايدۇ. يىلتىزىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ شارابقا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ مۇۋاپىق مىقداردا مەقئەتكە سىلىپ تۇرسا بوۋاسىرغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. يىلتىزى بىلەن مەقئەت ئىسلانسىمۇ بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى «لۇفۇس سەغىير» (كىچىك لۇف ئۆسۈملۈكى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئەربىسارۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىر خەلقى «روبەرە» دەپ ئاتايدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇچىنچى ماقالىسىدا «دەراقىيتۇن» دەپ ئاتىغان. يۇنانچە پىل قۇلىقى دېگەن مەنىدە «فىيل جوش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى يەنە بىر خىلىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخى چوڭىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى غولىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۆسىدىغان بولۇپ، خۇددى باشاققا ئوخشايدۇ. دەسلەپتە خەشخاش رەڭگىدە ئاق بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن زەپەر رەڭ سېرىق بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، تىلنى چاقىدۇ. يىلتىزى يۇمىلاققا مايىل بولۇپ، تاغ پىيىزى يىلتىزى ۋە لۇفا ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. پوستى نېپىز بولىدۇ. ھۆل يەرلەردە ئۆسىدۇ. جالىنۇس ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى ئىككىنچى خىلىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆتكۈررەك ۋە ئاچچىقراق بولىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى خىلىدىن قۇرۇق ئىسسىقراق بولۇپ، تۆتىنچى دەرىجىگىچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى كۆيدۈرگۈچى ۋە چاققۇچى بولۇپ، باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك ۋە ئۇچۇچانراق، سەل قۇرۇغۇچىدۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆل يىلتىزى ئىستېمال قىلىسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، نەپەس قىيىنلىشىش، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، نەزلە، مۇسكۇللارنىڭ بوشىشىغا شىپا بولىدۇ. پىشۇرۇلغىنى ياكى قورۇلغىنى ئىچ سۇرۇشكە داۋا بولىدۇ، كۆكرەكتىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ تازىلايدۇ. قويۇق، چاپلاشقاق خىلتلارنى تازىلايدۇ. جىگەر، تال، بۆرەك توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قۇرۇتۇلغىنى ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بالا چۈشۈرىدۇ. قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭ چوڭىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. سۈيى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا ئۇنىڭدا ئۆسۈپ قالغان بۇزۇق، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا ئاقمىلىرىنى داۋالايدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا ئۇنىڭدىكى يارىنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: مەلھەم قىلىسا بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، يېڭى، ساق گۆش ئۈندۈرىدۇ. جاراھەتلەرنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. راك ئۆسمىلىرى، دىماقتا پەيدا بولىدىغان «كەسىرۇل ئەرجۇل» دەپ ئاتىلىدىغان ئىششىقلار ۋە باشقا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. يامىرىغۇچى يارىلارنى كېڭىيىشتىن چەكلەيدۇ. تۈرلۈك مەلھەملەر، شىيافلار ۋە پەرزىجىلەرگە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر خىل ئىزلار ۋە رەڭلەر بولمايدۇ. غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، ھاۋانچا دەستىسىگە ئوخشايدۇ. گۈلى زەپەر رەڭ بولىدۇ. يىلتىزى بىرىنچى خىلىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىقلىقى ھەممە قىسىمىدىن كەمرەك بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىنىڭ

ئاخىرىدىن ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىغىچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باشقا قىسىملىرىدىن ئاجىزراق، جۇلا بېرىشى ۋە پارچىلىشى كەمرەك بولۇپ، كۆكرەكتىكى خىلىتلارنى خەپرۇك ئارقىلىق چىقىرىدۇ. يىلتىزىدىن 20 گىرام ئىستېمال قىلسا ھەيزنى شۇ ھامان ھەيدەيدۇ. جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كۆپ تەرەپلەردە ئىشلىتىلىدىكەن. پىشۇرۇلۇپمۇ، قۇرۇتۇلۇپمۇ ئىستېمال قىلىنىدىكەن.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: جاراھەتلەر، ياخشى ـ يامان، يامرىغۇچى ياكى كېڭەيمەيدىغان يارىلار، ئاقمىلارغا بولغان تەسىرى يۇقىرىدىكى تۈرلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۆرۈك يېغىدا قايىنىتىلغىنىنىڭ تەسىرى يۇقىرىدىكىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. يىلتىزى بىنەپشە يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئىسسىتىلىپ سۈركىسە جوزامنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ، تارقىلىشى ۋە پۇت ـ قوللارنى زەخملىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. داۋاملىق سۈركىسە ساقايتىدۇ. كونا ياغ بىلەن سۈركىسە قاپلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ.

## لۇئلۇئ

(مەرۋايىت)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مەرۋايىد»، تۈركچە «ئىنچى»، «ئىنجۇ»، ھىندىچە «مەكتا»، «موتى»، چوڭى ئەرەبچە «دۇرر»، سەدەپ ئىچىدە پەقەت بىر دانىلا بولغىنى «دۇررى مەكنۇن»، «دۇررى يەتىيم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق نەرسە بولۇپ، سەدەپنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. كىچىكى خەشخاش ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق، چوڭى قۇشقاچ تۇخۇمى چوڭلۇقىدا، ھەتتا ئاز ۋاقىتلاردا كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا، ھەتتا ئېيتىلىشىچە 15 گىرام ئېغىرلىقچە بولىدۇ. ئاق، نەملەشكەن، پارقىراق، يۇمىلاق بولغانلىرى ھەم بەھرەين، ھۇرمۇز ۋە ئۇمان دېڭىزلىرىدىن چىققانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر ھۇرمۇز دېڭىزىدىن چىققىنىنى بەھرەين دېڭىزىدىن چىققىنىدىن ياخشىراق دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىنىڭ كوزا شەكىللىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا شەكىللىكلىرىنىڭ ئاق، پارقىراقلىرى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ. سېرىق، قارا، سۇلۇق، بەك ئۇششاقلىرى ناچاردۇر. سەيلان ئارىلى دېڭىزى ۋە خىرىستىيانلار يېڭىدىن قولغا كىرگۈزگەن يېڭى زېمىنىنىڭ جەنۇبى كەڭلىكىدىكى بىرازىلىيە ئارىلىغا ئوخشاش ئاراللار ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلىرىدىمۇ بولىدۇ. مۇرشىد ئاباد ۋە بېنگالدىكى «موتى جېھىل» (مەرۋايىت كۆلى) دەپ ئاتىلىدىغان كۆل، جەھانگىرنىگەرگە يېقىن شەيب گەنج ۋە سەلھەت دېڭىزلىرىدىنمۇ چىقىدۇ،

ئەمما ناھايىتى ئۇششاق ۋە باشقا ئارىلاشمىلىرى بولىدۇ. بەزىدە يېرىم گىرام ئەتراپىدا، نوقۇت چوڭلۇقىدا قىزىل دانلىرىمۇ بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەرۋايىت ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە تاش ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان بىر خىل ماددىدىن ئىبارەت، بەلكى پادىزەھىرى ھايۋانغا ئوخشاش ئۇنىڭ تاشلىق خۇسۇسىيىتى ھەممىدىن ئارتۇقراقتۇر.

ئۇنىڭ سەدىپى دېڭىز تېگىدە ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، دېڭىز تېگىدىكى تاشلار ۋە شېغىللار ئارىسىدا خۇددى ئۆسۈملۈكتەك يىلتىز تارتىپ ياشايدۇ. قورسىقى ئاچقاندا ئېغىزى يەنى ئىككى سەدىپىنى ئېچىپ دېڭىز تېگىدىكى ئۇششاق بېلىقلار، قۇرتلار ۋە لوئابلىق نەرسىلەردىن ئېغىزغا كىرگىنىنى تۇتۇپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. چوڭايغانسېرى يىلتىزىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، سەدىپى شۇنچە چوڭىيىدۇ ۋە ئاق، پارقىراق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. مەرۋايىت ئۇنىڭ يۈرىكىگە يېقىن يەردە ھاسىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەرۋايىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىنىڭ مەلۇم مۇددىتى بار بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئۇنى يىغىۋالمىسا قورسىقىدا تۇرۇپ ئېرىپ يوقاپ كېتىدىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى تۇپراق بار يەرلەرنىڭ مەرۋايىتلىرى ياخشى بولىدۇ. تاشلىقراق يەر بولسا مەرۋايىتمۇ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەرۋايىت باھار يامغۇرى ئىكەن، باھار پەسلىدە سەدەپ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ تۇرىدىكەن، يامغۇر ياغقاندا ئېغىزىنى ئېچىپ يامغۇر تامچىلىرىنى ئېغىزىغا چۈشۈرىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ مەرۋايىتقا ئۆزگىرىدىكەن، دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى يوقتۇر. بەلكى ئاساسلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدۇر. ئۇنىڭ قالغان ئەھۋالى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئىچكى ئەزالار، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. خۇرسەن قىلىشى ئالتۇندىن ئارتۇقراقتۇر. بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرگۈچىدۇر.

**باش، كۆكرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىسا قان تۈكۈرۈش، قاناش، ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىق، ئېغىز پۇراش، كاناي ئىششىقى، سەۋدادىن بولغان ھەر خىل خەفەقان، قورقۇش، غەم قىلىش، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان، بۆرەك، جىگەر ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. قانلىق، سەپرالىق ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر ۋە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا، كۆزگە كىرىپ كىرپىك كىرىپ كېتىپ كۆز ياشانغىراش سەۋەبىدىن بولغان دەسلەپكى باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىقى، قاپاق گىرۋەكلىرى

ئىششىقى، كۆز قاراڭغۇلىششىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە پەردە ئۆسۈپ قېلىش، كۆزگە توپا كىرىپ كەتكەندەك بولۇش ۋە كۆز يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئېرىتمىسى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەپ ساقلىقنى ساقلايدۇ. چىشقا سىپىلسە مىلىكنى چىڭىتىدۇ، كىرلىرىنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئېرىتىلمىگىنى داغ، بەھەق، تېرىدىكى ئىزلار، جوزام ۋە باشقىلىرىنى يوقىتىدۇ. ئېرىتىلگىنى ئارىستوتېلنىڭ سۆزىچە ئاقكېسەلگە شىپا بولىدىكەن.

**يارىلار ۋە جاراھەتلەر:** سېپىلسە سىرتقى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە ئىچىلگەن، چېقىلغان زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۆزىگە ئېسىۋالسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېغىزدا تۇتۇپ تۇرۇلسا جوزامغا شىپا بولىدۇ، غەم قىلىشنى يوقىتىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەزىلەرنىڭ سۆزىچە دۇۋساققا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىخ مارجان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاق سەدەپ.

ياغ، بەتبۇي، كىر، تۇتۇن قاتارلىقلار ئۇنىڭ رەڭگىنى ناچارلاشتۇرۇپ سۈپىتىنى بۇزىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ قايىنتىلغان ئىلمان گۈرۈچ سۈيى بىلەن يۇيۇلسا ئاقىرىدۇ، ئەمما گۈرۈچ سۈيى بەك قىزىق بولماسلىقى لازىم، ئۇنداق بولسا ئۇمۇ رەڭگىنى بۇزىدۇ. شۇنداقلا گۈرۈچنىڭ ھۆل ئۇنى بىلەن سۈرۈلسىمۇ ئاقىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كەپتەر ياكى توخۇغا يېگۈزۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بوغۇزلاپ ئىچىدىن چىقىرىۋالسىمۇ ئۇنى ئاقارتقىلى بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەرۋايىتنىڭ بەزىلىرى ئىچىدە قۇرت بولىدىغان بولۇپ، بۇنداقلىرى ناچارلىرى ئىكەن. قۇرت بارلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، تۇتۇپ كۆرۈلسە باشقا مەرۋايىتلارغا قارىغاندا، ئىسسىق بىلىنىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ رەڭگى ئەتىگەن ـ كەچتە ئۆزگىرىدىكەن.

ئۇنى كۆيدۈرۈش، ئېرىتىش ئۇسۇلى، جاۋارىشى، ھەببى، خېمىرى، يېغى، سۇفۇپى، قۇرسلىرى، مۇپەررىھى، مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئۇنى ئېرىتىشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى سالايە قىلىپ ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە ياخشى يۈگىگۈدەك مىقداردا تۇرۇنجى سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىنىڭ

ئېغىزى چىلىڭ ئېتىلىپ سىركە قاچىلانغان قاچىغا مۇئەللەق (ياكى لەيلىمەي ياكى چۆكمەي تۇرۇش) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قاچا ئات قىغىغا ئون تۆت كۈنگىچە كۆمۈپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىلسا ياخشى ئېرىيدۇ. بەزىلەر سىركە بار قاچىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئات قىغىغا شۇ پېتى كۆمۈلسە كۇپايە قىلىدۇ، دەيدۇ.

## پەسل: «ل» (لام) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لىھۇلۇقۇغەراقىس

(لىھۇلۇقۇغەرقىس دەرىخى)

ماھىيىتى: ئۇ مىسىردا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بوزچىلار كىيىملەرنى يۇيۇشقا ئىشلىتىدۇ. سۇدا ئاسان يۇمشايدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: غىدىقلىماي قۇرۇتقۇچى، مېڭىنى قۇرۇغۇچى، ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توختاتقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا قان تۈكۈرۈش، قاناش، ئىچ سۈرۈش، دوۋساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. زىمات قىلسا كونا ـ يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ.

## پەسل: «ل» (لام) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### لىيسانۇلۇس

(كۈندۈر پۈراق ئوت)

ماھىيىتى: مالىقىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى بولىدىكەن، ئۇلار «كۈندۈرىيات» (كۈندۈر پۈراقلىقلار) دەپ ئاتىلىدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى كۈندۈرگە ئوخشاش پۇرايدىكەن. كۆلۈخ ئوتىنىڭ قاتارىدىن ئىكەن. يوپۇرمىقى يۇمىلاق، تەمى ئارپىبەدىياننىڭ تەمىگە ئوخشاش، سەل ئۆتكۈر بولىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئەندەلۇس خەلقى «بەربەتۇر»، بەزىلەر «ئەستەر»، يەنە بەزىلەر «شىڭگىلىك» دەپ ئاتايدىكەن، چۈنكى بەزىلەر ئۇنىڭ شىڭگىلىكلىرىنى باھار پەسلىدە خام ۋە يۇمران ۋاقتىدا يەيدىكەن. سەل ئۆتكۈر، يېپىشلىك بولىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى غولسىز، مېۋىسىز، يەنە بىر خىلى غوللۇق، مېۋىلىك بولىدىكەن. ھەممىسىنىڭ يىلتىزى

كۈندۈرغا ئوخشاش پۈرايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، دېڭىز ساھىللىرىدا ئۆسىدىكەن، گۈلى ۋە مېۋىسى ئارپىبەدىياننىڭ گۈلى ۋە مېۋىسىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىر تۈرى مېۋىسىز، يەنە ئىككى تۈرى مېۋىلىك بولىدىكەن، ھەممىسىنىڭ قۇۋۋەتلىرى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۆسۈملۈكى ۋە يىلتىزىنىڭ سۈيى ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە قويۇق ھۆللۈكتىن پەيدا بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

باش، كۆكرەك، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ «بىرۇفىس» ۋە «سەمافىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى ئىستېمال قىلىسا يەرقانىغا داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. گۈلى ئىستېمال قىلىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ پىلپىل ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا كۆكرەك ئاغرىقلىرى ۋە يەرقانغا داۋا بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: زىمات قىلىسا مەقئەت، سىرتقى بوۋاسىر ئىششىقلىرى، پىشىشى تەس بولغان، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار، مۇسكۇللار ۋە پۇت - قوللارنىڭ زەخىملىنىشلىرىگە شىپا بولىدۇ. سىركە بىلەن سۈركىسە بەھەقكە پايدا قىلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: قۇرۇقى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىسا قان توختىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ساقايتىدۇ. يالاڭ ئارپا (جوزگەندۇم) ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىسا مۇسكۇللار ۋە پۇت - قوللارنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سىركە بىلەن زىمات قىلىسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىسا تەرلىتىدۇ.

## لىيف
(تالا، قوۋزاق)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: ئۇ خورما دەرىخى مېۋىسىنىڭ ئەتراپلىرى، نارجىل مېۋىسى، مۇقەل، فۇپەل دەرىخى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش دەرەخلەرنى ئوراپ تۇرىدىغان قوۋزاقلار ۋە ياغاچلاشقان يىپچىلاردىن ئىبارەت. ھەممىدىن ياخشىسى خورما ۋە نارجىل تالاسى، ئۇنىڭدىن قالسا مۇقەل دەرىخى تالاسىدۇر. تالا دېگەن بۇ سۆز يالغۇز ئېتىلسا خورما تالاسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قۇرۇق بولۇپ، جۇلا بېرىدۇ.

كۆز، ئېغىز كېسەللىكلىرى: كۆيدۇرۇلگەن كۈلى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، داۋاملىق سۈركىسە ئېغىز ـ يەڭگىل بولغان ئاقنى يوقىتىدۇ. چىشقا سىپىلسە چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، كىرىنى تازىلاپ ئاقارتىدۇ. ئاستىغا سېلىپ ياتسا، كىيىم ـ كېچەك تىكىپ كىيسە ئىستىسقا، ئەزالارنىڭ سۇسلىشى، ھەر خىل ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. كۈلى ئاقكېسەل، بەھەق، قوتۇر، قىچىشقاق، تەمرەتكە قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. ئىستېمال قىلسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. مۇقەل دەرىخىنىڭ تالاسى بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

## لىيفۇل بەھر
(دېڭىز لېشى)

ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، سەئدىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، ئىچى ـ سىرتى قارا، كۈل رەڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەرىيش ۋە خۇنسا ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. چاچما يىلتىزلىرى ئىنچىكە، قارا بولۇپ، توقۇلۇپ ۋە چىرمىشىپ خۇددى توپقا ئوخشاش يۇمىلاق ھالەتتە بولىدۇ. ياڭاق ياكى نارەنجى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يىرىك بولۇپ، خۇددى يۇڭدىن ھاسىل بولغاندەك مەلۇم بولىدۇ. ماراكەش دەرياسىدىن چىقىدىغان بولۇپ، دولقۇن دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىيادە قۇرۇق بولۇپ، ماددىلارنى تازىلايدۇ.

**كۆز، ئېغىز كېسەللىكلىرى:** كۆيدۇرۇلگىنى كۆز ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. يۇيۇلغىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى تىرناقچە گۆش، كۆزگە چۈشكەن ئاقتا شىپا بولىدۇ. يۇيۇلمىغىنى سىپىلسە چىشلارنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زىمات قىلسا ۋە سىپىلسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ سوقۇلغىنىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## لىيفىيە
(تالالىق ئوت)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قىزىل، تىكەنلىك بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك تەرخەمەككە ئوخشايدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئىچىنى كۆچلۈك سۈرگۈچى، تەپلەرنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئىككىنچىسى ھالاك قىلغۇچىدۇر. ھالاك قىلمايدىغىنى ھەممە جەھەتتە ئاغىچىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. «غور» دېگەن يەردە ۋە مىسىر ئەترابلىرىدا كۆپ بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يەتتە مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۈچ گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا ھالاك قىلىدۇ.

## لىيمۇ
(لىمون)

**ماھىيتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، چۈچۈمەل، تاتلىق، ئاچچىق ـ چۈچۈكتىن ئىبارەت ھەر خىل تۈرلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى سۈيى سۈيۈق بولغىنىدۇر. لىمون دېگەن سۆز يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى نارەنجى دەرىخىدىن كىچىكرەك، شاخلىرى سەل ئەگرى، يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، مېۋىسى توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدا، بەك چوڭلىرى غاز تۇخۇمى چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. دانلىرى چوڭ، سولۇق، پوستى نېپىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ياخشىسى سۈيۈق سۈيىدۇر. پوستىنىڭ قۇۋۋىتى نارەنجى پوستى قۇۋۋىتىگە يېقىن، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، ھۆلمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، قويۇق، شىلىمشىق قويۇق خىلتلارنى پارچىلىغۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قويۇق خىلتلاردىن پەيدا بولغان بۇخاراتلاردىن بولغان باش قېيىشقا پايدا قىلىدۇ، خۇمارنى باسىدۇ. گالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سەۋدادىن بولغان خەفەقان، قان ۋە سەپرانىڭ قاينىشى، ئاشقازان كۆيۈشۈش، سەپرالىق قۇسۇش، كۆڭۈل ئاينىش، تائام ئېغىزغا يېنىپ ھەزىم بولماسلىققا شىپا بولىدۇ. جىگەر، ئاشقازاندىكى ئىسسىق ماددىلارنى تارتىدۇ. ئىسسىق ئاشقازان بىلەن جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

تەپلەر: سەپرادىن، قاندىن بولغان تەپلەر، قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، ئارىلاپ تۇتقۇچى ساپ بولغان ۋە ساپ بولمىغان تەپنى پەسەيتىدۇ.

**زىيىنى:** پەيگە، سوغۇق مىزاجلىقلار يۆتەل بولسا زىيان قىلىدۇ. ئاشقازان بوش ۋاقىتتا كۆپ ئىستېمال قىلسا ئۈچەيلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** شېكەر، ھەسەل. لىموننى كېسىپ قىزىتىپ كېسىلگەن تەرىپىنى پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە تەكرار چاپلىسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: مۇدۇرلار، تىلما كېسەل ۋە يەلتاشمىلارغا شىپا بولىدۇ. يالغۇز ئىشلىتىلسە تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، كىرلىرىنى تازىلايدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زەھەرلىك دورىلار، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كۆپ ئىشلاردا سىركە ۋە تۇرۇنجى سۈيىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەردە ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ شارابىدىن ياخشىراق دورا يوقتۇر.

ئۇنىڭ شەربىتى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ھۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر. ھەسەل بىلەن تەييارلانغىنى قۇرۇقلۇقتا مايىلدۇر. ئەنتاكىي شېكەر بىلەن تەييارلانغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل دەپ بىلگەن. مۇرەككەپ تەييارلانغىنىنىڭ تەبىئىتى تەركىبىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى تولۇق پىشقان سۇلۇق لىموننىڭ يېڭى سۈيىگە شېكەر، ئاق قەنت ۋە ساپ، ئالىي ھەسەل بىلەن تەييارلانغان، چۈچۈمەللىكى يېقىشلىق، نورمال بولغان، تەييارلانغىنىغا بىر يىلدىن ئاشمىغان، قىيامى نورمال بولغان ۋە كۆپۈپ كەتمىگەنلىرىدۇر.

مۇۋاپىق مىقداردىكى ساپ ئاق شېكەرنى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە ئۇنى نەمدىگۈدەك مىقداردا لىمون سۈيىنى سىقىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇپ يەنە ئازراق لىمون سۈيى قوشۇپ تەمىنى چۈچۈمەل، يېقىشلىق قىلىپ قىيام قىلىپ تەييارلانسا ياخشىراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

باش، كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ئەزالىرى ۋە باشقا كېسەللىكلىرى: ئېغىز يارىسى، تىل تۈتۈلۈشقا پايدا قىلىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كۆكرەكنى تازىلايدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. سەپرا، قاننىڭ قاينىشى، سەپرادىن بولغان تەپلەر، مۇرەككەپ ۋە تۇتقاقلىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. كۆيگەن سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتلار، شىلىمشىلىق، قويۇق خىلىتلار، سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىتلارنىڭ بۇخاراتلىرى قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ خىلىتلىرىنى پارچىلاپ تازىلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ھەرقانداق خىلىت ۋە شىلىمشىق، قويۇق ماددىنى پارچىلايدۇ. مۇسھىل دورىسىدىن بۇرۇن ئىچسە بەدەننى مۇسھىل دورىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا لايىقلاشتۇرىدۇ. مۇسھىل دورىسىدىن كېيىن ئىچسە مۇسھىل دورىسىدىن كېيىن بەدەندە قالغان ماددىلارنى يۇيۇپ چىقىرىدۇ. داۋاملىق ئىچىپ بەرگەن تەن ساقلىقىنى ساقلايدۇ. بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ. زەھەرلەر، تۇتقاقلىق تەپلەرنى داۋالاشتا تەرياقى فارۇقنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، بولۇپمۇ

يالپۇز قوشۇلغىنى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ شەربىتىنىڭ بېھى، تەرەنجىبىن، شىرخىست قوشۇلغان مۇرەككەپ نۇسخىلىرى، قۇرسى، مۇرابباسى، سىركە قوشۇلغان نۇسخىلىرى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

جاۋاھىراتلار لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 40 كۈنگىچە چىلاپ قويسا، ئارىلىقتا لىمون سۈيى يېڭىلاپ تۇرۇلسا ئېرىيدۇ. ئېرىتىش ئۇسۇلى مەرۋايىتنى تۇرۇنجى سۈيى بىلەن ئېرىتكەنگە ئوخشاش بولۇپ بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق بولۇپ، خۇرسەن قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى تۇرۇنجى ئۇرۇقى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۇنىڭ پوستى 3~6 گىرامغىچە ئىلمان سۇ بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. چاينىسا چىشنىڭ چۇچۇمەل نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىنكى قامىشىنى ئوڭشايدۇ. لىموننى پۈتۈن قۇرۇتۇپ باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا بۇخاراتلارنىڭ باشقا ئۆرلىشىنى توسىدۇ، توسالغۇلارنى تەڭداشسىز ئاچىدۇ. ئۇنىڭ تۇزغا چىلانغىنى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېغىز ۋە كېكىرىكنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ خۇرسەن قىلىشى تۇرۇنجى يوپۇرمىقىدىن ئاجىزراقتۇر. ئۇ ئازراق قەلەمپۇر، دارچىن بىلەن سالايە قىلىپ چېپىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، دارچىن قوشۇلمىغىنىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. تاتلىق لىموننىڭ كۆپ تەسىرلىرى چۇچۇملىدىن ئاجىزراقتۇر، ئەمما پەيلەرگە زىيان قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇنجى ۋە نارەنجىگە ئۇلانغاندىن كېيىن مېۋىسىنىڭ تەسىرلىرى ئۇنىڭ تەسىرلىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب
# «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «م» (مىم) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مائ

(سۇ)

ئۇ پارسچە «ئاب»، ھىندىچە «پانى»، ئىنگلىزچە «ۋاتېر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇقتۇر. ئۇ سۈيۈق، ھۆل جىسىم بولۇپ، ئەركانلار ۋە يەككە تۆت ماددىنىڭ بىرى شۇنداقلا تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئۇچ خىل مەۋجۇداتنىڭ تەركىبلىرىنىڭ بىرىدۇر. يالغۇز ئىستېمال قىلسا ئاددىيلىقىدىن جانلىقلارنىڭ بەدىنىگە ئوزۇقلۇق بولۇش سالاھىيىتى يوق، بەلكى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات مەنبەلىك غىزالارنى سۈيۈلدۈرغۇچى، ئېقىتقۇچى، خىلىتلارنى قىل قان تومۇرلار ۋە بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا سىڭدۈرگۈچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ بەدەنگە ھۆللۈك، روھلارغا، بولۇپمۇ روھىي ھايۋانىيغا خۇرسەنلىك يەتكۈزىدۇ، بۇ جەھەتتە ھاۋانىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. كۆيۈشۈش، ئۆتكۈرلۈكنى ھەم جىگەر بىلەن ئاشقازاننىڭ ئىسسىقلىقىنى پەسەيتىدۇ. شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى يۇيۇپ، ئۇلارنى يۇمشىتىپ ۋە سۈيۈلدۈرۈپ چىقىپ كېتىشكە لايىقلاشتۇرىدۇ. يەنە ئۇ دورىلار ۋە غىزالارنىڭ ھەزىم بولۇشى، پىشىشى، سۈمۈرۈلۈشى، ھەيدىلىشى، ئۆزگىرىشى، تەسىر قىلىشى ۋە تەسىرلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئومۇمەن ئۇ تەبىئەت ۋە سانائەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دورا، غىزا، دېھقانچىلىق ياكى باشقا ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رولى ۋە پايدىسى ئۇنىڭسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇنىڭغا باغلىقتۇر. قۇرئاندىكى «ھەممىنى سۇدىن ياراتتۇق» دېگەن ئايەت شۇنىڭغا ئىشارە قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار مەلۇم بولغاندىن كېيىن شۇنىمۇ بىلىش لازىمكى، سۇلار ئېغىر ـ يېنىكلىكى، ساپ ـ دۇغلىقى، سىڭىپ كىرىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، سىڭىشىنىڭ ئاسان ـ

تەسلىكى، ھەزىمنى كۆچەيتىشى ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشى ئېتىبارىچە ھەر خىل بولىدۇ. سۇلارنىڭ تۈرلىرى يامغۇر سۈيى، بۇلاق سۈيى، كارىز سۈيى، قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان قۇدۇق سۈيى بىلەن چەكلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۇلار ئېقىن سۇ، تۇيغۇن سۇ ۋە يامغۇر سۈيىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ئېقىن سۇ ئۆستەڭلەرنىڭ سۇلىرىدۇر، يامغۇر سۈيى ۋە قايناپ چىقىدىغان بۇلاق سۇلىرىمۇ ئېقىن سۇ قاتارىغا كىرىدۇ. تۇيغۇن سۇ كۆللەر ۋە باشقا ئورەكلەرنىڭ سۇلىرىغا ئوخشاش سۇلاردۇر. قۇدۇق سۈيى ۋە كارىزلارنىڭ سۇلىرىمۇ تۇيغۇن سۇ قاتارىغا كىرىدۇ. دېمەك، ئۇچۇچانلىق، يېنىكلىك، سۇزۇكلۇك، سىڭىشچانلىق، ھەزىم بولۇشچانلىق ۋە باشقا مەزكۇر جەھەتلەردە ئالاھىدىلىكى بار بولغان سۇ ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سۇ پەقەت يامغۇر سۈيىدۇر، شۇ جەھەتتىن ئۇ ھەرقانداق سۇدىن ياخشىراقتۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خۇددى شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ ئىچ سۇرۇش بابىدا: «ئۇلارنىڭ ئىچىملىكى يامغۇر سۈيى بولۇشى لازىم، چۈنكى ئۇنىڭ تۇتۇش تەسىرى باردۇر» دېگىنىدەك تۇتۇش قۇۋۋىتى بار ئىكەن. مەن دەيمەنكى، ئۇنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئەسلىي بولماسلىقى، بەلكى زىيادە ئۇچۇچانلىقى، يېنىكلىكى، سۇزۇكلۇكى، سىڭىشچانلىقى، ھەزىم بولۇشچانلىقى ۋە ئاشقازاندا ئۇنىڭ ھۆللۇشتۇرگۇدەك، بوشاتقۇدەك، سۇسلاشتۇرغۇدەك، ئىچنى يۇمشىتىپ سۇرگۇدەك، قورساقنى ئېسىپ غۇلدۇرلاتقۇدەك ۋاقىت تۇرمايدىغانلىقىدىن پەيدا بولغان بولۇشى، بەلكى ھۆللۇكلەرنى سۈمۈرۈپ تۇتۇش قۇۋۋىتىدىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇددى تۇتۇش قۇۋۋىتى باردەك سېزىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ زىيادە ئۇچۇچانلىقىدىن ئاسان سېسىيدۇ. كۆكرەك، ئاۋازغا زىيان قىلىدۇ. ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەنلەردە نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى قوزغىتىدۇ، زۇكام، يۆتەل ۋە باشقىلىرىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىرتىدا ساقلانسا ئاسان قۇرتلايدۇ. ياخشىلاش ئۇسۇلى قاينىتىش، تاش ياكى تۆمۈر بىلەن داغماللاشتۇر. ئەڭ ياخشىسى ياز ۋە كۈزدىكى يامغۇر سۈيىدۇر. بەزىلەر قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئاز بولۇشى، كۆپ بۇخاراتلارنىڭ بەلكى ئۇچۇچان بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىگەنلىكىدىن قىشتا ياغقان يامغۇر سۈيى ياخشى دەيدۇ. ئەمما ئۇ زېمىن ۋە شەھەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ، ھەممىگە بىر خىل ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەرەق قازىنى بىلەن ياكى تۆشۈكلۈك كوزا ياكى بۇلۇتسىمان، يۇمشاق تاشتىن تامچىلىتىلغان سۇ يامغۇر سۈيىگە ئوخشاپ قالىدۇ. فىرانسىيەدىن بىر خىل كىچىك كۆلگە ئوخشايدىغان يۇمشاق تاش ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، يېرىم تۇلۇم سۇ سىغىدۇ، ئۇنىڭغا تۇزلۇق سۇ ياكى ناپاك سۇلار تۆكۈلۈپ تەكرار تەپچىرىتىلسە تامچىلاپ سۇ تازىلىنىدۇ. ھەتتا شەربەت تۆكۈلسىمۇ شېكىرى قېلىپ سۈيى تۆۋەنگە ئۆتىدۇ. ھەتتا شۇ دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىنغانكى، ئۇنىڭغا زەھەرلىك سۇ تۆكسە زەھىرىنى ئايرىۋالىدىكەن. ئۇ كېمىلەر ۋە باشقا ئۇسكۇنىلەردە

ساقلىنىپ ساپ سۇ تېپىلمىغاندا ياكى پەقەت تۇزلۇق سۇ بولغاندا ئۇنىڭغا تۆكۈپ ساپلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا ئېقىۋاتقان، چوڭقۇر بولغان بۇلاقلارنىڭ تاتلىق، سۈزۈك، پارقىراق، خۇشتەم، خۇش پۇراق بولغان، ئېقىنى ساپ تۇپراق ياكى قىزىل شېغىل تاش ياكى تاشلىق بولغان، ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، شىمال شامىلى چىقىپ تۇرغان، قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرغان، بۇخاراتلىرى ۋە تۇتۇنلىرى پارغا ئايلىنىپ كەتكەن، ئىچىدە سولىنىپ قالمىغان، ئېقىش، دولقۇنلىنىش ۋە ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا زىيادە ئۇچۇچانلاشقان ۋە ساپلاشقان سۇ ياخشى ۋە نازۇكتۇر. سۈيى تاغ ئۈستى ياكى تاغ ئېتىكىگە ئوخشاش ئېگىزلىكتىن ئېقىپ چۈشكەن سۇنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرى ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا بېشى يىراق بولغان، سۈيى تېز ئاقىدىغان، تۇپرىقى ياخشى بولغان ئۆستەڭلەرنىڭ تاشلار ئۈستىدىن، قىزىل شېغىل تاشلاردىن ئېقىپ ئۆتكەن، ئۈستى ئوچۇق بولغان، ئۈستىدىن شىمال شامىلى چىققان، تاتلىق، ساپ، پارقىراق بولغان، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا ئاققان سۈيى ياخشىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدە مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىكەن. ئۇ تۇپراق ئارىلاشقان قۇملۇق يەرلەردىن تېز ئاققان سەۋەبتىن لاي ئارىلىشىپ قالغان بولسا مۇۋاپىق قاچىغا ئېلىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا لېيى تېگىگە ئولتۇرىدۇ، بۇ چاغدا سۈزۈك قىسمىنى ئايرىپ ئىچسە بولىدۇ، تەكرار سۈزۈلدۈرۈلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سۈزۈك سۇنىڭ لېيى بولمايدۇ، خۇددى جەيھۇن، سەيھۇن، دەجلە ۋە فۇرات دەرياسى قاتارلىق دەريالار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ سۇلىرىغا ئوخشاش. كەرن، رەكنى ۋە سۇھەن ئۆستەڭلىرىنىڭ سۇلىرىدىمۇ مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلىدۇ. مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغان ياكى بەتتەم ۋە بەتپۇراقلىق بولغانلىرى ناچارلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا چوڭقۇر، كەڭ، تۇپرىقى ياخشى، ئۈستى ئوچۇق، شىمال شامىلى چىققان، دولقۇنلىنىپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان، ئەتراپىدا دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر بولمىغان كۆللەرنىڭ سۈزۈك، پارقىراق، تاتلىق، خۇشتەم تۇرغۇن سۇلىرىمۇ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە كىچىك كۆللەرنىڭ سۇلىرى ناچار، ئېغىر بولۇپ، بايان قىلىنىدىغان يامان كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىمۇ تۇيغۇن سۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەرقانچە ئۇچۇچان بولسىمۇ پەيلەر، ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقىنى قوزغىتىدۇ، يۆتەل پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك كۆللەر، ئامبارلارنىڭ سۇلىرىمۇ ناچار، ئېغىر بولۇپ، قورساقنى ئېسىدۇ. يامان كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا زۇلۇك قۇرتى، باشقا قۇرتلار، لەش پەيدا بولغان بولسا، قويۇلغان، تەمى، پۇرىقى ئۆزگەرگەن بولسا، ئۈستى يېپىق بولسا بۇنداق سۇ تېخىمۇ ناچاردۇر. قومۇشلۇقلار، شاللىقلارنىڭ سۇلىرى، زەھەرلىك، ناچار دەرەخلەرنىڭ

ئاستىدىن ياكى مەينەت، تۇزلۇق يەرلەردىن ئېقىپ ئۆتكەن سۇلار ھەممىدىن ناچار بولۇپ، ئاشقازان، جىگەر، ھەزىم ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، خىلىتلارنىڭ چىرىشى، توسۇلۇش، ھەزىم بۇزۇلۇش، سۇئۇلقۇنىيە، ئىستىسقا، تال ئىششىقى، يەرقان، ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر، پاچاق ۋېنالىرىنىڭ ئەگرىلىشىشى، يۇمشاق ئىششىقلار، رەڭگىرويىنىڭ سارغىيىشى، بەدەن ئېغىرلىشىش، ئۈچەي يارىسى، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، تېرە قىلقۇرت كېسەللىكى، پاچاق يارىسى، ئورۇقلاش، قىچىشقاق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، سارائىلىق، كۆزگە سۇ چۈشۈش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تۇغۇتنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. قورساقتىكى بالىنى كۆپتۈرىدۇ ۋە ئىششىق ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. يالغان ھامىلىدارلىق پەيدا قىلىدۇ. بالىلاردا ئورۇقدان چىقۇقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ناچار كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

لاي سۇ بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. غىزانى بۇزىدۇ. قۇدۇق ۋە كارىز سۈيى تۇيغۇن سۇ ھېسابىدا بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، ئاشقازاندىن تەستە چۈشىدۇ. كەڭ كۆللەرنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان سۈزۈك، ياخشى سۇلىرىدىن ئېغىرراق بولىدۇ. كەڭ، چوڭقۇر، سۈيى كۆپ قۇدۇقلارنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئېقىپ كەلگەن، تاتلىق، سۈزۈك، پارقىراق، يەڭگىل بولغان، سۈيى كۆپ تارتىلغان سۇلىرى ياخشىدۇر. كارىز سۇلىرىدىن بېشى يىراق، ئېگىزدىن ئېقىپ كەلگەن، سۈيى كۆپ، تاتلىق، سۈزۈك بولغان، تېز ئاقىدىغانلىرى ياخشى بولىدۇ. سۇلارنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى، تەمى، پۇرىقى ئۆزگەرگەنلىرى، ئاچچىق ياكى تۇزلۇقتا مايىللاشقانلىرى، ئۇزاق مۇددەتكىچە تۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسى ناچار بولۇپ، مەزكۇر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

سۇنىڭ يەڭگىللىكى ۋە ئۇچۇچانلىقىنىڭ ئالامىتى تاتلىقلىق، سۈزۈكلۈك، سىڭىشچانلىق، ھەزىمگە ياردەم بېرىش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەدەننى يېنىكلەشتۈرۈش، قورساقنى ئەسمەسلىك ۋە غورۇلداتماسلىقتۇر. يەنە بىر ئالامىتى، سىرتقى ئىسسىتقۇچى ۋە سوۋۇتقۇچى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئىسسىق ـ سوغۇقنى تېز قوبۇل قىلىشتۇر. يەنى تېزرەك ئىسسىغان ياكى تېزرەك سوۋۇغان سۇ ئۇزۇندىراق ئىسسىغان ياكى سوۋۇغان سۇدىن يەڭگىلرەك ۋە ئۇچۇچانراق بولىدۇ.

سۇنىڭ يەڭگىللىكى ۋە ئۇچۇچانلىقىنى بىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، چىگە بىلەن پاختىنىڭ ھەرقايسىسىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يېنىكلىكى ۋە ئۇچۇچانلىقىنى بىلمەكچى بولغان سۇنى باراۋەر مىقداردا ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ ئېلىپ ئۇلارنى چىگە بىلەن پاختىغا سۇمۇرتۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆلچىنىدۇ، قايسىسى ئېغىر بولسا سۇنىڭمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەبىئىتى:** تاتلىق سۇ ھۆل سوغۇق بولۇپ، ھۆللۈكىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى، پايدىلىرى ۋە زىيانلىرى:** مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلسە زىيان قىلمايدۇ ۋە بېشىدا ئېيتىلغان پايدىلار كۆرۈلىدۇ. ئۇنداق قىلىنمىغاندا پەيلەر، ئاشقازان، ئۈچەيلەر، جىگەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، چىراي ۋە بەدەننىڭ رەڭگىنى بۇزىدۇ، ئۇنتۇغاق قىلىدۇ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ئېغىر ئۇخلىتىدۇ، سەزگۈلەرنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، نەزلە ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، پۇت ـ قوللار، كۆز ئاستىنى ئىششىتىدۇ. سۇئۇلقۇنىيە، ئىستىسقا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: قورساق توق، ئۇسسىمىغان ۋاقىتتا ياكى ئاشقازاندىكى تائام سىڭىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ياكى ئارىلىقتا ياكى بەدەن چېنىقتۇرغان، قوپال، قاتتىق ھەرىكەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇخلىغان، مۇنچىغا چۈشكەن، جىما قىلغاندىن كېيىن، ئۇيقۇ ئارىلىقىدا، ناشتىدا سۇ ئىچىلسە ئۆرە تۇرۇپ، بېلىنى باغلاپ ياكى دۈم يېتىپ سۇ ئىچسە ھەمدە بەك سوغۇق سۇ بىرلىكتە ئىچسە كۆپ زىيان قىلىدۇ. ئەمما ئىسسىق شەھەرلەر، چۈما كېسەللىكى كۆرۈلگەندە، ئىسسىق پەسىللەردە ھەمدە مىزاجى، يۈرىكى، ئاشقازىنى، جىگىرى ئىسسىقلار، مېڭىسى قۇۋۋەتلىكلەر مەزكۇر شەرتلەرگە رىئايە قىلمىسىمۇ زىيادە كۆپ، داۋاملىق ئىچمىسە، زۆرۈر مىقداردا ئىچىپ كۆپايىلەنسە، بىر قېتىمدىلا كۆپ ئىچىۋەتمىسە، بەلكى ئاز ـ ئازدىن ئۈچ يۇتۇم ئىچسە ھېچ زىيان قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ باشقىلىرىغا ئەلۋەتتە زىيان قىلىدۇ ۋە مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۆل مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلاردىن كېيىن ئىچسە قويۇق، خام ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېشىدۇ ۋە كوركىرىتىدۇ. ھۆل مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلاردىن كېيىن داۋاملىق ئىچىلسە يەل يارىغا سەۋەب بولىدۇ. ساغلام كىشىلەرنىڭ سوغۇق سۇدىن نورمال مىقداردا ئىچىشى مۇۋاپىق بولۇپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازان تالالىرىنى چىڭىتىدۇ، ئەمما پەيلەرگە، ئۈچەيلىرىدە قۇرت بارلارغا زىيان قىلىدۇ. بەك سوغۇق سۇ، بولۇپمۇ قار ـ مۇز سۈيى ياكى قار ـ مۇز تاشلانغان سۇ زىيان قىلىدۇ. ھەممىنىڭ يامىنى مۆلدۈر سۈيىدۇر. سوغۇق سۇ مىزاجى ئىسسىق، بەدىنى كۈچلۈك كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلسىمۇ، ھەزىم قىلغۇچى قۇۋۋەت، تارتقۇچى قۇۋۋەت ۋە تۇتقۇچى قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتسىمۇ، ئىشتىھانى ئېچىپ جىگەر ھارارىتى ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتسىمۇ، ئەمما ئومۇمەن تەبىئىي ھارارەتنى يوقىتىدۇ، پەيلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، بەدىنىدە تۇسالغۇ بارلار، بېشى سوغۇقتىن ئاغرىۋاتقانلارغا، كۆكرەككە، ئاجىز ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ. نەزلە سۆيۈقلۇقلىرىنى، باش ئاغرىقى، ئىستىسقانى قوزغىتىدۇ. ئىستىرخا، رەئشە، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ، داۋاملىق ئىچىلسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھىندىستانلىقلار ئىچىدىغان تۇز سېلىپ سۇۋۇتۇلغان سۇنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۇلارنىڭ پايدا ـ زىيانلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ

تۇزەتكۈچىسى مەستىكى، ئۇد ھىندى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى جاۋارىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. لاي سۇ ئىچى سۇرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەمما بەدەندە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. تۇزەتكۈچىسى سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى ئىچىشتۇر.

قايناق سۇ يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. مالىخولىيا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، گالغا چىققان مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ. كۆكرەك پەردىسى، ئۆپكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئاشقازاننى يۇيىدۇ، سەۋدا ۋە تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى تازىلايدۇ. سۇرگۈچى دورىنى قوزغىتىدۇ، سۇيۇق بەلغەم ۋە قويۇق ماددىلارنى ئېرىتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ئاغرىقلار ۋە قىچىشىشنى پەسەيتىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازانغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى بوشىتىدۇ. ھەزىمنى بۇزىدۇ، تائامنى ھەزىم قىلىدىغان ھارارەتنى يوقىتىدۇ. جۇدەتكۈچى تەپكە سەۋەب بولىدۇ، بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. تۇزەتكۈچىسى سوغۇق تەبىئەتلىك قورۇغۇچى نەرسىلەردۇر. ئاغرىغان كۆز، ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە يارىلار ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇلسا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرقى مەزگىلدە تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

قىزىق سۇ تەرەتنى بوشىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، تائامنى بۇزىدۇ، ئىستىسقا، تال كېسەللىكلىرىگە سەۋەب بولىدۇ، مېڭىگە بۇخارات ئۆرلىتىدۇ. كۆپ ئىچسە ئاشقازاننى بۇزىدۇ. گال، كىچىك تىل، كۆكرەك ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئاشقازاننى تازىلايدۇ. مۇسھىل دورىلارنى قوزغايدۇ. ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشقا ياردەم بېرىدۇ. سۇيۇق بەلغەمنى ئېرىتىدۇ، سەۋدا ۋە تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ناشتىدا ئاز مىقداردا ئىچسە ئاشقازاننى يۇيىدۇ.

ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى نورمال بولغان ئىلمان سۇ كۆكرەك، ئاشقازان، ئۈچەيلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەدەننىڭ قىچىشىشنى پەسەيتىدۇ.

ئىستىسقا ئۈچۈن مۇدەببەر قىلىنغان سۇ شۈكى، بەش لىتىر يامغۇر سۈيىگە يىرىم لىتىر سىركە قوشۇپ ئۈچتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. يەنە بىرى شۈكى، 50 لىتىر سۇغا بىر لىتىر ئۆتكۈر ئۈزۈم سىركىسى قوشۇپ ئۈچتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلۇتسىمان كوزا ياكى بۇلۇتسىمان تاشقا تۆكۈپ ئۇنىڭدىن تامچىلاپ چىققىنىنى ئېغىزى تار كوزىغا تۆكۈپ ئىچىلىدۇ. ئۇنى مۇدەببەر قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۈكى، يۇلغۇن ياغىچى كېپىكى ۋە سۇ تەگمىگەن كوزىنى سۇغا سېلىپ بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈلۈپ ئىچىلىدۇ.

يازدا بۇزۇلغان، ناچار، لاي، سۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ساپلاشتۇرۇلىدۇ ياكى ئەرەق

تارتىش ئۇسۇلى بويىچە تامچىلىتىلىدۇ ياكى بۇلۇتسىمان كوزا ۋە تاش ئارقىلىق تەپچىرىتىلىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ساپ بولمىغان سۇنى بىر دانە مۇۋاپىق قاچىغا تۆكۈپ سەل ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يەنە بىر بوش قاچا ئۇنىڭغا يېقىن ھالدا پەسرەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بىر دانە پاكىز چىگە پىلتە نەمدىلىپ بىر ئۇچى يۇقىرىدىكى قاچىغا، يەنە بىر ئۇچى تۆۋەنكى قاچىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرىدىكى قاچىدىكى سۇ پىلتە ئارقىلىق تۆۋەندىكى قاچىغا تامچىلىتىلىدۇ، تاكى سۇنىڭ ھەممىسى تامچىلاپ بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

تۇزلۇق، ئاچچىق، سېسىق، يەنى پۇرىقى بىلەن تەمى ئۆزگەرگەن سۇ ۋە قويۇق سۇنى تامچىلىتىش ۋە ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئاپتاپ يەپ كۆيگەن ساپ تۇپراقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تامچىلىتىلىدۇ.

بىر نەچچە دانە بادام مېغىزىنى سوقۇپ شىرىسىنى لاي سۇغا قوشۇپ تۇرغۇزغاندا ساپلىنىدۇ. شۇنداقلا ئاز مىقداردىكى ساپ ھاك ياكى زاك لايىنى سۇغا قوشۇپ تۇرغۇزسىمۇ ساپلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا ھىندىستاندىن چىقىدىغان «نەرمىلى» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىنىڭ ئۇرۇقچىسىنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ لاي سۇغا قوشسىمۇ ساپلاشتۇرىدۇ. بۇزۇلغان سۇلارغا ئاز مىقداردا سىركە قوشۇپ قايىنىتىلسا ياكى پارلاندۇرۇلسا ئوڭشايدۇ. بولۇپمۇ يازدا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قويۇق، ئېغىر سۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ سامساق، پىياز بىلەن ئىسلاھ قىلىنىدۇ. زەمچە ياكى مەزكۇر ئۇسۇللار بىلەن ئىسلاھ قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار بىلەن يەنە ھەرقانداق ناچار سۇنى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ. سۇ باشقا سۇ سەۋەبىدىن بۇزۇلغان بولسا سامساق، پىياز، سىركە، كاھۇ قاتارلىقلارنىڭ قايسىسى تېپىلسا بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. بۇزۇلغان سۇغا شۇ شەھەرنىڭ تۇپرىقىدىن ئاز مىقداردا قوشۇلسىمۇ ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ. يەنە بۇزۇلغان سۇ قايىنىتىلسا ياكى تۆمۈر بىلەن داغلانسا ۋە ياكى چۇچۇمەل مېۋە قىيامىلىرى، سىركە، سىركەنجىۋىل قوشۇلسىمۇ ئۇنى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ. سەپەرلەردە ھەر مەنزىلنىڭ سۈيىگە باشقا مەنزىلنىڭ سۈيى قوشۇلسا ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆتۈپ كەتكەن مەنزىلنىڭ سۈيى قوشۇلسا ياخشىراق بولىدۇ ياكى بايان قىلىنغان باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

## مائۇل بەھر
## (دېڭىز سۈيى)

يەنى ئۇ دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئاچچىق، تۇزلۇق، ئۆتكۈر بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تارتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، بەلغەم، سەپرانى سۈرگۈچى، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرگۈچى، قاننى بۇزغۇچى، قىچىشقاق، قوتۇر پەيدا قىلغۇچىدۇر. قىزىتىلىپ ئەزانى يۇسا پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان يېرىلىشقا داۋا بولىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر ۋە كالا تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تاقىرباش داۋاملىق يۇيۇلسا چاچ ئۇندۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئولتۇرغاندا زىيانداش ھاشارەتنىڭ چېقىۋېلىشى، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ.

**زىيىنى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. تەرەتنى قاتۇرىدۇ، ئۈچەينى زەخمىلەيدۇ، ئۈچەي يارىسى ۋە سۈيدۈك يولى يارىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** توخۇ گۆشى شورپىسى، مايلىق، ھۆل شورپىلار ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، ئەرەب يېلىمى بىلەن گۈل ئەرمىنىنى بادام يېغى ۋە مۇناسىۋەتلىك لوئابلار بىلەن ئىستېمال قىلىش، ئۇنىڭغا گىلى ھەر (بىر خىل لاي) ۋە قورۇلغان ئارپا تالقىنى قوشۇش، ساپلاشتۇرۇش، خەرنۇب، ھەببۇلئاس، دولانا قوشۇشتۇر.

## مائۇل جۇممە
(جۇممە سۈيى)

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل سۇ بولۇپ، قويۇق، قارا بولىدىكەن، ھىندىستان ۋە چىن ئەللىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چىن دېڭىزىدا ياشايدىغان بىر خىل بېلىقنىڭ ئىچىدىن چىقىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن سەككىز مىللىگىرام ئىستېمال قىلىسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 10 گىرامىدا بۇ خىل خاسىيەت بار بولۇپ، ئۇنى بىر كۈندىلا ئىسلاھ قىلىدۇ. يەنە ئۈزۈلگەن ۋە زەخىملەنگەن پەي ـ نېرۋىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ سۈركىسە ۋە ئېغىز چايقالسا ئېغىزدىكى تۈرلۈك يەل تاشمىلارنى ساقايتىدۇ. سۈركىسە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، يارىلار، قىچىشقاق، قوتۇرلارنى تېز ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇرمۇز دېڭىزىدا بىر خىل بېلىق ياشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىنمۇ خۇددى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش كۈل رەڭ سۇ چىقىدىكەن. ئۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى بار بولۇپ، ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

## مائۇل ھەمات
(ئارىشالڭ سۈيى)

يەنى ئۇ توغرىغۇ، زاك، زەمچە، گۈڭگۈرت، نۆشۈدۈر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان سۇدۇر.

**تەبىئتى:** ھەممىسى قۇرۇق ئىسسىققا مايىلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى كۆچلۈك تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، پىت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. ئاز مىقداردا ئىچىلسە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. زەمچە ئارىلاشقان سۇ قان تۈكۈرۈش، بوۋاسىردىن سۈيۈقلۇق ئېقىش، ھەيز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىچسە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، قىزىتمىغا مائىل بەدەنلەردە تەپلەرنى قوزغىتىدۇ. قالغان تەسىرلىرى گۈڭگۈرت ئارىلاشقان سۇ بىلەن ئوخشاشتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمشاتقۇچىلارنى ئىستېمال قىلىشتۇر. قالغان تۈزەتكۈچىلىرى دېڭىز سۈيىنىڭ تۈزەتكۈچىلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## مائۇر رەماد
(كۈل سۈيى)

ئۇ بىرقانچە قېتىم كۈل قوشۇپ قاينىتىپ سۈزۈلدۈرۈلۈپ تەييارلانغان سۇدۇر.

**تەبىئتى:** قۇرۇق ئىسسىق ھەم قوشۇلغان كۈلنىڭ تەبىئىتىگە باغلىقتۇر. سۆتلۈكئوتلار ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دەرەخلەرنىڭ كۈلى قوشۇلغان سۇ ھۆل ئىسسىق، بەلكى ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچى، كۆيدۈرگۈچى، ماددىلارنى چىرىتكۈچى، كىرلەرنى تازىلىغۇچىدۇر، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى پايدىسى سوپۇننىڭ پايدىسىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ ياخشى ساپلاشتۇرۇلغىنىدىن ئىككى گىرام ئىچسە ئىچكى ئەزالارنى يېرىكلەشتۈرىدۇ، كاناي ۋە ئاشقازاندىكى شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلايدۇ. قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، كۆڭۈل ئاينىشنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېرىكلەشتۈرۈشنى ئۈگشىغۇچى بادام يېغىدۇر. ئۇنىڭ 15 گىرامى قوساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، دۆ چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى ئەزاغا قۇيسا پالەچ، پەي ـ نېرۋىلار ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇ زەخىملەرگە تېمىتىلسا ۋە سۈركىسە تازىلايدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ ۋە ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

## مائۇز زۇفتى ۋەلقىيرى

(زۇپتى ۋە قىير سۈيى)

ئۇ زۇپتى ۋە قىير كانىدا چىقىدىغان سۇدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچسە تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەدەننى قىزىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەينى يارىلاندۇرىدۇ، ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھۆل، ياغلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمەنىنى لۇئابلار، بادام يېغى ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

## مائۇل كىبرىيتى

(گۈڭگۈرت سۈيى)

ئۇ گۈڭگۈرت كانى ۋە گۈڭگۈرتلۈك يەردىن چىقىدىغان سۇدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن غۇسۇل قىلسا ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرۇلسا قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، بەھەق، تېرە قاسراقلىنىشقا ئوخشاش سەۋدادىن بولىدىغان يامان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. پەيلەرنىڭ تۈگۈنچەكلىشىشىگە داۋا بولىدۇ. كۆز چەكچىيىپ قېلىش كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. سوغۇقتىن بولغان يەللەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشلىۋالغان زەخىم، تەمرەتكە، تاقىرباشلىق، جىگەر، بالىياتقۇ، تىز ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، جىگەرنى قىزىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلىق شورپىلار ۋە ھۆل سوغۇق نەرسىلەردۇر.

## مائۇل مۇرر

(ئاچچىق سۇ)

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلىتلارنى سۈيۈلدۈرغۇچى، بەلغەملەرنى بوشاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

**زىيىنى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، قاننى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ياغلىق نەرسىلەر، سۇ، ھەسەل، شېكەر ۋە سامساق بىلەن قاينىتىلغان گۈلاب ئىچىش، پۇرچاق سۈيى ئىچىش، قاينىتىش ياكى تامچىلىتىشتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا سۇلارنىڭ زىيىنىنى يوقىتىش ئۈچۈنمۇ شۇلارنى ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

## مائۇل مەئدەن
(مەدەن سۈيى)

ئۇ مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، قەلەي ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش مېتاللارنىڭ كانلىرىدىن چىقىدىغان سۇدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** شۇ خىل مېتالنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مىس سۈيى مەيلى كانىدىن چىققان بولسۇن ياكى قىزىتىلغان مىس بىلەن داغماللانغان بولسۇن مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى، ئېغىزغا تاشما چىقىش، كىچىك تىل ئىششىقى، قۇلاق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئاجىز ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ، تېمىتىلىدۇ ۋە يۇيۇنۇلىدۇ.

**زىيىنى:** ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ. ئىچىش خەتەرلىكتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** زۇپتى سۈيىنىڭ تۈزەتكۈچىسى بىلەن ئوخشاش.

تۆمۈر سۈيىمۇ مەيلى كانىدىن چىققان بولسۇن ياكى ئۇ قىزىتىلىپ داغماللىنىپ سوۋۇتۇلغان بولسۇن تال كېسەللىكى، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

گۈڭگۈرت، قوغۇشۇن، قەلەي سۈيى، مەيلى ئۇلارنىڭ كانىدىن چىققان بولسۇن ياكى ئۇلار قىزىتىلىپ داغماللانغان بولسۇن، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، سۈيدۈكنى تۇتىدۇ. قوغۇشۇن سۈيىنىڭ ناچارلىقى قەلەي سۈيىنىڭ ناچارلىقىدىن يامانراقتۇر.

ئالتۇن، كۈمۈش سۈيى مەيلى كانىدىن چىققان بولسۇن ياكى داغماللىنىپ تەييارلانغان بولسۇن، يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مالىخولىيا، خەفەقانغا شىپا

بولىدۇ. باھنى قوزغاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئىچىنىڭ سۇرۇشىنى توختىتىدۇ. ئومۇمەن مەدەن سۈيى سىيىش قىيىنلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

## مائۇل مىلھ

(تۇز سۈيى)

يەنى ئۇ ئۇنىڭ كانىدىن چىققان ياكى تۇز ئېرىتىلىپ ھاسىل قىلىنغان ياكى تۇزلۇق بۇلاقلار ۋە قۇدۇقلاردىن چىققان تۇزلۇق سۇدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ زىيانلىرى دېڭىز سۈيىنىڭ زىيىنىغا يېقىندۇر. ئۇ ئاۋۋال ئىچىنى سۇرىدۇ، ئارقىدىن ھۆللۈكلەرنى سۇمۇرۇشى بىلەن ئىچىنى قاتۇرىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** تاتلىق، مايلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، قورۇلغان ئارپا ئۇنى، يىلتىز ۋە ساپ توپىدۇر.

## مائۇت تۇن

(تۇزلانغان بېلىق سۈيى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «ت» (تائ) ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ن» (نۇن) ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپ «مائۇن نۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تۇزلانغان بېلىقتىن تەپچىرەپ چىققان سۇدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىزدىكى چىرىگەن يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا قويۇق خىلىتلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋىسى ئاغرىقى، ئۈچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. كونا يارىلارنى تازىلاپ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

ئومۇمەن كۆپ ئۇسسىتىدىغان ھەرقانداق سۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى چۈچۈمەل دۇغ، سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ چۈچۈمەل دۇغقا چىلاپ چىقىرىلغان شىرىسىنى ئىچىش، سۇ ۋە چۈچۈمەل مېۋە قىياملىرىغا شېكەر قوشۇپ ئىچىش، ئەينۇلا، ئانار ئۇرۇقى سۇمۇرۇشتۇر.

ئەمما سۇلارنىڭ پايدىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەكتۇر:

باش كېسەللىكلىرى: ئىلمان سۇ تۇتقاقلىق كېسەل بىمارلىرىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇلارغا قىزىق سۇ زىيان قىلىدۇ. دېڭىز سۈيى سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مىس

سۇيى بىلەن ئىغىز چايقالسا، تىمىتىلسا ئىغىز، قۇلاق يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: دېڭىز سۇيى ۋە گۇڭگۇرت سۇيى بىلەن يۇيۇنسا رەئىشە، پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پەي - نېرۋىلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: قىير سۇيى كۆزگە زىيان قىلىدۇ.

كۆكرەك، نەپەس، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: بەك سوغۇق سۇ كۆكرەك، كاناي ۋە يۆتەلگە زىيان قىلىدۇ. ئىلمان سۇ گال، كىچىك تىل ۋە كۆكرەك ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. توغرىغۇلۇق سۇ بەزى ۋاقىتلاردا ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. دېڭىز سۇيى بىلەن يۇيۇلسا ئەمچەك ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. زەمچە سۇيى قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. تۆمۈر سۇيى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تال، بۆرەك كېسەللىكلىرى ۋە قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. مىس سۇيىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ، بۆرەك كېسەللىكلىرى، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. بەك سوغۇق سۇ بەدىنىدە توسالغۇ بارلارغا ۋە باھقا زىيان قىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەنىينىڭ قوزغىلىشلىرىنى پەسەيتىدۇ. دېڭىز سۇيى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تۇزلۇق سۇلار ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، ئىچىنى دەسلەپتە سۈرىدۇ، داۋاملىق ئىچكەندىن كېيىن ئاشقازان ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇش سەۋەبى بىلەن ئىچىنى قاتۇرىدۇ. دېڭىز سۇيىنىڭ ھورى بىلەن ھوردىنىلسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. توغرىغۇلۇق سۇ ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈشى بىلەن ئاشقازان مىزاجى ھۆل بولسا ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. زەمچە سۇيى قۇسۇشنى توختىتىدۇ. ئارشاڭ سۇيى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. گۇڭگۇرت سۇيى جىگەر، تال ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. دېڭىز سۇيى بىلەن ھۆقنە قىلسا قورساق ئاغرىقى ۋە خولىراغا داۋا بولىدۇ. ئىچسە ئىچىنى سۈرىدۇ، بەزىدە ئۈچەينى غىدىقلايدۇ. خوراز شورپىسى ئىچىلسە پەسەيتىدۇ. زەمچە سۇيى بويىدىن ئاجراشنى چەكلەيدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ. گۇڭگۇرت سۇيى بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. مەدەن سۇيى سىيىش، ھەيز ۋە تۇغۇتنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. كۆپىنچىسى ئىچىنى سۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ زەمچە سۇيىگە ئوخشاش بەزىلىرى ئىچىنى قاتۇرىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ. لاي سۇ بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. تۆمۈر داغمال سۇيى قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

تەپلەر: گۇڭگۇرت سۇيى، لاي سۇ، پۇرىقى ئۆزگەرگەن تۇرغۇن سۇلارنىڭ ھەممىسى ئىغىر تەپلەر ۋە تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: دېڭىز سۇيىدە ئولتۇرغاندا ئەفئا يىلىنى ۋە باشقا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: قىير سۇيى يارىلارغا زىيان قىلىدۇ. دېڭىز سۇيى قىچىشقاق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە باشقا يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا گۇڭگۇرت سۇيى بىلەن

يۇيۇنسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە ھەم بەھەق، ئاقكېسەللىكگە شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: گوڭگورت سۈيى بوغۇم ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇچلۇق سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: دېڭىز سۈيى سوغۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان يېرىلىشنى ساقايتىدۇ. پىت ئۆلتۈرىدۇ. تېرە ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. يىلتىزلار سۈيى، ئۇرۇقلار سۈيى، قېتىق سۇزمىسى سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، سۆگەت سۈيى، ئارپا سۈيى، ھەسەل سۈيى، قاپاق سۈيى، كافۇر سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى ئەرىقى، گاۋزىبان ئەرقى، قىزىلگۈل ئەرقى، كاسنە ئەرقى قاتارلىقلارنىڭ بەزىسى بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بەزىسى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى. ئاللا خالىسا بۇ كىتابنىڭ قارابادىنىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## مائۇل قەداھ

(نارەنجى گۈلى ئەرقى)

ئۇ نارەنجى گۈلى ئەرقىدىن ئىبارەت بولۇپ، گۈلابقا ئوخشاش تەييارلىنىدىغان بولۇپ، «ئەرقى باھار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك كېسەللىكلىرى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، تەشەننۇج، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، نەزلىلەرگە شىپا بولىدۇ. روھنى ئۇرغىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. شېشىگە ئېلىپ پۇرىغاندا باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ۋە باشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مۇسكۇللاردىكى تەشەننۇجقا شىپا بولىدۇ. داۋاملىق پۇرىغاندا ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەرگە زىيان قىلىدۇ. باھقا ياردەم بېرىدۇ، ناشتىدا ئىچسە ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

## مارگىياھ

(يىلانئوت)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. غوزىكى يىلاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ.

ئەزەربەيجاندا ئۆسىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ تولىسى ئۇنى سوقۇپ شورپىغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىشىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يىلان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشارات چاقسا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ دەپ بىلىدۇ، ئۇلار يەنە ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن بىر ھەپتىگىچە پېتىر ناندىن باشقا ھېچ نەرسە يېمەسلىك، مەنىي ماڭدۇرماسلىق ۋە جىما قىلماسلىقنى شەرت قىلىدۇ. مىير مۇھەممەد مۆئمىنىن «مەن كەمىنىنىڭ قارىشىمدا ئۇ ئەھيۇن ئۆسۈملۈكى بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. قالغىنىنى ئاللا بىلىدۇ.

## ماركەيۋا
(ماركەيۋا ئۆسۈملۈكى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «تار كىيۇرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، دەرەخكە ئوخشايدۇ، بەش غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى كۆپ، قاتتىق بولۇپ، تەستە سۇنىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، يۇمشاقراق بولىدۇ. گۈلى قىزىل بولۇپ، تۇنىپۇراق (شەببۇي) ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، پىندۇقىقا ئوخشاش، قارىغا مايىل بولىدۇ. ئىچىدىن قارا، ناھايىتى يۇمشاق ئۇرۇقچىسى چىقىدۇ. ئۇ سۇ مۇچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كۈرسىنە پۇرچىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دانلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايىنتىپ قۇرۇتۇلسا، تەمى خۇددى مۇچقا ئوخشاش ئۆزگىرىدىغان بولۇپ، پەرقلەندۇرگىلى بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. قۇرۇق پوستى زىمات قىلىسا يۈزنى ناھايىتى قىزارتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كۆلى چېچىلسا داغ يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. يوپۇرمىقى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىسا موي چۇشۇرىدۇ. ئۇرۇقچىسى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

## مارماھىج
(يىلانبېلىق، تاسمىبېلىق)

ئۇ پارسچە «مار ماھى» (يىلانبېلىق) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. مىسىر

خەلقى ئۇنى «ئەفكەلىيس» دەپ ئاتايدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ يىلانغا ئوخشايدىغان بىر خىل بىلىق بولۇپ، بىر غېرىچتىن بىر غۇلاچقىچە ئۇزۇنلۇقتا، رەڭگى ئاق بولىدۇ. دۈمبىسىدە بېشىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە خۇددى ھەرە چىشىغا ئوخشايدىغان تىكەنلىرى بولىدۇ، تىكەنسىزمۇ بولىدۇ. باشقا بېلىقلارغا ئوخشاش سۇ يۈزىگە چىقمايدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ، ياشانغانلارنىڭ بەدىنىدە ھۆللۈكنى كۆپەيتىدۇ. بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قان توختىتىدۇ. ئۇنى باھ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دارچىن ۋە مەستىكى بىلەن شورپا قىلىپ ئىستېمال قىلىش، باشقا مەقسەتلەردە ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن دۈملەپ پىشۇرۇشتۇر.

## مازارىيون

ئۇ يۇنانچە «خامالا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سۇماق دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدىغان بىر خىل سۈتلۈك دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. مەزكۇر دەرەخ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ئاق، چوڭ، يۇمران بولىدۇ. ئۇ «ئىشخىيس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى سېرىق بولۇپ، زەيتۇن يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، ئاس يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، قېلىنراق بولىدۇ. ئۇ پارسچە «ھەفت بەرگ» (يەتتە يوپۇرماق)، شىرازچە «مۇشت رو» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى قارا بولىدۇ.

ھەممىسىنىڭ ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئېقىدۇر. ئەمما زەھەردىن خالىي بولمىغاچقا، قۇۋۋىتى شۇبرۇم (سۈتلۈكئوت)نىڭ قۇۋۋىتىگە يېقىن كېلىدىغان بولغاچقا، زەھەرسىزلەندۈرمەي ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك چوڭىنىڭ يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىركىگە ئىككى كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ، بۇ جەرياندا سىركە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ چالا سوقۇپ بادام يېغى بىلەن ياغلىنىپ سەۋدا ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن تۇربۇت، ئەپتىمۇن، سېرىق ھېلىلە پوستى، قىزىلگۈل، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى، كېرمان زىرىسى، نەمەك ھىندى بىلەن بىرلىكتە، زەرداب سۇ بىلەن بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىرىسا، مىس كۈيۈندىسى، ئاسارۇن، غاپەس ئۇسارىسى، ئەپسەنتىن، سۇمبۇل، مەستىكى، مۇرمەككى، سەكبىنەج، نەمەك ھىندى، سېرىق ھېلىلە،

يەرلىك كەرپىشە ئۇرۇقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى ئىتئۈزۈمى سۈيى، ئارپىبەدىيان، خىيارشەنبەر سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلغان ياخشىراقتۇر.

موللا ئەھمەد تىبەتىي ئۆزىنىڭ «تارىيخۇل ھۆكەمائ» (ھۆكۈمالار تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە مازارىيوننىڭ بايقىلىش سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك يازغان: «ئاجايىپ تاسادىپىيلىقلارنىڭ بىرى شۇكى، بەسرىدە بىر ئىستىسقا بىمارى بولغان، تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى داۋالاشقا ئاجىز كەلگەن ۋە ھەممىسى بىردەك، بۇ ئىللەتنىڭ داۋاسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن. بىمار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋە: ‹مېنى بۇ بىرقانچە كۈنلۈك ھاياتىمدا ئۆز ئىختىيارلىقىمغا قويۇۋېتىڭلار، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا شۇنى يەي› دەپ تەلەپ قىلغان. تېۋىپلار: ‹خالىغىنىڭىزنى يەڭ، بۇندىن كېيىن ھېچ كىشى سىزنى چەكلىمەيدۇ› دەپ رۇخسەت قىلىشقان. بۇ چاغدا ئۇ: ‹مېنى كوچىغا ئېلىپ چىقىڭلار، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن مەن ياخشى كۆرىدىغان سېتىمچىلار ۋە ھالۋىپۇرۇشلاردىن كۆڭلۈم تارتقىنىنى ئېلىپ يەي› دەپ تەلەپ قىلغان. تېۋىپلار ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ دېگىنىدەك قىلىشقان. كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى تونجى بولۇپ، يېيىش ئۈچۈن پىشۇرۇلغان چېكەتكىگە چۈشكەن ۋە ئىلھام بەرگۈچى تەبىئىتى ئۇنىڭغا مايىللاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئازراق سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلغان، بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچى سۈرۈشكە باشلىغان ۋە ئىچىدىن ھېچ كىشى خىيال قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە سېسىق سېرىقسۇ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكتىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ، ھېچ كىشى ئۇنى تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى بولۇپ كەتكەن. بۇ خەۋەر ئۇنى داۋالاشقا بىر مەزگىلىنى سەرپ قىلغان، ساقايتالىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ داۋالاشتىن قوللىرىنى يىغىشقان تېۋىپلارغا يەتكەندىن كېيىن ھەيران قېلىشقان. چۈنكى چېكەتكە ئەسلىي تەبىئىتىدە ئىچىنى توختاتقۇچىدۇر، سۈرگۈچى ئەمەستۇر. ئاخىر باشقىلىرىدىن ھوشىيارراق بولغان بىرى چېكەتكە ساتقۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ: ‹سەن بۇ چېكەتكىنى قانداق تۇتقان، ئۇ يەر قانداق يەر ئىكەن، ئۇ يەردە قانداق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن ئىكەن› دەپ سورىغان. ئۇ: ‹مەن بۇ چېكەتكىلەرنى شۇنداق يەردىن تۇتقان ئىدىمكى، ئۇ يەردە مازارىيوندىن باشقا ھېچ دەرەخ يوق ئىكەن. بۇ چېكەتكىلەر شۇ مازارىيوننى يەيدىكەن› دېگەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپتۇ، چۈنكى مازارىيوننىڭ سۇيۇق ھۆللۈكلەرنى سۈرۈش خاسىيىتى بار، ئۇنىڭ ئىچ سۈرۈشى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن يالغۇز ئېلىپ بىرەر شەخسكە ئۈچ گىرام مىقداردا بېرىلسە ئىچىنى توختىتىۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە سۈرىدۇ. شۇنداق خەتىرى بولغاچقا مازارىيون تۈزەتكۈچىسىز يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت زۆرۈر بولغاندا تۈزەتكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ بىمار يېگەن مازارىيون ئىككى قېتىم پىشىپتۇ، بىرى چېكەتكە قورسىقىدا، يەنە بىرى چېكەتكىپۇرۇشنىڭ قازىنىدا پىشىپتۇ،

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر كەيپىياتى پەسىيىپ مۆتىدىللىشىپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇنىڭدىن بىرەر خەتەر ۋە زىيان كېلىپچىقماپتۇ. بۇ جانابى يارانقۇچى پاك ئاللانىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە بەرگەن ئىلھاملىرىدىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، تازىلىغۇچى، قاسراقلاشتۇرغۇچى ۋە ناھايىتى ئۆتكۈردۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ، بولۇپمۇ قارىسىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىر پارچە يوپۇرمىقىغا پىلپىل سۈرۈپ چىشقا قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زەرداب سۈنى سۈرىدۇ، يىلانسىمان مەددە، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ، قورساقتا سۇ چۈشۈش، يەرقان ۋە بۆرەك ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېڭى، ھۆل يوپۇرمىقىنى گۈلى ئېچىلغان ۋاقتىدا ئېلىپ سىركىگە يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە چىلاپ قۇرۇتۇپ ئۇنىڭ ئالتە قىراتىنى 500 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئۇچتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ پەسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچكەندە يىلانسىمان مەددە ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. بولۇپمۇ تاغ پىننىسى بىلەن قايناتىپ ئىچىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ 60 گىرامىنى ئىككى لىتىر شارابقا ئىككى ئاي چىلاپ قويۇپ پەسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنە ئىككى ئاي تۇرغۇزۇپ ئىچسە ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، تۇغۇت قېنىنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ 12 گىرامى يېرىم لىتىر سۇدا ئۇچتىن بىرى قالغۇچە قايناتىپ مىجىپ پەسەپلىرىنى ئايرىۋېتىلىپ 30 گىرام بادام يېغى قوشۇپ يېغى قالغۇچە، ئەمما كۆيۈپ كەتمىگۈچە قايناتىپ ئۈچ گىرامدىن 15 گىرامغىچە ئىشلىتىلسە ئىچىنى بوش سۈرىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر سەۋدا ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك خىلىتلارنى سۈرىدۇ، دەيدۇ. بولۇپمۇ ئىككى ھەسسە ئەپسەنتىن بىلەن قايناتىپ ئىچكەندە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بەش گىرامىنى ئون گىرام ئەپسەنتىن ۋە ھەسەل بىلەن قايناتىپ قىيام قىلىپ يۇغۇرۇپ شىياف قىلىپ مەقئەتكە قويىدۇ، ئەمما سۈرمەكچى بولغان زەرداب سۇ، خىلىتلار، چىقارماقچى بولغان ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىڭ تۈرلۈك مەددە قۇرتلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ھەربىرىگە ماس بولغان تۈزەتكۈچى دورىلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم. ئۇ سىركە بىلەن زىمات قىلسا تال ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىبىر يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە ئىرىسا، بىر گىرام مىقداردا يەھۇد موقلىدۇر.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئۇنىڭ ھەممە تۇرى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا مەينەت يارىلارنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، قۇرۇق يارىنى ساقايتىدۇ. يېگۈچى ماددىسى بولغانلىقتىن ھۆل قوتۇرنى قۇرۇتىدۇ، ماددىلىرىنى تارقىتىدۇ. موم يېغى بىلەن زىمات قىلسا قوتۇرنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: يوپۇرمىقى يالغۇز ياكى گۈڭگۈرت بىلەن سۈركىسە بەھەق، قوتۇر ۋە سەپكۈنگە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار، بالىلار، تېنى ئاجىزلارغا، ياز پەسلى، قۇرۇق ئىسسىق شەھەرلەردە زەھەرسىزلەندۇرۇلمەي ۋە ئىسلاھ قىلىنماي ئىشلىتىلسە جىگەرگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، قۇستۇرىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، غەم پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ، بولۇپمۇ قارىسى بىلەن سىرىقىنىڭ زەھەرسىزلەندۇرۇلمىگىنىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش، كۆڭۈلنى غەش قىلىش ۋە ھوشسىزلاندۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۇچۇن يېڭى سىغىلغان كالا سۈتىگە گۈلاب، بېھى شىرىسى قوشۇپ خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. بەدىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مايلىق شورپا، كۈچلۈك سوۋۇتقۇچىلار ئىچۈرۈلىدۇ، مەجۇنى مەسرۇدىتۇس، تەرياقى گىل مەختۇم ئۇنىڭ داۋالىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئارپا ئۇنى، زەيتۇن يېغى، سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ چاشقان، ئىت ۋە چوشقىغا بېرىلسە ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ سۈتى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر، ئىچىدىن ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەندۇر. بەھەق ۋە ئاقكېسەلگە سۈركىسە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ جاۋارىشى، داۋاسى، ھەبلىرى، يېغى، سىركەنجىۋىل، سۇفۇپى، قۇرسلىرى، مەجۇنلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## ماس
### (ئالماس)

ئۇ ئالماس دېگەن سۆزنىڭ پارسچىسىدۇر. ھىندىچە «ھىرا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قاتتىق تاشلاردىن بولۇپ، ئاق، سېرىق، قارا ۋە قىزىلدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل رەڭلەردە بولىدۇ. رەڭگى سۈس بولغان قارىسى ھىندىچە «تىيلىيا»

دەپ ئاتىلىدۇ. ئېقى كۆپ ئۇچرايدۇ. سېرىقى، قىزىلى، قارىسى، كۆكى، كەمرەڭ ۋە بىر خىل رەڭلىك ساپ بولغانلىرى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، «تىيلىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېقىنىڭ داغلىق بولغانلىرى ناچار ھېسابلىنىدۇ. قىزىل دېغى بولغانلىرى نەس (بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ) دەپ قارىلىدۇ. ھەممىسىدىن ياخشىسى ئاق، رەڭگى بىر خىل، پارقىراق، دانلىرى چوڭ بولغانلىرىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقا رەڭلىكلىرىنىڭ بىر خىل رەڭدە، پارقىراق بولغانلىرىمۇ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كانى دۆكەن، كەلكەندە ۋە جەنەپەنە ئەتراپلىرىدۇر. ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، يەر كولىنىپ ئۇنىڭ توپىسى چىقىرىلىپ يەرگە يېيىتىلىدۇ. ئۇستىگە سۇ سېپىلىپ قۇياش چىققاندا ئەتراپىقا قاراش كېرەك. قەيەر يالتىرىسا بېرىپ يىغىۋېلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە سۇ چېچىپ قۇياش نۇرىدا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ پارقىرىغان ئالماس يىغىۋېلىنىدۇ. دەسلەپتە ئۇنى سۈرتۈپ پارقىرىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى بەك بىلىنمەيدۇ، پارقىرىتىلغاندىن كېيىن چىرايلىقلىقى ئايان بولىدۇ. ئۇ جەنۇبتىكى يېڭى زېمىننىڭ ئاراللىرىدىن بولغان بىرازىلىيەدىمۇ پەيدا بولۇر، ئەمما دۆكەندىن چىققىنىدەك ياخشى، ئاق، پارقىراق، قاتتىق ئەمەستۇر. باشقا رەڭلىك ئالماسلار قارا ئالماس بىلەن سۈرۈپ سالايە قىلىپ لوك بىلەن قىزىتىپ يۇغۇرۇپ، يۇمىلاق غالتەك ياساپ پارقىراتقۇچى تاش ئورنىدا باشقا تاشلارنى ئاقارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ خۇددى تەلق ۋە زەرنىخقا ئوخشاش قات ـ قات بولۇپ، قاتلىرى بىرى يەنە بىرىگە چاپلاشقان بولىدۇ، دىققەت قىلىنمىسا قاتلىرى بىلىنمەيدۇ. ئۇنىڭ قاتلىرىنىڭ بەزىسى ئاجرايدۇ، بەزىلىرى ئاجرىمايدۇ. بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى ئاجرىتىدۇ. ئۇ قوغۇشۇندىن قىرىپ ئېلىپ پارقىرىتىلىپ ھاسىل قىلىنىدىكەن دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئۇنىڭ ھەرقايسى رەڭلىكلىرىنىڭ ئايرىم نامى باردۇر. نۆشۇدۇر رەڭگىگە ئوخشايدىغىنى ۋە پارقىراق بولغىنى «نۆشۇدۇرى» (نۆشۇدۇر رەڭلىك) دەپ، ئاق بولۇپ، كۈمۈش رەڭگىدە بولغىنى «قۇبرۇسىي» (قۇبرۇستىن چىققىنى) دەپ، ئاق بولۇپ، رەڭگى نۆشۇدۇرنىڭ رەڭگىدىن سۇسراق بولغان، پارچىلىرى چوڭ بولغىنى «ماقدۇنىي» (ماقدۇندىن چىققىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ زەيتۇن يېغى رەڭگىدە بولىدىغانلىرىمۇ باردۇر. تۆمۈر رەڭگىدە بولغانلىرى «ھەدىيدىي» (تۆمۈر رەڭ) دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا ھەرقانداق تۆمۈر ۋە تاش ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئوتمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تەستە تەسىر قىلىدۇ. ھىندىستانلىقلار ئۇنى خاس ئۇسۇل بىلەن كۆشتە قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆشتىسى ساقايماس سوزۇلما كېسەللىكلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بويۇنغا ئېسىۋالسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورقۇنچاقلىق، جىددىيلىشىشنى يوقىتىدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە

سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە قىرلىقىنى بويۇنغا ئېسىۋالسا تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. سېپىلسە چىشنى ئاقارتىدۇ. لېكىن ئۇ خەتەرلىك بولۇپ، نېرى تۇرغان ياخشىراقتۇر. ئۇنى چىشقا قويسا چىشنى ئاغرىتماي كېسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇچ بۇرجەكتىن باشقا شەكىللەردە سۇنمايدىكەن.

**زىيىنى:** زەھەرلىك بولۇپ، ئاز مىقداردىكىسىمۇ ئىچكى ئەزالارنى ھالاك قىلىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۇچۇن كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان سۇتىگە ياغ قوشۇپ تاكى ئاشقازاندىن تولۇق چىقىپ كەتكۈچە تەكرار قۇستۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن مايلىق شورپا ئىچىلىدۇ.

## ماش
(ماش)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىچە «موڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېيىلىدىغان مەشھۇر دانلاردىن بولۇپ، كۆپ قىسىم ئەللەردە ئۆسىدۇ. ئۇ كىچىك دان بولۇپ، يۇمىلاق، سەل ئۇزۇنچاق، پوستى كۆك، مېغىزى ئاق، بەزىلىرىنىڭ پوستى قارامتۇل، بەزىلىرى باشقا رەڭدە، بەزىلىرى سېرىق بولىدۇ. بېنگالدا بەزىلىرىنىڭ پوستى قارا بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى قارامتۇل يېشىل بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا قارا، كۆك بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىق بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ سېرىقى كۆكىگە قارىغاندا، تەسرەك پىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، دانلىرى ئۇششاق بولغانلىرى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، قۇرۇقلۇققا مايىل، ئاقلانغىنى ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق جەھەتتە مۆتىدىل، پوستى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىسسىقلىققا مايىل، قىرتاق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئەدەستىن نازۇكراق، قورساقنى ئېسىشى، جۇلا بېرىشى باقىلەدىن تۆۋەنرەكتۇر. ئۇ يېيىلىدىغان دانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، كەيمۇسى ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئاشقازاندىن ئۇزۇندا چۈشىدۇ. بولۇپمۇ، پوستى تولۇق ئاقلانغىنى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى، تارقىتىش ۋە جۇلا بېرىش كۈچى پوستىدىدۇر. ئۇ ياز، باھار پەسلى، ئىسسىق شەھەرلەردە مىزاجى ئىسسىق ھەم، ئۆتكۈر تەپلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ

غىزاسىدۇر. چۈنكى ئۇ ھارارەت، ئۆتكۈرلۈك، سەپرا ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچىدۇر.

كۆكرەك، باش ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پەي ـ نېرۋا، پەيلىك ئەزالار كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتكۈچىدۇر. ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، نەزلىلەر، كىچىك تىل ئىششىقى، يۆتەل، ئىسسىق، ئۆتكۈر تەپلەر ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، چۈنكى شۇلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاقلانغىنى قاينىتىپ بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرادىن بولغان تەپكە گىرىپتار بولغانلاردا ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. سېمىز ئوت يوپۇرمىقى، كاھۇ، سۇماق، ئاقلانغان ئارپا بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ پوستى بىلەن ياكى ھۇمماز بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى بار بولسىمۇ سەۋدانى قوزغىمايدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، ھەم ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. تەرەتنى بوشىتىش مەقسەت قىلسا ئاقلانغىنى قاينىتىپ زاراڭزا ئۆرۈكى شىرىسى، تاتلىق بادام يېغى بىلەن، ئىچنى توختىتىش مەقسەت قىلسا ئاقلانمىغىنى قورۇلۇپ پىشۇرۇلۇپ ياكى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيى تۆكۈۋېتىلىپ، جۇلا بەرگۈچى ئىسسىق قۇۋۋىتى يوقىتىلىپ، ئارقىدىن ساپ سۇ قوشۇلۇپ قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىچنى توختىتىش بىلەن بىرلىكتە قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھارارىتىنى پەسەيتىش مەقسەت قىلسا ھۇمماز سۈيى ياكى ئېتى بىلەن سىقىلغان چۈچۈمەل ئانار سۈيى، سۇماق، زەيتۇن يېغى، زەيتۇن يېغى خۇشياقمىسا تاتلىق بادام يېغى بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاقلانغان ماشتىن تەييارلانغان ھالۋا يۆتەل ۋە ئىسسىق نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ماش مىزاجى سوغۇقلار، ياشانغانلار ۋە ئاشقازىنىدا ھۆللۈك، بۇزۇق خىلىت بارلارغا، قورسىقىدا يەل بار كىشىلەرگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاقلانغىنى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. چىش ۋە باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن زىرە، قەلەمپۇر، دارچىن، پىلپىل، يېڭى زەنجىۋىلگە ئوخشاش ئىسسىق خۇش پۇراق دورا ـ دەرمانلار، جاۋارىش كۇمۇنى، مەجۇنى پەلاپىلى، مەستىكى، قىچا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن زاراڭزا سۈيى، مەزكۇر چۈچۈمەل نەرسىلەر، يەنە بادام يېغى بىلەن ئىشلىتىشتۇر.

ئۇنى سىركە بىلەن قاينىتىپ مۇنچىدا زىمات قىلغاندا قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلسا بوشىغان ئەزانى چىڭىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تىلا ناملىق شاراب ياكى ئادەتتىكى شاراب ياكى زەپەر بىلەن قاينىتىلغىنىنى سوقۇلغان ۋە قوزغالغان ئەزالارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭدىن تەييارلىنىدىغان بەراۋبەرى، بەرى كەشمىرى، پاپىر، پەتى، دال، مەنگۇچى، ماش پەلاۋ، كەچرى، لەدويى ماش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەر خىل تائاملار «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

ھىندىستان، دۇكەن ۋە بېنگال ئەللىرىدە بولىدىغان «ماش» ۋە «ئۇرد» دەپ ئاتىلىدىغان، بېنگالدا «كولائى» دېيىلىدىغان دان يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماش ئەمەستۇر. ئۇنى ھەببۇل قۇلت دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقانلاردۇر. ئۇ ماشنىڭ رەڭگى ۋە شەكلىدە، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدىغان بىر خىل دان بولۇپ، مېغىزى شىلىمشىق، شىرىلىك بولىدۇ، پىشقان ياكى سۇ بىلەن خېمىر قىلغاندىن كېيىن شىلىمشىقلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدا پىشۇرۇپ ئات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىلارغا يېگۈزۈلىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ ماش ئورنىدا يەيدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورساقنى ناھايىتى ئېسىدىغان بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ. يەل پەيدا قىلىشى بىلەن باھنى قوزغىتىدۇ. زىمات قىلسا باشتا بايان قىلىنغان تەسىرلىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يېڭىسى، يېڭى - يېڭى سالايە قىلىپ ئاقكېسەلگە ئۇدا بىرقانچە كۈن سۈركىسە پايدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال ئەللىرىدە ئۇنى ماشقا ئوخشاش پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ماشقا ئوخشاش تۈرلۈك تائاملار تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قارابادىندا ئۇ توغرىسىدا ئازراق مەلۇمات بېرىلىدۇ.

## ماسەفۇدۇن
(ماسەفۇدۇن ئۆسۈملۈكى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، شۇ يەردىن كەلتۈرۈلىدىكەن. شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى رەيھانغا ئوخشايدىكەن. يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولۇپ، ئاس يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدىكەن، يۇمىلاق، چوزۇكرەك بولىدىكەن. سۇمبۇل ھىندىغا ئوخشاش پۇرايدىكەن. گۈلى يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن نازۇكراق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرى سۇمبۇلنىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ياغلارغا قوشۇلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقى شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

# مائىز
## (ئۆچكە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مەئز»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «بۇز»، ئەركىكى «تىيس» (تېكە)، تۈركچە «كەجى»، ھىندىچە چىشىسى «بكرى»، ئەركىكى «بكرا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ مەشھۇرى بولۇپ، گۆشى باشقا ھايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا قوي گۆشىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ. بىر ياللىق، سېمىز، ساغلام ۋە ياش بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك، ياۋا ۋە تاغدا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قوي گۆشىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن تۆۋەنرەك، تاغدا ياشايدىغىنى يەرلىكىدىن ئىسسىقراق ۋە ئاسان ھەزىم بولىدۇ، ياۋىسى يەرلىكىدىن ئىسسىقراق ۋە ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۆشى ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە بىمارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىسسىق پەسىل، ئىسسىق شەھەرلەردە ئىستېمال قىلسا ياخشى كەيمۇس ۋە ئۇچۇچان، يەڭگىل قان پەيدا قىلىدۇ. سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. بادام يېغى، نارجىل، خورما ئۇنىڭ زىيىنىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆل مېۋىلەر، چۇچۇمەل نەرسىلەر ۋە ئارپا ئېشى ئىستېمال قىلسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى بولغان ئوغلاق گۆشىنىڭ ھۆللۈكى كۆپ بولۇپ، قاننىڭ قايىنىشىنى پەسەيتكۈچى ۋە قاننى سۇيۇلدۇرغۇچى گۆشلەرنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىمارلار ۋە كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق گۆشى ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ زەخىملەنگەن ئەزاغا قويسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىزىق تېرىسى ئورالسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئوغلاق بېشىنىڭ تېرىسى مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغان ۋە ئەقلى ئېلىشقان كىشىنىڭ بېشىغا ئىسسىق ھالدا تېڭىلسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسى كۆچلۈك ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، مېڭە ۋە قاتتىق ئەزالارنى بوشىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۆتى كۆزگە سۈركىسە تورلىششقا شىپا بولىدۇ. قارا ئۆچكە جىگىرىنى پارچە - پارچە قىلىپ پىلپىل، زەنجىۋىل سېپىپ كاۋاپ قىلىپ تەپچىرەپ چىققان سۈيى كۆزگە سۈركىسە، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە شىپا بولىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. چالا كۆيدۈرۈلگەن مايىقى تاشتۇز بىلەن بىرلىكتە چىشقا سۈركىسە سېرىقلىقنى ئالىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم قىلىش ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىنىنى

يىرىپ ئۇستىگە يۇمىلاق زىراۋەندە، توغرىغۇ، زىرە سىپىپ قورۇتۇپ بەش گىرامى ئىلمان سۇ بىلەن ئىستىمال قىلسا زىققە نەپەس، كاناي ئىششىقى، جىگەر، دوۋسۇن ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. داۋاملىق ئىستىمال قىلسا باھنى ئاجايىپ قۇۋۋەتلەيدۇ. توغرىغۇ ۋە يالپۇز بىلەن قورۇتۇپ بەش گىرامى ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئىستىمال قىلسا تال كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. تۆت يىللىق بىر خىل رەڭلىك قىزىل ئەركەك ئۆچكە ئۇزۇم قىزىرىشقا باشلىغان پەسىلنىڭ بېشىدا بوغۇزلىنىپ دەسلەپكى قېنى بىلەن ئاخىرقى قېنى ئاقتۇرۇۋېتىلىپ ئوتتۇرىدىكى قېنىنى قاچىغا ئېلىپ قاتقاندىن كېيىن توغراپ سامان ياكى غەلۋىرگە يېيىتىپ سايىدا قورۇتۇپ ئىشلىتىلسە، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، «يەدۇللاھ» (ئاللاھنىڭ قولى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىغا ئارپا، گۈرۈچ، قوناق ئۇنى قوشۇپ ئاتىلا تەييارلاپ ئىچكەندە ئۇچەي زەخىمىسى ۋە ئىسسىق، ئۆتكۈر دورىلارنى ئىستىمال قىلىشتىن پەيدا بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. مۇسھىلنىڭ زىيادە ئۆتكۈر تەسىرىنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئارپا ئۇنى قوشۇپ ھۆقنە قىلسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. مايىقى ئىستىمال قىلسا يەرقانىغا شىپا بولىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ قورۇقى كۆندۈر بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ. كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقى ھەسەل بىلەن ئىستىمال قىلسا سىيىپ يېتىشقا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىستىمال مىقدارى ئالتە گىرامغىچىدۇر. ئۇنىڭ مايىقى سۈيدۈكى بىلەن مەلھەم قىلسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مايىقى كېچىك بالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن قايىنتىپ سۈركىسە بەلغەمدىن بولغان قولۇنجى، قويۇق يەل ۋە زەرداب سۈنى يوقىتىدۇ.

ئاغرىقلار، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: يېغى زىمات قىلسا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن مايىقى ئۇچۇچانراق ۋە جۇلا بەرگۈچىرەك بولۇپ، سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ چالا كۆيدۈرۈلگىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلسىمۇ دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، سۆگەللەرگە سۈركىسە يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈركىسە قوتۇر، بەھەق، قاتتىق ئىششىقلار ۋە تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. بەزرۇلبەنجى بىلەن سۈركىسە ئەمچەك ۋە ئۇرۇقداننى كىچىكلىتىدۇ. شاراب ۋە شۇمشا بىلەن قايىنتىلغان مايىقى زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بۆرىكى يىرىپ ئۇستىگە گۈڭگۈرت سىپىپ كاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭدىن تامچىلىغان سۇ بەھەقكە سۈركەلسە يوقىتىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: يېغى زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن مايىقى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا كېڭەيگۈچى يارىلار ۋە يىرىڭلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: يېغى ئىستىمال قىلسا ئالا كۈلۈكنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن مايىقى ئىستىمال قىلسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئۆچكىنىڭ شاراب ياكى سىركە بىلەن قايىنىتىلغان قۇرۇق مايىقى سۇركىسە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ.

تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئۆتى زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

بوغۇملار ئەزالىرى: يېغى، مايىقى ۋە زەپەر قاتارلىقلاردىن مەلھەم نۇقرەسقا تەييارلاپ نوقرەسكە چاپسا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق تېزىكى بىلەن داغ سىيلىنسا ئىرقۇننىساغا شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىندۇر، بۇ خىل داغلاش ئۇسۇلى «داغى ئەرەبى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ماياقنا ئوت يېقىپ يۇڭغا ئوراپ بوغۇملار ئاستى ۋە باش بارماقنا ئۇدۇل ئورۇندىكى ئويمان جايغا تاكى قىزىقلىقى پەسەيگۈچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوت يېقىپ قايتا قويۇلىدۇ. تاكى قىزىقلىقى يانپاشتا سېزىلگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ياكى كۆيدۈرۈلمىگەن مايىقى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا، سوغۇقتىن بولغان بوغۇملار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھاشاراتنى قاچۇرۇش: مايىقى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشارات ۋە باشقا ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۇنىڭ مۈڭگۈزى بىلەن تۇيىقى تۇرۇپ، ھەسەل ۋە بىدەنجىر بىلەن قوشۇپ تامچىتىلىپ چىققان سۈيى مەدەنلەر ۋە قاتتىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇمشىتىدۇ. ئېرىتسە ناھايىتى قارا سىياھ بولىدۇ.

## مالىكۇل ھەزىين
(ئاق قۇتان، ئۇقار)

ئۇ «مالىكى» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «بۇتىيمار»، ھىندىچە «بەگلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سۇ قۇشلىرىدىن بولۇپ، رەڭگى ئاق، تېنى كەپتەر چوڭلۇقىدا، بويىنى، پۇتى ۋە تۇمشۇقى ئۇزۇن بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا سۇ بويلىرىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى يەل پەيدا قىلىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق دورىلار.

يېغى بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. قېنى مۇنچىدا زىمات قىلسا نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ.

# مالكەنگنى
(مالكەنگنى ئۇرۇقى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدۇر. ئۆسۈملۈكنىڭ بىر ياكى ئىككى غولى بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. تېرىق ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، غولى ئۇنىڭدىن كۆچلۈكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى غولىدىن چوڭراق بولىدۇ. باشقىمۇ ئۇنىڭدىن چوڭراق، ئۇرۇقى تېرىق چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنچاقراق، ئۇچ قىرلىق، بەزىلىرى سەل ياپىلاق، قىزىل، قارامتۇل، مېغىزى ئاق، سەل يىرىك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. بىر نەچچە دانىسى بىر غىلاپ ئىچىدە بىرى يەنە بىرىگە تۇتاش ھالەتتە بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇق (كېرەكسىز) ھۆللۈكى بار، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەستە تۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ئاغرىقى، ئىرقۇننىسا، يانپاش ئاغرىقى، تىز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭە ۋە پەي - نېرۋىلارنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ۋە بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. يېغى بىلەن ياغلانسا پالەچ، لەقۋا، رەئشە ۋە ھۆللۈك، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇجغا ۋە يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئىسسىق ئۆتكۈزلۈكىمۇ شۇ تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

كۆكرەك، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەسكە شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىم قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. تائام ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ. جىگەر ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېغى بىلەن ياغلىنىلسىمۇ باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېغى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇل بىلەن ئىستېمال قىلسا، يەنى بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاز، يەنى 32 مىللىگرام ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ تەنبۇل يوپۇرمىقى بىلەن، ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن سەل كۆپرەك، ئۇچىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن يەنە سەل كۆپرەك ئېلىپ تاكى بەدەنگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك، زىيان قىلمىغۇدەك مىقداردا ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىشتىھانى ناھايىتى ئاچىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى ھەر خىل شەكىللەردە ئىستېمال قىلىدۇ. مەسىلەن: ھۆل سوغۇقتىن

بولغان سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى داۋالاش، قۇۋۋەتلەرنى جانلاندۇرۇش ۋە باھنى كۈچەيتىش، ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئەسلىي ھارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى بىر داندىن يېيىشنى باشلاپ كۈنىگە بىر تالدىن ئاشۇرۇپ يۈز تالغا يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن كۈنىگە بىر تالدىن ئازايتىپ تەدرىجىي بىر تالغا چۈشۈرىدۇ. ئوتتۇرا ھال كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن بىر تالدىن يېيىشنى باشلاپ كۈنىگە بىر تالدىن كۆپەيتىپ 40 كۈندە 40 تالغا يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ئازايتىپ بىر تالغا چۈشۈرىدۇ. يېنىك كېسەللىكلەر ئۈچۈن كۈنىگە بىر تالدىن يېيىشنى باشلاپ 20 كۈنگىچە ياكى 11 كۈنگىچە ياكى بىر ھەپتىگىچە كۈنىگە بىر تالدىن كۆپەيتىپ يەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا بىر تالدىن ئازايتىپ بىر تالغا چۈشۈرىدۇ. ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر نەچچە كۈن ئالدى ـ كەينىدە چۈچۈمەل، يەللىك، سۈتلۈك نەرسىلەر، كۆكتاتلار، جىما، جىسمانىي، روھىي ھەرىكەتلەر، كۈچلۈك قوزغىلىشلار، قىچا، سامساق، تۇرۇپ، زەنجىۋىل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش ئۆتكۈر، ئىسسىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چارشەنبە كۈنى ئېلىنغان يېغى بىلەن ياغلانسا جوزامغا پايدا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يېغى 21 كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا جوزامغا شىپا بولىدىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دانلىرىنى ساپ كالا يېغى بىلەن قورۇپ كۈنىگە بىر چاڭگالدىن ئىستېمال قىلسا باھنى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئۇ يەنە كالا سۈتى بىلەن قاينىتىپ شۇ سۈتتىن قېتىق ئۇيۇتۇپ قايمىقىنى ئېلىپ كۈنىگە 30 گىرام قايماق گۈرۈچ شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىپتىشلارغا قارىغاندا، چاچنى قارايتىدىغان بولۇپ، قايتا ئاقارغىلى قويمايدىكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر ھەسسىسى ئون ھەسسە سۈت بىلەن تاكى سۈتنى ئىچىپ بولغۇچە قاينىتىپ ئۇنىڭدىن كۈنىگە يەتتە داندىن يۇتۇلسا نامەرد بولغان ياكى باھ قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاجىز بولغان ئادەمنىڭمۇ باھ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن، كۆپ قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئۇ پاقا يېغى بىلەن ياغلانغاندىن كېيىن يېغى ئېلىپ زەكەرگە سۈركىسە باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي تىزگىنلەيدۇ. ئۇ شىر ياكى چىلبۆرە سۈيدۈكىگە بىر نەچچە كۈن چىلاپ قويۇلۇپ پاھىشە ئايالغا ئۇدا ئۈچ كۈن يېگۈزۈلسە جىنسىي شەھۋىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ جىماغا پەقەت ھەۋەس قىلمايدىغان بولىدۇ، ھېچ ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىما قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

**زىيىنى:** ئىسسىق پەسىللەر ۋە شەھەرلەردە، ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە ياشلارغا زىيان قىلىدۇ. ئىسسىق ھەم ئۆتكۈر بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا زىيان قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىرقانچە كىشى ئۇنى ئىستېمال قىلىشقان، ھەممىسىگە زىيان قىلغان، بەزىسى ھالاك بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن، بولۇپمۇ ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشتىن يىراق تۇرغان ياخشىراقتۇر.

ئۇنىڭ ۋە باشقا دانلارنىڭ يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، قازانغا يېرىمىغا كەلگۈچە سۇ قۇيۇپ، ئۇستىنى بىر پارچە پاكىز قېلىن رەخت بىلەن ئوراپ ئوت ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك ئېلىپ سوقۇپ رەخت ئۈستىگە سېپىلىدۇ، بۇسى چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇستىگە تۇۋاق يېپىلىدۇ، بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇۋاقنى ئېچىپ سوقۇلغان ئۇرۇق رەخت بىلەن بىرلىكتە سىقىلىپ چىققان ياغ ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۇقىرىقىدەك يوسۇندا ياغ ئېلىنىدۇ، تاكى ئۇرۇقتا ياغ قالمىغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ يېغىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

## ماليا

(ئاچچىق دەرەخ)

بەزىلەر ئۇنى مۇرران دەرىخى (ئاچچىق دەرەخ) دەپ بىلگەن. يۇنۇس (ئۆسۇملۇكشۇناس) شام شەھەرلىرىدە بولىدىغان بىر خىل دەرەخ دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلسا ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن يوپۇرمىقى مەلھەم قىلسا ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. ياغىچىنىڭ ھەرىدەلگەن كېپىكىنى ئىستېمال قىلسا ھالاك قىلىدۇ.

ھەكىم ئابدۇلھەمىدنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىنىڭ ھاشىيەسى (كانارىسى) دا يېزىشچە ئۇ ھىندىچە «كول» دەپ ئاتىلىدىكەن، يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، گۈلى ئاق بولىدىكەن، ياغىچى ھاياتلىق ياغىچى دەپ بىلىنىدىكەن، يىلتىزى سالايە قىلىپ يىلان چېقىۋالغان ئادەمگە يېگۈزۈلسە زەھىرىنى قايتۇرىدىكەن، خولېراغا شىپا بولىدىكەن، خىلىت ۋە غىزانىڭ زەھىرىنى قەي بىلەن قايتۇرىدىكەن.

## ماليقەراتۇن

(مائۇلھەسەل)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، مائۇلھەسەل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى يۇنانچە «مالى» دېگەن سۆز ھەسەل دېگەن مەنىنى، «قەراتۇن» دېگەن سۆز سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيتى:** ساپ ھەسەل ئىككى ھەسسە يامغۇر سۈيى ياكى تاتلىق سۇ بىلەن سۇس ئوتتا ئۈچتىن ئىككى قىسمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ساقلاپ قويۇپ زۆرۈر بولغاندا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ ئاددىي مائۇلھەسەل بولۇپ، مۇرەككەپ قىلىش

مەقسەت قىلىسا مەقسەت ئېتىبارىچە بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىسسىق ياكى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئاددىيسى ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۆلا بەرگۈچى، شىلىمشىق خىلىتلارنى پارچىلىغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قويۇق بەلغەمنى پىشۇرغۇچى، مىزاجى سوغۇق ئەزالار، سوغۇق ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجى ئۈچەيلەرنىڭ قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، سوغۇقتىن بولغان پەي ـ نېرۋا، مېڭە كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولغۇچى، قۇسۇش، قورساق كورگىراشنى توگەتكۈچى، ھالاك قىلغۇچى دورىلارنىڭ زىيىنى ۋە جىمادىن پەيدا بولغان ئاجىزلىقنى يوقاتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر.

**زىيىنى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار، سەپرا مىزاجلىقلار، ھەزىم ئەزالىرىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل مېۋە قىياملىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 150 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قۇلۇنجىنىڭ بابىدا قۇلۇنجىغا ئىشلىتىلىدىغان مائۇلھەسەلنى يېلىنى توگىتىش ئۈچۈن كۆپ قاينىتىلىشى لازىم، بوش قاينىتىلسا قورساقنى ئېسىدۇ، دېگەن.

## مامىيسا

(مامىسا، توگىتاپىنى ئوت)

ئۇ نىبىتچە سۆزدۇر، «ھەمىينا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، مۇڭگۈزلۈك خەشخاش (خەشخاش مۇقەررەن) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان دېگىز خەشخاشى (خەشخاش بەھرىي) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئاقۇا مايىل بولىدۇ، ئۇستىدە خۇددى ھەرە چىشىغا ئوخشايدىغان ئۆسۈكچىلىرى بار بولۇپ، توكلۇك بولىدۇ. شىلىمشىق سۈيۈقلۇقى بار. گۈلى سېرىق بولۇپ، دېگىز بويلىرىدا ئۆسىدىغان مۇڭگۈزلۈك خەشخاشنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. پۇرىقى ئېغىر، سۇلۇق بولىدۇ. مېۋىسى مۇڭگۈزلۈك خەشخاشنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش، غىلاپسىز بولۇپ يەرگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. مامىسا ئۇرۇقى قارا كۈنجۈت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. دېگىز ساھىلىدا ئۆسىدىغان خەشخاشنىڭ شاخلىرى قىش پەسلىدە توكۇلۇپ كېتىپ باھار پەسلىدە قايتا ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئەمما مامىسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، قىش پەسلىدە ئۇنىڭدىن ھېچ ئەسەر قالمايدۇ. مامىسا مېۋىسى قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ، ئۇنى سوقۇپ بەللۇت شەكلىدە قۇرس تەييارلىنىدۇ، ئۇ «ئۇسارەئى مامىسا» (مامىسا ئۇسارىسى)، «شىيافى

مامىسا» (مامىسا شىيافى) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. قارىغا مايىل سېرىق، پۇرىقى كۈچلۈك، ئاچچىق، سۇدا تېز ئېرىيدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن، بىرىنىڭ گۈلى قىزىل بولۇپ، «ئەزغامۇنى» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ ئىشلىتىلمەيدىكەن، يەنە بىرىنىڭ گۈلى سېرىق بولۇپ، ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باش، پەي، كۆكرەك، ئاشقازان كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىسا باش ئاغرىقى، بوغۇملارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى چەكلەيدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆز ئاغرىقى، قاپاقنىڭ ھارارىتى ئۆرلەش، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش، ۋەردىنەج، قاپاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. سۇركىسە ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. كۆزگە سۇركەلسە كۆز ياشانغىراش، قاپاق ساڭگىلاش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، ياردەم بەرگۈچى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىسا خەفەقان، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار، ئوت كۆيۈك يارىسى: ئۇسارىسى سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، قىزىل يەل كېسەللىكى (بادى سۇرۇخ)، ئوت كۆيۈك يارىسى، ھەرىكەت قىلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قولتۇق ۋە يېرىق زەخىملىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى مەلھەم قىلىسا قىزىل، ۋە نۇقرەسكە تەگداشىسىز شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۇماق.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق بادام.

## مامىران
(مامىرانچىن)

**ماھىيىتى:** ئۇ زەرچىۋەنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى ۋە شاخلىرى يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى چوڭ يۈگىمەچئوتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يۇمىلاق،

سېرىققا مايىل ئاق، شىلىمشىق بولىدۇ. يىلتىزى شاخلىق بولۇپ، ھەممىسى بىر يەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. زەرچىۋىدىن كىچىكرەك، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. بوغۇملۇق بولۇپ، تۈز ئۆسمەيدۇ، بوغۇملىرىدا چاچتەك ناھايىتى ئىنچىكە بولغان يىپچىلىرى بولىدۇ. سۇغا يېقىن يەرلەردە ئۆسىدۇ. ھىندىستان، چىن ۋە خۇراسان قاتارلىق ئەللەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغىنى قارىغا مايىل سېرىق بولىدۇ. چىندىن كەلتۈرۈلىدىغىنى سېرىق بولۇپ، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغىنىدىن ناچارراق بولىدۇ. خۇراساندىن كەلتۈرۈلىدىغىنى كۆككە مايىل قارامتۇل بولىدۇ. ئۇرۇقى كۈنجۈتكە ئوخشايدۇ. ياخشىسى چىندىن كەلتۈرۈلىدىغانلىرىنىڭ سېرىققا مايىل، ئىنچىكە، قاتتىق، بوغۇملىرى ئاز، يېڭى بولغانلىرىدۇر. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچى، تىرناق يېرىلىشنى پەيدا قىلغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىنى تازىلايدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاق، تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يىلتىزى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا توسۇلۇشتىن بولغان يەرقانغا داۋا بولىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، تولغاق، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، مەلھەم قىلىسا بالىياتقۇ چىقىقى ھەم بوۋاسىر ئىششىقىغا تەڭداشسىز شىپا بولىدۇ.

**زىيىنى:** بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۆرەككە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا زەرچىۋە، يېرىم ھەسسە مۇرمەككى.

**زىننەتلەش تەسىرى:** ھەسەل ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىسا تىرناق ئاقىرىش، داغ ــ سەپكۈن، قوتۇرغا داۋا بولىدۇ، تېرىدىكى تۈرلۈك ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

## ماھۇدانە

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئۆزى مۇستەقىل تۇرغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئىچ سۈرۈشنى باشقا دورىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى يالغۇز توختىتىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل سۈتلۈك ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەشرىق خەلقى ئۇنى «ھەببۇلمۇلۈك»

دەپ ئاتايدۇ. ئۇ «دەند» دەپ ئاتىلىدىغان ھەببى سالاتىن ئەمەستۇر. ئۆسۈملۈكنىڭ غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بارماق توملۇقىدا بولۇپ، يوپۇرماقلىرى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، شاخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇششاق بولۇپ، سەل يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسى چوڭ تەرخەمەك مېۋىسىگە ئوخشاش كونۇس شەكىللىك بولۇپ، ئىچىدىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ دانە ئۇرۇق چىقىدۇ. ھەربىرى ئايرىم بىر غىلاپ ئىچىدە تۇرىدۇ، دانلىرى كۈرسىنە (ياۋا كۆك پۇرچاق)نىڭ دانلىرىدىن چوڭراق، پوستى قىزىلغا مايىل توپا رەڭ، مېغىزى ئاق، تاتلىق بولىدۇ. ياغىچى ۋە يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستان، ئىراقتا ئۆسىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ماشقا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، لوبىياغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** سوۇتى ئۈچىنچى دەرىجىدە، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى قېرى خوراز گۆشى بىلەن قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە ئىچنى سۈرىدۇ، قۇلۇنجنى ئاچىدۇ، سۆيدۈك ھەيدەيدۇ، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ئاغرىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقى ئۈچ تالدىن سەككىز تالغىچە يۇتۇلسا ئىچنى سۈرىدۇ، ئۇنى سوقۇپ ھەب قىلىپ سوغۇق سۇ بىلەن يۇتسا پۇتون يۇتۇلغانغا قارىغاندا، ئىچنى بەكرەك سۈرىدۇ، قويۇق بەلغەمنى بەكرەك چىقىرىدۇ، خام بەلغەمنى كۆيدۈرىدۇ، سەۋدا خاراكتېرلىك خىلىت ھەم سۇ خاراكتېرلىك كەيمۇسنى بەكرەك سۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن ئۈچ دانىدىن سەككىز دانىغىچە، يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. سوغۇق سۇ ئىچسە ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكە، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

(2) مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ماھۇدانە تېپىلمىسا ئورنىغا ھەببى سالاتىن ئىشلىتىلىدىكەن.

بەزىلەر ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىدۇ، بۇ چاغدا ئىچنى سۈرىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئىرقۇننىسا، نۇقرەس، ئىستىسقا، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغىمۇ شىپا بولىدۇ. پەيلىرى قالمىغان قېرى خوراز شورپىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، سۆيدۈك ھەيدەيدۇ، سۇتىمۇ

ئىچىنى سۈرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە دەند، باراۋەر مىقداردا ئىنەكپىتى، بىر يېرىم ھەسسە ھەشقىپىچەك ئورۇقى.

## ماھىزەھرەج
(بېلىق دورىسى ئوت)

ئۇ پارسچە بېلىق زەھىرى دېگەن مەنىدىكى «ماھىزەھرە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر، چۈنكى ئۇ بېلىقنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ فۇلۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تۈركچە «سەقۇبىروي» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ قىسمى تېۋىپلارنىڭ قارىشىدا ئۇ بىر خىل سۈتلۈك ئۆسۈملۈكنىڭ پوستى بولۇپ، شۇبرۇم (سۈتلۈكئوت) ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. غولى بىر غۇلاچتىن ئېگىز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىنى چۆرىدەپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ پوستى سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئازراق ئۆتكۈر بولۇپ، كەپە يىلتىزىنىڭ ئۆتكۈرلۈككە ئوخشايدۇ، دورىلىققا ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرى ئەمەس، بەلكى شۇ پوستى ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ. پوستلىرىنىڭ نېپىز، سېرىق، يېڭى، سەل ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ۋە قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ئاغرىقى ۋە ئىرقۇننىسا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، چۈنكى ئۇ تومۇرلار ۋە بوغۇملاردىكى قويۇق خىلتلارنى چىقارغۇچىدۇر. بەلغەم مىزاجلىق ھۆل سوغۇق كىشىلەر ئۈچۈن پايدىسى كۆپتۇر.

**زىيىنى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، نىشاستە، رۇمبەدىيان ئىستېمال قىلىش ۋە بادام يېغى بىلەن ياغلاشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن شېكەر بىلەن بىرلىكتە بەش گىرامغىچە، قايناتمىلاردا ئىسسىقا ۋە بەلغەمدىن، يەلدىن بولغان ئىششىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنى سوقۇپ بېلىق بار سۇغا تاشلانسا بېلىقلار بىھوش بولۇپ، سۇ يۈزىگە چىقىپ ئۆلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بېلىقلار مەست بولۇپ، سۇ يۈزىگە چىقىدىكەن.

# پەسل: «م» (مىيم) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مەسنان

(چۇجگۇنئوت)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «كەرەمدانە» ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرخىلىنىڭ شاخلىرى نەيچىسىمان، يىرىك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى مازارىيون يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چۈرۈكرەك بولىدۇ، شىلىمشىق ھۆللۈكى بار. گۈلى ئاق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئارىسىدىن مېۋىسى ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئامۇت ئۇرۇقىغا ئوخشاش، يۇمىلاققا مايىل، كۆك بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قىزىرىدۇ. پوستى قاتتىق، قارامتۇل، مېغىزى ئاق بولىدۇ. ئۇ «جەرەمدانە» دەپ ئاتىلىدۇ، «كەرەمدانە» مۇ دېيىلىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئتى:** ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسمى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ ئاتىلا بىلەن ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇرۇقى پۈتۈن يۇتۇلسا بەلغەمنى كۈچلۈك سۈرىدۇ، مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئون داندىن ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيىنەتلەش تەسرى:** سوقۇپ مەلھەم قىلسا كۆپ تەرلىتىدۇ، قايناتمىسى زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە ئاقكېسەلگە ئىنتايىن ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئاياللار ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ بىر گىرامىنى بالىياتقۇنى قىزىتقۇچى، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرگۈچى، بالىياتقۇنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، ھامىلىدارلىققا ياردەم بەرگۈچى، ئېرىنى ئامراق قىلغۇچى، جىمادا لەززەت پەيدا قىلغۇچى پەرزىجىلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرلىرى ئۇرۇقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئەتىياز پەسلىدىكى ھوسۇل ۋاقتىدا يىغىۋېلىنىشى، قۇرۇتۇلۇپ ساقلىنىپ زۆرۈر بولغاندا ئارىلاشمىلىرى ئايرىۋېتىلىپ سوقۇلۇپ ئىشلىتىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۇ خاراكتېرلىك ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ئۇ سىركىگە چىلانسا زىيىنىنى يوقىتىدۇ. باقلە ياكى ئەدەس قايناتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى نورمال سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە

قىلسا ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قايناتمىسى زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسى، قوتۇر ۋە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدىغان سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

يوپۇرمىقىنىڭ ئىستېمال مىقدارى قايناتمىلاردا ئون گىرامغىچىدۇر. يوپۇرمىقىغا مازارىيون يوپۇرمىقىغا ئوخشاش سىركىگە بىر كېچە چىلاپ قويۇپ ئەرەب يېلىمى ۋە كەتىرا بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىنمۇ ئۈچ گىرام ئېلىپ سىركىگە چىلاپ قويۇپ بادام يېغى ۋە كەتىرا بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. گالغا تەگسە يارىلاندۇرىدۇ، قىچىشتۇرىدۇ ھەم ئۇنىڭدا ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغ پەيدا قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى: پەرپىيون بىلەن زەھەرلەنگۈچىنىڭ تەدبىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەرپىيوننىڭ بابىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرى مىسىردا كۆپ بولۇپ، دەريا ۋە سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، قۇملۇقلاردىمۇ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، كۇنلۇكسىمان بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئارچا ۋە توغراق يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى سېرىق، ئىنچىكە بولۇپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇقى چاققاقئوت ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، ئاق بولىدۇ. يىلتىزى ياغاچلاشقان بولۇپ، پايدىسىزدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چوجگۇن ئوت ئۇ ئەمەس، بۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ سىركىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلانغان يوپۇرمىقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يالغۇز ياكى بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا زەرداب سۇ، خام بەلغەم ۋە ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ 30 گىرام ئۇرۇقسىز قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن بىرلىكتە 400 مىللىلىتىر سۇ بىلەن 120 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈپ ئۈچ مىللىلىتىر بادام يېغى قوشۇپ ئىچىلسە خام بەلغەم، زەرداب سۇنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ، ئىنچىكە ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئۇنىڭدىن قىلىنغان پىلتە خانازىر ۋە جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلسە بۇزۇق گۆشنى يەيدۇ، كىرلىرىنى تازىلايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## مۇسەللەس
(مۇسەللەس)

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قايىنىتىش جەريانىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمى پارغا ئايلىنىپ، بىر قىسمى قالغان ئۈزۈم سۈيىدۇر. «كۇللىياتى قانۇن» ناملىق كىتاب ۋە مۇھەممەد بىن مەھمۇد ئامىلىنىڭ «كۇللىياتى ئەيلاقى» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسىدىكى شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ سۆزىدىن ئايان بولۇشىچە مۇسەللەس بىر ھەسسە سۇ قوشۇلۇپ ئۈچتىن بىرى قالغۇچە قايىنىتىلغان ئۈزۈم سۈيىدىن ئىبارەت ئىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان، كۆپ قىسىم كىشىلەر بىلگەن مەزكۇر مۇسەللەسنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا شەك باردۇر. ئۇ تېبابەتتىكى مۇسەللەستۇر. شەرئىيەتتىكى مۇسەللەس ئەمەستۇر. شەرئىيەتتىكى مۇسەللەس شۇكى، ئۈزۈمى شىرىسى ئۈچتىن ئىككى قىسمى پارغا ئايلىنىپ بىر قىسمى قالغۇچە قايىنىتىلىدۇ.

ئومۇمەن ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە پايدىلىرى شارابقا ئوخشاپ قالىدۇ، ياخشى، پىشقان قان پەيدا قىلىدۇ، ھەزىم قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ، كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، سۇلۇق قاپارتما، يەلتاشمىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**زىيىنى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنىڭغا سۇ ئارىلاشتۇرۇشتۇر.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مۇجنەھ
(گۇلى خۇشنەزەر)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «گۇلى خۇشنەزەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خۇش پۇراق گۇللەرنىڭ بىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختاتقۇچىدۇر. يېڭى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. سۈيى قۇلاق مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ، قۇلاق يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

# مەچۇقان

## (مەچۇقان يىلتىزى)

ئۇ «مەچۇقان» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى زېمىندىن خىرىستىيانلار ئېلىپ كېلىدىغان دورىلاردىندۇر. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئاق بولىدۇ. ئۇ فاشەرا (مىڭشاخ) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرى كۆپتۇر. شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇملاق بولۇپ، كۆپ تومۇرلىرى بولىدۇ. مېۋىسى يۇمغاقسۇتنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىتئۈزۈمىنىڭ باشقىغا ئوخشاش باشقى بولىدۇ. يازنىڭ ئوتتۇرىسى، تومۇز ئايلىرىدا يېتىشىدۇ. يىلتىزى توم، ئاق بولۇپ، فاشەرا (مىڭشاخ) يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. بەزىلەر ئۇنى فاشەرا ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئۇنداق ئەمەستۇر، چۈنكى فاشەرا يىلتىزى بۇ يىلتىزنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، رەۋەنگە ئوخشاش قورۇغۇچى ۋە سۈرگۈچى قۇۋۋىتى بار. شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلەر ئۇنى خاتا ھالدا رەۋەننىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ، ئەمما رەۋەن ئەمەستۇر، چۈنكى بۇ دورىدا رەۋەندە بولغاندەك تەبىئەت سەسكىنىدىغان كەيپىيات، ئېغىر پۇراق ۋە بەتتەم يوقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** نەزلىلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بۆرەك ئاغرىقى، قۇلۇنجى ۋە ھۆل تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بەدەندىكى بەلغەم ۋە بۇزۇق سۇيۇقلۇقنى سۈرۈپ چىقارغۇچىدۇر. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ بىرەر شەربەت ياكى مەجۇن بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى بەش ـ ئالتە قېتىم ئاغرىتماي سۈرىدۇ.

ئومۇمەن ئۇ سۈرگىلەرنىڭ شاھى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق چۆپچىن، ئۆشبە، شەجەرەتۇن نەبىي (پەيغەمبەر دەرىخى)، ساسەفراس، رەۋەن ئۇسارىسىدىن ئىبارەت بولغان قۇۋۋىتى قەنبا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئەكس تەسىرى يوقىتىلىدۇ، ئۇ يەنە سىفلىس، قىچىشقاق، قوتۇر، بوغۇملار ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى ۋە باشقىلارغا شىپا بولىدۇ، داۋاملىشىشچان كونا تەپلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ توسالغۇلارنى كۈچلۈك ئاچىدۇ. ئۇ باشقا يىلتىز دورىلارغا ئوخشاش مۇراببا قىلىش، مەجۇن قىلىش، سۇفۇپ قىلىپ شېكەر، مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر، ئارپىبەدىيان ئەرقى، رۇمبەدىيان ئەرقى، دارچىن ياكى ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىشقا ئوخشاش ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدىغان مەجۇنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەجۇنى گۇلدۇر، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ چۆپچىنغا ئوخشاش قايىنىتىپ سۈيى چىقىرىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنى ئۇنى سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ تەمىنى چىقىرىپ

يالغۇز ياكى شېكەر، دورىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتكۈچىلەر ۋە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن بىر سائەت ئۇخلىسا باشقا نازۇك سۈرگۈچى دورىلارنىڭ ئەكسىچە دورا تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، ھالبۇكى ئۇيقۇ باشقا سۈرگە دورىلىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بالىلار، ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەر 1.5 گىرامدىن، بەدىنى كۈچلۈكلەر، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر بەدەن قۇۋۋىتى ۋە مىزاجىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا قاراپ تۆرۈپ ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بىلگىنكى، بۇ دورىدا پىشۇرۇش قۇۋۋىتى باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مۇنزىجسىز ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇ باشقا سۈرگۈچى دورىلارنىڭ ئەكسىچە قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئاينىشنى توسىدۇ. مەيلى جىگەر ياكى باشقا ئەزالارنىڭ تار يوللىرى ۋە قىل قان تومۇرلىرى ھەم باشقا يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا خاس بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسى ھېلىلە مۇرابباسىنى تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ، خوشاب ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچنى بىر قانچە قېتىم سۈرۈپ بەدەننى مۇشەققەتسىز ھالدا تولۇق تازىلايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ دورىلارنىڭ شاھى بولۇپ، بالىلار، ھامىلىدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىلغىنىدەك زىيانسىزدۇر، ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى سىناققا باغلىقتۇر.

## مەھلەب

ئۇ ھەببۇل مىھلەب ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

# پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مۇخ
## (يىلىك)

ئۇ پارسچە «مېغىز ئۇستىخان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مېڭىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن مېڭە، پاچاق، بىلەكتىكى ئوقۇرەك سۆڭەكى ۋە باشقا ئۇستىخانلارنىڭ يۇمشاق باشلىرىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

ئورۇنلاردا تارقاق بولىدىغان مايلىق ھەم يۇمشاق نەرسىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇمشاتقۇچى، ئەزالارنى بوشاتقۇچى، كۆپ ئۇزۇۋقلاندۇرغۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر.

**زىيىنى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى بۇزىدۇ، كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ، بولۇپمۇ تۇزسىز ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن تۇز، يالپۇز، دارچىن، زىرە بىلەن، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

بوغۇم، پەي ـ نېرۋىلار كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا قاتقان بوغۇم، پەي، تارىمۇش، چاندىر ۋە مۇسكۇللارنى يۇمشىتىدۇ. پۇت ـ قوللار يېرىلغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا ساقايتىدۇ. ياش، ساغلام، سېمىز، ياخشى يەم بىلەن بېقىلغان ھايۋاننىڭ يىلىكى ئەڭ ياخشىدۇر. بۇقا، تېكە پاچىقى يىلىكى كۈچلۈكرەك، ئىسسىقراق، تارقىتىشى كەمرەك، قۇرۇتۇشى ئارتۇقراق، مايلىق ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ رەڭگى قارا ھايۋاننىڭ يىلىكى تولۇق بولىدۇ، مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىنىڭ يىلىكى ياخشىدۇر. پاچاق سۆڭەك يىلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى كۆپ ھەرىكەت سەۋەبىدىن ماي تەركىبىنىڭ كۆپ، كىرەكسىز ماددىلىرىنىڭ ئاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. كالا ياكى كېيىك پاچىقى يىلىكى بالىلارنىڭ پۇتىغا سۈركىسە ئايىغى تېز چىقىدۇ.

ئۇنى ئۇزۇن ساقلاش مەقسەت قىلسا قىش پەسلىدە ئېلىپ، ئېگىز ھەم قۇرۇق ئىسسىق ئۆيلەردە ئوغرىتىكەن يوپۇرمىقى بىلەن بىرلىكتە نەم يەرلەردىن يىراق ھالدا ساقلىنىدۇ.

## مۇخەللىسە
(نىجاتكار ئوت)

ئۇ ئەفئا يىلىنى ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىگە قارشى تۇرۇپ نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان، بۇ جەھەتتە ئۇ تەكرار سىناق قىلىنغان.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ تۈرلۈك بولىدۇ. ئورۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ھەتتا يەتتە خىل تۈرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. ھەممىسى ئاچچىق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ گۈلى يەرگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ، خۇددى لوڭقىغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرى غولسىز بولۇپ، شاخلىرى يەردىن بىۋاسىتە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

يوپۇرمىقى كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق بولىدۇ، بېشىدىن ئاخىرىغىچە يېرىلغان بولىدۇ. شاخلىرى قانچە ئۇزۇن بولسا يوپۇرمىقى شۇنچە ئۇششاق بولىدۇ. ھەتتا زىغىر يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ، گۈلى كۆك بولۇپ، تەتۈر ئۆسىدۇ. بۇ تۈرى باھار پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆسىدۇ. يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېچىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىمۇ بىرىنچى تۈرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما گۈلى كۆك بىلەن قىزىل ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى ھۆپۈپ بېشىغا ئوخشاش، ئۇششاق بولىدۇ. گۈلى ئاق سېرىق، سەل قارامتۇل بولىدۇ. بۇ تۈرى ئىسكەندەرىيەدە «رەئسۇل ھۇدھۇد» (ھۆپۈپ بېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى تۈرىنىڭ غولى بار بولۇپ، ئەتىياز پەسلىدە ئۆسىدۇ، غولى ئىنچىكە، يۇمىلاق، ئىككى غېرىچتىن ئۈچ غېرىچقىچە ئۆسىدۇ، شېخى ۋە يوپۇرمىقى بولمايدۇ. گۈلى چايان شەكلىدە، كۆك، سۇس بولىدۇ.

بەشىنچى تۈرىنىڭ غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، يېرىق بولۇپ، بادرەنجىبۇيا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، پۇراقسىز، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. بۇ تۈرى تەرابلۇس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ بولىدۇ. تاغلىق رايونلار ۋە قاتتىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

ئالتىنچى تۈرىنىڭ شاخلىرى قاتتىق، توپا رەڭ، شەكلى سەت، تۈز ئەمەس، بەلكى ئەگرى، يوپۇرماقسىز بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، بابۇنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، شاخلىرىنىڭ ئۈچىدا بابۇنە غوزىكىگە ئوخشاش غوزەكلەر بولىدۇ. ئەمما ئۇششاق يوپۇرمىقى بولمايدۇ، ئۇستىدە بىنەپشە رەڭ تۈكى بولىدۇ. بۇ تۈرى شام شەھەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ تېپىلىدىغان بولۇپ، «رەھاھ» ۋە «ھەرران» دېگەن نام بىلەن تونۇشلۇقتۇر. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى تۈرىدۇر. قاتتىق، قۇرغاق، تاشلىق يەرلەردە ئۆسكەنلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئۆسۈملۈك «مەھاجىم» (لوڭقىلار) ۋە «ئەبۋاھ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىرىنچى تۈرى شىرازچە «كاررەبەك» دەپ ئاتىلىدىكەن، پارسچە «بۇلبۇل شامى» دېيىلىدىكەن. ئىككىنچى تۈرى «كەشنىزى كۇھى» (تاغ يۇمغاقسۈتى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈچىنچى تۈرى «تەرياقى كۇھىي» (تاغ تەرياقى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ھەر ئۈچ تۈرىنىڭ ئۇرۇقلىرى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدىكەن. ئەمما ئۆسۈملۈكلىرى بىرى يەنە بىرىدىن ئازراق پەرقلىنىدىكەن. «كاررەبەك» دەپ ئاتالغىنىنىڭ ئۆسۈملۈكى يىرىك، ئۇرۇقى ناھايىتى ئاچچىق، گۈلى كۆك بولىدىكەن، تاغلار ۋە تاشلىقلاردا ئۆسىدىكەن. كەشنىز كۇھىي (تاغ يۇمغاقسۈتى) دەپ ئاتالغىنى سىلىق، بويى چوڭراق، ئۇرۇقىمۇ چوڭراق بولىدىكەن، ئاچچىق بولىدىكەن،

ئېتىزلار، تاغ ئېتەكلىرىدە ئۆسىدىكەن. گۈلى قىزىلغا مايىل بولىدىكەن. «تەرياقى كۈھىي» (تاغ تەرياقى) دەپ ئاتالغىنى قۇملۇقلاردا ئۆسىدىكەن. ئۆسۈملۈكى كىچىكرەك، گۈلى ئاق، قارا ۋە سېرىققا مايىل بولىدىكەن.

ھەممىسىنىڭ ياخشىسى شەبانكارە دېگەن يەردە ئۆسىدىكەن ۋە شۇ يەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگىنىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرۇش كۈچى ھەممىدىن ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

ھەزىم ئەزالىرى: ئىستېمال قىلسا قىيىن قۇلۇنجلارغا شىپا بولىدۇ. شىلىمشىق خىلتلارنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، تال، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بوغۇم، بەل، يانپاش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۈچ گىرامدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا ئىچىلگەن ۋە مۆكۈزلۈك يىلان، چايان، دۆ ۋە ئۇنىڭ باشقىسىغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ چېقىلغان زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن ئىستېمال قىلىنسۇن، ئوخشاشلا زەھەر قايتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قۇياش ھەمەل بۇرجىغا يېڭى كىرگەندە ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈنىگە بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا شۇ يىلى ھېچ زەھەر زىيان يەتكۈزەلمەيدىكەن.

مۇخەللىسە (نىجاتكار ئوت)نىڭ ئەرقى ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلگۈچى، قۇلۇنجغا شىپا بولغۇچىدۇر. بەزىلەر ئۇ چوڭ تەرياقلارغا قوشۇلسا شارابنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

## مەخيز
## (دوغ)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «دوغ»، تۈركچە «ئىبران»، ھىندىچە «چەھاچەھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئازراق سۇ قوشۇپ تولۇم ياكى باشقا قاچىغا تۆكۈپ چايقاپ، قايمىقى ئايرىلغان قېتىقتىن ئىبارەت. ياخشىسى كالا سۈتى بىلەن ئۇيۇتۇلغان يېڭى قېتىقتىن

تەييارلانغان، قايمىقى تولۇق ئايرىلغان دۇغدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، ھۆللۈكى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاننىڭ قايىنىشىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، جۇدەتكۈچى تەپنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئىسسىق جىگەرنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، ئۇسسۇلۇق پەسەيتىدۇ. تۆمۈر پوقى ۋە ئىترىفىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. تاش ياكى تۆمۈر بىلەن داغماللانغىنى، يەنى قىزىتىلغان شېغىل تاش ياكى تۆمۈر بىلەن داغماللانغىنى قان ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ توشقانزەدىكى ۋە قورۇغۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. گۈرۈچ ۋە قورۇلغان ئارپا ئۇنى بىلەن قايىنىتىلغىنى ئىچى ئىسسىقتىن سۈرگەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. جۇدەتكۈچى تەپ ئۈچۈن قۇرۇق نان بىلەن بىرگە 100 مىللىلىتىردىن 400 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ناننىڭ مىقدارى 50 گىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۇنى جۇدەتكۈچى تەپ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، قېتىقنىڭ يېڭى دۇغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ قايمىقى پۈتۈنلەي ئايرىلغۇچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەمىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئازراق چۈچۈمەللىشىشى ئۈچۈن 5~6 سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ سۈيى تولۇق ئۆزلەشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن 90 مىللىلىتىر ئېلىپ، ساپ ئاق ئۇن نېنىدىن 30 گىرام ئېلىپ پارچىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆپرەك ئىستېمال قىلىش زۆرۈر بولسا مەزكۇر مىقدارغا زىيادە قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭغا 15 مىللىلىتىر دۇغ قوشۇلسا، ناندىن ئۈچ گىرام ئازايتىلسا بولىدۇ. شۇنداق يوسۇندا ھەر كۈنى دۇغ 15 مىللىلىتىر كۆپەيتىلىپ نان ئۈچ گىرام ئازايتىلىدۇ. تاكى ساپ دۇغ قالغۇچە ۋە بەدەن ئۇنىڭغا ئادەتلەنگۈچە شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۇنى ئىچىشنى توختاتماقچى بولغاندا يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە مەشغۇلات قىلىپ تاكى تۇنجى كۈندىكى مىقدارغا يەتكۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بەزى تېۋىپلار زىيادە ئېھتىياتچانلىق قىلىپ دۇغنى 30 مىللىلىتىردىن باشلاپ ناننى ئۈچ گىرامدىن ئازايتىپ دۇغنى 90 مىللىلىتىرغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىقدارىنى 90 مىللىلىتىردىن ئاشۇرۇش مەقسەت قىلسا مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە كۆپەيتىلسە ۋە شۇ ئۇسۇل بويىچە ئازايتىلسا بولىدۇ. دۇغ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئۇسۇلنى قوللىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى ئوفۇنەتلىك تەپ بولمىغان ئەھۋالدا ھەزىم قۇۋۋىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، ساپ ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىكىگە ئوخشاش ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ئوخشاش ۋەزىيەت ئۇنى تەلەپ

قىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوفۇنەتلىك تەپلەردە ئۇنى ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. خىلىتلاردا ئوفۇنەتلىنىش كۆرۈلگەندە قۇرسى تاباشىر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ ئىچى قەۋزىيەت بولۇپ، بوشىتىش بۆرەك ئاجىزلىقىغا سەۋەب بولسا دۇغ تۆمۈر ياكى تاش بىلەن داغماللىنىپ ئاق تاباشىر، توشقان زەدىكى ياكى مۇناسىۋەتلىك ھەبلەر ۋە قۇرسلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە دۇغقا پادىزەھرى ھايۋانى قوشۇلسا كۆپ كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىكەن. سېمىز ئوت ئۇرۇقىنى سوقۇپ دۇغقا ئۇچ قېتىم چىلاپ قۇرۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا بىرقانچە كۈنگىچە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدىغان بولۇپ، جاپاكەشلەرنىڭ سىرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) دۇغ خىلىتلىق ئوفۇنەتلىك تەپلەرگە زىيان قىلىدۇ، چۈنكى ئوفۇنەتلەر كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

(2) ئۇ مىزاجى سوغۇق بولغان ئاشقازاندا ئېچىلسا باشنى قايدۇرىدۇ، بىھوش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەي قىلىش ياكى مەجۇنى فەلافىلى، ئىسسىق جاۋارىشلارنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

## پەسىل: «م» (مىم) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مداد

(سىياھ)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەنە «ھىبىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «مۇرەككەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر، ئۇنىڭ تۈرلىرى قارابادىن كەبىردە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئۇ تېۋىپلارنىڭ قارىشىدا يالغۇز ئېيتىلسا زىغىر يېغى قۇيۇنى، ئەرەب يېلىمى ۋە تېرە يېلىمى، سېرىق زاك ۋە موزىدىن تەييارلانغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ناھايىتى قارا، پارقىراق، يېنىك بولغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر، ئۇ ھىندىستان سىياھىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتۇر، ئۇ فۇپەل دەرىخىنىڭ قىسمىلىرىدىن تەييارلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يالغۇز موزىدىن تەييارلىنىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچىدۇر. بولۇپمۇ ھىندىستان سىياھىنىڭ مەزكۇر خۇسۇسىيىتى ئارتۇقتۇر.

باش، پەي ـ نېرۋا ۋە باشقا كېسەللىكلىرى: ھىندىستان سىياھىنى بۇرۇنغا پۈركۈسە ۋە پېشانىگە سۈركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. مەلھەم قىلسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ئەزالارنىڭ سۇسلۇقىغا داۋا بولىدۇ. تاپانغا سۈركىسە تەپلەرنىڭ ھارارىتىنى تارقىتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا چېپىلسا تارقىتىدۇ. ھىندىستان سىياھىنىڭ باشقىسى چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. سىركە، سۇ بىلەن بىرلىكتە ياكى يالغۇز چېپىلسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. شۇنداقلا قىرۇتى بىلەن ئىشلىتىلىشىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما ئۇنى سۈركەپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇۋەتمەسلىك، بەلكى ئۆزى يوقالغۇچە قويۇش لازىم. زاك قوشۇلغىنى چىرىگەن يارىلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇن گىرام سىياھ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدىكەن.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مۇرر
(مۇرمەككى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مەرر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىمچە «ئەئىرۇئولىتۇس»، سۇريانچە «مەرادكەبا»، يۇنانچە «سەمۇنا»، ھىندىچە «بول» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەغرىب، رىم شەھەرلىرى ۋە سوقۇترە ئاراللىدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى ياكى سۇتىدۇر. مەزكۇر دەرەخ ناھايىتى ئېگىز، كۆركەم ۋە شوخ ئۆسىدىغان بولۇپ، بوغۇملۇق بولىدۇ، بوغۇملىرى قومۇشنىڭ بوغۇملىرىغا ئوخشايدۇ، پۇتەي، يەنى ئىچى توشۇق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن نەيزە ياسىلىدىغان بولۇپ، قومۇش نەيزە دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئاچچىقتۇر. بەزىلەر «مۇرران» (ئاچچىق دەرەخ) دەرىخى بىلەن «مالىيا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ ئوخشاش دەيدۇ، بۇ سۆز توغرىراقتۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسىرلىرى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا «مۇرران» (ئاچچىق دەرەخ) دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ «قەرانىيا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەختىن ئىبارەت ئىكەن. ئەمما بۇ قاراشنىڭ ئاساسى يوقتۇر، چۈنكى، «مۇرران» (ئاچچىق دەرەخ)نىڭ يوپۇرمىقى ئۈجمە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، «قەرانىيا»دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى

بولسا تۇرۇنجى دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، دەرىخى بەك چوڭ ئۆسمەيدۇ، «قەرانىيا» دەرىخىنىڭ مېۋىسى لەززەتلىك بولىدۇ، «مۇرران» (ئاچچىق دەرەخ)نىڭ مېۋىسىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ناھايىتى قىرتاق بولۇپ، لەززەتلىك ئەمەس، ئۇنىڭ دەرىخى خۇددى «قەرت» (تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ بىر تۈرى) دەرىخىگە ئوخشاش تىكەنلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمى بىرقانچە ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىدۇ. دەرەخ غولىغا تىغ ئۇرۇپ، ئاستىغا بورا ياكى مۇۋاپىق قاچا قويۇپ ئاقتۇرۇپ قاتۇرۇپ تەييارلانغىنى ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، قېتىشتىن ئىلگىرى ئاق، قاتقاندىن كېيىن رەڭدار بولىدۇ، ئۇ مۇرساق (ساپ مۇرمەككى) دەپ ئاتىلىدۇ. دەرەخ غولىدىن يېلىمغا ئوخشاش تەپچىرەپ چىقىپ قاتقاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغانلىرى ياخشى - يامانلىق جەھەتتە ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان بولۇپ، رەڭگى سېرىق بولىدۇ، ئۇ «مۇررۇل بەتارىخ» دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىخىنىڭ ئاستىدا يېلىمى بولغان قوۋزىقى سىقىلىپ سۈيى چىقىرىپ قۇرۇتۇپ ياكى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ سۈيى تاكى قويۇلۇپ قاتقۇچە قاينىتىپ تەييارلانغىنى «مىئە سائىلە»، «مۇر ھەبەشى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھەممىسىنىڭ ناچىرى بولۇپ، رەڭگى قارا بولىدۇ.

ھەممىسىنىڭ ياخشىسى ۋە تاللىنىدىغىنى ياغاچ، شېغىل تاش ئارىلاشمىغان، يەڭگىل، چۈرۈك، خۇش پۇراق، ناھايىتى ئاچچىق، بەدتەم، سىرتى ئاق - قىزىلغا مايىل، سۇندۇرسا ئىچى ئاق، سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىنغان تىرناققا ئوخشاش بولغانلىرىدۇر. يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى ناچار بولۇپ، ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئۇ ئەرەب يېلىمىنى ئەسلىي مۇرمەككىنىڭ سۈيى بىلەن قاينىتىش، بەزىدە رەڭگى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان، ئەمما تەمى ئۆتكۈر، پۇرىقى يامان بولغان «فاسىس» دەپ ئاتىلىدىغان ھالاك قىلغۇچى زەھەرلىك سۇتلۇكئوت سۈتى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ.

**تەبىئتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپمۇ قارالغان.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچى، غىدىقلىماي قورۇغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىچىنى سۈرگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرغۇچى، يەللەر ۋە بەلغەمدىن بولغان سوغۇق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇ پايدىسى چوڭ ئۇلۇغ دورىلاردىن بولۇپ، چوڭ نۇسخىلارغا قوشۇلىدۇ. خىلتلارنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكى ھۆكۈمالار مېيىتلارنى قۇرۇتۇش، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرتۈش، چىرىشى، بۇزۇلۇشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە جەسەتلەرگە سۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ «ئەقلىيتا» دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنگىنىنىڭ قۇرۇتۇش، پىشۇرۇش، يۇمشىتىش قۇۋۋىتى باشقىلىرىنىڭ شۇ قۇۋۋىتىدىن ياخشىراق ئىكەن.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا پۈركەلسە مېڭىنى تازىلايدۇ، مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن پۈركەلسە نەزلە سۇيۇقلۇقلىرى چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يالپۇز سۈيى بىلەن پۈركەلسە بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، ئەمما ئىسسىتىلغان بولۇشى لازىم. ئۇنى قويۇق سىركە بىلەن ئېرىتىپ باشقا تۆكسە ئىككى چېكە ئاغرىقى ۋە سەۋەبى مەلۇم بولمىغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن بىرلىكتە قۇش پېيى ئارقىلىق بۇرۇنغا تېمىتىلسا كونا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىپىلسە باشتىكى يارىلار ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يارىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇرۇتىدۇ. زىرە كېرمانى ۋە كالا يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلسا باشتىكى ھۆل يارىلارنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. كۈندۈر بىلەن زىمات قىلسا باشتىكى تۈرلۈك يارىلار ۋە مۇدۇرلارنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، تېز تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئەپيۇن، مامىسا، قۇندۇزقەھرى ئارىلاشتۇرۇپ پىلتە ئۇنىڭغا مىلىنىپ قۇلاققا سېلىنسا كىرى ۋە يىرىڭىنى تازىلايدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلىرى ۋە يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇ ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئېرىتىلگەن زەمچە ئېرىتمىسى بىلەن ياكى ھەلىيۇن يىلتىزى ۋە ئاز مىقداردىكى زەنگار قايناتمىسى بىلەن ئېرىتىلىپ ئېغىز چايقىسا ئېغىزدىكى چىرىگەن يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئەنسىل سىركىسى بىلەن ئېرىتىپ ئېغىز ھەر كۈنى چايقىسا چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، بەتبۇيىنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئېغىزغا سېلىپ شوراپ سۈيىنى يۇتسىمۇ گالنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى قويۇق ئىزلار، ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنىڭ قاراڭغۇلىشىشىغا شىپا بولىدۇ. قاپاقنىڭ يىرىكلىشىشىگە داۋا بولىدۇ، كۆزدىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ، كۆزدىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۇنى يوقىتىدۇ، چۈشمىگەن بولسا ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ زەپەر يىلتىزى، زەرچىۋە قايناتمىلغان سۇ ياكى بورا قومۇشى يىلتىزى ياكى ئۆستەڭ پىنىنىسى سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۇنى يوقىتىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ يېزىشىچە ئۇنىڭ سۈتلۈكئوتنىڭ سۈتى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلغىنى ئاياللارنىڭ سۈتى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، كۆزگە چۈشكەن نېپىز ئاقنى يوقىتىدۇ. لالىئوت سۈيى ۋە مۇرچ بىلەن ئىشلىتىلسە

كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشىغا، شۈمشا سۈيى ۋە گۈلاب بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز يارىسىغا، مۈرد سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز ياشانغىراش ۋە قاپاق قوتۇرىغا، جىغان ياكى لاله سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆزگە ئاق چۈشۈشكە، گۈلاب بىلەن ئىشلىتىلسە يىڭناسقۇغا، تۇرۇپ سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قانغا شىپا بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنى كۆز كېسەللىكلىرىگە، بولۇپمۇ كۆز ئاغرىقىغا ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئاياللارنىڭ سۈتى، ئېشەك سۈتى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىسا كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، نەپەس قىيىنلىشىش، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، بىقىن ئاغرىقى، كۆكرەك ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ساپ بولغىنى ئاشقازان ساڭگىلاشقا داۋا بولىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى تازىلايدۇ، يەل، بالىياتقۇدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، ئىچنى بوشىتىدۇ، سېرىقسۇ ۋە بەلغەمنى سۈرىدۇ. ئۈچەي يارىلىرى، ئۈچەي زەخىملىنىش، يەل ۋە بەلغەمدىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. تۇرلۇك مەددە قۇرت، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە ۋە ھامىلە چۈشۈرىدۇ. توختىغان سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىلىپ قالغان ئېغىزىنى ئاچىدۇ، بولۇپمۇ سۇزاپ، ئەپسەنتىن سۈيى، تىرمىس سۈيى ياكى راسەن سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە بالىياتقۇ ۋە ئۈچەينىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مەزكۇر سۇلار بىلەن بىرلىكتە ھۆقنە قىلىسىمۇ بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. نەئناد سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئېغىزنى خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدە ئولتۇرسا ۋە شاراب بىلەن ھەمەلچە قىلىپ پەرجىگە قويسا ھامىلىنى تېز چۈشۈرىدۇ. كۇندۇر، زەپەر ۋە ئەپيۇن بىلەن مەقئەتكە قويسا ھۆللۈكتىن بولغان تولغاقىقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ تالقىنىنى بەرگى مۈرد بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەلچە قىلىسا بالىياتقۇنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنى «زەيتى رىكابى» دەپ ئاتىلىدىغان زەيتى فەلەستىنى (زەيتۇن يېغىنىڭ بىر تۈرى) بىلەن ئېرىتىپ ئوق پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈركىسە پۇتقا سۈركەلگەنلا بولسا جىمادا ئاجىزلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئۇ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىسا چىقىققا داۋا بولىدۇ. سىركە ۋە قىزىلچا سۈيى بىلەن زىمات قىلىسىمۇ ئۇدرە (يەل پۇرچاق) كېسەللىكى ۋە چىقىققا داۋا بولىدۇ، تال ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامىنى ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ئىستېمال قىلىسا بالىياتقۇدىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ.

تەپلەر: ئۇنىڭدىن بىر دانە باقىلە چوڭلۇقىدا ئېلىپ تىترەتكۈچى تەپ تۇتۇشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن ئىستېمال قىلسا تىترەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: مەلھەم قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، چاشقان يارىسىغا شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ تۇرۇپ سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: زىمات ۋە مەلھەم قىلسا چىرىگەن يارىلارنى تازىلايدۇ ۋە پۈتتۈرىدۇ، ئۈستىخانغا ياخشى گۆش ئۆندۈرىدۇ. يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاسراقلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشى بىلەن مەلھەم قىلسا يارىلارنىڭ ئۆلۈك گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ. پەيلەر ۋە كۆمۈرچەكلەرنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىدۇ، گۆشى يالىڭاچلانغان ئۈستىخانغا گۆش ئۆندۈرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە، گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا يارىلاشقان قوتۇر ۋە قىچىشقاقا داۋا بولىدۇ. تالقان قىلىپ سېپىلسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئەزا ئاۋۋال پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ ئۈستىدىن سېپىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: شاراب، لازەن ۋە رەۋغىنى مۇرد بىلەن زىمات قىلسا چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تۇرۇپ سۈيى بىلەن زىمات قىلسا بەھەقكە شىپا بولىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، تېرە ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. قىلىن دارچىن، ئەنسىل پىيزى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا ئېغىز يارىسى، سۆگەل ۋە داغقا شىپا بولىدۇ. زەمچە بىلەن مەلھەم قىلسا قولتۇق ۋە يىرىقلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. تۇرۇنجى سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسا تەمرەتكە ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى: ئىستېمال ۋە زىمات قىلسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىرقۇننىسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. يۇمغاقسۇت، ھۆل كەرەپشە سۈيى، زەيتۇن يېغى ياكى سىركە بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىپ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە سۇنغان ئۈستىخانلارنى تۇتتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. پۇرسا ئۇخلىتىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ باشنى قايدۇرىدۇ. باش ئاغرىقنى، بولۇپمۇ ئادەتلەنگەن باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر باقىلە چوڭلۇقىدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاچچىق بادام يېلىمى. جالىنۇسنىڭ قارىشىدا قەسىبۇ زىيان ۋە باراۋەر مىقداردا ئاچچىق قۇستەدۇر. بەزىلەر مۇمىيا، قۇندۇزقەھرى، مۇرچ قاتارلىقلار كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنباسار قىلىسا بولىدۇ، دەيدۇ.

ئۇنىڭ كۇندۇر قۇيۇنغا ئوخشاش ئېلىنىغان قۇيۇنىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى مۇر مەككىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇچۇچانراق، قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى كۇچلۇكرەكتۇر.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، كىرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، ئەفئا يىلىنى ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. مېۋىسى خام كېكىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۇزۇلسە ياكى كۆيدۇرۇلۇپ سېپىلسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۇرۇلگەن قوۋزىقى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىسا يارىلاشقان قوتۇرنى ساقايتىدۇ، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بۇرۇنغا پۇركۇسە قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىسا ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۇرۇلگىنى كۆيدۇرۇلگەن پىرسىياۋشان بىلەن زىمات قىلىسا چاچنى ئۇزارتىدۇ. ياغىچىنىڭ ھەرىدەلگەن كېپىكىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. «مالىي» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر.

## مۇررار
### (يانتاق ئۇرۇقىدىشى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۇملۇك بولۇپ، باھار پەسلىنىڭ ئاخىرى، ياز پەسلىنىڭ بېشىدا ئۆسىدۇ. مىسىردا «مەرىير» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، شۇ يەردىكى تېۋىپلار ئۇنى ئاق تىكەن ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، چۈنكى تەسىرى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەكىر دىيارىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئەزرودويە» دەپ ئاتىشىدۇ. يوپۇرمىقى قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش قارا بولىدۇ. يەرگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. يازدا ئۇنىڭ يىلتىزىدىن خۇددى دەرەخكە ئوخشاش كۆپلىگەن شاخلار ئۆسۇپ چىقىدۇ. گۇلى سېرىق بولۇپ، توزۇيدىغان مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئاق تىكەنگە ئوخشاش تىكەنلىك بولىدۇ. گۇلىنىڭ ئىچىدىن خۇددى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇرۇق چىقىدۇ، تەمى ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. غولى قوۋزىقى سويۇۋېتىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە قوۋزىقىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى گۆش بىلەن پىشۇرۇپمۇ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇ ئېتىزلىقلار ۋە نەم يەرلەردە كۆپ ئۆسىدۇ. تۆگە

ئۇنى ئوتلىسا سەمرىيدۇ، ئۇنى سەمرىتىشتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە بىر نەرسە يوقتۇر، شۇڭلاشقا ئۇنى «شەۋكۇل جمال» (تۆگە تىكىنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: زىمات قىلسا كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ياكى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 30 گىرام ئىستېمال قىلسا ئۆپكە كېسەللىكلىرى، كونا بىقىن ئاغرىقى، جىگەر ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قوتۇر، قىچىشقاققا شىپا بولىدۇ. قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ساپلاشتۇرىدۇ. كونا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. نانخا ۋە سالايە قىلىنغان شېشە (كان ماددىسى) بىلەن ئىشلىتىلسە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭ ئۈچ دانە ئۇرۇقى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، سۈيىدىن 30 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مىرارە
(ئۆت خالتىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۆپلۈك شەكلى «مىرارات» (ئۆت خالتىلىرى)دۇر، كۆپلۈكى «مىرارىر» شەكلىدىمۇ كەلگەن. پارسچە «زەھرە»، ھىندىچە «پەتتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئۇ نەزەرىيە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان روللىرىنى ئۆتەش ئۈچۈن جىگەردە پەيدا بولغان سەپرانى زاپاس ساقلاش يۈزىسىدىن جانلىقلارنىڭ تېنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇرەككەپ ئەزالارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئىككى يولى باردۇر، بىرى، جىگەردىن ئۆت تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، جىگەردىكى سەپرانىڭ ئۇنىڭغا كېلىشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر. يەنە بىرى، ئۆت خالتىسىدىن ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە سوزۇلغان بولۇپ، سەپرانىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تازىلىنىشى ۋە يۇيۇلۇشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر.

ھەربىر ھايۋاننىڭ ئۆتى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە

ئىلگىرى بايان قىلىنمىغانلىرى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ. تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئۆتلىرى ئىچىدە كالا ئۆتى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا خوراز ئۆتى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆچكە ئۆتى، ئۇنىڭدىن قالسا قوي ئۆتى كۈچلۈكتۇر. قۇشلارنىڭ ئۆتلىرى ئىچىدە ئەڭ بىخەتەر بولغىنى خوراز، مېكىيان توخۇ ۋە كەكلىك ئۆتىدۇر. چارۋىلارنىڭ ئۆتلىرىگە نىسبەتەن قۇشلارنىڭ ئۆتلىرى كۈچلۈكرەكتۇر. يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۆتلىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. كارپ بېلىقى، چايان بېلىق ۋە تاشپاقا ئۆتى تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئۆتلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۆتلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى چوشقا ئۆتىدۇر. ئۆتلەرنىڭ ھەربىرى ھايۋاننىڭ ئەركەك ـ چىشىلىقى ۋە ئاچ ـ توقلۇقى، ئۇسسىغان ـ ئۇسسىمىغانلىقى، ياۋايى ياكى يەرلىكلىكى، چېنىقىشى، چارچىشى، يۈگۈرۈشى، مېڭىشى ۋە ئۇچۇشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، ئارام ئېلىشى، بىر يەرگە باغلانغانلىقى، قەپەسكە سولانغانلىقى، ئىسسىق ياكى سوغۇق نەرسىلەر بىلەن بېقىلغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۈرلۈك ھەر خىل بولىدۇ. چۈنكى ئەركەك ھايۋاننىڭ قورسىقى توق، ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا، يۈگۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزىتقۇچى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئېلىنغان ئۆتى قۇرۇق ئىسسىقراق، ئۆتكۈررەك، چىشى ياكى ئاختا قىلىنغان ھايۋاننىڭ ئۆتىگە قارىغاندا، كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ھايۋان يۇقىرىقى ئامىللارغا قارشى بولغان سوۋۇتقۇچى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ئېلىنغان ئۆتلەرنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەنرەك، ئاجىزراق بولىدۇ. ھەرقايسى بېلىقلارنىڭ ئۆتلىرى ئۆتكۈر، كۈچلۈك بولىدۇ، بولۇپمۇ كارپ بېلىقىنىڭ ئۆتى كۈچلۈك بولۇپ، زەھەرلىكتۇر. يىلاننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىڭ ئۆتلىرى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر.

ئۆتلەرنىڭ ياخشىسى ئومۇمەن قىزىلغا مايىل، تەبىئىي رەڭدە بولغانلىرىدۇر. ھەممىدىن يامىنى زەڭگار رەڭ، قارامتۇل قىزىل بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، جۇلا بەرگۈچى، كۈچلۈك سىڭىشچانلىقتا ئىگىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئېيىق ئۆتى قۇلاققا تېمىتىلسا ئۇنىڭ يېغى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. تاپخور قۇش ئۆتى زەيتۇن يېغى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. نىبىت كۈدىسى سۈيى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاق غوڭۇلداش ۋە قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقىغا شىپا بولىدۇ. كالا ئۆتىگە توغرىغۇ ۋە قىيمۇلىيا لېيى ئارىلاشتۇرۇپ باش يۇيۇلسا باش تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. تاشپاقا ئۆتى سۈركىسە باللاردا كۆرۈلىدىغان يامان يارىغا شىپا بولىدۇ. يەرلىك ئۆردەك ئۆتى دۇغ بىلەن ئېرىتىلىپ كېسەللەنگەن تەرەپتىكى بۇرۇنغا تېمىتىلسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۆتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى

سۈنى يوقىتىدۇ، نۇر يىغالماسلىققا شىپا بولىدۇ. تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن كېيىك، ئەركەك تاغ قويى ئۆتى، كەكلىك ۋە كارپ بېلىقى ئۆتى كۆز تورلىشىشقا داۋا بولىدۇ. بۆرە ئۆتى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. بۇقا ئۆتى ئارپىبەديان سۈيى بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. خوراز، مېكىيان، قاغا، قارچىغا، ئۆردەك، لەيلەك قۇش، ئېيىق، چوشقا، گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئۆتلىرى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كېيىك، ئېشەك ئۆتى يېغى كالا يېغى بىلەن بىرلىكتە ناشتىدا مۇنچىدا يالانسا كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. بۇقا ئۆتى ھەسەل بىلەن يالانسا بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. تاشپاقا ئۆتىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كالا ئۆتى ئىستېمال قىلسا تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆتى ئىچنى سۈرىدۇ، ھەتتا چوشقىنىڭ ئۆتى كىندىككە سۈركىسە ياكى پاختىغا ئىچۈرۈلۈپ مەقئەتكە سېلىنسىمۇ ئىچنى سۈرىدۇ. بۇقا ئۆتى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا مەقئەت يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ. ئۇ تۆكۈلسە بالىياتقۇ، ئۈرۈقدان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قوۋۇرغا ئارىلىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆتى بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ. كىرپە ئۆتىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى موم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۈشۈكياپىلاق ئۆتى يۇلغۇن ياغىچى بىلەن ئىستېمال قىلسا سىيىپ يېتىشقا شىپا بولىدۇ. قارا توخۇ ئۆتى ئەرلەرنىڭ سۈيدۈك يولىغا سۈركىسە ئاياللارنىڭ جىما لەززىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە بولغان مۇھەببىتىنى زىيادە قىلىدۇ. قۇشقاچ ئۆتى ئاقىرقەرھا، ئاز مىقداردىكى سىماب بىلەن بىرلىكتە يىرىق، زەكەر ۋە يوتىغا سۈركىسە زەكەرنىڭ قوزغىلىشىنى كۈچەيتىدۇ. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، قوزغىلىشىنىڭ دەستىدىن پۈتىنى يەرگە قويالمايدىكەن.

زەھەرلىنىشلەر: تىكەن ئۆتى سۈركىسە زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنىڭ چېقىۋالغان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بۇقا ئۆتىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: ياۋا ئېشەك ئۆتى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۆگەلگە سۈركىسە ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. قىزىل كېسەللىكنىڭ مەلھەملىرىگە قوشۇلىدۇ. شىر ئۆتى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ. چاشقان يارىسىغا سۈركىسە شىپا بولىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: بۆرە ئۆتى چېپىلسا پەيلەرنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. قىش پەسلىدە تەشەننۇج ۋە تىتانۇسنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېكە ئۆتى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ،

كۆچلۈك ئۆتلەرنى قوشۇش زۆرۈر بولغان مەلھەملەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلسە چوڭ يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەر قانداق ھايۋاننىڭ ئۆتى توغرىغۇ، راتىيانەج ۋە تىينى قىيمۇلىيا بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ چىپىلسا يارىلاشقان قوتۇرغا شىپا بولىدۇ. كالا ئۆتى قاتتىق ئاغرىقلارنى قايتۇرىدۇ. كۆيدۈرگەندىن پەيدا بولغان جاراھەتتىن باشقا ھەرقانداق جاراھەتكە پايدا قىلىدۇ.

## مۇرران
(ئاچچىق دەرەخ)

**ماھىيتى:** ئۇ ئەرەب زېمىنىدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ھەممە قىسمى ئاچچىق، ياغىچى قاتتىق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى ياكى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن ئۈچ گىرام مىقداردا ئېلىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەفئى يىلىنى چاققان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ قالغىنى مۇرمەككىدە بايان قىلىندى. بەزىلەر خۇددى ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنى مۇرمەككى دەرىخىنىڭ ئۆزى دەپ بىلىدۇ.

## مۇربافەلۇن
(مىڭيوپۇرماق)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، مىڭيوپۇرماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ھۇزۇنبۇل (مىڭيوپۇرماق)تىن ئىبارەت بولۇپ، «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

## مەرجان
(مارجان)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر، ھىندىچە «مونگە» دەپ ئاتىلىدۇ، «مەرجان»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ دەرەخ غولى ۋە شاخلىرىغا ئوخشايدىغان تاشسىمان جىسىمدىن ئىبارەت. ئۇ قىزىل، ئاق، قارا رەڭلەردە بولىدىغان بولۇپ، يەمەن دېڭىزى ئاستىدا يەردىن بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ھالەتتە ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرماقسىز، مېۋىسىز شاخلىرى بولىدۇ. پارچىلىرىنىڭ ياخشىسى چوڭ، قىزىل، رەڭدار، پارقىراق، ئارىلاشمىسىز،

تۆشۈكسىز، بوغۇملىرى ئاز بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىقىنىڭ مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىدۇر. قارىسى ناچاردۇر. ئۇ زېمىنغا مەنسۇپ ھەر خىل ئۇچۇچان تەركىبلەرنىڭ مەزكۇر دېڭىز ئاستى ۋە ئۇ يەردىكى تاشلارنىڭ ئارىسىدا توختاپ قالغان بۇخاراتلاردىن ھاسىل بولغان سۇ ۋە ھاۋا بىلەن ئارىلىشىشى ۋە ئۇلارغا قۇياش نۇرى ھەم يۇلتۇزلارنىڭ تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ زورايغان، بۇسلار كۆپەيگەن ۋاقىتتا يېرىقلار، تاش ۋە يەر ئارىلىقلىرىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ خۇددى ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخكە ئوخشاش شەكىل ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇس تەركىبلىرى تارقاپ كېتىپ تاشلىشىدۇ ۋە خۇددى تاشقا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇ تۇلىس ۋە ئەندەلۇس دېڭىزلىرىدا يېتىشىدۇ. دېڭىز تېگى چوڭقۇر بولسا قوغۇشۇنغا ئوخشاش ھەر خىل ئېغىر نەرسىلەر بېلىقچىنىڭ خاس ئۇسكۇنىلىرىگە باغلىنىپ دېڭىزنىڭ تېگىگە تاشلىنىدۇ ۋە ئۇيان ـ بۇيان ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ئىلىندۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچ بىلەن تارتىپ سۇندۇرۇپ سۆرەپ چىقىرىلىدۇ. سۇنىڭ تېگى چوڭقۇر بولمىسا غەۋۋاسلار سۇ تېگىگە چۆكۈپ شۇڭغۇپ چۇشۇپ ئارغامچا بىلەن باغلاپ سۇندۇرۇپ سۇزۇپ ئېلىپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق دەيدۇ. قارىسى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئىستېمال قىلسا قورۇيدۇ، قۇرۇتىدۇ، سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ، ئۈچ گىرامى ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئاشقازانغا ئىسسىپ قويسا ئۇنىڭ ھەممە ئىللەتلىرىگە خاسىيىتى بىلەن شىپا بولىدۇ. بالىلارغا ئېسىپ قويسا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىدا چۆچۈشى ۋە قورقۇشىنى توگىتىدۇ. قالغان تەسىرلىرى بىخ مارجاننىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «ب» (بائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدى.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى، سۇفۇپلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## مۇردارسەنج
(مەدەستان)

ئۇ پارسچە «مۇرداسەنگ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. يۇنانچە «لىيدۇخورس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تۆمۈردىن باشقا كان مەھسۇلاتلىرىدىن ياسىلىدىغان تاشسىمان ماددا بولۇپ، كۆپرەك قەلەي بىلەن قوغۇشۇننى كۆيدۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. ئالتۇندىن تەييارلانغىنى قىزىل، كۈمۈشتىن تەييارلانغىنى بىنەپشە رەڭ، قوغۇشۇندىن تەييارلانغىنى قىزىل، سېرىققا مايىل بولىدۇ. ياخشىسى سۇزۇك، سېرىق، پارقىراق، ئېغىر بولغانلىرىدۇر.

ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللاردا تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن

بىلەن ئۇسرەنجىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ كۆيدۈرۈپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىغا تۆكۈپ ئۈستىدىن ئۆتكۈر سىركە تۆكۈلىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى كۆيگەن ۋە ئۆزلەشكەنلىرى ئايرىۋېلىنىپ سۇ ۋە ئارپا بىلەن تاكى ئارپا يۇمشاق، ئېتىلىپ پىشقۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارپىدىن ئايرىپ باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن سالايە قىلىپ سۇغا چىلىنىدۇ ھەمدە ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. سۇيى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. شۇ يوسۇندا تۆت قېتىم مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىپ خام قىسمى پەقەت قالمىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئاقارتىش مەقسەت قىلىسا ئاق يۇڭغا ئوراپ باقىلە سۇيى بىلەن قاينىتىلىدۇ، باقىلە يۇمشاق پىشقان، يۇڭ قارىدىغاندا باقىلە سۇيى بىلەن يۇڭ يېڭىلىنىپ ئاقارغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇ «مەرتەك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەزانى قارايتمايدىغانلىقى ئۈچۈن مەلھەملەر ۋە سەپمىلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇلغىنى يۇيۇلمىغىنىغا قارىغاندا، نازۇكراق، ئۆتكۈرلۈكى كەمرەك بولىدۇ.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، زۆرۈر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ، ئۈستىدىن تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا سۇ ۋە مۇردارسەڭگى باراۋىرىدە تۇز قويۇپ 40 كۈنگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ھەر تۆت كۈندە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، سۇيى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇيى تۆكۈۋېتىلىپ قۇرۇتۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تۇز مۇدەستان باراۋىرىدە بولۇشى لازىم. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە يۇسىمۇ ئاقىرىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق دەپ قارىلىدۇ. يۇيۇلغىنى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، مەرتەك دەپ ئاتىلىدىغان ئاقارتىلغىنى ئۇچۇچانراق ۋە قۇۋۋەتلىكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئۆلتۈرگۈچى زەھەر بولۇپ، ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇ تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى، چاپلاشتۇرغۇچى، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى، ماددىلارنى توختاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ئارتۇق، بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ ئورنىغا ياخشى گۆش ئۈندۈرگۈچى، چوڭقۇر زەخىملەرنى پۈتتۈرگۈچىدۇر. ئۇ مەلھەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەركىبىدۇر. دورىلارنى يىغقۇچى، كۈچلۈك تارقاتقۇچى دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، بۇزۇلغان، چىرىگەن گۆشلەرنى يېگۈچىدۇر. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، سىركىگە قوشۇلسا تاتلىق قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: يۇيۇلغىنى تازىلىغۇچى، جۇلا بەرگۈچى سۇرمىلەرگە قوشۇلسا قاپاق ياللۇغى، قاپاق قوتۇرى، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، كۆز يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «ئەلقانۇن»نىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا «ئۇ ئىستېمال قىلىسا سۈيدۈك توختىتىدۇ، شەھىرىمىزدىكى ئايالار ئۇنى ئۇچەي يارىسى ۋە ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش

ئۈچۈن بالىلارغا ئىستېمال قىلغۇزىدۇ» دەپ يازغان. مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابتا « دارۇل مىرزى شەھرىدە مەددە قۇرتنى چۇشۇرۇش ئۈچۈن سۈت بىلەن بىرىلىپ ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، قۇرت چۈشمىگۈچە ئارام ئېلىش چەكلىنىدۇ» دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى يوقىتىشتا تەڭداشسىزدۇر. ئەمىنۇد دەۋلە ئۇنىڭ ئاقارتىلغىنىدىن 5.1 گىرام ئېلىپ، گۇلاب بىلەن ئىشلىتىلسە ئاشقازاندىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدىغانلىقىنى، سىناقتىن ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلغان. كىلىزمىلارغا قوشۇلسا يارا ۋە زەخمە سەۋەبىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: مەلھەم قىلسا يارىلارنىڭ بۇزۇق گۆشلىرىنى يوقىتىپ يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ھۆل يارىلارغا داۋا بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە يارىلارنى تازىلايدۇ. باراۋەر مىقداردىكى سېرىق گۈڭگۈرت، سىركە ۋە رەۋغىنى مۇرد بىلەن ئىشلىتىلسە تىلما ۋە سۇلۇق قاپارتمىلارغا داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئاقارتىلغىنى داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر ۋە چېچەككە داۋا بولىدۇ. تېرە ئاستىدا ئۈيۈپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئوت، سۇ كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۆتكۈر دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. قولتۇق ئاستى، يىرىققا ئوخشاش ئورۇنلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، تەر توختىتىدۇ، تېرە زەخمىسىگە شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ قىزىلگۈل يېغى ۋە گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە يۈرەك ئەتراپى ۋە قولتۇق ئاستىغا سۈركىسە ماددىلارنىڭ يۈرەككە كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىركە بىلەن سۈركىسە پىت يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن سالايە قىلىنغاندىن كېيىن قويۇلغۇچە قاينىتىپ مەلھەم قىلسا پۇت ـ قول يېرىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى بولىدۇ. ئاقارتىلمىغىنى ھاك بىلەن سۈركىسە تېرىنى قارايتىدۇ. سېپىلسە پۇت بارماقلىرى ئارىسى يارىسىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئالتە گىرامى سۈيدۈكنى تۇتۇش، قورساق ۋە ئىككى سۈيدۈك نەيچىسىنى كۆپۈشتۇرۇش، قۇلۇنجى پەيدا قىلىش، قورساقنى زىيادە ئاغرىتىش، نەپەسنى قىستاش، تىلنى تارتىشتۇرۇش، گالنى بوغۇش، بەزىدە ئۈچەينى يېرىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇستۇرۇش، سېرىقچېچەك، ئەنجۈر سۈيى بىلەن بەدەننى تازىلاش، 10 گىرام مۇرمەككىنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچۈرۈش، ئىسپىداج (شورپا)، ئىچۈرۈش، پاقلان گۆشى، قېرى خوراز شورپىسى، مايلىق گۆش شورپىسى، قارا شاراب سىركىسى ئىچۈرۈش، بەدەنگە تەرلەتكۈچى مەلھەملەر ۋە ياغلارنى سۈركەش، زەنجىۋىل مۇراببىاسى، ئەپسەنتىن، زۇپا، كەرەپشە ئۇرۇقى، مۇرچ، خېنە گۇلى ۋە سۇمبۇل ھىندى ئىستېمال قىلدۇرۇش، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئەپسەنتىن، مۇرمەككىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ 30 مىللىلىتىر كەرەپشە قايناتمىسى بىلەن مەلھەم قىلىشتۇر. چوڭ تەرەتتە قەۋزىيەت بولسا يەڭگىل كىلىزمىلار

بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەببى بىلەن مەلھەمى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## مەرزەنجۇش

ئۇ پارسچە «مەرزەنگۇش» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «سەرمەق»، «ئەنقەر»، ھىندىچە «دونا»، «مەرۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ «ئازانۇل فەئر» (چاشقانقۇلاق) ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر، چۈنكى يوپۇرمىقى قۇلاققا پەقەت ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاقتۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، باغچىلاردا تېرىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئۇچ غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى تارقاق ھالەتتە، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، سەل تار، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش، پارقىراق بولىدۇ. ئۇنى چاشقانقۇلاق دېگەنلەر ئاربلاشتۇرۇپ قويغانلاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بېشىدا قۇرۇقدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ سۆسەنبىر (چۆل رەيھىنى)دىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىچىلسە مېڭە، دىماق توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بەلغەم، سەۋدا ۋە يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىيا ۋە لەقۋاغا داۋا بولىدۇ. مېڭىدىكى يەللەر ۋە ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. پۇرىسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شارابنىڭ مەستلىكىنى يوقىتىدۇ، خۇمار بولۇشنى چەكلەيدۇ، دىماق توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىنى تازىلايدۇ، لەقۋا ۋە تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. خېنە بىلەن مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا سۈركىسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلانسا پەي ـ نېرۋىلارنىڭ پالەچ ۋە تىتانۇسقا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئۇنىڭغا چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۇنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. قۇرۇقى ھەسەل بىلەن چېيىلسا كۆز ئاستىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. چايناپ سۈيى يۇتۇلسا ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى قۇلاققا تۆكۈلسە ياكى تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا ياكى رەخت ئۇنىڭغا چۆكۈرۈپ قۇلاق تۆشۈكىگە سېلىنسا پۈتۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئىستېمال قىلىسا

خۇرسەن قىلىدۇ، كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يۆتەل، زىققە نەپەس، خەفقان ۋە يۈرەك ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ئىچكى ئەزالار ۋە ھەزىم ئەزالىرىنى قىزىتىدۇ، تال يېلىنى تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، قايناتمىلاردا 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەك ۋە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى.

**ئورۇنباسارى:** سۈسەنبەر ئۆسۈملۈكى، بەزىلەر ئەپسەنتىن بىلەن مەرماھۇز، ئىككى يېرىم ھەسسە مۇرچ، باراۋەر مىقداردا شابانەك(بىر خىل دورا) دۇر دېگەن.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: مەلھەم قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى، بەزرۇلبەنجى بىلەن مەلھەم قىلسا ئۇرۇقدان ياللۇغىنى قايتۇرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى: ياغ بىلەن ئېرىتىلگەن موم بىلەن چېپىلسا پەي تولغىنىش، ئۇچا، يىرىق ئاغرىقىغا، ھەسەل بىلەن چېپىلسا ماغدۇرسىزلىققا داۋا بولىدۇ، يېغى بىلەن ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا داغ يوقىتىدۇ، تەرنى خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ. لوڭقا قويۇلغان ئورۇنغا سۈركىسە زەخىم ئىزىنى يوقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سىركە بىلەن زىمات قىلسا چايان چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرۇش: ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. بۇلغانغان ھاۋانىڭ زىيىنىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى باراۋەر مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قايناتتىپ تەييارلانغان يېغى بىلەن ياغلىنىلسا پالەچ، لەقۋا، تىتانۇس، تىترىمە كېسەل، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا تۇسالغۇسىنى ئاچىدۇ، قۇلاقنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ.

## مەرەسەتۇس

(مەرەستۇس دەرىخى)

ئۇ نىبىتچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى چاچتەك ئىنچىكە بولۇپ، پۇرلەشكەن بولىدۇ. ئۈستىدە ھەسەلدەك شىلىمشىق سۈيۇقلۇق بار بولۇپ، ئۆتكۈر ئاچچىق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ مەزكۇر سۈيۇقلۇقى شاخلىرىنىڭ

سۇيۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلسا ئەفئا يىلىنى ۋە باشقا زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن شىخىنى كۆيدۈرۈپ ئۇن بىلەن مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا قوتۇرغا ئۈچ قېتىم سۈركىسە ساقايتىدۇ. چىشقا سىپىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ. زەخىملەرگە سىپىلسە ئىغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئۆزگە ئىسىۋالسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. سۇيىدىن 60 مىللىلىتىر ئىچىلسە ئىككى كۈندىن كېيىن ھالاك قىلىدۇ. «فەلاھەت» (دېھقانچىلىق) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، يوپۇرمىقى تىكىلسە دەرىخى ئۆسۈپ چىقىدىكەن. شىخى چاتىلىپ يەرگە كۆمۈلۈپ سۇغۇرۇلسا، 40 كۈندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەر مەدىكى ئۆسۈپ چىقىدىكەن.

## مەرئەزىي
(مەرئەز تىۋىتى)

ئۇ سۇريانچە ئىسىم بولۇپ، پارسچە «مەرئەز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۆچكە يۇڭىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تىۋىتتىن كۆپ يۇمشاق، كۆپ ھاللاردا ئاق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن رەخت توقۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيسە ھەرقانداق مىزاجلىق ئادەمگە ماس كېلىدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ بەدىنىنى قىزىتىدۇ. بەل، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ.

## مەرقەشىيشا
(چىرىمتال)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «مەرقەشىشا» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. «ھەجەرۇن نۇر» (نۇر تاش)، «ھەجەرى روشەنائى» (روشەن تاش) دەيمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش رولى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. ھىندىچە «سونا مەكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەغنىسا تېشىنىڭ ئەكسىچە پارقىرمايدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ئالتۇن كانىدىن چىققىنى (زەھەبى)، كۈمۈش كانىدىن چىققىنى(فىززىي) ، مىس كانىدىن چىققىنى (نۇھاسىي)، تۆمۈر كانىدىن چىققىنى(ھەدىيدىي) ۋە شەھەمىيدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ ۋە مەزكۇر مەدەنلەرنىڭ كانىدا ھاسىل بولىدۇ. ھەربىرى ئۆزى چىققان مەدەننىڭ رەڭگىدە بولۇپ، شۇنىڭغا تەۋە قىلىنىدۇ. ئۇ شۇ مەدەن بىلەن ئارىلاشقان ھالەتتە بولۇپ، ئارىلاشقان مەدەن ئۇنىڭدىن ئايرىۋېلىنىدۇ. ھەممىسىنىڭ كۈچلۈكى مىس كانىدىن

چىققىنىدۇر.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچى، قورساقنى ئەسكۈچى، قىزىتقۇچىدۇر. ئۇ زەھەرلىك بولۇپ، ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ياخشى سالايە قىلىنمىسا تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى كىچىك بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا چۆچۈمەيدىغان بولىدىكەن. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى ياكى كۆيدۈرۈلمىگىنى كۆزگە سۈركىسە تازىلايدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاستىدىكى يىرىڭنى تازىلايدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: ئۇ راتىيانەج بىلەن مەلھەم قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، تارقىتىش ۋە پىشۇرۇش رولى بار بولغاچقا تارقاتقۇچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: راتىيانەج بىلەن مەلھەم قىلسا يارىلارنى ساقايتىدۇ، زەرنىخ بىلەن زىمات قىلسا يارىلارنى تازىلايدۇ، ئارتۇق، بۇزۇق گۆشنى يەپ يوقىتىدۇ ۋە ئورنىغا ساق گۆش ئۈندۈرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى: مەلھەم قىلسا مۇسكۇللار ئارىسىغا يىغىلىۋالغان يىرىڭغا ئوخشاش ماددىنى تارقىتىدۇ.

زىنىنەتلەش تەسىرى: سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا ئاقكېسەل، بەھەق، سەپكۈن قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ، تېرە ئاستىدا تۇرۇپ قالغان ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ. چاچنى يۇمشاق، ئىنچىكە، بۇدۇر قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلۈپ يۇيۇلغىنى ئۇچۇچانراق، ھارارىتى كەمرەكتۇر.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ھەسەل بىلەن ملەپ رەختكە ئوراپ ئوتقا كۆمۈپ قىزارغۇچە كۆيدۈرۈلىدۇ، بەزىلەر ئۇنى تەكرار كۆيدۈرىدۇ.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى ئىقلىمىيا (مەدەن دېتى)نى يۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

مىسىر خەلقى ئۇنىڭ ساپلاشتۇرۇلغىنىنى ئىستىسقا، بوۋاسىر، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرى، يەرقان، مەنىي ئېقىش، ياشانغانلاردىكى جۇدەتكۈچى تەپلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىدۇ. ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىدۇ.

مىستىن بىر كىلوگىرام، رو تۇتىيادىن بىر كىلوگىرامنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا، قەلەيدىن بىر كىلوگىرامنىڭ سەككىزدىن بىرىنىڭ يېرىمىچىلىك مىقداردا، يۇمشاق سالايە قىلىنغان قىزىل شېغىل تاشتىن 200 گىرام ئېلىپ ھەممىسىنى بىرلىكتە ئېرىتىپ سوقۇپ، ئۇستىدىن بىر كىلوگىرامنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا سېرىق

سەنكىيا تالقىنى سېپىپ يەرگە سېپىلسە رەڭگى مەرقەشىشاغا ئوخشاش بولىدۇ.

## مەرماھۇز
(تاغ كەنۇچىسى)

ئۇ «مەرماھۇر» مۇ دېيىلگەن. پارسچە «مەرۋى خوش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغ كەنۇچىسى (مەرۋى جەبەلى) ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، غولى بىر غېرىچتىن ئۇزۇنراق، ياغاچلاشقان، قاتتىق، شاخلىرى ئۇزۇنچاق، يوپۇرمىقى يۇمىلاققا مايىل، ئۇزۇنچاقراق، رەڭگى قارا، كۆككە مايىل، خۇش پۇراق، ئاچچىق، سەل بەتتەم بولىدۇ. يوپۇرمىقى غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى زىغىر ئۇرۇقى غىلاپىغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. گۈلى قارامتۇل، سېرىققا مايىل بولىدۇ، تومۇز ئېيىدا پىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارتقۇچى، يەل پەسەيتكۈچى، ھەرقانداق يەردىكى بەلغەمدىن بولغان توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: شارابقا قوشۇلسا تېز مەست قىلىدۇ. پۇرسا مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، قايناتمىسى بىلەن ھوردىنىلسا مېڭىدىكى بۇخاراتلارنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ شىھ ئەرمىنىگە ئوخشايدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا سەۋدادىن بولغان خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە ئاجىز ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئاينىشنى پەسەيتىدۇ. ھەزىم ئەزالىرىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ھامىلدار ئاياللارنىڭ بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى تۆكۈلسە ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامغىچە، سۈيىدىن 30 مىللىلىترغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، ئۇسسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاس دەرىخى، سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق گۈللەر.

**ئورۇنباسارى:** بادرەنجبۇيا، مەرزەنجۇش، مەستىلىك ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئۆشنە، ئاز مىقداردا زەپەر.

مەرماھۇز (تاغ كەنۇچىسى)، مەرزەنجۇش، پەرەنجىمىشكى، رەيھان، بادرەنجبۇيا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرلىرى بىر - بىرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىر - بىرگە ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئاغرىقلار: ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى مۇنچىغا يېيىتىپ ئۇستىدە بەدىنىنى سوغۇق ئاغرىقلار، بەدىنى ۋە ئىچكى - تاشقى ئەزالىرىدا يەل بولغان كىشىلەر ئۇخلىسا شىپا بولىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە بىر دورا يوقتۇر.

## مەرمازاد
(مەرۋى ئازاد)

ئۇ پارسچە «مەرۋى ئازاد»، فىرانسۇزچە «ئەستاكىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر دانە غولى بولىدۇ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، چاڭگاك ئۆسۈملۈكى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. غولى تۈك بىلەن توشقان بولۇپ، تۈۋىدىن ئۇچىغىچە خۇددى ناھايىتى يۇمشاق پاختا ئوراپ قويۇلغاندەك مەلۇم بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭدە، ئۇششاق بولۇپ، غولىنىڭ تۈۋىدىن تاكى ئۇچىغىچە ناھايىتى ئۇششاق يوپۇرماقلار بىلەن بىرگە ئېچىلىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد (ئاللا ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن) «مەن كەمىنە فىرۇز كۇھدا ئۇنى تەكرار كۆرگەن ۋە يىغقان» دەپ يازغان.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق دەپ قارىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: ئۇ بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، جىگەر ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ.

## مەرماتۇس
(ياۋا كەنۇچە)

ئۇ پارسچە «دەرەنك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا كەنۇچە (مەرۋى بەررىي)دىن ئىبارەت. ئۇ «مەرماھۇس» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق كەنۇچىنىڭ بىر تۈرىدۇر. يوپۇرمىقى خۇبازى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، چىشلىق بولىدۇ، ھەممە تەسىرى مەرماھۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ تەسىرلىرىگە

بولىدۇ. سالايە قىلسا شارابنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. مەغرىبتىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئۈچ دانە ئېلىپ ئارپا چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلسا يۇرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. زىمات قىلسا بەلباغسىمان قوقاقتا داۋا بولىدۇ.

## مۇررى
(ئاچچىقسۇ)

«مەرارە» (ئاچچىق، ئۆت) دېگەن سۆزدىن تۇرلەنگەن ئەرەبچە سۆز بولۇشى مۇمكىن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «مەمرى» بولۇپ، يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر «م» قىسقارتىۋېتىلگەن، كۆپ ئىشلىتىش ئارقىلىق بىر «م» ھەرپى بىلەن ئېيتىلىپ مۇقىملاشقان ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ نىبىتچە سۆز ئىكەن. سۇريانچە «ئۇريا موريا»، رىمچە «كولوغورىس»، پارسچە «ئابكامە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قەدىمكى دورىلاردىن بولۇپ، كەلدانلىق تېۋىپلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ئىكەن. ئۇ ئەسلى ماتېرىيالى «ف» (فائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپىدە بايان قىلىنغان «فۇزەج» (خېمىرتۇرۇش)دۇر. ئۇنى تەييارلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئارپا ئۇنى بىلەن ياۋا پىننىنى يازدا يۇغۇرۇپ زۇۋۇلا قىلىپ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باراۋەر مىقداردىكى خېمىرتۇرۇش، باراۋەر مىقداردىكى تۇز، تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردا ئارپىبەدىيان بىلەن، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردىكى كەرەپشە ئۇرۇقى، دارچىن، قەلەمپۇر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسسىق ئاپتاپتا 20 كۈن قويۇلىدۇ، ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۈستىگە سۇ سېپىلىدۇ، بۇ تاكى قارىداپ چىرىغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن ئېرىتىپ سۈزۈلىدۇرۇپ سۈيى شېشە قاچىغا ئېلىپ بىرقانچە كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ ۋە ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى تەييارلاشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىمۇ بار بولۇپ، «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. ئىبنى ماسۇيە ئۇنىڭ بېلىق گۆشىدىن ياسالغىنىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارپا ئۇنىدىن تەييارلانغىنىغا قارىغاندا تۆۋەنرەك دەپ بىلگەن، ئۇنداق ئەمەستۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلتلارنى تازىلىغۇچى، بەلغەمنى تازىلىغۇچى،

قورساقنى بوشاتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرگۈچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: چېچەك چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆزگە سۈركىسە ياكى تېمىتىلسا سۇلۇق قاپارتما چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىققان بولسا يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا كىچىك تىل ۋە بادامبەزنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. مېڭىدىكى بەلغەملەرنى تارتىدۇ. تېتىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، تائام سىڭدۈرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، خام كېكىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مايلىق تائاملارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. قويۇق تائاملارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ. قولۇنجىغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. بوۋاسىرغا سەۋەب بولغۇچى شىلىمشىق خىلىتلارنى يوقىتىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يانپاش ئاغرىقى، ئىرقۇننىساغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا قولۇنجى، ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي زەخمىسى، يانپاش ئاغرىقى، ئىرقۇننىساغا داۋا بولىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ئۇنىڭ سۈيى تۆكۈلسە چىرىگەن يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. بېلىق گۆشى ۋە تۇزلۇق گۆشلەردىن تەييارلانغىنىمۇ يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى لوك بىلەن بىرلىكتە ئۇدا بىرقانچە كۈن ئىستېمال قىلسا بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

زەھەرلىنىشلەر: غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** نەپەس ئەزالىرى، يۆتەل، بوۋاسىر، قىچىشقاق، كالا تەمرەتكىسى، جوزام ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لوئابلار، مايلار، تاتلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، مۇنچىغا تەكرار چۈشۈشتۇر.

خەلق ئارىسىدا مۇررى ئورنىدا مەشھۇر بولغىنى فۇزەج (خېمىرتۇرۇش)، يەنى ئاچچىقسۇنىڭ سىركىدە ئېرىتىلگەن، ئاپتاپتا قويۇلۇپ پىشۇرۇلغان ماددىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ سۇرۇش قۇۋۋىتى ئاجىز، ئېچىش قۇۋۋىتى كۈچلۈكتۇر. ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ. كىلىزمىلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ، ئىسپاندا سىركە ئورنىدا سۈت بىلەن ئېرىتىلىدۇ، «كومە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان

قىلىنىدى.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مەزەز
(پىۋا)

ئۇ شارابنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مىسىردا ئارپا ۋە گۈرۈچتىن تەييارلايدۇ، پارسچە «بوزە» (پىۋا) دەپ ئاتىلىدۇ. «لوزە» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى، قارابادىن كەبىردىمۇ چۈشەندۈرۈلدى.

### مىزمارۇر رائى
(چوپان تايىقى، ياۋا كەشمىر)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ، يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. غولى ئىنچىكە، بوغۇمسىز، غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، ئۇستىدە شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا تۆۋرۈكسىمان باشقى بار بولۇپ، ئۇستىدە رەڭگى ئاق سېرىق، ئىنچىكە، خۇش پۇراق گۈلى بار. يىلتىزى قارا خەربەقكە ئوخشاش قارا، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ. ئۇرۇقى قىزىلگۈل ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ھۆل ئىسسىق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھەيز ھەيدىگۈچى، ئىچىنى تۇختاتقۇچىدۇر.

ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يالغۇز ياكى باراۋەر مىقداردىكى سەۋزە ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىسا ھېق تۇتۇش، قورساق ئاغرىقى، ئۇچەي يارىسى، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشى، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچسە جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، بۆرەك، دوۋساق تاشلىرىنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇق ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. زىمات قىلسا ھەزىم ئەزالىرىدىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

ئىششىقلار: ھۆلىنى زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى ۋە يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سۈيى بىلەن چاچنى يۇسا چاچنى ئۇزارتىدۇ. تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلسا بىر يىلغىچە پىت بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** يىلتىزىدىن ئالتە گىرامنى ئىستېمال قىلسا پاقىلار، دېڭىز توشقىنى زەھرى ۋە ئەپيۇن زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 10 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. قايناتمىلاردا 450 مىللىلىتىر سۇغا 15 گىرام قوشۇپ سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىچىنى سۇرۇش مەقسەت قىلسا تاتلىق نەرسىلەر بىلەن، ئىچىنى توختىتىش مەقسەت قىلسا شېكەرسىز نەرسىلەر بىلەن بېرىلىدۇ. سۈيى 30 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قامغاق.

**ئورۇنباسارى:** ئۆشنان.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مۇستەئجەلە

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر، بەزىلەر بوزىدان دېسە، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر سۆرۈنجان دەيدۇ. ئەنتاكىي ۋە باشقىلار ئۇنى لۇئبەئى بەربەرىي (بەربەر قونچىقى) دەپ ئاتىلىدىغان يىلتىزنىڭ تۈرلىرىدىن دەيدۇ. ئۇ بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن يىلتىزلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قاتتىق، تۆت قىرلىق بولىدۇ، يەنى ئۇنى بىر - بىرىدىن ئاجراتقاندا تۆت بۇرجەك شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى تاتلىق، قاتتىق، تۈزۈلۈشى ياخشى بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ مۇستەئجەلە (ئالدىرالغۇچى) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى باھنى تېز قۇۋۋەتلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەندەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇۋۋەتلەر، پەي - نېرۋىلار ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خىلىتلار بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، باھنى تېز قوزغىتىدۇ. زەكەرنى قاتۇرىدۇ، زەھەرلىنىشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلسا تەسىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.
**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** خېمىرى مايە.
ئاياللار ئۇنى بەدەننى سەمرىتىش ئۈچۈن ئاتىلا ۋە ئۇماچلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. سۆتكە سېپىپ بىر قېتىمدا 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىدۇ.

## مەسھۇقۇنىيا
(كۆپۈكى ئابگىينە)

ئۇ «مەسھەقۇنىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «كەفەكى ئابگىينە» (شىشە كۆپۈكى)، ئەرەبچە «مائۇز زەجاج» (شىشە سۈيى) دەپ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ شىشە، سۇرمە تېشى، ئىقلىمىيا (مېتاللار دېتى)، راسەخت قاتارلىقلارنى سالايە قىلىپ قايىنىتىپ ھاك، قەلەي سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ سەمغى بىلات (چىنە خىش يىلىمى) قوشۇلۇپ ئۇيۇغىچە قايىنىتىپ تەييارلانغان تاشلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە شىشىنى ئېرىتكەندە ئۈستىگە ئۆرلىگەن كۆپۈكنىمۇ كۆرسىتىدۇ، ئۇ توغرىغۇغا ئوخشايدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر بولۇپ، جۇلا بېرىش تەسىرىگە ئىگە.
كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، قاپاق گىرۋىكى ياللۇغى، قاپاق مايلىق ئۆسمىسى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. چىشقا سېپىلسە چىشنى ئاقارتىدۇ.
جاراھەتلەر، يارىلار ۋە مۇدۇرلار: يالغۇز سېپىلسە ياكى مۇناسىۋەتلىك مەلھەملەر بىلەن چېپىلسا كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. يىرىڭلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مۇنچىدا سۈركىسە بەدەننىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ.
**زىيانلىق تەسرى:** ئىستېمال قىلسا زەھەرلەپ ھالاك قىلىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** ئاق شىشە (كان ماددىسى)دۇر.

## مىسك
(ئىپار)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مىشك»، سۇريانچە «مىسكە»، رىمچە «مورون»، تۈركچە «يىپار»، ھىندچە «كەستۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ كىچىك كېيىك چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ھايۋاننىڭ كىندىكىدە ئۈيۈپ قالغان قاندىن ئىبارەت. بۇ ھايۋاننىڭ پۈت ـ قوللىرى باشقا كېيىكلەرنىڭ ئەكسىچە ئىنچىكە، پۈت ـ قولىنىڭ ئۈستىخىنى باشقا كېيىكلەرنىڭ ئەكسىچە بىر پارچە، شەكلى پارسچە «راسۇ»، ھىندىچە «نىيۇل» دەپ ئاتىلىدىغان ئاغمىخانىغا ئوخشاش كېلىدۇ. ئىككى چىشى مۈشۈكنىڭ چىشىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ، ئۈستىگە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەركىكىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى، ئىككى چىشى، چىشىسىنىڭ ئىككى چىشى بولىدىكەن. ئۇ «ئاھۇيى خىتائى» (خىتاي كېيىكى)، «ئاھۇيى مىشك» (ئىپار كېيىكى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى بىرى يەنە بىرىگە تۇتاش بولغان چىن، خىتاي، تىبەت، تۈركىستان تاغلىق رايونلىرى، قەدىمكى زاماندا «نىگەر كوت» دەپ ئاتالغان «كوت كانگىرا» دەپ ئاتالغان جاي، بەھرايەچ تاغلىق رايونى، نېپال، مورەڭ، رەڭگىپور ۋە باشقا ئورۇنلاردا ياشايدۇ. ھەر مەملىكەت ۋە شەھەرگە ئۇنىڭ چېگراسىغا يېقىن تاغلىق رايونلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەسىلەن: توران بىلەن ئىرانغا خىتاي بىلەن تىبەتتىن، مۇلتان، لاھور، شاھجاھان ئاباد، ئالە ئاباد، لىكنۇ قاتارلىق ئورۇنلارغا كوت كانگىرا، بەھرايەچ، نېپال تاغلىق رايونلىرىدىن، بېنگالغا مورەڭ، رەنگىپور، نېپال تاغلىق رايونلىرىدىن، ئىران، خۇراسان، رىمغا چىن، خىتاي ۋە تىبەتتىن قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساپلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، پەقەت شۇ شەھەرلەر، چېگرالارنىڭ پادىشاھلىرى، سۇلتانلىرى ۋە ھاكىملىرىغا سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەزكۇر ئورۇنلاردا كۆپ ھاللاردا مەزكۇر كېيىكنىڭ كىندىكى كېسىپ ئېلىپ پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ساختىلاشتۇرۇپ كىندىك پۈتۈن ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ئورۇن ئېتىبارىچە خىتايدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا تىبەتتىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا كوتكانگەرادىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا نېپالدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا باشقا ئورۇنلاردىن چىققىنى، پۇرىقى ئېتىبارىچە پۇرىقى ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بۇرنىنى قاناتقۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۇر بولغىنى، رەڭ ئېتىبارىچە سېرىق، ئالما رەڭ بولغىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىپار ھىندى ۋە تۈركىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ھەربىرىنىڭ يەنە ئوخشىمىغان تۈرلىرى بولىدىكەن. تۈركىيسى ھىندىسىدىن ياخشىراق، خىتايدىن چىققىنى تاتاردىن چىققىنىدىن ياخشىراق بولىدىكەن، چۈنكى تاتاردىن چىققىنى سەل بەتبۇي بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا تۈركىيسىنىڭ باشقا تۈرلىرى ياخشى ئىكەن. ھىندىسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى نېپالدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا رەنگىپۇردىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرى ياخشىدۇر.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىپار تۆت خىل بولىدىكەن. بىرىنچى خىلى قانغا مەنسۇپ بولۇپ، مەزكۇر ھايۋاننىڭ ھەيز، بوۋاسىر قانلىرى ئېقىپ چىقىپ تاش ئۈستىلىرىدە ئۈيۈپ قېتىپ قالىدىكەن، ئۇ پۇرىسا بۇرۇننى قاناتقۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى خۇش پۇراق، رەڭگى

سېرىق، پارچىلىرى ئۇزۇنچاق، قاتتىق بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن.

ئىككىنچى خىلى تىبەتتىن (تىبەتتىن چىقىدىغىنى) ئىكەن. ئۇ كىندىككە ئوخشاش ئۆسۈكچە بولۇپ، قاننىڭ كىندىك ئەتراپىدا توپلىنىشى، تەن قۇۋۋىتى ۋە ئىسسىقلىقىنىڭ ئېشىپ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشى بىلەن ھاسىل بولۇپ، چوڭىيىپ يېرىم لىمون چوڭلۇقىغا يېتىدۇ. ئۇ چوڭايغان ۋە پىشىپ يېتىلگەندە كىندىكى ناھايىتى قىچىشىدۇ، بۇ چاغدا ئىپار كېيىكى كىندىكىنى تاشلار ۋە دەرەخلەرگە سۈركەيدۇ، بۇ چاغدا ئۇ تېرىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاجراپ چۈشىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى چىنى (چىندىن چىققىنى)دۇر. ئۇ قاندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپار كېيىكى ئۇۋلانغاندىن كېيىن كىندىكى قول بىلەن ئۇۋۇلىنىپ، ئەتراپىدىكى قانلار بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن يېرىلىپ چىقىرىلىپ قۇرۇتۇلۇپ تەييارلىنىدۇ، ئۇ قارا، قاتتىق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوۋچىلار ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن كىندىكىنىڭ ئەتراپىنى تېڭىق بىلەن تارتىپ كىندىكىگە كۆپ قان يىغقاندىن كېيىن بوغۇزلاپ كىندىكىنى كېسىپ ئېلىپ شامال بىلەن قۇرۇتىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇ خۇش پۇراق بولىدىكەن، بولمىسا بەتبۇي بولىدىكەن. بۇ خۇددى قۇندۇزقەھرىنىڭ ئاۋۋال بەتبۇي بولۇپ، ئۆزگەرتكەندىن كېيىن خۇش پۇراق بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

تۆتىنچىسى ھىندى (ھىندىستاندىن چىققىنى)دۇر. ئۇ مەزكۇر ھايۋان بوغۇزلانغاندىن كېيىن قېنىغا ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن مايىقى قوشۇلۇپ يۇغۇرۇلۇپ قۇرۇتۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ قوڭۇر رەڭلىك، يۇمشاق بولىدۇ، ئۇ ئەڭ ناچار تۇرى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاساسى بولماسلىقى مۇمكىن، بەلكى ئىپار ئەسلىيسى ۋە سۇنئىيسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەسلىيسى ئۇنىڭ تىبەتتىي (تىبەتتىن چىققىنى) دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئىككىنچى خىلىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەزكۇر ئەلگە خاس ئەمەستۇر. ئۇ خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ياكى ئۆزى ئاجراپ چۈشىدۇ ياكى يېتىلىشكە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىدىغان يەرلىك كىشىلەر مەزكۇر ھايۋاننى تۇتۇپ كىندىكىنى كېسىپ ئالىدۇ.

بىرىنچى خىلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەزكۇر ھايۋاننىڭ كىندىكى قىچىشقاندا كىندىكىنى تاشلارغا سۈركىسە زەخىملىنىپ قاناپ تاش ئۈستىلىرىگە تامچىلاپ قاتىدۇ، بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى مەزكۇر ھايۋاننىڭ ھەيز ياكى بۇۋاسىر قېنى دەپ خىيال قىلىپ يىغىۋالىدۇ. ئۇنىڭ قالغان ئىككى خىلى، بولۇپمۇ تۆتىنچىسى ساختىدۇر.

يەنە ئېيتىلىشچە، ئىپار رەۋەنچىنى، لۇبان ھالۋىسى، ئۆچكىنىڭ قۇرۇتۇلغان جىگىرى، تۇخۇمى مۇرد، قەلەمپۇر، كەپتەر قېنى، ئاز مىقداردىكى ساپ ئىپار بىلەن ساختىلاشتۇرۇلۇپ كىندىكنىڭ ئىچىگە توشقۇزۇلۇپ، ئېغىزى ئېتىلىپ ئەسلىي ئىپار ئورنىدا سېتىلىدىكەن. ساختىسى رەڭگىنىڭ زىيادە قارىلىقى، ئېغىرلىقى، پۇرىقىنىڭ سۇسلۇقى ياكى بەتبۇيلۇقى

بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. كىندىكتىكى ئىپارنىڭ ساپ ياكى ئارىلاشما ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، يىڭنە ئۇنىڭغا سانجىلىپ يىپ ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر يىپ سامساقنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ پۇرىلىدۇ، يىپ سامساق پۇرىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمىگەن بولسا ساپ، بولمىسا ساختا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ كىندىكتە بولمىغىنىنىڭ ساپ ياكى ئارىلاشما ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاز مىقداردىكى ئىپار تۈكۈرۈك بىلەن نەمدىلىپ قولغا سۈركىلىدۇ، ئېرىسە ساپ، ئېرىمەي پىلتە بولۇپ تۇرۇۋالسا ئارىلاشمىدۇر.

ئارىستوتىلنىڭ ئېيتىشىچە، ساپ ئىپار سۇيۇقلۇق بار قاچىغا سېلىنىپ بىر سائەت تۇرغۇزۇلسا ئېغىرلىقى ئاشىدىكەن. ئۇنىڭ ساپلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، قاچا ئوت ئۈستىدە قويۇلۇپ ئۈستىگە ئىپار تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق كەلسە ساپ، بولمىسا ئارىلاشمىدۇر. ئۇنىڭ ساپلىقىنى بىلىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى ئۇنىڭغا جۇۋالدۇرۇز سانجىلىپ ئارقىدىن سامساققا سانجىلغاندىن كېيىن جۇۋالدۇرۇز پۇرىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق كەلسە ساپ، بولمىسا ئارىلاشمىدۇر.

ئىپارنىڭ ياخشىسى تىبەتتىن چىققىنىنىڭ ساپ بولغىنىدۇر. قۇۋۋىتى كىندىك ئىچىدە بولسا ئۈچ يىلغىچە، كىندىكتىن چىقىرىلغان بولسا بىر يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە باشقىلار ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەپ يازغان. بەزىلەر ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئىسسىقلىقىدىن يۇقىرى دەپ بىلگەن. ئومۇمەن، ئۇ كونىرىغانسېرى قۇرۇقلۇقى شۇنچە ئېشىپ، ئىسسىقلىقى شۇنچە ئاجىزلايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تومالغۇلارنى ئاچقۇچى، قويۇق، سوغۇق خىلىتلار ۋە يەللەرنى تارقاتقۇچى، خاسىيىتى بىلەن خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، باشقا رەئىس ئەزالار، تەبىئىي ھارارەت، ئىچكى، تاشقى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىچكى، تاشقى سەزگۈلەرنى كۈچەيتكۈچى، باشتىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش سېزىمىدىن ئىبارەت سىرتقى سەزگۈلەر ۋە ئىچكى سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئاز مىقداردا مەست قىلىش قۇۋۋىتى بار. مالىخولىيا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، تۇتقاق كېسەل، باللار تۇتقاق كېسىلى، سەكتە، دېۋەڭلىك، ئۇنتۇغاقلىق ۋە باشقا پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا يەتكۈزىدۇ. پۇرىسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زەپەر ۋە ئاز مىقداردىكى كافۇر بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا پۈركەلسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز پۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى

قۇندۇزقەھرى، مۇرچ، دارشىشئان ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا سەكتە، سوغۇقتىن بولغان مېڭە خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بان يېغى بىلەن بىرلىكتە مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا، ئىسسىق ياغلار بىلەن بىرلىكتە ئۇچا ئومۇرتقىلىرىغا تەكرار، داۋاملىق سۈركىسە ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، پالەچ، ئىسترخا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. مەلھەم قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز ئالدىنىڭ قاراڭغۇلىشىشى، كۆزگە يەڭگىل ئاق چۈشۈش، كۆز ياشانغىراش، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ، كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى كۆزنىڭ ھەرقايسى پەردىلىرىگە يەتكۈزىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەۋدادىن ۋە سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، ياتسىراش، بىھوشلۇق، غەم قىلىش، يۈرەك ئاغرىقى، ماغدۇرسىزلىق، يۈرەك ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچەيلەردىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. خەيرىگۇل يېغى بىلەن سۈركىسە باھنى قۇۋۋەتلەپ قوزغىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئىستېمال قىلسا ياكى سۈركىسە رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلسا ئىچىلگەن، ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى ۋە ئاق ئارپا، قۇرۇنۇس ـ سۈمبۇلغا ئوخشاش دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق شەھەرلەر ۋە ياز پەسلىدە ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا رەڭگىروينى سارغايتىدۇ. ئېغىزنى سېسىق پۇرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە سازەج ھىندى، پەي ـ نىرۋا ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردا قۇندۇزقەھرىدۇر.

ئۇنىڭ سۈئۈتى، تىلاسى، شەربىتى، جاۋارىشلىرى، ھەبلىرى، داۋائىلمىشكىسىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى، مەجۇنى مىسكىسى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

## مەسىر

(قاپاق مۇرابباسى)

ماھىيتى: ئۇ قاپاق مۇرابباسىنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ مۇراببالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ،

ئەڭ دەسلەپتە بۇقەرات ئىجاد قىلغان. دەسلەپتە ھەسەل بىلەن تەييارلانغان، كېيىن شېكەر بىلەنمۇ تەييارلىنىدىغان بولغان، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەسەل بىلەن تەييارلانغىنىدۇر.

ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ياخشى پىشقان قاپاقتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، پوستى ئاقلىنىپ، لېشى تازىلىنىپ ئېتى ياپىلاق - ياپىلاق توغرىلىپ ھاكىنىڭ سۇزۇك سۈيىگە مەلۇم مۇددەت چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىلىپ پاكىز يۇيۇپ تۇزسىز ساپ سۇ بىلەن پىشقىچە ئېزىلمىگۇدەك دەرىجىدە پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇزۇپ ئېلىپ رەخت بىلەن سۇلىرى سۈمۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ. ئۇستىگە ئىككى ھەسسە شېكەر تۆكۈلۈپ ھەسەل ۋە شېكەر شىرىنسى سۈمۈرۈلگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقى ھەسەل ياكى شېكەرنى سۇيۇلدۇرۇۋەتسە ئالماشتۇرۇلىدۇ ياكى ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇس قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلاب، سالايە قىلىنغان ئاز مىقداردىكى مەستىكى بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ قارابادىن كەبىردە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ھەسەل بىلەن قىلىنغىنى ئىسسىقلىققا مايىل، شېكەر بىلەن قىلىنغىنى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى سۇرگۈچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، باھنى قوزغاتقۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، مالىخولىيا، كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىش، تۇرلۇك ساراڭلىق، كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. بادام بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەننى سەمرىتىدۇ. خەشخاش بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇيقۇسىزلىققا داۋا بولىدۇ.

## پەسىل: «م» (مىم) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مەشەتۇل غۇل
(جىن تارغىقى)

ئەنتاكىي «ئۇ ھازىر ‹دىيشار› دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان. ھىندىچە «كەنگەھى» دېيىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى يۇمغاقسۇت

يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، قاتتىق، گۈلسىز، مېۋىسىز، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئېگىز تاغ ئۈستىلىرىدە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق يەللەرنى كۈچلۈك تارقاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

**زەھەرلىنىشلەر:** يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 90 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلسا غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## مشكدانه

(ئىپار دان)

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورىنىڭ ئىسمىدۇر. بېنگالدىن كۆپ چىقىدۇ. ئۇ ئەدەس چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن دانلىقراق بولغان بىر خىل دان بولۇپ، قارامتۇل كۈل رەڭ بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇ بېلىقنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، ئىنچىكە سىزىقلىرى بولىدۇ، ئىچىدىن سەل مايلىق، كۆرۈنەرلىك تەمى ياكى پۇرىقى بولمىغان مېغىزى چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئېغىز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ئېغىز تەمىسىزلىنىش، ئېغىز قۇرۇشقا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاندىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە ئۇنىڭدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. مەنىينىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ سۈزۈلدۈرۈلۈپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك يولىنىڭ سۆزنەك دېيىلىدىغان يارىسىنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مشكتەرامەشيئ

(مىشكىتارامش)

ئۇ نىبىتچە ئىسمىدۇر. «فەھلوي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «رەنگ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تاغ پىنىنىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر. يوپۇرمىقى نەيچىسىمان بولۇپ، ياۋا پىننە يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، يۇمىلاققا مايىل، يىرىك بولىدۇ. قوي ئوتلىسا يېلىنىدىن سۈت ئورنىدا قان چىقىدۇ، يەنى ئۇنىڭ سۈتى قان ھالىتىگە قايتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئوتتۇرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىسا كۆكرەك، ئۆپكە، بالىياتقۇدىكى قويۇق سۇيۇقلۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. كۆڭۈل ئايىنىش، كۆڭۈل غەش بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ۋە تۇغۇت قېنىنى كۈچلۈك راۋانلاشتۇرىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. تاش پارچىلايدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام، سوقمونىيادىن باراۋەر مىقداردا، سالايە قىلىنغان كەتىرادىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 30 گىرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. جىنسىي شەھۋىتى ئۇزۇلگەن ئادەم ئۇنىڭدىن ھەر ئۈچ كۈندە 1.5 گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ، 10 گىرام قوغۇن ئۇرۇقى، 30 گىرام قوي سۈتى قايمىقى، 60 گىرام ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا شەھۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. ئىستېمال قىلسا كۆڭۈلنىڭ ئايىنىشى ۋە غەش بولۇشنى يوقىتىدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ بىلسان يېغى بىلەن بىرلىكتە پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە.

(2) سۈيدۈكنى زىيادە ھەيدىگەنلىكتىن سۈيدۈك ئورنىغا قان كەلتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئامۇت قىيامى، بەللۇت ئۇنى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن، قايناتمىلاردا 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا پىننە، قەردمانە، ھەيز ھەيدەشتە باراۋەر مىقداردا ئاچچىق ئەدەس (ئەدەسۇل مۇرر)دۇر.

## مىشمىش
## (ئۆرۈك)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇناچە «ئەرمىينافىن»، رىمچە «ئەسافۇ»، پارسچە «زەرد ئالۇ»، فۇرۇتۇلغىنى «قەيسى» دەپ ئاتىلىدۇ. «خۇبانى»مۇ دېيىلىدۇ. تۈركچە «ئۆرۈك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق مېۋە بولۇپ، شاپتۇلدىن ياخشىراقتۇر. سوغۇق شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. مېغىزى تاتلىق، مېغىزى ئاچچىققا ئوخشاش بىرقانچە تۈرلىرىمۇ بولىدۇ. ھەربىر تۈرى ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ياخشىسى تولۇق پىشقان، پوستى نېپىز، مېغىزى تاتلىق، سۇلۇق، نازۇك بولغانلىرىدۇر. قۇرۇتۇلغىنى ھۆلىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق دەپ قارىلىدۇ، قارىغاندا، شېرىن پىشقىنى

ھۆل ئىسسىق بولۇشى مۇمكىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچىدۇر.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېغىزى تاتلىقى پىشاپنى بوشىتىدۇ، ئاشقازاندا بۇزۇلۇپلا قالمىسا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. قېقىنىڭ قاينىتىلغان ياكى چىلانغان سۈيى ئىچىلسە سەپرانى سۈرىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق، قان، سەپرانىڭ قاينىشىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى يوقىتىدۇ. كېكىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەيخۇشىنىڭ مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

تەپلەر: سەپرادىن بولغان ئىسسىق تەپكە گىرىپتار بولغان ئادەم ئۇنىڭ ھۆلىنى ئىستېمال قىلىپ ئۇستىدىن ئىلمان سۇ بىلەن ھەسەل ئىستېمال قىلىپ قەي قىلسا بەدىنىدىكى كۆدە سۈيى رەڭلىك ۋە زەڭگەر رەڭلىك خىلىتلار يوقىلىپ تەپ پەسىيىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) تېز چىرىيدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ، چۆچۈمەل كېكىرتىدۇ، ئوفۇنەتلىك تەپلەرگە سەۋەب بولىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار، يەللىك كىشىلەر ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ تارتىشىشىغا زىيان قىلىدۇ. چۆچۈمەل كېكىرتىدۇ، ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ياشانغانلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، مەستىكى، رۇمبەدىيان، نانخا، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش كۇندۇر ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

(2) ئۇستىدىن سۇ، بولۇپمۇ سوغۇق سۇ ياكى قار ـ مۇز سۈيى ئىچىلسە ياكى سىڭمىگەن، بولۇپمۇ ئاستا ھەزىم بولىدىغان تائامنىڭ ئارقىسىدىن ئىستېمال قىلسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەي قىلىش، بەدەننى ھېلىلە ياكى ئارپىبەدىيان بىلەن بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇدا تەنقىيە قىلىش ياكى ئۇستىدىن سىركەنجۇبىل ئىچىشتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1.5 گىرام مەستىكى بىلەن باراۋەر مىقداردىكى رۇمبەدىياننى ئىچنى توختاتقۇچى بېھى شەربىتى بىلەن ئىچىش لازىم ئىكەن.

(3) ئۇنى ناشتىدا ئىستېمال قىلىش ناھايىتى زىيانلىقتۇر، ناشتىدا داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئۈچەينىڭ زەخىملىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەرقانداق مىزاجدىكى كىشىلەر ئۈچۈن شېكەر بىلەن رۇمبەدىياندۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆرۈك يېگەندىن كېيىن بەدەندىن قان ئېلىنسا قاننىڭ رەڭگى ئاق مەلۇم بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىش ئاقكېسەلگە سەۋەب بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇ تېز چىرىگۈچى، بەلغەملىك خىلىت پەيدا قىلغۇچىدۇر.

ئۆرۈكنىڭ ئاچچىق مېغىزى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، تاتلىق مېغىزى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، بۇ كەمچىلىكنى ئۆگشاش ئۈچۈن قورۇلۇپ تۇز سېپىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تۇرلىرىنىڭ يېغى تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، گال ۋە تېرىنى سىلىقلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئاچچىق مېغىزى يېغىنىڭ بەش گىرامى ئاشقازان مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى كۆچلۈك سۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەقئەت ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. تاشلارنى پارچىلايدۇ. سوغۇقتىن بولغان تولغاق، ئىچكى، تاشقى بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ، سىرتىدىن سۈركەلسىمۇ بولىدۇ. ئەپيۇن بىلەن مەلھەم قىلسا ھەرقانداق ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قۇرت ئۆلتۈرىدۇ، قۇلاقنى تەڭداشسىز يەڭگىللەشتۈرىدۇ. باشقا تەسىرلىرى ئاچچىق بادامنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تاتلىق ئۆرۈك مېغىزىنىڭ تەسىرى تاتلىق بادام مېغىزىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراقتۇر.

ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىششىقلارغا تۆكۈلسە تارقىتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئاچچىق ئۆرۈك سۈيى تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئۆرۈك چېچىكى ھۆل سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا ۋە سېپىلسە ئىچكى ـ تاشقى قاناشلارنى توختىتىدۇ.

ئۆرۈكنىڭ ئاچچىق مېغىزى ئىستېمال قىلسا كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، ھوشسىزلاندۇرىدۇ. زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، غورا ئۈزۈم، تۇرۇنجى، لىمونغا ئوخشاش چۈچۈمەل مېۋىلەرنىڭ قىياملىرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مەستەكى
(مەستىكى)

ئۇ «مۇستەكا»مۇ دېيىلىدۇ. ئەنبارىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ فەئىلەلا ۋەزنىدە «مەستەكا» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇنانچە «مەستەخا» ياكى رىمچە «مەستەخى» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن ئىكەن. ئەرەبچە «ئىلىك رۇمىي» (رىم يىلىمى)، سۇريانچە «كىيا»، رىم ۋە سىندىچە يەنە «كىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ شام، رىم شەھەرلىرىنىڭ تۈزلەڭلىكلىرى ۋە ئەرمىنىيە ناھىيەلىرىدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يىلىمىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى ۋە يوپۇرمىقى خۇددى مىسۋاك دەرىخىگە ئوخشاش بوش، نازۇك، مېۋىسى ئاچچىق بولىدۇ. مەزكۇر يىلىمى قۇياش جەۋزا بۇرجى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەندە دەرىخىدىن سىرغىپ چىقىدۇ. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ.

مەزكۇر يىلىم ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاق، يۇمشاق، خۇش پۇراق، سۇزۇك، پارقىراق، سەل تاتلىق بولىدۇ، چاينىسا چىشقا كۆپ چاپلىشىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا تالقانلىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە يۇمشاق بولىدۇ. ئۇ «نىبتى» (نىبىتتىن چىققىنى)دەپ ئاتىلىدۇ. دانلىرى چوڭ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۇرى دەرىخنى زەخىملەش ۋە باشقا ئۇسۇللارغا ئوخشاش سىرتقى ياردەمسىز تەبىئەتنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزلۈكىدىن سىرغىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۇرى قارا، ئاچچىق بولۇپ، مەزكۇر سۈپەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. سوقۇلسا تالقان بولىدۇ. بۇ تۇرى «قىبتىي» (قىبتىدىن چىققىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ تۇرى ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولى ۋە شاخلىرىغا تىغ ئۇرۇش بىلەن سىرغىپ چىقىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ مەزكۇر دەرەخنىڭ ياغىچى، يۇمران شاخلىرى ۋە ھۆل يوپۇرماقلىرى قاينىتىپ چىققان سۇيى ئۇيۇتۇلۇپ ھاسىل قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ تۇرى رۇسىيەنىڭ بەشىنچى ئىقلىمغا تەۋە تۈركىستانغا يېقىن ۋىلايەتلىرىدىن بولغان سافىن دېگەن يەردىن چىقىدۇ، ئەمما ناچاردۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا «ئۇنىڭدىكى قۇرۇق ئىسسىقلىق ئۇنىڭ دەرىخىدە يوقدۇر. ئۇنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئۈچۈچان بولۇپ، سوغا مەنسۇپ ئازراق ئىسسىق، ئۈچۈچان تەركىب بىلەن زېمىنغا مەنسۇپ قويۇق تەركىبىدىن تۈزۈلگەندۇر. ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ شۇنداقتۇر» دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، قۇۋۋەتلەر، رەئىس ئەزالار ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتكۈچىدۇر.

باش، كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئازراق سەبرە بىلەن چاينىسا مېڭە، تامغاق ۋە تىلدىكى ھۆللۈكلەر ۋە بەلغەملەرنى سۈمۈرىدۇ. ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سوغۇق نەزلىلەرگە شىپا بولىدۇ. پۇرىسا، ياسمەن يېغى بىلەن بۇرۇنغا

سۇمۇرۇلىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھېلىلىلەر بىلەن ئىشلىتىلسە ۋەسۋەسىچىلىك، ئۆزىگە سۆزلەش ۋە مالىخولىيانىڭ مۇقەددىمىلىرىگە داۋا بولىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سەۋدانى سۈرۈش بىلەن كانايىنى تازىلايدۇ. كۇندۇر بىلەن ئىشلىتىلسە زېھىنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى زىيادە قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ سۈركىسە تىتانۇس، رەئشە، ئەزالارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى، ماغدۇرسىزلىق، تەپلەردىكى توڭۇپ تىترەشلەرگە داۋا بولىدۇ. كۆزگە سىپىلسە تەتۈر كىرپىكنى چاپلاشتۇرىدۇ. ئوتقا تاشلىنىپ بىر پارچە پاختا رەخت گۈلاب بىلەن نەمدەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسىغا تۇتۇلۇپ كۆز ئاغرىقى بىمارىنىڭ كۆزىگە يېپىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۇنجۇت يېغى بىلەن قايىنىتىپ قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، قۇلاق كىرىنى تازىلايدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چايىنىسا يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە سىپىلسە چىش ۋە ئۇنىڭ مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. گۆش ئۇندۇرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، تامغاق، تىل ۋە مېڭە ئەتراپىدىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. مېۋىسىنىڭ يېغى بىلەن ئېغىز چايقالسا مىدىراپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى ۋە شاخلىرى بىلەن چىش چوتكىلانسا ئاقارتىدۇ، مىدىرلىغان چىشلار ۋە ئۇنىڭ بوشىغان مىلىكلىرىنى چىڭىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا يۆتەل، قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. كانايىنى تازىلايدۇ. قان توختاتقۇچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ھەرقانداق ئەزادىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاشقازاننى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش، قورساق كورككىراش، يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشلارغا شىپا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، كېكىرتىدۇ، ھەزىم ئەزالىرىدىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئىلمان ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى تۆۋەنگە ھەيدەيدۇ. «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، مەستىكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنغاننىڭ ئەكسىچە، ئاشقازاندا ھۆللۈك پەيدا قىلىدىكەن. مەستىكى گۈلقەنت قوشۇلۇپ سۇزۇلگەن سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا چوڭ تەرەتنى جاپا بىلەن بوشىتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئىچىنى توختىتىدۇ ۋە قەۋزىيەت قىلىدۇ. غارىقۇن بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى، سەبرە بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرانى، ھېلىلىلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سەۋدانى سۈرىدۇ. كەھرىۋا بىلەن ئىستېمال قىلسا قان

تۇكۇرۇشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى ئالتە گىرام شېكەر بىلەن سالايە قىلىپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەللەر ۋە بەلغەمدىن بولغان قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. كېچىدە، ئۇخلاش ۋاقتىدا، ئەتىگەندە، كەچتە، تائامدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئىستېمال قىلسا كېرەكسىز ماددىلارنى تۆۋەنگە ھەيدەيدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىلسە قان تۇكۇرۇشكە شىپا بولىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان ۋە باشقا ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن بىرلىكتە سۇ تەگمىگەن كوزىغا تۆكۈلۈپ، سۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگۈچە قاينىتىپ ئىچىلسە، مۇۋاپىق كەلسە يەنە شۇ ئۇسۇل بويىچە تەكرارلانسا قورساقتا سۇ چۈشۈش، كۆڭۈل ئاينىش، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ، ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈزۈلدۈرۈلۈپ ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى، شېخى، غولى ۋە يىلتىزىدىن ئىبارەت ھەممە قىسىملىرى قابىز (قورۇغۇچى)دۇر. دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ئاقاقىيا ۋە «ھوفەقتىيداس» دەپ ئاتالغان تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىمۇ شۇنداقتۇر.

ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىر خىل ياغ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، قابىزلىقى ناھايىتى يۇقىرى، ئۆچۈچان، ماددىلارنى يۇمشاتقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭدىن ناچار سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىشى ۋە ئۇنىڭ چىقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازان، بۆرەك، دوۋساقتا چېپىلسا قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، خولېرا، ھېق تۇتۇش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى سۇ بىلەن قاينىتىلسا ۋە تەكرارلانسا، يەنى پىسەپلىرى سۈزۈلۈپ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىسىملىرىدىن يەنە قوشۇلۇپ قويۇلغۇچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا قان تۇكۇرۇش، ئۈچەي يارىسى، ئىچ سۈرۈش، كىندىك ۋە بالىياتقۇ چىقىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا مەقئەت بىلەن بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن چىقىپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا كۈندۈر، بىر يېرىم ھەسسە ئىلكۈل بەتەم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئىمزىخىر ئورۇنباسار بولىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەستىكى دوۋساقتا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇزۇم سىركىسىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ قۇرۇتۇپ كەتىرا بىلەن ياكى يالغۇز ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى قەنت، ئەرەب يېلىمى، ياڭاق مېغىزى

ئىكەن. يۇمغاقسۇتمۇ دېيىلگەن.

بوغۇم كېسەللىكلىرى، جاراھەتلەر، يارىلار: مەستىكى ئىستېمال قىلسا سۇنغان ئۇستىخانلارنى تۇتتۇرىدۇ. ئەزالارنىڭ ئېزىلىشى، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ. سۈيى تۆكۈلسە بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ، سۇنغان، ئۇرۇلۇپ سوقۇلغان، ئېزىلگەن ئەزالارغا شىپا بولىدۇ. مەستىكى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىششىقلار، ئاغرىقلار، قوزغالغان ئەزالارغا سېپىلىپ ئۇستىدىن رەخت بىلەن تېڭىلسا ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، قوزغالغان ئەزالارنى جايىغا چۈشۈرىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ، ئەزا ئاۋۋال ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ قايناتمىسى بىلەن تەكرار يۇيۇلغاندىن كېيىن سېپىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇ ئىسسىق ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار، بوغۇم تۇگۇنچەكلىرىگە سۇركىسە شىپا بولىدۇ. يالغۇز سۇركىسە يارىلارنى ساقايتىدۇ. گۈلىنىڭ يېغى بىلەن ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قىبتىدىن چىققان قارىسىنىڭ قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش تەسىرى ئېقىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك ئىكەن.

**زىننەتلەش تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا ۋە مەلھەم قىلسا تېرىنى جۇلالاندۇرىدۇ، رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ. مەستىكىنى مۇرەككەپ دورىلارغا قوشۇش ئۇسۇلى، جاۋارىشلىرى، ھەبلىرى، يېغى، سۇفۇپى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىندى.

## مەسەل
### (قارا قۇرت)

**ماھىيىتى:** ئۇ قېتىق سۈيىدىن ئىبارەت بولۇپ، قاينىتىپ پىشلىقى بىلەن سۈيى ئايرىلغاندىن كېيىن سۈيى قويۇلۇپ ئۇيۇغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ ناھايىتى چۇچۇمەل بولىدۇ. مەلۇم مىقداردا پىشلاق بىلەن قايماق ئارىلاشقىنى «لوز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۇز، سىيادان، تۇرۇنجىنىڭ سېرىق پوستى، يالپۇز، ئاز مىقداردا سىركە قوشۇلۇپ يۇغۇرۇلۇپ بىرقانچە كۈن تۇرغۇزۇلۇپ ئۆزلەشتۇرۇلۇپ ئېرىمچىك ئورنىدا نان بىلەن ئىستېمال قىلسا ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلى سېرىق ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ نان ياكى خورما بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ لەززەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ پىشلىقىغا تۇز ئارىلاشتۇرۇلۇپ چوڭ كۇملاچ ياكى توقچاق ياسىلىپ قۇرۇتۇلسا پارسچە «كەشك»، تۈركچە «قۇرت»، ئەرەبچە «ئەقىت» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «مەسەل»مۇ دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۇسسۇزلۇق، ئاشقازان، جىگەر،

هارارىتى، ئۆتتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۆتكۈر ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. مەلھەم قىلسا تىلنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا، غار - غار قىلسا ئېغىز، چىش مىلىكى، گالنىڭ ئىسسىقتىن بولغان يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا ھۆل تەمرەتكە، تىلما كېسەل، كالا تەمرەتكىسى، يىرىڭلىق يارا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا داۋا بولىدۇ. پۈت تەمرەتكىسىگىمۇ پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۇزۇقلۇقى ناچاردۇر. كۆپ ئىستېمال قىلسا قورساقنى ئېسىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قىزىتقۇچى دورىلار، ئىسسىق جاۋارىشلاردۇر.

## مەسۇس
(ئاچچىق - چۈچۈك زىخ كاۋىپى)

**ماھىيتى:** تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئاچچىق - چۈچۈك زىخ كاۋىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، چۈجە ياش سېمىز توخۇ، پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرىدىن، سېمىز ئوت يوپۇرمىقى، كاسنىنە، پالەك، ھۆل يۇمغاقسۇت، ئىتئۇزۇمى يوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك كۆكتاتلار ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ئىسسىق دورا - دەرمانلار ۋە خۇش پۇراق دورىلار بىلەن پىشۇرۇلۇپ زىرىق سۈيى، چۈچۈمەل ئانار ياكى سۇماق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن چۈچۈمەللەشتۈرۈلۈپ شېكەر قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاددىي بولۇش مەقسەت قىلىنسا مەزكۇر ماتېرىياللار قوشۇلماي پىشۇرۇلىدۇ.

**تەبئىتى:** تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى ئۇزۇقلۇق بولىدۇ، تېز ھەزىم بولىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار، ئىسسىق ئاشقازان، ئىسسىق جىگەر، سەپرانىڭ ئېشىپ كېتىشى، ئىسسىقتىن بولغان سەپرا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، ئىسسىقتىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئىسسىق، ئۆتكۈر تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ.

# پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مەز
(ياۋا ئانار)

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسى ھەببۇلقەقەل ئىكەن. ھەكىم مىير

ئابدۇل ھەمىيد «تۆھپە» دېگەن كىتابىنىڭ ھاشىيىسىدە ئۇ ھىندىستان شەھەرلىرىدىن بولغان ئودە ۋىلايىتىنىڭ گوركەپۇر دېگەن يېرىنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ دەپ يازغان. يەردىن ئىككى - ئۈچ يوپۇرماق چىقىرىپلا چېچەكلەيدۇ. گۈلى ئانارگۈلگە، يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ياغىچى بولمايدۇ. مېۋىسى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئانار مېۋىسىگە ئوخشاش بولۇپ، يەردە تۇرۇپ پىشىدۇ. تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى چوڭ بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يىلتىزى باراۋەر مىقداردىكى سەبرە سوقۇترى ۋە گىل ئەرمىنى بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم زىمات قىلسا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مۇغاس
(مۇغاس)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئۇزۇنچاق، توم، پوستى قىزىلغا مايىل قارا، ئىچى ئاق، سېرىققا مايىل بولىدۇ. خۇش پۇراق، تاتلىققا مايىل ئاچچىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەرەخ تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ. باغدادىي (باغدادتىن چىقىدىغىنى) ۋە ھىندى (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. باغداتتىن چىقىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى يىرىك، تۇرۇپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش كەڭ، گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ھەببۇس سەمنە (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى)غا ئوخشاش بولۇپ، «قىلقىل» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى مېۋىسى ھەببۇل قىلقىل بولغان ياۋا ئانار يىلتىزى دەپ گۇمان قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى سۆرۈنجاننىڭ بىر تۈرى دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر ئىككىسى ئەمەستۇر. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. ئەنتاكىيىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ بىر تۈرى ئاببادان ۋە شام ئەتراپلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن، ئۇ مىسىردا ئىشلىتىلىدۇ، تەسىرى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىنىڭ دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، يوپۇرمىقى كىچىك بولۇپ، ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مېۋىسى ئومۇمەن سەرپىستانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، چاپلاشقاق شىرىسى بولىدۇ، قارا، ئاچچىق بولۇپ، ھىندىچە «مەيدا لەكرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «كىلىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىسسىقلىققا

مايىل دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، پەي ـ نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر.

باش، بوغۇم، كۆكرەك، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەل، ساراڭلىقتا شىپا بولىدۇ، سەۋدادىن بولغان خىلىتلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، بەل، بوغۇم، ئىرقۇننىسا، نۇقرەس ئاغرىقلىرى، تەشەننۇج، پەي ئاجىزلىقى ۋە بوشىشى، ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇشى، پەيلەرنىڭ تولغىشىشى، پەي قاتتىقلىشىش، گال، ئۆپكە، بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. كۆكرەك، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ئاچىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. گىل ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلسا سۇنۇق، بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشى، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش، پەي تولغىشىشقا شىپا بولىدۇ، پەيلەرنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ ۋە يۇمشىتىدۇ، گال، بالىياتقۇ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: چىلان ۋە كەتىرا بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلسا بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ باھنى قوزغىتىش، قۇۋۋەتلەش تەسىرى باشقا نەرسىلەردىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۆرۈنجان، ئاقىرقەرھا، زىماتلاردا قۇلت (بىر خىل ئۆسۈملۈك)تۇر.

## مەغەرە
## (گىل مۇغرە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تىينى مەغەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «مەلىيتۇس»، ھىندىچە «گىيرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل سېرىققا مايىل، قارامتۇل قىزىل لاي بولۇپ، چاپلاشقاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ رىمدىن كەلتۈرۈلىدىكەن. ھىندىستان ۋە بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. كۆپرەك راج مەھەلدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قارامتۇل قىزىل، ساپ بولۇپ، ھىندىچە «سون گىيرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى رەڭگى سۇس ئارىلاش بولۇپ، «گىيرۇ مۇتلەق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالدىنقىسىدەك ياخشى بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە،

گىل مۇغرە گىل مەختۇمـدىن ياخشـىراق ئىكـەن. ئۇنىڭ يـاخشىسـى سۇغا تاشـلانسا كۆپـۈپ چوڭىيىدىغان، ساپ بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچـى، قـۇرۇتقۇچـى، مـاددىلارنى تـوختـاتقـۇچـى ۋە قايتۇرغۇچىدۇر.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىسا جىگـەر ئاغرىقلىرىنى پەسـەيتىدۇ، ئـىچ سۈرۈشنـى توختىتىدۇ، مەددە قـۇرتلار ۋە قاپاق ئـۇرۇقىسـىمان مەددىنـى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ، ھەرقانـداق ئەزادىن كەلـگەن قان ۋە ھەيـز قېنىـنى توختىتىدۇ. چالا پىشۇرۇلـغان تۇخۇم سېرىقى ۋە پاقىيوپـۈرمىقى سـۈيى بىلـەن ئىستېمال قىلىسا ئـۈچەي، دوۋساق، بوۋاسىر، باليياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئەزالارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىسا ئۈچەي يارىسى ۋە قانىشىغا شىپا بولىدۇ. پاقىيوپـۈرمىقى سـۈيى بىلـەن جىنسىي يولغا ھۆقنە قىلىسا سۈيۈقلۇقلارنى توختىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، كۇنجۇت يېغى بىلەن مەلھەم قىلىسا تېرىنى يۇمشاق، پارقىراق قىلىدۇ. قـول ئۇنىڭ بـىلەن بويـالغاندىن كېيىن يۇيۇۋېتىلىپ ئۇستىگە خېنە يېقىلسا ئېيـتىشلارغا قارىغانـدا، خېنىنىڭ رەڭگى 20 كۈنگىچە يوقىمايدىكەن.

ئـىششـىقلار، مۇدۇرلار، يارىلار، جاراھەتلـەر: سىركە بـىلەن مـەلـھەم قـىلـسا قىـزىل، بەلباغسىمـان قوقاق، ئـىسسىقـتىن بولغان ئىشـشىقلار، ئـوت كۆيۈك يـارىسى، ھەر خـىل زەخمىلەرگە شىپا بولىدۇ. جىنكېۋىزى ئۇرۇقى گۇڭگۇرت بىلەن سوقۇلۇپ زەنجىۋىل سۈيى بىلەن ئاز دېگەندىمۇ بەش كۈن سالايە قىلىنغان بـىخى خەرزەھـر (سۆگەت گۈل يـىلتىزى) بىلەن ھەب قىلىپ، زۆرۈر بولغاندا بىر دانىسى ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بـىلەن سالايـە قىلىپ ئاقكېسەلگە سۈركەلسە، ئاق يېغى، دائىرىسى ئاز بولسا ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بىر قانچـە قېتىم سۈركەش بىلەنلا ساقىيىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۈچەيلەر ۋە ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا گىل ئەرمىنى، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا كەتىرا.

## مەغنىيسا

(مەغنىسا تېشى)

ئۇ نىبىتچە ئىسىمدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، مەرقەشىشا (تۆمۈر رۇدىسى)غا ئوخشاپ قالىدۇ. پارسچە «رەنگى كاسە» (قاچا بويىقى) دەپ ئاتىلىدۇ. كۇلالچىلار ئۇنىڭ بىلەن قاچىلارنى بويايدۇ. شىشىگەرلەرمۇ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، شىشە تېشىنى ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى سوقۇپ ئۇستىگە سەپسە سۇزۇكلەشتۇرىدۇ. ئۇ تۆمۈر تەركىبلىك، كۈمۈش تەركىبلىك، ئالتۇن تەركىبلىك، مىس تەركىبلىكتىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۆرلىرى بەش ئىكەن، ھەممىسىدىن قوغۇشۇن ھاسىل قىلىنىدىكەن. بىرىنچىسى قارا، ئىككىنچىسى قارىغا مايىل، ئۈچىنچىسى قىزىل، تۆتىنچىسى ئاق، بەشىنچىسىنىڭ سىرتى سېرىق، ئىچى قىزىل بولىدىكەن. مۇھەممەد بىن زىكرىيا ئۇنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى، بىرىنىڭ «ئەشھىبا» دەپ ئاتىلىپ چېشىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۇمشاق بولىدىغانلىقىنى، يەنە بىرىنىڭ قارىغا مايىل قىزىل بولۇپ، تۆمۈر تەركىبلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۇنىڭ ئەركىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تۆمۈر تەركىبلىكى قارا، كۈمۈش تەركىبلىكى ئاق، ئالتۇن تەركىبلىكى سېرىق، مىس تەركىبلىكى قىزىل بولىدىكەن، ھەممىسىدە ئاق چېكىتلەر ۋە كۆزلەر بولىدىكەن. ئازراق پارقىراق بولۇپ، شىشىنى ئېرىتىدۇ، تازىلايدۇ ۋە رەڭ ئىچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. تۆمۈرگىمۇ شۇنداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچىدۇر.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. تاش پارچىلايدۇ، سىيىش قىيىنلىشىشقا شىپا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى، يارىلار، جاراھەتلەر: سىركە ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. كىر ۋە تېرىدىكى مايلارنى يوقىتىشتا ئۆزگىچە تەسىرگە ئىگىدۇر. سېپىلسە جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** مەرقەشىشا (تۆمۈر رۇدىسى).

## پەسىل: «م» (مىم) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مۇقل
(مۇقەل)

ئۇ سۇريانچە «مۇقلا»، رىمچە «بەدالىيۇن»،ئەرەبچە «قەفر»، «كور»، پارسچە «بويى جوھۇدان» (يەھۇدىيلار ئىسرىقى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئىسرىق سالىدۇ. ھىندىچە «گوگىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كۇندۇر دەرىخىگە ئوخشاش ناھايىتى چوڭ بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ ئاممان دېڭىز ساھىللىرى، شەنجەر ۋىلايىتى، ھىندىستان شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. بىرقانچە خىل بولۇپ، ھەممىسى ئاچچىق بولىدۇ. يېلىمى قىزىلغا مايىل، تەمى ئاچچىق بولغانلىرى «مۇقەل ئەزرەق» (كۆك مۇقەل)، قارامتۇلغا مايىل، ئارىلاشما، يۇمشاق بولغانلىرى «سەقالبى» (سەقالبىدىن چىققىنى)، يەمەن ئەتراپلىرىدىن چىققان، رەڭگى پەتىنگان رەڭگىدە بولغىنى «مۇقەل ئەرەبىي» (ئەرەب مۇقىلى) دەپ ئاتىلىدۇ. سۇزۇك، ساپ، پارقىراق، چاپلاشقاق، يۇمشاق، خۇش پۇراق، سېرىق، ئاچچىققا مايىل بولۇپ، ئوتقا سالسا غار دەرىخىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان، سۇغا سالسا تېز ئېرىيدىغان، ياغاچ، ئوت - خەس، قۇم - توپا ئارىلاشمىغانلىرى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچاردۇر. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. كونىرىسا تېخىمۇ ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. كونىرىغانسېرى قارامتۇللىشىدۇ. يۇمشاقلىقى قۇرۇقلۇق ۋە قاتتىقلىققا ئالمىشىدۇ. بولۇپمۇ ئەرەبىيسى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. مۇرمەككى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. مۇقەلنىڭ چاپلاشقاقلىقى ۋە پارقىراقلىقى بىلەن پەرقلەندۇرۇلىدۇ، ساختىسىنىڭ ئۇنداق ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دېگەن. بەزىلەر ھۆل دەپ بىلگەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

كۆكرەك، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى، بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تىتانۇس، گال ئاغرىقى، ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ، كۆكرەكتىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. كاناي ياللۇغى، جىگەر ئاجىزلىقىغا داۋا بولىدۇ. يەل، بوۋاسىر يېلى ۋە ھەزىم ئەزالىرىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. بوۋاسىر، قىيىن تۇغۇت، ھەيز تۇتۇلۇش، ئىرقۇننىسا، نۇقرەس، ئۇچا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۈت كەلتۈرىدۇ، بۆرەكتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەلغەمنى سۈرىدۇ. سۈرگۈچى ئۆتكۈر دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇلسا ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، مۇقەل ئەرەبىينىڭ ساپ، قىزىل بولغانلىرىدىن 10 گىرام مىقداردا ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى تۆۋەنگە ھەيدەيدۇ. مۇقەل ئەرەبى زىمات قىلسا گال، كېكىردەك ئىششىقلىرىنى

تارقىتىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا مۇقەل سەقالىبىنىڭ يۇمشىتىش قۇۋۋىتى باشقىسىنىڭ شۇ قۇۋۋىتىدىن ئارتۇق دېگەن. ئۇنىڭ ئۇچ گىرامى يېڭى سىغىلغان سۇت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەغدادىي «مۇقەلنىڭ تەبىئەتنى يۇمشىتىشى مەقسەت قىلسا ئۇ سوقۇلۇپ ئۇستىگە ئىسسىق سۇ تۆكۈلۇپ ئىچىلسە بەلغەمنى سۇرىدۇ» دېگەن. تالقانلىنىپ قايىنىتىلغان مۇقەل ئۇچ ھەسسە بۇغداي كېپىكى بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ سۇ ئورنىغا ئۇزۇم سۈيى ياكى ئۇزۇم قىيامى قوشۇلۇپ كالا يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ زىمات قىلىسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. روزىدار ئادەمنىڭ تۆكۈرۈكى بىلەن زىمات قىلسا قاپاق ئىششىقى، جىگەر قاتتىق ئىششىقى، چىقۇق يېلىنى تارقىتىدۇ. ئاز مىقداردىكى سەرەنج (بىر خىل سۇنئىي ياسالما) بىلەن زىمات قىلسا بوۋاسىر ۋە سۆگەل دانلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېڭىسىنى چۇشۇرىدۇ. يالغۇز زىمات قىلسىمۇ قاتتىق ئىششىقلار، قويۇق يەللەر، بالىياتقۇ، مەقئەت، بوۋاسىرىغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ كۇدە سۈيى بىلەن زىمات قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يالغۇز زىمات قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ قايىنىتىلغان بىر چاڭگال باقىلە بىلەن خېمىر قىلىپ زىمات قىلسا بالىلارنىڭ ئۇرۇقدىنىغا سۇ، يەل يىغىلىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇچەي چۇشۇۋېلىشقا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىر، بالىياتقۇ كۆپۈش، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ، ھامىلىنى تۆۋەنگە ھەيدەيدۇ، ھاۋانىڭ سۇ ياكى جەسەتلەرنىڭ چىرىشى بىلەن بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسىمۇ بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ، ھامىلىنى تۆۋەنگە سىلجىتىپ تارتىدۇ، بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ، بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان ھۆللۇكلەرنى توختىتىدۇ ۋە ئۇنى قۇرۇتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلسا ۋە مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئىشلىتىش، مۇدۇرلار: زىمات قىلسا ئىششىقلار، پەيلەرنىڭ قاداقىشىشى، تېرە ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىشلارغا شىپا بولىدۇ. مۇسكۇلنىڭ يېرىلىشىغا داۋا بولىدۇ. روزىدار ئادەمنىڭ تۆكۈرۈكى بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. قايىنىتىلغان باقىلە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ زىمات قىلسا ساڭگىلىغان سۆگەلنى چۇشۇرىدۇ، بەلغەمدىن بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مۇقەلۇل يەھۇد زىمات قىلسا خانازىر (چاشقان يارىسى)نى تارقىتىدۇ. قايىنىتىپ ئىچىلسە ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەپەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردا مۇرمەككى، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا سەبرە.

ئۇنىڭ ئىترىفىللىرى، ئىسرىقى، ھەبلىرى، يېغى، زىماتلىرى، قۇرسلىرى، مەلھەملىرى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## مۇقل مەككى
(مۇقەل مەككى)

ئۇ دۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، قىرتاق، يىرىك، تاتلىق بولىدۇ، ھۆلى «نەھش»، قۇرۇقى «ۋەقەل» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ يېيىلىدۇ. دەرىخىنىڭ شەكلى ۋە مېۋىسى خورما دەرىخى ۋە مېۋىسىمۇ ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختاتقۇچىدۇر. قايناتمىسى سۇيدۇك تامچىلاش، قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا تومۇرلاردىكى قاننىڭ پارتلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دەرىخىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ، بەلغەمنى تازىلايدۇ. بۇ دەرەخنىڭ تالالىرى كۆلىنىڭ سۈيى تۆكۈلسە قوتۇر، قىچىشقاقلىقا پايدا قىلىدۇ، پىت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## مۇقنىئە
(خەرنۇب شامى قوشۇلغان كالا سۈتى)

**ماھىيتى:** ئۇ خۇرنۇب شامى قوشۇلغان قايىنىتىلغان كالا سۈتىدىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مالىخولىيا، نەپەس ئەزالىرىنىڭ قۇرۇقلۇقىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇسساش، ئېغىز ئاچچىق بولۇشقا پايدا قىلىدۇ، تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى سەۋدالىق خىلىتلارنى يوقىتىدۇ. جىگەر ئاجىزلىقى، سۇيدۇك ئېچىشىپ كېلىش، قوتۇر، قىچىشقاققا شىپا بولىدۇ.

## مەقدۇنۇس
(ماقدۇنىيە كەرەپشىسى)

ئۇ ماقدۇنىيە كەرەپشىسى بولۇپ، پەتەرئاسالىيون (تاش كەرەپشىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ

«ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مەكارە
(تالمەكانە يىلتىزى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «مەكانە»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان «تالمەكانە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ھىندىستان، بېنگالدا كۆللەردە سۇ ئارىسىدا كۆپ ئۆسىدۇ. گۈلى، يوپۇرمىقى نېلۇپەرنىڭ گۈلى بىلەن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. كۆل سۈيى ئازايغاندا ئۇنىڭ يىلتىزى ئاشكارىلىنىدۇ، ئوتتۇرا ھال قىزىلچا چوڭلۇقىدا، پوستى قارا، يىرىك بولىدۇ، ئىچى بۆلۈمچىلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىر بۆلۈمىدە يۇمىلاقىقا مايىل، پوستى قارا، سەل قاتتىق، مېغىزى ئاق، سەل تاتلىق، ئازراق شىلىمشىق، بەتتەم ئۇرۇق بولىدۇ، ئۇ چىقىرىلىپ خام ياكى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، قورۇقىنى قورۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆلى باھ ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ مەنىيىنى كۆپەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

قورۇق قورۇلغىنىنىڭ غىزالىقى ياخشى بولۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مىلھ
(تۇز)

ئۇ پارسچە «نەمەك»، تۈركچە «دۇز»، ھىندىچە «لون» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئاق رەڭلىك كرىستال جىسىم بولۇپ، سۇدا ئېرىيدۇ، تاتلىق يېمەكلىكلەردىن باشقا ھەممە غىزالارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ مەئدەنى (كاندىن چىقىدىغىنى) ۋە

غەيرىي مەئدەنى (كاندىن چىقمايدىغىنى)غا ئوخشاش بىرقانچە خىل بولىدۇ. كاندىن چىقىدىغىنى تاشلاشقان ۋە تاشلاشمىغان دەپ ئايرىلىدۇ. تاشلاشقىنى بەزى تاغلار، ئۆڭكۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىن سىرغىپ چىقىپ ئۇيۇپ تاشقا ئوخشاش بولۇپ قاتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ئاق، قاتتىق، سۈزۈك، پارقىراق بولغىنى بولۇپ، ئەندەرانىي (ئەندۇران) تۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. نەمكى لاھۇرىي (لاھور تۇزى)مۇ شۇ قاتاردىندۇر. يەنە بەزى يەرلەردىن قايناپ ياكى يەر كاناللىرىدىن تەپچىرەپ چىققان سۇلارمۇ شۇ قاتاردىندۇر. ئۇ ئۆز جايىدىلا تۇرسا ئۇيۇمايدۇ ۋە تاشلاشمايدۇ، جايىدىن قوزغىتىلىپ باشقا جايغا ئېلىپ بېرىلسا، مەسىلەن: شۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا كۆل ياسىلىپ مەزكۇر سۇ ئۇنىڭغا تولدۇرۇلۇپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا، سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا قاتىدۇ ۋە تاشلىشىدۇ، مەسىلەن: ھۇرمۇز تۇزى، سانبىر تۇزى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش. ئەمما بۇ تۇزلار لاھور تۇزى ۋە ئەندۇران تۇزىدەك ئاق، سۈزۈك، پارقىراق ئەمەس. سانبىر تۇزى سەل قىزىلدۇر.

ئۇنىڭ تاشلاشمىغىنى بەزى ئورۇنلاردىكى «دەريايى نەمەك» (تۇز دېڭىزى) دەپ ئاتىلىدىغان بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيىدىن ئىبارەت بولۇپ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى ۋە باشقا يۇلتۇزلارنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن ئەتراپى قەنتكە ئوخشاش ئۇيۇپ قاتىدۇ. ئوتتۇرى قاتماي سۇيۇق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا چۈشكەن ھەرقانداق نەرسە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن تۇزغا ئايلىنىدۇ. تۇزلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خاس نامى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن بايان قىلىنىدۇ. تاشلاشقىنى تاشلاشمىغىنىغا قارىغاندا، ئۆزۈندىراق ئېرىيدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، پەنجاپنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايوننىڭ چېگراسىدا، نىگەركوت دەپ ئاتالغان جايغا قاراشلىق ئورۇننىڭ ئارىلىقىدا بىر ئاۋات جاي بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ زېمىنىدىن داۋاملىق ئوت يالقۇنلاپ چىقىپ تۇرىدىكەن، بۇ جاي ھىندىلار ئارىسىدا «جەۋالا مەكى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇنىڭغا يېقىن يەردە بىرقانچە تەكشى بۇلاق بولۇپ، سۈيى خۇددى سۇدا ئېرىتىلگەن تۇزغا ئوخشايدىكەن، كىشىلەر ئۇنى قايناتمىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىدىكەن. ھىندىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى تەۋەررۈك بىلىپ يىراق جايلارغا ئېلىپ بارىدىكەن، يىلدا بىر قېتىم زىيارەت ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە يىراق يەرلەردىن كېلىدىكەن. ئۇ (ئوت) تاغ ئۈستىدىكى تەكشى يەرگە جايلاشقان ئىكەن. ئۇ يەرگە قورۇلۇش سېلىنىغان ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئورەڭ زىب ئالەمگىر پادىشاھ تۆمۈردىن ناھايىتى قېلىن، چوڭ، ئېغىر بىر دانە تاۋا سوقتۇرۇپ مەزكۇر ئوتنى باستۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئوتنىڭ كۆيۈشى توسۇپ قېلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ يالقۇنى تاۋىنى تېشىۋەتكەن، ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئوتنى توختىتالمىغان. ئاللا ھەق سۇبھانەھۇ جەللە شەئنۇھۇ ئىبرەت ئېلىش ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن كامىل قۇدرىتى بىلەن

جەھەننەمنىڭ ئۆتكۈر، كۆيدۈرگۈچى ئوتىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى ئۇ يەرگە نامايان قىلغان، ئەمما كاپىرلار ئۇ يەردە ئەكسىچە كارامەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشىپ ئىبادەت قىلىشىدۇ.

يەنە شۇ جاينىڭ مەغرىب تەرىپىدىكى تاغلىق رايوندا كۆك رەڭلىك، قاتتىق، تاشلاشقان، سەل ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر بولغان، ھىندىچە «كومە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۇز ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئېيتىلغاندەك ئاچچىقتۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىكەن، ھەزىمنى ياخشىلايدىكەن، ئاشقازان ئېغىرلىقىنى ئوڭشايدىكەن. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدىكەن، ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدىكەن، كېكىرتىدىكەن، يەل ھەيدەيدىكەن. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، بۆرەك، دوۋساققا زىيان قىلىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، مەنىي سۇيۇلدۇرىدۇ. تۈزىتىش ئۈچۈن كالا، قوي، ئۆچكىنىڭ سېرىق مېيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سۈنئىي تەييارلىنىدىغىنىمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى سىند شەھرىدىن بېنگالغىچە بولغان تۇزلۇق دېڭىز ساھىللىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يىغىۋېلىنىدىغان بولۇپ، شۇ يەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر ئۇنى تائامغا قوشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى شۇكى، دېڭىز سۈيى شورلۇق يەرلەرگە قاچىلاپ سۈيى قۇرۇپ تۇزى قالغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى يىغىۋېلىنىپ سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ تازىلىنىپ ئۇيۇغىچە قاينىتىلىدۇ. تەكرار ساپلاشتۇرۇلۇپ يەنە قاينىتىلسا قەنتكە ئوخشاش ئاقىرىدۇ ۋە تۇزلۇق دەرىيادىن ئېلىنغان تاشلاشمىغان تۇزغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ يەنە تەكرار ساپلاشتۇرۇلۇپ سامانغا تەكرار تۆكۈلسە قەنتكە ئوخشاش ئۇيۇپ قاتىدۇ، ئۇ بېنگال ۋە ھىندىستاندا «كاچ لون» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇزنىڭ ياخشىسى ھىندىستاندا «لاھورىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «زەرانى» دەپ ئاتالغىنىدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا تاشلاشقان باشقا قىسىملىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئاش تۇزىدىن ئىبارەت بولغان «خۇبز» دەپ ئاتالغان تاشلاشمىغىنىدۇر. تۇزنىڭ ئەڭ ناچىرى دېڭىز بېلىقىدىن ھاسىل قىلىنغىنىدۇر. ئۇ سەل ئاچچىق، باشقا تۇزلارغا قارىغاندا، ئۆتكۈررەك بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئاش تۇزى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

يەنە دورىلىق ئۈچۈن تاماكا، تۇرۇپ، بانان ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش كۆپ قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن غولىنىڭ كۈلىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ھايۋانلار ۋە ئادەملەرنىڭ سۆيدۈكىنى پارلاندۇرۇش، ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر خىل تۇز ھاسىل قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھاسىل قىلىنغان نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مىزاجى ئىسسىق، شاراب ئىچكەن ياش ئادەمنىڭ سۈيدۈكىدىن بىر خىل تۇز ھاسىل قىلىپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

بىلگىنكى، تەنكار، زاكىنىڭ تۈرلىرى، زەمچىلەر، توغرىغۇ، شاخار، نۆشۇدۇر قاتارلىقلارمۇ تۇزلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئومۇمەن، ئۇ ھەرقانداق ھارارەتنىڭ توپلىنىشىغا سەۋەب بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ماددىسى ھۆللۈك ۋە ياخشىراق تۇپراققا مەنسۇپ ئۈچۈچان تەركىبلەردۇر. ھارارەتنىڭ تەسىرى، ماددىلارنىڭ ئۈچۈچانلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تۈرلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ھارارەت مۆتىدىل، ماددىسى ئۈچۈچان، زېمىن ياخشى بولسا ياخشى تۇزلارنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا قۇرۇقلۇق بەكرەك تەسىر قىلسا پارچىلىرى چوڭ، ئاق، پارقىراق بولىدۇ. ھارارەت بەك يۇقىرى بولمىسا پارچىلىرى كىچىك ياكى ئۇششاق، يۇمشاق بولىدۇ. ھارارەت كۈچلۈك، ماددىسى ۋە زېمىن نېفىتلىك بولسا پارچىلىرى چوڭ، رەڭگى قىزىل بولۇپ، نېفىتلىك تۇز ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن نېفىتنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ھارارەت كۈچلۈك، ماددىسى ئۈچۈچان، زېمىن سېسىق بولسا ئۇنىڭدىن سېسىق تۇز ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ قالغان تۈرلىرىمۇ شۇ يوسۇندا ھاسىل بولىدۇ، مەدەنلەر ھەققىدىكى كىتابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى نېفىت تۇزىغا قارىغاندا، قارىلىقى سۇسراق بولىدۇ. نېفىت تۇزىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق نېفىتى ئايرىۋېتىلسە زەرانى تۇزىغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇتلەق تۇز ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. قانچە ئاچچىق بولسا شۇنچە ئىسسىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مۇھەممەد بىن يەئقۇب كەلىينىينىڭ ھەزرىتى ئەبى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ئەلى بىن ئەبى تالىبقا خىتاب قىلىپ: «ئىي ئەلى، تائام يېيىشنى تۇز بىلەن باشلاپ، تۇز بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن، قانداق ئادەم تائامنى تۇز بىلەن باشلاپ تۇز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىكەن، يەتمىش ئىككى خىل ئىللەتتىن ئامان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساراڭلىق، جوزام ۋە ئاقكېسەل بار» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە يەنە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ زات «كىمكى تائامنىڭ تۇنجى لوقمىسىغا تۇز سېپىپ يېسە يۈزگە چۈشىدىغان سەپكۈندىن خالاس بولىدۇ» دېگەن. يەنە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىي مۇسا، تائامىڭنى تۇز بىلەن باشلاپ تۇز بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن، چۈنكى ئۇ يەتمىش خىل ئىللەتكە داۋادۇر، ئۇلارنىڭ يەڭگىلى ۋە ئاددىيسى ساراڭلىق، جوزام، ئاقكېسەل، گال،

چىش، قورساق ئاغرىقىدۇر» دەپ ۋەھيى قىلغان. يەنە بىر ھەدىستە ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسساللامدىن رىۋايەت قىلىپ «نان خورۇچىنىڭ ياخشىسى تۇزدۇر» دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىپ «كىمكى ھەرقانداق نەرسىنى يېيىشتىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇز يېسە ئۈچ يۈز ئوتتۇز خىل كېسەللىكتىن ئامان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاددىيسى جوزامدۇر» دېيىلگەن. ھەزرىتى ئەبى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى رەسۇللاھ ئەلەيھى ۋەسساللامنى چايان چېقىۋالغان، ئۇ زات چايانغا لەنەت ئوقۇپ «سەن ھېچبىر مۆمىن ياكى كاپىرغا ئازار يەتكۈزمەي قويمىدىڭ» دېگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇز سوراپ چاققان ئورۇنغا سۈرگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىق پەسەيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «كىشىلەر تۇزدا نېمە خاسىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە باشقا ھېچبىر تەرياقنى ئىزدىمىگەن بولاتتى» دېگەن. تۇز ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر بىرقانچە ھەدىس بىلەن كۇپايىلەندۇق.

تەبىئەت ھۆكۈمالىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇز ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ قورۇش تەسىرى ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ قۇرۇتۇش، تارقىتىش قۇۋۋىتى كۆيدۈرۈلمىگىنىنىڭ شۇ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. خىلتلارنىڭ ئوفۇنىتىنى تۈگەتكۈچى، ئۇيۇغان خىلتلارنى ئېرىتكۈچىدۇر. ئاچچىق تۇزنىڭ تارقىتىش ۋە قىزىتىش تەسىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. قورۇلغان تۇزنىڭ تارقىتىش، ئۈچۈچانلاشتۇرۇش تەسىرى ۋە تۇزى ئاجىزراقتۇر. ئۇ قانچە يۇيۇلسا شۇنچە غىدىقلىماي قۇرۇتىدۇ، ئىچىنى سۈرۈش كۈچى زەئىپلىشىدۇ. تۇزلارنىڭ ھەممىسى بەلغەم، سەۋدا ۋە زەرداب سۇنى سۈرىدۇ، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ. خام كېكىرىش ۋە تائام بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. تائاملار، كۆكتاتلار، تەمسىز دانلار، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر، گۆشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ تەمىنى ياخشىلايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەلۇم خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرى باشقىلىرىغا قارىغاندا، كۈچلۈكرەك بولىدۇ، بۇ ھەقتىكى مەزمۇن ئاللا خالىسا يېقىندا بايان قىلىنىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئەندۇران تۇزى زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. شەھمەنزەل بىلەن مەلھەم قىلسا باش قىسمىدا پەيدا بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسىگە، سەبرە بىلەن مەلھەم قىلسا نەزلىلەرگە شىپا بولىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** كۆزگە سۈركىسە قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە پەردە ئۆسۈشكە داۋا بولىدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئەندۇران تۇزىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشى بولىدۇ. مەرۋايىت بىلەن سۈركىسە

چىشنى ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىغىز چايقالسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قۇرت يېگەن ۋە يۇلۇنۇپ چىقىپ كەتكەن چىشقا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەندۇراندىن چىقىدىغىنىنى كۆيدۈرۈپ ئىشلىتىلسە قۇرۇقلۇقى ئاشىدىغان بولۇپ، ياخشى پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن ئىغىز چايقالسىمۇ مەزكۇر تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئەندۇران تۇزى، نېفىت تۇزى ۋە ئۇنىڭ باشقا تۇرلىرى ئىستېمال قىلسا كۆكرەكتىكى شىلىمشىق بەلغەمنى پارچىلايدۇ. نېفىت تۇزى ھەسەل ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا بوغما كېسەل، كىچىك تىل ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا قەي قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، نېفىت تۇزى بىلەن قەي قىلسا دېزىنتېرىيەگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن قەي قىلسا ئاشقازاننى تازىلايدۇ. تۇزنىڭ ھەممە تۇرلىرى بەلغەم، سەۋدا ۋە زەرداب سۇنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ۋە توسالغۇلارنى يوقىتىدۇ. خام كېكىرىش، تائامنىڭ بۇزۇلۇشىنى يوقىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بەزى تۇرلىرىنىڭ مەلۇم خىلىتنى چىقىرىش كۈچى باشقا تۇرلىرىدىن ياخشىراقتۇر. ھەممىسى ئۈچەيلەرنى يۇغۇچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى سەۋدانىڭ يوقىلىشىغا ياردەم بەرگۈچى، تائامنىڭ تەمىنى ياخشىلىغۇچى، جوزام پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. بولۇپمۇ نېفىت تۇزىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئەندۇران تۇزى ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە ئىستىسقا، سەۋدا بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، مۇسھىللار بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەم ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك خىلتلارنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. تاغ پىننىسى، ياغ ۋە نان خېمىرتۇرۇش بىلەن زىمات قىلسا ئۇرۇقدانىنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئىتياڭىقى ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. پىننە ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا زەكەر يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قورۇلغىنى قۇرۇتىدۇ، ئەزالارنى قورۇيدۇ، كۆيدۈرۈلگىنى ئۇچۇچانراق بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زىغىر ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلسا چايان چېقىۋېلىشقا، تاغ پىننىسى، تاۋۇز ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا مۆڭگۈزلۈك يىلان چېقىۋېلىش، تىمساھ چىشلىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا مىڭئاياغ، سېرىق ھەرە چېقىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە ئەپيۇن، زەھەرلىك يەر مەدىكى زەھىرىنى يوقىتىدۇ. مىشكى تارامۇش بىلەن ئىشلىتىلسە ئەفئا يىلىنى زەھىرىنى يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى، قەتران بىلەن، تاغ پىننىسى ۋە كالا يېغى بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار: سوپۇن مازغىپى بىلەن زىمات قىلسا يەلدىن، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، ئەزالارنىڭ كۆپۈپ قېلىشىنى يوقىتىدۇ. تاغ پىننىسى ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، زۇپتى ۋە ھەسەل بىلەن

ئىشلىتىلىشى شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئوچاق لېيى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا تېرە ئاستىدا ئۆيۈپ قالغان قاننى، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆزگە سۈ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. خېمىرتۇرۇچ بىلەن زىمات قىلسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ. ھەسەل، زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەرگە بولغان تەسىرى ۋە زىننەتلەش تەسىرى: زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا قىچىشقاق، قوتۇر، سۇلۇق قاپارتما، جوزامغا، خېنە بىلەن مەلھەم قىلسا سۆڭەككە، ھەسەل ۋە پىننە بىلەن زىمات قىلسا بەلباغسىمان قوقاقنىڭ كېڭىيىشىگە، زەيتۇن يېغى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ، ئەمما ئوتقا يېقىن ئولتۇرۇش ياكى ئەزانى ئوتقا تەرلىگۈدەك قاقلاش شەرت قىلىنىدۇ. ئۇ يۇڭ بىلەن بىرلىكتە زەخمىگە تېڭىلسا قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىتمىسى بىلەن بەلباغسىمان قوقاق، گۆشخور يارا ۋە بەدەندىكى باشقا تاشمىلار يۇيۇلسا ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غۇسلى قىلسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ توغرىغۇ تەركىبلىكى سۇركىسە قاناشقا داۋا بولىدۇ. تۇز سالايە قىلىپ يەسمەن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر پارچە رەخت ئۇنىڭ بىلەن نەمدىلىپ قان ئالغان، خەتنە قىلغان ئورۇنغا ياكى باش قىسمىدىكى زەخمىگە قويسا قېنىنى تېز توختىتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: زەيتۇن يېغى ياكى ئۇنىڭ باشقىسى، زۇپتى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشى، ئەزالارنىڭ سوقۇلۇشى، بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا پەيلەرنىڭ تولغىنىشىغا داۋا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، قىزىتىلىپ ئەزاغا تېڭىلسا ئۇنىڭ سوغۇقتىن، يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ياكى يۇمشاق سوقۇلغان ئادراسمان ئۇرۇقى، بۇغداي كېپىكى ياكى گۈرۈچ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىق مېڭىگە زىيان قىلىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، بەدەن قىچىشىشقا، بەدىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دېڭىز سۈيىدىن ھاسىل قىلىنغىنى بەكرەك زىيان قىلىدۇ. قاننى كۆيدۈرىدۇ، بەدەندىكى خىلتلارنى قۇرۇتىدۇ، مەنىينى ئازايتىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يالپۇز، مايلىق، ھۆل سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئېلىپ قۇياش چايان ياكى سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە بىمارنىڭ ئۆيىدىكى ئوتقا تاشلانسا ئۆينىڭ ئىچىگە چاچرىسا بىمار شىپا تاپىدىغانلىقىنىڭ، بولمىسا شىپا تاپالمايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن. ئۇ ئۆيدە كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى ئايالنىڭ سول تەرىپىگە

ئېسىپ قويسا تۆغۆتى ئاسان بولىدىكەن.

## ملھى ئەندەرانى
(ئەندۇران تۇزى)

ئۇ ناھايىتى ئاق دېگەن مەنىدە «ملھى زەرانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى باشقا تۇزلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئاق، سۈزۈك، پارقىراق بولۇپ، قاشتېشىغا ئوخشايدۇ. پارسچە «نەمەكى سەنگى بىللەۋرى» (قاشتېشسىمان تۇز) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «نەمەكى لاھورى» (لاھور تۇزى) دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ لاھوردىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ كاندىن يېڭى چىقىرىلغاندا پارچىلىرى سەل يۇمشاق بولىدىكەن، ھاۋا تەگكەندىن كېيىن قاتىدىكەن. ئۇ تۇزلارنىڭ تۇرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، سۈزۈك، پارقىراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستاندا ئۇنىڭدىن تۇزدان، پىيالە، ئاياغ قېلىپى ياسىلىدۇ. نېپىز توغرالغان تەرخەمەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يېمەكلىكلەر ئۇنىڭغا قويۇلۇپ ئىستېمال قىلسا تۇز قوشۇلمىسىمۇ تۇزلۇق تېتىيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، بەلغەم ۋە شىلىمشىق ماددىلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. خام كېكىرىش ۋە كۆپ كېكىرىشكە داۋا بولىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ تۇزدا بايان قىلىنغان دورىلىرىغا ئۇنىڭ باشقىسى قوشۇلمايدۇ.

## ملھى سانبەھر
(سانبەھرى تۇزى)

**ماھىيىتى:** بەزىلەر ئۇنى ئەندۇران تۇزى دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئۇنىڭدەك ئاق، پارقىراق ئەمەس، پارچىلىرى كىچىك، سەل قىزىلدۇر. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەر ئازراق كولانسا ئارىلىقلىرى، كاناللىرى ۋە يېرىقلىرىدىن سۇ سىرغىپ چىقىپ كولانغان ئورەككە يىغىلىدىكەن، ھاۋانىڭ تېگىشى بىلەن قاتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇچانلىقى لاھور تۇزىنىڭ ئۇچۇچانلىقىدىن تۆۋەنرەك ئىكەن. تەبىئىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىكەن.

## ملھى ئەسۋەد
(قارا تۇز)

ئۇ پارسچە «ملھى سىياھ»، ھىندىچە «كالا لون» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئاش تۇزىنىڭ تۇرلىرىدىن بولۇپ، قارا، سەل ئاچچىق بولىدۇ، يۇرىقىدا نىفىت ھىدى بولمايدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئەندۇران تۇزىدىن ئارتۇقراقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ يۇمشىتىش، ئىچىنى سۇرۇش، جۇلا بېرىش قۇۋۋىتى ئەندۇران تۇزىنىڭ شۇ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەك، نىفىت تۇزىغا يېقىنراقتۇر. يۇمشاق سالايە قىلىپ ئەنبە مېۋىسى قۇرۇق ئۇرۇقچىسىنىڭ يۇمشاق سالايە قىلىنغان تالقىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا ھېق تۇتۇشقا داۋا بولىدۇ.

## مىلھى رەشىيدىي
(رەشىد تۇزى)

ئاش تۇزىنىڭ قىزىلغا مايىل تۇرىدۇر.

## مىلھۇل ئەجىين
(ئاش تۇزى)

يەنى نان خېمىرى ۋە تائامغا قوشۇلىدىغان تۇزدىن ئىبارەت. ئۇ ئەندۇراندىن چىققىنىنىڭ قاتتىقىنى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاتمىغىنى، يەنى پارس، ئىراندا بولىدىغان دېڭىز تۇزى، دېڭىز سۈيىدىن ھاسىل قىلىنغان تۇز قاتارلىقلارغا ئوخشايدۇ. ھەر شەھەردە ئۇنىڭ مەلۇم بىر تۇرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ئىراق، ئەرەبىستان، رىم، ھىجاز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا مەزكۇر قاتتىقىنى، پارس، ئىراندا دېڭىزدىن ھاسىل قىلىنغان قاتمىغىنى، سىندى شەھىرى، دۆكەن، بېنگال قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدىن ھاسىل قىلىنغان سۇنئىيسى، گوركەپۇر، جونپور، بەنارىس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا تۇزلۇق يەرلەرنىڭ تۇپرىقىدىن ھاسىل قىلىنغىنى ئىشلىتىلىدۇ، يەنى شۇ ئورۇنلارنىڭ تۇپرىقى يىغىلىپ سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ سۈيى سۈزۈلدۇرۇلۇپ تۇزى ئۇيۇغۇچە قاينىتىپ ھاسىل قىلىنىدۇ. ھىندىستاندا سانبىرى تۇزىمۇ شۇ يوسۇندا ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە سېرىققا مايىل ئاق، قىزىلغا مايىل، قارىغا مايىلدىن ئىبارەت بىرقانچە تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ياخشىسى ئاق، سۈزۈك بولغىنىدۇر.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، پەقەت دېڭىز سۈيىدىن ھاسىل قىلىنغىنىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارتۇق بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئەندۇران تۇزىغا ئوخشاپ قالىدۇ، پەقەت سۇنئىيسىنىڭ

ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ئارتۇقراق، ئاچچىققا مايىل بولىدۇ.

## ملهى تەبەرزەد
(تاشتۇز)

**ماهىيىتى:** تاغدىن چىقىدىغان تاشسىمان تۇز بولۇپ، ئاق، سۈزۈك، پارقىراق بولغانلىرىنىڭ ئەندىزان تۇزى، لاھور تۇزى دەپ ئاتالغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئالدىدا بايان قىلىندى.

## ملهۇل مۇرر
(ئاچچىق تۇز)

ئۇ پارسچە «نەمەكى تەلخ» (ئاچچىق تۇز)، ھىندىچە «پادا لون» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئاق، قارا ۋە سېرىققا مايىل تۇزدۇر.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەرەب يېلىمى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە يارىلارنى پۈتتۈرۈش تەسىرى ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئاززاق ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان نېفىت تۇزى ئىكەن، باشقىسى ئەمەس ئىكەن، يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كاندىن چىقمايدىكەن، بەلكى سۈنئىي تەييارلىنىدىكەن.

## ملهى نفتىي
(نېفىت تۇزى)

**ماهىيىتى:** ئۇ كاندىن چىقىدىغان تۇزلاردىن بولۇپ، قارا، بەتبۇي، نېفىت ئارىلاشقان بولىدۇ، قورۇلسا ۋە كۆيدۈرۈلسە نېفىتى ئازلاپ ۋە يوقاپ ئاقىرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىنى سۈرۈش، قۇستۇرۇش تەسىرى باشقا تۇزلاردىن كۈچلۈكرەكتۇر، يەنە بەلغەم بىلەن سەۋدانى چىقىرىش جەھەتتە تۇزلارنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. قىزىلگۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىسا قوتۇر ۋە بەدەندىكى تاشمىلارنى چىقىرىش جەھەتتە ئاجايىپ ئۈنۈم كۆرسىتىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ «تۆھپە» دېگەن كىتابىنىڭ ھاشىيىسىدە «مەلۇم بولۇشىچە نېفىت تۇزى كۆپ ھاللاردا ‹قەلا› دەپ ئاتىلىدىغان، ‹سەججى› دېگەن سۆز بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىل تاشتىن ھاسىل قىلىنىدۇ، غازى پور دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەزىم ئاباد دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ‹پەتنە› دېگەن يەردە ياسىلىپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپ يازغان.

ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، قەلا (شاخار) دېگەن تاش ئاۋۋال كۆشتە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوقۇلۇپ سۇ بىلەن قايىنىتىپ قاتۇرۇلۇپ نېفىت تۇزى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئېھتىمال ئۇمۇ سۇنئىي ۋە تەبىئىي دەپ ئايرىلىشى مۇمكىن.

## مىلھى ھىندىي
### (ھىندىستان تۇزى)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تۇز بولۇپ، پارقىراق، قارىغا مايىل قىزىل، يەنى بىنەپشە رەڭ، پارچىلىرى سەل چوڭ بولىدۇ. ھىندىچە «سىندە لون» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: زەرداب سۇ، سەۋدا ۋە بەلغەمنى سۈرىدۇ، ئىشتىھانى قوزغىتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. باشقا تەسىرلىرى تۇزنىڭ باشقا مەزكۇر تۇرلىرىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: ئۈچ يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كۆپ قىسىم ئۆسۇملۈكلەر ۋە يوپۇرماقلاردىن تەييارلىنىدىغان «كەھار» دەپ ئاتىلىدىغان سۇنئىي تۇزنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ئۆسۇملۈك ياكى تۇرۇپ، نوقۇت، تاماكا، بانان ۋە ئۇنىڭ باشقىسىغا ئوخشاش خالىغان ئۆسۇملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قۇرۇتۇلۇپ كۈل بولغۇچە كۆيدۈرۈلىدۇ، كۈلى سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ تېگىگە ئولتۇرغۇچە تۇرغۇزۇلۇپ سۈزۈك قىسمى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى كوزىغا قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قاچا يېقىن قويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز پاختا ياكى چىگە رەختتىن پىلتە ياساپ نەمدىلىپ، بىر ئۇچى كۈل سۈيى قاچىلانغان قاچىغا، يەنە بىر ئۇچى بوش بولغان يەنە بىر قاچىغا قويۇلۇپ سۇنىڭ ھەممىسى بوش قاچىغا تامچىلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈل لېيىغا يەنە سۇ قۇيۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ لېيى تېگىگە ئولتۇرغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن سۈزۈك قىسمى يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە يېنىدىكى قاچىغا تامدۇرىدۇ، كۈلدە تۇز قالمىغۇچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈلگەن سۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قايتا تامچىلىتىلىپ سۈزۈك قىسمى قاتقۇچە قايىنىتىلىدۇ ياكى

كۆلنىڭ مەزكۇر سۈيىدىن ئەرەق تارتىلىپ، چىققان ئەرەق قاينىتىپ ئۇيۇتۇلىدۇ.

«قەلا»، پارسچە «قەليا»، «كەھلا»، ھىندىچە «سەججى» دەپ ئاتىلىدىغان شاخار تۇزىمۇ يۇقىرىقى تامچىلىتىش ۋە قاينىتىپ ئۇيۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە ھاسىل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قاينىتىلىشى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى «قەلا» (شاخار) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ئۇ سىركە بىلەن ئېرىتىلىپ ئۇيۇتۇلغاندىن كېيىن نۆشۇدۇر بىلەن سالايە قىلىپ، ھەر ئۈچ گىرامىغا بىر دانە توخۇ تۇخۇمى قوشۇلۇپ ئوت بىلەن پىشۇرۇلۇپ يېغى سىقىپ چىقىرىلىپ زىمات قىلسا زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ تازىلايدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى، ھەببى، مۇسھىلى، ھەببى ھايات دەپ ئاتالغان ھەببى، ئەرقى، مىلھى سۇلەيمانى دەپ ئاتالغان نۇسخىسى، پاچەك دەپ ئاتالغان نۇسخىسى، يېغى ۋە مەجۇنى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىندى.

## ملهى فەرەنگي
(فەرەڭ تۇزى)

ئۇ ئوكسىدلاندۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىر خىل تۇز بولۇپ، قەلەمچىلەر ۋە چوڭ - كىچىك پارچىلار شەكلىدە، ئاق، پارقىراق بولىدۇ، فەرەڭ (فىرانسىيە) دىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. تەمى سەل تۇزلۇق، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ، بەلغەم، سەۋدا ۋە زەرداب سۈنى سۈرىدۇ. ئوفۇنەتلىك كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 24 ~ 48 گىرامغىچە ئېلىپ قايناق سۇ ۋە ئارپىبەدىيان ئەرقىدە ئېرىتىلىپ ئاز مىقداردا شېكەر قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلسا ئىچىنى بىرقانچە قېتىم ناھايىتى ياخشى سۈرىدۇ. كۆچلۈكرەك بولۇش مەقسەت قىلسا ئۇنىڭدىن 24 ~ 48 گىرامغىچە ئېلىپ بىمارنىڭ مىزاجى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ 48 گىرام شىرخىست، تۆت گىرام قىزىلگۈل بەرگى، ئالتە گىرام ئارپىبەدىيان ئېلىپ چالا سوقۇلۇپ كەچتە ئىلمان سۇغا چىلاپ ئەتىگەندە سۈزۈلۈپ ئىلمان ھالەتتە بىللە ئىچىلىدۇ. تەسىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بەدىيان ئەرقى بەزى - بەزىدە ئىلمان ئىچىلىدۇ.

## پەسىل: «م» (مىيم) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مەنن
(شەبنەم قاتمىسى)

ماھىيىتى: ئۇ دەرەخلەر ۋە ئۆلارنىڭ باشقىلىرىغا چۈشۈپ قاتقان ۋە تاتلىق بولغان شەبنەمسىمان قېتىشمىلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. مەسىلەن: يانتاقشېكىرى، يۇلغۇنشېكىرى،

شىرخىست ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش. زەھەرلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇستىگە چۇشۇپ قاتقانلىرى زەھەرلىك بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇشەر شىكىرىگە ئوخشاش. قابىز خۇسۇسىيەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇستىگە چۇشۇپ قاتقانلىرى قابىز خۇسۇسىيەتلىك، سۈرگۈچى خۇسۇسىيەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇستىگە چۇشۇپ قاتقانلىرى سۈرگۈچى بولىدۇ. ئۇ ئومۇمەن سۈرگۈچى دورىلاردىن بولۇپ، ھەربىرى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدى.

## مەنج زەراۋەشان
(ياۋا خەيرىگۈل ئۇرۇقى)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: نانخاغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، قىزىل، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. بەزىلەر ياۋا خەيرىگۈل ئۇرۇقى دەپ قارايدۇ.

## پەسىل: «م» (مىم) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## مۇۋ
(مۇۋ يىلتىزى)

ئۇ «مۇۋۋ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «مىيۇە» دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىلەر «مىيتىيقۇن»دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «رىيشە ۋالا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى سېرىق چېچەككە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن تومراق بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى تارقاق، ئىنچىكە، ئۇزۇن ئۆسىدۇ، بەزىلىرى ئەگرى، بەزىلىرى تۈز بولۇپ، خۇش پۇراق كېلىدۇ، غارىقۇن رەڭگىدە، سېرىققا مايىل بولىدۇ. سىل ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، چاينىسا تىلنى چاقىدۇ ۋە قىزىتىدۇ. كۆپ ھاللاردا مەقدۇنىيا دېگەن يەردە ئۆسىدۇ. ئاق، سۈزۈك، پاكىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىركىگە چىلىماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. سىركىگە چىلاشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ سىركىگە تاشلىنىپ بىرقانچە كۈنگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىلىپ قۇرۇتۇلۇپ قۇرس ياسىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەنتاكىي ئۇنى تاغ سۇمبۇلىنىڭ يىلتىزى دەپ بىلگەن. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. قورساقنى ئەسكۈچى ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇغۇچى، قىزىتقۇچى، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئۇخلاتقۇچىدۇر.

باش، پەي، كۆكرەك، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يەلتىزى ئىستېمال قىلىسا نەزلىلەرنى توسىدۇ، ئۇنىڭ كۆكرەككە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، پەي، بوغۇم كېسەللىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئاغرىقلىرى، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋساق ئاجىزلىقلىرىغا شىپا بولىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، بالىياتقۇ ئىسسىلىشقا پايدا قىلىدۇ، مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولغان قورساق، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، بەلغەملەر ۋە ئاشقازاندىكى شىلىمشىق ماددىلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، مەنىي پىشۇرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا سۈيدۈك قىيىن كېلىش، سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنى سىركىگە چىلاپ قويۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

(2) تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئون گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە سۇمبۇل تىب، يېرىم ھەسسە جويۇز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردىكى پەتەر ئاسالىيۇن ئۇنىڭغا بەدەل بولىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قارىمۇچ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەپسەنتىن ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدىكەن.

## مەۋز
(بانان)

ئەرەبچە سۆزدۇر، ئەرەبچە يەنە «تەلئ»، ھىندىچە «كىيلە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ھىندىستان، دۇكەندە كۆپ بولىدۇ. ئەرەبىستاننىڭ كۆپ شەھەرلىرى، يەمەن، ئامان، بەسرە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دېڭىز ساھىللىرىدىن چىقىدۇ، ئىراندىمۇ ئاز مىقداردا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ نازۇكلىقى ۋە شېرىنلىكى بېنگالدا ئۆسكىنىدىن ئارتۇق بولىدىكەن. ئۇ

بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ، ھەربىرى ھەربىر شەھەردە ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىدۇ، بولۇپمۇ بىنگالدا تېخىمۇ شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى كەڭ، ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىغىچە بولىدىغان بولۇپ، دەرەخ غولىدىن بىۋاستە ئۆسۈپ چىقىدۇ. دەرەخ غولى قات ـ قات، ناھايىتى سۇلۇق بولىدۇ. غولىنىڭ ئىچىدە ئېتى بولۇپ، ھىندىچە «كىنجىيال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ نېپىز توغرىلىپ بېلىق بىلەن ياكى يالغۇز پىشۇرۇپ باشقا كۆكتاتلار ۋە يىلتىزلارغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. مېۋىسى دەسلەپتە چىققاندا قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك، قىزىل، كۆك رەڭگە مايىل بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ، كېيىن يېرىلىپ باشاق چىقىرىدۇ، باشقىدا ناھايىتى ئۇششاق بانان دانچىلىرى بولىدىغان بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا چوڭىيىپ ۋايىغا يېتىپ پىشىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كېسىپ ئېلىپ سىرتقى پوستى سويۇۋېتىلىپ، ئىچىدىكى ئېتى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ بىر قېتىملا مېۋە بېرىپ قايتا مېۋە بەرمەيدىغانلىرى كېسىلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغال «كىنجىيال» دەپ ئاتىلىدىغان ئېتى چىقىرىلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ مېۋە بېرىدىغان مەخسۇس پەسلى ۋە ۋاقتى بولمايدۇ، بەلكى يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە مېۋە بېرىدۇ، پەقەت يامغۇر پەسلىدە مېۋىسى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ئەتراپلىرىدىن كۆپلىگەن نوتىلار ۋە كۆچەتلەر ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، دەرىخى ئېگىز ئۆسكەندە مېۋىسى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن كېسىپ ئېلىۋېلىنغان ۋە غولى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا مەزكۇر نوتىلار ئۆستۈرۈلۈپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. يەنە بەزىدە كۆچەتلىرى كولاپ چىقىرىلىپ باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ تىكىلىدۇ. مەلۇم باغ ياكى ئېتىزدا ئۈچ ـ تۆت تۈپ دەرەخ يېتىشتۈرۈلسە يەر كۈچلۈك بولسا ئۈچ ـ تۆت يىلدا كۆپىيىپ بىرەر يۈز تۈپتىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ مېۋىلىرى تاتلىق، نازۇك، يېپىشلىك، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ، ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا «كىيلەئى مەرتەبانى» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدىن، بولۇپمۇ جاھانگىر نىگەردىن باشقا ھىندىستان ۋە دۇكەننىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ مەزكۇر تۈرى بولمايدۇ. ئۇ ئۇرۇقسىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە باشقا تۈرلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇرۇقلۇق كېلىدۇ، بەزىلىرى ناھايىتى ئىسسىق، ئۇششاق بولىدۇ، مەسىلەن: ئەنۇپان، سىفرى، چىينىيە، مالبوگ، چەنپا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلىرىگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ تەمى تاتلىق، سەل خۇش پۇراق بولىدۇ، ئەمما مەرتەبانى دەپ ئاتالغىنىدەك نازۇك، يېپىشلىك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، بولۇپمۇ ياخشى پىشمىغانلىرى سەل قىرتاق بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كەچكىيلە دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ باشقى ۋە مېۋىسى ئۇنىڭ باشقا ھەممە تۈرلىرىدىن چوڭراق بولۇپ، بىر غېرىچقىچە كېلىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ. ئۇنىڭ پىشقىنىمۇ تەمسىز، شىلىمشىق، قىرتاق، تاتلىق تەمى كەم بولغاچقا يېيىلمەيدۇ، بەلكى چالا پىشقاندا پوستى سويۇۋېتىلىپ، ئېتى نېپىز توغرىلىپ بېلىق گۆشى

ۋە قورۇما گۆشلەر بىلەن ياكى ئۆلارسىز پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن ناچار بولغان يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بېنگالدا «ئەتىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرى ناھايىتى مەززىسىز، شىلىمشىق، قىرتاق، ئۇرۇقلۇق بولغاچقا كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ چالا پىشقىنىمۇ يېيىلمەيدۇ، پەقەت كەمبەغەل بىچارىلەر يەيدۇ.

ئۇنىڭ مەزكۇر تۈرلىرىنىڭ ھەربىرى تۇپراق، سۇ ۋە ھاۋانىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بەزى شەھەرلەردە يەنە بەزى شەھەرلەردىن ياخشىراق بولىدۇ. ھەر يەردە ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر تۈرلىرى بېنگالدىن، بولۇپمۇ جاھانگىرنىگەردىن باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. خۇددى تۇزلار بايانىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقى قۇرۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈلۈپ بىر خىل تۇز ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىدە توغرىغۇ ماددىسى ۋە تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار بولغاچقا، ھىندىستان ۋە بېنگالدىكى بۆتچىلەر ئۇنى بەزى بەك كىر كىيىملەرنى يۇيۇشقا سوپۇن ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن كىيىملەرنى ئۇنىڭ سۈيىگە بىرقانچە كۈن چىلاپ قويۇپ ئازراق قاينىتىپ ئالسا، ئارقىدىن سۈزۈك سۇ بىلەن چايقىسا ناھايىتى پاكىز بولىدۇ، بۇ خىل مەشغۇلات ئۇلارنىڭ تىلىدا «بەتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرغۇچى، ئاستا ھەزىم بولغۇچى، ھەزىم بولغاندىن كېيىن قويۇق قان پەيدا قىلغۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر.

كۆكرەك، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۆپكىنى ھۆللەشتۈرىدۇ، قۇرۇق يۆتەل، گال قۇرۇشقا داۋا بولىدۇ. ئاشقازانغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. بۆرەكنىڭ ئورۇقلۇقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ چالا پىشقىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا چاچ چۈشۈش، تەمرەتكە، قوتۇر، قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. سۇ ۋە قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن مەلھەم قىلسا داغ يوقىتىپ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ.

**ئىششىقلار:** يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، ئوت كۆيۈك يارىسى: ئۇنىڭ بېنگالدا «مالبوك» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى زىمات قىلىپ ئوتتا كۆيگەن ئورۇنغا چېپىلسا سۇلۇق قاپارتقۇ ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بانانىنىڭ «بولەك» دەپ ئاتالغان تۈرىنىڭ پىشقىنى مەلھەمدەك بولغۇچە ئېزىلىپ بىر پارچە رەختكە سۈرۈلۈپ بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى يارىلارغا، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئىنىك ئانىسىدىكى سىفلىس سەۋەبىدىن پەيدا بولغان يارىلارغا بەش ـ ئالتە قېتىم يېپىلسا ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن ساقىيىدۇ. ئۇنىڭ پوستى ۋە دەرىخى قوۋزىقىنىڭ

كۆلى سىپىلسە يارىلارنىڭ قانىشىغا شىپا بولىدۇ، ئۆلارنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاستا ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئىسسىدۇ، كۆپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا يەل، بەلغەملىك قويۇق قان، بەلغەم، تۇسالغۇ، قۇلۇنجى، تولغاق پەيدا قىلىدۇ، ھەزىمنى، بولۇپمۇ مىزاجى ھۆل سوغۇق بولغان ۋە ھاۋالىسى شەھەرلەردە ياشىغۇچىلارنىڭ ھەزىم قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەزالار ۋە ئۇرۇقدانلىغا سۇ چۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۈستىدىن سۇ ئىچىلسە ئىخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۈستىگە تۇز سېپىپ ئىستېمال قىلىش، بەزى سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ زەنجىۋىل مۇراببىاسى، ھەسەل، شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىشى، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىش زۆرۈردۇر. ئەگەر ئۇنى ناشتىدا ئىستېمال قىلسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئۇنى مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق، بەدىنى كۈچلۈك بولغانلار ۋە قۇرۇق ئىسسىق شەھەرلەردە ياشىغۇچىلار ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ، بەدىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، بەدىنىنى سەمرىتىدۇ. مىزاجى ھۆل سوغۇق، بەدىنى ئاجىز بولغانلار، ھاۋالىسى نەم شەھەرلەردە ياشىغۇچىلار ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئۆلارنىڭ ئوخشاشلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئىستېمال قىلسا قورساقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ.

دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بانان يوق ئورۇنلاردا ئۇنى ئۆستۈرمەكچى بولسا خورما ئۇرۇقى يەرگە تىكىلسە، تىكىلگەن ئورۇنغا ئات قىغى تۆكۈلۈپ سۇغۇرۇلسا بانان دەرىخى يېتىشىدىكەن.

## مۇسلى
(مۇسلى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىخى چېچەكلىمىگەن سىنبەھل دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئىكەن. ئۇ شاقاقۇل مىسرى تومىلۇقىدىكى بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. ئاق، قارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئېقى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئىشلىتىلىدۇ، بەزىلەر قارىسىنى پايدىلىقراق دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ياغاچ پىچاق بىلەن ئىپىز توغرىلىپ سايىدا قۇرۇتۇلغاندىن

كېيىن تالقان قىلىپ 10 گىرام ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلسا زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، ئۇنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئون گىرام ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى زىرە كېرمانى بىلەن ئىستېمال قىلسا يەرقانغا، ھىندىچە «سەتۋا» دەپ ئاتىلىدىغان يىلتىزسىز زەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان خولېرا، ئىچ سۈرۈشكە، پىياز سۈيى بىلەن ئىچىلسە يەلدىن بولغان قۇلۇنجغا، پەرەنجىمىشكى سۈيى ياكى پەرەنجىمىشكىنىڭ بىر تۈرى بولغان رەيھان يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا بۆرەكتە يەل تۇرۇۋېلىشقا، باراۋەر مىقداردىكى چاڭگاك يوپۇرمىقى بىلەن ئىستېمال قىلسا بالىلاردىكى تۇتقاق كېسەلگە، ئىترىفىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ھىندىچە «پەرمىيۇ» دېيىلىدىغان مەنىي ئېقىش كېسەللىكىگە، نانخا بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە، پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا غالىجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا، كۈنجۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپ ۋە چېچەككە، تاشتۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىشتىھاسىزلىق ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە، ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقىغا، كالا سۈتى ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا مەنىي ئازلىق، باھ ئاجىزلىق ۋە بەدەننىڭ ئورۇقلۇقىغا، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا زۇكام ۋە نەزلىگە شىپا بولىدۇ، بەلغەملەرنى يوقىتىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ پايدىلىق ۋە ياخشى بولغان ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ئىككى يىللىق بولغان دەرىخىنىڭ ئاق يىلتىزى يەردىن كولاپ چىقىرىلىپ ئىنچىكە يېپچە يىلتىزلىرى تازىلىنىپ ياغاچ پىچاق بىلەن نېپىز توغرىلىپ ياغاچ يىڭنە بىلەن تىشىلىپ يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ سايىدا قۇرۇتۇلۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئۇنىڭدىن كۈنىگە 12 گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى ناۋات بىلەن بىرلىكتە يېرىم پىيالە ئىسسىق سۇغا تۆكۈلۈپ قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ شىربىسى چىقىرىلىپ ئىچىلىپ 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلسا، ئۇنى ئىستېمال قىلغان كۈنلەردە چۈچۈمەل، يەللىك نەرسىلەردىن، جىما، روھىي، جىسمانىي ھەرىكەتلەردىن ۋە سوغۇق ھاۋا، سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلسا بەدەننىڭ بارلىق ھايۋانىي، تەبىئىي، نەپسانىي قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ، قېرىلارنى ياش ھالىتىگە قايتۇرىدۇ.

**ھېكايەت:** ھەكىم شەرەفۇد دىين ئۆزىنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن ئىلاجلىرىدا مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ دورىنى يېيىشنى باشلىدىم، ئايالىم بىلەن جىما قىلىشقا قۇربىتىم يەتمىگەچكە ئاتام مېنى بىر تەرىپىگە، ئايالىمنى يەنە بىر تەرىپىگە ياتقۇزاتتى، مەزكۇر دورىنى يەپ 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باھ قۇۋۋىتىم زىيادە بولۇپ، شەھۋەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن سەۋر قىلىپ تۇرالمىدىم. بىر كېچىسى پۈتۈمنى ئاتامنىڭ ئۇستىدىن ئۆزارتىپ ئايالىمنى ئۇستىگە

ئارتىلدۇرۇپ ئۆزۈم تەرەپكە ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭ بىلەن جىما قىلغاندىن كېيىن يەنە پۇتۇمغا ئارتىلدۇرۇپ ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ قويماقچى بولدۇم. بۇ جەرياندا پۇتۇم تىترەپ كېتىپ ئاتامنىڭ قورسىقىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ: «ئى زالىم، نېمە ئۈچۈن 40 كۈنگىچە چىدىمايسەن، بۇ سىرنىمۇ بىكار قىلدىڭ، دېگەن ئىدى.»

## مۇلسەرى

(مۇلسەرى دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل چوڭ دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى نەيچىسىمان، رەتلىك، كۆركەم ئۆسىدۇ، ھىندىستان، بېنگال، فىرانسىيە قاتارلىق ئەللەردە كۆپ بولۇپ، باغلار ۋە ھويلىلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، سىلىق بولىدۇ. گۈلى كىچىك، كەڭ، يۇمىلاق، چىشلىق، سەندەل رەڭگىدە، ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالنىڭ يامغۇر پەسلى بولغان ياز پەسلى ئۇنىڭ گۈللەيدىغان ۋاقتىدۇر. مېۋىسى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، چىلان چوڭ جىگدە چوڭلۇقىدا بولىدۇ، رەڭگىمۇ ئۇنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. ئېتى ناھايىتى قىرتاق، سەل تاتلىق، ئۇرۇقچىسى چوڭ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۈلى قۇرۇق ئىسسىق، مېۋىسى قۇرۇق سوغۇق، قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خېمى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ خام مېۋىسى ۋە ئۇرۇقچىسى مەنىي تۇتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى دورىلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەنىي تۇتقۇچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنىڭ چىلانمىسى ئىچىلسە سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، سۈيدۈك يولى يارىسى، سىفىلىسقا شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى بار. دەرىخىنىڭ قوۋزىقى قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قۇرۇتۇلغان گۈلى بۇرۇنغا پۈركەلسە بېنگالدا كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان، بەدەن قاتتىق قىزىش، باش، بويۇن، تاغاق ۋە باشقا ئورۇنلار ئاغرىشقا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان كېسەللىككە شىپا بولىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلى چىلىمغا سېلىنىپ بۇسى تاماكا ئورنىدا سۈمۈرۈلسىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ. گۈلىنىڭ ئەرقى ئىستېمال قىلسا ۋە بۇرۇنغا پۈركەلسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

زىيانداش ھاشاراتنى يوقىتىش: گۈلى يوتقان ـ كۆرپە، رەختلەرگە قويۇپ قويسا مىڭئاياغ، يىلانغا ئوخشاش زىيانداش ھايۋانلار يېقىن كەلمەيدۇ.

ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە «بولسەرى» نامى بىلەنمۇ بايان قىلىندى.

## مۇمىيا

(مۇمىيا)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، جەسەتلەرنى ساقلىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «ئەرەقۇل جىبال» (تاغ تەرى)، پارسچە «مۇمىيائى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قىير (بىر خىل قارا ماي) غا ئوخشاش بىر خىل ماددا بولۇپ، بەزى تاغلارنىڭ چاكلىرى ۋە يېرىقلىرىدىن سىرغىپ چىقىدۇ. ھەممىسىدىن ياخشىسى پارسقا قاراشلىق داراب تېغىدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىستەھيانات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن، ئۇنىڭدىن قالسا كەھكىلۇيە دېگەن يەردىن چىققىنىدۇر. باشقا يەرلەردىن ئېلىنغىنى مۇمىيا ئەمەس، قىير بولۇپ، تەسىرى ئاجىز، خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ ئەمەستۇر.

موللاھ ئەھمەد تەھتە دېگەن كىشىنىڭ «تارىخۇل ھۇكەما» (ھۆكۈمالار تارىخى) دېگەن كىتابىتا ئۇنىڭ بايقىلىشى توغرىسىدا يېزىشچە، فەرىدۇننىڭ زامانىسىدا كاندىن چىقىدىغان مۇمىيا ئاجايىپ تاسادىپىي ھالەتتە بايقالغان. ئۇنىڭ بايقىلىشىنىڭ تەپسىلاتى ئىشەنچلىك كىتابلاردا شۇنداق بايان قىلىنغانكى، فەرىدۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پارسىنىڭ داراب دېگەن يېرىدە شىكار قىلغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئوقىنى تۇيۇقسىز بىر دانە تاغ قوچقىرىغا تەگكۈزگەن، ئۇ يارىلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغان، ئۇلار ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىغان، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە شىكارغا چىقىپ ھېلىقى تاغ قوچقىرىنى بەدىنىگە ئوق سانجىلغان ھالەتتە خۇددى ئەسلا زەخىملەنمىگەندەك بىخارامان، ساغلام يۈرۈۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي بايقاپ قالغان. ئۇلار بۇ ھالدىن ھەيران قېلىشىپ ئۇنى ئۇۋلىغان يەرگە بېرىپ ھەر تەرەپتىن قورشاپ ئۇنى ئاخىر تۇتقان، ياخشى كۆزەتكەندىن كېيىن زەخىمنىڭ ئىچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا ئاز مىقداردا مۇمىيانىڭ چاپلاشقانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق زەخىمىسىنى مۇمىيا بار جايغا سۈركىگەندىن كېيىن مۇمىيا زەخىمگە چاپلىشىپ زەخىمىسىنىڭ ساقىيىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى سەزگەن. بۇ خەۋەر فەرىدۇنغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ھۆكۈمالار ۋە تېۋىپلار ئۇنى سىناق قىلىپ ئۇنىڭ جاراھەتلەرنى ساقايتىش، سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرۇش جەھەتتە چوڭ تەسىرلىرى ۋە پايدىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆكۈمالار بۇ دورىنى فەرىدۇننىڭ زامانىسىدا مۇنداق بايقىغان: بىر كۈنى فەرىدۇن شىكارغا چىقىپ بىر دانە كېيىككە ئوق تەگكۈزگەن، ئوق ئۇنىڭ بىر بىقىنىدىن كىرىپ يەنە بىر بىقىنىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇ يەنە ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق ئاتقان، بۇ چاغدا ئۇ ئاقسىغان ھالەتتە قېچىپ كەتكەن. فەرىدۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان، ئۇ مەلۇم ئويمان يەرگە كىرىپ ئۇ يەرنى تىلى بىلەن يالىغان، فەرىدۇن ئۇنىڭغا يېتىشكەندىن كېيىن ئۇ يەنە قاچقان، ئەمما، ئۇ ئاقسىمىغان، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ ھۆكۈمالارنى ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىشقا بۇيرۇغان. تەكشۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر ئورۇندىكى تاش ئارىلىرىدىن يېلىمغا ئوخشايدىغان بىر خىل ماددىنىڭ سىرغىپ چىقىدىغانلىقىنى، كېيىكنىڭ ئۇنى يالىغانلىقىنى بايقاشقان. فەرىدۇن بۇنى بىلگەندىن كېيىن قاراۋۇللارنىڭ ئۇ يەرنى ساقلىشى، ئۇنىڭدىن قانچىلىك يىغالىسا ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. تا ھازىرغىچە ئۇ يەردە قاراۋۇللار بار بولۇپ، ھەر يىلى يىغىلغىنىنى پادىشاھلارغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ۋە مەزكۇر ئورۇننىڭ تاشلىرىنىڭ ئارىلىرى ۋە تېگىنى كۆپ كولاش ئارقىلىق ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئويمانلىشىپ خۇددى قۇدۇقتەك ئېگىزلىكى ئىككى ئادەم بويىي، كەڭلىكى ئۈچ - تۆت غۇلاچ كېلىدىغان ئازگال ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ ئېغىزىغا چوڭ تاش قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، ھەر يىلى قاراۋۇللاردىن 50~60 يىغىلىپ مەزكۇر تاشنى بىر تەرەپكە تارتىپ بىرىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بىر يىل جەريانىدا ئەتراپىدىكى تاغنىڭ تېگىدىن سىرغىپ چىقىپ يىغىلغان، ئۈستىدە بىر قەۋەت نېپىز ياغسىمان ماددا قاتقان بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى سۇنى تېگىدىكى تاش - قۇملىرى ۋە باشقا ماددىلىرى بىلەن بىرلىكتە يىغىپ چىقىپ چوڭ قازانغا تۆكىدۇ، قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ قازاننى ئوت ئۈستىگە قويۇپ يېغىنىڭ لاي ۋە قۇم - تاشلاردىن ئايرىلىشى ئۈچۈن قاينىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قازاننىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ سوۋۇغىچە قويىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىنى ئېچىپ يۈزىگە باغلىغان يېغىنى پاكىز يىغىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قازاندىكى سۇنى يەنە قاينىتىپ، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە يېغىنى يىغىۋالىدۇ، تاكى سۇدا يەنە ياغ قالمىغۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىش ھەققى ۋە ئوغرىلىغان ھېسابتا مەلۇم مىقداردا ئېلىۋالىدۇ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىگە پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئومۇمەن بىر يىلدا 740~750 گىرامغىچە مۇمىيا يىغىۋېلىنىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ 1500 گىرام ئەتراپىدىمۇ يىغىۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يىغىۋېلىنغانلىقى ئاڭلانمىدى. يېغى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان لېيىنىڭمۇ تەسىرى ۋە كۆپ خاسىيەتلىرى بار بولۇپ، كالا يېغى ياكى قىزىلگۈل يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ياغلىنىدۇ.

يەنە بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، دارابتا بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ

چوققىسىدىكى يېرىقتىن مۇمىيا تېمىپ چۈشىدىكەن، ئۇنىڭ ئاستىغا بىر دانە قاچا قويۇلغان بولۇپ، مۇمىيا ئۇنىڭغا تېمىپ توپلىنىدىكەن، ھەر يىلى يىغىلغىنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە پادىشاھلارغا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن. ئۇ دارابتىن باشقا جايلاردىمۇ تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن سىرغىپ چىقىدۇ، ئەمما دارابتىكىگە ئوخشاش ئېنىق ئورنى بولمايدۇ. ئۇنى بايقاش ۋە يىغىۋېلىشقا ماھىر كىشىلەر ئۇ چىقىدىغان تاغلارغا بېرىپ ئىزدەپ، بەزى تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داغلىرىنى بايقىسا، ئۇ يەرگە مىخ قېقىپ بەلگە قىلىپ قويۇپ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىپ قايناپ چىقىپ يىغىلغانلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بەزىدە شۇ يىلى شۇ تاشتىن يەنە مۇمىيا قايناپ چىقىدۇ، بەزى يىللىرى ئۇ تاشتىن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى چىقمىغان باشقا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىدىن قايناپ چىقىدۇ.

يەنە بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەر ۋە شۇ يۇرتلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردىن ئاڭلىنىشىچە شۇ يۇرتلار، ئىستەھبانات، كەھكىلويە دېگەن يەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر توپلىشىپ مۇمىيا چىقىدۇ دەپ قارالغان بەزى ئۆڭكۈرلەر ۋە تاغ يېرىقلىرىغا كۆپلىگە ئوتۇنلارنى توپلاپ ئوت يېقىپ يىراققا كېتىدىكەن، ئوتنىڭ تەپتىدە ئۆڭكۈر ۋە تاغ يېرىقلىرى ۋە تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن كۆپلىگەن ماددىلار سىرغىپ چىقىپ يېرىقلاردا قېتىپ قالىدىكەن، ئۆڭكۈرلەر سوۋۇغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ مەزكۇر قاتمىلارنى يىغىۋېلىپ ئۆزئارا بۆلۈشۈپ ساتىدىكەن، كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ تېپىلىدىغان ۋە ئىلىم ـ سېتىم قىلىنىدىغىنى ئۇنىڭ شۇ تۈرى ئىكەن. تەسىرى مۇمىيانىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدىكەن. ئەمما دارابتىن چىقىدىغان، مەخسۇس ئورۇندىن ئالاھىدە يىغىۋېلىنغان بىرىنچى تۈرىنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ھەممە ئادەمنىڭ قولىغا كەلمەيدۇ، پەقەت پادىشاھلار تەرىپىدىن ئىش ھەققى، ھەدىيە، سوۋغات سۈپىتىدە ئاز مىقداردا ئېرىشىلىدۇ. بەزىدە مۇمىيا كارخانىلىرىدىكى ئىشچىلار ئوغرىلاپ ئاز مىقداردا ئېلىنىۋالىدۇ.

يەنە مۇمىياغا ئوخشايدىغان تەسىرى ناھايىتى ئاجىز، ئارىلاشما بىر نەرسە بار بولۇپ، ھىندىستان، دۈكەن تاغلىرىدىن چىقىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى ئۆڭكۈرلەرنىڭ يېرىقلىرىدىن سىرغىپ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ياخشى، ساپ بولغانلىرى سۇغا تاشلانسا سۇنى قىزارتىدۇ، مومغا ئوخشاش بولۇپ، كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ ھىندى تىلىدا «سالاجىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن خاسىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «لەنگۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قارا مايمۇن ئۇنى يېيىشكە بەك ئامراق ئىكەن، تاپقان ھامان يەۋالىدىكەن، ئەمما يېگەندىن كېيىنلا ئىچى سۈرۈپ تاش ئۈستىلىرىگە تەرەت قىلىپ قويىدىكەن، بەزى نائىنساپ كىشىلەر ئۇنى يىغىۋېلىپ ئەسلىي سالاجىت ئورنىدا ساتىدىكەن. ئۇ خەلق ئارىسىدا «مۇمىيائى ئىنسانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىننىڭ يېزىشىچە، قەدىمكى زاماندا مېيىتلەر چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇرمەككى، مۇمىيا، قەفرۇل يەھۇد ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سۈرۈلىدىكەن. مەغرىبنىڭ كۆپ ئۆڭكۈرلىرى ۋە قەۋرىلىرىنى سۇ بېسىپ يار ئېلىپ كېتىپ سۇ دولقۇنى مەزكۇر مېيىتلارنىڭ جەسەتلىرى ۋە بەزى ئەزالىرىنى ئېقىتىپ دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىقىرىپ قويىدىكەن، شۇ يەردىكى نادانلار ئۇنى مۇمىيا ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرىدا يېزىشىچە، گەرچە ئۇنىڭ سۇنۇقنى تۇتتۇرۇش جەھەتتە مەلۇم پايدىسى بولسىمۇ ئىستېمال قىلىش ھارام بولۇپ، كور قىلىدىكەن، خىلىتلارنى بۇزىدىكەن ۋە باشقا كۆپ زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. مەزكۇر ھەكىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغۇچى، بۇ ۋاراقلارنىڭ يازغۇچىسى، ھەكىم دانا، ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن سۈپەتلەنگەن مىر مۇھەممەد ھۈسەيىن مۇشۇ ۋاقىتلاردا فىرانسىيە، مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سەپەر قىلغان ئىدى، بېڭگالىغىمۇ بارغان ئىدى، ئۇ مەزكۇر ھەكىم بىلەن مۇلاقات بولدى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ ئاشىنا بولغان ئىدى. مەزكۇر سەپەردە ئاڭلىغان ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، بۇندىن تۆت ـ بەش يۈز يىل مۇقەددەم مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە پادىشاھلارنىڭ مېيىتىنى تاۋۇت ياكى قەبرىگە قويماي، دەپنە قىلماي، بەلكى تېۋىپلار ۋە ئوپېراتسىيە ئۆلىمالىرىغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇلار جەسەتنىڭ تېنىگە ياغلار ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسىدىغان بىرقانچە خىل دورىنى سۈرۈپ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن يەنە ياغ ۋە باشقا دورىلارنى سۈركەپ ياغاچ قېلىپقا سېلىپ ئۈستىگە مېيىتنىڭ نامى، قەۋمى ۋە قەبىلىسىنى يېزىپ پادىشاھلارغا ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، ئۇلار ئۇنى خەزىنىلىرىگە سېلىپ ساقلايدىكەن. ئۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يۈز يىل مابەينىدە بۇ خىل ئادەت تەرك ئېتىلگەن ئىكەن. بەزىدە مەزكۇر جەسەتلەرنىڭ بىرەرسى مىسىر ھەكىملىرى ياكى ئوپېراتسىيە ئالىملىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا مۇمىيا ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، بولۇپمۇ سىرتىدىن ئىشلىتىدۇ، مەسىلەن: مىسىر ھۆكۈمالىرىنىڭ بىرىنىڭ يېنىدا بىر جەسەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاز قىسمىنى ئىشلەتكەن، ئاز قىسمىنى مىر مۇئىزاغا بەرگەن. ئۇنىڭ ئاز قىسمىنى كەمىنىگە بەرگەن ئىدى، گۆشلىرى، تومۇرلىرى، بەزى نازۇك ئۇستىخانلىرىنىڭ ھەممىسى چىرىپ پەقەت قارا، پارقىراق، چاپلاشقاق، ئۆتكۈر پۇراقلىق جىسمى ۋە بەزى كۈچلۈك ئۇستىخانلىرى قالغان ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى كاندىن چىقىدىغان مۇمىيادىن يۇقىرىراق بولىدۇ، زىماتلار ۋە مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. ئىچىدىن ئىستېمال قىلسا پايدىسى مۇمىياغا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدىن ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ.

«خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىت

كۆچۈكىدىن ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل مۇمىيانىڭ بارلىقىنى يازغان، ئەمما ئۇسۇلىنى ئېيتمىغان، ئېھتىمال يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بەزى چىرىشتىن ساقلىغۇچى، كۆچەيتكۈچى، زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار يېغى تۇغۇلغان كۆچۈكنىڭ بەدىنىگە سۈركۈلۈپ كوزىغا قاچىلاپ، مەلۇم مۇددەتكىچە يەرگە كۆمۈپ قويۇلۇشى ياكى كوزىغا قاچىلانماي، رەختكە ئورىلىپ قۇم ئاستىغا كۆمۈلسە قۇياش نۇرىنىڭ قىزىتىشى بىلەن چىرىپ ۋە ئېچىپ ئالاھىدە شەكىل، تەركىب ۋە ئىككىلەمچى مىزاجغا ئىگە بولغاندا كولاپ چىقىرىلىپ ئىشلىتىلىشى ياكى ئاللا بىلىدىغان باشقا ئۇسۇل بىلەن ھاسىل قىلىنىشى مۇمكىن.

بىلگىنكى، مۇمىيانىڭ ياخشىسى دارابتىن چىقىدىغان قارا، ساپ، پارقىراق، يۇمشاق بولغانلىرىنىڭ بەتبۇيى بولمىغان، ئاز مىقداردا نېفىت پۇرىقى بولغانلىرىدۇر. ئارىستۇنىڭ ئېيتىشىچە، قوي يېغى بوغۇزلانغاندا، ئۇنىڭ جىگىرىنى ئېلىپ پارچىلىغاندىن كېيىن، ئۈستىگە مۇمىيا سۈركىگەن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىسە، بۇ ئەڭ ياخشىسى ئىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئەسلىي مۇمىيانى پەرقلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇ ئىكەنكى، توخۇ ياكى خورازنىڭ پۇتى سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن مۇمىيادىن يېرىم گىرام ئېلىپ، گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ ئۇنىڭ گېلىغا تۆكۈلسە ھەم زەخمە ئورنىغا سۈركىسە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن سۇنۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىسە ياخشى ۋە ئەسلىيسى، ئۇنداق بولمىسا ناچارى ۋە ساختىسى ئىكەن. بەزىدە 7~8 سائەت ئىچىدىلا ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن.

ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ياخشى مۇمىيانى قولغا سۈركىسە تېز يۇمشايدۇ. ئۇنىڭ يامىنى ۋە ساختىسى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، تېز ئېرىمەيدۇ، بوش ئىسسىقلىق بىلەن يۇمشىمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى سىناشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئادەم ئۇستىخىنىنى تۇتتۇرالايدىغان ياكى تۇتتۇرالمايدىغانلىقى، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتەلەيدىغان ياكى پەسەيتەلمەيدىغانلىقى، باھ ۋە باشقا قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتەلەيدىغان ياكى كۈچەيتەلمەيدىغانلىقى بىلەن سىناشتۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن يۇقىرىدۇر. «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** روھلارنى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى، سوغۇق ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئىچكى ـ تاشقى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، باھقا ياردەم بەرگۈچى، بەدەنگە مەنسۇپ روھلارنى ساقلىغۇچى، ئۇچۇقچانلاشتۇرغۇچى، تېز سىڭىپ كىرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ھېق تۇتۇش، پالەچ، رەئشە، لەقۋاغا شىپا بولغۇچى، ئىچىلگەن، ھاشاراتلار چېقىۋالغاندىكى

زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچى، ئاشقازان، ئاشقازان ئىچىنى ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، بالىياتقۇ ئىچىنىڭ بوغۇلۇشى، سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەر، قان تۈكۈرۈش، دوۋساق يارىسى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، جوزامنىڭ مۇقەددىمىسى، پىل پۇت كېسەللىكى، تىل ئىچىرلىق، چايان چېقىۋېلىش، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار، سۇنۇق، ئۈرۈلۈپ سوقۇلۇش، بوغۇملارنىڭ قوزغۇلۇشى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

باش، قۇلاق، بۇرۇن، تىل كېسەللىكلىرى: دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلسە سوغۇقتىن بولغان ماددىسىز باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەل، باش قېيىش، لەقۋا، پالەچ، پەيلەرنىڭ بوشىشىغا، ئىككى دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ پارس يالپۇزى سۈيى، تاغ راسىنى سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلسە بىخۇد ئۇيقۇ كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە ئارپا چوگىلۇقىدا ئېلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى سۈركىسە ياكى قۇلاق، بۇرۇنغا تېمىتىلسا، مەرزەنجۇش قايناتمىسى ۋە يەسمەن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ يۇقىرىقى كېسەللىككە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى ئىپار، كافۇر ۋە قۇندۇز قەھرى بىلەن بىرلىكتە بان يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ بۇرۇنغا پۈركەلسە سوغۇقتىن بولغان كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇ زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قۇلاق، بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىدە يىغىلىپ قالغان يەلنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ كەرەپشە ۋە زىرە قايناتمىسى بىلەن ئىچىلسە لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. يېرىم گىرام ئېلىپ پارس يالپۇزى قايىنىتىلغان سۇ بىلەن ئىچىلسە پۇت - قوللارنىڭ تىترىشىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ يەسمەن يېغى ۋە گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە ئارپا چوگىلۇقىدا ئېلىپ يالغۇز گۈل يېغى ياكى غورا سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا ياكى پىلتە ئۇنىڭغا چىلاپ قۇلاققا قويسا ئاڭلاش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى، قۇلاق يارىسى، قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىشلارغا شىپا بولىدۇ. ئەرستۇتالىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۇز سېپىلمىگەن چوشقا يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا گاسلىققا، ھەتتا مۇبالىغە بىلەن ئېيتقاندا، تۇغما گاسلىققىمۇ پايدا قىلىدىكەن. يالغۇز ياكى كافۇر ياكى مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا بۇرۇن قاناش، بۇرۇن كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن چايىنىسا تىلنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئۈچ دانە ئارپا چوگىلۇقىدا ئېلىپ ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىستېمال قىلسا ئۆپكىدىن قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوگىلۇقىدا ئېلىپ ئېشەك سۈتى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىستېمال قىلسا قان تۈكۈرۈش، بۇرۇن قاناشقا داۋا بولىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىككى

مىللىگىرامى سىركەنجۋىل ياكى يالپۇز سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا بوغما كېسەلگە، ھەببۇلئاس شەربىتى، ئۇجمە قىيامى، ئەدەس قايناتمىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا گال ئاغرىقى، گال ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ پوستى ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى سۈيى ۋە ئاقىرقەرھا قايناتمىسى بىلەن ئېرىتىلىپ ئۈچ كۈن غار - غار قىلسا بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ چىلان سۈيى ياكى سەرپىستان سۈيى ياكى ئارپا، پوستى ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ ئۇدا ئۈچ كۈن ناشتىدا ئىستېمال قىلسا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ يالپۇز سۈيى ياكى زىرە كىرمانى، نانخا، كەرۋىيا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ زىرە كىرمانى، نانخا، كەرۋىيا قايناتمىسى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىچىلسە كۆڭۈل ئېلىشىش، ھۆ بولۇش، خەفەقان، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق كورۇكىراش، قورساق ئېسىلىش، ئاشقازاندا، ئۈچەيدە يەل، بەلغەم تۇرۇۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازان ئېغىزىغا يىغىلىۋالغان ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ، كۆكرەك، ئاشقازاندىكى ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ يېرىم گىرام گىل ئەرمىنى، يېرىم گىرام زەپەر بىلەن بىرلىكتە ئىتئۇزۇمى سۈيى، كاسىنە سۈيى ياكى خىيارشەنبەر سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ كەرەپشە ۋە زىرە كېرمانى قايناتمىسى بىلەن ئىچىلىدۇ. تال ئاغرىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى ياكى كەپە يىلتىزى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. تالنىڭ ئاغرىشى، كۆپۈشى ۋە چوڭىيىپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ شېكەر سۈيى، ھۆل كەرەپشە سۈيى، ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى، پەنجەنگۇشت ئۇرۇقى قايناتمىسى ياكى كەپە يىلتىزى قايناتمىسى بىلەن ئىچىلىدۇ. بالىياتقۇ ئىششىقى ئۈچۈن ئوغرىتىكەن قايناتمىسى بىلەن ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ رۇمبەدىيان قايناتمىسى بىلەن ئېرىتىلىپ ئىستىسقا بىمارنىڭ قورسىقىغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ رۇمبەدىيان قايناتمىسى بىلەن ئىچىلسىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ.

ئاجرىتىش، نەسىللىنىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن بىر گىرام ئېلىپ يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن يالغۇز ياكى ئازراق شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك يولى ۋە دوۋساق يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ ياۋا سەۋزە، ئىزخىر سۈيى بىلەن ئىچىلسە سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشلەرگە پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك

ھەيدەيدۇ. ھەر ھەپتىدە ئۇنىڭدىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ كالا يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا بوۋاسىر يېلىنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ سازەج ھىندى قايناتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ بۇغداي ئۇنى بىلەن ھەمەلچە قىلسا سۆيدۈك ساقلىيالماسلىق ۋە سۆيدۈك تامچىلاشقا شىپا بولىدۇ. ئۇ زەيتۇن يېغى ياكى يەسمەن يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلسىمۇ سۆيدۈك تامچىلاش، سۆيدۈك تۇتالماسلىق، مەقئەت بوشاش، جىمادا تەرەت مېڭىپ كېتىشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ نارجىل يېغى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە زەكەر، ئۇرۇقدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركىسە باھنى قوزغىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ باقىلە ئۇنى بىلەن ياكى بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ توخۇ تۇخۇمىنىڭ چالا پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسىمۇ باھنى قوزغايدۇ. مۇھەممەد بىن زىكرىيانىڭ «كىتابۇل باھ» (باھ قۇۋۋىتى كىتابى) ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلىنىشىچە، كىشىنىڭ مەنىيى چىقىم بولۇپ كەتكەن بولۇپ، تولۇقلىماقچى بولسا جىمانىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مەني چىقىشقا يېقىن ۋاقىتتا مۇمىيادىن ئىككى ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ 15 گىرام ئاق ھەسەل بىلەن ئېرىتىپ ئىستېمال قىلسا، مىزاجى ئىسسىق بولسا مۇناسىۋەتلىك سوغۇق شەربەتلەر بىلەن ئىچسە مەني تولۇقلايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن يېرىم گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە ئېلىپ گۈل يېغىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك ياغلار ياكى باقىلە سۈيى ياكى ئىككى - ئۈچ دانە توخۇ تۇخۇمى سېرىقىغا ئوخشاش مۇۋاپىق نەرسىلەر بىلەن ئېرىتىلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئەزالارنىڭ قوزغىلىشى، پەي - مۇسكۇللارنىڭ سوقۇلۇشى، قوزغىلىشى، پارچىلىنىشى، ئۇستىخانلارنىڭ سۇنۇشى، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا تەگداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ساپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. كونا جاراھەتلەر ۋە ئاقما ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ ئۈچ گىرام چوشقا يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىلىدۇ. ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇرۇلۇپ زەخملىنىشلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ گۈل يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ سۈركىلىدۇ، كىشىگە ئوق تەگكەن بولسا زەخمە ئورنىغا سۈركىسىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ.

تەپلەر: ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ ئەپسەنتىن، قامغاق قايناتمىسى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەم، سەۋدادىن بولغان كونا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە زىنئەتلەش تەسرى: يېرىم گىرامى ئەپتىمۇن قايىنىتىلمىسى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلسا ئاقكېسەل، جوزام، پىل پۇت كېسەللىكىنىڭ مۇقەددىمىسىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق كېسەللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك دورىلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭدىن ئىككى گىرام ئېلىپ كالا يېغى بىلەن سۇركىسە چايان چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام مىقداردا ئېلىپ ساپ شاراب ۋە ساپ ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى ياكى كەپە يىلتىزى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا ياكى زىمات قىلسىمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئوغرىتىكەن قايناتمىسى، تاغ كۈدىسى سۈيى، سۈزاپ سۈيى، تاغ پىنىنىسى سۈيى، ئەنجۈدان سۈيى ياكى ئۇلارنىڭ قايناتمىسىنىڭ سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

مۇميانى ئېرىتىش ئۇسۇلى ئەنبەر بىلەن لازەننى ئېرىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۆش قازاندا گۈلاب ياكى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن ئېرىتىلىدۇ. يالغۇز ئېرىتىلسىمۇ بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ھەبلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## مۇنج
(پۇتەي قومۇش)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ پۇتەي قومۇشنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ھىندىچە «سەركەندە» دەپ ئاتىلىدۇ. بالىلار ئۇنىڭدىن قەلەم ياساپ تاختىغا خەت يازىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا ئېغىز تاشمىلىرى، چىش مىلىكى ۋە كىچىك تىل ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە ئىشتىھاسىزلىق، قانلىق ۋە يەللىك بوۋاسىر، بۆرەك، دوۋساق ۋە نەسىللىنىش ئەزالىرى ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. چىلىمغا سېلىنىپ تاماكا ئورنىدا شورالسا ھېق تۇتۇشقا پايدا قىلىدىغان بولۇپ،

سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى شوراشتىن ئاۋۋال تاماكا يوپۇرمىقىدىن ئازراق ئېلىپ ئوتقا تاشلىنىپ، تۇتۇنى شورالسا ياخشىراق بولىدۇ. بىر قېتىمدا يوقالمىسا تەكرار ئىلاج قىلسا بولىدۇ. بۇ يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنىڭ داۋاسىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

## مۇندى

(مۇندى ئۆسۈملۈكى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پايدىسى كۆپتۇر. پىلەكلىك بولۇپ، شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پىننە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قېلىنراق، تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل، غۇنچىدەك يۇمىلاق بولىدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، پۇرىقى ئومۇمەن قىزىلگۈل پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. تەمى سەل ئاچچىق كېلىدۇ. چۆللەر، ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ. ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد دېگەن يېرى ۋە بېنگالدا كۆپ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، قۇرۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى** رەئىس ئەزالار، قۇۋۋەتلەر، روھلار ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش جەھەتتە چۆپچىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ تەرى ۋە پۇرىقىدىن ئۇنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. خەفەقان، ياتسىراش، يەرقان، تېرىنىڭ سېرىقلىقى، سەپرا، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، چاشقان يارىسى، چىيقانغا ئوخشاش ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار، ھەرقانداق ئەزانىڭ ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. گۈلابنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تارتىلغان ئەرقى خەفەقان، سەۋدا، سەپرادىن بولغان ئۆز ئۆزىگە سۆزلەشكە شىپا بولىدۇ، بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى تارقىتىدۇ، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى جانلاندۇرىدۇ، مەزكۇر كېسەللىكلەر، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، قىچىشقاق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا شىپا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن 15 ~ 25 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىشقا باشلاپ، كۈنىگە 10 گىرامدىن ئاشۇرۇپ تاكى مۇۋاپىق كەلگۈدەك ۋە كېسەللىك ياخشىلانغۇدەك ۋە پەسەيگۈدەك مىقدارغا كەلگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنى ئىستېمال قىلغان كۈنلەردە چۈچۈمەل نەرسىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى، كۆكتاتلار، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، سوغۇق

ياكى ئىسسىق سۇنى كۆپ ئىچىش، بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشى، روھى قوزغىلىشلار، جىسمانىي ھەرىكەتلەر، جىما قىلىش، مۇنچىغا چۈشۈشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. تۇز ئازايتىلسا ياخشىراقتۇر. ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار ۋە قايناق سۇ بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. بىمارنىڭ مىزاجى كۈچلۈك بولسا 30 گىرامدىن باشلىنىپ بەش گىرام ياكى ئون گىرامدىن تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى يۇمران ۋاقتىدا يىلتىزى، يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللىرى بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ سايىدا قۇرۇتۇپ يۇمشاق سوقۇپ بۇغداي ئۇنى، ياغ ۋە شېكەر بىلەن ھالۋا تەييارلاپ ھاياتلىق قۇۋۋىتى (قۇۋۋىتى ھايۋانىي)، جىسمانىي كۈچلىرىنى ساقلاش، چاچلىرىنىڭ ئاقىرىشى ۋە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈنىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك ۋە مىزاجى كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنە سۇفۇپ قىلىپ مەزكۇر مەقسەتلەردە مۇناسىۋەتلىك شەربەتلەر بىلەن ئىستېمال قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈنىگە بىر ئوچۇم ئېلىپ سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا ھاياتلىق قۇۋۋىتى (قۇۋۋىتى ھايۋانىي) ساقلايدىكەن. گۈلىدىن 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۆسۈملۈكى چېچەكلەشتىن ئاۋۋال بەنگىرە ئۆسۈملۈكى بىلەن سالايە قىلىپ ياغ ۋە ھەسەل بىلەن 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا چاچنىڭ ئاقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە ھىندىستان خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ يىل بېشىدىكى غۇنچىسىدىن بىر دانە ئېلىپ پۈتۈن يۇتسا، شۇ يىلى كۆز ئاغرىقىدىن ئامان بولىدۇ، ئىككى دانە يۇتسا ئىككى يىل ئامان بولىدۇ، دەيدىغان سىناقتىن ئۆتكەن مەشھۇر قاراش بار. يىلتىزىدىن بىر يىلغىچە ئىستېمال قىلسا ئاق چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى چالا سوقۇلۇپ سۇغا نەملەشكۈدەك دەرىجىدە چىلاپ  يەسمەن يېغى بىلەن ياغلىنىپ شېشىگە قاچىلاپ، ئۇنىڭدىن قائىدە بويىچە ئەرەق تارتىلىپ كۈنىگە يىرىم گىرامدىن ئېلىپ تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن قىشتا ئىستېمال قىلسا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى كۈچەيتىدۇ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇمران ئۆسۈملۈكى، گۈلى ۋە يىلتىزىنىڭ سۈيى ئېلىپ تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردىكى كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۇس ئوتتا يېغى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ بۇ ياغدىن ئالتە مىللىلىتىر ئېلىپ ھەر كۈنى ناشتىدا ئىستېمال قىلىپ 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلسا، بۇ ئارىلىقتا بىر كۈن جىمادىن، چۈچۈمەل ۋە يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلسا باھنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى مىس قاچىغا ئېلىپ ياغاچ دەستە بىلەن سۇ بىلەن قارىدىغۇچە سالايە قىلىپ ياختىغا سۈمۈرتۈلۈپ ساقلاپ قويسا، زۆرۈر بولغاندا بۇ ياختىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇ بىلەن نەمدىلىپ كۆزى ئاغرىغان بىمارنىڭ كۆزىگە قويسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

مۇندى ئۆسۈملۈكنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ھىندىچە «مەھا موندى» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈلى بىرىنچى تۈرىنىڭ گۈلىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇ خىلىتلارنى ناھايىتى ياخشى تەڭشەيدۇ. قالغان تەسىرى بىرىنچى تۈرىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## پەسل: «م» (مىم) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مۇھا
(مۇھا تېشى)

ئۇ «مۇھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، نىبىتچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئاق، پارقىراق بولۇپ، چاقماق تاشقا ئوخشاش ئوت چاقنايدۇ. رىم ۋە يۇقىرى مىسر(مىسىر يۇقىرى مىسىر ۋە تۆۋەن مىسىر دەپ ئايرىلىدۇ) دىن چىقىدۇ. مەغنىسا تېشى كانىدىنمۇ چىقىدۇ. تىككىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سالايە قىلسا ئېرىيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى پارقىرىمايدۇ، بىرىنچى خىلىدىن قاتتىقراق بولۇپ، تاشتۇزغا ئوخشايدۇ، سوقۇلۇپ قاچا ياسىلىدۇ. ئۇ «سەلۋان» تېشى ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: مەرۋايىت ۋە شېكەر بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە ئاقنى ئاغرىتماي يوقىتىدۇ. سۇ بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركەلسىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ.

تىل كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ تۇز، نۆشۈدۈر، زەپەر، مۇر مەككى، سىركە، ھەسەل بىلەن ئېرىتىلىپ تىلغا بىرقانچە قېتىم سۈركىسە تىلنىڭ ئېغىرلىقى، كالۋالىشىشى ۋە گەپ قىلىشىنىڭ قىيىن بولۇشىغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستىمال قىلسا تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئەمچەككە زىمات قىلسا سۈت كۆپەيتىدۇ، سۈتنىڭ ئەمچەكتە ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۆزىگە ئېسىۋېلىنسا تىترەش، جۇغجۇغ بولۇش ۋە قىيىن تۇغۇتقا داۋا بولىدۇ. كىچىك باللارغا ئېسىپ قويسا قورقۇشى ۋە چۆشىدە چۆچۈشى ھەم قالايمىقان چۈش كۆرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇلسا ھاجەتنى راۋا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## مەھد

(مەھد ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيتى:** «خۇلاسەتۇ تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ كەشمىر تىلىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى ئىكەن، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، رەڭگى كۆك بولۇپ، ھەمىشىباھار شەكلىدە ئىكەن، يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، گۈلىمۇ ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدىكەن. گۈلى داۋاملىق ئاپتاپقا قاراپ تۇرىدىكەن، قۇياش قاياققا ماڭسا ئۇمۇ شۇ تەرەپكە ھەرىكەتلىنىدىكەن. يىلتىزى چوڭ جەدۋار چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئاق بولىدىكەن. كەشمىرنىڭ تاغلىرىدا كۆپ ئۆسىدىكەن. شۇ يەردىكى ئوۋچىلار ئۇنىڭ يىلتىزىنى پىشۇرۇپ يېلىمدەك قىلىپ، ئوقنىڭ ئۇچىغا سۇركەپ ھەرقانداق ھايۋانغا ئاتسا شۇ ھامان يىقىلىپ ئۆلىدىكەن. ھايۋاننىڭ تېنى ياخشى سوۋۇغاندىن كېيىن بەدىنىدىكى زەھەرنىڭ ھەممىسى قان بىلەن بىرلىكتە زەخمە بار ئورۇنغا يىغىلىپ كۆپىدىكەن، بۇ چاغدا ئوۋچىلار ئۇ يەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، قالغان قىسمىنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن، بۇ زەھەرسىز بولۇپ، ھېچ زىيان قىلمايدىكەن.

ئۇنىڭ پىشۇرۇلغان يىلتىزىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكىنى بىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئەزا تىغ بىلەن قان چىققۇدەك دەرىجىدە زەخىملىنىپ ئۇنىڭغا مەزكۇر يىلتىزدىن تېمىتىلىپ يۇۋېتىلمىسە، تېرىدىن گۆشكە ئۆتۈپ يەرلىك ئورۇننى كۆيۈشتۈرىدۇ، ناھايىتى قىچىشتۇرىدۇ، قىزارتىدۇ. ئىلاج قىلىنمىسا ھالاك قىلىدۇ. ئەزا دەرھال پاكىز يۇيۇلۇپ ياغ بىلەن ياغلانسا، ئۈستىگە تەرياقلار سۈركىسە ھېچ زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

ئىلاجى ئۇچۇن سىرتىدىن لوڭقا قويۇلۇپ سۈمۈرتۈلىدۇ ھەم زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرياق سۈركىلىدۇ. يەرلىك ئورۇن سۈيدۈك بىلەن يۇيۇلسا دەسلەپكى مەزگىلدە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

## مۇھەللەبىيە

(مۇھەللەب ئۇمىچى)

پارسچە «فىرنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ئىچىشلىك غىزالاردىن بولۇپ، گۈرۈچ ئۇنى شىرنىسى، سۈت، شېكەردىن تەييارلىنىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، گۈرۈچ ئۇنىدىن سۇ بىلەن شىرە چىقىرىلىپ سۈت بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇلۇپ قىيام قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساپ شېكەردىن تاتلىق بولغۇدەك مىقداردا قوشۇلۇپ يەنە بىرقانچە قېتىم قاينىتىپ، ئۇتتىن چۈشۈرۈلۈپ، ساپال چىنە قاچىغا

ئېلىنىدۇ. خالىسا ئوتتىن چۈشۈرگەندە بىرقانچە دانە لاچىندانە ۋە ئاز مىقداردىكى ئىپار بىلەن گۇلابتا بىلەن شىرنىسى چىقىرىلىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ خوش پۇراق، ئىچىشلىك قىلىنىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇ دورەس بابىلىنىڭ مۇھەللەب بىن مۇغىيرەگە ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا سەۋدانىڭ قويۇلۇشىدىن پەيدا بولغان قۇسۇش ئىللىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ بەرگەن غىزاسىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مالىخولىيا، ساراڭلىق، قورۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ياخشى قان، مەنىي پەيدا قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەۋدادىن بولغان قەينى پەسەيتىدۇ.

## پەسىل: «م» (ميم) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### مەيبە
(بېھى شارابى)

ئۇ بېھى شارابىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، شاراب ياكى ئۈزۈم سۈيى بىلەن تەييارلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خورسەن قىلغۇچى، روھلاندۇرغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

قارابادىن كەبىردە ئۇنىڭ نۇسخىلىرى بايان قىلىندى.

### مەيسىن
(مەيسىن دەرىخى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مەيسەن»مۇ دېيىلىدۇ. «مەيسۇ» دېيىلىدىغانلىقىمۇ بايقالدى. يۇنانچە «ئوسۇس»، «لەتۇس» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ناھايىتى ئېگىز ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، كۆپلىگەن ئۇسۇكچىلىرى بولىدۇ. مېۋىسى مورچىتىن چوڭراق بولۇپ، تاتلىق، خۇشتەم، خوش پۇراق، ئۈچ بۇرجەك، سېرىققا مايىل بولىدۇ. يەنە كەنار مېۋىسى چوڭلۇقىدا، قارا، ئۆتكۈر بولىدۇ دېيىلگەن. ياغىچى قارا، قىزىلغا مايىل، قاتتىق، خوش پۇراق بولىدۇ، ياۋا ۋە يەرلىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، يەرلىكى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسىنى ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. شام خەلقى ئۇنىڭ سۈتىنى يۆتەل پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ياغىچىنىڭ كېپىكى بىلەن ھۆقنە قىلسا ئۈچەي يارىسى ۋە زەخمىسىگە پايدا قىلىدۇ.

ئىشىشقلار، مۇدۇرلار: زىمات قىلسا پىل پۇت كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: قايناتمىسى چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شېخى بىلەن يىلتىزى سالايە قىلىپ قاتتىق ئىششىقلارغا ئۇدا ئۈچ كۈن سۈركىلىپ تېڭىلىپ، ھەر كۈنى يېڭىلاپ تۇرۇلسا تارقىتىدۇ. چىقىققىمۇ پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## مەيسەنۇن
(ئەييۇب قۇرتى)

ئۇ پارسچە «كەرمى ئەييۇب» (ئەييۇب قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاشسىمان جىسىم بولۇپ، خورما ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا ئۇزۇنچاق، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئاق، كۆل رەڭ، سەل يۇمشاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆپىكچىدەريانىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ئىستىسقا، تال كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ، تاشلارنى پارچىلايدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ. سېپىلسە جاراھەتلەر ۋە يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. باشقا تەسىرلىرى كۆپىكچىدەريانىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

## مىيئەئى سائىلە
(مىئە سائىلە)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئەرەبچە يەنە «لەبەنىي» (سۇتسىمان)مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «سىلارەس» دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىخى فىرانسۇزچە «ئەستىرا كەلىكە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يۇمشاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. «مىيئە» دېگەن سۆز سۇيۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «مىئان» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققاندۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ ناھايىتى خۇش پۇراق يېلىمى ياكى سۇتىدۇر.

ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەرىخى بىھى دەرىخىگە ئوخشايدىكەن. ئۇ شام شەھەرلىرىدە «ئەبھەر» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇرران دەرىخىنىڭ يىلىمى ئىكەن. يەنى بۇ يىلىم بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. دەرىخىدىن باشقا يىلىملاردەك ئۆزى سىرغىپ چىققىنى تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، سېرىققا مايىل قوڭۇر رەڭلىك، ھەسەل قويۇقلۇقىدا بولىدۇ. دەرىخنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى سىقىش ئارقىلىق چىقىرىلغىنى قىزىلغا مايىل، قويۇقراق كېلىدۇ، ئۇنىڭ سۈپىتى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. دەرىخىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەمى چىقىرىلىپ قويۇلدۇرۇلۇپ تەييارلانغىنى قارا، ئىغىر بولىدۇ. ئۇ «مىئە يابىسە» دەپ ئاتىلىدۇ. «مۇرشىد» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىپىتىشچە، ئۇنىڭ بىرى تۈرى ئاق، يەنە بىر تۈرى قىزىل بولۇپ، قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلىگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، قورۇغۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر.

باش، نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش كېسەللىكلىرى: يۆتەل، زۇكام، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، تىتانۇس، تىترەش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنى توسىدۇ ۋە ئۇلارنى تازىلايدۇ. كۆكرەك، ئۆپكە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تۇتۇلغان ئاۋازنى ئاچىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىستىسقا، تال، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەل، يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئون گىرام ئېلىپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. قاينىتىپ زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركىسە ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى، تىتانۇس، تىترەش، ماغدۇرسىزلىققا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا نەزلىلەرنىڭ چۈشۈشى ۋە تىتانۇسقا پايدا قىلىدۇ. تېمىتىلسا قۇلاق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ قويۇق يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ياكى ئىسرىق سېلىنسا ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئاغرىقلار ۋە باشقىلار: زىمات قىلسا بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زىماتلىرىغا قوشۇلسا دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەلھەم قىلسا قوتۇرغا داۋا بولىدۇ. ئون گىرامى قايناق سۇ بىلەن ئىچىلسە جوزامغا داۋا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يەسىمەن يېغى، قۇندۇزقەھرىدۇر. بەزىلەر باراۋەر مىقداردا قەتران، سەككىزدىن بىرچىلىك مىقداردا ھۆل زۇپتى ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ دەيدۇ.

ئۇ غالىيەلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ.

## مىيئەئى يابىسە
(قۇرۇق مىئە)

**ماھىيىتى:** بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىئە سائىلەنىڭ ئۇچىنچى تۈرى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ پىسىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، دەرىخنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى سىقىلىپ سۈيى چىقىرىلغاندىن كېيىن قالىدىكەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ قايىنىتىلغاندىن كېيىن قالغان پىسىپى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىقلىقى مىئە سائىلەدىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ئىچىنى توختاتقۇچى قۇۋۋىتى بار. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ، بۇزۇلغان ھاۋانىڭ زىيانلىق تەسىرىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بوۋاسىر ۋە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ، ئۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. قالغان تەسىرلىرى مىئە سائىلەنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئون گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** جاۋشىر.

## مەيفۇختەج
(ئۈزۈم ئۈيۈتمىسى)

ئۇ پارسچە «مەيپۇختە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. يۇنانچە ئۈزۈم ئۈيۈتمىسى دېگەن مەنىدە «ئەغلىقىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قايىنىتىش ئارقىلىق ئۈچتىن ئىككى قىسمى پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلدۇرۇلغان، تەمى چۈچۈمەلگە مايىل ئۈزۈم سۈيىدۇر. گىيلاناتتا ئۇ «دۇشابى تۇرۇش»

(چۇچۇمەل شىرنە) دەپ ئاتىلىدۇ. «خاكى دۇشاب» (شىرنە توپىسى) بىلەن قايناتىلسا ئاتىلىشىدۇ، بۇ چاغدا «دۇشاب» (شىرنە)، ئەرەبچە «دىبىس» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىبىس» ماۋزۇسىدىمۇ بايان قىلىندى. بەزىدە ئۇنىڭغا قاقىلە، جويۇز، نەپىل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى قوشۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك، ئۆپكە، سۇلۇق قاپارتما، يەلتاشمىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بەلغەمنىڭ بوشىشىغا ياردەم بېرىدۇ، پىشاپنى بوشىتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، «دىياقۇزا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان خەشخاش شەربىتىگە قوشۇلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا قويۇق سەپرا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۇچۇمەل، سوغۇق مېۋىلەر.

**ئورۇنباسارى:** ئۈزۈم شىرنىسى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب
# «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نارىجىيل
(نارجىل)

ئۇ ھىندىچە «نارىيل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر، چۇنكى ھىندىچە ئۇنىڭ ھۆلى «نارىيل»، قۇرۇقى «كوپرە» دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسۇزچە «كوكرەس ئەندىيكرىيس» دېيىلىدۇ. ئەرەبچە «جەۋز ھىندى» (ھىندىستان ياڭىقى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ھىندىستان، دۆكەن ۋە بېنگال دېڭىز ساھىللىرى ۋە پورتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە تېپىلىدۇ. يىلبارات دېگەن يەردە كۆپ بولىدۇ. تۇزلۇق دېڭىزغا قانچە يېقىن بولسا، يىلتىزىغا تۇزلۇق سۇ قانچە كۆپ يەتسە مېۋىسى شۇنچە ياخشى، يېپىشلىك، تاتلىق ۋە مايلىق بولىدۇ. زېمىن ۋە شەھەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تىكىلىپ 7 ~ 8 يىلدىن باشلاپ 100 يىلغىچە مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى خورمىغا ئوخشاش باشاقتا بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ باشىقى چوڭ بولۇپ، ھەربىر باشاقتا 7 ~ 8 دانىدىن 10 ~ 15 دانىغىچە مېۋە بولىدۇ. دەرىخىمۇ خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ غولىدىكى ئۆسۈكچىلەر ئازراق بولىدۇ. شاخلىرىمۇ خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ شاخلىرى ئۇزۇنراق، ئوتتۇرىدىكى ياغىچىمۇ ئۇزۇنراق، قاتتىقراق بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىدىكى مەزكۇر ياغىچىدىن كۆپ ھاللاردا سۇپۇرگە ياسىلىدۇ. سۇپۇرگە ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا، ناھايىتى مەزمۇت بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۈچ پوستى بار بولۇپ، بىرىنچى پوستى تالالىق، يىرىك، بىر ئىلىك قېلىنلىقتا بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك، تالالىرى يۇمشاق بولىدۇ، پىشقان ۋە يۇمشىغاندىن كېيىن قېتىپ قۇرۇيدۇ ۋە كۇل رەڭ بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ سوقۇلۇپ سۇغا چىلاپ مەزكۇر تالالار ئاجرىتىلىپ ئۇنىڭدىن كېمىلەرنىڭ ئارقانلىرى ئېشىلىدۇ، چۇنكى ئۇ تۇزلۇق دېڭىزنىڭ سۈيىدە ئاسان چىرىمەيدۇ ۋە

سېسىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى پوستى قاتتىق، ياغاچلاشقان، قارا بولۇپ، بېشىدا ئۈچ دانە كاتەكچە بولىدۇ، ئىككىسى كىچىكرەك، قاتتىق، سەل پارقىراق بولۇپ، ئىككى كۆزگە ئوخشايدۇ. ئۈچىنچىسى چوڭراق، يۇمشاق بولۇپ، پاقىرىمايدۇ، ئومۇمەن ئېغىزغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشتە ئۇ ئارقىلىق سۇيۇقلۇق سۈمۈرىدۇ، كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن شۇ يەردىن شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. چالا پىشقاندا ئۇنىڭ ئىچىدە سۇ بار بولۇپ، تېشىلىپ سۈيى چىقىرىۋېلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنى تەڭگە چوڭلۇقىدا تېشىپ ئىچىدىن ئېتىنى چىقىرىپ پوستىنى ساق قالدۇرۇپ ئىچىگە سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاشقا ئىشلىتىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى سۇندۇرۇپ ئېتىنى چىقىرىپ يەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. يىلباراتنىڭ كۆپ قىسمىدا كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى خام ياكى گۇرۇچ شىرىنىسى ۋە باشقىسى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسۇن ئۇنىڭ بىلەن چەكلىنىدۇ. تائام يېغى ۋە چىراغ يېغىمۇ ئۇنىڭ يېغىدىن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. قۇرۇتۇلغىنى كۆپ ھاللاردا يىراق شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىنچى پوستى نېپىز، ياڭاق رەڭ بولۇپ، ئېتىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئىستېمال قىلىنغاندا ئاجرىتىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاق، تاتلىق، لەززەتلىك، ناھايىتى ياغلىق بولغان ئېتى يېيىلىدۇ. سۇيىدىن سىركە ياسىلىدۇ. سۇيى تۇرغۇزۇلۇپ ئېچىتىلسا مەست قىلغۇچى شارابقا ئۆزگىرىدۇ. ئېتىنىڭ ياخشىسى ئاق، نازۇك، تاتلىق، مايلىق، پېچىلىرى ئاز بولغىنى، سۇيىنىڭ ياخشىسى تۇزلۇق بولمىغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئېتىنىڭ ھۆلى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. قۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق، قاقشا ئايلانغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، سۇيى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىقتۇر. ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتكۈچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئىستىرخا، پالەچ، ساراڭلىق، مالىخولىيا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلەرنى ساقايتىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: جىگەر ئاجىزلىقى، ئىچكى ئەزالار يارىسى، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بۆرىكى ۋە بېلىنى قىزىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىدۇ.

زىيانلىق تەسىرى: (1) ئۆزى تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، قۇيۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ئۆپكىنى قۇرغاقلاشتۇرىدۇ، ئاۋازنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ناۋاتتۇر. سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا توغرا كەلسە تۈزىتىش ھاجەت ئەمەس. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا توغرا كەلسە مېۋىلەر، لىمون، تاۋۇز قاتارلىقلار بىلەن ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

(2) ئېتىنىڭ بۇزۇلغىنى ۋە قورۇلۇپ قالغىنى كۆڭۈلنى ئىللىشتۇرىدۇ، غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇستۇرۇش ۋە زەھەر قايتۇرۇش رولى بولغان مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر. يەنە ئارقىدىن يۇيۇلغان خام گۈرۈچتىن 15 ~ 20 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسىمۇ ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈرۈچتىن ئاز مىقداردا ئېلىپ نارجىل كۆپ ئۆسىدىغان يەرگە چېچىلسا ھەممىنى بۇزىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنلەر ئۈچۈن ئۆزىدىن 15 گىرامغىچە، سۈيىدىن 90 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ياڭاق مېغىزى، پىستە مېغىزى، چىلغوزا مېغىزىدۇر.

ئۇنىڭ شارابى مالىخولىيا، ساراڭلىق، باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ سىركىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، قورساقتىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چىقىرىدۇ. ھەزىم قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. گۆش قايناۋاتقاندا مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلسا ئۇنى يۇمشاق پىشۇرىدۇ. پوستى، كۈلى چىشقا سۈركىسە ئاقارتىدۇ. مەلھەم قىلىنىپ يۇزگە ئىشلىتىلسە داغ - سەپكۈننى يوقىتىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاققا داۋا بولىدۇ. رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. خېنە بىلەن مەلھەم قىلسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىدۇ. بىرى شۇكى، ئۇنىڭ ئېتى سوقۇلۇپ قاينىتىپ يېغى چىقىرىلىدۇ. ياغلانسا ۋە ئىستېمال قىلسا زېھىنىنى ئاچىدۇ، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. بەل، تىز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. يېڭىسى ئىستېمال قىلىشقا، كونىسى ياغلاشقا ياخشىدۇر. ئۆرۈك مېغىزى يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. بۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ يېغىنى ئېلىشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ئاقلانغان يېڭى ئېتى سوقۇلۇپ ياكى تۆمۈر تىغ بىلەن قىرىلىپ ئىلمان سۇ تۆكۈلۈپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇلغاندىن

كېيىن سۇيى ئايرىلىپ ناھايىتى سوغۇق يەردە يېغى ئۇستىگە ئۆرلەپ ئۇيۇغۇچە تۇرۇغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ خىلى نازۇكراق، ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن كالا، قوي يېغىدىن ياخشىراق بولۇپ، خۇشتەمدۇر.

ئۇنىڭ ياغاچلاشقان ئىككىنچى قاتتىق پوستى قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## نارجىل بەھرى
## (دېڭىز نارجىلى)

ئۇ پارسچە «نارجىيل دەريائىي» (دېڭىز نارجىلى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئېكۋاتوردىن 120 دەرىجە ئۇزۇنلۇقتىكى ئورۇنغا جايلاشقان ئارالدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، باشقا جايدا بولمايدۇ. دەرىخى نارجىل ھىندىنىڭ دەرىخىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئىككى دانىسى بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۈچ قەۋەت پوستى بولىدۇ. پەقەت ئىككىنچى پوستى نارجىل ھىندىنىڭ پوستىدىن قاتتىقراق، سىلىقراق بولىدۇ، ئۈچىنچى پوستى ئېتىغا تۇتاشقان بولۇپ، سەل قېلىن بولىدۇ. ئېتىمۇ قېلىنراق، قاتتىقراق، يېپچىلىرى ئاز بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە بولىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك بولىدىغانلىرىمۇ بايقالدى. بۇنىڭ ياغ تەركىبى نارجىل ھىندىنىڭ ياغ تەركىبىدىن كەمرەك بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا يېغى سەل كۆپرەك، ناھايىتى ئاق، نارجىل ھىندىدىن لەززەتلىكرەك بولىدۇ. قۇرۇق ئېتى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، پىل چىشىنىڭ قاتتىقلىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. كونىرىسا سېرىق، قىزىل ۋە قارامتۇل رەڭلەرگە مايىللىشىدۇ. ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. كونىرىغانسېرى قارامتۇللۇقى ۋە ئاچچىقلىقى ئېشىپ ماڭىدۇ. يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، پايدىسىنى بايقاش ئۈچۈن 150 يىلدىن بۇيان تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ئارالنىڭ بايقالغىنىغا ئەمدى 8 ~ 9 يىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەزكۇر مېۋە سۇ يۈزىدىن سۈزۈۋېلىناتتى، ئۇ ھەقتە ھەر كىم خىيالىچە سۆزلەيتتى ۋە يازاتتى.

**تەبىئىتى:** مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق دەپ بىلگەن. قانچە كونىرىسا قۇرۇق ئىسسىقلىقى شۇنچە ئاشىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار، بەدەن قۇۋۋىتىنى ساقلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ھەر ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم بىر دانىدىن ئىككى دان چوڭلۇقىغىچە ئېلىپ گۇلاب بىلەن بىرلىكتە سۇماق تېشى ئۈستىدە سالايە قىلىپ ئىستېمال

قىلسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۈتىدىغان تەپ، مۇرەككەپ تەپلەر، پالەچ، لەقۋا، رەئشە ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئوخشاش سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرگە ئوخشاش كۆپ قىسىم كېسەللىكلەردىن ساقلايدىكەن. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولغان زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدىكەن، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى بۇزۇق، ناچار، زەھەرلىك خىلتلارنى تارتىپ چىقىرىدىكەن. ئۇنىڭدىن تۆت دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ سالايە قىلىپ خولېرا بىمارى ياكى زەھەرلەنگۈچىگە ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ قۇستۇرۇلسا بەدەندە زەھەر بارلا بولىدىكەن، قۇستۇرىدۇ ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بەدەندىكى زەھەر تولۇق تۈگىگەندە قۇسۇش توختايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بەدەندە بۇزۇق خىلت بولمىسا قۇستۇرمايدىغان خاسىيىتى بار. شۇنداقلا ئۇ يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلىسمۇ ئەپيۇن، ئاق پارپا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن زەھەرلەنگۈچىنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان تەپنىڭ دەسلەپكى جۆغ-جۆغى سېزىلگەندە ئۇنىڭدىن بىر داندىن ئىككى دان چوڭلۇقىغىچە ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ۋە قۇستۇرۇلسا ئالامەتلىرىنى كۆپ يەڭگىللىتىدۇ ۋە پايدا قىلىدۇ. ئۇ چايان، سېرىق ھەرە، دۆ، ئەفئى يىلىنى ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە ئۇنىڭ دەرد-ئەلىمى ۋە زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككى مىللىگرامدىن تۆت مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدىكەن. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر مىقدار مىزاجلار، شەھەرلەر، ھاۋالارنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۇنىڭ كونا-يېڭىلىقىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن، چۈنكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ھۆلىنى ئۈچ گىرامغىچە كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مىزاجىدا مۇتلەق ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن. شۇنداقلا مەزكۇر مىقدار بىلەن ئىستېمال قىلىنغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە كۆرۈنەرلىك پايدا قىلمىغان. ئېھتىمال مەزكۇر خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ كونىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ ھۆلى كۆپ ئىستېمال قىلسا قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە ھارارەتنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى، باھىنى ئازراق قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى سىناق قىلىندى، قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پوستىغا سۇ ئېلىپ ئىچىلسىمۇ، تۇرلۇك زەھەرلەرنى بىرتەرەپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز پوستىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئېتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئورۇنباسارى بولالايدىكەن.

ئۇنىڭ ھەببى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## ناربدىن
(سۇمبۇل رۇمى)

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇمبۇل رۇمى ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئىككى باشقى بار ئىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى رەڭگى مامىرانچىن ۋە زەرچىۋىگە، شەكلى ئاسارۇنغا ئوخشايدىغان، كۆپلىگەن چاچما يىلتىزلىرى بولغان، چاچما يىلتىزلىرى ئاسارۇننىڭ چاچما يىلتىزلىرىدىن ئىنچىكىرەك بولغان بىر خىل يىلتىز دېگەن. ئۇنىڭ كۆچلۈك، يېڭى، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاقىقا مايىل بولغانلىرى ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلسا پالەچ، لەقۋا، يەرقان ۋە ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قويۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. كۆزگە يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن سۈركىسە كىرپىك ئۈندۈرىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بۆرەك ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۇمبۇل ھىندى.

## نارى فارس
(سۇنئىي مۇرمەككى)

**ماھىيىتى:** «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇنئىي مۇرمەككىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارس ئەتراپىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن، ھەر خىل سۇتلۇكئوتلار بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدىكەن. «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى «بەغدادىي ئۇنىڭدىكى ‹نار› دېگەن سۆزنى پارسچە ئانار دېگەن بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ خاتالاشقان ۋە ئاتىلىش سەۋەبىنى چۈشەنمىگەن، ئېھتىمال ئۇ ئوت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سۇنئىي مۇرمەككى خىلتلارنى كۆيدۈرۈشتە ئوتقا ئوخشايدىغان زەھەرلەر قاتارىدىن بولغان

زەھەرلىك سۇتلۇكئوتلار بىلەن سۇنئىيلەشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ خۇددى ئىسسىقتىن بولىدىغان مەلۇم ئۆتكۈر كېسەللىكنىڭ «نار فارسىي» (پارس ئوتى) دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاشتۇر» دەپ يازغان.

## نارى قەيسەر

(قەيسەر ئانارى)

ھىندىچە «ناگىيسەر گۇجۇراتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە كۆپ ئىختىلاپ باردۇر. ئەنتاكىي بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، بىر دانە ئىنچىكە، سېرىققا مايىل غولى بار، گۈلىمۇ سېرىققا مايىل بولۇپ خۇش پۇراقتۇر، رىمدىن كەلتۈرۈلىدۇ، مىسىردا ئۇ «ساقى ئەلھام» دەپ ئاتىلىدۇ دېگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شەقائىقۇن نۇئمان (لالىگۈل) ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا مىزاجى سوغۇق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۇيدۇك، ھەيز ھەيدەيدۇ. مەلھەم قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نارىكەيۋا

(نارىكەيۋا ئۇسۇملۇكى)

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «مارىكەيۋا» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىبنى بەيتارنىڭ قارىشىدا، ئۇ ئىككى نەرسە ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن ئىككى نەرسە ئىكەنلىكى ئايان بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «خەشخاش زەبەدىي» (قايماق كۆكنار) دەپ بىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ساسلىق ۋە سايە يەرلەردە يالغۇز ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى بىر ئادەم بويىچىلىك كېلىدۇ، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، كۆك، سىلىق، قوغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ناھايىتى يۇمشاق بولىدۇ. گۈلى خەيرىگۈل يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى پىندۇق چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئىچىدىن قارامتۇل، تەمى ئۆتكۈر ۋە چاققۇچى بولغان ئۇرۇقى چىقىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «فۇلفۇلۇل مائ» (سۇ مۇرچى) دەپ بىلگەن. بەزىلەر ئۇ ئەمەس دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈرلۈكى ۋە چېقىش تەسىرى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى سوقۇلۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، بەلغەملەرنى چىقىرىدۇ.

زىيىنەتلەش تەسىرى: دەرىخنىڭ كۆلى ياكى يوپۇرمىقى سالايە قىلىپ چېپىلسا داغ - سەپكۈن ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. چاچ چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈشىنى كېچىكتۈرىدۇ.

ئىششىقلار: مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، كۈرسىنە، پىياز ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇنىڭ سۈيى بىلەن قاينىتىپ قورۇتۇلۇپ ئۇيقۇدىن كېيىن يۈزگە سۈركىسە يۈزنى كۆپتۈرىدۇ ۋە قىزارتىدۇ.

## نارمىشك

(نارمىشكى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئانار ئىپارى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «نارغىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئەلقانۇن»دا «سور بارىد» دېگەن نام بىلەن بايان قىلىنغان.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر، بەزىلەر ئۇنى ھىندىستان ئانارىنىڭ خەمكى دەپ بىلگەن، بەزىلەر بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكى بولۇپ، خۇراساندا كۆپ بولىدۇ، سېرىققا مايىل قىزىل، نوقۇتتىن چوڭراق بولۇپ، شەكلى گۈلى ئېچىلمىغان كىچىك ئانارغا ئوخشايدۇ، دەرىخى ئانار چوڭلۇقىدا بولۇپ، كۈنلۈك شەكلىدە ئۆسىدۇ دېگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن نارى قەيسەرنى بىر ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر. چۈنكى قەدىمكىلەرنىڭ ئارىستۇنىڭ سۇفۇپىغا ئوخشاش نۇسخىلىرىدا مەزكۇر ئىككى خىل دورا تەڭ بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ يېڭى، خۇش پۇراق، رەڭگى ئاق سېرىق، تەمى قىرتاق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە سۇيۇلدۇرغۇچى، روھلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا بۇ خاراتىنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى توسىدۇ. مالىخولىيا، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە شىپا

بولىدۇ. يۇرەك، جىگەر، ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىق ئۇچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاناش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. شىلىمشىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ. خۇرسەن قىلغۇچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

يارىلار ۋە جاراھەتلەر: زىمات قىلسا يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، تەر توختىتىدۇ. سىپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىچىلسە ياكى مەلھەم قىلسا دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ. رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى.

(2) ئۆتكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە پىستە پوستى، باراۋەر مىقداردا زەنجىۋىل، ئالتىدىن بىر ئۈلۈش مىقداردا سۇمبۇل تىپ، باراۋەر مىقداردا كېرمان زىرىسى. بەزىلەر ئۈچتىن بىر ئۈلۈش مىقداردا دېڭىز قۇستىسى (قۇستە بەھرىي) ئورۇنباسار بولىدۇ دېگەن.

## نارەنج
(نارەنجى)

ئۇ پارسچە «نارەنگ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ھىندىچە «كىرنا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ چوڭ، مەنزىرىسى گۈزەل، سەل تىكەنلىك بولغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ياغىچى قاتتىق بولۇپ، سېرىققا مايىل ئاق، ئاق سەندەل رەڭگىدە بولىدۇ، تۈتۈلسا يۇمشاق بىلىنىدۇ، يوپۇرمىقى لىمون يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، تۇرۇنجى يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، خۇش پۇراق، گۈلى ئاق، سەل سوزۇنچاق، ناھايىتى خۇش پۇراق، تەمى سەل ئۆتكۈر، ئازراق ئاچچىق بولىدۇ. مېۋىسى خام ۋاقتىدا كۆك، يۇمىلاق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىلغا مايىل سېرىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئېتى چوچۇمەل، سۇلۇق، قات ـ قات، پەردىلىك بولىدۇ. ئۇرۇقى سەل ئۇزۇنچاق بولۇپ، تۇرۇنجى ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئاچچىق بولىدۇ. مېۋە پوستىمۇ ئاچچىق بولىدۇ. چوڭ، رەڭلىك، سۇلۇق، پوستى نېپىز، سىلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسسىق ئەللەردە كۆپ ئۆسىدۇ. بەزى ئەللەردە داۋاملىق مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى يىل ئۆتسە قىزغۇچ سېرىق، شۇ يىلدا كۆك، چالا پىشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ چېچەكلەش ۋاقتى باھار ۋە ياز پەسلىدۇر.

**تەبىئىتى:** سېرىق پوستى بىلەن چېچىكى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، چۈچۈمەل سۈيى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن. پوستى بىلەن ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، قۇرۇقلۇقى ئارتۇق، باشقا قىسىملىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ چۈچۈمەل سۈيىدىن باشقا ھەممە قىسىملىرى تۇرۇنجىدىن ياخشىراقتۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ چۈچۈمەل سۈيىدە شىلىمشىقلىق بار بولۇپ، كۆكرەكنىڭ نەزلىلىرى ۋە ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىنىپ ئۇرۇقلىرى چىقىرىۋېتىلىپ ئۈستىگە شېكەر سېپىلىپ ئوتتا قويۇلۇپ ئىككى ـ ئۈچ قايىنتىلىپ ناشتىدا سۈيى ئىلمان شورالسا ياخشى پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈيى شېكەر بىلەن ئىچىلسە سەپرانى سۈرىدۇ، ئۇنىڭ ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. خۇمارنى باسىدۇ، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. قايىنتىلمىسى شېكەر بىلەن ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. نارەنجىنىڭ پەي ـ نېرۋىلارغا بولغان زىيىنى باشقا چۈچۈمەل نەرسىلەرگە قارىغاندا، كەمرەكتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ساغلام بولمىغان پەيگە زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا جىگەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر بىلەن ھەسەلدۇر.

ئۇنىڭ سېرىق پوستى خۇرسەن قىلىدۇ، قۇرتۇلغىنىدىن ئۈچ يېرىم گىرام ئېلىنىپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. قورساقتىكى مەددە قۇرتنى بىر سائەتتىلا چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن ۋە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئېتىنى ئۇرۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق پىشۇرۇپ زىمات قىلىنسا، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە باشتىكى تاشمىلارغا پايدا قىلىدۇ. تېرە بىلەن چاچنى تەگداشسىز يۇمشىتىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: پوستى بىلەن چېچىكىنىڭ چىلانمىسى ئىچىلسە قىيىن تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، چايان ۋە زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. پوستى بىلەن يوپۇرمىقى پۇرالسا خۇرسەن قىلىدۇ، چۇماغا شىپا بولىدۇ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** ئۇرۇقىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيتى بولۇپ، ئاقلانغان ئالتە گىرامى زەھەرلىك ھاشاراتلار چاققاندىكى زەھەرنى يوقىتىدۇ. دەرىخىنىڭ ئىنچىكە يىپچىلىرى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. نارەنجى پۇرالسا چۇما

كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. چېچىكى پۇرالسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ ئەرقى «مائۇل قەداھ» دەپ، پارسچە «ئەرقى باھار» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، روھلارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭە ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. خۇرسەن قىلىدۇ. دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. نەزلىلەر، كۆكرەك ئاغرىقى، خەفاقان، بىھوشلۇق، يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كېكىرىش، يەل تۇرۇپ قېلىش ۋە قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 60 گىرام ئېلىنىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر ۋە تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى سالايە قىلىنغان مارجان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تالغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىندۇر. كەرەپشى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشلارنى ئېزىپ چۈشۈرىدۇ. ناشتىدا ئىچىلسە ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. يۇڭنى مىلەپ ھەمەلچە قىلىنسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئېشەك سۈتى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ پۇرالسا ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۇلاب.

ھاۋا ئۇنىڭغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئالىيۇمىن ياكى مىس قاچىدا ساقلانسا يەتتە يىلغىچە ساقلىنىشلىق بولىدۇ. ئەينەك قاچىدا بىر يىلغىچە ساقلىنىشلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ سېرىق پوستى چېچىكى بىلەن بىرلىكتە كۈنجۈت يېغىغا چىلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ پوستى بىلەن گۈلى ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تەييارلانغان يېغى ئىشلىتىلسە ھەممە تەسىرى سۇمبۇل يېغىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ قۇرۇق پوستى بىلەن گۈلى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويۇلسا قۇرت يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ يېغىدىن ئون گىرامى ئىستېمال قىلىنسا ھايۋانات مەنبەلىك سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ھەببى، يېغى، شارابى، ئەرقى قارابادىندا بايان قىلىندى.

پوستىنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ۋە مۇراببىاسىمۇ يېيىشلىك بولۇپ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەييارلىنىشى تۇرۇنجى پوستىنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ۋە مۇراببىاسى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## ناتىپ

(مېغىزلىق پىچىنە)

ئۇ پارسچە «قەبىيتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇقتۇر.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** نەپەس ئەزالىرى ۋە ئۆپكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، بەلغەم خاراكتېرلىك خىلتلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. سەۋدانىڭ ئاشقازان ئېغىزىغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۇچۇمەل نەرسىلەر.

ئۇنىڭ شېكەردىن تەييارلانغىنى ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. خەشخاش قوشۇلۇپ تەييارلانغىنى نەزلە بىمارلىرىغا، سۇيىدۇك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ. ھەسەل قوشۇلۇپ تەييارلانغىنى سوغۇق مىزاجلىقلار، ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ياشلاردا سەپرا پەيدا قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ. ئۇندىن تەييارلانغىنى بەلغەم خاراكتېرلىك خىلتتىن پەيدا بولغان توسالغۇدىن كېلىپچىققان ئۆپكە ۋە كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. كۇنجۇت قوشۇپ تەييارلانغىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، ئۆپكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئەمما ئېغىر بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ. ياڭاقتىن تەييارلانغىنى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، بەلغەملىك ئاشقازان ۋە بۆرەككە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەمما باشنى ئاغرىتىدۇ. تۈزەتكۈچىسى خەشخاش ياكى كاھۇ. بادام قوشۇلۇپ تەييارلانغىنى سەل ئىسسىق بولۇپ، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## ناگىيسەر

(ناگىسەر دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئىككى «ك» ھەرپى بىلەن «ناككىيسەر» دەپمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

**ماھىيتى:** ئۇ بىنگالدا بولىدىغان چوڭ دەرەخ بولۇپ، ياڭاق چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئامۇت يوپۇرمىقىدىن كەڭ بولىدۇ. گۈلى ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، پورنىيە،

رەنگپۇر ۋە بېنگال ئەتراپلىرىدا كۆپ تېپىلىدۇ. گۈلى، بولۇپمۇ گۈلىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سېرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئەتىر ساندۇقىغا سېلىپ قويۇلسا باشقا ئەتىرلەرنىڭ پۇرىقىنى بۇزۇپ ئۆزىنىڭ پۇرىقىنى سىڭدۈرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىق، ئەتىرى تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۈلى سەپرا، بەلغەمنى پەسەيتىدۇ، زەھەرلەرنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بوۋاسىرنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە داۋا بولىدۇ. قورساقتىكى مەددە قۇرتنى يوقىتىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ. رەڭگىروينى سۈزۈلدۈرۈپ قاننى ساپلاشتۇرىدۇ. جاراھەتلەرنى تازىلاپ ساقايتىدۇ. بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۈلىنىڭ ئارىسىدىكى سېرىقى كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇلۇپ ئەتىگىنى سۈزۈلۈپ ئازراق قەنت، ھەسەل قوشۇلۇپ تاكى بوۋاسىر دانچىلىرى چۈشۈپ كەتكۈچە ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىچىلىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىيدىنىڭ «تۆھفە» نىڭ شەرھىسىدە يېزىشىچە 40 كۈن ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن بوۋاسىر دانچىلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ سېرىقىنى كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ ئازراق ناۋات قوشۇلۇپ 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى يوقىتىدۇ. ئەتىرىدىن بىر دان ئېغىرلىقىدا ئېلىنىپ تەنبۇل يوپۇرمىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەمما بەك ئىسسىق بولۇپ، خەتەرلىكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئۇنى ئىستېمال قىلمىغىنى ياخشىراق. ئەتىرى سۈركەلسىمۇ باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنى قوزغىتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى سوقۇلۇپ ئۈستىگە ئازراق سۇ چېچىلىپ خالتىغا ئېلىنىپ قۇرۇق قوتۇرغا كەچتە ئازراق يېغى چىققۇچە سۈركەلسە، يېغى ئاز قالسا يەنە ئازراق سۇ چېچىلىپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەنە سۈركەلسە، كۈندۈزى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇۋېتىلسە بىرقانچە كۈندە ساقىيىدۇ، قۇرۇق قوتۇرغىمۇ پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ خالتىنى سىققاندىكى چىققان يېغى تېمىتىلسا ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن بادام يېغىنى ئالغان ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ ھۆل قوتۇرغا تېمىتسا، ئۈستىدىن قەنبىلنى يۇمشاق سالايە قىلىپ چاچسا بىر قانچە قېتىمدىلا ساقىيىدۇ.

## نانەخەۋاھ
(نانخا)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، نان سورىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پارسچە يەنە «رەبنان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «كەممۇن مۈلۈكىي» (شاھ زىرىسى)، ھىندىچە «ئەجۋايىن» دەپ

ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، رومبەدىياندىن ئۇششاقراق، سېرىققا مايىل، تەمى ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى تاغ يالپۇزى ئۇرۇقى دەپ بىلگەن، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىلغا مايىل سېرىق، يېڭى، تەمى، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرىدۇر.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۇنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتۇش، زەھەر قايتۇرۇش، يۇمشىتىش تەسىرى بار، يەللەرنى تارقىتىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، تىترەش، ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى كۆزگە تېمىتىلسا تىراخوما كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. كۆزدىكى چاپاق ۋە باشقا ماددىلارنى تازىلايدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا يېنىكلەشتۈرىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھۆللۈك، كېرەكسىز، شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلايدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يۇرەكنىڭ قالايمىقان سوقۇشىغا پايدا قىلىدۇ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، جىگەر، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقى ۋە ھەببۇل مۇلۇككە ئوخشاش زىيادە زىيانلىق ۋە كۈچلۈك سۈرگۈچى زەھەرلىك دورىلاردىن بولغان قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئىلىشىش، كېكىرىش، خام كېكىرىش، قورساق ئېسىلىش ۋە غورۇلداش، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان، جىگەر، ھەزىم، ئۈچەيلەرنىڭ ھۆللۈكى ۋە سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، سۈيدۈك تامچىلاش، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچكى ئەزالار، جىگەر، بۆرەك، دۈۋسۈننى قىزىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قىزىتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز، سۈت، تەر ھەيدەيدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا، نانغا قوشۇلسا، ھەسەل ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەردىكى سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ. ئاشقازان مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق مىزاجلىقلار، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە ئېغىزىغا تائام تېتىمايدىغانلارغا داۋا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ياڭاق مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دۈۋسۈندىكى تاشلارنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. چۆكۈپ بىر ئىلىك ئاشقۇدەك لىمون سۈيىگە چىلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ يەنە چىلىنىپ يەنە قۇرۇتۇلۇپ شۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم تەكرارلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا، باھ قۇۋۋىتىدىن

ئۇمىدىنى ئۇزگەنلەرنىڭمۇ باھ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ 500 مىللىلىتىر سۈت بىلەن تاكى سۈتنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ 30 گىرام قەنت سېلىنىپ ئىچىپ، ئۇستىدىن گۆش ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى زىيادە سەمرىتىدۇ. بەدەنگە سۈركەلسە خاسىيىتى بىلەن رەڭگىروينى سارغايتىدۇ. ئاقكېسەل، بەھەق ۋە تېرىدىكى تۈرلۈك ئىزلارنىڭ دورىلىرىغا قوشۇلسا تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

تەپلەر: ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كونا تەپلەرگە، بولۇپمۇ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. سۈيى تۆكۈلسە بەزگەككە داۋا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلىنسا تۈرلۈك زەھەرلەر، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ، ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ ۋە خۇمارىنى باسىدۇ. ئىسسىق سۈيى تۆكۈلسە چايان چاققاندىكى زەھەرنى تېز يوقىتىدۇ. راتىيانەج بىلەن ئىسرىق سېلىنسا، پەرزىجە ۋە كىلىزما قىلىنسا بالىياتقۇدىن كېلىدىغان سېسىق ھۆللۈكلەرنى تازىلاپ قۇرۇتىدۇ. تۇز، تۇرمۇس پۇرچىقى ۋە زەپەر بىلەن زىمات قىلىنسا ئۇرۇقدان ئىششىقىنى يانىدۇ.

ئاغرىقلار، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن زىمات قىلىنسا كىندىكنىڭ چىقىپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ھەرقانداق ئەزانىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ گىل قىيمۇلىيا بىلەن زىمات قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. يەنە تېرە ئاستىدىكى قاننى تەڭداشسىز تارقىتىدۇ. ياغلار بىلەن زىمات قىلىنسا دانخورەككە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، بەدەننى سارغايتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

(2) ئانا سۈتى ۋە مەنىينى ئازايتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇلارنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇرمۇس پۇرچىقى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئون گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سەمرىتىشتىن باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن باراۋەر مىقداردىكى سىيادان ئورۇنباسارى بولىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، مۇدەببەر قىلىنىشى، يېغى، سۇفۇپى، شارابى، ئەرقى ۋە مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ئەرقى قائىدە بويىچە تارتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پالەچ، تىترەش، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى، نەپەس قىينىلىششقا پايدا قىلىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىشتىھانى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى ئازايتىدۇ، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ئۇ دارچىن، گاۋزىبان بىلەن بىرلىكتە تارتىلغان بولسا خۇرسەن قىلىشتا شارابنىڭ ئورنىنى باسىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ پار قازاندا تامچىلىتىپ تارتىلغان يېغى يەللەرنى تارقىتىش، كونا ئاغرىقلارنى پەسەيتىش ۋە سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى دورىدۇر.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەبىز

## (شاراب)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىچىتىلغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پارسچە ۋە ھىندىچە «بوزە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھاراقتىن باشقا مەست قىلىدىغان بارلىق سۇيۇق ئىچىملىكلەرنىڭ ئورتاق نامىدۇر. ئۇ مەست قىلغۇچى ئۆتكۈر چىلانمىلاردىن بولۇپ، بىرقانچە خىل بولىدۇ، مەشھۇرلىرى تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغانلىرىدۇر. فۇقائ ئۇنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئانار سۈيى ۋە باشقا مېۋىلەر ھەم ئاشلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ، ئىچىپ مەست قىلىدىغان ھالەتكە كەلگۈچە قويۇلمايدۇ. مەلۇم ۋاقىت قويۇلۇپ ئىچىتىلسا ئۇ «مەزغى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شارابلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئومۇمىي تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممىسى قاننى كۆيدۈرگۈچى، مېڭىنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى، سەزگۈلەرنى غۇۋالاشتۇرغۇچى، سەۋدا پەيدا قىلغۇچىدۇر. سەۋدا مىزاجلىقلار، سەۋدادىن بولغان ئىششىقلار ۋە تالغا زىيان قىلىدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، قۇرۇق ئۈزۈم، خورما، جىگدە ۋە باشقا مېۋىلەردىن، بولۇپمۇ تۇت خورمىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىككى ھەسسە سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇلۇپ سۇنىڭ ئۈچتىن بىرى تۆگىگۈچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىغا تۆكۈپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ بەش - ئالتە ئايغىچە تۇغۇزۇپ پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كېيىنكىلەرنىڭ تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، مەزكۇر مېۋىلەر بەش ھەسسە سۇ بىلەن بىرىمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە تەييارلىنىدۇ. ئاشلىقلاردىن تەييارلىماقچى بولغاندىمۇ يۇقىرىقى مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ يېشىلىپ سۇ بىلەن ئوخشاش بولغۇچە قاينىتىلىپ شېكەر، ھەسەل، ئۇزۇم شىرنىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەرنىڭ خالىغىنىدىن ئۈچ ھەسسە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۇرغۇزۇلىدۇ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سۈزۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بەش لىتىرىغا جويۇز، قەلەمپۇر، دارچىن، زەپەر، ئۇد ھىندى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش خۇرسەن قىلغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ رەختكە ئوراپ قوشۇپ قاينىغاندىن باشلاپ تاكى توختىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل تۇرغۇزۇلىدۇ. ھەسەل، شېكەر، ئۇزۇم شىرنىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى قوشۇپ تەييارلىماقچى بولسا ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا قوشۇلۇپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. قۇۋۋەتلىكرەك بولۇشى مەقسەت قىلىنسا مەزكۇر دورىلار ئېيتىلغان مىقدار بويىچە قوشۇلسا بولىدۇ.

## نەبىزۇز زەبىب
(قۇرۇق ئۇزۇم شارابى)

ئۇ پارسچە «مەۋىز ئاب» (ئۇزۇم سۈيى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئىسسىقلىقى ئۆرۈك شارابىدىن ئارتۇقراق، قاينىتىلغىنىنىڭ ئىسسىقلىقى كەمرەكتۇر، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پىشقان قان پەيدا قىلغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى، بەدەننى قىزىتقۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭغا ئازراق ھەسەل قوشۇلسا ئىسسىقلىقى ۋە بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرىش قۇۋۋىتى ئاشىدۇ ۋە نەپەس ئەزالىرى، ئۆپكىدىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى تازىلىغۇچى، بۆرەك، دۈشۈنى قىزىتقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، باھنى قوزغىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلىغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. قاينىتىلغاندا ھومىما قوشۇلسا كالا ئىشتىھا كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، ھەزىمنى ۋە بەدەننى كۈچەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تېز بۇزۇلىدۇ، مېڭىنى بۇزىدۇ، خىلىتلارنى قويۇلدۇرىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، سەۋدالىق كېسەللىكلەر، سەۋدادىن بولغان ئىششىقلار ۋە تۇرلۇك كۆيۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، تالغا زىيان قىلىدۇ، ئىستىسقا كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

## نەبىيزۇل ئەسەل
(ھەسەل شارابى)

ئۇ «شارابى ئەسەلى» (ھەسەل شارابى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ئىسسىقلىقى ھاراقتىن كۆپ ئارتۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلىتلارنى تارقاتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلىغۇچى، سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، پالەچ، لەقۋا، تىترەش، ئىستىرخاغا ئوخشاش پەيلەرنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇق پەسىللەر ۋە سوغۇق شەھەرلەردە ئىستېمال قىلىنسا مۇۋاپىقراق بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەپراغا تېز ئۆزگىرىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار، سەپرا مىزاجلىقلارغا، بولۇپمۇ جىگىرى ئىسسىق، بەدىنى ئورۇق، قېنى ئاز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، بولۇپمۇ ناشتىدا داۋاملىق ئىچىلسە زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**تەييارلىنىشى:** ھەسەل، خورمىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى ھەسسە، قۇرۇق نان بىر ھەسسە، جويۇز ناننىڭ ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا، قەلەمپۇر، بەسباسىنىڭ ھەربىرىدىن ناننىڭ ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا، زەپەر ئوننىڭ ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردا ئېلىنىدۇ. ھەممىسى چالا سوقۇلۇپ ھېچقانداق يىرىكلىك قالمىغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا ھەسەل قوشۇپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قېلىپ بىر قىسمى كۆيۈپ كەتكۈچە قاينىتىلىپ پىشقاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نەبىيزۇس سۇككەر
(شېكەر شارابى)

شېكەر قومۇشى سۈيى، قەنت ياكى شېكەردىن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق ئۈزۈم شارابىدىن سۇيۇقراق، ئۈچۈچانراق بولۇپ، سىڭىپ كىرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر، بۆرەك، دوۋسۇنغا، سۈيدۈك ئېچىشىپ ۋە تەستە كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆدە، رەڭگەر رەڭلىك سەپرا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، باش

ئاغرىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىھى، ئانارنى ئېتى بىلەن شوراشتۇر.

ناۋاتتىن تەييارلانغىنى كۆكرەككە پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بۆرەك دوۋسۇنغا پايدا قىلىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىچىنى سۈرگۈزىدۇ، ماغدۇرسىزلار، سەۋدا مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قىچىشقاق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھۆل سوغۇق نەرسىلەر.

## نەبىزۇل فەۋاكىھ
(مېۋىلەر شارابى)

بۇ تاتلىق بىھى، ئالما، ئامۇت، ئۈجمە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ سۈلىرىدىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، ئاشلىقلاردىن تەييارلانغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

**زىيانى:** مەست قىلىدۇ، تېز بۇزۇلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، كورگىرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق، خۇش پۇراق دورىلار، ھەسەل.

## نەبىزۇت - تەمر
(خورما شارابى)

خورمىدىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، «شارابى خورمائى» (خورما شارابى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئۇزۇمدىن تەييارلانغىنىدىن قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياشانغانلار ۋە بەلغەم مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، مېڭە، ئاشقازان، ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ، جوزام، چاشقان يارىسى، راك كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا زىيان قىلىدۇ، چۈنكى قان ۋە خىلتلارنى كۆيدۈرىدۇ.

## نەبىزۇل بۇسر ۋەلبەلەھ
(تولۇق خورما شارابى)

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خورما شارابىدىن ياخشىراقتۇر. قۇرۇق ئۈزۈم شارابىدىن قالسا ھەممە شارابتىن ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قورۇغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر.

## نەبىيزۇد دىبس ۋە سەيلان
(شارابى دۇشابى)

تەبىئىتى ۋە تەسىرلىرى خورما شارابى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## نەبىيزۇل ئۇرۇز
(گۇرۇچ شارابى)

پارسچە «بوزە» دەپ ئاتىلىدۇ، مىسىردا «مەرزىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ، قوناق، گۇرۇچ، ئارپا، بۇغداي ۋە باشقا ئاشلىقلاردىن تەييارلانغان شارابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى باشقا شارابلاردىن كەمرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىنى سۈرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئازراق مەست قىلغۇچى، باھ ۋە ھەزىمنى زەئىپلەشتۈرگۈچى، ئىشتىھانى تۇتقۇچىدۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل قوشۇش ۋە ئىسسىق دورا ـ دەرمانلارنى قوشۇشتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆزگە پەردە ئۆسۈش، تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە سەۋەب بولىدۇ، ئاجىز بەدەنلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېگى بېلىق ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇغداي بىلەن تېرىقتىن تەييارلانغىنى ئىشتىھانى ئاچقۇچى، رەڭگىرويىنى قىزارتقۇچى، كۈچلۈك مەست قىلغۇچى، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغاتقۇچى ئىكەن. ئارپىدىن تەييارلانغىنى قورساقنى ئېسىدۇ، خۇرسەن قىلمايدۇ، باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ھ» (ھۇۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نۇھاس
(مىس)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مىس»، ھىندىچە «تانبە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** كاندىن چىقىدىغان مېتاللاردىن بولۇپ، كانى ياپونىيە، پەرەڭنىڭ بەزى

ئەللىرى، ئىران ۋە باشقا شەھەرلەرگە جايلاشقاندۇر. ھەممىدىن ياخشىسى ياپونىيەدىن چىققىنىدۇر. ئۇ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ، قەلەمچە ھالەتتە كەلتۈرۈلىدىغانلىرى قىزىل، يۇمشاق بولۇپ، تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. كەڭ، ئۇزۇنچاق تاختاي ھالەتتە تەييارلىنىپ كەلتۈرۈلىدىغانلىرىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتۇر. قۇرس قىلىنىپ كەلتۈرۈلىدىغىنى ئۇنچىلىك ياخشى ئەمەس، قاتتىقتۇر. شۇنداقلا ئىراننىڭ فەراسىس ۋە كېرمان شەھەرلىرىدە بولغانلىرىمۇ قاتتىق بولىدۇ. سەبزىۋار دېگەن ئورۇنغا يېقىن مۇزنىيان دېگەن يەردە، كاشان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۇنىڭ قاچا ياسىلىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، ئۇمۇ يۇمشاق، ياپوندىن چىقىدىغىنىغا ئوخشاشراق بولىدۇ. كاشان، بېنگال، جاھانگىر نىگەر دېگەن جايلاردىكى ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىلار ياخشىرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ كانىدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى ھاسىل بولىدۇ، ئۇ «مىسى رەست» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئاليۇمىنىدىن ئىبارەت. ئەرەبچە «سۇفر»، يۇنانچە «تالىيقۇن» دەپ ئاتىلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ، ئۇ سېرىق، پارقىراق بولىدىكەن. تالىيقۇن «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى ساپ تاشنى ئېرىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرى سېرىققا مايىل، كۆپىنچىسى قىزىل بولىدۇ. مىس دېگەن سۆزدىن مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىلى ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردىكى روي تۇتىيا (بىر خىل مېتال)بىلەن ئېرىتىلسە پارسچە «بىرىنج»، ئەرەبچە «سۇفرى مەسنۇئ» (سۈنئىي تۇچ)، ھىندىچە «پىيتەل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ماددا ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، مىستىن قاتتىقراق ۋە سوقۇشنى قوبۇل قىلىدىغانراق بولىدۇ. ئۇنىڭ سېرىقى بەشتىن ياكى تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى روي تۇتىيا بىلەن بىرلىكتە قاچا شەكىللىك قېلىپلارغا قۇيۇلۇپ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، پارسچە «رىيختە» (تۆكمە)، ھىندىچە «بەرت» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ سوقۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ، سۇنۇشچان بولىدۇ. تەبىئىي تۇچ كەم ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن سۈنئىيسى تەبىئىي تۇچ نامىدا تارقىلىپ ئىشلىتىلگەن. مىس قەلەي بىلەن ئېرىتىلسە پارسچە «سەفىيد روي» دەپ ئاتىلىدۇ، قەلەي ۋە روي تۇتىيا بىلەن ئېرىتىلسە پارسچە «جام»، ھىندىچە «كانسە» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خىلى سۇنۇشچانراق بولىدۇ. پەرەڭدىن كۆمۈشكە ئوخشايدىغان ناھايىتى ئاق، پارقىراق بولغان قاچىلار ئېلىنىپ كېلىدىغان بولۇپ، يېڭى بولسا، سۇ، ياغ تەگمىگەن بولسا، سۇيۇقلۇق كۆپ تەسىر قىلمىغان بولۇپ، سۈپىتىنى ساقلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا سېرىققا مايىللىشىدۇ، سۇنۇشچان بولۇپ، ئېرىمەيدۇ.

مىس سىماب، ساپ بولمىغان گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، سائادەتلىك يۇلتۇزغا تەۋەدۇر، بىلىناسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ قۇياش بىلەن بىرلىشىشى ۋە ئاينىڭ ئوتتۇرىغا كېلىشى بىلەن بىر يىل 25 كۈندە تامامىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ سېرىق ئالتۇن رەڭ بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىلغا مايىل سېرىق، يۇمشاق، ساپ بولغىنى

ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر رەڭلەر ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى ناچاردۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاتتىقىمۇ ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر، كۆيدۈرۈلگىنى جاراھەتلەرنى پۈتتۈرگۈچىدۇر، قورۇغۇچى تەسىرگە، ئۆتكۈرلۈك ۋە ئىسسىقلىقتا ئىگىدۇر. يۇيۇلسا ئۇچۇچانلىشىدۇ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ھارارىتى ئاجىزلايدۇ. مىس چېچىكى، يەنى مىس دېتى ئۇچۇچانراق بولۇپ، «ز» (زائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

باش كېسەللىكلىرى: مىس سىركىگە بىر نەچچە كۈن چىلاپ قويۇلۇپ خېنە شۇ سىركە بىلەن يۇغۇرۇلۇپ زىمات قىلىنسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، قاپاقنىڭ قاتتىقلىشىشىغا شىپا بولىدۇ. موي تالىقۇن (تۇچ) تىن ياسالغان قىسقۇچ بىلەن تېرىلسە قايتا ئۈنمەيدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مائۇلھەسەل بىلەن ئېرىتىلگىنى ئىستېمال قىلىنسا زەرداب سۈنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىستىسقانىڭ مۇقەددىمىسىگە داۋا بولىدۇ، مەلھەم قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سالايە قىلىنغىنى ئىستېمال قىلىنسا قۇستۇرىدۇ، 2.5 گىرامى ئاشقازاندىكى سۈنى ئازارسىز چىقىرىدۇ. ئېكەكدەلمىسى قازان ئاستىدىكى قۇيۇن ۋە لىمون سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سالايە قىلىنغىنى يالغۇز ياكى كالا يېغى ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن تەكرار ئىستېمال قىلىنسا ئەپيۇننىڭ زىيانىنى يوقىتىدۇ. قەلەيلەنمىگەن مىس قاچىدا چۇچۇمەل نەرسىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى، گۆشلەر، تۇزلۇق، ئاچچىق ياكى مايلىق نەرسىلەر قويۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ئۇزۇن ۋاقىت قويۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. قەلەيلەنگەن مىس قاچىغا قويۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ زىيان قىلىدۇ، بولۇپمۇ يېمەكلىك ئىسسىق بولسا، ئېغىزى ئىسسىق ھالەتتە ئېتىلگەن بولسا زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ھەممىدىن زىيانلىقراقى قورۇلغان قىزىق بېلىقنى ئۇنىڭدا ساقلاپ ئېغىزىنى ئېتىپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسنىڭ زەنگارغا ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، زەنگارنىڭ ئۆزى زەھەردۇر. زەھەر قايتۇرۇش ئۇچۇن يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە ياغ بېرىلىپ قەي قىلدۇرىدۇ، ئارقىدىن مايلىق گۆش شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: يۇيۇلمىغىنى بىلەن يۇيۇلغىنى بىرلىكتە

مەلھەم قىلىنسا يامان ۋە كېڭەيگۈچى يارىلارنى ساقايتىدۇ، كېڭىيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا كۆچلۈك بەدەنلەردىكى تۆتاش يارىلارنى ساقايتىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاقتا شىپا بولىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئەزالارنىڭ سۇسلۇقى ۋە ھارغىنلىقىنى ئالىدۇ.

مىسنى ئاق، پارقىراق قىلىش ئۈچۈن سوقۇپ نېپىزلىتىپ چۇچۇمەل سۈيۈقلۇقلارغا، بولۇپمۇ سۇماق سۈيى بىلەن سىركىگە تەكرار چىلىنىدۇ. ئۇ ئېرىگەندىن كېيىن ئۈستىگە شور سېپىلسە يۇزدىكى ھەر خىل يات ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئېرىتىلگەن ۋاقىتتا ئۈستىگە پەتىنگان ئۇرۇقى سېپىلسە تېز ئېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى «روسوختەج» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

ئاپتاپتا قويۇلۇپ ئىسسىتىلغان سۇ ئىستېمال قىلىنسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنۇلسا ئاقكېسەلگە سەۋەب بولىدۇ، بولۇپمۇ تەكرار ئىشلىتىلسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

مىس كۈيىسى ۋە ئېكەكدەلمىسى ئىستېمال قىلىنسا ياكى قەلەيلەنمىگەن مىس قاچىدا تائام يېيىلسە ياكى ئىچىملىك ئىچىلسە، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەك چۇچۇمەل بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم مۇددەت ساقلانغان بولسا مىس كۈيىسى، مىس ئېكەكدەلمىسى ۋە تۆمۈر پوقى يەپ زەھەرلەنگەنگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئىلاجىمۇ ئۇنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

## نۇھام
### (قىزىل تۇرنا)

ئۇ تۈركچە ۋە پارسچە «ئەنقۇد» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇ قۇشلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، غازدىن كىچىكرەك، ئۆردەكتىن چوڭراق، ئاق، قارا، سېرىققا مايىل قىزىل رەڭلەر بىلەن ئالىلانغان، ناھايىتى سېمىز بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا سۇ بويلىرى ۋە خارابىلىقلاردا ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يېغى كۆپ، ناھايىتى بەتبۇي بولۇپ، ھەزىم بولسا ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، كۆز، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، ئۆزۈندا ھەزىم بولىدۇ، سۈيدۈك، تەر ۋە چوڭ تەرەتنى بەتبۇي قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە بىلەن پىشۇرۇلىدۇ ياكى ئارقىدىن ئارپا ئېشى، ناۋات ئىستېمال قىلىنىشى ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## نەھل
(ھەسەل ھەرىسى)

ئۇ ھەسەل ھەرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «مىگەسى ئەسەل» (ھەسەل چىۋىنى)، ھىندىچە «شەھدكى مەككى» (ھەسەل چىۋىنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر، موم (شەمئى) ماۋزۇسىدىمۇ ئۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەندى.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تېخى قانات چىقارمىغان لىچىنكىسى (بالىسى) سايىدا قۇرۇتۇلۇپ ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىنىپ 50 گىرام بۇغداي ئۇنى، 25 گىرام شېكەر بىلەن تەييارلانغان ھالۋىغا قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇۋۋەتلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆللۈكى سۇرۇلسە سېرىق ھەرە چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

# پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «خ» (خائ) ھەرپ بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نۇخائ
(يۇلۇن)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مەغىزى ھارام»، «ھارام مەغىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاق، مايلىق، شىلىمشىق ماددا بولۇپ، بويۇن، ئۇچا ئومۇرتقىلىرى ئىچىگە پەي - نېرۋىلىق ئەزالارنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر. پەي - نېرۋىلىق ئەزالارنىڭ تولىسى ئۇنىڭدىن ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، مېڭە يىلىكىنىڭ قۇيرۇقى ئورنىدا تۇرىدۇ. مېڭىدىن ئالغان روھىي نەپسانىينى پەي - نېرۋىلارغا ئۆزۈكسىز يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېڭىدىن ھۆل ئىسسىقراق، ھۆللۈكى كەمرەك، ئىسسىقلىقى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. زىمات قىلىنسا يارىلارنى يەيدۇ، زەخمىلەرنى قاقاچ باغلىتىدۇ، لەۋ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يېرىلىشىنى ساقايتىدۇ، ئەزالارنىڭ ياز ۋە ئىسسىقلىقتىن بولغان قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ، بۇ جەھەتلەردە تەڭداشسىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا تەسىرلىرى مېڭىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ، لەززەتلىك ئەمەس، ئۆزۈندا ھەزىم بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىستېمال قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇزلاپ يېيىش، ئارقىسىدىن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر. ئۇنى قىلسا ياخشىدۇر، ئەنجۇر شىرنىسى ۋە مائۇلھەسەلگە چىلاپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

## نۇخالە

(كېپەك)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. «سەبۇس» مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «بەھۇسى» ۋە «چوكەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئاشلىقلارنىڭ قاسرىقىدىن ئىبارەت. يالغۇز ئاتالسا بۇغداي كېپىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىقلىقى بۇغداي ئۇنىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئازراق، ئۇنىڭدىن قۇرۇقراقتۇر. ئومۇمەن بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تازىلىغۇچىدۇر.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: سىركىگە چىلانغىنى كۆيدۈرۈلۈپ ئىسرىق سېلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قاينىتىلغان سۈيى شېكەر، ھەسەل ۋە بادام يېغى بىلەن ئاتىلا قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ. بەلغەمنىڭ چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆپكىنىڭ يىرىكلىكىنى ئوڭشايدۇ، كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. كەم ماغدۇر كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ نېنى ئىچنى قاتۇرغۇچى، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرتقۇچىدۇر. شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا ئەمچەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ھەم سۈت ئۇيۇپ قېلىشتىن بولغان ياللۇغنى قايتۇرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: تۇرۇپ يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا چايان چېقىۋالغاندىكى زەھەرلىنىشنى قايتۇرىدۇ. تۇز بىلەن قاينىتىلغىنى، شۇنداقلا تۇز بىلەن سوقۇلغىنى زىمات قىلىنسا ئەفئى يىلىنى ۋە چايان چېقىۋالغاندىكى زەھەرلىنىشنى قايتۇرىدۇ، يەللەر ۋە سوغۇق ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قاينىتىلغىنى زىمات قىلىنسا كېگەيگۈچى بەلباغسىمان قوقاق، يارىلاشقان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، ئىسسىق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. سىركىگە چىلىنىپ زىمات قىلىنسا كۆيدۈرگىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە يەلدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى قايتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئازراق تۇز بىلەن بىرلىكتە قىزىتىلىپ

خالتىغا ئېلىنىپ تەكرار ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئارپا كېپەكى سۈيى تۆكۈلسە قىچىشقاق، تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئەدەس كېپەكى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سىيىپ يېتىشقا پايدا قىلىدۇ، پەت سىركىنى يوقىتىدۇ. باقىلىلا كېپەكى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا دەرەخلەر چېچەكلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: بۇغداي كېپەكى زەيتۇن يېغى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا بوغۇملارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

## پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نەد

(نەد ئىسرىقى)

ئۇ پارسچە «كۇشتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇنئىي تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىسرىق بولۇپ، غالىيەگە ئوخشاش خۇش پۇراق بولىدۇ. نەجاشئە ئۇنى ئاببىاسىي پادىشاھلىقىنىڭ خەلىپىلىرىگە ئىجاد قىلىپ بەرگەن. تەركىبى خام ئۇد ھىندى، ئەنبەر ئەشھەب، ئاق سەندەل، ھەسى لۇبان، تۇرۇنجى پوستى ياكى يوپۇرمىقى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىنىپ سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ دورىلارنىڭ بىر ھەسسىسىچىلىك، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىككى ھەسسىسىچىلىك ئاق ناۋات، گۈلاب ياكى مەرزەنجۇش قوشۇلۇپ قۇرس قىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. بەزىلەر شامغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق پىلتە شەكلىدە تەييارلايدۇ. سورۇنلارنى خۇش پۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلىدۇ. يەنە گۈلاب بىلەن سالايە قىلىنغان خام ئۇد غەرقى، 20 گىرام ئەنبەر ئەشھەب، بەش گىرام ئىپار قاتارلىقلار 500 گىرام ناۋات بىلەن سالايە قىلىنىپمۇ تەييارلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا مەستىكىمۇ قوشۇپ يېلىم ئېرىتمىسى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياكى شامغا ئوخشاش پىلتە ياساپ تەييارلايدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك، مېڭە، سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلارنى جانلاندۇرىدۇ، شەھۋەتنى قوزغىتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇلغانغان ھاۋانىڭ تەسىرىنى تۈگىتىدۇ، چۇما، زۇكامغا شىپا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىسىمۇ، ئىسرىق سالسىمۇ بولىدۇ.

# پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەرتىيقۇس

(نەرتىقۇس ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيتى:** بولىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاچچىقتاۋۇزغا ئوخشايدىكەن، ئىچىدە ئېتى بار، ئۇرۇقى قىرتاق ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئارتۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى باشقىلار: بۇرۇنغا پۈركەلسە بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىشىنى تۈگىتىدۇ، قېنىنى توختىتىدۇ. ياغلار بىلەن زىمات قىلىنسا تەرلىتىدۇ، شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا چايان چاققانغا شىپا بولىدۇ.

## نەرجىس

(نەرگەس گۈلى)

ئۇ پارسچە «نەرگىس» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ناھايىتى خۇش پۇراق بىر خىل گۈل بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى «قەدەھىي» (قەدەھسىمان) دەپ، يەنە بىرى «مۇزائەف» (قات ـ قات) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدەھىي دەپ ئاتالغىنىنىڭ ئوتتۇرىدا قەدەھ شەكلىدە، پىيالە چوڭلۇقىدا سېرىق رەڭلىك قورۇلمىسى بولۇپ، ئەتراپىدا ئالتە دانە ئاقشا مايىل بەرگىلىرى بولىدۇ، ئۇ ئەركەك نەرگەس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇزائەف دەپ ئاتالغىنى چىشىسى دەپ قارىلىدۇ، ئۇ شىرازدا «ھەفت روزدە» دەپ ئاتىلىدۇ، بەرگى كۆپ بولۇپ، بىنەپشە رەڭگە ئوخشاش باشقا رەڭلەردىمۇ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى، يىلتىزى قاتارلىقلار پىيازغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. قەدەھسىمان بولغان تۈرىنىڭ يىلتىزى كىرىېست بەلگىسى شەكلىدە يېرىلىپ تىكىلسە ئۇنىڭ مۇزائەف (قات ـ قات) بولغان تۈرگە ئايلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر قۇرۇق ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ قارايدۇ. ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقدۇر، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل دەيدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچى ۋە يۇغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: گۈلى پۇرالسا بەلغەم، سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، نەزلىلەر ۋە سوغۇقتىن بولغان زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچىدۇر. جىبرىئىل بەختىشۇئىنىڭ ئېيتىشىچە، قىشتا زۇكام بولماي دېگەن ئادەم نەرگەس گۈلىنى داۋاملىق پۇراپ بېرىشى لازىم ئىكەن. زىمات قىلىنسا تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. قۇرۇتۇلغان يىلتىزى سېپىلسە كۆزدە پەيدا بولغان پەردە ۋە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا كۆز نېرۋىلىرىنىڭ تارتىشىشىغا داۋا بولىدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يىلتىزى چاينىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ياكى قايناتمىسى ئىچىلسە ئاشقازاننى تازىلايدۇ، بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى ھەرقانداق نەرسىنى چىقىرىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ئۆلۈك، تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئىچكى - تاشقى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. 12 گىرامى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. دوۋسۇن، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزى سۈتكە، بولۇپمۇ سۇ كالىسى سۈتىگە ئۈچ كۈن چىلاپ قويۇلۇپ قۇرۇتۇلۇپ سالايە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زەكەرنى تومشىتىدۇ، نامەردلىكنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يالغۇز ئىشلىتىلىسىمۇ باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زەكەرنى چوڭايتىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار، ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: جاراھەتلەرگە يىلتىزىنى سوقۇپ سەپسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىپ ساقايتىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلارنى تازىلايدۇ، پىشىشى تەس بولغان چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. بۇغداي ياكى ساراڭ بۇغداي ئۇنى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يات ماددىلارنى چىقىرىدۇ، پەيلەرنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. يىلتىزى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا چوڭ، چوڭقۇر يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ ۋە ئۇلارنى ساقايتىدۇ، ئۇزۇلگەن چاندىر، تارىمۇش ۋە پەيلەرگە سۈركەلسە ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. قىزىل سەندەل، گىل ئەرمىنى، فۇپەل، ئاقاقىيا، رۇسۇت، سەفىداپ ۋە مەدەستان بىلەن مەلھەم قىلىنىپ قوناقسىمان مۇدۇرلارغا چېپىلسا ئۇنى ساقايتىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا پەيلەرنىڭ كونا ئاغرىقلىرى، مۇپاسىل، نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سۇنۇقلارغا شىپا بولىدۇ. زىمات قىلىنسا پەيلىك ئەزالاردا پەيدا بولغان جاراھەتلەرنى كۈچلۈك چاپلاشتۇرىدۇ.

ئوت كۆيۈك يارىسى: ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە بەھەق كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، كافۇر.

گۈلىنىڭ ھەممە تەسىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**ئىستېمال مقدارى:** يەتتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى گۈل يېغىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك ياغقا چىلىنىپ ئاپتاپتا 40 كۈنگىچە تۇرغۇزۇلۇپ ئارىلىقتا گۈلى يېڭىلىنىپ تەمى چىقىرىلىپ، تەييارلانغان يېغى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، سەۋدا ۋە يەلدىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، يەلدىن، ھۆللۈكتىن ۋە سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىنى ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچىدۇر. پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنى ئاچىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىر يېرىم گىرامى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا داغ، بەھەق، سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ.

## نەرۋك
(نەرۋك ئۆسۈملۈكى يىلتىزى)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بەربەر قونچىقى دەپ ئاتىلىدىغان دورىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ، كېرماندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەمىينۇد دەۋلىنىڭ ئىشەنچلىك خەۋىرىگە قارىغاندا، كېرمان تاغلىرىدا، بولۇپمۇ يىلپىز بار ئورۇنلاردا باھارنىڭ بېشىدا بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۈنىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى دەسلەپتە قوغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسكەندە يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدىكەن، شۇ ۋاقىتتا شۇ ئورۇنغا بەلگە سېلىپ قويۇلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قۇرۇپ يىلتىزى يېتىشكەندە بەلگىگە ئاساسەن يىلتىزى كولاپ چىقىرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە خاسىيىتى شۇكى، قايناۋاتقان قازانغا تاشلىسا قازان قايناشتىن دەرھال توختايدۇ، تونۇرغا تاشلىسا ناننى

چۇشۇرىدۇ، سۇتكە تاشلىسا ئۇيۇتۇپ پىشلاقلاشتۇرۇپ يىلپىز رەڭگىدە ئالىبۇلىماچ ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، يىلپىز كۇچۇكلەشتىن كۆپ زىيان تارتىدىغان ۋە تەستە كۇچۇكلەيدىغان بولغاچقا، قايتا كۇچۇكلىمەسلىك ئۇچۇن مەزكۇر ئۆسۇملۇكنىڭ يىلتىزىنى كولاپ چىقىرىپ يەيدۇ، دەرۋەقە شۇنىڭدىن كېيىن كۇچۇكلىمەيدۇ، بەدىنىدە بەزلەر ئۆسۇپ چىقىدۇ. يىلپىز يىلتىزىنى كولاپ چىقىرىپ يېگەن يەردىن كېيىنكى يىلى يەنە يېڭى يىلتىز ئۆسۇپ چىقىدۇ ۋە كۆكلەيدۇ، يىلپىز كولاپ چىقارمىغىنى بولسا كۆكلىمەي ئاق تۇرىدۇ.

يىپىزنىڭ تېزىكىدە بەزىدە تاشلار تېپىلىدۇ، بەزلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يىلىنىدىن تېپىلىدىكەن، بەزلەرنىڭ ئېيتىشىچە، جىنسىي ئەزاسى ۋە بالىياتقۇسىدىن تېپىلىدىكەن، بەزلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىدا ھاسىل بولىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىدا ھاسىل بولىدىكەن، قالغان قاراشلارنىڭ ھەممىسى گۇمانلىق ئىكەن. ئۇ يىلپىز تېشى دەپ ئاتىلىدىكەن، پارسچە «نەرۇكى پەلەنگ» دېيىلىدىكەن. ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ بالىياتقۇ ئېغىزىدا سۇغا ئوخشاش نەرسە پەيدا بولغاندا بالىياتقۇسى كېسىلىپ مەزكۇر سۇ چىقىرىلىپ ئارپىغا تاشلىنىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلسا پەنىرمايىگە ئوخشاش قاتىدۇ. ھەقىقىي نەرۇك شۇدۇر. ئۇ سۇنئىي ئۇسۇلدا ھەر خىل شەكىللەردە ياسىلىدۇ، بەزىلىرى ئارپىغا ئوخشايدۇ، بەزىلىرى بۇغدايغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە بولىدۇ. بۇلار ھەقىقىي ئەمەستۇر، ھەقىقىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئىككى دانە ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئايال كىشى ئىستېمال قىلىسا ياكى پەرزىجە قىلىسا ياكى سەپسە ياكى ئۆزىگە ئېسىۋالسا ھەرگىز ھامىلىدار بولمايدۇ. ئەر كىشى ئېسىۋالسا جىنسىي مۇناسىۋەتنى خالىمايدىغان خالىغان تەقدىردىمۇ ئايال ھامىلىدار بولمايدۇ. ئۇنى سەپسە ۋە ئېسىۋالسا چاشقان يارىسى ۋە ئومۇرتقا ئۆسۇكى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، بۇ سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ ئاقمىغا ئاقمىغا سۇركىسە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى ئارپا چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى زىيادە ئورۇقلىتىدۇ.

ئۇ تېنى بىلەن پۈتۈن ساقلانسا تۇغۇتنى تېزلەشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاقمىغا تېڭىلسا ئۇنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ ئاقمىنىڭ دائىرىسى كىچىكلەيدىكەن. تەكرار قىلسا ئاقما ساقىيىدىكەن.

# پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «س» (سىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەسىر
(قارا قۇماي)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «كەركەس»، تۈركچە «فەخىر»، ھىندىچە «گەد» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يىرتقۇچ قۇشلاردىن بولۇپ، تېنى چوڭ بولىدۇ. رەڭگى قاغىنىڭ رەڭگىگە يېقىن، قىزىلغا مايىل، تۇمشۇقى، پۇتى ئۇزۇن، پەيلىرى قومۇشقا ئوخشاش بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈندە 12480 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ئۇچۇپ تۈگىتەلەيدىكەن، چۈنكى ئۇ يوق ۋاقىتتا بالىسىغا زەپەر سۇرۇپ ئۇۋىسىدا قويۇپ قويۇلسا قايتىپ كېلىپ بالىسىنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەرقان بولۇپ قاپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ بىر كۈن ئىچىدە سىر ئەندىيقا بېرىپ يەرقان تېشى ئېلىپ كېلىپ بالىسىنىڭ يەرقان كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇۋىسىغا قويىدىكەن. ئىران، رىم، تۈركىنىڭ بەزى شەھەرلىرىدىن سەرئەندىپقىچە 12480 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە باردۇر، ھالبۇكى مەزكۇر تاش سەرئەندىپتىن باشقا جايدىن تېپىلمايدۇ. ئۇ ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدۇ، بىر كۈندە مەشرىقتىن تاكى مەغرىبقىچە ئۇچۇپ بارالايدۇ. مىزاجى ئىسسىق بولغانلىقتىن ئۇخلىغاندا بىر كۆزى يۇمۇلمايدۇ. مىڭ يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ. بىر يىلدا بىر تالدىن ئارتۇق تۇخۇم قويمايدۇ ۋە بىر تالدىن ئارتۇق باچكا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭ پۇراش ۋە كۆرۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھايۋاننىڭ تاپىنى ئۇچۇۋېتىپ يىراقتىن كۆرسە ياكى پۇرىقىنى پۇرىسا دەرھال شۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا تەشەننۇجغا پايدا قىلىدۇ. قېنى بىلەن ئۆتى سۇ بىلەن بىرلىكتە كۆزنىڭ ئەتراپىغا يەتتە قېتىم سۈركەلسە ئاقنى ۋە كۆزگە چۈشكەن چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، كۆزنىڭ قاراڭغۇلىشىشى، كۆز قوتۇرىغا شىپا بولىدۇ. مېڭىسى بىلەن ئۆتىنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى قەتران ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا تېمىتسا جوزام، ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئېرىتىلگەن يېغى قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا كونىرىغان

گاسلىقا داۋا بولىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يېغى ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ. گۆشى ئىستېمال قىلىنسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئەيلاۋۇس دەپ ئاتىلىدىغان ئىنچىكە ئۈچەي قۇلۇنجىسىغا شىپا بولىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ.

**زىيانى:** ئوزۇقلۇقى ناچار، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** دارچىن، سىركىدۇر.

تۇخۇمى زەكەرگە سۈركەلسە ئۈچ كۈندە چوڭايتىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلار، مۇدۇرلارغا بولغان تەسىرى ۋە زىننەتلەش تەسىرى: پېيىنىڭ كۈلى سۈركەلسە قوتۇر، قىچىشقاق ۋە يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. مايىقى سۈركەلسە داغ يوقىتىدۇ، بېنگالدا «گىگە» دەپ ئاتىلىدىغان گال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

## نەسرىين
## (ئىپارگۈل)

ئەرەبچە «ۋەردى سىينىي» (چىن ئەتىرگۈلى)، پارسچە «گۈلى مىشكىين» (ئىپارگۈل) دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى شەھەرلەردە «گۈلى ئەنبەرىين» (ئەنبەرگۈل) دەپ ئاتىلىدۇ، ئىسپاندا «مىشكىينچە»، ھىندىچە «سىيۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل گۈل بولۇپ، رەڭگى ئاق، بەزى بەرگىلىرى سېرىققا مايىل بولىدۇ، قات ـ قات بولۇپ، قىزىلگۈلگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، ئىسسىق شەھەرلەردە ۋە چۆللەردە كۆپ ئۆسىدۇ. گۈللەش مەزگىلى قۇياشنىڭ ھەمەل بۇرجىغا كەلگەن ۋاقتىدىن تاكى ئەسەد بۇرجىغا كەلگۈچە بولغان ۋاقىتتۇر. بېنگال ۋە ئۇنىڭ باشقىسىغا ئوخشاش ئىككىنچى ئىقلىمدىكى ئەللەردە يىل بويى گۈللەيدۇ، ئەمما باھار ۋە ياز پەسلىدە گۈلى كۆپرەك، باشقا پەسىللەردە ئازراق بولىدۇ. ئەرىقىنىڭ پۇرىقى گۈلاب ئەرىقىغا قارىغاندا، كۆپ سۈس بولىدۇ، چۈنكى پۇرىقى ئەرقىنى تارتىش جەريانىدا پارغا ئايلىنىپ سۇسلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەتىرمۇ ياسىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ئىككىنچى دەرىجىدە، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە تازىلىغۇچىدۇر. قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈك جەھەتتە يەسمەن ۋە نەرگىس گۈلىگە ئوخشايدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: پۇرالسا يۆرەك، مېڭە ۋە سەزگۈ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭىنى قىزىتىدۇ، پەيلەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، نەزلىلەر ۋە زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. سالايە قىلىنىپ پۇراتمىلارغا قوشۇلسا خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئۇسسىتىدۇ، مېڭە ۋە دىماق توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ يەللىرى ۋە ھۆللۈكلىرىنى چۆشكۈرتۈش بىلەن تارقىتىدۇ. ياۋسى پېشانىگە سۈركەلسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقتىكى مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، غوڭۇلدىشىنى پەسەيتىدۇ. چىشقا سېپىلسە ۋە ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: 12 گىرام ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكنى تازىلايدۇ، چىش مىلىكى، گال، بادامبەز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەر كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھېق تۇتۇش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئىلىشىش، يەرقان، قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ئۈچ گىرامدىن 12 گىرامغىچە ئىشلىتىلسە ئىچىنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. مۇھەممەد زىكرىيا رازى خۇراساندا ئىپارگۈلنى ئۈچ گىرامدىن توققۇز گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ئىچىنى كۆچلۈك سۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم دەپ يازغان. ئۇنىڭ گۈلقەنتىمۇ يۆرەكنى قۇۋۋەتلەش ۋە خۇرسەن قىلىش بىلەن بىرگە ئىچىنى تولۇق سۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

زىمات قىلىنسا بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، ئېغىرلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

پىل پۇت كېسەللىكى ۋە بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خېنە بىلەن زىمات قىلىنسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مۇنچىدا زىمات قىلىنسا سېسىق تەرلەشكە پايدا قىلىدۇ ۋە خۇش پۇراق قىلىدۇ. مەلھەم قىلىنسا يۇزدىكى داغنى يوقىتىدۇ. قۇرۇقىدىن 2.5 ~5 گىرامغىچە ئېلىپ قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كەلگەندىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا چاچنىڭ ئاقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەنتاكىي كىتابىدا ئۇنىڭ شېكەر بىلەن قىلىنغان مۇراباسىنى مەزكۇر مەقسەتتە ئىستېمال قىلىپ سىناق قىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭدىن قىزىلگۈلدىن گۈلقەنت تەييارلىغانغا ئوخشاش گۈلقەنت تەييارلىنىدىغان بولۇپ، قىزىلگۈل گۈلقەنتىدىن ئىسسىقراق بولىدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق يۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەنە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىچىنى سۈرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. نەرگىس گۈلىگە ئوخشاش تەييارلانغان يېغى بەدەننى نورمال قىزىتىپ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خاسىيىتى بىلەن بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

# پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەشا

(نىشاستە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «نىشاستە»، يۇنانچە «ئەمۇلىن»، «ئەمولۇنس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بۇغداي جەۋھىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇغداي يارما قىلىنىپ سۇغا چىرىپ پوستى ئاجرىغۇچە چىلىنىپ يۇمشاق سوقۇلىدۇ، سۈيى سىقىلىپ پىسىپى ئايرىۋېتىلىپ سۈزۈك قىسمى قويۇلۇپ جەۋھىرى تېگىگە چۆككەندە ئۈستىدىكى سۈيى تۆكۈۋېتىلىدۇ، تېگىدە قالغان جەۋھەر قىسمى ئايرىپ ئېلىنىپ قۇرس ياسىلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاق، يېڭى، ساپ بولغانلىرى، قارىدىمىغان ۋە قورۇلۇپ قالمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ھۆل سوغۇق دەپ بىلگەن.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قورۇغۇچى ۋە چاپلاشتۇرغۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆز دورىلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچى ۋە تەسىرنى كۈچەيتكۈچى بولۇپ، كۆزدىكى يارىلارنى قۇرۇتقۇچى، كۆز قوتۇرىنى ساقايتقۇچى، كۆزگە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچىدۇر. ئاياللارنىڭ سۈتى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈرۈلسە كۆزنىڭ ئېچىشىشىنى پەسەيتىدۇ، كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، قاپاقلارنىڭ يىرىكلىكىنى يۇمشىتىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسى ناۋات ياكى بادام يېغى بىلەن ئىلمان ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈش، گال قۇرۇش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، سىلغا پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىر، ھەيز قېنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ ئەدەس بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچنى توختىتىش تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئاتلا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ كۆكرەككە چۈشۈشىنى توسىدۇ. ئۆچكە يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، مۇسھىل دورىلىرىنىڭ زىيادە تەسىرىنى ئازايتىدۇ، ئۇ تۆت ھەسسە سۇ بىلەن قاينىتىلىپ ھوقنە قىلىنسا ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ.

ئىششىقلار: سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا بوغما كېسەل ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: زەپەر بىلەن مەلھەم قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: شاراب بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئەفئا يىلىنىنىڭ چاققاندىكى زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇزۇقلۇقى ئاز، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا مەنىينى ئازايتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، ئىبنىسىنا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەۋدا پەيدا قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر، كەرەپشە، قەلەمپۇر.

**ئورۇنباسارى:** يۇيۇلغان گۇرۇچ، تۆگمەن توزۇندىسى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5 ~ 70 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نۇشارە
(ياغاچ كېپىكى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ياغاچنى ئېكەكدىگەن ۋە ھەرىدىگەندە چىقىدىغان كېپەكدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ھەر نەرسىنىڭ كېپىكى ئەسلىي ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ئىسسىقراق، قۇرۇقراقتۇر، ئەمما قۇرت يېگەن ياكى چىرىگەن بولسا قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراق بولىدۇ، بەزىلەر ئۇنى ئىسسىقراق دەپ، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممىسى قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر.

جاراھەتلەر، يارىلار: قۇرت يېگەن ۋە چىرىگەن ياغاچ كېپىكى، بولۇپمۇ قورۇغۇچى خۇسۇسىيىتى بولغان ياغاچلارنىڭ كېپىكى جۇلا بەرگۈچى، زەخمىلەرنى تازىلىغۇچى ۋە پۈتتۈرگۈچىدۇر. باراۋەر مىقداردىكى رۇمبەدىيان ۋە سىركە بىلەن خېمىر قىلىنىپ چىگە رەختكە ئورىلىپ كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن سالايە قىلىنىپ يامان يارىلار، كېڭەيگۈچى چاقىلار ۋە يەلدىن بولغان يارىلارغا سېپىلسە چىرىشى، كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ. قارىغاي ياغىچى كېپىكى خىنە بىلەن زىمات قىلىنسا ھۆل تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىياداش ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ، پاشا ئۆلتۈرىدۇ. پىل چىش كېپىكىدىن سەككىز مىللىگرام ئېلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. ياغاچ كېپەكلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرلىرى شۇ ياغاچنىڭ بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

## نەشەف
(نەشەف تېشى)

**ماھىيىتى:** ئىبنىسىنا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «بۇسەد» دەپ ئاتىلىدىغان بىخ مارجان ئىكەن. يەنە ئىبنىسىنا ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ باشقىسى ئىكەن. ئۇ خۇددى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشايدىغان تۆشۈكلۈك

بىر خىل تاش بولۇپ، مەخا، جىددە دىڭىز ساھىللىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ، سۇ ئاستىدا ھاسىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىخ مارجاندىن قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختاتقۇچى، زەخىملەرنى پۈتتۈرگۈچى ۋە گۆش ئۈندۈرگۈچىدۇر، بولۇپمۇ زەمچە بىلەن ئىشلىتىلسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. باشقا تەسىرلىرى بىخ مارجاننىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نۇئام
(تۆگە قۇشى)

ئۇ پارسچە «شۇتۇر مۇرغ» (تۆگىقۇشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، تېنى چوڭ، بوينى تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشاش ئۇزۇن، پۇتلىرى كالىنىڭ پۇتىغا ئوخشاش، تۇيىقى يېرىق، رەڭگى ئاقخا مايىل كۈل رەڭ بولىدۇ، باشقا قۇشلارغا ئوخشاش پەرۋاز قىلالمايدۇ، بەلكى سەكرەپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى چۈجىسىدۇر. سۇنى كۆرمىسە سۇغا موھتاج بولمايدۇ، بەلكى ھاۋانى سۈمۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ، بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى يەل تارقىتىدۇ، شىلىمشىق بەلغەمنى پارچىلايدۇ.

باش، بوغۇم ئەزالىرى ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: گۆشى پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، بوغۇم، ئۈچا، ئىرقۇننىسا، نۇقرەس، پاچاق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقا ۋە سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بالىياتقۇغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، ياغ.

ئۇنىڭ يېغى ئىستېمال قىلىنسا بالىلارنىڭ تىلىنى تېز چىقىرىدۇ. ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. زىمات قىلىنسا كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىسسىقا، پۈت – قوللارنىڭ ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بالىلارنىڭ بەدىنى ۋە پۈت – قوللىرىغا سۈركەلسە ئايىغىنى تېز چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ خاسىيىتى شۆكى، كىشىنىڭ بەدىنىگە سۈركەلسە ھەرقانداق يىلان يېقىن كەلمەيدۇ، يېقىن كەلسىمۇ ھوشسىزلىنىدۇ. ئىبنى رىزۋاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يېغى باھار پەسلىنىڭ ئاخىرى، ياز پەسلىنىڭ بېشىدا ئېلىنىپ ھەرقانداق ئورۇنغا قويۇپ قويۇلسا ئۇ يەردىن ھەرقانداق يىلان قاچىدىكەن، پۇرىقىنى پۇرىسا ھوشسىزلىنىدىكەن. ئۇنىڭ مايىقى تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى تېز يوقىتىدۇ. پېيىنىڭ كۆلى يەل يارىغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇ قۇش چوغ، قىزىتىلغان تۆمۈر، قىزىتىلغان مىسنى يۇتسىمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى ھەزىم قىلىدۇ.

## نەئنەئ

(يېشىل يالپۇز)

ئۇ «نەئنائ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يۇنانچە «مەشى»، پارسچە «ھەزارپا»، شىرازچە «راقۇت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى يىرىكرەك، كىچىكرەك، يەرلىكى چوڭراق، يۇمشاقراق بولىدۇ. ياخشىسى يەرلىكىنىڭ يېڭى، سىلىق بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرى پىنىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، قىزىتىش، خورسەن قىلىش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، قويۇق قاننى سۇيۇلدۇرۇش، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش تەسىرى بار.

باش كېسەللىكلىرى: پېشانىگە سۈركەلسە، بولۇپمۇ ئارپا ئۇنى بىلەن سۈركەلسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يېرىم گىرام سۈيى قىزىلگۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم تېمىتىلسا بويۇنغا چۈشكەن خانازىر كېسەللىكىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. سۈيى مائۇلھەسەل بىلەن تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تىلغا سۈركەلسە يىرىكلىكنى ئالىدۇ. چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

باش، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسى ئىستېمال قىلىنسا قان تۇختىتىدۇ، قان تۈكۈرۈش، كۆكرەك، بىقىن ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ئۆپكە، كۆكرەكتىكى ھۆللۈكلەرنى پىشۇرىدۇ ۋە تازىلايدۇ. پىرسىياۋشان بىلەن قاينىتىلىپ ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك ئاغرىقى، ئاشقازان مەنبەلىك خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ئاشقازاننى ۋە ئۇنىڭ تۇتۇپ تۇرغۇچى ۋە ھەزىم قىلغۇچى قۇۋۋەتلەرنى ئېغىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەللىرىنى

تارقىتىدۇ، كېكىرىكنى تۆگىتىدۇ. يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. قورساقتىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ شاخ ئېلىنىپ چۇچۇمەل ئانار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھېق تۇتۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، خولېراغا پايدا قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازان مەنبەلىك خەفەقان، يۈرەك ئاغرىقى، ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئازراق ئۈد ھىندى ۋە مەستىكى بىلەن چاينىسا ھېق تۇتۇش ۋە خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئانار ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ خولېراغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تال شېخى سۈتكە چىلانسا ئۇيۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىركە ۋە چۇچۇمەل نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆلارنىڭ پەيلەرگە زىيان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈتلۈك تەركىبلەرگە قوشۇلسىمۇ ئۆلارنىڭ زىيانىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىركەنجۇبىللەر ۋە قېتىق سۈيىگە قوشۇلىدۇ. قېتىققىمۇ قوشۇلىدۇ. زىمات قىلىنسا ئاشقازاننى قىزىتىپ قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا ئەمچەكتە ئۇيۇغان سۈتنى تارقىتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىنسا بوۋاسىرغا، قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن زىمات قىلىنسا ئۇرۇقدان ياللۇغى ۋە ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. جىمادىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەل پەيدا قىلىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا گالنى قىچىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەرەپشە.

**ئورۇنباسارى:** ئۆستەڭ پىننىسى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: تۈز بىلەن زىمات قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. چاينىلىپ چېپىلسا چايان چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

ئىشىشقلار ۋە مۇدۇرلار: ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا تۇرلۇك مۇدۇلارنى ساقايتىدۇ، چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شارابى، ئەرقى ۋە سىركەنجۇبلى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نەغەر
(قۇشقاچ)

ماھىيتى: ئۇ قۇشقاچنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ رەڭگى قارا،

قۇيرۇقى قىسقا، داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان، كۆپ سايرايدىغان بىر خىل قۇشنىڭ نامى ئىكەن. ئەرەبچە «بۇ تەمرۇن»، «ئەبۇل مەلىيھ» دەپ، پارسچە «چەكاۋەك»، ھىندىچە «مەمۇلە» دەپ ئاتىلىدىكەن. تەنەكابۇندا «ھىجر» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشىنىڭ تۇز سېپىلگەن قېقى ئىچ سۇرۇشكە، تۇز سېپىلمىگىنى سىيىش قىيىنلىشىش، بۆرەك، دوۋسۇنغا تاش چۈشۈشكە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى
## نفت
(نېفىت)

**ماھىيىتى:** ئۇ يۇرىقى ئۆتكۈر بولغان ياغسىمان سۇيۇقلۇق بولۇپ، زۇپتى، قىيرغا ئوخشاش بەزى يەرلەردىن قايناپ چىقىدۇ. ئىراقنىڭ يىرەك رايونىدىن چىقىدۇ. ئاق، قارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئېقى ياخشىراق، ئۇچۇچانراق كېلىدۇ، ئۇچۇچانلىق سەۋەبىدىن پارغا ئاسان ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەققاشلار نەقىش مايلىرىنى سۇيۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ نەقىشلەرگە سۇرىدۇ. قارىسى ئۇنىڭدەك ئۇچۇچان ئەمەس، تامچىلىتىلسا ئاقىرىدۇ. ئۇ خەزامىيان يېغى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ، پەرقى شۇكى، نېفىت ئۇنىڭ ئەكسىچە پارغا ئايلىنىدۇ. مىسىرغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ دېڭىز بويلىرىدىن يەنە بىر خىل نېفىت كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ، «زەيتۇل جەبەل» (تاغ يېغى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياغلارنىڭ كۆپ قىسمىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئىستېمال ۋە زىمات قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئەزالارغا تېز سىڭىپ كىرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ.

باش، پەي، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، تىترەش، تىتانۇس، ئەزالار سېزىمسىزلىنىش، پەيلەر بوشىشىش ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئاغرىقلارغا شىپا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۇركەلسە ئۇنىڭغا چۈشكەن سۇ ۋە ئاقنى يوقىتىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا يەڭگىللەشتۈرىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، كاناي ياللۇغى، زىققە نەپەس، قان تۈكۈرۈش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، ئاشقازان، مەقئەتتىكى

مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، ھەزىم ئەزالىرىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ۋە ئىسرىق سېلىنسا بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ئېغىزنىڭ بوغۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ. ئېقى سۈركەلسە ھايۋانلارنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەشخاش، سىركە.

(2) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئېقىدىن بىر گىرامدىن 2.5 گىرامغىچە، قارىسىدىن 5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا مىئەسائىلە، بەزىلەر قەتىران، ھۆل زۇپتىمۇ دېگەن.

**زەھەرلىنىشلەر:** ئېقى، قارىسى ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرنى كۈچلۈك قايتۇرىدۇ.

## نەفەل

(بارىزەت ئۆسۈملۈكى)

ماھىيىتى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بارىزەت ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بېدىگە ئوخشاش تىكەنسىز، قىزىل ۋە بىنەپشە رەڭگە مايىل بولىدىكەن، سۆگەت چېچىكىگە ئوخشاش پۇرايدىكەن. شاخلىرى ئوغرىتىكەننىڭ شاخلىرىغا ئوخشاش بوغۇملۇق بولىدىكەن. ئەرەبىستاندا كۆپ ئۆسىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى بىلەن گۈلى ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. گۈلى كۈچلۈكرەكتۇر. قايىنىتىلمىسىنىڭ تەسىرلىرى ئاجىزراقتۇر.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نىكاچۇنى

(سۇتلۇكئوت ئۇرۇقدېشى)

ماھىيىتى: «خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ

يېرىشچە، ئۇ ھىندى تىلىدا سۇتلۇكئوتنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن، غولى ئاجىز بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئىككى تەرىپىدىن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئۆسىدىكەن، يوپۇرمىقى يېرىم ئەدەس چوڭلۇقىدا بولۇپ، بۇ ئەللەردە، يەنى مەرۋى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدىكەن. سۇدىن يىراق قۇملۇق يەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىكەن. سۇدىن يىرەك يەرلەردە ئۆسكىنى كۈچلۈكرەك بولىدىكەن، ئۆسۈملۈكى قىزىلغا مايىل ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ھەممە قىسمى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ياكى تالقىنى شاراب بىلەن ئىچىلسە زىيانداش ھاشاراتلار چاققاندىكى زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈت بىلەن ئىچىلسە بۇزۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ، بەدەندىكى زەھەرلەرنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

## پەسىل«ن» (نۇن) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نەمىر

(يولۋاس)

ئۇ پارسچە «پەلەنگ»، تۈركچە «فىيلان»، ھىندىچە «تىيند» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، شەكلى يىلپىزغا، رەڭگى ۋە چىرايى شىرغا ئوخشايدۇ، كۆپ ئېھتىيات قىلىدۇ. ھېچ ھايۋان ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. ئىتتىن چوڭراق، تېنى ئۇزۇنراق بولۇپ، يەڭگىل ماڭىدۇ. باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا، تېز ماڭىدۇ. كۈچلۈك ۋە غەيرەتلىك (چوقۇم ھالەك بولىدىكەن) دۇر. سىناق قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ زەخمىسىگە چاشقان سىيسە قۇتۇلۇپ قالالمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقان ئۇنىڭغا يېتىشىپ زەخمىسىگە سىيىشنى ئىزدەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زەخمىلەنسە چاشقاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپىدا سۇ بولغان يەرلەردە ياشايدىكەن. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، يول ماڭغاندا ھېچ ھايۋاننى ئۆزىدىن ئىگىز كۆرمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** گۆشى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: يېغى پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ياغلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قېنى كۆزگە سۈركەلسە ئۇنىڭ ھەممە ئىللەتلىرىگە داۋا بولىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىسى زاغۇن ۋە يەسمەن سۈيى بىلەن زەكەر تۆشۈكىگە تېمىتىلسا باھنى قوزغىتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭغا يەسمەن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھەمەلچە قىلىنىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. تېرىسىدە ئولتۇرۇلسا بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

جاراھەتلەر، يارىلارغا بولغان تەسىرى ۋە زىننەتلەش تەسىرى: ئۇنىڭ يېغى بىلەن گۆشى سۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ زىمات قىلىنسا تۈرلۈك زەخىملەر، تىلما كېسەل ۋە تەمرەتكىگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. قېنى سۈركەلسە داغ، بەھەق ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. قۇرۇق ئۆتى تۇرۇنجى سۈيى بىلەن سۈركەلسە بەھەقكە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى كىشى سىرتلان قېنىنى بەدىنىگە سۈركەپ يۈرسە ئۇنىڭغا يولۋاس قەست قىلالمايدىكەن، ئۇ كىشى ئۇنىڭ يېنىغا بارسا ئۇ قاچمايدىكەن ۋە ھەرىكەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە بىھوش بولىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇ كىشى ئۇنى تۇتماقچى بولسىمۇ تۇتالايدىكەن. يولۋاس ھاراقتا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، ئۇنى كۆرسىلا ئىچىۋالىدۇ.

ھاشارات يوقىتىش: موينى كۆيدۈرۈپ ئۆينى ئىسرىقلىسا چايان قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى مۆرمەككى دەرىخىدىن قاچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆتى ئۆلتۈرگۈچى زەھەر بولۇپ، يېرىم گىرامى ئۈچ سائەت ئىچىدە ھالاك قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قەي قىلىنىدۇ، ئارقىدىن مېۋە قىياملىرى ۋە گىل مەختۇم ئىستېمال قىلىنىدۇ، قالغان تەدبىرلىرى شىر ئۆتى بىلەن زەھەرلىنىشتە بايان قىلىندى.

## نەمل
(چۈمۈلە)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مورچە»، ھىندىچە «چونتى»، چوڭى «چونتا»، تۈركچە «قاربىجە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ھاشاراتلار قاتارىدىندۇر. پۈراش سېزىمى ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈكرەكتۇر، چوڭ، ئوتتۇرا ھال ۋە ئۇششاقتىن ئىبارەت ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، قارىسى ياۋا چۈمۈلە دەپ، پۈت - قوللىرى ئۇزۇن بولغىنى پارس چۈمۈلىسى دەپ، پارسچە «مورچەئى سىۋار» (تام چۈمۈلىسى) دەپ، كىچىككى شەھەر چۈمۈلىسى دەپ، قاناتلىق چوڭ بولغىنى ئۇچار چۈمۈلە دەپ، پارسچە «مورچەئى پەردار» (قاناتلىق چۈمۈلە) دەپ ئاتىلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چوڭايسا قانات چىقىرىدىكەن.

تەبئىتى: چۈمۈلىنىڭ ھەممىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ، بولۇپمۇ چوڭىنىڭ زەھەرلەش تەسىرى بار.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: مەھرىياسىنىڭ ئېيتىشىچە، چۈمۈلە زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىلىپ يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا گاسلىققا شىپا بولىدىكەن، يەلنى تارقىتىدىكەن، قۇلاق غوڭۇلداشنى پەسەيتىدىكەن.

كۆپىيش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قەبرىستانلىق چۈمۈلىسىدىن 100 دانە تۇتۇلۇپ 15 گىرام سۇمبۇل يېغى ياكى يەسمەن يېغىغا چىلىنىپ ئۈچ ھەپتە ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ، زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركەلسە باھ قۇۋۋىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەمنىڭمۇ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ، نامەردلىككە شىپا بولىدۇ. زەكەرنى قاتۇرىدۇ ۋە چوڭايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: قەبرىستانلىق چۈمۈلىسىنى سىركە بىلەن چاشقان يارىسىغا سۈرسە پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: موي يۇلۇۋېتىلىپ ئورنىغا چۈمۈلە ئېزىلىپ سۈركەلسە ئۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تەكرار سۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. چوڭ، قارا چۈمۈلە ئاقكېسەلگە ماددا تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ھەرقانداق ياغ بىلەن مەلھەم قىلىنىپ موي بار ئورۇنغا سۈركىسە ئۇنى چۈشۈرىدۇ، قايتا ئۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى كورىكىرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل بىلەن زىرە.

ئۇ، بولۇپمۇ ياۋىسى كىشىنى چاقسا ئېچىشتۇرىدۇ، قىچىشتۇرىدۇ ۋە ئىششىتىدۇ، تۇزىتىش ئۈچۈن، تۆمۈر سىركە ۋە ئاچچىق ياغ بىلەن سالايە قىلىنىپ سۈركىلىدۇ. قومۇش سۇ بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ئىستېمال قىلىنسا يەلنى تۆۋەنگە تۇتۇۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ھەيدەيدۇ. تۇزۇتۇش ئۈچۈن كېرمان زىرىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

خاسىيەتلىرى: كىشى كىيىمىگە چۈمۈلىنىڭ يېقىن كەلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلسا كىيىمىنى نەپسىنى يىغىپ تۇرۇپ يەرگە قويۇپ، ئاندىن نەپسىنى چىقارسا، ئۇنىڭغا باشقا كىشىنىڭ قولى تەگمىسىلا چۈمۈلە يېقىن بارمايدۇ. چۈمۈلە گۈگگۈرت، قەتران، ھاڭ ۋە بۇقا ئۆتىنىڭ ئىسىدىن قاچىدۇ.

## نۇمۇس

(سېسىق گۆزەن)

ئۇ چىلبۆرە چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ھايۋان بولۇپ، شەكلى قارا بۇلغۇنغا ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىققا مايىل قارا، كۆك سىزىقلىق بولىدۇ. بېشى كىچىك بولىدۇ. مويلىرى

ناھايىتى مايلىق بولۇپ، كۆرگەن ئادەمگە مايلاپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. چاچ مايلىشىش كېسەللىكى «نۇمۇسەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مويىمۇ مايلىشاڭغۇ بولغاچقا ھەر ئىككى نام ئوخشاش بىر سۆزدىن تۇرلەنگەن. ئۇ توخۇ، چاشقان قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ، كۇيلىگەندە مۇشۇككە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدۇ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا باشقىچە ئاۋاز چىقىرىدۇ. ماۋەرائۇن نەھرىدىكى تۇركلەر ئۇنى «لاكەنجە» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ مەرۋى شەھرىدىمۇ تېپىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى: قېنىدىن ئىككى مىلىلىگىرام ئېلىنىپ ئايالارنىڭ سۇتى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا ساراڭلىققا شىپا بولىدۇ. ئۆتى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن كۆزگە سۇركىسە ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: پوقى قىچا بىلەن مەلھەم قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. يېغى شۇنداقلا كۆيدۇرۇلگەن مويى ياغ بىلەن مەلھەم قىلىنسا قارا بەھەق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئارىستوتېلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپتاپ ئۆيگە چۈشكەندە بۇ ھايۋاننىڭ ئوڭ كۆزىنى چىگە رەختكە ئوراپ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ بىمارىغا ئېسىپ قويسا تەپ پەسىيدىكەن، ئۇنىڭ سول كۆزىنى ئېسىپ قويسا تەپ قايتىلايدىكەن ۋە پەسەيمەيدىكەن.

## پەسىل: «ن» (نۇن) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### نەۋارىس
(قۇدۇس دەرىخى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر، ئەرەبچە «شەجەرەتۇل قۇدۇس» (قۇدۇس دەرىخى)، «مىسۋاكۇل ئاباس» (ئاباس مىسۋاكى)، «مىسۋاكۇل مەسىيھ» (مەسىھ مىسۋاكى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئېگىز بولىدۇ، ئۇچ غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈششاق، يۇمىلاق، ھەممە قىسمى يۇڭدەك تۈكلۈك، گۈلى سېرىق، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر، تىكىنى يىڭنىدەك ئۆتكۈر، يىلىمى ئاق بىلەن قىزىل ئارىسىدا بولىدۇ، رىم ۋە ھەلەب شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ، سازلىقلاردا ئۈنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە، يىلتىزى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. يىلتىزى ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۆيى ئۆپكە يارىسى ۋە كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا

تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇرۇقى ئۈلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىندۇق ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى: يىلتىزى زىمات قىلىنسا پەي ـ نېرۋىلارنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «شەجەرەتۇل ئەسەب» (پەي دەرىخى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلىپ سالايە قىلىنغان چېچىكى ۋە يېلىمىنىڭ پەي جاراھەتلىرىنى ساقايتىش تەسىرى يىلتىزىدىن ئاجىزراقتۇر. ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسا پەي ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنىڭ ئۇرۇلۇشى، جايىدىن قوزغىلىشى، سۇنۇشى، قانىشىغا شىپا بولىدۇ. ئۆسمىلىكى بىلەن گۈلىنىڭ قاينىتىلمىسى يېلىمىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

## نۇشادۇر
(نۆشۇدۇر)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ھىندىچە «نۇسادىر»، فىرانسۇزچە «سال ئەرمونىك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆنەرۋەنلەر ئارىسىدا «ئۇقاب»، «كىبرىيتۇد دۇخان» (تۈتۈن گۈڭگۈرتى)، «مىلھۇن نار» (ئوت تۇزى)، «سەلساليۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ شور قەلىمىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئاق نەرسە بولۇپ، كاندىن چىقىدىغىنى (مەئدەنىي)، سۇسمان (مائىي) ۋە سۈنئىي (مەسنۇئ)دىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ. كاندىن چىقىدىغىنىنىڭ كانى ھەبەشىستان ۋە زەنجىگە ئوخشاش ئىسسىق ئەللەردە بولۇپ، شورغا ئوخشاش بولىدۇ. سۇسمان بولغىنى بىر خىل بۇلاقنىڭ سۈيى بولۇپ، قول بىلەن ئارىلاشتۇرسا كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. قاينىتىلسا سۇ يۈزىدە ئاق پارچىلار قاتىدۇ. ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر بۇلاق ئىسپىھان ئەتراپلىرىدا بار ئىكەن، يەنە ئېيتىشىچە، خۇراسان تاغلىرىدىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى تۈرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ سۈنئىيسى كېرەكسىز ماتېرىياللار ۋە ئەخلەت ـ چاۋانى چىرىتىپ پارلاندۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بەزىدە مەزكۇر كېرەكسىز ماددىلارنى كولالچىنىڭ خۇمدىنىدا قاينىتىش ئارقىلىقمۇ ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇ ئوكسىدلاندۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا كۆپ ھاللاردا كۆل رەڭ بولىدۇ، ئوكسىدلاندۇرۇلغاندىن كېيىن شور قەلىمىگە ئوخشاش ئاق، پارقىراق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ باراۋەر مىقداردىكى سېرىق زاك ۋە ئوندىن بىرچىلىك مىقداردىكى زەنگار بىلەن ئوكسىدلاندۇرۇلسا قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مىسىر، رىم ۋە

مۇلتاندا كېرەكسىز ماددىلار، ئەخلەت ـ چاۋىلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تېزەكلىرىنى خام خىشقا ئوخشاش قۇرس قىلىپ قۇرۇتۇپ خۇمدانغا تىزىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە پىششىق خىشلارنى ئىككى ـ ئىككىدىن تىكلەپ تىزىپ ئاستىغا ئوت ياقسا مەزكۇر خىشلار ۋە خۇمداننىڭ ئەتراپلىرىغا شورغا ئوخشايدىغان بىر خىل ماددا چاپلىشىپ، قېتىپ قالىدىكەن. ئۇ سوۋۇغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۇنىڭ بېشىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماددىلارنى يۈزىگە تارتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختاتقۇچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە يارىنى ساقايتىدۇ، سوغوقتىن بولغان ياشانغىراشقا شىپا بولىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: سۇزاپ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلىنسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەكتىكى ماددىلارنى تازىلايدۇ. مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇ، ئادەمنىڭ باراۋەر مىقداردىكى پوقى بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ ئوكسىدلاندۇرۇلۇپ بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ، ئۇ يوشۇرۇن سىرلاردىندۇر.

تال كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا تالغا پايدا قىلىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: يارىلارغا زىمات قىلىنسا ۋە سېپىلسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، قانلىرىنى توختىتىدۇ، كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: توخۇ تۇخۇمىنىڭ يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، باش كېپەكلىشىشكە، كۇنجۇت يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا قوتۇرغا شىپا بولىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۇ نەم يەر ياكى سىركە بىلەن ئېرىتىلىپ مەلۇم ئورۇنغا چېچىلسا ئۇ يەردىن يىلان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلار قاچىدۇ. ئېرىتىلمىسى قەغەزگە سىزىلىپ كىشىنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويۇلسا زىيانداش ھاشاراتلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى ھەزىم ئەزالىرىنى ئۈزۈش بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۇچۇن سۈت ئىچۈرۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ياغ، مايلىق يېمەكلىكلەر، مايلىق شورپىلار، مايلىق تائاملار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قالغان تەدبىرلىرى زەرنىخ ۋە شىڭگىرىپ يەپ زەھەرلەنگۈچىگە قىلىنىدىغان تەدبىرلەرگە ئوخشايدۇ.

# پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەھما

(نەھما دەرىخى)

**ماھىيتى:** تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ نىبىتچە ئىسمىدۇر. ئۇنىڭ غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، سېرىققا مايىل تۈكلۈك بولىدۇ. چېچىكىنىڭ بەزىسى ئاققا مايىل، بەزىسى قىزىلغا مايىل، ئوتتۇرى بوش، چوڭقۇر، خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق، بەزىسى ئۇزۇنچاق بولىدۇ، مېۋە بەرمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلىگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: پۇرالسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، زۇكامغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى، كۆكرەكتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىدۇ، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، قانىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ ۋە خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: چىلانمىسى قۇرۇق ئۇزۇم بىلەن ئىستېمال قىلىنىپ ئارقىدىن بادام يېيىلسە بەدەننى سەمرىتىدۇ.

خاسىيەتلىرى: ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى يەتتە دانە يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن كۆك رەختكە ئورىلىپ يازدا قۇدۇققا تاشلانسا، سوغۇق شامال چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزىل يىپەك رەختكە ئورىلىپ سول بىلەككە تېڭىلسا سېھرىي ۋە يامان كۆزدىن ساقلايدۇ.

# پەسل: «ن» (نۇن) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## نەيدە

(بۇغداي ئېشى)

ئۇ مىسىر تىلى بولۇپ، پارسچە «ۋ» ھەرپى بىلەن «سەمنۇ»، «ى» ھەرپى بىلەن «سەمنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كۆپ قىسىم ئەللەردە تونۇشلۇق بولغان غىزالاردىن بولۇپ، تاتلىق،

مەززىلىك بولىدۇ. تەييارلىنىشى شۇكى، ياخشى بۇغدايدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ پاكىزلىنىپ سۇغا چىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاختاي، ياغاچ ئەمبەل ۋە ئۇنىڭ باشقىسىغا ئوخشاش ئىلىك قىلىنىلىقتا يېيىتىلىپ ئۈستىگە پاكىز چىگە رەخت يېپىلىپ ئۈستىگە ھەر كۈنى سۇ سېپىپ بېرىلىدۇ تاكى يىلتىز تارتىپ كۆكەرگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. تۆت ئىلىك ئېگىزلىكتە ئۆسكەندە كېسىپ ئېلىنىپ سوقۇلۇپ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ سۈزۈلدۈرۈلىدۇ. كونا قائىدە بويىچە ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيى قازانغا تۆكۈلۈپ سۈس ئوتتا قاينىتىلىدۇ، قازانغا پات ـ پات مۇز پارچىسى تاشلىنىدۇ، شۇ يوسۇندا تاكى قويۇلۇپ تاتلىق بولغۇچە قاينىتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقان يېڭى قائىدە بويىچە ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيى تۆت ھەسسە ساپ بۇغداي ئۇنى بىلەن بىرلىكتە چوڭ قازانغا تۆكۈلۈپ سۈس ئوتتا پىشىپ خام تەمى يوقالغۇچە قاينىتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇ قايناۋاتقاندا بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى، سوقۇلمىغان ياڭاق قوشىدۇ. بەزىلەر ياڭاقنى پوستى بىلەن، بەزىلەر پوستىدىن ئايرىۋېتىپ قوشىدۇ. تولۇق پىشقاندىن كېيىن ئېغىزى ئېتىلىپ دۈملىنىپ قاچىغا ئېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، ناھايىتى لەززەتلىك، يېيىشلىك بولىدۇ. كۆپ ئەللەرنىڭ ئاياللىرى ئۇنى تاھارەت ئالغان ۋە پاكىزلانغان ھالدا ياخشى ئېتىقادى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن ھەزرىتى سەييىدۇن ـ نىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن تەييارلاپ دوست ـ يارانلىرىغا تەۋەرۈك سۈپىتىدە ئەۋەتىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، بەلغەمنى تەڭشەيدۇ.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەش، مالىخولىيا، قۇرۇق يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېغىر بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا مۇرەككەپ تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بادام، ياڭاق، پىستە قوشۇلغىنى ناچار بولۇپ، تەسرەك ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل بىلەن كاسىنەدۇر.

## نىيتافەلى

(سۈتلۈكئوت ئۇرۇقدىشى)

**ماھىيتى:** «مۇغنىي» (بىھاجەت قىلغۇچى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۈتلۈكئوتلار قاتارىدىن ئىكەن، ئەمما بىنىتافەلۇن (بەش يوپۇرماق) ئەمەستۇر. شاخلىرىدا

بەش دانە يوپۇرماق ئۆسىدىغان بولۇپ، سۇتلۇك، ناھايىتى قۇرۇتقۇچىدۇر، ئەمما چاقمايدۇ، ئۆتكۈر ئەمەس.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايىنىتىلمىسى جىگەر ئاغرىقى، بوۋاسىر خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، ئىرقۇنىسا، بوغۇملار ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سۆزنەكنى ساقايتىدۇ. يىلتىزىنىڭ سۈيى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ ئەبۋالۇس (قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى) غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نىيل

(نىل ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «نىيلەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن تەييارلانغان قارامتۇل ياكى ھاۋا رەڭ قۇرسلار ۋە كۇملاچلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ھىندىستان، گۇجۇرات، «دۇيۇل» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان تەھتەھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ «ئىزلەم» دەپ ئاتىلىدىغان نىل ئۆسۈملۈكىدىن تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «كەتەم» (ئۇسما) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى. ئىختىلاپ شۇكى، بەزىلەر ئۇسما بىلەن نىيل ئۆسۈملۈكىنى بىر نەرسە دەپ بىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئىككى ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدۇ دەپ بىلىدۇ. ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكنىڭ ئۆسۈملۈكى زىغىر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، غولىدىن ئىنچىكە ئۈچ دانە شاخ ئايرىلىدۇ. يوپۇرمىقى كەپە ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى قىزىلغا مايىل ئۇششاق بولۇپ، خەرنۇب ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. ياۋىسى يەرلىكىگە ئوخشاش، يىرىكلىكى ئارتۇقراق، قارىراق، ئۇرۇقسىز بولىدۇ.

ساپ، قارامتۇل لاجۇۋەرد رەڭلىكلىرىنىڭ ھىندىچە «نىيلى بەيانە» دەپ ئاتىلىدىغانلىرى ياخشىدۇر، چۈنكى ئۇ شاھجاھان ئابادقا قاراشلىق ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى بولغان «بەيانە» ۋىلايىتىدىن چىقىدۇ، باشقا ھېچ جايدا مەزكۇر ۋىلايەتتىن چىققىنىدەك ياخشى، ساپ ۋە رەڭلىك بولمايدۇ. لېكىن ئىنگلىزلار 10~12 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ بېنگال، ئەزىم ئاباد، بىنارەس دېگەن يەرلەردە، تاكى لىكنۇغىچە بولغان رايونلاردا نىل ئۆسۈملۈكىنى كۆپلەپ تېرىپ ئۇنىڭدىن نىل ئۇسارىسى ئىشلەپچىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغىنى ناھايىتى ياخشى، لاجۇۋەردتەك رەڭلىك بولۇپ، بەيانىدىن چىققىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئۇ كېمىلەر بىلەن ئەتراپلارغا يۆتكىلىپ سېتىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ

قۇرۇق يۇپۇرمىقىدىن بوياق ياسايدۇ، ئۇ ئۇسمىنىڭ رەڭگىدە، ناھايىتى قارا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەكبەر ئابادقا تۇتاش خورجە دېگەن يەردىمۇ ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن. كۆپىنچە تىجارەتچىلەر ئۇنى ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بارىدىكەن.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر مۆتىدىل دەيدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچى، قان توكۇرۇشكە ۋە قاناشقا شىپا بولغۇچىدۇر. ياۋىسىنىڭ قۇرۇتۇش تەسىرى كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈربولۇپ، ئۇ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر.

نەپەس، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن تۆت دانە ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىسا بالىلاردىكى قۇستۇرىدىغان قاتتىق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. كۆكرەك، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىسا ئۆپكە يارىسى، قوۋۇرغا ئارىلىق پەردىسىنىڭ سەۋدادىن بولغان ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستان ياكى كېرماندىن چىققىنىنى گۇلقەنت بىلەن ئىستېمال قىلىسا كۆپ غەم قىلىش، ياتسىراش، خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى، بولۇپمۇ ياۋىسىنى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىسا تالغا پايدا قىلىدۇ. خىيار شەنبەر بىلەن ئىستېمال قىلىسا ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۇيىمۇ يۆتەل پەسەيتىدۇ. نىل ئۇسارىسىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ بالىلارنىڭ كىندىكىگە سۇركىسە ئىچىنى سۇرىدۇ، دوۋسۇنىغا سۇركىسە تۇتۇلغان سۇيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: ياۋىسى زىمات قىلىنسا يامان يارىلار، تىلما كېسەل، بەلباغسىمان قوقاققا داۋا بولىدۇ. ماددىنى زىيادە تارتىش خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئىلمان سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ سۇركەلسە بوۋاسىرنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېرىم ھەسسە مەدەستان، ئازراق گۇل يېغى ۋە موم بىلەن زىمات قىلىنسا يەلدىن بولغان يارىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئەمما زىماتنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن يەرلىك ئورۇننى پاقىيوپۇرمىقى ۋە ھەسەل سۈيى بىلەن يۇيۇش لازىمدۇر. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا باشتىكى يارىلار، يارىلاشقان چاشقان يارىسىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. قاتتىق بەدەنلەردىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكى ياخشىراق بولۇپ، قۇرۇتۇش، ماددىلارنى تارتىش كۈچى ۋە ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەن بولغاچقا ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ. پەيلەردىكى ۋە ئۇتتا كۆيگەندىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. سارىق بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقىرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: داغ يوقىتىدۇ، بەھەق، ئاقكېسەل، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: زىمات قىلىنسا يۇمشاق ئىششىق ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەر قانداق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، چاقىلارغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئارپا ئۈنى، ئۈچتىن بىر چىلىك مىقداردا مامىسا.

ئۈنىڭ رېڭىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۈنى سوقۇپ سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ، ئاندىن سۇنىڭ تېگىگە ئولتۇرغان قىسمى ئايرىۋېلىنىپ كوزىغا تۆكۈلۈپ ئۈستىدىن سۇ قۇيۇلۇپ ئاستىغا ئوت قالىنىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۆپۈكىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن كېيىم-كېچەك ۋە باشقىلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## نىيلەج
(نىل ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «نىيل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. بەزىلەر ئۇ ئەمەس دەپ قارىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يالپۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ، يەر يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، ھىندىستان دېگەن جاينىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن تەييارلانغان قۇرس كۆزگە ئاق چۈشۈشكە تەگداشسىز پايدا قىلىدۇ.

## نىيم
(نىيم دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر. ئەسلىدە «نىينەب» بولۇپ، پارس تىلىدىكى ساكىنلىق «ن» ھەرپى قانداق يەردە «ب» ھەرپى بىلەن بىر يەردە كەلسە «ب» ھەرپىنى «م» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇش قائىدىسى بويىچە «ب» ھەرپى «م» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ «نىيم» بولۇپ قالغان، ئۇ «زەنەب»، «سەنەب» دېگەن سۆزلەردىمۇ شۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىنىپ «دەم»، «سەم» بولۇپ قالغانغا ئوخشاش.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان تونۇشلۇق، مەشھۇر چوڭ دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، چىشلىق، چۇرۇك، ئانار يوپۇرمىقىدىن سەل چوڭراق، چىشلىقراق كېلىدۇ. گۈلى باشاقلىق بولۇپ، ئوتتۇرىدا سېرىق، سەل خۇش پۇراق، ناھايىتى چىرايلىق تۈزۈلۈشى بولىدۇ. مېۋىسى جىگدە چوڭلۇقىدا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك، يۇمىلاق، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. پىشقانلىرى سېرىق، سەل تاتلىق ئارىلىشىپ ئاچچىق بولىدۇ، ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىينىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدىكى «ئۇ ئىسپاندا (سەنجىد كەرخى) (كەرخ جىگدىسى)، مازىندارانىدا (كەنار) دېيىلىدۇ، بەزى شەھەرلەردە (دەرەختى تۇر) (تۇر دەرىخى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر» دېگەن سۆزىنىڭ ئانچە ئاساسى يوقتەك تۇرىدۇ، چۈنكى نىيم دەرىخى ھىندىستاندىن باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ھىندىستان خەلقىنىڭ قارىشىدا، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى سۇ بىلەن قاينىتىلىپ ھوردىنىلسا قۇلاق ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاققا تېمىتىلسىمۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. جاراھەتلەرنى ئوڭشايدۇ، ئاقىدىغان سۇلىرىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى ياكى قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان ياكى قاينىتىلغان سۈيى ئىچىلسە ياكى يوپۇرمىقى سالايە قىلىنىپ گىردە نانغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلۇپ سۇغا ئۇچ كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىپ سۈيى ئىچىلسە ئاشقازاندىكى يەل ۋە ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىدىكى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ ۋە تازىلايدۇ، يىلتىز پوستىنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 60 مىللىلىتىر ئىچىلسە تۇتۇلغان ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. مېۋىسىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد ئەفزەل ئۆزىنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىلىرىدا ئۇنىڭ مېۋىسىنى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، جوزامغا پايدا قىلىدۇ دەپ يازغان.

ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە چىيقانلار: يوپۇرمىقى سوقۇلۇپ، ئىسسىتىلىپ زىمات قىلىنسا، شۇنداقلا ئۇ ساپال قاچىغا سېلىنىپ ئۈستىگە يەنە بىر ساپال قاچا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، ئەتراپى ھىم ئېتىلىپ، سۇس ئوت ئۈستىدە قويۇلۇپ بۇس بىلەن پىشۇرۇپ ياكى بىدانجىر يوپۇرمىقى ياكى بانان يوپۇرمىقىغا ئورىلىپ قىزىق كۈلگە كۆمۈلۈپ پىشۇرۇپ زىمات قىلىنسا ھۆل

ئىسسىق ۋە سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، يارىلارنى تازىلاپ ساقايتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىللەتلەرگە داۋا بولىدۇ. ئازراق تۇز بىلەن سالايە قىلىنىپ زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، بۇزۇق گۆشلەرنى يەيدۇ، قارا شېكەر بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ يارىلار ۋە جاراھەتلەرنىڭ بۇزۇق گۆشلىرىنى يەيدۇ. ئۇ پىلتىگە يۇقتۇرۇپ زەخمە ئېغىزىغا قويۇلسا زەخمە ئېغىزىنى كېڭەيتىدۇ، ئىچىگە سېلىنسا تازىلايدۇ، بولۇپمۇ زەخمە ئۈستىگە سالايە قىلىنىپ ئىسسىتىلغان يوپۇرمىقى سېپىلگەن ياكى قاينىتىلىپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تېڭىلغان بولسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يارىلار ۋە جاراھەتلەر تولۇق تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزىنىڭ پۈتۈشى نەزەردە تۇتۇلسا تۇزسىز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمى بىلەن يېغىمۇ كۆپىنچە يارىلار، جاراھەتلەر ۋە كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يېغىنى شىخ سەئىان دورىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ دەپ قارايدۇ. مەزكۇر ئىككى خىل ياسالما ۋە ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ھالۋىسى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىندى. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ناھايىتى كونا قوۋزىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ چالا سوقۇلۇپ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى ساپ قارا شېكەر بىلەن بىرلىكتە ئون ھەسسە سۇغا چىلىنىپ بىرقانچە كۈن ئاپتاپتا، بىرقانچە كۈن سايىدا قويۇلۇپ تاكى 20 كۈنگىچە شۇ يوسۇندا داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە ئەرەق تارتىپ كۈنگە 24 ~ 48 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنسا، ئارقىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كالىنىڭ يېڭى سېرىق يېغى بىلەن نان يېيىلسە، ئېھتىياجغا قاراپ 21 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈنلەرگىچە داۋاملاشتۇرۇلسا، تۇز، چۈچۈمەل نەرسىلەر، بېلىق ۋە يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنسا لەقۋا، پالەچ، ئىستىرخا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىستىسقا، ھەرقانداق ئەزاغا سۇ چۈشۈشكە ئوخشاش كۆپ قىسىم كېسەللىكلەر، سۈيدۈك يولى يارىلىرى، جوزام، يامان يارىلار، يامرىغۇچى يارىلار، يارىلاشقان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. مەزكۇر ئەرەقنىڭ مەزكۇر كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش مىقدارى پەرھىزلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا 24 مىللىلىتىردۇر.

## نىلۇفەر
(نېلۇپەر)

ئۇ ھىندىچە «نىلۇ پەھل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر، چۈنكى «نىيل» دېگەن سۆز ھىندىچە سۇ دېگەن مەنىنى، «پەھل» دېگەن سۆز مېۋە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇنانچە «نەمىيقا»، ئەرەبچە «كەرنەبۇل مائ» (سۇ كاللەكسىيى)، ئۇرۇقى «ھەببۇل ئەرۇس»

(يىگىت دېنى)، بېنگالچە «سەپلاۋ كوتىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋىسى مىسىردا «ئەرائىسۇن نىيىل» (نىل دەرياسى قىزلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىچە «جىيل»، «تالاب» دەپ ئاتىلىدىغان كۆللەر ۋە تۈيغۇن سۇلاردا شۇ يەرنىڭ يامغۇر پەسلى بولغان ياز پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىدۇر. ئۇنىڭ غولى يۇمشاق، كاۋاك، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ تاكى ئىككى ئادەم بويىچىلىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، سۇ يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، ئاق، كۆك، ئاسمان رەڭ، بىنەپشە رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. سېرىق رەڭلىكمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاز ئۇچرايدۇ، ئېقى، ئۇنىڭدىن قالسا كۆكى، ئۇنىڭدىن قالسا ئاسمان رەڭلىكى كۆپ بولىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى ئاق ۋە كۆك رەڭلىكىدۇر. ئۇنىڭ گۈل بەرگلىرى ئۇزۇنچاق، قاتتىق گۈل كاسىسى بار بولۇپ، ئوتتۇرىدا گۈل چاڭلىرى بولىدۇ. گۈلى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئالما چوڭلۇقىدا يۇمىلاق مېۋىسى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق، قارا، شىلىمشىق ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان تۈرى قىزىلغا مايىل، يىلتىزىنىڭ بەزىسى سەۋزىگە ئوخشاش ئۇزۇنچاق، بەزىسى يۇمىلاق، ئاچچىق، ياغاچلاشقان بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «سىلكى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى پىشۇرۇپ يەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نېلۇپەرنىڭ ياۋىسىمۇ بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇقتۇر. گۈلى ھەممىدىن ئۇچۇچانرەك بولۇپ، بىنەپشىگە قارىغاندا، ھۆل سوغۇقراقتۇر. يىلتىزى قۇرۇق ئىسسىق، ئۇرۇقى قۇرۇق سوغۇقتۇر. نېلۇپەر دېگەن ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئادەتتە ئۇنىڭ گۈلى نەزەردە تۇتۇلۇپ، كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۆلارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى باسقۇچىدۇر.

باش، كۆكرەك كېسەللىكلىرى: گۈلى پۇرالسا ئىسسىق مىزاجلىق يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلىنىشىمۇ مەزكۇر تەسىرلەرنى بېرىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۆتكۈر دورىلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىچكى - تاشقى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇ زەپەر ۋە دارچىن بىلەن تەڭشەلسە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېغىزغا سېلىپ شورالسا گال ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. گۈلى قاينىتىلىپ سۈيى ئىلمان بولغاندا باشقا تۆكۈلسە باشتىكى ھارارەتنى پەسەيتىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە تەپلەر: گۈلى، شۇنداقلا يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈشنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەي يارىسى، مەنىي ئېقىشقا داۋا بولىدۇ، مەنىينى ئۇيۇتۇپ

شەھۋەتنى پەسەيتىدۇ. ئىھتىلام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بولۇپمۇ خەشخاش شەربىتى ياكى جاۋارىش ئۇد شىرىن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. گۈلى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك قايناتمىلار ياكى ئەرەقلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چېچەك، يەلتاشما قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئادەتتە بۇ چېچەك ئەسۋىسى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، چۈنكى چېچەك ئەسۋىسى چىقىشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنسا، ئۇنىڭ چىقىشىنى توسۇپ قويىدۇ. ئۇ يەنە يۈرەك، جىگەر ھارارىتى، ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات بىلەن ھەسەل.

(2) باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لوبوبلار ۋە ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن ئون گىرامغىچە، قاينىتىلمىلاردىن 35 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىنەپشە ياكى سۆگەت ياكى ئاق لەيلى.

ئۇنىڭ يىلتىزى كونا ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ، تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ، ئۇچەي يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ، مەنىينىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلىنسا ئاشقازان، مەقئەت، دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تال، مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** يىلتىزى سۇ بىلەن زىمات قىلىنسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ قارىسىنىڭ يىلتىزىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىرەك بولىدۇ. زۇپتى ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ سىركىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا تۆكۈلسە ئىششىقنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرامغىچە بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئۇرۇقى باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، مەنىينى ئۇيۇتىدۇ. بىرقانچە قېتىم ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى توختىتىدۇ. زىمات قىلىنسا قان توختىتىدۇ. دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

نىلۇپەر شەربىتى چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، ئىسسىقتىن، سەپرادىن بولغان تەپ ۋە يۆتەللەرنى پەسەيتىدۇ. كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى ۋە ئۆپكىنىڭ قۇرغاقلىقىغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، ھۆل نىلۇپەردىن 400 گرام ئېلىپ تۆت ھەسسە سۇغا چىلاپ قايىنىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈپ، 400 گرام ئاق قەنت قوشۇپ قايىنىتىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ھۆل نىلۇپەر بولمىسا ھۆل نىلۇپەرنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى يېرىمىچىلىك مىقداردىكى قۇرۇق نىلۇپەردىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تەييارلىنىدۇ.

نىلۇپەر ئەرق ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەپرادىن بولغان تەپلەر، جۇدەتكۈچى تەپلەر، چېچەك، يەلتاشما، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، نىلۇپەرنىڭ ھۆل گۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تۆت ھەسسە سۇ بىلەن ئەرەق قازىنىدا قائىدە بويىچە ئەرەق تارتىلىدۇ، چىققان ئەرەق سوۋۇغاندىن كېيىن ئەينەك قاچا ياكى رو قاچىغا ئېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. نىلۇپەرنىڭ ھۆل گۈلى بولمىسا قۇرۇقىدىن ھۆلىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى يېرىمىچىلىك مىقداردا ئېلىپ تەييارلىسا بولىدۇ.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب
# «ۋ» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋاق
(ياۋا ئۆردەك)

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇ بويلىرىدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، رەڭگى قارىغا مايىل، ئاق سىزىقلىق بولىدۇ. بېشى قارا بولۇپ، چوققىسىدا خوراز تاجىسىدەك، تۆت دانە پېيى بولىدۇ، ئۇ ناھايىتى ئاق، يۇمشاق، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. تۈركلەر ئۇنى بېشىغا قىسىۋالىدۇ. بۇ قۇش تەنەكابۇندا «ئەۋبىن» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. چوڭايغاندىن كېيىن «ۋاق - ۋاق» دەپ سايرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى يەللەرنى تارقىتىدۇ، غەيرىي پۇرىقى باشقا قۇشلار گۆشىنىڭ پۇرىقىدىن ئاجىزراقتۇر. ھەرقانداق پالەچكە شىپا بولىدۇ. ھەتتا پېيى كۆيدۇرۇلۇپ ئىسرىق سېلىنسىمۇ تېز، بەل ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يېغى پالەچ، پەي كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. تۇزلانغان گۆشى ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوقلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۆتى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، بەھەققە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل مېۋىلەر، سىركەنجىۋىل سادده قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، سۇدا پىشۇرۇپ بادام ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇش ياكى يۇمغاقسۇت، نانخا سېپىپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

# پەسل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ۋەج
(ئىگىر)

ئۇ «ئۇدۇل ۋەج» (ئىگىر ياغىچى)، يۇنانچە «ئەقورون»، پارسچە «ئىگىر تۈركىي»، ھىندىچە «بەچھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇۋۋىتى ئىرىساغا ئوخشايدۇ، بەردى ئوتىغا ئوخشاش سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. پارسچە «سەۋسەنى زەرد» (سېرىق سەۋسەن) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى نەرگەس گۈلى يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك، يىرىك، نەيچىسىمان بولىدۇ. غولى ئىگىز ئۆسىدۇ. گۈلى سەۋسەنى ئازادنىڭ گۈلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قىزىلغا مايىل سېرىق بولىدۇ. يىلتىزى بوغۇملۇق بولۇپ، بىر - بىرىگە سەل چىرماشقان، سۆئىدىگە ئوخشاش ئەگرى، رەڭگى ئاق بىلەن قىزىل ئارىسىدا، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، تىلغا تەگكۈزۈلسە ئىسسىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى، ئارراق ئاچچىقلىقى مەلۇم بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدىغان بولۇپ، زىراۋەندە ۋە ئىرىسانىڭ قۇۋۋىتىگە يېقىن كېلىدۇ. بىرقانچە خىل بولۇپ، ئاق، چوڭ، خۇش پۇراق، بوغۇملۇق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. جالىنۇس ئۇ خۇش پۇراق ئەمەس، قۇياش سۇمبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە يېتىلىدۇ دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، غىدىقلىنىشى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، يەل تەرقاتقۇچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچىدۇر.

كۆكرەك، باش، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىدىكى ھەرقانداق كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، پەيلەرنىڭ بوشىشى، تىل گاچىلىشىشقا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ چاينالسا بۇ خىل ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئېغىزغا سېلىنىپ شورالسا بالىلارنىڭ تىلىنى بالدۇر چىقىرىدۇ. ئۇ ئاز - ئازدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا تىل ئېغىرلىقى، چىش ئاغرىقىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، مۆڭگۈز پەردىنىڭ قېلىنلىشىغا داۋا بولىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ھۆللۈكلەر

سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ سۈيى سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. پەيلەر، مېڭە، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ ۋە تازىلايدۇ. قان، سەپرانى تەنقىيە قىلىدۇ. كۆكرەك، بىقىن ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازان، سوغۇق مىزاجلىق جىگەر، ھەزىم قۇۋۋىتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر، ئۈچەي، تال، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۈچەي زەخمىسىگە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاشقا داۋا بولىدۇ. تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بۆرەكنى قىزىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. زىمات قىلىنسا پالەچ، پەيلەرنىڭ بەلغەمدىن تارتىشىشى، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، بوغۇم، يانپاش، بالىياتقۇ ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يوقىتىدۇ، چوڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ ئېشەك سۈتى ۋە زەپەر بىلەن بىرلىكتە پەرزىجە قىلىنسا ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا باليياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلىنسا ئىچىۋالغان زەھەرنى، زىمات قىلىنسا چاقىقاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئومۇمەن ئۇ سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە، سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەديان.

(2) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ قېنىنى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يەل ھەيدەش، جىگەر، تال كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا كېرمان زىرىسى، ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا رەۋەنچىنى، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىقلارنى پەسەيتىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۈزۈنچاق زىراۋەندىدۇر. شىھ ئەرمىنىمۇ ئورۇنباسارى بولىدۇ دېيىلگەن. يەنە ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا قەلەمپۇر بىلەن ئۇد ھىندىمۇ ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئىستېمال قىلىنسا رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. زىمات قىلىنسا بەھەق، ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ.

ئىششىقلار، بوغۇملار كېسەللىكلىرى: زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بەھەق، ئاقكېسەل، چىقىق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، يېغى، سۇفۇپلىرى «قارابادىن» دا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ مۇرابباسى پالەچ، تۇتقاق كېسەل، ئاشقازان ئاجىزلاش ۋە ئاغرىش، قورساق ئىششىش، قورساق غورۇلداش، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. مەجۇنى مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى يوقىتىدۇ. كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى سۇنى يوقىتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنىدىغان ساختا خىيالىي نەرسىلەرنى يوقىتىدۇ. بەلغەم مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھەر ئىككىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋەدەئ

(قۇلۇلە)

**ماھىيىتى:** ئۇ قاسراقلىق ۋە قاپلىق ھايۋانلار قاتارىدىن بولۇپ، ھەر خىل تۈر ۋە ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ. ئۆزۈنچاق، تولغىماشلىرى پارسچە «كەجەك»، دەيلەمدە «كەلاچەك»، ئىسپىھاندا «كەسەن گىربە»، ھىندىچە «كورى» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىكى شىرازدا «گوش ماھى» (قۇلاقبېلىق)، ھىندىچە «گونگا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قاسرىقى باشقا تۈرلىرىنىڭ قاسرىقىدىن كۆپرەك بولىدۇ. دېڭىز ۋە نەم يەرلەردە ياشايدۇ. دېڭىزدىن چىققىنىنىڭ كەڭ، تولغىماش بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، قۇرۇقلۇقى باشقا قۇلۇلىلەردىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، جۇلا بېرىدۇ، سۈيدۈك تەستە كېلىشكە شىپا بولىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. گۆشى زىمات قىلىنسا ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوققا ئوخشاش يات نەرسىلەرنى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سىرتىغا تارتىدۇ. ھىندىچە «كورى» دەپ ئاتالغان سېرىق تۈرى سالايە قىلىنىپ دوۋسۇنغا سۈركەلسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. سۈيدۈكنىڭ تۇتۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ «شىھ» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركەلسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى، ئىششىقلار ۋە باشقىلار: زىمات قىلىنسا بەھەق، ئاقكېسەل، كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھامىلىدارلارغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇقمىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن سۇفۇپى سۈركەلسە

سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. لىمون سۈيى بىلەن ئېرىتىلگىنى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئازراق نۆشۈدۈر بىلەن زىمات قىلىنسا تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ھىندىچە «كورى» دەپ ئاتالغان سېرىقى كۆيدۈرۈلۈپ سالايە قىلىنىپ قۇلاققا يېرىم گىرام مىقدارى سېلىنىپ، ئۈستىدىن ئازراق لىمون سۈيى تېمىتىلسا قايىنتىپ، قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆيدۈرۈلمەي سالايە قىلىنىپ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا سىركە ۋە ئاق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىلىرىنى ساقايتىدۇ ۋە پەيدا بولىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋەرد
(ئەتىرگۈل)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئەرەبچە، پارسچە «گۈل» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلۈپ «جۇل» مۇ دېيىلىدۇ. مەزكۇر سۆز يالغۇز ئاتالسا پارسچە «گۈلى سۈرۈخ» (قىزىلگۈل) دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك قىزىل ئەتىرگۈل نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ قىزىل، شوخ قىزىل، خۇش پۇراق، سۇس قىزىل، ئاچ سېرىق، ئاقتىن ئىبارەت بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. ھەربىرى ياۋا ۋە يەرلىك دەپ ئايرىلىدۇ. ھەربىرى ئايرىمناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ يەرلىكىنىڭ گۈل بەرگى كۆپ ھاللاردا قوش، ياۋىسىنىڭ كۆپ ھاللاردا تاق بولىدۇ.

### ۋەردى ئەبيەز بەررىي
(ياۋا ئاق ئەتىرگۈل)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىپار گۈلدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈل بەرگى تاق بولۇپ، بەش دانە، ئاق، يەرلىك ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىدىن چوڭراق بولىدۇ، ئوتتۇرىدا سېرىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغان گۈل چاڭدىنى بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىپار گۈل ئۆسۈملۈكىدىن چوڭراق كېلىدۇ.

## ۋەردى ئەھمەر بەررىي
(ياۋا قىزىل ئەتىرگۈل)

ماھىيىتى: ئۇ ئازغان ئۈسۈملۈكىنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ، گۈلى قىزىل، ئاق بولىدۇ.

## ۋەردى ئەھمەر بوستانىي
(يەرلىك قىزىل ئەتىرگۈل)

ئۇ پارسچە «گۈلى سۇرۇخ» (قىزىلگۈل) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق بولۇپ، كۆپ ئەللەردە بولىدۇ. ئەتىرىنى ئېلىش ئۇچۇن چوڭ، رەڭدار، ناھايىتى خۇش پۇراق، ئاچچىق، سەل تاتلىق بولغانلىرى، دورىلىقتا غۇنچىسى تولۇق ئېچىلمىغانلىرى ياخشىدۇر، چۈنكى تولۇق ئېچىلمىغىنىنىڭ قورۇش تەسىرى ئارتۇقراق بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالغا ئوخشاش كۆپ ئەللەردە ھەر يىلى ئۇنىڭ قۇياش دەلۋى بۇرجىدىن ھۇت بۇرجىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى گۈل ئېچىلىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن قەلەمچە قىلىنمىسا، تۈۋگە سېسىق بېلىق، «گىلى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق توپا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئوغۇتلار كۆمۈلمىسە، بىر قېتىم سۇغۇرۇلمىسا گۈل بەرمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. سۇغا ۋە تۇپراققا مەنسۇپ تەركىبلىرى بار. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ھۆل ئىسسىق دەيدۇ. بەزىلەر مۆتىدىل، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار دەپ بىلىدۇ. قۇرۇقىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى ئارتۇقراق، ئاچچىقلىقى كەمرەكتۇر. ھەكىم قەرەشى قۇرۇقىنى ھۆلىگە قارىغاندا سوغۇققا مايىل دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، سۈرگۈچى، سەپرا بىلەن سۇيۇق بەلغەمنى پەسەيتكۈچى، قورۇغۇچىدۇر. بولۇپمۇ قۇرۇقىنىڭ قورۇش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. غۇنچىسىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنىڭ قورۇش تەسىرى ئارتۇق، ئۆتكۈر، ئاچچىق، سەل تاتلىقتۇر. ئەتىرگۈل قۇرۇتۇلسا تاتلىقلىقى ۋە ئاچچىقلىقى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىدىن 60 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: سوۋىي تېمىتىلسا باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى ۋە قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسى كۆزگە تېمىتىلسا قاپاقلارنىڭ قېلىنلىشىغا داۋا بولىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

قايىنتىلمىسى بىلەن ئىغىز چايقالسا چىش ۋە ئۇنىڭ مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. تالقان قىلىنىپ چىشقا سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قۇرۇقى سېپىلسە ئېغىز يارىسىغا داۋا بولىدۇ. ئۇ ئەدەس ۋە كافۇر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېغىز چايقالسا ۋە غار-غار قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. پۇرالسا يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەزى ئاجىز كىشىلەر پۇرىسا چۈشكۈرتىدۇ، زۇكام، نەزلە ۋە تىلما كېسەلنى قوزغايدۇ، بەزىلەر پۇرىسا پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن كافۇردۇر.

نەپەسلىنىش، چىقىرىش ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، ئۈچەي، بالىياتقۇ، مەقئەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. سۈيى ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، يۈرەك ئاجىزلىقى، بىھوشلۇق ۋە مەزكۇر ئەزالار كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ غۇنچىسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۆل غۇنچىسىدىن 30 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۇن قېتىمدا تەسىر قىلىدىكەن. زىمات قىلىنسا قورساق پەردىسىدىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قايىنتىلمىسى بىلەن ھۆقنە قىلىنسا ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. قۇرۇقى سېپىلسە بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىشقا شىپا بولىدۇ، بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىپ خۇش پۇراق قىلىدۇ، تارايتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئىششىقلار: قۇرۇقى سېپىلسە تاشمىلارنى ساقايتىدۇ، زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئېغىز يارىسى ۋە سۇلۇق قاپارتمىلارغا پايدا قىلىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ، تېرىلەردىكى ھەرىكەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان زەخىمنى ساقايتىدۇ. چوڭقۇر زەخىملەرگە يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئەزالارنىڭ سۇنۇقىغا داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: مۇنچىدا سۈركەلسە سېسىق تەرلەشكە داۋا بولىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا بەدەندە تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئوقتا ئوخشاش يات ماددىلارنى چىقىرىدۇ. قولتۇق، يېرىقلارغا سۈركەلسە سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. جاراھەتلەر ۋە يارىلارغا سۈركەلسە ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئاس دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن تالقانلىنىپ سېپىلسە تەر توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھقا زىيان قىلىدۇ، ئۇسسۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەببى زەلەم، رۇمبەبىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھۆلىدىن 30 گىرامغىچە، قۇرۇقىدىن 12 گىرامغىچە، سۈيىدىن 24 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا بىنەپشە، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا مەرزەنجۇشتۇر.

ئۇنىڭ ھۆل بەرگىنىڭ سايىدا قۇرۇتۇلغان سۈيى قاپاق قىلىنلاش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قورۇش تەسىرى ۋە قۇرۇقلۇقى غۇنچىسى ۋە بەرگىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ چاڭدىنى، يەنى گۈلىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سېرىق دانچىلىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىنىپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈش، قاناش، ساقىيىشى تەس بولغان ئىچ سۈرۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ خەمىكى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، جىنسىي يولنى تارايتىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولغان ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى ياۋا قىزىل ئەتىرگۈل ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بەزىلەر ئۇنىڭ چاڭدىنى غۇنچىسىدىن ئىبارەت، چۈنكى ئۇ ئەرەبچە «زەررى ۋەرد» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەتىر گۈلىنىڭ تۇگمىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ تۇگمىگە ئوخشايدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەشھۇر بولغىنى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەركۇز چاڭدىنى، يەنى سېرىق دانچىلىرىدۇر.

ئۇنىڭ گۈلقەنتىنىڭ تەسىرلىرى بەرگىنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن، بەزى جەھەتلەردە كۈچلۈكرەك، يەنە بەزى جەھەتلەردە ئاجىزراقتۇر.

ئۇنىڭ يېغى ئۇنىڭ ھۆل گۈل بەرگىلىرىنى يېڭى كۈنجۈت يېغى ياكى يېڭى زەيتۇن يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ گۈل بەرگى ئاقارغاندا سىقىپ پىسىپىنى تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا يەنە يېڭى گۈل سېلىنىپ شۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم تەكرارلىنىپ چىقىرىلىدۇ، بۇنداق ئۇسۇلدا چىقىرىلغان ياغ خام گۈل يېغى دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ گۈلىنىڭ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ، باراۋەر مىقداردىكى كۈنجۈت ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئۇ قاينىتىلغان گۈل يېغى دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۇ قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان بولسۇن، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىسسىق، سوغۇق ماددىلارغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يەنە ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى بار.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: يالغۇز ياكى سىركە ۋە گۈلاب بىلەن باشقا تۈكۈلسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇيقۇسىزلىققا شىپا بولىدۇ. مېڭىنىڭ

ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسىمۇ شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ. سىركە ۋە گۇلاب بىلەن پۇراتما تەييارلىنىپ پۇرالسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ، ئۇنىڭ ئىششىقلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقى ۋە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھاك يېيىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا شىلىمشىق ماددىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەي يارىلىرى ۋە ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، قانلىق تولغاققا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا ۋە ھۆقنە قىلىنسىمۇ مېغىزى فۇلۇسى خىيارشەنبەر ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي زەخملىنىش، قورساق ئاغرىقى ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ يەرلىك ئورۇنغا تۆكۈلسە ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى پەسەيتىدۇ، شىلىمشىق ماددىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئىششىقلار: ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا چوڭقۇر زەخملەرگە گۆش ئۈندۈرىدۇ، جاراھەتلەر ۋە يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. سۇلۇق قاپارتما زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن زىمات قىلىنسا ئوتتا كۆيۈشتىن پەيدا بولغان يارا، ھاكنىڭ كۆيدۈرۈشتىن پەيدا بولغان زەخمىگە شىپا بولىدۇ. كۆز ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلار ۋە ئىسسىق تاشمىلار ئۈچۈن تەرياق ھېسابلىنىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ھاك، زەرنىخ، ئالا كۆلۈك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى يېگەن سەۋەبتىن پەيدا بولغان زىياننى يوقىتىدۇ.

**زىننەتلەش تەسىرى:** سىركە ۋە ئاس دەرىخى سۈيى بىلەن زىمات قىلىنسا تەر توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سۆگەت يېغى، يېرىم ھەسسە بىنەپشە يېغى.

پارسچە «گۇلاب» دەپ ئاتىلىدىغان گۇل سۈيىنىڭ تەبىئىتى مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، سوغۇققا مايىلدۇر. توسالغۇلارنى ئاچقۇچى نازۇك ئىسسىقلىقى، ھۆللۈكى ۋە ئاز مىقداردا قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى ناھايىتى يۇقىرى دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ۋە تەن قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتكۈچىدۇر.

باش، نەپەس، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىلمان ھالەتتە ئىستېمال قىلىنسا نەزلىدىن پەيدا بولغان ئالامەتلەرنى يوقىتىدۇ، قان توكۇرۇش، ئۆپكە قۇرغاقلىشىش، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان، ئۈچەي ئاغرىقى ۋە ئىسسىق، سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىقى، تال، جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىش تەسىرى ئاشىدۇ. پۈرالسا ۋە مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قەلەمپۇر بىلەن مەلھەم قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان لەخلەخە مېڭە ۋە ئىچكى سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى ئېتىكلەشتۈرىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇمارنى باسىدۇ، بىھوشلۇق ۋە خەفەقانغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** نەزلە بىمارىغا خاسىيىتى بىلەن زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى قوزغىتىدۇ، باھقا زىيان قىلىدۇ، چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات.

**ئىستېمال مىقدارى:** 90 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تەكرار تامچىلىتىلغان گۈلابتىن 60 مىللىلىتىر ئىچىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ.

ئۇنىڭ شېكەر، ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇرەككەب گۈلقەنتى، جاۋارشى، تۇرلۇك ياغلىرى، شارابى، ئەرقى، غەسۇلى (يۇيۇش سۇيۇقلۇقى)، تۇرلۇك قۇرسلىرى، شېكەر ۋە ھەسەل بىلەن قىلىنغان ئاددىي گۈلقەنتلىرى، مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ گۈلى قەۋەت ئېچىلىدىغان بىر تۇرى، كۆپ قىسىم ئەللەردە، بولۇپمۇ ھىندىستان بىلەن بېنگالدا بولىدۇ، ئۇنىڭ گۈلى ھەمىشە ئېچىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، «سادا گۈلاب» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈلى بەزى پەسىللەردە كۆپ، بەزى پەسىللەردە ئاز، پۇرىقى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، بەزىدە ناخۇشمۇ بولىدۇ، ئۇمۇ ياۋا قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ قاتارىدىندۇر.

## ۋەردى ئەسفەر بوستانىي
(يەرلىك سېرىق ئەتىرگۈل)

بۇمۇ يەرلىك سېرىق ئېپارگۈل قاتارىدىن بولۇپ، ئۇسۇملۇكى قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئۇسۇملۇكى چوڭلۇقىدا، تىكەنسىز، گۈلى قەۋەتلىك، رەڭگى سەندەل رەڭ سېرىق بولىدۇ. قۇۋۋىتى يەرلىك ئاق ئەتىرگۈلنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشايدۇ.

## ۋەردۇل ھەماق
(سېسىق ئەتىرگۈل)

ئۇ «ۋەردۇل ئەجاز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گۈلى رەئنا زىبا» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «گۈلى قەھبە» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ياۋا قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. گۈلى قەۋەتلىك ئەمەس، گۈل بەرگىنىڭ ئىچى تەرىپى ئوت رەڭ قىزىل، سىرتى زەپەر رەڭ سېرىق بولىدۇ، خۇش پۇراق ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سېسىق ئەتىرگۈلنىڭ تۈرلىرىدىن ئىكەن، ئاز ۋاقىتلاردا بەزىلىرى خۇش پۇراقمۇ بولۇپ قالىدىكەن. يىلتىزى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق، يىلتىزىنىڭ ئىسسىقلىقى ئارتۇقراقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچى بولۇپ، مەلھەملەرگە قوشۇلسا ياخشىراق بولىدۇ.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ۋەرس
(ۋەرەس مېۋىسى)

ماھىيىتى: ئۇ ئەرەب ئەللىرىدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەخسۇس يەمەندىن چىقىدۇ. 20 يىلغىچە مېۋە ۋە گۈل بېرىدۇ. ئۇرۇقى كۈنجۈتكە ئوخشايدۇ. مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن يېرىلىپ ئىچىدىن چاچقا ئوخشاش سېرىق، زەپەردەك قىزىلغا مايىل نەرسە چىقىدۇ. يەمەندىن ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنى ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، خۇددى سالايە قىلىنغان زەپەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەكلەر بويىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، قىزىلغا مايىل سېرىق بولغانلىرىدۇر. قارىسى ھەبەشىستاندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھىندى (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدىغان قارامتۇل قىزىلى ناچارراق بولىدۇ. بەزىلەر كۈركۈمنى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئاساسى يوقتۇر. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ماشتەك دانچىلىرى بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلىگۈچى، ناھايىتى خۇرسەن قىلغۇچى، بەھەق، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى ۋە كۆچەيتكۈچى، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچىدۇر.

**زىننەتلەش تەسىرى:** مەلھەم قىلىنىسا بەھەق، ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. داغ ـ سەپكۈن ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. بەدەننىڭ ئورۇقلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنىسا گۈللۈك تەمرەتكىگە داۋا بولىدۇ.

**جاراھەتلەر ۋە يارىلار:** قوتۇر، قىچىشقاق، تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسى ۋە مۇدۇرلارغا شىپا بولىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** ھەممە زەھەرلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، كەتىرا، ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا زەپەر، يېرىم ھەسسە سازەج.

ئۇنىڭ بىلەن بويالغان كىيىم كىيىلسە باھنى قوزغىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ، جىماغا ياردەم بېرىدۇ.

## ۋەرشان
(ئالا پاختەك)

ئۇ تۈركچە «ئالا فاختە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋا كەپتەر قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق، توخۇدىن كىچىكرەك، قارىغا مايىل بولىدۇ، بويىندا چەمبىرىكى بار.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ياۋا كەپتەر گۆشىگە ئوخشاش، كەپتەر گۆشىدىن يەڭگىلرەك، ئۇنىڭدىن قۇرۇقراقتۇر. پالەچ، بۆرەك، دوۋساق، بەلنىڭ مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىغا شىپا بولىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ مەلھەم قىلىپ سۈركىسە تۆگىقۇشنىڭ يېغىغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئەخلاقنى بۇزىدۇ، ئىچىنى قاتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركە، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن تۇز، ئارراق نوقۇت ۋە سۇ بىلەن پىشۇرۇشتۇر. بۇ چاغدا ئۇ قورساقتىن تېز چىقىپ كېتىدۇ.

## ۋەرەل
(ۋاران كەسلەنچۈكى)

ئۇ پارسچە ۋە تۈركچە «بەزمىچە»، ھىندىچە «گوي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ھىردۇن كەسلەنچۈكىدىن چوڭراق، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولۇپ، «ۋەزەغ» دەپ ئاتىلىدىغان كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆچلۈكرەك، تېرىسى قارا، يىرىك، سېرىق رەڭلەر بىلەن ئالىلانغان بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سوسمار» دېيىلىدىغان ھايۋان ئەمەس ئىكەن.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. مايىقى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرىدە سەقەنقۇرنىڭ ئورۇنباسارى بولالايدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ. گۆشى زىمات قىلىنسا بەدەندىكى تىكەن، ئوق ۋە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى تارتىپ چىقىرىدۇ. يېرىپ تېرە سىرتىغا تاڭسا ئەزانى سەمرىتىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: ئۇ يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىلغان زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلىنىلسا تېرىدىكى تۈرلۈك ئىزلارنى يوقىتىدۇ، باشقا سۈركەلسە تاقىرباشلىق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشلەرگە شىپا بولىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە ئۇنىڭغا چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياغلىسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈللۈك تەمرەتكە، داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. گۆشى بىلەن يېغى بەدەننى سەمرىتىدۇ. يېغىنى زەكەرگە سۈركىسە زەكەرنى چوڭايتىدۇ. كۆلىنى سۈركىسە ئەزانى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. يېغىنىڭ ئورۇنباسارى سەقەنقۇر يېغىدۇر.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ۋەسەخ
(كىر)

ئۇ پارسچە «چىرك»، ھىندىچە «مىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولۇپ، جانلىقلار بەدىنىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىدىغان كىرەكسىز ماددىلاردىن ئىبارەت. قانداق تەندە ئۇچۇچان، ھۆل، كىرەكسىز ماددىلار كۆپ بولسا ئۇنىڭدا كىرمۇ كۆپ بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئادەم بەدىنىنىڭ كىرى

نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، مىزاجلار، يېمەكلىكلەر، ئەزالار ۋە شەھەرلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تەبىئىتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تىرناقتا يېقىن ئورۇندىن چىققان كىرنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قولاقنىڭ كىرى سۈركەلسە لەۋ يېرىلىش، ئەفئا يىلىنىنىڭ چېقىۋالغىنىغا پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ھوشسىزلاندۇرىدۇ، ئىستىسقاغا سەۋەب بولىدۇ، ھالاك قىلىدۇمۇ دېيىلگەن. بەدەن كىرى بەزى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا بوۋاسىر، لەۋ، مەقئەت يېرىلىش، سۆيىنەككە شىپا بولىدۇ. موم يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئەمچەكنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، تورلۇك تاشمىلارنى يوقىتىدۇ. قۇرۇقى سېپىلسە مەينەت يارىلارنىڭ ھۆللۈكىنى سۈمۈرىدۇ، ئازراق تازىلايدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: زىمات قىلىنسا ئەفئا يىلىنىنىڭ چېقىۋالغىنىغا داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئادەم قۇلىقىنىڭ كىرىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرى ئادەمنىڭ باشقا كىرلىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

چېلىشچىلارنىڭ بەدىنىنىڭ كىرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە سۈركەلگەن ياغ ۋە چاڭ ـ توزاننىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ؛ يەنە بىرى، چېلىشخانىنىڭ تاملىرىغا يىغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇچى ۋە مۆتىدىل دەرىجىدە جۇلا بەرگۈچىدۇر. مەلھەم قىلىنسا ياشانغانلاردىكى مەينەت يارىلار ۋە ئىرقۇننىساغا شىپا بولىدۇ. باشقا مەلھەملەرگە قوشۇلسا قاتقان زەخىملەرنى يۇمشىتىدۇ.

## ۋەسەخۇل كەۋارىير
(ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى كىرى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكىدىن تېپىلىدىغان كىردىن ئىبارەت. ئۇ پارسچە «بەرموم» دەپ ئاتىلىدىغان ئەكبەر (ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى لېيى) ئەمەستۇر. بەغدادىي ۋە «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزىچە «بەرموم» ئىكەن. ياخشىسى قىزىلغا مايىل، يۇمشاق، خۇش پۇراق بولغىنىدۇر. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا يېشىل رەڭلىكى ياخشىسى دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچان بولۇپ، جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوققا ئوخشاش يات ماددىلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ. سۇنۇقنى تۇتتۇرۇش، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىمنى ساقايتىش

جەھەتتە مۇمىيانىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

مۇنچا كىرى بەدەندىكى تۇرلۇك تاشمىلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تەسىرى چېلىشچىلارنىڭ كىرىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاشتۇر.

## پەسل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋەشەق
(سۇلەيسۇن تېرىسى)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىتتىن چوڭراق، يىلپىزدىن كىچىكرەك، رەڭگى ۋە شەكلى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر خىل ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن ئىبارەت. بۇ ھايۋان سېمىز، قۇيرۇقى بىر غېرىچتىن قىسقىراق بولىدۇ. تەنەكابۇندا «پەلەنگى تومۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تۇلكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، تۈركىستاندا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋان ئىكەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، دېڭىز ھايۋىنى بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا تۇخۇملايدىكەن، ئەمما بۇ قاراشنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقىتىدۇ. پالەچ، قاتما، تىترەشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيسە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ناھايىتى قىزىتىدۇ. بەلغەمنى يوقىتىدۇ، بۆرەك، باھىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. بۆرەك، دوۋساق ۋە بەل مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى ياخشىلايدۇ. ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىمنى داۋاملىق كىيسە ۋە ئۇستىدە داۋاملىق ئولتۇرسا بوۋاسىر، نۇقرەسقا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار، ھاراق ئىچكەنلەرگە زىيان قىلىدۇ. تېرىنى نېپىزلىتىپ ئۇنى قىشنىڭ زىيىنىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار قىلىدۇ.

موينى كۆيدۈرۈپ سەپسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

### ۋەشىج
(لىمونئوت)

ئۇ پارسچە «لىمو دارۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئەرەبلەر ئارىسىدا تونۇشلۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاغلاردا تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. پۇرىقى لىمون پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. غولى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نەيزە ياسىلىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمغاقسۈت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يىلتىزى سۆئدىگە ئوخشاش بوغۇملۇق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق، قىرتاقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. قۇرۇق يىلتىزىدىن 2.5 گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ، ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆكرەك ئەزالىرىنىڭ زەخىملىرى، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش، مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشى، بوشىشى، ئۇستىخانلارنىڭ قوزغىلىشى ۋە ئېزىلىشىگە پايدا قىلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى خۇش پۇراق رۇقەئ دورىسىدىن ياخشىراقتۇر. ئاز مىقداردىكى ئىزخىر بىلەن قايىنىتىپ سۈيىدە ئولتۇرسا بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىش ۋە قاناشقا پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىر، مەقئەتكە پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋەئىل
(تاغ كالىسى)

ئۇ تاغ كالىسىنىڭ ئورتاق نامىدۇر. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ۋۇئۇل»، «ئەۋئال» بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەرلىكىدىن ياخشىراق بولىدىكەن. ئۇ رەڭگى ناھايىتى قارا ھايۋان بولۇپ، كىچىك سۇ كالىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بۇغىدىن ياخشىراقتۇر. تۈركچە «جويەر» دەپ، دەيلەمدا «شوكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ياخشى بولۇپ، سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېغىنى سۈركىسە پالەچ، قاتما، بوغۇم ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاننى كۆيدۈرىدۇ، سەۋدالىق قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، جوزامغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، ئابكامە ۋە مۇناسىۋەتلىك دورا ـ دەرمەكلەردۇر.

مۇڭگۈزى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا تۇغماس قىلىدۇ. مويى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا

زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. كىشى تاياق يېگەن، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلغان بولسا، ئۇنىڭ يېگىدىن ئۇرۇلۇپ ـ سويۇلغان ئىسسىق تېرىسىگە ئورىسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## پەسىل: «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ۋەلەب
(سۇتلۇكئوت ئۇرۇقدېشى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۇتلۇكئوتلارنىڭ بىرىدۇر. يۇنانچە «نابلىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە بولۇپ، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. يوپۇرمىقى ناھايىتى يېشىل بولۇپ، قارامتۇل مەلۇم بولىدۇ. يىرىك، سۇتلۇك بولۇپ، ئۈزۈلسە سۈت ئېقىپ چىقىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا يوپۇرمىقى ئامۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ «شەجەرەتۇر راھىب» (راھىبئوتى) دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك ئەمەس، ماھۇدانە ئۆسۈملۈكىمۇ ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرغۇچى، كۈچلۈك قۇستۇرغۇچى، ئىچىنى سۈرگۈچى، خىلىتلارنى كۈچلۈك چىقارغۇچى، بەدەننى تەنقىيە قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئاجايىپ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، سۈتى ۋە ئۇرۇقى ئۈستى تەرەپتىن كېسىپ ئېلىنسا ئىچىنى سۈرمەستىن، پەقەت قۇستۇرىدىكەن، ئاستىدىن ئۈستى تەرەپكە قاراپ كېسىپ ئېلىنسا قۇستۇرماستىن، پەقەت ئىچىنى سۈرىدىكەن. ئەگەر ھەر ئىككى يۆنىلىش بويىچە كېسىپ ئېلىنغانلىرى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسا قۇستۇرىدىكەن ھەم ئىچىنى سۈرىدىكەن. قورساقتىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ، ھوشسىزلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بىنەپشە قاينىتىلغان سۇدۇر.

**ئورۇنباسارى:** لالىگۈلىدۇر. ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراقتۇر.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب
# «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ھ» (ھائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھارسەنگار
(گۈلچەمبىرەك دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، گۈلچەمبىرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گۈلى زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا سېلىنىدۇ. چۈنكى ھىندىچە «ھار» دېگەن سۆز بويۇنغا ئېسىلىدىغان گۈلچەمبىرەك دېگەن مەنىنى، «سەنگار» دېگەن سۆز زىبۇ - زىننەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ھىندىستاندا، بولۇپمۇ بېنگالدا كۆپ ئۆسىدۇ، غولى تۈۋىدىن ئۈچىغىچە تۆت قىرلىق بولىدۇ. غولىدا شۇنداقلا شاخلىرىنىڭ قوۋزىقىنىڭ ئاستىدا تۆت دانە ئاق، قاتتىق، سەل كەڭ تومۇرى بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، قارامتۇل يېشىل، يىرىك، تۆۋەن تەرىپى كەڭ، ئۈستى تەرىپى ئىنچىكە، بەزىلىرى قىرلىق، بەزىلىرى قىرسىز بولىدۇ. غولى ۋە شاخلىرىنىڭ قوۋزىقى گاۋزىبانغا ئوخشاش ئاق چېكىتلىك بولىدۇ. گۈلى خۇش پۇراق، ئىنچىكە نەيچىسىمان، سەل ئۇزۇنچاق بولۇپ، يېرىم ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. ئۈچىدا يەسمەن گۈلىگە ئوخشايدىغان 6~7 دانە ئۇششاق بەرگى بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ چالا ئېچىلغان غۇنچىلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ گۈلچەمبىرەك ياسايدۇ. گۈل ساپىقى سېرىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىلغان گۈلىنىڭ ئاق بەرگىلىرى سېرىق ساپىقىدىن ئاجرىتىلىپ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇ «گۈلى كامە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ سۈيىدىن كېيىم - كېچەكلەر بويالسا خۇش پۇراق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ساپىقىنى قۇرۇتۇپ سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ كېيىم - كېچەكلەرنى بويىسا سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاققا مايىل ياپىلاق، ئوتتۇرىسى سەل ئويمان، سېرىققا ۋە قارىغا

مايىل بولۇپ، ياغاچلاشقان نېپىز غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. دورىلىققا كۆپرەك ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ يېڭى ئۈسكەن يوپۇرمىقىدىن 6~7 دانە ئېلىپ، سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ھىندىچە «ئەدرەك» دېيىلىدىغان ھۆل زەنجىۋىل بىلەن بىرلىكتە كونا تەپ بىمارلىرىغا ئىستېمال قىلدۇرىدۇ. ئۇرۇقىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ باش تەمرەتكىسىنى داۋالاش ئۈچۈن بېشىنى يۇيىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى تەپلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلەتكەندە قېتىق، سۈت، بېلىق ۋە گۆشتىن پەرھىز قىلىش لازىم ئىكەن.

گۈلى كامە قارابادىن كەبىرنىڭ «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

## ھاسىمۇنا

(ھاسىمۇنا گۈلى)

ئۇ نىبتچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئېگىز ئۆسىدۇ، غولى تۈكلۈك بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇششاق بولۇپ، خۇددى كىچىك تىكەنگە ئوخشايدۇ. يىلتىزى چامغۇرغا ئوخشاش، رەڭگى قارا بولىدۇ. يىلتىزى يەرگە ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئىنچىكىلەپ ھەتتا بىر دانە مويدەك بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى خام پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا يېيىشلىك، تەمى سەل ئۆتكۈر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** يىلتىزى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇقدۇر. بەزىلەر ھۆل ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلىتلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرىدۇ.

نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەن ساقلىقنى ساقلايدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەك، تال، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بەزىلەر ئۇ ئىستېمال قىلىنسا بالىنىڭ ئوغۇل تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان مەنىيدىن قىز بالا تۆرەلمەيدىكەن، بۇ ئۇنىڭ خاسىيىتى ئىكەن. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا، كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنسا بالىلارنىڭ ئايىغى تېز چىقىدۇ. بەزىلەرنىڭ خىيال قىلىشىچە، ئۇنى، چارشەنبە كۈنى بىر پارچە كۆك رەختكە ئوراپ قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن بويىنغا ئېسىۋالسا سېھرىي ۋە يامان كۆزدىن ساقلايدىكەن.

# پەسل: «ھ» (ھائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەدبە

(ھەدبە قوڭغۇزى)

ئۇ ئىسپىھاندا «خەرى خۇدا» (تەڭرى بەرگەن ئىشەك)، شىرازدا «مەھبەك»، «پۇرپا» (پۇتلۇق)، ئەرەبچە «ھىمارى قىيان» (قىيان ئىشىكى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھاشارات بولۇپ، باقىلە چوڭلۇقىدا، كۈل رەڭ بولىدۇ. قورسىقىنىڭ ئاستى ئاق بولىدۇ، پۇتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تىكەنگە ئوخشايدۇ. سۇ كوزىلىرى ئاستى ۋە نەم يەرلەردە ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ تاڭلايقا سۈركىسە بوغما كېسەل ۋە كىچىك تىلنىڭ بوشىشىغا پايدا قىلىدۇ. توخۇ پېيى بىلەن سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ئۇنى ئانار پوستىغا سېلىپ قىزىلگۈل يېغىنى قوشۇپ قايناتقاندىن كېيىن يېغى قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كونا گاسلىققا داۋا بولىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ يېڭى ساپال كوزىغا سېلىپ كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۈنىگە 30~60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا نەپەس قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كۆيدۈرۈلمىگىنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سىيىش قىيىنلىشىش، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. سۈيى سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلسا سۈيدۈكنىڭ ئېچىشتۇرۇپ كېلىشىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان پىلتە سۈيدۈك يولىغا سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**تەپلەر:** بەزىلەر ئۇنى، چىگە رەخت ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوراپ ئېسىۋالسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ھۇدھۇد

(ھۆپۈپ)

ئۇ پارسچە «مۇرغى سۇلەيمانى» (سۇلايمان قۇشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، ئۇستىدە سېرىق، قارا چېكىتلەر، بېشىدا پەي تاجىسى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۆتى ياكى قېنى كۆزگە سۈركەلسە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى سىرىقچىچەك بىلەن ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تولغاق، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. يۇرىكىنى قۇرۇتۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ تىلا نامىلىق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

زىنىنەتلەش تەسىرى: ئۆتى بىلەن قېنى سۈركەلسە بەھەق، تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۆتى لەقۋا بىمارىغا قاراڭغۇ جايدا ئۈچ كۈنگىچە سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ.

باشتىكى ئەزالار كېسەللىكلىرى: بوغۇزلانغان ھامان يۈرىكى ئىسسىق پېتى يۇتۇلسا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. مېڭىسى يېڭى كۈنجۈت يېغى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

خاسىيەتلىرى: كۆزى ئۇنتۇغاق ئادەمگە ئېسىپ قويۇلسا يادلىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنتۇمايدۇ، ئۇنتۇغانلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرىدۇ، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. جوزام كېسىلى بىمارىغا ئېسىپ قويۇلسا ھەرقانچە كونا بولسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پېيى بىلەن تىلىنى ئېسىۋالسا مەنسەپنىڭ ئۈسۈشى، كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تۆۋەنكى تۇمشۇقى، تۆۋەنكى جاغ سۆڭىكىنى ئېسىۋالسا تىلى يامانلارنىڭ تىلىنىڭ باغلىنىشى، دۈشمەنلەرنىڭ دوستلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بوغۇزلانغان ھۆپۈپ ئىشىك بېشىغا پۈتۈن ھالەتتە ئېسىپ قويۇلسا سېھرىي، يامان كۆز ۋە بالىلار تۇتقاق كېسىلىدىن ساقلىنىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆڭىكىنى ئېسىۋالسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتىدۇ. تىرنىقى بىلەن پېيىنى سېرىق يىپەك رەختكە ئوراپ دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇلسا يارىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاي سۇمبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە قويسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. پېيى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ، سېھىرگەرلىك، ساراڭلىققا داۋا بولىدۇ. زىيانداش ھاشارات، چۈمۈلە ۋە بۈرگىنى قاچۇرىدۇ. مېڭىسىنى كۆيدۈرۈپ كەپتەر ئۇۋىسىنى ئىسلىسا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسە يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ

گۆشى ئىستېمال قىلىنسا سىھرىنى يوقىتىدۇ، سىھرى بىلەن بەند قىلىنغان كىشىگە شىپا بولىدۇ. قېنىنى قۇرۇتۇپ سەۋسەن يېغى ياكى يېڭى كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ چاچقا سۈركىسە قارايتىدۇ ۋە بۇدۇر قىلىدۇ. كىشى ئۇنىڭ قانتىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى پېيىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوڭ يوتىسىغا باغلاپ جىما قىلسا باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ.

## پەسىل: «ھ» (ھائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھەربى

(سوقمونىيا دەرىخى ئۇرۇقدىشى يىلتىزى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

ماھىيىتى: «خۇلاسەتۇتۇ تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ سوقمونىيا دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ يىلتىزى بولۇپ، كەشمىر تاغلىرىدا كۆپ بولىدىكەن. ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى، قارىغا مايىل، يەنە بىر خىلى، شېكەر رەڭ ئاق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۈچ دانە جەدۋار ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. كونۇسسىمان ئەمەس.

تەبىئىتى: قارىسى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ يېرىم نوقۇت چوڭلۇقىدىكىسى ئىچىنى زىيادە سۈرۈش، قۇستۇرۇش، ئۈچەينى زەخمىلەش، ئىچىنى كۆيۈشتۈرۈش ۋە قىزىتىش، پەيلەرنى قۇرۇقتىن تارتىشتۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇشتا بىيىشتىن زەھەرلەنگەندە قىلىنغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ، ئۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئىدى. قۇۋۋىتى زىيادە كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ.

ئۇنىڭ شېكەر رەڭ ئېقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، 0.5 گىرامى يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلغان چارىلەر قوللىنىلىدۇ. بۇ تۈرى كۆپ قىسىم زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ زەھەرلەرنى قۇســتۇرۇش ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىدۇ، خاسىيىتى بىلەن ھەمـــمە زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى كولاپ چىقارغاندا يۇز بىلەن باشنى توپا ـ چاڭلىرىدىن ساقلاش كېرەك، بولمىسا ياللۇغلاندۇرىدۇ.

# ھۆرتەمان
(سۆلۆ)

ئۇ ئەرەبچە «قۇرتەمان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «ھۆرتەمان» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن ئىكەن.

ئۇ بىر خىل دان بولۇپ، «خۆللەر» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا كۆك پۇرچاققا ئوخشايدۇ، بۇغدايلىق ۋە ئارپىلىقتا ئۆسىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ياۋا كۆك پۇرچاق دەپ بىلگەن. ئەمما شۇبھىلىكتۇر، چۈنكى ھۆرتەمان قارىغا مايىل قىزىل، ياۋا كۆك پۇرچاق توپا رەڭگە مايىل قارا بولىدۇ. ھۆرتەماننىڭ ئۆسۈملۈكى بۇغدايغا ئوخشايدۇ، مېۋىسى ئىككىگە ئايرىلغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، قۇرۇقلۇققا مايىل، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە قايتۇرغۇچىدۇر.

نەپەس، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قورۇش خۇسۇسىيىتى بولمىغان ياغ بىلەن قاينىتىلىپ سۈيى ئىچىلسە نەپەس ئەزالىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. ياغسىز قاينىتىلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

ئىششىقلار: زىمات قىلىنسا ئىششىق ماددىسىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا چۈشۈشىنى توسىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسسىق ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېغىر بولۇپ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، زىرە كېرمانى، كۆپ ياغ بىلەن ئىشلىتىش، لىمون سۈيى شوراش، بېھى ئىستېمال قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئاشقازان ئېغىزىدا تۇرۇۋالغاندا تاتلىق نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنسا تۆۋەنگە ماڭىدۇ.

# ھەرنۇھ

(ئۇد ھىندى دەرىخى مېۋىسى)

ئۇ «قۇرنۇھ» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇدى ھىندى دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مۇرچتىن كىچىكرەك، سەل سېرىق، تەمى ئۆتكۈر بولىدىكەن. خۇش پۇراق بولۇپ، ئۇد ھىندىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن. سەنجەر، ئامان دېگەن يەرلەردىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى

مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، تارقاتقۇچىدۇر.

باش، نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زۇكام، نەزلىگە پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا گال ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، بۆرەك، دوۋساقنى قىزىتىدۇ. قايىنتىلمىسى ئىچىلسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى چايناپ ئىستېمال قىلىشتۇر. ئۇ رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلسا قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى شاراب ياكى پىشمىغان سىركىگە چىلاپ 40 كۈنگىچە قويۇپ قويسا ناھايىتى قارىدايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۇد ھىندىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قاقىلە.

## ھەرفەرىۋرى
(ھەرفەرىۋرى مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ شاخلىرى نەيچىسىمان بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق، سەل كەڭ، سىلىق، چىشسىز، يېشىل بولۇپ، ئىنچىكە شېخىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ھالەتتە ئىككى سەپ بولۇپ ئۆسىدۇ. گۈلى ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ، سەندەل رەڭ بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق بولۇپ، ئالتە قىرلىق، چۈچۈمەل بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. ئۇنىڭ خېمى ھەم پىشقى يېيىلىدۇ. سىركىگە چىلاپمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرانى كېسىدۇ، قاننىڭ قايىنىشى ۋە ھاراراتنى پەسەيتىدۇ. بەلغەم پەيدا قىلىدۇ.

## ھەرىيسە
(چۈجا ئاش)

**ماھىيتى:** ئۇ مەشھۇر غىزالاردىن بولۇپ، گۆشلەر بىلەن ئاشلىقلارنى بىرلىكتە پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ياخشىسى سۈپەتلىك ئاق بۇغداي، ئۇستىخىنى ئايرىۋېتىلگەن

سېمىز، ياش توخۇ گۆشى ياكى ياش، سېمىز قوي گۆشىدىن تەييارلانغىنىدۇر.

تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ئاقلانغان بۇغداي پاكىز يۇيۇلۇپ سۇ بىلەن قاينىتىلىدۇ، گۆشمۇ ئايرىم قاينىتىلىپ ئۇستىخىنى ئايرىۋېتىلىپ، ياغ بىلەن ئازراق قورۇلۇپ قاينىغان بۇغدايغا ئارىلاشتۇرۇپ بىرلىكتە قايىنىتىپ پىشۇرۇلىدۇ، پىشىش جەريانىدا ياخشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دارچىن بىلەن قاقىلە سوقۇلماي قوشۇلىدۇ. گۆشنىڭ مىقدارى بۇغداينىڭ ھەسسىسىچىلىك مىقداردا بولۇشى لازىم، ئارتۇق بولسا مەززىلىكرەك بولىدۇ. ئۇنى قەنت ۋە دارچىن بىلەن ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا، تۇزنى ئازراق قوشۇش لازىم. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ تولۇق پىشقاندىن كېيىن ياخشى ياغ بىلەن داغلانغان قاچىغا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇلغان قەنت بىلەن دارچىننى سېپىپ نان بىلەن ياكى يالغۇز ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر نوقۇت بىلەن تەييارلانغان قورۇما بىلەن ئىستېمال قىلىش مەقسەت قىلىنسا تۇز مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلىدۇ.

بۇ ئاش يەنە پوستى ئاقلانمىغان ئەدەس ۋە گۆشتىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تەييارلىنىپ ياغ بىلەن داغلىنىپ لىمون سۈيى، سىركە ياكى نارەنجى سۈيى ۋە سوقۇلغان يالپۇز سۈيى قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، بەدەن، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، قۇرۇق مىزاجلىقلارنىڭ يۆتىلىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئۈزۈمدۇر.

چۈجا ئاشقا ئازراق ئۈزۈم سېلىنسا ئۇنىڭ قىيامىنى سۇيۇلدۇرىدۇ.

چۈجا ئاش ئۈستىدىن ئانار ئىستېمال قىلىش زىيانلىقتۇر.

## پەسىل: «ھ» (ھائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھۇلام
(گۆشلۈك كۆكتات)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل غىزا بولۇپ، كالا، موزاي گۆشى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى تۇزلۇق سۇ بىلەن پىشۇرغاندىن كېيىن، سۈيىنى سىرغىتىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىسسىق ياكى سوغۇق كۆكتاتلارنى سىركە بىلەن پىشۇرۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. كۆكتات

ئۇزۇن قايىنىتىلسا قورۇمىنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە تەسىرلىرى تەركىبىدىكى كۆكتاتلار ۋە گۆشلەرنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## ھەلىيۇن
(ھەلىيۇن)

ئۇ رىمچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «خەشەبۇل ھەيىيە» (يىلان ياغىچى)، پارسچە «مارچۇبە» (يىلان ياغىچى) دەپ ئاتىلىدۇ. مەغرىب خەلقى «ئەسفىراج» دەپ ئاتايدۇ. فىرانسۇزچە «سپارەك»، ھىندىچە «ناگدۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋا ھەلىيۇن «ئەسباراغۇس» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكى مىسىردا باغلارغا تىكىلىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى بىدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى تىكەنسىز بولۇپ، ئۇرۇقى يۇمىلاق بولىدۇ، خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭگە كىرىدۇ. غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئىچىدىن ئۈچ دانە ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇق چىقىدۇ، قاتتىق، ئۈچ قىرلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرى تىكەنلىك بولۇپ، ئەندەلۇس ئەجەملىرى ئۇنى «ئەسرى ئەين» دەپ ئاتىشىدۇ. غولى ۋە يوپۇرمىقى كەپە ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. سەل سۇتلۇك، گۈلى ئاقفا مايىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئارپىبەدىيان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. مۇئەللىپنىڭ ئوغلى ھەلىيۇن كۆپ ھاللاردا ئانار دەرىخى يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىپ ئۇنىڭ دەرىخىگە يامىشىدۇ، ئۇنىڭ تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدىغىنىمۇ بولىدۇ، دېگەن.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، بەزىلەر قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن. ياۋىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر. تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدىغىنى مۆتىدىل بولىدۇ، دېيىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر.

كۆز، ئېغىز، نەپەس، ھەزىم، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا كۆز قاراڭغۇلىشىش، دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆكرەك، ئۆپكە ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا جىگەر، تال، بۆرەك توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ، جىگەر ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، قولۇنجىنى ئاچىدۇ، غىزالىقى يۇقىرىدۇر. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، سۈيدۈك، تەر پۇرىقىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، بۆرەكنى تازىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قايىنىتىلمىسى ئىچىنى

بوشىتىدۇ، ئاشقازانغا چاپلاشقان شىلىمشىق بەلغەمنى قەي بىلەن چىقىرىدۇ. ئۇچەي ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باھنى قوزغايدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بۆرەك، دوۋساق ئىللەتلىرىگە شىپا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: قاينىتىلمىسى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا دۆ چاقىقاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:**(1) كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

(2) داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقىنى قوزغىتىدۇ. خاسىيىتى بىلەن تائامنى بۇزىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ھەسەل ئىستېمال قىلىش، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركە ۋە مۈرى سىركىسى بىلەن قاينىتىشتۇر. سۈت بىلەن قاينىتىلسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ، گۆش بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يالغۇز ئىستېمال قىلىنغانغا قارىغاندا، باھنى بەكرەك قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ تۇخۇم بىلەن قاينىتىپ بىرىنچى قېتىملىق سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېغى سۇ بىلەن قاينىتىلسىمۇ زىيىنىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ قاينىتىلغان دەسلەپكى ئۆتكۈر، بەتتەم بولۇپ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۋىل ئۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ياشانغانلار ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇنچىلىك موھتاج ئەمەستۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىت ھەلىيۇننى يېسە ئۆلتۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ھەسەل ۋە بىلسان يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. مىسىر ئاياللىرى بەدەننى سەمرىتىدۇ دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمىغا سېپىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بۇ تەسىرى ھەلىيۇندىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاچچىقتاۋۇز (ھەنزەل).

**زىيانلىق تەسرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

يىلتىزى چاينالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سالايە قىلىپ چىشقا باسىمۇ بۇزۇلمىغان

(چىرىمىگەن) چىشنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ، ئەمما ئۇنى چىرىتىدۇ. ئۇنىڭ قورۇقىنى چىشقا ئىسسىپ قويسا ئۇنى ئاغرىتماي ئاسان چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سىركە بىلەن قايناتىپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ قايناتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتىلمىسى يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن ياكى قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى كۆچلۈك پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، دوۋساق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، بۆرەك، سۈيدۈك يوللىرى توسۇلۇشتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

دېھقانچىلىق كىتابلىرىدا بايان قىلىنىشىچە قوي مۈڭگۈزىنى يەرگە كۆمۈپ ئۈستىگە تەكرار سۇ قۇيسا ئۇنىڭدىن ھەلىيۇن ئۈنىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىكەن.

## پەسىل: «ھ» (ھائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھىندىبا

(كاسىنە)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، پارسچە «كاسىنە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ قىسىم ئەللەردە ئۆسىدۇ. يەرلىك ۋە ياۋا ئۆسىدىغىنىغا ئوخشاش ھەر خىل بولىدۇ. ھەربىرى يەنە ئىككى خىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن، يىرىك، ئاچچىقىقا مايىل، غولى ئىككى غۇلاچچىچە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدىغان، شاخلىرى يۇمشاق، گۈلى كۆك، سەل چوڭ، چىرايلىق بولغىنى «ھىندىبائى شامىي» (شام كاسىنىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىكرەك، گۈلى ئۇششاقراق، كۆك، ئاچچىقلىقى ئارتۇقرەك بولغىنى «ھىندىبائۇل بەقل» (كۆكتات كاسىنىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھاۋا كىلىمات، ئورۇن ۋە زاماننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ رەڭگى، تەمى ۋە تەبىئىتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. يازدا بەزىلىرى ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقلىقتا سوغۇقلۇقنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارا بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئازراق مايىللىشىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكى كاسىنە، ياۋىسى «تەرخەشقۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆلى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل سوغۇقتۇر، تۇزۇلۇشىنىڭ ئاجىزلىقى، زىيادە ئۇچۇچانلىقىدىن يۇغاندا يوقاپ كېتىدىغان ئۇچۇچان، ئىسسىق تەركىبلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرئەتتە ھەم تېبابەتتە ئۇنى يۇيۇش چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى ئىسسىق يازدا ياكى ئىسسىق شەھەرلەر ۋە ئىسسىق پەسىللەردە ئۆسكىنى ئىسسىقتا

مايىل، ئۇرۇقى قۇرۇقۇقا مايىل، مۆتىدىل دەرىجىدە قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. كىچىككىنىنىڭ ھۆللۈكى ۋە ئۇچۇچانلىقى چوڭىنىنىڭ ھۆللۈكى ۋە ئۇچۇچانلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر. يەرلىكى ياۋىسىدىن ھۆلرەك ۋە سوغۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سەپرا بىلەن قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى يالغۇز ياكى سىركە ۋە سەندەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قىزىل سەندەل، سىركە ۋە گۈلاب بىلەن مەلھەم قىلىنسا تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تىلا ناملىق شاراب بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى سوقۇلۇپ زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ بىنەپشە يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يىلتىزىنى سىركە بىلەن ياكى يالغۇز قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇرۇقىنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر. ئۇنى خىيارشەنبەر ياكى شاتۇت، ئۇجمە شەربىتى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا گالنىڭ دەسلەپكى ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ، بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ھۆل يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېغىز چايقىسىمۇ مەزكۇر تەسىرنى بېرىدۇ.

نەپەس كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىق يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ.

ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يەرقان، ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى ۋە تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاننىڭ ھارارىتى، ئۇسسۇزلۇق، كۆڭۈل ئېلىشىش، سەپرانىڭ قاينىشى، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىق ۋە سوغۇق مىزاجلىق جىگەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سۈيدۈك، بۆرەك يوللىرىنى تازىلايدۇ. قانچە ئاچچىق بولسا توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىگە بولغان تەسىرى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. تاش چىلانغان خاكشى ۋە سىركەنجۇبىل سادده بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرادىن بولغان قۇسۇش، سەپرانىڭ قوزغىلىشى، تىلما كېسەل، سەپرالىق قاننىڭ قاينىشى، چېچەك، يەلتاشما، سەپرادىن بولغان خولېرا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ قاينىتىپ كۆپۈكىنى ئايرىۋېتىپ سۈزۈلدۈرۈپ سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچىلسە ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھۆللۈكلەرنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يوپۇرمىقى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرانى ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى

پەسەيتىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپىبەدىيان ۋە ئەپتىمۇن ئۇرۇقى بىلەن قايىنىتىلسا ئۈنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ئاشىدۇ.

ئۈنىڭ ياۋىسى ئاشقازانغا، يەرلىكى جىگەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

تەپلەر: ئۈنىڭ سۈيى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچىلسە كونا تەپلەر، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ ۋە سوغۇقتىن بولغان تەپنى پەسەيتىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى، گۈلى، ئۇرۇقى، يىلتىزى قاتارلىقلار يالغۇز ياكى ئېھتىياجغا قاراپ ئەپتىمۇن ئۇرۇقى، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ياكى سىركەنجىۋىل ساددە، ئەپتىمۇن شەربىتى ياكى بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە يۇقۇملۇق، كونا، مۇرەككەپ تەپلەر، ئىسسىتما، تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، پۇت - قوللارنىڭ كۆپچۈشىنى يوقىتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا، سۈيى سۈركەلسە ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىچىلسە ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزى بىرلىكتە زىمات قىلىنسا چايان، زەھەرلىك ھاشارات، يىلان چېقىۋېلىش، پاتمىچۇق قاتارلىقلار چېقىۋالغاندىكى زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئارپا تالقىنى بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ مەزكۇر تەسىرى تەخداشسىز بولىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى ۋە ئىششىقلار: ئارپا ئۇنى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان نىقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقى سەفداپ ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا سۇۋوتۇش مەقسەت قىلىنغان ئەزانى ئاجايىپ ياخشى سوۋۇتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 200 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرنىڭ دۆكچە قىسمىنىڭ ئىششىقىدىن پەيدا بولغان يۆتەلگە زىيان قىلىدۇ، بولمىسا ئۈنچىلىك زىيانلىق ئەمەس، بەلكى بەزى ماددىلارغا پايدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، بىنەپشە شەربىتى ۋە ئۈنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

ئۈنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئىسسىقلىققا مايىلدۇر، سوغۇق تەركىبلىرى بارمۇ دېيىلگەن، تىنچ ماددىلارنى قوزغىلىش قۇۋۋىتى بار. «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باش ئاغرىقى، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىستىسقا، يەرقان، سەپرا ۋە توسالغۇدىن بولغان تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. سەندەل، ئارپىبەدىيان قايىنىتىلمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، بۆرەك، تال ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. باشقا تەسىرلىرىدە يوپۇرمىقىنىڭ ئورۇنباسارى بولالايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەمى ناچار بولۇپ، كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خۇش پۇراق دورىلار، سىركەنجىۋىل.

«شىفائۇل ئەسقام» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ تال كېسەللىكلىرى باياندا يېزىشىچە تالغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

ئۇنىڭ يىلتىزى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ناھايىتى ئاچقۇچى، خىلتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ھەزىم يوللىرىنى تازىلىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. قاننى تازىلايدۇ، ھەزىم ئەزالىرىنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ماددىلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. سوزۇلما، مۇرەككەپ تەپلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سالايە قىلىنغىنىدىن 3~12 گىرامغىچە، قاينىتىلمىسىدىن 15~45 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھىندىبائى بەررىي

(ياۋا كاسنە)

ئۇ «تەرخەشقۇق»، «بەقلەتۇل يەھۇد» (يەھۇدىي ئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «خەندەرىيلى» دەپ ئاتالغان ئۈسۈملۈك ئەمەستۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك كاسنىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، ئۇششاقراق، قېلىنراق، گۈلى كۆك، تەمى ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق، سوغۇقلۇقى يەرلىكىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چوڭ تەرەتنى قاتۇرغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭ ھۆللۈك يەتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە تەسىرلىرى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ، ھەيز، سۈتنى ھەيدەيدۇ. سۈتى كۆزگە سۈركەلسە ئاقنى يوقىتىدۇ. سىقىلغان سۈيى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا، فەرجە ۋە بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى قايتۇرىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سۈيى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچكەن ۋە چاقىقاندىكى زەھەرلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن قايتۇرىدۇ. يىلتىزى زىمات قىلىنسا چايان، سېرىق ھەرە ۋە

يىلان چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا بادى سۇرۇخ (قىزىل يەل) كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. سەفىداپ كاشغەرى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسى ۋە ئەزلارنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن يىلتىزىنىڭ تەسىرى يەرلىكنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يىلتىزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، بىرى يەنە بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىنى تومۇر، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش، قان ۋە سەپرادىن بولغان تەپلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش، سۈيىنى ئېلىش، ئەرقىنى تارتىش ئۇسۇلى، سۇفۇپى، ئۇرۇقىنىڭ مەجۇنى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىنىدى.

ياۋا كاسىنىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، فىرانسۇزلار ئۇرۇقىنى دۆلىتىدىن ئېلىپ كېلىپ بېنگالدا تېرىيدۇ. ياز پەسلىنىڭ بېشىدا يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، سەل چىشلىق، نېپىز، ئاق بولىدۇ، بولۇپمۇ قۇياشنىڭ ھارارىتى تەسىر قىلمىغان ئىچكى يوپۇرماقلىرى تېخىمۇ ئاق بولىدۇ. دەسلەپتە غولى بولمايدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن بىر دانە ئىنچىكە غول ئۆسۈپ چىقىپ، ئۇچىدا يەرلىك كاسنە گۈلىگە ئوخشايدىغان گۈل ئېچىلىدۇ، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۇرۇقىمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ھاۋا قانچە سوغۇق بولسا شۇنچە ياخشى، ئۇچۇچان بولىدۇ. قۇياش ھارارىتىنىڭ ئىچىگە تەسىر قىلماي، يوپۇرماقلىرىنىڭ يۇمران، نازۇك بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ كىچىك ۋە خام ۋاقتىدا باغلام قىلىنىدۇ. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ياۋىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

## پەسل: «ھ» (ھائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھەۋائ
(ھاۋا)

ئۇ پارسچە «باد» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇقتۇر. ئۇ «ئەركان» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت ماددىنىڭ بىرى بولۇپ، نىسبەتەن يەڭگىل، يەنى تۇپراق بىلەن سۇدىن ئۇچۇچانراق، ئوتتىن ئېغىرراق بولىدۇ. ئۇ جىسىملىق مەۋجۇداتلار، يەنى ئۈچ خىل مەۋجۇداتنىڭ چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئالتە زۆرۈر ئىشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈرەكتە ئورۇنلاشقان روھي ھايۋانىينى جانلاندۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ (روھي ھايۋانىي) ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلىپ قالسا تۇنجۇقۇپ

زەئىپلىشىدۇ ۋە يوقىلىدۇ، ئۇ ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بەلكى ئۇ جانىسىزلارنىڭمۇ زىيادە قېتىشى، كامالەتكە يېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەككىزىنچى ئىمام ھەزرىتى ئەلى بىن مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «رىسالەئى زەھەبىيە» (ئالتۇن رىسالە) دە مەئمۇنغا مۇنداق دەپ خىتاپ قىلغان: «روھنىڭ قۇۋۋىتى تەنلەرنىڭ مىزاجلىرىغا ئەگىشىدۇ، تەنلەرنىڭ مىزاجلىرى ھاۋاغا ئەگىشىدۇ. مىزاجلار ھاۋالارنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ھاۋا بىراقلا سوۋۇپ، يەنە بىراقلا ئىسسىسا، بۇ سەۋەبتىن تەنلەرنىڭ مىزاجلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇ ئۆزگىرىش قۇۋۋەتلەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھاۋا مۆتىدىل بولسا مىزاجلارمۇ مۆتىدىل بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەنلەرمۇ مۆتىدىل، ساق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇۋۋەتلەر، مىزاجلار ۋە تەبىئىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەزىم قىلىش، پىشۇرۇش، جىما، ئۇيقۇ، ئويغاقلىقتا ئوخشاش پائالىيەتلىرىمۇ ساغلام بولىدۇ».

**تەبىئىتى:** ئەسلىي ھۆل ئىسسىق بولۇپ، پەلەك ۋە زېمىننىڭ ۋەزىيەتلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى ۋە تەرەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تەبىئىتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: قۇياش شىمالىي بۇرجىدا بولسا ئىسسىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسسىق يۇلتۇزلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى بىلەن ئىسسىق بولىدۇ، شىمال تەرەپتىكى پەس، يېپىق جايلارنىڭ ھاۋاسى ياكى دېڭىزغا يېقىن ئورۇنلارنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولىدۇ. قۇياش تەپتى كۈچلۈك بولسا، بولۇپمۇ تاشلىق شەھەرنىڭ ھاۋاسى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. دېڭىزغا يېقىن شەھەرلەر، ئاراللارنىڭ ھاۋاسى، يامغۇر ياغقان ۋاقىتلاردىكى ھاۋا ھۆل بولىدۇ. مەشرىقتىن شىمالغا قاراپ چىققان باھار شامىلى قۇرۇق ئىسسىق، شىمالدىن مەغرىبكە قاراپ چىققان شامال قۇرۇق سوغۇق، مەغرىبتىن سۇھەيل يۇلتۇزى تەرىپىگە قاراپ چىققان تەتۇر شامال ھۆل ئىسسىق بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن مۇرەككەپلەشكەن بولسا تۆت خىل كەيپىياتنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھار شامىلى بەلغەمنى يوقىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، ھەيدەپ چىقارغۇچى قۇۋۋەتنى كۈچەيتىدۇ، ھۆل مىزاجلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ، ئىستىسقا، پالەچ، لەقۋا ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىغا ئوخشاش ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار، قۇرۇق مىزاجلىق تەنلەر، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە زىيان قىلىدۇ، سەپرانى كۆيدۈرىدۇ، قىچىشقاق، قوتۇر، قۇرۇق تەشەنۇج ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

شىمال شامىلى ئەزالارنى چىڭىتىدۇ، بوشىشىش ۋە ھورۇنلۇقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەزالار، سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چۈشىنىش، ئەسلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ. رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. يۆتەل، قۇرۇقتىن بولغان زىققە نەپەس، بوۋاسىرغا زىيان قىلىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تۇغۇتنى قىيىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. تەتۈر شامال باھار شامىلىنىڭ ئەكسى، جەنۇب شامىلى شىمال شامىلىنىڭ ئەكسىچىدۇر. ئۇلاردىن مۇرەككەپلەشكەن شامال مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە سېسىشى بىرى يەنە بىرى ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىنىدۇ. مۇمكىن بولسا شەھەر ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇلىدۇ. پىياز، سامساق، سىركە، زەرجىۋە، ئەنبەر، لازەن، قەتىران، مۇمىيا، ئۇد ھىندى، ئەنبەر، قۇستە، كۇندۇر، سۇندۇرۇس، كەھرىۋا، ئىككى خىل ئانار پوستى، ئىپار، زەپەر، سۆئدى، ئارچا مېۋىسى، سەندەل، يۇلغۇن مېۋىسى، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، جەدۋار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياكى تېپىلغىنى پۇرىتىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. يەنە دۇرنەج ئەقرەبى، يۇلغۇن، پىياز، سامساق، سىركە، يالپۇز، زەرچىۋە، گىل مەختۇم قاتارلىقلار پۇرۇلىدۇ. ئىشىك بېشىغا ئەنسىل پىيىزى ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئىشىك، تام ـ تورۇس ۋە يوتقان ـ كۆرپىلەرگە سىركە سېپىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا سامساق، پىياز چىلانغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، شۇ ئۆيدىن باشقا ئورۇنغا يۆتكەلمەيدۇ ۋە باشقا يەرگە بارمايدۇ. يۆتكىلىش زۆرۈر بولسا ئېغىز ـ بۇرۇن سامساق چىلانغان سىركە بىلەن نەمدەلگەن رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ ۋە تېز قايتىپ كېلىنىدۇ. مەزكۇر تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرگە چۈچۈمەل مېۋىلەر، سۈت ئىستېمال قىلىش، جىما قىلىش، مۇنچىغا چۈشۈش، ئۇسسۇز ۋە ئاچ يۇرۇشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. سوغۇق سۇ كۆپ ئىچىلمەيدۇ. يېمەكلىككە پىياز، سامساق قوشۇلىدۇ، مايسىز، چۈچۈمەل تائاملار كۆپ يېيىلىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر مۇتلەق چەكلىنىدۇ. مۇمكىن بولسا شۇ شەھەردىكى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، مۇمكىن بولمىسا ئاز يېيىلىدۇ. تەرياقلاردىن تەرياقى فارۇق، مەجۇنى مەسرۇدىتۇس ۋە جەدۋار خىتائىينىڭ قايسىسى تېپىلسا تەكرار ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەرشىشا، پۇلۇنىيايى رۇمىمۇ مۇناسىپتۇر. پادىزەھرى مەئدەنىيمۇ ياخشىدۇر.

## ھۇفارىيقۇن

(سېرىق چاي)

ئۇ يۇنانچە «ئۇفارىيقۇن» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. ئۇنىڭ يەنە «ھ» (ھائ) بىلەن «ۋ» (ۋاۋ) ئوتتۇرىسىغا «ي» (يائ) ھەرپى يېزىلىپ «ھىيۇفارىقۇن» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقى بايقالدى. بەزىلەر ئۇنى «ئەندەرۇسامىن»، يەنە بەزىلەر «قۇريۇن»، بەزىلەر

ئۇرۇقىنىڭ پۇرىقى قارىغاي يىلىمىدىن ئىبارەت بولغان راتىيانەجىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن قارىغاي يىلىمىسىمان دېگەن مەنىدە «ئەمامانىيتىس» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «ھوفارىيقۇن» دېگەن بۇ سۆز رىمچە ئىكەن.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەر ئۈچ خىلىنىڭ مېۋىسى ئارپىغا ئوخشايدۇ. بىر تۈرىنىڭ غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ، يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ناھايىتى قىزىل بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشاش كۈنلۈكسىمان بولىدۇ، قارىغاي پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، قارا، ئارپىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق بولىدۇ، يۇمىلاقمۇ بولىدۇ. قاتتىق يەرلەر، خارابىلىقلاردا ئۆسىدۇ. مېۋىسى ئۇرۇقى ۋە باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خىلتلار، شىلىمشىق ماددىلار ۋە باشقىلارنى ئېرىتكۈچىدۇر.

باش، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا قاتمىغا شىپا بولىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەي توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، سەپرانى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسىمۇ سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە ياكى ئۇسارىسى 40 كۈنگىچە ئۇدا ئىچىسە يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نوقرەس ئاغرىقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىدىن ھەر كۈنى 1.5 گىرام ئېلىپ مائۇھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

تەپلەر: ئۇ يېرىم ھەسسە سۇزاپ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا چوڭ، يامان يارىلار، ئوت كۆيۈك يارىسىنى تازىلاپ پۈتتۈرىدۇ. سېپىلسە بوشىغان ۋە چىرىگەن يارىلارنى تازىلايدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سېرىقچېچەك ئۇرۇقى بىلەن رۇمبەدىيان.

ئۇنىڭ يىلتىزى كەپە يىلتىزىغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىرىنچىسىدىن چوڭرەك، شاخلىرى كۆپرەك بولۇپ، يوپۇرمىقى يالپۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. شاخلىرى كۆپ بولۇپ، تۈز ئۆسىدۇ. غولى قىزىل، گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، خەشخاش ئۇرۇقىغا

ئوخشايدۇ، ئۈستىدە سىزىقلىرى بولىدۇ، راتىيانەجگە ئوخشاش پۇرايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا قويۇق سەپرانى سۈرىدۇ، ئارقىسىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلسە ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى بىرىنچىسىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئاردۇمالى دەپ ئاتىلىدىغان شاراب بىلەن ئىچىلسە ئىرقۇننساغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن قاينىتىپ مەلھەم قىلسا چوڭ يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۆسۈملۈكى زىمات قىلىنسا كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ «داربەردى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچىنچى تۈرى بىرىنچى تۈرىدىن چوڭراق، ئىككىنچى تۈرىدىن كىچىكرەك، ناھايىتى قىزىل بولىدۇ، شاخلىرى نەيچىسىمانراق بولىدۇ، يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش كەڭ، يالپۇز يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا، كۆپ بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، بىرىنچى تۈرىنىڭ گۈلىگە ئوخشاش پۇرايدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىقلىقى بىرىنچى تۈرىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننىڭ سۈيۇقلۇقلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ. ھەممە تەسىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا قويۇق سەپرانى سۈرىدۇ، بولۇپمۇ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، پالەچ، ئىرقۇننسا، سىيىش قىيىنلىششقا شىپا بولىدۇ، تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ، ھەممە زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ، ئىستىسقا، قۇلۇنجى، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئۈچا تەرەپكە مايىللاشقا پالەچكە داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ، داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، بوغۇملارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بىر ـ بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئورۇنباسارى ئىزخىر، يېرىم ھەسسە كەپە يىلتىزى، يېرىم ھەسسە شەترەنجى، يېرىم ھەسسە قەردمانەدۇر.

مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ھىندىچە «ئەرۇسە» دەپ ئاتىلىدىكەن، بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، بىر تۈرىنىڭ گۈلى ئاق بولىدىكەن، يوپۇرمىقى گۈلى ئاببىاسىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدىكەن، ئۇرۇقى ئارپىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، باشقى ئارپا بىلەن بۇغدايىنىڭ باشقىغا

ئوخشاش بولىدىكەن، باشقىنىڭ ئۇچىدا گۈلى بار ئىكەن، غولى ئىككى گەز ئېگىزلىكتە ئۆسىدىكەن، تىكەنلىك ئىكەن. ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان مەشھۇر دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن، خۇسۇسىيەتلىرى يۇقىرىدا يېزىلغاندەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ گۈلى سېرىق بولۇپ، شاھجاھان ئاباد ۋە بۇرھانپور دېگەن جايلاردا «بىيابانسە» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرىنىڭ گۈلى بىنەپشە ياكى قىزىل بولىدىكەن. ياۋىسىنىڭ ھەممە تەسىرى يەرلىكنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

## ھۇم
(ھۇمئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى بوغۇملۇق بولىدۇ، مېۋىسى ئىتئۈزۈمگە ئوخشايدىغان بولۇپ، كەكلىك ئۈنگۈدىن كۆپ بەھرىمەن بولىدۇ. يوپۇرماقسىز، يىلتىزسىز بولىدۇ، پەقەت يەرگە چوڭقۇر ماڭمىغان يىپچىلىرى بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىن بولۇپ، سۈيىنى ئۇقتا سۈركەپ ھەرقانداق ھايۋانغا تەگكۈزسە ئۆلتۈرىدۇ.

## ھۇمۇل مەجۇس
(مەجۇسى ھۇمئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر، «مەراتىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىككى، ئىنچىكە، قاتتىق بولىدۇ، گۈلى قارامتۇل سېرىق بولۇپ، يەسمەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۆششاق بولىدۇ. گۈلى مىشكى تارامىشكى گۈلىگىمۇ ئوخشايدۇ. «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ سىرتىدىن قارىغاندا، ئۇرغۇۋان گۈلىنىڭ سېرىق تۈرىدىن بولۇشى مۇمكىن دەپ يازغان. بەزىلەر ئۇنى بۇخۇرى مەريەم (مەريەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكى) دەپ بىلگەن.

ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىد «تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ «جەئفەربي» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىرقانچە خىل بولىدۇ، بىرىنىڭ يوپۇرمىقى بەش دانە بولىدۇ، يەنە بىرىنىڭ يوپۇرمىقى قات ـ قات ئۆسىدۇ» دەپ يازغان. جەئفەربي ئىلگىرى بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر گۈلىنى قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ئۆتكۈر، قۇرۇتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. گۈلىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلىنسا كىرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دوۋساقتىكى

تاشنىمۇ پارچىلاپ چىقىرىدىكەن. سۆيدۈكنىڭ تۆتۈلۈشىغىمۇ شىپا بولىدۇ. گۈلىنى سەپسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا قۇۋۋەتلەرنى خورىتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىد ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى 12 گىرام دەپ يازغان.

ئۇنىڭ قوينىڭ دۇمبە يېغى بىلەن تەييارلانغان يېغى بوغۇملارنىڭ بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە بوغۇملارنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## ھۇفەستىيداس

(تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى سۈيى)

ئۇ «ھۇفەستىبداس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تېكە ساقىلى (لىھيەتۇتتىس) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۆيىدۇر، بۇ ئۆسۈملۈك ئىلگىرى بايان قىلىندى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ ئاستىدا ئۆسكەن يەر مەدىكىنىڭ سۈيى ئىكەن، تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيى ئەمەس ئىكەن.

## ھەيشەر

(ياۋا كەنكەر ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا كەنكەر ئۆسۈملۈكى بولۇپ، بىر گەز ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. ئوتتۇرى كاۋاك بولىدۇ. گۈلى كەڭ بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئاقىرىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاختىغا ئوخشاش نەرسىسى بولىدۇ، ئۇ قولاققا تىقىلسا تېزلا گاس قىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتمىسى ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ.

## ھىيل بەۋۋا ۋە ھال بەۋۋا

(لاچىندانە)

**ماھىيتى:** ئۇ «خەير بەۋۋا» (لاچىندانە) دىن ئىبارەت بولۇپ، «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى

دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قاقىلەدىن كۆپ ئۇچۇچاندۇر.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سوغۇق تەبىئەتلىك ئاشقازان، سوغۇق تەبىئەتلىك جىگەر، ھەزىم قۇۋۋىتىنى كۈچلۈك قىلىدۇ.

## ھۇفەلسۇس
(ئەبۇ خەلسا)

ماھىيتى: ھۇنەيىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «ئەبۇ خەلسا» دەپ ئاتىلىدىغان ئېشەك قارا سۇنا ئۆسۈملۈكى ئىكەن. ئۇ «ئ» (ئەلىف) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىندى.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق. قۇرۇتۇش، ئازراق قىزىتىش ۋە قورۇش تەسىرى بار.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. قالغان تەسىرلىرى ئەبۇ خەلسا (ئەرۇسە) ناملىق ئۆسۈملۈكنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب
# «ي» (ياء) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ي» (ياء) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ياسەمىن
(يەسمەن گۈلى)

ئۇ يەنە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن «ياسەمۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. «سەجلات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «گۈلى ھاشىم»، ھىندىچە «چەنبىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل خۇش پۇراق گۈل بولۇپ، گۈلى ئاق، سېرىق، كۆك رەڭلەردە، بەزىلىرىنىڭ گۈلىنىڭ ئارقىسى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. سېرىق رەڭلىكىدىن باشقا ھەربىر تۈرىنىڭ يەرلىكى، ياۋىسى، تاغدا ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. ئېقى خۇش پۇراق بولۇپ، كۆپ تېپىلىدۇ، كۆكى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى دەرەخ بىلەن پېلەكلىك ئۆسۈملۈكنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، يەنى دەرەختەك تىكمۇ ئۆسمەيدۇ، پېلەكلىك ئۆسۈملۈكتەك يەرگە يېيىلىپمۇ ئۆسمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سېرىقى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ سېرىق رەڭلىكى بىلەن كۆك رەڭلىكىنىڭ دەرەخلىك ئالاھىدىلىكى كۆپرەك بولىدۇ. بەزى ئەللەردە ئۇ دەرەخكە ئوخشاش چوڭ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكىنىڭ غولى سەل تولغىماچ بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى سەل ئۇششاق، ئۇزۇنچاق، چىشلىق بولۇپ، شاخلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆسىدۇ، مەنزىرىلىك بولىدۇ. گۈلى خۇش پۇراق بولىدۇ، گۈل ساپىقى ئىنچىكە، نەيچىسىمان بولۇپ، ئۇششاق گۈل بەرگىلىرى ئۇنىڭ ئۇچىغا تۇتاشقان ھالەتتە ئۆسىدۇ. گۈلى غۇنچە ۋاقتىدا ئاموت شەكلىدە ئۇزۇنچاق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئېقىنى زەنبەق (سەۋسەنى ئازاد) دەپ بىلگەن ۋە «رەۋغىنى زەنبەق» تىن ئۇنىڭ يېغى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، سەۋسەنى ئازاد دېگەن ئىسىم ئۇنىڭغا خاستۇر دېگەن. كۆپىنچە تېۋىپلار ئاق سەۋسەننىڭ خاسىيىتى يوق دەپ بىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئۇلاردىكى شۇبھىدۇر، بۇ قاراشلار سەۋسەن ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ياۋىسى «زەييان» دەپ ئاتىلىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى يەسمەن ھىندى (ھىندىستان

يەسمەن گۈلى) دۇر. كۆپىنچە تېۋىپلار ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا «ئۇنىڭ دەرىخى ئامۇت دەرىخىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يېشىلراق، سىلىقراق ۋە چوڭراق بولىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭرەك، يۇمشاقراق بولۇپ، ئامۇت يوپۇرمىقىدەك قېلىن ئەمەس» دەپ يازغان. ئېقىنىڭ دەرىخى ئاجىزراق، گۈلى ئاق، ئازراق قىزىللىق ئارىلاشقان، بەزىلىرىگە ئارىلاشمىغان، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ، قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كەلگەندىن باشلاپ تاكى ئەقرەب بۇرجىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا گۈللەيدۇ. ئىسسىق ئەللەردە ھەمىشە گۈللەپ تۇرىدۇ. سېرىقىنىڭ دەرىخى چوڭراق، كۈنلۈكسىمان بولۇپ، ئامۇت دەرىخىگە ئوخشايدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا سېرىقى «زەنبەق» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىگىچە يېتىپ بارىدۇدېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر.

باش، پەي – نېرۋا، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پۇرالسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. ياشانغانلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. قاينىتىلمىسىنى باشقا تۆكسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلاردا يەرلىك ئورۇنغا تۆكسىمۇ پەسەيتىدۇ. قاينىتىلمىسى ئىچىلسە بەلغەم، سەۋدا ۋە سەپرانى سۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا شىپا بولىدۇ. بوغۇم ئەزالىرىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، باھىنى قوزغىتىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. شارابقا قوشۇلسا ئازراق مىقداردا ئىچىسىمۇ كۆپ مەست قىلىدۇ. گۈلىنىڭ سۈيى ئۈچ كۈن، 30 مىللىلىتىردىن ئىچىلسە قاناشقا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئېغىز يارىسى ۋە ئۇنىڭ تاشمىلىرىنى ساقايتىدۇ. چىش مىلىكى قاناشقا پايدا قىلىدۇ. زەكەرگە زىمات قىلىنسا زەكەرنىڭ قوزغىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە چوڭايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرگە قارشى تۇرىدۇ، زىمات قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ، رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ. شۇنداقلا مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، چاچنى ئاقارتىدۇ، ھەتتا چاچقا سېپىلسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، كۆپ پۇرالسا

رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، قىزىلگۈل، سىركە.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن ئون گىرامغىچە، سۈيىدىن 30 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سېرىق يەسمەندۇر. بەدەننى قىزىتىش ۋە چاچنى ئاقارتىش جەھەتتە سېرىقىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنباسارى ياۋا يەسمەندۇر.

ئۇنىڭ گۈل يېغىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تەييارلانغان ياكى ئۇنىڭغا ئاقلانغان كۈنجۈت قوشۇلۇپ تاكى كۈنجۈتنىڭ رەڭگى قىزارغىچە قويۇلۇپ ئېزىلىپ يېغى سىقىپ چىقىرىلىپ تەييارلانغان يېغى ناھايىتى خۇش پۇراقتۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تېرىنى يۇمشاتقۇچى بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان پەي ـ نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، ياشانغانلارغا پايدا قىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەممە تەسىرلەردە ئۇ كۈچلۈكرەكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10~15 مىللىلىتىرغىچە .

پۇرسا باشنى ئاغرىتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بۇرنىنى قانىتىدۇ.

سېرىق يەسمەن گۈلى ئىران، دۇكەن، شاھجاھان ئاباد ۋە ھىندىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى كۆك ئاچچىقتاۋۇزنىڭ ئىچىگە سېلىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ 30 گىرام ھەسەل بىلەن بىر قانچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا شىپا بولىدىكەن، بەل، بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

## ياقۇت
## (ياقۇت)

**ماھىيىتى:** ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىدىغان كاندىن چىقىدىغان قىممەتلىك تاشلارنىڭ بىرى بولۇپ، قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل، پىستە رەڭ، ئاقتىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە ناھايىتى رەڭدار، ئوتتۇرا ھال رەڭلىك، كەم رەڭلىكتىن ئىبارەت تۆرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى قىزىل، ناھايىتى رەڭدار، ئانار دانىسى شەكىللىك، زىيادە قۇرغاق ئەمەس، قاتتىق، پارقىراق، ساپ، داغلىرى ۋە تومۇرلىرى بولمىغانلىرىدۇر. پارچىسى قانچە چوڭ، شەكلى چىرايلىق بولسا شۇنچە

ئەتىۋارلىق بولىدۇ. قىممىتىمۇ قىزىل شاراب رەڭلىك، شاراب لېيى رەڭلىك، نارەنجى رەڭلىك، زەپەر رەڭلىك ۋە لىمون رەڭلىكلىرىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆكىنىڭ ئاسمان رەڭلىك، سۇرمە تېشى رەڭلىك، لاجۇۋەرد تېشى رەڭلىكتىن ئىبارەت تۈرلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ پىستە رەڭلىكى ئاز ئۇچرايدۇ. لەئلى تېشى ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئېيتىلغانلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ ياخشىسى قاتتىق، سۈزۈك، پارقىراق، رەڭگى بىر خىل، ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغانلىرىدۇر. ياقۇت ئالماستىن باشقا تاشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىقراقتۇر. ئۇنىڭ كۆكى قىزىلىدىن قاتتىقراق، قىزىلى سېرىقىدىن قاتتىقراق، پىستە رەڭلىكىنىڭ قاتتىقلىقى قىزىلىغا يېقىنراق بولىدۇ. ئېقى ھەممىسىدىن يۇمشاقتۇر. كانىدا ياخشى شەكىللىنەلمىگەن خېمى تېخىمۇ يۇمشاق بولىدۇ. ياقۇتنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر خىل نام بىلەن ئاتىلىدۇ. قىزىلى ھىندىچە «مانىك»، «پەدەم راكى»، ئىنگلىزچە «روبى»، سېرىقى ئەرەبچە «بەسرەك»، ھىندىچە «پەكراج»، ئىنگلىزچە «ۋەتۇبىس»، كۆكى پارسچە «نىلىم»، ھىندىچە «نىلەمەن»، ئىنگلىزچە «سەفيار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ياقۇت گۇڭگۇرت بىلەن ساپ، پارقىراق سىمابتىن ھاسىل بولىدۇ. سوغۇقلۇق ئۇنىڭ قېتىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە تەپسىلىي توختىلىندى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «پىيكۇ» دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ بىر بۆلىكىدە ياقۇت كانى بار بولۇپ، شۇ يەردە ھاسىل بولىدىكەن. كىشىلەر بۇ يەردە تۇرالمايدىكەن، چۈنكى بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى قارا، قاتتىق بولۇپ، گۇڭگۇرتلۇك ئىكەن، يەنى گۇڭگۇرتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىكەن. شامال، يامغۇر پەسلىدە ئۇ يەردە تۇپان بالاسى بولۇپ، گۇلدۇرماما، چاقماق ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن، بۇنىڭ تەسىرىدە يەر يېرىلىپ ئارىلىقلىرىدىن چىدىغۇسىز دەرىجىدە گۇڭگۇرت پۇرىقى چىقىدىكەن. بۇ جاينىڭ ئەتراپىدا دەرەخلەر ناھايىتى ئېگىز، باراقسان ئۆسىدىغان بولۇپ، ئوتۇنچىلار ئۇ يەردىن ئوتۇن يىغىپ ئەتراپقا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ۋە بەزى كەمبەغەللەر ئۇ يەرگە بېرىپ ئىزدەپ ياقۇتنىڭ چوڭ ـ كىچىك پارچىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ شۇ يەرنىڭ «راجە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان پادىشاھىغا ساتىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە سېتىشقا بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇ ياقۇتنى كىم باشقا ئادەمگە ساتسا ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ قاتتىق جازالايدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەر ئاستىدىكى ياقۇت ياخشى بولمايدىكەن، بەلكى ئارىلاش، خام بولۇپ قالىدىكەن. مەسىلەن: بىر قېتىم راجە پادىشاھ يەرنى كولاپ چوڭ-چوڭ ياقۇت پارچىلىرىنى چىقىرىشقا بۇيرۇغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر يەرنى كولىسا ئۇششاق، بادرەڭ، ئارىلاشما، يۇمشاق بولغان ياقۇتلار چىققان. ئۇنىڭدىن سىرت يەرنى كولىغان نۇرغۇن كىشىلەر گۇڭگۇرت پۇرىقى ۋە چىرىگەن بۇخاراتلار سەۋەبىدىن ھالاك

بولۇشقان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەرنى ئىككىنچى قېتىم كولىماسلىق، بەلكى يەر يۈزىگە چىققانلىرىنى يىغىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يەنە ياقۇت كانى ھېسابلىنىدىغان جەنۇبتىكى يېڭى زېمىندىن بولغان بىرازىلىيە ئارىلى، سەيلان ئارىلى ۋە باشقا جايلاردىمۇ ياقۇت ھاسىل بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ياقۇت «پىيكۇ» دەپ ئاتىلىدىغان يەرنىڭ ياقۇتىدەك ياخشى بولمايدۇ. بىرازىلىيە ئارىلىدىن چىقىدىغان ياقۇت گەرچە ساپ، پارقىراق، سۇلۇق، دانلىق بولسىمۇ ئەمما «پىيكۇ» دېگەن يەردىن چىققىنىدەك قاتتىق ئەمەس، ئۇ يەردىن چىققان قىزىل، سېرىق، كۆك ۋە باشقا رەڭلىكلىرىدىن ئىبارەت ھەممە تۈرلىرى، شۇنداقلا سەيلان ئارىلىدىن چىققىنى ناھايىتى يۇمشاق، كەم رەڭ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئانار دانىسى رەڭلىك قىزىلىدىن باشقىسى ئوتنىڭ تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئانار رەڭلىك قىزىلى ئوت تەپتىگە ئۇچرىسا تېخىمۇ رەڭلىنىدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئازراق قىزىللىق ئارىلاشقان ئاق رەڭلىكى ساپال قاچىغا سېلىنىپ سۇس ئوت ئۈستىدە قويۇپ قىزىتىلسا رەڭلىنىدىكەن.

بىلگىنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاساسى يوقتۇر. سېسىق پۇراق، تۇتۇن، تەر، ياغ قاتارلىقلار ئۇنىڭ رەڭگىنى بۇزىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خورما شېخى كۈلى بىلەن بىلەي تېشى سۈرۈلگەن سۇ ئۇنى تازىلايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، سېرىقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، كۆكى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئېقى ئىسسىق - سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، ئۆزىگە سۆزلەش، خەفقان، چۇما، ئىچكى ئەزالاردا قان ئۇيۇپ قېلىش، قاناش، زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. بۇزۇلغان ھاۋانىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ، قاننى ساپلاشتۇرىدۇ. بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى ۋە ھاياتلىق قۇۋۋەتلىرىنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆز قويۇلغان ئۈزۈك قولغا سېلىنسا ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، چاقماق ۋە چۇمانىڭ زىيىنىنى تۈگىتىدۇ. ئېغىزغا سېلىپ يۈرسە ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، تېتىكلەشتۈرىدۇ. كىشى بويىنىغا ئېسىۋالسا خاسىيىتى بىلەن يامان كۆزلەردىن ساقلايدۇ، چۇما ۋە بۇزۇلغان ھاۋانىڭ زىيىنىنى تۈگىتىدۇ. ئۆزىگە سۆزلەش، تۇتقاق كېسەل، خەفقانغا داۋا بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سۈرلۈك (ھەيۋەتلىك) كۆرۈنۈشكە سەۋەب بولىدۇ. قان توختىتىدۇ، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

كۆزگە سۈركەلسە كۆز قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى مىسقالغىچە، ئۇرۇقىدىن بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياقۇتى ۋە مۇپەررىھ دەپ ئاتالغان مەجۇنلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### يەبرۇج
(يەبرۇج ئۆسۈملۈكى)

ئۇ سۈريانچە سۆز بولۇپ، جۈپ سۈرەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تېنى جۈپ بولغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، لۇفاھ يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ مېۋىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. لۇفاھنىڭ ھەرقانداق تۈرىنىڭ چوڭلىرى يېرىلسا ئىچىدىن ئىككى ئادەمنىڭ شەكلى نامايان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تاغدا ئۆسىدىغان لۇفاھ ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى ئادەمنىڭ شەكلىگە بوشرەك ئوخشايدۇ، ھالبۇكى باشقىلىرى ئادەمگە تولۇق ئوخشايدۇ. بەزىلەر يەبرۇج دېگەن بۇ ئىسىم مەخسۇس سىراجۇل قۇترۇب ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

### يەبرۇجۇس سەنەم
(مېھرىگىياھ)

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا لۇفاھنىڭ يىلتىزى بولۇپ، يۈزمۇ يۈز تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ «مۇھرەئى گىياھ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «سەگشىكەن» ئىت يۇلغۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشىچە، كىشى ئۇنى بىۋاستە يۇلسا ھالاك قىلىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇپىلارنى بوشاتقاندىن كېيىن شوينا بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئىتنىڭ بوينىغا باغلاپ، ئىت بىر تەرەپكە كۇشكۇرتۇلسە ئىتنىڭ ھەرىكىتى بىلەن يۇلۇنۇپ چىقىدىكەن، ئەمما ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل قاراشنىڭ ئاساسى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تۈركچە «كەن» دەپ ئاتىلىدىغان «ئۆللەيق» (دولانە) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. مېۋىسى قىزىل بولۇپ، زەيتۇن چوڭلۇقىدا بولىدۇ، پۇرىقى مىئەسائىلەنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق

بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېچىدە يالتىرايدىكەن. يىلتىزى يۇزمۇيۇز تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، لۇفاھ يىلتىزىنىڭ باشقا تۇرلىرىنىڭ ئەكسىچە ئۇستىدە خۇددى ئادەمنىڭ چېچىدەك يىپچىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشى كېسىۋېتىلمىسە قۇۋۋىتى 60 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «يەبرۇج» دېگەن بۇ سۆز تەبىئىي ھەيكەل دېگەن مەنىنى، يەنى ئۇنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن ـ بولمىسۇن شەكلى ئادەمگە ئوخشايدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، چۇنكى كۆپ ئىسىملار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان مەنىلەرگە دالالەت قىلىدۇ، ھالبۇكى يەبرۇجنىڭ شەكلى بار بولۇپ، ئۇ قۇستىدىن چوڭراق، كۆل رەڭ، ياغاچلاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ياۋا لۇفاھ يىلتىزىدۇر. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، بەزىلەر ئۇنى «فەتيمۇس»، بەزىلەر «موقۇلىن» دەپ ئاتايدىكەن. بەزىلەر مۇھەببەتنى قوزغاتقۇچى دېگەن مەنىدە «دەرقىيا» دەپ ئاتايدىكەن.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ماددىسى دەپ تونۇلىدىغان بولۇپ، قارىغا مايىل، ياغاچلاشقان بولىدۇ. يوپۇرمىقى قارا سۇنا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، كىچىكرەك، بەتبۇي، ئېغىر پۇراقلىق بولىدۇ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ يېنىدا مېۋىسى بار بولۇپ، ئالمىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، خۇش پۇراق بولىدۇ، ئىچىدىن ئامۇت ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇرۇقى چىقىدۇ. يىلتىزى چوڭ بولۇپ، ئىككى ياكى ئۇچ دانىسى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ، ئۇستىدە قېلىن پوستى بار، غولى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تۇرى ئەركىكى دەپ تونۇلىدۇ، بەزى كىشىلەر ئۇنى «موريۇن» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقى ئاق، سىلىق، چوڭ، كەڭ بولۇپ، قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ لۇفاھى چىشىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردا، تەرخەمەك چوڭلۇقىدا، زەپەر رەڭ، پۇرىقى ئېغىر بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى يەيدىغان بولۇپ، ئېغىر ئۇخلىتىدۇ. يىلتىزى ئايال كىشىنىڭ سۇرىتىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، چىشىنىڭ يىلتىزىدىن سەل ئۇزۇنچاقراق، غولسىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۇرىمۇ بار بولۇپ، سايە ئورۇنلار ۋە ئورەكلەردە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى كىچىك، كەڭ بولۇپ، بارماق ئۇزۇنلۇقىدا، غولسىز بولىدۇ. يىلتىزى باش بارماق توملۇقىدا، ئۇزۇنچاق، ئاق، گۇلسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. بۇ يەبرۇج سەنەمنىڭ تۇرلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، شىرازنىڭ ئىسسىق يەرلىرىنىڭ «شەھرىيار» قەلئەسىگە يېقىن يەردە يەبرۇج سەنەمنىڭ يەنە بىر تۇرى ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچتىن قىسقىراق بولىدىكەن، پۇت ـ قوللىرى بار بولۇپ، رەڭگى ئاق بولىدىكەن. ئۇنىڭ گۆشلۈك بولغىنى ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەزىدە ئۇنى ھۆل ۋاقتىدا سوقۇپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ساپال قاچىغا تۆكۈپ

ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ قۇرس قىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ سۈيى خۇددى پوستىنىڭ سۈيى ئېلىنغاندەك ئېلىپ، قائىدە بويىچە قۇرۇتۇلىدۇ، ئەمما قۇۋۋىتى يىلتىزى ۋە پوستىنىڭ سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىنى سوقۇپ چىگە يىپقا ئۆتكۈزۈپ قۇرۇغىچە ئېسىپ قويىدىكەن. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئۈچتىن ئىككى قىسمى يوقالغىچە قايناتىپ ساپلاشتۇرۇپ ئۇيۇتىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ سۈيى تامچىلىتىلىدىكەن، يەنى يىلتىزىنىڭ بىرقانچە يېرىنى يېرىپ تېگىگە قاچا قويۇپ سۈيى تامچىلىتىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ قۇۋۋىتى تامچىلىتىلغان سۈيىنىڭ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ھۆرمۇستىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇنى يۇلۇپ ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى مىررىخ يۇلتۇزىنىڭ شەرەفخانىسى ياكى ياخشى ۋاقىتلارنىڭ بىرەرسىدە تۇرۇۋاتقان ياكى ئىككى ياخشى يۇلتۇز بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ئاي بىلەن بىر بۇرجىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. سەيشەنبە كۈنى كۈن چىققان ۋاقىتتا يۇلۇپ ئېلىنسا ھەرقانداق ۋاقىتتا يۇلۇپ ئېلىنغاندىن ياخشىراق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئاز مىقداردا ئىسسىقلىقى ۋە ئارتۇق ھۆللۈكى بار. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئاخىرىدا قۇرۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنىڭ پوستى قۇۋۋەتلىگۈچى، قۇرۇتقۇچى، مەست قىلغۇچىدۇر. يىلتىزىنىڭ ئىچى ئاجىز بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ھۆلىمۇ ۋە قۇرۇقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئەرلەرنىڭ شۇ ئەزاسىنىڭ كېسەللىكىگە شىپا بولىدىكەن. يەنە ئەكسىچىمۇ بولىدىكەن، يەنى ئەركىكىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئاياللارنىڭ شۇ ئەزاسىنىڭ كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدىكەن.

باش، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا بىخۇد ئۇخلىتىدۇ، شارابقا قوشۇلسا زىيادە مەست قىلىدۇ. پۇرىسا ئېغىر ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مەقئەتكە ھەمەلچە قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خاسىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يوپۇرمىقى ئاق، غولسىز بولغان ئەركىكىگە خاستۇر. ئۇ كۆپ پۇرالسا ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەكتىگە سەۋەب بولىدۇ. بەزىدە ئۇيقۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن شاراب تەييارلىنىدۇ، ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىدىن 81 گىرام ئېلىپ تەخمىنەن 600 گىرام تاتلىق شارابقا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ 120 مىللىلىتىردىن ئىچىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ پوستىنى شارابقا تەمى چىققۇچە چىلاپ ئېغىر ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرىنىڭ پوستىدىن بىر خىل شاراب تەييارلايدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭدىن 342 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى تاتلىق

شارابقا چىلاپ تەمى تولۇق چىقىپ پىشقاندىن كېيىن ئەزاسىنى كەسمەكچى بولغان كىشىنى مەست قىلىش ئۈچۈن تەخمىنەن 40 گىرام ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىمۇ بىخۇد ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ ۋە ئەزانى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى زەپەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىرقۇننىسا، نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۆزگە ئېسىۋالسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا كۆز ئاغرىقى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. تامچىلىتىلغان سۈيى ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

نەپەس، ھەزىم ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يىلتىزى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. تامچىلىتىلغان سۈيىدىن 30 مىللىلىتىر ئېلىپ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرا بىلەن بەلغەمنى خەربەقكە ئوخشاش سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا ھالاك قىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بالىلار ئۇنى ئىستېمال قىلسا بەزىدە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ھالاك قىلىدۇ. يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ خېمى قىزىلگۈل يېغى بىلەن سالايە قىلىنىپ ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقى ۋە بېلىغا چېپىلسا ھامىلىنى چۈشۈشتىن ساقلايدۇ. تامچىلىتىلغان سۈيىدىن 2.5 مىللىلىتىر ئېلىپ بالىياتقۇغا ھەمەلچە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. يىلتىزىنى ئوت تەگمىگەن گۈڭگۈرت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. مۇقەل بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىرغا، كاسىنە بىلەن ئىشلىتىلسە سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ زەھەرلىك ئىتئۈزۈمىنىڭ تەرياقى بولغان يوپۇرمىقى ئاق بولغان تۈرىگە ئوخشايدىغان تۈرىنىڭ بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ ياخشىدۇر.

كىشى يەبرۇجنىڭ ھالاك قىلىدىغان تۈرىنى ئىستېمال قىلسا ئاۋۋال گېلى بوغۇلىدۇ، يۈزى قىزىرىپ كۆپىدۇ، ئەقلى يوقىلىپ خۇددى مەستلەر ۋە ئەپيۇن ئىستېمال قىلغانلاردا كۆرۈلىدىغان ھالەتلەر كۆرۈلۈپ ھالاك بولىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ياغ، ئىلمان سۇ ۋە ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇلۇپ قۇستۇرۇپ، بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەپسەنتىننىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇپ قۇستۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. پىلپىل، سېرىقچېچەك، مەستىكى، يالپۇز، ئاق مەرۋە، ئاياللارنىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتى، قۇندۇز قەھرى، سۇزاپ، قىچا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قېتىق ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ئىچىنى كۆپ سۈرىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: ئۇ 2 ~ 4 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، يېرىم گىرامغىچە

ئىستېمال قىلىنىدۇمۇ دېيىلگەن.

ئۇنى تۈزەتكۈچىسىز ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن نىشاستە، تاتلىق بادام يېغى، بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە سالايە قىلىنغان قىزىلگۈل بەرگى، چۈچۈكبۇيا قىيامى، سەبرە، تۇربۇت، ھېلىلە، ئەپسەنتىن، غافەس، نەمەكى ھىندى، زەپەر، بىستىپايەج بىلەن ئىسلاھ قىلىنسىمۇ بولىدۇ. ئۇ تۈزەتكۈچىسىز ئىستېمال قىلىنسا مىزاجنى بۇزىدۇ، چىرايىنى كۆپتۈرىدۇ، جىگەرنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ ۋە باشقا ناچار ھالەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

جاراھەت ۋە يارىلار: يىلتىزى بىلەن مېۋىسى سېپىلسە گۆشخور چاقا ۋە باشقا يامان يارىلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: مەلھەم قىلىنسا قاتتىق - يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چاشقان يارىسىغا شىپا بولىدۇ. يۇمشاق سوقۇپ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ كۆيدۈرگىگە چاپسا ساقايتىدۇ، مۇدۇرلارغا سۈركىسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

بوغۇم كېسەللىكلىرى: ئارپا تالقىنى بىلەن زىمات قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا پىل پۇت كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: يوپۇرمىقى چاينالسا سۆسۈن داغنى يارا قىلماي يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ يوپۇرمىقى ھۆل بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سۈتى سۈركەلسە داغ - سەپكۈننى غىدىقلىماي ۋە يارا قىلماي يوقىتىدۇ.

خاسىيەتلىرى: كىشىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كەسمەكچى بولغاندا ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلدۇرسا كېسىشنى سەزمىگۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرىدىن بەش گىرام ئېلىپ يالغۇز ياكى بەزى قايىنىتىلمىلار، نان ياكى ئارپا تالقىنى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەقىلنى شۇ ھامان كېسىدۇ، ھارارەتنى ئىچىگە يىغىش، مەست قىلىش ۋە سەزگۈلەرنى غۇۋالاشتۇرۇش تەسىرى بىلەن ئۈچ سائەتكىچە ھېچ نەرسىنى سەزمىگەن ھالدا تۇرىدۇ. بەزى تېۋىپلار بىمارنى ھەممە جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوغۇق سۇغا ئولتۇرغۇزىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئەزالىرىنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن مېۋىسىنى ئاز مىقداردىكى بان يېغى، زەيتۇن يېغى ياكى سۆگەت يېغى بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ پېشانىسىگە، كۆزى ۋە يۈزىگە سۈركەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسا ھۆرمەتكە ناھايىتى سازاۋەر بولىدىكەن، ھەرقانداق ھاجىتى بولسا راۋا بولىدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ياكى مەلۇم قىسمىنى پارچە رەختكە ئوراپ بىلىكىگە باغلىۋالسا ياكى بوينىغا ئېسىۋالسا غەرق بولۇش، كۆيۈش، چاقماق سوقۇش ۋە ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىگە ئوخشاش تۈرلۈك ئاپەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدىكەن. ئۇنى ئېسىۋالسا پادىشاھلارنىڭ غەزىپىنى ناھايىتى ياخشى باسىدىكەن. بەزىلەر بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇنى ئاينىڭ بېشىدا ئېسىۋېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ئەقىلنىڭ

بۇزۇلۇشى، سارائىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، جىن ـ شەيتانلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىلمىغان بىر دانە غۇنچىسىنى چىگە رەختكە يەتتە خىل رەڭلىك يىپ بىلەن ئوراپ، تۇتقاق كېسەل بولۇپ قالغان بالىغا ئېسىپ قويسا شىپا بولىدۇ.

## پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### يەتۇئ
(سۇتلۇكئوت)

ئۇنىڭ سۇتىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، ئۆتكۈر سۇرگۈچى ۋە كۆيدۈرگۈچى بولغان سۇتلۇكئوتلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى يەتتە خىل ئۆسۈملۈكتۇر. ئۇلار ئۇشەر چاتقىلى، شۇبرۇم (سۇتلۇكئوت) ئۆسۈملۈكى، لاغىيە ئوتى، ئەرتەنىسا، ماھۇدانە، مازاريون، بەشيوپۇرماق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسى ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. مەزكۇر يەتتە خىل مەشھۇر ئۆسۈملۈكتىن باشقا يەنە بەزى ئۆتكۈر سۇتلۇك ئۆسۈملۈكلەرمۇ بايقالغان، مەسىلەن: چاشقانقۇلاق، لەبلاب ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى، ياۋا سېمىزئوت، قوسەنجى ئۆسۈملۈكى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. مەزكۇر نام يالغۇز ئاتالسا لاغىيە ئوتىنىڭ سۇتى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، «تەرياقى فەرادى»، «تەرياقى قۇسەنجى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇتلۇكئوتلارنىڭ ياخشىسى مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ ئەركىكىنىڭ سۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرى ئۇزۇنچاق، بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك بولىدىكەن، خۇددى زەيتۇن يوپۇرمىقىنىڭ شاخلىرىدەك قىزىلغا مايىل بولىدۇ، ئۆتكۈر سۇتكە توشقان بولىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنچاقراق، چۈرۈكرەك بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىزخىر شېخىغا ئوخشايدىغان بەش دانە ئىنچىكە شاخلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئۇچىدا غوزەكلەر ۋە باشلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر، ئۇ ئىزخىرنىڭ بىر تۈرىگە ئوخشاش ئويمانلاشقان بولىدۇ. يىلتىزى توم، يىرىك بولىدۇ. ئۇ تاشلىق يەرلەر، تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ. سۇتىدىن بىر گىرام ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ چىشىسى «جەۋزىي» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكى چاشقانقۇلاق ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، قۇۋۋەتلىكرەك ۋە ئاقراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئامۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، بەتبۇي، چۆرىسى ئۆتكۈر، تىكەنلىك بولىدۇ. شاخلىرى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ھەممىسى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. مېۋىسى بەزى يىللىرى كۆپرەك، بەزى يىللىرى ئازراق بولۇپ، كىچىك ياڭاق چوڭلۇقىدا

بولىدۇ، تىلغا تەگكۈزسە خۇددى ياڭاق پوستىدەك تىلنى چاقىدۇ. يىلتىزىمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ تاغلىق رايونلارنىڭ قاتتىق يەرلىرىدە ئۆسىدۇ. سۈتى، يىلتىزى، يوپۇرمىقى، مېۋىسىنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ دېڭىزغا مەنسۇپ بولغىنى «خەشخاش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شاخلىرى بىر قانچە غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، قىزىلغا مايىل، بەش ياكى ئالتە دانە بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى كىچىك، نېپىز، سەل ئۇزۇنچاق، زىغىر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. مېۋىسى كۈرسىنە پۇرچىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇچلىرى قاتلىق، يۇمىلاق بولىدۇ. گۈللىرى ئاق بولۇپ، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا تۇتاشقان ھالەتتە، يۇمىلاق بولىدۇ، مېۋىسى ئۇنىڭدىن چىقىدۇ. شاخلىرى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈكى سۈت بىلەن توشقان بولۇپ، دورىلىققا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى ئىشلىتىلىدۇ، قۇۋۋىتى ئالدىدىكى ئىككى تۈرگە ئوخشايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەنە بىر خىل سۈتلۈكئوت بار بولۇپ، «مۇشەممەس» (قۇياش بىلەن تەڭ ئايلانغۇچى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسى بىلەن يوپۇرمىقى سېمىزئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، يۇمىلاق بولىدىكەن. ئۇنىڭ تۆت ـ بەش يوپۇرمىقى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، ئىنچىكە، سۈت بىلەن توشقان بولىدىكەن. كۈنلۈكسىمان گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە، ئۇرۇقى زىرىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈكى قۇياشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تەڭ ئايلىنىدىكەن. كۆپ ھاللاردا خارابىلىقلار ۋە شەھەر سېرتلىرىدا ئۆسىدىكەن. ئۇرۇقى بىلەن سۈتى باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە سۈتلىرىگە ئوخشاش يىغىۋېلىنىپ ئىشلىتىلىدىكەن. قۇۋۋىتى باشقا سۈتلۈكئوتلارنىڭ سۈتلىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سوقمونىياغا ئوخشايدۇ، ئېتىزلىقلاردا ئۆسىدۇ، دەپ قارىغان.

يەنە ئېيتىلىشىچە، سۈتلۈكئوتنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، «سەرۋى» دەپ ئاتىلىدىكەن. غولى بىر غېرىچتىن بىر غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە، قىزىل بولىدىكەن. يوپۇرمىقى غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، شالىنىڭ يېڭى ئۆسكەن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇمۇ سۈت بىلەن توشقان بولىدىكەن. قۇۋۋىتى يۇقىرىدىكى باشقا تۈرلىرىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشايدىكەن.

يەنە ئېيتىلىشىچە، سۈتلۈكئوتنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، تاشلىقلار ۋە تاش ئارىلىرىدا ئۆسىدىكەن. شاخلىرى ئىككى تەرىپىدىن ئۆراپ تۇرىدىكەن. يوپۇرمىقى كۆپ بولۇپ، ئامۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، قىزىل بولىدىكەن. مېۋىسى ئەسەف مېۋىسىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇمۇ كۆپ سۈتلۈك بولىدىكەن، تەسىرى يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

سۈتلۈكئوتنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ، قەلۇمىس ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. يىلتىزى، يوپۇرمىقى ۋە سۈتى سۈيۈق كەيمۇسنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ گۇمانىچە «فىيلۇسا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك بىر خىل سۈتلۈكئوت بولۇپ، يۇنانچە «فوريا سايىس» دەپ ئاتىلىدىكەن.

يەنە بىر خىل سۈتلۈك ئوت بار بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، تۆت قىرلىق، بوغۇملۇق بولىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك، ئۇششاق بولۇپ، چۆرىسى ئۆتكۈر، گۈلى ئۇششاق، بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇرۇقى ياپلاق بولۇپ، ئەدەسكە ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئاق بولۇپ، سۈت بىلەن توشقان بولىدۇ. بەزى جايلاردا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ناهايىتى چوڭ، يىلتىزىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مېۋىسى ياكى سۈتىنى كۇرسىنە پۇرچىقى ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن، شۇنداقلا سۈيىدىن 15 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۈتلۈكئوتنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، غولى كاۋاك، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بارماق توملۇقىدا بولىدىكەن، شاخلىرى غولىنىڭ ئەتراپىدىن ئۆسۈپ چىقىدىكەن. يوپۇرماقلىرىنىڭ بەزىلىرى غولىدا، بەزىلىرى شاخلىرىدا ئۆسىدىكەن. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق بولۇپ، بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، ئۇنىڭدىن كۆپ يۇمشاق بولىدىكەن. شاخلىرىدىكى يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك بولۇپ، زىراۋەندە ۋە لەبلاب يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. مېۋىسى شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق بولىدىكەن، كەپە مېۋىسى ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن. ئىچىدىن بىرى يەنە بىرىگە تۇتاشقان ئۈچ دانە ئۇرۇق چىقىدىغان بولۇپ، كۇرسىنە دېنىدىن چوڭراق بولىدىكەن، ئاقلانسا مېغىزى تاتلىق بولىدىكەن. يىلتىزى ئىنچىكە، ئاق بولۇپ، پايدىسى يوق ئىكەن. ئۆسۈملۈكى باشقا سۈتلۈكئوتلارغا ئوخشاش سۈتكە توشقان بولىدىكەن.

پەزىلەتلىك ھەكىم دىسقۇرىدۇس: «مەن سۈتلۈكئوتلارنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ۋە تاللاپ ئىشلىتىلىدىغىنى سۈتلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇرۇقلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا گۈللىرى، ئۇنىڭدىن قالسا يىلتىزلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا يوپۇرماقلىرىدۇر» دېگەن.

مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا لاغىيە ئوتىنىڭ سۈتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. سۈتلۈكئوتلارنىڭ ئىسمى بارلىرى ۋە مەشھۇرلىرى كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە بايان قىلىندى، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خاسىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇ ئومۇمەن تۆتىنچى دەرىجىگىچە، ئوتتۇرا ھاللىرى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە،

ئاجىزلىرى ئىككىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر، زەھەرلەش قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىنى يارىلاندۇرغۇچى، ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئۇ كۆلگە تاشلانسا بېلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ يۈزىگە چىقىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: سۈتى كۆزگە سۈركەلسە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قۇرت يېگەن چىشقا تېمىتىلسا چۈشۈرىدۇ. قەتران بىلەن يۇغۇرۇلسا كۈچلۈكرەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ساق چىشلارنى ئاسرايدۇ. شۇنداقلا موم بىلەن يۇغۇرۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ساق چىشلار موم بىلەن ئورالغاندىن كېيىن قۇرت يېگەن چىشلارغا ئۇنىڭ سۈتى تېمىتىلسا ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى سىركە بىلەن قاينىتىلىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا سۇسىمان بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئەنجۈرگە ئۇنىڭ سۈتىدىن ئىككى ياكى ئۈچ تامچە تېمىتىپ قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى يېتەرلىك سۈرىدۇ. ئارپا تالقىنى ۋە بۇغداي نېنى بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئېغىز ۋە گالنى يارا قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەسەل ياكى قىرۇتى بىلەن ئىستېمال قىلىش لازىم. بەزىدە سۈتلۈكئوتنىڭ ئەركىكىنىڭ شاخلىرىنى ئېلىپ ساپال قاچا ئۈستىدە قويۇپ ئازراق قورۇلغاندىن كېيىن سالايە قىلىنىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپا تالقىنى ۋە سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق شاخلىرىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ناھايىتى ئاجىزدۇر.

ئۇنىڭ «كەرفىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ شاخلىرىنى سايىدا قۇرۇتۇپ پوستىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، كونا شارابقا چىلاپ پەسەيلىرىنى سۈزۈپ ئىلمان ھالەتتە ئىچسە ئىچىنى زىيانسىز سۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈتىدىن ئۈچ تامچىغىچە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولۇپ، تۇزەتكۈچسىز ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىلىرى نىشاستە، ئارپا ئۇنى، بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، سالايە قىلىنغان قىزىلگۈل، رۇببىسۇس، كەتىرادۇر. مۇز قوشۇلغان دوغ ئۇنىڭ زىيادە تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** زەھەرلەش قۇۋۋىتى بار، تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئىچىدىن قان كەلتۈرىدۇ، ئۈچەينى يارىلاندۇرىدۇ، تولغاق ۋە قورساق ئاغرىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، ئاشقازاننى ئۆرتەندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۇنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، زۆرۈر بولسا مەزكۇر تۇزەتكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تامچىدىن ئاشۇرماي ئىستېمال قىلىش لازىم.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچەي ۋە ئەزالاردىكى ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن باراۋەر

مىقداردا سوقمۇنىيا بىلەن سەكبىنەجدۇر.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: يىلتىزى سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا بوۋاسىرنىڭ ئەتراپىدىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. يېيىلگەن، چىرىگەن يارىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ. قىرۇتى بىلەن زىمات قىلىنسا سەۋدادىن بولغان قوتۇر، تىلما، گۆشخور چاقا ۋە گانگرېناغا شىپا بولىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: مەلھەم قىلىنسا سۆگەل، ئۈجمىسىمان مونەكچە گۆش، خال ۋە بارماقلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. سۈتى سۈركەلسە موي چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ سۈركەلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، ئۇ سۈركەلگەندىن كېيىن ئۈنگەن موي ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، تەكرار سۈركەلسە قايتا ئۈنمەيدۇ. ئۇ زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە زىيىننى ئازىيىدۇ.

# پەسىل: «ي» (يائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## يەربۇئ
(تىين)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «مۇش دەشتىي» (چۆل چاشقىنى)، ھىندىچە «گوس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، چاشقانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ، قوللىرى ناھايىتى قىسقا، پۇتلىرى ۋە قۇيرۇقى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. چۆللەر، خارابىلىكلەر ۋە بەزى كونا ئىمارەتلەردە ياشايدۇ، خاراب قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇزۇقلۇقى مول، تەرەتنى بوشىتىدۇ.

باش، پەي ـ نېرۋا، ھەزىم قىلىش، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا پەيلەرنىڭ پالەچ، لەقۋا، تىترەش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئۇچا ئاغرىقىغا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئۇنىڭ تامچىلاپ كېلىشىگە پايدا قىلىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ياشانغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاننى كۆيدۈرىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل ھۆل مېۋىلەر ۋە چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردۇر.

# پەسل: «ي» (يائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## يەقتىين
(يېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ تەرخەمەك، تاۋۇز، قوغۇن، قاپاق، كاۋا، يۆگىمەچئوت ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش غولى بىلەن تۇرالمايدىغان، بەلكى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان ياكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورتاق نامىدۇر. يالغۇز ئاتالسا ئاۋام ئۇنىڭدىن پارسچە «كەدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قاپاقنى نەزەردە تۇتىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

# پەسل: «ي» (يائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## يەنبۇت
(خەرنۇب نىبىتى)

ئۇ خەرنۇب نىبتىدىن ئىبارەت بولۇپ، تام تۈۋلىرى ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ، مېۋىسى قوي بۆرىكىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ. ئۇ مىسىردا «ھەببۇل كۇلا» (بۆرەكسىمان دان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى شامدا خەرنۇب شامى دېيىلىدۇ. ئۇ «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار باۋىدا بايان قىلىنغان ئىدى، تۆۋەندە يەنە بايان قىلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە، يەنە بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** غىدىقلىماي قۇستۇرىدۇ.

ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا، ھەمەلچە قىلىنسا، قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا قورساق ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ھەيزنىڭ زىيادە كېلىشىگە شىپا بولىدۇ، مەقئەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** قايىنىتىلمىسى سېپىلسە بۆرگە يوقىتىدۇ.

**سۆگەللەر:** مەلھىمى سۈركەلسە سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىغىر بولۇپ، ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلى ئىچىمۇ شۈنداقتۇر.

## نىيمە

(نىيمە ئۈسۈملۈكى)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، خەندەرلى ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، تۈكلۈك، سېرىق بولىدۇ. غولى ئوتتۇرىدىن ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. گۈلى خەندەرلى ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشاش سېرىق ئېچىلىدۇ. ئىبنى بەيتارنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ياۋا پاقىيوپۇرمىقى بىلەن كېيىك قۇلاقئوتىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، سېرىق بولىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئى»نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ شىرازدا «مەنبەلدارۇ» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆلى زىماد قىلىنسا يېڭى زەخىملەرنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرىدۇ. قۇرۇقى سېپىلسە كونا زەخىملەرنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ.

# پەسل: «ي» (يائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## يۈز

(يىلپىز)

ئۇ «فەھد» (يىلپىز) دېگەن سۆزنىڭ پارسچىسى بولۇپ، تۈركچە «پارس»، ھىندىچە «چىيتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يولۋاسقا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئوۋ ئىتىغا ئوخشاش ئۆگىتىلىپ ۋە كۆندۈرۈپ، كېيىك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلار ئوۋلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىقلىقى يولۋاستىن تۆۋەنرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرلىرى يولۋاسنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئاللانىڭ ياردەم بېرىشى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن مۇشۇ يەردە يەككە دورىلار تامام بولدى، ئۇنىڭغا ئىلگىرى ــ كېيىن، ئاشكارا ــ مەخپىي ھەمدۇ سانالار ئېيتىمەن، ئاللا پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە، ئەھلى ــ ئەۋلادىغا ۋە ياخشى، پاك ساھابىلىرىغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇلارنى كۆپ سالامەت قىلسۇن.

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

## خاتىمە

ئۇ دورىلارنىڭ ئەرەبچە، يۇنانچە، سۇريانچە، پارسچە، تۈركچە، ھىندىچە ۋە باشقا تىللاردىكى ناملىرى توغرىسىدا بولۇپ، «فەرھەڭ» (لۇغەت) دەپ ئاتالدى، داملار ئاللانىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى ۋە بۈيۈك ئىنايىتى بىلەن ئېلىپبە ھەرپلىرى تەرتىپى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەرپلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتقان ھالدا رەتلەندى، ئۇ 28 بابنى، ھەربىر باب بىرقانچە پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

# بىرىنچى باب
# «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئاب: سۇنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئابى پەنىير: قېتىق سۇزمىسى سۇيى.

ئابى جەۋ ئەفشۇردە (ئارپىنىڭ سىقىلغان سۇيى): ئارپا ئېشى.

ئابى جەۋ جۇشانىيدە (ئارپىنىڭ قاينىتىلغان سۇيى): ئارپا سۇيى.

ئابىخ: ئالقات.

ئابى دەندان: مەد بىلەن ياكى «بارىدەندان» ۋەزنىدە ئوقۇلسا ئامۇت ۋە ئانارنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئۇ ھالۋىنىڭ بىر تۈرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئابى دارۇ: مۇمىيادىن ئىبارەت. مۇھەممەد بىن زىكرىيا باشقا بىر خىل دورىنى شۇ نام بىلەن ئاتىغان.

ئابەست: مەغرىبچە سۆز بولۇپ، تۇرۇنجىنىڭ ئېتىنى كۆرسىتىدۇ، تۇرۇنجىنىڭ ماۋزۇسىدىمۇ بايان قىلىندى.

ئابىق: خىمىيە ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا سىمابتۇر.

ئابكامە: مۈرى سىركىسىنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئابگۇن (سۇ رەڭلىك): ئىشاستىدۇر، ئۇ يەنە بۇغداي مېغىزىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئابى: بېھىنىڭ پارسچە نامىدۇر، پارسچە يەنە «بېھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئابلۇج: تەكرار قىيام قىلىنغان قەنت.

ئاتە: ئۇننىڭ پارسچە، ھىندىچە نامى بولۇپ، پارسچە «ئارىد» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ يەنە ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋىنىڭ نامى بولۇپ، «كاج» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىگە ئوخشايدۇ.

ئاسرۇن: يۇنانچە سۆز بولۇپ، سۇماقنىڭ ئىسمىدۇر.

ئاچار: ئۇ «پاكار» ۋەزنىدە بولۇپ، سىركىگە چىلانغان بارلىق چۇچۇمەل نەرسىلەرنى

كۆرسىتىدۇ.

ئاخرەك: پارسچە سۆز بولۇپ، مەلۇم ئۇستىخاننىڭ نامىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرەبچە «تەرقۇۋە» (ئوقۇرەك) دەپ ئاتىلىدىغان، بويۇننىڭ ئاستى، كۆكرەكنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان سۆڭەكنى كۆرسىتىدىكەن.

ئازەرباس: ئۇ سۇريانچە سۆز بولۇپ، ساپسىيا يىلىمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئازەرگۇن: ئازەربۇ ئۆسۈملۈكىدۇر.

ئارىدى جەۋ بەريان كەردە (قورۇلغان ئارپا تالقىنى): ئارپا تالقىنىدۇر.

ئارىدى سەبۇسدار (دىۋەز ئۇن): دىۋەز ناندۇر، يەنى پىشۇرۇش ۋە پوستىنى ئايرىشتا بەك ئايرىلمىغان ئۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئارىدى كەنار: نىبىق مېۋىسى ئۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئارىدى مەيدە: ئاق ئۇن (يەنى كېپىكى زىيادە ئايرىلغان ئۇن).

ئاۋدۇج: تۈركچە سۆز بولۇپ، ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارىن: يۇنانچە سۆز بولۇپ، چوڭ لۇف ئۆسۈملۈكىدۇر.

ئارىن سارىن: يۇنانچە سۆز بولۇپ، كىچىك لۇف ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئازاد دەرەخت: پارسچە سۆز بولۇپ، تاغ قىزىلچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسا: سۇريانچە سۆز بولۇپ، ئاس دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسرۇن: يۇنانچە سۆز بولۇپ، سۇماقتۇر.

ئاسۇ: ھىندىچە سۆز بولۇپ، قارا شېكەر، تۇخۇمەك دەرىخى قوۋزىقىدىن تەييارلىنىدىغان مەست قىلغۇچى بىر خىل شارابنى كۆرسىتىدۇ. تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئاشى بەچگان: قۇندۇز قەھرىنىڭ پارسچە ئىسمىدۇر.

ئاغارۇلىن: تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تۈركچە ئىسمىدۇر.

ئاغلىس: سۇلۇننىڭ يۇنانچە ئىسمىدۇر.

ئاغۇ: سۆگەت گۈلىنىڭ تۈركچە ئىسمىدۇر.

ئاغۇنى: ئوغۇز سۈتىنىڭ تۈركچە ئىسمىدۇر.

ئاغۇرەس: ئارچىنىڭ پارسچە ئىسمىدۇر.

ئاغلىس: ئاشكارا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، چاڭگاكنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئافتاب پەرەست: خامېلېئوننىڭ پارسچە نامىدۇر. ئازەريۇن (ئاپتاپپەرەس گۈلى)مۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئاگ: ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئوتنى كۆرسىتىدۇ، «ك» ھەرپى بىلەن ئېيتىلسا «دىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ. «ئاكە» دېيىلسە ئۇشەر چاتقىلىنىڭ ھىندىچە نامى بولىدۇ.

ئاكىلى بەنەپشە: پەرپىيوندۇر. كافۇرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئالۇج: «جامىئۇلپ ئەدۋىيە» (دورىلار مەجمۇئەسى) ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ شەكلى «بىيش» كە ئوخشايدۇ، دىگەن. ئەجەم شەھەرلىرىدە ئۇ «كارزەك» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دىگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ئۇنى «مۇخەللىسە» (نىجاتكار ئوت)نىڭ بىر تۈرى دەپ بىلگەن.

ئالۇھ: پارسچە سۆز بولۇپ، قاغىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالوي: سانانىڭ يۇنانچە ئىسمىدۇر.

ئالوي سەفىيد: شاھلۇج مېۋىسىنىڭ نامىدۇر.

ئالۇ بالۇ: گىلاسنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئالۇيى بۇخارا: ئەينۇلانىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئالۇچە: «ئەدرەك» دىگەن سۆزنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئامىلە: ئۇ «ئامىلەج» دىگەن سۆزنىڭ پارسچە نامىدۇر، تۈركچە ئالمىنى كۆرسىتىدۇ.

ئامىلە سار: پارس گۇڭگۇرتىنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.

ئامۇلىن: «نەشا» دەپ ئاتىلىدىغان نىشاستىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئانەك: قوغۇشۇن.

ئانۇلىس: ئەشراس يىلتىزىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئانىيس:رۇمبەدىيانىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئاھەك: ئاھاكنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئاھەن: تۆمۈرنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئاھەنرەبا: ماگنىت تاشنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئاھۇ: كېيىكنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئايىنە چىينىي (چىن ئەينىكى): ئەينەككە ئوخشاش نەرسە بولۇپ، كۈمۈش ۋە بىرىنج دەپ ئاتىلىدىغان مېتالدىن ياسىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەب: سۇمبۇل.

ئەبابىيل: قارلىغاچ.

ئەبامەرۇن: ئېگىرنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەبرازۇل قىت: ھەمىشىباھارنىڭ ماراكەشچە نامىدۇر.

ئەبراز: «تەزكىرە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، سۆرۈنجان ئۆسۈملۈكىنىڭ شامچە نامى ئىكەن.

ئەبراز: تائامغا قوشۇلىدىغان دورا ـ دەرمانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا «تەۋابىل» دېگەن سۆزمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇ قۇرۇق دورا ـ دەرمانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بولسا ھۆل دورا ـ دەرمانلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ئەبرەق: قۇرۇقلۇق ئالا پاختىكىدۇر، يەنە تەلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەبرەقلىيا: پالەكنىڭ رىمچە نامىدۇر.

ئەبرەك: تەلىقنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.

ئەبەركاكيا: ئۆمۈچۈك تورى.

ئەبرەنج: بەرەڭگى كابۇلى.

ئەبەرنى: لۇف ئۆسۈملۈكىنىڭ رىمچە نامىدۇر.

ئەبەردىيۇن: ئۆشنىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەبرىز: ساپ ئالتۇن.

ئەبرىيمۇن: ئىرسانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئىبىل: تۆگە.

ئەبلىيۇ: ھەمىشىباھارنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر.

ئەبلەسىين: مىسىردىن چىقىدىغان بىر خىل سېغىز.

ئەبەمكاجى: خۇبىازى ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈركچە نامىدۇر.

ئىبنى ئاۋى: ئوۋ ئىتى.

ئىبنى ھەييە: نان.

ئىبنۇل مائ: ئۆردەكنى كۆرسىتىدۇ، «ئەبنائۇل مائ» دېيىلسە سۇدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇل ـ ئەجسا: كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئاتىشىچە گۇڭگۇرتتۇر.

ئەبۇل ـ ئەرۋاھ (روھلار ئاتىسى): كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئاتىشىچە سىمابتۇر.

ئەبۇ تەمرۇن: نەغەر دەپ ئاتىلىدىغان قۇشنىڭ نامىدۇر، ئۇ بىر خىل كىچىك قۇشقاچتۇر.

ئەبۇش شىفائ (شىپا ئاتىسى): شېكەردۇر.

ئەبۇ ئەممارە: يالپۇز.

ئەبۇ قەلەمۇن: يەشەب تېشى.

ئەبۇ ئىلىس: خەيرىگۇلنىڭ رىمچە نامىدۇر.

ئەبۇ نامۇن: قەفرۇلىيەھۇدنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەبىيشۇن: راتىيانەجىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەبۇل فەزلى: سۇندۇك.
ئەبۇل مەلىيە: بوز تورغاي.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەسارىيۇن: ئەجەم زەنجىۋىلى (ئۇشتۇرغار)نىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەسامىيتىيقۇن: مۇۋ يىلتىزىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەسانقۇن: ئۇشەق.
ئەسدار: ئۇ يېزا خەلقى تىلىدا زىرىقنىڭ نامىدۇر، «ت» بىلەن «ئەستار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئەسزۇھۇ: بۇلۇتنىڭ رىمچە نامىدۇر.
ئاساناسىيا: بىر خىل مەجۇن.
ئەسىيرۇل مۇلۇك: بىر مۇرەككەپ سەپىنىنىڭ نامى بولۇپ، ھەر ئىككىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەجرى: قېرىنىنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئەجۋايىن: نانخانىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئەجۋايىن خۇراسانىي: بەزرۇلبەنجىنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئەجمۇد: كەرەپشە ئۇرۇقىنىڭ ھىندىچە ئىسمىدۇر.
ئىججە: شېكەر قومۇشىنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەھداقۇل مەرزا (بىمارلار كۆزى): ئۇقھۇۋان گۈلىدىن ئىبارەت.ئۇ يەنە «باھار»، «بابۇنەئى كۈھىي» (تاغ بابۇنىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئەھداقۇل بەقەر (كالا كۆزى): قارا ئۈزۈمدىن ئىبارەت.

ئەھدىيا، ئەھادىيا: ئەفئا يىلىنىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەھرىيز: زاراڭزا چېچىكىدۇر.
ئەھلەبدىيا: شۇبرۇم (سۇتلۇكئوت)نىڭ سۈريانچە نامىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەخراس: ياۋا ئامۇتنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەخرۇس: ئەباربىتۇن دېگەن دورىدۇر.
ئەخەربەت: ياۋا كۈدە.
ئەخرىيتۇس: ياۋا كاللەكسەي.
ئەخسىينە: ياۋا قىچا.
ئەخلە: مىسىر تىلىدا بەستىياج چاتقىلىدۇر.
ئەخىيلۇس: نانخانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەخىينۇس: ئەخىيرۇس ئۆسۈملۈكىدۇر. ئۇ يەنە «خەرۇنىيە»، «خۇدرۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەدادا: «ئەسەدۇل ئەرز» دەپ ئاتىلىدىغان ئىشخىيس ئوتىنىڭ بەربەرچە نامىدۇر.
ئەدرافىس: ئازەريۇندۇر.
ئەدفۇس: تاغ ئارچىسىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەدۋىيەئى ھاررە (ئىسسىق دورىلار): دورا ـ دەرمانلاردىن ئىبارەت.
ئەدۋىيەئى خۇشبۇ: خۇش پۇراق دورىلاردىن ئىبارەت.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ نامى

ئەزانۇل ئەرنەب (توشقان قۇلاقئوت): بۇدۇشقاقنىڭ بەربەرچە نامىدۇر.
ئەزانۇس سەۋر (بۇقا تىلى): گاۋزىباندۇر.
ئەزانۇل جەدىي (پاقلانقۇلاق): پاقىيوپۇرمىقىنىڭ چوڭ تۈرىدۇر.
ئەزانۇد دۇب (ئېيىققۇلاق): قۇلۇمۇس ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت. بوسىر ئۆسۈملۈكىنىڭ

بىر تۈرىدۇر.

ئەزانۇش شات (قويىقۇلاق)، ئەزانۇل غەزال (كېيىكقۇلاق): بۇدۇشقاقتۇر، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە پاقىيوپۇرمىقى ئىكەن. بۇلەسكى ئۇتىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەزانۇل ئەبد (قۇلقۇلاق): ياۋا كەشمىرنىڭ بەربەرچە نامىدۇر.

ئەزانۇل غەز: چوپان تايىقى، قىزىل تاسما.

ئەزانۇل فىيل (پىلقۇلاق): چوڭ لۇف ئۆسۈملۈكىدۇر.

ئەزرۇ: كۆپۈكىدەريانىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئەزنابۇل خەيىل (ئات قۇيرۇقىئوت): تېكە ساقىلىئوت.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەرامۇنى: لالىئوتنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەراھ: مەستىكى.

ئەربالىيس: نوقۇتنىڭ ئىبرانچە نامىدۇر.

ئەربىيان: ھەمىشىباھارنىڭ شامچە نامىدۇر، ئۇ ھىندىچە «جىنگا مەچىلى» دەپ ئاتىلىدىغان ماھى رۇمبەدىيان ئەمەس.

ئەرپا: ئارپىنىڭ تۈركچە نامىدۇر.

ئەربىيس: دولانىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەربەئە ۋە ئەربەئىين: ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن.

ئەرتەقى: خەلەنج دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرجالۇن: فاشەرا (مىڭشاخ)نىڭ نامىدۇر.

ئەرجالۇن: ياۋا بادامدۇر، ئەرجەن ئۇنىڭ يېغىدۇر.

ئەرجىن: ئۆمۈچۈكنىڭ ئىبرانچە نامىدۇر.

ئەرجىيقۇن: يۇنانچە «ئەرجىيقنە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، «رەربىرا» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ نامىدۇر.

ئەرخەس: ئۇرۇقدانىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئۇردەك: ئۆردەكنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەردىسەم جارۇسمىين: تۇدەرىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر. ئەردىما، ئەردىشەران، ئەردخىير قاتارلىقلار كەنۇچىدۇر، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاغ كەنۇچىسى ئىكەن.

ئەردەم: ئازەربۇ ئۆسۈملۈكىدۇر.

ئەردە: سوقۇلغان كۈنجۈتنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەرزە: زۇپتى رۇمىنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەرزەن: تېرىقنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەرزىيز: قەلەيىنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەرسانىيقۇن، ئەرسانىيقى: سېرىق زەرنىخنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرسەد: ھەجەرۇن نۇر (نۇر تاش) دۇر.

ئەستۇر: بەزرۇلبەنجى ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرستۇلۇخىيا: بۇ سۆز يۇنانچە پەزىلەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۇزۇنچاق زىراۋەندىدۇر.

ئەرشەد: چاڭگاكتۇر.

ئەرستاسىيا: بەرەنجاسىپنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرتۇناس: گىل قىيمۇلىيانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرشىد: مەرقەشىشا (تۆمۈر رۇدىسى)دۇر.

ئەرتىيا: ئۇزۇم ساپىقىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرتى، ئەرتىيا: توغراقنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرغامۇنى: چۆل كۆكنارىدۇر، رەڭگى لالىئوتقا ئوخشايدۇ، شىرازدا «مامىسا سۇرۇخ» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرغۇل: كافۇر موتى دورىسىدۇر.

ئەرغىيلەم: سېمىزئوتنىڭ ئىبرانچە نامىدۇر.

ئەرقان، ئەرقۇن، ۋەرقان، ئىيرقان، فەقۇلىيان، بەرنا، يەرنا: ھەممىسى خېنىنىڭ نامىدۇر. پىندۇق يېغىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەرقەب: تاغ تېكىسىنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر.

ئەرقەلىس: يەرلىك نەمام ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرەقلىيان: قايماق كۆكنار (خەشخاش زەبەدى)دۇر.

ئەرقۇلىس: ئارچا مېۋىسىدۇر.

ئەركەفەن: نوقۇتنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرمات: «كەدەر» دەپمۇ ئاتىلىدىغان كارى ئۆسۈملۈكىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈلى ئىكەن.

ئەرماك: كارى ئۆسۈملۈكى پوستىدۇر، بۇ ئۆسۈملۈك ھىندىچە «كىيۇرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرمانىيان: لاجۇۋەردنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرمىينا: نۆشۇدۇرنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەرمىناقىن: ئۆرۈكنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرمۇنىيا: ئاقاقىيانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرەند: ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئەرەندى: ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكى ئۇرۇقى.
ئەرنىفىس: پىلپىلنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرۋانە: ياۋا خەيرىگۈلنىڭ پارسچە نامىدۇر.
ئەرۇزا: غازنىڭ سۇريانچە نامىدۇر.
ئەرۇس: ئەبۇ خەلسا ئۆسۈملۈكىدۇر، ھىندىچە «ر» ھەرپى بىلەن يېزىلسا ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنى كۆرسىتىدۇ.
ئەرۇنىيە: ئالقاتىنىڭ سۇريانچە نامىدۇر.
ئەرۇنىس: ياۋا كۆك پۇرچاق (كۇرسىنە)نىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرۇق: ئۆرۈكنىڭ تۇركچە نامىدۇر.
ئۇرۇمچىك: ئۆمۈچۈكنىڭ تۇركچە نامىدۇر.
ئەرۇنىس: كەنۇچىنىڭ بىر تۇرىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرھا: ئامىلەنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرىدا: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرىسادۇن: دۇۋەيرە دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەرىتۇس: ھاكىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەزداد: كافۇر موتى (كافۇرنىڭ بىر ناچار تۇرى) دۇر.
ئەزۋەرد: بېدىنىڭ بەربەرچە نامىدۇر.
ئەزدەۋي: دارشىشئان (چاقماق ياغاچ).
ئەزۋا: سەبرىنىڭ تۇركچە نامىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەسپىرتىسىم: قەفرۇلىيەھۇد.
ئەسپىلى: «جەرى» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ تەنەكابۇنچە نامىدۇر.

ئىسپەرزە، ئەسپىغۇل، ئىسپىغۇل: ئىسپىغۇلنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەسپەرەك: زەرىير (بوياقئوت)نىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئىسپەندان: ئەسياتۇن دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئىسپىرتىم، ئىستەفلىس، ئىسقەلتىس: قەفرۇليەھۇد.

ئىسپەرغەم، ئىسفەرغەم، ئىسفەرەم: رەيھاننىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئۇستىخانى خۇرما: خورما ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەستەر: قېچىرنىڭ پارسچە نامىدۇر.

ئەستەرخا: قىزىل زەرنىخ.

ئەستىرادۇ: مۇرچىنىڭ تۈركچە نامىدۇر.

ئەسھار: پەلەستىن خەلقىنىڭ تىلىدا تۇدەرىدۇر.

ئەسەدۇل ئەرز (يەر يولۋىسى): ئىشخىيس ئوتى. يەنە خامىلىيئونمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇسرۇب: قوغۇشۇن.

ئۇسرەنج: ئۇسرەنج دورىسى.

ئەسرىقۇن: كۆيدۈرۈلگەن شىڭگىرىپ.

ئەستىراك: مىئە سائىلەنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەستىرۇتىيم: كۇندۇشنىڭ فىرانسۇزچە نامىدۇر.

ئەستام: تۆمۈرنىڭ بىر تۈرى بولغان پولاتتۇر.

ئەستافىبۇس ئەغرىبا: تاغ قۇرۇق ئۈزۈمىدۇر.

ئەستافابىس، ئەستۇن: سەۋزىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر. رىمچە ئەستەفلىين دېيىلىدۇ.

ئەستىرماتۇس: ئادراسماندۇر.

ئەستىلەس: قەفرۇل يەھۇددۇر. ئەستۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەستەرىيتىس: مەرمەر تېشىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەسئىيرا: ئاغىچىدۇر.

ئەسفىراج: ھەلىيۇننىڭ ئەندەلۇسچە نامىدۇر.

ئەسفاد سەفىيد، ئىسفەند سەفىيد: ئاق قىچىنىڭ پارسچە نامىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئاق ھۇرف (كۇنلۇكسىمان كەرەپشە) ئىكەن.

ئىسفىست: پارسچە «ئىسپىست» (ياۋا بېدە) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ ياۋا بېدىدۇر.

ئىسفەناج رۇمى (رىم پالىكى): قەتەف ئۇسۇملۇكىدۇر.

ئىسفىيدار: توغىرەك دەرىخىدۇر.

ئىسفىيدۇش: سىمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامىدۇر.
ئىسقۇرۇن: تۆمۈر پوقىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئىسقال، ئىسقىيلا: ياۋا پىيازدۇر.
ئىسقەلياتىيقۇس: ئانارگۈل.
ئىسقەلىينۇس: ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن.
ئەسقەنت: هاراق.
ئىسقۇۋالىس: بەرۋانىئوتىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئۇسقۇرىيدۇس: پەنىرمايە.
ئىسقىيدۇلىيۇن: كاكىنەچ.
ئىسكۇربى: چاياننىڭ فىرانسۇزچە نامىدۇر.
ئىسقۇرلىس: ئەشراس يىلتىزىدۇر.
ئىستەريۇس: يەشەب تېشى.
ئىسكەندەرۇس: مۇشۇكياپىلاقنىڭ رىمچە نامىدۇر.
ئەلسىيۇس: قىلىن دارچىننىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەسمار، ئەسفار، ئەسفىرەم: ياۋا ئاس.
ئەسمالاۋەن: ياۋا سەۋسەننىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەسنەتۇل بۇستانىييە: زەمچە.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ش» (شىين) هەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئىشبىيل: بەتارىخ دىگەن دورىنىڭ بىر تۈرىنىڭ گىيلانچە نامىدۇر.
ئۇشتۇر گىياھ: قىلىن دارچىننىڭ پارسچە نامىدۇر.
ئەشتىلابۇس: دارشىشئان (چاقماق ياغاچ)دۇر.
ئەشتىيۇن: بىستىپايەجنىڭ مىسىرچە نامىدۇر.
ئەشقاقۇل: شاقاقۇل بولۇپ، ياۋا سەۋزە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئەشقۇن: رىباس (رەۋەن ئۆسۈملۈكى)نىڭ تۈركچە نامىدۇر.
ئەشكانى: تەنەكابۇن ۋە تەبەرىستان تىلىدا بەقلەتۇل يەمانىييە (قىزىل بۇغداچ) ئۆسۈملۈكىدۇر.
ئەشكىيل: جىغان.

ئەشمىرسا: كۆنۈچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، باشقا تۈرلىرىدىن پۇراقسىزراق بولىدۇ.
ئەشىيران: خۇسيۇل كەلب (ئىت ئۇرۇقىدىنى)دۇر.
ئەشيافى مامىيسا: شىيافى مامىسا بولۇپ، مامىسا ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەسابىئى غەدادىي: بىر خىل ئۈزۈنچاق ئۈزۈم بولۇپ، ئەنگۈرى زەيتۇنىي (زەيتۇنسىمان ئۈزۈم) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئاسابىئى قىينان: پەرەنجمىشكى.
ئەسابىئۇل مەلىك (شاھ بارمىقى): ئىكلىلملىك.
ئەسابىئۇل ھۇرمۇس (ھۇرمۇس بارمىقى): سۆرۈنجان گۈلى.
ئەستىرەك: مىئەسائىلنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەسنەف: كەپە يىلتىزىدۇر، «سەنەف» مۇ دېيىلىدۇ.
ئەستەفى: مىئەسائىلە.
ئەستەفلىن: شام خەلقى تىلىدا سەۋزىدۇر، ئۇ يۇنانچە «ئەستافالىيس» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.
ئەفلاۋۇس: دارشىشئان (چاقماق ياغاچ)دۇر.
ئۇسۇلۇل ئەربەئە: تۆت يىلتىز، يەنى كەپە يىلتىزى، ئارپىبەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى، كاسنە يىلتىزى قاتارلىقلار.
ئەسلۇل خۇنسا: ئەشراس يىلتىزى.
ئەسلۇر رەئىس: تۈركچە «ئەندىز» دەپ ئاتىلىدىغان فىيل جوش(پىلقۇلاق) ئوتىنىڭ بىر تۈرىدۇر.
ئەسلۇس سۇس: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بولۇپ، پارسچە «بىخى مەھەك»، ھىندىچە «مىلتىھى» دەپ ئاتىلىدۇ، بېنگالدا «جىتى»مۇ دېيىلىدۇ.
ئەسلۇس سەۋسەنىل ئاسمانجۇنى (ئاسمان رەڭلىك سەۋسەن يىلتىزى): ئىرىسا.
ئەسلۇس سەۋسەنىل ئەبيەز (ئاق سەۋسەن يىلتىزى): ئاق سەۋسەن يىلتىزى بولۇپ، سەۋسەندە بايان قىلىندى.
ئەسۇل ئەنجۇدان (ئەنجۇدان يىلتىزى): ئۇشتۇرغار (ئەجەم زەنجىۋىلى)دۇر.
ئەسلۇل ئەرتەنىسا: ئازەربۇ.
ئەسلۇل فۇلفۇل: «فۇلفۇلى دەراز» (ئۇزۇنچاق پىلپىل)، ھىندىچە «پىيپۇل»، «پىيپلا

مول» دەپ ئاتىلىدىغان پىلپىل يىلتىزىدۇر.

ئەسۇل لۇفاھىل بەررىي (ياۋا لۇفاھ يىلتىزى): يەبرۇج سەنەم.

ئەسلۇل مەرجان: بىخ مارجان.

ئەسلۇن نىيلۇفەرىل ھىندىي (ھىندىستان نىلۇپەرى يىلتىزى): ئۇنىڭ يىلتىزى سەسرا دەپ ئاتىلىدىغان دورىدۇر. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، «فۇلس» دېگەن دورا ئىكەن. «فاغىيە» (خېنىگۈلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەزراسۇل ئەجۇز (موماي چىشى): ئوغرىتىكەن.

ئەزراسۇل كەلب (ئىت چىشى): بىستىپايەج.

ئەزمۇت: ئەتمات دېگەن دورىدىن ئىبارەت بولۇپ، «رىتە»، ھىندىچە «رىتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەتا، ئەتاتاس: توغراقنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، پارسچە «ۋەشەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەتىببائۇل كەلب (ئىت دوختۇرى): سەرپىستان.

ئەتبۇت، ئەتمات، ئەتمۇت: رىتە دېگەن دورىنىڭ بەربەرچە نامىدۇر، فۇپەلمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەتمۇت: تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۆنجۈتى.

ئەتەبتۇن: ياۋا پىياز.

ئەترۇخىيا: بادرەنجىبۇيىنىڭ سۇريانچە نامىدۇر.

ئەترۇغا: تۇرۇنجىنىڭ سۇريانچە نامىدۇر.

ئەترىيقۇن: ئوغرىتىكەن.

ئەترىيۇن: يۇغۇچ ئۇسارىسى.

ئەتمىيسا: قەيسۇم.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەئلەبۇتىس: تەلىقنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەئيۇنۇس سەلاتىين: چاڭگاك، سەنگسەبۇيە (تۇخۇمى پەنۋار) مۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەئيۇن: شۇمشا ئۇرۇقى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەغلەسۇلىيس: ئۇشەق دەرىخى.

ئەغالۇجى: ياڭاق ياغىچىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئەغبەر: بىر خىل مۇرەككەپ دورا بولۇپ، شىھ، تۇتىيا، ناۋا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ، كۆزگە سۈركىلىدۇ، قارابادىنىدا ئۇنىڭ نۇسخىلىرى بايان قىلىنىدى، خاكشىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەغەرىستۇس: سىلئوتى.

ئەغەرلىيۇس: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئوغلان ئېشى: قۇندۇزقەھرىنىڭ تۈركچە نامىدۇر.

ئەغلىيقۇش: دۇسەر (سۇلۇ)نىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئىغلىيقى، ئىغلىيقىن: ئۇزۇم شىرنىسىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەغنەش: ھىجاز ۋە يەمەن تىلىدا نۆشۇدۇرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەغيەريا: يەرنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەغىيراتۇن: ھەلفا (بورا قومۇشى).

ئەغىيرۇس: رىم ياڭىقىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

ئەغىيس: چاڭگاكنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەفارىيقۇن: دىبىق (يېلىمئوت مېۋىسى)دۇر، مازارىيونمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەفاسۇن: تۇرۇپ يېغى.

ئەفراسيمۇن: يېشىل نەئنائ (يېشىل يالپۇز).

ئەفراسيۇن: يۇنچە، يەنى بېدە.

ئەفەرغەنج: ئەپتىمۇن ئۇرۇقى.

ئەفرۇديجان: ديفرۇجىس ئۇسۇملۇكىنىڭ بىرىنچى تۈرىدۇر.

ئەفرۇسالىين: ھەجەرۇل قەمەر (ئاي تاش).
ئەفرىدۇس: ئىزخىرنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەفئايىن: سۇزاپىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەفلاتىن: كۆك مۇقەل.
ئەفلەنجە: فەلەنجە.
ئەفنىيسۇن: قامغاقنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەفنىئايىن: سۇزاپىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەفنفرۇن: ئەخىينۇس.
ئەفىيلۇن: تاغدا ئۆسىدىغان شىھ ئۆسۇملۈكى.
ئەفنىيقۇس: زاراڭزا گۈلىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەفىيمۇنا: دارچىننىڭ يۇنانچە نامى.
ئەفىينۇس: پەرەنجىمىشكىننىڭ يۇنانچە نامى، ئەپرەنجىمىشكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ئەفنىيۇن: قامغاقنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەفيۇر سەفسافىن: خۇببازى ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەفىينىين: پەرپىيوننىڭ رىمچە نامى.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەقارۇن: ئىپگىرنىڭ رىمچە نامى.
ئەقاقالىس: تەشمىزەج.
ئەقەرقۇمەئىما، قەرقۇمەئىما: زەپەر يېغى لىيى.
ئەقەرسى، ئەقەرس: دىبىق (يېلىمئوت مېۋىسى).
ئەقارۋا: كەرۋىيا.
ئەقرىيتۇس، ماتىس: قۇدۇس دولانىسى گۈلى.
ئەقراسۇل مەلىك: ئىتياڭىقى.
ئەقسۇس: مۇيزەج ھەسلى.
ئەقسىيا: ئاق مازارىيون.
ئەقەتنا ئەرانۇقى: ئاق تىكەننىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقتالۇقى: قامغاقنىڭ يۇنانچە نامى.

ئەقسارانىيقى: قامغاقنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقتەن: ناش.
ئىقتى: چوڭ خەمان دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقلانۇنىس: چاققاقئوتنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقلارۇتىس: يۇلغۇننىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقۋىيلاسمۇن: بىلسان يېغى.
ئەقۇمارسۇن: ياۋا ئارپىبەدىيان.
ئەقۇنىيتۇن: يولۋاسبوغارنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقۇنۇسىين: تۆگىئوتى.
ئەقيۇس: ئامۇتنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەقۇمالى: مائۇلھەسەلنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەكارىيقۇن: چۆل زەيتۇننىڭ ئۇرۇقى.
ئەكەج: ئالقات.
ئېگىر: ئۇد ھىندىنىڭ پارسچە نامىدۇر.
ئەكرار: سامەريۇما (چايانئوت)نىڭ چوڭ تۇرى.
ئەكرا: لىيفۇل بەھر (دېڭىز لېشى).
ئەكەرەفس: كەرەپشە.
ئەكرۇفس: رىم ياڭىقى.
ئەكرۇھەك: ئەنزىرۇت.
ئەكسۇفىيلۇس: ھۇمانە دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەكسۇمانس: ئەبۇ خەلسا (ئەرۇسە).
ئەكسىيالۇس: قۇندۇزقەھرى.
ئۇكشۇس: ئەپتىمۇن ئۇرۇقى.
ئەكرۇت: ياڭاقنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئىكىير: ئېگىرنىڭ تۈركچە نامىدۇر.
ئەكمۇيىزان: كەپتەر ئوتى (رەئىيۇل ھەمام).

# پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەلايتۇن: راسەن.
ئەلاد: زەيتۇن يېغىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلاسفافىس: تۆگىتىلىئوت (لىسانۇل ئىبىل). ئۇنى تۆگىئوتى (رەئىيۇل ئىبىل) دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.
ئەلەت: نەمام ئۆسۈملۈكىدۇر، ئۇ نەماما، نەمماموۇل مەلىك، ھەر قۇلىيۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سىسەنبەردۇر.
ئالاچى: ھىندىچە قاقىلەنىڭ نامىدۇر.
ئالاتىينى: يۆگىمەچئوت.
ئالاتىن: بەسباسەنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلا كەلەڭ: ئالاكۇلۇكىنىڭ تۈركچە نامىدۇر.
ئەلا مۇلك: فاشەرا (مىڭشاخ)نىڭ دەيلىمچە نامىدۇر.
ئەلانىيۇن: راسەننىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلباي: ئاق لەيلىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلبۇت: يۆگىمەچ مېۋىلىك تاغ كۈنجۈتى.
ئەلەج: يۆگىمەچئوت.
ئەلسا: نانخا.
ئەلسىنەتۇل ئەسافىر: ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، لىسانۇل ئاساپىر.
ئەلەسفافىن: تۆگىتىلى.
ئەلسەنىين: تۇزنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەلەت: سۇسەنبىر.
ئەلماس: ئالماس، پارسچە ماس دەپ ئاتىلىدۇ.
ئالماقىن: بەسباسەنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلمەقتەرۇن: كەھرىۋانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلمىيكە: مەستىكىنىڭ فىرانسۇزچە نامىدۇر.
ئىلىك: يىلىكنىڭ تۈركچە نامىدۇر.
ئەلۇج: مۇخلىسە (نىجاتكار ئوت) نىڭ بىر تۈرى.
ئەليۇن: سۆئىدىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەلۋىيس: زەيتۇننىڭ لاتىنچە نامىدۇر.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەمامۇن: ھۇمامانىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئەماغىيرۇن: خەرنۇب نىبىتىنىڭ ئىبرانچە نامىدۇر.
ئەماتىيتۇس: شادىنەجىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
ئۇممۇل جۇلۇد: قۇلۇلىنىڭ بىر تۈرى.
ئەمرۇد: ئامۇتنىڭ پارسچە نامى.
ئەمرۇسىيا: ئۇزۇم ساپىقى. يەنە بىر خىل مەجۇننىڭ نامى بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.
ئەمئىئۇل ئەرز (يەر ئۇچىيى): سازاڭ قۇرت.
ئەمئاسىين: غورا ئۇزۇم سۈيىنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەمۇرئى: زەيتۇن يېغى لېيىنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەمۇنىيافىن: ئۇشەقنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەمىيۇس: نانخا.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەنار: ئانارنىڭ پارسچە نامى.
ئەنارى كىيۋا: خەشخاش.
ئەنامى مىشك: نارمىشكى.
ئەناربىچە: مازىندارلاندا ئىزخىرنىڭ بىر تۈرىنى كۆرستىدۇ.
ئەنار دانە: ئانار ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامى.
ئەنار دانەئى دەشتىي: ھەببۇل قەلقەلنىڭ پارسچە نامى.
ئەناتىيتۇس: ئەكىتمەكىت.
ئەناغۇرس: ئەناغۇلىسنىڭ رىمچە نامى.
ئەناغىيلىس: چاشقان قۇلاقئوتنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەنالىيس: ئەناغۇلىسنىڭ نىبىتچە نامى.
ئەنالىيقى: چاققاقئوت.

ئەنەب: پەتىنگان. «ئەنب» دېيىلسە ئەنبە مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەنبارىقۇن: خۇنسا ئۆسۈملۈكى.
ئەنبالىس لۇقا: فاشەرا (مىگشاخ)نىڭ يۇنانچە نامى.
ئەنبۇتۇل مەلىك، ئەنبۇتۇر رائىي: رەيھاننىڭ بىر تۈرى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوستان ئەفرۇز (تاجى گۇل) ئىكەن.
ئەنبۇس: نانخا.
ئەنتىلەئى سەۋدا: جەدۋار.
ئەنبىجات: مۇرابىبالار، مەسىلەن: ئەنبە مۇرابباسى، زەنجىۋىل مۇرابباسى، ئاملە مۇرابباسى، ھېلىلە مۇرابباسى ۋە باشقىلار بولۇپ، شېكەر قىيامى، ئۈزۈم قىيامى ياكى ھەسەل بىلەن تەييارلىنىدۇ.
ئەبرۇن: ئېگىر.
ئەنبىلى: تەمرىھىندىنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
ئەنجۇدان رۇمى: سىيسالىيۇستۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاشىم ئىكەن.
ئەنجەل: ئاق لەيلى.
ئەنجىيا، ئەنقىليا، ئەنھۇسا، ئىينساۋەلۇن: ئەبۇ خەلسا.
ئەنجىرەتۇس سەۋاد: ھەششەتۇز زەجاج (شېشىئوت).
ئەنجىرەك: مەرزەنجۇش.
ئەنجىلەك: دانەج ئەفرۇجنىڭ پارسچە نامى.
ئەنجەن: سۇرمىنىڭ ھىندىچە نامى، يەنە كۆز دورىلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
ئەنجۇئ: ئۇد ھىندى.
ئەنجىيدە: تاغ كۇدىسى.
ئەنجىير: ئەنجۇرنىڭ پارسچە نامى.
ئەنجىير بەغدادىي: رەقەئ يەمەنى دەرىخى مېۋىسى. مىسىردا ئۇ يەمەن ئەنجۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.
ئەنجەفتىينا: ئانارگۇل.
ئەندە: تۇخۇمنىڭ ھىندىچە نامى.
ئەندامۇن: ماشنىڭ يۇنانچە نامى.
ئەندەرايىن: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ ھىندىچە نامى.
ئەندەرجەۋ: لىسانۇل ئاساپىرنىڭ ھىندىچە نامى.
ئەندەرزا: كالا يادا تېشىنىڭ پارسچە نامى.
ئەندەراسىيۇن: بەخۇرۇل ئەكراد (كوردلار ئىسرىقى) ئۆسۈملۈكى.

ئەندەرۇنىيلۇن، ئەندەرۇسارۇن: فاس ئۆسۈملۈكىنىڭ ھىندىچە، يۇنانچە نامى. «جامىئى تەمىيمى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئەندەرۇسارۇننى لىسانۇل ئەساپىرنىڭ يۇنانچە نامى دەپ بىلگەن.

ئەندەرۇسامىن: ھۇپارىقۇن (سېرىق چاي)، رىمچە ئەندەرۇنىياگۇن دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەندىقىيا: يۇنانچە ئەندۇتونىيا، ئەنتۇنىيا دەپ ئاتىلىدۇ. رىمچە يەرلىك كاسىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھىندىبائى بەلخىي (بەلەخ كاسىنىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇنۇس: ئۇستۇقۇددۇسنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەنساسا: مۇيزەج (ياۋا قۇرۇق ئۈزۈم).

ئەنفافىن: غورا ئۈزۈمنىڭ رىمچە نامى.

ئىنفاق: تولۇق زەيتۇن يېغى.

ئەنفافىيۇن: غورا ئۈزۈم سۈيى.

ئەنقەردىيا: بالادۇرنىڭ رىمچە نامى.

ئەنقەلىيمۇن: رەيھاننىڭ يۇنانچە نامى، ئۇ ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ بىر تۈرى.

ئەنقۇۋانقۇس: مۇرىيھە دېگەن دورىدۇر.

ئەنقۇد: نەمام ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە ۋە تۈركچە نامى.

ئەنقۇن: سېسىق ئەتىرگۈل. يۇنانچە دەرياس دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەنگەبىين: ھەسەلنىڭ پارسچە نامى.

ئەنگۇر: ئۈزۈمنىڭ پارسچە نامى.

ئەنگۇرى شىغال: ئىتئۈزۈمنىڭ پارسچە نامى.

ئەنگۇزە: سېسىق ھىڭنىڭ پارسچە نامى. ھىندىچە ھىڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەنۇدىيا: ئاغچا ئۇسارىسى.

ئەنۇق: تاپخور قۇش.

ئەنۇلا: ئامىلەنىڭ ھىندىچە نامى.

ئەنۇمىيسا: لالىگۈل.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەۋارىن: قۇش تۇخۇملىرىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوبىيانىس: ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوتشىين: جاۋشىر.

ئوتەلكۇ: ئۈزۈم تېلىنىڭ يۇنانچە نامى، تۈركچە زەمەج دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوجا: تەنەكابۇن تىلىدا توغراقنى كۆرسىتىدۇ.

ئوۋجاليۇس: ئەبۇ خەلسا.

ئوجەرى: قېرىنىنىڭ ھىندىچە نامى بولۇپ، پارسچە شىكەنبە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوجى: ھەششەتۇل ئەلەق (زۇلۇكئوتى)نىڭ مازىندارىنچە نامى.

ئوراساليۇس، ئوراسلىيۇس: تاغ كەرەپشىسىنىڭ يۇنانچە نامىدۇر، چۈنكى «ئورا» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىدا تاغ دېگەن مەنىنى، «ساليۇس» دېگەن سۆز كەرەپشە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئوزمەك: ئادراسماننىڭ تۈركچە نامى.

ئورەز: سۇنىڭ يۇنانچە نامى.

ئورەز بابارى: سۇ پىلپىلى.

ئورەزھا: مائۇلھەسەل.

ئورىيزا: گۈرۈچنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوركەلىيك: ئېگىرنىڭ تۈركچە نامى.

ئورەن: كىچىك لۇف ئۆسۈملۈكى.

ئورىقاس: كىچىك لۇف ئۆسۈملۈكى.

ئورەز ھورىس: سىمابنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوس: شەبنەمنىڭ ھىندىچە نامى.

ئوفەقلىس: پاقىيوپۇرمىقىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوقتارىيۇن: غاپەس.

ئوقىيمۇن: ياۋا رەيھاننىڭ يۇنانچە نامى.

ئوقىيلۇس: پەرەنجىمشكىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوكسىرمالى: سىركەنجۇبىل ھەسەلنىڭ يۇنانچە نامى.

ئوماريقا: رۇمبەدىيان.

ئونو: ئېچىتقۇنىڭ يۇنانچە نامى.

ئونوساليۇس: قۇررەتۇل ئەيىن (سۇ كەرەپشىسى) نىڭ يۇنانچە نامى.

ئوماج: چۈچۈمەل نەرسىلەر قوشۇلمىغان ئۇماچ ئاش بولۇپ، تۈركچە ئاشى بەۋا دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوماسيانا: ئۆرۈكنىڭ يۇنانچە نامى.

ئونازيا، ئوبوزيا: ئاغىچىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئۇنت: تۆگىنىڭ ھىندىچە نامى.
ئوھىيرە: ئاسىنىڭ ھىندىچە نامى.
ئەۋىيقىس: ئەزپارەتىپىنىڭ ھىندىچە نامى.
ئويكەم: ئۆپكىنىڭ تۈركچە نامى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەھمونىيون: ئىسپىداج (ئۇپا).

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئىيبار: ئىپارنىڭ تۈركچە نامى.
ئىيبەك: يىپەكنىڭ تۈركچە نامى.
ئىيدەئ: خۇنسىياۋشان.
ئىيدىقان: خېنە.
ئىيدىس: مىسنىڭ يۇنانچە نامى.
ئىيدىيزا: ئۇشبەتۇن نار.
ئىيساتىس: نىل ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
ئىيشەك: ئېشەكنىڭ تۈركچە نامى.
ئىيتاماس: توغرەك.
ئىيقاقالىس: كۆك موزا.
ئىيكسىيلىن: ئەبنۇسنىڭ رىمچە نامى.
ئىيلۋا: سەبرىنىڭ ھىندىچە نامى.
ئىگىر: ئېگىرنىڭ تۈركچە نامى.
ئىيملىنون: ئۇسقۇلۇقەندەرىيون.
ئىينەك: كالىنىڭ تۈركچە نامى.
ئەيۇس: زەنگارنىڭ يۇنانچە نامى.
ئىيۇك: قاقۇم (ئاق ئاغمخان)نىڭ تۈركچە نامى.
ئەيھىقان: ياۋا زاغۇن.

# ئىككىنچى باب
# «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بابارى: پىلپىلنىڭ يۇنانچە نامى.
بابىلۇن: سەبرە.
بابەرەڭ: بەرەڭگى كابۇلىنىڭ ھىندىچە نامى.
بابلىيس: خەشخاشى زەبەدى (قايماق خەشخاش)نىڭ يۇنانچە نامى.
بابرى: رەيھاننىڭ ھىندىچە نامى.
بابۇنەئى گاۋ: ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ پارسچە نامى.
پات: يوپۇرماقنىڭ ھىندىچە نامى.
پاچ: يۇنانچە «فاسقۇن دۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوتنىڭ ھىندىچە نامى.
باجرە: تېرىقنىڭ ھىندىچە نامى.
پاچە: كاللا ـ پاقالچاقنىڭ ھىندىچە نامى.
بادام: بادامنىڭ پارسچە نامى.
بادامى كۇھىي: جۇللەۋزنىڭ ھىندىچە نامى.
بادامەك: پارس بادىمىنىڭ پارسچە نامى. ئۇ يەنە بىر خىل سۆگەتنى كۆرسىتىدۇ.
بادىل: بۇلۇتنىڭ ھىندىچە نامى.
باديان: ئارپىبەدياننىڭ پارسچە نامى، پارسچە يەنە رازىيانە دەپ ئاتىلىدۇ.
باديان رۇمىي: رۇمبەدياننىڭ پارسچە نامى.
پارا: سىمابنىڭ ھىندىچە نامى.
بارتەڭ: پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ھىندىچە نامى.
بارىج: ئىتئۇزۇمى.
بارى دەرەختى بەقەم: چەشمىخورۇسنىڭ پارسچە نامى.
بارى دەرەختى سىدر: نىبىق دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىنىڭ پارسچە نامى.

بارى سەرۋى كۇھىي: ئارچا مېۋىسىنىڭ پارسچە نامى.
بارى دەرەختى ئۇد: ھەرنۇھ (ئۇد ھىندى دەرىخى مېۋىسى)نىڭ پارسچە نامى.
بارى دەرەختى گەز: يۇلغۇن مېۋىسىنىڭ پارسچە نامى.
بارى دەرەختى گۇلى سەھرايى: دەلىيك (ئازغان مېۋىسى)نىڭ پارسچە نامى.
بارىس: سىناق تاشنىڭ تۇركچە نامى.
بارىستارىيۇن: كەپتەر ئوتىنىڭ يۇنانچە نامى. ئۇ كەپتەر دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.
بارىيسقارىيقۇس: كاندىن چىقىدىغان زەنگار.
بارمۇ: ياۋا سەۋزە ئۇرۇقىنىڭ ھىندىچە نامى.
بارەنج: نارجىل.
بارۇق: ئىسپىداج (ئۇپا) نىڭ ئىبرانچە نامى.
بارۇد: كېپەك تاش (ھەجەرۇس سەبۇس).
بارى رەئلا: زىغىرنىڭ سۇريانچە نامى.
بارىيقۇن: شەۋكىران.
باز: لاچىننىڭ پارسچە نامى.
بازىن: يىلپىزنىڭ تۇركچە نامى.
بازەھىر كانى: كاندىن چىقىدىغان پادىزەھرى.
بازەھىر گاۋىي: كالا يادا تېشىنىڭ پارسچە نامى.
باسيۇن، بافيۇن: سۆئدە.
باشە: قارچۇغىنىڭ پارسچە نامى.
بات ـ بات: بەزرۇلبەنجىنىڭ تۇركچە نامى.
باتىس: دولانىنىڭ بىر تۇرى.
باقرى: قەبەدنىڭ تۇركچە نامى.
باقىر بەقرە: چىلنىڭ تۇركچە نامى.
باقۇرساق: ئۇچەينىڭ تۇركچە نامى.
باقىلەيى ھىندى: فەشەغ دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ئاخىرقى تۇرى.
باقىللايى مىسرىي: باقىلەنىڭ مىسىردا بولىدىغان كىچىك تۇرى، ئۇ تۇرمۇس ئەمەس.
باگىھ: شىرنىڭ ھىندىچە نامى.
بال: ھەسەلنىڭ تۇركچە نامى، ھىندىچە چاچنىڭ نامى.
بالادۇرغان: ئەنجۇدان غولىنىڭ تۇركچە نامى.
بالىخ: بېلىقنىڭ تۇركچە نامى.
پالەك: پالەكنىڭ ھىندىچە نامى.

بالەنگ: تۇرۇنجىنىڭ پارسچە نامى.
پانى: سۇنىڭ ھىندىچە نامى.
بالىيقۇس: ئەبۇ خەلسا.
بان: ھەببۇلبان دەرىخى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەبەر: ھىندىستاندا بولىدىغان، ئادەتتىكى شىردىن كىچىكرەك، ئۇزۇنراق بولغان بىر خىل شىرنىڭ نامى.
بەبرالە: ئۇزۇنچاق زىراۋەندە.
بەبۇل: ئۇممىغىيلان (تۇخۇمەك) دەرىخىنىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

پەت، پەتتى: ھايۋانلار ئۆتىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەتەئ: خورما شارابى، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئىرىق شارابى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەسەل شارابى.
پەتكە: قۇشلارنىڭ تاشلىقىنىڭ تۈركچە نامى، پارسچە سەنگدانە تۈيۈر دېيىلىدۇ.
پەتتەر: تاشنىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەساۋىي: يۇنانچە قىزىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەج: ئەندەلۇس تىلىدا قەتەف (رىم پالىكى)نىڭ نامىدۇر، «چ» ھەرپى بىلەن يېزىلسا ئېگىرنىڭ پارسچە نامى بولىدۇ.

بەجەم: يۇلغۇن مېۋىسىنىڭ مىسىرچە نامى.
بەجەسجاس: چوپان تايىقى ئۆسۈملۈكى.
بەجۇرە: تۇرۇنجىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەچناك: بېيشىنىڭ بىر تۈرىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەچۇ: چايانىنىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەھەسخاس: كېيىك قۇلاقئوت.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇختەج: پارسچە پۇختە (پىشقان) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.
بەخرەك: تاغ بادىمىنىڭ شىرازچە نامى.
بەخلە، بەخيلە: سېمىز ئوت.
بەخەم: بۇغداي ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل شاراب.
بەخۇر: مىئەسائىلە.
بەخير، بەخمە: كەنكەر.
بەخىب: ئەرەب تۆگىسى سۈيدۈكى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەدرانەك: ئەندەريان.
بەدەليۇن: مۇقەل.
بەدە: توغراقنىڭ پارسچە نامى.

# پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇر: بۇغداينىڭ نامىلىرىنىڭ بىرى. بەر دەپ ئېيتىلسا ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنى كۆرسىتىدۇ.

بەرابەران: سەتارىيۇن دېگەن دورىنىڭ پارسچە نامى.

بەراجىيل: كەرەپشە.

بەراسى: يۇنانچە بەرسا، سۇريانچە بەرسامۇن، بەرۇسۇن دېيىلىدۇ، ئارچا مېۋىسىنىڭ رىمچە نامىدۇر.

بۇرادەتۇل ھەدىيد: تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى.

بەراسىيا: ئەلىيۇسىيۇن.

بەرپا: ھەدبە دېگەن دورىنىڭ پارسچە نامى.

بەرام: بەرام تېشى.

بەربەر: مىسۋاك دەرىخى مېۋىسى.

بەربەتۇرە: ئەندەلۇس تىلىدا كوردلار ئىسرىقى ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

بەربىيلۇن: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۈتلۈكئوتلار قاتارىدىندۇر. بەزىلەر بەلبۇس (تاغ پىيىزى) نىڭ بىر تۈرى دەيدۇ.

بورفۇش: ئۇشەق.

بەردۇ سەلام: ماراكەش تىلىدا پاقىيوپۇرمىقىنىڭ نامى.

پەرەستۇك: قارلىغاچنىڭ پارسچە نامى.

بەرەش: پاختا.

بەرشىين: بېدىنىڭ پارسچە نامى.

بەرىيشۇن: بىر خىل دەرەخنىڭ ئامۇتقا ئوخشايدىغان مېۋىسى. بۇ دەرەخ ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە ئۆسىدىغان بولۇپ، مىسىرلىقلار ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ. باشقا يىراق شەھەرلەردە ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەيدۇ.

بەرسىيقا مىيلا: بېھىنىڭ يۇنانچە نامى.

بەرسۇرۇخ: زىيۇر دېگەن دورىنىڭ تۈركچە نامى.

بەرشۇم: قەسب (توڭ خورما قېقى).

بەرشىيان دارۇ: چوپان تايىقى.

بەرتانىيقى: بوستان ئەفرۇز (تاجىگۇل).

بەرتىيقۇن: گىل مۇغرە.

بەرغەت: قۇننا بەرا (بەھەقئوتى)نىڭ خۇراسانچە نامى.

بەرغەل: دۇشىيش ئوتى.

بەرغۇنى: ئىسپىغۇلنىڭ يۇنانچە نامى.

بەرغۇل، بەرغۇر: بىرىنچىسى پارسچە بولۇپ، ئۆسۈملۈك دېگەن مەننىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچىسى چالا سوقۇلغان بۇغداي دېگەن مەننىنى بىلدۈرىدۇ.

بەرق: قارنىڭ پارسچە نامى.

بەرقۇق: مىسىردا ئۆرۈكنىڭ، شامدا ئالۇچىنىڭ نامى.

بەركەفە: قەسبۇزەرىرە.

بەرگى نىيل: ئوسما.

بەرمىس: سەبرە.

بەرمۇم: ئەكبەر (ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى لىپى).

بىرىنق، بىرىنج كابۇلى: بەرەڭگى كابۇلىنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

بەرەنجىمىشك: پەرەنجىمىشكى.

بەرنى: يۇنانچە ئەۋرىشمىنىڭ، ھىندىچە سېرىق ھەرىنىڭ نامى.

بىرىنج: گۇرۇچنىڭ پارسچە نامى.

بەرنىيس: يۇنانچە ھايۋانلارنىڭ چېقىشىنى كۆرستىدۇ.

بەرۋانىيا: مىڭشاخ ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

بەرۇش: پىشلاقنىڭ يۇنانچە نامى.

بەرەھفانەج: كەنۇچىنى كۆرستىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاغ كەنۇچىسى ئىكەن.

بەرھلىيا: ئارپىبەدىيانىنىڭ سۇريانچە نامى.

بەرەھمى: بىيشنىڭ بىر تۈرىنىڭ ھىندىچە نامى.

بەريۇن: ئۆشنىنىڭ يۇنانچە نامى.

بەرىيمۇتالۇن، بەرۇمۇ: ئازەربۇيە.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇز: ئۆچكىنىڭ پارسچە نامى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوينىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇزاق: تۇكۇرۇك.

بۇزاقۇل قەمەر: ئاي تاش.

بەزباز: بەسباسەنىڭ پارسچە نامى.

بۇزۇر: ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى. ھەربىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى شۇ ئۈسۈملۈكنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

بەزرى بىلاسقەلىين: ھۇرف بابىلى.

بەزرۇل ئۇرجۇۋان: ئۇ تەشمىزەجنىڭ باشقىسىدۇر، ئۇرجۇۋان ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

بەزرۇل بەنجى ھىندى: ئەجۋائىن خۇراسانى.

بەزرۇل جەزەرىل بەررىي: ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

بەزرۇل ھەجەرىي: قۇلت ئۈسۈملۈكى.

بەزرۇل خەمخەم: تۇدەرى.

بەزرى ئىسپەندان: ھۇرف ئەبيەز (ئاق كۇنلۇكسىمان كەرەپشە)، پارسچە «سپەندى سەفىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزرۇر رازىيناج رۇمىي: رۇمبەديان.

بەزرۇر رۇممانىل بەررىي، بەزرۇل مەت: ھەببۇل قەلقەل.

بەزرۇل ئۇسفۇر: زاراڭزا ئۇرۇقى.

بەزرۇل فەنجەشك: ھەببۇل فەقدى. ئەسلەق ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

بەزرۇل قىننەب: كەندىر ئۇرۇقى.

بەزرۇل كەرەپشىل جەبەلىي (تاغ كەرەپشىسى ئۇرۇقى): پەترئاسالىيۇن.

بەزرۇل ۋەرد: قىزىلگۈل ئۇرۇقى.

بەزرۇل ھۇۋۋە: تۇدەرى.

بۇزغالە: ئوغلاقنىڭ پارسچە نامى.

بەزمەج: ۋاران كەسلەنچۈكنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇساق: تۇكۇرۇك.

پىست: ئارپا تالقىنىنىڭ پارسچە نامى.

پىستان: يىلىن.

بەستەج: كۇندۇر.

بەستىياج: ئوغرىتىكەننىڭ رىمچە نامى.

پىستە: پىستىنىڭ پارسچە نامى.
بەسقىيا: شاھتەررە.
بەسقىيس: بەقەس (شەمشاد) دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.
بەسكەپرا: ياۋا بېدىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەسلا: پىياز.
بەسۇرۇتۇن: سۇئىي تۇتىيانىڭ ئېغىر تۇرىنىڭ يۇنانچە نامى.
بەسىيلا: مىسىر تىلىدا جۇلبان ئۈسۈملۈكىنىڭ بىر تۇرى. ئۇ ياۋا كۆك پۇرچاق (خۇللەر بەررىي)دىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەشبەش: ئاچچىقتاۋۇز يوپۇرمىقىنىڭ ئەرەبچە نامى.
بەشكەل: تېزەك.
بەشلىشەك: جىنتىيانا.
پەشەم: يۇڭنىڭ پارسچە نامى.
پەشمى ۋەزەغ: لەشنىڭ پارسچە نامى.
بەشمە: تەشمىيزەج (ياۋا تاغ ئۈزۈمى).
بەشنان: بىستىپايەجنىڭ بەربەرچە نامى.
پەشۇلىيۇن: ئىسپىغۇلنىڭ سۇريانچە نامى.
پەشە: پاشىنىڭ پارسچە نامى.
پىشىك: مۈشۈكنىڭ تۈركچە نامى.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇساق: تۇكۇرۇك.
بەسەلۇل فەئر، بەسەلۇل بىر، بەسەلۇل ھەنابىل، بەسەلۇل ھەييە: ياۋا پىياز.
بۇساقۇل قەمەر: ئاي تاش. ئۇ يەنە «رەغۇەتۇل قەمەر»، «زەبدەتۇل قەمەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
بەسەلۇز زىيز، بەسەلۇز زىئب: تاغ پىيزى.
بەسەلۇل مەئكۇل: تاغ پىيىزى.
بەسەلۇن نەرجىس: نەرگىس گۈلى يىلتىزى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ز» (زوۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇزاق: توكورۇك.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ت» (توۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەتارىس: سەرخەس ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
بەتبات: چوپان تايىقى ئۆسۈملۈكى.
بەترا: تاشلىق يەرنىڭ يۇنانچە نامى.
بەتراخيۇن: بەتارۇخ بېلىقى تۇخۇمى.
بەتراخۇ: پاقىنىڭ يۇنانچە نامى.
بەترالاۋەن: يۇنانچە تاش يېغى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ نېفىتتۇر.
بەتراساليۇن: تاغ كەرەپشىسىدىن ئىبارەت بولغان پەتەر ئاساليۇندۇر.
بەتريۇن: خەرنۇبۇش شەۋك ئۆسۈملۈكى.
بەتسفا: مۇمىيانىڭ يۇنانچە نامى.
بتتىيخ زىققى، بتتىيخ ھىندىي، بىتتىيخ شامىي، بىتتىيخ فەلەستىنىي: پارسچە ھىندىۋانە، ھىندىچە تەربۇز دەپ ئاتىلىدىغان تاۋۇزدۇر.
بەتىيتىس: يەبرۇجنىڭ يۇنانچە نامى.
بەتنىيە: بەل (توشقانزەردىكى).

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەيىن ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەئىر: قوي، تۆگىگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ قۇرۇق مايىقى.
بەئۇز: ئەرەبچە «بەققۇس سەغىير» دەپ ئاتىلىدىغان كۆكۈن پاشا، يەنى كۆمۈتا.
بەئىير: تۆگە.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەقەرۇل ۋەھشى: ياۋا بۇغىنىڭ بىر تۈرى.

بەقلەئى ئۇتۇرجىييە: بادرەنجىبۇيىنىڭ بىر تۇرى بولغان تۇرۇنجان ئۇسۇملۇكى.
بەقلەتۇل ئەنسار: كاللەكسەي.
بەقلەئى بارىدە: يۇگىمەچئوت.
بەقلەتۇل ھەمقا بەرربي: ياۋا سېمىز ئوت.
بەقلەئى خۇراساني: چۇچۇمەلئوت.
بەقلەتۇل خەتاتىيق (قارلىغاچئوتى): داۋائى خەتاتىيق ئۇسۇملۇكى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مامىرانچىن ئىكەن.
بەقلەئى دەشتىي (چۆلئوتى): بەقياقئوتى.
بەقلەئى زەھەبىييە (ئالتۇنئوت)، بەقلەئى رەۋھەبىييە: قەتەق ئۇسۇملۇكى.
بەقلەتۇر رەمل: بەقلەئى بەرارىييە.
بەقلەتۇز زەھراۋ، بەقلەتۇل بۇننىييە : سېمىز ئوت.
بەقلەتۇز زەب (كېلەر ئوتى): چۆل بادرەنجىبۇيىسى.
بەقلەتۇن نەساير، بەقلەئى فارسىييە: بادرەنجىبۇيا.
بەقلەئى مۇبارەك، بەقلەئى ئائىشە: يەرلىك زاغۇن.
بەقلەتۇل ئەدەس: فەرفەخ ئۇسۇملۇكى.
بەقلەئى غەرىبە: بەقلەئى يەمانىييە.
بەقلەتۇل غەزال (كېيىكئوتى): مىشكى تارامىشكى.
بەقلەتۇل مەلىك (شاھ ئوتى): شاھتەررە.
بەقلەئى يەھۇدىيە (يەھۇدى ئوتى): ياۋا كاسىنە.
بەقسىمات: پارسچە بەكسىمات دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى بولۇپ، پىچىنە ناننىڭ بىر تۇرىدۇر، تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ.
بەقسىيس: بەقەس (شەمشاد) دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.
بۇققەم: ئىتياشقىنىڭ يەمەنچە نامى.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەكرائى: لىمونىنىڭ بىر تۇرىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، تاتلىق، ئازراق ئاچچىقلىق ئارىلاشقان بولىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى چوڭ بولۇپ، «بەكرائى مەككە» دەپ ئاتىلىدۇ،

يەنە بىرى كىچىك بولىدۇ.
پەكام: ھەببۇلئاس.
بەكان: بىيلەر بەندى.
بەكايىن: ئازاد دەرىخى.
بەكەم: بەقەم (ساپپان دەرىخى)نىڭ ھىندىچە نامى.
بەكنى: سۇفۇپىنىڭ ھىندىچە نامى.
بىكرى: ئۆچكىنىڭ ھىندىچە نامى.
بىكۇر تىكەن: دولانىنىڭ تۈركچە نامى.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بەل: بىر خىل مېۋىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەلابىس: تاغ پىيىزىنىڭ سۇريانچە نامى.
بەلاخۇۋار: جۇشىيسا دېگەن دورىنىڭ تەنەكابۇنچە نامى.
بەلار: ئەرتەنىيسا.
بەلارىج: لەيلەكقۇش.
بەلابىس: ياۋا كۇنلۇكسىمان كەرەپشىنىڭ سۇريانچە نامى.
بەلاسفىين: ياۋا كۇنلۇكسىمان كەرەپشىنىڭ بەربەرچە نامى.
بەلائ ئوتى: سۇ كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسىنىڭ تۈركچە نامى.
بەلبۇس: تاغ پىيىزى.
بەلبۇسا: سۆرۈنجان.
بەلجىيلەھ: قارا زاك.
بەلخىيە: بەھرامەج.
بەلدۇ بىيل: بۇقىنىڭ ھىندىچە نامى.
بەلەنبىس: ئاق ئەنجۈر.
بەلسەفا: ھۇرق بابىلى (بابىل كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسى).
بەلسامىن: بىلساننىڭ يۇنانچە نامى.
بەلسەن: بىر خىل ئەدەس.
بەل شىيرىن: توشقانزەردىكىنىڭ شىرازچە نامى.
بەلتاس: تەرخەمەك ئۆسۈملۈكىنىڭ فىرانسۇزچە نامى.
بەلتاۋۇن: بەقلەئى يەمانىيە ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

بەلغۇر: بىر خىل ئوت.
بەلمۇن، بەكمۇن: سىمىز ئوتنىڭ پارسچە نامى.
بەلەنجاسىق: بەرەنجاسىپ.
بەلەنجىمىشكى: پەرەنجىمىشكى.
بەلەنتىس: بەقلەئى يەمانىيە ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەندەلۇسچە نامى.
پەلەڭ: يولۋاسنىڭ پارسچە نامى.
بەلۋاسىيە: شەقەرراق (تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ).
بەلۋايە: قارلىغاچ.
بەلاۋە: بالادۇرنىڭ ھىندىچە نامى.
بۇلۇت: بۇلۇتنىڭ تۈركچە نامى.
بەلۇسىيتۇن: ئانارگۇل.
بەللۇتۇل ئەرز: دەربۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
بەللۇتۇل مەلىك: شاھبەللۇت.
بەھىيم: غالىس ئۆسۈملۈكىنىڭ دەيلىمچە نامى.
بەلىيسا: تاغ پىيىزىنىڭ دەيلىمچە نامى.
بىللى: مۈشۈكنىڭ ھىندىچە نامى.
بىلىين: سىمىز ئوت.

## پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

بۇن: ئاچچىقسۇ. «بۇنن» دىيىلسە قەھۋەنى كۆرسىتىدۇ.
بەن: ھەببەتۇلخۇزرانىڭ پارسچە نامى.
بەناتۇر رەئد: يەر مەدىكى (موگۇ).
بەناتۇن نار: چاققائوت.
بەناتۇش شەيخ: ھەدەبە ئۆسۈملۈكى.
بەناست: ئىلكۇلبەتەمنىڭ پارسچە نامى.
پۇنبە: پاختىنىڭ پارسچە نامى.
پۇنبەدانە: چىگىتنىڭ پارسچە نامى.
پۇنبەئى كۆھنە: كونا پاختا.
بەنجى جەبەلىي ۋە رۇمىي: شەۋكىران.

پەنجەنگۇشت: چاڭگاكىنىڭ پارسچە نامى.
بەنيۇق: پاختىنىڭ تۈركچە نامى.
بەنۇمە: خەرفەتان دىگەن دورىنىڭ ئەندەلۇسچە نامى.
بەنجەشكەرۋان: لىسانۇل ئەساپىرنىڭ پارسچە نامى.
بەندىۋاس: بورا قومۇشنىڭ تەنەكابۇنچە نامى.
پەنىر: سەرپىستان.
بەنسىلۇچىن: تاباشىرنىڭ ھىندىچە نامى.
بەنتاتامىس: بەش قانات دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يۇنانچە نامى، يەنە بىنتافەلۇن (بەشيوپۇرماق ئۆسۈملۈكى)نى كۆرسىتىدۇ.
بەنتاتۇس: بىنتافەلۇننىڭ يۇنانچە نامى.
بەنتاد قەتران: بەش چاڭگاكىنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، بەش بارماق دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە بىنتافەلۇن ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.
بەنەفشەئى سەگ (ئىت بىنەپشىسى): شابانەجىنىڭ پارسچە نامى. ئۇ بەنەفسەجۇل كىلاب (ئىت بىنەپشىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
بەنگ: كەندىرنىڭ پارسچە نامى.
بەنكۇ: ئىسپىغۇلنىڭ شىرازچە نامى.
بەنۇلە: چىگىتنىڭ ھىندىچە نامى.
پەنىر: پىشلاقنىڭ پارسچە نامى.
رەقاقىس: بەربەرچە سۆز بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە جۇفت ئافىرىيد دېگەن دورا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خۇسيەتۇسسۆئلەپ ئىكەن.

رەقىيبۇش شەمس: سامەرىيۇما ئۆسۈملۈكىدۇر، ئۇ يەنە سۇتلۇكئوتنىڭ بىر خىل تۈرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## پەسل: «ر» (رائ) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رەكەت چەندەن: قىزىل سەندەل.

رەكبە: سەدەفۇل بەۋاسىير.

كەف: مەرىيەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكى.

## پەسل: «ر» (رائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رۇممانۇل ئەنھار (ئۆستەڭ ئانىرى): ھۆپارىقۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ چوڭ تۈرى.

رۇممانۇل بەر (قۇرۇقلۇق ئانىرى): پىلپىل ۋە چىنار دەرەخلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

رۇممانۇس سۇئال (يۆتەل ئانىرى): ئاق خەشخاش.

رۇممانۇ ئۇششىل خەتاتىيق (قارلىغاچ چاڭگىسى ئانىرى): قارلىغاچ چاڭگىسى كۆلى، قارلىغاچقا دائىر ماۋزۇدا بايان قىلىندى.

رەمەس: ھاسىغا ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ.

## پەسل: «ر» (رائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رەند: ياۋا ئاس دەرىخىنىڭ ئەرەبچە نامى. شام تىلىدا غار دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەندەل ئىكەن.

رەنەف: بەھرامەج دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.

رەنگى كاسە: مەغنىيسا دېيىلىدىغان دورا.

## پەسل: «ر» (رائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رەۋاس: قارا خەشخاشنىڭ يۇنانچە نامى.

رىۋاس: قۇررەتۇل ئەين ئۆسۈملۈكىنىڭ نىبتچە نامى.

رۇباھ: تۈلكىنىڭ پارسچە نامى.

روبارۇس: ئازاد دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

روپە: كۆمۈشنىڭ ھىندىچە نامى.

روبىيە: ئوردانىنىڭ ھىندىچە نامى.

روتى: ناننىڭ ھىندىچە نامى.

رەۋس: ھايۋانلارنىڭ تېزىكى.

روھ، روھانىي: خىمىيەچىلەرنىڭ تىلىدا سىمابنىڭ كەسپىي نامى.

رەۋد: ئەترگۈلنىڭ يۇنانچە نامى.
رەۋد ئەمالى: ھەسەل بىلەن تەييارلانغان ئەترگۈل شەربىتى.
روديۇن: سۆگەتگۈلنىڭ يۇنانچە نامى.
رودە: ئۇچەينىڭ پارسچە نامى.
روزى: گۇرۇچنىڭ سۇريانچە نامى.
روسى ئوتا: سۇماقنىڭ يۇنانچە نامى.
روناس: ئوردانىنىڭ پارسچە نامى.
روشەنەك: شاتىل دەپ ئاتىلىدىغان دورا.
روشيانا: يۇنانچە سۇرمە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەرقەشىشانىڭ سۇريانچە نامىدۇر.
روفيۇن: ئىتئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى.
روھنىس: ئىزخىرنىڭ ھىندىچە نامى.
رويا: ئىتئۈزۈمنىڭ سۇريانچە نامى.
روي: تالىيقۇننىڭ پارسچە نامى.
روي: پاختىنىڭ ھىندىچە نامى.
روي تۇتيا: شەبە دېگەن دورا. ئۇ رو تۇتيا دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ئەكسىچە كاندىن چىققان تەبىئىي تۇتيادۇر.
رويىن: ئوردانىنىڭ يۇنانچە نامى.
رەۋغەن: ياغنىڭ پارسچە نامى، ئۇ يەنە ھايۋانات يېغىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
رەۋغىنى بادامى كۇھىي: تاغ بادىمى يېغى.
رەۋغەنى دەرەختى ئەرزەن: زەيتۇس سۇدان.
رەۋغەنى زەيتۇن: زەيتۇن يېغى.
رەۋغەنى زەيتۇنى نارەس: تولۇق زەيتۇن يېغى.
رەۋغەنى شىرە، شىر پۇخت، رەۋغىنى كۇنجۇت، دۇھنۇل ھەل: كۇنجۇت يېغى.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رەھەج، رەھەشفار، رەھەجۇل فەر: سەنگىيا.
رەھىيرا: ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئىچىنى سۇرىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، جىگەر، تال كېسەللىكلىرى ۋە ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ.
رەھىيقان: زەپەر.

# پەسل: «ر» (رائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

رىيباج: رىيباس ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە نامى.
رىيتائ: رەساغ دېگەن دورا.
رەيھان ئەبيەز: ئاق رەيھان.
رەيھانۇل جەمال: سەلەنجە ئۆسۈملۈكى.
رەيھانۇل جەمال (تۆگە رەيھىنى)، رەيھانى داۋۇد (داۋۇد رەيھىنى): چاشقان قۇلاقئوت.
رەيھانى سەبىز: كۆك رەيھان (رەيھاننىڭ بىر تۈرى).
رەيھانۇش شەيتان (شەيتان رەيھىنى): شابانەج ئۆسۈملۈكى.
رەيھانۇش شۇيۇخ (قېرىلار رەيھىنى): كەنۇچە ئۆسۈملۈكى.
رەيھانۇل قۇبۇر (قەبرە رەيھىنى): ياۋا ئاس دەرىخى.
رەيھانى كۇھىي: ياۋا رەيھان، تاغ رەيھىنى.
رەيھانۇل مەلىك (شاھرەيھىنى): رەيھان.
رەيھانى نەئنەئ: مىسىردا تۇرۇنجان ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.
رەيھانى يەمانىي: قەتەف ئۆسۈملۈكى.
رەيھان: شارابنىڭ بىر تۈرى.
رىيشىم: ئەۋرىشىمنىڭ ھىندىچە نامى.
رىيشە ۋالا: تاغ سۈمبۈلىنىڭ پارسچە نامى.
رىيما: كەركىدان.
رىيمى ئاھەن: تۆمۈر پوقى.
رىيۋەند: رەۋەن.

# ئون بىرىنچى باب
# «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زاجى ئەسۋەد (قارا زاك): قايىنىتىلغان زاك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، موزدۇز زاكى ئىكەن.

زاجى بىللەۋرىي: زەمچىنىڭ پارسچە نامى.

زاجۇل جامىد (ئۇيۇغان زاك): يېشىل زاكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ كانىنىڭ سىرتىدا پەيدا بولىدۇ.

زاجۇل بەھىر (دېڭىز زاكى): سېرىق زاك.

زاجى سۇۋەرىي: قىزىل زاك.

زاج قۇبرۇسىي (قۇبرۇس زاكى): كۆككە مايىل سېرىق زاك.

زاج لارىي، زاج كېرمانىي: قۇبرۇس زاكىنىڭ بىر تۈرىدىندۇر.

زاجى مەتبۇخ (قايىنىتىلغان زاك): يېشىل زاكىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، توپا ئارىلاشقان بولىدۇ، سۇ بىلەن ئېرىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ ئۇيۇغىچە قايىنىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

زارىج: زىرىقنىڭ پارسچە نامى.

زاغ: چوڭ قارا قاغىنىڭ نامى بولۇپ، تۈركچە فورغان دەپ ئاتىلىدۇ.

زاغچە: قاغىنىڭ پارسچە نامى.

زافە: كىرپىنىڭ پارسچە نامى.

زاۋەق: سىماب.

زازان: مەران ئۆسۈملۈكى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كەنۇچە ئۆسۈملۈكى ئىكەن.

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەبانى كۇنجۇشك: لىسانۇل ئاساپىرنىڭ پارسچە نامى.

زەبىيب بەررىي (ياۋا قۇرۇق ئۈزۈم): تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى.
زەبەدۇل بۇھەيرە: ئەدرافىيۇن دېگەن دورا.
زەبەدۇت تەرىي: بۇلۇت.
زەبەدۇل قەسەب (قۇمۇش قايمىقى): قومۇش يىلتىزىغا توپلىنىشىدىغان بىر خىل سۈيۈقلۇق.
زەبەدۇل قەمەر (ئاي قايمىقى): ئاي تاش.
زەبەدۇل قەۋارىير (شىشە قايمىقى): مەسھۇقۇنىيا.
زەبەدۇل مىلھ: زەھىرەئى ئاسيۇس.
زەبەش: تاۋۇز.
زەجمۇل: ئەپتىمۇن ئۇرۇقى.

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ھ» (ھۇۋائ)، «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەھتەمۇل مەلىك: شادئاۋەران دەپ ئاتىلىدىغان ئۈسۈملۈك.
زۇھەل: خىمىيەچىلەرنىڭ تىلىدا قەلەينىڭ نامى.
زەداۋەش: تەنەكابۇنچە نەممام ئۈسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.
زەدۋار: جەدۋار.

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەر: ئالتۇننىڭ پارسچە نامى.
زەرتەك، زەردەك: زاراڭزا سۈيى.
زەرجۇن: شارابنىڭ نامى.
زەرد ئالۇ: ئۆرۈكنىڭ پارسچە نامى.
زەردەك: ياڭاقنىڭ پارسچە نامى.
زەردەئى تۇخۇمى مۇرغ: توخۇ تۇخۇمى سېرىقىنىڭ پارسچە نامى.
زەرد چوبە: زەرچىۋىنىڭ پارسچە نامى.
زەرقۇرىي: ئاترىلال ئۈسۈملۈكى.
زەرقۇن: ئۇسرەج دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ مەغرىبچە نامى.

زەرنىخى ئەبيەز (ئاق زەرنىخ): سەنكىيا.
زەرنىيلەج: رىباس ئۆسۇملۈكى.
زەرۇل ۋەرد: قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ئوتتۇرىدىكى سېرىق ئۇرۇقى.
زەرىيرا: بەقلەئى مۇبارەكە ئۆسۇملۈكى.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەغار: سازاڭ قۇرت.
زەغەن: قۇزغۇننىڭ پارسچە نامى.
زەغىير: كەنۇچە. پارسچە زىغىرنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «قەفتەھەن» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ نامى ئىكەن.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زۇپتى بەررىي ۋە جەبەلىي (تاغ ۋە قۇرۇقلۇق زۇپتىسى): قۇرۇق زۇپتى.
زۇپتى رۇمىي: قۇرۇق زۇپتى بىلەن دېڭىز زۇپتىسىنى كۆرسىتىدۇ. يالغۇز ئېيتىلسا كۆپ ھاللاردا دېڭىز زۇپتىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەي قەھرىنىڭ نامى ئىكەن.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ق» (قاف)، «ل» (لام)، «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەقات: ھەببى زەلەمنىڭ بەربەرچە نامى.
زەلايىفۇل مۇلۇك: ھەمىشىباھارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «زۇلفى ئەرۇسان» دەپ ئاتىلىدۇ.
زەلفەھ: بىيش دېگەن دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.
زۇلۇ: زۇلۇك قۇرتىنىڭ پارسچە نامى.
زەماتۇر رائىي: كېيىك قۇلىقئوت.
زەمۇم: سىمابنىڭناملىرىنىڭ بىرىدۇر.

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەن: دۇسرا دېگەن دورا.

زەيبەق ئەسفەر: سېرىق يەسىمەن.

زەنبۇرى ئەسەل: ھەسەل ھەرىسى.

زەنبۇئ: ئىستەنبۇب ئۈسۇملۇكىنىڭ ئەرەبچە نامى.

زەنجارۇل ھەدىيد: تۆمۇر دېتى.

زەنجار مەجرۇد، زەنجار دۇدىي: سۇنئىي زەنگارنىڭ تۇرلىرىدىندۇر.

زەنجەبىل بەلەدىي، زەنجەبىل شامىي: راسەن.

زەنجەبىلۇل ئەجەم: ئۇشتۇرغار ئۈسۇملۇكىنىڭ پارسچە نامى.

زەنجەرە: قارا چېكەتكىنىڭ ئىسپانچە نامى.

زەنجەفرى: شىڭگىرىپ.

زەنجىيرۇ: ئەنزىرۇت.

زەنجەبىيلە: مىسىر ۋە ئىسكەندەرىيە شەھرىدە فەتائىلۇر رۇھبان دېگەن ئۈسۇملۇكنى كۆرسىتىدۇ.

زەنەد: شام تىلىدا غار دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

زەنتاھ: قۇرۇقلۇق قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۇرى بولۇپ، دەرەخلەر، كۆكتاتلار ئارىسىدا بولىدۇ، چوڭلۇقى باقىلە چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ يەنە دەيلىم شەھرىدە «سەندەلەكا جول» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇلۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

زەنگار: زەنگارنىڭ پارسچە نامى.

## پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زۇفرا: ياۋا خۇزاما ئۈسۇملۇكىنىڭ بىر تۇرى.

زۇلەنك: مازىنداران تىلىدا قەرەسىئەنە دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ كىيىنكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

زۇلە: جورجان تىلىدا «فۇ» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەھىر: پارسچە زەھەرنى، ئەرەبچە چېچەكنى كۆرسىتىدۇ.

زەھىرە: قەلەمپۇر شامىي، مەغرىبتە «قەرەنفۇلىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە ھايۋانلارنىڭ ئۆتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبچە كۆپۈكنى كۆرسىتىدۇ. ئېگىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. زۆھىرە دەپ ئوقۇلسا ئىكسىرچىلارنىڭ ئاتىشىدا مىسنى كۆرسىتىدۇ.

زەھىرى ئاسيۇس: ئاسيۇس.

زەھىرى زەمىين: جۇرجان تىلىدا ئازاد دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.

زەھىرەتۇل ھەجەر: جەۋزجەندۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لىشايىنىك ئىكەن.

زەھەم: زەباد ئەتىرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەباد بىر خىل ھايۋاننىڭ، زەھەم بولسا ئۇنىڭ ئەتىرىنىڭ نامى ئىكەن.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەيتۇل ئەسخار، زەيتى فەلەستىينىي، زەرىتى رىكابىي: ھەر ئۈچ خىل نام خام زەيتۇن يېغىنى كۆرسىتىدۇ.

زەيتى رىياھ (يەل يېغى): توشقانزەردىكى.

زەيتۇل جەبەل (تاغ يېغى): مىسىر ئەتراپى رايونلىرى تىلىدا نېفىتنى كۆرسىتىدۇ.

زىتۇش شەلجەم: چامغۇر يېغى. يۇقىرىقى مىسىر تىلىدا ئەفنىقتۇس يېغىنى كۆرسىتىدۇ.

زەيتۇل ھەرجان: رەۋغىنى سۇدان.

زەيتۇل ئەرز (يەر يېغى): قارا مازارىيون.

زەيتۇنى بەنى ئىسرائىيل (ئىسرائىلىيە زەيتۇنى): ھەجرۇلىيەھۇد.

زەيتۇنى جەبەلىي (تاغ زەيتۇنى)، زەيتۇنۇل جەيش، زەيتۇنى كۇلىيە (بۆرەك زەيتۇنى): ياۋا زەيتۇن.

زەيتۇنۇل مائ (سۇ زەيتۇنى): ئۇ بىر خىل زەيتۇن بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، تەسىرلىرى زەيتۇننىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ تۇز سۈيى بىلەن مۇراببا قىلىنغان زەيتۇن ئىكەن.

زەيتۇننىيە: مىسىر تىلىدا ئىمارا نۇتالى دىگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەردفىينۇن دىگەن دورىنى كۆرسىتىدىكەن.

زىيرقۇن: دەمەشىق تىلىدا جىگدىنىڭ مېۋىسىز بولىدىغان بىر خىل تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

زىير: قارا چېكەتكە.

زىيرە: زىرىنىڭ پارسچە نامى.

زىيرەئى رۇمىي (رىم زىرىسى): ئەپتىمۇن ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامى، يەنە كەرۋىيانىمۇ كۆرسىتىدۇ.

زىيرەئى سەبىز (كۆك زىرە): كەممۇن نىبتىي (نىبىت زىرىسى) دەپ ئاتىلىدىغان پارس زىرىسىدۇر.

زىيرەئى سەھرائىي: ياۋا زىرىنىڭ پارسچە نامى.

زەيتۇن: زىغىر.

زىينا: نانخا.

# ئون ئىككىنچى باب
# «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سابىيرەج: پارسچە شابىيرەك دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، يەبرۇج ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

سانا ھەرسا: قامغاقنىڭ سۈريانچە نامى.

ساجى: شاخارنىڭ ھىندىچە نامى.

سار: زۇرزۇر دەپ ئاتىلىدىغان قۇشنىڭ پارسچە نامى.

سارۋا: ئۇسابىننىڭ يۇنانچە نامى، ھىندىچە «سار» دەپ ئاتىلىدۇ.

سارىيقۇن: شىھنىڭ يۇنانچە نامى.

ساس: ئوسۇرغاق قوڭغۇزنىڭ پارسچە نامى.

ساسار كەشت: چاققاقئوت ئۇرۇقى.

ساسىم: ئەبنۇس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نانخا ئىكەن.

ساساليۇس، ساليۇس: سىيسالىيۇس.

ساتەرىيە، ساتەرىيۇن: خۇسيەتۇسسۇئىلەپنىڭ يۇنانچە نامى.

ساتەرىيۇس: جەدۋارنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، روھلارنى قۇتۇلدۇرغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ساغىين، ساغافىيۇن: سەكبىنەج.

سافرۇس: فىروزەنىڭ يۇنانچە نامى.

ساقۇل ھەمام (كەپتەر پۇتى): مىسىر تىلىدا كەپتەر ئوتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنتاكىي «نارى قەيسەر» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن.

سالىس ئەغرىيۇن: سەكبىنەجنىڭ يۇنانچە نامى.

سالىيتۇس: ئاي تاشنىڭ يۇنانچە نامى.

ساليۇن: كەرەپشىننىڭ يۇنانچە نامى.

سالىقە، ساقى ئەسۋەد: پىرسىياۋشان.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سىپارى: فۇپەلىنىڭ ھىندىچە نامى.

سىپەرغەم: رەيھاننىڭ پارسچە نامى.

سەبىز قۇبا: تاجسىز قۇشقۇر ھۆپۈپنىڭ ئىسپانچە نامى.

سەبۇئ: يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامى، بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سىبائ» بولىدۇ.

سەبۇئۇل ئەرز (يەر يىرتقۇچى): پىرسىياۋشان.

سەبۇئۇش شەئىر: ئەپتىمۇن.

سەبىسنان: ئازاد دەرىخى.

سەبۇسى گەندۇم: كېپەكنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سىتاۋەر: شاقاقۇلنىڭ ھىندىچە نامى.

سىتاۋەرىي: بوزىدانىڭ ھىندىچە نامى.

سەتتۇ: تالقاننىڭ ھىندىچە نامى بولۇپ، پارسچە «پەست» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەتۇ: زەنجىۋىلنىڭ بىر خىل تۇرىنىڭ ھىندىچە نامى بولۇپ، يىپچە يىلتىزلىرى بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىيشىنىڭ بىر تۇرى ئىكەن.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەجۇس: رىمچە نامدۇر، يۇنان تىلىدا «سەجىيلىس» دەپ ئاتىلىدۇ، ئىزخىردىن ئىبارەت.

سەجلاب: يەسىمەن.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەھاب: ئىكسىرچىلارنىڭ تىلىدا سىمابنى كۆرسىتىدۇ.
سەھابۇل بەھر: بۇلۇت.
سەھۇريۇن: بورا قومۇشى.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەخالە: مىتاللارنى ئېكەكلىگەن ياكى سوققاندا چىققان كېپەكسىمان ئاجرالما.
سەخاۋەس: ئۇستقۇددۇسنىڭ سۇريانچە نامى.
سەخىيرەد: قىزىل زاك.
سەخىينا: مەستىكىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەخىيس: مەستىكى دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەداب ئەغرىيا: تاغ كۇدىسىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەدۇس: نىيلەج ئۆسۈملۈكى.
سەدا: بەستىياج چاتقىلى.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سىراجۇل قۇترۇب: يالتىراق قوڭغۇز.
سىراجۇز زەلام (قاراڭغۇلۇق چىرىغى): كۇندۇش.
سىراجۇل قەترىيل: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇرۇمىغۇچە كېچىدە يالتىرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەبرۇج سەنەم ئۆسۈملۈكى ئىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ خۇددى «سىراجۇل قۇترۇب» دېگەن سۆزگە ئوخشاش ئورتاق ئىسىم ئىكەن.

سەراد: خەلال دېگەن دورا.
سەرانىيۇن: ئاسارۇننىڭ يۇنانچە نامى.
سەراۋىيلۇت تەۋىيل (ئۇزۇن ئىشتان): يۈگىمەچىئوتنىڭ ئاخىرقى تۈرى.
سەرانىيۇن: پىرسىياۋشاننىڭ يۇنانچە نامى.
سەرۇ سوختە: كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن.
سەربىيۇن: پىرسىياۋشاننىڭ يۇنانچە نامى.
سەرچە: قۇشقاچنىڭ تۈركچە نامى.
سەرخان خىيسۇس: شەترەنجىنىڭ يۇنانچە نامى.
سۇرۇخ مو: كېيىك قۇلاقئوتنىڭ پارسچە نامى.
سەرۇ: كەرەپشىنىڭ شامچە نامى.
سەردۇكە: خوز رۇمى دېگەن دورىنىڭ ئەندەلۇسچە نامى.
سەرسار: چاڭگاك.
سەرسۇن: ئاق قىچىنىڭ ھىندىچە نامى.
سەرتۇات: بۇغداي ئۇنى ھالۋىسى.
سىركە: سىركىنىڭ پارسچە نامى.
سىركەئى شىيرىين (تاتلىق سىركە): ئۈيۈغان سۈت.
سىركەئى ھىندىي (ھىندىستان سىركىسى): كانجى.
سىرگىين: تېزەكنىڭ پارسچە نامى.
سىرگىينى خورۇس: خوراز مايىقى.
سىرگىينى سوسمار: كېلەر مايىقى.
سىركى: نېلۇپەر يىلتىزىنىڭ ھىندىچە نامى.
سىرگىينى گاۋ: كالا پوقى.
سەرماشەق: ھەشقىپىچەكنىڭ تۈركچە نامى.
سۇرمە: سۈرمىنىڭ پارسچە نامى.
سەرم: قۇشاغ ئۈسۈملۈكىنىڭ شىرازچە نامى.
سەرمەق: سەرمەخ دېگەن سۆزنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، قەتەف ئۈسۈملۈكىدىن ئىبارەت.
سەرۋى جەبەلىي: تاغ ئارچىسى.
سەرىيس: كاسىنىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەرىيش: ئەشراس يىلتىزىنىڭ پارسچە نامى.
سەرىشمى ماھىي: بېلىق يېلىمىنىڭ پارسچە نامى.
سەرىشىم: ھايۋان تېرىسىدىن تەييارلانغان يېلىم.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ز» (زائ)، «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەزنا: باغدات خەلقىنىڭ قارىشىدا بۇغداي شارابىنى كۆرسىتىدۇ.
سىيسالى: سىيسالىيۇسنىڭ يۇنانچە نامى.
سەسى، سەسا: توشقاننىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەتاھ: يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورتاق نامى.
سەتراك: زورەمبات.
سەتھىيلۇن: جەدۋارنىڭ يۇنانچە نامى.
سەتەفلىين: سەۋزىنىڭ سۇريانچە نامى.
سەتۇكا: مىئەئى يابىسەنىڭ سۇريانچە نامى.
سەتىيئۇن: زۇفەر دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەتىينۇس: ئانارگۈلىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ئ» (ئەيىن) ۋە «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سۇئالىي، سۇئالە: فەنجەريۇن ئۆسۈملۈكى، يۆتەل ئوتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
سەبغىين: سەكبىنەج.
سەغتەل: ئۇد بىلسان.
سەغبۇ: سەرخەس.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەفال: ئۇپىنىڭ پارسچە نامى، يەنە ساپالنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
سەفەرجەل ھىندىي (ھىندىستان بېھىسى): بىل مېۋىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
سەفرىيەم: جامپەھىل مېۋىسى.

سەفسامەن: تەرخەمەكىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەفەشۇل كەرەم: ئەسالىيجۇل كەرەم (تال ساقىلى).
سەفەلىنۇن: ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.
سەفەند: ئادراسمانىنىڭ پارسچە نامى، «ئىسفەند»مۇ دېيىلىدۇ.
سەفەندىيلۇس: شاھتەررىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەفىيداپ: ئىسپىداجىنىڭ پارسچە نامى.
سەفىيداپ يەزىدىي (يەزىد ئۈپىسى): ئىسپىداجۇل جەسساسىين.
سەفىيد ئىسفەند: ئاق ئادراسمانىنىڭ پارسچە نامى.
سەفىد خار: جىغانىنىڭ پارسچە نامى.
سەفىيد روي (ئاق رو): ھىندىچە «كاسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تۆت ھەسسە مىس، بىر ھەسسە قەلەيدىن تەييارلىنىدۇ.
سەفىيد مىرز: ئىسپاندا «سەفىيد سەلمە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە چوپان تايىقى ئۆسۈملۈكىنىڭ كىچىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل ئۆسۈملۈك ھىندىچە چۇنلائى دېيىلىدۇ.
سەفىيد مۇھرە: قۇلۇلىنىڭ بىر تۈرىنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەقىر: خورما شىرىسىنىڭ ئەرەبچە نامى. تېۋىپلار ئۇنى «ص» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن ئېيتىپ قارچۇغىنى نەزەردە تۇتىدۇ. «سىقىر» دەپ ئېيتىلسا كالىنىڭ تۈركچە نامى بولىدۇ.
سەقراتىيۇن: قەمبىلىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەقراغانىيۇن: ياۋا قىزىل سەۋسەن يىلتىزى.
سەقەرچىين: قارىغوجىنىڭ تۈركچە نامى.
سەقەر قۇبرۇقى: ماھىزەھرەج ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈركچە نامى.
سەرقەرنىيۇس: چايانىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەقەر: بەتەم دەرىخى يېلىمىنىڭ تۈركچە نامى.
سەقەردىيۇن: ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن ئۆسۈملۈكى.
سەقۇلىجان: سازاڭنىڭ تۈركچە نامى.
سەقۇلۇمىس: ھەرشىف ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەقۇنىيا: سوپۇننىڭ يۇنانچە نامى.
سەقەنقۇر: سەقەنقۇر.
سەقىرەئىلا: بىستىپايەجىنىڭ سۇريانچە نامى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەگ ئابى: قۇندۇزنىڭ پارسچە نامى.
سەگال: ئەمىينۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، پەنجىنۇش ئۆسۈملۈكى ئىكەن.
سەگ ئەنگۇر: ئىتئۈزۈمىنىڭ پارسچە نامى.
سەكبىنەج: ھەجەرى تاغىيتۇس دەپ ئاتىلىدىغان دورا.
سەگى دىيۋانە: غالجىر ئىت.
سۈگۈر: سۆگەتنىڭ تۈركچە نامى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەلسافىيۇس: نۆشۈدۈر.
سەلەسقى: ۋەردان ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
سىلقۇل مائ: سۇ ھۇممازى ئۆسۈملۈكى.
سەلسانۇل جەبەل: سەرىيمەتۇل جەدىي ئۆسۈملۈكى.
سەلەم: نىبىق دەرىخى.
سەلمە: تۇخۇمەك دەرىخى مېۋىسى.
سەلىيخەتۇس سەۋدائ (قارا دارچىن): دارچىننىڭ بىر تۈرى.
سەلىيت: زەيتۇن يېغى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇننىڭ لېيى ئىكەن.
سەلىيسقۇن: ئۇسرەنج دورىسىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەلىيتۇن: قۇررەتۇل ئەيىن ئۆسۈملۈكى.
سۈلۈك: دولاننىڭ تۈركچە نامى.
سەلھارىس: مىئەسائىلەنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەم: مېۋىسىز سىدە دەرىخىنىڭ بىر تۈرى. سۇم دەپ ئېيتىلسا ھايۋانلار تۇيىقىنىڭ پارسچە نامى بولىدۇ، ئەرەبچىدە زەھەر دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەمار: بورا قومۇشى.
سەماروْغ: يەر مەدىكىنىڭ بىر تۈرى.
سەمارىيس: تۈزلۈق بىلىقنىڭ يۇنانچە نامى.
سەماقىيل: ئاشلامچىلار سۇماقى.
سەمۇل ھىمار (ئېشەك زەھىرى): سۆگەت گۈلى.
سەمۇس سەمەك (بېلىق زەھىرى): ماھىزەھرەج ئۆسۈملۈكى.
سەمۇل فەر (چاشقان زەھىرى): سەنكىيا.
سەمەر: تۇخۇمەك دەرىخى.
سەمەكەتۇل، سەمەكەتۇز زەلە: سەمەكى سەيدا.
سەمەكۇل يەھۇد (يەھۇدى بېلىقى): دېڭىز شىھى.
سىمسىم بەررىي (ياۋا كۇنجۇت): جەبلاھەڭ ئۆسۈملۈكى.
سۇمسەق: مەرزەنجۇش. سەمسەق دەپ ئاتالسا يەسىمەننى كۆرسىتىدۇ.
سەمتاۋۇس: سۇرمە تېشى.
سەمەندەر پىين: كۆپكىدەريانىڭ ھىندىچە نامى.
سەمە، سەمنىيۇن: ھەببۇس سەمنە.
سەمنۇ: نىيدە دېگەن دورىنىڭ پارسچە نامى.
سەمۇرىيۇن: كەرەپشە.
سەمۇك: سۆگەكنىڭ تۈركچە نامى.
سەمنىيۇن: ئۆپىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەمىيقا: سەندەرىيتىس دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ سۇريانچە نامى.
سەمىيقلۇس: ئۇشەر چاتقىلىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، سايىسىدا تۇرسا ھالاك قىلىدۇ.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەن: ھەشقىپىچەكنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئۇ يۆگىمەچئوتنىڭ بىر تۈرىدۇر. ھىندى تىلىدا بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ھۆل ۋاقتىدا يېيىلىدۇ، قۇرۇتۇلۇپ تولغاق، مەددە قۇرت كېسەللىكىگە ئوخشاش كۆپلىگەن كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «سوكتە» دەپ ئاتىلىدۇ. قوۋزىقى پىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئارغامچا ۋە بەزى كىيىم - كېچەكلەر تەييارلىنىدۇ. ھىندىستان شەھەرلىرىدە ھايۋانلارنىڭ يۈگلىرى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يۇنانچە يۇڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەنۇل كەلب: سەرپىستان.

سەنا: مىسۋاك ياغىچىنىڭ پارسچە نامى.

سەنا ئەندەلۇسى، سەنا بەلەدىي: ئەينۇن ئۆسۈملۈكى.

سەناخ: مەلۇم شەيئىگە يېپىشقان زاك قۇرۇمى.

سەنامۇل جەمەل: تۆگە لوكىسى.

سەنايىز: مىسىر تىلىدا ئامىلەنى كۆرسىتىدۇ.

سەناۋ: ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر ۋە باشقا مېتاللارنىڭ كېپىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سەنەب: تۇياقنىڭ پارسچە نامى.

سىنبالۇ: چاڭگاكنىڭ ھىندىچە نامى.

سەنبالى: ھىندىچە سۆز بولۇپ، «مونى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورىنى كۆرسىتىدۇ.

سەنبەر: سىيادان.

سۈمبۇل: يالغۇز ئاتالسا بىيشنى كۆرستىدۇ. پارس، ھىندى تىللىرىدا پىرسىياۋشاننى، پارسچە يەنە خۇش پۇراق ھاۋا رەڭ ئىرىسا گۈلىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇمبۇلۇل ـ ئەسەد (شىر سۇمبۇلى): ئەنتاكىينىڭ سۆزىچە تاغ سۇمبۇلىدۇر، ئۇمۇ نامىلىق ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت.

سۇمبۇل ئىقلىيتىي: سۇمبۇل رۇمى.

سۇمبۇل جەبەلىي (تاغ سۇمبۇلى): پارسچە «رىيشە ۋالا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىيتىمشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سۇنبۇلۇل ئەسەد» دەپ ئاتالغان ئۆسۈملۈك ئىكەن.

سۇمبۇل رۇمىي: ناردىين.

سۇمبۇل سۇدىي: سۇمبۇل تىپىنىڭ بىر تۈرى.

سۇنبۇلۇل ئەسافىير: سۇمبۇل ھىندى، يەنە «ناردىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سۇمبۇل فارسىي (پارس سۇمبۇلى): پىرسىياۋشان.

سۇنبۇلى كەھار: ھىندىچە سەنكىيانى كۆرسىتىدۇ، ئەرەبچە «سەممۇلفار» (چاشقان زەھىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنبۇت: زىرە.

سەنبۇسەق: ئۇ سەنبۇسەك، سەنبۇسە دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ تونۇشلۇق غىزالاردىن بولۇپ، ھىندىچە «پورى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنباھارى: ئۆستەڭ پىننىسىنىڭ پارسچە نامى.

سەنجار: خەسسۇل ھىمار (ئېشەك كاھۇسى)، ئۇ يەنە «رىجلۇل خامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سەنجىد: جىگدىنىڭ پارسچە نامى.

سەنجىد بوي (جىگدە پۇراق): ئۇ بىر خىل گۈل بولۇپ، جىگدە چېچىكىگە ئوخشاش پۇرايدۇ.

سەنجىد خۇراسانىي (خۇراسان جىگدىسى): چىلان.

سەنجىد كەرخىي (كەرخ جىگدىسى): ئىسپان خەلقى تىلىدا نىيم دەرىخى مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. سەنجىد ھىندى (ھىندىستان جىگدىسى): مولسىرى مېۋىسى.

سەنجەفىر: شىڭگىرىپ.

سەنجىلات: پەرەنجىمىشكى.

سەنجىينۇس: مەستىكىنىڭ يۇنانچە نامى.

سەندانە: ئەرەب تىلىدا ئېشەكىنىڭ مادىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە «ئەتان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

سەندەر: سۇندۇرۇسنىڭ پارسچە نامى.

سەندەرۇ: «قەنا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن نەيزە ياسىلىدۇ.

سەندەرى: قۇشنىڭ بىر تۈرى.

سۇندۇس: يەرلىك تەرخەمەك، يەنە قوغۇنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەندەس مارىس: يۇنان تىلىدا يەرلىك تەرخەمەكنىڭ يىلتىزىنى كۆرسىتىدۇ.

سەندۇخىس: جوشىر دېگەن دورا.

سەندەۋىيس: سەرەنج دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

سەندۇرۇ: ئۇسرەنج دېگەن دورا.

سەندەبۇس: ئەغرىبۇس ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇنانچە ياۋا تەرخەمەكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، «قىسسائۇل ھىمار» دىن ئىبارەت.

سەندەرنى: ئۇسرەج دورىسى.

سەندۇھا، سەندۇھىن، سەندۇھى: ھەر ئۈچ خىل سۆز ھىندى تىلىدا تاشتۇز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەندە: ئادەم گەندىسىنىڭ پارسچە نامى.

سەندىھا: ھىندىچە تاباشىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەندان: ئۇد ھىندى.

سەندەھىي: زەنجۇبىل.

سەندى: ھىندىچە سۆز بولۇپ، مېۋىسىز ياۋا خورمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولىنى زېدە قىلىپ ياكى شېخى يېرىلىپ ئاستىغا قاچا قويۇپ بىر كېچە تۇرغۇزۇلسا قاچىغا سۈيۈقلۇق يىغىلىدۇ، ئىچسە ناھايىتى تەملىك بولىدۇ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرغۇزۇلسا كۆپۈك ئۆرلەيدىغان بولۇپ، بۇ كۆپۈكنى ئىچسە كىشىنى مەست قىلىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز

ئىبتىلسا مەزكۇر كۆپۈك نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

سەندىيان: شام تىلىدا بەللۇت دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ، مىسىر تىلىدا سەلدانىيۇن دەرىخى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

سەندىيانۇل ئەرز: سۇريان تىلىدا تاغ كۇدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سەندى بەرىيس: تۆمۈرنىڭ يۇنانچە نامى.

سەنسەق: ياۋا ئاس دەرىخى.

سەنسە: قارا ھەرىنىڭ پارسچە نامى.

سەنىت: تۇخۇمەك دەرىخى.

سەنفىرىس: يەرلىك تەرخەمەكنىڭ يۇنانچە نامى، قوغۇنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەنەف: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان دۇسەر دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ، پارسچە «كەركاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنقەر، سەنقار: ئۆگىتىلىدىغان قۇشلاردىن بولۇپ، پادشاھلار ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىدۇ.

سەنقەرە: بىر خىل كۆك قاغا بولۇپ، پارسچە «كاسە شىكەنەك» (قاچا چاققۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «شەقرەك» دەپ ئاتىلىدىغان قۇشتىن ئىبارەت.

سەنگ: تاشنىڭ پارسچە نامى، شىرازچە «بەرەد»، يۇنانچە «بەتەر»، ھىندىچە «پەتتەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنگى ئاتەش: چاقماق تاش.

سەنگى ئاسىيا: تۈگمەن تېشى، ھىندىچە «چەككىكا پەتتەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنگى ئاھەنرەبا: ماگنىت تاش.

سەنگى ئەھمەر: قىزىل تاش. ئۇنىڭدىن 5.0 گىرام ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەپ ھالاك قىلىدۇ. سەنگى ئەرمەنىي: ئەرمەن تېشى.

سەنگى ئىسفەنج: بۇلۇت تېشى.

سەنگى ئاشكەن: ھەببۇلقۇلت بولۇپ، ھىندىچە «كۇلتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدىغان بولغاچقا مەزكۇر نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ يەنە مەلۇم بىر خىل مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سەنگانە: بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «سەئۇە» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەنگى بەرامىي: بەرام تېشى.

سەنگى پەرەستۈك: قارلىغاچ تېشى.

سەنگى پەركان، سەنگى مەئەن: پەركان تېشى. پەركان شىراز كەنتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەزكۇر تاش شۇ كەنتتىن چىقىدۇ. بۇ خىل تاش ھەر خىل رەڭلىك بولۇپ، شېشىگەرلەر شېشىنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىدۇ ھەمدە «مەغنىيسا» دەپ ئاتايدۇ.

سەنگى يۇشت: تاشپاقىنىڭ پارسچە نامى، ھىندىچە «كەچۋە» دەپ ئاتىلىدۇ.
سەنگى يەشەم: ھەبەش تېشىنىڭ پارسچە نامى.
سەنگى بەسەربي: نەيچە تۇتىيا.
سەنگى چاقماق: چاقماق تېشى.
سەنگى بىللەۋر: مەرمەر تېشى.
سەنگى كارىد: بىلەي تېشى.
سەنگى گەج: گەج تېشىنىڭ پارسچە نامى.
سەنگەل: پارس تىلىدا ھۆل زۇپانى كۆرسىتىدۇ.
سەنگدان مۇرغ: توخۇ تاشلىقىنىڭ پارسچە نامى.
سەنگىيا: ھىندىچە سۆز بولۇپ، بىيشىنىڭ بىر تۈرىدۇر.
سەنەم: كالىنى كۆرسىتىدۇ.
سەنى: بىر خىل بىلىق بولۇپ، مىلتان ۋە سىندى شەھەرلىرىدە ياشايدۇ، گۆشى مەززىلىك بولىدۇ.
سەنۇت: زىرە.
سەنۇس: سەندەرىيتۇس دېگەن دورا، ئۇ يەنە «نەبات ھەدىيدىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
سەنۇلە: قارلىغاچنىڭ بىر تۈرى.
سەنىيز: بەرام تېشى.
سەنىين: ئىككى تاشنى بىر - بىرىگە سۈركىگەندە چىققان ئۇۋۇقى.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سۇ: سۇنىڭ تۈركچە نامى.
سەۋادۇل ئەساكىفە: زاك، ئانار پوستى ۋە سىركىدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل ياسالما بولۇپ، كېسەللىك ماددىسىنى قايتۇرغۇچى دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
سەۋادۇل بەتىن: جىگەرنىڭ ئەرەبچە نامى.
سەۋادۇل سىندى ۋە لهىند: يۆگىمەچ مېۋىلىك تاغ كۇنجۇتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «سەۋادۇل ھىند» دېگەن دورا قىلىن دارچىنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەرياقى فارۇقنىڭ دورىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.
سەۋدۇل ھۇككام: سادئاۋەران دەپ ئاتىلىدىغان دورا.
سەۋادۇل قۇزات: موزا.

سۇدانىيات: بىر خىل قۇش بولۇپ، پارسچە «داراۋ»، ئەرەبچە «سۇردە» دەپ ئاتىلىدۇ. گۆشى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەمما مىڭىگە زىيان قىلىدۇ.

سەۋسەن: ھۇمانە ئۆسۇملۈكى.

سۇد: سۇتنىڭ تۈركچە نامى.

سەۋدانىيە: قۇشقاچنىڭ ئەرەبچە نامى، قارا يىلانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەۋادۇل ھىندى ۋەس سىندى: «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەسىرى تۇتىياغا ئوخشايدىغان ھايۋانلاردىن ئىكەن، ئۇنى تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىغا سېلىپ كۆيدۈرۈپ سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن يۇيۇپ ھەب ياساپ قۇرۇتۇپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىش لازىم ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى يۆگىمەچ مېۋىلىك تاغ كۇنجۇتى دەپ بىلگەن، بەغدادىي ئۇ ئەمەس دېگەن. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى شېشىگە ئوخشايدىغان بىر خىل نەرسە بولۇپ، رەڭگى قارا بولىدۇ، ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭدىن بىلەزۈك ياسايدۇ، دېگەن. بەزىدە ئۇنىڭدىن قاچىمۇ ياسىلىدۇ، ئەمما سۇزۈك بولمايدۇ.

سوسەن: بىر خىل دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پىچاق دەستىسى ۋە باشقىلار تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سەۋاسىن» بولىدۇ.

سۇۋەيدىي: بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، پارسچە «سارۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، تۈركچە «سەنقۇر» دېيىلىدۇ. «دوق»، «زۇرزۇر»مۇ دېيىلىدۇ.

سۇۋەينە: مىسىر تىلىدا بوغدايدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل شارابنى كۆرسىتىدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنى ئىچىدۇ.

سوجەر: سۆگەت ياكى تەتۈر سۆگەتنىڭ نامى.

سوخ: پىيازنىڭ پارسچە نامى.

سودرىيقۇن: تۇتىيانىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

سودەق: لاچىن.

سودنىق، سودانەق: لاچىن ياكى قارچىغىنىڭ نامى.

سۇر: چوشقىنىڭ ھىندىچە نامى.

سوران: بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، كىچىك، ئاۋازى يېقىملىق بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ «شارۇشارەك» دېگەن قۇش ئىكەن.

سۇدا بارىد: نارمىشكى.

سوربىيۇن: شىھ ئەرمىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

سورتىيخان: بىر خىل تالقاننىڭ نامى بولۇپ، گال ئىششىقى، گال ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ «سوتىخان» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇنانچە گالنىڭ ئىچكى مۇسكۇلى ياكى قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «سوتىخى» دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان. ئۇ قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

سورەج: پارسچە «شورە»دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، ئەرەبچە «ئەبقەر» دېيىلىدۇ. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى «بارۇد» دېگەن دورا دەپ بىلگەن.

سورسان: سولان دېگەن دورا.

سورتىيۇن، سورقىتۇن: خۇسيەتۇسسۆئلەپ.

سور مەچىلى: ھىندىچە سۆز بولۇپ، چوشقىبېلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى دىلفىن.

سورەن: بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، «جەركەند» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

سۇرە: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «كەرەفشۇل مائ» (سۇ كەرەپشىسى)، «قۇررەتۇل ئەيىن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىل سامساق ئىكەن.

سورى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زاكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قىزىل زاك ئىكەن. ئۇ يەنە قىزىل رەڭلىك بىر خىل رەيھاننى، يەنە قىزىل سەۋسەننى كۆرسىتىدۇ.

سورىق: تۇچ.

سۆزە: قەنايى بەرري.

سۇس: كېلەر. يەنە يۇڭ كىيىملەرگە چۈشىدىغان كۈيىنى كۆرسىتىدۇ.

سوپەند: بىر خىل سۇتلۇكئوتنىڭ پارسچە نامىدۇر، ئۇنىڭ سۈتى بوياقلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، شىرازدا «ئەلەفى شىيردار»، ھىندىچە «دەرۇيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

سوسەك: پارسچە «تەيھۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «تەيھۇج» دۇر. ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، كەكلىككە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇنچا ۋە باشقا نەم يەرلەردە بولىدىغان بىر خىل قوڭغۇز ئىكەن.

سوسمار: كېلەر بولۇپ، ھىندىچە «گوھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋسەنى ئەھمەر: ياۋا قىزىل سەۋسەن.

سەۋسەنى ئازاد: ئاق سەۋسەندىن ئىبارەت بولۇپ، «زەنبەق» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋسەنى جەبەلىي (تاغ سەۋسىنى): ئىرىسا. راسەنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سوسەنبەر: سىيسەنبەر ئۆسۈملۈكى.

سوسە: كەسلەنچۈكنىڭ پارسچە نامى.

سوتالىن: قىزىلچا.

سوتلىيس: قىزىلچا.

سوتىيرا: مۇخلىسى ئەكبەر دەپ ئاتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىنىڭ نامى بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

سۇئائ: مەزى ياكى ۋەدىي سۇيۇقلۇقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

سۇئان: پىيازنىڭ تۈركچە نامى.
سۇفتە: يۇڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل قۇرت بولۇپ، ئۇنى يەپ بۇزىدۇ.
سوقىيتۇن: قۇندۇزقەھرىنىڭ يۇنانچە نامى. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى خۇسيەتۇسسۆئلەپ دەپ بىلگەن. بەزىلەر پۇراقسىز ئالمىنىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.
سۇفال: ئەبۇ جەرىيھىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ چوڭ گۈل ۋە قىبلىن قوۋزاقلارنىڭ نامى بولۇپ، لىسانۇل ئەساپىر دەرىخى قوۋزىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.
سوقۇتۇن، سۇقەرتۇن، سەقۇقەرتۇن: ھەمىشىباھارنىڭ يۇنانچە نامىدۇر.
سەرقى: ئەنجۈرنىڭ يۇنانچە نامى.
سورفىيرەس، سوفىيرۇس: ئىنەكپىتىنىڭ يۇنانچە نامى.
سولا: مازارىيون.
سولەئ: سەبرىنىڭ ئەرەبچە نامى.
سوما: تۆمۈر كېپىكى.
سومافۇن، سوماجىيۇن، سومافىيۇن: پالەك.
سوماما: مىس كېپىكىنىڭ يۇنانچە نامى.
سونا، سونە: ئالتۇننىڭ ھىندىچە نامى.
سونا مەكى، سون ماكى، سون مانكى: ھەممىسى مەرقەشىشانىڭ ھىندىچە نامىدۇر.
سونا موتى: بابۇننىڭ ھىندىچە نامى.
سونەپ، سونەف: ئارپىبەدىيانىڭ ھىندىچە نامى.
سونتى: قۇرۇق زەنجىۋىلنىڭ ھىندىچە نامى.
سونجەريۇن: قارا تۈزنىڭ ھىندىچە نامى.
سونىخس: ياۋا كاسىنە.
سوندى: ئىزخىرنىڭ ھىندىچە نامى.
سونىش: تۆمۈر كېپىكىنىڭ پارسچە نامى.
سەۋىيق: تالقاننىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، ھىندىچە «ساتۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «تەلخان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدىغان بولۇپ، بۇغداي، ئالما، ساراڭ بۇغداي، ئارپا، نوقۇت، ئانار، نىبىق، قاپاق ۋە باشقىلاردىن تەييارلىنىدۇ.

## پەسل: «س» (سىين) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سۇھاگە: تەنكارنىڭ ھىندىچە نامى.

سۇھالە: كىپەكنىڭ پارسچە نامى.

سىھ بەرگە (ئۈچ يوپۇرماق): بىدىنىڭ پارسچە نامى.

سەھەر: كالىنىڭ پارسچە نامى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، مەخسۇس چىشى كالىنى كۆرسىتىدىكەن.

سەھرىيز، شەھرىيز: خورمىنىڭ بىر تۈرى.

سەھرىين: دارچىن.

سىھ سەنبەل: سىيسەنبەرنىڭ پارسچە نامى.

سىھ گۇل: دولانىنىڭ پارسچە نامى.

سىھ كۇھەك (ئۈچ تاغ): ئوغرىتىكەننىڭ پارسچە نامى.

سەھەل: قاغىنىڭ ئەرەبچە نامى.

سەھلات: شىغىل تاشنىڭ ئەرەبچە نامى.

سۇھەيلە: بىر خىل تائام.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سى: تاشنىڭ پارسچە نامى.

سىيا: سانانىڭ پارسچە نامى، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئىپتىشىچە، باشقا ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن.

سىياب: توڭ خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، چالا پىشقان خورما ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى ئىزخىر دەپ بىلگەن.

سىيابە: شاراب.

سىياداۋەران: ساداۋەران دىگەن دەرەخ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ياڭاق دەرىخىنىڭ يىلتىزىدىن سىرغىپ چىقىدىغان بىر خىل سۆيۈقلۇق بولۇپ، رەڭگى قارا بولىدۇ، قۇرۇسا ئۆتكۈرلىشىدۇ ۋە ئوت ئالىدىغان بولىدۇ، نۇۋاب ئەلەۋىيخان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىپتىشىچە، بۇ دورا شىراز ۋە پارس شەھەرلىرىدە كۆپ بولۇپ، تاغلىق رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. بەتەم دەرىخىنىڭ غولىغا تىغ ئۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىكەن. رەڭگى خۇددى سىيادەك قارا بولىدىكەن، «رىگى سەلە» دەپ ئاتىلىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئىپتىشىچە ئۇ بىر خىل قارا رەڭلىك ماددا بولۇپ، بۇتۇم دەرىخىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىكەن، «ئابى بۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن.

سىيار: پارسچە «كەشكىينە»، ھىندىچە «رابسى روتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئارپا، تېرىق،

باقىلە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دانلارنىڭ ئۇنىدىن تەييارلىنىدىغان نەرسىدۇر.

سىياسەر: سار دېگەن قۇشنىڭ پارسچە نامى.

سەياڭ: زىغىر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەرەبچە نامى ياكى ئۇ زىغىرغا ئوخشاش باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر. «سىياڭ» دېيىلسە گۈل شېخىنى كۆرسىتىدۇ.

سەييالە: ئاق، ئۇزۇنچاق تىكەنلىك، تىكەنلىرى يېرىلسا سۈت چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. يەنە ئۇزۇنچاق بىر خىل مېۋىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەسمەن ۋە بېدە ئۆسۈملۈكلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سىيال: ياۋا ئىتنىڭ ھىندىچە نامى. يەنە يەسمەنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سىيالىخ: ئوغرىتىكەننىڭ پارسچە نامى.

سىيالى: شاقاقۇلنىڭ ھىندىچە نامى.

سىيان: ھەشقىپىچەكنىڭ پارسچە نامى.

سىياھ: سۆگەتنىڭ بىر تۈرى، يەنى قارا سۆگەت.

سىيادانىران: ساداۋەران دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ پارسچە نامى.

سىيادانرۇ: قارا تال. سۈريانچە «فاشرەستىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيادانىە: سىيادان. ئىسپاندا «سىياھ بىرىنج» (قارا گۈرۈچ) دەپ ئاتىلىدۇ.

سىياھ گوش (قارا قۇلاق): سافرانىق دەپ ئاتالغان دورىنىڭ پارسچە نامى.

سىيب: ئالمىنىڭ پارسچە نامى.

سىيبا: تەمرىھىندى.

سەيپيۇس، سەيبۇس: ئەسفىيۇش، يەنى ئىسپىغۇل.

سىيبىيا: ۋەميا دەپ ئاتالغان دورا.

سىيتەل: ھىندىچە «چىيتەل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، ياۋا كالىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، تاغ ئۆچكىسى ئىكەن، كېيىكتىن چوڭراق بولۇپ، ئاق يۇمىلاق خاللىرى بولىدىكەن. تۈرقى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، مۈڭگۈزى يوق ئىكەن. بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈكى «سەتايىل» بولىدۇ.

سەيىج: قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «زەبىيب» دەپ ئاتىلىدۇ. «سىيج» دېيىلسە ھىندىچە سۆز بولىدىغان بولۇپ، زەقۇم دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

سىيچنە: قارچۇغىنىڭ پارسچە نامى. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سەئۇە» دەپ ئاتىلىدىغان قۇش ئىكەن.

سىيچقان: چاشقاننىڭ تۈركچە نامى بولۇپ، پارسچە «مۇش»، ھىندىچە «چۇھا» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيخۇل: چوك كىرپە.

سىيسامەندا: جەبلاھەڭ دەپ ئاتالغان دورىنىڭ سۇريانچە نامى.

سىيسامۇن: كۈنجۈتنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيبى: سىيسەبان دېگەن دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.

سىيسرەك، سىيسرۇ، سىيسەك: ئاشلىقتا پەيدا بولۇپ، ئۈنى يەپ بۇزىدىغان مىتە دەپ ئاتىلىدىغان قۇرت. ئۇ «قۇممەتۇت تەئام» (تائام قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيسەق: سۇرماق.

سىيسرەم: ئىبنى تىلمىيزنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىر خىل دورا بولۇپ، زەنجىۋىلگە ئوخشايدىكەن، ئاچچىق، سەل قىرتاق بولىدىكەن.

سىيسەمان، سىيسەبز، سىينومولون: نەمام ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

سىيسەنبەرۇن، سىيسەبرۇن: كۈنلۈكسىمان كەرەپشە.

سىيسۇ، سىيسە: قەلەيىنىڭ ھىندىچە نامى.

سىيسۇن: بىر خىل دەرەخنىڭ ھىندىچە نامى بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئۆسىدۇ، ياغىچى قارا، سەل ئالا، تۈزۈلۈشى قاتتىق بولىدۇ.

سىيسىينۇن: ئەپسەنتىن.

سىيسارۇن: سىيادان ئۆسۈملۈكى.

سىيتەبىيت: قارا چېكەتكىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، «زەنجىرە»، «چەھرە رىيسەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيغرا: چوڭ كىرپە.

سىيغرۇس: كۈندۈزنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيغۇس، سىيفۇس: يەرلىك تەرخەمەك.

سىيغۇس ئەغرىيۇس، سىيغۇسۇن: ياۋا تەرخەمەكنىڭ نامى بولۇپ، ئەرەبچە «قىسائۇل ھىمار» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيق: بىر خىل بېلىق، يەنە ئەرەب تىلىدا ئات قۇيرۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

سىيفەس ئەنمارىس: يەرلىك تەرخەمەكنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيفەس ئەغرىيۇس: ياۋا تەرخەمەك.

سىيقۇمۇرۇن: خېمىرنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيەك: ھايۋانلار زەكىرىنىڭ تۈركچە نامى.

سىيكران: يىلتىز.

سىيكۋانۇل ھۇت: قەلۇمىس دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يۇنانچە نامى. يەنە بۇۋاسىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ماھى زەھرەج ئۆسۈملۈكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

سىيكەك، سىيلەك: ئاشلىقلاردا پەيدا بولىدىغان مىتىنىڭ نامى. ئەرەبچە «قۇممەلۇت

تەئام» (تائام پىتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيكى: مۇسەللەسنىڭ پارسچە نامى.

سەيلان: هۆل خورما شىرىسى، يەنە قىزىل ياقۇتنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

سىيلانە: چىلاننىڭ پارسچە نامى.

سىيلەج: ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۆشنىنىڭ هىندىچە نامى ئىكەن.

سىيلقى: ۋەردان ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيم: كۇمۇشنىڭ پارسچە نامى.

سىيماب: سىمابنىڭ پارسچە نامى. هىندىچە «پارە» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىمىيدە، سىمىيادە: سۇنبادە دەپ ئاتىلىدىغان تاشنىڭ پارسچە نامى. ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن نامى «سۇنبادەج»دۇر.

سىيماهەڭ: ئاغىچپىۇغۇچتىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «خىيارزەئى ئىسپەند» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيمۇس: ئالماسنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيمقۇر: خېمىر.

سىيملا: لوبىيانىڭ يۇنانچە نامى.

سىين: ئالاكۇلۇكنىڭ پارسچە نامى، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «زەرارىيە» بولىدۇ.

سىيناه: بىر خىل دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى.

سىينەب: باقىلەنىڭ بىر تۈرىنىڭ هىندىچە نامى بولۇپ، «سىيم» دىگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر قاتارىدىندۇر.

سىندۇر: ئۇسرەج دىگەن دورىنىڭ هىندىچە نامى.

سىيندۇسىج: زەقۇم دەرىخىنىڭ هىندىچە نامى.

سىيندهالۇن: تاشتۇزنىڭ هىندىچە نامى بولۇپ، ئەندۇرانى تۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىيدىرس: تۆمۈرنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيۋارۇل ـ هىند: تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۇنجۇتى.

سىيۇن: قۇررەتۇل ئەيىن ئۆسۈملۈكى.

سىيۇئى: ئۇگرە ئاشنىڭ هىندىچە نامى.

سىيەسەنبەل: سىيسەنبەر ئۆسۈملۈكى.

سىيد، سىيدانە: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى سىيدان ۋە سىياد بولىدۇ.

سىيدنۇق: لاچىن، بەزىلەرنىڭ ئىپتىشچە قارچىغا ئىكەن.

سىياسا: قۇررەتۇل ئەيىن ئۆسۈملۈكى.

سىير: سامساقنىڭ پارسچە نامى. خەلق ئاممىسى «تەرياقى رۇستائىيان» دەپ ئاتايدۇ، ھىندىچە «لەھسىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىراب: بىر خىل غىزانىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئۆچكە، قويغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ ئۈچەيدىن سۇ ۋە سامساق قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

سەيران: مەرقەششانىڭ ھىندىچە نامى.

سەيرجۇن: بىر خىل ياسالما بولۇپ، قوغۇشۇندىن تەييارلىنىدۇ، كۆزگە ئىشلىتىلسە ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، گۆش ئۇندۇرىدۇ.

سىير سەھرائىي، سىير دەشتىي، سىيرمو: ھەممىسى ياۋا سامساقنىڭ ناملىرى بولۇپ، يۇنانچە «ئۇسقۇردىيۇن»، ھىندىچە «جەنگەلى لەھسىن» (ياۋا سامساق) دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيرمان: قىزىل ياقۇت.

سىيرەن: سۇ كەرەپشىسى بولۇپ، «قۇررەتۇل ئەيىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىيس: ئەبنۇس ھىندى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە كافۇرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىكەن.

سىيسا: دېڭىز قىسقۇچپاقىسىنىڭ يۇنانچە نامى، قوغۇشۇنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سىيسار: خۇش پۇراق ئەنجۇدانىنىڭ يۇنانچە نامى.

سىيسارۇن: قولقاس ئۆسۈملۈكى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورا ئىكەن.

سىسامىر: كۇنجۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

# ئون ئۈچىنچى باب
# «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شابانەك: شابانەج، سافامەج دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شاھباھىي: بىر خىل دەرەخنىڭ سۈريانچە نامى بولۇپ، كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

شاب: قىچا.

شاب رۇمىي: ئارىمۇچ.

شاب ھىندى: قارىمۇچ.

شابەرقان، شابۇركان، شابۇرەن: ھەممىسى پولاتنىڭ ناملىرى بولۇپ، تۆمۈرنىڭ ئەركىكىدۇر.

شابىيرەج، شابرەج: لۇفاھ ئۆسۈملۈكى.

شاج: بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئىپار مۈشۈكىگە ئوخشايدۇ.

شاخ: مۈڭگۈزنىڭ پارسچە نامى.

شاخىل، شاخۇل: يېيىلىدىغان ئاشلىقلارنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نان يېقىلىدۇ.

شاد: شارابنىڭ پارسچە نامى.

شادانەق: پارسچە شاھدانە (كەندىر ئۇرۇقى) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. «شادىنەج»مۇ دېيىلىدۇ.

شار: سار قۇشىنىڭ نامى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سافالنىڭ نامى ئىكەن.

شاربا: يىپەكنىڭ سۈريانچە نامى.

شارشەك: قۇر دەپ ئاتىلىدىغان قۇش.

شاركى: ئەنجۈداننىڭ نامى بىلەن ھىڭ ئۈنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ.

شارۇد: سارۇج دەپ ئاتىلىدىغان دورا.

شاسپەرەم، ئىسپەرغەم: رەيھاننىڭ ناملىرى.

شاش، شاشە: سۈيدۈكنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، يەنە «كەمىيز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شاھ: ئەرەبچە «شائشىيس» دەپ ئاتىلىدىغان دورا.

شاشنەك، شوشەك: قۇر دەپ ئاتىلىدىغان قۇش.

شاسلا: ساسلى دېگەن دورا.

شاترىيۇن: خۇسيەتۇسسۈئلەپنىڭ يۇنانچە نامى.

شافاقەج: بەرنۇف دەرىخىدىن ئىبارەت بولغان شابانەكنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

شافەد: ھەلىيۇن ئۆسۈملۈكى.

شالىم: مىسنىڭ ئەرەبچە نامى.

شالى: پوستى ئاقلانمىغان گۈرۈچنىڭ پارسچە نامىدۇر، «شەلتۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شالكىرە: دەيلىمچە سۆز بولۇپ، ياۋا كىرپىنى كۆرسىتىدۇ، مازىندىران تىلىدا «شالتىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شالخەتى: مازىندىران تىلىدا ئۇسمىنى كۆرسىتىدۇ.

شالىيتۇن: قارلىغاچنىڭ يۇنانچە نامى.

شاماخ: يېيىلىدىغان ئاشلىقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ. ھىندىچە «سانۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

شافىئ: تېكىننىڭ ئەرەبچە نامى. قويمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. قوش قوزىلايدىغان ھەر قانداق ھايۋانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شامىد: چايان.

شامرا: بىر خىل قۇرت بولۇپ، ئوچاق ۋە باشقا يەرلەرگە توپلىشىدۇ.

شامى: كاۋاپنىڭ بىر تۈرى.

شان: ھەسەل ھەرىسى كۆنىكى، بەزىلەر ساپلاشتۇرۇلمىغان ھەسەلنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

شانەك: قۇشلارنىڭ تاشلىقىنىڭ پارسچە نامى. قۇشلارنىڭ پوكىنىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شانە سەر، شانە سەرەك: ھۆپۈپنىڭ پارسچە نامى.

شاۋزەد: سوكە دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ پارسچە نامىدۇر، رەڭگى ئاق بولۇپ، شىھ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئەرەبچە «سەغام» دەپ ئاتىلىدۇ.

شاۋتىيس: رەيھانى سۇلايمانى ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

شاھاب: زاراڭزا گۈلىدىن ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن چىقىرىۋېلىنغان سۇ.

شاھ ئىسپەرەم، شاھ ئىسپەرھەم، شاھ ئىسفەرھەم، شاھ ئىسفەرغەم، شاھپەرھەم: ھەممىسى شاھىسفەرەم دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن سۆزلەر بولۇپ، رەيھاننى كۆرسىتىدۇ.

شاھ ئەفسەر، شاھەنبەر، شاھىبە: ھەممىسى ئىكلىلمىلىكنىڭ پارسچە نامىدۇر.

شاھباز: چوڭ ئاق قارچۇغىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، تۈركچە «خەتاتىئۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.
شاھرەبا: يىپەكنىڭ سۇريانچە نامى.
شاھبانەك: بەرنۇف دەرىخى.
شاھبۇي: ئەنبەرنىڭ پارسچە نامى.
شاھتەررە: ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەن «شاھتەرەج» دېگەن سۆزنىڭ پارسچىسى.
شاھتۇت: شاتۇت ئۈجمە.
شاھچىينىي: تەنزۇ خىتائىي دېگەن دورىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى «شاھسىينىي» دۇر.
شاھدارۇ (شاھدورا): ئۈزۈم شارابى.
شاھدانەج: پارسچە «شاھدانە» (كەندىر ئۇرۇقى) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى.
شاھدانەق: شاھدانەك دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، كەندىر ئۇرۇقىنى كۆرسىتىدۇ.
شاھدەرەخت: قارىغاي دەرىخى.
شاھزىيرە: كىرمان زىرىسى.
شاھسفەرەم رۇمىي: ئۇستقۇددۇس.
شاھلۇج، شاھلۇل، شاھلۇك: شاھ ئالۇ. شىرازدا «ئالۇ كەرچە» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئالۇ سۇلتانىي»مۇ دېيىلىدۇ.
شاھماھىي: بەتارۇخ بېلىقى.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەب: بىر خىل زەھەرلىك ئۆمۈچۈك.
شەب ئەنگىيز: بەنجى ئۆسۈملۈكى يىلتىزى.
شەبام: بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەبان: شەپەرەڭنىڭ پارسچە نامى.
شۇببات: بېلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «شەببۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
شەب ئەفرۇز: يالتىراق قوڭغۇز.
شەب ئەنبۇي: تۇن يۇراق گۈل. پارسچە گۈلى «شەببوي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «خەرامى»مۇ دېيىلىدۇ.
شەبانۇر: شەپەرەڭنىڭ پارسچە نامى.
شەباھەڭ: سەھەردە سايرىغۇچى قۇش. پارسچە «مۇرغى سەھەر خۇۋان» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەب پەرە، شەب پەرەك، شەب پارە، شەب پازە، شەب بوزە: ھەممىسى شەپەرەڭنىڭ پارسچە ناملىرىدۇر، ھىندىچە «چەمگادىر»، «چەمگۇدەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەببۇل ئەساكىفە: موزدۇزلار زاكى، پارسچە «زاكى كەفەشگەران» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەببۇل قەلا: ئوكسىدلاندۇرۇلغان زەمچە.

شەب تاب، شەب چىراغەك: يالتىراق قوڭغۇزنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «ھەباھىب» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەب خۇۋان: بۇلبۇلنىڭ پارسچە نامى.

شەب خىيزەك: تەرتىزەكنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «رەشاد» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەبدەر: يەرلىك بېدىنىڭ پارسچە نامى.

شەبدەئ: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چايانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەقرەب» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى، تىل دېگەن سۆز بىلەن ئاتىلىشى ئىستىئارە ئىسمى ئىكەن.

شەبرەڭ: بىر خىل سېرىقتا مايىل قارا رەڭلىك گۈلنىڭ نامىدۇر. يەنە بىر خىل قارا تاشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، «شەبە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتقا تاشلانسا كۆيىدۇ ۋە نېفىت پۇرىقى كېلىدۇ.

شەبەتبات: سۇرىيانچە چوپان تايىقى ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ، «سەفەتفاتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەبۇقە: خەمانۇل ئەرز دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ چوڭ تۈرى.

شەبەب: ھۆپۈپ.

شەبىيشە: راتىيانەجىنىڭ پارسچە نامى. يەنە شەپەرەڭمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شىيش: پىتىنىڭ پارسچە نامى.

شىپەش: ئاشلىقلاردا پەيدا بولىدىغان مىتە.

سىپەندان: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاتلىق ئانارنىڭ نامى ئىكەن.

شىبە: شىھنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەتتامە: پارسچە «شىيرى خەشمەناك» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ نامى.

شۇتۇر: تۆگىنىڭ پارسچە نامى.

شۇتۇر پاي: رۇقە يەمەنى دېگەن دورا.

شۇتۇر بەچچە: بوتىلاق (تۆگىنىڭ بالىسى).
شۇتۇر خار: ئاقۇل دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ پارسچە نامى.
شۇتۇر دەندان (تۆگە چىشى): مىسىر زاكىنىڭ پارسچە نامى.
شۇتۇر: يانتاق ئۆسۈملۈكى.
شۇتۇرى گاۋ پەلەڭ: زىراپە دەپ ئاتىلىدىغان هايۋان.
شۇتۇر مۇرۇغ: تۆگىقۇشنىڭ پارسچە نامى.
شۇتۇر مور (تۆگە چۆمىلىسى): چوڭ ياۋا چۈمۈلىنىڭ پارسچە نامى. بۇ خىل چۈمۈلە مەغرىبنىڭ قۇملۇقلىرىدا، نەجد زېمىنىدا ياشايدۇ. ئوغلاق چوڭلۇقىدا بولۇپ، تۆگىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ.
شەرەنج: هەر خىل ئاشلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان غىزا بولۇپ، «شەترەنجى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەترەنجى دېگەن بۇ ئىسىم هەر خىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇلغان سېلىنجىنىمۇ كۆرستىدۇ.
شىتە: ئۈزۈمنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ج» (جىم) هەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەجائ: رەڭگى قارا، جۇغى چوڭ قارا ئەركەك يىلان.
شەجاج: ياۋا ئېشەكنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەجەر، شەجەرا: دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى. هىندىچە «جەهار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «شەجەرە»، كۆپلۈك شەكلى «ئەشجار» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەجەرە، شەجەرىيك: راسەخ دېگەن دورىنىڭ نامى.
شەجەرەتۇل ئاكىلە: هىندىستان قارىغىيىنىڭ نامى بولۇپ، «دىيۇدار» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەجەرەئى بارىدە (سوغۇق دەرەخ): كىچىك يۆگىمەچئوت.
شەجەرەتۇل بەراغىيس: بۆرگە ئوتى.
شەجەرەتۇل بەق: پاشا ئوتى. پارسچە «شەجەرەئى بەق» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەجەرەتۇل بەهەق (بەهەق ئوتى): قەنا بەرىي ئۆسۈملۈكى.
شەجەرتۇت تەسبىھ (تەسبىھ ئېيتقۇچى دەرەخ): ئەندەريان دەرىخى.
شەجەرەتۇت تىننىين (يىلان دەرەخ): چوڭ لۇف ئۆسۈملۈكى بولۇپ، «سۇفۇل هەييە» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەجەرەتۇت تىيس (تېكە دەرىخى): تەراغىيۇن دەرىخى.

شەجەرەتۇت تىين: ئەنجۈر دەرىخى.

شەجەرەتۇل جەببار (زالىم دەرىخى)، شەجەرەتۇل جەبان (قورقۇنچ دەرىخى): پىرسىياشان.

شەجەرەتۇل جىن (جىن دەرىخى): دىيۋدار دەرىخى.

شەجەرتۇل ھائىزە (ھىيىزدار دەرىخى): تۇخۇمەك دەرىخى.

شەجەرەتۇل ھەرارە: ئازاد دەرەخ.

شەجەرەتۇل ھەيات (ھاياتلىق دەرىخى): قارىغاي دەرىخى، يەنە پەرپىيونمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇل ھەيىيە (يىلان دەرىخى): جىنتىيانا، يەنە لۇفى كەبىر ئۈسۈملۈكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇل خەتاتىيف (قارلىغاچ دەرىخى): ئوردان. مامىرانچىنىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇد دۇب (ئېيىق دەرىخى): ئالقات.

شەجەرەتۇد دىبىق: سەرپىستان دەرىخى.

شەجەرەتۇد دۇلب: چىنار دەرىخى. ئەرەبچە «غەيسام»، پارسچە «دەرەختى چىنار» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇد دەم (قان دەرىخى): شەخار دەرىخى، يەنە شاھتەرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەجەرەتۇز زەرارىيە: ئالا كۇلۇك دەرىخى، يەنى ئالا كۇلۇك قاچىدىغان دەرەخ.

شەجەرەئى زى قەرنەيىن (زۇلقەرنەيىن دەرىخى)، شەجەرەئى سۇلەيمانىي (سۇلايىمان دەرىخى)، شەجەرەتۇس سەنەم: يەبرۇج ئۆسۈملۈكى.

شەجەرەئى رۇستەم (رۇستەم دەرىخى): ئۇزۇنچاق زىراۋەندە.

شەجەرەتۇز زەئرۇر: ئالىقات، پارسچە «دەرەختى كىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇز شەفادىئ (پاقا دەرىخى): كەبىكەج.

شەجەرەتۇت تىھال (تال دەرىخى): سەرىيمەتۇل جەدىي ئۆسۈملۈكى. يەنە فاشرەستىن (مىڭ شاخ)نىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەجەرەتۇت تەلق (تەلق دەرىخى): شەجەرەئى مەريەم (مەريەم دەرىخى)، كەففى مەريەم (مەريەم ئالىقىنى).

شەجەرەئى تەيىيبە (پاك دەرەخ): خورما دەرىخى.

شەجەرەتۇل ئەجەم (ئەجەم دەرىخى): مولوبزاتا، يەنى ئاقارتىلغان مەدەستان.

شەجەرەتۇل ئىقەب: نەۋارىس.

شەجەرەتۇل غار: غار دەرىخى.

شەجەرەتۇل فۇرۇس (پارس دەرىخى): نەۋارىس، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا چۇچۇكبۇيا

يىلتىزى.

شەجەرەتۇل قۇدس (قۇدۇس دەرىخى): قەناۋ دەرىخىنىڭ چوڭ تۈرى.

شەجەرەتۇل قەتران (قەتران دەرىخى): شۈربىين ئارچىسى.

شەجەرتۇل كافۇر (كافۇر دەرىخى): ئۇقھۇۋان گۈلى، كافۇرلۇق رەيھانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇل كەف (ئالىقان دەرەخ): كەففى مەريەم ئۆسۈملۈكى.

شەجەرەتۇل كەلب (ئىت دەرىخى): ئەلۇسەن.

شەجەرئى مۇسا (مۇسا دەرىخى): ئۇللەيقۇل كەلب (ئىت دولانىسى)، يەنە جىغانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەجەرەتۇن نەمام: سامەريۇما ئۆسۈملۈكى.

شەجەرەتۇن نۇر (نۇرلۇق دەرەخ): پارسچە «دەرەختى ئەھرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان لىسانۇل ئاساپىر دەرىخى.

شەجەرەتۇل يەھۇد (يەھۇدى دەرىخى): قەنا بەرا (بەھەقئوت).

شەجەرە: راتىيانەجىنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ.

## پەسل: «ش» (شىن) ۋە «ھ» (ھۆۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەھئەم: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەھدان: كۆرسىنە پۇرچاق.

شەھرا: دېڭىز زاكىنىڭ سۈريانچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇنانچە ئىكەن.

شەھرا شەمسافا: قىزىل زاك.

شەھەت: قۇشلار پېيىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەھمى ئۇترۇج: پوستى بالەك بولۇپ، «ئەلبەست» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەھمۇل ئەرز (يەر يېغى): پاختا، يەنە سازاڭ قۇرتىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى يەر مەدىكى دەپ بىلىدۇ. سازاڭ قۇرتى يەنە «ئەمئائۇل ئەرز» (يەر ئۈچىيى) دەپ ئاتىلىدۇ.

شەھمۇل ھەنزەل: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى گۆشى ۋە پەردىلىرىدىن ئىبارەت. يەنە ئانار ئېتى، شەھمى فاۋەندى دېگەن دورىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەھمۇل مەرەخ: ياۋا ئاق لەيلى.

شەھمۇن نەخلە (خورما يېغى): خورما شىرىسى (جۇممارۇن نەخل).

شەھرى: كەشەنج دېگەن دورا.

شۇھرۇر: تورۇلغا. بىر خىل قۇشنىڭ نامى بولۇپ، شۇھرۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەھىيمە: چوڭ يۆگىمەچئوت.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شىخاب: «كىتاب» ۋەزنىدە ئېيتىلىدىغان بولۇپ، يېڭى سېغىلغان سۇتنى كۆرسىتىدۇ.

شەخەر: شاخار.

شەخارى ئەبيەز (ئاق شاخار): خىمىيەچىلەرنىڭ تىلىدا شاخار تۇزىنى كۆرسىتىدۇ.

شەخەت: ئالتۇن دېتى.

شەخنار: بىر خىل سۇ قۇشىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، رەڭگى كۆك، بېشىنىڭ ئوتتۇرى ئاق بولىدۇ.

شەخىيرە: شاخارنىڭ پارسچە نامى. يەنە نۆشۇدۇرنى كۆرسىتىدۇ.

شەخىين: جۇغى كىچىك، ئاۋازى يېقىملىق بولغان بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەدەخ: ئەنجىبار ئۇرۇقى.

شەدەر: تۇخۇمەك مېۋىسى.

شەدەن: يەسىمەنگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكى.

شەدەنىيات: ئۇ «شەدەنىيە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئۇ تۆگىنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى بولۇپ، يەمەننىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ياشايدۇ. ياكى ئۇ ئەركەك تۆگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەزا: مىسۋاك دەرىخى. يەنە تۈز دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. يەنە ئىت چىۋىنىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ياغاچ دەرىخىنىڭ بىر پارچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

شەزام: تۈز.

شىززان: سىدە دەرىخىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەزەر: كاندىن چىقىرىلغان بىر پارچە ئالتۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە ئۆششاق مەرۋايىت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شەزمان: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەزۇ: ئىپارنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەزە: قەرەسئەنە (ياۋا خوخا ئۇرۇقدىشى).

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شارابى جۇيۇشى: ئۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، مەغرىبنىڭ جۇيۇش ئارىلىدىن كەلتۈرۈلىدۇ، دېڭىز سۈيى بىلەن ئۈزۈم شىرىسىدىن تەييارلىنىدىغان بولۇپ، ئىسسىق، قىرتاق بولىدۇ.

شارابى ھەدىيس (يېڭى شاراب): ئالتە ئايدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن شاراب.

شارابى رەيھانى: ساپ، خۇش پۇراق، قىيامى مۆتىدىل، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق شاراب.

شارابى دۇشابى: نەبىيزۇد دىبىس.

شارابى سەۋسەن: سەۋسەن شارابى.

شارابى ئەسەلى: ھەسەل شارابى.

شارابى ئەتىيق (كونا شاراب): تۆت يىللىق شاراب.

شارابى مۇرەۋۋەق: كاكچا ناننى چىلاپ ئالتە سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈلىدۇرۇپ تەييارلانغان شاراب.

شارابى مەۋىيزى: قۇرۇق ئۈزۈم شارابى.

شارابى نۇبۇس: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەرار: ئوكسىدلاندۇرۇلغان زەرنىخ.

شەراقى، شەراھىق: ئاق سەۋسەن.

شەراس: ئەشراس.

شەرانىق: يىلان پوستى.

شەرنەب: شۇبرۇم سۈتلۈكئوتى.

شەربە: سۇ ئىچىدە ئۆسكەن خورما دەرىخى.

شەربەت: تاغ كۈدىسىنىڭ سۈريانچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «سەۋفۇل ئەرز» (يەر يۇڭى) دەپ

ئاتىلىدۇ. يەنە «ھەشىيشەتۇل كەلب» دېگەن ئۆسۈملۈكنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پارسچە «گەندىنايى كۇھىي» (تاغ كۇدىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە ھۆل ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە گۈللەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى قايىنىتىلىپ شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قىيام قىلىنىپ تەييارلانغان ئىچىملىكنى كۆرسىتىدۇ. يەنە گۇلابمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەربەس: تاغ كۇدىسىنىڭ سۇريانچە نامى، يەنە شىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شۇربۇغ: پاقا.

شۇرپۇن: يەر مەدىكىنىڭ پارسچە نامى.

شەرجىيان: پىدىگەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تېرە ئاشلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

شەران: پاشىغا ئوخشاش بىر خىل ھاشارات بولۇپ، كېچىدە پەيدا بولىدۇ.

شەرەزدەك: سېرىق ئالقاتنىڭ بىر تۈرى.

شەرغۇق: كىچىك پاقا.

شەرفا: ئەنبەر.

شەراق، شەرقۇق: تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ.

شەرنەبىس: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەرنەك: ھەرقانداق زەھەرنىڭ پارسچە نامى. يەنە شەھمەنزەل ۋە پارسچە «خەرزەھىرە» دەپ ئاتىلىدىغان «دىفلا» دېگەن ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

شەرەد: ھەسەلنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە «شىرىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەردىين: شۇربىين ئارچىسى.

شەرا: ئۇللەيقە، يەنى ئاغىچىيۇغۇچ، يەنە ئاچچىقتاۋۇز ئۆسۈملۈكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەرەق: بۇركۇت بىلەن قارىغوجىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر خىل قۇش.

شەريان: ياغىچىدىن يا ياسىلىدىغان بىر خىل دەرەخ.

شەريىش: ئەسراش. ھىندى تىلىدا تېرىدىن ياسالغان يېلىمنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شۇش: ئۆپكىنىڭ پارسچە نامى.

شەش پىستان (ئالتە ئەمچەك): ئىتنىڭ پارسچە نامى. چۈنكى كۆپىنچە ئىتلارنىڭ ئەمچىكى ئالتە دانە بولىدۇ.

شەش پۇختە: بەقلەئى يەمانىيە (قىزىل بۇغداچ) ئۆسۈملۈكى.

شەشبەندان: فاشرىيستىين دەپ ئاتىلىدىغان قارا تال.

شەشىرە: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوردان ئىكەن. يەنە پارسچە «روناس» دەپ ئاتىلىدىغان «فۇۋۋەتۇس سەبباغىين» دېگەن دورىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەشقاقۇل: شاقاقۇل.

شەشمانىيە، شەشمەرھىيل: لاچىندانە.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەتا: خورما دەرىخى نوتىسى. ئۇ كېسىپ ئېلىنىپ باشقا جايغا تىكىلسە «فەسىيل» دېيىلىدۇ.

شەتىيە: يەرلىك يالپۇز ئۆسۈملۈكى بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولىدۇ، شىرازدا «مەرزە»، «ئەبشەنى دەراز» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەتشات: بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

شەتۇت، شەتۇتىي: لوكىسى گۆشلۈك تۆگە.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەئىر: زەپەرنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەئىرا: كۆك ياكى قىزىل رەڭلىك بىر خىل ھاشارات بولۇپ، ئېشەك، تۆگە، ئىت قاتارلىق ھايۋانلارغا قونىدۇ. پارسچە «مىگەسى سەگ» (ئىت چىۋىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئۇ نوقۇت ئۆسۈملۈكىنى، يەنە شاپتۇلنىڭ بىر تۈرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەئرۇل ئەرز (يەر چېچى)، شەئرۇل جىبال (تاغ چېچى)، شەئرۇل جىن (جىن چېچى)، شەئرۇل جەببار (زومىگەر چېچى)، شەئرۇل ھەييات (يىلان چېچى)، شەئرۇل غۇل (ئالۋاستى چېچى)، شەئرۇل جىنات (جىنلار چېچى)، شەئرۇل خەنازىير (چوشقىلار چېچى): پىرسىياۋشان.

شەئرى شەقرائ: بۇدۇر چاچ.

شەئرۇرە: كىچىك تەرخەمەكنىڭ ئەرەبچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياۋا تەرخەمەكنىڭ نامى ئىكەن.

شۇئۇرى سەقالبە (سەقالبە چېچى): زەپەر.

شەئسۇر: ياۋا ياڭاقنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەئىير رۇمىي (رىم ئارپىسى): خەندەرۇس ئۆسۈملۈكى.

شەغال، شەغىير: ئىبنى ئاۋىي، يەنى ياۋا ئىت.

شەئالى: ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى.

شەئرا: قاغا.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شىفا دارۇ (شىپالىق دورا): پادىزەھرى (زەھەر قايتۇرغۇچى).

شىفا دانە: بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، قارچۇغىدىن چوڭراق بولىدۇ. بېشى تۆت رەڭلىك، قانىتى ۋە تېنى كۆپ رەڭلىك بولىدۇ.

شەفتالۇ: شاپتۇلنىڭ پارسچە نامى.

شەفتىرەك: خۇببە (خاكشى)نىڭ پارسچە نامى.

شەفتىرەڭ: بىر خىل مېۋىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئىككى تەرىپى قىزىل، بىر تەرىپى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇ شاپتۇل بىلەن ئۆرۈكنى بىر - بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشىدۇ. يەنە «شەلىيل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەفتىيل: يەرلىك بېدە.

شەفەردانە: ئادراسمان ئۇرۇقى.

شىفشە: ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «سەبايەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەفسىلى: ساسۇلى دېگەن ئۆسۈملۈك.

شەفۇر: بېھى يېغى.

شەفۇرەش، شەفۇدىيس: قەنا بەرا دېگەن ئۆسۈملۈك.

شەفىير: فىروزە.

شەفىيقۇل: شاقاقۇل.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەقاۋىيرا: كۇدىسىمان سامساق.

شقاشقار، شەقرۇشقىيق: شەقائىقۇننۇئمانىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەقدە: يېغى ۋە سۈتى كۆپ بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە نامى.

شەقەر، شەقران: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شۇقەر، شەقەر: كەسلۇنچۇك بالىسى.
شىقەر: خورازنىڭ ئەرەبچە نامى.
شىقرا: جىيد مېۋىسى.
شەقرە: شىڭگىرىپ، ئۇ زەنجەفرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
شەقەردانە: ئادراسمان.
شەقرىين، شەقەردىيۇن: ياۋا سامساق.
شەقەردى فەرادىس، شەقەردىين: مۇتلەق سامساق.
شەقۇرد، فەراسىيۇن: كۇدىسمان سامساق.
شەقى رەغلا: بىستىپايەج.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شۇكائە: بىر خىل تىكەن بولۇپ، بۇنى تۆگە يەيدۇ. پارسچە «ژاژ» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەكانەك: قۇشلارنىڭ تاشلىقى.
شەكەر: شېكەرنىڭ پارسچە نامى.
شەكەرى بادام: پارسچە «نەقلى بادام» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ئۇرۇقچىسى ئايرىۋېتىلىپ ئورنىغا تاتلىق بادام مېغىزى سېلىنىپ تەييارلانغان ئۆرۈك گۈلىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
شەكەر بەرگ: شەكەر پارىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان ھالۋىدۇر.
شەكەرى پەنىير: قارا شېكەرنىڭ پارسچە نامى. يەنە پىل شىنى كۆرسىتىدۇ.
شەكەر سەنگ: ھەجەرى ئەئرابىي، يەنە قارا شېكەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
شەكەرە: كىچىك بۇركۇت.
شەكەرھەنج: ئوغرىتىكەنىنىڭ پارسچە نامى.
شۇگفە: چېچەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «شەگۇفە» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتمىسى.
شەكەل: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پارسچە «خوشنەزەر» دەپ ئاتىلىدۇ. رەيھان تاتارىي دېگەن ئۆسۈملۈكمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. تۈركچە «قەلئە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇجەننەھ ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت.
شىكەنبە: قېرىننىڭ پارسچە نامى. ھىندىچە «ئۇجرى» دەپ ئاتىلىدۇ.
شىكەنج: بىر خىل يىلاننىڭ نامى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، يەنە قىزىل رەڭلىك بىر خىل يىلاننىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتايدىكەن.

شەكەند: سازاڭ قۇرت.
شكنە: چوڭ كىرپە بولۇپ، «دۇلدۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەكۇسى، شەكۇسا: يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى.
شەگۇفە: دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرىنىڭ نامى. ئۇ ئەرەبچە «فۇقاھ» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەگۇفەئى ئۇممىغىيلان: تۇخۇمەك دەرىخى چېچىكى.
شەگۇفەئى سۆرۇنجان: سۆرۇنجان گۈلى.
شەگۇفەئى سەنگ: تاشچېچىكى، يەنى تاش گۈلى.
شەگۇفەئى مىس: مىس چېچىكى، يەنى مىس دېتى. مىس ئىقلىمىياسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
شەكەر ھىيج: ئوغرىتىكەن.
شەكبەر، شەفتەرەڭ: ئۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، شاپتۇل بىلەن ئۆرۈكنى بىر بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشىدۇ. خۇراسانچە «شەلىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.
شۇكال: كۆمۈرنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، پارسچە «زەغال» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «ئەنگۇشت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەلا: قىزىل زەرنىخ.
شەلافتىن: قايناتمىلار ۋە چىلانمىلار.
شەلتۇك، شەمالى: ئاقلانمىغان گۈرۈچ، يەنى شال.
شەلجەم ئەھمەر: قىزىل چامغۇر.
شەلەخ: ئەنجىبار ئۇرۇقى.
شەلەغفار: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى.
شەلغەم: چامغۇر.
شىلەق، شەلەق: ئۇششاق بېلىقنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەلقە: كېلەرنىڭ قويغان تۇخۇمى.
شەلەك، شەلكار، شەلۇك: زۇلۇك قۇرتى. پارسچە «زىلۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەلەم: «شەلجەم» دىگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.
شىلىم: يېلىمنىڭ ئوموميي نامى.
شەلما: بەقلەئى يەمانىيە (قىزىل بوداج).

شەلمابە: سۇ بىلەن قايىنىتىلغان چامغۇر.

شەلمەك: سارالڭ بۇغداي.

شەلمىين: شۇمشا ئۇرۇقى.

شەلۇن: ياۋا ئىت قاتارىدىكى بىر خىل ھايۋاننىڭ پارسچە نامى.

شەلىيسا: بىر خىل مەجۇننىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

شەلىير: شاپتۇل تۇرىدىكى بىر خىل مېۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. پارسچە «شەفتىرەك، شەلىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەماج: ئارپا نېنى.

شەمار: مىسىر ۋە شام تىلىدا ھۆل ئارپىبەدىياننى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇمبەدىياننى كۆرسىتىدىكەن. شىمار دەپ ئېيتىلسا پىچاق، كەكە، پالتا قاتارلىق سايمانلارغا دەستە قىلىنىدىغان ناھايىتى قاتتىق بولغان بىر خىل ياغاچنى كۆرسىتىدۇ.

شەممار: قارىغاينىڭ سۇريانچە نامى.

شەمبەلىيە: شۇمشىنىڭ ئىسپانچە نامى.

شەمخاتىر: ھىندى تۇزى.

شەمدانە: چىلان.

شەمەر: قايماقنىڭ پارسچە نامى. تۈركچە قايماق دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «بالائىي» دېيىلىدۇ. شام خەلقى ھۆل ئارپىبەدىياننىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. مىسىر خەلقى رۇمبەدىياننى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.

شەمرا: تۇتۇننىڭ سۇريانچە نامى.

شەمراخ: ئۈزۈم بىلەن تولغان ئۈزۈم سېپى.

شەمرا ۋەستەركا: مىئەسائىلەنىڭ سۇريانچە نامى.

شەمرا دەلبۇنا: كۇندۇر تۇتۇنى.

شەمس: خىمىيە ئەھلىنىڭ تىلىدا ئالتۇننى كۆرسىتىدۇ.

شەمسە: تۇرۇپ يېغى. سەندەلىيتۇس دېگەن دورىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەمشاد، شەمشار: شەمشادنىڭ پارسچە نامى.

شەمەش: سامساقنىڭ پارسچە نامى.

شەمسىرا: مەرزەنجۇش، بەزىلەر چاشقان قۇلاقئوت دەپ بىلگەن.

شەمسەك: زەنەد ۋە بازەنەد تىلىدا كۈنجۈتنى كۆرسىتىدۇ.
شۇمشىير: لاچىندانە. ئۇ يەنە «شۇشىير» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
شەمسىن: قاقىلە.
شەمئەل: پىلىنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەملەج، شەملەغ: چامغۇر.
شەملىيت، شەملىيە، شەملىيز: شۇمشا ئۇرۇقى.
شەممۇر: تەنتۇر ۋەزنىدە ئېيتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئالماسنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەمۇس: شارابنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەمۇل، شەمە: قايماقنىڭ پارسچە نامى، تۇركچە قايماق دېيىلىدۇ.
شەمىز: سىيادان.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شەنا: تاغ كۈدىسى. يۇنانچە «فەراسيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەنارى: مۇشۇكنىڭ ئەرەبچە نامى.
شەنان: ئۆشنان.
شەنبەلىيت، شەنبەلىيلە: شۇمشىنىڭ پارسچە نامى. يۇنانچە «فەرىيفە» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەجار: ئەبۇ خەلسا ئۆسۈملۈكى.
شەنەج: تۆگە. «شەنج» دەپ ئاتالسا «كات» دەپ ئاتىلىدىغان كات دەرىخىنىڭ ئۇسارىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھىندىچە «كىير»، «كەتە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە قۇلۇلىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدىغان «سەنەگ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.
شەنبەر: سىيادان.
شىنجىرىق: شىڭگىرىپ.
شەند: زىرۋى دەرىخى دەرىخى تۈتۈنى. ھىندىچە «سەت» دەپ ئاتىلىدۇ.
شەنەك: ئىسپىھان تىلىدا تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.
شەنگىرىق: شىڭگىرىپ.
شەنگىرىق راۋلى: سەرەنج دېگەن دورىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، «ئۇسرەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «رەسەندىرۇ» دېيىلىدۇ.
شەنەكزەن: ئالاكۇلۇكنىڭ پارسچە نامى.
شەنكەل، شەنكىلەك: كۈرسىنە پۇرچاقنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، پارسچە «شەنەك»،

ھىندىچە «مەتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەنكارۇل مەسنۇئ: لىھامۇز زەھەب.

شەنكالە: بۇغداي باشقىنىڭ پارسچە نامى.

شەنكەلىيل: زەنجىۋىل.

شەنكىۋىيز: ئۇ ئىككى خىل نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، بىرى، خورما دەرىخىدىن تامچىلىغان سۇدىن تەييارلانغان ئىچىملىكنى، يەنە بىرى، پەھلىۋىي تىلىدا زەنجىۋىلنى كۆرسىتىدۇ.

شەندىلە: نىبىت تىلىدا تۇدەرىنى كۆرسىتىدۇ.

شەنبەلىيد: سۆرۈنجان گۈلى.

شەنىين: سىيادانىنىڭ پارسچە نامى.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شىۋىت: سىرىقچىچەكنىڭ پارسچە نامى.

شىۋات، شىۋاد، شەۋارىد، شەۋالىك، شەۋال: ھەممىسى ھەمىشىباھار ئۆسۈملۈكنىڭ پارسچە نامىدۇر، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «سەرخاب» دېيىلىدىغان ئۆسۈملۈك ئىكەن. يەنە «بۇقەلەمۇن» دېيىلىدىغان قۇشمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، رەڭگى قىزىل بولىدۇ، ھەر سائەتتە رەڭ ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ ئەرەبچە «ئەبۇ بەراقىش، ئەبۇل بەرراق» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەۋادىيق، شەۋادنىيق: قارچۇغا ياكى لاچىنغا ئوخشاش ئوۋ قۇشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

شەۋانا: سىيادان.

شوب، شور: ھەسەل، يەنە لاچىندانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شوب سىينىي: چوب چىينى دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

شوخ: كىرنىڭ پارسچە نامى.

شوخەت: ھەرقانداق باشاقنى، خۇسۇسەن تېرىق باشقىنى كۆرسىتىدۇ.

شىۋىد: سىرىقچىچەكنىڭ پارسچە نامى.

شودانەق: قارچوغا ياكى لاچىن.

شورى: دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، ماراكەش خەلقى «ئەسرار» دەپ ئاتايدۇ.

شوران: زاراڭزا گۈلىنىڭ ئەرەبچە نامى.

شورباج: پارسچە «شوربا» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى. ئۇ يېيىلىدىغان

گۆشلەر ياكى ئاشلىقلارنىڭ سۇ ۋە تۇز بىلەن تەييارلانغان سۇيىدىن ئىبارەت.

شورەج: پارسچە «شورە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى. ئۇ بارۇد دەپ ئاتىلىدۇ.

شور مور: ئۇششاق چۇمۇلە، ھاشا چۇمۇلە.

شورە: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە ھىجاز دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، شەكلى غار دەرىخىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى كۆك بولۇپ، بالادۇرغا ئوخشايدۇ، يېلىمى باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شور گەز: توغراق.

شوسا: چاڭگاكنىڭ سۇريانچە نامى.

شوس داما: بەقلەئى يەھۇدىيە (يەھۇدىي ئوتى)نىڭ سۇريانچە نامى.

شوسىنا: سەۋسەننىڭ سۇريانچە نامى.

شوسىن: سۇريانچە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇنانچە بولۇپ، «قەندەرسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قارىغاينىڭ نامىدۇر.

شوشا: سىيادانىنىڭ يۇنانچە نامى.

شوشەك: قۇر دېگەن قۇشنىڭ پارسچە نامى.

شوشمىر: لاچىندانىنىڭ پارسچە نامى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆز يۇنانچە ئىكەن.

شوشو: جاۋرەس.

شوسە: ئالتۇن ـ كۈمۈش قۇيۇلمىسى.

شوس: ھەسەل.

شوسۋا: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇڭگۈزى يېڭى چىققان ياكى چىقىپ قاتقان بۇغىنى كۆرسىتىدۇ.

شوئ: بان دەرىخى.

شوغ: ۋەشەھ.

شوغار، شوغبار: ئاق زاك.

شەۋك: تىكەننىڭ ئەرەبچە نامى، ھىندىچە «كانتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

شوكا: تەنەكابۇن تىلىدا تاغ كالىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇغا جىنسىدىن، ياۋا كالىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر.

شەۋكەئى ئىبراھىم (ئىبراھىم چاتقىلى): مەغرىب تىلىدا قەرەسئەنە دېگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ.

شەۋكە: چايان نەشتىرى.

شەۋكەئى بەيزائ: ئاق تىكەن. ئۇنى شوكائى دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى

خۇددى بايان قىلىنغىنىدەك ئۇ شۇكائى ئەمەستۇر.

شەۋكەتۇل جىمال: يانتاق، ھىندىچە «ئۇنت كەتارە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «رەئىيۇل ئىبىل» (تۆگە ئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

شەۋكەتۇل ھەييە (يىلان تىكىنى): ئاق تىكەننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تىكەنلىرى ئۇزۇن، ئېگىز، خۇددى يىڭنىدەك بولىدۇ.

شەۋكەتۇد داجىيىن (داجىيىن تىكىنى): چوپان تاغىقىئوت. يۇنانچە «دىيناقۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەۋكەتۇد دەمەن: ئەكۇب.

شەۋكەتۇس سەۋدائ (قارا تىكەن): شەۋكەئى يەھۇدىيە (يەھۇدىي تىكىنى)، ئۇ قەرەسئەنە دېگەن دورىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

شەۋكەئى شەھاد: خەرنۇب نىبتى، يەنە تۇخۇمەك مېۋىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەۋكەئى مەھبائ: تاغ پىيىزى، خەرنۇب نىبتىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شەۋكەئى غەربىيە: شۇكائى.

شەۋكەتۇل ئىلك: ئىشخىيس ئوتى. مازارىيوننىمۇ كۆرسىتىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە مازارىيۇننىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

شەۋكەئى قىبتىيە (قىبتى تىكىنى)، شەۋكەئى مىسرىيە (مىسىر تىكىنى): تۇخۇمەك دەرىخى.

شەۋكەئى مەنىيە: تۇباقئوتى. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى غاپەس دېگەن، چۈنكى تۇباق ئوتى تىكەنلىك ئەمەس ئىكەن.

شولەم: ساراڭ بۇغداي.

شومە: مازارىيون.

شولوز: سىيادان.

شەۋۋالە: چايانىنىڭ نامى. دېڭىز ئالا پاختىكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شىۋە: يەڭگىل، قارا تاش بولۇپ، «شەبە» دەپ ئاتىلىدۇ.

شوھەب: كىرپە.

شەۋا: قويلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، پارسچە «گوسفەندان» دەپ ئاتىلىدۇ.

شىۋا: سېرىقچېچەك.

شۇۋا: شورپا.

شۇۋەيسىي: بىر خىل مېۋە.

شۇۋەيلائ، شۇۋەيلى، شۇۋەيل: بەرەنجاسىپ، يۇنانچە «ئەرتەنىيسا» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەۋا: قورۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شىھاب، شىھابە: ئۇچتىن ئىككى قىسمىغا سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت. يەنە زاراڭزا چېچىكىدىن چىقىرىلغان سۇنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەھباز: ئوۋلايدىغان قۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، قارچۇغىدىن چوڭراق، ئۇنىڭدىن جۇرئەتسىزرەك بولىدۇ.

شەھبانەج: شاھبانەج، يەنە رەيھاننىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شەھىد: ھەسەل.

شەھدانەج: كەندىر ئۇرۇقى.

شەھدانەج بەررىي: ياۋا كەندىر ئۇرۇقى.

شەھلە: ناھايىتى مايلىق گۆش.

شەھمانەج: شاھبانەج.

شەھىد: ئاتىلا ياكى قورۇپ پىشۇرۇلغان كاللا.

شەھپىرۇن: ئۇن ئېشىنىڭ يۇنانچە نامى.

شەھپەر: سىيادان.

## پەسل: «ش» (شىين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

شىياق: كۆز دورىلىرىدىن بولۇپ، بىرلىك شەكلى «شافە» بولىدۇ. يەنە مەقئەت ياكى جىنسىي يولغا سېلىنىدىغان دورا ياسالمىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شىيافى خوزىي: بوشدەربەندى.

شىيافى مامىيسا: مامىسا ئۇسارىسى.

شەيىيالە: چاكاندا.

شىيبە: ئەفئا يىلىنىنىڭ پارسچە نامى. «شەيبە» دېيىلسە ئۆشنىنىڭ پارسچە نامى بولىدۇ. يەنە سۇريانچە جىغاننى كۆرسىتىدۇ.

شەيبان: خۇنسىياۋشان.

شەيبا تەلھا: جىغاننىڭ سۇريانچە نامى.

شىيبۇران: يىلاننىڭ تۈركچە نامى.

شىيبا كەليا: ئىت جىغىنىنىڭ سۇريانچە نامى.

شەيبە: ئۆشنە.

شەيبەتۇل ئەجۇز: ئۆشنە.

شەيىب دىيبا: ئۆشنىنىڭ سۇريانچە نامى، يەنە تۇخۇمەك دەرىخىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە ئۇ چاڭگاكنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شىيرە: شىيرەج دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر.

شەيقۇر: ئارپىنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «جەۋ» دەپ ئاتىلىدۇ.

شىيھ جەبەلىي: تاغ دەرمەنىسى.

شىيھ ھەبەشىي: قارىمۇچ.

شىيھۇر رەبىئ: يۇنانچە «ئەرىيقارۇن» دەپ ئاتىلىدىغان دورا.

شىيھ يەھۇدىي: شىيھۇل بەھىر.

شىيزقان: ئوۋ قۇشلىرىدىندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارچىغا ياكى لاچىن ئىكەن.

شىيزىيان: بۆرە.

شىير: بىر دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە ئابنۇس ياغىچى دەرىخىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، پارسچە ھايۋانات، دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ سۈتىنى ھەم شىرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

شىيربا: گۈرۈچ سۈيى.

شىيربان: سەۋسەننىڭ تۈركچە نامى.

شىير بەخشىر: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەترەنجى ھىندى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشچە، خەربەق ئىكەن.

شىيرەج: كۈنجۈت يېغى بولۇپ، «دۇھنۇل ھەل» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «رەۋغەنى كۈنجۈد»، «شىيرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

شىيرابە: خەشخاش.

شىيرەجۇت تىين: ئەنجۈرنىڭ سۈدا قويۇلغىچە قاينىتىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ قىيام قىلىنغان سۈيى.

شىيرساد: ئادراسماننىڭ پارسچە نامى.

شىيرىينى: چىلان.

شىير كۈنجۈشك: شىر قۇش. ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ چوڭراق بولىدۇ، تاپلارنى ئۈزۈۋقلۇق قىلىدۇ.

شىير گىياھ: بىر خىل سۈتلۈكئوتنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، بوياقلارغا قوشۇلىدۇ، پارسچە «سوسپەند»، ھىندىچە «دۇدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەئىير لۇئاب: ھەسەل.

شىير ماهىي: ئۇ بىر خىل بېلىقنىڭ نامى بولۇپ، گۆشى تەملىك بولىدۇ، ئەرەبچە «نەن»، ھىندىچە «باكھ مەچلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شىيرى مۇرۇغ: شەپەرەڭ سۈتى بولۇپ، «شىيرزەق» دەپ ئاتىلىدۇ.

شىير مىگەس (شىر چىۋىن): ئۆمۈچۈك.

شىيرە: شارابنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «بوزە» دەپ ئاتىلىدىغان شارابتىن تەييارلىنىدۇ. «بەنكاب» دەپ ئاتىلىدىغان ئىچىملىكمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە ئۇ كەندىر يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلغان شارابنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پارسچە كۈنجۈت يېغىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۈزۈم سۈيىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شىيرەئى خورما: خورما شىرىسى ياكى ئۇنىڭ شارابى.

شىيرىندۇن: شۇبرۇم دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ پارسچە نامى.

شىيش، شىيشا، شىيس، شىيسا: ئۇرۇق تۇتمىغان خورما. يەنە «شىيس» دېگەن سۆز بىر خىل بېلىقنى كۆرسىتىدۇ.

شىيشا: ھىندىچە قەلەينى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئۇ ئەينەكنىڭ نامىدۇر.

شىيشاك، شىيشەك: بىر ياشلىق قوينىڭ پارسچە نامى، ئۇ يەنە قۇر دېگەن قۇشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

شىيشۇ، شىيشۇن، شىيشەك: قۇر دېگەن قۇشنىڭ پارسچە نامى.

شىيشە: شېشىنىڭ پارسچە نامى.

شەيتان: يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇ يەنە زەقۇم دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب
# «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سابۇنۇل قاف، سابۇنۇس سىياب (كىيىم ـ كېچەك سوپۇنى): ئەبى مالىك دەرىخى.

سابۇن رىققىي (رىق سوپۇنى): ئۇ ئىراق سوپۇنى بولۇپ، شامنىڭ كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان «رىق» كەنتىدە زەيتۇن يېغى بىلەن ھايۋانات يېغىدىن ياسىلىدۇ.

ساتىر، ساتىرى: سۆئتەر، پارسچە «ئەۋشەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ساد: تۇچ بىلەن مىسنىڭ ئەرەبچە نامى ياكى مىسنىڭ بىر تۇرى.

ساراد ئەملاتا: مۇنچا كىرى ياكى پارسچە «زورگەر خانە» (كۆچ كۆرسىتىدىغان ئۆي) دەپ ئاتىلىدىغان چېلىشىش ئورۇنلىرىدا يىغىلغان كىر.

سادىخ: خوراز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۇنكى ئۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە چىللايدۇ.

سارىم: شىر.

سارمورىيۇن: ئىككى ياكى ئۈچ يوپۇرماق ئوت.

سارۋان: كىچىك لۇف ئۆسۇملۇكى.

سارۇج: سارۇج لېيى. بۇ ئىسىم پارسچە «سارۇج» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر، چۇنكى ئەرەبچە سۆزلەردە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن «ج» (جىيم) ھەرپى بىر ئورۇندا كەلمەيدۇ. ئۇ لاي، ئوت ـ خەس، ناچار توپىغا سۇ قوشۇپ يۇغۇرۇپ پىشۇرۇش ياكى ئاھاك، سۇ قوشۇپ يۇغۇرۇپ سوقۇپ ئاھىدە ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر خىل لاي بولۇپ، كۆپ ھاللاردا كۆللەر ۋە مۇنچىلار ئۈنىگدىن ياسىلىدۇ.

سارە: كىچىك لۇف ئۆسۇملۇكى.

ساسە: سەۋزە.

ساغافايۇن، ساغافىيۇن: سەكبىنەج.

سافىر: تورغاي، پارسچە «چەكاۋەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

سامىت: ئالتۇن، كۈمۈش.
سامىرزە: ناھايىتى چۈچۈمەل قېتىق.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەبارا: تەمرىھىندى.
سەبار: سەبرە ئۆسۈملۈكى.
سەبا: سانا مەككى ئۈسارىسى بولۇپ، قۇرۇس قىلىنىدۇ، ئىششىقلارغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.
سىبخ: نانخۇرۇش.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەھمائ: كۆكتاتنىڭ ئەرەبچە نامى.
سەھەيرائ: ھۈمەيرا ۋەزنىدە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، سۈتنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.
سەھىيرە: يېڭى سېغىلغان سۈت بولۇپ، قاينىتىپ ياغ قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەخرە: قاتتىق، چوڭ تاشنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سەخەر، سەخەرات» بولىدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەدائۇل ھەدىيىد: تۆمۈر دېتى. پارسچە «زەنگارى ئاھەن» دەپ ئاتىلىدۇ.
سەد پەيۋەند: پارس ئاممىسىنىڭ تىلىدا چوپان تايىقى (ئەسەر رائى) ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇدۇغ: بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، چىلاندىن ئۆتە قىزىل بولىدۇ.

سۇدداد: يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە تام پاتمىچۇقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يەنە ھەردۇن كەسلەنچۇكتىن كۆپ كىچىك بولغان بىر خىل ھايۋاننىڭ نامىدۇر.

سەدداغ: چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولغان تاغ تېكىسى.

سەدەفۇز زەر: يۇنانچە «فەرۇفىس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورا.

سۇدەف: بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

سەدىيد: جاراھەتتىن قان ئارىلاش ئاقىدىغان سۇيۇق سۇنىڭ نامى بولۇپ، پارس تىلىدا «زەرداب» دېيىلىدۇ، قويۇلسا «مىددە» (يىرىڭ) دېيىلىدۇ.

سەدىيدا: سۇرمىنىڭ سۇريانچە نامى.

سەدىيقۇس: ئۇسرەج دېگەن دورا.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەرائ: چوڭ، سېرىق ئاچچىقاۋۇز.

سەرايلە: سېرىقچېچەكنىڭ سۇريانچە نامى.

سۇراھ: ساپ شارابنىڭ ئەرەبچە نامى.

سۇرام: ھايۋاناتنىڭ ئەمچىكىدە ئۇيۇپ قالغان ناھايىتى قويۇق سۇت.

سەر، سەرە: ناھايىتى چۇچۇمەل سۇتنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە تەلھە دەرىخى يېلىمى.

سەربۇقا: قىزىل رەڭلىك سەدەپنىڭ سۇريانچە نامى.

سەرخەزدىيىيە: سەرخەز ئارىلىغا مەنسۇپ بىر خىل شاراب، قامۇسنىڭ ئاپتورى ئۇنى شامنىڭ «لالام» شەھرىگە مەنسۇپ شاراب دېگەن.

سىرر: ئاق قۇشقاچقا ئوخشايدىغان بىر خىل سېرىق رەڭلىك كىچىك قۇش. پارسچە «زەردۇك» دېيىلىدۇ.

سەرراخ: توزنىڭ ئەرەبچە نامى.

سەرخە: لوفۇلھەيىيە ئۆسۈملۈكى.

سۇرەد: قۇرغۇي.

سەراد، سەرادۇل لەيل: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، چېكەتكىگە ئوخشايدىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قاناتسىز «بەناتى ۋەردان» دېيىلىدىغان ھاشارات ئىكەن.

سەرسەران: سىرتى سىلىق بىر خىل بېلىقنىڭ نامى.
سەرفان: ئېغىر، قاتتىق، گۆشلۈك، شېرىن خورما. قەلەيمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
سەرف فەلاماما: گۈلدارچىنىنىڭ سۈريانچە نامى.
سەرفۇفا: قىزىل سەدەپنىڭ سۈريانچە نامى.
سەرفۇلا: ئەنزىرۇتنىڭ سۈريانچە نامى.
سىرىم: پارسچە «چىرىم» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، يالغۇز ئېيتىلسا ئاشلانغان تېرىنى كۆرسىتىدۇ.
سىرمۇد دېيىك: شام خەلقى تىلىدا «دەلىيك» دەپ ئاتىلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ.
سەرما: كاشىم رۇمىنىڭ سۈريانچە نامى بولۇپ، سىيسالىلىيۇستىن ئىبارەت.
سەرۋى: شەۋكىران، ئۇ «زەرۋى»مۇ دېيىلىدۇ.
سەرۋا: شەۋكىران، سۈريانچە گۈلدارچىنىنى كۆرسىتىدۇ.
سەرۋا فورنا: قىرفەتۇد دارچىنى دېگەن دورىنىڭ سۈريانچە نامى.
سەرۇر شاھ: سۈريانچە تام پاتمىچۇقنى كۆرسىتىدۇ.
سەردېيرا: ۋەردان ئۆسۈملۈكى. ئۇ يەنە ياۋا رەيھاننىمۇ كۆرسىتىدۇ. تاجىگۈلدىن ئىبارەت بولغان بوستان ئەفرۇز ئۆسۈملۈكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
سەردېيف: يېڭى سېغىلىپ تېخى سوۋۇمىغان يېڭى سۈتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ساپ كۇمۇشنىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
سەردېيفە: خورما دەرىخىنىڭ قۇرۇق شېخى.
سەردېيفىيە: بىر خىل شاراب بولۇپ، ۋاسىت شەھىرىنىڭ كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان سەردېيف كەنتىدىن كەلتۈرۈلىدۇ.
سەريۇقنا: قۇستەنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەترەق: مىئە يېلىمىنىڭ يۇنانچە نامى.
سەتەفلىين دىبارا: شاقاقۇلنىڭ سۈريانچە نامى.
سەتۋىيتۇن: شابانەك.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەئارا: ئارپىنىڭ سۈريانچە نامى.

سەئتەرۇل ھىمار، سەئتەرۇل ھەمىير (ئىشەك يالپۇزى): ھاشانىڭ ئەرەبچە نامى.

سەئتەرۇش شامىي، سەئتەرۇل فۇرۇس: ياۋا پىننە.

سەئرۇر: قوڭغۇز.

سەئەف: يەمەن خەلقى ئارىسىدا تىپىلىدىغان بىر خىل شاراب. ئۇ يەنە كىچىك بىر خىل قۇشنىڭ نامىدۇر.

سەئقەر: بىلىق تۇخۇمى.

سەئۋە: كىچىك قۇشقاچنىڭ نامى بولۇپ، پارسچە «تەرەندەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەئۇن: ئەركەك تۆگىقۇشى.

سەئىيد: تۇپراق.

سەئىيسۇ: قۇستە.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سۇفۇر: كاندىن چىقىدىغان سېرىق مىس بولۇپ، «مىسى رەست» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەفرائ: ئالتۇننىڭ نامىدۇر، يەنە بەدەندىكى بىر خىل خىلتنى كۆرسىتىدۇ. يەنە تۇخۇم قۇيۇپ بولغان چىكەتكىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە تۇزلەڭلىكلەر ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كاھۇ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئەبۇل ئابباس دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ، كەپتەر پۇتىغا ئوخشايدىكەن، تۈكلۈك بولىدىكەن. گۈلى سېرىق، يۇمشاق، تەمى سەل ئاچچىق ئىكەن. ئىستىسقا ئۈچۈن سۈيىنى ئىچسە پايدا قىلىدىكەن.

سەفساق: تەتۇر سۆگەت. ئۇ سۆگەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «سەفىد بىيد» (ئاق سۆگەت) دەپ ئاتىلىدۇ.

سەفسافە، سەفسەفە: سەكباج.

سۇفسۇف: قۇشقاچ.

سىفسىف: ساسۇللى دېگەن دورا.

سەفەن: ئادەم ئورۇقدىنى خالتىسى.

سۇفەيرا: «ھۇمەيرا» ۋەزنىدە ئوقۇلىدۇ، ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بوياقچىلار ياغىچىنى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىدۇ، مىسىر خەلقى ئۇنىڭ ياغىچىنى «ئۇدۇل قەيىيە» دەپ ئاتايدۇ.

يوپۇرمىقى خەرنۇب شامىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن مەزمۇتراق بولۇپ، ئۇستىدە قىزىل، قارا چېكىتلىرى بولىدۇ. شەخ ئىبنى بەيتار «مەن ئۇنى تالىيە شەھەرلىرىدە شۇنداق كۆردۈم» دېگەن.

سەفىيق: زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ، قازاندا قورۇپ پىشۇرۇلغان گۆشنى كۆرسىتىدۇ، يەنە تۇزلانغان ۋە ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان گۆشنى كۆرسىتىدۇ.

سەفىيتە: ئارچا دەرىخى.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سىقال: تال، قورساق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەقىر: ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۈركۈت، لاچىن قاتارىغا كىرىدۇ، پارسچە «چەرغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەسقۇر»، «سۇقۇر»، «سۇقۇرە» بولىدۇ. مەزكۇر سۆز يەنە قېتىق، ئۈزۈم شىرىسى، ھەسەل، ھۆل خورما، قۇرۇق ئۈزۈم، زەي سۇ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

سۇقرات: جۇغرات دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، چۇچۇمەل قېتىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سەقئائ: قاغىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بېشى ئاق بولىدۇ.

سەقئەر: سوغۇق سۇ، ئاچچىق، قويۇق سۇ، سېسىق سۇ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

سەقئەل: يېڭى سېغىلغان سۈتكە چىلانغان قۇرۇق خورما. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قۇرۇق خورما ئىكەن.

سەقلىين: بىستىياج.

سەقىئ: ئاسماندىن چۈشكەن شەبنەم، يەنە پارسچە «بۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھەرىنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەلائ: ئوت بىلەن قورۇلغان گۆش.

سەلادىم: شىر.

سەلامەندىرا: سالامەنىرا، ئۇ كەسلۇنچۇكنىڭ بىر تۈرىدۇر.

سەلايىق: بۇغداي ئۇنى نېنى.

سۇلەب: بىر خىل قۇش.

سەلەخدەم: كۇچلۇك تۆگە.

سەلدام، سىلدىم: شىر.

سەلسال: قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز توپىنىڭ ئەرەبچە نامى ياكى تېخى ساپاللاشمىغان، يەنى پىشمىغان لاينى كۆرسىتىدۇ، ساپاللاشسا «فەخخار» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەلسەل: بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا پاختەك ئىكەن. يەنە ئاتنىڭ پېشانىسىدىكى قاشقىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. قەدىمكى تېبابەتتە تونۇشلۇق بىر خىل قۇش نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، پالەچ بولۇپ قالغان ئادەم مۇرچ بىلەن ناشتىدا يېسە پالەچلىكىگە شىپا بولىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە ئۇ«ئەككە» دەپ ئاتىلىدىغان قۇش ئىكەن، بۇ قۇش ئالا قاغىدۇر.

سەلسەلە: كەپتەر.

سەلفام، سەلقەم: شىر، يەنە سېمىز تۆگىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

سىل: ھەرقانداق يىلاننى ياكى بىر سېرىق رەڭلىك ئىنچىكە يىلاننى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر خىل دەرەخنى، يەنە يۇزى يۇمىلاق بولغان يىلاننى كۆرسىتىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ خىل يىلاننىڭ ئاۋازىنى ئادەم ئاڭلىسا شۇ ئادەم ھالاك بولىدىكەن.

سۇللەب، سۇللەببىيە: بىلەي تېشى.

سۇللەجە: يىپەك پىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، پارسچە «پىيلەئى ئەبرەشىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ساپ كۇمۇش قاتمىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇ قاتما پارسچە «شەمسى سىيم» دەپ ئاتىلىدۇ.

سىللۇر: «سىنىنۇر» ۋەزنىدە ئېيتىلىدىغان بولۇپ، يىلانغا ئوخشايدىغان بىر خىل بېلىقنى كۆرسىتىدۇ، پارسچە «مار ماھىي» (يىلانبېلىق) دېيىلىدۇ.

سەلۇلان: خەرنۇبۇل خىنزدىير (چوشقا خەرنۇب ئۇسۇملۇكى)، مىسىردا «ھەببۇل كۇلا» (بۆرەك دان) دەپ، يۇنانچە «ئەناغۇرس» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەلۇما: ئىنەكپىتى.

سەلۇن: خەرنۇب نىبىتى.

سەلھام: شىر.

سەلىقە: كاكچا نان. يەنە قورۇپ پىشۇرۇلغان گۆشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سەلائىق» بولىدۇ.

# پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەماسىم، سەمسەم: شىر.

سەمالىم: قويۇق سۈت.

سەمالخى: تەمسىز سۈت.

سەمرە: ئۆتكۈرلۈكى بولمىغان سۈتنى كۆرسىتىدۇ.

سەمئەردىيىيە: چېقىۋالسا قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل يامان يىلان.

سەمغى ئىججاس: قارىئۆرۈك يېلىمى.

سەمغۇل ئاقاقىيا: ئەرەب يېلىمى بولۇپ، يېلىملەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تەرياقى كەبىرنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ.

سەمغۇل ئەنجۇدان: ئەنجۇدان يېلىمى، ھىڭ، پارسچە «ئەنگىزەد»، «ئەنگۇزە»، شىرازچە «ئەنگۈشتى گەندە»، ھىندىچە «ھىڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىرشاد» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قارا ئەنجۇدان يېلىمى بولۇپ، سېسىق ھىڭدىن ئىبارەت ئىكەن.

سەمغۇل بۇتۇم: بۇتۇم دەرىخى يېلىمى، پارسچە «سىقىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەمغۇل بەھىر: كەھرىۋا.

سەمغى بىلسان، دۇھنۇل بىلسان.

سەمغۇت تەننۇب: زىغتۇس سۇفۇن (كېمە زۇپتى).

سەمغۇل ھەرشەف (ھەرشەف يېلىمى)، سەمغۇل كەنكەر (كەنكەر يېلىمى)، تۇرابۇل قەي: ئۇ بىر خىل يېلىم بولۇپ، پارسچە «كەنكەرزەد»، «كەنكەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەمغۇل جەۋزۇر رۇمىي (رىم ياڭىقى يېلىمى): كەھرىۋا.

سەمغۇد دامىيسا: دامىيسا دەرىخى يېلىمى. ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى بولۇپ، پارس شەھەرلىرىدە كۆپ بولىدۇ، ياخشىسى ساپ، قىزىلغا مايىل، ئۆتكۈر، پۇرىقى جەھەتتە ئەمەس، قۇۋۋىتى جەھەتتە ھىڭغا ئوخشاش بولغىنىدۇر.

سەمغۇز زەيتۇن (زەيتۇن يېلىمى): ئۇ ئەستەرەك دېگەن دورىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «زەدى زەيتۇن»، سۇريانچە «قاموز»، «زەيناۋ»، رىمچە «دەبىيمۇن ئەغردىيىمۇس»، يۇنانچە «ئورقىيتادۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل يېلىم بولۇپ، قىزىل ياقۇتقا ئوخشايدۇ، كىچىك تامچىلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تىلغا تەگكۈزۈلسە تىلنى چاقىدۇ. يېلىمغا ئوخشايدىغان، تامچىلىرى چوڭ، سىلىق بولغان، تىلنى چاقمايدىغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ،

تىبابەتتە پايدىسى يوق.

سەمغۇس سەدابىل جەبەلىي: تاغ سۇزاپى يىلىمى.

سەمغى سەداب بەررىي: ياۋا سۇزاپ يىلىمى.

سەمغۇس سەرۋى: ئارچا يىلىمى، ئۇنىڭ ھەممە تەسىرى راتىيانەجنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش.

سەمغۇس سەنۇبەر: راتىيانەج.

سەمغۇت تەرسۇس: سەمغى ئۇشتۇرغار، ئۇشەق.

سەمغى ئەرەبى: قەرىز دەرىخى يىلىمى.

سەمغۇل فارسى: قارئۆرۈك يىلىمى دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئەمما شىراز خەلقى ئۇنى ياۋا بادام يىلىمى دەپ تونۇيدىغان بولۇپ، «ئەزدۇۋى بادام» دەپ ئاتايدۇ.

سەمغۇل كەرەفشىل جەبەلىي: تاغ كەرەپشىسى يىلىمى، كەماشىير.

سەمغۇل كۇمەسسەرا: ئامۇت يىلىمى، پارسچە «زەدى ئەمرۇد» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «ئەزدۇۋى ئەمرۇد» دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشىسى كونا ئامۇت دەرىخىدىن ئېلىنغىنىدۇر.

سەمغى كەمكام، سەمغى زەرۋى: ھەسى لۇبان.

سەمغۇل لەۋز: بادام يىلىمى. پارسچە «زەدى بادام»، شىرازدا «ئەزدۇۋى بادام»، سۇريانچە «قامۇزۇلۇز»، رىمچە «دىندەبيۇن قەلئە»، يۇنانچە «دېيىندەلۇسى» دەپ ئاتىلىدۇ. «تۆھفە»نىڭ ئاپتورى ئۇنى «زەدكۇلە» دەپ يازغان. ياخشىسى يېڭى تىكىلگەن دەرەختىن ئېلىنغىنىدۇر.

سەمغۇل مەھرۇس: ھىلتىت.

سەمقە: بىر خىل يىلىمنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، تەمى سۇسلىغان ۋە يوقالغان بولىدۇ.

سەملاخ: قۇلاقنىڭ كىرى.

سەمخە: گۆشسىز تائامنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «كاچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سەمە: ئەركەك يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى، شىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە چىشى كىرپىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەمسىيھۇن، سەمىئھۇن: مەرزەنجۇش.

سەميا: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تۇخۇمەككە ئوخشايدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەنناجە: قەزۋىينىينىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، جاھاندا ئۇنىڭدىن چوڭراق يەنە بىر خىل ھايۋان يوق ئىكەن، ئۇۋۇسىنى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر چوڭلۇقتا

ياسايدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ھايۋاننىڭ نەزىرى چۈشسە شۇ ھايۋان ئۆلۈپ قالىدىكەن، ئۆزىنىڭ نەزىرى ئۆزىگە چۈشسە ئۆزى ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئۇستىخىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدىكەن.

سىنار: «چىنار» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

سەناخىر: سېمىز پاقلان.

سەنەخىر: قۇرۇق خورما.

سەندەل دانە: ئۇ «سەندەل دانەج» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر، يۇنانچە «مولى»، شىرازچە «ھەزار ئىسپەند»، ئەرەبچە «ھۇرمۇل» (ئادراسمان) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ تاغ سۈزاپىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

سەندەل كاجۇل: تەنەكابۇن تىلىدا خۇففۇل غۇراب دەپ ئاتىلىدىغان قولۇلىنى كۆرستىدۇ، ئۇ ياۋا قولۇلىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

سەندەقىيس: ئۇسرەج دېگەن دورا.

سەنىت: تۇخۇمەك دەرىخى، ئۇ يەنە «سەبىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىنىن: تۆگە سۈيدۈكى.

سەنۇبەرۇل ئەرز: كەمافىتۇس.

سەنۇبەر ھىندى: دېيىۋدار دەرىخى.

سەن: بىر خىل كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇششاق بولىدۇ. غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇستى شاخلايدۇ. گۈلى سېرىققا مايىل، سەل قىزىل بولىدۇ، گۈلى تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەربىر گۈلنىڭ ئورنىغا ناھايىتى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، يىڭنىدەك، ھەلىيۇن تىكىنى شەكلىدە ئۇچتىن ـ ئۇچتىن تىكەن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە، تەمى ئاچچىققا مايىل بولىدۇ. يەل تارقىتىدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەۋامىن: «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۆئىتەر (يالپۇز) ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى ئىكەن. نۇۋۋاب ئەلۋىخان ھەزرەتلىرى «مەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ ئاساسىنى تاپالمىدىم» دەپ يازغان.

سۇر: ھىردۇن كەسلەنچۈكى.

سۇرا: تام پاتمىچۇقى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ كەسلەنچۈكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بېشى چوڭ، تۆت بۇرجەك بولۇپ، ئۇمىي جەنىيىن دېگەن ھايۋانغا ئوخشايدىكەن، تېنى كەڭ

بولىدىكەن.

سوسلا: ساسلا دېگەن دورا.

سەۋتەلە: شەۋەندەر دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ياكى ئۇنىڭ بىر تۈرىنىڭ مەغرىبچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزىلچىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە قىزىلچىنىڭ ئاققا مايىل بولغان، قىزىللىق پەقەت بولمىغان بىر تۈرى ئىكەن. يەنە چامغۇرنىڭ بىر تۈرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەۋفۇل ئەرز (يەر يۇڭى): تاغ كۈدىسى.

سەۋفۇل ھەججامىين (لوڭقا قويغۇچىلار يۇڭى): بۇلۇت.

سەۋلەج: ساپ كۈمۈشنىڭ ئەرەبچە نامى.

سەۋفانى: يۇڭلۇق تېكە.

سەۋبانىيە: يۇڭلۇق قوي.

سەۋمى زەرەق: تۆگىقۇشى. ھۆزەيل دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، مەنزىرىسى ناھايىتى كۆرۈمسىز بولغان بىر خىل دەرەخنىڭ نامى ئىكەن.

سەۋمەرا: ياۋا رەيھان.

سەۋان: قاتتىق تاشنىڭ بىر تۈرى.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەھارە: ئېرىتىلگەن ھايۋانات يېغى ياكى ئۇنىڭ بىر پارچىسى. تۇرۇپ دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

سۇھانى: شاراب، قىزىلغا مايىل ئۈپكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەھار: قىزىل ياكى قىزىلغا مايىل شاراب. يەنە ئاق ئۈزۈم سۈيىدىن تەييارلانغان شارابمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

سەھەر: ئانار.

سەھرا: ئىتياڭىقى.

## پەسل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

سەياسىيۇل بەقەر: كالا مۈڭگۈزى. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «سەيسىيە» بولىدۇ.

سىياھ: تەرخەمەك.

سەيھان: مەدىنىدە ئۆسىدىغان بىر خىل مېۋە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قارا رەڭلىك خورمىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

سەيدان: ئالتۇن - كۈمۈش.

سەير: سەھنات.

سەيس: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ گۆشى پەقەت بولمىغان پوستى.

سىيقۋا: بۇلۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

سەيق: قۇشقاچ.

سەيھەب: تاشنىڭ ئەرەبچە نامى. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سەياھىب» بولىدۇ.

سەييىاد (ئوۋچى): شىر.

# ئون بەشىنچى باب
# «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

زائىن: قوي، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «زىئان» بولىدۇ.
زەئەب: دېڭىزدا بولىدىغان بىر خىل ھايۋان.
زاھەك: ناھايىتى ئاق بولغان بىر خىل تاش بولۇپ، تاغدىن چىقىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەبايىم، زەبارەك، زەبارەم، زەبەر، زەبسەم، زەبتەر، زەبۇر: شىر.
زەبلە: ئىنچىكە يىلان.
زەببۇن نەخل: توڭ خورما.
زەبا: بەللۇتقا ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ.
زەبەھ: ئانار.
زەبەر: ياۋا ياڭاق. بۇ خىل ياڭاق قاتتىق بولىدۇ.
زەبئان: ئەركەك بۆرە. چىشى قانجۇق بۆرە «زەبئانە» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ج» (جىيم)، «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەجاج: پىل چىشى.
زەھەك: خورمىنىڭ غورىسى يېرىلغان ۋاقتىدىكى چېچەكى. يەنى قار، ھەسەلمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
زەزەج: بەربۇز، يەنى بەقلەئى يەمەنىيە ئۆسۈملۈكى.

# پەسل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەرراك: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

زەررامە: بەتەم دەرىخنىڭ ئەرەبچە نامى.

زەرەب: ئاق، قويۇق ھەسەل.

سەراد: چوڭ كىرپىنىڭ بىر تۈرى.

زەرجەئ: خورما.

زەررە: ئەمچەك تۈگمىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇۋىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

زەرۋى: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

زىرىس: ئېزىق چىش، ئۇ ئەركەك چىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنە مەرگەن چىشلارمۇ شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «زۇرۇس»، «ئەزراس» بولىدۇ.

زىرسۇل ئەجۇز (موماي ئېزىق چىشى): شەۋكۇس سەئدان تىكىنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئوغرىتىكەن ئىكەن.

زەرزەم: شىر. يەنە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەركىكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

زەرغەم، زىرغام، زىرغامە: شىر.

زەرەف: ئەنجۈر دەرىخى.

سەرەم: قاغا چۈجىسى.

زۇرۇم: ئۇستقۇددۇس.

شىرۋى: ئوۋ ئىتى. ئۇنىڭ قانجۇقى «زىرۋە» دېيىلىدۇ، كۆپلۈك شەكلى «زدېيىراھ» دەپ ئېيتىلىدۇ.

زۇرۇئ: چوڭ دانلىق ئاق ئۈزۈمنىڭ ئەرەبچە نامى.

زۇرۇئۇل كۇلىيە: زەقۇم دەرىخى. بەزىلەر ئۇنى مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسى دەيدۇ.

زەرىي: سېرىق ياكى قىزىل رەڭلىك غوراپ ئۈزۈم سۈيى بولۇپ، ئېچىتىپ تەييارلىنىدۇ.

زەرىيب: قارا مۇز، قىرو قاتارلىقلارنى كۆرستىدۇ.

زەرىيبەت: ئۇستى ـ ئۇستىگە سېغىلغان سۈتنى كۆرستىدۇ، يەنە بىرقانچە تۆگىدىن بىر قاچىغا سېغىلغان سۈتنى كۆرستىدۇ.

زەرىيەك: ئەركەك بۆرە.

زەرىيم: بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمى.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەفادى: پاقىلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
زەفائىرۇل جىن (جىن ئۆرىمە چاچلىرى): پىرسىياۋشان.
زەفئان: سەئدان مېۋىسى.
زەفتار: قېرى كېلەر، پارسچە «سوسمارى پىير» دەپ ئاتىلىدۇ.
زۇفق: بىر خىل كىچىك ھاشارات بولۇپ، پارسچە «سەرخەك»، «شەبگەز»، ھىندىچە «كەتمەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زىمات: جاراھەت ئۈستىگە تېڭىلىدىغان تېڭىقتىن ئىبارەت. تېۋىپلارنىڭ تىلىدا قايىنتىپ ياكى تەمى چىقىرىلىپ تەييارلانغان، قىيامى قويۇق بولغان، ئەزاغا قويۇپ تېڭىشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس دورىنى كۆرسىتىدۇ، قارابادىندا تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەزمىدە»، «زىمادات» دەپ ئېيتىلىدۇ.
زەمج: بىر خىل كىچىك ھاشارات بولۇپ، ھىندىچە «كەتمەل» دەپ ئاتىلىدۇ.
زەمجەئ: چوڭ كىنىدىك.
زەمىران: ھەمىشىباھارنىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسىل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زۇئ: ئەركەك مۇشۇكياپىلاق، پارسچە «كولى نەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەزۋائ»، «زىدېيئان» بولىدۇ.
زەۋلەج: كۇمۇش. «سەۋلەج» دەپ ئاتالسا توغرىراق بولىدۇ.
زۇسىير: ياۋا رەيھان.
زەرىيتە: بوش يۇغۇرۇلغان خېمىر.

## پەسل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەھەر: تاشپاقا.

## پەسل: «ز» (زۇۋاد) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەياھ: ئارىلاشما سۈيۈق سۈت.
زەيب: دېڭىزدىكى بىر خىل ھايۋان. مەرۋايىت دانلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
زەيسەم، زەيغەم، زەيغەمى: ھەممىسى شىرنىڭ ناملىرىدۇر.
زەيج: قاينىتىلغان مۇقەل.
زەيراك: بىر خىل بېلىقنىڭ ئەرەبچە نامى.
زىيس: سوپۇننىڭ ئەرەبچە نامى.
زيمران: ھەمىشباھار، يەنە ياۋا رەيھاننىمۇ كۆرسىتىدۇ.
زەيۋان: ئەركەك مۈشۈك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «زىياۋان» بولىدىكەن.

# ئون ئالتىنچى باب
# «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تاباق: چوڭ ساپال خىش.

تابە: شارابنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە پارسچە «مەيى خوشخۇۋار» دەپ ئاتىلىدىغان خۇش پۇراق، سۈزۈك شارابنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مەدىنىدە بولىدىغان بىر خىل مېۋىدۇر.

تابەق: تاۋا قازان. ئۇ پارسچە «تابە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر، پارسچە يەنە «تاجىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل قاچا بولۇپ، ئۈستىدە نان پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «تەۋابىق» بولىدۇ.

تائىر: شىر بېشى.

تاخەك: ئازاد دەرەخ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىر خىل مېۋىنى كۆرسىتىدىكەن.

تارتىقە: «ھەببۇل مۇلۇك» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ماھۇدانە.

تاركىيس: ئىلكۇل بەتەم. بەتەم دەرىخى يېلىمى. يەنە «ھەببىتۇلخۇزرا» دېگەن مېۋىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تارنى: ساپالنىڭ بىر تۈرى.

تارىيفە: دەند.

تاربي: ئەتۋاق. ئۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، ھىندىچە «تار» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ سۈيىدىن تەييارلىنىدۇ، ئۇ «ھەرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەزىم ئاباد بىلەن بېنگالدا كۆپ، باشقا جايلاردا ئازراق بولىدۇ.

تاسا: مەرقەشىشا.

تاتىس: قارىغاينىڭ بىر تۈرىنىڭ ياغىچى بولۇپ، كۆيدۈرۈلسە خۇددى مەشئەلدەك كۆيىدۇ.

تاتىياۋۇس: بادامنىڭ يۇنانچە نامى.

تافىرە: كۈل.

تانۇ: بىيش. يۇنان تىلىدا مۇرمەككىنى كۆرسىتىدۇ.

تافى: ئۆلۈپ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان بىلىق. يەنە ھەرقانداق سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

تاق: ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، پارسچە «سايەئى خوش» دەپ ئاتىلىدىكەن. مېۋىسى كەنار دەرىخى مېۋىسى چوڭلۇقىدا، يېشىل رەڭلىك بولىدىكەن، ئۇنىڭ چوغى ئاسان ئۆچمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىپتىشىچە ئۇ ئازاد دەرەخ ئىكەن، مېۋىسى «تاخەك» دەپ ئاتىلىدىكەن.

تاقنى: غار دەرىخى.

تالىس: شۇمشىنىڭ يۇنانچە نامى.

تالەترى، تالۇتۇن: قىزىلچىنىڭ يۇنانچە نامى.

تالۇن: ئازەربۇ.

تابۇفس: سۇندۇك (سەفراغۇن). ئۇ «تەيرۇل مۇلۇك» (شاھ قۇش) دەپ ئاتىلىدۇ، پارسچە «مۇرغەكى سەقا» ۋە «دۇم جەنبان» (قۇيرۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچە «مەمۇلە» دېيىلىدۇ.

تالىقۇن: تالىيقۇن.

تاليا: كىچىك سەدەپ.

تاموسۇنيۇن: چوپان نېيى (مىزمارۇر رائى) ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

تالانىيۇن: بەزىلەر ئۇنى ياۋا ھەمىشىباھار دەيدۇ، بەزىلەر ئۇنى «رىجلۇر رىئە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى «رىجلە» ئۆسۈملۈكىنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر يوپۇرمىقىنىڭ يېنىدىن ئالتە ياكى يەتتە شاخچىغا ئايرىلغان شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ شاخلار قويۇق يوپۇرماقلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۈزۈم دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۆسىدۇ.

تاماغا: قەنتەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

تامىر: بۆرگە، يەنە قويۇق سۇتنى كۆرسىتىدۇ.

تامرىين، تامىر: بۆرگىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تامىل، تامىلۇ: ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

تامىيۇس: مەرزەنجۇشنىڭ يۇنانچە نامى.

تاھىر: چاڭگاك.

تائىرە: ھەرقانداق ئۇچارلىقنىڭ ئەرەبچە نامى. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «تەيىر»، «تۇيۇر» بولىدۇ.

# پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەبا: نۆشۇدۇر.

تەببار: ئەنجۇرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قىزىل، دانىسى چوڭ بولىدۇ.

تەباھىجە: پارسچە «تەباھە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، قورۇلغان گۆشنى كۆرسىتىدۇ، پارسچە «كەباب» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «تەباھىيج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تەبۇئ: بىر خىل زەھەرلىك ھايۋان بولۇپ، چاقسا ناھايىتى ئاغرىتىدۇ.

تەبىيخ: قوغۇن، پارسچە «خەربۇزە» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبەرخەشت: دامىيسا ئۆسۈملۈكى يېلىمى.

تەبەرخۇن: تەتۈر سۆگەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «سۇرۇخ سەفساق» (قىزىل سۆگەت)، ھىندىچە «تەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبەرزەد، تەبەرزەل، تەبەرزەن: ھەر ئۈچى ئۇيۇتۇلغان شېكەرنىڭ نامى بولۇپ، ناۋاتنى كۆرسىتىدۇ.

تەبەس: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەبتاب: ئۇ بىر خىل قۇشنىڭ نامى بولۇپ، ئىككى دانە چوڭ قولىقى بار.

تەبتەر: ئۆردەك قاتارىدىكى بىر خىل سۇ قۇشى.

تەبەق: «دىبىق» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، بىر خىل دەرەخنىڭ چاپلاشقاق سۈتى ۋە يېلىمىدۇر. ئۇ خۇددى «كەتەل» دەپ ئاتىلىدىغان، قۇشلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان يېلىمغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ پارسچە «سەردىيش» دەپ ئاتىلىدىغان ھەرقانداق يېلىمنى كۆرسىتىدۇ. ئاق تاشپاقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تەبەقا: ئۇ بىر خىل بۇغداينىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، ئىنچىكە بولىدۇ. جالىنۇسنىڭ سۆزىچە «سۇلت»، يەنى يالىڭاچ ئارپا ئىكەن. «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شەيلىم، يەنى ساراڭ بۇغداي ئىكەن. ئۇنى خەندەرۇس، يەنى سۇپۇرگە قونىقى دەپ بىلگەنلەر خىيالىغا ئەگەشكەنلەردۇر.

تەبقاماۋەن: يۇنانچە سۆزدۇر، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى يەرلىك ئۈزۈم يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ناھايىتى كۆپ شاخچىلىرى بولىدۇ. گۈلى قارا، كىچىك بولىدۇ، ئۇرۇقى سۆككە ئوخشايدۇ.

تەبلاق: سۆئىدنىڭ تۈركچە نامى.

تەبىيخ: قايناتما، پىشۇرۇلما. ئۇ ئوت بىلەن پىشۇرۇلغان، سۇ بىلەن قاينىتىلغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. تېۋىپلارنىڭ قارىشىدا سۇ بىلەن قاينىتىلغان نەرسىنى

كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ ياسالمىنىڭ نامىدۇر. ئۇ يەنە قورۇپ پىشۇرۇلغان نەرسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەسرەج: چۇمۇلىنىڭ ئەرەبچە نامى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇششاق چۇمۇلىنىڭ نامى ئىكەن.

تەسرە: شىر كاللىسى.

تەسيار: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى. پاشىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تۇھلۇبا: لەشىنىڭ سۇريانچە نامى.

تۇھلۇب: لەشىنىڭ سۇريانچە نامى.

تەھمائ: شەۋكىرانىنىڭ ئەرەبچە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، رىمچە نامى.

تەھمىيل: خورازنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەھن، تەھىين: ئۇننىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «ئارىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇھەن: قوينىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە ھىربا كەسلەنچۈكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تەھىينە: سوقۇلغان كۈنجۈتنىڭ ئەرەبچە نامى، سالايە قىلىنغان كۈنجۈتمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەخەق: قېتىق.

تەخى: خوراز، پارسچە «خورۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەراھا، تەراھاماسىيا: كەتىرا.

تەرائامىس، تەرائامىيسا: كەترا.

تەراخىس: سۈپۈرگە قونىقىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرارخۇن: ياۋا پىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەراسا: بەللۇت دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەراسۇلىن: تالىسپەر.

تەرائىس: ئىتئۈزۈمى.

تەرائىيس: رازدىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قارا نوقۇتنىڭ تۈرىدىن ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل قارا، كىچىك دان بولۇپ، باقىلە ئارىسىدا يېتىشىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۈپۈرگە قونىقى ئىكەن. سۇلت، يەنى يالىڭاچ ئارپىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تەراغافىيسا: كەترانىڭ يۇنانچە نامى.

تەراغىيس: يالىڭاچ ئارپا.

تەراغەرسايىس: ئۇن.

تەراغورىئاس، تەراغوردىيىفايىس: تاغ پىنىنىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەراغوريغاس: يالپۇزنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرغلۇدىس، تەرغۇدىس: بىر خىل قۇشنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، فىرانسۇزچە «سەفراغۇن» (سۇندۇك) دەپ ئاتىلىدۇ.

تىرراق: تەرياق، ئۇ مەشھۇر مۇرەككەپ ياسالما بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

تەرابىيۇن، تەرامىياس: بەتەم دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرايىلە: غاپەس.

تەربىيلە: ئۈچ يوپۇرماق.

تەرسۇس: تەراسىيس، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇشتۇرغار بىلەن ئۇشەق ئۆسۈملۈكىنىڭ ئورتاق نامى ئىكەن .

تەرتەقىس: سۇزاپىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرھەقى: موم.

تەرھەسمىين: كەبىكەج چېچىكى.

ھەرھەسمى: كاسىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرھەماتىيقۇن: كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان شىيافىنىڭ يۇنانچە نامى. كۆز شىيافلىرى مۇرەككەپ دورىلار كىتابلىرىدا بايان قىلىندى. ئۇ يەنە سۈرمە مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تەرھۇن: سېسىق سۇ.

تەرخۇنى: تەرخۇن ئۆسۈملۈكى.

تەروغلۇنەفتىس: سۇندۇك.

تەردىيلۇن: سىيسالىيۇسنىڭ رىمچە نامى.

تەرۋبىيۇن: ئەنجۇدانىنىڭ يۇنانچە نامى.

تىرريخ: بىر خىل بېلىق.

تەردىيمەن: كاشىمنىڭ يۇنانچە نامى.

تەردۇ قۇلا: تېرە يېلىمى.

تىرس: قەغەزنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەرسا: بەللۇتنىڭ بىر تۈرى.

تەرەستۇج: ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن سۆز بولۇپ، يۇنانچە «تەردىيىغلا»، ئەندەلۇسچە «مەل» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئادەملەر گۆشىنى يېسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ، كۆزنى تورلاشتۇرىدۇ.

تەرسەك: ئىت كاھۇسى بولۇپ، «دېيىناقۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرسىمى: كاسىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرسۇلىن: تالىسپەر.

تەرخەشقۇن، تەرھەشقۇق: ياۋا كاسىنە.

تەرشۇلى: كىچىك سامەريۇما ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەندەلۇسچە نامى.

تەرتاب: قازان نېنى.

تەرتۇب: ئۈزۈن ئەمچەكنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرتەفا: ئەنجۇدان.

تەرتىير: شاراب لېيىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەرئەمىيسا: قەتاد يېلىمى يەنى كەتىرانىڭ سۇريانچە ياكى يۇنانچە نامى.

تەرغايىن: تەراغىيۇن دېگەن دورىنىڭ تۈرلىرىندۇر.

تەرەغلۇيىس: سۇندۇك.

تەرەق: قارا قۇرت، تۈركچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ «رەخبىين» دېيىلىدۇ.

تەرنا بارا: بۇغداي كېپىكىنىڭ سۇريانچە نامى.

تىرق: ھايۋانات يېغىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەردىيقۇقۇن، تەردىيقۇقىن، تەرۇقۇقۇن: ئالقات.

تەرەكسۇ: تۇربۇت.

تەرلىيدۇن: ئىتئۈزۈمىنىڭ يۇنانچە نامى.

تىرىم: قايماق، ھەسەلمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنە ھەسەل بىلەن قايماقتىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىكنىڭ نامى ئىكەن.

تەرمادەرەس: مەريەم ئىسرىقى (بۇخۇرى مەريەم) ئۆسۈملۈكى.

تەرمۇق: شەپەرەڭ.

تەرمۇلىس: قۇرۇق تەرمۇلۇس.

تەرمۇلۇن: قامغاق.

تەرمىينىس: بەتەم دەرىخىنىڭ سۇريانچە نامى.

تەرمىينۇن: قاشتېشىنىڭ بىر تۈرى.

تەرەن: ئېشەكنىڭ بىر تۈرى.

تەرەنجەبىين: تەرەنگەبىين دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

تەرەنجۇماتىس: پىرسىياۋشان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزار جەشان (مىڭشاخ، فاشىرا) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

تەرەنجۇمالىيتىس: زەپەردىن ئىبارەت بولغان كۇركۇمنىڭ بىر تۈرى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەزار جەشان (مىڭشاخ) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىرى ئىكەن.

تەرنەم: نارجىل.

تەرەنشۇل: ئۇ سۇريانچە «سامەريۇما» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرنىيلۇن: تالىسپەر.

تەرۇتەلۇن: قىزىلچىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرۇغلۇدۇتىس، تەرۇغادۇتىس: «ئۇسفۇرۇش سەباخ» (شىغىل قۇشقىچى) دەپ ئاتىلىدىغان قۇشقاچنىڭ يۇنانچە نامى، «ئۇسفۇرۇش شەۋكە» (چاتقال قۇشقىچى) مۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل كىچىك قۇشقاچتىن ئىبارەت.

تەرۇغلۇدىيتۇس: بىر خىل كىچىك قۇشقاچنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، پارسچە «دەسەڭ»، «كەنك»، ھىندىچە «پەدە»، «پۇدكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرۇغلۇدىفئەلۇس: ناھايىتى كىچىك بىر خىل قۇشقاچنىڭ نامى بولۇپ، ھىندىچە «مەمۇلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرۇغلىيتۇس، تەردىيغۇيۇس: ياۋا سۇزاپ ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرۇغلۇتىس: خۇش پۇراق كەنۇچە ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرۇفۇقۇن: دولانىنىڭ يۇنانچە نامى، «تەردىيفۇقىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تەرۇقۇن: بەرتانقى ئۆسۈملۈكى، بەزىلەر تاجىگۇل (بوستان ئەفرۇز) دەپمۇ بىلگەن.

تەرۇكىس، تەرۇفىس: شاراب لىيىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەرھامال: غاپەس.

تەريا دەفلانى: سازەجىنىڭ سۇريانچە نامى.

تەرىفەلە: بېدىنىڭ يۇنانچە نامى.
تىرياق: پارسچە تەرياك دەپ ئاتىلىدىغان تەرياقنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلمىسى.
تەرىيجە: ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان كاۋاپ بولۇپ، پارسچە «كەباب ئاتەشى» دەپ ئاتىلىدۇ.
تەرەنجۇمانس: شەئرۇل غۇل (ئالۋاستى چېچى) ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيفان: تەردىيفۇلىيۇن ئۆسۈملۈكى، يەنە ياۋا زاراڭزىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شەيخۇر رەئىس «ئەلقانۇن» دا ئۇنى ئەتىياز پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، قايناتمىسى ئەفئا چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركەلسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ساق ئەزاغا تۆكۈلسە خۇددى ئەفئا يىلىنى چېقىۋالغاندىكى ئاغرىققا ئوخشاش ئاغرىتىدۇ، دېگەن.
تەرىيفلا، تەرسۇج، تەردىيلۇن: سىيسالىيۇس.
تەرىيفۇن: ئۇردان.
تەرىيئۇن: ئەسىۋش دېگەن دورا.
تەرىيغسا: دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل بېلىق.
تەرىيغۇرۇن: كۈلنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيغۇيۇس: ياۋا سۇزاپنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيف: قوناق، يەنە قوناقتىن تەييارلانغان تائاممۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
تەرىيغۇن، تەردىيقۇن: ئالا پاختەك، ھىندىچە «بەگلە»، «كەبۇت»، ئەرەبچە «يەمام»، «شەفنەيىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
تەرىيقۇن بالاسىيائ: دېڭىز ئالا پاختىكىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيقلۇنس: ئۈچ تىكەن ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيغۇرا: دولانا نەزەردە تۇتۇلىدىغان ئۈچ ئوت ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيقۇن: خوز رۇمى دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەرىيم: شىر.
تەرىين: سۆيۈق لاي.
تەرىينا: سەرمەق دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەس: قاقىلە.

تەسۇمالۇ، تەسۇماليۇمالىس، تەسۇمالۇن، تەسۇماليا: سۇتلۇكئوتنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە ناملىرى.
تەسبە: قاپاق.
تەسيمان: شۇبرۇم سۇتلۇكئوتى.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەشىر، تەشۇر: تەيرانە دېگەن دورا.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەتراسى، تەترامىيلۇس: ئىلكۇل ئەنبات.
تەترامىلۇس: بەتەم دەرىخى.
تەتەرقىرقۇس: مەلھەمى باسلىقۇننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.
تەتەرلەبۇس: تال چېچەكنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەئام: ئادەم قورسىقى ئاچقاندا يەيدىغان، غىزالىقى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئورتاق نامى، يەنە بۇغدايمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەغەر: مەشھۇر بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇغران» بولىدۇ.
تۇغرۇر: بىر خىل قۇشنىڭ تۈركچە نامى، ئۇ لاچىن تۇرىدىكى ئوۋ قۇشلىرىدىندۇر.
تۇغرا، تۇغيان، تۇغيا: كىچىك ياۋا كالىنىڭ ئەرەبچە نامى.
تەغخ: بۇقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەففاھە: قازان قاينىغان ۋاقتىدىكى كۆپۈكى.
تۇفال: قۇرۇق لاي.
تەفرادىيىسما، تەفرۇدەسما: ئەزپاراتىپ دىگەن دورىنىڭ سۇريانچە نامى.
تەفسىيا: تاغ سۇزاپىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەفشىيقۇن: تەخشىيقۇن ئۆسۈملۈكى، بەزىلەر شەۋكىران ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر.
تەفتان: «ئەتفىراق» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى.
تىفىل: كىچىك بالا، ئەندەلۇس تىلىدا قىيمۇلىيا لىيىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ياۋا زىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
تەفلە: شاھتەررە.
تەفلى: مۇقەل دەرىخى بولۇپ، «دۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەلا: تۇياقلىق ھايۋان بالىسىنىڭ ئەرەبچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىك بالىسىنى كۆرسىتىدىكەن.
تىلا: ئەزاغا سۇرۇلىدىغان، زىماتتىن سۇيۇقراق بولغان سۇيۇق دورىلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە قەتران، كونا شاراب، ئۈزۈم، ئۆرۈك سۈيى، قاينىتىلغان سىقىلمىلارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
تەلاھ: توڭ خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە تۇخۇمەك (ئۇمىغىلان) دەرىخىنىڭ بىر تۈرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
تىلھ: كانە.
تۇلجۇم، تۇلخۇم: سېسىق سۇ.
تىلخام: چىشى قەمبىلىنىڭ ئەرەبچە نامى.
تەلخەشقۇقا: تەرخەشقۇق ئۆسۈملۈكى.
تەلىس: شۇمشىنىڭ يۇنانچە نامى.

تەلسا، تەلىيسا: كىچىك سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى.

تۇلسى: پەرەنجىمىشكىنىڭ ھىندىچە نامى.

تەلقىن: ئۇقھۇۋان گۈلى.

تەل: شەبنەمنىڭ ئەرەبچە نامى، ھىندىچە «ئوس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كېچىلىرى، بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاسماندىن يەرگە، دەرەخلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىلىرىگە چۈشىدىغان سۈيۇقلۇقتۇر. تىل دېيىلسە يىلاننى كۆرسىتىدۇ. تۇلل دېيىلسە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىغان سۈتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە قانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تۇللام: كەندىر ئۇرۇقى.

تەلەم: چىشنىڭ كىرى.

تۇلمە: كۆمەچ، پارسچە «كوماچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللەم ھەمراھلىرى ئۈچۈن تەرلەپ كۆمەچ پىشۇرۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇ جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى ھەرگىز كۆرمەيدۇ، دېگەن.

تىلۇۋ: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە مىسنى كۆرسىتىدۇ.

تەلۇھ: ياۋايى ھايۋاننىڭ كىچىك بالىسى.

تەلھىز: تەرھەشقۇق، يەنى ياۋا كاسنە.

تەليا، تەلىيس، تەلىيسا، تەلنىيس: شام خەلقىنىڭ تىلىدا كىچىك بىر خىل سەدەپ قۇلۇلىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇز ھاسىل قىلىنىپ نان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. «تۆھفە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەلزۇن قۇلۇلىسىنىڭ نامى ئىكەن.

تەلىيھا: ئاچچىق ماشتىن ئىبارەت بولغان ياۋا ماشنىڭ سۇريانچە نامى.

تەلىيتەلى: قىيمۇلىيا.

تەلىيتەلبىيس: سازاڭنىڭ يۇنانچە نامى.

تەلا: قوينىڭ قوزىسى، پارسچە «بۇزغالە» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەماقتىر: سازەج.

تەمرۇ، تەمۇرا: ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكىنىڭ رىمچە نامى.

تەمرۇر: تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ (شەقەرراق).

تەمتۇم: سۇماق.

تەمەل، تەمەلە: مارى كەدەر يىلىنىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تىمىر: ئەركەك تۆگىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تۇمە: پوقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەمىل، تەمىلە: ئوغلاقنىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تۇنۇب: ئۇزۇن ئارغامچا. يەنە دەرەخنىڭ تومۇرى. بەدەندىكى پەي - نېرۋىلارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تەنيات: تەرەنجىبىننىڭ سۇدانچە نامى.

تەنبەل: بىر خىل بېلىقنىڭ نامى.

تىن: ناھايىتى شېرىن پىشقان ھۆل خورما.

## پەسل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەۋارە: ئەندەلۇس تىلىدا خۇددى بىيش جەدۋار بىلەن بىر يەردە ئۆسكىنىدەك، «ئەنلىتە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك يېنىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەندەلۇستىن چىقىدىغان بىر خىل مايلىق بىيشتۇر، ئەنتىلە بولسا بىر خىل تەرياقتۇر.

تۇۋات: قارچۇغىنىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە شەپەرەڭمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تەۋاغۇن: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى (لىھيەتۇتتىس) نىڭ رىمچە نامى.

تەۋاقىيتۇس: ياۋا زاراڭزا.

تەۋاق: ئەتۋاق. ھىندىچە «سىيندى»، «تارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەۋاۋدىيىس: توزلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئەرەبچە «تاۋۇس» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

تۇب: مىسىر تىلىدا پىششىق خىشنى كۆرسىتىدۇ.

تۇبالە: ساغلىق قوي، قوچقار «تۇبال» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەۋبەرتۇق: ياۋا جۆئدە.

توترى مەلەس: بەتەم دەرىخى.

تۇدرىيەيىن: ئىككى خىل تۇدەرى.

تۇرىيد: تۇربۇتنىڭ سۇريانچە نامى.

تۇرەس: سۇزمىنىڭ يۇنانچە نامى.

تورسەرا: شىكەرلىك يىمەكلىكلەرنىڭ يۇنانچە نامى.

تورغولىيتۇر: مەرابىيزنىڭ سۇريانچە ياكى يۇنانچە نامى.

تۇرۇس: سۇزمە.

تۇرى: ياۋا قۇشلار، كەپتەرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تۇستۇس: ئىزخىرنىڭ رىمچە نامى.

تۇسەك: چوپان تارغىقى (مەشەتۇر رائى) ئۆسۈملۈكى.

تۇسىيس: ئىزخىر چېچىكى.

تۇت: پاختىنىڭ ئەرەبچە نامى.

تۇتاق ئەغرىيۇن: ياۋا ھۇماز ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى، يەنە تاغ ھۇمازىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ياۋا قىزىلچا بىلەن تاغ قىزىلچىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شىراز خەلقى ئارىسىدا «ئەتلىمۇس» دېگەن مەشھۇردۇر.

تۇترا: ھەببىتۇلخۇزرا.

تۇتەرفەئ: تۇدەرىنىڭ سۇريانچە نامى.

تۇتەك: تۇتىقۇشىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، ئەربچە «بەبغا» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇتىلۇن: قىزىلچىنىڭ يۇنانچە نامى.

تۇتى: ھىندىچە تۇتىقۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «تۇتە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن.

تۇتەيا: تۇتىيانىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

تۇف: گەندە، پوق.

تۇفەريۇس، تۇقۇريۇس: كامازىرىيۇسنىڭ بىر تۇرى.

تەۋقدار: بويۇنتۇرۇقلۇق قۇشلارنىڭ پارس تىلىدىكى ئورتاق نامى.

تۇقۇ: ياۋا سەۋزە ئۇرۇقىنىڭ سۇريانچە نامى.

توكسىير: تاباشىر.

تولۇئەغردىيۇن: ئاق خەربەق.

تۇلۇن: ئەرتەنىسانىڭ يۇنانچە نامى.

تۇلە: قىيتەل دېگەن دورىنىڭ ئەندەلۇسچە نامى بولۇپ، يۇنانچە «سەفىيدۇلىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇلىيدەرن: ئىتئۇزۇمى.

تۇلىيتۇن: كىچىك قەنتەرىيۇن.

تۇماتالىن، تۇمازالىن: ئەرتەنىسانىڭ يۇنانچە نامى.

تۇماغا: چوڭ قەنتەرىيۇن.
تەمەقرۇن: كىچىك قەنتەرىيۇن.
تۇمە: تاشپاقا.
تۇقلىس: ئىزخىرنىڭ يۇنانچە نامى.
تەۋۋۇل: پۇتلىرى ئۇزۇن بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەھەر: ياۋا كاسىنە.
تىھرىس: سۇتنىڭ ئەرەبچە نامى.
تەھەف: تىرىق ئۇنى نىنى. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قوناق ئۇنى نىنىنى كۆرسىتىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئىپتىشىچە، قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان تائامنى كۆرسىتىدىكەن.
تەھلا: ماھۇدانىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەھيۇفىئ: تەرەنجىبىننىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ت» (تۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

تەيىيا: نۆشۇدۇر.
تەيات: مىسىردا ئۆسىدىغان خورما تۈرىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى.
تەيالىيفۇن: بىنتافەلۇن (بەش يوپۇرماق) ئۆسۇملۇكىنىڭ يۇنانچە نامى.
تەيىيان: ياۋا يەسىمەندىن ئىبارەت بولغان زەيىيان ئۆسۇملۇكىنى كۆرسىتىدۇ.
تىيب: ئىپار، ئەنبەر، ئۇد ھىندىغا ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلارنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. يەنە ئەتىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ روھنىڭ ئوزۇقى، قۇۋۋەتلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خۇشاللىقنى زىيادە قىلغۇچى، دوستلۇقنى كۈچەيتكۈچىدۇر. ئۇ ھەزرىتى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر قاتارىدىن ئىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مەن دۇنيايىڭلاردىن ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆرىمەن، ئايالالار، خۇش پۇراق نەرسىلەر، ناماز كۆز قارىچۇقۇم بىلەن ئوخشاشتۇر». ئۇ زات خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، بەتبۇيلۇقتىن قاچاتتى، ئۆزىنى ئىپار بىلەن

خۇش پۇراق قىلاتتى. خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، بەدەن ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى خۇش پۇراق تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى تەرغىب قىلىش، مەينەتچىلىك ۋە بەتبۇيلۇقتىن نېرى تۇرۇش ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

تىيبۇل غۇراب (قاغا ئەتىرى): ئىزخىر.

تەيسار: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

تەيجەن، تاجىن: نان پىشۇرىدىغان تاۋا.

تەير: ئۇچارلىقنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «تۇيۇر»، «ئەتيار» بولىدۇ. پوكىنى، تاشلىقى، پۇتىنىڭ كەينىدە كىچىك تىكىنى ياكى ئۆردەك بىلەن غازغا ئوخشاش پۇتلىرىنىڭ پەنجىسى بولغان، ئۇچقاندا قانىتىنى كۆپ قاقىدىغان قۇشلارنىڭ گۆشلىرى ھالال، قالغانلىرىنىڭ ھارامدۇر.

تەرمىيسۇس: بەتەم دەرىخى. ھەببىتۇلخۇزرامۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تىيت: قارچۇغا. شەپەرەڭمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تىيتا، تىيتالۇس: ئاھاكنىڭ يۇنانچە نامى، پارسچە «ئاھەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

تىيتان، تىيتانە: ياۋا كۈدە.

تىيتۇس: شادىنەج.

تەيتەۋا: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىل قاتارىدىكى بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇ قۇشلىرىدىن ئىكەن.

تىيھىيجىس: تۇپراقنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

تىيئۇلىيس: ئەرمەن تېشى.

تىيفۇنج: يىلاننىڭ يۇنانچە نامى.

تىيفۇمىيۇر: شاخارنىڭ يۇنانچە نامى.

تىيفىيلۇن: خولىنجاننىڭ يۇنانچە نامى.

تىيفىيۇن: مىئەسائىلەدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل سۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

تەيفى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەببى بىلسان ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى سۆگەدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، غولى سىلىق بولىدىكەن، گۈلى ئاق بولۇپ، پۇرلەشكەن بولىدىكەن، خۇددى چاچقا ئوخشايدىكەن. قومۇشلۇقلار ۋە توختام سۇلاردا ئۆسىدىكەن.

تىيلىيقۇن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەمىشىباھارنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋا سىمىز ئوت ئىكەن.

تىيلاۋەن: ئازارىيوننىڭ يۇنانچە نامى.

تىيلھۇغۇ: ياۋا پىرسىياۋشاننىڭ يۇنانچە ۋە سۇرىيانچە نامى.

تىلىس: تالىس، يەنى شۇمشا.

تىلىلۇس، تىلىلىس: سازاڭ قۇرتىنىڭ يۇنانچە نامى.

تىنا ئۇجىيۇس: ئىتبوغار (قاتىلۇل كەلب)نىڭ يۇنانچە نامى، يەنە يولۋاسبوغار (خانىقۇن نەمىر)مۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

تىينى ئىسفەھانىي (ئىسپان لېيى): نىشاپۇر لېيى.

تىينى ئەقرۇتۇن(ئەقرۇتۇن لېيى): ئەقىردېيتىس لېيى.

تىينۇل ئەكل (يېيىلىدىغان لاي): نىشاپۇر لېيى.

تىينى لانى: گىل ئەرمىنى.

تىينى بەھرىي (دېڭىز لېيى): گىل مەختۇم.

تىينى ئەندەلۇسىي (ئەندەلۇس لېيى): ئۇ قارا، قويۇق لاي بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر، ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، زىماتلار ۋە مەلھەملەرگە قوشۇلۇپ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

تىينى ھەيا، تىينى كەبۇش، تىينى ھەيۇش: مەستىكى ئارىلى لېيى.

تىينۇر راھىب (راھىب لېيى): ئۇ بىر خىل سېرىق رەڭلىك لاي بولۇپ، «تىينۇس سەنەم» (ھەيكەل لېيى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى گىل مەختۇم دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

تىينۇش شىفا (شىفالىق لاي): ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائىنىڭ مەزھىبىدە ئىمامى ھەنبەلنىڭ قەبرىسىنىڭ توپىسى، بەزىلەرنىڭ قارشىدا، مەدىنە مۇنەۋۋەرىنىڭ توپىسى، شىئە ئىمامىيەنىڭ مەزھىبىنىڭ قارشىدا شېھىدلار غوجىسى ئىمامى ھۇسەيىن بىن ئەلى بىن ئەبى تالىبنىڭ قەبرىسىنىڭ توپىسىدۇر.

تىينۇس سەنەم (ھەيكەل لېيى): گىل راھىب، يەنى سېرىق لاي.

تىينى قىيملۇس: بۇھەيرەنىڭ تامغىسى بېسىلغان لاي.

تىينى قەردېيتىس: گىل ئەقرىيتىس.

تىينۇل كاھىن (كاھىن لېيى): ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ گىل مەختۇم ئىكەن، ئەمما تەتقىقاتلاردىن ئۇنىڭ گىل سەنەمدىن ئىبارەت بولغان سېرىق لاي ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

تىينۇل كەۋاكىب (يۇلتۇزلار لېيى): گىل شامۇس.

تىينى لانى: گىل ئەرمىنى.

تىينى مەئكۇل (يېيىلىدىغان تاش): گىل نىشاپۇردىن ئىبارەت بولغان گىل خۇراسانى.

تىينى مۇنتەقىل: گىل نىشاپۇرى.

تىينى مۇغرە: گىل مۇغرە، ھىندىچە «گىيرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار بابىدا بايان قىلىندى.

تىينى مەقلۇ (قورۇلغان لاي): قورۇلغان لايدىن ئىبارەت بولۇپ، گىل مەئكۇل

(يېيىلىدىغان لاي)، گىل نىشاپۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىينى نىشاپۇرىي (نىشاپۇر لېيى): گىل خوراسانى.

تۇيۇر: قۇشلار، ئۇ «تەيرى» (قۇش) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكىدۇر.

تىيۇمالىس: بەرشىيان دارۇنىڭ يۇنانچە نامى.

تەييار: خىمىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا، سىمابنى كۆرسىتىدۇ.

تىيقى: دادىي.

تەينۇس: يالتىراق قوڭغۇز.

# ئون يەتتىنچى باب
# «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زالىم: ئۆشىبىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، شاخلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. يۇقىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەبىائ: چىلبۆرە.
زەبىي: كېيىك.
زەبىيە: ساغلىق كېيىك، يەنە ئىنەك بىلەن ئۆچكىنىڭ ساغلىقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەرە: سوغۇقتىن ئۇيۇغان سۇ، مۇز.
زەرىيغانە: بىر خىل يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەفار: ئەزفارۇتتىب. يەنە يەمەننىڭ بىر شەھىرىنىڭ نامىدۇر، ئۇد زەفارى دېگەن ياغاچ شۇ شەھەردىن چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

زۇفر: تىرناقنىڭ ئەرەبچە نامى. ئۇنىڭ كۆپلۈكى «زەفەر»، «ئەزفار» بولىدۇ، ئاز ۋاقىتلاردا «زۇفۇر»، «زىفىر»مۇ بولىدۇ. ئۇ ئادەم ۋە كۆپ قىسىم ھايۋاناتلارنىڭ بارماق ئۇچىدا ئۆسىدىغان، نەزەرىيە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان تەسىرگە ئىگە بولغان پەيگە مەنسۇپ جىسىمدىن ئىبارەت.

زۇفرە، زۇفەيرە: ياۋا پىننە، بەزىلەر ھىندىستان پىننىسى دەپ بىلگەن.

زۇفرەتۇل ئەجۇز (موماي تىرنىقى): ئوغرىتىكەن.

زەفرەتۇن نەسىر: فازانىقى ئۆسۈملۈكى، ئۇ قاغا چاڭگىلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زۇفرا: كونا كاندىن چىقىدىغان كان ئىقلىمىياسى.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەللام: شاخلىرى ئۇزۇن بولغان ئۆشبە.

زەم: قارنىڭ ئەرەبچە نامى، ئەرەبچە يەنە «سەلج»، پارسچە «بەرف» دەپ ئاتىلىدۇ.

زۇلەيم: ئەركەك تۆگىقۇشى.

زۇلەيمە: بىر خىل ھايۋاننىڭ نامى بولۇپ، سۈتى قايمىقى بىلەن ئىچىلىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زۇۋائ) ۋە «م» (مىيم)، «ھ» (ھائ)، «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

زەمەخ: ياڭاق مېۋىسى.

زىنىب: دەرەخ يىلتىزى.

زۇنبۇب: «ئۇسفۇر» ۋەزنىدە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، پۈتى ئۇزۇن بىر خىل قۇشقاچنى كۆرسىتىدۇ.

زەنمە: قايمىقى ئېلىنمىغان سۈت.

زۇھرە: تاشپاقا.

زەھۇن: ياۋا مۈشۈكنىڭ ئەرەبچە نامى.

زەي: ھەسەلنىڭ ئەرەبچە نامى.

# ئون سەككىزىنچى باب
# «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئابىس: شىر.

ئايىق: ئۇچۇرما بولغان قۇش چۈجىسى.

ئاتىك: ئوق، كۆپلۈكى «ئەۋاتىك» بولىدۇ. يەنە ناھايىتى چۈچۈمەل قىتىق بىلەن ساپ شارابمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئازىر، ئازىرە، ئەزىرە: پوق، گەندە.

ئازە: خۇش پۇراق شاراب.

ئاسىل: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئۇسۇل»، «ئەۋاسىل» بولىدۇ.

ئاشىرە: يېلىم، ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئاشىرات» بولىدۇ. پارسچە «گۇفتار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئافسى: موزىنىڭ سۇريانچە نامى.

ئافتە: ئوغلاق. يەنە ئەنبەرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئاقىرشەمئا: شاخار.

ئاقىل: تاغ تېكىسى، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەۋقەل» بولىدۇ.

ئاقۇرا: ئەزارفىيۇن.

ئاقۇل: يانتاق، يەزلەر خەرنۇب دېگەن ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولغان «يەنبۇب» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن.

ئاقۇلا: تەييار يېمەكلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، «ئاردى تۆلە»، پارسچە «كاچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالاقتىيتۇس: سۈت تاش (ھەجەرى لەبەنىي)نىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، «غالاقتىيتۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئالە: تۆگىقۇشى.

ئالىيجۇن: ياۋا پىننە.

ئامە: مىئە يىلىمىنىڭ بىر تۈرى.

ئانىيە: جەزىرە كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئانە كەنتىدە تەييارلىنىدىغان بىر خىل شاراب، شۇ سەۋەبتىن ئۇ شۇ كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

ئادانىيۇن: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىكىنى يىڭنىگە ئوخشايدۇ، ئۇ «ئىبرەتۇر رائى» (چوپان يىڭنىسى)، «ئىبرەتۇر راھىب» (راھىب يىڭنىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئابۇسىيس: ئەقالىيس دېگەن دورا.

ئايىب: شىر.

ئايشالىب: پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «سەئۆە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئايتىن: كازى.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەبائ: تۆگە.

ئۇبەب، ئۇبئەب: كاكىنەچىنىڭ بىر تۈرى.

ئەبباس: شىر.

ئەبەد: پۇرىقى خۇش بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

ئۇبەر: قاغا. «ئەبەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەبرەب: سۇماق.

ئەبرەبىيە: سۇماقىيە.

ئەبرۇس، ئەبرۇناس: بەرراقى.

ئەبرۇنى: خۇنسا ئۆسۈملۈكىنىڭ سۇريانچە نامى.

ئەبرى: سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىغان سېدە دەرىخى.

ئەبەس: شابانەك، مىسىر خەلقى ئۇنى «بەرنۇف» دەپ ئاتايدۇ.

ئەبئەب: ياۋا كېيىك.

ئەبئەبە: قىزىل يۇڭ.

ئەبقەر: ئاق سەۋسەن.

ئەبقەس، ئەبقۇس: بىر خىل كىچىك ھاشارات.

ئەبكە: ئىزخىرنىڭ بىر تۈرى.

ئەبلا: ئاق شېغىل تاش.

ئەبقارە: ئۆزۈنچاق چىلان.

ئەبۇس: شىر.

ئەبەس: رەيھان.

ئۇبەيسە: قارا قۇرت. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، قارا قۇرت بىلەن ئۈن تالقىنىغا ياغ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل يېمەكلىك ئىكەن.

ئۇبەير: زەپەر. يەنە بىر خىل مۇرەككەپ خۇش پۇراق ياسالمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئەبيىت: ساپ، يېڭى قان.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەتتاقۇت تەير: ئۇۋ قۇشلىرى، پارسچە «مۇرغانى شىكارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەتىق، ئەتەر: ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەرزەنجۇشقا ئوخشاش شاخلىرى تارقاق ئۆسىدىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئىپتىشچە، ئۇ مەرزەنجۇشنىڭ ئۆزى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئىپتىشچە، ئۇ ساپ ئەنبەرنىڭ بىر پارچىسىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئۇتروب: سۇماق.

ئەترەس: شىر.

ئەترىسان، ئۇترىفان: پارسچە «خورۇس» دەپ ئاتىلىدىغان خوراز. ئۇترىفان دېگەن بۇ سۆز يەنە يوپۇرمىقى كەڭ، ئەتىياز پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇتئۇت: پارسچە «بۇزغالە» دەپ ئاتىلىدىغان ئوغلاق.

ئەتىق: كونا مال يېغى. يەنە بىر خىل خورمىنى، يەنە سۇ، ئالتۇن، شاراب، سۈت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇتەينەك: ساپ شاراب.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەسا: يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەسالىت: ئۇيۇتۇلغان سۈت.

ئۇسار: چاڭ ـ توزان.

ئۇس: تېرە ۋە يۇڭنى يەيدىغان بىر خىل قۇرت.

ئۇسرۇب: ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ، غولى ھەم مېۋىسى قىزىل بولىدۇ. چۇچۇمەل، قىرتاق بولىدۇ. تۇز يەرلەردە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنى قايىنتىپ، سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ قايمىقى ئايرىۋېلىنغان قېتىققا قوشۇپ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ باشقا بىر خىل دەرەخ بولۇپ، رىباس ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن.

ئەسلۇت: ئۇيۇتۇلغان قويۇق سۈت.

ئۇسمان: دوغداق قۇش چۇجىسى، پارسچە «چۇزە»، «چەرزۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە يىلان ياكى ئۇنىڭ بالىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەسەمسەم: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە بويىنى بەك ئۇزۇن تۆگىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەسۋا: بۆرە، پارسچە «گۇفتار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇسبان، ئەسىيل: ئەركەك بۆرە.

ئەسىير: چاڭ ـ توزان. ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەسائىر» بولىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەجاج: چاڭ ـ توزان بىلەن تۇتۇننى كۆرسىتىدۇ. «ئەجاجە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە تېنى چوڭ تۆگىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇجا: «ھۇدا» ۋەزنىدە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، قايىنتىپ يېيىلىدىغان قۇرۇق قوۋزاقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «ئەججە» بولىدۇ.

ئەجارىم: ئۇچلۇق يىڭنىنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەمنىڭ زەكىرىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئىجاف: ئاچچىقتاۋۇز.

ئۇجاف: خورمىنىڭ بىر تۈرى.

ئەجارە: مەدىنە مۇنەۋۋىرەدە بولىدىغان بىر خىل خورما.

ئەجالىد، ئەجلەد، ئەجلەت: ئۇيۇغان قويۇق سۈت.

ئۇجام: ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇرۇقچىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ بىرلىكى «ئەجەم» بولىدۇ، بەزىلەر ئۇنى ھۆل، قۇرۇق ئۇزۇمنىڭ ئۇرۇقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇجاھىن: كىرپە.

ئەجەب: ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، يەنە ھەببۇل كۇلا دېگەن دانىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئەناغۇرەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەججام: چوڭ شەپەرەڭ. ئادەتتىكى «ۋەتۋات» دەپ ئاتىلىدىغان شەپەرەڭمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇجەد: قۇرۇق ئۇزۇم، ئۇزۇم ئۇرۇقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قۇرۇق ئۇزۇمگە ئوخشايدىغان بىر خىل خورما ئىكەن. «ئەجەد» دەپ ئىپتىلسا قاغىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجىل، ئەجۇل، ئەجرۇيىس: موزاي، پارسچە «گاۋسالە» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەجاجىيل» بولىدۇ.

ئۇجەر: دەرەخلەر ۋە باشقىلاردا پەيدا بولىدىغان بەزسىمان ماددا.

ئىجرىم: دەرخلەرنىڭ بوغۇمى.

ئۇجرۇم: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۇچلۇك تۆگە دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

ئۇجرۇف: بىر خىل قۇرت بولۇپ، ئۇزۇن پۇتلىرى بار. بەزىلەرنىڭ ئىپتىشچە، پۇتلىرى ئۇزۇن بىر خىل چۇمۇلىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئەجىل: «ئەجەل» دەپمۇ ئوقۇلىدىغان بولۇپ، «ھەمەئى مەسنۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سېسىق، قارا لايدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئۇجۇل» بولىدۇ.

ئەجەم: ئۇزۇم، شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يېيىلىدىغان مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقچىسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە تۆگىنىڭ بوتىلىقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «ئۇجۇم» دەپ ئوقۇلسا قۇيرۇقنىڭ تۈۋىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەجەمە: ئۇرۇقىدىن بخلىنىپ چىققان خورما.

ئەجمائ: ئۇ «فەئلائ» ۋەزنىدە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، ھايۋان دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، «ئەجەم» دېگەن سۆز گاچا دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان بولۇپ، ھايۋاناتنىڭ تىلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدىن تۇرلەنگەن سۆز بىلەن ئاتالغان.

ئەجمەسى: بىر خىل كىچىك خورمىنىڭ نامى.

ئەجنەس: سېمىز ، كۇچلۇك تۆگە.

ئەجۋە: مەدىنە مۇنەۋۋەرىدە بولىدىغان بىر خىل خورمىنىڭ نامى بولۇپ، سەنھانى خورمىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، ھەزرىتى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ناشتىدا يەتتە دانە ئەجۋە خورمىسى يېسە، شۇ كۇنى ئۇ كىشىگە ھېچ سېھرىي ۋە زەھەر تەسىر قىلمايدۇ» دېگەن. يەنە ئۇ زات «ئەجۋە خورمىسى جەننەتتىندۇر، ئۇ زەھەرگە شىپادۇر» دېگەن.

ئەجۇز: شارابنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر، بۇ سۆز قېرى ئايال دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان

بولۇپ، بۇ شاراب پەقەت كونىرىتىپ ئىچىلىدىغان، يېڭىسى ئىچىلمەيدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. ئۇ يەنە تۇلكە، كالا، بۆرە، ئېيىق سۈتى، چايان، ئات، ئىت، چىشى تۆگە، چىشى پىل دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، يەنە ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق دەرەخنىڭ نامىدۇر، ئۇ يەنە ئىپار ۋە يەنە بىر خىل ئەتىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن تەييارلانغان بىر غىزانىڭ نامىدۇر.

ئەجۇم: تۆگە بوتىلىقى. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئۇجۇم» بولۇپ، بۇ سۆز ئەركەك - چىشى جىنسقا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇجھۇم: سۇ قۇشلىرىنىڭ بىر تۈرى.

ئەجىين: خېمىر، پارسچە «ئاردى سىرىشتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەددار: بىر خىل ھايۋاننىڭ نامى.

ئەدام: ھۆل خورمىنىڭ بىر خىل تۈرىنىڭ نامى بولۇپ، مەدىنىدە ئاخىرقى مەزگىلىدە پىشىدۇ.

ئەدامىل، ئەدمىل، ئەدمىلى: ھەرقانداق چوڭ، قېرى نەرسىنى، بولۇپمۇ قېرى، كۈچلۈك دەرەخنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەرنا: كۈندۈشنىڭ سۈريانچە نامى.

ئەدەس جەبەلىي (تاغ ئەدىسى): نەبقە مېۋىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىنەپشىنىڭ ئاق گۈللەيدىغان بىر تۈرى ئىكەن.

ئەدەسۇل مۇر (ئاچچىق ئەدەس): ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، يۇنانچە «سەفارئاسىيۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن، تەرياقلارغا قوشۇلىدىغان بولۇپ، زەھەر قايتۇرغۇچى ياخشى دورىلاردىن ھېسابلىنىدىكەن. ئېبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇنانچە «شەقەرغانىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ياۋا سەۋسەندىن ئىبارەت ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «ئەقلەم» دەپ ئاتىلىدىغان، بەھرەيىن خەلقى «مەردېيىرا» دەپ ئاتايدىغان بىر خىل دورا ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئاچچىق پۇرچاق ئىكەن، پارسچە «مىشكىنە» دەپ ئاتىلىدىكەن، چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدىكەن، قانىتىدىكەن، كۆپ ھاللاردا قان سىيدۇرىدىكەن.

ئەدەس نىبتىي (نىبىت ئەدىسى): ئۇ ئەدەسنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئادەتتىكى ئەدەسكە ئوخشايدۇ، ئەمما يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك

بولىدۇ. شىخىنىڭ ئۇچىدا بىر دانە ئۇزۇنچاق غىلاپ ئۆسىدىغان بولۇپ، سىيادانىنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدۇ، ئىچىدىن ئۇرۇقى چىقىدۇ، يىلتىزى ئاچچىق بولۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەدەسىيە: ئەدەس ئېشى، ئۇ بىر خىل ئاش بولۇپ، خۇددى «ھەلىيم» دېگەن ئاش بۇغدايدىن تەييارلانغىنىدەك ئۇمۇ ئەدەستىن تەييارلىنىدۇ.

ئەدمۇل: مەفئۇل ۋەزنىدە ئوقۇلىدىغان بولۇپ، پاقىنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر.

ئەدۋا: قوينىڭ كىچىك قوزىسى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 40 كۈنگە يېقىن بولغان قوزىسى ئىكەن.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەزابە، ئەزەبە: توغراق مېۋىسى.

ئەزافىر: چوڭ تۆگە.

ئەزافىرە: چوڭ، كۈچلۈك تۆگە.

ئەزالىت: ئۇيۇغان سۈت.

ئەزەب: تاتلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە يېقىشلىق پاكىز سۈنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ نامىدۇر، يەنە ئانار بىلەن شارابنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەزەب: ھامىلىدىن كېيىن بالىياتقۇدىن چىقىدىغان نەرسىدۇر، يەنە مەلۇم دەرەخنى كۆرسىتىدۇ.

ئەزبە: لەش. يەنە تاتلىق سۈنى كۆرسىتىدۇ. «ئەزىب» دېيىلسە لەش سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. ئەزەبە دېيىلسە توغراق مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەزام: بۆرگىنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «كەيەك»، ھىندىچە «پەسىۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەزىرات: پوق، يەنى گەندىنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئۇزقۇت: كىچىك بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئاق، يۇمشاق بولىدۇ، پارسچە «مارى مۇلۇك»، ھىندىچە «بەھمنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەزەق: مېۋىلىك خورما. ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەئزاق»، «ئۇززاق» بولىدۇ.

ئىزىق: قارا خورما. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ خورمىنىڭ مېۋىسى چۈشۈپ بولغان قالدۇق ساپاقلىرى بار بولغان شاخلىرىنى كۆرسىتىدىكەن.

ئەزەقى ئىبنى زەيد: بىر خىل مېۋە.

ئەزەقى ئىبنى تاب: مەدىنە مۇنەۋۋەرىدە بولىدىغان بىر خىل مېۋە.

ئۇزلۇق: توڭ ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەزالىيق» بولىدۇ.

ئەزدىيمە: مېۋىلىك خورما. ئۇرۇقى بار خورمىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

# پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەرا: يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى.

ئەراب: بىر خىل دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، قوۋزىقىدىن ئارغامچا ئېشىلىدۇ، ھىندىچە «سىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىراب: ئۇ بىر تۆگە بىلەن بىر خىل ئاتنىڭ نامى بولۇپ، «شۇتۇر ئەرەبى» (ئەرەب تۆگىسى)، «خەيلى ئەرەبى» (ئەرەب ئېتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەۋۋادە: چىشى چېكەتكىنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەرار: ئۇقھۇۋان گۈلى.

ئەرازىم: شىرنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەرايسۇن نىيل: مىسىر خەلقىنىڭ تىلىدا ياتما نىلۇپەر (بەشنەيىن)نى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەب، ئىرىب: بىر خىل ئۈسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «دىيۋى گەندۇم» (ساراڭ بۇغداي) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىيشىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، ھىندىچە «بەھمنى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئەربەھرا: ھەببۇل فەقد، يەنى چاڭگاك مېۋىسىنىڭ سۈريانچە نامى.

ئەربى: ئاق ئارپا. سۇمبۇلە، ھىرفان ئۈسۈملۈكلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ «سۇلت» (يالىڭاچ ئارپا)نى كۆرسىتەتتى.

ئەرجا: بۆرە.

ئەرھەد: خورمىنىڭ قۇرۇق شېخى.

ئەرۋى: ئېشەك.

ئەردار: پىلنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەرەر: قەنتەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

ئۇرر: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قوش مايىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئادەم پوقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە تۆگە لوكىسى يىغىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەرسەق: ماشدارۇ.

ئەرتەب: ئوغرىتىكەن، ھىندىچە «گوكرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرتەنىيسا: پارسچە «چوبەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاررەبۇ ئۈسۈملۈكى.

ئەرفەج: سۇتلۇكئوتلارنىڭ بىر تۈرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىكەن، بەش دانە شېخى بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ

بەش شاخ دېگەن مەنىدە «زۇ خەمسەتى ئەۋراق» دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇماققا ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ ئىكەن.

ئۇرۇق: تومۇرلار، ئۇ «ئىرىق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئادەم بەدىنى شۇنداقلا دەرەخلەرنىڭ تومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر خىل دەرەخنىڭ سېرىق رەڭلىك يىلتىزىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەكلەر بويىلىدۇ، ئەرەبچە «ئۇرۇقۇس سۇفر» (سېرىق يىلتىز)، پارسچە «زەرد چوبە» (زەرچۋە)، ھىندىچە «ھەلدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىرقۇل ئەرتى: بىر خىل قىزىل رەڭلىك يەڭگىل يىلتىز بولۇپ، پارسچە «بېيخى پەدە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ توغراق يىلتىزىدىن ئىبارەت.

ئىرقى ئەسەف: كەپە يىلتىزى.

ئىرقى ئەنجىبار: ئەنجىبار يىلتىزى.

ئىرقۇل جەسەد: بەدەندىكى قان تومۇرلار.

ئىرقۇس سۇس: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى.

ئىرقۇل كافۇر (كافۇر پۇراقلىق يىلتىز): مەككە مۇكەررەمە خەلقىنىڭ تىلىدا زورەمباتنى كۆرسىتىدۇ.

ئىرقۇت تىيب (خۇش پۇراق يىلتىز): ئەسرار دېگەن دورىدىن ئىبارەت، ئۇ يەنە زورەنمباتنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئىرقۇل فالۇزەج: پارسچە «ھۇۋە جويە» دەپ ئاتىلىدىغان ئەبۇ خەلسا دېگەن دورا.

ئەرەقۇل جىبال: مۇمىيا.

ئەرەقۇز زەبىيب: قۇرۇق ئۈزۈم ئەرقى، يەنى قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى.

ئەرەقۇش شەجەر (دەرەخ تەرى): يېلىم.

ئەرەقۇل ئەرۇس (يىگىت تەرى): تەلىق.

ئەرقى يابىس (قۇرۇق تەر): قەلفۇنىيا. پارسچە «زەنگىبارىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرقەزا، ئەرقەزان، ئەرھەزان، ئەرنقسانە، ئەرنەقسان: بېدە.

ئەرفىيج بەررىي: بەكمۇن. بەخۇرى ئەكراد (كوردلار ئىسرىقى) دېگەن دورىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەرقۇن: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى شەقائىقۇننۇئمان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يېرىق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. يىلتىزى يۇمىلاق بولۇپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ، يوپۇرمىقى مەلۇخىيا ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىن قۇش بېشى ۋە ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە كۆتۈرۈلۈپ چىققان، تېبابەتتە ئۇنىڭ ئېتىبارى يوق، بەلكى باشقا ھۈنەر ـ كەسىپتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەرقىيل: تۇخۇم سېرىقى.

ئەرەم: بىر خىل بىلىق بولۇپ، مەغرىب خەلقى «سەرۋدىيىن» دەپ ئاتايدۇ، يۇنانچە «ۋەبەس» دېيىلىدۇ.

ئەرمائ: قىزىل ئارىلاشقان قارا يىلان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئالىچىپار يىلان ئىكەن.

ئىرماز: لەشنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەرىمە: ئەركەك چۆل چاشقىنى.

ئەرمەز: سۇ ئاستىدا بولىدىغان بىر خىل لەش بولۇپ، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. يەنە ئۇ ھەببۇلغارنى ھەم ياۋا سېدە دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. پارسچە «كەنار بەررى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى كىچىك مىسۋاك دەرىخى دەپ بىلىدۇ.

ئەرمەزان: بېدىنىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە «بۇخۇرۇل ئەكراد» (كوردلار ئىسرىقى) ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرنەقسان: بېدە.

ئۇرۋا: ئەشراستىن ئىبارەت بولغان خۇنسا ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە ۋە سۈريانچە نامى.

ئەرۋىيا: سۈريانچە ۋە پارسچە يۇلغۇن مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرۇس: نىلۇپەردىن ئىبارەت بولغان «قاتىلۇن نەھىل» (ھەسەل ھەرىسى قاتىلى) ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە سېرىق گۈڭگۈرتمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شىراز خەلقى زاراڭزا ئۆسۈملۈكىدىن تامچىلىتىلىپ چىقىرىلغان بىرىنچى قېتىملىق سۇنى «ئەرۇس» ۋە «ئابى سۇرۇخ» دەپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى «ۋاماد» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرۇسافارىس: يىلان پوستى.

ئەرۇسەك پەسى پەردە، ئەرۇسەك دەرپەردە: كاكىنەچىنىڭ پارسلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان پارسچە نامى.

ئەرۇسەك: پارسچە «كەرەمى شەبتاب» دەپ ئاتىلىدىغان يالتىراق قوڭغۇز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «تەيىنۇس» دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋان ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆۋقۇش ئىكەن.

ئەرۇق: تەرلەتكۈچى دورا. «ئۇرۇق» دەپ ئېيتىلسا تومۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئادەم، ھايۋانات ۋە دەرەخلەرنىڭ تومۇرلىرىنى ئورتاق كۆرسىتىدۇ. يەنە دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە يىلتىزلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە پارسچە «زەرد چۆبە» دەپ ئاتىلىدىغان «ئۇرۇقۇس سەبباغىين» (بوياقچىلار يىلتىزى) دېگەن يىلتىزنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ

ئېيتىشچە ئۇ پارسچە «ئەسپىرەك»، ھىندىچە «تەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئىكەن.

ئۇرۇقى ئاسىق: كەپە يىلتىزى.

ئۇرۇقى بەيز (ئاق يىلتىز): بەزىلەر مۇستەئجىلە دېگەن دورا، يەنە بەزىلەر ھىندىچە «ستاۋەر» دەپ ئاتىلىدىغان بوزىدان دەپ بىلگەن.

ئۇرۇقى ئەھمەر (قىزىل يىلتىز): پارسچە «روباس»، ھىندىچە «مۇنجىب»، «مۇجىيت» دەپ ئاتىلىدىغان «فۇۋۋەتۇس سەبباغىين (بوياقچىلار ئوردىنى) دەپ ئاتىلىدىغان ئوردان.

ئۇرۇقۇز زەئفەران (زەپەر رەڭلىك يىلتىز): ئۇرۇقۇس سەبباغىين (بوياقچىلار يىلتىزى) دىن ئىبارەت بولغان، پارسچە «زەرد چۆبە» (سېرىق ياغاچ)، ھىندىچە «ھەلدى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقۇس سۇفر (سېرىق يىلتىز)، يەنى زەرچىۋە.

ئۇرۇقۇس سۇس: سۇس يىلتىزى، يەنى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

ئۇرۇقۇس سىبغى (بوياق يىلتىزى): بوياقچىلار يىلتىزى، يەنى زەرچىۋە.

ئۇرۇقۇس سۇفر: ئۇرۇقۇز زەپەر.

ئۇرۇقۇت تىيب (خۇش پۇراق يىلتىز)، ئۇرۇقۇل كافۇر: زورەمبات.

ئۇرۇقى فالۇزەج: ئەبۇ خەلسا.

ئەرۇقا: بىر خىل نەرسە بولۇپ، نەسىبىن خەلقى چاچنى قارايتىشقا ئىشلىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ئەشراس» دەپ ئاتىلىدىغان دورا ئىكەن.

ئۇرۇقى سەفەر: مۇستەئجىلە.

ئۇرھۇم: خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخى.

ئۇرھۇن: يەر مەدىكى (موگۇ).

ئەرىيرا: نانخا. ئەۋشە دېگەن دورىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەرىيسۇس سەيىل: مىسىر تىلىدا بەشنەيىن ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرىيز: ئوغلاق.

ئەرىيتە: چايان.

ئەرىيقىيسائ، ئەردېيىقسانە: بىدە.

ئەرىيقتە: ياپىلاق بىر خىل ھاشارات بولۇپ، قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ.

ئەرىيكە: تۆگە لوكىسى.

ئەرىين: گۆش.

ئەرارى، ئەرارا: دولانا.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەزە، ئەزانە: كىيىك ئوغلىقى، پارسچە «ئاھۇ بەرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەزھەل: ئەركەك كەپتەر.

ئەزھۇل: تۆگە.

ئەزەر، ئۇزەيرەن: قەنتەرىيۇن. «ئەلقانۇن»نىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا چوڭ قەنتەرىيۇن «ئۇزەير»، كىچىك قەنتەرىيۇن «ئۇزەيرا» دېيىلگەن.

ئەزىز: مەشھۇر سۇرمە بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەسا: توك خورما. ئەپتىمۇن ئۇرۇقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەسائىس: كىرپە. ئۇ كىچىدە كۆپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

ئەساقىل، ئەسقەل: يەر مەدىكىنىڭ بىر تۈرى.

ئەسسار، ئەسسارە: بۆرە.

ئەسالىج: بۇ سۆز «ئەسلۇج» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئىنچىكە شاخلار، يەنى تال، قاپاق، تەرخەمەك ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دەرەخ ۋە باشقا نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە دەرەخنىڭ ئىنچىكە شاخلىرى ۋە يىلتىزلىرى دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن. بەزىلەر ئۇنى دەرەخلەرنىڭ يىپچىلىرى دەپ بىلگەن. يەنە ئۇنىڭ مەنىسى ئەرەب تىلىدىكى «لەفايىف» (يىپچىلار، تالالار) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

ئەسبان: خورما دەرىخى تالاسى.

ئەسبەر: ئەركەك يولۋاس، ئەسبەرە دېيىلسە چىشى يولۋاسنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسجەد: ئالتۇن، يەنە ياقۇت ۋە مەرۋايىتقا ئوخشاش جاۋاھىراتلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يەنە سېمىز تۆگىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەسجەر: چېكەتكە.

ئەسرا: كۆكتات.

ئەس: زەرنىخ.

ئەسساس، ئەسئەس، ئەسئاس: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەستۇس: بىر خىل دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، بۇ دەرەخ ئىنچىكە قومۇشقا ئوخشايدۇ.

ئەسقەلە: ئاق شېغىل تاش.

ئەسەلى ئەپسەنتىن: ئەپسەنتىن ھەسىلى.

ئەسەلى بالادۇر (بالادۇر ھەسىلى): ئۇ بالادۇرنى سىقسا چىقىدىغان بىر خىل قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇقتۇر، «دۇھنى بالادۇر» (بالادۇر يېغى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەسلەج: ئەرتەنىسا يىلتىزىنىڭ مىسىرچە نامى.

ئەسەلى بەلىيلەج: بەلىلە مۇراببāسى.

ئەسەلى ئامىلەج: ئامىلە مۇراببāسى.

ئەسلى ھەلىيلەج: ھېلىلە مۇراببāسى.

ئەسەلى زەنجەبىيل: زەنجىۋىل مۇراببāسى.

ئەسەلى تەمرى، ئەسەلى سەيلان: خورما شىرىنىسى.

ئەسەلى داۋۇد: ھەسەلسىمان ياغ بولۇپ، «ئۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى «ئورمالى» ياكى «ئومالى» دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

ئەسەلۇل ھاج: تەرەنجىبىن.

ئەسەلى ھاشا: ھاشا ھەسىلى، يەنى ھەسەل ھەرىسى ھاشا ئۆسۈملۈكىگە قونۇپ چىشقان ھەسەل بولۇپ، تەرياقى ئەكبەرنىڭ دورىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك شەۋكىران ھەسىلى، سۆئتەر ھەسىلى، كەپە ھەسىلى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق ھەسەل بولۇپ، ھەممىسى ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

ئەسەلى خىلاف (سۆگەت ھەسىلى): ئۇ بىر خىل شىرخىست بولۇپ، سۆگەت دەرىخىدىن چىقىدۇ.

ئەسەلى داۋۇد: ئومالى.

ئەسەلۇر رەمەس: رەمەس دەرىخى ئۈستىگە ئولتۇرغان شەبنەمسىمان ماددا، ئۇ ئاق، تاتلىق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شېكىر تىغال ئىكەن.

ئەسەلى تەبەرزەد: قەنت، ناۋات شىرىسى.

ئەسەلۇل قەسەب: قۇرۇق خورمىنى قاينىتىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، قاينىتىپ قىيام قىلىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل ھەسەلسىمان ماددا.

ئەسەلۇل قەسەب (قومۇش ھەسىلى): شېكەر قومۇشى سۈيى.

ئەسەلۇن نەبى: ھەسى لۇبان، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مىئەسائىلە ئىكەن.

ئەسەلى مازى: ئاق خورما دەرىخى ھەسىلى.

ئەسەلۇن نەھىل: ھەسەل ھەرىسى ھەسىلى. يەنى ھەسەل. ھىندىچە «مىدە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسەلى يابىس: قۇرۇق ھەسەل. يەنە سۈيۈق، مەززىلىك تائاممۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.
ئىسىيلەج: «بۇخۇرى مەريەم» (مەريەم ئىسرىقى) ئۆسۈملۈكىنىڭ ئاخىرقى تۈرى.
ئەسەن: كونا ياغ.
ئەسىيب: خورما ياغىچى. يەنە ئۇ بۆرە ئۆستىخىنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
ئەسىيل: پىل زەكىرى.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئۇشار: ئۆشەر چاتقىلى.
ئۇشب: ھۆل گىياھ.
ئۇشبە: ئۆشبەئى مەغرىبىييە، يەنى زەيىيان.
ئۇشبەتۇس سەباخ: كۇدە. غافىقى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن.
ئۇشبەتۇل ئەجۇز (موماي ئوتى): تەراشىنە ئۆسۈملۈكى.
ئۇشبەتۇن نار (ئوت ئوتى): زەيىيان ئۆسۈملۈكى.
ئۇشەر: ئۆشەر چاتقىلى، پارسچە «خەرەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «خەرەك» دېيىلىدۇ. «سۈككەرۇل ئۇشەر» (ئۆشەر شېكىرى) دېگەن دورىدا بايان قىلىندى.
ئۇششۇت تائىر: قۇش چاڭگىسى، پارسچە «ئاشىيانەئى پەرەندە» دەپ ئاتىلىدۇ.
ئىشقۇس سىبيان (سەبىيلەر ئامرىقى): شەۋكەتۇس سەۋدائ (قارا تىكەن).

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «س» (سۇۋاد)، «ز» (زۇۋاد) ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئۇساب، ئۇسۇب: شەترەنجىنىڭ بەربەرچە نامى.
ئۇسارە: ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر ۋە باشقىلارنىڭ سىقىلغان ھۆل ياكى قۇرۇق سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ سۈيى شۇ نەرسىنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.
ئۇسارەئى ئارغىيس: زىرىق پوستى ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. ئۇ كۆز كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، مامىرانچىنىدىن ياخشىراقتۇر.
ئۇسارەئى ئامىلەج: ئامىلە ئۇسارىسى.
ئۇسارەئى ھىنىنائۇس سىينىي (چىن خېنىسى ئۇسارىسى): تەنزۇ خىتائىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ «شاھ سىينىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇسارەتۇس سۇس: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى.

ئۇسارەتۇل قەرز: ئاقاقىيا.

ئۇسارەئى هۇفەنەقتىيداس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى.

ئەسا مۇسا: ئەسەررائى (چوپان تايىقى) ئۆسۈملۈكى.

ئۇسۇب: تىكەنلىك بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ يىلىمى كەتىرادۇر. يۇنانچە «نەۋارىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسەبە: هەشقىپىچەكنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇنانچە «فەسۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسساب: كېپىك.

ئەسقەل بەررىي: قامغاق.

ئۇسفۇرۇل هەيیە (يىلان قۇشقىچى): قارلىغاچ.

ئۇسفۇرۇس سەبباغ (بوياقچى قۇشقىچى)، ئۇسفۇرۇش شەۋك (چاتقال قۇشقىچى): سۇندۇك.

ئەسلان: ئەنسىل پىيىزى.

ئەسىيدە: بىر خىل تائام بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇسەيفىرە، ئۇسەيفەرە: سېرىق رەڭلىك بىر خىل نەرسە.

ئىزات: چوڭ ئۆسىدىغان هەرقانداق تىكەنلىك دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ساپ، يەنە بىرى ئارىلاشتۇر. بۇ سۆز يەنە تۇخۇمەك دەرىخىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئەزرەس: ياۋا لەيلىگۈل. يۇنانچە «باد»، ئەرەبچە «شەهمۇل مۇرۇج» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەزرىفۇت، ئۇسفۇت: ئۇ بىر خىل هايۋاناتنىڭ نامى بولۇپ، پارسچە «مارى مۇلۇك» (شاھ يىلان)، هىندىچە «بەهمنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىزرىن: توغرىغۇ.

ئىزز: هەرقانداق تىكەنلىك، كىچىك دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چاتقالنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

ئەزەل: يەمەن خەلقى تىلىدا چېكەتكىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپلۈكى «ئەزلان» بولىدۇ.

ئەزمەهە: قانجۇق تۈلكە. پارسچە «رۇباهى مادە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇزۇۋى: ئەزا. ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەئزا» بولىدۇ. ئۇ جانلىقلار تېنىدىكى مەنىي ۋە قويۇق خىلىتلاردىن پەيدا بولىدىغان ئەزالار بولۇپ، ئۇستىخان، كۆمۈرچەك، پەي، تارىمۇش، تومۇر، گۆش، ياغ، چاۋا ياغقا ئوخشاش يەككە ياكى مۇسكۇلغا ئوخشاش بىرىنچى خىل تۈزۈلۈشتە ياكى كۆزگە ئوخشاش ئىككىنچى خىل تۈزۈلۈشتە ياكى يۈزگە ئوخشاش ئۈچىنچى خىل تۈزۈلۈشتە ياكى باشقا ئوخشاش تۆتىنچى خىل تۈزۈلۈشتە تۈزۈلگەن ئەزالارغا ئوخشاش مۇرەككەپ بولىدۇ.

ئۇزەيلە: «ئەزۇلە» (مۇسكۇل) دىگەن سۆزنىڭ كىچىكلىتىلمىسى بولۇپ، مۇسكۇلچە دىگەن مەننى بىلدۇرىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ت» (تۇۋاى) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەتارا: كۇدىنىڭ سۇريانچە نامى.

ئۇتارىد: ئۇ ئۇتارىد يۇلتۇزىنىڭ نامى بولۇپ، خىمىيە ئۆلىمالىرىنىڭ تىلىدا سىمابنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى خۇددى مەزكۇر يۇلتۇز ھەربىر يۇلتۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ۋە تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، سىمابمۇ ھەرقانداق مەدەن ۋە دورىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇمبۇل رۇمى ئىكەن.

ئۇتۇب: پاختىنىڭ ئەرەبچە نامى، «ئەتەب» دىيىلسە يۇمشاق پاختىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىتىر: ھەرقانداق خۇش پۇراق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەتىر» دىيىلسە خۇش پۇراق قىلىش دىگەن مەننى بىلدۇرىدۇ. بەزى بەنگىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇ كەندىر دەرىخى ئۈستىگە چۈشۈپ قېتىپ قالغان بىر خىل شەبنەمسىمان سۇيۇقلۇق ئىكەن. ئۇ ئالىي ۋە ساپ نەشە دەپ قارىلىدىكەن.

ئەترانا: قەترانىنىڭ سۇريانچە نامى.

ئىترى مۇسەللەس: ئۇد ھىندى، ئەنبەر ۋە سەندەلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل خۇش پۇراقتىن تەييارلانغان ئەتىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ياخشىراقى گۇلاب، ئۇد ھىندى ۋە ئەنبەر ئەتىرىدىن تەييارلانغان ئەتىردۇر.

ئەتشان: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يۇنانچە «دىيىناقۇس»، ئەرەبچە «خەسسۇل كەلب» (ئىت كاھۇسى) دەپ ئاتىلىدۇ. «تەرسەك»مۇ دىيىلىدۇ.

ئەتتارە: سۇمبۇل رۇمى.

ئەتفەل: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سەئۇفەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، پارسچە «بىيدى مىشكى» دىيىلىدىغان «بەھرامەج» ئۆسۈملۈكى ئىكەن.

ئەتلەت، ئەتۇب: قاتىلى ئەبى دىگەن دورا.

ئەتمۇس: ياۋا ئېشەك.

ئۇتۇم: ئېتىلغان يۇڭ.

ئەتۇس: چۈشكۈرتۈش ئۈچۈن بۇرۇنغا پۈركۈلىدىغان دورا. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئەتۇت: بىر خىل قۇش بولۇپ، «تەيتەۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەزا: سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى.

ئەزائ، ئەزايە: سالامەندىرا كەسلەنچۈكى.

ئىزرىب: كىچىك ئەفئا يىلىنى.

ئەزلىم: پارسچە «نىيل» دەپ ئاتىلىدىغان ئوسما ئۈسۈملۈكى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا باشقا ئۈسۈملۈك ئىكەن.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا «قۇتلۇب» دېيىلىدىغان ئۈسۈملۈك ئىكەن.

ئەزمۇس سەبەق: ئىرەن.

ئىزلىبۇتە: چىشى ئاغمىخان.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەفا، ئىفا: تەخەي. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۆگىقۇشنىڭ پېيىنى كۆرستىدىكەن.

ئەفادارمۇن: ھەببۇل قەلقەلىنىڭ يۇنانچە نامى.

ئەفار: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «قاتىلى ئەبى» دېگەن دورا ئىكەن. يەنە ئۇ بادام تالقىنىنى كۆرستىدۇ. يەنە قۇتلۇب دەپ ئاتىلىدىغان دورىنىڭ ئەرەبچە نامى ئىكەن.

ئەففارە: كېۋەز غوزىكى، پارسچە «كوزەك»، شىرازچە «خەرۋەك»، ئىسپانچە «كوكەزەكى پۇنبە»، ھىندىچە «دەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەفاھىم: كۈچلۈك تۆگە.

ئەفايىد: مۇغاسىنىڭ سۇريانچە نامى.

ئەفەد: كەپتەر ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا قۇش.

ئەفەر: توپىنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئىفىر: چوشقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

ئەفرۇد دىيك، ئەفرىيە: خورازنىڭ بويۇن پېيى، ھايۋانلارنىڭ ماڭلىيى، ئادەمنىڭ گەدەن چېچى.

ئەفسىيە: بەللۇتنىڭ بىر تۈرى.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەققار: شاراب.
ئەقار: ئەرتەنىسا، يەنە ئازەربۇنىڭ سۈريانچە نامى.
ئەقار ئەئرۇن: ئەشراس ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈريانچە نامى.
ئەقار سۇسىنائى: ئىرىسانىڭ سۈريانچە نامى.
ئەقاقىر: ئوت - چۆپ دورىلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئەقار دېيىلسە مۇتلەق دورا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
ئەقدە: مىسىر تىلىدا زىرىق ياغىچىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەقرەبان: ئەندەلۇس تىلىدا ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن دېگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەقيان: ساپ ئالتۇننىڭ ئەرەبچە نامى.
ئەقىيلا: غورا ئۈزۈمنىڭ ئەرەبچە نامى.
ئەقىيدۇل ئىنەب: ئۈزۈم شىرنىسى.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغا ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەكرەش: ياغنىڭ ئاخىرقى قالدۇقى.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەلەت: خەندەردىيلى.
ئەلجا: قۇراھ.
ئەلەس: سارالىڭ بۇغداي.
ئەلەسى، ئەلەقى، ئەلۋا: سەبرە ئۆسۈملۈكى.
ئەلەف: قۇرۇق بېدە.
ئەلەف ھىندى: سەقۇدۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە نامى.
ئەلەقە: تەفسىيقۇن دېگەن دورا، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەبرە ئىكەن.
ئەلقەم: ھەرقانداق ئاچچىق ئۆسۈملۈك ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاغىچە يۇغۇچ

(قىسسائۇل ھىمار) ئۆسۈملۈكى ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاچچىقتاۋۇز ئىكەن.
ئىلك يابىس: قەلفۇنىيا دېگەن دورا.
ئىلكى رۇمىي: مەستىكى.
ئەلەم: ئىكسىرچىلارنىڭ تىلىدا زەرنىخنى كۆرسىتىدۇ.
ئەلۇفىس: خۇببازى ئۆسۈملۈكى.
ئەلۇفىن: ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئىماد: بەنكۇل ئاس دېگەن دورا.
ئەمرۇ: كەرەپشە.
ئەملەج: خەرنۇب دېگەن مېۋىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇرۇقچىسى بىلەن يېيىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئەناق: ئوغلاق.
ئىنەبۇل جىن (جىنئۈزۈمى): مىڭشاخ ئۆسۈملۈكى.
ئەنجىد: ئۈزۈم ئۇرۇقى، ئۇ يەنە مېۋىلەرنىڭ ھەر قانداق ئۇرۇقچىسىنى كۆرسىتىدۇ.
ئەندەم: بەقەم. بەزىلەر خۇنسىياۋشان دەپ قارايدۇ.
ئەنرەب: سۇماق.
ئەنزە: ساغلىق ئۆچكە. «مەئىز» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.
ئەنزىران: ئازەربۇ.
ئۇنسۇل: ئىسقىل (ياۋا پىياز).
ئەنەفە: مەرزەنجۇشنىڭ سۇريانچە نامى.
ئەنقىيلى: چامغۇرنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ئ» (ئەين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئۇدۇل بەخۇر (ئىسرىق ياغىچى): ئۇد قىمارى.
ئۇدۇل بەرق (چاقماق ياغاچ): دارشىشئان.

ئۇدى بەلەسان: بىلسان دەرىخى ياغىچى، «بەلەسان» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

ئۇدۇد دەرقە: ئەنجۇدان.

ئۇدۇر ردىيىھ: ئەزغىيس دېگەن دورىنىڭ مەغرىبچە نامى. بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇد سەلىب، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مامىرانچىن، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئېگىر.

ئۇسىيا: بەسباسىنىڭ رىمچە نامى.

ئۇدۇس سەلىب: فاۋانىيا.

ئۇدۇل فالۇزەج: ئەبۇ خەلسا.

ئۇدۇل ۋەج: ئېگىر.

## پەسل: «ئ» (ئەين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

ئىيدان: ئۈسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. شام تىلىدا دارشىشئان دېگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىيرزان: تاغ دولانىسى.

ئەيسام: توغراق دەرىخىنىڭ ئەرەبچە نامى، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا چىنار دەرىخى، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا سەفىيدار دېگەن دورا بىلەن دولاننى كۆرسىتىدۇ.

ئىين: يۇڭ.

ئەينۇل ئەئلا: ئۇقھوۋان گۈلى.

ئەينۇل بەقەر (كالا كۆزى): كالىكۆز ئۈزۈم، ماراكەش تىلىدا ئۇ ئەينۇلانىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇقھوۋانمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئەينۇل ھەجەل: شام تىلىدا ئۇقھوۋان گۈلىنىڭ كىچىك تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەينۇل ھايات: ئىكسىرچىلارنىڭ تىلىدا سىمابنى كۆرسىتىدۇ.

ئەينۇس سەرەتان (قىسقۇچپاقا كۆزى): سەرپىستان.

ئەينۇل ھۇدھۇد (ھۆپۈپ كۆزى): ئازانۇلفەر رۇمى ئۈسۈملۈكىنىڭ ماراكەشچە نامى. ئافرىقىدا ئۇ ئېرقۇننىسا كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەينۇل ھىر (مۇشۇككۆزى): مەشھۇر تاش، ئەمما تېبابەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بايان قىلىنمىغان.

ئەينۇن: ئازانۇل فەر (چاشقانقۇلاق) ئۈسۈملۈكى.

ئەينىيىە: ئەندەلۇس تىلىدا رەئيۇل ھەمام (كەپتەر ئوتى) ئۈسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىيدۇل بەتبات: كېيىك قۇلاقئوت.

# ئون توققۇزىنچى باب
# «غ» (غەيىن) بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غابانەك: شابانەك.

غابىس: ئېيىقئۇزۇمى (ئىنەبۇد دۇب).

غازا باغى: ئاتىرىلال ئۈسۈملۈكىنىڭ تۈركچە نامى. تاغلىق رايونلار ۋە لەرىستاندا «پايى زاغان» (قاغىپۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

غاسۇل: ئۆشنان.

غاسۇل رۇمىي: ئەبۇ قانىس.

غاغاتى: غاغىيتۇس تېشىنىڭ يۇنانچە نامى.

غافە: فۇدىنەج.

غالاۋتى: تۈرمۇس پۇرچىقىنىڭ يۇنانچە نامى.

غالى: سۈتىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەبىيرى: تىكەنلىك سېدە دەرىخى.

غۇبارىيە: ئېيىقئۇزۇمى (ئىنەبۇد دۇب).

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەربىيب: قارىئۇزۇمنىڭ بىر تۈرى.

غەرەر: شام تىلىدا چوپان تايىقى (ئەسەر رائى) ئۆسۈملۈكىنىڭ كىچىك تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

غەرسا: ئىرىسا.

غەرفەد: ئەۋسەج مېۋىسىنىڭ دانلىرى ئاق، چوڭ بولغان تۈرى.

غەرەم: تاغ قويىنىڭ پارسچە نامى.

غەرمەج: سىيادانىنىڭ پارسچە نامى.

غەرىيق: يەسىمەن.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەزالۇل مائ: سۇ لېشى.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەسا: توڭ خورما.

غەسەل: ئاق لەيلى.

غەسلەھ: ئازەربۇ ئۆسۈملۈكى.

غەسۇل: ئۆشنان. يەنە ئىزخىرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «غ» (غەيىن) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەلۇفەريا: چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنىڭ يۇنانچە نامى.

غەلۇفىس: قۇشلارنىڭ يۇنانچە نامى.

غەلۇفىن: مامىسانىڭ يۇنانچە نامى.

غەلىيجىن: پىنىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

غەلىيجەن ئەغرىيا: تاغ پىنىنىسىدىن ئىبارەت بولغان مىشكى تاراموشكى. «غەلىجەن» دېگەن سۆز رەيھان دېگەن مەنىنى، «ئەغرىيا» دېگەن سۆز تاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

غەلىيۋاج: بۇركۇتنىڭ پارسچە نامى.

# پەسىل: «غ» (غەين) ۋە «م» (مىيم)، «ن» (نۇن)، «ۋ» (ۋاۋ) ۋە «ي» (ياﺋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

غەملۇل: قەنا بەرا.
غەمامە: بۇلۇت.
غەندەب: ئۆمۈچۈكنىڭ ئەرەبچە نامى.
غورە: ئۈزۈم غورىسىنىڭ پارسچە نامى.
غورەئى خورما: خورما غورىسى، توك خورما.
غوك: پاقا.
غۇفار: شەھرۇرنىڭ ئىسپانچە نامى.
غەييال: سىماب.
غەينەم: بۇلۇت.
غەيفىيتۇس: سۇمبۇل.

# يىگىرمىنچى باب
# «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ئ» (ھەمزە، ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فۇئاد: يۈرەكنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «دىل» دەپ ئاتىلىدۇ. تېبابەتتىكى «ۋەجئۇل فۇئاد» (يۈرەك ئاغرىقى) دېگەن سۆزدىن ئاشقازان ئېغىزى ئاغرىقى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يۈرەك بىلەن ئاشقازان ئېغىزى بىرى يەنە بىرىگە يېقىن بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان، ھالبۇكى، يۈرەك ھېچقانداق ئاغرىق ۋە ئەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئاغرىق كۆرۈلسە، ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ.

فايىر: كېپەك، ئۇنىڭ كۆپلۈكى «فۇر» بولىدۇ.

فۇۋارە: تۇغۇتلۇق ئاياللارغا قايىنىتىپ بېرىدىغان خورما بىلەن شۇمشا.

فارغۇس: لەيلەكقۇش.

فابىس: زاك.

فابىش: باقىلەنىڭ يۇنانچە نامى.

فابىش قىبتىي: باقىلە قىبتىي.

فانىش: قوغۇن.

فالتەراھىين: قىزىلگۈل ئۇرۇقى.

فاتىھ: ياش بوغاز تۆگە.

فاتراستىين: ئاق قىچا، ئادراسمان ئۇرۇقىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنى فاشرەستىن ئۆسۈملۈكى دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

فاجىشە: قۇندۇز قەھرى.

فاجىئ: غۇرابۇل بەيىن.

فاھا: زەپەرنىڭ يۇنانچە نامى.

فاھافامىس: رۇسۇت.

فاخىر: ئۇرۇقسىز خورما. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ خورمىنىڭ پارسچە «كابىشەك» دەپ

ئاتىلىدىغان تۈرى ئىكەن.

فاخىرە: كاۋاۋچىن.

فاغۇز: رەيھاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «رەيھانۇش شۇيۇخ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بەرەنجاسپىنىمۇ كۆرستىدۇ.

فادىج: كاندىن چىقىدىغان پادىزەھرى بولۇپ، چىندىن چىقىدىغىنى ياخشىسىدۇر، ئۇ «خىتائىي» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ جەدۋار ئىكەن. ئۇ «فادىخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ھىندىچە «رىتە» دەپ ئاتىلىدىغان پىندۇق ھىندى ئىكەن. ئەمما توغرىسى بىرىنچى قاراشتۇر.

فادىزەھرى: پادىزەھرى دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

فادما: تۇتىيانىڭ سۈريانچە نامى.

فادەن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «پەنۋار» دېيىلىدىغان دورىنىڭ كىچىك تۈرىنىڭ نامى ئىكەن.

فۇئەرە: ئەركەك چاشقان.

فار: ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ مۇسكۇلى.

فاراداۋزا: قارىغاي مېۋىسىنىڭ سۈريانچە نامى.

فاۋاسۇن: ئاق بابۇنە.

فەراسيۇل: تاغ كۇدىسى.

فارۋامۇن: ھۇرف ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

فائىرس: شىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە رۇبيان بېلىقىنىمۇ كۆرستىدۇ.

فارسۇل مائ: سەتراتىيفۇس ئۆسۈملۈكى. ئۇ سەتراتىيمۇرس، سەتراتىيۇتىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

فارستاريۇن: كەپتەر ئوتى.

فارسۇن: يۆگىمەچئوت.

فارسياھ: ياڭاقنىڭ يۇنانچە نامى.

فارشامى: «تىببى قەدىيىم» (قەدىمكى تېبابەت) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، خۇش پۇراق بولىدۇ. «تۆھپە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ئەندەرتۇن دېگەن ئۆسۈملۈك ئىكەن. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توسالغۇلارنى ئاچىدىكەن، ئىچكى ئەزالار ۋە ئاغرىقلارغا شىپا بولىدىكەن.

فارىز: قېرى كالا.

فارىغە: فاغىيە.

فارنۇخىيا: فارنۇخىنا: ھەشىيشەتۇد داخىس (سەينەكئوت)نىڭ يۇنانچە نامىدۇر، بۇ ئوت تىرناقتا بولىدىغان سەينەككە شىپا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

فارۇ: سىرىقچىچەك.

فارۇسى: موم، پارسچىمۇ «موم» دەپ ئاتىلىدۇ.

فارۇفسۇرا: تۆمۈر دىتىنىڭ يۇنانچە نامى.

فارۇنۇ: ئامىلە.

فارۇنىيسۇن: ئۇ رىمچە سۆزدۇر. يۇنانچە «قەلقۇردىيىس»، ئەرەبچە «خەربەقى ئەسۋەد» (قارا خەربەق) دەپ ئاتىلىدۇ.

فارىقا: شۇمشىنىڭ يۇنانچە نامى.

فارىۇنا: سۇريانچە ئۇد سەلىبتىن ئىبارەت بولغان فاۋانىيا دىگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ.

فارۇنىل: ھىندىچە «پانچى» دىيىلىدىغان ئۆسۈملۈك.

فارىس: قارا، قىزىل چۈمۈلىنىڭ ئەرەبچە نامى.

فارىس: ئەندەرۇنىيلۇن دىگەن دورا.

فاس: يۇلغۇن.

فاسا: چىل.

فاستاماي، فاستامى: شاھبەللۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

فاستىرۇن: بۇ سۇريانچە سۆزدۇر، يۇنانچە «جۇند بادەستەر»، «فاتۇنقى»، پارسچە «بۇستان ئەفرۇز» دىيىلىدۇ.

فاستىرە، فاشتىرە: قۇندۇز قەھرىنىڭ يۇنانچە نامى.

فاسلۇ: لوبىيانىڭ يۇنانچە نامى.

فاسمى: زەپەر.

فاسىيا: ئوسۇرغاق قوڭغۇزنىڭ ئەرەبچە نامى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

فاسىيە: ناھايىتى سىسىق ئوسۇرغاق قوڭغۇز.

فاسىيس: ياۋا كاسىنە.

فاشەرا: ئاق تال.

فاتىقى: «فۇستۇقى رۇمىي» دىگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، يىيىلىدىغان ئەدەسنى كۆرسىتىدۇ.

فاتىل بىۋا: ياۋا پىياز.

فاتۇيىل: فۇپەل.

فاتۇس: چىلىشچىلارنىڭ بەدىنىنىڭ كىرى. ئەرەبچە «ۋەسەخۇس سۇررائ» دىيىلىدۇ.

فاتۇنىيقى: تاجىگۇل.

فائۇس: بىر خىل يىلاننىڭ نامى.

فائىيە: ھىندىستان ئېلۇپەر يىلتىزى، ئۇ ھىندىچە «فۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.

فائىيس: مەرزەنجۇش.

فاغىر: ئۇ بىر خىل گۈلنىڭ نامى بولۇپ، بۇ گۈلنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل، ناھايىتى خۇش پۇراق، يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش، ئۇزۇنچاق بولىدۇ، ھىندىستان شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. ھىندىچە «راي چەنپا» دەپ ئاتىلىدۇ.

فاغۇش: شەترەنجى ھىندىنىڭ سۇريانچە نامى.

فاغىيە: خېنىگۈل. ئۇ سۇريانچە «لەفجى كەفرا»، رىمچە «ئورمەسىيقۇن»، يۇنانچە «سەداموفۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيەتلىرى خېنە بابىدا بايان قىلىندى. ھەدىس شېرىپتا ھەزرىتى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن «گۈللەرنىڭ ياخشىسى خېنىگۈلدۇر» دەپ رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، ئاق، خۇش پۇراق، ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل بولغانلىرى بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، يۇڭ كىيىملەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويسا كۈيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

فافارى، فافۇرقى: پىلپىل.

فافايىس: پاختەك.

فافافىس ئىيرافىيلۇن: جاۋشىر ئۆسۈملۈكى.

فافالىس: ياۋا سەۋزە.

فافرىن، فافرۇس، فافىيرۇس، فافىير: بەردى دېگەن دورا.

فافۇر: بەرەنجاسىپنىڭ ئەرەبچە نامى.

فافىيس: سېمىز ئوت.

فافىيلۇن: قوغۇن.

فافىيۇس: ياۋا زىرىنىڭ يۇنانچە نامى. يەنە ئۇ ياۋا شاھتەررىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

فاق: بوينى ئۇزۇن بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە قاينىتىلغان زەيتۇن يېغىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بان يېغىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

فاقىيشەر: قىسقۇچپاقا.

فاكىھە: دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى. پارسچە «مىيۋە»، ھىندىچە «پەھل» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «فەۋاكىھ» بولىدۇ.

فالامەغرىستۇس: «سىيل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قومۇشنىڭ يۇنانچە نامى.

فالامىينى: ئۆستەڭ پىننىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

فالانجىقۇن، فالانجىيتۇس، فالانجىيقۇن: دۈنىڭ يۇنانچە نامى.

فاس: يۇنانچە «ئەندەرۇ سارۇن»، پارسچە «تەبەر» دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

فالىيۇس: بەلبۇس دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ يۇنانچە نامى.

فالىرغۇس، فارغۇس: لەيلەكقۇش، ئۇ «بەتلارەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

فالەرمۇن: ناھايىتى كونا، كۈچلۈك، ئۆتكۈر شاراب.

فالىس: بىر خىل دەرەخنىڭ پوستى، تۈرى سىنا تېغىدا ئۈنىڭ مېۋىسى بەللۇتقا ئوخشاش بولىدۇ.

فالفىس: يۇنانچە سۆز بولۇپ، شاخارنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

فالمال: پەرەنجىمىشكى.

فالەندى: كەپە يىلتىزى.

فالىنۇس: شاھتەررە.

فالىۋا لەقيۇس: زەرچىۋە.

فالافىس سەقلىنۇس: زۇپرا ئۆسۈملۈكى. ئۇ سەقلىنۇس ھەكىمنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتالغان، چۈنكى ئۇ ئۇنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان. ئۇنى ياۋا سەۋزىنىڭ چوڭ تۈرى دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

فاناقىس ھەرنىيسۇن: زۇپرا ئۆسۈملۈكىنىڭ كىچىك تۈرى بولۇپ، شام تاغلىق رايونلىرىدىن بولغان ھەرۇن كەتىنىڭ تېۋىپلىرىغا مەنسۇپتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قۇرۇق زۇپا ئىكەن.

فانجى: كانجى دېگەن دورىنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

فانى زەرۇن: سىرپىستاننىڭ يۇنانچە نامى.

فانىيۇس: ياۋا زىرە.

فاۋانىيا: ئۇد سەلىب.

فارسۇن: قارنىڭ يۇنانچە نامى.

فاۋتەلھا: قوناقنىڭ يۇنانچە نامى.

فەئىيد: قورۇلغان گۆش.

فابىتۇن: شىھ.

## پەسل: «ف» (فائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەتات، فەتۇت، فەتىيت: نان ئۇۋىقى، شۇنداقلا ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇۋىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

فەتات: ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن ئۇنى سەرپىستان دىگەن.
فىتاق: تىز بولدۇرۇلغان نان. يەنە دەرەخلەرنىڭ ئاق تالاسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
فەتال: بۇلبۇل.
فەتە: ھەببىتۇلخۇزراغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھۆل مىۋە.
فەتھا: قاغىنىڭ ئەرەبچە نامى.
فەترە: رەئئاد بىلىقى.
فەتپەس: موزىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەس: تىرىقنىڭ ئەرەبچە نامى. ھىندىچە «باجرا» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قوناق ئۆسۈملۈكىگە، دېنى سۈپۈرگە قونىقىنىڭ دېنىغا ئوخشايدۇ، ھىندىستانلىقلار ئۇنىڭدىن نان ۋە ياكى باشقا تائاملارنى تەييارلاپ كۆپ يەيدۇ.
فەسەخ: ئاچچىقتاۋۇز ئۇرۇقى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدىكەن.
فەسىيمۇس: دەندىنىڭ يۇنانچە نامى.
فەسىيمۇن: لىمونىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فىج: ئۇ خام مەنىسىدە بولۇپ، كۆپ ھاللاردا مېۋىنىڭ خاملىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە تاۋۇزدىن ئىبارەت بولغان شام قوغۇنىنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەھا: پىياز، سامساق، يۇمغاقسۇت ۋە باشقىلارنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش ئۇرۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.
فەھلا: پاختەك. يۇنانچە «فۇبۇس دىماتۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

فەھلا ماۋەرس: قۇندۇزقەھرىنىڭ سۇريانچە نامى.

فەھم: ئۆچۈرۈلگەن چوغ، ھىندىچە «كويلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

فەھۇل: خورما چېچىكى چېڭى.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەخخار: پارسچە «سەفال» دېيىلىدىغان ساپال.

فەخفەرە: كېپەك.

فەخمىيدە: چىگىتى ئايرىلغان پاختا.

فەخۇز: شاخلىرى مەزمۇت، يوپۇرماقلىرى كۆپ خورما. ئۇ يەنە سۇتلۇك چوڭ تۆگىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەدادە: پاقا.

فۇدۇر: كۇمۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

فەدەس: ئۆمۈچۈكنىڭ ئەرەبچە نامى.

فەدەن: قېرى قىزىل بۆرە.

فەدىيلىيۇن: مۇقەلنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ف» (فائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

فەرىير: قۇش.

فەرائ: ياۋا ئېشەك، بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈكى «ئەفرائ»، «فىرائ» بولىدۇ.

فۇرات: سۇزۇك، ئىچىشلىك سۇ. ئاللا قۇرئان كەرىمدە: «بىز سىلەرنى ئىچىشلىك سۇ بىلەن سۇغاردۇق» دېگەن.

فۇراتە: ئاق (كېپەكسىز) ئۇننىڭ شىرازچە نامى.

فەراخ: قۇشلارنىڭ چۈجىسى.

فەررار: تۆگە، ئۆچكە ۋە ياۋا كالا بالىسى.
فەراريج: ئۇ «فەرۇج» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، توخۇ چۇجىسىنى كۆرسىتىدۇ.
فەراس: قارا خورما، ئەمما «شەھردېير» دېگەن خورما ئەمەس.
فەراستۇك: پارسچە «پەرەستۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى بولۇپ، قارلىغاچنى كۆرسىتىدۇ.
فەراسىنا: كۇدىنىڭ يۇنانچە نامى.
فەراش: پەرۋانىنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇنىڭ بىرلىكى «فەراشە» بولىدۇ.
فەراشيۇن: پەراسيۇن (تاغ كۇدىسى) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى.
فەراس: سازەج ھىندى.
فەراتىن: پارسچە «شاخ» دەپ ئاتىلىدىغان مۇڭگۈز.
فەراتبۇس: مۇغاسىنىڭ رىمچە نامى.
فەراغ: مەنىينىڭ ئەرەبچە نامى.
فەرافىر، فەرافىل: «يەنبۇب» دەرىخى مېۋىسى تالقىنى.
فىرام: ئاياللار جىنسىي يولىنى تارايتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.
فەرامۇس: باقىلەنىڭ يۇنانچە نامى.
فۇرانەق: ئۇ پارسچە «پۇردانەك» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى بولۇپ، ئەرەبچە «بەردېيىد»، پارسچە «سىيا گوش»، تۈركچە قارىقۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىت چوڭلۇقىدىكى، كېيىكنىڭ رەڭگىدىكى بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىرنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بېرىدىكەن. ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرىدىندۇر.
فەراسيۇن: كۆپىكدەريا.
فەرايتافى: ئەفلەنجە دېگەن دورا.
فەربانيۇن: ئۇقھۇۋان گۈلى.
فەربەرگ، فەرتۇك: شەپەرەڭدىن ئىبارەت بولۇپ، «مۇرغى ئەيسا» دەپ ئاتىلىدۇ.
فەردەم: كافۇر.
فەربەھى: سېمىزلىكنىڭ پارسچە نامى.
فەرت: ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.
فىرت: تېزەك.
فەرسا: ئوردان.
فەرسانيۇن: ئۇقھۇۋان گۈلى.
فەرسما: پارسچە «جەۋ» دېيىلىدىغان ئارپا.

فەرھانە: كەماد سەفىيد.

فەرجە: سۆئىدىنىڭ سۈريانچە نامى.

فەرھۇر: قۇشلارنىڭ چۈجىسىنىڭ پارسچە نامى.

فەررار: كىمىياچىلارنىڭ تىلى بويىچە سىمابنى كۆرسىتىدۇ.

فەرەر كەھەز: شىھ.

فۇرۇج: مېكىيان چۈجىسى.

فەرەر: بىر خىل ناھايىتى ئاچچىق ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، قورساق ئاغرىقى، تولغاققا پايدا قىلىدۇ، چىندىن كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ «تۋاج خىتائى» دېگەن دورىدۇر، بەزىلەر ئۇنى «ۋەج»، يەنى تۈركچە ئېگىر دېيىلىدىغان دورا دەپ بىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنى رەۋەنچىنى دەيدۇ.

فەرزەد، فەرزەدى مۇرغ: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۆئىدە ئۇنىڭ يىلتىزى ئىكەن.

فەرزەغ: چىگىت.

فەرسا: پىلپىل.

فەرساما: سىبدە دەرىخى.

فىرسان: ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، تېرىسىدىن جۇۋا تىكىلىدىغان بىر خىل ھايۋاننى كۆرسىتىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «فەنەك» دېگەن ھايۋان ئىكەن.

فەرەستەك، فەرەستۇ، فەرەستۈك: قارلىغاچنىڭ پارسچە نامى.

فەرسەد: نوقۇت.

فەرەستاريۇن: ئۇ يۇنانچە كەپتەرگە مەنسۇپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئەدەسكە ئوخشايدىغان، ئەرەبچە «رەئىيۇل ھەمام» (كەپتەر دېنى)، ھىندىچە «ئەرھەر» دېيىلىدىغان پېيىلىدىغان دانلارنىڭ بىر خىلىدۇر.

فەرەستۇس: بەزىلەر ئۇنى «رەئىيۇل ھەمام» ئۆسۈملۈكى، بەزىلەر ئالاكۆلۈك دەپ قارايدۇ، ئەمما توغرىسى شۇكى ئۇ «ھەباھىب» دېگەن ھاشاراتتۇر.

فەرسەك: شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «شەلىير»، «شەلىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

قەرۇمىينان: پىيازنىڭ يۇنان ۋە سۇريانچە نامى.
قۇرۇن: كۇمۇش پوقى. ئۇ «ئىقلىمىيائى فىززە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
قۇرۇنۇل بەھر (دېڭىز مۈڭگۈزى): مارجان ياكى كەھرىۋانىڭ نامى.

قەردىيىب: تۇزلانغان يېغى بىلىقنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەرشىيا، قەرسىيائ: خورمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بۇسۇر دېگەن تۈرى ھەممە خورمىدىن ياخشى بولىدۇ.

قەردىيىھ: ساپ سۇ.

قەردىيىدۇس: چايانىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەردىيىدۇيۇس: چېكەتكىنىڭ يۇنانچە نامى. پارسچە «مەلەخ» دېيىلىدۇ.

قەردىيىر: ئاچچىقتاۋۇز، ھىندىچە «ئەدەرايىن» دېيىلىدۇ.

قەردىيىس: (ئەرەبچە «س» بىلەن يېزىلىدۇ) سوغۇق سۇنىڭ ئەرەبچە نامى، شورپىلىق گۆشمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قەردىيىس: (ئەرەبچە «سۇۋاد» ھەرپى بىلەن يېزىلىدۇ) بىر خىل نانخورۇش بولۇپ، بېلىق گۆشى، كاللا ـ پاچاق ياكى كۆكتات ۋە ئىسسىق دورا ـ دەرمانلارنى سىركە بىلەن پىشقىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. سوۋۇپ ئۇيۇغاندا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

قەرىيسا بەرۇتۇنىيس، قەرىيسا بەرۇتۇنس، قەردىيىت: خەرنۇب شامى.

قەراسيۇس: بىر خىل تاتلىق شاراب بولۇپ، قەرىيتىيقۇس دېيىلىدىغان ئۈزۈمدىن ياسىلىدۇ.

قەربەئ: تۇرۇپنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەربيفەتۇل كەتتان: ئەندەلۇس خەلقى ئارىسىدا ئەپتىمۇن ئۇرۇقىنى كۆرستىدۇ.

قەردىفان، قەرەنفان: كەرۋدىيانىڭ سۇريانچە نامى.

قەرنىيا: لوبىيانىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەزار: شىشە.

قەزا كەرەم: ئەۋرىشىم، يىپەك.

قەزەھ: ئىت سىيدۇكى.

قىزىھ: پىياز ئۇرۇقى. يەنە قازانغا سېلىنغان زىرە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ھۆل تەم تەخشىگۈچىلەرنىمۇ كۆرستىدۇ.

قىزھى: يىلان پوقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇزۇد: قۇستە.

قەزدىير: ئاق قوغۇشۇن.

قەزدى: بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، تەبىئىتى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇز ھاسىل قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆك، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەزز: يىپەكنىڭ بىر تۇرى بولۇپ، يىپەك ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى، ئۇنى يىپەك قۇرتى دېگەنلەر خاتالاشقانلاردۇر.

قۇززاھ: يەر مەدىكى.

قۇزغۇند: بۇزغۇند، بۇزغۇنجمۇ دېيىلىدۇ.

قىزىل: تۈركچە سۆز بولۇپ، قىزىل رەڭلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئالتۇن نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

قىزلان: بىر خىل قۇشنىڭ تۈركچە نامى بولۇپ، شىرازدا كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇ يەردىكى ئاۋام - خەلق ئۇنى «قىزلاغ» دەپ ئاتايدۇ. «تۆھفە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى «قۇبرە» دەپ يېزىپ خاتالاشقان.

قەزۇجائەمۋان، قەزۇمەۋاد، قەزۇمەۋان، قەزۇنىين، قازاماۋەن: پىيازنىڭ رىمچە ۋە يۇنانچە نامى.

## پەسل: «ق» (قاف) ۋە «س» (سين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قۇس: بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، مېۋىسىز بولىدۇ. مېۋىسىز يۈگمەچئوت دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى كىچىك، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. يىلتىزى سىركە بىلەن بىرلىكتە دۈگە بېرىلسە زەھەرلەيدۇ.

قەسائ: قىلىن دارچىنىنىڭ يۇنانچە نامى. ھىندىچە «كىيلا» دېيىلىدۇ، دارچىن دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

قەسابە: ناچار خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەساھىيۇبا: ھەلىيۇننىڭ سۈريانچە نامى، پارسچە «مارچۇبە» دېيىلىدۇ.

قەسادا: تەنكارنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسادېيسما: قەسبۇزەرىرىنىڭ سۈريانچە نامى.

قەسارا، قەۋارساما: ئۇد بىلساننىڭ سۈريانچە نامى.

قەسارس، قەبارس: كەپە ئۈسۈملۈكى.

قەسارقەرنىين: ھۆل خورمىنىڭ رىمچە نامى، پارسچە «خورمائى تەر» دېيىلىدۇ.

قەسارفورنىقۇن: تەمرىھىندىنىڭ رىمچە نامى.

قەسارۋا قەرقۇن، قەسارۋا قوقىيرۇن: سۆئىدىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسارۇس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى سۈيىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەساتۇس، قەساتانۇس: زاراڭزا.

قەسالاۋەن: زۇپتى يېغىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسامۇس، قەساموىس، قەساموئى، قەسۇماس: دارچىن.

قەسيۇس: ئاق ياۋا سەۋسەننىڭ يۇنانچە نامى.

قەسنارۇس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى سۈيىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسناسىس: كەڭ يوپۇرماقلىق يۆگىمەچئوت. ئۇ «لەبلابى كەبىير» (چوڭ يۆگىمەچئوت) مۇ دېيىلىدۇ.

قەسنۇبەرۇن: مىڭشاخ ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسنۇس ئەتارۇس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسناسىس، قەسنۇس: يوپۇرمىقى چوڭ يۆگىمەچئوت، ئۇ ياۋا يۆگىمەچئوتمۇ دېيىلىدۇ. «قەسنۇس» دېگەن سۆز لازەن مەنىسىدىمۇ كەلگەن.

قەسراق: بايتالنىڭ تۈركچە نامى.

قەسربەۋا: خېنە يېغى.

قەسس: قىرونىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇستۇس: قۇستىنىڭ تۈر نامى.

قۇستى ئەسۋەد (قارا قۇستە): قۇستە ھىندى.

قۇستى ھۇلۇۋ (تاتلىق قۇستە): قۇستە ھىندى، يەنە پۇرۇقى ئۆتكۈر بولغان رىم ئاق قۇستىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇستى رۇمىي: تاتلىق ئاق قۇستە.

قۇستى سۇرىي: رەڭگى شەمشاد دەرىخى ياغىچىغا ئوخشايدىغان، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغان ئېغىر قۇستە.

قۇستى شامىي: راسەن، قۇستە سۇردېيىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇستى سىينىي: ئاچچىق قۇستە.

قۇستى ئەرەبىي: پۇرىقى سۇس ئاق قۇستە. تاتلىق قۇستە مەنىسىدىمۇ كەلگەن.

قۇستى فارسىي: پارسچە «ماردارۇ» دېيىلىدىغان ئاچچىق ئاق قۇستە.

قۇستى نەقلىي: پۇرىقى ئېغىر ئاچچىق قۇستە.

قۇستى مۇر (ئاچچىق قۇستە): قۇستە ھىندى. بەزىلەر قۇستە سۇرىي دەيدۇ.

قۇستى ھىندى: يەڭگىل قارا قۇستە. تاتلىق قارا قۇستىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇستانىيا، قۇستىل، قۇستىينىل: شاھبەللۇتنىڭ يۇنانچە ۋە رىمچە نامى. ئەرەبچە

«بەللۇتۇل مەلىك» دېيىلىدۇ.

قۇستانىيقى: سۇدان خەلقى تىلىدا بەقلەئى يەمەنىيە نامىلىق كۆكتاتنى كۆرسىتىدۇ.

قەستىرىن: تۇرۇنجىنىڭ رىمچە ۋە يۇنانچە نامى.

قۇستىناس: ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، يىلتىزى «قۇستەنس» دېيىلىدۇ.

قەستۇر، قەستۇرۇ، قەستۇرىين، قەستۇرىيۇس، قەستۇرىيۇن، قاستۇرىس: يۇنان تىلىدا قۇندۇز قەھرىنى كۆرسىتىدۇ، پارسچە «خەزمىيان» دېيىلىدۇ.

قەستۇس، قەسىيتۇيىس: زەنگارنىڭ يۇنانچە نامى.

قەستۇرۇن، قەسفەس: زاراڭزىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىستىئىير: «قەلئى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئاق قوغۇشۇننىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسئىيتۇس: گىل ئەرمىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىسقامۇر: پىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسقىيۇن: ياۋا سەۋسەننىڭ يۇنانچە نامى.

قەسقاس: ناۋاتنىڭ ئەرەبچە نامى، شىر دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

قەسلەئ: قەمبىل.

قەسمىيھۇر: بۆرە، پارسچە «گۇفتار» دېيىلىدۇ.

قەسۇر: بابۇنە، پىننە دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

قەسۇر: بابۇنە ياكى پىننە. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «قەسۇرە» بولىدۇ.

قۇسۇلىيدۇس، قۇسۇلىيدۇن: كاكىنەچىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسۇماس: دارچىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەسۇرمۇن: بۇندۇق ھىندى، ھىندىچە «رىيتە» دېيىلىدۇ.

قەسۇرىيۇتىن: شىشئۇتنىڭ يۇنانچە نامى. رىمچە «كەسۇمانىس» دېيىلىدۇ.

قەسە: تۇربۇت.

قەسىيا، قەسىيۇس: قىلىن دارچىنىنىڭ رىمچە ۋە يۇنانچە نامى.

قەسىيرام: ياۋا تەرخەمەكىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەسىيرۇ: خەلفا دېگەن دورا.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قىشا، قىشائ: دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەشاھ: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىشار: مىھلەب ۋە دىبىق پوستى.

قىشارە: كۇندۇرنىڭ پارچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە سۇركىلىشتىن ھاسىل بولغان ئۇۋاقلىرى. ئۇ «قىشارى كۇندۇر» (كۇندۇر پوستى) دېيىلىدۇ. بۇ سۆز مىھلەب پوستىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قىشام: پىلە قۇرتىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەشتا: قۇستىنىڭ سۇريانچە نامى.

قىپشۇر: ئۇ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدىغان بىر خىل بېلىقنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر.

قىشران: چېكەتكە قانىتى.

قىشرە: تېرە. يەنە قېلىن دارچىنىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

قىشرى: سۈت ئۈستىگە ئۇيۇپ قالغان قايماق، پارسچە «سەرى شىير»، «چىربەئى شىير»، ھىندىچە «بالائى» دېيىلىدۇ.

قەشە: ئۇ بىر خىل ھاشارات بولۇپ، قوڭغۇز شەكلىدە بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كانە ئىكەن، ئەرەبچە «قۇردە» دەپ ئاتىلىدىكەن.

قەشەئ: ھىربا كەسلەنچۈكى.

قەشئە: ئەپتىمۇن ئۇرۇقى. قىشئە دېيىلىسە بەلغەمنى كۆرسىتىدۇ.

قۇشئەر: تەرخەمەك. پارسچە «خىيارزە»، «خىيارى دەراز»، ھىندىچە «كەكرى» دېيىلىدۇ.

قۇشۇم: كانىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىشىم: قايىنىتىلغان گۆشنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇ خام گۆشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قىشمىش: كىشمىش ئۈزۈمنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

قەشنىيز: يۇمغاقسۈت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ پارسچە «كەشنىيز» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

قەشۇر: ئاياللار رەڭگىرويىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يۈزىگە سۈركەيدىغان دورا، مەسىلەن: قىچا تالقىنىنى قېتىق بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىگەنگە ئوخشاش.

قىپشۇر: مېۋىلەرنىڭ پوستى. ئۇ يەنە دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى، ئۇرۇقلار ۋە باشقىلارنىڭ پوستى قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى ھەزىم بولمايدۇ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇنداق بولۇشى ئومۇمىي ئەمەس، بەلكى بەزىلىرىنىڭ ئازراق ئوزۇقلۇق قىممىتى بار، ئەمما ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ.

قۇشەيراس: ئالاكۇلۇكىنىڭ رىمچە نامى.

## پەسل: «ق» (قاف) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەسابەك: سۇندۇك. ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، ئەرەبچە «سەئۇە» دېيىلىدۇ.

قەسەبى فارسىي: پارس قومۇشى. ئۇ قومۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن قەلەم ياسىلىدىكەن.

قەسەبى بەۋۋا (پۇراقلىق قومۇش): قەسبۇزەرىرە.

قەسەد، قەسەدە: جىغان.

قەسددېپىر: قەلەينىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسەر: خورما يىلتىزى ۋە شاخلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

قەسەبە: گەجنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەستىل: شاھبەللۇتنىڭ مىسىرچە نامى.

قۇسئۇل: چايانىڭ ئەرەبچە نامى. قىسئىل دېيىلسىمۇ چايانىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بۆرە كۈچىكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قەسفە: ئەرتى يوپۇرمىقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسەل: زەھىرى سەلەم دېگەن دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسىم: چېكەتكە تۇخۇمىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسۇد، قەسىيدە: مايلىق يىلىكنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسىيد: قۇرۇق گۆش.

قۇسەيرى: ئەفئا يىلىنىنىڭ بىر تۈرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسىيس، قەسىيسە: بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، يەر مەدىكى (موگۇ) نىڭ يىلتىزىدا ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تۇدەرى ئىكەن.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەزاب: مىسىر تىلىدا كېيىك قۇلاقئوتنى كۆرسىتىدۇ.

قەسسابە: پاقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەزائ: سۇ ئىتىنىڭ ئەرەبچە نامى. پارسچە «مادەئى سەگ ئابى» دېيىلىدۇ. ھىندىچە «ئودبەلانە» دەپ ئاتىلىدۇ.

قەزب: چوڭ دەرەخ. يەنە چامغۇر، بېدە دېگەن مەنىلەردىمۇ كەلگەن.

قەز، قەزەز: ئۇششاق شېغىل تاشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇزام: نوقۇت ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىززىبە: گەجنىڭ ئەرەبچە نامى، يەنە ئۇششاق شېغىل تاش، قۇم دېگەن مەنىلەردىمۇ كەلگەن.

قەزئابىن: ئەندەلۇس تىلىدا «كەزبىيۇن» دېيىلىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ.

قەزمى قۇرەيش: چوڭ ـ كىچىك قارىغاي مېۋىسى.

قەزدېيىب: تال دەرىخىنىڭ ئەرەبچە نامى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قۇتابە: ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىر پارچە گۆش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەتارىيقا: ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

قەتارىيۇن: غاپەس.

قەتالا: دەردار دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇتاس: ئۇ رىمچە سۆز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، «دابىبەتۇل بەقەر» (كالىسىمان ھايۋان) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەمما توغرىسى، ئۇ تاغ كالىسىنىڭ نامىدۇر.

قەتتاتە: چىلنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىتاغ: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «شەكەر پارە» دېيىلىدىغان بىر خىل تاتلىق يېمەكلىكنى كۆرسىتىدۇ.

قەتايىس: ئەنسىل پىيىزى.

قەتاما: قارچىغا. پارسچە «چەرغ» دېيىلىدۇ. ئۇ يەنە شارابنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەتەب، قەتبا، قەتبى، قەتباما: سۇريانچە ئوغرىتىكەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەتبۇس، قەتۇس: سەرخەس ئۈسۈملۈكىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەتەس ھۇما: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ سۇريانچە نامى.

قىتىر: ئېرىتىلگەن مىسنىڭ ئەرەبچە نامى ياكى مىسنىڭ بىر تۈرى ياكى ھەرقانداق مىس.

قەترى: كەكرۇھەن.

قەتراماي: كەپە ئۈسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇترۇب: سۇ ئۈستىدە ھەر خىل تېز ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان بىر خىل ھاشارات. ئۇ يەنە مالىخولىيانىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

قەترىيلىيە: شارابنىڭ بىر تۈرى.

قەترىنا: شېشىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەترۇھى: كەكرۇھەن.

قىتت: مۈشۈك، پارسچە «گىربە» دېيىلىدۇ.
قىتتە: چىشى مۈشۈك.
قىتىق: ئۈزۈم سېپى.
قەتفا، قەتەفە: سەرمەق دېيىلىدىغان بىر خىل كۆكتاتنىڭ سۈريانچە نامى.
قۇتلۇب: قاتىلى ئەبىيە دېگەن دورىنىڭ شامچە نامى.
قەتم: گۆشنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە كونا پاختىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
قىتمىر: ياۋا ئۈزۈم.
قەتەن: قۇشلارنىڭ پوكىنى.
قەتەندۇس: قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ رىمچە ۋە يۇنانچە نامى.
قەتەرسا، بەرىينا: ئاغىچپىۇغۇچ، ئېشەك تەرخەمىكىنىڭ سۈريانچە نامى.
قەتۇس هۇت: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ سۈريانچە نامى.
قەتۇريۇن: ياۋا تەرخەمەكنىڭ يۇنانچە نامى.
قەتۇنا: سېمىزئوت. پارسچە «ئىسپەرزە»، شىرازدا «بەنكۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.
قەتەسقەسقا: هالاك قىلغۇچى زەهەرلەرنىڭ بىرى.
قەتىيلا: دۇردار.

## پەسل: «ق» (قاف) ۋە «ئ» (ئەين) هەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قۇئائ: تۇزلۇق ئاچچىقسۇنىڭ ئەرەبچە نامى.
قۇئال: ئۈزۈم چېچىكىنىڭ ئەرەبچە نامى.
قەئىير: پىلپىلنىڭ يۇنانچە نامى.
قەئيۇل: يەر مەدىكى (موگۇ) نىڭ بىر تۈرى.
قەئقامۇر: سۇندۇرۇس.
قەئقەرۇر: نىل ئۆسۈملۈكى.
قەئقائ: قۇرۇق خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى.
قەئقەئ: لەيلەكقۇشنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «لەك ـ لەك» دېيىلىدۇ.
قەئقەئ: سېغىزخاننىڭ ئەرەبچە نامى.
قەئلامنىيس: مەريەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكى.
قەئلۇس: غار دەرىخى.
قەئمۇس: يەر مەدىكىنىڭ بىر تۈرى.
قەئنەب: قۇلقاس ۋە خۇسيەتۇسۆئلەپ.
قەئىيد: ئەركەك توشقان. چېكەتكە.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەفارەس: كەپە ئۆسۈملۈكى.
قەفارىيس: ھەببى زەلەمىنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.
قۇفاس: تاغ كالىسىنىڭ ئەرەبچە نامى. پارسچە «گاۋى كوھىي» دېيىلىدۇ.
قەفارلىيۇن: شاھتەررە.
قىفۇن نەزەر: ياۋا ئاس.
قەفنالا: قارىئۆرۈكنىڭ رىمچە نامى.
قەفەد: زىرە.
قەفددېير: گۆشنىڭ يۇنانچە نامى.
قەفىد: كىرپىنىڭ سۇريانچە نامى.
قۇفر: چاشقان.
قۇفرۇس: ئارچا مېۋىسى.
قەفر، قەفىز: سېرىق ئوت ئۇرۇقى.
قەفت: زىرە.
قەفلۇس: غار دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.
قەفلۇت: شام كۇدىسى.
قەفۇرا: خورما غۇنچىسى.
قەفۇرى: كافۇر.
قەفۇر بىيخ، قەفۇرا بىيخ، قەفۇلا بىيخ: رەيھاننىڭ بىر تۈرى بولغان كافۇرىيە ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.
قەفەھر: قەيقەھر.
قەفىير: زەنجىۋىلنىڭ ئەرەبچە نامى.
قەفىيس: بەللۇت دەرىخىدە پەيدا بولىدىغان بوياق قۇرتىنىڭ يۇنانچە نامى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەقە، قەقنەج: كاكىنەچىنىڭ سۇريانچە نامى.
قەقسالا: قارىئۆرۈكنىڭ رىمچە نامى.
قەقنەس: شاھتەررە.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەلا: شاخار.

قەللاب: بۆرە.

قەلايۇ: بەللۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلاغ جارە: سېغىزخاننىڭ ئىسپانچە نامى.

قەلاز: ئازەربۇ.

قەلازارە، قەلاراھ: ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، قاغا قاتارىدىندۇر. پارسچە «كەلاغ پىيە» دېيىلىدۇ. يەنە سېغىزخاننىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەلارۇمانيۇن: شارابنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلاس: سازەجنىڭ سۇريانچە نامى.

قەلاشرە: شاخارنىڭ پارسچە نامى.

قەلات: بىلىقنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلاتىس: چىنار دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى، ئەرەبچە «دۇلب» دېيىلىدۇ.

قەلاتۇس: قۇلت ئۆسۇملۇكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلاتيۇر: قۇننەبىيت ئۆسۇملۇكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلاقىل: مۇرچىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلاقلىيتۇس: ئىقلىمىيانىڭ يۇنانچە نامى.

قەلاتى: پاختەك ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش.

قۇلام: قاقۇللى ئۆسۇملۇكىنىڭ ئەرەبچە نامى، بەزىلەر ئۇنى تۆگىئوتى ئۆسۇملۇكى دەيدۇ.

قەلامالۇس: ياغ پىنىنىسى ياكى ياۋا پىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلامىتى، قەلامىيس، قەلامىيسى: ئۆستەك پىنىنىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلامەرتۇن: زورەمباتنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلامىس ئەرۇماتىئۇس: قەسبۇ زەرىرىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلان: ياۋا ئېشەكنىڭ تۇركچە نامى.

قەلبۇن نەخل: خورما شىرىنىسىنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە يەنە «شەھمەتۇن نەخل» دېيىلىدۇ.

قەلبۇل ئەرز: سۆرۈنجان.

قەلبا: قىرقىننىڭ سۈرىيانچە نامى.

قەلباد ئەسا، قەلبۇن مورۇس: ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد ئەترۇئا، قەلىيۇن قەترىين: تۇرۇنجى يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد ئەگەندىنا، قەلىيۇن سەلىيقۇن: ئەنجۇدان يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە نامى.

قەلباد بەللۇت، قەلىيۇن رورويبىس: بەللۇت يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد تۇتا، قەلىيۇن ۋە بەندىرۇن: ئۈجمە يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد رىجاسا، قەبلۇن قەفنالا: قارىئۆرۈك يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد ھىممەسا لىبنا: سۆرۈنجاننىڭ سۈرىيانچە نامى.

قەلباد خىلاف، قەبلۇل ئەليا: سۆگەت يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد ئەقەبنى، قەبلۇن دەرقىينا: شاپتۇل يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى. پارسچە «بەرگى شاپتالۇ» دېيىلىدۇ.

قەلباد زاقنى، قەبلۇن فەرەسدۇس: غار دەرىخى يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى. پارسچە «بەرگى دەھمىسەت» دېيىلىدۇ.

قەلباد زىيتا، قىلۋان غەرنۇس: زەيتۇن يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد قەبار، قەبلۇن تەفارىس: كەپە ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلباد كەنارا، تەبلۇلۇتىس: چىنار دەرىخى يوپۇرمىقى.

قەلباد كوزى، قەلىيۇن قىرنەۋا: ياڭاق يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى. پارسچە «بەرگى گۇردىگان» دېيىلىدۇ.

قەلباد نىيلا، قەلياتىس: ئۇسمىنىڭ سۈرىيانچە ۋە رىمچە نامى.

قەلىيجفۇر، قەلەنجەفەر: سۆرۈنجاننىڭ سۈرىيانچە ياكى يۇنانچە نامى.

قەلىيد ناردىن، قەلەد ناردىيىن: دارشىشئان.

قەلبى ناردىن، قەلىيتىيانا: جىنتىيانانىڭ سۈرىيانچە نامى. ئۇ سۇمبۇل يىلتىزىدۇر.

قۇلت: كۇلت دېگەن دورىنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى.

قۇلتا: قۇلت دېگەن دورىنىڭ سۈرىيانچە نامى.

قەلەھ: ئۈشەق.

قەلھەندىيقۇن: تاغ پىيىزى.

قۇلۇزز: مىسنىڭ ئەرەبچە نامى. پارسچە «مىسى قۇبرۇس» دېيىلىدۇ.

قۇلۇستانا: شاھبەللۇتنىڭ رىمچە نامى.

قەلبىيس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى.

قەلئى: قەلەينىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلئى ئەرمىينا: گىل ئەرمىنىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەلئەمنىين: مەريەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكى.

قەلئى: ئۇ بىر خىل كاننىڭ نامى بولۇپ، ئۇ يەردىن ياخشى قوغۇشۇن چىقىدۇ.

قەلەف: پوست، قوۋزاق دېگەن مەنىدا، يەنە تۆگىئوتى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

قەلفەديۇن: قۇرسى زەرنىخ.

قەلفۇت: شام كۈدىسىنىڭ شامچە نامى.

قەلقۇنىيا: بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، پارسچە «زەنگىبارىي» دېيىلىدۇ.

قۇلقاس: دېڭىز بەرەڭگىسىنىڭ رىمچە نامى. ھىندىچە ئۇ «ئۇرۋى» دېيىلىدۇ.

قۇلقاسى: قۇلقاسنىڭ سۇريانچە نامى.

قەلقەديس، قەلقەنديس: ئاق زاكىنىڭ رىمچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «شۇتۇرى دەندان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زاكىنىڭ نامى ئىكەن.

قەلقەتار، قەلەنقەتار: سېرىق زاكىنىڭ رىمچە نامى.

قەلقەلان: كۆپىنچە تېۋىپلارنىڭ قارىشىدا ئۇ قەلقەل ئۆسۈملۈكىدۇر.

قەلقەلانى: پاختەككە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلقەلانىيە: پاختەك.

قەلقەنت، قەلقەند: يېشىل زاكىنىڭ رىمچە نامى.

قەلار، قەلارى: ئۇ ئاق ئەنجۈرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قۇرۇتۇلسا تېخىمۇ ئاقىرىپ ۋە پارقىراپ خۇددى ئۈستىگە ماي سۈركەپ قويغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قاچىغا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىپ، ئۈستىگە ئۈزۈم شىرىسى ياكى ھەسەل تۆكۈپ قويۇپ قويىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە بۇزۇلمايدۇ.

قۇلان: ياۋا ئېشەك.

قەلۇب، قۇلەيب: بۆرىنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «گۇرگ» دېيىلىدۇ.

قەلما: ئىنەكپىتىنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.

قەلماس، قەلماۋۇس: قەسبۇزەرىرە.

قۇلام: قاقۇللى. تۆگىئوتىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قەلمىيەك: ئامان تىلىدە ئۇد ھىندىنىڭ بىر تۈرى بولغان ھەرنۇھ دېگەن دورا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سېرىق سەندەل بولۇپ، ھىندىچە «مەلاگىير» دېيىلىدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ لىموننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، شىرازچە «لىمويى خارەكى»، ھىندىچە «جەنىيرى» دېيىلىدىكەن. يەنە

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇلۇق سىمۇن بىلەن تۇرۇنجىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل لىمون ئىكەن.

قەلەمۇج: راسەننىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلمۇنىيا: ئوت بىلەن قاينىتىپ تەييارلانغان راتىيانەجىنىڭ يۇنانچە نامى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ كىچىك قارىغاي ئىكەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، چوڭ قارىغاينىڭ يىلىمى ئىكەن.

قەلمىياتىيتۇس: زىراۋەندىنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۇرىقى خۇش بولىدۇ.

قەلمىس: پىننىنىڭ رىمچە نامى.

قەلمىيقەلمۇن: قەيقەھرى.

قەلەنبەك: ئۇد ھىندىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ، قول بىلەن تۇتۇلسىمۇ قولنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

قەلەنقەنى: قار (قارىمايغا ئوخشاش بىر خىل مادا).

قەلۇبا، قەلۇبامىخ: ئامىلەنىڭ رىمچە نامى.

قەلۇباسىير: ئامىلە شىرىسىنىڭ رىمچە نامى. ئۇ يېڭى سىغىلغان سۈتكە چىلانغان ئامىلەدىن ئىبارەت.

قەلۇرقىيا: سەندەلنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلۇسۇن: پىننە.

قەلۇغىيتۇن: قارىغاينىڭ يۇنانچە نامى. پارسچە «كەشەك» دېيىلىدۇ.

قەلۇفا: قاپاقنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەلۇلى: بىر خىل قۇشنىڭ نامى بولۇپ، پارسچە «قاز» (غاز) دېيىلىدۇ.

قەلقۇمىس پەلاسىيۇس: كۆپىكدەريانىڭ رىمچە نامى.

قەلۇمۇس: راسەننىڭ يۇنانچە نامى.

قەلۇنۇس: شەببۇت بېلىقى.

قەليا: شاخارنىڭ سۇريانچە نامى.

قىليان: قارا نوقۇتنىڭ ئەرەبچە نامى، بەزىلەر ئۇنى ئاق نوقۇت دەپ بىلگەن.

قەلىيد: دارشىشئان.

قەلىيمانىس: تەييان دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلمىيا: ئىقلىمىيا.

قۇلەيئى: مەشرىق خەلقى تىلىدا ئەرتەنىسانى كۆرسىتىدۇ.

قەلىينۇبۇزىيۇن، قەلىينۇقۇزىيۇن: دولانىنىڭ بىر تۈرى.

قەلنىيۇن: رىجلى سەرسەر دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەلىيقەلمۇن: قەيقەھرى.

# پەسل: «ق» (قاف) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قىمار: ئۇ مەلۇم جاينىڭ نامى بولۇپ، ئۇ يەردىن بىر خىل ياغاچ ئېلىپ كېلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ياغاچ شۇ يەرگە مەنسۇپ قىلىنىپ «ئۇد قىمارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىمارۇن: قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز قۇلۇلىسى.

قەماشىير، قەماشىيرە: كەماشىر دېگەن دورىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەمھى: بۇغداينىڭ ئەرەبچە نامى.

قەمھە: قەسبۇزەربىرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەمەر: كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ تىلىدا كۇمۇشنى كۆرسىتىدۇ.

قۇمرا: بىر خىل قۇش (تورۇلغا) نىڭ ئەرەبچە نامى.

قەمرۇن: ماھى رۇبىيان.

قىمىز: ئاتنىڭ سۇتى بولۇپ، تۈركچە «غىمىر» دېيىلىدۇ، چۈچۈمەللىشىپ ئۆزگەرسە مەست قىلىدۇ.

قۇمەيزە: يەر مەدىكى.

قەمەس: سۇ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدىغان كىچىك چىۋىن ياكى سۇ ئۈستىگە قونۇپ تۇرىدىغان كىچىك پاشا.

قەمىيس، قەمسى: چېكەتكىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەمئى: خەمەك. ئۇ ئۆسۈكچىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، خورما، پىدىگەن، ئۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئۈستىدە دەرەخنىڭ شېخىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

قەمقامە: كىچىك كانىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىممە: ھايۋانات يېغىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇم قۇرەيس، قۇمەل قۇرەيش: كىچىك چىلغوزا.

قەمھان: زەپەرنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇملەتۇز زەرئ: چېكەتكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەسرىزەد ئاقاقىيا: ئاقاقىيا يېلىمىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەمرۇن: ماھى رۇبىيانىڭ ئەرەبچە نامى.

قىمۇلىيا: قىيمۇلىيا.

قۇمزۇ لوزا: بادام يېلىمىنىڭ سۇريانچە نامى. پارسچە «ئەزۋى بادام» دېيىلىدۇ.

قەمى: بىستىپايەجنىڭ يۇنانچە نامى.

قەمىيا: يەسىمەننىڭ ئەرەبچە نامى.

قەمىيەھ: بىر خىل تالقان بولۇپ، ئىغىزغا سىپىلىدۇ. ئۇ جاۋارىش مەنىسىدىمۇ كەلگەن. يەنە چىش سەپىمىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەمىيشە: ئاچچىقتاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەمىيلە: شام تىلىدا دۇقۇس ئوتىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەششەتۇل بەراغىيس» (بۇرگىئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قەمىيم: ئوغرىتىكەن شىرىسى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەنا: ئەندەرۇتالىس دېگەن دورىنىڭ بىر تۈرى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا قۇرۇق بىدە. مىسىر تىلىدا ئۇشەقنى، مەغرىب تىلىدا كاكىنەچنى كۆرسىتىدۇ.

قۇنابەر: بوز تورغاي. ئەرەبچە «قۇبرە» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرلىكى «قۇنبۇرە»دۇر.

قۇنابەرا: بەھەقئوتى. ئەرەبچە «ئەملۇل»، پارسچە «بۇرغۇسەت» دېيىلىدۇ.

قەنابىس ئەغرىيا: ياۋا كەندىرنىڭ يۇنانچە نامى.

قەنابۇس: كەندىر ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەنارىە: يەرلىك ھەرشىف ئوتى، يەنى كەنكەر ئۆسۈملۈكى.

قەند: ناۋات.

قەناقىنۇس: كافۇرىيە ئۆسۈملۈكىنىڭ رىمچە نامى.

قەنامىس، قانامىس، قەنبىس: كەندىر ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەنباد، قەند بابىلى: دەرمىنە تۈركىدىن ئىبارەت بولغان شىھ ئەرمىنى ئۆسۈملۈكى.

قەنبىرەس: قىچىتقىنىڭ بىر تۈرىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇنبىز: بىر خىل يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى.

قەنبەئە: ئاشلىقلارنىڭ باشقى.

قەنبىل: بىر خىل دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەنبىر: قەمبىل. پارسچە «كەنبىل» دېيىلىدۇ.

قەنداۋىل: دارشىشئاننىڭ شامچە نامى.

قەندە، قەندىيد: قەنت.

قەندەتۇر رۇقائ: بىر خىل خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەندەر: بادام.

قەندەران، قـەندەرۇن: بەتەم دەرىـخى يېلـىمىنـىڭ ئەجەمـچە، تۈركچـە، ئىسپـانچە نـامـى. ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يالپۇزنىڭ ئەجەمچە نامى ئىكەن.

قەندىرۇس: چىلغوزىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇندۇزقۇرى، قۇندۇس قىيرەس: قۇندۇز قەھرى.

قۇندۇس: كۇندۇشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇندۇر، قۇندۇز: ئۇرۇقدىنى قۇندۇز قەھرىـدىن ئىبـارەت بولغان بىـر خىل ھـايۋاننىـڭ تۈركچە نامى.

قەندۇل: دارشىشئان.

قەندىيد: شاراب ياكى قاينىتىغان ۋە ئەنبەر، كافۇر، ئىپارغا ئـوخشاش خۇش پـۇراق دورا ـ دەرمانلار قوشۇلغان بىر خىل ئۇسارە. ئۇ يەنە خەلۇق دېگەن دورىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەنەس: ئۇ بىـر خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ ئەرەبچە نامى بولـۇپ، پارسچە «راسـەن» دېيىلىدۇ.

قەنتا: خۇنسىياۋشاننىڭ رىمچە نامى.

قەنتا ئەنۇردېيىن: خۇسيەتۇسسۆئلەپنىڭ يۇنانچە نامى.

قىنتار: مەتىر ياغىچىنىڭ ئەرەبچە نامى. يەنە ئىسرىق ياغىچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىـدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ساداۋەران ياغىچى ئىكـەن. ئۇ يەنە ئـېغىرلـىق ئۆلچىمى بولـۇپ، ئۆلچەملەر بابىدا بايان قىلىنىدى.

قەنتەرما: تۇرۇنجىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەنتەرىيس: چاشقاننىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇنتۇس: ئاس دەرىخى، پارسچە «مۇرد» دېيىلىدۇ.

قەنتۇۋاسلۇۋا: چوڭ قارىغاي.

قەنتۇردىيۇن: ئۇد سەلىب.

قەنتۇرىيۇن، قەنتۇرلىيۇن تولىيتۇن: كىچىك قەنتەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

قەنتۇرىيۇن تۇماغا: چوڭ قەنتەرىيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

قەنتىيدا: ئەپيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

قەنفەخر: بەردى ئۆسۈملۈكى يىلتىزى.

قەنقەھر، قەنقەھىن: قەيقەھرى.

قەنقەئ، قەنفەئ: چاشقان.

قەنمە: ياغلار ۋە ئۇنىڭ ئوخـشاشلىـرىنىڭ كـىرىنـىڭ ئەرەبچە نـامى. بۇزۇق ياغـاقنىمـۇ كۆرسىتىدۇ.

قۇنبى: كەندىرنىڭ سۇريانچە نامى. پارسچە «بەنگ» دېيىلىدۇ.

قىننەب ھىندىي: ھىندىستان كەندىرى. پارسچە «بەنگ ھىندىي» دېيىلىدۇ.

قەنەب: گىل مۇشەققەق، يەنە گىل مىسرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قەنە: بىر خىل يىلاننىڭ ئەرەبچە نامى.

قىننە: بارىزەت.

قىنۇ: خورما باشىقى.

قىنۋان، قىنبان: ئەزەق.

قەنيارىيداس، قەنيابەرىيدۇس: ئالا كۇلۇكنىڭ يۇنانچە نامى.

قەنبا: تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەنبادۇن: قىسقۇچپاقنىڭ رىمچە نامى.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قۇ: ئۇ بىر ئۆردەككە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇشنىڭ نامىدۇر، ئۇنىڭ قانىتى ئۇزۇن، يۇمشاق، خۇش رەڭ بولۇپ، پادشاھلارنىڭ تاجىغا زىننەت ئۈچۈن قىستۇرۇلىدۇ. ئەرەبچە «كەي» دېيىلىدۇ. قالغان پەيلىرى قىسقا، ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، تەكيە ۋە باشقا بىساتلارنىڭ ئارىسىغا تىقىلىدۇ.

قەۋۋائە: قەي قىلدۇرغۇچى دورىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەۋۋارەتۇل بىتتىيخ: بىر خىل مېۋىنىڭ ئەرەبچە نامى بولۇپ، شەكلى قوغۇنغا ئوخشايدۇ، تەمى بىمەززە بولىدۇ. ھىندىچە «پۇتە»، «بانكى» دېيىلىدۇ.

قەۋاردىيرۇل ئۇلا: شېشە. ئۇنىڭ بىرلىكى «قارۇرە» بولىدۇ.

قۇۋائە: توشقاننىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇۋائىلىسۇن: ئىت تىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەۋامىس: باقىلە قىبتىينىڭ يۇنانچە نامى.

قەۋامۇس: لاجۇۋەرد تېشى.

قەۋامىيس: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، پىرۇزىغا ئوخشايدۇ، قۇبرۇس، كەشمىر، تىبەت قاتارلىق جايلاردىكى كانلاردىن چىقىدۇ.

قەۋانىيس: قۇشلار تاشلىقى. رىمچە «كىيلان»، يۇنانچە «شەئرى سەمئۇن» دېيىلىدۇ.

قەۋانىيا، قونيۇن، قەۋانىيۇن: مەسھۇقۇنيا دېگەن دورا. كۆپىكىدەرىيامۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇب: توخۇ چۈجىسىنىڭ ئەرەبچە نامى. سۇ ئىتىنىڭ كۈچۈكىمۇ شۇ نام بىلەن

ئاتىلىدۇ.

قۇبا: زۇپتى ياكى قۇرۇق زۇپتىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇۋەب: تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئەرەبچە نامى، پارسچە «پوستى سەختى تۇخۇمى مۇرۇغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇبارسىيۇس، قۇبارى سائىس: تاغ ئارچىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇبرۇس، قۇقۇس: خۇنسا ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇبلا: بابۇنىنىڭ سۇريانچە نامى.

قۇبۇتى: ياۋا يالپۇزنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇبۇسافلۇس، قۇبۇسۋاتۇس: دولانىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇبىيا: كۆل سۈيىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇبىتۇس، قۇبىيتۇس: كەمافىتۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇترۇقۇتۇ: ئېگىر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدىكەن.

قۇۋەت: تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇسۇرا: خەرنۇبنىڭ رىمچە نامى.

قۇتىيرا: سېسىق تىكەن ئۆسۈملۈكى. يەنە خەرنۇب بىلەن ھەمىشىباھارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قۇج: قوچقارنىڭ پارسچە نامى.

قۇجا قانىيۇن: فىيل زەھرەج (پىل زەھرى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇجلىياس: چوڭ قۇرۇقلۇق قۇلۇلىسىنىڭ يۇنانچە نامى، ئۇ قۇرۇقلۇق سەدەپ قۇلۇلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قۇجىيە قاسە، قۇجىيە قاسىيە: ھەلىيۇنىنىڭ سۇريانچە نامى.

قۇدمان: سۆئەە.

قۇمانۇس، قۇدۇس، قۇردۇدسىيۇس، قۇردىيىدالىس: پەرپىيونىنىڭ يۇنانچە ناملىرى.

قۇدۇسىن، قۇردۇسىن: ۋاران كەسلەنچۈكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇر: يېڭى پاختا.

قورا: تۆگىنىڭ يۇنانچە ۋە تۈركچە نامى.

قۇرلىيۇن، قۇرالىن: بىخ مارجانىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇرت، قۇرد: بۆرىنىڭ تۈركچە نامى.

قۇردۇس، قۇرۇدۇس: پاقا.

قۇردىيۇس: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «رىجلۇل غۇراب» (قاغا پۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھىندىچە «مىسى» دېيىلىدۇ. مەريەم دەرىخى (شەجەرەئى مەريەم) دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

قۇرساما: ئۇد بىلسانىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇرسىن: يەرلىك سەۋسەنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇرقىيس: بېلىق ئۆتى.

قۇرمايۇن، قۇرىيۇن، قۇرتايۇن، قۇزتايۇن: يۇمغاقسۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇردىينا تىيلا: بېھى.

قۇرنىياس: ھىگىنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇرۇيۇقۇس، قۇرقۇقۇس: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «رىجلۇل ئەقئەق» (ئالا قاغا پۇتى)، «رىجلۇل غۇراب» (قاغا پۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرى غەلاغى: ھۇممازى ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈركچە نامى.

قۇرىيۇن: خەشخاش، يۇمغاقسۇت، ئاقىرقەرھالارنى كۆرسىتىدۇ. دەمەشىق خەلقى تاغ ئاقىرقەرھاسىنى شۇ نام بىلەن ئاتىشىدۇ.

قۇرى قۇلاغى: ھۇممازى ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈركچە نامى.

قەۋز: جەۋز (ياڭاق) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

قۇزقۇن: قۇزغۇن، چوڭ قارا قاغىنىڭ تۈركچە نامى.

قۇس: دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل بېلىق. ئەجەم تىلىدا ئىگىر ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇسدەرە، قۇسۋەرە: ئاقىرقەرھانىڭ يۇنانچە نامى.

قۇستۇس: قۇستەنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇستە: قۇرۇق ئۈزۈم.

قۇسقۇندۇن: ياۋا سامساق.

قۇسۇلۇن: دارچىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇسىيا: دېڭىز قۇستەسىنىڭ سۈريانچە نامى.

قۇش ئۈزۈۋى: ئىتئۈزۈمىنىڭ تۈركچە نامى.

قۇشىيرا: تۇباق ئوتىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇش دىلى (قۇچقاچتىلى): لىسانۇل ئاساپىرنىڭ تۈركچە نامى.

قۇتۇلىيدۇن: ھەمىشىباھارنىڭ بىر تۈرى.

قۇتا: شاھبەللۇتنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇتى: تەرىيفۇلۇن (ئۈچ يوپۇرماق) ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈريانچە ۋە رىمچە نامى.

قۇتاما: ياۋا ئازارىيون.

قۇتىس، قۇتۇس، قۇتسۇن: تال چېچىكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇتنىس: قۇساس (ئىپىز پوستلىق ياۋا كۆك پۇرچاق).

قۇتىيا: پەنىرمايىنىڭ يۇنانچە نامى.

قوتىينۇس: ئانارنىڭ يۇنانچە نامى، پارسچە «ئانار» دېيىلىدۇ. «زەيتۇنۇل ھەبەش» (ھەبەشىستان زەيتۇنى) دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن.

قۇتىيھۇنس: زەيتۇنۇل ھەبەش (ھەبەشىستان زەيتۇنى)نىڭ يۇنانچە نامى.

قۇفا: قارىغايىنىڭ بىر تۈرى. قارىغاي يېلىمىنىڭ بىر تۈرىمۇ دېيىلگەن.

قۇفارىن مىس، قۇقارى ساسىيس: تاغ ئارچىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇقارىيۇس: قەسبۇزەرىرىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇقالىيس: شاقاقۇل.

قۇقامالىين، قۇقامالىس: قارىئۆرۈكنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.

قۇقۇس: خۇنسا ئۆسۈملۈكى.

قۇقەل، قۇقەل: جەۋان ئىسپەرغەم ياكى جەمسفەرەم.

قۇقۇمەئما: زەپەر يېغى كۈنجۈرى.

قۇقۇن: سەدەپ قۇلۇلىسى قېپى، مەرھەم نۇۋۋاب ئەلۋىخانىنىڭ قارىشىدا، ئەزپاراتىپ ئىكەن.

قۇقۇن، قۇقۇقس: قارىغاي ياڭىقى ياكى قارىغاي دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇقى: «ئەرزىير» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ قارىغاي دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى. خۇش پۇراق ئىسرىق دېگەن مەنىدىمۇ كەلگەن. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا قۇندۇز ئىكەن.

قۇقىيۇن: مەسرۇدىتۇستا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قۇرسىنىڭ يۇنانچە نامى. يەنە ئۇ شەۋكىرانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قۇفالىس: چوڭ خالىدۇن. «قىرفانىس» دەپ ئاتالسا ياۋا سەۋزە ئۇرۇقىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ياۋا كەرەپشە ئۇرۇقى ئىكەن.

قۇقايا: ھەببى راسەنىنىڭ سۇريانچە نامى.

قۇقس قەدبۇن: مازارىيون ئۇرۇقى.

قۇقىلامىس: قۇقلامىيس، مەريەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكى.

قۇقىلىس: چايان.

قۇقلەر: مەشرىق ۋە ئەندەلۇس خەلقى تىلىدا قەرەسئەنە دېگەن دورىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇقنىس، قۇقىينۇس: قەقنۇس دېيىلىدىغان بىر خىل قۇشنىڭ تۈركچە نامى.

قۇقۇس، قۇرقۇس: سۇ لېشىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇقۇس ماقئۇس، قۇقۇماقىيئۇس، قۇقۇمىس: ھەببۇل قىرمىزنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇقۇسىدۇ: جۆئىدىنىڭ رىمچە نامى.

قۇقىيا: دېڭىزدا ياشايدىغان، «قۇقى» دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋاننىڭ سۇريانچە نامى.

قۇقىياۋۇس، قۇمۇس ئەغرىيۇ، قۇمىس ئەغرىيۇ: ياۋا زىرە ياكى ياۋا شاھتەررىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇل: نىلۇپەر.

قۇلا، قۇللا: ياغاچچىلار يېلىمى، يەنى تېرە يېلىمىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلامىيۇس: مەريەم دەرىخىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلىس: قوغۇشۇن پوقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلىين: كاللەكسەينىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلىنجان: خولىنجاننىڭ سۇريانچە نامى.

قۇلۋانىيس، قـۇلۇقىيـس، قۇلۇقىـيلۇس، قۇلـۇقىينـۇس: ئاچچىـقتاۋۇزنـىڭ يۇنانچـە ۋە سۇريانچە نامى.

قۇلۇبىيا، قۇنۇقتا، قۇنۇقسى، قۇلۇقۇما، قۇلۇقۇماتى: قاپاقنىڭ يۇنانچە ناملىرى.

قۇلۇدىلى: مائۇلھەسەل.

قۇلۇنىيۇن: لاينىڭ بىر تۈرى.

قۇلۇتەردېيىھۇن: پاقىيوپۇرمىقنىڭ رىمچە ۋە يۇنانچە نامى.

قۇلۇئۇماتۇس، قۇلۇن: ئاق تىكەننىڭ يۇنانچە نامى.

قۇلۇقەندەريۇن، قۇلۇس: بىستىپايەجنىڭ سۇريانچە نامى.

قۇمىرۇن، قۇمالھىيۇن: ئىتبوغارنىڭ يۇنانچە نامى. ئـۇ يەنە يولـۋاس بىلەن بـۆرىنىمـۇ كۆرسىتىدۇ.

قۇلى: دېڭىزدا بولىدىغان بىخ مارجان.

قۇليا: جۆئىدىنىڭ سۇريانچە نامى.

قۇلىيقۇن: ئىت پوقى.

قۇم: تېزەكنىڭ تۈركچە نامى.

قۇما: شارابنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئەرەبچە «مەرز» دېيىلىدۇ.

قۇمارسۇن: ياۋا ئارپىبەدىياننىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمارۇس: پىيازنىڭ يۇنانچە نامى. ئېيتىشلارغا قـارىغاندا، ئـۇ قاتىلـى ئەبى دېگـەن دورا ئىكەن. يەنە قەتەب ئۆسۇملۇكىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قۇمارىس: قۇتلۇب دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمالىس: قارىئۆرۈكنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمالىيۇن: قۇتۇلىيدۇن دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمامۇن: يىلىمنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمانىيتۇس: گىل كەرەم. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گىل كەرخى ئىكەن.

قۇمىستۇن: باقىلە مىسرىنىڭ رىمچە نامى.

قۇمسۇس، قۇمۇر، قۇمىيا مۇئدىلىينىس، قۇمىيۇس، قۇمىيۇن: بادام يىلىمىنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچەناملىرى.

قۇمۇر: ھەرقانداق يىلىمنى كۆرسىتىدۇ.

قۇمقۇلۇس: تۇتىيانىڭ يۇنانچە نامى.

قۇمەل: جەۋئىسفەرەم ياكى جەمئىسفەرەم دېگەن دورىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇمۇسۇن: تۇرمۇس.

قۇمۇتارىنجىس: قەتاد دەرىخى. ئۇ تۇخۇمەك دەرىخىدۇر.

قۇمى، قۇمىيا، قۇمىيدرۇ، قۇمىيزۇن، قۇمامۇن، قۇقامۇزس، قۇمىين: يىلىمنىڭ يۇنانچە ناملىرى. رىمچە قەتاد دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇمىين دېگەن سۆز تۇركچە قوي دېگەن مەننى بىلدۈرىدىكەن.

قۇمنى: مەرزە.

قۇمىيا قىياس: ئەرەب يىلىمىنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.

قۇمىيا ھىندىۋا: بەل شىرىنىنىڭ يۇنانچە ۋە رىمچە نامى.

قۇمىيۇن: قاننىڭ يۇنانچە نامى.

قۇناق: قوناقنىڭ تۇركچە نامى.

قۇناما: دارچىنىنىڭ سۇريانچە ۋە يۇنانچە نامى.

قۇنىس، قۇنۇس: چوڭ چىلغوزىنىڭ سۇريانچە ۋە يۇنانچە نامى.

قۇنەس: قۇشلارنىڭ تاشلىقى.

قۇنۇشبۇش دانى: پىندۇقنىڭ رىمچە نامى.

قۇنىيا: كۆل سۈيىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇنىيتھەر: قارا مازارىيون.

قۇنىين، قۇنىيۇن: شەۋكىراننىڭ يۇنانچە نامى. ئىتياشقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. قۇنىيۇن دېگەن سۆز مەسھقۇنىيا، كۆپىكدەريا ۋە لاچىندانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قوي: قوينىڭ تۇركچە نامى.

قۇبرۇق: قۇيرۇقنىڭ تۇركچە نامى.

قۇبرۇن: ئاقىرقەرھانىڭ يۇنانچە نامى.

قويئىلىس: ئىت تىلى ئۆسۈملۈكى.

قويادۇس: قۇتلۇب دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قۇيلى: يالپۇزنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى زۇپا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ.

قۇنىيتۇن: ئەرەبچە «خانىقۇن نەمىر» دېگەن دورىنىڭ رىمچە نامى، ئۇ قارا مازارىيوننىڭ بىر تۈرىدۇر.

قويۇن: شەۋكىران.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قەھراسۇس: گىلاسنىڭ يۇنانچە نامى.

قەھقەھار: قاتتىق تاشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەھقەب: پىدىگەننىڭ ئەرەبچە نامى.

قۇھقەر: يېلىم. ئۇ يەنە ئەرەب تىلىدا ناھايىتى قارا قاغىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە تىكە، قارا، سىلىق تاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەھقەھۇر: تاشنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەھەندەرۇس: چىلغوزىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەھھە: يېڭى سېغىلغان سۈتنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەھۋە: ئەرەبچە سۆز بولۇپ، شاراب، بىر تۈرلۈك شاراب دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئاممىسى «بۇن» دېگەن مېۋىنى نەزەردە تۇتىدۇ، ئۇ «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار دورىلار بايانىدا بايان قىلىندى.

قەھىيز: پىلە قۇرتىنىڭ ئەرەبچە نامى، ئۇ يەنە يىپەكنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ق» (قاف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

قىياسۇس: شاھتەررە، يەنە ئۇ ياۋا زىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ دارچىننىڭ يۇنانچە نامى ئىكەن.

قىيامۇسىيس، قىيامۇس، قىيامۇيىن: دارچىننىڭ يۇنانچە نامى.

قىيامۇسىين: دارچىن يېغىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيانارىين: سۈئىي شىڭگىرىپنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيانىيقۇن: كەندىر ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيبا: قۇرۇق زۇپتىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيترە: ياۋا يۇمغاقسۇتنىڭ شىرازچە نامى.

قىيتمەن: كۆپكىدەريا.

قىيتۇن، قىيجىيۇن: ھىندىچە «سەئلە» دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

قىيسائ: ئۆستەڭ ياڭىقىنىڭ يۇنانچە نامى. يەنە سېمىزئوت ئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

قىيسا: ئۆستەڭ ياڭىقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيجى: ياۋا قىچىنىڭ تۈركچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كىچىك شەترەنجى ئۆسۈملۈكىنىمۇ كۆرسىتىدىكەن.

قەيە: ساپ يىرىڭنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەيھىرا: خام موزىنىڭ سۇريانچە نامى.

قەيھۇردېيىن: بىر خىل ياۋا كۆكتات.

قەيدۇز: بادام.

قەيدۇس: سىيادان.

قەيد باقلى: شىھ ئۆسۈملۈكى.

قىير: قار (كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماي)، يەنە ھۆل زۇپتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قىيراسۇس: گىلاسنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيرات: بىر داڭ (مىقدار بىرلىكى).

قىيراتىيا: خەرنۇب شامىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيربەۋۋا: خېنە.

قىيرەس: مومنىڭ يۇنانچە نامى. قارىغاي ياڭىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قىيرەستىريۇن: كەپتەر ئوتى.

قىيركەم: شەترەنجى ھىندى.

قىيرنەۋا: ياڭاقنىڭ رىمچە نامى.

قىيرودنا: پىندۇق ياڭىقى.

قىيرۇس: مومنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيرۇفس: ۋەدەئ قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان ھەلزۇن قۇلۇلىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيساھىيۇنا: ھەلىيۇننىڭ سۇريانچە نامى.

قىيسارۇس: تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى.

قىيساردىين: باقىلەدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل قايناتما.

قىيسانارديىن: جىنتىيانىنىڭ سۇريانچە نامى.

قىيتسۇس: دولانا.

قەيسەر، قەيسۇرى، قەيسۇرا، قەيسىريىن: قەيشۇر تېشىنىڭ سۇريانچە نامى. پارسچە

«قەنبەك» دېيىلىدۇ.

قەيس، قەيسۇساشايا: لازەنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيستەۋا: قۇستىنىڭ رىمچە نامى.

قىيسلەمۇن: ھۆل زۇپتى يېغى.

قەيسۇسى: قەيسۇس دېگەن دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيسۇم: قەيسۇم.

قىيسىيا: قېلىن دارچىن.

قىيسارۇس: پەرپىيون.

قىيسانە: كۆك، يۇمىلاق بېلىقنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەيسۇري: كافۇرنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئەسلىدە شۇ ناملىق شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، شۇ ياخشى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ يەردىن چىققان كافۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەيسى: سەرىمىش ئۆرۈكى قېقى. پارسچە ۋە ھىندىچە «خۇبانى» دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆرۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان قېقىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ مۇتلەق ئۆرۈكنى كۆرسىتىدىكەن.

قەيز: تۇخۇم شاكىلى.

قەيتافۇن: باقىلە شامىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيتادۇس: زاراۋزىنىڭ رىمچە نامى.

قىيترەستىين: دارچىننىڭ رىمچە نامى.

قەيتۇس: كىچىك چىلغوزىنىڭ بىر تۈرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ش» ھەرپى بىلەن «قەيتۇش» دېيىلسە ئاس دەرىخىنى كۆرسىتىدىكەن.

قەيتول: ئۇ يۇنانچە «سىفەندۇلىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

قەيتىيدا: ئەپيۇننىڭ يۇنانچە نامى.

قەيتمۇفۇس، قەيتمۇلۇس: پەرەنجىمىشكنىڭ رىمچە نامى.

قەيتىيۇن: سەئلە، سوئالى دېيىلىدىغان دورىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيئەدۇس: يېڭى بېلىقنىڭ بىر تۈرى ياكى ھەرقانداق بېلىقنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيئەلە: تاغ قاغىسىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەيئەم: مۇشۇكنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەيئۇر: بەربەر تىلىدا تاغ پىيىزىنى كۆرسىتىدۇ.

قەيئۇلاقاتۇس، قەيقۇلاقاتىيس، قەيقۇلانس: زۇپتى ياكى قۇرۇق زۇپتىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيغانىيۇن: سۇزاپنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيفاس: سىيسارۇن دېگەن دورا.

قەيفۇنۇھ: غالىيە دېگەن دورىنىڭ رىمچە نامى.

قەيفا: خورما غورىسى پوستىنىڭ ئەرەبچە نامى.

قىيقە: تـوخۇ تۇخۇمـى شاكىلـى تېگـىدىكى قۇرۇق، نـېپىز پـوستى، پارسـچە «پوسـتـى زىيردىينى خايەئى مۇرغ» دېيىلىدۇ.

قەيقەب، قەيقەبان: ئازاد دەرەخنىڭ ئەرەبچە نامى.

قەيقەبان: قەتەب ئۆسۈملۈكى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

قەيقەرۇنىيۇن: ئارچىنىڭ يۇنانچە ۋە رىمچە نامى.

قەيقىس، قەيقۇس: بەللۇتنىڭ بىر تۈرى.

قەيقۇن: سۆئىدىنىڭ رىمچە نامى.

قەيقەھمايۇن: ياۋا تەرخەمەكنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيقى: توخۇ تۇخۇمى ئېقىنىڭ ئەرەبچە نامى. يۇنانچە ئىنەكپىتى دېگەن بولىدۇ.

قىيل: قار (يەردىن چىقىدىغان بىر خىل ماي). ھۆل زۇپىتـىنىمـۇ كۆرسىتـىدۇ. تۈركچـە چاچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قىلاھۇرا: بابۇنىنىڭ سۇريانچە نامى.

قىيلەئ: قەمبىل.

قەيلقى: مەشرىق خەلقى تىلىدا ئۆشنانىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئەرتەنىسانىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قىيلۇرا: دۇردار.

قەيلۇت: مەغرىب تىلىدا شام كۇدىسى يوپۇرمىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شام كۇدىسى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدىكەن.

قەيلۇنيا: تاغ قەيسۇم ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى.

قەيماغ: سۈت قايمىقى. پارسچە «سەرى شىير»، شىرازچە «چىربە»، ھىندىچە «بالائى» دېيىلىدۇ.

قەيمەن: دېڭىز ئۆپكىسى (مېدۇزا).

قەيمەن ئەلۇقىيقنۇس: تۈلكە ئۆپكىسى.

قەيمۇس، قەيۇمىين: ياۋا زىرە ياكى ياۋا شاھتەررىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيمۇسارقۇس: ئىنەكپىتىنىڭ يۇنانچە نامى.

قىيمۇليا: تىينى ئەكلى (يېيىلىدىغان لاي).

قىيمۇن ئەغرديۇن: ياۋا زىرە.

قىينا: سېمىز ئوتنىڭ بىر تۈرىنىڭ يۇنانچە نامى. مەرھۇم نۇۋۋاب ئەلۋىخان « (قىينا) دەپ ئاتاش خاتا، ئۇنىڭ توغرىسى (قىيسا) دۇر، ئۇ ئۆستەڭ ياقىسى دېگەن مەنىدە كەلگەن، ئۆستەڭ ياقىسى سېمىز ئوت ئەمەس» دېگەن.

قىينافارس، قىيناباري، قىينابايرۇ، قىيناري، قىيناماري، قىينامار: شىڭگىرىپىنىڭ يۇنانچە ناملىرى.

قىيناريداس، قىينابەريدۇس: ئالاكولۇكنىڭ يۇنانچە نامى.

قىينانىيس: كەندىر ئۇرۇقىنىڭ رىمچە نامى.

قەيخۇس: زاراڭزا چىچىكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەينۇس: ئۆكۈزنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيننتۇس: زەنگارنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيننيتىس: گىل ئەرمىنىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيىنقۇس: زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيىنقۇس ئەغرىيۇن: ياۋا زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەينەھر: بىر خىل يىلىمنىڭ يۇنانچە نامى.

قەينۇتىيسرۇن: كۇندۇرنىڭ يۇنانچە نامى.

قەينۇمۇن: ئۆپكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەينە: تۇربۇت.

قەينۇس: سۇتلۇكئوتنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۋاتەھنا: ياۋا ئازەريونىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۇۋمۇن: قەردمانىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۇتاۋسىين: ھىندى زاراڭزىسى ئۇرۇقىنىڭ رىمچە نامى.

قەيۇتەمسۇر: تەرخەمەكىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۇقارسىيس: تاغ ئارچىسىنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۇقۇس: زەپەرنىڭ يۇنانچە نامى.

قەيۇمەرقۇرلىس: مىدۇزا.

قەيۇمىيت: ئالىيجۇن دېگەن دورا.

قەيۋەندى، قەيۋەند: قاۋەند.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب
# «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كابۇلى ھىرا: ھېلىلە كابۇلىنىڭ ھىندىچە نامى.

كاپۇر: كافۇرنىڭ ھىندىچە نامى.

كابىيشە، كافشە: زاراڭزا چېچىكى.

كابىيش: قارىغۇ چاشقاننىڭ دەيلىمچە نامى.

كانتە: تىكەننىڭ ھىندىچە نامى.

كانتە ماندا، كالا ماندا: گاۋزىباننىڭ ھىندىچە نامى ياكى ئۇنىڭ بىر تۈرى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ باشقا ئۆسۈملۈك ئىكەن.

كاس: كىچىك دانلىق ئاشلىقلار.

گاجرا: سەۋزىنىڭ ھىندىچە نامى.

كاج: قارىغاينىڭ پارسچە نامى. «كاچ» دەپ ئاتالسا ساماندىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل شېشىنى كۆرسىتىدۇ.

كاجلۇن: شېشە كۆپۈكى.

كاجىل: كۆزگە تارتىلىدىغان بىر خىل سۈت.

كاجى: مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇقلاردىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئاتىلىنىڭ پارسچە نامى.

كاجىيرە: زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامى.

كاجىيا: ئاغمىخاننىڭ سۈريانچە نامى.

كادۇر: ياۋا كاسنەنىڭ ھىندىچە نامى.

گاجىر: سەۋزىنىڭ ھىندىچە نامى.

كار: ئاچچىقسۇ سىركىسىنىڭ ھىندىچە ۋە سۈريانچە نامى. يەنە شاخاردىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل تۇزنى كۆرسىتىدۇ.

كاربا: كەھرىۋانىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، كەھرىۋا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كارتىن، كارتىنەك: ئۆمۈچۈكنىڭ پارسچە نامى. «كارتىنە» دېيىلسە ھىندىچە «مىتىھى» دېيىلىدىغان شۈمشىنى كۆرسىتىدۇ.

كاردۇ: كافۇرنىڭ پارسچە نامى. يەنە خورما غورىسى غىلاپىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېيىلىدىغان بىر خىل كۆكتاتنىڭ نامى ئىكەن. يەنە يېڭى ھۆل خورمىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

كارئە: سۇغا يېقىن ئۆسكەن خورمىنىڭ ئەرەبچە نامى.

كارۋانەك: بىر خىل قۇشنىڭ پارسچە نامى، بۇ قۇشنىڭ بويىنى ئۇزۇن بولۇپ، سۇ بويلىرىغا قونىدۇ، ئەرەبچە «كەرۋان» دېيىلىدۇ.

كارە: ماددىلارنى پىشۇرۇش ۋە سۇرۇش رولى بولغان قايناتمىلارنىڭ ھىندىچە نامى.

كاز: قارىغاي دەرىخىنىڭ پارسچە نامى.

كاردىنەك: ئېگىرنىڭ پارسچە نامى.

كاردېيىرە، كاغىلە، كافىيشە، كاكىيان: زاراڭزا ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامى. پارسچە «خەسەكدانە»، ھىندىچە «كۇرۇكۇمكا بىيج» دەپ ئاتىلىدۇ.

كاسەج، كابسۇك: ياۋا كىرپە. ئۇ چوڭ تاغ كىرپىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

كاسىر: قاغىنىڭ ئەرەبچە نامى.

كاسىرۇل ھەجەر: ھەببۇل قەلب (بىر خىل ئۇرۇق). ھىندىچە «كۇلتى» دېيىلىدۇ.

كاسكەبىيخ: پارىسلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن بولغان بىر خىل مەجۇن بولۇپ، «ئەسراروت تىب» (تېبابەت سىرلىرى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ پايدىسى كۆپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇ كۆپ كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.

كاسمىر: سەرپىستاننىڭ ھىندىچە نامى.

كاسنى: كاسىنەنىڭ پارسچە نامى.

كاسنى بۇستانى: يەرلىك كاسىنەنىڭ پارسچە نامى.

كاسنى دەشتى: ياۋا كاسىنەنىڭ پارسچە نامى.

كاسنى شامى: يەرلىك كاسىنە.

كاسنىكى جەر: كاسىنە يىلتىزىنىڭ ھىندىچە نامى.

كاسۇ: زەرچىۋىنىڭ يۇنانچە نامى. پارسچە «زەرد چۇبە» دېيىلىدۇ.

كاسۇس: قايماق خەشخاش (خەشخاش زەبەدىي).

كاسە پۇشت: تاشپاقا. پارسچە يەنە «لاك پۇشت»، «سەنگى پۇشت» دەپ ئاتىلىدۇ.

كاش: پارسچە شىشە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىرلانغان قاچىلار، ئەينەك قاچىلار «كاشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كاشە: مۇزنىڭ پارسچە نامى. پارسچە يەنە «يەخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

كاغ: ئانارنىڭ پارسچە نامى.

كاغەز: قەغەزنىڭ پارسچە نامى.

كاغنە: بىر خىل قۇرتنىڭ پارسچە نامى. ئۇ كىچىك قۇرت بولۇپ، قارا، قىزىل چېكىتلىك بولىدۇ، ھىندىچە «بىير بوتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كاشىم رۇمىي: سىيسالىيۇس.

كاشە شەكنەگ: شەقائىقۇننۇئمان ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە نامى.

كافىر: خورما غورىسى غىلاپىنىڭ ئەرەبچە نامى. پارسچە «تارۇنە» دېيىلىدۇ. يەنە ئۇ ناھايىتى چوڭ ئېشەكنى كۆرسىتىدۇ.

كافىز: ھىندىچە «كەكرىۋەندە» دېيىلىدىغان بىر خىل دورا.

كافۇر: خورما غىلاپى. پارسچە «تەلۇسەئى خۇرما»، شىرازچە «تارۇنەئى خۇرما» دېيىلىدۇ. يەنە باشقا مېۋىلەرنىڭ غورىلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نامى بولۇپ، گۈلى ئۇقھۇۋان گۈلىگە ئوخشايدۇ.

كافۇرى جەۋدانە: خۇش پۇراق كافۇرنىڭ بىر تۈرى.

كافۇرۇل كەئك: زورەمبات.

كافۇر موتى: ساختا كافۇرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارقىرىماس، دۇغلاش بولىدۇ.

كافۇر يەھۇدىيىيە: رەيھان پۇراقلىق كافۇر.

كافۇرى: بابۇننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «بابۇنەئى گاۋ» (كالا بابۇنىسى)، «گاۋ چەشم» (كالا كۆزى) دەپ ئاتىلىدۇ.

كافىلۇ: ئاق تىكەننىڭ پارسچە نامى.

كاكچەنكا، كاكچەنكى: قاغا پۇتى ئۆسۈملۈكىنىڭ ھىندىچە نامى.

كاكرە: ئاقىرقەرھانىڭ پارسچە نامى.

كاشتا: ئاغمىخان.

كاكۇل: رىم بۇغدىيى بىلەن ئۆشنانغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

كاكىل: ئۆستەڭ، كۆل ئاستىلىرىدا بولىدىغان قارا لاينىڭ پارسچە نامى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ سۇدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئىكەن، ئەمما بىرىنچى خىل قاراش توغرىراقتۇر.

كاكماجى: ئىتئۈزۈمىنىڭ ھىندىچە نامى.

كاكنە: ئۇ كاكنەچىنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

كاكۇتى: يالپۇزنىڭ پارسچە نامى.

كاكۇش: بىنەپشىنىڭ پارسچە نامى.

كاكۇل: شاقاقۇلنىڭ ھىندىچە نامى.

كاكىرە، كەتۇرە: قىسقۇچپاقنىڭ ھىندىچە نامى.

كاكۇل، كالە: قاپاقنىڭ پارسچە نامى. شىرازدا قوغۇننى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر خىل ئەتىرگۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ھىندىچە «كەنكنى» دېيىلىدىغان جاۋرەسىننىڭ نامى ئىكەن.

كالا: سۇت.

كالاھىرا: كىرمان زىرىسىنىڭ ھىندىچە نامى. پارسچە «زىرەئى سىياھ» (قارا زىرە) دېيىلىدۇ.

كالا سانىپ: قارا يىلاننىڭ ھىندىچە نامى.

كالا كۇچۇلا: قارا خەربەقنىڭ ھىندىچە نامى. پارسچە «خال زەنگى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كالا ماندا: گاۋزىباننىڭ ھىندىچە نامى. پارسچە «گاۋزىبان» دېيىلىدۇ.

كالا سانۋا: گۇرۇچنىڭ بىر تۈرىنىڭ ھىندىچە نامى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ساداۋەران» دېيىلىدىغان دورىنىڭ نامى ئىكەن.

كالەك: قاپاقنىڭ پارسچە نامى. يەنە كىچىك خام قوغۇنمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

كالمۇن: گۇرۇچنىڭ بىر تۈرىنىڭ ھىندىچە نامى.

كالەنج: ئالقات.

كالىنجە: ئالا قاغىنىڭ بىر تۈرى.

كالۇت: بىيشىنىڭ بىر تۈرىنىڭ ھىندىچە نامى.

كالۇج: كەپتەرنىڭ پارسچە نامى. پارسچە يەنە «كەبۇتەر» دېيىلىدۇ.

كالۇخ: كۇدىنىڭ پارسچە نامى. پارسچە يەنە «گەندىنا»مۇ دېيىلىدۇ.

كالۇسەك: باقىلەنىڭ پارسچە نامى.

كالۇ: ئاقىرقەرھانىڭ پارسچە نامى.

كالى ئالۇ: قارىئۆرۈكنىڭ ھىندىچە نامى. ئەرەبچە «ئۈيۈنۇل بەقەر» دېيىلىدۇ.

كال ھەۋايى: كابۇل ھىلىلىسىنىڭ ھىندىچە نامى.

كالى تۇلسى: رەيھاننىڭ ھىندىچە نامى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، نەممام ئۆسۈملۈكنىڭ نامى ئىكەن.

كالى جىيرى: ياۋا زىرىنىڭ ھىندىچە نامى.

كالى خەشخاش: ئەپيۇن ئېلىنىدىغان قارا ياۋا خەشخاشنىڭ ھىندىچە نامى.

كالى داكە: قارىئۈزۈمنىڭ ھىندىچە نامى.

كالى مۇرۇچ: قارىمۇچنىڭ ھىندىچە نامى.

كاما: ئۇشەقنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.

كاناكاما، ھەردۇما، كانا ھەردۇما: شادىنەج.

كامالاۋەن: قارا مازارىيوننىڭ يۇنانچە نامى.

كامالىيا: سۇتلۇكئوتنىڭ يۇنانچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مازارىيون ئىكەن.

كامەخ ئەبىيەز: زەنجال دېگەن دورىنىڭ شىرازچە نامى.

كامۇن: باقىلە ھىندى. ھىندىچە «كەلۋە» دېيىلىدۇ.

كاسەنجى: ئاق مەستىكىنىڭ يۇنانچە ۋە سۇريانچە نامى.

كامە: مارجاننىڭ پارسچە نامى.

كانتا: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تىكەننىڭ ھىندىچە نامى ئىكەن.

كانتىران: قەتراننىڭ ھىندىچە نامى.

كىھاند: شېكەرنىڭ ھىندىچە نامى.

كاندا، گانىا: شېكەر قومۇشىنىڭ ھىندىچە نامى. ئەرەبچە «قەسەبۇس سۇككەر» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەنسىل پىيىزىنى كۆرسىتىدىكەن.

كالسى: كالا يادا تېشىنىڭ ھىندىچە نامى.

كانكنى: سۆكىنىڭ ھىندىچە نامى.

كايزۋا: مازارىيوننىڭ پارسچە نامى.

كاۋرەك: كەپە ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇنىڭ كەپە سويمىسى دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىسى ئىكەن.

گاۋزەبان: گاۋزىباننىڭ پارسچە نامى.

گاۋچەشم: ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ پارسچە نامى.

گاۋزەھرەج: گاۋزەھرە دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ كالىنىڭ ئۆتىدە پەيدا بولغان بىر خىل تاشتۇر. پارسچە «بادزەھرى گاۋى»، ھىندىچە «گاي روھىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

گاۋدارۇ: جاۋزىن دېگەن دورىنىڭ پارسچە نامى.

كاۋەل: كۇرراسى كەرەم، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تاغ كۇدىسى ئىكەن.

كانجى: سىيادانىنىڭ ھىندىچە نامى.

گاۋ: كالىنىڭ پارسچە نامى.

گاۋرەس: جاۋرەس.

گاۋدانە: كۇرسىنە پۇرچىقى.

گاۋنىينەك: ئاق چېكىتلىك قارا قۇشنىڭ شىرازچە نامى. ئەرەبچە «زۇرزۇر» دېيىلىدۇ.

گاۋە: ئىپار كىندىكىنىڭ شىرازچە نامى.

كاھ مەككىي: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەرەبچە ئىزخىر دېيىلىدۇ.

كاھۇ: ئۇسۇڭنىڭ پارسچە نامى.

كاھ: سامانننىڭ پارسچە نامى.

كائىپەھل: بەھەقئۇت (قەنا بەرا).

گائى: كالىننىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسىل: «ك» (كاف) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەبابە: ئىسرىق سىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياغاچىنىڭ ئەرەبچە نامى. ئۇد ھىندىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

كەباب شامىي: قازان كاۋىپى.

كەبابەئى شىگافتە، كەبابەئى شەكەم دەردىيىدە: فەلەنجە.

كىبار: كەپە ئۆسۈملۈكى. يەنە «ئاسىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كەباروس: كۆنلۈكسىمان كەرەپشىنىڭ بىر تۈرىنىڭ پارسچە نامى.

كەباش: قەلەمپۇرنىڭ بىشى چوڭ بىر تۈرى.

كەبامەترانە: بوغۇم باغلىمىغان ئانار چېچىكى.

كەبانفەش: لاجۇۋەرد.

كەببە: مەرمەر تېشىنىڭ ئەرەبچە نامى.

كەبەت: ھەسەل ھەرىسىنىڭ پارسچە نامى. پارسچە «زەنبۇرى ھەسەل»، «زۇبابى ھەسەل»مۇ دېيىلىدۇ.

كەبتەر: كەپتەر.

كەبسا، كەمسا، كەبتا، كەمتا: قارا تالنىڭ سۇريانچە ۋە ئەرەبچە نامى.

كەبسا جۇريا: ئاق تالنىڭ سۇريانچە نامى.

كەبسا ھەمرا: سۇريانچە شاراب ياسىلىدىغان يەرلىك ئۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ.

كەبسا دىيىرا: ياۋا كەپە ئۆسۈملۈكىنىڭ سۇريانچە نامى.

كەبۇھ: قارا قۇرت.

كەبىد، كەبىدا: يىپەكىنىڭ پارسچە نامى.

كەبدە: خەرزەتۇل ھۇب دېگەن دورا.

كەبەر گارزۇنى: خەرنۇب شامىنىڭ شىرازچە نامى.

كەبەركى جەر: كەپە يىلتىزىنىڭ ھىندىچە نامى.

كەبەركا پات: كەپە يوپۇرمىقىنىڭ ھىندىچە نامى. پارسچە «بەرگى كەبەر» دېيىلىدۇ.

كەبەركى چال: كەپە يىلتىزى پوستى. پارسچە «پوستى بىيخى كەبەر» دېيىلىدۇ.
كەبىست، كەبىستۇ، كەبەستە: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ پارسچە نامى.
كەبەئىددىيا، كەبىيددىيۇن: شاھتەررىنىڭ سۇريانچە نامى.
كەبەك: كەكلىكنىڭ پارسچە نامى.
كەبەك كوھ كەلەنجىير: ئورمان توخۇسىنىڭ پارسچە نامى.
كەبەكى نەر: ئەركەك كەكلىكنىڭ پارسچە نامى.
كەبۇتەر: كەپتەرنىڭ پارسچە نامى.
كەبۇتەر بەچچە: كەپتەر باچكىسى.
كەبۇد: «تۆھفە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىدا، ئۇ قۇرۇقلۇق ئالا پاختىكى ئىكەن.
كۇبۇرۋان: سىيادانىنىڭ ئەرەبچە نامى.
كبۇدانە: كەندىر ئۇرۇقىنىڭ پارسچە نامى.
كەبۇدەر: بۇتىيمار دېگەن قۇشنىڭ پارسچە نامى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇ سۇدا بېلىقنى يەيدىغان بىر خىل قۇش ئىكەن.
كەبۇدە: بىر خىل سۆگەتنىڭ پارسچە نامى. يەنە پارس تىلىدا قارا سۆگەتنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «بىيدىمۇشكى» دېيىلىدىغان بەلەخ سۆگىتىنى كۆرسىتىدىكەن.
كەپۇر: كافۇرنىڭ ھىندىچە نامى.
كەبۇك: ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، ئەرەبچە «شەكۋاد»، تۈركچە «قەنقەد»، پارسچە «سەرخاب»، ھىندىچە «چەكۋا» دېيىلىدۇ. «تۆھفە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كەكلىكنىڭ ھىندىچە نامى ئىكەن.
كەببۇك: ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى نامى «ئەبۇ مەلىيھ»، پارس تىلىدىكى نامى «چەكاۋەك» دۇر.
كەبى: يۇزى قارا بىر خىل مايمۇننىڭ پارسچە نامى، ھىندىچە «لەنگۇر»، «ھەنۇمان» دەپ ئاتىلىدۇ.
كەبناۋۇس: لوبىيانىڭ يۇنانچە نامى.
كەبىيتا، كەبىيتە: ئۇ بىر خىل ھالۋىنىڭ نامى بولۇپ، «ناتىف» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.
كەبىيتا ئەكمىينا، كەبىيتا ئالمىنا، كەمىيتا ئەمىكنا: قارا تالنىڭ سۇريانچە نامى.
كەبىيتا ئەمكىينا، كەبىيتا ھوريا: ئاق تالنىڭ سۇريانچە نامى.
كەبىيتا دەبرا: تالنىڭ سۇريانچە نامى.

كەسبىيتا: پىشلاقنىڭ سۇريانچە نامى.

كەبىيچە: يىلىمنىڭ پارسچە نامى. پارسچە يەنە «سەردىيشىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۇبەيدە: تالقاننىڭ پارسچە نامى، ئۇ پارسچە يەنە «پىست» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «سەتتۇ» دېيىلىدۇ.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەتتانۇل مائ (سۇ زىغىرى): لەش.

كەتەل: ئالمىنىڭ پارسچە نامى.

كۇتتە: ئىتنىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەسىيرۇش شەئىر (چىچى كۆپ): پىرسىياۋشان.

كەسىيرۇل ئەرجۇل (پۇتى كۆپ): بىستىپايەج.

كەسىيرۇل مەنفەئە (پايدىسى كۆپ): لەيلى.

كەسىيرۇر رۇئۇس (باشلىرى كۆپ): قەرەسئەنە دېگەن دورا.

كەسىيرۇل ۋەرەق (يوپۇرمىقى كۆپ): مىڭيوپۇرماق.

كەسىيرا: خورما شىرىسى.

كۇساھ: زاغۇن ئۇرۇقى.

كەسىيرۇل ئەزلائ: پاقىيوپۇرمىقى.

كەسار: بەربەر تىلىدا جەۋزى ئەرقەم دېگەن مېۋىنى كۆرسىتىدۇ.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەجۇر: خورمىنىڭ ھىندىچە نامى، «كەچۇر» دېيىلسە زورەمباتنى كۆرسىتىدۇ.

كەجىيم، كەجەب: ئۇزۇم غورىسى.

كۇچلا: ئازاراقىنىڭ ھىندىچە نامى.

كەجنەن: بۆرە ئەرمىنىنىڭ ھىندىچە نامى.

كەچرى: دەستەنبۇيە دىگەن دورىنىڭ ھىندىچە نامى.
كەجيان: غورىنىڭ ھىندىچە نامى.
كەچۋا: سازاڭ قۇرتىنىڭ ھىندىچە نامى.
كەچۇل: تاشپاقىنىڭ ھىندىچە نامى.
كەجىيت كىن: چاققاقئوتىنىڭ تۇركچە نامى.
كەچۇلە: ئازاراقىنىڭ پارسچە نامى.
كەچى: ئۆچكىنىڭ تۇركچە نامى.
كەچە ماھى: دىلفىنىنىڭ دەيلىمچە نامى.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كۇھلى: سۇرمە ۋە سۇرمىگە ئوخشاش كۆزگە تارتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

كۇھلى ئىسفەھانى، كۇھلى سۇلەيمانىي، كۇھلى جۇلا: سۇرمە تېشى.
كۇھلۇس سۇدان: تەشمىزەج.
كۇھلى فارسى، كۇھلى كىرمانى: ئەنزىرۇت.
كۇھلا، كەھىلا: ئەبۇ خەلسا ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىڭ ئەرەبچە نامى. گاۋزىبانىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.
كۇھلى خۇلان: رۇسۇت.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەدۇ: قاپاقنىڭ پارسچە نامى.
گەدەھ: ئېشەكنىڭ ھىندىچە نامى.

## پەسل: «ك» (كاف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلارنىڭ بايانى

كەرباشە، كەربالا: خىيار شەنبەرنىڭ ھىندىچە نامى.
